ئوبۇلھەسەن ئابدۇللامۇقەففا

# كەلىلە ۋە دىمنە

(ئاسار ئماميە)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

موللا مۇھەممەد تۆمۈرنىڭ 1717 - يىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ كۆچۈر-
مىسىگە ئاساسەن ئىشلەندى.

根据喀什人毛拉・穆罕麦得・铁木尔于1717年译本的手抄本刊布的。

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىمەتۇللا ئۇبەيدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىن تۇرسۇن

**كەلىلە ۋە دىمنە**

موللا مۇھەممەت تۆمۈر نۇسخىسى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا 306 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 × 1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 28.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1984 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1985 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098.755
تىرازى: 1 — 17,400
باھاسى: (قاتتىق مۇقاۋىلىق) 3.60 يۈەن
(ئاددى مۇقاۋىلىق) 2.65 يۈەن

# تەھرىردىن

بۇ كىتاپنى قەدىمقى زامان ھىندۇ بىرەھمەنلىرىنىڭ رەھبىرى، پەيلاسوپ بىدپاي ھىندىستان پادىشاسى دابىشلىمغا ئاتاپ يازغان، رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ماكېدونلۇق ئىسكەندەر ھىندىستاننى ئىشغال قىلىپ، ئۆز يېقىنلىرىدىن بىرىنى ھوكۇمدار قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئىسكەندەر قوشۇنى ھىندىستاندىن يۆرۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھىندۇ خەلقى ياتلارنىڭ ھوكۇمرانلىغىغا قارشى چىقىپ، ئىسكەندەر قويغان پادىشانى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ ۋە ئورنىغا بالدۇرقى ھىندۇ پادىشاسىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان دابىشلىمنى پادىشا قىلىپ تىكلەيدۇ.

دابىشلىم تەختكە ئولتۇرۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەل ئامانلىق تېپىپ، پادىشالىق مۇستەھكەملىنىدۇ. دابىشلىم خوشنا ئەللەرگە يۆرۈش قىلىپ، غالىپ كېلىۋەرگەندىن كېيىن، بارا-بارا كورەڭلەپ، ئەتراپىدىكىلەرگە تەھلىكە سېلىشقا باشلايدۇ. دابىشلىم زېمىنىنىڭ كەڭلىگى، مەملىكىتىنىڭ بايلىغى ۋە ئاھالىسىنىڭ كوپلىگىنى ھىمات قىلىپ، زوراۋان بولۇۋالىدۇ؛ ئۆز خەلقى ئۈستىدە زۇلۇم قامچىسىنى ئوينىتىپ، ئالۋاڭ-ياساقنى كوپەيتىپ، ئىستىبداتلىغىنى ھەددىدىن ئاشۇرىدۇ. ئۆزى راھەت-پاراغەت ئىچىدە، ئەيش-ئىشرەت بىلەن كەيىپ-ساپا سۈرۈشتە مىسلىسىز دەرىجىگە يېتىدۇ. پادىشانىڭ بۇ قىلمىشلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق كىشى نەسىھەتكە ئېغىز ئاچالمايدۇ.

پادىشالىقتا بىرەھمەنلەرنىڭ پېشىۋاسى، پازىل ھەكىم (پەيلاسوپ) بىدپاي پادىشا دابىشلىمنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كورۇپ، ناھايىتى ئىچى پۇشىدىكەن. بۇ ھەقتە، ھەممە شاگىرتلىرىنى يىغىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلىدىكەن. ئاخىر بىر كۈنى، بىدپاي پا-
دىشانىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، دابشىلىمغا كورۇنۇش قىلىپتۇ. دابىش-
لىمغا ھېكمەتلىك سوزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىشمۇ كار قىلماپتۇ.
دابشىلىم ئۇنى زىندانغا تاشلاپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە دابشىلىمنىڭ
سەلتەنىتى خاراپلىققا يۈز تۇتۇپ، ھالى ئېغىرلىششقا باشلاپتۇ.
شۇ چاغدا، دابشىلىمنىڭ ئېسىگە چۈشۈپ، بىدپاينى زىندان-دىن
چىقىرىپ، كوپ يالۋۇرۇش بىلەن ئۇزىگە باش ۋەزىر قىلىپتۇ. بىد-
پاي ھەشەمەتكە، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلمەي دابشىلىمنى يولغا باش-
لاش ئۇچۇن، سىياسەتنامىلەر تۇزۇپتۇ. پادىشا دابشىلىم بىدپاينىڭ
ئەمرى - مەرۇپ ۋەز - نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئادالەت يولىنى
تۇتۇپتۇ ۋە پۇقرالارغا ياخشىلىق قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەل ئا-
سايىشلىق تېپىپتۇ.

بىدپاي خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان مەسەل - تىمساللار،
چوچەك - رىۋايەتلەرنى ھايۋاناتنىڭ سوھبىتى ئارقىلىق بېرىپ، ئا-
دىمىزاتقا جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنى كورسەتمەكچى بولىدۇ. ھەر
كۈنى تالىپلىرىغا سوزلەپ بېرىدۇ. تالىپلىرىدىن ئىككى كىشى رەت-
لەپ چىقىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قەدىمقى ھىندۇ ئەدىبى تى-
لى ـــ سانسكرىت تىلىدا «بەش نامە» دەپ ئاتالغان مەسەل-
چوچەكلەر توپلىمى بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى 4 - ئەسىردە كىتاپ
شەكلىگە كىرگەن ئىكەن. لېكىن بۇ كىتاپتىكى بىرمۇنچە مەسەل-
چوچەكلەر مىلادىدىن 6 ئەسىر ئىلگىرى پۈتۈلگەن «ئىزوف مەسەل-
لىرى» (قەدىمقى گىرېك مەسەللىرى) دىمۇ بارلىقى مەلۇم. ئا-
لىملارنىڭ پىكرىچە، بۇ مەسەللەرنىڭ چىققان ماكانى يۇنان ئە-
مەس، ھىندىستان ئىكەن. دىمەك، «بەش نامە» دىكى ئەڭ قە-
دىمقى چوچەكلەر مىلادىدىن 6 ئەسىر ئىلگىرى خەلق ئارىسىدا
تارقىلىپ يۈرگەن.

ئىران پادىشالىرىدىن خىسراۋ نوشىرۋاننىڭ بۇيرۇغى بويىچە،
تېۋىپ بەرزۇيە ھىندىستاندىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بۇ كى-

تاپنى قولغا چۈشۈرۈپ، پەھلىۋى تىلى (قەدىمقى پارس تىلى)غا تەرجىمە قىلدۇ. تەخمىنەن 570 - يىلى پەھلىۋى تىلىدىن سۈرىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. يەنە 180 يىلدىن كېيىن، يەنى 750 - يىلى، ئەبۇ جەفەر مەنسۇر (ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئاببباس)نىڭ بۇيرۇغى بويىچە، ئوبۇلھەسەن ئابدۇللا ئىبنى ئەلى مۇقەففا پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلىدۇ، تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بىر مۇنچە مەزمۇنلارنى قوشىدۇ. مۇقەففا تەرجىمىسىنى نىقۇل تەرجىمە دىگىلى بولمايدۇ. مەھمۇد غەزنىۋى ئەۋلادىدىن ئەبۇل مۇزەففەر (ئەبۇل مەنسۇر) بەھرام شاھ سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئىلتىماسى بويىچە، مۇقەففانىڭ ئەرەپچە نۇسخىسىدىن نەسرۇللا ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھەمىد ئەبۇلمەئالى پارسچىغا قايتا تەرجىمە قىلغان. سۇلتان ھۇسەيىننىڭ يېقىنلىرىدىن بولغان ئەمىر شەيخ ئەھمەد (مەشھۇر ئىسمى ئەمىر سۇھەيلى)نىڭ ئىلتىماسى بويىچە، مەۋلانا ھۇسەيىن (ۋائىزۇل كاشىفى) قايتىدىن چۈشىنىكلىك قىلىپ ئىشلەپ چىقىدۇ ۋە «ئەنۋارى سۇھەيلى» دەپ نام قويىدۇ.

ھىجرى 1130 - يىلى (مىلادى 1717 - يىلى) قەشقەر ھېكىم بېگى ئىمام مۇھەممەدنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە، موللا مۇھەممەد تومۇر بۇ كىتاپنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىدۇ ۋە «ئاسارى ئىمامىيە» دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويىدۇ. موللا مۇھەممەد تومۇرمۇ ناھايىتى پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ، كىتاپقا يېڭى لىباس كىيگۈزىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ كىتاپتىكى مەسەل ۋە چۆچەكلەر قۇلدارلىق ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتلىرىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئەسلىدە بۇنى ئىجات قىلغۇچى ئاساسىي جەھەتتىن قۇلدارلىق ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتلىرىدىكى ئېزىلگەن خەلق ئاممىسى.

مەزمۇن جەھەتتىن، بۇ مەسەل - چۆچەكلەرنىڭ باش قەھرىمانلىرى كۆپىنچە ئۇچارقانات ۋە ھايۋاناتلاردىن ئىبارەت. لېكىن ئۇلارنىڭ پىكىر - تۇيغۇلىرى ئىنساننىڭ پىكىر - تۇيغۇلىرى، تىلىمۇ ئىنساننىڭ تىلى،

بۇ ئۇچارقانات ۋە ھايۋاناتلار ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئىمسالىلىرىدۇر.

قەدىمقى گرېك «ئىزوپ مەسەللىرى» دىگەنگە ئوخشاش، بۇ كىتاپتىكى ھەر بىر مەسەلنىڭ ئىپتىكىللىق تەپسىرى ۋە ئەخلاقىي-تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار. لېكىن بۇ مەسەللەرنى تۈرلۈك كىشىلەر، تۈرلۈك مەزھەپلەر ھەر خىل مەقسەتلەر ئۈچۈن پايدىلانغان. نەتىجىدە بىرمۇنچە مەسەللەر ھەر خىل ئىپادىلەر بىلەن ئۆزگىرىپ كەتكەن.

مەسەل-چۆچەكلەر ئاددىي-ئىخچام بولۇپ، كىشىلىك تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھىرىدۇر. لېكىن زامان ۋە شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن، بۇ مەسەللەردە پاسسىپ، ھەتتا سەلبىي نەرسىلەرمۇ يوق ئەمەس. بۇلاردىن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغىنى تەقدىرپەرەسلىك، پۇلغا ھېرىسلىك، ئاياللارنى ھەم ئەمگەكنى كەمسىتىش ۋە ھۆكۈمرانلارنى مەدھىيىلەشكە ئوخشاش شاكالالاردۇر. شۇڭا، بۇ مەسەللەردىن تەنقىدىي پايدىلىنىش كېرەك.

بۇ كىتاپنى يولداش نېمەتۇللا ئۇبەيدۇللا بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرى ياركەندە موللا نىيازئاخۇن كوچۇرگەن قوليازما ئاساسىدا نەشرگە تەييارلىدى.

1983-يىل 6-ئاي

## مۇندەرىجە

**موللا مۇھەممەد تومۇر يازغان سوز بېشى ........... 1**

**مۇقەددىمە ............................ (14—90)**

ئادىل پادىشا بىلەن دانىشمەن ۋەزىرنىڭ ھېكايىسى (14)، دابىشلىم پادىشا ۋە بىدپاي ھەكىم ھېكايىسى (34)، ئىككى كەپتەرنىڭ ھېكايىسى (50)، سا بىلەن قارچۇغا بالىسىنىڭ ھېكايىسى (64)، ھېرىس مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى (68)، شەمشەرۋاز باتۇرنىڭ ھېكايىسى (73)، يولۋاس بالىسىنىڭ ھېكايىسى (80).

**بىرىنچى باپ. راست سوزلۇك بولۇش ۋە يامان غەرەزلىكلەرنىڭ سوزلىرىدىن ساقلىنىش كېرەكلىگى توغرىسىدا ........................ (91—257)**

سودىگەر ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ھېكايىسى (92)، ئاكا - ئۇكا شاھزادىلەرنىڭ ھېكايىسى (95)، ھەركەتنى تاشلىغان دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى (102)، بىغەم چاشقاننىڭ ھېكايىسى (105)، دورامچى مايمۇننىڭ ھېكايىسى (113)، ئىككى دوستنىڭ ھېكايىسى (117)، ئالدانغان تۈلكىنىڭ ھېكايىسى (134)، زاھىتنىڭ ھېكايىسى (142)، قۇشقاچ بىلەن قۇرغۇينىڭ ھېكايىسى (150)، شاھى ئادىلنىڭ ھېكايىسى (155)، قاغا بىلەن ئىلاننىڭ ھېكايىسى (157)، تۈلكە بىلەن توشقان ۋە بورىنىڭ ھېكايىسى (163)، شىر بىلەن توشقاننىڭ ھېكايىسى (168)، ئۈچ بېلىقنىڭ ھېكايىسى (176)، تاشپاقا بىلەن چاياننىڭ ھېكايىسى (181)، قارچۇغا بىلەن توخۇنىڭ ھېكا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىسى (197)، دېخان بىلەن بۇلبۇلنىڭ ھېكايىسى (202)،
ئۈۋچى بىلەن تۈلكە ۋە يولۋاسنىڭ ھېكايىسى (208)،
توگە بىلەن قاغا ۋە بۆرە ھەم چىلبۆرىنىڭ ھېكايىسى
(211)، بىر جۈپ تەيتۈرى بىلەن دەريا ۋەكىلىنىڭ
ھېكايىسى (219)، تاشپاقا بىلەن ئۆدەكلەرنىڭ ھېكايى-
سى (220)، مايمۇنلار بىلەن قۇشنىڭ ھېكايىسى (233)،
ئاقىل بىلەن غاپىلنىڭ ھېكايىسى (235)، پاقا بىلەن
ئىلان ۋە دولۇننىڭ ھېكايىسى (238)، باغۋەن بىلەن
ئېيىقنىڭ ھېكايىسى (246)، سودىگەر بىلەن خىيانەتچى
دوستىنىڭ ھېكايىسى (252).

**ئىككىنچى باپ. يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ جازاغا ئۇچرايدى-
غانلىقى ۋە ئاقىۋەتنىڭ شۇملۇقى توغرىسىدا**

(258—344) ............................................................
ھېرىسخور تۈلكىنىڭ ھېكايىسى (261)، پادىشا بىلەن
چۆلۋۈردارنىڭ ھېكايىسى (274)، تەرىقەتنى تاشلىغان
زاھىتنىڭ ھېكايىسى (281)، قارغۇ يىلۇچىنىڭ ھېكايىسى
(287)، شەيخ بىلەن دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى (291)،
ئالدىراڭغۇ خوتۇننىڭ ھېكايىسى (303)، ئۈچ ھەسەت-
خورنىڭ ھېكايىسى (309)، نادان تىۋىپنىڭ ھېكايىسى
(321)، ساھىپخان بىلەن باخشىنىڭ ھېكايىسى (334)

**ئۈچىنچى باپ. دوستلارنىڭ ئىناق بولۇشى ۋە
بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشىنىڭ پايدىسى توغرى-
سىدا**

**(345 — 411)** ........................
قاغا بىلەن چاشقان ۋە كەپتەرلەرنىڭ ھېكايىسى (347)،
كەكلىك بىلەن قارچۇغىنىڭ ھېكايىسى (358)، توگە مىن-
گەن ئادەمنىڭ ھېكايىسى (366)، زاھىت بىلەن مېھمان-
نىڭ ھېكايىسى (378)، سېخى ئەر بىلەن بېخىل خوتۇن-
نىڭ ھېكايىسى (380)، ئۈۋچى بىلەن بۆرىنىڭ ھېكا-

يىسى (381)، ئاچكۆز مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى (397).

**تۆتىنچى باپ. دۈشمەن ئەھۋالىدىن ئاگاھ بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ ھىلە-مىكىرلىرىدىن ھوشيار تۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا ......... (412 — 507)**

ھۇقۇشلار بىلەن قاغىلارنىڭ ھېكايىسى (413)، كەشمىر پادىشاسىنىڭ ھېكايىسى (425)، قۇشلار بىلەن قاغىنىڭ ھېكايىسى (433)، توشقان بىلەن پىللارنىڭ ھېكايىسى (435)، كەكلىك، چىل ۋە مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى (444)، زاھىت بىلەن ئالدامچىلارنىڭ ھېكايىسى (454)، سودىگەر بىلەن خوتۇنىنىڭ ھېكايىسى (461)، شەيتان، ئوغرى ۋە زاھىتنىڭ ھېكايىسى (463)، ئاخماق ياغاچچىنىڭ ھېكايىسى (467) ئېيىقلار بىلەن مايمۇنلارنىڭ ھېكايىسى (473)، ئۆزئەسلىگە ئايلانغان چاشقاننىڭ ھېكايىسى (487)، ئىلان بىلەن پاقىنىڭ ھېكايىسى (496)، قۇشقاچ بىلەن ئىلاننىڭ ھېكايىسى (500).

**بەشىنچى باپ غاپىللىقنىڭ زىيىنى ۋە نادانلىق قىلىپ تەلەپنى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن ھەسرەت-نادامەتنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ................ (508 — 551)**

تاشپاقا بىلەن مايمۇننىڭ ھېكايىسى (509)، كەشمىر پادىشاسى بىلەن مايمۇن ۋە ئوغرىنىڭ ھېكايىسى (517)، شىر، تۈلكە ۋە ئېشەكلەرنىڭ ھېكايىسى (540).

**ئالتىنچى باپ. ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ ئاپىتى ۋە ئاچچىغى تېزلىكنىڭ زىيىنى توغرىسىدا ............ (552 — 573)**

ئالدىراڭغۇ زاھىتنىڭ ھېكايىسى (554)، خىيالپەرەس تەقۋادارنىڭ ھېكايىسى (562)، پادىشا بىلەن قارچۇغىنىڭ ھېكايىسى (568).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**يەتتىنچى باپ. تەدبىر ۋە ھىيلە - مىكىر بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن قۇتۇلۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا .................... (574 — 611)**

چاشقان بىلەن مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى (577)، دېخان بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ھېكايىسى (586)، چاشقان بىلەن پاقىنىڭ ھېكايىسى (604).

**سەككىزىنچى باپ. ئاداۋەت ساقلىغۇچىلارغا ئالدانماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسلىك كېرەكلىكى توغرىسىدا .............. (612 — 646)**

ئىبنى مۇدەببىر بىلەن قەيزە ھېكايىسى (614)، دانا دىل بىلەن قاراقچىلارنىڭ ھېكايىسى (619)، كەمپىر بىلەن قىزىنىڭ ھېكايىسى (624)، پادىشا بىلەن سازەندىنىڭ ھېكايىسى (628)، تىۋىپ بىلەن ئاغرىق كىشىنىڭ ھېكايىسى (630)، تۈركىستانلىق پادىشانىڭ ھېكايىسى (632)، زاھىت بىلەن بۆرىنىڭ ھېكايىسى (639) ئەرەپ بىلەن ناۋايىنىڭ ھېكايىسى (642).

**توققۇزىنچى باپ. ئەپۇ قىلىش پادىشالارنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا .............................. (647 — 706)**

شىر بىلەن چىلبۆرىنىڭ ھېكايىسى (653)، ھالۋاپۇرۇش بىلەن دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى (661)، باغدات پادىشاسىنىڭ ھېكايىسى (673)، زاھىت بىلەن ھەسەتخورنىڭ ھېكايىسى (684)، پادىشا بىلەن ياساۋۇلنىڭ ھېكايىسى (697).

**ئونىنچى باپ. ھەركىمنىڭ ئۆز قىلمىشىغا يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى ۋە جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا ............ (707 — 729)**

زالىم شىر بىلەن قارا قۇلاق ھېكايىسى (709)، زالىم ئوتۇنچىنىڭ ھېكايىسى (720)، مايمۇن بىلەن توڭگۇزنىڭ

ھىكايىسى (725).

**ئون بىرىنچى باب. ھەر كىشى ئۆز ئىھتىياجىدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلسا زىيان تارتىدىغانلىقى ۋە بۇرۇنقى ئىشىدىنمۇ قۇرۇق قالىدىغانلىقى توغرىسىدا ........................................ (730 — 755)**

زاھىت بىلەن مۇساپىرنىڭ ھىكايىسى (733)، مۇساپىرمېھماننىڭ ھىكايىسى (734)، ئەخمەق ئۇقانىڭ ھىكايىسى (738)، چاساقال ئادەمنىڭ ھىكايىسى (740)، ئوۋچى بىلەن تالىپلار ھىكايىسى (745)، دورامچى قاغىنىڭ ھىكايىسى (751).

**ئون ئىككىنچى باب. يۇۋاش بولۇش، ئىغىرلىق قىلىش ۋە ئويلاپ ئىش كۆرۈشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ................................ (756 — 819)**

ھىندىستان شاھى بىلەن مەلىكە ۋە ۋەزىرنىڭ ھىكايىسى (761) سۇلايمان بىلەن بۇتىمارنىڭ ھىكايىسى (772) يەمەن پادىشاسىنىڭ ھىكايىسى (799)، ئالىدىراڭغۇ كەپتەرنىڭ ھىكايىسى (808).

**ئون ئۈچىنچى باب. ئىككى يۈزلىمىچىلەر ۋە خىيانەتكارلارنىڭ سۆزلىرىدىن پەرھىز قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا .......................... (820 — 858).**

ھەلەپ پادىشاسى ۋە زەرگەر بىلەن سەيياھنىڭ ھىكايىسى(824)، پارس شاھزادىسىنىڭ ھىكايىسى (830).

**ئون تۆتىنچى باب. زامان ھادىسىلىرىگە ئىلتىپات قىلماسلىق ۋە بارلىق ئىشلارنى قازايى قەدەرگە قويۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا... (859 — 898)**

رۇم شاھزادىسىنىڭ ھىكايىسى (861)، ئەندەلىسلىق دېخاننىڭ ھىكايىسى (869)، مويسىپىتنىڭ ھىكايىسى (891)

# موللا مۇھەممەد تۆمۈر يازغان سۆز بېشى

......ھېكمەت سۆزلىرى ئۆزئارا باغلىنىش قائىدىسى بويىچە تۈزۈلگەن كىتابلاردىن ۋە نەسىھەت سىياقىنى بېرىپ يېزىش ئۇسۇلىدا پۈتۈلگەن رىسالىلەردىن بىرى «كەلىلە-دىمنە» كىتاۋىدۇر، بۇ كىتاپنى ھىند ئالىملىرى ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن رەتلەپ، ھېكمەت بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت، ھېكمەت ۋە چاخچاقلارنى قوشۇپ يېزىپ چىققان. دانالارنىڭ ئۇنىڭ ھەقىقىتىدىن لەززەت تېپىش نىيىتىدە مۇتالىئە قىلىشى ۋە نادانلارنىڭ ئۇنىڭ ئەپسانىسىدىن بەھرە ئېلىش مەقسىدىدە ئوقۇشى ئۈچۈن، يەنى كىشىلەرنىڭ تەلىم ئېلىشىغا ئاسان بولۇشىنى ۋە تەبىئىتى ھەم مەيلىنى نەزەردە تۇتۇپ، سۆز سۈرىتىنى ئەپسانە تەرىقىسىدە سىزىپ چىققان ۋە ۋەھشىي ھايۋانلار، چارپايلار ھەم قۇشلار تىلىدىن تۈرلۈك ھېكايە-رىۋايەتلەرنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ زىمنىغا رەڭمۇ-رەڭ پايدىلىق ھېكمەتلەر ۋە نەسىھەتلەر دۇرلىرىنى چاچقان.

قىسقىسى، بۇ كىتاپ سىر-ئەسرار دەرەخلىرى كىشىلەرنىڭ نەپسى-ئىشتىھالىرىنى قوزغايدىغان گۈل-چېچەكلەرنىڭ تۈسلىرى بىلەن بېزەلگەن ۋە گۈلزارلىرىنىڭ ئەتراپى ھېچقان-داق كۆز كۆرۈپ باقمىغان ۋە ھېچقانداق قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان گۈزەل گۈللەرنىڭ بۇيلىرى بىلەن خۇشپۇراقتا كىرگەن ھېكمەت بېغىدۇر.

ھەر بىر نۇكتىسى مىسالى بىر باغ،
روشەنلىكى ھەم تۈندىكى چىراغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىننەتتە گەپ-سۆزلىرى گۈلىستان،
مەنىسى ئۆنىڭدا ئابى ھايۋان ①.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقىقەت مەنىلىرىنىڭ بۇلىقى تاكى پەيدا بولغاندىن تارتىپ مۇشۇ زامانغىچە ھەر خىل تىل بىلەن، ئىرادەت مەجلىسىنىڭ مەنا تەلەپكارلىرىغا ۋە سائادەت چىگىشلىرىنى يەشكۈچى دانالارغا پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزۈپ كەلگەن، تۇۋەندىكى بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى شۇ كىتاپنىڭ تۈپ-تۈز قامىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان لىباستۇر:

سۈرىتى بوپتۇ ئۇلۇغلۇق كىيىمىنىڭ زىننىتى،
دۆلەت-ئىقبال ئۈزۈگىگە كۆز بولۇپتۇ مەنىسى.
رەڭمۇ-رەڭ شېئىرلىرى ھوسنىدە دىلنى تارتقۇچى،
چىن نەقىشدەك باشتىن-ئاياق ئۈز ئىكەن تىل تىزمىسى.
سۆزلىرىدىن خۇددى چاقماقتەك چىقۇر ئەقىل نۇرى،
بىلىم ئەھلى كۆڭلىدىن چىققان ئىلىم خەزىنىسى.

بۇ كىتاپنى ھەكىم روشەن راي دەپ ئاتالغان بىدپاي بىرەھمەن ھىندىستان مەملىكەتلىرىنىڭ بەزىسىگە پادىشا بولغان دابىشلىم ھىندى نامىغا ھىندۇ تىلىدا تەسنىپ قىلغان ئىدى. سۆزىمىزنى باشلاشتىن بۇرۇن، بۇ كىتاپنىڭ تۈرلۈك سىياقلاردا يېزىلغانلىقىنى بايان قىلىمىز.

ھەكىم بىدپاي سۆز بىناسىنىڭ ھۇلىنى شۇنداق ۋەز-نەسىھەتنىڭ ئۈستىگە قويغان ئىدىكى، ئۇ نەسىھەت پادىشالارنىڭ پۇقرالارغا تۇتقان سىياسىتىدە ئەدىل بىساتىنى يېيىش، سىپاھلار ۋە تاۋابىئاتلارنى تەربىيەت قىلىش ۋە مەملىكەت دۈشمەنلىرىنى يوق ئېتىش جەھەتلىرىدە كارغا كېلەتتى. دابىشلىم بۇ كىتاپنى مەقسەت-

① ئابى ھايۋان — ئابى ھايات.

لىرىنىڭ قىبلىسى ۋە تەلەپلىرىنىڭ مەدىتى قىلىپ، مۇشكۇللەرنى ھەل قىلىش ئىشكىلىرىنى مۇشۇ كىتاپنىڭ مۇتالىئە ئاچقۇچى بىلەن ئاچاتتى. ئۇنىڭ زامانىدا، بۇ قىممەت باھا جاۋاھىر، خۇددى ئەلا گوھەر سەدەپ خىلۋەتخانىسىدا يوشۇرۇنغاندەك، ھەممە كىشىنىڭ كوزىدىن پىنھان ئىدى ۋە خۇددى بەدەخشان ياقۇتى مىڭلارچە جىگەر قېنىنى سەرپ قىلمىغانلارغا كان ئىچىدىن يۈز كورسەتمىگەندەك، ئاشكارا بولمايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قالغان ھەرقانداق ئەۋلات ئۇنىڭ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغاندىمۇ ئۇ كىتاپنى ئاشۇ تەرىقىدە مەخپىي ساقلىدى. لېكىن ئۇ كىتاپنى شۇنچە پىنھان تۇتقان بىلەنمۇ ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنىڭ شوھرەت شامىلى جاھان ئەتراپىنى خۇددى گۇلىستان ئوپچورىسىدەك خۇشپۇراققا توشقۇزدى ۋە ياخشى سۈپەتلىرىنىڭ داڭقى مەنا ئىپارىدىن بۇي ئالغۇچىلارنىڭ دىمىغىنى خۇشبۇي قىلدى.

ھۇنەر ئىپاردۇر ئەگەر ئۇنى پىنھان تۇتساڭمۇ،
كېلۇر ھامان دىماققا ھىدى بىلەن خەۋىرى.
ئاي بىلەن كۈن يۈزىنى توسۇپ بولماس ھىچقاچان،
كوز قارچۇغى ئىچىدە پاش بولۇر نۇر ئەسىرى.

نوشىرۋان زامانىغا كەلگەندە: "ھىندىستان پادىشاسىنىڭ خەزىنىسىدە بىر كىتاپ بار ئىكەن، ئۇ ۋەھشىلەر، ئۇچارقاناتلار ۋە زۇۋانسىز ھايۋاناتلار تىلى بىلەن بايان قىلىنىدىكەن، ھەر بىر ئالەمپانا پادىشالار ۋە جاھان ھوكۇمدارلىرىنىڭ سەلتەنەت قائىدىسىنى چىڭ تۇتۇشتا سىياسەت ۋە تەدبىر ئىشلىتىشلىرىگە لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا يېزىلىپتۇ، دانىشمەنلەر ئۇ كىتاپنى ھەر بىر ۋەز-نەسىھەتنىڭ سەرمايىسى ۋە ھەر بىر مەنپەئەتنىڭ ۋاستىسى بىلىدىكەن" دىگەن خەۋەر پاش بولۇپ قالدى. نوشىرۋان ئەدل ئىكىنزارىنىڭ كوچەتلىرى ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىنسانى ياخشىلىقتىن كۆكەرگەن، ئىنساپ چىمەنىنىڭ گۈلزارى
ئۇنىڭ شەپقەت شەبنىمىدە سۇغىرىلغان پادىشا ئىدىكى:

ئادالەت نۇرى بىرلە يۈز ئېلىنى ئەيلىگەن روشەن،
زۇلۇمنى ئەل بېشىدىن ئەبىدى كەلمەسكە كەتكۈزگەن.

شۇ كىتابنى مۇتالىئە قىلىشقا مايىل بولدى ۋە كۆپ رىغ-
بەتلەندى. پارىس تىۋىپلىرىنىڭ ئۇلۇغى، پەزىلەتتە كامىل، ئەدەپ-
تە چىرايلىق ياسانغان بەرزۇيە تىۋىپ نوشىرۋاننىڭ رۇخسىتى
بىلەن ھىندىستانغا باردى ۋە بىرنەچچە ۋاقىت ئۇ يەردە تۇرۇپ،
ئۇ كىتابنىڭ نۇسخىسىنى ياخشى ھىلىلەر بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ،
ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنى ھىند تىلىدىن پەھلىۋى تىلىغا ئۆرۈدى.
چۈنكى ئۇ زاماندا ئىران پادىشالىرى ئاشۇ تىل بىلەن سۆزلە-
شەتتى. ئۇ كىتابنىڭ پەھلىۋى نۇسخىسىنى نوشىرۋاننىڭ قېشىغا
كەلتۈردى. بەرزۇيە بۇ خىزمىتى تۈپەيلىدىن نوشىرۋاننىڭ ھۇزۇرى-
دا يۇقۇرى مەرتىۋە ۋە ئۇلۇغ دەرىجە تاپتى. ئەدلى ئىھسان
ئىشلىرىدا، پادىشالىق ۋە پۇقرالارنى تۇتۇش قائىدىلىرىدە، نوشىر-
ۋان سەلتەنەت بىناسىنى ئۇ كىتابنىڭ مۇتالىئەسى ئاساسىغا
قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەجەم پادىشالىرىمۇ ئۇ نۇسخىنى
مەخپى تۇتماقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىشتى. تاكى ئابباسى خەلىپى-
لىرىدىن ئەبۇ جەفەر مەنسۇر (بۇ كىشى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى
ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ ئوغلى ئىدى)
زامانىغا كەلگەندە، ئۇ بۇ كىتابنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بىر كور-
مەككە مەيلى-رىغبىتى ئاشتى. ئۇ نۇرغۇن ھىلىلەر بىلەن پەھلىۋى
نۇسخىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەسىر پازىللىرىنىڭ كامىلى بولغان
ئىمام ئوبۇلھەسەن ئابدۇللا ئىبنى مۇقەففاغا بۇيرۇپ، كىتابنىڭ
ھەممىسىنى پەھلىۋى لۇغىتىدىن ئەرەبى تىلىغا ئۆرۈتتى. ئەبۇجەفەر
ئۇنى دائىم مۇتالىئە قىلىپ، خەلىپىلىك ئەھكامىنىڭ ئەدلى ۋە

شەپقەت بىناسىنى شۇ كىتاپنىڭ نەسىھەت ھەم ۋەسىيەتلىرى ئۈس-
تىگە قويدى. ئۇندىن كېيىن، ئوبۇلھەسەن نەسىر ئىبنى ئەھمەد
سامانىينىڭ بۇيرۇغى بويىچە، زامان پازىللىرىدىن بىرى ئۇ نۇس-
خىنى ئەرەپ تىلىدىن پارسچىغا يوتكىدى. پارسچە بولغاندىن
كېيىن ئوبۇلھەسەن نەسىرنىڭ ئەمرى بىلەن، شائىر رۇدەكى ئۇنى نەزمە
رىشتىسىگە تارتتى. ئۇندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى
ئەۋلادىدىن ئەبۇلمۇزەپپەر (ئەبۇلمەنسۇر) بەھرام شاھ سۇلتان
مەسئۇدنىڭ ئىلتىماسى بويىچە پاساھەتلىكلەرنىڭ پاساھەتلىكرەگى
ۋە بەدىئى تىلدا يىتۇكلەرنىڭ ئالدىنقىسى بولغان ئەبۇلمەئانى
نەسرۇللا ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھەمىد ئوبۇلھەسەن ئاب-
دۇللا ئىبنى مۇقەففا نۇسخىسىدىن پارسچىغا قايتا تەرجىمە قىل-
دى. ئۇنى ئۇ زاماندا «كىتابى كەلىلە دىمنە» دەپ ئاتايتتى. ئۇ
شىرىن سوزلۇك بۇزرۇكۋارى ئەزىزنىڭ تەرجىمىسى لەتاپەتتە
جاندەك شىرىن، گۈزەللىكتە مارجاندەك رەڭدار ۋە كوڭۈلگە
ياقىدىغان لەۋزى لەبلىرى شېكەرلەرنىڭ نازۇ كەرەشمىلىرىدەك
ھالاۋەت بېغىشلىغۇچى، جاننى يايرىتىدىغان مەنىلىرى خۇددى
گۈزەللەرنىڭ زۇلپىدەك كوڭۈلنى بەنت قىلغۇچى ئىدى.

سوزلىرى گويا ئىدى زۇلپى نىگار،
جانۇ دىل تاپقاي ئىدى ئۇندا قارار.
مەنىسى توتقان ئورۇن گەپ-سوزىدە،
ئابى ھايات قاراڭغۇلۇق ئىچىدە.

ئۇنىڭ خەتلىرىنىڭ قارىلىقىنى كوز سەھىپىسىنىڭ ئىچىغا
تارتسا بولىدىغان جاۋاھىر سۇرمىسى، ئۇنىڭ ۋاراقلىرىنىڭ
ئاقلىقىنى كوزقارىسى بىلەن كوتەرسە مۇۋاپىق كېلىدىغان شادى-
مانلىق سوھبىتىنىڭ نەمۇنىسى دېسە بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

راۋا بولغاي نەققاش قەلىمى چەكسە ئەگەر،
نۇسخىسىنىڭ قارىسىنى ھور كوزىنىڭ ئېقىغا.

قىسقىسى، يېزىق-ئىنشا بارگاھىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇ كىتاپنىڭ ئىبارىلىرى ۋە پاساھىتىنىڭ خوپلۇغىنى، ھەر بىر سوزنى ئۇز ئورنىدا ئىشلىتىش جەھەتتىكى مەرغۇپلۇغىنى ھەممىسى بىر ئېغىزدىن تەرىپلىشەتتى. بارچە كىشىنىڭ تەبىئىتىگە مەقبۇل بولغان سوز ياخشى سوزدۇر.

ئەمما ئاجايىپ لۇغەتلەرنى كەلتۈرگەنلىگى، ئۇزگىچە لەۋزە بىلەن سوز ياسىغانلىغى، پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئوخشىتىش ۋە تەمسىللەر بىلەن مۇبالىغە قىلىشۋەتكەنلىگى، چۈشىنىكسىز ئىبارىلەر ۋە سوزلەر بىلەن گەپنىڭ ئۇزۇرۇپ كەتكەنلىگى سەۋەبىدىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ خاتىرى لەززەت ئالالمايتتى ۋە ئوقۇغۇچىنىڭ تەبىئىتىمۇ قىسسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى خاتىمىسىگە ئۇلاشتۇرۇپ، سوزنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمايتتى. شۇ سەۋەپتىن ئوقۇغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا مالاللىق دۇچ كېلەتتى. خۇسۇسەن ئۇ لەتاپەتنى نىشان قىلغان زاماننىڭ كىتاپخۇمارلىرىنىڭ تەبىئىتى شۇ قەدەر لەتاپەتلىك ۋە نازۇك ئىدىكى، ئۇلار كىتاپنىڭ مەنىسىنى لەۋزە ۋە ئىبارەتلىرىنىڭ تېگىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا چۈشىنىشنى خالايتتى. ۋاھالەنكى بۇ كىتاپتا بەزى چۈشىنىكسىز سوزلەر ۋە غەيرى مەشھۇر ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، لۇغەت ۋە تەپسىر كىتاپلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا شۇ قەدەر نازاكەتلىك ۋە ناپاسەتلىك كىتاپ خار ۋە بى ئەتىۋار بولۇپ، ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىپ، خالايىق ئۇنىڭ پايدىلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشقا باشلىدى. شۇ سەۋەپتىن شۇ زاماننىڭ سۇلتانى ۋە ئۇ دەۋرانىنىڭ خاقانى، مەملىكەت ئەھلىگە ۋە پۇقرالارغا ئەمىنلىك ۋە ئامانلىق بىساتىنى ئاچقۇچى، مىسكىن ۋە مۇھتاجلارغا ئەدلى ۋە ئېھسان جاۋاھىرىنى

چاچقۇچى، پادىشالىق ئاسمىنىنىڭ نۇرلۇق ئاپتىۋى ۋە ئىشاراپەت بۇرجىنىنىڭ سائادەت نىشان يۇلتۇزى، سەلتەنەتكە ئابروي ۋە مەملىكەتكە زىب-ۇ-زىننەت بولغان، شەرىئەت ۋە مىللەتنىڭ مادارى ھەزرىتى سۇلتان ھۇسەيىننىڭ پەلەك نىشان ئوردىسىنىڭ يېقىن زاتلىرىدىن بىرى، ساپ كۆڭۈللۈك، ئۆز زاتىدا دانىشمەنلىك ۋە كامالەتنى جەم قىلغان، قۇياشتەك پارلاق ئەقىل-پاراسىتى ئەۋزەللىك مۇقەددىمىسىدىن نۇر چېچىپ چىققان، پادىشاغا ھەر قانچە يېقىن بولغىنى بىلەنمۇ "ھايات ئالدامچىلىق مېلىسىدىن ئىبارەتتۇر" دېگەن نەسىھەتنى يادىدىن چىقارماي غورۇر غۇبارىنى ھىممەت ئېتىكىگە قوندۇرمىغان:

دۇنيانىڭ پايانى بەش كۈنلۈك خىيال،
نادانلار دېگەيلەر ئۇنى مۈلكۈ مال.

مال-مۈلكى قانچە كۆپ بولغىنى بىلەنمۇ، شۇنچىۋالا مال-مۈلۈكنىڭ مۇھەببىتىنى كۆڭلىگە قىلچە يېقىن كەلتۈرمىگەن، بەلكى؛

دولەتنىڭ قەددىگە پاكلىقنىڭ لىباسى يارىشار،
ياخشىلىق خالى بىلەن قۇدرەت يۈزى زىننەت تاپار،

دېگەن سائادەت كەلتۈرگۈچى سۆزنىڭ مەزمۇنىنى ئەھۋال نەزەرىدە تۇتۇپ، زەئىپلەر ۋە مەھرۇملەرنى مەقسەت ۋە تەلەپلىرىگە يەتكۈزۈش بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاخىرەتنىڭ زاپىسى دەپ بىلىدىغان:

چەرخنىڭ مېھرۇ ۋاپاسى نەچچە كۈن ئەپسۇن ئىرۇر،
بىل غەنىمەت دوستلارغا ياخشىلىقنىڭ پۇرسىتىن،

دېگەن تەزكىرىنى يادىدا تۇتۇپ، ھېچقاچان ئۆزىنى غاپىللىقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇتمايدىغان ئەمىر شەيخ ئەھمەد (مەشھۇر ئىسمى ئەمىر سۇھەيـ ـلى) "سۇھەيلى يەمەنىي"① دېگەن يۇلتۇزدىنمۇ يورۇق ۋە مېھرۇ - ۋاپا چاچىدىغان ئاپتاپتىنمۇ پارلاق بۇ زات —

سەن سۇھەيلى كورۇنۇپ كوزگە، قايان چاچساڭ نۇرۇڭ،
ھەر كىشىگە يورۇغۇڭ دولەت نىشانى بولغۇسى.

بۇ كىتاپىنىڭ پۈتۈن خالايىققا ئومۇملىشىشىنى كوزلەپ،
بەدىئى تىل چوققىسىنىڭ تاجى ۋە پاساھەت مەجمۇئەسىنىڭ
چىراغى

پەزلىنىڭ مۇلكىگە شاھ مەنانىڭ ئاسمانىغا ماھ،
جامىئۇل تەپسىرى قۇرئان ئاتى مەۋلانا ھۇسەيىن.

مەشھۇر لەقەبى "ۋائىزۇلكاشىفى" غا: "مەزكۇر كىتاپقا روشەن ئىبارىلەر ۋە ئىنچىق ئىستىئارىلەر بىلەن يېڭى لىباس كىيدۇرگەي، چۈشىنىكسىز ۋە غەيرى مەشھۇر لەۋزىلەر ئىچىدە مەستۇرە بولۇپ تۇرغان مەنا مەھبۇبلىرىنى يوشۇرۇنلۇق پەردىسىدىن چىقىرىپ، ئايانلىق مەرتىۋىسىدە جىلۋە بەردۇرگەي، تاكى ھەر بىر كورگۇ- چىنىڭ كوزى ئۇ نازىنىنلار جامالىدىن بەھرە ئالغاي ۋە ھەر بىر دانانىڭ كوڭلى ئۇ پەردە ئىچىدىكىلەرنىڭ ۋىسالىدىن ئارام تاپقاي" دەپ ئىلتىماس قىلدى.

دىدى: مۇنداق ماڭا بەر نۇكتەدانى②،
كى ئەي سوز باغىنىڭ سەن باغبانى.

---

① سۇھەيلى يەمەنىي — بىر يۇلتۇز نامى، يەمەندە ئوچۇقراق كورۇنىدۇ.

② نۇكتەدان — مەنىسى چوڭقۇر ۋە چىرايلىق سوزلەر.

جاھان باغىدا گەر تاپساڭلا پۇرسەت،
تىكىپ قوي مەئىنلەردىن سەن كۆچەت.

ئۇنىڭ مېۋىسىدىن كىمكى يېگەي،
ئۇنى يېگەن كىشىگە بۇنى دېگەي:
بۇ باغنىڭ ئىچىدە خوش-خوش مېۋىدۇر باق،
لەتاپەتتە بىرىدىن بىرى خوپراق.

دىن ئالىمى ۋە ھەققانىيەتتىن دەرس بەرگۈچى ئۇ زات مەزكۇر بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئورۇنلىماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن سۇھەيلى نۇرى ھېكمەت ئاسمىنىدىن يۈز كۆرسەتتى. ئۇ بۇ ياخشى ئىشقا چوڭ رىغبەت بىلەن كىرىشىپ، غايىپ ئالەمنىڭ تىل قەلىمىدىن قەلەم تىلىغا جارى بولغان بارلىق سۆزلەرنى ياخشىلاپ يازدى ۋە ئۇ تەرجىمىسىگە «ئەنۋارى سۇھەيلى» دەپ ئىسىم قويدى. چۈنكى ھېكمەت ۋە ئەقىل سۇھەيلى يۇلتۇزىنىڭ ئەسىرىدىن بولدۇ، ئىلىم ئۇنىڭ نۇرىدىن تەربىيەت تاپىدۇ.

تارىخنىڭ بىر مىڭ بىر يۈز ئوتتۇزىنچى يىلى زامان ئەمىرلىرىنىڭ يول باشچىسى ۋە دەۋران ھاكىملىرىنىڭ پېشۋاسى، شەرىئەتنىڭ دوستى ۋە پەزىلەتنىڭ رەھبىرى، ھېكمەت مەنىلىرىنىڭ تەلەپكارى، دانىشمەن لەقەملىك، ماختاشقا لايىق خىسلەتلىك، كامالەتكە يەتكەن زات مۇھەممەد ئىمامبەگ كەمىنە قابىلىيەتسىز دولىلا مۇھەممەد تۆمۈرگە ئىلتىپات قىلىپ «ئەنۋارى سۇھەيلى» نى پارىس لۇغىتىدىن تۈركى تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇدى، چۈنكى ئۇ: "قەشقەر زېمىنى خەلقىنىڭ تىلى تۈركى تىل بولغاچقا خەلق بۇ كىتابنىڭ مەنىسىدىن بەھرە ئالسۇن ۋە بارلىق ئاموخاسقا بۇ كىتابنىڭ مەنپەئەتى تەگسۇن" دەپ ھىممەت قىلغان ئىدى.

مەنپەئەتنى خاس تۇتماق پەسكەشلەرنىڭ رەسمىدۇر،
ئالى ھىممەت مەرت كىشى پۈتكۈل خەلقنى كوزلىگەي.

گەرچە بىلىمىم ئاز، ئۆزەم قابىلىيەتسىز، تېنىم ئاجىز بولسىمۇ، ئۇ ئەمىر بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۇلۇغ ئىشنى باشلاشنى ئۆزەمگە لازىم تاپتىم ۋە ئۆز جۇغۇمدىن چوڭ بولغان ئىشنى باشلىغانلىقىم ئۈچۈن زامان موتىۋەرلىرى ۋە دەۋران زېرەكلىرىنىڭ تەنىە ئوقىغا ئۆزەمنى نىشان قىلدىم. "ھەر كىشى سوز تەسنىپ قىلسا مالامەت ئوقىغا نىشان بولىدۇ" دىگەن سوزدىن قورقۇپ، بۇ ئىشنىڭ قىزىقلىغىدىن ھەرقانچە كوڭۇل سويۇتقان بولسامۇ، "بىر كىمنىڭ بۇيرۇغان ئىشىغا ئۆزرە كورسىتىش ناچار ئىشتۇر" دىگەن سوزنىڭ جۇرئىتى بىلەن "ھەر كىشىنىڭ ئىنساۋى بولسا كىشىگە تەنە ۋە مالامەت قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ" دىگەن سوزنى ئۇنىڭغا قارشى قالقان قىلىپ تۇتتۇم.

بۇ ئىشىمدىن ماڭا باردۇر خىجالەت،
ئۇستىلەپ قىلما يەنە سەن مالامەت.
راۋا بولماس سەن كەبى ئازادىگە،
تەنە قىلماق مەن كەبى بىچارىگە.
بىلىملىكلەر كوزىدۇر ئەيىپتىن پاك،
بىلىمسىزلەر ئەگەر ئەيىپ ئەتسە نى باك①.
كىشى كوزى قىلۇر بولسا ئىنساپنى ھۇنەر،
ئەگەر شىشە بولسىمۇ كورەر بىلىپ گوھەر.

رەھمەتلىك جەننەتى مۇسەننىپ (ھۇسەيىن ۋائىز ۋلكاشفى) ئۆزى تەرجىمە قىلغان پارسچە كىتاپقا ئەمىرى سۇھەيلى سەۋەپچى بولغانلىقى ئۈچۈن «ئەنۋارى سۇھەيلى» دەپ ئىسىم قويغان-

① باك — قورقۇنچ، خەۋپ.

لىغىنى دوراپ، بۇ تۈركى مەجمۇئەنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغا مۇ-ھەممەد ئىمامىبەگ سەۋەپچى بولغانلىغى ئۈچۈن مەنمۇ «ئاسارى ئىمامىيە» دەپ ئىسىم قويدۇم.

ئۇ كىشىگە ئوخشىمىغىم بولسىمۇ گەرچە قىيىن،<br>
قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ئوخشىتىپ باقتىم، لېكىن.<br>
ھەددى يوقتۇر زەررىنىڭ تەگلەشكىلى قۇياش بىلەن،<br>
بىپايان ئاسمان يۈزىدە چەرخ ئۇرۇپ يۈرگەن بىلەن.

بۇ كىتاپنىڭ ئەسلى ئىسمى «كىتابى كەلىلە دىمنە» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ كىتاپتا ھىكمەت ئىلمى بايان قىلىنغان. بۇ ھىكمەت ئىلمى ئىنسانغا ھاياتنىڭ قائىدە-يوسۇنى ۋە قىلىدىغان ئىشلارنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھىكمەت ئىككى قىسىم بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى ھەر بىر كىشىگە ئالاھىدە زورۇر بولغان ھىكمەت بولۇپ، ئۇ پاكلىق ئەخلاقى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا كىشىنىڭ خۇي-پەيلىدىكى پاكلىقنى بايان قىلىدۇ. ئىككىنچىسى جامائەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئىشلىرىدا لازىم بولىدىغان ھىكمەت بولۇپ، بۇمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بۇنىڭ بىرى مەھەللىدارچىلىق، خوش-نىدارچىلىقتا ياكى ئۆيدە ئۇچرايدىغان ھەر خىل مۇئامىلىلەردە لازىم بولىدۇ؛ شۇڭا بۇ مەنزىل تەدبىرى دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى بولسا شەھەر-ۋىلايەتلەردە ۋە ئىقلىم-مەملىكەتلەردە لازىم بولىدىغان ھىكمەت بولۇپ، سىياسەت دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ كىتاپ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ خىل ھىكمەت ئىلمىنىڭ كېيىنكى ئىككىسىنىڭ بەزى پايدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن پاكلىق ئەخلاقىغا تەئەللۇق سۆزلەر بۇ كىتاپتا كۆرسىتىلمىگەن. گەرچە بۇنىڭغا ئالاقىدار مىساللاردىن كىرگۈزۈشنىڭ يولى كەلگەن بولسىمۇ، رەھمىتى مۇسەننىپ بىدپاي ھەكىمنىڭ سۆزىدىن باشقا ئارتۇقچە مىساللارنى كەلتۈرۈشنى خالىمىغان، بەلكى ھەكىم يازغان

www.uyghurkitap.com

باپلاردىن باشتىكى ئىككى باپنى — ئەسلى سوزگە ئالاقىسى يوق ۋە ئارتۇقچە پايدىسىمۇ يوق بولغاچقا — چىقىرىۋېتىپ قالغان ئون تۆت باپنى روشەن - ئېنىق سوزلەر ۋە ئاسان تەلەپپۇز بىلەن تەرجىمە قىلغان، ھىكايىلىرىنى ئەسلى كىتاۋىدىكى بويىچە راي ۋە بىرەھمەنىنىڭ سوئال - جاۋاۋى تەرتىپىدە يېزىپ چىققان. ھەر بىر باپتىن ئىلگىرى ئەسلى ھىكايىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان سوز بېشى ئورنىدىكى بايانلارنى قوشۇپ قويۇشنى لازىم تاپقان، ھەمدە سوزىگە زىننەت ئۈچۈن، شۇ جايغا لايىق كېلىدىغان ئايەتلەرنى كىرگۈزگەن ۋە سوز جەۋھەرلىرىنى شېئىرگوھەرلىرى بىلەن زىننەتلىگەن.

ياآزار ھەركىمكى ئۇ بولسا ئەقىللىق،
ئەسەر نەزمىسىگە شېئىرنى يېقىملىق.
ئوقۇپ تاپقاي كىشى كوڭلى ھالاۋەت،
بولۇپ تەن تاپقىسىدەك ئىستىراھەت.

ۋە يەنە، تېخىمۇ چىرايلىق كورۇنۇشى ئۈچۈن، بىر دەستە گۈلنى بىر چىغىرتماقتا باغلىغاندەك، خاتىرىگە كەلگەن ئاجايىپ ھىكايىلەر ۋە يارامىلىق ماقال - تەمسىللەرنى دەل ئورنىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئارىسىغا قىستۇرغان. ئۇ ئون تۆت باپنىڭ مۇندەرىجەسى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى باپ. راست سوزلۈك بولۇش ۋە يامان غەرەزلىكلەرنىڭ سوزلىرىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا؛

ئىككىنچى باپ. يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ شۇملۇقى توغرىسىدا؛

ئۈچىنچى باپ. دوستلارنىڭ ئىناق بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشىنىڭ پايدىسى توغرىسىدا؛

تۆتىنچى باپ. دۈشمەن ئەھۋالىدىن ئاگاھ بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ

ھىلە - مىكىرلىرىدىن ھوشيار تۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا؛

**بەشىنچى باپ.** نادانلىقنىڭ زىيىنى ۋە نادانلىق بىلەن تەلەپنى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن ھەسرەت - نادامەتنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا؛

**ئالتىنچى باپ.** ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ ئاپىتى ۋە ئاچچىقى تېزلىكنىڭ زىيىنى توغرىسىدا؛

**يەتتىنچى باپ.** تەدبىر ۋە ھىلە - مىكىر بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن قۇتۇلۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا؛

**سەككىزىنچى باپ.** ئاداۋەت ساقلىغۇچىلارغا ئالدانماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسلىك كېرەكلىكى توغرىسىدا؛

**توققۇزىنچى باپ.** ئەپۇ قىلىش پادىشالارنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا؛

**ئونىنچى باپ.** ھەركىمنىڭ ئۆز قىلمىشىغا يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى ۋە جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا؛

**ئون بىرىنچى باپ.** ھەر كىشى ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلسا زىيان تارتىدىغانلىقى ۋە بۇرۇنقى ئىشىدىنمۇ قۇرۇق قالىدىغانلىقى توغرىسىدا؛

**ئون ئىككىنچى باپ.** يۇۋاش بولۇش، ئېغىرلىق قىلىش ۋە ئويلاپ ئىش كۆرۈشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا؛

**ئون ئۈچىنچى باپ.** ئىككى يۈزلىمىچىلەر ۋە خىيانەتكارلارنىڭ سۆزلىرىدىن پەرھىز قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا؛

**ئون تۆتىنچى باپ.** زامان ھادىسىلىرىگە ئىلتىپات قىلماسلىق ۋە بارلىق ئىشلارنى قازايى قەدەرگە قويۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا؛

يۇقۇرقى باپلارنى بايان قىلىشتىن ئاۋال بۇ ھېكايىلەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمى بايان قىلىندۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

مەنسلەر بازىرىنىڭ جەۋھەرپۈرۈشى ۋە سوز سەرراپخانىسىنىڭ ھىكمەتشۇناسى، غارايىپ ھىكايىلەرنىڭ چىرايىنى ئاچقۇچى ۋە ئاجايىپ رىۋايەتلەرنىڭ رەسسامى، خەۋەرلەر مۇقەددىمىسىنىڭ يۈزىنى بۇ تەرىقىدە ئېچىپ، ئەسەر سوز بېشىنىڭ جامالىغا شۇنداق زىبۇ-زىننەتلەرنى بېرىدۇ.

## ئادىل پادىشا بىلەن دانىشمەن ۋەزىرنىڭ ھىكايىسى

قەدىمقى زاماندا چىن مەملىكىتىنىڭ بىر پادىشاھى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە كۈچلۈكلۈگىنىڭ داڭقى پۈتۈن ئالەمگە مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ شانۇ-شەۋكىتىنىڭ ئاۋازى شەرقتىن غەرپكىچە تارالغان بولۇپ، بارلىق داڭلىق پادىشالارمۇ ئىتائەت ھالقىسىنى جان قۇلىغىغا سېلىپ، ئۇنىڭ پەرمانىغا بويۇن سۇنۇشاتتى.

مۇقامى شاھى جەمشىتتەك، پەرىدۇندەك ھەشەمەتتە،
شان-شەۋكەتتە ئىسكەندەرۇ دارا كۈچتە-قۇدرەتتە.
تۇتاتتى ئوت بىلەن سۇنى بىرگە گوياكى تۇققاندەك،
ئۇنىڭ ئەدلى بىلەن خەلقى ياشاپ ئەيشۇ پاراغەتتە.

ئۇنىڭ پاراۋان دولەت بىساتلىرىدا، ھەممىشە ئالەمگە تونۇلغان مەشھۇر ئەمىرلەر ۋە ياخشى تەدبىرلىك ۋەزىرلەر خىزمەتكارلىق كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ ئولتۇرۇشاتتى. بويى ئاسمانغا تاقاشقان تەختىنىڭ ئەتراپىدا پازىل بۈزرۈكۋار زاتلار ۋە نەسىھەتچى ھوكۇمالار دائىم ھەۋەس كۈرسىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ھىكمەتلەرنى بايان قىلىشاتتى. ئۇنىڭ خەزىنىسى ھەددى-ھېساپسىز جاۋاھىر ۋە ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن تولغان، مۇكەممەل قوراللانغان

لەشكەرلىرى باتۇرلۇقتا يېتىشكەن، غەيرەت-شىجائەتتە سېخىلىقتا قېرىنداش ۋە سەلتەنەتتى سىياسەتكە ھەممەپەس بولغان بىر پادىشا ئىدى.

نەشتەر ئۇرۇپ دۈشمەنلەرنىڭ جانلىرىغا،
سايە سېلىپ بىچارىلەر باشلىرىغا.
قانخورلارغا قەھرى قىلسا كاراممتى،
ئاجىزلارغا چارە بولغان مەرھەممتى.

بۇ پادىشانىڭ ئىسمى ھۇمايۇن پال ئىدى. ئۇنىڭ ئادالەت بىلەن يۇرت سورىشى نەتىجىسىدە، پۇقرالىرى بەخت-سائادەت ۋە خوشال-خورامىلىق ئىچىدە كۈن كەچۈرۈشەتتى. ئاجىزلار ۋە كەمبەغەللەرمۇ غەم-قايغۇسىز ئۆتەتتى. دەرۋەقە، پادىشانىڭ ئەدلى پۇقرالارنىڭ تەبىئىتىگە كۈچ كورسەتمىسە پىتنىخورلار زۇلۇمىنىڭ ياردىمى بىلەن ئامۇخاسىنىڭ روزگار ئۆيىدىن تۈتۈن چىقىرىدۇ. ئەگەر پادىشانىڭ ئىنساپ شامى دەرتمەنلەرنىڭ قاراڭغۇ كۆلبىسىگە نۇر چۈشۈرمىسە، زالىملارنىڭ زۇلمىتى مەملىكەت ئىچىنى يامانلارنىڭ كوڭلىدەك قارا ۋە قاراڭغۇ قىلىدۇ.

ئەدلۇ ئىنساپ بىلەن يۇرت سورىسا خاقان،
خاراپ بولغان يۇرتمۇ بولۇر پاراۋان.
ئەگەر شاھ ئەدلىدىن قىلسا پۇشايمان،
زۇلمىدىن مەملىكەت بولغۇسى ۋەيران.

بۇ پادىشانىڭ خەلقپەرۋەر بىر ۋەزىرى بار بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن دانا تەدبىرلىرى بىلەن خۇددى قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتقان شامغا ئوخشايتتى. ئۇ باش قاتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن مىڭ خىل چىگىشلەرنى يېشىۋېتەتتى. ئۇنىڭ ھېكمىتى پىتنە دەرياسىغا چۈشۈپ قالغان ئىزتىراپ كېمىسىنى ھالاكەت گىرداۋىغا ئۇردۇرماي، ئامان-ئېسەن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايتتى ۋە ئۇنىڭ سىياسىتىنىڭ ھەيۋىتى زۇلۇم تىكىنىنى يىلتىز-تومۇرىدىن قومۇرۇپ تاشلايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر تەدبىرىنى ئىشلەتسە بىردەم،
بىرەتتىنى يۈز تۈمەن لەشكەرگە بەرھەم.
قەلەم بىرلە تۇتۇپ يۇقرالىرىنى،
ئىچىپ بىر خەت بىلەن بىر يېڭى ئالەم.

ئۇنىڭ تەدبىرلىرى مۇۋاپىق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەملىكەت ئىشلىرى ھەمىشە روناق تېپىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىسمى خوجەسەراي ئىدى، پادىشا ھۇمايۇن پال ھەرقانىداق ئىشنى ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز قىلمايتتى ۋە ئۇنىڭدىن تەدبىر سورىماي تۇرۇپ، ھېچقانداق مۇھىم ئىشلارنى باشلىمايتتى. پادىشا ئۇنىڭدىن ئىجازەتسىز جەڭ كەمىرىنى باغلىمايتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشارەتسىز ئەيش ـ ئىشرەت بەزمىدە ئولتۇرمايتتى. ھەر بىر داڭلىق پادىشا مەملىكەتنىڭ بىرەر چوڭ ئىشلىرىنى قىلىشتا كامىل دانىشمەن كىشىلەرنىڭ كېڭىشى بىلەن قىلىشى لازىم. ھەرقانداق يۇرت ئىشىنى بېجىرىشتە، ئاقىل ۋەزىرلەرنىڭ مەسلىھەت ۋە تەدبىرلىرىنى ئاڭلىشى، ئەگەر پۇقرالىرىدىن بىرەر كەمچىلىك سادىر بولسا، ئۇنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، بۇ ئامانەت ئالەمنىڭ سەرمايىسى بولغان ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشى لازىم.

ئىش كېڭەش بىلەن تاپقۇسى نىجات،
ئۇ سىز يېشىلمەس ھېچبىر مۇشكىلات.

كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ھۇمايۇن پال شىكارغا چىقتى. خوجەسەرايمۇ خۇددى بەخت ـ دولەتنىڭ ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىسىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ ماڭغان ئىدى. دالا شىكارگاھىغا پادىشانىڭ مۇبارەك قەدىمىنىڭ يەتكەنلىكىنى كورگەن ئاسمان "ۋاھەسرىتا! پەلەكتىكى ئايىنى ئۈزۈپ ئوزەمنىڭ توھپەم سۈپىتىدە پادىشاغا تۇتالىسامچۇ كاشكى" دەپ يەرنىڭ ئارزۇسىنى يەيتتى. شىكار ئۈچۈن ئېلىپ چىققان قۇشلار ۋە باشقا جانىۋارلار ھەممىسى بەندىتىن قۇتۇلۇپ ئوۋ قىلىش ئۈچۈن ھەركەتكە كەلگەندە دالىدىكى قارا كوزلۈك كىيىكلەر قولغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن تون

تەرەپكە تەڭ قاراپ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىنى كۆزگە ئايلاندۇرۇغان ئىدى. ئۇ ئىتلىرى شىردەك چاڭگال سىلىپ، توشقان تۇتۇش ئۈچۈن مىڭ تۈرلۈك ھۈنەرلىرىنى كۆرسەتتى. لاچىنلار كىشىلەر قولىدىن خۇددى ئوق ئېتىلغاندەك ئاسمانغا چىقىپ ھەر تەرەپكە ھەملە قىلاتتى. قارچۇغا تىرناق نەشتىرى بىلەن قىرغاۋۇللارنىڭ كۆز تومۇرىدىن قان ئالاتتى. ئەجەل بۈركۈتى كىيىكلەرنىڭ بېشىغا خۇددى ئەزرائىلدەك تىكىلىپ، بىچارە كىيىك ۋە تۈلكىلەرنىڭ جانلىرىنى ئوۋلايتتى. ئىشقىلىپ، ھەر بىر شىكار جانۋارى ئۆز ھالىغا مۇناسىپ كەلگۈدەك دەرىجىدە ئوۋ قىلىشاتتى.

ئۈچۈپ قۇشلار ئىگىز، كۆرسەتتى ھۈنەر،
قىلىپ تىرناقنى قان تۆككۈچى خەنجەر.
ئېچىپ قارچۇغا چاڭگال ئۈچتى ئەپلىك،
نە تۈتى قالدى ئورنىدا نە كەكلىك.
ئۈزاتقاچ ھەر تەرەپتىن تۈتقىلى قول،
كىيىكلەر قاچقىلى تاپالمىدى يول.
توشقانلار جېنىغا ئىتلار ياقتى ئوت،
بۆرىلەرمۇ قاچتى بولۇپ كۆزى تۇت.
يەر سەھنىسى لەشكەرلەر بىرلە تولدى،
باياۋان جانۋارلىرىغا تەس بولدى.

دالا يۈزى ھەر خىل ئوۋ ھايۋانلىرىدىن ۋە ئاسمان سەھنىسى قۇشلاردىن خالى بولغاندا، پادىشا ئوۋنى توختىتىپ، قوشۇنغا قايتىشقا ئىجازەت بەردى ۋە ئۆزى ۋەزىر بىلەن بىللە ئوردىغا قايتماقچى بولدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتا ھاۋا شۇنداق ئىسسىپ كەتكەن ئىدىكى، ئاسمان سەھنىسىدە تومۇرچىنىڭ ئوچىغىدەك ئىسسىق لاۋۇلدايتتى. ساۋۇتلار ئىسسىق تەسىرىدە مۇمدەك يۇمشاپ كەتكەن ئىدى.

تونۇرغا ئوخشاش قىزىدى ئالەم،
يالقۇنتاغ كەبى كۆيدى تاغلار ھەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇتقا ئايلانغان ئىدى ھەر بىر كان،
كۆيمەكتە ئىدى پىروزە ئاسمان.
بوستان تەرەپكە قاچتى پەررەندە،
كىردى توشۇككە ھەممە چەررەندە.

ھۇمايۇن پال خوجەستەرايغا شۇنداق دىدى:

— بۇنداق ئىسسىق ھاۋادا يۈرۈۋېرىش ھېكمەتتىن ئەمەس. چېدىرنىڭ سايىسىدە ئولتۇرساقمۇ بەرىبىر سالقىنلىيالمايمىز. چۈنكى يەر يۈزى ئىسسىق توپان بىلەن تولدى، ھاۋامۇ ھارارەتكە تەسلىم بولدى. قانداق قىلىپ بولسىمۇ بىر چارە قىلغىن، بىردەم سايىدە ئولتۇرۇپ راھەتلىنەيلى-دە، ئاپتاپ ئۆزىنىڭ مەغرىپ ئۆيىگە كىرگەندە، بىزمۇ ئۆز مەنزىلىمىزگە يانايلى.

خوجەستەراي دۇئاغا تىل ئاچتى:

— بەندىلەرگە سىزنىڭ سەلتەنىتىڭىز ئىلتىپات سايىسىنى ساپتۇ. ئۇلارغا بۇ ئاپتاپ ئىسسىقلىغىدىن قىلچە زەرەر يەتمەيدۇ.

لۇتپىڭىزنىڭ سايىسى بولسا پاناھ بىزگە بۇدەم،
يېمىگەيمىز بۇ ھارارەت ئىسسىغىدىن قىلچە غەم.

چۈنكى سىز خۇدانىڭ سايىسىسىز. پۈتۈن خەلق سىزنىڭ بۇ ئالى سۈپىتىڭىزنىڭ شاراپىتىدىن راھەتلىنىپ ياشاۋاتىدۇ. لېكىن بۇنداق ئىسسىق ھارارەتلىك ھاۋادا كىشىگە ھەر تۈرلۈك كېسەل ۋە تەپ پەيدا بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق ھاۋادىن پەرھىز قىلماق ۋاجىپتۇر. سىزنىڭ سالامەت بولۇشىڭىز پۈتۈن ئەلنىڭ سالامەتلىگىدۇر. مەن بۇ يېقىن ئەتراپتا خۇددى مەرت يىگىتلەر ھىممىتىدەك، ئالى ۋە دانىشمەنلەرنىڭ مەرتىۋىسىدەك ئېگىز بىر تاغنى كۆرگەن ئىدىم. شۇ يەرگە بېرىپ سايىدە ئولتۇرۇپ، بىر پەس ئارام ئېلىۋالساق بولارمىكىن؟

ئۇلار بىر ئاز يول يۈرۈپ، تاققا يېتىپ بېرىپ، قارىسا بۇ تاغ باشتىن-ئاياق يېشىل كۆك ئوتلاردىن لىباس يېپىنغان، ساپ كۆكرىگىدىن مىڭلاپ بۇلاق قايناپ

چىققان، خۇشبۇي گۈل ۋە رەيھانلار پەلەك يۆلتۆزىدەك كۆپ بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپقا يېيىلغان، بۇلاقلاردىن ئېقىپ چىققان ئېرىقلار خۇددى جەننەت ئېرىقلىرىدەك ھەر تەرەپكە ئېقىشىۋاتقان بىر جاي ئىكەن. ئۇلار سۇ بويىدا بىر پەس ئارام ئېلىپ ئول-تۇرماقچى بولدى.

سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ ئۆتكەن ئۆمۈرگە سال نەزەر،
بىرگە بۇ ئۆتكۈچى دۇنيادىن ئىشارەت كورستەر.

ھۇمايۇن پال خوجەستەراينىڭ مەسلىھەتى بىلەن، ئارغىماقتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ھەمرالىغىدا بىردەم مېڭىپ، ئۇ جاينى سائادەتمەن-لەر ئۈچۈن قەدەم جايغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. پادىشا ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر تاغنى كوردى. بۇ تاغ ھىممەت بېشىنى ئاسماندىن ئۆتكۈزۈپ، ئالەمنى قىزدۇرغان قۇياشقا يېشىل غىلاپلىق قىلىچىنى تەڭلەپ تۇراتتى. خۇددى چىدام پۈتىنى مۇمكىنچىلىك ئىتتىگى ئىچىگە مەھكەم تىققان قېرى كىشىلەردەك تەمكىن تۇرۇپ، قارلىق بېشى بىلەن ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ تۇرغان بۇ تاغ يېغلىغۇ كوزلى-رىدىن ياش سەللىرىنى ھەر تەرەپكە راۋان ئاققۇزۇپ تۇراتتى. پادىشا تاغ ئۈستىگە چىقىپ، ئىتتىگىنى بېلىگە قىستۇرۇپ خۇددى بۆلۈتتەك ھەر تەرەپنى سەيلە قىلدى. ئۇنىڭ بىر تۈزلەڭلىككە كوزى چۈشتى. بۇ تۈزلەڭلىك ئارزۇ مەيدانىدەك كەڭرى ۋە ئۈمىت دالىسىدەك بىپايان ئىدى. ئوت-چوپلىرى ۋە گۈللىرىنىڭ يېشىللىقى بىلەن خۇددى پەلەك گۈلشىنىگە، ئابى ھاۋاسى بىلەن خۇددى جەننەت باغلىرىغا ئوخشايتتى. خۇددى گۈزەللەرنىڭ زۇلپى-چېچى ئۇلارنىڭ يۈزىنى چورىدەپ تۇرغاندەك، بۇ تاغدىمۇ گۈلنىڭ ئەتراپىنى بىنەپشە ئوراپ تۇرغان، خۇددى جانان يۈزىگە خال ياراشقاندەك، سۇنبۇل گۈلگە ياندىشىپ، گۈل چېھرىسىگە زىننەت بەرگەن، مەجنۇنتال ئەتلەس كىيىپ، سەرۋى بىلەن پەستە دەرىخى ھەرىرگە ئورالغان، تاڭ شامىلىنىڭ تىلى گۈلزار پۈرىغىنىڭ سىرى-ئەسرارىنى جاھاننىڭ توت تەرىپىگە يېيىۋەتكەن ئىدى. بۇلبۇل گۈللەرنىڭ رەڭگى ۋە پۈرىغىنىڭ ھىكايىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۈتۈن ئالەمگە قاپىيىلىك ئىبارىلەر بىلەن سوزلەيتتى.

دىلغا باپ، يېقىملىق ئابى ھاۋاسى،
مەنزىلى مۇبارەك، كەڭرى سەيناسى.
ئېرىقلار بويىدا گۈللەر ئۈنۈشكەن،
كى ياەمغۇر سۇيىدە يۈزلەر يۇيۇشقان.
دەرەخلەر ئۇچىنى پەلەككە تارتقان،
گۈزەللىكتە بىرىدىن بىرى ئارتقان.
بەسى قۇشلار قىلىپ شاخ ئوزرە ئاۋاز،
بولۇپ سازىدا بىر ـ بىرىگە دەمساز.
گۈزەللىك باغچىسى ھەر سەرۋى زىبا،
يۈز تۈمەن گۈزەللىك بەرگىدە پەيدا.

بۇ دەرەخزارلىق ئوتتۇرىسىدا بىر كول بار بولۇپ، سۇيى خۇددى ئابى ھايات بۇلىغىدەك جان بېغىشلىغۇچى ۋە جەننەت سۇلىرىدەك ساپ ھەم سۈزۈك ئىدى.

سىماپتەك بېلىقلار ئويىنىشىپ يۈرگەن،
يېڭى ئاي ئاسماندا سەيرى قىلغاندەك.

ۋەزىرنىڭ بۇيرۇغى بويىچە مۇلازىملار پادىشا ئۈچۈن ئارام ئالغۇدەك جاي تەييارلىدى. ھۇمايۇن پال پاراغەت تەختىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى. مۇلازىملار ئېرىق بويىدىكى دەرەخلەر تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئېلىشتى. ئۇ دوزاقتا ئوخشاش دەشتتىن قۇتۇلۇپ، بۇ جەننەتكە ئوخشاش ئارامگاھ مەنزىلگە ئۇلاشقانلار پەيتنى غەنىمەت بىلىپ، كوڭۇل تىلى بىلەن بۇ بېيىتنى ئوقۇشاتتى:

شۈكرى لىللا، كەتتى بىزدىن مېھنەتۇ رەنجى ئەلەم،
مەنزىل ئەتمەككە نېسىپ بولدى گۈلىستان باغ ئىرەم.

ھۇمايۇن پال ۋە خوجەستەراي ئات ۋە پىلدىن چۈشۈپ پىيادە بولۇپ، پەرزەندەك ھەر تەرەپكە يۈرىدىغان ئالەمنىڭ پاسىد خىياللىرىدىن يېنىپ، دۇنيا-تەئەللۇقاتىنىڭ ماتلىرىدىن① رۇخنى ② ئۇرۇپ، خۇددى شاھ ۋە پەرزەندەك بىر بىسات تەختىسىدە ئولتۇرۇپ، ئاللاتائالانىڭ بۇ تاغ ئورمىنىدىكى ئاجايىپ سەنئەتلىرىنى ۋە غارايىپ ھۈنەرلىرىنى قۇدرىتىنىڭ يەتكىنىچە تاماشا قىلىپ: "ھەيھات! تەقدىر ئىلاھىنىڭ نەققاشى تاغنىڭ تې-شىدىن پۈتكەن لەۋھەگە قۇدرەت قەلىمى بىلەن ھەر تۈرلۈك زىبا نەقىشلەرنى سىزىپتۇ. سۇنئى ئىلاھىنىڭ باھارى لۇتپى مەۋ-سۈمى بىلەن تاش باغرىدىن رەڭگا-رەڭ گىيالارنى چىقىرىپتۇ" دەپ كورگەن ئاجايىپ-غارايىپ سۇنئى ئىلاھىنىڭ شۈكرانىسىنى ئوقۇيتتى. ئۇلار گايى گۈل ۋاراقلىرىدىن بۇ بېيىتنى ئوقۇپ تەكرارلايتتى:

بۇلبۇل گۈل ھوسنىگە ئوقۇر مەدھىيە،
زەۋق بىلەن ئوزىنى ئۇرۇپ تىكەنگە.

گايىدا گۈلىستان بەتلىرىدىن بۇ نەقىشنى تاماشا قىلاتتى:

گاھى مىنەر ئات قىلىپ گۈل بەرگىنى ئۇچقۇر سابا،
گاھى سابا پۈتىنى باغلاپ قويار سۇ زەنجىرى.

شۇ ئەسنادا ھۇمايۇن پالىنىڭ بىر دەرەخكە نەزىرى چۈشتى. بۇ دەرەخ غايەت قېرىلىقىدىن يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ، خۇددى غازاڭ تۆكۈلگۈچى بورانغا ئۇچرىغان شاختەك شۇمشەيگەن، قېرىپ كەتكەنلىكىدىن ماڭالمايدىغان بوۋايلاردەك مۈكچەيگەن، ھادىسىلەر ئوتتۇنچىسىنىڭ پالتىسى ئۇنى كې-سىشكە تەييارلانغان ۋە روزىغار ياغاچچىسىنىڭ ھەرىسى ئۇنىڭ ئەزالى-رىنى پارە-پارە قىلىش ئۈچۈن چىشلىرىنى بىلىگەن بىر دەرەخ ئىدى.

① مات — يېڭىلىش؛ ② رۇخ - شاخمات ئورۇقى، پىل.

يائش چاغدا دەرەخ خۇددى گۈزەل قىزدەك تۇرار باغدا،
رەھىم قىلماي كېسەر باغۋەن دەرەخنى قېرىغان چاغدا.

ئۇ دەرەخنىڭ ئىچى دەرۋىشلەرنىڭ كوكسىدەك كاۋاك بولغانلىقتىن، بىر توپ ھەسەل ھەرىسى ھەسەل يىغىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچىنى جاي قىلىۋالغان ئىدى. پادىشا ھەرىلەرنىڭ غەۋغاسىنى كورۇپ ۋەزىردىن:

— بۇنداق تېز ئۇچىدىغان جانۋارلارنىڭ بۇ دەرەخنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىۋېلىشىنىڭ سەۋەبى نىمە؟ بۇ بېلى باغلاقلىقلىرى كىمنىڭ پەرمانى بىلەن بۇنداق يۇقۇرى-تۆۋەن ئۇچۇشۇپ تەرەددۇت قىلىشىپ يۈرىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي بەختلىك پادىشا! بۇلار پايدىسى كوپ، لېكىن زىيىنى ئاز بولغان بىر گۇرۇھ. يارىتىلىشتىنلا لاتاپەت ۋە پاكلىقلىرىدىن ئاللاتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن تائەت-ئىبادەت كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلىغان ھالدا تەرەددۇت قىلىشىپ يۈرىدۇ. بۇلارنىڭ بىر پادىشاسى بار. ئىسمىنى يەئسۇپ دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى بۇلاردىن چوڭراق. ئۇنىڭ ھەيۋىتى ۋە غەزىۋىدىن قورقۇپ، ھەممىسى ئۇنىڭ پەرمانىغا بويۇن سۇنۇشىدۇ. ئۇ مۇمدىن ياسالغان توت بۇرجەكلىك تەخت ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىرى، ئىشىك ئاغىسى، ياساۋۇللىرى، پاسىبانلىرى، نائىپلىرى ۋە خىزمەتكارلىرى بار. ئۇلارنىڭ پەم-پاراسەت ۋە زېرەكلىكى شۇ دەرىجىدىكى، ئۇلار ھەر بىرى ئوزى ئۈچۈن مۇمدىن ئالتە بۇرجەكلىك ئوي ياسىشىۋالغان. ئۇ ئويلەرنىڭ ئەتراپلىرى بىر بىرى بىلەن باپباراۋەر ۋە بىرى ئىگىز، بىرى پەس ئەمەس. ھەرقانداق كامىل ئۇستىلارمۇ تاناپ، چوپگەز ۋە شەيتان ئىشلەتمەي ئۇلاردەك چىرايلىق ئىمارەتلەرنى بىنا قىلالمىغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ رەسىم-قائىدىسى شۇكى، ئويلىرى ياسىلىپ پۈتكەن چاغدا، ھەممىسى پادىشانىڭ ئالدىغا يىغىلىدۇ. پادىشا: "ھەي تاۋابىئاتلىرىم! ئەمدى تاغ ۋە ئورمانلىقنىڭ ئەتراپىغا تارقىشىپ ئوتلاڭلار. شۇنداق پاكىز بولۇڭلاركى، لاتاپەتلىك ئاغزىڭلارنى كاساپەتكە يېقىن

كەلتۈرمەڭلار، پاك جىسمىڭلارنى نىجاسەت بىلەن بۇلغىماڭلار" دەپ قاتتىق تاپىلاپ، ئۇلاردىن ۋەدە ئالىدۇ. ئۇلار شۇ ۋەدىسى بىلەن بېرىپ خۇشبۇي گۈل ۋە پاكىز چېچەكلەرگە قونۇپ، ئۇنىڭدىن ئىشتىھاسىغا لايىق يەپ قايتىدۇ-دە، خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن يىگەن ئوزۇقلىرى قوسىقىنىڭ ئىچىدە قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە شۇنداق پاكىز ۋە مەزىلىك بىر شەرۋەتكە ئايلىنىدۇ. ئۇ شەرۋەتنى ھىلىقى ياسىغان ئۆيىگە كىرىپ، ئاغزىدىن قۇسۇپ جۇغلايدۇ. ھېكمىتى ئىلاھى دورىخانىسىدا ياسالغان بۇ نەرسە خالايىقلارنىڭ تۈرلۈك ئىللەتلىرىگە داۋا بولىدىغان ھەسەل دىگەن شىپالىق دورىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ھەرقاچان ئۇلار ئوتلاقتىن يېنىپ پادىشا دەرگاھىغا قايتىپ كەلسە، ياساۋۇللار ئۇلارنى پۇراپ باقىدۇ. ئەگەر ۋەدىسىدە تۇرۇپ، پاك نەرسىلەرگە ئولتۇرۇپ، خۇشبۇي چېچەكلەردىن يىگەن بولسا، ئۇنى ئالتە بۇرجەكلىك ئۆيىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىدۇ.

ۋەدىگە ۋاپا قىلماق ئۈچۈن ماڭا بەرگىن قول،
قىلمىغىن خىلاپ ئەسلا، ئۆز ۋەدەڭدە مەھكەم بول.

ئەگەر ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماي ناپاك ۋە بەدبۇي نەرسىلەرنى يىگەن بولسا، ياساۋۇللار يول بەرمەي، ئەكسىچە ئۇلارنى ئىككى پارە قىلىپ تاشلايدۇ. ئەگەر ياساۋۇللار بىپەرۋالىق قىلىپ، مۇبادا ئۇ بەدبۇي پۇراق ئۆيىگە كىرگەن بولسا، پادىشا ۋە ۋەزىر خەۋەر تاپىدۇ-دە، ئالدى بىلەن ئۆز خىزمىتىنى ياخشى قىلمىغان ياساۋۇلنى، ئاندىن كېيىن ۋەدىسىنى بۇزغان بىئەدەپ ھەرىنى ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ بۇندىن كېيىن ئۇنداق بىپەرۋالىق قىلماسلىقلىرى ئۈچۈن ئىبرەت قىلىدۇ. ئەگەر بىرەر يات ھەرە ئۇ ئۆيگە كىرمەكچى بولسا، ياساۋۇللار ئۇي ئىشىگىدىن كىرىشنى مەنئى قىلىدۇ. ئەگەر يانغىلى ئۇنىمىسا ئولتۈرىدۇ. خەۋەرلەردە پادىشا جەمشت ياساۋۇل، پاسىبان، مەھرەم، نائىپلارنى تەيىنلەشنى

ۋە تەختتە ئولتۇرۇش قاتارلىق پادىشالىق ئىشلىرىنى ھەسەل ھە-رىسىدىن ئۆگەنگەن ۋە بىردىپ-بىردىپ كامالەتكە يەتكەن دېيىلىدۇ-دەپ چۈشەندۈرۈش بەردى خوجەستەراي.

ھۇمايۇن پال خوجەستەرايىدىن بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، ھەرىلەرنىڭ ئىمارەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تەرتىپ-قائىدىلىرىنى كورمەكچى بولدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ دەرەخنىڭ قېشىغا بىردىپ، ھەرىلەرنىڭ بارگاھلىرىنى، ئۇلارنىڭ بىرىش-كېلىشلىرىنى ۋە پادىشاسىغا مۇلايىملىق بىلەن خىزمەت قىلىشلىرىنى بىر پەس تاماشا قىلدى. ھەرىلەر بولسا ئالىلاتائالانىڭ پەرمانىغا بويۇن سۇنۇپ، خۇددى سۇلايمان پادشاغا ئوخشاش ھاۋا ئېتىغا مىنىپ، پاكىز گۈللەرنىڭ شىرىسى بىلەن ئوزۇقلىنىپ، پاكىز ئويلەرنى ياسىشۋالغان بولۇپ، ھىچقايسىسى بىر بىرىنىڭ پايدا-زىيىنى بىلەن كارى يوق ئىدى ۋە بىر بىرىگە ئازار بىردىشمەيتتى.

ھەممىسى كەمبەغەل لېكىن دولەتمەن،
ئۇلۇغدۇر، كۈچلۈكتۇر كىچىكلىك بىلەن.

— ھەي خوجەستەراي، — دىدى پادىشا، — بۇلارنىڭ نەش-تەرلىرى تۇرۇپ، بىر بىرىگە ئازار بىردىشمەيدىكەن، بەلكى نەشتەرلىرىدىن شىرىن-شەرۋەت چىقىرىدىكەن. گەرچە كورۇنۇشىدە ھەيۋەت بولسىمۇ ناھايىتى مۇلايىملىق قىلىشىدىكەن. ئادەم پەرزەنت-لىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇلارنىڭ ئەكسىچە بىر بىرىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، بىر بىرىنى يوقىتىشقا ھەركەت قىلىدىغان ئىشلار بار. بۇ ھال ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟

كورۇڭ، بۇ ئاجايىپ جاھاننىڭ ئىشى،
خاتىرجەم ئەمەستۇر كىشىدىن كىشى.

—ئەي، ئالەم پاناھ شاھ!— دەپ چۈشەندۈرۈش بەردى ۋەزىر،— كورۇپ تۇرۇپسىزكى، بۇ جانۋارلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل تەبىئەت ۋە مىجەزدە يارىتىلغان. ئادەم پەرزەنتلىرى بولسا بىر بىرىگە

زىت ۋە خىلاپ كېلىدىغان مىجەزدە يارىتىلغان. شۇ سەۋەپتىن ئىنساننىڭ روھى ۋە جىسمىغا لاتاپەت بىلەن كاساپەت، نۇر بىلەن زۇلمەت ئارىلاشقان بولىدۇ. ئالەمدە بار بولغان ئىسسىقلىق ۋە پەسلىككە ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرمۇ ئىنسان قەلبىنىڭ قاچىسىدىن مەلۇم ئورۇن ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەركىمدە بىر ئالاھىدە مىجەز پەيدا بولغان. ئىنسانغا پەرىشتىلەر ئەقلىدىن بەھرە بەرگەن، شەيتان نەپسىدىن ھەسسە قوشقان. شۇڭا ھەر كىم ئەقىل بىلەن بىر ئىش قىلسا يۇقۇرى مەرتىۋە ۋە ئۇلۇغ دەرى-جىلەرگە كۆتىرىلىدۇ. ئەگەر نەپسىنىڭ پەرمانىغا بويۇن سۇنسا، ھايۋاندىن بەتتەر پەس ئورۇنغا چۈشۈپ، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خار-زارلىقتا قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىگى نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، يامان خۇلۇق ۋە يارىماس ئىشلارغا قەدەم قويىدۇ-دە، ھىرىس ۋە ھەسەت، زۇلۇم ۋە رىيا، غەيۋەت ۋە تۆھمەتكە ئوخشاش ئىش-لارنى قىلىشىدۇ.

ئۆزىدىن بىخەۋەر بىرنەچچە نادان،
يامانلار ئەيىۋىنى ھۈنەر قىلىشقان.
ئاخىرى بۇرنىغا كىرگەندە تۈتۈن،
ياندۇرغان چىراغى ئۇچكۇسى پۈتۈن.

— بۇ سۆزلەرنى ياخشى ئېيتتىڭ. پەرقلەرنى چۈشەندۈرۈپ بەردىڭ، — دېدى پادىشا، — مېنىڭ پىكرىمچە، ھەر بىر ئادەم باشقىلارغا ئارىلاشماي بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرسا، باشقىلار بىلەن سوھبەتلەشمىسە، ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ، باشقىلار بىلەن ئارى-لىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان يۇقۇرقىدەك ھەر خىل يامان سۈپەت-لەردىن خالاس تاپالىشى مۇمكىن. ئىلاجى بار، بىر بۇلۇڭدا خاتىرجەم ئۆتكەن ياخشى. مەن "كىشىنىڭ ھۇزۇرى يالغۇزلۇقتا، پاراغىتى خىلۋەتتە" دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. بۈگۈن ماڭا كۆپ كىشىلەرنىڭ سوھبىتى زەھەرلىك ئىلاننىڭ زەھىرىدىنمۇ يامانراق زىيانلىق ئىكەنلىگى بىلىنىۋاتىدۇ. ھەركىم ۋە دانىشمەنلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆپىنچىسى ياكى بىر غار ئىچىدە، يا بىر قۇدۇق ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەن - دە!

قۇدۇق ئاستىغا كىرەر ئاقىل كىشى،
ياخشى بولۇر ئۇ يەردە كوڭۈل ئىشى.
ياخشىراق قۇدۇقنىڭ قاراڭغۇلىغى،
تاپسا ئەلدىن بىر نەپەس ئاسايىشى.

بەزى كامىل دەرۋىشلەر ئۆزىدىن ئۆزى قاچىدۇ. ئۆزىگە ئۆزى مالال كېلىۋاتسا باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن نىمە پەرۋايى بار.

خىلۋەت ئىستەرمەن، پەلەك گەر چىقىرىپ قاتتىق بوران،
يەر يۈزىن سورۇسا ماڭا قونىمغاي بىر زەررە چاڭ.

— ھەزرىتى پادىشاھى ئالەمنىڭ بايان قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى راست، — دىدى خوجەستەراي، — ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنىڭ سوھبىتى كوڭۈلنى پاراكەندە قىلىدىغان ۋە تەشۋىش پەيدا قىلىدىغان بىر سەۋەپ. خىلۋەت بولسا زاھىر بىلەن باتىنىنىڭ بىرلىشىشىگە پايدىلىق.

بىلەمسەن قانچىلاپ ئۆتۈپ ئاي - يىللار،
كېلەلمەس زاھىتلار بۇ ئۆتنۈرىغا.
گۈلنى كور، يىغىلۇر غۇنچە چېغىدا،
ياپرىغى توكۇلەر ئەگەر ئېچىلسا.

ئەمما بەزى ئۇلۇغلار ۋە دانىشمەنلەر ئۈچۈن "تەبىئىتىگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك غەرەزسىز بىر ھەقىقى دوست تېپىلسا، تەنھا-لىقتىن سوھبەت ئەلا" دىگەن گەپمۇ بار. ئەگەر شەپقەتلىك رەپىق بولمىسا، يالغۇزلۇق ياخشىراق. بۇ خۇددى جۇۋا يازدا ئەمەس، قىشتا كېرەك بولغىنىدەك بىر ئىش. ئەقىللىق ۋە زېرەك كىشى ئەقىل ئۆگىنىدۇ، چوڭلارنىڭ بەزمىسىگە لايىق بولۇپ يېتىشىدۇ.

ساۋاپ تېپىپ بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ سائادىتىگە ئۇلىشىدۇ.
قايتۇرما تەلەپ ئىلكىنى سوھبەت ئىتىگىدىن،
خىلۋەتتە ئەگەر كوپ ئولتۇرساڭ جىننى بولۇرسەن.

"دۇنيادىن ۋە ئادەملەردىن قېچىش ياخشى ئادەت ئەمەس" دىگەن ھىكمەتلىك سوزدىن مەلۇم بولىدۇكى، سوھبەتنىڭ پايدىسى خىلۋەتنىڭ مەنپەئەتىدىن كوپرەك. ئاللاتائالا ئوز قۇدرىتى بىلەن ئىنسانلارنى بىر بىرىگە مۇھتاج ۋە بىر بىرىگە لازىم قىلىپ يارىتقان تۇرسا، كىشلەرگە خىلۋەت تەنھالىق قانداق راۋا بولسۇن؟ ئادىمزاتنىڭ تەبىئەتى تەبىئەت مەدەنىلىرىدىن بەرپا بولغانلىغى ئۇچۇن بىر بىرىگە قوشۇلماققا مايىل كېلىدۇ ۋە بىر بىرىدىن ياردەم تىلەشكە ئېھتىياجى چۈشىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىركىشى تائام پىشۇرماقچى بولسا، يا بىر كىيىم كىيمەكچى بولسا ئاۋال قازان ياساش ۋە كەتمەن سوقۇش كېرەك بولىدۇ. شۇڭىا لاي ئېتىپ بىر قاچا ياساپ، ئۇنىڭدا سۇ ئېلىپ، كەكە سوقۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئوتۇن كېسىپ، ھەر ئىشنى ئوز تەرتىۋى بىلەن قىلىش لازىم بولىدۇ. قازان ۋە كەكە سوقۇشقا بولىقا، سەندەل، كۇررەك ۋە كومۇر كېتىدۇ. ئاددىسى كۇررەك ياساش ئۇچۇنمۇ تېرە ئەيلەش كېرەك. تاققا بېرىپ كومۇر كويدۇرۇپ ئەپكېلىشكە تاغار توقۇش كېرەك. تاغار توقۇش ئۇچۇن يۇڭ تېپىپ، ئۇنى ئېشىش كېرەك، يۇڭ تېپىش ئۇچۇن قوي ياكى توگە بېقىش كېرەك. قىسقىسى، ئەنە شۇنداق نۇرغۇن ئاۋارە بولۇش كېرەك. ئاشۇنداقلا بولسا ھەرقانداق ئادەم بىر كىمىنىڭ ياردىمىسىز پۇتۇن ئومرى ئىچىدە بىرەر قېتىم ئاش پىشۇرۇپ يا يىيەلەيدۇ، يا يىيەلمەيدۇ. ھەتتا بەزى ئىشلارنى قىلالمايدۇ. شۇڭا زورۇرىيەت يۈزىسىدىن بىر كىم قازان ياسايدۇ. بىرى كەكە سوقىدۇ. بىرى كومۇر كويدۇرىدۇ. ئالاھەزەل قىياس، ھەر كىم بىر ئىشقا مەشغۇل بولۇپ، ئوز ئېھتىياجىدىن ئارتۇغىنى باشقىلارغا بېرىپ، بىر ئىقلىمنىڭ ئادەملىرى بىر بىرىگە قوشۇلۇپ ھايات كەچۈرگەچكە، ھەرقانداق ئىش ئاسانلىق بىلەن ھەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. ئادەملەر بىر بىرىگە زورۇر. يالغۇزلۇق بىلەن ھېچ ئىشنى پۈتكۈزگىلى بولمايدۇ. مانا بۇلار ئادەملەرنىڭ بىر بىرىگە ئېھتىياجى چۈشىدىغانلىقىنى، بىرلەشمىسە ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا تەنھا ئولتۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ ۋە تەنھا ئولتۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق. خۇددى جامائەت — رەھمەت دېگەنگە ئوخشاش.

تۇت جەمىيەت ئېتىگىنى، ئىشلىگىن،
يالغۇزلۇقتا ھېچ ئىش ئەسلا پۈتمىگەي.

— ھېكمەتلەرنىڭ خۇلاسىسى ۋە ئەقىللەرنىڭ مېغىزىنى بايان قىلدىڭ. لېكىن بىر پىكىر كۆڭلۈمگە كېلىۋاتىدۇكى، ئادەملەر بىر بىرىگە مۇھتاج بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشلىرىدىن ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بەزىسى بەزىسىدىن كۈچلۈك بولغاچقا باشقىلارنى يېگىشنى خالايدۇ. بەزىلىرىنىڭ كۈچى ۋە پۇلى بولغاچقا ئۇلار باشقىلارنى ئۆز خىزمىتىگە سېلىشنى، باشقىلارنىڭ ھەممە مال - مۈلۈكلىرىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋېلىشنى خالايدۇ. مانا شۇنداق ئىشلار جېدەلگە سەۋەپ بولۇپ، ئاخىرى ئۇرۇش پەيدا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى پادىشا.

ئۇرۇش ئانداق سالۇر ئوتلار جاھانغا،
ئۇ ئوتتىن كويگۈسى بۇ بارچە ئالەم.

— ئەي، ئالەم پاناھ شاھىم! — دېدى ۋەزىر ئۇنىڭغا، — بۇ ئۇرۇشنى توختىتىش ئۈچۈن شۇنداق بىر تەدبىر بېكىتىلگەن، يەنى ھەر بىر ئادەم ئۆز ھەققىگە قانائەت قىلىپ، باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىدىن تاما قىلماسلىقى لازىم، كىشىلەرگە زۇلۇم سالماسلىقى ۋە تەئەددى قىلماسلىقى لازىم، مانا بۇ تەدبىر سىياسەت

دەپ ئاتىلىدۇ. سىياسەتنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى بولسا ئادىللىقتۇر. ئادىللىق — ئۇلۇغ مەرتىۋىگە يېتىشنىڭ ۋاستىسى. سىياسەتنى بېجىرىشتە بولسا ئوتتۇراھال دەرىجىدە يول تۇتۇش كېرەك. شۇڭا مۇنداق دېيىلگەن ئىبارە بار:

ئىككى تەرەپ ئوتتىسىنى ھەرقاچان قىل ئىختىيار،
يەر ۋە ئاسمان ئوتتىسىدا بولدى قۇياش ئاشكار.

— سەن ئېيتقان بۇ ئوتتۇراھال دەرىجىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ! — دەپ سورىدى پادىشا.

— بۇنى كامالەتكە يەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدىن بىلگىلى بولىدۇ، — دېدى ۋەزىر، — ئۇلارنى دىن ئۆلىمالىرى رەسۇل (ئەلچى) دەپ ئاتايدۇ. ھۆكۈمالار بولسا نامۇسۇل ئەكبەر دەپ ئاتايدۇ. ئۇ پەيغەمبەرلەر قانداق ئىش ياخشى ئىش بولغان بولسا شۇنى قىلىشنى بۇيرۇغان، ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلىشنى مەنئى قىلغان. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ھايات ئۈچۈن مەسلىھەت ۋە ئادەملەر ئۈچۈن مەنپەئەت بېرىدۇ. قاچانكى ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بىلەن، شەرىئەت تىكلىگەن ئۇ پەيغەمبەر ئاخىرەت ئۆيىگە سەپەر قىلسا، دىن ۋە شەرىئەتنىڭ بۇزۇلماي ئۆز تەرتىۋى بىلەن تۇرۇشى ئۈچۈن چىڭ تۇتۇلىدىغان بىر سىياسەت كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ توغرا ئىشلارنى بىلمەي نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ھالاكەتكە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ئادىل ۋە قاتتىق قول پادىشا كېرەك. ئەمىر ۋە نەھى (بۇيرۇش ۋە توسۇش) قائىدىلىرىنى شەرىئەت دېيىلىدۇ. پادىشا شەرىئەتنىڭ بۇ قائىدىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ سىياسەت كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە دىنىنىڭ بېشى تاجى بىلەن ئېگىز بولىدۇ ۋە دۆلەت لىباسى دىن ئالتۇنلىرى بىلەن زىننەتلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىش مۇمكىنكى، دىن بىلەن پادىشالىق قوشكېزەكتۇر.

www.uyghurkitap.com

ئەقىل ئالىمىدە شاھۇ پەيغەمبەر،
بىر ئۆزۈك كوزىدىكى ئىككى گەۋھەر.

بۇ مەنىدىن قارىغاندا يەنە ئېيتىش مۇمكىنكى:

شاھلىق بولۇر دىن شەرىئەت بىلەن ئېزىز،
شەرىئەتمۇ شاھلىق بىلەن بېشى ئىگىز.

— ئۇنداق بولسا، پەيغەمبەرلەر ئالەمدىن ئوتكەندىن كېيىن پادىشالارغا لازىم بولىدىغان بۇ سىياسەت قائىدىسىنى پادىشا بىلمىسە، ئادالەت يولىنى، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش يوللىرىنى قانداق بىلەلەيدۇ؟ — دەپ سورىدى ھۇمايۇن پال.

— ئەگەر پادىشا ئۇنداق قائىدىلەرنى بىلمىسە، پادىشالىقى ئەبىدى بولماي قىسقا ۋاقىتتا زاۋال تېپىپ، شاھلىقتىن گادايلىق كوچىسىغا كىرگۇسىدۇر، — دەپ بايان قىلدى خوجەستەراي.—

ئەدلى بىرلە ئىشلار تېپىپ ئىنتىزام،
پادىشالىق ئەبىدى قىلغاي داۋام.

ئادىللىقتىن باشقا يەنە دولەت باشقۇرۇش قائىدىسىنى بىلىش كېرەك. قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەرقايسىسىغا ئوزىگە لايىق مۇئامىلە قىلىپ، توھپىسىگە قاراپ بەزىسىنىڭ مەنسىۋىنى ئوستۇرۇپ، بەزىسىنى چۈشۈرۈپ، ئۇلاردىن ئوزىنى ئاسراش كېرەك. پادىشانىڭ مۇلازىملىرى، ئوزىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، پادىشاغا كويۇنۇش كەمىرىنى بەللىرىگە مەھكەم باغلاپ، پادىشانىڭ ياخشى نام چىقىرىشى ئۇچۇن ھەركەت قىلىشى كېرەك. ھازىرقى مۇلازىملارنىڭ كوپچىلىگى ئوز مەنپەئەتلىرى

ئۇچۇن ھىلە - مىكىر ئىشلىتىپ، ئۇزلىرىنى ياخشى كورسىتىش ئۇچۇن مۇلازىمەت قىلىشىدۇ ۋە خوشامەت سوزلەرنى ئېيتىشىدۇ.

مەنسەپ ئۇچۇن لاپ ئۇرار ئۇلار، بەس،
دۇنيا ئۇچۇن چوت سوقۇر ئۇلار، بەس.

ئۇلارنىڭ ئەقلىنىڭ كۇچى تاماغا يېتىدۇ. ئۇلار پادىشانىڭ ھۇزۇرىدا ۋەزىپىسى كوپرەك بولغان باشقىلارغا ھەسەت قىلىدۇ، بىر كىم بىلەن ئاداۋىتى بولسا، ئەگەر ھوددىسىدىن چىقالمىسا كوڭلىگە سېلىپ قويۇپ، بولمىغان گەپلەرنى ئەرز قىلىپ پادىشا - نىڭ غەزىۋىنى قوزغايدۇ. ئەگەر پادىشا ئېھتىيات قىلماي يامان غەرەزلىك سوزلەرنى ئاڭلىسىمۇ تەپتىش قىلمىسا ۋە ھەقىقەتنى ئېنىقلىمىسا، ئىشلارغا زىيان ۋە دەخلى يېتىپ مەملىكەت بۇزۇلۇشى مۇمكىن.

غەرەزلىكلەر ھەر سوز دىسە سالما قۇلاق،
كوڭلىدەدۇر ئاداۋەتتىن سىبىسىق پۇراق.
بىر نەپەستە قىلغۇسى ئالەمنى ۋەيران،
قىلار بارچە كىشىنىڭ كوڭلىن پەرىشان.

ئەمما پادىشا دانالىق بىلەن چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاخىرىغا يەتكۇزۇپ تەپتىش قىلسا، راستلىقىنىڭ روشەنلىگى، يالغانچىلىقنىڭ قاراڭغۇلۇغىدىن غالىپ كەلسە، ھەم بۇ دۇنيادا پادىشالىغىنىڭ ئاساسى زىياندىن خالى بولىدۇ، ھەم ئاخىرەتتىن - دوزاختىن قۇتۇلۇپ يۇقۇرى دەرىجىلەرگە يېتەلەيدۇ.

كىمكى بۇ دۇنيادا ئەدلى قىلسا گەر،
ئاخىرەتنىڭ ئويىنى ئاۋات ئېتەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈرت سوراشنىڭ شەرتى ئېرۈر ئادالەت،
ئازارى يوق ئەلدە بولۇر پاراغەت.

ئەگەر ھەر بىر ئەقىللىق پادىشا دولەت ئىشلىرىنى ھىكمەت يولىغا سېلىپ، ھوكۇمالارنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرىنى قۇلاقتا تۇتۇپ، ئەمەل قىلسىمۇ، مەملىكەت ئاۋات ۋە پۇقرالىرى شادمان بولىدۇ. راي ئەزەم دابىشلىم ھىندى پادىشالىغىنى يۈرگۈزۈشتە بىدپاي ھەكىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاساس قىلغان ئىدى ۋە پادىشالارغا لازىم بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلغان ئىدى، نەتىجىدە ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە خاتاسىز پادىشالىق قىلىپ، شاتلىق بىلەن ئۆمۈر كەچۈرۈپ، بۇ پانى دۇنيادىن ماماتلىق سارىيىغا سەپەر قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياخشى نامى ھايات سەھىپىلىرىدە ھېلىغىچە ساقلانماقتا.

ئۆيلىسام دۇنيادا ئىنسانلار ئارا،
ياخشىلاردىن قالىدۇر ياخشى نام.

ھۇمايۇن پال دابىشلىم شاھ ۋە بىدپاي ھەكىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ خۇددى سەھەردە تاڭ شامىلىنىڭ يەلپۈشى بىلەن ئېچىلغان غۇنچىدەك تەبەسسۇم قىلىپ، خوشاللىغىنى ئىزھار قىلدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ھەي خوجەستەراي، بۇ ئىككىيلەننىڭ قىسسىسىنى ئاڭلاش سەۋداسى كوڭلۈمگە چۈشكىنىگە ئۇزۇن ۋاقىتلار بولدى. ئۇلارنى خىيالەن بولسىمۇ كورۇش ئارزۇسى قەلبىمدە ئورۇن ئالغان ئىدى. ھەرقانچە كوپ ئويلىغان بولساممۇ، ئۇلارنىڭ ئەسلى ھالىتىنى كوز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم.

ھېچكىمسە ئۇ پەرى پەيكەر سوراغىن بەرمىدى،
يا ماڭا يوقتۇر خەۋەر يا ئۇ نىشان كورسەتمىدى.

مەن ئۇلارنىڭ ئىسمى كىمنىڭ ئاغزىدىن چىقسا، ئۇنىڭغا يېپىشىۋالسام، ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرىنى سورىسام، دەپ ھەمىشە قولاق سېلىپ يۈرەتتىم.

قولاق سالدىم تاۋۇشقا، خۇش خەۋەر يېتمىشكەيمۇ؟
يولغا تىكتىم كۆزۈمنى ھۆسن نۇرى چۈشكەيمۇ؟

خۇدايىتائالاغا شۈكرىلەرنى بىجا كەلتۈرىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ۋەزىرىمنىڭ خەۋەردار ئىكەنلىگىنى بىلدىم.

ئارزۇ ـ ئارمانىغا يەتتى قارا كۆڭلۈم ئاقىۋەت،
ئىزلىگەن بولسام نېمەرسە، شۇنى تاپتىم ئاقىۋەت.

ھەر نېمە قىلساڭمۇ تېزرەك راي ۋە بىراھىمان ھېكايىلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىپ، مېنى ئۇ سۆزلەردىن بەھرىمەن قىلغىن. سېنىڭ سۆزلەپ بېرىشىڭدىن، ساڭا ئۆز ھەققىڭنى ئادا قىلغانلىغىڭ ئۈچۈن پايدا ۋە ماڭا ئۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئالغانلىغىمدىن مەنپەئەت يېتەر دەپ ئۈمىت قىلىمەن. بەس! قانداق بىر سۆزنى ئېيتىش بىلەن ئاللاتائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرىلەر بىجا قىلىنسا ۋە ئاڭلاش بىلەن ئامۇختاسىغا پايدا-مەنپەئەت يەتسە، بۇ سۆز ناھايىتى مۇبارەك سۆز بولغان بولىدۇ.

ئەقىللىق كىشىنىڭ سۆزلىرى گويا،
ھېكمەتلەر ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى بولغاي.
ئېچىپ ئۇ خەزىنىنى ئالتۇن ـ كۈمۈش چاچ،
ئۇنىڭ كىم جەۋھىرى نەسىھەت بولغاي،
شۇنداق قىل نەسىھەت، ئاڭلىسا شاھلار،
پۇقراغا كەڭچىلىك، ياخشىلىق قىلغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## دابىشلىم پادىشا ۋە بىدپاي ھەكىم ھېكايىسى

ۋەزىر ساپ كوڭلىدىن بايان تىلىنى چىقىرىپ، پاساھەتلىك سوزلەر بىلەن شۇنداق دىدى:
— ئەي، مۇبارەك شاھلارنىڭ شاھى، كوكتە مۇشتىرى① ياخشىلىق نۇرىنى دىدارىڭ نۇرىدىن ئالغۇسى. مىنىڭ سوز شىكەرىستانىنىڭ تۇتىلىرى ۋە سۇخەن بوستانىنىڭ بۇلبۇللىرىدىن ئاڭلىشىمچە، ھىندى مەملىكىتىنىڭ چوڭ بىر شەھرىدە بىر پادىشا بار ئىكەن، پۇتۇن جاھاندىكى خەلقپەرۋەر شاھلار ئۇنىڭ ئادالەت نەقشىدىن ھۆسنى جامال تاپقان، پادىشالىق تەختى ئۇنىڭ پەرمان زىننىتى بىلەن جابدۇلغان، جەۋر - زۇلۇم كىرلىرىنى جاھان ئەينىگىدىن يۇيۇۋەتكەن ۋە ئادالەت چىھرىسىنى ئىھسان ئەينىگىدە ھەممىگە كورسەتكەن بىر بەختلىك پادىشا ئىكەن.

ئادالەت نۇرى بىرلە مەملىكەتنى قىلدى نۇرانە،
ئادالەتتە بولۇر روشەن جاھانىنەمايى ئايىنە.

بۇ پادىشانىڭ ئىسمى راي دابىشلىم ئىكەن. بۇنىڭ ھىندى تىلىدىكى مەنىسى چوڭ پادىشا دىگەن بولىدۇ. بۇ پادىشا ئوزىنىڭ چوڭلۇغىدىن ھىممەت كەمەرىنى پەلەكنىڭ كۇنگىرىسىگە تاشلايدىكەن. ھەرقانداق چوڭ كىشىلەرگىمۇ سىلىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئۇنىڭ لەشكىرىدە ئون مىڭ پىل ۋە نۇرغۇن كۇچلۇك پەھلىۋان ئەسكەرلىرى بار ئىكەن، خەزىنىسى ھەددى - ھىساپسىز بولۇپ، پۇتۇن جاھاندىكى شاھلارنىڭ خەزىنىسىدىنمۇ كوپ ئىكەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يۇرتلار ئاۋات، خەلقى باي ئىكەن. ئۇ

① مۇشتىرى — يۇپىتىر يۇلتۇزى.

ئۆزى شۇنچە چوڭ بولسىمۇ، ئاجىز بىچارىلەرنىڭ ھالىغا يېتىدىكەن ۋە ئۇلار دات ئېيتىپ كەلسە، ئۆزى تەھقىقلەيدىكەن.

پۇقرالاردىن ئالما رىئايەت قولىن،
رىئايەتكە تاپشۇر يۇقىرىلىق يولىن.

ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنى سىياسەت بىلەن چىڭ تۇتۇپ باشقۇرىدىكەن. ئۆزى بولسا ئەيش-ئىشرەت بىلەن بەزمىلەر قىلىپ، ھاياتنىڭ ئەبەدى بولمىغان ناز-نېمەتلىرىدىن كۆڭلى خالىغىنىچە پايدىلىنىدىكەن. ئۇنىڭ خىزمىتىدە ھەمىشە ھېكمەتشۇناس خادىملار ۋە پازىل ھەكىملەر ئولتۇرۇپ، قىزىق لەتىپىلەرنى ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ تەئرىپىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭ بەزمىسىنى قىزىتىپ بېرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئىززەت تەختىدە ئولتۇرۇپ، شاھانە بەزمىدىن بىرنى ياساپتۇ.

تۈزۈپ بەزم رەسمىنى ئۇ پادىشاھ،
ئاچار ئىدى ئىشرەت ئىشىگىنى گاھ.

بەزمىدە ئالدى بىلەن سازەندىلەرنىڭ ناخشا ۋە نەغمە-ناۋالىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەكىملەرنىڭ ھەر خىل ھېكايىلىرىنى ئاڭلىماقچى بولۇپ ئۇلارنىڭ ھېكمەت داستانىغا قۇلاق ساپتۇ. ئۇ ھەكىملەرنىڭ ھەر خىل ھېكمەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ قۇلىغىغا لايىق كېلىدىغان پەندى-نەسىھەت گۆھەرلىرىنى تاقاشنى خالىغان ئىكەن، نەتىجىدە ھەكىملەرنىڭ ھەر بىرى بىردىن ياخشى سۈپەت ۋە ياخشى خىسلەتنى تەرىپ قىلىشىپتۇ. خەيرى ساخاۋەت توغرىسىدا سۆز بولغاندا ھەممىيلەن بىردەكلا مۇنداق دېيىشىپتۇ: ساۋاپلىق ئىشلارنىڭ ئىچىدە ھەممە ئىشتىن ساخاۋەت ۋە خەيرى ئېھسان ياخشى. «مۇئەللىمى ئەۋۋەل» دېگەن كىتاپتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: ئاللاتائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن ئەۋزەلىرەگى "مەرھەمەت قىلغۇچى" ۋە "ئېھسان قىلغۇچى" دىگەن سۈپەتلەر-دۇر. چۈنكى ئاللاتائالا بارلىق مەخلۇقاتقا تەڭ مەرھەمەت قىلغان، ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "خەيرى ساخاۋەت شۇنداق بىر دەرەخكى، ئۇ جەننەتتە ئۈنگەن ۋە كەۋسەر لېۋىدە ئۇسۇپ كاما-لەتكە يەتكەن" دەپ بىشارەت بەرگەن.

سېخىلىق تەۋپىق يولىنىڭ ئاچقۇسى،
قىيامەتتە ساڭا چۈشكەي سايىسى.
سېخىلىق يولىنى تۇتقايسەن ھامان،
راۋان خەزىنىدىن ئىزلىسەڭ نىشان.
بەرمەي تۇرۇپ تاپمىغىڭ بولماس راۋان،
بۇ ھەقىقەتكە ئەقىل قىلماس گۇمان.

راي بۇ سوزنى ئاڭلاپ، كوڭلىدە سېخىلىق دەريا-سى جۇش ئۇرۇپتۇ- دە، دەرھال بۇيرۇق بېرىپ، خەزىنە ئىشىك-لىرىنى ئاچتۇرۇپ، ئاموخاسقا مەرھەمەت قىلىپ، مۇساپىر-مۇجاپىرلارغا نەرسە-كېرەكلەرنى بېرىپ خۇرسەن قىلىپتۇ؛ ئۇمۇمغا ئاتى-غان بۇيۇملاردىن چوڭ- كىچىك ھەممەيلەن بەھرىمەن بولۇشۇپتۇ.

ئېھسان يامغۇرى ياغدۇرۇپ بۇلۇت،
ھاجەت قاراسىن يۇيدى زاماندىن.

ھەممەيلەن نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشتەك پارقىراق ئالتۇنلارغا ئىگە بولۇپ، كوڭۈل ئېچىپ خوشال ئومۇر ئۆتكۈزۈشكە مەشغۇل بولۇشۇپتۇ. ئاستا- ئاستا كەچ كىرىپ كۈن ئوزىنىڭ زەررىن قاناتلىرىنى يىغىپ، مەغرىپ سارىيىغا كىرىپ ئورۇن ئالغاندا، كېچە قاغىلىرى قارا پەرلىرىنى پۈتۈن ئالەمگە يېيىپتۇ.

كۆن مەغرىپ پەردىسىگە بولدى نىهان،
كېچە قاراڭغۇسىدا قالدى جاھان.
قۇياش ئۇزىنى يوشۇردى، خىلۋەتكە،
پەلەك چۈشتى يۇلتۇز بىلەن سوھبەتكە.

پادىشا بېشىنى راھەت ياستۇققا قويغاندا، ئۇيقۇ لەشكەرلىرى مېڭىگە قەلئەسىگە قاراپ چېپىپتۇ. پادىشا بىر چۈش كورۇپتۇ، چۈشىدە: ياخشى نىيەتى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇرغان، كارامەت ئىگىسى ئىكەنلىكى پىشانىسىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان بىر نۇرانە قېرى كىشى كېلىپ رايىغا سالام بەرگەندەكمىش ۋە "بۈگۈن سەن خۇدا يولىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلدىڭ. ئەمدى تاڭ ئاتقاندا، مۇبارەك پۈتۈگنى دولەت ئۈزەڭگىسىگە قويۇپ، ئورنىڭ شەرق تەرىپىگە قاراپ يۈرگىن. ئۇ يەردە ساڭا بىر قىممەت باھالىق خەزىنە ساقلاپ قويۇلغان؛ ئۇ خەزىنىنى تاپقىنىڭ ئۈچۈن ماختىنىش پۈتىنى پەرقىدان① بېشىغا قويساڭمۇ ۋە ئىپتىخار بېشىنى ئاسماندىن ئىگىز تۇتساڭمۇ ئەرزىيدۇ" دېگەندەكمىش. راي بۇ بىشارەتتىن خەۋەر تېپىپ، ئۇيقۇدىن ئويغىنىپتۇ ۋە تەرەت ئېلىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ. كېچە خەزىنىدارى ئۇز قۇدرىتى بىلەن پەلەك خەزىنىسىنى ئېچىپ، پۈتۈن ئالەمگە زەر چاچقاندا، پادىشا ئات كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. يول باشلىغۇچىلار بىر شامالدەك تېز يۈگۈرۈك ئاتقا تىللا يېگەن سېلىپ، گوھەرلەر بىلەن جابدۇلغان ئىگەرنى توقۇپ كەلتۈرۈپتۇ. پادىشا ياخشى سائەتتە ئاتقا مىنىپ مەشرىق تەرەپكە قاراپ يولغا چۈشۈپتۇ.

دولەت ئىقبال ماڭدى ئاتنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ،
شان زەپەر ماڭدى ئۈزەڭگىغا قوشكېزەك ھەمرا بولۇپ.

① يۇلتۇز ئىسمى. راۋايەتتە ئېيتىلىشىچە بۇ يۇلتۇز ئون مىڭ يىلدا بىر قېتىم كورۇنىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاۋات مەنزىرىلەر بىلەن بېزەلگەن سەھراغا ئاتلىنىپ چىققان پادىشا ھەر تەرەپكە نەزەر سېلىپ، مەقسەت قىلىنغان ئىشتىن خەۋەر ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، خۇددى سېخىلارنىڭ ھىممىتىدەك بېشى ئېگىز ۋە ئادىل پادىشالارنىڭ دۆلىتىدەك ئەبەدىي بولغان بىر تاققا نەزىرى چۈشۈپتۇ. ئۇ تاغنىڭ ئېتىكىدە بىر قاراڭغۇ غار بار ئىكەن. غار-نىڭ ئاغزىدا بولسا خالايىقنىڭ ئاۋارىگەرچىلىگىدىن قېچىپ خىلا-ۋەتتە ماكان تۇتقان، قەلبى روشەن بىر كىشى ئولتۇرغان ئىكەن.

تاپمىسىمۇ ھېچ بىرەر ئىشتىن خەۋەر،
ھېچ نىمەرسە قىلمىغان ئاڭا زەرەر.

پادىشانىڭ ئۇ كىشىگە نەزىرى چۈشۈشى بىلەنلا ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشنى كۆڭلى تارتىپتۇ. پادىشانىڭ كۆڭلىگە كەل-گەننى پەملەپ قالغان ئۇ مەرت دەرۋىشمۇ پادىشانى قېشىغا چىللاپتۇ ۋە ئۇنى ماختاپ شۇنداق دەپتۇ:

بەردى تەڭرىم ساڭا ئالەمنىڭ شاھىنشاھلىغىنى،
ئەل خەلقنى ئاسرىماقلىق مەنزىلىنى كۆزلىگىن.

— ئەي، پادىشا! گەرچە ئالتۇنلار بىلەن جابدۇلغان قەسىر-دە تۇرۇپ ئادەتلەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن، بۇ دەرتمەنلەرنىڭ غەملىك كۆلبىسى مۇبارەك نەزەرلىرىگە ياخشى كورۈنمىسىمۇ ۋە گو-ھەرلەر بىلەن جابدۇلغان تەختتە ئولتۇرۇپ ئادەتلەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن بۇ جاپاكەشلەرنىڭ تار سۇپىسى سىلىنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا ئەرزىمىسىمۇ، رەسىم - قائىدىلەردە "پادىشالار مەرھەمەتلىك نەزەر-لىرىنى پەقىرلەردىن ئايىماي، بىر چەتتە قالغانلارنىمۇ ئەركىلىتىپ قويىسۇن. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنى ئاشۇرىدۇ" دىگەن گەپ بار.

پەقىرلەرگە نەزەر سالماق ئۇلۇغلۇقنى زىياد ئەتكەي،
ھەشەمەتلىك سۇلايمانمۇ چۇمۇلىگە نەزەر سالغان.

دابشلىم دەرۋىشنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇ مۇبارەك نەپەس دەرۋىشنىڭ نەپەسىدىن ھىممەت تىلەپتۇ.

دەرۋىشنىڭ ھىممىتى ھەمرا بولسا گەر،
ئۇزگىلەر قالغۇسى سىردىن بىخەۋەر.
كىمدۇ كىم مەندىن بولسا خەۋەردار،
ساھىبى نەزەردىن كوپ ھىممەت تاپار.

ئاندىن كېيىن پادىشا ئولتۇرۇپتۇ. دەرۋىش ئۇززە سوراپ بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ كەلمىگەي ھەرگىز گادايىنىڭ ئىلكىدىن،
سەن كەبى سۇلتاننى مېھمان ئەيلىمەك.

ئەمما مەزەنىڭ ئورنىدا بىر توھپەم بار، شۇنى پادىشاغا تارتۇق قىلماقچىمەن. ئۇ بولسىمۇ ماڭا ئاتامدىن مىراس تەككەن بىر خەزىنەنامە. ئۇنىڭ مەزمۇنى: "بۇ غارنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ناھايىتى كوپ خەزىنە بار، ئالتۇن - كۇمۇش ۋە جاۋاھىرلار كومۇلگەن" دىگەندىن ئىبارەت. مەن قانائەت خەزىنىسىنى تاپقانلىغىم بىلەن خۇرسەنمەن. شۇڭا بۇ خەزىنىنى تاپقان بولسامىۇ، ئۇنى ئىشلىتىشقا ھەۋەسلە قىلمىدىم. تىرىكچىلىك ئۇچۇن تەۋەككۇل بازىرىدا قانائەت خەزىنىسىدىن ياخشىراق ۋە راۋاجلىقراق ھىچ نەرسە يوق. شۇڭا مەن بۇ قانائەتتىن ۋاز كەچمەيمەن:

كورمىگەي ھىچ مەنپەئەت ھەر كىم قانائەت قىلمىسا،
تاپمىغاي دۇنيا ۋە دولەت كىم قانائەت قىلمىسا.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر پادىشا جاناپلىرى ئىلتىپات نەزىرى چاچسا، مۇلازىملارنى بۇيرۇغاي، ئۇلار ئۇ يەرنى كولاپ، چىققان بايلىقنى خەزىنىگە ئاپارغاي، ئۆزىگە لايىق ۋە لازىملىق ئورۇنغا سەرپ قىلغايلا.

دابىشلىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كېچىسى كۆرگەن چۈشىنى ئۇ دەرۋىشكە بايان قىپتۇ. دەرۋىش ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ئەرزىمەس نەرسىلەرنىڭ پادىشانىڭ ئالىي ھىممىتى ئالدىدا ھېچقانچە قەدرى-قىممىتى يوق بولسىمۇ، ئۆزلىرىگە تۇتتۇم. بۇ غايىپتىن ھاۋالە بولغان خەزىنە بولغاچقا قوبۇل قىلىپ ئالماقلىرى لازىم. غايىپتىن كەلگەن نەرسىنى ئەيىپ ئەتمىگەيلا.

راي كولاشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. بىر توپ ئادەم كېلىپ بىردەم كولاپ كۆمۈلگەن خەزىنىنى تېپىپتۇ ۋە تېپىلغان نەرسىلەرنى پادىشانىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەلتۈرۈشۈپتۇ. پادىشا قارىسا ناھايىتى نۇرغۇن شاھانە ئالتۇن، گۆھەر ئۈزۈكلەردىن تاشقىرى، سىرتى ئالتۇن ۋە گۆھەرلەر بىلەن بېزىتىلگەن، ياقۇت ۋە تىللا توشقۇزۇلغان ساندۇقلار بار ئىكەن. پادىشا ئاچتۇرۇپ كۆرۈپتۇ. ساندۇقلار ئارىسىدا يەنە رۇم قۇلۇپى بىلەن قۇلۇپلانغان بىر ساندۇقمۇ بار ئىكەن. ئۇ پولات قۇلۇپ شۇ دەرىجىدە مۇستەھكەم ئىكەنكى، ھېچبىر ئاچقۇچ تىغى ئۇنىڭ گىرەلىرىنى ئاچالمىغان ۋە ھېچبىر قىيىن مۇشكۈلاتلارنى ھەل قىلغۇچى تېغى بۇنىڭ بەنتلىرىنى ئاجرىتىشنى ھەل قىلالمىغان بىر قۇلۇپ ئىكەن. قانچە ئاختۇرۇپمۇ ياكى ئاچقۇچتىن خەۋەر ياكى ئېچىلىشىدىن ئەسەر تاپالماپتۇ. راي ئۇ ساندۇقنى ئېچىشقا بەكمۇ قىزىقىپ قالغان ئىكەن، شۇڭا ئۇ "بۇ ساندۇقتا نېمە بار ئىكىن؟ ھەرقاچان ئەڭ قىممەتباھا گۆھەرلەر مۇشۇ ساندۇقتا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداق بولمىسا بۇنداق ئېھتىيات قىلىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟" دەپ مۇلاھىزە قىپتۇ-دە، ساندۇقنى ئېچىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. بىلىگى كۈچلۈك تۆمۈرچىلەر ئۆز ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى بۇزۇپ ئېچىپتۇ. قارىسا ساندۇقنىڭ ئى-

چەندىن خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك جاۋاھىرلاردىن كوز قويۇلغان بىر تىللا ساندۇقچە چىقىپتۇ. ئۇ ساندۇقچىنىڭ ئىچىدىن يەنە ناھايىتى چىرايلىق بىر قۇتا چىقىپتۇ. شاھ ئۇ قۇتىنى ئەپكەلدۇرۇپ ئۆزى مۇبارەك قولى بىلەن ئاغزىنى ئېچىپتۇ. قۇتىنىڭ ئىچىدە ناھايىتى نېپىز بىر پارچە ئاق قەغەزگە سۇريانى ① يېزىقى بىلەن خەت يېزىلغان ئىكەن.

— بۇ نىمە دىگەن خەتتۇر؟ — دەپ تەئەججۇپلىنىپتۇ دابىشلىم شاھ.

ئوپچۇرىدە تۇرغانلاردىن بىرى "بۇ خەزىنە ئىگىسىنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن" دەپتۇ. بىرى ئۇنداق، بىرى بۇنداق دەپ، تۇرغان دولەت ئەركانلىرىنىڭ ئىچىدە گەپ كوپىيىپتۇ، لېكىن ھېچقايسىسى بىر قارارغا كېلىشەلمەپتۇ.

— بۇ خەتنى ئوقۇمىغىچە بۇ شۇبھە كوتىرىلمەيدۇ، — دەپتۇ دابىشلىم ۋە خەتنى ئوقۇيدىغان ئادەملەرنى ئىزلەشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ. تۇرغانلاردىن ھېچكىم بۇ خەتنى ئوقۇيالمايدىكەن، ئۇلار تەرەپ-تەرەپكە چېپىشىپ، سۇريانى يېزىقىنى ئوقۇيدىغان كىشىنى ئىزلەپ يۈرۈپ ئاخىرى بىر ھەكىمنى تېپىپ كەلتۈرۈشۈپتۇ.

بۇ ھەكىم سۇريانى يېزىقىنى ئوقۇيالايدىكەن ھەم يازالايدىكەن. ئۇندىن باشقا ئاجايىپ-غارايىپ ئىلىملەرگىمۇ ماھارىتى بار ئىكەن. ھەكىم پادىشانىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، تازىم بىلەن ھورمەت بىلدۇرۇپ بۇيرۇق كۇتۇپ تۇرۇپتۇ:

— ھەكىم جاناپلىرىنى ئاۋارە قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ مەكتۇپنىڭ سوزلىرىنى بايان قىلىپ، ھەقىقى ھالىنى ئوز ئەينى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ دابىشلىم شاھ.

ھەكىم ئۇ خەتنى قولىغا ئېلىپ، سوزلىرىنى ھەرپمۇ-ھەرپ نەزىرىدىن ئوتكۈزۈپ، كوپ ئويلاپ ۋە تەپەككۇر قىلىپ "بۇ خەت كوپ پايدا ۋە مەنپەئەت بېرىدىغان، ھەقىقەتنىڭ خەزىنە نامىسى

① سۇريانى يېزىقى — كونا سۇرىيە يېزىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىكەن" دەپتۇ ۋە مەزمۇننى ئوقۇپ بېرىپتۇ.

مەكتۇپتە شۇنداق دېيىلگەن ئىكەن:

"مەنكى ھۆشەڭ پادىشاھدۇرمەنكى، بۇ خەزىنىنى دابىشلىم پادىشا ئۈچۈن ئامانەت قويغاندۇرمەن. ئاللاتائالانىڭ ئىلھامى بىلەن بۇ خەزىنە ئۇنىڭغا نېسىپ بولغاي. يەنە بۇ ۋەسىيەتنامىنى دۇررى گوھەرلەرنىڭ ئارىسىغا قويۇپ قويدۇم. خەزىنىنى قولغا ئالغان چاغدا بۇ ۋەسىيەتلەرنى مۇتالىئە قىلىپ پىكىر يۈرگۈزگەيكى، زەر ۋە گوھەرلەرگە ھېرىس بولماق ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس، چۈنكى بايلىق دىگەن ئامانەت نەرسىدۇر. ھەر كۈنى بىراۋنىڭ قولىغا ئۆتەر ۋە ھېچكىمگە ۋاپا قىلماس.

قىلما ئارزۇ ئۆتكۈر دۇنيا سوھبىتىنى زادىلا،
ھېچ كىشىگە ھېچقاچان ئۇ ئەيلىمەس ئەسلا ۋاپا.
ئالدىنىپ بۇ كور ياكاق دەۋرانىغا بولما كوڭلى توق،
شاكىلى ئىچىدە ئۇنىڭ زەررە ۋاپانىڭ مېغىزى يوق.

پادىشالارنىڭ ئۆز ئىشلىرىغا دەستۇر قىلىشى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ياخشىراق ۋەسىيەتنامە يوقتۇر. بەس، ھۇشيار پادىشالار بۇ ۋەسىيەتلەرگە قاراپ ئىش قىلغاي. ئەگەر بىرەر پادىشا بۇ بايان قىلىنىدىغان ئون توت قائىدىنى نەزىرىگە ئىلمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ دولىتىنىڭ قىسقا بولۇشى ۋە سەلتەنىتىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم بولماسلىقى مۇقەررەردۇر.

بىرىنچى ۋەسىيەت شۇكى، ئەگەر پادىشا ئۆز مۇلازىملىرىدىن بىرەرسىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، بېشىنى ئۈستۈن قىلغان بولسا، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ توغرىسىدا قىلغان سوزلىرىنى قوبۇل قىلمىغاي. چۈنكى ھەر كىم پادىشاغا يېقىن بولسا، باشقىلار ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىشىدۇ. پادىشانىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنچىسى مۇستەھكەم ئىكەنلىگىنى كورسە، ھىيلە بىلەن ئۇلارنىڭ دولىتىنى بۇزماق

ئوچۇن، كويۇنگەن قىياپەتتە تۇرۇپ، غەرەزلىك سوزلەرنى ئېيتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن مەقسىدى پادىشانىڭ ئۇنىڭغا بولغان دوستلۇ-غىنى ئۇزگەرتىپ ئۇز مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئىككىنچى ۋەسىيەت شۇكى، راست سوزلۇك بولغاي ۋە گەپ توشۇغۇچىلارنى مەجلىسكە يېقىن يولاتمىغاي. چۇنكى ئۇلار پىتنە-خوردۇر ۋە ئۇرۇش چىقارغۇچىدۇر. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ياماندۇر. شۇڭا بۇ سۇپەتلىك كىشىنى كورسە، ئۇلار پىتنە چىقىرىپ ئالەمنى دۇتقا تولدۇرۇشتىن بۇرۇنراق شەمشەر سۇيى بىلەن پىتنە ئوتى-نى ئوچۇرگەي.

ئەل - ھالايىقنى ئەگەر كويدۇرسە ئوت،
يوق ئوچۇرمەكتىن بولەك چارە ئاڭا.

ئۇچىنچى ۋەسىيەت شۇكى، دولەت ئەركانلىرى ۋە ئەمىرلىرى بىلەن مۇۋاپىق ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، بىردىل، بىر نىيەتلىك سادىق دوستلارنىڭ ئىتتىپاقى ۋە ياردىمى بىلەن ئىش پۇتتۇرگەي، چۇنكى ئىتتىپاق بولسا پۇتۇن جاھاننى ئالغىلى بولۇر.

توتىنچى ۋەسىيەت شۇكى، دۇشمەنلەرنىڭ يۇمشاق ۋە شىرىن سوزلىرىگە مەغرۇر بولمىغاي. دۇشمەن ھەرقانچە خۇرسەن قىلىسىمۇ ۋە كوڭۇل ئىزلىسىمۇ ئېھتىيات يۇزىسىدىن ئۇنىڭغا ئىشەن-مىگەي.

قاچقىن، دۇشمەن مېھرىنى قىلسا يېقىن،
خۇددى ئوتتىن قاچقاندەك قۇرۇق ئوتۇن.

بەشىنچى ۋەسىيەت شۇكى، ھەرقاچان مۇرات - مەقسەت گوھىرى قولغا كىرسە، ئۇنى ياخشى ئاسرىغاي، غەپلەت بىلەن زا-يا قىلۋەتمىگەي. چۇنكى ئىككىنچى مەرتىۋە قولغا كەلتۇرگىلى بول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماس. ھەرقانچە پۇشايمان قىلسا پايدا بەرمەس ۋە ئېتىلغان ئوق قايتماس.

ئالتىنچى ۋەسىيەت شۇكى، ھېچقانداق ئىشقا يەڭگىللىك ۋە ئالدىراڭغۇلۇق قىلمىغاي، بەلكى ئويلاپ ۋە ئالدىرىماي ئىش قىلـغاي. چۈنكى ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ زەرىرى كۆپتۇر ۋە پايدىسى يوقتۇر.

يەتتىنچى ۋەسىيەت شۇكى، ھېچقانداق ئىشتا تەدبىر تىزگىـنىنى قولدىن بەرمىگەي. ئەگەر دۈشمەنلىرى ئىتتىپاق تۈزۈپ قەست قىلسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى بىلەن دوستلىشىپ شۇنىڭ سەۋەبىدىن باشقىلاردىن قۇتۇلماق مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشقا قەدەم قويغاي، چۈنكى ئۇرۇش پىرىپىتىگەرلىكتۇر.

رەقىبىنىڭ مىكرى دامىدىن خالاس بول ئىشلىتىپ ھىلە،
تۆمۈرنىڭ بەندىنى ئاچقاي تۆمۈر ئەسۋاپ بىلەن ھەر كىم.

سەككىزىنچى ۋەسىيەت شۇكى، ئاداۋەتچىلەردىن ھەزەر ئەيـلىگەي، ئۇلارنىڭ تىلى يۇمشاقلىقىغا ئالدانمىغاي. چۈنكى ئۇلار قەلب سەھنىسىگە ئاداۋەت دەرىخىنى تىككەندۇر، ئۇنىڭ مېۋىسى زەھەر ۋە ئازاردىن بولەك ھېچنەرسە بولماس.

گەر ئاداۋەت ھەر كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئالسا ئورۇن،
پەيتى كەلسە تىل بىلەن قەست قىلغۇسىدۇر يوشۇرۇن.
گەرچە كورمەككە ساڭا ئۇ سۆزلىسىمۇ ياخشى سوز،
كۆڭلىدە لېكىن ھەمىشە تىككۈسى جانىڭغا كوز.

توققۇزىنچى ۋەسىيەت شۇكى، ئەپۇ قىلىش پەزىلىتىنى ئادەت قىلغاي، مۇلازىملارنىڭ ئاز-تولا گۇناھى ئۈچۈن غەزەپ قىلمىغاي. چۈنكى چوڭلار ھەمىشە كىچىكلەرنىڭ ئەھۋال سەھۋىلىرىدىكى خاـتانىڭ خىيتىنى ئەپۇنىڭ سۈيى بىلەن يۇيار ۋە شەپقەت قولى

بىلەن مەرھەمەت ئىشىگىدە ئۆلارنىڭ بىئەدەپلىكلىرىنى ياپار.

بولدى ئادەم دەۋرىدىن شۇ كەمگىچە بىر رەسىم بۇ،
گەر كىچىكلەردىن گۇنا يۈز بەرسە چوڭلاردىن ئەپۇ.

ئونىنچى ۋەسىيەت شۇكى، ئۆزىگە يامانلىق كەلمىسۇن دىسە، ھىچكىشىگە يامانلىق كوزلىمىگەي، بەلكى ياخشىلىق يامغۇرىنى پۈ-تۈن ئالەم ئەھلىگە ياغدۇرغاي. چۈنكى ياخشىلىق باغىدا مۇرات دەرىخى مىۋە بىرەر ۋە ھەر كىم ياخشىلىق قىلسا ئۆزىگە قىلۇر.

سەن كورۇرسەن ياخشىلىق، گەر ياخشىلىق قىلساڭ ھۈنەر،
گەر يامانلىق ئەيلىسەڭ كورگۈڭ يامانلىقتىن بەتەر.
بىخەۋەرسەن ياخشى ئىش بىرلە يامان ئىشتىن بۇگۈن،
تاڭلا تاپقايسەن جىمى ياخشى يامانلىقتىن خەۋەر

ئون بىرىنچى ۋەسىيەت شۇكى، ھەر ئىش ئۆز ھالىغا مۇنا-سىپ بولمىسا ئۇنى قىلمىغاي، ھەر كىشى نامۇناسىپ ئىشقا قەدەم قويۇپ ئۆز ئىشىنى تاشلىسا ئۇ قولىغا كەلمەس، بەلكى قولىدىن كىتەر.

ئۆگىنەي دەپ قاغا ماڭماقلىقتا كەكلىك ئىشىنى،
ھەم بىلەلمەي ئۇنى، ئۇنتۇدى ئۆز مىڭىشىنى.

ئون ئىككىنچى ۋەسىيەت شۇكى، يۇۋاش ۋە ئىغىر - بىسىق بولغاي، چۈنكى يۇۋاشنىڭ كوڭلى يۇمشاق بولۇر. كوڭلى يۇمشاق كىشىلەر خۇداغا يىقىن بولۇر.

يۇۋاش تىغى قىلىچتىنمۇ تىزراقتۇر،
لەشكەردىنمۇ بەلكى يەڭگۈچىراقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئون ئۈچىنچى ۋەسىيەت شۇكى، ئۆزىگە ئىشەنچلىك ۋە كارغا يارامىلىق مۇلازىملارنى ساقلىغاي ۋە خىيانەتكار كىشىلەردىن يىراق بولغاي. چۈنكى مۇلازىملار ئىشەنچە سۈپىتىگە مۇيەسسەر بولغان بولسا، پادىشانىڭ سىر - ئەسرارى ياخشى ساقلانغاي ۋە خالايىق ئۇلاردىن زەرەر كورمەس. خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر ئۇلار-نىڭ كوڭلى خىيانەتنىڭ قاراڭغۇلۇغى بىلەن قارا بولغان بولسا ۋە سوزلىرى پادىشا قېشىدا ئېتىۋار تاپسا، كوپلىگەن بىگۇنا كى-شىلەر ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئولۇمگە دۇچار بولۇر ۋە بۇ ئىشتىن يامان نەتىجە هاسىل بولۇر.

مۇلازىملار بولسا سادىق ۋە پىداكار،
ۋىلايەتنىڭ بارچە ئىشى روناق تاپار.
ئەگەر ئۇلار قەدەم قويسا خىيانەتكە،
پادىشالار ئۈچرىغۇسى هالاكەتكە.

ئون توتىنچى ۋەسىيەت شۇكى، دەۋراننىڭ يىوتكەلمەكلىگى-دىن ۋە زاماننىڭ مېھنىتىدىن مالاللىق غۇبارىنى هىممىتىنىڭ ئې-تىگىگە يۇققۇزمىغاي. چۈنكى زېرەك كىشىلەر هەمىشە بالا بەندىگە باغلاقلىقتۇر. غاپىل ئادەملەر داۋاملىق نازۇ - نېمەت ۋە راهەت بىلەن كۈن ئوتكۈزەر.

شىر زەنجىردە باغلاقلىقتۇر، تۈلكە يۈرگەي بوش بىكار،
ئەيش - ئىشرەت بىرلە سەهرا قويىندا ئەيلەپ شىكار.
زېرەك ئادەم ئوز ئويىدە غەم بىلەن مەشغۇل لېكىن،
يۈرەر غاپىل سەيرى ئەيلەپ نەگە بارسا ئىختىيار.

شۇنى بىلمەك كېرەككى، هەق تائالانىڭ لۇتپى يار بەرمىسە، مۇرات ئوقى سائادەت نىشانىسىغا تەگمەس. تەقدىر

ئىرادە قولدا شىمسا، ھېچقانداق پەزىلەت ۋە ھۈنەر پايدا بەرمەس.

ئەگەر مەدەت بەرمىسە قازايۇ-قەدەر،
بەخت بەرمەس ھېچ كىشىگە ئىلمۇ ھۈنەر.

بۇ زىكرى قىلىنغان ئۇن توت ۋەسىيەتنىڭ ھەر بىرىگە مۇقەررەر قىلىنغان موتىۋەر ھىكايىلەر باردۇر ۋە ئەگەر راي ئول ھىكايىلەرنى تەپسىلى رەۋىشتە روشەن بىلەي دېسە، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدەمگاھى بولغان سەرانىدىپ تېغى تامان بارغايكىم، بۇ گىرەلەر ئۇندا يېشىلگۈسىدۇر ۋە تەلەپ گۈلى ئول ئالى باغدا يۈز كورسەتكۈسىدۇر. ئول مەقسەتنىڭ ھاسىل بولمىغىدا، مەدەت قىلغۇچى ئاللاتائالادۇر."

ھەكىم خەتنى ئوز ئەينى بويىچە ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، دابىشلىم ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ ئۇنى ھۆرمەتلەپتۇ ۋە ئۇ خەتنى تازىم بىلەن سويۇپ تۇرۇپ سەلتەنەت بىلىگىگە باغلىۋېلىپ، شۇنداق دەپتۇ:

— ماڭا چۈشۈمدە بىشارەت بېرىلگەن بۇ خەزىنىلەر قولۇمغا كەلدى. خۇداغا شۈكرى، بۇ ئەڭ قىممەتباھا جاۋاھىرلاردىنمۇ قىممەتلىك بولغان، ھېكمەت ۋە نەسىھەت بىلەن تولغان بۇ سىر خەزىنىسىمۇ قولغا كەلدى. دۇنيا تەئەللۇقاتى مەندە ھەددى-ھېسابسىز كوپ. ئۇنىڭدىن ئارتۇقچا ھاجىتىممۇ يوق. شۇڭا بۇ تاپقىنىمنى تاپمىغان ئورنىدا كورىمەن. ئەمدى بۇ ھەقىقەت خەزىنىسى بولغان نەسىھەتنامە شۈكرانىسى ئۈچۈن بۇ قولۇمغا كەلگەن بارلىق خەزىنىنى ئېھتىياجلىقلارغا سەدىقە قىلىۋېتىمەن، ئۇنىڭ ساۋابى ھۆشەڭ پادىشانىڭ روھىغا تەگسۇن، مەنمۇ ئۇنىڭ ساۋابىنىڭ ئەجرىگە شېرىك بولغايمەن، چۈنكى ياخشى ئىشقا دالالەت قىلغۇچى ساۋاپتا شۇ ياخشى ئىش قىلغۇچى بىلەن باراۋەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياخشى ئىش قىل ياكى ياخشى ئىش قىلىشقا قىل خىتاپ،
ياخشى ئىش قىلغان كىشىدەك سەنمۇ تاپقايسەن ساۋاپ.

شۇنداق قىلىپ، پادىشانىڭ بۇيرۇغى بىلەن مۇلازىملار ئۇ خەزىنىنى خۇددا يولىدا پېقىر ۋە مىسكىنلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ.

خاس بولۇپتۇ كەرەم ① ئۈچۈن دەرەم ②،
كەلدى دەرەم قاپىيەسىگە كەرەم.

بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، دابىشلىم ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ، سەلتەنەت تەختىنى شاھلىق جامالى بىلەن زىننەتلەپتۇ ۋە شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقىچە سەرانديپ تېغىغا بېرىشنىڭ خىيالى بىلەن ئۇخلىماي چىقىپتۇ. "سەرانديپ تېغىغا بارسام، ئارزۇ قىلغان تىلىگىمنىڭ ۋەسلىگە يەتسەم ۋە مەقسىدىم ھاسىل بولسا، يەنى بارلىق ۋەسىيەتلەرنىڭ تەپسىلاتىدىن ۋاقىپ بولسام، ئۇ نەسىھەتلەرنى مەملىكەت ئۈيىگە تۈۋرۈك قىلسام ۋە پادىشالىغىم ئۈچۈن قىبلىنامە قىلسام ئىدى" دەپ ئويلاپتۇ دابىشلىم پادىشا.

ئەتىسى نۇرانە ئاپتاپ خۇددى زامانىنىڭ چوڭ ياقۇتىدەك، سەرانديپ تېغىنىڭ بىر چېتىدىن يۈز كورسىتىپتۇ. ئالماس رەڭلىك ئاسمان لەئىلى نۇرلىرىنى پۈتۈن ئالەمگە چېچىپتۇ.

قۇياش جاھان ئۈستىگە بولدى زەرەپشان،
بولغاچ يۇلتۇز گوھىرىنىڭ نۇرى پىنھان.

دابىشلىم چارە- تەدبىرلىك ۋە مەسلىھەت بېرەلەيدىغان ئەمىر، ۋەزىرلىرىدىن ئون كىشىنى قېشىغا چاقىرتىپتۇ ھەم ئۇلارغا شاھانە ئىلتىپات كورسىتىپ، شاھانە لىباسلار بىلەن تارتۇقلىغاندىن كېيىن ئۆز ھالىنى ۋە كېچىسى ئويلىغانلىرىنى بايان قىپتۇ.

① كەرەم — سېخىلىق. ② دەرەم — پۇل.

— سەراندىپ تىبغا سەپەر قىلىشىنىڭ ھەۋەسى كۆڭلۈمنى بىقارار، ئارزۇسى خاتىرەمنى بىئىختىيار قىلدى. سىلەر بۇ ئىشتا قانداق ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىسىلەر؟ مېنىڭ بېرىشىمنى قانداق ئويلايسىلەر؟ مەن ئۇزۇندىن بېرى ھەر قانداق مۇشكۈل چىگىشلەرنى سىلەرنىڭ تەدبىرىڭلارنىڭ قولى بىلەن يەشكەن ئىدىم. سىلەرنىڭ رايىڭلارغا بېرىپ قىلغان ئىشلىرىمدىن ياخشى نەتىجىلەر چىققان ئىدى. بۈگۈن قانداق مەسلىھەت بېرىشنى خالىساڭلار سۆزلەڭلار. مەنمۇ باشقا تەرەپلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ باقاي. شۇنداق قىلىپ ھەممەيلەن بىرلىكتە بىر تەدبىر ئۈستىدە قارار چىقىرايلى!

— پادىشاھىمىز! — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — بۇ سۆزگە دەرھال جاۋاب بېرىش ياخشى ئەمەس. پادىشا توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىماي سۆزلەش خىجالەتتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ. ئويلىماي قىلىنغان سۆز قاتىلىمىغان بوزغا ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇ خۇسۇستا كۆپرەك ئويلاپ بىر نىمە دېگىنىمىز تۈزۈك. بۈگۈن كېچىچە ياخشى ئويلاپ باقايلى، ئويلىغانلىرىمىزنى ئىمتىھان بوتىسىدا ① ئېرىتىپ سىناپ باقايلى. تەسەۋۋۇرلىرىمىزدىن قايسىسى مۇۋاپىق كۆرۈنسە ئەتە ھوزۇرلىرىغا ئەرز قىلايلى.

دابىشلىم ئۇلارنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئەتىسى بامدات ۋاقتىدا ئەمىر-ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى پادىشانىڭ قېشىغا يىغىلىشىپتۇ ۋە ھەرقايسىسى ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ، ئەقىل قۇلىقىنى پادىشا تەرەپكە سېلىشىپتۇ. سۆزلەشكە رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن، باش ۋەزىر ئەدەپ تىزى بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، دۇئا ۋە سانا ۋەزىپىلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ سۆز باشلاپتۇ:

— ئەي، جاھانگىر پادىشاھىم، ھەق ئەزەلىنىڭ ھۆكمىدىن،
سىزگە بولغاندۇر مۇقەررەر بۇ جاھاننىڭ شاھلىقى.

قۇللىرىنىڭ خاتىرىگە شۇ نەرسە كەلدىكى، بۇ سەپەردە ئازراق پايدا بار، ئەمما ناھايىتى كۆپ مۇشەققەت تارتىپ راھەت-

① بوتا — زەگەرنىڭ ئالتۇن ئېرىتىدىغان قاچىسى.

www.uyghurkitap.com

پاراغەتتىن پۈتۈنلەي قول يۇيماق لازىم بولىدۇ. پادىشاھىمىنىڭ ئاپتاپتەك روشەن ئەقلىدىن مەخپى ئەمەسكى، سەپەر دوزاختىن نەمۇنەدۇر ۋە ئوز ۋەتىنىدىن ئاجرالماق بالالارنىڭ ئەڭ چوڭى-دۇر. ئادەمنىڭ كوز قارىچۇغى ھىچ ۋاقىت ئوز ئويىدىن تاشقىرىغا چىقمىغانلىغى ئۇچۇن، باش ئۇستىدە ئورۇن ئالغان. ئادەمنىڭ كوز ياشلىرى ئوز ئورنىدا تۇرماي، ئېقىپ تۇرغانلىغى ئۇچۇن ئاياق-ئاستىغا چۇشۇپ پايمال بولىدۇ.

سەپەر يولىدا باردۇر كوپ مۇشەققەت،
ۋەتەن ئىچرە لېكىن ئەيشۇ پاراغەت.

ھۇشيار كىشى راھەتنى قويۇپ مۇشەققەتنى كوزلىمەسلىگى كېرەك ۋە نىسپى نەرسىنى دەپ نەختنى قولدىن بەرمەسلىگى كېرەك. خۇد-دى ھېلىقى كەپتەردەك ئوز يۇرتىنىڭ ئىززىتىدىن سەپەرنىڭ غۇ-ربىتىنى ئەلا بىلمەسلىك كېرەك. ئۇ نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتكە دۇچ كەلگەن ئىكەن.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— ئاڭلىشىمچە، ئىككى كەپتەر بىر بىرىگە ھەمسوھبەت ۋە سىرداش ئىكەن، — دەپ سوزلەشكە باشلاپتۇ باش ۋەزىر.

## ئىككى كەپتەرنىڭ ھىكايىسى

ئىككى كەپتەر بىر بىرىگە ھەمسوھبەت ۋە سىرداش بولۇپ بىر ئۇۋىدا ھايات كەچۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ياكى ئەغيار غۇبارىدىن كوڭۇللىرى كىرلەشمىگەن ۋە ياكى زامان مېھنىتىدىن كوڭۇللىرى رەنجىمىگەن بولۇپ، ئازغىنا سۇ ۋە دانىغا قانائەت قىلىپ، خۇد-دى دەرۋىشلەردەك تەۋەككۇلنى ئىبادەت قىلىپ ئوتىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى بازەندە، بىرىنىڭ ئىسمى ناۋازەندە ئىكەن.

ئۇلار ئىككىلىسى تاسۇبھەدىن شامغىچە بىرلىكتە نەغمە-ناۋا قىلىشىپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۈنلىشىپ-سايرىشىپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن.

بىللىلىكتە ماكان تۇتقان جامالنى ئەيلەپ ياد،
يار ئىشقىدا بۇ جاھاننىڭ غېمىدىن بولۇپ ئازات.

بېرىپ-بېرىپ ئىككى يۈزلىمە ھاياتنىڭ بۇ ئىككى غەمگۇزار دوستىنىڭ يېقىنلىقىغا رەشكى كەلگەنمۇ ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئازادە يۈرگىنىگە زاماننىڭ كۆزى تەگكەنمۇ، ئىشقىلىپ، بىر كۈنى بازەندە سەپەرگە چىقىشنى ئارزۇ قىلىپ قاپتۇ.

پەلەك خالى ئەمەس بۇ كەسپى كاردىن،
جۇدا ئەيلەر ھەمىشە يارنى ياردىن.

شۇنىڭ بىلەن بازەندە دوستىغا شۇنداق دەپتۇ: بىز ھەمىشە بۇ يەردە تۇرىۋېرىمىزمۇ؟ ھەمىشە بىر ئۇۋىدىلا ھايات كەچۈرىمىزمۇ؟ مەن ئىككى-ئۈچ كۈن باشقا جايلارنى سەيلى قىلىپ ئاجايىپ نەرسىلەرنى كۆرۈپ، ئىبرەت ئېلىپ، تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن. بۇزرۇكلار "سەپەر دىمەك زەپەر دىمەك" دەپ ئېيتىشقان. ئەگەر شەمشەر غىلاپتىن چىقمايدىغان بولسا، مەرتلەر مەرىكىسىدە يۈزى قىزارمايدۇ. ئەگەر قەلەم سەيرى يولىدا بېشى بىلەن يۈرمەيدىغان بولسا، گۈزەل ئىبارىلەرنىڭ نەقىشلىرى مەۋجۇدىيەت بەتلىرىگە پۈتۈلمىگەن بولاتتى. ئاسمان ھەمىشە سەپەردە يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ھەممىدىن ئېگىز تۇرىدۇ. يەر ماڭماي ھەمىشە بىر ئورنىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن خالايىقلار پۇتى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا تېپىدۇ ئەمەسمۇ؟

قارىغىن ئىبرەت ئېلىپ، ئاسمان بىلەن يەر ھالىغا،
بولدى ئۇ يۈرمەك بىلەن ئېگىز، بۇ تۇرماق بىرلە پەس.

گەر كىشى قىلسا سەپەر تاپقۇسىدۇر تۇرلۇك بىلىم،
ھەم قىلۇر ئىززەت تېپىپ مالۇ ھۈنەرنى زىرۇدەست.
يۇرسە ئىدى ھەر تامان، بىر يەردە تۇرماستىن دەرەخ،
تاپماس ئىدى ھەرىدىن ئازار ۋە پالتىدىن شىكەست.

— ھەي يېقىن دوستۇم! — دەپتۇ ناۋازەندە، — سەن تېخى سەپەر مۇشەققىتىنى تارتىپ باقمىغان، غۇربەتچىلىكنىڭ جاپاسى بەختىگىنى خار قىلمىغان. تېخى سېنىڭ جان قۇلىغىڭغا "غېرىپ بولماق — رەنجى مۇشەققەتكە قالماقتۇر" دىگەن ھېكمەتلىك سوز كىرمىگەن ۋە "يار ۋە دىياردىن ئايرىلماق — ئوزىنى ئوتقا سالماقتۇر" دىگەن سوغۇق شامال كوڭلۇڭ گۇلشىنىنى پەرىشان قىلمىغان. بىلسەڭ ئىدى كاشكى، سەپەر دىگەن پىراقتىن باشقا مىۋە بەرمەيدىغان دەرەخ، غۇربەتچىلىك دىگەن كوز يېشىدىن باشقا يامغۇر ياغدۇرمايدىغان بۇلۇتتۇر.

نامازشام ئارا غېرىپ بىچارە،
يول ئوزرە دىلى غەم بىلەن پارە.

— گەرچە غۇربەتچىلىك جانغا جاپا بولسىمۇ، — دەپتۇ بازەندە ئۇنىڭغا جاۋابەن، — شەھەرلەرنى كورۇش ۋە ئاجايىپلارنى زىيارەت قىلىش كوڭۇلنى ئاچىدۇغۇ؟ كىشىنىڭ سەپەرنى كوڭلى تارتقان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ مۇشەققەتلىرى قىلچە بىلىنمەيدۇ. پۈتۈن ئەس-يادى يوللاردىكى ئاجايىپ-غارايىپلار بىلەن بولسا، يولنىڭ كۇلپىتى كوزگە كورۇنمەيدۇ.

غۇربەتتە جاپا تىكىنى بولسا نى غەم،
مەقسەت گۇلى شۇ تىكەندىن ئۇنەر ھەردەم.

— ھەي ئوبدان دوستۇم، — دەپتۇ ناۋازەندە، — پۈتۈن جاھان-
نىڭ سەيلىسى ۋە باغى ئىرەمنىڭ تاماشاسىمۇ سىرداش دوستلار
بىلەن قىزىيدۇ. كىشى دوستلار دىدارىنىڭ سائادىتىدىن مەھرۇم
بولغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ دەردى ئۇ سەيلە تاماشا بىلەن قانچىلىك
دەرمان تاپالىسۇن ۋە ئۇ تاماشا ئۇنىڭ رەنجىگە قانچى-
لىك شىپا بېرەلىسۇن؟ يارۇ-بۇرادەرلەر پىراقىنىڭ دەردى ۋە
قەدىناسلار ھىجرانىنىڭ رەنجى ھەممە دەرتلەرنىڭ ئېغىرراقى ۋە ھەممە
رەنجى ئەلەمنىڭ قاتتىقراغى ئىكەنلىگىنى مەن ياخشى بىلىمەن.

جەھەننەمدىن نىشاندۇر دوستلار ۋەسلىدىن ئايرىلماق،
غەلەت ئېيتتىم جەھەننەم بىر نىشاندۇر ئۇ جۇدالىقتىن.

ھىلىمۇ خۇداغا شۈكرى، بىزدە نىملا بولسىمۇ بىر ماكان بار. ئو-
زۇق-ئوقەت تېپىلىپ تۇرىدۇ. ھەۋەس ياقىسىنى ھاۋا قولغا تۇت-
قۇزماي، پاراغەت پۈتىنى راھەت ئىتىگىگە يوگەپ ياتساڭچۇ!

كۆتەرمە خەلق ئاراسىدىن بېشىڭنى، ياخشى دىققەت قىل،
بەسى، تەپرىقە تاشىن ئىلكىگە ئالدى ئەنە دەۋران.

— ھەي تىرىكچىلىگىمنىڭ ئۇلپىتى دوستۇم، — دەپتۇ بازەندە، —
ئەمدى ھىجران-پىراق دىگەن گەپلەرنى تولا دەۋەرمىگىنە، ئالەمدە
دوست دىگەن تولا، ھەر كىم بىر دوستىدىن ئايرىلسا غەم قىلمى-
سىمۇ بولىدۇ، يەنە بىرى بىلەن دوست بولىۋۇلۇق. ئەگەر بۇ يەر-
دە سېنىڭ ۋەسلىڭدىن مەھرۇم قالسام، ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە
باشقا يەردە يەنە بىر دوست تېپىۋالىمەن.

تۇرمىغىن بىر يەردە دائىم، تۇتمىغىن بىر يەردە يار،
كەگىردۇر ئالەم يۈزى ھەم ھەر تەرەپتە خەلق بار.

دىگەن سوزنى ئاڭلىمىغانمۇسەن؟ بۇندىن كېيىن سەپەر مۇشەققىتى
دەپتىرىنى ئوقۇماسلىغىڭنى تىلەيمەن. چۈنكى ھەرقانداق تەبىئىتى
خام كىشى ئۈممەت پۈتى بىلەن مۇرات مەيدانىدا يۈگۈرەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولسا، سەپەر جاپاسىنىڭ ئۇتى ئۇ كىشىنى پىشۇرىدۇ. شۇڭا پېشاي دىگەن كىشى كۆپ سەپەر قىلسا بولىدۇ.

— ھەي ئەزىز دوستۇم! ھازىر، كونا دوستنىڭ سوھبىتىدىن ئۈزۈلۈش ھەۋىسى بېشىڭغا چۈشۈپتۇ، يېڭى دوست تېپىش پىكرى كۆڭلۈڭگە كىرىۋاپتۇ، ھەكىمنىڭ:

بىرنى تاشلاپ يەنە بىرنى تۇتمىغىن،
يېڭىنى دەپ كونىنى ئۇنتۇمىغىن.

دىگەن سوزىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان بولدۇڭ. مېنىڭ سوزلىرىم ساڭا قىلچىلىكمۇ ئەسەر قىلمايۋاتىدۇ. ئەمما بىلگىنكى،

مەقسىدىنىڭ تەتۇرىچى بولغۇسىدۇر ئۇ كىشى،
ئاڭلىمىسا ئۇ مۇۋاپىق دوستلىرىنىڭ سوزىنى، —

دەپ سوزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ ناۋازەندە.

شۇنىڭ بىلەن گەپ ئۈزۈلۈپ ئۇلار بىر بىرى بىلەن ۋىدالىشىپتۇ. بازەندە دوستىنىڭ سوھبىتىدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ، ھاۋاغا پەرۋاز قىپتۇ. ئۇ قەپەزدىن ئازات بولغان قۇشتەك پۈتۈن رىغبىتى بىلەن يۇقۇرى ھاۋادا ناھايىتى تېز ئۇچۇپ، ئىگىز تاغلار ۋە جەننەتتىن گۈزەل باغلارنى كورۇپ، ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ئالدىدا بىر تاغ ئۇچراپتۇ. بۇ تاغ ئىگىزلىكتە پەلەك بىلەن تەڭلەشتۇرۇپ لاپ ئۇرىدىكەن، چوڭلۇقتا پۈتۈن يەرنى ئوزىنىڭ ئالدىدىكى بىر پارچە توپراق سانايدىكەن. بۇ تاغنىڭ ئېتىگىدە بىر ئورمانلىق بار بولۇپ، سىياقى ئاسمان گۈلزارىدىنمۇ گۈزەل ۋە شامىلى خوتەن ئېپارىدىنمۇ خۇشپۇراقراق بولغان كوڭۈلنى ئاچقۇچى بىر ئورمانلىق ئىكەن.

ئېچىلغان ئۇنىڭ مىڭ خىل گۈللىرى،
سۇلار ئۇيىقۇدا كوكاتلار ئويغاق.
گۈللىرى ئۇنىڭ گۈزەل رەڭمۇ-رەڭ،
خۇشپۇراقلارغا تولغان ھەممە ياق.

بۇ ياخشى مەنزىل ، بازەندەنىڭ كوڭلىگە يېقىپ قاپتۇ ۋە ئۇ يەرگە چۈشۈپ ئۆتمەكچى بولۇپتۇ - دە، شۇ جايغا چۈشۈپ بىر پەس ئارام ئاپتۇ. تېخى ھاردۇقى چىقىپ يول ئازاۋى كېتىپ بولالمىغان ۋە كوڭلى ئېچىلىپ بولالماي تۇرغان ئىكەن، بىردىنلا بوران سۈپۈرگىسى بولۇت سايىۋىنىنى ھاۋا سەھنىسىگە يېيىپتۇ ۋە يامغۇر غەۋغاسى ۋە چاقماق شولىسى قىيامەت ئالامىتىدىن نىشان بېرىپ، جاھاننى قارايتىپتۇ. بىر تەرەپتىن چاقماق ئوتى لالىلەر كوكسىگە داغ سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن مولدۇر ئوقلىرى نەرگىسلەرنىڭ كوزىگە قادىلىپتۇ.

چاقماق تىغى بىلەن تاغ كوكسى بولدى پارە - پارە،
گۈلدۈرماما غەۋغاسىدا تىترەيتتى يەر ھەر بارە.

بۇ ھالدا بازەندە يېغىن ئوقلىرىدىن پانا بولالىغۇدەك بىرەر جاي تاپالماپتۇ. ھاۋانىڭ سوغۇقلۇغىدىن ئۇنىڭ ئوزىنى دالدىغا ئالغۇدەك ماغدۇرى قالماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئوزىنى شاخلارنىڭ تۈۋىگە يوشۇرۇپ، بىر پەس يوپۇرماقلارنىڭ دالدىسىدا مۈكۈپ تۇرۇپ بېقىپتۇ. لېكىن يامغۇر ۋە مولدۇر بارغانسېرى كۈچىيىپتۇ. چاقماق ۋە گۈلدۈرماما شىددىتى بارغانسېرى ئەۋجىگە كوتىرىلىپتۇ.

قاراڭغۇ كېچە ھەم ئىتتىك يېغىن، گۈلدۈرلىگەن غەۋغا،
پاراغەت ئۇيقۇدا يار، ئەيلىمەس ھالىمغا ھېچ پەرۋا.

شۇنداق قىلىپ، بازەندە مىڭ بىر غەم - غۇسسە بىلەن ئاران تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ ۋە نائىلاجلىقتىن ئۇ توختىماي كەلگەن بالاغا سەۋرى قىلىپتۇ. لېكىن شۇندىلا ئوزىنىڭ ئۇۋىسىنى ۋە ياخشى دوستىنى ياد ئېتىپ، يۈز ھەسرەت ۋە دەرت بىلەن كوڭلى پارە - پارە بولۇپ، جان جىگىرىدىن ئاھ تارتىپتۇ شۇ چاغدا سۈزۈك سۈبھى مەشرىق مەنبەسىدىن كوتىرىلىپتۇ ۋە قاراڭغۇلۇق خېتى ھايات سەھىپىسىدىن يۇيۇلۇپتۇ. ئالەمنى قىزدۇرغۇچى ئاپتاپ نۇرى بىلەن زېمىن ۋە زامان روشەن بولۇپتۇ.

ئۆز ئۆرىدىن ھەر تەرەپكە تارتتى زەر خەنجەر قۇياش،
يەر - زېمىنىنىڭ چارىگىنى① قىلدى روشەن زەر قۇياش.

بازەندە يەنە ھاۋاغا پەرۋاز قىپتۇ. ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ بىر تۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىشكە تەرەددۇت قىپتۇ ۋە يەنە بىر تۈرۈپ ئىككى - ئۈچ كۈن ئۇچۇپ تاماشا قىلسام خۇشاللىقىغا ئۇلشىپ قېلىشىم ئېھتىمال دەپ ئويلاپتۇ. شۇ ئەسنادا، بىر لاچىن بازەندەگە قەست قىپتۇ. بۇ لاچىن شۇنداق لاچىن ئىكەنكى، قانىتى كۈچلۈك، چاڭگىلى ئۆتكۈر بولۇپ، ئەگەر بىرەر شىكار جانىۋارنى كۆرسە ئۇنىڭ بېشىغا خۇددى ئاپتاپنىڭ نۇرى يەرگە چۈشكەندەك ئېتىلىپ كېلىدىغان، ئىگىز ئۇچۇشتا بولسا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئارىلىقتا ئاسمان - پەلەككە ئۆرلەپ بولىدىغان لاچىن ئىكەن.

خۇددى ئوخشايتتى بورانغا كوكتە تېز ئۇچماق بىلەن،
ئېتىلاتتى ئوۋ بېشىغا بەسلىشىپ چاقماق بىلەن.

بىچارە كەپتەرنىڭ لاچىنغا كۆزى چۈشۈشى بىلەنلا يۈرىكى قېپىدىن چىقىپتۇ، قورقۇنچىدىن ھېچ بىر ئەزاسىدا ماغدۇر قالماپتۇ.

كەپتەرگە لاچىن يەتكۈزسە چاڭگال،
قورقۇنچ بىلەن ھەم بولۇر بىماجال.

بازەندە ئۆزىنىڭ بالا بەندىگە باغلاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ۋە ۋاپادار دوستىنىڭ نەسىھىتىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئويلىماي قىلغان خام خىيالىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. ئۇ تۆت ئەتراپىغا قاراپ ئۆز ئۆزىگە ۋەدە بېرىپ: ئەگەر بۇ ھالاكەتتىن سالامەت قۇتۇلسام ۋە بۇ بالادىن ئاسانلىق بىلەن خالاس تاپسام، ھەرگىز سەپەر قىلىش دەيدىغان خىيالنى خاتىرىمگە

① ئەسلى ئەسەردە، رۇبئى مەسكۇن دېيىلگەن. بۇ يەر شارىنىڭ تۆتتىن بىرى دېگەن بولىدۇ. شۇڭا چارەك دەپ ئېلىندى. (ت)

كەلتۈرمەيمەن ۋە ئاشۇ ياخشى دوستۇمنىڭ سوھبىتىنى مەھكەم تۇ-
تۇپ، ھوزۇرىدىن باش كوتەرمەيمەن.

بەخت قولداش بولسا يەتسەم يار ۋەسلىگە شۇئان،
تا تىرىك بولسام قولۇمدىن بەرمىسگەيمەن ھىچقاچان، —

دەپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ياخشى نىيىتىنىڭ بەركىتىدىن ئۇنىڭغا نىجات يولى ئېچىلىپتۇ. ئۇنىڭ تىلىگى ئىجاۋەت بولۇپ، بۇ بالادىن شۇنداق خالاس بوپتىكى، دەل لاچىنىنىڭ پەنجىسى ئۇنى بوغىدىغان ۋاقتىدا، يەنە بىر تەرەپتىن، شىكار قىلغاندا پەلەك ئۇۋىسىدىن يەرگىچە ھەملە قىلىدىغان، ئىشتىھاسى ئېچىلىپ قالغاندا ئاسمان ئورمانلىغىدىكى ھەمەلىنىمۇ يەۋېتىدىغان

ھەمەل قورقۇنچ بىلەن چەرخ ئوتلىغىدا ئوتلىيالمايتتى،
ئاڭا ھامى بولۇپ ھۆكەر كۆزەت قىلغاندىمۇ گەرچە.

ئەجدىھا سۈپەتلىك بىر بۈركۈت ئوزۇق ئىزلەپ چىققان بولۇپ، كەپتەر بىلەن لاچىنىنىڭ ھالىنى كورۇپ قاپتۇ. بۈركۈت ئوزىچە: "بۇ كەپتەرغۇ ماڭا توشلۇقمۇ نەرسىمۇ ئەمەس، ناھايىتى بىر لوقما بولىدىغان ئوزۇق، ئەمما يامان نەپسكە ئازراق بولسىمۇ تەسەللى بەرگىلى بولىدۇ. مۇشۇ نەرسىنى تاشتىلىق قىلىشقا قانائەت قىلىدىغان بولدۇم-دە!" دەپ ئويلاپ، كەپتەرنى لاچىنىنىڭ ئالدىدىن تارتىۋالماقچى بولۇپ ھەملە قىپتۇ. جۈغى كىچىك بولسىمۇ غەيرىتى چوڭ بولغان لاچىن بۈركۈتكە قارشى ئېتىلىپتۇ، ئىككىسى بىر بىرى بىلەن جەڭگى جىدەلگە چۈشۈپتۇ. بازەندە پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، دەرھال ئوزىنى يەردە ياتقان بىر تاشنىڭ دالدىسىغا ئاپتۇ.

ئىككى قۇش بىر بىرىگە چاڭگال ئاچتى،
تېپىپ پۇرسەت بۇ كەپتەر بەدەر قاچتى.

تاشنىڭ قۇشقاچىمۇ سىغمايدىغان بىر تۆشۈگى بار ئىكەن. بىچارە كەپتەر مىڭ مۇشەققەت بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ

كەچ كىرگىچە ئۇنىڭ ئىچىدە يېتىپتۇ. كېچىنىمۇ شۇ توشۇك ئى-چىدە ئازاپ ئىسكەنجىسىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. سەھەردە سۈبھىنىڭ ئاق قاناتلىق كەپتىرى ئاسمان ئوردىسىدا قاناتلىرىنى ئېچىشقا باشلاپتۇ. كېچىنىڭ قارا قاغىسى خۇددى ئەنقادەك ئۆزىنى پىنهانغا يوشۇرۇپتۇ.

قۇياش تاۋۇسى سەھەر چېغىدا،
يورۇش باشلىدى ئاسمان بېغىدا.

بازەندە گەرچە ئاچلىقتىن ئۇچقۇدەك ماجالى بولمىسىمۇ، كۈچىنى قانات قېقىپتۇ ۋە ئوك - سولغا قاراپ، ئالدى - ئارقىسىدىن ھەزەر قى-لىپ كېتىۋېتىپ يەر ئۈستىدە تۇرغان بىر كەپتەرنى كورۇپتۇ. ئۇ-نىڭ ئالدىدا دان تۇرغان ئىكەن "بۇ كەپتەر تىوزاقىقا چۈشۈپ قاپتۇ - دە" دەپ ئويلاپتۇ بازەندە، ئەمما ئۇنىڭ بەدەن مەملىكىتىگە ئاچلىق لەشكىرى غالىپ كەلگەنلىكتىن ھەم يەردە ئوز جىنسىنى كورگەنلىكتىن ئارتۇقچە ئېهتىيات قىلماي، ئىختى-يارسىز ھالىدا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ - دە، يەردە تۇرغان دانغا شۇنداق بويۇن سۇنۇشىغىلا توزاققا ئىلىنىپتۇ.

دان گويا شەيتانكى نەپسىم لەززىتى گوياكى دام،
دان تەقەززاسى سالۇر كوڭلۇم قۇشىنى دام ئارا.

بازەندە ئوزىنىڭ تىوزاقىقا چۈشكەنلىكىنى كورۇپ نالە - پەريات بىلەن ئۇ كەپتەرگە شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بۇرادەر! ئىككىمىز بىر جىنس ئەمەسمۇ؟ مەن سې-نى ئوز جىنسىمكەن دەپ بۇ بالاغا گىرىپتار بولدۇمغۇ؟ نىمە ئۈچۈن مېنى بۇ ھالدىن خەۋەردار قىلىپ قويمايسەن؟ دەپ قوي-غان بولساڭ ھەزەر قىلغان بولار ئىدىم، بۇ توزاققا چۈشمىگەن بولار ئىدىم.

— قوي بۇ سوزۇڭنى، — دەپتۇ ئۇ كەپتەر، — قەدەرگە ھە-زەر قىلىشنىڭ نىمە پايدىسى بولسۇن؟ قازاغا رىزادىن باشقا ئىلاج يوق.

ئېتىلسا گەر قازانىڭ ياسىدىن ئوق،
رىزادىن ئۆزگە ئۇنىڭغا سىپەر يوق.

— مېنى بۇ بالادىن قۇتقۇزۇشقا بىرەر ئىلاجىڭ بارمۇ؟ ئەگەر قۇتقۇزالىساڭ، تا قىيامەتكىچە گەدىنىمگە مىننەت قويالىغان بولاتتىڭ، — دەپتۇ بازەندە.

— ۋاي چىرايلىق! — دەپتۇ ئۇ كەپتەر، — ئەگەر قۇتۇلالىغۇدەك ھىلە بىلسەم ئاۋال ئۆزەمنى قۇتقۇزماتتىم. ئۆزەم نىجاتلىق تاپالماي يۈرگەن بىر بىچارە تۇرسام سېنى قانداق قۇتقۇزاي؟ سېنىڭ بۇ گېپىڭ خۇددى توگىنىڭ بوتىلىغىنىڭ گېپىگە ئوخشاپ قالدى. بىر بوتىلاق ئانىسى بىلەن بىللە ئۇزۇن يول مېڭىپ ھېرىپ كېتىپ ئانىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ: "ھەي نامېھرىۋان ئانا، بىردەم توختىساڭچۇ؟ مەن سەل دەمىمنى ئېلىۋالاي، سەل ھاردۇغۇم چىققاندىن كېيىن يەنە ماڭايلى" دەپتىكەن، ئانىسى: "ھەي قارغۇ، كورمەيۋاتامسەن، بۇ بالانىڭ ئاغامچىسى خەخنىڭ قولىدا تۇرسا، ئەگەر مەندە كىچىككىنە ئىختىيار بولسا ئۆزەمنى يۈك يۈدۈشتىن، سېنى يول يۈرۈشتىن خالاس قىلماتتىم" دىگەن ئىكەن.

بوتىلاق ئانىسغا ئېيتتى شۇدەم:
"ھېرىپ كەتتىم، ئانىجان، توختا بىردەم".
دىدى: "بولسا ئىختىيار ئۆز قولۇمدا،
يۈرەر ئىدىم بوشىنىپ ئۆز يولۇمدا".

بازەندە ئۈمىتىنى ئۈزمەي پۈتۈن كۈچى بىلەن تىپىرلاپ، قانىتى بىلەن قېقىپ، پۇتى بىلەن تېپىپ، زورۇقۇپ بېقىپتۇ. بۇ توزاقنىڭ يىپلىرى بوش ئېشىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونىراپ چىرىپ قالغان ئىكەن. بازەندەنىڭ ئۈمىت رىشتىسى مەھكەم بولغاچقا، توزاقنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپتۇ-دە، بازەندەنىڭ بوينى توزاقنىڭ يىپىدىن خالاس بولۇپتۇ. بازەندە خۇشاللىق بىلەن ئۇچۇپ

ئۇز ۋەتىنىگە قاراپ يول ئاپتۇ. شۇنداق چوڭ بالادىن قۇتۇلغىنىغا شاتلانغان بازەندە ئاچلىق ئازاۋىنىمۇ ئۇنتۇپ، تـوختىماي ئۇچۇپ بىر كەنتكە يېتىپ كەپتۇ ۋە بىر ئېتىزلىقنىڭ بويىدىكى تامنىڭ ئۇستىگە قونۇپتۇ. ئۇ يەردە بىر دىخاننىڭ بالىسى زىرائەتلەرنى بىقىپ ئولتۇرغان ئىكەن. كەپتەرنى كورۇپلا، تۇتۇپ كاۋاپ قىلىپ يېيىش ئارزۇسى بىلەن دىمىغىدىن دۇت چىققان دىخان بالىسى ئاستاغىنا كەمەلەككە بىر تاشنى سىپلىپ كەپتەرنى نىشانغا ئاپتۇ. بازەندە بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئەتراپتىكى زىرائەتلەرگە قاراپ كوڭ-لى ئېچىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. شىددەت بىلەن ئېتىلغان تاش هالى، زەئىپ بازاندەنىڭ قانىتىغا تېگىپتۇ-دە، موللاق ئاتقان پېتى تام تۇۋىدىكى قۇدۇقنىڭ ئىچىگە يىقىلىپ چۇشۇپتۇ. بۇ شۇنداق بىر قۇدۇق ئىكەنكى، كەڭ ۋە چوڭلۇغىدىن پەلەك چاقى ئۇنىڭ چاقىپىلىگى بولغان. ناهايىتى چوڭقۇرلۇغىدىن كۇندۇزنىڭ ئىبقى بىلەن كېچىنىڭ قارىسىدىن ئاربلاشتۇرۇپ ئېيشىلىگەن ئاغامچىمۇ ئۇنىڭغا بوي بەرمەيدىغان بىر قۇدۇق ئىكەن.

چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق ئانداق ئىدىكى،
تۇۋى يەتتىنچى يەر قەرىگە بارغان.
ئۇنىڭ كەڭلىگى شۇنداق چوڭ ئىدىكى،
پەلەك ئەتراپىدا ئايلانسا هارغان.

دىخان بالىسى بېرىپ قارىسا كەپتەر قۇدۇقنىڭ ئاستىغا چۇ-شۇپ كەتكەن ئىكەن. تەدبىر ئاغامچىسى ئۇنىڭ قەرىگە يېتىشكە ئا-جىزلىق قىلىدىغانلىغىنى چۇشەنگەن دىخان بالىسى نائۇمىت بولۇپ كەيـ-نىگە يېنىپ كېتىپتۇ. بازەندە يېرىمجان هالەتتە ئۇ ئازاپ-ئۇقۇبەت زىندانىدا كوڭلى پارە ۋە بەدىنى يارا بولۇپ، بىر كېچە-كۇندۇز يېتىپتۇ ۋە هال تىلى بىلەن ئاجىزلىق سۇپىتىنى هەم زەئىپ بى-

چارىلىك سۈرىتىنى ناۋازەندەنىڭ خىيالىغا ئەرز قىلىپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەمدى بىلدىم ئۆزدىيارىم ياخشى بىر مەنزىل ئىكەن،
كوزگە روشەنلىك ئۈنىڭ توپراغىدىن ھاسىل ئىكەن.
"بىردىن ئايرىلسام يانا بىردوست تاپالايمەن" دىسەم،
نى قىلاي كوڭلۇم خىيالى بارچىسى باتىل ئىكەن.

ئەتىسى بىر ئاز قۇۋۋەت تېپىپ، بار كۈچى بىلەن مىدىرلاپ بىر ئامال قىلىپ ئۆزىنى قۇدۇقنىڭ لېۋىگە ئاپتۇ. ئۇ يەردىن نالە-زار قىلغان پېتى ئۇچۇپ ئاش ۋاقتى بىلەن ئۆز ئۇۋىسىغا يېتىپ كەپتۇ. ناۋازەندە ئۈنىڭ پەريات-پىغانلىرىنى ئاڭلاپ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە:

دوست دىدارىغا مەن ئاچتىم كوزۈم،
شۈكرى ئېيتىپ يۈزىغا سۇرتەي يۈزۈم.

دەپ ئۈنى قۇچاقلاپتۇ. ناۋازەندە ئۈنىڭ ناھايىتى ئورۇقلاپ ۋە ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ:
— نىمە بولدۇڭ دوستۇم؟ نەلەردە يۈردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بېشىمدىن شۇنداق دەرت-ئەلەملەر كەچتىكى،

سورىما دوستۇم ئىچىپ ھىجران زەھرىنى،
كەچۈردۈمەن بېشىمدىن ئىشق دەردىنى،
كەچ كىرىپ بولغاندا خالى بۇ ماكان،
ساڭا ئەيلەي ئەرزى ھالىمنى بايان.

سوزۈمنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، "سەپەردە كوپ تەجرىبىلەر ھا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىل بولىدۇ" دەپ ئاڭلىغان ئىدىم، ــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بازەن-دە، ــ ماڭا شۇنىداق تەجرىبە ھاسىل بولدىكى، ھاياتلا بولسام سەپەرگە چىقمايمەن. زورۇرىيەت بولمىسا ئۆۋامدىن سىرتقا چىقمايمەن، ئۆز ئىختىيارىم بىلەن دوستلارنىڭ دىدار دولىتىنى پىراق غۇربىتىنىڭ مېھنىتىگە تېگىشمەيمەن.

ئۆچرىمىسۇن ھېچ كىشىگە ئايرىلىشنىڭ مېھنىتى،
نېسىپ بولسۇن ئاڭا ھەر دەم يارنى كورمەك دولىتى.

باش ۋەزىر ھىكايىنى تۈگىتىپ مۇنىداق دەپتۇ: بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ھەزرىتى ئالەم پاناھ شاھىمىز تەخت ئىززىتىنى سەپەر غۇربىتىگە ئالماشتۇرۇپ ئۆز دىيارىدىن كەتمىگەي، نەتىجىسى نالە-زار ۋە ياش تۆكۈشتىن ئىبارەت بولغاي، يار ۋە دىيار پىراقىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوبۇل قىلمىغاي.

يارنى ھەم يۇرتۇمنى ئەسلەپ ھەر نەپەس سۇرسەم خىيال،
كوز يېشىم ئەگىنىمنى قىلغاي ھول بولۇپ كوڭلۇم مالال.

ــ ھەي نەسىھەتچى ۋەزىر! ــ دەپتۇ دابشىلىم، ــ گەرچە سەپەر مۇشەققەتى كوپ بولسىمۇ، مەنپەئەتىمۇ ئاز ئەمەس. ئەگەر كىشى غۇربەتچىلىكتە جاپاغا قالسا، ئەدەپلىك ۋە پاكىزە بولۇپ قالىدۇ. غۇربەتچىلىكتە كىشىگە پۈتۈن بىر ئومۇر پايدا يەتكۈزىدىغان تەجرىبىلەر ھاسىل بولىدۇ. سەپەردە كىشىنىڭ چوڭراق راۋاج تېپىشى شۈبھىسىز. خاھى سىرتقى كورۈنۈشىدىن بولسۇن، خاھى ماھىيەتلىك مەنىسى تەرىپىدىن بولسۇن، شاخماتتا، پىيادە ئالتە مەنزىل سەپەر قىلغاندىلا پەرزىن مۇقامىغا يېتىشەلەيدىغانلىقىنى كورمىدىڭمۇ؟ يېڭى چىققان ئاي ئون توت كېچە سەپەر قىلىش ئارقىلىق ھىلاللىق مەر-

تۆۋىسىدىن تولۇن ئايلىق دەرىجىسىگە يېتىشىدۇ ئەمەسمۇ؟ پادىشا
سەپەر قىلمىسا شەھەر ئالالمايدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر كىشى ئۆز ئۆيىدىن
بېشىنى چىقارمىسا، ئۆز يۇرتىدىن تاشقىرى قەدەم قويمىسا،
ئاجايىپ شەھەرلەرنىڭ مەنزىرىلىرىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم
ۋە ئىبادەت قىلغۇچىلار سوھبىتىنىڭ مەنىلىرىدىن بى
بەھرە قالىدۇ. قارچۇغا ئۇۋۇ ئۈستىدە بىر يەردە توختىـ
ماي ئۇچۇپ يۈرگەنلىگى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قونىدىغان جايى پادىشا-
لارنىڭ قولى. ھۇقۇش ئۆز ۋەيرانىسىدىن ۋاز كەچمىگەنلىگى
ئۈچۈن ئۇ ئەسكى تاملىقتا ئورۇن تۇتقان:

سەن ئەگەر لاچىن بولۇپ ھەر يەردە جەۋلان قىلمىساڭ،
ئولتۇرارسەن كونا ۋەيرانلىق ئارا ھۇقۇش بولۇپ.

كاتتا ماشايىخلاردىن بىرى ئۆز مۇرىتلىرىنى تۆۋەندىكى رۇبائىي
بىلەن سەپەرگە دالالەت قىلغان ئىكەن:

ھەر كىمكى سەپەر قىلسا يارام بولۇر،
ئەل ئىشىغا مۇكەممەل ئادەم بولۇر.
ئالەمدە سۇدىن پاك ھېچنەرسە بولماس،
ئاقماي تۇرسا ئۇ مەينەت-ھارام بولۇر.

سانىڭ ئۇۋىسىدا چوڭ بولغان قارچۇغا، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
تۇرىۋەرگەن بولسا، سەپەر قىلىش ھەۋىسىدە پەرۋاز قىلمىغان بول-
سا، پادىشانىڭ تەربىيىتىنى، تېپىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالمىغان
بولاتتى.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر.

— ئاڭلىشىمچە، ئىككى قارچۇغا بار ئىكەن، — دەپ سوزلەشكە
باشلاپتۇ دابشىلىم پادىشا.

## سا بىلەن قارچۇغا بالىسىنىڭ ھېكايىسى

— بىر زامانلاردا ئىككى قارچۇغا بار بولۇپ، بۇلار بىر بىرىگە يېقىنلىقتا، مېھرىۋانلىقتا ۋە جۈپلۈكتە ئۆز زامانىسىنىڭ يەككە-يېگانىسى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى بىر تاغنىڭ چوققىسىدا بولۇپ، ئاسمان بۈركۈتى ئۇچۇش كۈچى بىلەن ئۇلارنىڭ ماكانىغا يېتىپ بارالمايدىكەن.

تاغ ئەمەس ئۇ، ئۈستىدە تۇرغان،
ئاسمان ئۈستىدە يەنە بىر ئاسمان.

ئۇلار ئۆز ئۇۋىسىدا خاتىرجەم ۋە خوشال-خۇراملىق بىلەن بىر بىرىنىڭ دىدارىدىن كۆڭلى شات بولۇپ ياشايدىكەن.

تاپتىڭ ئەي بۇلبۇل چىمەن سەھنىدە گۈل بىرلە ۋىسال،
بىل غەنىمەت بۇ ھاياتنى خەندە ئەيلەپ بول خوشال.

بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ھەق تائالا ئۇلارغا پەرزەنت ئاتا قىپتۇ. ئۇلار پەرزەنتلىرىگە چەكسىز ئامراق بولغانلىقىدىن باللىرىغا ئوزۇق تېپىش ئۈچۈن ئىككىسى بىللە بارىدىكەن ۋە ھەر تەرەپتىن باللىرىغا غىزا تېپىپ كېلىدىكەن، كەلتۈرگەن غىزاسى بىر ئاز ۋاقىت يېتىدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار بالىسىنى يالغۇز قويۇپ، شىكار قىلىش ئۈچۈن كېتىپتۇ. لېكىن ئۇۋلىغۇدەك بىر نەرسە ئۇچرىماي كېچىكىپ قاپتۇ. قارچۇغا بالىسىنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئىشتىھا جازىبەسى ھەر تەرەپكە تەلمۈرۈپ ۋە ئىنتىلىپ، ئۇۋىسىنىڭ لېۋىگە بېرىپ قاپتۇ-دە، ئۇ يەردىن يىقىلىپ تاغنىڭ تۈۋىگە چۈشۈپ كېتىپ بارسا، تاسادىپەن ھالدا باللىرىغا ئوزۇق ئىزلەپ چىقىپ

تاغنىڭ قاپتىلىدا ئولتۇرغان بىر سا ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە "ئۇ تۆۋەنگە دومىلاپ كەتكەن پاكى بولمىسا، باشقا بىر سانىڭ چاڭگىلىدىن چىقىپ كەتكەن چاشقان ئوخشايدۇ، ئەمدى يىگۈدەك بىر نەرسە تېپىپتىمەن" دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ ۋە ئۇنى چاڭگاللاپ تۇتۇپ، ئۆز ئۇۋىسىغا ئەكىلىپ تۈزۈكرەك قاراپ، تومشۇغى ۋە ئايىغىنىڭ نىشانىسىدىن ئۇنىڭ شىكار قۇشلىرىنىڭ جىنسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن سانىڭ كۆڭلىگە مېھىر پەيدا بولۇپتۇ. "مۇشۇ ئىشتىن ئاللائاتالانىڭ قۇدرىتىنى بىلگىلى بولىدۇكى، — دەپ ئويلاپتۇ سا، — مېنى ئۇنىڭ هايات قېلىشىغا سەۋەپچى قىلدى، ئەگەر مەن دەل شۇ پەيتتە هازىر بولمىغان بولسام، بۇ جانۋار تاغ بېشىدىن يەرگە چۈشسە، تاشلار ئۇنىڭ ئەزالىرىنى پارە-پارە قىلغان، ئۇستىخانلىرى توپا بولۇپ شامالغا سورۇلغان بولاتتى. خۇدانىڭ تەقدىرى مېنى ئۇنىڭ هايات قېلىشىغا ۋاستە قىلغان ئىكەن. دېمەك، مەنمۇ ئۇنى بالا قىلىۋېلىپ، پەرزەنتلىرىم قاتارىدا بىللە تەربىيەت قىلىشىم لازىم بولىدۇ". بۇ خىيال بىلەن سا ئۇنىڭغا مېھىر-شەپقەت قىلىپ، ئۇنى تەربىيەت قىلىشقا مەشغۇل بولۇپتۇ ۋە ئۆز باللىرىغا قانداق قارىغان بولسا تاكى چوڭ بولغىچە ئۇنىڭغىمۇ خۇددى شۇنداق پەرۋىش قىلىپتۇ. قارچۇغا بالىسى چوڭ بولۇپتۇ. "هەر مەخلۇق ئۆز خۇيىنى قىلىدۇ" دېگەندەك، قارچۇغا بالىسىمۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئادىتى بويىچە چىقىراشقا ۋە هەركەتلىنىشكە باشلاپتۇ. قارچۇغا بالىسى ئۆزىنى "سانىڭ بالىسىمەن" دەپ هىساپلايدىكەن. لېكىن ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشى، سالاپىتى ۋە هىممىتى، سانىڭ باشقا باللىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى سېزىپ ئەجەپلىنىدىكەن، ئۇزۇن ۋاقىتقىچە هەيران بولغان قارچۇغا بالىسى ئاخىرى "مەن بۇلاردىن بولىدىغان بولسام، نىمە ئۈچۈن كۆرۈنۈشۈم ۋە مىجەز-خۇلقۇم بۇلارغا ئوخشىمايدۇ؟ بۇلاردىن بولمايدىغان بولسام نىمە ئۈچۈن بۇلار بىلەن بىر ئۇۋىدا ياشايمەن؟" دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئاراغا بولۇپ قالدىم قايدىن داخىل،
بولماس كوڭلۇم بۇ ماكانغا زادى قايىل.
ياخشى ئىدى بۇ شۇبھىدىن بىر قۇتۇلۇپ،
بولسام ئاخىر پادىشالىق تەختكە ۋاسىل.

— يۇرىگىمنىڭ پارىسى بالام، — دەپ بىر كۈنى سا قارچۇغىدىن سوراپتۇ، — ناھايىتى مالال كۆرۈنىسەنغۇ؟ بۇنداق مالال بولۇپ قېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نىمە؟ كوڭلۇڭدە بىرەر ئارزۇيۇڭ بولسىدىغان بولسا ماڭا دېگىن. مەن ئۇنى پەيدا قىلىشنىڭ پېيىدا بولاي، قانداق مۇرات-مەقسىدىڭ بولسا ئىزھار قىلغىن، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئامالىنى قىلاي.

— مەنمۇ ئۆزەمدە مالاللىقنىڭ ئەسىرىنى كورۇۋاتىمەن، — دەپتۇ قارچۇغا بالىسى، — لېكىن سەۋەبىنى ئوزەممۇ بىلمەيمەن، بىلسەممۇ ئېيتالمايمەن.

بۇ ئەجەپ گۈلنى كورۇڭ، مەندە ئېچىلدى بۇ زامان،
نەقىلارمەن رەڭگىنى ئىزھار ۋە بۇيىنى نىھان.

مېنىڭ مەسلىھىتىم شۇكى، ماڭا رۇخسەت بەرگىن، ئىككى-ئۈچ كۈن ھەركىتىم بەركىتىدىن غەمنىڭ غۇبارى كوڭلۇم سەھىپىسىدىن ئېرىسە ئەجەپ ئەمەس. كوڭلۇم ئالەمنىڭ ئاجايىپ-غارايىپلىرىغا مەشغۇل بولسا تەلەتىمنىڭ ئەينىگىدە خوشاللىقنىڭ سۈرىتى كورۇنۇشى ئېھتىمال.

سا ئۇنىڭ "كېتىمەن" دېگىنىنى ئاڭلاپ، مىڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپتۇ-دە، پەريات بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، بالام! سەن پىراقتىن تولا سوزلەپ بۇنچە كويدۇرمە مېنى،
ھەرنە قىلساڭ مەيلى، لېكىن ھېچقاچان قىلما ئۇنى

سەن شۇنداق ئەندىشىلىك خىياللارنىمۇ ئويلىمىدىڭمۇ بالام، سەپەر دېگەن سوزنى ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما. سەپەر دېگەن بىر ئادەمخور دەريا ياكى بىر قانخور ئەجدىھا!

بۇ جاھاننىڭ سەقەرىدۇر ھەر بىر سەپەر،
چۈنكى سەپەر سورىتىدە كەلدى سەقەر ①.

خالايىقلار تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ياكى بىرەر ئوزۇق-ئوقەت تېپىش ئۈچۈن، ياكى بولمىسا ئۆز يۇرتىدا ياشاش قىيىن بولغانلىقىدىن سەپەرنى ئىختىيار قىلىدۇ. ساڭا بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھېچقايسىسى سەۋەپ بولالمايدۇ. خۇداغا شۈكرى كۈن كەچۈرگۈدەك ئوزۇق-ئوقەت كەم ئەمەس، راھەت-پاراغەت بىلەن ياشىغۇدەك ماكانىمىز بار. مەنمۇ باللىرىمدىن سېنى ئارتۇق بىلىمەن، باللىرىمۇ ھەممىسى سېنىڭ چوڭلۇغۇڭغا بويۇن سۇنۇشىدۇ. بۇنچە راھەتتىن كېچىپ سەپەر مۇشەققىتىنى ئىختىيار قىلىشىڭ ئەقىلدىن يىراق ئەمەسمۇ؟ "ياخشى كۈندىن ۋاز كېچىش ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس" دېگەن گەپ بارغۇ؟

— ماڭا شەپقەت ۋە مېھرىۋانلىق يۈزىسىدىن بۇنداق چىرايلىق گەپ قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن، — دەپتۇ قارچۇغا بالىسى، — ئەمما ھەرقانچە ئويلاپ باقساممۇ، بۇ ماكان ۋە بۇنداق تائام مېنىڭ ھالىمغا لايىق ئەمەسكەن. مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنداق ئوي-پىكىرلەر تۇغۇلدىكى ئۇنى ئىزھار قىلىشقا سۆز تاپالمايمەن.

سا "ھەرقانداق شەيئى ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ" دېگەن سۆزنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ-دە، قارچۇغا بالىسىنىڭمۇ قارچۇغىلىق مىجەزى قوزغالغانلىقىنى چۈشىنىپ ئۇنى توساشتىن توختاپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ.

— ھەي بالام! مېنىڭ ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسى قانائەت قىلىش توغرىسىدىكى گەپلەر ئىدى. سەن بولساڭ پەقەتلا ھېرىس توغرىسىدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن. ھېرىس مەھرۇملۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قانائەت قىلمىغان ئادەم راھەت كۆرەلمەيدۇ. سەن قانائەت نېمىتىگە شۈكرى قىلالمايۋاتىسەن، ھەم پاراغەت

① سەقەر-دوزاخنىڭ بىر بولۇمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۆلىتىنىڭ قەدرىنى بىلمەيۋاتىسەن، ھەم ھېرىس قىلغان مۇشۇككە كەلگەندەك بالا - قازا ساڭىمۇ كەلمىگىدى دەپ قورقىمەن.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ قارچۇغا بالىسى.

— قەدىم زاماندا بىر كەمپىر بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ سا.

## ھېرىس مۇشۇكنىڭ ھېكايىسى

قەدىم زاماندا بىر كەمپىر بولۇپ، ھالى ناھايىتى خاراپ ئىكەن. ئۇنىڭ جاھىللارنىڭ كۆڭلىدىنمۇ تار ۋە بېخىللارنىڭ گو-رىدىنمۇ قاراڭغۇ بىرلا كۇلبىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر مۇشۇگى بار بولۇپ، ھەرگىز نان يۈزىنى خىيال ئەينىكىدە كورۇپ باقمىغان ۋە ئۆمرىدە ئاش دىگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغان مۇ-شۇك ئىكەن. ئۇ مۇشۇك پەقەت تۇشۇكتىن چاشقان پۇرىغىنى پۇراش ۋە تۇپراق تەختىسىدە چاشقان ئىزىنى كورۇش بىلەنلا قانائەتلىنىدى-كەن. ئەگەر بەختى - سائادىتى يار بولۇپ بىرەر چاشقان ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، خۇددى بىر گاداي زەر خەزىنىسى تاپقاندەك خوشال بولۇپ، كۆڭلى يايراپ، رۇخسارى خۇددى چىراقتەك نۇرلىنىپ، شاتلىق شارابى ئىچكەندەك بولۇپ، چەككەن غەملىرى-نىڭ تەشنالىقى قانىدىكەن ۋە تاكى بىر ھەپتىگىچە شۇ غىزا بىلەن ئۆمۈر كەچۈرىدىكەن.

> نەچچە كۈندىن ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن ئىدىم ئاچ بىماجال،
> ئەمدى يارەب بۇ پاراغەت چۈشمىدۇر ياكى خىيال.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ كەمپىرنىڭ ئۆيىدىكى قەھەتچىلىكتە يا-شايدىغان بۇ مۇشۇك ناھايىتى ئورۇق ۋە ئاجىز بولغاچقا، يىراقتىن بىر كىم قارىسا بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىغىدا كورۈنىدىكەن. بىر كۈنى

ئۇ مۈشۈك ئاچلىقتىن ناھايىتى بىتاقەت بولۇ
بىلەن ئۆگزىگە چىقىپتۇ. قارىسا خوشنىسىنىڭ
شۈك مېڭىپ كېلىۋاتقان ئىكەن. ئۇ مۈشۈك نـ
سىمىزلىكتىن ئاستا ماڭىدىكەن ۋە شىرغا ئوخشـ
ناپ دەسسەپ كېلىۋاتىدىكەن. كەمپىرنىڭ مۈشۈ[illegible] جىنسىدىـ
كىلەردىن ئۇنداق پاكىزە ۋە كۆچلۈك مۈشۈكنى كورۇپ ھەيران
بولۇپ، پەريات چېكىپتۇ ۋە:

— قەيەردىن كېلىۋاتىسەن بۇرادەر، بۇنداق لاتاپەت بىلەن مې-
ڭىشىڭغا قارىغاندا چىن پادىشاسىنىڭ زىياپەتخانىسىدىن كېلىۋاتاما-
سەن نىمە؟ بۇنداق پاكىزە چىرايلىق يۇرۇشۇڭ ۋە بۇنداق شانۇ-
شەۋكىتىڭنىڭ سەۋەبى نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن پادىشانىڭ نېنىنى يەيدىغىنى، ھەر كۈنى ئۇنىڭ
ئوينىڭ ئىشىگىدە ھازىر بولىمەن-دە، نازۇ-نېمەت زىياپەتلىرىنىڭ
داستىخىنىنى يايغان چاغدا، جۈرئەت بىلەن بېرىپ سىمىز گوش
ۋە پارچە نانلاردىن ئېلىپ قاچىمەن. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر
كۈن كەچكىچە راھەت بىلەن كۈن كەچۈرىمەن، — دەپ جاۋاپ
بېرىپتۇ خوشنىسىنىڭ مۈشۈگى.

— سىمىز گوش دىگەن قانداق نەرسە؟ پارچە نان قانداق
بولىدۇ؟ مەن ئۆمرۈمدە كەمپىرنىڭ يۇندىسى ۋە چاشقان گۆشىدىن
باشقا نەرسىنى كورگىنىم يوق، — دەپتۇ كەمپىرنىڭ مۈشۈگى.

— شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئومۇچۇكتەك ئورۇقلاپ كېتىپتىكەنسەن-دە! —
دەپ كۈلۈپتۇ خوشنىسىنىڭ مۈشۈگى، — مۈشۈ تەلەتىڭ بىلەن تالاغا
چىقىدىغان بولساڭ، ھەممە مۈشۈكلەر سەندىن نومۇس قىلىشىدۇ.

مۈشۈكلۈكتىن نىشانە، ئۇستىباشۇ قۇيرۇغۇڭ قاپتۇ،
ئۇنىڭدىن باشقا ئەزايىڭ مىسالى ئومۇچۇك بوپتۇ.

مەن پادىشانىڭ بارگاھىنى كورسەڭ ۋە شۇنداق لەززەتلىك ھەم

ئىسىل غىزالارنى پۇراپ باقساڭ، خۇددى كونا ئۆلۈك تىرىلگەندەك بولۇپ، قوۋۇرغىلىرىڭغا گوش قونۇپ، يېڭىدىن ھاياتقا ئېرىشەلىشىڭ مۇمكىن.

ئەگەر مەھبۇپ بويى يەتسە نىگارى قەۋرىگە ناگاھ،
ئەجەپ بولماس تىرىلسە ھەر بۇزۇلغان ئۇستىخان قايتا.

كەمپىرنىڭ مۈشۈكى يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:
— ھەي بۇرادەر! مېنىڭ سەندە خوشنىدارچىلىق ھەققىم بار، ئۇندىن تاشقىرى، ئىككىمىز بىر جىنىستىن، شۇڭا مۇرۇۋۋەت قىلىپ، بۇ قېتىم بېرىشىڭدا مېنىمۇ ئالغاچ بارساڭ، سېنىڭ شاراپىتىڭ بىلەن ئاشۇ چوڭ سورۇنغا بېرىپ، سوھبەتنىڭ بەركىتىدىن كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالسا نىمە بولىدۇ؟

ئەرەنلەر ئىتىگىدىن ئالمىغىن قول،
ئۇلارنىڭ سوھبىتىدە دائىما بول.

خوشنىسىنىڭ مۈشۈكى ئۇنىڭ بۇ نالە-زارىنى ئاڭلاپ، مېھرى ئوتىدىن كۆڭلى ئېرىپتۇ، شۇڭا "بۇ قېتىم بېرىشىمدا چوقۇم سېنى ئېلىپ بارىمەن" دەپ ۋەدە قىلىپتۇ. كەمپىرنىڭ مۈشۈكى ئۇنىڭ ۋەدىسىدىن كۆڭلى ئېچىلىپ، ئوگزىدىن چۈشۈپ، خوشنا مۈشۈكنىڭ دېگەنلىرىنى كەمپىرگە بايان قىلغان ئىكەن، كەمپىر نەسىھەت قىلىشقا باشلاپتۇ:
— ھەي مېھرىۋان دوستۇم، دۇنيا ئەھلىنىڭ سۆزىگە ئالدانمىغىن، قانائەت ئۆيىدىن ۋاز كەچمىگىن، ھېرىس قاچىسى گۆر توپىسىدىن باشقا نەرسە بىلەن تولمايدۇ. ئاما ۋە تىلەك كۆزىنى پانا يىڭنىسى ۋە ئەجەل يىپىدىن باشقا نەرسە بىلەن تىككىلى بولمايدۇ.

ھەر بىر ئەرنى قانائەت قىلغۇسى باي،
ھېرىس قىلسا ئەگەر باي، ھالىغا ۋاي.

كىشىدە بولمىسا ئىمان ۋە تائەت،
خۇدا بەرگەنگە قىلماس ھېچ قانائەت.

ئەمما مىسكىن مۈشۈكنىڭ بېشىغا پادىشانىڭ نازۇ-نېمەتلىرىنىڭ سەۋداسى چۈشكەچكە، نەسىھەت دورىسى ئۇنىڭغا پايدا بەرمەپتۇ.

ئەيلىمەس ئىشق ئەھلىگە پەندۇنەسىھەت قىلچە كار،
خۇددى ئالغاندەك قەپەزگە يەل ۋە غەلۋىر ئىچرە سۇ.

شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى كەمپىر مۈشۈكى خۇشنا مۈشۈكنىڭ ياردىمى بىلەن يېقىلىپ قوپۇپ يۈرۈپ، ئۆزىنى پادىشانىڭ دەرگاھىغا ئاران يەتكۈزۈپتۇ. لېكىن بۇ بىچارە ئۇ يەرگە بارغىچە "ھېرىس بولساڭ مەھرۇم قالىسەن" نىڭ ئەجدىھاسى ئۇنى يۇتۇش ئۈچۈن ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان ئىكەن ۋە زەئىپ تەلىيى مەھرۇملۇق سۈيىنى ئۇنىڭ خام تاماسىنىڭ ئوتىغا چېچىپ بولغان ئىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۆتكەن كۈنى بىر توپ مۈشۈكلەر مېھمانخانا ئەتراپىغا يىغىلىۋېلىپ، گۆش ۋە نان قەستىدە بىر-بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ غەلۋە چىقارغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ۋاقىراشلىرىدىن مېھمان ۋە ساھىپخانىلار ھەممىسى مالال ۋە بىئارام بولغان ئىكەن. شۇ سەۋەپتىن پادىشا مەرگەنلەرگە، ئوق ۋە يانى تەييارلاپ بىر بۇلۇڭدا موكۇپ ئولتۇرۇپ، قايسى مۈشۈك بىھايالىق قالقىنىنى يۈزىگە تۇتۇپ جۈرئەت مەيدانىغا كىرىپ، لوقمىغا قول ئۇزاتسا ئۇنىڭغا ئوق يەدۈرۈشنى بۇيرۇغان ئىكەن. كەمپىرنىڭ مۈشۈكى بۇ ئىشتىن بىخەۋەر، تائام پۇرىقىنى پۇراپتۇ-يۇ، گۆش بىلەن نان ئالماقنىڭ قەستىدە داستىخانغا خۇددى لاچىندەك ئۆزىنى ئېتىپتۇ. تېخى ئىشتىھا تارازىسىنىڭ تەخسىلىرىگە لوقما تارتىلماي تۇرۇپ، يۈرەكىنى يارغۇچى ئوق ئۇنىڭ كۆكسىگە كېلىپ تېگىپتۇ.

يىقىلدى يۇ بەدەندىن ئاقتى قانى،
كېلىپ ھەلقۇمغا شۇدەم چىقتى جانى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىمىشقا قاچتى ئۇ كەمپىر ئۆيىدىن،
مانا ئايرىلدى ئاخىر ئۆز جېنىدىن.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۇمكى، سەنمۇ مېنىڭ ئۇۋامنى غەنىمەت بىلىشىڭ كېرەك. ھەرقانداق ئوزۇق ساڭا مۇشەققەتسىز كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قەدرىنى بىلىپ، ئاز بولسىمۇ قانائەت قىلىپ، بۇنىڭدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلماسلىقىڭ كېرەك. ئۇنىڭغىمۇ يېتەلمەي، بۇنىڭدىنمۇ قۇرۇق قالمىغىن يەنە!

قارچۇغا سادىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شۇنداق دەپتۇ:

— ماڭا قىلغان نەسىھەتلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست گەپلەر، لېكىن ئازغىنا نەرسىگە گول بولۇپ ئولتۇرۇش قېرى خوتۇنلارنىڭ ئىشى، پەقەت يېمەك-ئىچمەككىلا قانائەت قىلىش ئەقىلسىز ھايۋانلارنىڭ ئادىتى، ئەگەر كىشى ئۇلۇغلۇق تەختىدە ئولتۇراي دېسە، چوڭ ئىشلارغا ئۆزىنى تەييار قىلىشى كېرەك. ئەگەر يولباشچىلىق تاجىنى بېشىغا كەيمەكنى خالىسا ھىممەت كەمىرىنى بېلىگە باغلىشى كېرەك. يۇقىرى ھىممەت پەس خۇلۇق ۋە خەسىس ئىشلارغا رازىلىق بەرمەيدۇ ۋە ئالىي تەبىئەت پەسلىك ماكانىنى تۇتماقنى كۆڭلى كۆتەرمەيدۇ.

گەر كىشى ھىممەت بىلەن قويماس قەدەم،
يۇقىرى چىقماق ئاڭا بولماس بەھەم.
بول ئىگىز تا كۆرگۈدەك ئاينىڭ يۈزىن،
ئىستىمە قۇدۇق تېگىدىن غەم سۈيىن.

— سېنىڭ كاللاڭغا كىرىۋالغان قۇرۇق خىيال ۋە قۇرۇق ئارزۇ بىلەن ھېچنەرسە ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. بۇ ھەۋىسىڭنىڭ قازىنى تەمەننا بىلەنلا قاينىمايدۇ ۋە لازىمەتلىكلىرى تەييار بولمىسا ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ. چۈنكى مۇقەددىمىسى بولمىغان ھېچقانداق نەتىجە

بولمايدۇ، ــ دەپتۇ سا.

يېتەلمەسسەن ئۇلۇغلۇقنىڭ ماقامىغا،
تەييارلىماي ئۇلۇغلۇقنىڭ ئەسۋابىنى.

ــ قۇۋۋەتلىك چاڭگىلىم ئۇلۇغ دولەت پەيدا قىلىشىمغا ياخشى مەدەتكار بولالايدۇ، ــ دەپتۇ قارچۇغا، ــ ھەيۋەتلىك تۇمشۇغۇم يۇقۇرى مەرتىۋىگە ئېرىشىشىمگە ياخشى ۋاستە بولالايدۇ. شەمشەرۋاز باتۇرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ئۇمۇ ھەممەت بىلىگىنىڭ زوردىن شاھلىق ئارزۇسىنى قىلدى، ئاخىرى نازۇ-نېمەت لىباسلىرى ۋە سەلتەنەت بېزەكلىرى بىلەن زىننەتلەندى.
ــ ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ سا.
ــ بۇرۇنقى زاماندا بىر كاسىپ بار ئىكەن، ــ دەپ سوزلەشكە باشلاپتۇ قارچۇغا.

## شەمشەرۋاز باتۇرنىڭ ھېكايىسى

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى نامرات بىر كاسىپ بار ئىكەن. ئۇ بالا-چاقىلىرىنى بېقىش ئۇچۇن بەكمۇ قىينالغانلىقىدىن دەۋر ۋاراقلىرىدىن ھەرگىز شاتلىق خېتىنى ئوقۇيالمايدىكەن. ھۇنىرىنىڭ تاپاۋىتىدىن بالا-چاقىلىرىنىڭ خەرجىگە تۇشلۇقتىن ئارتۇق پايدا ئالالمايدىكەن. كۇنلەرنىڭ بىرىدە خۇدا ئۇنىڭغا دولەتمەن بولىدىغانلىقى پېشانىسىدىن بىلىنىپ تۇرغان، ھەشەمەت ئالامىتى چېھەرىسىدىن جىلۋىلىنىپ تۇرغان بىر ئوغۇل ئاتا قىپتۇ.

ئۇ ئىدى خۇش چىراي مۇبارەك تەلەت،
بىائادەت بېغىدىكى زىبا كوچەت.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ قەدىمىنىڭ بەركىتىدىن ئاتىسىنىڭ ھالى روناق تېپىپ، كەسپى كارى راۋاجلىنىپ، تاپاۋىتى خىراجىتىدىن ئېشىپ قالغۇدەك ھالغا يېتىپتۇ. ئاتىسى "ئۇنىڭ ئايىغى ياراشتى" دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە تەربىيەت قىلىشقا كىرىشىپتۇ. لېكىن ئوغۇل تىلى چىققاندىن باشلاپ سوز قىلسىلا ئوق ۋە يادىن سوزلەيدىكەن، قالقان ھەم شەمشەر ئوينايدىكەن. ئۇنى قانچە قېتىم مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەن بولسىمۇ، مەكتەپتىن قېچىپ ئۇرۇش-تالاش بولىدىغان مەيدان تەرەپكە بارىدىكەن. ئەگەر خەت تەلىم بەرسە "ا" نى نەيزە، "ر" نى قىلىچ، "م" نى گۇرزىغا ئوخشىتىدىكەن. ھەرقاچان قىلىچۋازلىق مەشقىدىن جاھانگىرلىك ھەرپىنى ئوقۇيدىكەن ۋە دائىم "سەپەر" دىگەن خەت يېزىلسا "مەملىكەتنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قىلىنىدىغان يۈرۈش" دەپ مۇتالىئە قىلىدىكەن.

قىلاتتى "ح" نى كورسە سەپەر گۇمان،
"ئېلىپ" نى بىلىپ ئوق "يا" نى كامان.

ئۇ شۇنداق قىلىپ گودەكلىكتىن ئۇسۇپ بالاغەتكە يېتىپتۇ. بىر كۈنى ئاتىسى ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم، مېنىڭ ھەممە ھىممىتىم سەن ئۈچۈن، ياشلىق دەۋرى گودەكلىك ۋاقتىغا ئوخشىمايدۇ. سېنىڭ ئەھۋالىڭ بەتلىرىدىن شوخلۇق ۋە ھەۋەسىنىڭ ئەسىرىنى روشەن كورۇۋاتىمەن. شۇڭا ئەندىشىلىك نەپسى سېنى شەھۋەت مەلىسىگە تاشلاشتىن بۇرۇن، ساڭا خوتۇن ئېلىپ بەرسەم دەيمەن. ھالىمىزغا چۈشلۇق توي جابدۇغىمۇ تەييارلاپ قويدۇم. ئەمدى بىزگە مۇناسىپ كەلگۈدەك بىر قىز تېپىلسا، نىكاھىڭغا ئېلىپ بېرىمەن. بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟

— ئەي بۇزرۇكۋار ئاتا، — دەپتۇ ئوغۇل، — ئۆزەم خالايـ

دىغان خوتۇنۇنىڭ جابدۇغى ۋە ھەققى مېھرىنى ئۇزەم تەييار
قىلىپ بولدۇم. بۇ توغرىدا سىلەرگە ھېچ ئېغىرلىق سالمايمەن
ھەم سىلەردىن ماڭا ھېچقانداق مەدەت ۋە ياردەم كېرەك ئەمەس.
— ھەي ئوغلۇم، — دەپتۇ ئاتىسى، — مەن سېنىڭ ھالىڭنى
ياخشى بىلىمەن، سەندە ئۆزلۈگىڭدىن تەييار قىلغىلى پۇل ۋە
مال يوق ئىدىغۇ؟ توي جابدۇغى راسلىدىم دەيسەن، ئۇنى نە-
دىن تاپتىڭ ۋە كىملىككە كىمنى كۆزلىدىڭ؟

ئوغلى بۇنى ئاڭلاپ ئۆيىگە كىرىپ، گۈزەللەرنىڭ كۆز تە-
كىشىدىن يۈز ھەسسە قانخورراق ۋە ياقۇت لەۋلىكلەرنىڭ چىشلىرىدىن
مىڭ دەرىجە يالتىراق بىر شەمشەرنى ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— مەن ھاكىمىيەت كىلىنىنى قولۇمغا كەلتۈرىمەن ۋە سەلتە-
نەت قىزىنى نىكاھىمغا ئالىمەن. ئۇنىڭ تويلۇغى ۋە ھەققى مېھ-
رى ئۈچۈن مانا شۇ ئۆتكۈر شەمشەردىن ياخشىراق نەرسە يوق.

بەختۇ دولەتنى ئەسلا خوشلىماس كىشى يوقتۇر،
ھاكىمىيەت كىلىنىنىڭ مېھرى تىغ بىلەن ئوقتۇر.

چۈنكى ئۇ باھادىرنىڭ ھىممىتى پادىشالىقنى قولغا ئېلىشتا
ئىكەن. نەتىجىدە پات پۇرسەتتە تىغ زەربى بىلەن پۈتۈن يۇرت-
نى تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈپتۇ ۋە ھىممىتى ئۈستۈن بولغانلىغىدىن
سەلتەنەت دەرىجىسىگە يېتىشىپتۇ.

ئالالمىغاي كىشى ھېچ ۋاقىت پادىشالىق قىزىنى،
قىلمىسا مېھرى ھەققى ئاڭا شەمشەر گوھەرىنى.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ئاللاتاالا ئۆزى ئىنا-
يىتى بىلەن دولەتكە ئېرىشكۈدەك كۈچ-قۇۋۋەتنى ماڭا بېرىپتۇ؛
تەۋپىق يار بولۇپ سائادەتمەنلىك ئىشىگى مېنىڭ يۈزۈمگە ئېچى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىپتۇ. ئۇمىتۋارمەنكى، پات پۇرسەتتە تىلىگەن ئارزۇيۇمغا يېتىپ، مۇرات قولىنى مەقسەت بويىنىنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزىمەن. ئەمدى، مەن باشقىلارنىڭ ئەپسانە سوزلىرى ۋە ئەپسۇنلىرى بىلەن بۇ ئىشىمنى تاشلىمايمەن ۋە ئۆزەمنى بۇ خىيالدىن باشقا پىكىرگە باشلىمايمەن. باشقىلارنىڭ مالامەت قىلىشى بىلەن بۇ خىيال كاللامدىن كەتمەيدۇ.

سا ئۇنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ: بۇ ئالى ھىممەت قۇشىنىڭ ھىلە رىشتىسى بىلەن تۇزاقتا ئىلىنمايدىغانلىغىنى، مىكرى ۋە ئالدام بىلەن قولغا چۈشمەيدىغانلىغىنى چۈشىنىپ، نائىلاج ئۇنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا ئىجازەت بېرىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ كوكسىگە پىراق ئەلىمى ئورناپتۇ.

قارچۇغا سانىڭ بالىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئۇۋىسىدىن چىققان پېتى ساياھەتنى باشلاپتۇ ۋە بىرەر سائەتتىن كېيىن بىر تاغ بېشىغا ئۆزىنى ئاپتۇ. ئۇ ھەر تەرەپكە كوز سېلىپ تاماشا قىلىپ يورغىلاپ يۈرگەن بىر كەكلىكنى كورۇپ قاپتۇ. كەكلىكنىڭ سايراشلىرىنىڭ ساداسىدىن تاغ ئىچى ياڭراپ كەتكەن ئىكەن. قارچۇغا كەكلىكنى ئوۋلاشقا كوڭلى تارتىۋاتقانلىغىنى سېزىپ، بىر ھەملە بىلەن ئۇنىڭ كوكسىنى يېرىپ ھەپىلىسىنى يىرقىپتۇدە، گوشىنى يەپ كورۇپ باقسا شۇنداق تاتلىق ئىكەنكى، ئۇ گوشنىڭ لەززىتى ھايات شەرۋىتى بىلەن باراۋەر ۋە مەزىسى جەننەت نازۇ-نېمەتلىرىدەك تاتلىق بولۇپ، ئۇ ئۆز ئومرىدە ئۇنداق ئىسىل گوشنى يەپ باقمىغان ئىكەن.

قارچۇغا ئۆز ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ: "سەپەرنىڭ پايدىسى شۇ بولدىكى، مانا بىردەمدىلا تېتىقسىز غىزالاردىن قۇتۇلۇپ، شۇنداق ئىسىل تائاملار بىلەن لەززەت تاپتىم ۋە تار، قاراڭغۇ ئۇۋىدىن قۇتۇلۇپ، ھىممىتى يوق تۇققانلاردىن ئۈزۈلۈپ، بۇنداق ئىگىز يەرگە يېتىشتىم. بۇ تېخى مېنىڭ ئېرىشىدىغان دولەت-سائادىتىمنىڭ دەسلەپكى قەدىمى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇندىن كې-

يىن تېخىمۇ ئوبدان ئىشلار غايىپ باياۋاندىن شاھادەت تەخ-
تىگە چىقىدىغان ئوخشايدۇ. تەقدىر ئۆز پەردىسى ئىچىدىن يەنە
قانداق نازۇ-نېمەتلەرنى چىقىراركىن".

شۇنداق قىلىپ، قارچۇغا بىرنەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا خوشاللىق
بىلەن ئۇچۇپ يۈرۈپ، كەكلىك ۋە چىل ئوۋلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ
تاغ ئېتىكىدە ئوۋ قۇشلىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇرۇپ شىكار قىلىپ
يۈرگەن بىر توپ ئاتلىق ئادەملەرنى كۆرۈپتۇ.

شىكار ئۇچۇن چېلىنغاندەك بولدى ناغرا،
ئۇچۇپ قۇشلار قىلدى جەۋلان شىكار ئارا.
قەھرى بىلەن قارچۇغىمۇ ئۇچۇپ ئىگىز،
ئوۋ بېشىدا تىرناغىنى ئەيلىدى تېز.
قىلدى لاچىن شىكار ئارا تالان تاراج،
چۆلدە كەكلىك ياكى قىرغول قالمىدى ھېچ.

بۇ كىشىلەر شۇ يۇرتنىڭ پادىشاسى بىلەن بىللە ئوۋغا
چىققان مۇلازىملار ۋە چېرىكلەر بولۇپ، ئوۋ ئوۋلاپ شۇ تاغ قې-
شىغا كېلىپ قالغان ئىكەن. شۇ ئەسنادا، پادىشا ئۆز قولىدىكى
قارچۇغىنى بىر قۇشقا ساپتۇ. لېكىن پادىشانىڭ قارچۇغىسى ئۇنى
ئېلىشتىن بۇرۇن ھېلىقى ئالى ھىممەت قارچۇغىمۇ ئۇنى ئالغىلى
كەلگەن بولۇپ، پادىشانىڭ قارچۇغىسىنىڭ ئالدىدىن ئۇ قۇشنى
ئېلىۋاپتۇ. ئۇنى كۆرگەن پادىشا ئۇنىڭ تېز ئۇچۇشى ۋە چاق-
قانلىقىغا ئىچى كۆيۈپ، شۇ زامان ئۇنى تۇتۇشقا پەرمان بېرىپتۇ.
ئۇستا ئوۋچىلار ئەپچىل ھىلىلەر بىلەن توزاق قۇرۇپ، دام ھال-
قىسىنى ئۇنىڭ كىكىرتىكىگە ئىلىندۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئو-
زىنىڭ ھىممىتىگە يارىشا، پادىشاغا خىزمەت قىلىش شەرىپىگە
مۇيەسسەر بولۇپتۇ ۋە ئۆز بەختىنىڭ مەدىتى بىلەن پادىشانىڭ
قولىنى تەخت قىپتۇ. ئەگەر ئۇ سانىڭ ئۇۋىسىدا تۇرۇپ قالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسا ۋە سەپەر قىلىپ دەشتى - باياۋان ۋە ئەتراپ جاھانى سەيلە قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىپ، بۇنداق مەرتىۋىگە چىقالىشى ناتايىن ئىدى.

سەپەردە كىشىگە يۇقۇرى مەرتىۋە ۋە ناھايىتى كوپ مەنپەئەت ھاسىل بولىدىغانلىغىنى ۋە سەپەر ئارقىلىق كىشى تەھتى سەرا باياۋاندىن ئەرشى ئەلا گۈلىستانىغا يېتەلەيدىغانلىغىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۇ مىسالنى كەلتۈردۈم.

سەپەر ياخشى بىر مۇبارەك ئىش ئىرۇركى،
تاپقىسىدۇر ئۇنىڭدىن ئەل كوپ مەنپەئەت.
سەپەر قىلساڭ يېتەرسەن ئوز مۇرادىڭغا،
تېپىپ يەرسەن سەپەردىن كوپ نازۇ - نېمەت.

دابىشلىمنىڭ سوزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەنە بىر ۋەزىر ئالدىغا كېلىپ تازىم قىلىپ، ھورمەت رەسمىنى بىجا كەلتۈرۈپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— خۇدانىڭ سايىسى بولغان ھەزرىتى شاھىنشاھى ئالەمنىڭ سەپەرنىڭ پايدىسى توغرىسىدا سوزلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست ۋە توغرا ئىكەنلىگىگە ھېچقانداق شەك - شۇبھىسى يوق. ئەمما پېقىر قۇللىرىنىڭ ئېسىگە شۇ نەرسە كېلىۋاتىدۇكى، پادىشا بىر مەملىكەتنىڭ چوڭى بولغانلىقتىن، پۈتۈن ئالەم ئەھلىنىڭ راھىتى پادىشالارنىڭ سالامەت بولۇشىغا باغلىقتۇر. پادىشاھى ئالەمنىڭ سەپەر مۇشەققىتىنى ئىختىيار قىلىپ، ئىشرەت ئويىدىن مېھنەت باياۋىنىغا سىلجىشى ھىكمەتتىن يىراقتەك قىلىدۇ.

— مۇشەققەتكە چىداش ئەرنىڭ ۋە شىرنىڭ ئىشى. پادىشالارنىڭ ئەيش - ئىشرىتىنىڭ ئىتىگىگە مۇشەققەت تىكىنى چاپلاشمىسا، پۇقرالارغا پاراغەت گۈلىستانىدا مېھنەت گۈلى ئېچىلمايدىغانلىغى شۇبھىسىزدۇر. پادىشالارنىڭ ھىممىتىنىڭ پۈتى بالا - قازا باياۋا-

نىغا قەدەم قويمىسا، تىنچسىز دەرۋىشلەر بېشىنى راھەت ياستۇقىغا قويالمايدۇ.

ئەگەر سەن تىلىسەڭ ئۇز راھىتىڭنى،
ئارام ئالالماس يۇرتۇڭدا ھېچكىم.

ئالىلاتائالانىڭ بەندىلىرى ئىككى قىسىم بولىدۇ: بۇنىڭ بىرى، پادىشالار بولۇپ، ئۇلارغا پەرمان يۈرگۈزۈش ۋە مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئىززىتىنى بەرگەن؛ يەنە بىرى، پۇقرالار بولۇپ، ئۇلارغا خاتىرجەملىك ۋە راھەتتە ياشاش شەرىپىنى بەرگەن. بۇ ئىككى تائىپەنىڭ ئەھۋالى بىر كىشىدە جەم بولالمايدۇ، ياكى راھەتنى ئىختىيار قىلىپ، ئىززەت يۈزىنى تاپماق كېرەك، ياكى مۇشەققەت تارتىپ دولەت مەرتىۋىسىنى تاپماق كېرەك.

كىشىكىم راھەتنى تاشلاپ مۇشەققەت ئىختىيار ئەيلەر،
قىلۇر دەۋران ئۇنى ئەھلى زامانە ئۇستىدە سەرۋەر.
چىمەندە پادىشا بولماقنى گۈل ياخشى بىلۇر، يەنى،
ئاشۇ نازۇكلۇغى بىرلە تىكەندىن ئەيلەرمىش بىستەر①.

ھوكۇمالار: "مۇشەققەت تارتماق ئۇلۇغلۇق تاپماقنىڭ ۋاستىسىدۇر" دەپ ئېيتىشقان. تىرىشمىش تەلەپكار كىشىنى بەخت مەنزىلىگە يەتكۈزىدۇ، جەددى جەھەت باياۋاننى كەزمەك مەقسەت جامالىنى كورۇشكە سەۋەپ بولىدۇ. مۇشەققەت تۇلپارىغا مىنمەي تۇرۇپ مەنپەئەت ھوسۇلىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

پادىشالىق كەمىرىنى باغلىيالماس ھېچقاچان،
راھىتىنىڭ يوتقىنىدا ئۇخلىغان ھەر بىر كىشى.

① بىستەر — ئۇزۇن كورپە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگەر ھەر بىر كىشى ھەممەت مەيدانىدا تىرىشچانلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتەرسە ۋە جاپاغا چىداپ، راھەت ـ پاراغەتتىن ئۆزىنى تارتسا، باشقىلاردىن تېزرەك مەقسىدىگە يېتىدۇ ۋە مۇرادىنىڭ كۆزىگە مەقسىدى ئۆز يۈزىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، يولۋاس شاتلىق ماكانىغا پادىشا بولماق ئارزۇسىنى قىلغان ئىدى، ھەركىتىنىڭ بەركىتىدىن ئۆيلىغىنىغا ئېرىشىپ، ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە، مەقسىدىنىڭ چېھرىسىدىن تەخىر نىقابى چۈشتى ۋە ئۈمىت قولى مۇرادىنىڭ ئېتىگىگە يېتىشتى، ــ دەپ ئۆز مەقسىدىنى شەرھىلەپتۇ دابىشلىم شاھ.

بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر دەرھال سوراپتۇ:

ــ ھېلىقى يولۋاسنىڭ ۋەقەسى قانداق ئىش ئىكەن؟

ــ بەسرە دىيارىدا بىر ئورمانلىق بار ئىكەن، ــ دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ دابىشلىم شاھ.

## يولۋاس بالىسىنىڭ ھېكايىسى

ــ بەسرە دىيارىدا بىر ئورمانلىق بار بولۇپ، بىغايەت خوش ھاۋالىق، تاغلىرى نا ايىتى گۈزەل، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان سۈزۈك بۇلاق سۇلىرى ھەر تەرەپتىن ئېقىپ تۇرغان، جان بېغىشلىغۇچى شاماللىرى ھەر تەرەپتىن ئۇرۇپ تۇرغان بىرماكان ئىكەن.

دەرەخلەر بارچىسى زىبا ۋە مەرغۇپ،
تىزىلغان شاخلىرىدا مىۋىلەر خوپ.
سەرۋى بىلەن تۇبى بولۇپ سەرەپراز،
گۈزەللەردەك قىلاتتى ئىشۋەيۇ ناز.
ئېرىقلاردا ئاقاتتى سۈزۈك سۇلار،
ئايان بولغان گۈلشىنىدە گۈزەل گۈللەر.

ناھايىتى گۈزەل ۋە پاكىزە بولغان بۇ جاينى شاتلىق تېغى دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۇ تاغنىڭ چوڭى بىر يولۋاس بولۇپ، ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ يۈرەكلىك شىرلارمۇ ئۇ تەرەپكە قەدەم قويالمايدىكەن ۋە ئۇنىڭ سالاپىتىدىن ئۈركۈپ ياۋايى ھايۋانلار ۋە چەرەندىلەرمۇ ئۇ تاغدا ياشاش خىيالىنى كۆڭلىگە كەلتۈرەلمەيدىكەن.

ئۇزاتسا چاڭگىلىنى ھەر تەرەپكە،
چۈشەر ئىدى پەلەك شىرىغا لەرزە.
ئەگەر ھەر يولدا ئۇ ئۇلتۇرسا بىردەم،
بارالمايتتى ئۇيانغا خەلقى ئالەم.

شۇ تاغدا ئۇ ئەنە شۇنداق دەۋران سۈرىدىكەن ۋە تاغدىكى بارلىق جانۋارلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. ئۇ يولۋاسنىڭ بىر بالىسى بار بولۇپ، پۈتۈن ئالەمنىڭ روشەنلىكىنى بالىسىنىڭ جامالىدىن دەپ بىلىدىكەن ۋە كۆزىنىڭ يورۇقلۇقىنى بالىسىنىڭ دىدارىغا قارىغانلىقتىن دەپ گۇمان قىلىدىكەن. ئۇنىڭ بىردىن - بىر قەستى: "بالام كامالىغا يېتىپ، ئاغزى ۋە چاڭگىلىنى پەرەندە ۋە چەرەندىلەرنىڭ قېنىغا بوياپالىسا، بۇ تاغنىڭ سەردارلىقىنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىپ، قالغان ئۆمرۈمنى قانائەت ئويىدە پاراغەت بىلەن ئۆتكۈزسەم" دەيدىكەن. تېخى ئۇنىڭ خىياللىرىدىن مۇرات مېۋىسىنىڭ چېچىكى ئېچىلماي، ھايات بېغىنىڭ مېۋىلىرىنى ئەجەل بۇلاڭچىسى خازان قىپتۇ. يەنى بۇ يولۋاس ئەجەل شىرىنىڭ چاڭگىلىغا گىرىپتار بوپتۇ. بۇرۇندىن تارتىپ بۇ تاغنىڭ ئارزۇسىنى يەيدىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۇ تاغنى ئىگەللەشكە قەست قىلىشىپتۇ. يولۋاس بالىسى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، تاغنى تاشلاپ تەركى ۋەتەن بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋايى ھايۋانلار ئارىسىدا چوڭ ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭ بىر قانخور قېرى شىر بار ئىكەن. ئۇ ھەممىسىگە غا-

لىپ كېلىپ، شاتلىق تېغىنى ئۆز تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈپتۇ. يولۋاس بالىسى بولسا بىرنەچچە كۈن تاغلار ۋە باياۋانلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، باشقا بىر تاققا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە تاغدىكىلەرگە كۆڭلىدىكى خاپىچىلىقلارنى بايان قىلىپ، ئۇلاردىن بۇ ئىش خۇسۇسىدا مەدەت تىلەپتۇ. لېكىن ئۇلار ئۇ تاغدا چوڭ قېرى شىرنىڭ بارلىغىنى ئاڭلاپ، يولۋاس بالىسىغا مەدەت بېرىشنى ماقۇل كۆرۈشمەپتۇ.

— ھەي بىچارە، — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — سېنىڭ ماكانىڭنى بىر شىر تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈپ بولۇپتۇ. ئۇنىڭ قورقۇنچىدىن ئۇ تاغ ئۈستىدىن قۇشمۇ ئۇچالمايدۇ. ھەيۋىتىدىن قورقۇپ ئۇ تاغ قېشىغا پىلمۇ بارالمايدۇ. بىزدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغۇدەك قۇۋۋەت يوق. سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ جەڭ قىلالمايسەن. بىز كۆڭلىمىزدە مۇنداق مەسلىھەتنى ماقۇل كۆردۇق: سەن ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بېرىپ، ئىخلاس بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغىن. ئەگەر بىر كىمنىڭ جەڭ قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، خىزمەت قىلغىنى ياخشى. دېمەك سەن ئۇنىڭ بىلەن مادارا قىلغىن. ئۆزرە قويغىن.

يولۋاس بالىسى شىرنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپتۇ-دە، ئۆز دىيارىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە يېقىنلىرىدىن بىرىنى ۋاستە قىلىپ شىرنىڭ خىزمىتىگە كىرىپتۇ. ئۇ شۇنىدىن تارتىپ خىزمەتكارلىق ئېتىگىنى ساداقەت بېلىگە شۇنداق مەھكەم قىستۇرۇپتىكى، بىر سائەت ئۇنىڭ ھوزۇرىدىن يىراق كەتمەيدىكەن ۋە بىر پەسمۇ ئۇنىڭ خىزمىتىدىن غاپىل قالمايدىكەن. شۇنداقلا ئۇ ئىش ئۆگىنىشكە بەكمۇ تىرىشىدىكەن. نەتىجىدە ئۇنىڭغا بارغانسېرى شىرنىڭ ئىلتىپاتى زىيادە بولۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشقا دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئەگەر كىشى تىرىشچان بولسا قانچە،
بولغىسىدۇر دولىتى ئىگىز شۇنچە.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شىرغا يىراق بىر تاققا زورۇر بىر ئىش ئۈچۈن بېرىپ كېلىشكە توغرا كەپتۇ. شۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەن، يەر ۋە ئاسمان تونۇردەك تاۋلىنىپ تۇرغان، تاغ ۋە دالا شىشىگەرنىڭ كورىسىدەك قىزىغان، ھارارەتنىڭ كۈچىدىن جانۋارلارنىڭ ئۈستىخىنى ئىچىدىكى يىلىگىمۇ قايناپ كەتكەن، دەريا ئىچىدىكى سەرتانلارمۇ ① خۇددى قازاندىكى بېلىقتەك قورۇلۇپ كەتكەن ئىكەن.

بولسا بۇلۇتلار ئارا سۇ بىر تېمىم،
بولار ئىدى، بىر تېمىم ئوتلۇق يېغىن.
ئۇچسا پەرۋانە ئەگەر، ئوتلۇق چىقىن،
كويدۇرەر ئىدى قاناتۇ قۇيرۇغىن.
ئىنتايىن بەك قىزىغاچ ئۇ ئاپتاپ،
بولار ئىدى تابىدىن ئالەم كاۋاپ.

شىر ئوزىچە ئويلاپ قاپتۇ: "بۇنداق قىزىغان ھاۋادا، دەريا تېگىدىكى گوھەرلەرمۇ سەدەپنىڭ ئىچىگە كىرىپ سايىداۋاتقاندۇ، ھەتتا سەمەندەرمۇ ئاپتاپ ئىسسىغىنىڭ قورقۇنچىدىن سىرتقا چىقال-ماي ئوتنىڭ ئىچىدە ياتقاندۇ؟ مۇشۇنداق بىر چاغدا بۇ ئىشنىڭ چىقىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان. مۇلازىملىرىمدىن قايسىسى بېرىپ ئىشىمنى ئورۇنلاپ كېلەلەر؟". بۇ ئەسنادا يولۋاس بالىسى مۇ-لازىملارنىڭ سېپىگە كىرىپ، شىرنىڭ خىيال سۈرۈپ قالغانلىقىنى كورۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ماھىيىتى-نى ئۇقۇپ، ئەشۇ مۇھىم ئىشنى ئورۇنلاپ كېلىشكە ۋەدە بېرىپ ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، بارلىق مۇلازىملار بىلەن يولغا چىقىپ،

① سەرتان — راك، قىسقۇچپاقا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈش ۋاقتى بىلەن ئۇ تاقىقا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردىكى ئىشنى پۈتكۈزۈپ، سەرانجام قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا قايتماقچى بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەلگەن مۇلازىملار ھەممىسى بىرلىشىپ ئۇنىڭغا ئەرز قىلىشىپتۇ:

— بۇنداق قاتتىق ئىسسىقتا ھىلىمۇ شۇنچە كوپ يول باستۇق. خۇداغا شۈكرى، ئىشىمىز پۈتتى. سىزنىڭ پادىشاغا ھەممىدىن بەك يېقىن ئىكەنلىگىڭىز بىزگە مەلۇم. بىرەر سائەت سايىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرسىڭىز نىمە بولىدۇ؟

بولۇپ ئىش غېمىدىن خالى، پاراغەت ئەيلىگىن بىر پەس،
جاھاننىڭ ئىشلىرى ھەرگىز بەل تىكلەشكە پەيت بەرمەس.

مېنى پادىشاغا يېقىن قىلغان مېنىڭ پادىشانىڭ قېشىدا كوتەرگەن تىرىشچانلىق بايرىقىدۇر، — دەپتۇ يولۋاس بالىسى كۈلۈپ، — شۇڭا سۇسلۇق ۋە بوشاڭلىق بىلەن بۇ بايراقنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىشىم ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەگەر كىشىنىڭ سەل- پەل ئەقلى- ھۇشى بولىدىغان بولسا، مۇشەققەت بىلەن پۈتتۈرگەن ئىمارىتىنى بىپەرۋالىق بىلەن بەرباد ۋە ئاسانلىق بىلەن ۋەيران قىلمايدۇ. بىلمەك كېرەككى، رەنج - مۇشەققەتكە چىدام بەرمەي تۇرۇپ، زەر- گوۋھەر خەزىنىسىگە يەتمەك مۇمكىن ئەمەس ۋە تىكەن جاپاسىنى چەكمەي تۇرۇپ، گۈلزار تاماشاسى قىلماق ئاسانغا چۈشمەس.

مەقسىدگە يەتكۈسىدۇر ئۇ كىشى،
گەر بالالار ئوقىغا بولسا سىپەر؛
كەلمەس ئاسانلىق بىلەن قولغا مۇرات،
رەنجى چەكمەي، قان يۇتۇپ كويمەي جىگەر.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سەپەردىن يېنىپ، شەر دەرگاھىغا كەپتۇ، يولۋاس بالىسىنىڭ خىزمەتكە ناھايىتى بەك تىرىشچانلىقىنى ۋە

ئىشقا ئالدىراپ راھەت - پاراغەتتىن كەچكەنلىكىنى مۇلازىملار شىرغا بىر بىرلەپ يەتكۈزۈپتۇ. شىر ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە:

— يولباشچىلىق ۋە پادىشالىق دېگەن مانا مۇشۇنداق ئۆز خاتىرجەملىكىنى ئۇنتۇپ، پۇقرالىرىنى خاتىرجەم قىلالايدىغان كىشىگە يارىشىدۇ، — دەپتۇ - دە، يولۋاس بالىسىنى قېشىغا چاقىرىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن، شاتلىق تېخىنىڭ سەردارلىقىنى بېرىپتۇ ۋە ئامانەتنى قولىغا تاپشۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشالىق قىلىپ كۆتىرىپتۇ.

شاھ ئەگەر تەخت ئۈستىدە راھەت سۈرەر،
مەملىكەتنىڭ ئەھلىدىن تىنچلىق كېتەر.
بولسا شاھ تۆۋرۈك مۇشەققەت ئوردىسىغا،
يەتكۈسى تىنچلىق - ئارام پۇقراسىغا.

— بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلىپتۇ پادىشا، — ھېچقانداق كىشى سەئىي سەۋەپ قىلمىسا، مۇرات ئاپتىۋى ئۈمىت شەرقىدىن كۆتىرىلمەيدۇ. ھەركەت قىلماي تۇرۇپ كىشى ئۈمىت مۇقەددىمىسىدىن ھوسۇل نەتىجىسىگە ئېرىشمەيدۇ.

قولغا كەلمەس مالۇ دۇنيا، رەنجى مېھنەت چەكمىگۈنچە،
ھاسىل بولماس مۇرات - مەقسەت سەئىي سەۋەپ قىلماغۇنچە.

مېنىڭ سەپەر قىلىشتىكى مەقسىدىم ئىلىم تەلەپ قىلىش بولغاچقا، رەنجى مۇشەققەت قورقۇنچىسى بىلەن رايىمنى ياندۇرمايمەن ۋە ئالى ھىممىتىم مېنىڭ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى بۇنداق سەۋەپلەرتۈپەي-لىدىن ھەرگىز كەينىگە بۇرىمايمەن.

بېشىم كەتكەي بۇ سەۋدادىن، بۇ سەۋدا كەتمىگەي باشتىن،
جاپانى كىم تولا چەكسە جاۋاھىر ئالغاي ئۇ تاشتىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇڭا بۇ ئىشقا مەھكەم ئىرادە باغلىغانلىقىم ئۈچۈن، سەپەردىن كېلىدىغان زىيان- زەخمەت ۋە جاپا- مۇشەققەتكىمۇ چىدىماقلىقىم لازىمدۇر.

شاھ يۈرۈش باشلاپ ئەگەر قويسا ئۆزەڭگىگە ئاياق،
ھېچ ئەجەپ يوق كەتسە شۇ ئان چەرخ قولىدىن تىزگىنى.

ۋەزىرلەر ئۆزلىرىنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرى پادىشاغا ماقۇل كەلمىگەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ رايىغا بېرىپ، ھەممىسى سەپەر جابدۇقىنى قىلىشقا مەشغۇل بولۇشۇپتۇ ۋە سەپەرنىڭ قۇتلۇق بولۇشىنى تىلىشىپ قىلىشقان غۇلغۇلىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاسمانغا يەتكۈزۈپ، بۇ بېيىتنى تەكرارلىشىپتۇ:

چىقتىڭىز شاھىم سەپەرگە، خۇدا لۇتپى يار بولسۇن،
ئەۋلىيالار قىلسۇن نەزەر، لەشكەرلەر مادار بولسۇن.

شۇنداق قىلىپ، راي دابشلىم مەملىكەت ھوقۇقى ۋە سىياسەت يۈرگۈزۈشنى دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ، پۇقرالارغا رىئايە قىلىش ۋە يۇرتنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدا سەلتەنەت لىباسىغا ياراشقۇدەك بىر مۇنچە نەسىھەتلەرنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇپتۇ.

ئىسكەندەرنىڭ ئەينىكىدۇر مەملىكەت،
كۆرگىلى يۈزۈڭنى سەن ئۇنىڭغا باق.
كۆرسىتەر چېھرەڭنى ئۇ بەكمۇ گۈزەل،
قىلساڭ زۇلۇم كىردىن ئۇندىن يىراق،
سەن خەلقنى پەملىگىن مىسلى سەھەر،
سۇبھىدەم ئۇرغان نەپەستىن قىل ھەزەر.
ئېشىپ كېتەر مىڭ چەۋەنداز ئوقىدىن،
ئاھىدىن ئوق ئاتسا بىر مەزلۇم ئەگەر.

ئۇ مەملىكەتنىڭ ئىشىدىن كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، بارلىق خاس خىزمەتكارلىرىنى ئېلىپ، سەراندىپ تېغىغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئۇ خۇددى ئايدەك بىر مەنزىلدىن ئىككىنچى مەنزىلگە يېتىپ مېڭىۋېرىپتۇ ۋە خۇددى ئاپتاپتەك شەھەردىن شەھەرگە سىلجىۋېرىپتۇ. ئۇ يولدا ئۇچرىغان ھادىسىلەر ۋە كارۋانلارغا نەزەر سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن تەجرىبىلەرنى ئېلىپ پايدىلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ چۆل ۋە كۆللەردىن ئۆتۈپ، ئىسسىق ۋە سوغۇقنىڭ جاپالىرىنى تارتىپ مېڭىۋېرىپ، ئاخىرى سەراندىپ شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، پادىشانىڭ دىمىغىغا ئۇ دىيارنىڭ خۇش پۇراقلىرى كىرىپتۇ.

خۇش بۇيۇكنى ھەر كىشى بادى- سابادىن ھىدلىدى،
ئاشىنا بويىنى يارۇ ئاشىنادىن ھىدلىدى.

پادىشا سەراندىپ شەھىرىدە ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ ھاردۇغىنى چىقىرىپتۇ. ئېغىر ۋە ئارتۇقچە يۈكلىرىنى شۇ يەردە قويۇپ، ئىككى- ئۈچ يېقىن مەھرەملىرىنى ئېلىپ، تاغ تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. تاغ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، بۇ تاغ شۇنداق ئېگىز ئىكەنكى، تاغ ئېتىكى ئاپتاپ بېشىغا سايە سالغان ۋە تاغ چوققىسىنىڭ شولىسى مىررىخ يۇلتۇزىغا روشەنلىك يەتكۈزۈپ بەرگەن بىر تاغ ئىكەن.

پەلەك بىرلە ئۈچى تەڭلىك تالاشقان،
ئۈنىڭدىن كارۋىنىنىڭ بېشى ئاشقان.
گۈزەل ئىدى ئۇ تاغ خۇددى ئەتلەستەك،
پاقىرايتتى ھەر بىر تېشى يۇلتۇزدەك.
ئايلانغۇچى پەلەك چاقى ئالدىدا،
كۆرۈنەتتى يېڭى ئۈنگەن كۆك مايسا.

ئۇ تېراپىتىكى ئورمانلىرى تۈرلۈك - تۈمەن رەيھانلار بىلەن بېزەلگەن ۋە بوستانلىرى باغى ئىرەمدەك دىلنىڭ زوقىنى تارتىدىغان گۈزەل ئىكەن.

باغلىغان گۈل باغلىرى بىلىگە زۇمرەتتىن كەمەر،
گۈلىغزارى ئەگنىدە يېشىل زەبەرجەتتىن لىباس.
بوستانى بۇيىدىن پىردەۋسىدىن كەلگەي نىشان،
سەرۋىسىن كورگەن كىشى قىلاتتى جەننەتنى قىياس.

دابىشلىم ئۇ يەردە ھەر تەرەپكە مېڭىپ، تەۋەرۈك جايلارنى تاۋاپ قىلىپ يۈرۈپ، شۇ ئەسنادا قاراڭغۇلۇغى كوز قارىچۇغىدەك قاپ - قاراڭغۇ غارغا نەزىرى چۈشۈپتۇ. پادىشا شۇ مەنزىلدە ئىستىقامەت قىلىدىغان شەيخلەردىن سوراپ بىلىپتۇ: ئۇ غار قەلبى روشەن بىر ھەكىمنىڭ تۇرار جايى بولۇپ، ئۇ ھەكىمنى بىدپاي ھەكىم دەپ ئاتايدىكەن. ھىندى تىلىدا بىدپاي ① ھەكىم دېگەن سوز مېھرىۋان تېۋىپ دېگەن بولىدىكەن، ئۇ ھەكىم دانىشمەنلىكىنىڭ مىراجىغا يەتكەن، نۇتۇق نەپەسلىرىنى پەيزى غەلبىسى بىلەن زىننەتلىگەن، خالايىق سوھبىتىدىن ئوزىنى چەتكە ئالغان، ئازغىنا غىزاغا قانائەت قىلغان، دۇنيا ئالاقىسىدىن كوز يۇمۇپ، ئىبادەتتىن باشقىنى كورمىگەن. ناپاك پەيلىنىڭ خەشەكلىرىنى رىيازەت ئوتى بىلەن ئورتىگەن، كېچە- كۈندۈز بىدار بولغانلىقىدىن ھىچۋاقىت ئۇيقۇ چېھرىسىگە كوز قىرىنى سالمىغان ۋە ناھايىتى پەرھىزكار بولغانلىقىدىن جەننەت ئارزۇسىدىن باشقا سوزنى قۇلىقىغا ئالمىغان بىر ھەكىم ئىكەن.

① بەزىلەر بۇنى پىل پاي دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ئىككى سوزنىڭ مەنىسى ئوخشاش بولسىمۇ، ھىندى لۇغىتىدە پىل پاي دېگەن سوز موتىۋەرراقتۇر — ت.

پەيغەمبەر نۇرىدىن ئاينە ئىدى،
ۋۇجۇدى ئىلىمگە خەزىنە ئىدى.
قىسسە ئىدى سوزى ھەق رىزاسىغا،
باش ئەككەن ئىدى تەڭرى قازاسىغا.

دابىشلىم ئۇنىڭ بىلەن مۇلاقات بولۇش ئارزۇسىدا، بىر پەس غار ئاغزىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ ۋە كوڭۇل تىلى بىلەن ئۇ كامالەت ئىگىسىنىڭ قەلبىدىن كىرىشكە ئىجازەت تىلەپتۇ، ئۇ ھەكىم كوڭ- لىگە غايىپتىن كەلگەن ئىلھام بىلەن شاھنىڭ مۇرات- مەقسىدىنى بىلىپتۇ- دە: "كىرىڭ" دەپ ئاۋاز قىپتۇ.

كىردى شۇ دەم غار ئىچىگە شاھى ئادىل،
زىبۇ- زىننەت غارغا گويا بولدى ھاسىل.
پىر ئالدىدا تۇردى چەبدەس قولىنى باغلاپ،
خىزمەت ئۈچۈن بولۇپ تەييار ئوزىنى چاغلاپ.

پادىشا غارغا كىرىپ قارىسا، يالغۇزلۇق قەدىمىنى خىلۋەت ئالىمىگە قويغان، نازۇك نەپەسلەر مەيدانىدا ھەقىقەت توغىنى كوتەرگەن بىر بىرەھمەن① ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئادەمىلىك سۇرىتىدىن پەرىشتىلىك ئالامىتى جىلۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ جىسمىنىڭ نەزاپىتى روھىنىڭ لاتاپىتىدىن نىشان بېرىپ تۇرۇپتۇ. راي پاراسەت بىلەن ئويلاپ، ئوز مەقسىدىنى ھاسىل قىلالايدىغان، ئوزىنى مۇرادىغا يەتكۈزەلەيدىغان كىشىنىڭ ئەشۇ ئىكەنلىكىنى جەز- مەلەشتۇرۇپتۇ- دە، ناھايىتى ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ ھورمەت تازىمىنى بەجا كەلتۇرۇپتۇ. بىرەھمەن جاۋاپ سالام بىلەن ئىززەت- ئىكرام بىلدۇرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھەزەر راھىتىنى تاشلىغانلىقى ۋە

① بىراھما دىنىدىكى كىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەپەر جاپاسىغا ئۆزىنى باشلىغانلىقىنىڭ سەۋەپلىرىنى سوراپتۇ. دابىشلىم ئۆزىنىڭ چۈش كورگەنلىكىنى، تاپقان خەزىنىسىنىڭ تەپسىلى ئەھۋالى ۋە خەزىنىدىن چىققان ۋەسىيەتنامىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن سەراندىپ تېغىغا كەلگەنلىكىنىڭ قىسسىسىنى باشتىن-ئاياق ئىزھار قىپتۇ. بىرەھمەن ئۇنى ئاڭلاپ تەبەسسۇم قىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— ئىلىم ۋە ھىكمەت تەلەپ قىلىپ، ھەممە مۇشەققەتلەرگە چىداپ، پۇقرالارنىڭ بەختى ۋە مەملىكەت ئەھلىنىڭ راھىتى ئۈچۈن سەپەر قىلىپ، بۇ يەرگە كەلگەن پادىشانىڭ ھىممىتىگە ئاپىرىن!

بەللى! بۇنداق بولسا جاھاندارلىق،
پۇقرالارغا شەپقەت بىلەن يارلىق.
دەرەخكە ئەگەر قىلساڭ پەرۋىش،
ياخشىلىقتىن دول بەرگۈسى يېمىش.

شۇنىڭ بىلەن، بىرەھمەن سىر-ئەسرار گوھەرلىرى ساقلانغان قۇتىچەنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ ۋە رايىغا ھېكمەت جاۋاھىرلىرىنى چېچىپتۇ. ئۇنى ئاڭلىماق بىلەن رايىنىڭ قۇلاق سەدىپى دۇر-گوھەرگە تولۇپتۇ، ئۇلار بىر نەچچە كۈن ئەنە شۇ يوسۇندا سوھبەتلىشىپتۇ. سوزلەر ئارىسىدا ھۇشەڭ شاھنىڭ ۋەسىيەتنامىسى توغرىلىق سوز چىقىپ قاپتۇ- دە، دابىشلىم ئۇ ۋەسىيەتلەرنى ھەكىمگە بىر- بىرلەپ بايان قىپتۇ. بىرەھمەن بولسا ئۇ توغرىدىكى سوزلەرنى رايغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. راي ئۇنى كوڭلىنىڭ لەۋھەسىگە يېزىپ قالدۇرۇپتۇ.

«كەلىلە ۋە دىمنە» كىتاۋى راي ۋە بىرەھمەننىڭ سوئال ۋە جاۋاپلىرىغا دائىر مىساللاردۇر. بىز ئۇنى ئىلگىرى ئېيتقىنىمىزدەك ئون توت باپ بويىچە بايان قىلىمىز.

## بىرىنچى باپ

# راست سۆزلۈك بولۇش ۋە يامان غەرەزلىكلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا

بىدپاي ھەكىمگە راي ئەزەم دابشىلىم شاھ شۇنداق دەپتۇ:
— بىرىنچى ۋەسىيەت: "ئەگەر بىر كىشى پادىشاغا يېقىن بولۇش شەرىپىگە ئېرىشسە، ئۇنىڭ تەگتۇشلىرى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئابرويىنى توكۇپ، ھورمىتىنى تىۋۋەنلەشتۈرۈشكە ھەركەت قىلىشىدۇ ۋە ھىلە- مىكىرلىك سوزلەرنى قىلىپ، پادىشانىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلىغىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدۇ. شۇڭا پادىشا بۇنداق غەرەزلىكلەرنىڭ سوزلىرىدىن ياخشى ئېھتىيات قىلىغاي؛ ئەگەر ئۇ سوزلەرنىڭ غەرەز ۋە ھىلە- مىكرىدىن خالى ئەمەسلىگىنى سەزسە، ئۇنداق سوزلەرنى قوبۇل قىلمىغاي" دىگەن مەزمۇندا ئىدى.

يېقىن يولاتما قېشىڭغا كەلسە بەد ئەندىش ئەگەر،
چۈنكى ئۇ كەلتۈرگىسىدۇر ھەم ھەسەل ھەم زەھەر.
كورۇنۇشتە ھەسەل تۇتار، كورسىتىپ ئوزىنى يار،
ئارقىدىن لېكىن ساڭا ئۇ نەشتىرى ئازار ئۇرار.

ئەمدى مەن پادىشالارغا يېقىن بولغان كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق يامان غەرەزلىك سوزلەرنىڭ نەتىجىسىدە، مەرتىۋىسىگە دەخلى يېتىپ دوستلۇغى دۈشمەنلىككە ئايلىنىپ كەتكەنلىگىگە ئائىت داستانلارنىڭ تەپسىلاتلىرىدىن بايان قىلىشىڭنى ئىلتىماس قىلىمەن.

— مانا مۇشۇ ۋەسىيەت سەلتەنەتنىڭ ئۈزۈلمەي داۋام قىلىشىغا كۆچ - مادار بولىدىغان ۋەسىيەتتۇر، — دەپتۇ بىرەھمەن، — ئەگەر پادىشا غەرەزلىك كىشىلەرنى ۋە چېقىمچىلارنى پىتنە - پاسات تېرىش ۋە زەرەر يەتكۈزۈشتىن توسمىسا، دولەتنىڭ مەدەتكارى بولغان كوپلىگەن يېقىن كىشىلەر خار - زار بولىدۇ ۋە كاللىسىدىن ئايرىلىدۇ. نەتىجىدە بۇنىڭ سەۋىۋىدىن پادىشالىققا ناھايىتى كوپ زىيان يېتىدۇ. ئەگەر ئۇ پىتنىخورلار ئىككى دوستنىڭ ئارىسىغا خاپىلىق پەيدا قىلغۇدەك ماجال تاپالىسا، خۇددى شىر بىلەن ئوكۈزنىڭ ئارىسىدا بولغان ۋەقەدەك، ئۇ دوستلارنىڭ ئىشى دوشمەنلىشىشكە ۋە قارشىلىشىشقا يۈزلىنىدۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ راي.

— راۋىلارنىڭ بايان قىلىشىچە، بىر سودىگەر بار ئىكەن، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ بىرەھمەن.

## سودىگەر ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ھىكايىسى

بىر سودىگەر بار ئىكەن، ئۇ كول ۋە چوللەرنى كورگەن، مەشرىق ۋە مەغرىپ ئىقلىملىرىدا يۈرگەن، زامانىنىڭ ئىسسىق - سوغۇغىنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە دەۋرانىنىڭ ئاچچىق - تاتلىغىدىن بەھرە ئالغان بىر كىشى ئىكەن.

ئىدى ئۇ ئەقىللىق ھەم ئىش بىلەرمەن،
تەجرىبە كورگەن ھەم كاتتا دانىشمەن.

ۋاقتى كېلىپ، ئولۇم لەشكىرىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان قېرىلىق زەئىپلىكى ئۇنىڭ بەدەن مەملىكىتىگە ئات سېپتۇ، ئەجەل سىپاھ-

لىرنىڭ جىگدە ئاقارغان چاچ-ساقاللىرى ۋۇجۇت قورغىنىنىڭ ئەتراپىنى ئىگىلەپتۇ.

يەتسە ئەگەر قىرىلىقنىڭ نوۋىتى،
تىكۇسىدۇر شاتلىنىشنىڭ راھىتى؛
ئاق ساقىلىڭ بەرگەي ئەجەلدىن خەۋەر،
گۆرى قەددىڭ ئۆلۈمگە سالام بېرەر.

سودىگەر ئەمدى ئەجەل ئۇنىڭغا پىچىغىنى بىلەۋاتقانلىقىنى ۋە بەدەن ئۆيىدە ئامانەت قويغان جان رەختىنى تىلەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، پەرزەنتلىرىنى يىغىپتۇ. ئۇنىڭ ھەممە بالىلىرى ئەقلى ھوشى بار، زېرەك ياش ئىكەن. ئەمما تېخى ئىش كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن يىگىتلىكنىڭ غورۇرى بىلەن چېكىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئاتىسىنىڭ ماللىرىنى ئىسراپ قىلىشقا باشلىغان ئىكەن ۋە ئىش-ئوقەتكە تىرىشماي، بىپەرۋالىشىپ كەسپىي تىجارەتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويغان ئىكەن. شۇڭا ئاتىسى ئۇلارغا شەپقەت-مەرھەمەت يۈزىسىدىن پەندى-نەسىھەت قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە ياخشىلىق ئۈمىت كۈتۈپ، يامان ئىشلاردىن توساپ شۇنداق دەپتۇ:

— بالىلىرىم بۇ ۋەجنى تېپىشتا سىلەر جاپا تارتمىغانلىقىڭلار ئۈچۈن قەدرىنى بىلمىگەن بولساڭلار، بۇمۇ بىر ئۆزرىلىك ئىش، ئەمما بىلىشىڭلار كېرەككى، ۋەج دىگەن بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سەرمايىسىدۇر. ھەر قانداق مەقسەتنى ۋەج ۋاستىسى بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئالەم ئەھلى ئۈچ نەرسىنى تەلەپ قىلىشىدۇ: ئۇنىڭ بىرىنچىسى، مەئىشەتنىڭ كەڭرى بولۇشى ۋە لازىمەتلىكلىرىنىڭ ئاسان تېپىلىشى. بۇ پەقەت يىمەك-ئىچمەك ۋە نەپسىنىڭ لەززىتىنى ئىستېمەككىلا بېرىلگەن گۇرۇھنىڭ تەلىۋى. ئىككىنچىسى، ئۇلۇغ مەرتىۋە تېپىش ۋە دەۋران سۈرۈش تەلىۋى. بۇ پادىشالار، ئەمىرلەر ۋە مەنسەپدارلارنىڭ مەقسىدى. ۋەج بولماي

تۇرۇپ ھەرگىزمۇ بۇ ئىككى مەرتىۋىگە يېتىشكىلى بولمايدۇ. ئۈچىنچىسى بولسا، ئاخىرەت ساۋابىنى ھاسىل قىلىش ۋە خۇدا رەھمىتىگە يېتىشنى تەلەپ قىلىشتۇر. بۇ نىجات ۋە دەرىجات تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ مەقسىدى بولۇپ، بۇنىڭغىمۇ ۋەج بىلەن يەتكىلى بولىدۇ. "ياخشى كىشىدە ھالال ۋەج بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ" دىگەن گەپ بار. مەسنەۋى شېرىپتە ئېيتىلىشىچە:

"مالنى ئەگەر دىن ئۈچۈن قىلساڭ قوبۇل،
ياخشى مال شۇ" دەپ خەۋەر بەردى رەسۇل.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ۋەج دىگەن ناھايىتى كۆپ تەلەپ بىلەن قولغا كېلىدىغان نەرسە. بىرەر كەسپ ياكى تەلەپ قىلماي تۇرۇپ ۋەج تېپىش مۇمكىن ئەمەس. بەزىبىر كىشىلەر مۇشەققەت چەكمەي تۇرۇپ ۋەج تاپقان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەي قولدىن بېرىپ قويىدۇ. دىمەك بىكار يۈرمەي كەسىپكە تۇتۇش قىلىڭلار. سودىگەرچىلىك قىلىشقا لازىمەتلىك دەسمايىنى مەن بەرگەندىنكىن، ئەمدى ئۆز ئىشىڭلارغا مەشغۇل بولۇڭلار كېرەك.

—ئەي ئاتا!— دەپتۇ چوڭ ئوغلى، —سەن بىزنى كەسپ قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتىسەن. بۇ تەۋەككۈلنىڭ ئىشىدىن ئەمەس. مەن شۇنى بىلىمەنكى، تەقدىردىن ماڭا رىزىق ئۈچۈن ھەر قانداق نەرسە بۇيرۇلغان بولسا، مەن ئۇنى تەلەپ قىلىپ ئىزدىمىسامۇ ئۆزى كېلىدۇ.

رىزقىڭ بولسا كەلگۈسىدۇر شۇ زامان،
بولمىسا رىزىق كەلمىگەي ئۇ بىگۇمان.
بولمىسا ھەر نىمە ھەقتىن نېسىۋە،
ئاڭا رەنجىش چەكمىگەيسەن بىھۇدە.

ئۇندىن باشقا، مەن بۇزرۇكلارنىڭ ئېيتقان "ماڭا نېسىپ بولىدىغان ھەر قانداق نەرسىدىن ھەر قانچە قاچقان بولسامۇ، ئۇ مېنىڭ قولۇمغا كېلىپ قالدى. ماڭا نېسىپ بولمايدىغان ھەر-قانداق نەرسىنى ھەر قانچە چىڭ تۇتقان بولسامۇ قولۇمدىن كەتتى" دىگەن سوزىنى ئاڭلىغان. شۇڭا بىز خاھ كەسىپ قىلايلى، خاھى قىلمايلى، تەقدىرى ئەزەل بىزگە نېسىپ قىلغان رىزقدىن ھىچ ۋاقىت قۇرۇق قالمايمىز. پادىشانىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ھىكايىسى بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئاتىسىدىن قالغان خەزىنىنى مۇشەققەتسىز ھالدا قولغا كەلتۈرگەن ئىكەن. ئىككىنچىسى خەزىنىنى تاپىمەن دەپ پادىشالىقنىمۇ قولدىن بېرىپ نادامەتتە كەتكەن ئىكەن.

— ئۇ قانداق ھىكايە ئىكەن؟— دەپ سوراپتۇ ئاتىسى.

— ھەلەپ دىياردا بىر پادىشا بار ئىكەن،— دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ ئوغلى.

## ئاكا - ئۇكا شاھزادىلەرنىڭ ھىكايىسى

ھەلەپ دىياردا بىر پادىشا بار ئىكەن، ھەددى-ھىساپسىز دۇنيالىرى بار، ئالىجاناپ، زامان ھادىسىلىرىنى كورگەن ۋە روزىگارنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن پادىشا ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ئۇلار يىگىتلىك غۇرۇرىنىڭ دېڭىزىغا چومۇلگەن، دولەتنىڭ كەيپى بىلەن مەس بولغان بولۇپ، ھەمىشە ئويۇن-تاماشا ۋە ئەيش-ئىشرەتلەر بىلەن راھەت-پاراغەتتە ئوتىدىكەن ۋە ئۇلار قالۇن تىلىدىن بۇ سازنى ئاڭلايدىكەن:

ئەيش- ئىشرەت قىل ھەمىشە، بىل يۇمۇپ كوز ئاچقۇچە،
نەۋ باھار پەسلى ئوتۇپ، كەلگۇسىدۇر پەسلى خەزان.

پادىشا ھۇشيار ۋە تەجرىبىلىك كىشى ئىكەن. خەزىنىسىدە پۇل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماللىرى ھەددى-ھېسابسىز كۆپ بولغاچقا، بالىلىرىنىڭ خۇي-
پەيلىنى كۆرۈپ بىر ئاز ئەندىشە قىلىپتۇ ۋە: "بۇ بالىلار مەندىن
كېيىن قالسا بۇ ۋەجىلەرنى ئۆز يولىدا سەرپ قىلماي، بەربات
قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ شەھەرنىڭ بىر چېتىدە
بىر زاھىت بار بولۇپ، بۇ دۇنيانىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن ۋاز
كېچىپ ئاخىرەتنىڭ ئىشىنى تۇتقان، بىر خۇدانىڭ ئۆزىگە ئاشىق
بولغان ۋە خۇدانىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيگەن زاھىت ئىكەن. پادى-
شانىڭ ئۇنىڭغا كۆپ ئىخلاسى ۋە ئېتىقادى بار ئىكەن. شۇڭا ئۇ
بارلىق ۋەجنى يىغىپ ھېچ كىشىگە خەۋەر قىلماي، ئاپىرىپ
زاھىتنىڭ ئېتىكاپخانىسىغا كۆمۈپتۇ ۋە زاھىتقا: "ئەگەر ئىككى
يۈزلىمە پەلەك پەرزەنتلىرىم قولىدىن بىۋاپا دۆلەت ۋە مەڭگۈلۈك
بولمىغان ھەشەمەتنى تارتىۋالسا ۋە ئىنسانىنىڭ كۆزىگە مەڭگۈ ئۆزۈل-
مەي ئېقىپ تۇرىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئىقبال بۇلىقىنىڭ كۆزى
ۋاپاسىزلىق توپىرىغى بىلەن تىنىپ قالسا، ئۇ چاغدا ئوغۇللىرىم
مۇھتاج ۋە سەرمايىسىز بولۇپ قالىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارنى
بۇ خەزىنىدىن خەۋەردار قىلىڭ. ئۇلار بىر قۇر مۇشەققەت تارتىپ
جاپا چېكىپ باققاندىن كېيىن، ۋەجىنىڭ قەدرىنى بىلىپ سەۋەپ-
سىز ئىسراپ قىلماسلىقى مۇمكىن. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلار ئىسراپ
قىلماي ئۆز يولى بىلەن ئىشلەتسە ئەجەپ ئەمەس" دەپ ۋەسىيەت
قىپتۇ. زاھىت پادىشانىڭ ۋەسىيىتىنى قوبۇل قىپتۇ. لېكىن پادى-
شا كۆرۈنۈشتە، ئۆزى ئولتۇرغان قەسىرىنىڭ ئاستىغا ناھايىتى
پۇختا قىلىپ بىر خەزىنىخانا ياساپتۇ ۋە پەرزەنتلىرىگە: "سى-
لەر ئۈچۈن ساقلىغان خەزىنەم مۇشۇ جايدا" دەپ قويۇپتۇ. ئانچە
كۆپ ئۆتمەي، پادىشا ھەم ۋەزىرى ئىككىلىسى تەڭرى يارلىقىنى
قوبۇل قىلىپ، ئۆلۈم شارابىنى ئىچىپتۇ.

تۇغۇلغان ھەر كىشى ئىچكەي ئەجەل شارابىنى ئاخىر،
ئۆلۈم ئىلكىگە چۈشكەي بارچە يەر ئۈستىدىكى جاندار.

زاھىتنىڭ ئېتىكاپخانىسىدا كۆمۈكلۈك خەزىنە ھېچكىم بىلمە-
گەچكە مەخپىي قاپتۇ. ئۇ ئىككى قېرىنداش ئاتىسىدىن قالغان پا-
دىشالىق ھەم ۋەجنى تالىشىپ، جەڭگى-جېدەلگە چۈشۈپتۇ. چوڭ
ئوغۇل قۇۋۋەتلىك ۋە شەۋكەتلىك بولغاچقا، پۈتۈن مەملىكەتنى ئۆز
تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈۋېپتۇ. كىچىك ئوغۇل بولسا سەلتەنەت مەنسە-
ۋىدىن بى نېسىپ ۋە مىراس مال دۇنيادىن بى بەھرە قاپتۇ ۋە
ئۆزىچە ئويلاپ: "ئەمدى نېمەت ۋە ھەشەمەت ئاپتىۋى زاۋال
غەربىگە قاراپ يۈزلىنىۋېپتۇ. جاپاكەش پەلەك بىۋاپالىق ۋە نامېھرى-
ۋانلىق ئادىتىنى ئاشكارا قىلغىلى تۇردى. ئەمدى دۇنيا تەلەپ
قىلىپ ئۆرۈنۈشتىن نېمە پايدا، بىر سىنىغاننى يەنە سىناشتىن
نېمە نەتىجە چىقسۇن!

باقمىغىن بۇ كونا مېھمانخانىغا،
بىۋاپادۇر ئەرزىمەس بىر دانىغا.
بۇ ئىشىگى ئۇچۇق ئۆينى تاشلىغىن،
ئەبەدى ئۆيگە ئۆزۈڭنى باشلىغىن.

دۆلەتنىڭ ئەبەدىيلىكى ئىختىيارىمدىن ئاجراپ كەتكەندىكىن،
ئەمدى قانائەت قىلىپ، زاۋالى يوق پادىشالىق بولغان دەرۋىش-
لىك مەرتىۋىسىنى قولغا كەلتۈرۈشۈم كېرەك".

دەرۋىشلەر ئالدىدا باردۇر قانائەت خەزىنىسى،
سۇلتان ئىرۇر گەرچە گادايى بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىسمى.

دەپتۇ-دە، مۇشۇ نىيەت بىلەن شەھەردىن چىقىپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ
"پالانى زاھىت ئاتامنىڭ دوستى ئىدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئېتىكاپخانى-
سىغا كىرىپ، دۇنيا ئىشلىرىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى
قىلغاچ ئىبادەت يولىنى تۇتقىنىم ياخشى ئەمەسمۇ" دەپ ئويلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زاھىتنىڭ ئىبادەتخانىسىغا بېرىپتۇ. ئۇ كىرىپ قارىسا زاھىتنىڭ روھىنىڭ تۇتى قۇشى بەدەن قەپىزىدىن چىقىپ، جەننەت بېغى تەرەپكە ئۇچۇپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ مۇبارەك جەسىدى كونا دوستى بولغان گور تۇپرىقىنى قۇچاقلاپ بولغان ئىكەن. ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ خالى قالغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆپ غەم قىپتۇ ۋە ئاقىۋەت باشقا بارار يېرى بولمىغاچقا شۇ يەردە تۇرۇپ قالماقچى بولۇپتۇ. ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدە بىر قۇدۇق بار بولۇپ، سىرتتا كارىز بار ئىكەن. كارىزدىن قۇدۇققىچە ئېرىق كولانغان بولۇپ، كارىز سۈيى ئېرىق بىلەن ئېقىپ كېلىپ قۇدۇققا قۇيۇلىدىكەن. ئىبادەتخانا ئەھلى ئەنە شۇ قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ ئىچىدىكەن ۋە تاھارەت ئالىدىكەن. شاھزادە قۇدۇققا سوغا ساپتۇ، لېكىن قانچە قىلسىمۇ سۇ چىقماپتۇ، شۇڭا قۇدۇق ئاستىغا ياخشى دىققەت قىلىپ قاراپ سۇ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ- دە: "يەنە نىمە ھادىسە بولغاندۇر. ئەجەپ قۇدۇقتا سۇ يوققۇ، ئەگەر كارىزغا ياكى قۇدۇققا بىرەر كاشىلا يېتىپ سۇ قۇرۇپ كەتكەن بولسا- زە، بۇ ئىبادەتخانىدا تۇرماق مۈشكۈل بولىدۇ" دەپ ئويلاپ، سەۋەبىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن قۇدۇققا چۈشۈپتۇ ۋە قۇدۇق ھەم ئېرىقنىڭ ئەتراپىلىرىنى زەڭ سېلىپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈپ يوغان كامار ئېچىلىپ قالغانلىقىنى ۋە ئۇ يەردىن بىر بولاق تېگىلگەن يۇك ئېرىق ئىچىگە چۈشۈپ، سۇ يولىنى توسۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. "بۇ نىمە يۈكتۇ ئەمدى، بۇ كامار قانداق پەيدا بولغاندۇ" دەپ ئويلىغان شاھزادە ئۇ جاينى ئازراق كولاپ باققان ئىكەن، ناھايىتى ئېغىر خەزىنە كۆمۈلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ۋە خوش بولۇپ خۇداغا شۈكرى قىلىپ سەجدە قىپتۇ. ھەمدە: "گەرچە بۇ ناھايىتى كۆپ دۇنيا ۋە ھەددى - ھېساپسىز جاۋاھىرلار بولسىمۇ، تەۋەككۈل ۋە قانائەت مۇقامىدىن ۋاز كېچىشىم توغرا ئەمەس. ئەمدى بۇنى ئوز ئېھتىياجىمغا بېقىپ سەرپ قىلىشىم كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ. غايىپتىن ھاسىل بولغان بۇ كارامەتنى قاراڭ. ئەمما چوڭ ئاكىسى سەلتەنەت تەخ

تىدە ئولتۇرغان بولسىمۇ، پۇقرالارنىڭ ۋە لەشكەرلەرنىڭ ئىشى بىلەن كارى يوق ئىكەن. قولىغا قانداق مال - دۇنيا كىرسە ئۇنى ئىسراپ قىلىپ تۈگىتىدىكەن. ئاداۋەت ساقلىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىنىسىنىڭ ھالىدىنمۇ خەۋەر ئالمايدىكەن. بەلكى ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىشكىمۇ نومۇس قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوڭ دۈشمەن قوشۇنى ھەددى - ھېساپسىز لەشكەرلەر بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ دىيارىنى تارتىۋالماقچى بولۇپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا شاھزادە خەزىنىسىنىڭ قۇرۇق، ئەسكەرلىرىنىڭ روھى چۈشكۈن ۋە ھالى خاراپ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاتىسى نىشان بەرگەن ھېلىقى خەزىنىگە بېرىپ، لەشكەر ۋە ئەمەلدارلىرىغا ئۇ مال - دۇنيانى سەرپ قىلىپ، ئۇلارنى جەڭگە ئاتلاندۇرماقچى بولۇپتۇ. چۈنكى لەشكەرلەر بولمىسا يۇرت ئالغىلى ۋە مال - دۇنيا بولمىسا لەشكەر يىققىلى بولمايدۇ - دە!

مەملىكەتلەر قولىغا كەلگەي بولسا ئەگەر سەندە لەشكەر،
لەشكەر ساڭا بەرگۈسى جان، ئەگەر چاچساڭ ئالدىغا زەر.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاتىسى كۆرسەتكەن خەزىنىنى قانچە ئاختۇرغان بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ھېچنىمە چىقماپتۇ. ھەر قانچە ھەركەت قىلغان بولسىمۇ مەھرۇملۇقتىن باشقا مەنپەئەت بەرمەپتۇ.

كىشى يوق نەرسىنى "تاپىمەن" دېگەي،
ئىستىگەي، تاپالماي نادامەت يېگەي.

ئاخىرى خەزىنىنى تاپالماي پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، تۇرلۇك مادار ۋە چارىلار بىلەن لەشكەر تارتىپ، دۈشمەننى قايتۇرۇش ئۈچۈن شەھەردىن تاشقىرى چىقىپتۇ. ئىككى تەرەپ بىر بىرىگە قارشى سەپ تۈزۈپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاداۋەت بۇلۇتى جەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاۋاسىغا ئاغدۇرۇلۇپتۇ ۋە ئاداۋەت ئوقىنىڭ يامغۇرى خالايىق
ئۈستىگە بىھېساپ يېغىشقا باشلاپتۇ.

يېغىپ لەشكەر بېشىغا ئوق مولدۇرى،
ئېقىپ قان يەر يۈزىنى لالە تۇتتى.

تويۇقسىز دۈشمەن لەشكىرىدىن بىر ئوق ئۇچۇپ كېلىپ، شاھ-
زادىنىڭ يۈرىكىگە تېگىپتۇ-دە، شاھزادە يىقىلىپتۇ. بۇ تەرەپتىنمۇ
بىر ئوق چىقىپ دۈشمەن پادىشاسىغا تېگىپ ئۇنىمۇ يىقىتىپتۇ.
پادىشالارنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئىككى تەرەپ قوماندانسىز قاپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ سەردارلىرى مەسلىھەتلىشىپ: "ئۇرۇشۇ-
ۋەرسەك بۇ پىتنە ئوتى ئالەمنى قاپلاپ، ئىككى مەملىكەت خەلقىنى
كۆيدۈرۈپ، تۈتۈنى پەلەكتىن ئېشىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ" دېيى-
شىپ، ئۇرۇشنى توختىتىپ، پادىشا ئەۋلادىدىن سەلتەنەت تەختىگە
ئولتۇرغۇدەك كىشى چىقسا، ئىككى تەرەپ بىرلىكتە ئۇنى پادىشا
قىلماقچى بولۇشۇپتۇ. ئاخىرى ھەممەيلەن بىرلىكتە: "كىچىك
شاھزادە ئۆزىنى تەۋەككۈلگە تاشلىغان كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ
بېشى شاھلىق تاجىغا سازاۋەر بولسا ۋە ئۇنىڭ سائادەت ئۆزۈ-
گىگە جاھاندارلىقتىن كۆز قويۇلسا مۇناسىپ كېلىدۇ" دېگەن
قارارغا كېلىشىپتۇ. شۇ مەسلىھەت بويىچە مەملىكەت چوڭلىرى
كىچىك شاھزادە ماكان تۇتقان ئىبادەتخانا ئالدىغا بېرىشىپتۇ
ۋە ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۇنى يالغۇزلۇق ماكانىدىن ئاپىرىپ
سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. تەۋەككۈل قىلغانلىقى ئۈچۈن
ئۇ ھەم ئاتىسىدىن قالغان خەزىنىنى قولغا كىرگۈزۈپتۇ ھەم
پادىشالىق تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، رىزىق-نېسىۋە
تېپىش ھەرىكەت ۋە كەسىپكە باغلىق ئەمەسلىكى ۋە تەۋەككۈلغا
يۆلىنىش كەسىپكارغا ئىشىنىشتىن ياخشىراق ئىكەنلىكى ھەققەتتۇر.

ئۆزنى تەڭرىگە قويۇش كۆپ ياخشىدۇر،
بارچە كەسپىڭدىن تەۋەككۇل خوپ ساڭا.
قىل تەۋەككۇل بىھۇدە ھەركەتنى قوي،
سەندىن ئارتۇق رىزقى ئامراقتۇر ساڭا.
توختىساڭ رىزقىڭ كېلىپ تۇرغاي چوقۇم،
خۇددى ئاشىقتەك ئۆزىن ئۇرغاي ساڭا.

شۇنىڭ بىلەن ئوغلى ھىكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاتىسى شۇنداق دەپتۇ:

— دېگەنلىرىڭغۇ راست ئوغلۇم، ئەمما بۇ ئالەمنى ۋاستە دۇنياسى ۋە سەۋەب ئالىمى دەيدۇ. يەنى بۇ دۇنيادا ۋاستە ۋە سەۋەب بىلەن ئىش پۈتكۈزگىلى بولىدۇ. خۇدا دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى شۇنداق تەرتىپتە ياراتقانكى، مۇتلەق كۆپ تەلەپنى سەۋەبسىز ھاسىل قىلمايدۇ. شۇڭا كەسىپنىڭ مەنپەئەتى تەۋەككۇلنىڭ پايدىسىدىن ئارتۇق بولىدۇ. چۈنكى تەۋەككۇل قىلغاندا ئەنە شۇ تەۋەككۇل قىلغۇچىدىن باشقا كىشى پايدا كۆرەلمەيدۇ. كەسىپ ۋە سەۋەب قىلغاندا بولسا، بۇنىڭ ھەم ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا پايدىسى تېگىدۇ. باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش دېگەن ناھايىتى ياخشى ئىش. دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگەن كىشىدۇر. ئەگەر بىر كىشىنىڭ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگىدەك قۇدرىتى بار تۇرۇقلۇق كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزمىسە، بەلكى ئۆزى باشقىلاردىن مەنپەئەتلەنسە ئۇنداق كىشىگە ئەيىب ئەمەسمۇ؟ سەن ھېلىقى قارچۇغا بىلەن قۇزغۇننىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ، سەۋەب ۋە ئىش-ھەركەت قىلىشتىن توختاپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن، خۇدانىڭ غەزىۋىگە ئۇچرىغان دەۋرىشنىڭ ھىكايىسىنى ئاڭلىمىغانمۇسەن؟

— ئۇ قانداق ھىكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغلى.

— بىر جايدا بىر دەرۋىش بار ئىكەن، — دەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ ئاتىسى.

# ھەركەتنى تاشلىغان دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى

بىر جايدا بىر دەرۋىش بار ئىكەن. ئۇ ھەممىشە تەڭرىنىڭ قۇدرىتىنى، رەھمىتىنىڭ نام-نىشانلىرىنى ئويلاپ پىكىر يۈرگۈزىدىكەن. تاسادىپەن بىر كۈنى تېز ئۇچىدىغان بىر قارچىغىنى كورۇپ قاپتۇ، قارىسا، قارچۇغا چاڭگىلىدا بىر پارچە گوشنى كوتىرىپ، دەرەخ ئۈستىگە قونۇپتۇ، دەرۋىش ئۇنىڭغا بىر ھازاغىچە قاراپ تۇرسا، ھېلىقى قارچۇغا دەرەخ ئۈستىدىكى ئۇۋا ئىچىدە قانات-قۇيرۇغى يوق ياتقان بىر قۇزغۇننىڭ ئاغزىغا چاڭگىلىدىكى گوشنى يۇتالىغۇدەك قىلىپ پارچىلاپ سېلىۋاتقۇدەك. قۇزغۇن ئۇ گوشنى ھە دەپ يۇتۇۋاتقۇدەك.

"سۇبھانالل،— دەپتۇ دەرۋىش،— ئاللاتائالانىڭ ماۋۇ ئىنايىتى ۋە مەرھەمىتىنى قارىمامدىغان! قانىتىسىز ۋە قۇيرۇقسىز، ئۇچۇشقا قۇۋۋىتى ۋە جەۋلان قىلغىلى شەۋكىتى يوق، ئۇۋىسىدا ياتقان بىر قۇزغۇننىمۇ رىزقىسىز قويماپتۇ مانا!

ھەق ياراتتى يەر-يۈزنى ئامغا ئەيلەپ داستىخان،
بار ئۇنىڭدا دوست-دۈشمەنگە ھەم يېتەرلىك رىزقى نان.
يايدى كەڭرى داستىخاننى ئەلگە ئەيلەپ مەرھەمەت،
تىلسىم ئىچرە كۆھقاپتا تاپتى سۇمرۇغ تەربىيەت.

دىمەك مېنىڭ رىزقى ئىزلەپ بىر يەردە تۇرالماسلىقىم ۋە بېشىمنى ھەرىس باياۋانىدا قويۇپ، تۈرلۈك ھىلە بىلەن بىر ناندىن ئارتۇق رىزقنى قولغا كەلتۈرەلمەسلىكىم ئۆزەمنىڭ ئېتىقادىمنىڭ سۇسلۇقىدىن ئىكەن-دە!

تەڭرى بەرگەن رىزقىدىن ئەيلەپ گۇمان،
تولا يۈردۈم لوقما ئىزلەپ ھەر قايان.

ھەر نىكىم تەگرى تائالا يەتكۈزۈر،
ئاز ۋە كوپ ھەر قانچە بولسا بەس ئىرۇر.

رىزقىمىزنى خۇدا ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇندىن كېيىن ئەمدى پاراغەت بېشىنى خىلۋەت تىزىغا قويۇپ، كەسىپ بەتالىرىدىكى جۇرئەت ھەرپىنى قانائەت تىغى بىلەن ئويۇپ تاشلىغىنىم ياخشى ئىكەن. شۇندىن كېيىن ئۇ دۇنيا ئىشلىرىنىڭ سەيى-سەۋەپلىرىدىن قولىنى يۇيۇپ، بىر بۇلۇڭنى ئۆزىگە ماكان قىپتۇ ۋە ھەقتائالانىڭ بىئىللەت ئىنايەتلىرىگە كوڭۇل باغلاپتۇ. دىمەك ئۇ سەۋەپنى تاشلاپ سەۋەپنىڭ ئىگىسىگە كوڭۇل باغلاپتۇ-دە، ئۈچ-تۆت كېچە-كۈندۈز ھىچقايەرگە چىقماي، ئەشۇ خىلۋەتتە ئولتۇرۇپتۇ. ئەمما ھىچ يەردىن ئۇنىڭغا رىزق يېتىپ كەلمەپتۇ. نەتىجىدە ئۇ ئاچلىقتىن سائەتسېرى زەئىپلىشىپ، ئىمجان بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنى زەئىپلىشىپ شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، تائەت-ئىبادەتمۇ قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئاخىرى خۇدا ئۇ دەرۋىشنىڭ قېشىغا پەيغەمبەر ئەۋەتىپتۇ. پەيغەمبەر ئۇنىڭغا غايەت غەزەپ بىلەن شۇنداق دەپتۇ: ھەقتائالا ساڭا: "ھەي بەندەم! بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى سەۋەپ ۋە ۋاستە ئۈستىگە قويغاندۇرمەن. ئىشلارنى سەۋەپسىز پۈتتۈرۈشكە قۇدرىتىم يەتسىمۇ، ھېكمىتىم شۇنى تەقەززار قىلىدۇكى، ئىشلارنىڭ تولاراغى سەۋەپ ۋە ھەركەت بىلەن كىپايەت تاپسا، خالايىقلار ئارىسىدا پايدا يەتكۈزمەك ۋە پايدا كورمەك قائىدىسى باقى تۇرغاي" دەپ ئېيتىدۇ. بەس، ئەگەر سەن ئۆزگىلەرنىڭ پايدىسىغا سەۋەپ بولالىساڭ ئاندىن ئۇلارنىڭ سەۋۋىدىن سەنمۇ پايدا ئالغايسەن.

قارچۇغىدەك سەنمۇ ئۇۋ قىل رىزقى تاپ،
قۇش تەرەپكە ئاچمىغىن كور قاغىدەك.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ھەممە كىشىلەر سەۋەب پەردىسىنى ئېچىپ تاشلاشقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ. كىشىگە يارغۇدەك تەۋەككۈل شۇكى، سەۋەبنى قولدىن بەرمەي، تەۋەككۈل مۇقامىدا چىڭ دەسسەپ تۇرۇش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا "كاسىپ كىشى خۇدانىڭ دوستىدۇر" دېگەن سۆزنىڭ پەيزىدىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ. بۇزرۇكلاردىن بىرى: "كەسىپ قىلغىن كاھىل① بولمىغايسەن ۋە رىزقىڭنى خۇدادىن بىلگىن، كاپىر بولمىغايسەن" دېگەن ئىكەن.

سەن تەۋەككۈل بىرلە سۇسلۇق قىلمىغىن،
"كەسىپ ئىگىسى تەڭرىنىڭ دوستى" دېگىن.
قىل تەۋەككۈل ھەم شۇغۇللان كەسىپ بىلەن،
ئىش قىلىپ ئاندىن خۇدايىمغا يۆلەن.

بۇنى ئاڭلىغان ئوغلى شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ گەپچە، پۈتۈنلەي تەۋەككۈل قىلىشقا بولمايدىكەن، بىر كەسىپ قىلماي چارە يوقكەن. ئۇنداقتا بىز كەسىپكە مەشغۇل بولساق خۇدايىتائالا كەسىپ ۋاستىسى بىلەن بىزگە سېخىلىق خەزىنىسىدىن مال - دۇنيا بەرسە، ئۇنى قانداق تۇتماق كېرەك؟

— مال - دۇنيا جۇغلىماق ئاسان. لېكىن ئۇنى ئاسراپ ساقلاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدا ئېلىش قىيىن ئىش، — دەپتۇ ئاتىسى، — ئەگەر كىشىنىڭ قولىغا دۇنيا كىرسە ئىككى ئىش قىلىش لازىم. بىرىنچىسى، ئۇنى يوقىتىشتىن ۋە بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراشتىن خاتىرجەم بولغۇدەك دەرىجىدە ساقلاش كېرەك. ئوغرى - قاراقچى ۋە ئالدامچىلارنىڭ قولى ئۇنىڭغا يېتەلمەسلىكى كېرەك. چۈنكى زەرنىڭ دوستى كۆپ ۋە زەردارنىڭ دۈشمىنى ئاز ئەمەس.

① كاھىل — سۇس، بوشاڭ.

پۇلسىزلارنى يولدا ئۇرماس قاراقچى،
ھەشەمەتلىك زەردارلارنى ئۇرغۇسى.

يەنە بىرى شۇكى، پايدىسىدىن خەجلەش كېرەك ۋە ئەسلى سەر- مايىنى يوقاتماسلىق كېرەك. چۈنكى پايدىسىغا قانائەت قىلماي، سەرمايىدىن خەجلىسە، تېز ئارىدا ھەممە دۇنياسى شامالغا سورۇلىدۇ.

كەلمىسە دەريا سۈيى ھەردەم ئېقىپ،
سۇ تۈگەپ دەريا قۇرۇق قالغاي بېقىپ.
تاغدىن تۇپراق ئېلىشنى قىلساڭ داۋام،
ئورنىغا گەر قويمىساڭ بولغاي تامام.

ئەگەر ھەر كىمنىڭ تاپاۋىتى بولمىسا، لېكىن بارىنى خەجلەۋەرسە ياكى تاپاۋىتى بولسىمۇ خىراجىتى تاپاۋىتىدىن ئارتۇق بولسا، ئاقىۋەت ئۇ مۇھتاجلىققا چۈشۈپ قالىدۇ. بەلكى ھىلىقى غەم بى- لەن ئۆزىنى ھالاك قىلغان تەلەپكار چاشقاندەك ھالاكەتكە ئۇچ- رىشىمۇ مۇمكىن.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغلى.

— بىر دىخان بار ئىكەن، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ ئاتىسى.

## بىغەم چاشقاننىڭ ھىكايىسى

— بىر دىخان ئېھتىيات يۈزىسىدىن بىر قىسىم بۇغدايىنى يوشۇرۇپ قويغان ئىكەن ۋە ئۇنىڭغا پەقەت قول تەككۈزمەي، ئەڭ زورۇر ئېھتىياجى چۈشكەندە ئىشلەتمەكچى بولغان ئىكەن. ناھايىتى ھىرىس بولغانلىقىدىن ئاسمان زىرائەتگاھىدىكى ھۆكەرنىڭ بېشىغا چاڭگال سالىدىغان ۋە ئاي خامىنىدىن دان ئوغرىلايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر چاشقان نەخ ھىلقى بۇغداي يىغىشتۇرۇلغان ئورنىڭ بىر بۇر-
جىگىدە ئۇۋا تۇتقان ئىكەن. ئۇ چاشقان ھەر تەرەپكە تۇشۇك
كولاپ ئۆزى خالىغان جايغا بېرىپ يۈرۈپ، بىر كۈنى ھىلىقى
ئورنىڭ ئاستىدىن ئۈستىگە قارىتىپ بىر تۇشۇك ئاچقان ئىكەن،
بۇغدايغا كامار ئېچىلىپ، خۇددى ئاسماندىن يۇلتۇزلار چۈشكەندەك
ئوردىكى بۇغدايلار ئۇنىڭ بېشىغا چېچىلىپتۇ. چاشقان: "رىزقى ئاس-
ماندا" دېگەن سوز راست ئىكەن - دە!" دەپ ئويلاپ، شۇنچە كوپ
نازۇنېمەتلەرنى تاپقىنىغا شۈكرى قىلىپ، شۇندىلا قىممەتلىك گوھەرلەر
قولغا كەلگىنىگە خوشال بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنى قارۇن ۋە پىرئەۋن
بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ، لاپ ئۇرۇپ پو ئېتىشقا باشلاپتۇ. شۇ
مەھەللىنىڭ چاشقانلىرى ئۇنىڭ شۇنچىلا كوپ نەرسىلەرنى تاپقى-
نىدىن خەۋەردار بولۇشۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بەل باغلى-
شىپتۇ ۋە ئۇنى يۇقۇرى ئورۇنغا چىقىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ دوست ۋە
دۈشمەنلىرى ھەممىسى قېشىغا كېلىپ، خۇشخۇيلۇق كورسىتىشىپ،
خوشامەت قىلىشىپ، ئۇنى ماختاپ كوڭلىگە ياقىدىغان گەپلەرنى
تېپىپ قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ چاشقانمۇ خۇددى ساراڭغا ئوخشاش
ئاغزىغا كەلگەننى سوزلەپ، لاپ ئۇرغىلى باشلاپتۇ ۋە تۇشۇكتىن
چۈشۈۋاتقان بۇغدايلارنى تۈگىمەيدۇ دەپ ئويلاپ، چاشقانلارغا
ئايماي ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋېرىپتۇ. لېكىن ئەھۋالنى مۇلاھىزە
قىلىپ، كەلگۈسىنى ئويلاشقا ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەپتۇ ۋە بۇگۈننىلا
كورۇپ، ئەتە توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزمەپتۇ. ئۇ خۇددى: "ساقى-
يا مەي بەر بۈگۈنكىم كىم كورۇپتۇ ئەتىنى" دېگەنىدەك ئەيش -
ئىشرەت بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتقان مەزگىلدە، سىرتتا قەھەتچىلىك
بولۇپ، كىشىلەر تەڭلىكتە قېلىپ، ئاچلىق ئوتى كىشىلەر كوكسىدە
يانغان پەيت ئىكەن. ھەممە يەر ئاچلىقتىن "نان" دەپ جان
بېرىشىۋاتقان كىشىلەر بىلەن تولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچ
كىمنىڭ كارى يوق ئىكەن. كىشىلەر ئوي، مال - مۈلۈكلىرىنى ئاش-
لىققا تېگىشىمەن دېسىمۇ ھېچكىم ئالمايدىكەن.

نان كورمەكچى بولۇپ كىشى قىلسا ھەۋەس،
ئۇستۇن قاراپ ئاي ۋە كۈننى كورەتتى بەس.
تەڭلىك ئىچرە قالغان ئىدى بارچە كىشى،
ئاچلىقتىن جان بەرمەك ئىدى خەلق ئىشى.

ئۆز دولىتىگە مەغرۇر بولغان چاشقان نازۇ نېمەتلەرنى توكۇپ تاشلاپ، قەھەتچىلىكتىن قىلچە بىخەۋەر، ئىززەت بىساتىدا ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. قەھەتچىلىك جىنىغا يەتكەن دىخان ئاخىرى ئورنى ئېچىپتۇ. بۇغداينىڭ كەمەلەپ كەتكەنلىكىنى كورگەن دىخان ئاھ ئۇرۇپ، پىغان چېكىپ، پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، يەنە قالغىنىغا شۈكرى قىلىپ، ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى سۈپۈرۈپ سىرىپ ئېلىپ كېتىپتۇ. دىخان بۇغداينى ئېلىۋاتقان پەيتتە، ھىلىقى ئۆزىنى پۈتۈن ئورنىنىڭ خوجايىنى ۋە ئاشلىقنىڭ ئىگىسى دەپ لاپ ئۇرىدىغان چاشقان ئۇيقۇدا ئىكەن. باشقا چاشقانلارمۇ ئۆزلىرىگە قاتتىق تەمەنا قويغانلىقىدىن، دىخاننىڭ ئورىدىن بۇغداي ئېلىۋاتقان شەپىسىنى ئاڭلىماپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ھۇشيار چاشقان بار ئىكەن. ئۇ شەپىنى ئاڭلاپ گۇمانلىنىپ، ئۇۋىسىدىن ئورنىنىڭ قىرغىغا چىقىپتۇ ۋە توشۇكتىن قاراپ دىخاننىڭ ۋەقەسىنى كورۇپ، ھودۇققان پېتى يۈگۈرۈپ كىرىپ يارانلىرىنى خەۋەردار قىلىپ قويۇپلا ئۆزىنى بىر چەتكە ئاپتۇ. باشقا چاشقانلارمۇ بىردىن بۇلۇڭغا مۆكۈنۈشۈپتۇ، ئۇلارنىڭ نازۇ نېمەتلىرىنىڭ ئىگىسى بولغان چاشقان ئۇخلىغان يېرىدە يالغۇز قېلىۋېرىپتۇ.

دوستلىرىڭ دوست بولغۇسىدۇر ئىشىڭغا،
يەتسە مىھنەت بىرى كەلمەس قېشىڭغا.
بولسا كىم مىھنەتتە دوست، ئۇ جانغا دوست،
دوست ئەمەس دولەتتە دوست، ئۇ نانغا دوست.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاشىنالىق بولسا ئۆزنىڭ بېشى ئاش،
تاشلا ئىلكىڭدىن ئۆزنى قىلما تالاش.

بۇ ۋەقەدىن بىر كۈن ئۆتكەندە، ئۆيقۇدىكى چاشقان راھەت ياستۇغىدىن باش كوتىرىپ، ئوڭ ۋە سولغا قاراپتۇ. لېكىن مۆلا-زىملىرىدىن ھېچ قايسىسى كورۈنمەپتۇ. ئالدى ۋە كەينىگە قاراپتۇ، ئۇلاردىن نىشان تاپالماپتۇ-دە، پىغان چېكىپتۇ:

ئاشىنالار ماڭا دائىم قىلىشاتتى جان پىدا،
نە بالا بولدى ئۇلارغا، بوپتۇغۇ مەندىن جۇدا.

ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تەھقىقلەش ئۈچۈن تالاغا چىقىپتۇ. قارىسا خالايىقلار ئىچىدە قەھەتچىلىك بولغان ئىكەن. بۇنى كور-گەن چاشقان: "بۇ ئاچارچىلىق پەيتىدە، بۇغدايىنى ئىسراپ قىل-ماي، ياخشى ساقلىشىم لازىمكەن" دەپ ئويلاپ دەرھال ئۇۋىسىغا يېنىپ كىرىپ، توشۇككە قارىسا، بۇغدايىنىڭ ئەسىرى كورۈنمەپتۇ. ئورا ئىچىگە چىقىپ قاراپمۇ بىر كۈنلۈك ئوزۇق بولغۇدەك بىر نەرسە تاپالماي، تاقىتى-تاق بولۇپ، ئىزتىراپ قولى بىلەن جان ياقىسىنى تۇتۇپ، سەۋدايى بېشىنى يەرگە شۇنداق ئۇرۇپتۇكى، مېڭىسى چاچراپ چىقىپتۇ. بەتتەخجىلىكنىڭ كاساپىتى ۋە تەلەپكار-لىقنىڭ شۇملۇغىدىن ھالاكەتكە ئۇچراپتۇ.

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، ھەرقانداق كىشى كىرىمگە بېقىپ چىقىم قىلىش كېرەك. دەسمايىسىنى ياخشى ساقلاپ ئۇنىڭ پايدىسىدىن مەنپەئەتلىنىش كېرەك.

ئەگەر كىرىم بولمىسا قىل چىقىمنى كەم،
چىقىم كىرىمىڭگە نەزەر ئەيلە ھەردەم.

ئاتىسى بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا كىچىك ئوغلى كېلىپ، ئالدى بىلەن ئاتىسىغا دۇئا قىلىپتۇ، ئاندىن ئۆز سۆزىنى زىننەتلەپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، ئاتا! ئەگەر كىشى مال - دۇنياسىنى ئۆز قائىدىسى بىلەن مۇھاپىزەت قىلسا، ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ پايدا قولغا كەلسە، ئەنە شۇ پايدىسىنى قانداق تەرىقىدە خەرج قىلسا ياخشى بولىدۇ؟

— ھەممە ئىشتا ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ياخشى، بولۇپمۇ مەئىشەت بابىدا شۇنداق قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر. شۇڭا مال - دۇنيا تېپىپ، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ، پايدا تاپقان كىشى مۇنۇ ئىككى قائىدىگە رىئايە قىلىش كېرەك: ئۇنىڭ بىرى شۇكى، ئىسراپ قىلىش ۋە بىھۇدە خەرج قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىش كېرەك. بۇنداقتا پۇشايمان يەپ قېلىشتىن ۋە خالايىقنىڭ تەنە قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ مال - دۇنياسىنىڭ ھېساۋاتىنى بىلمەي، ئىسراپ قىلىش شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىندۇر. ئىسراپخورلار شەيتاننىڭ تۇغقانلىرىدۇر.

گەرچە بولمايدۇ بېخىل ئىككى جاھاندا يۈزى ئاق،
شۇندىمۇ بېخىل ئىشى ئىسراپ قىلىشتىن ياخشىراق.

ئىككىنچىسى شۇكى، بېخىللىق بەتنامىدىن ئۆزىنى يىراق ساقلىشى لازىم. بېخىل كىشى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يامان ئاتلىق بولىدۇ. دۇنيادار بولغان كىشى مۇمسىك بولۇپ قالسا، ھەممە ۋاقىت خالايىقنىڭ تەنە ئوقىغا نىشان بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۆزىگە دۈشمەن كۆپەيتىۋالىدۇ. بېخىلنىڭ دۇنياسى ئاقىۋەت بۇلاڭ - تالاڭغا كېتىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شۇكى، بىر چوڭ كۆل بولسا، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئېرىقلاردىن ھەمىشە سۇ كىرىپ تۇرسا، لېكىن ئايىغى چىقمىسا، يىغىلغان سۇ كۆلگە پاتماي قىرغاقتىن تېشىپ

ھەر تەرەپكە يار ئىلىپ كىتىپ، ئاخىرى كولمۇ بىر يولى ۋەيران بولۇپ، ئەتىراپتىكى خەلقلەرنىمۇ پاراكەندە قىلماي قويمايدۇ. بىخىلىنىڭ قولىدىكى مال - دۇنيا يا بىرەر ھادىسە بىلەن ياكى مىراسخور قولىغا چۈشمەك بىلەن غەيرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كىتىدۇ.

كەتكۈسىدۇر بىخىلنىڭ مىلى،
بولۇپ تاراج ئىلكىدە بەرباد.
ياكى چۈشۈپ ۋارىس قولىغا،
لەنەت تىلىدا قىلغاي ئۇنى ياد.

سودىگەرنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ نەسىھىتىنى ياخشى ئاڭلاپ، سوزىنىڭ مەنپەئەتى بارلىغىنى چۈشىنىپتۇ ۋە بىرى بىردىن كەسىپ قىلىشقا تۇتۇنۇپتۇ. چوڭ ئوغۇل سودىگەرچىلىككە قەدەم قويۇپ، ئۇزاق سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇنىڭ يۈك ئارتىدىغان ئىككى ئوكۇزى بار ئىكەن، ئۇ ئوكۇزلەر بىر ئانىدىن تۇغۇلغان بولۇپ، شۇنداق كۈچلۈك ئىكەنكى، پەلەكنىڭ كۈلرەڭ ئىتى ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە ھەرگىزمۇ باراۋەر كېلەلمەيدىكەن، چەرخ شىرى ئۇلارنىڭ ھەيۋەت ۋە سالاپەتلىرىنىڭ ئالدىدا خۇددى ئوغرى مۈشۈكتەك بولۇپ قىلىپ، تىرناقلىرىنى پەنجىسىنىڭ ئىچىدىن چىقىرالمايدىكەن.

ھەيۋىتىدىن مىسلى پىل، ھەملىسىدىن مىسلى شىر،
ھەم كورۇنمەككە مۇلايىم ھەم مىجەزىشتا بىنەزىر①.

ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى شەنزەبە ۋە بىرىنىڭ ئىسمى مەنزەبە ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خوجايىنى ئوزى خەۋەر ئىلىپ، بىقىپ تۇرىدىكەن. ئەمما سەپەر مۇددىتى ئۇزاققا تارتى-

① بىنەزىر ــــ تەڭدىشى يوق.

لىپ كېتىپ، ناھايىتى كۆپ يوللارنى باسقاچقا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا بىر ئاز نۇقسان يېتىپ، سەل ئاجىزلىشىشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا، يول ئۈستىدە چوڭ سۇ ئۇچراپ، شەنزەبە لايغا پېتىپ قاپتۇ. خوجايىن بۇيرۇق بېرىپ، كىشىلەرگە ئۇنى ناھايىتى ھىلە ۋە چارىلەر بىلەن تارتىپ چىقىرىشىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ ماڭغۇدەك ماجالى قالمىغانلىغىنى كۆرگەن خوجايىن ئۇنى بېقىش ئۈچۈن بىر كىشىنى ياللاپ تەيىنلەپ: "ئوبدان بېقىپ، قۇۋۋەتكە كىرگەندە كارۋان ئارقىسىدىن ماڭا يەتكۈزۈپ بەرگىن" دەپ تاپىلاپ قويۇپ كېتىپتۇ. كىراكەش ئوكۈزنى ئېلىپ قېلىپ، ئىككى كۈن بېقىپتۇ، كېيىن يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ، ئوكۈزنى تاشلاپ، كارۋان ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپتۇ ۋە خوجايىنغا "ئوكۈز ئۆلۈپ قالدى" دەپ يالغان ئېيتىپتۇ. ئۇ خەۋەر يېتىپ بارغان جايدا، مەنزەبە ناھايىتى بەك ھېرىپ زەئىپلىشىپ كەتكەنلىگى ئۈچۈن ۋە شەنزەبەنىڭ پىراق ئىشتىياقىدا ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ. ئەمما شەنزەبە ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە قۇۋۋەتكە كەپتۇ ۋە ئوتلاق ئىزلەپ ھەر تەرەپكە مېڭىپ يۈرۈپ، بىر ئورمانلىققا بېرىپ قاپتۇ. بۇ ئورمان ھەر تۈرلۈك خۇشپۇراق گۈللەر بىلەن تولغان، رەڭگا-رەڭ گۈللەرنىڭ گۈزەللىگىدىن ئۇنىڭ گۈلزارى جەننەتنىڭ رەشكىنى كەلتۈرىدىغان دەرىجىدە چىرايلىق ئىكەن. ئاسمان ھەرقاچان ئۇنىڭغا ھەيرانلىق كوزىنى ئېچىپ نەزەر سالىدىكەن.

گۈل-چېچەكلەر ھەم ئېقىن سۇلار بىلەن ئالەمدە تاق،
باشقىچە بىر ياخشى جەننەتكى يامان كوزدىن يىراق.

شەنزەبەگە ئۇ جاي يېقىپ قاپتۇ-دە، شۇ جايدا تۇرۇپ بىرنەچچە كۈن ھېچنىمىدىن غەمسىز ھالدا ئورمانلىقتا ئوتلاپ، تازا سەمىرىپ كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپتۇ. كوڭۈللۈك ئەيش-ئىشرەت ۋە سەيلى-تاماشانىڭ لەززىتى بىلەن كوڭلى ئېچىلغان شەنزەبە-

نىڭ خۇشاللىقى چەكسىز بولغانلىقتىن بىر موردىگۇسى كەپتۇ-دە، ناھايىتى قاتتىق ئاۋاز بىلەن سوزۇپ بىر مورەپتۇ. ئۇ ئورمانلىق ئىچىدە ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە شەۋكەتلىك بىر شىر بار بولۇپ، ئۇ ئورمانلىقتىكى بارلىق ۋەھشى ھايۋانلار ئۇنىڭ خىزمىتىگە بەل باغلاپ، ئىتائەت بەلۋىغىنى بېلىگە ئورىغان. بارلىق ياۋايى جاندارلار ئۇنىڭ پەرمان خېتىگە بويسۇنۇش بېشىنى قويۇپ تۇرغانلىقىدىن، ئۇ شىر ياشلىق غۇرۇرى ۋە ھاكىمىيەت ئىپتىخارى بىلەن پەخىرلىنىپ، خادىملىرىنىڭ كوپ ۋە مۇلازىملىرىنىڭ سانسىزلىقى سەۋەبىدىن جاھاندا "مەندىن چوڭراق جانىۋار يوق" دەپ ئويلايدىكەن. ئوزىنىڭ تېز ئىتىلىدىغانلىقى ۋە چاققانلىقى كۈچلۈك بولغانلىقىدىن، پىلىنىمۇ كوزىگە ئىلمايدىكەن. لېكىن ئۇ ئوز ئومرىدە ئوكۇزنى ھەرگىز كورۇپ باقمىغان ئىكەن، ھەتتا ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەن. شۇڭا شەنزەبەنىڭ موردىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ بەكمۇ قورقۇپتۇ. ئەمما: "مېنىڭ قورققانلىقىمنى قول ئاستىمدىكىلەر بىلىپ قالمىغىدى" دەپ ئەنسىرەپ، ھېچ ياققا قارىماي ئورنىدا مەھكەم ئولتۇرۇپتۇ. شىر پادىشانىڭ قېشىدا ئىككى چىلبورە بار بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى كەلىلە ۋە يەنە بىرىنىڭ ئىسمى دىمىنە ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى زېرەكلىك ۋە ھۇشيارلىقتا مەشھۇر ئىكەن. ئەمما دىمىنە شوھرەت قازىنىشقا ۋە يۇقۇرى مەرتىۋىگە كوتىرىلىشكە ھېرىس ئىكەن. دىمىنە ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئويلاپ كورۇپ شىرغا قورقۇنچ پەيدا بولغانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ غەمگە پاتقانلىقىنى پەملەپ قاپتۇ.

— پادىشا ناھايىتى ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك كورۇنىدۇ، — دەپتۇ دىمىنە كەلىلەگە، — شۇڭا ئىش-ھەركەتلىرىدە خۇشاللىق ئالامىتى كورۇنمەيۋاتىدۇ. سەن بۇ توغرىدا نىمە دەيسەن؟

يۇزىدە باردۇر مالامەتتىن ئەسەر،
دىل غېمىگە ئۇ دالالەت كورسىتەر.

— سېنىڭ ئۇ ئىش بىلەن نىمە كارىڭ بار؟ بۇنداق سوزنى قىلىشقا نىمە ھەققىڭ بار؟ سەن نەدە، پادىشالىق ئىشلىرى نەدە؟ پادىشالىق ئىشلىرى توغرىسىدا سوزلەشكە نىمە ھەددىڭ سېنىڭ؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۇرۇپتۇ كەلىلە، — بىز مۇشۇ پادىشانىڭ دەرگاھىدا ئوزۇق تېپىپ يەۋاتىمىز ۋە مۇشۇ پادىشانىڭ دولىتىنىڭ سايىسىدا كۇن كورۇۋاتىمىز. سەن شۇنىڭغا قانائەت قىلىپ، پادىشالارنىڭ سىر-ئەسرارلىرىنى تەپتىش قىلىش ۋە ئەھۋاللىرىنى تەھقىقلىشىڭنى تاشلا، چۇنكى بىز تېخى پادىشانىڭ مەخسۇس كىشىلىرىدىن بولالىغىنىمىز يوق ۋە بىزمۇ پادىشا گېپىمىزنى ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدىكى كىشىلەر ئەمەسمىز. شۇنداق بولغاندىكىن، پادىشانىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىپ ئوتكىنىمىز تۇزۇك. ھەرقانداق كىشى ئوزىگە مۇيەسسەر بولمايدىغان ئىشقا قەدەم قويسا، خۇددى مايمۇنغا يەتكەندەك بالا-قازا يېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دىمنە.

— بىر مايمۇن، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ كەلىلە.

## دورامچى مايمۇننىڭ ھىكايىسى

— بىر مايمۇن بىر ياغاچچىنى كورۇپ قاپتۇ. قارىسا ياغاچچى بىر ياغاچنىڭ ئۇستىگە ئولتۇرۇۋېلىپ، ياغاچ ھەرىلىگىلى تۇرغان ئىكەن. ياغاچچىنىڭ ئىككى شىناسى بار بولۇپ، بىرىنى ياغاچنىڭ يېرىقىغا قېقىپ قويۇپ، ياغاچنى ھەرىلەيدىكەن. شىنا قېقىلغاچقا ياغاچنىڭ يېرىقى كېڭىيىپ، ھەرىنىڭ يۇرۇشۇشى ئاسان بولىدىكەن. بىر ئاز ھەرىلىگەندىن كېيىن يېرىقنىڭ كېڭەيگەن يېرىدىن بىراقلاپ ھەرە قادىلىپ يۇرۇشۇشى قىيىنلاشقاندا، ياغاچچى يەنە بىر شىنانى ھەرىگە يېقىنراق يەرگە قاقىدىكەن-دە، ئاۋالقى شىنا بوشاپ چىقىدىكەن. ياغاچچى ئەنە شۇ تەرتىپتە خېلى ئوزۇن ئىش قىلىپتۇ. مايمۇن ئۇنى كورۇپ ئولتۇرسا،

ياغاچچى تۇيۇقسىز ھاجەت ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ بىر چەتكە كېتىپتۇ. مايمۇن يەرنىڭ خالى قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال بېرىپتۇ ـ دە، ياغاچنىڭ ھەرىلىنىپ بولغان تەرىپىگە مىنىپتۇ. بۇ چاغدا مايمۇننىڭ جان يېرى ياغاچنىڭ ئارىسىغا ساڭگىلاپ چۈ-شۈپتۇ. مايمۇن ئىككىنچى شىنانى قاقماي تۇرۇپ ياغاچنىڭ يېرى-غىدىكى بىرىنچى شىنانى شۇنداق بىر تارتىپ چىقارغان ئىكەن، ياغاچنىڭ يېرىغى يۇمۇلۇپ قېلىپ جان يېرى يېرىق ئارىسىدا قىسىلىپ قاپتۇ. بىچارە مايمۇن ئاغرىققا چىدىماي جان ئاچچىقىدا ۋاقىرىۋېتىپتۇ ۋە نالە بىلەن:

ياخشى ئىكەن ھەر كىشى قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشىنى،
قويىدىكەن غەيرىنىڭ ئىشى بالاغا كىشىنى.

"مېنىڭ ئىشىم ياغاچ ھەرىلىمەك ئەمەس، بەلكى مېۋە تەرمەك ئىدى. مەن قولۇمغا پالتا ـ كەكە ئالمەن دېمەي، تاغلار-دا يۈگۈرۈپ ئوينىسام بولاتتى. كىشى ئۆزىنىڭ لايىقىدا ئىش قىلمىسا مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدىكەن" دەپتۇ مايمۇن. شۇ ھالدا تۇرغىنىدا، ياغاچچى كېلىپ قېلىپ ئۇنىڭ جازاسىنى بېرىپتۇ. دېمەك ئۇ ئورۇنسىز ئىشقا ئۆزىنى ئۇرغانلىقىنىڭ كاساپىتىدىن ھالاكەتكە ئۇچراپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن "ياغاچچىلىق ئەمەس مايمۇننىڭ ئىشى" دېگەن گەپ بار. بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، سەن ھەر كىشى ئۆز ئىشىنى قىلىپ، ئۆز ئىقتىدارىدىن تاشقىرى ئىشنى قىلماس-لىقنى لازىملىغىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك. چۈنكى ھەر ئىشنى قىل-دىغان مەخسۇس كىشىلەر بولىدۇ. ئۇ ئىش ساڭا مۇناسىپ ئىش ئەمەس. شۇڭا ئۇنى تاشلا. خۇدا ساڭا ئازغىنا ئۇزۇق ياكى لوقما بەرسە شۇنىڭغا قانائەت قىلىپ غەنىيمەت بىلگىن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان دىمنە شۇنداق دەپتۇ:

— بىر كىم پادىشالارغا يېقىن بولۇشقا ھەركەت قىلسا، ئۇ

پەقەت ئۇزۇق ۋە نەپسى ئۇچۇنلا ئۇنداق قىلمايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق يەردە، ھەر نىمە بىلەنمۇ قوساق تويغۇزغىلى بولىدۇ. پادىشالارغا يېقىن بولماقنى كوزلىگەن ئادەم يۇقۇرى مەنسەپ تېپىشنى كوزلەيدۇ. چۈنكى مەنسەپكە چىققاندىلا دوستلارغا ياخشىلىق قىلىپ مەدەت بېرىپ، ئۇلارنى خوش قىلغىلى بولىدۇ، دۈشمەنلەرنى قەھرى ئوتى بىلەن كويدۇرگىلى بولىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ ھىممىتى پەقەت ئوز نەپسى ئۇچۇنلا بولسا، ئۇ توت پۇتلۇق ھايۋان قاتارىدا سانىلىدۇ. بۇلار خۇددى ئاچ ئىت بىر پارچە سوڭەك بىلەن شات بولغىنىدەك ۋە ئوغرى مۈشۈك بىر بۇردا نان بىلەن خوشال بولغىنىدەك بىر ئىش. مەن شىرنىڭ توشقان ئوۋلىغىلى تۇرغاندا قۇلان ئۇچراپ قالسا، توشقاننى تاشلاپ قۇلانغا يۈگۈرگەنلىگىنى كوردۇم.

ئالى ھىممەت بولكى، ھەق ئالدىدا ھەم خەلق ئالدىدا،
ئىتىۋار-ھورمەت تاپارسەن، ھىممىتىڭگە يارىشا.

ئەگەر بىر كىم يۇقۇرى دەرىجىلەرگە يېتىشكەن بولسا، ئەگەر ئۇنىڭ ئومرى گۈلگە ئوخشاش قىسقا بولسىمۇ ئەل ئۇنىڭ ياخشى سۈپىتىنى يادلايدۇ. ئۇنىڭ نامى ئۇزۇنغىچە ئوچمەيدۇ. ئەگەر بىر كىشىنىڭ ھىممىتى پەس بولسا، ئۇ خۇددى قارىغاينىڭ بەرگىدەك ئۇزۇن ياشىسىمۇ ئۇنىڭ كىشىلەر ئالدىدا ئىتىۋارى بولمايدۇ، قاتارغا ئوتەلمەيدۇ.

ئەل ئىچىدە ياخشى نام ئالغان كىشى ھەرگىز ئولمەس،
شۇ بولغۇسى ئولۇك، ئەل ئۇنى ياخشى دىمەس.

— مەنسەپ ۋە يۇقۇرى مەرتىۋە ئىزلەش شۇنداق كىشىلەرگە يارىشىدۇكى، — دەپتۇ كەلىلە، — ئۇلار ياكى نام-نەسەپلىرى يۇقۇرى بولسا، ياكى بۇزرۇكلارنىڭ ئەۋلادى بولسا، ياكى ئۇلار-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىڭ قابىلىيەت ۋە ئىستىداتلىرى بولسا، ئاندىن ئۇلار مەرتىۋە تەلەپ قىلسا بولىدۇ. بىز ئۇ تەبىقىدىن ئەمەسمىز. شۇڭا ئۇنداق يۇقۇرى مەرتىۋىلەرگە يارىمايمىز.

خۇددى بىر دەريا بولۇشنى ئويلسامىمۇ ھەر نەپەس،
لېكىن مەندەك قەترە دەريا بولمىقى مۇمكىن ئەمەس.

— بۇ ئۇلۇغلۇقنىڭ دەسمايىسى ئەقىل ۋە ئەدەپتۇر، — دەپتۇ دېمىنە ئۇنىڭغا، — ھەرقانچە ئىسىل ۋە يۇقۇرى نەسەپلىك بول-غانلارمۇ ئەقلى كەم ۋە غەيرەتسىز بولسا، چوقۇم يۇقۇرى دەرىجە-دىن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئىگىز ئاسماننى تەسەررۇپ قىلغىلى تاشلا كەمەن،
ئەقىل ـ ئىدراك مەددىتى، چوڭقۇر پىكىر غەيرەت بىلەن.
مەنىلەر دىدارىنى كورگىلى بولماس ھېچقاچان،
گەر كوڭۇلگە كوز ئېچىلمىسا ئۇلۇغ ھىممەت بىلەن.

بۇزرۇكلار: "يۇقۇرى مەرتىۋىگە چىقىش ناھايىتى مۇشەققەت بىلەن قولغا كېلىدۇ، لېكىن ئىززەت ـ ھورمەتتىن خارلىق مەرتى-ۋىسىگە چۈشۈش ناھايىتى ئاسان. بۇ خۇددى ئېغىر تاشنى ناھا-يىتى كوپ جاپا بىلەن ئوشتىنگە ئالغىلى بولسىمۇ، كىچىككىنە ئىشارەت بىلەنلا يەرگە تاشلىۋەتكىلى بولغاندەك بىر ئىش" دېيىش-كەن. شۇنىڭ ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدىيالايدىغان يۇقۇرى ھىممەتلىك كىشىلەرلا ئۇلۇغلۇق مۇقامىغا يېتىشەلەيدۇ.

ئاغى نازۇكلار چىدالماس ئىشق يولىنىڭ دەردىگە،
بۇ جاپا ئىچرە قەدەم قويغاي بالاكەش شىرى مەرت.

ھەر كىشى "خاتىرجەملىك راھەت" دەپ بىر بۇلۇڭدا ئول-تۇرسا، ئاخىرى ئىززەت ـ ئابرويىدىن ئاجراپ، خارلىق كوچىسىدا قان

يۇتىدۇ. ھەر كىم "مەشھۇر بولۇپ ئاياق چىقىرىش ئامەتتۇر" دېگەن سوزدىن قورقمىسا، ئازغىنا ۋاقىتتا مۇرات گۈلى ئېچىلىپ، ئىشرەت تەختىدە ئورۇن تۇتالايدۇ.

رەنجۇ مېھنەت چەكمىسەڭ بولماس سېنىڭ ئورنۇڭ ئىگىز،
لەئلى باغرى بولمىسا قان قەدرى قىممەت تاپمىغاي.

سەن مۇنداق ئىككى ھەمرانىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغان ئوخشايسەن، ئۇلارنىڭ بىرى جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ ئۆزىنى پادىشالىق دەرىجىسىگە يەتكۈزگەن، يەنە بىرى سۇسلۇق ۋە بوشاڭلىق قىلىپ مۇھتاجلىق ۋە پەرىشانلىق ھالىتىدە قېلىۋەرگەن.

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ كەللە.

— ئىككى دوست بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ دېمنە.

## ئىككى دوستنىڭ ھېكايىسى

ئىككى دوست بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى سالىم، بىرىنىڭ ئىسمى غانىم ئىكەن. ئۇ ئىككىيلەن ھەمرا بولۇپ سەپەرگە چىقىپ، نۇرغۇن يوللار ۋە مەنزىللەردىن ئۆتۈپ، بىر تاغ باغرىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ تاغ شۇنداق تاغ ئىكەنكى، تاغنىڭ چوققىلىرى ئېگىزلىكتە ئاسماننىڭ كۆك ئارغىمىغىغا يۈگەن سالىدىكەن، تاغ ئەگىملىرىنىڭ كەڭلىگى بولسا پەلەكنىڭ ئون ئىككى بۇرجەكلىك سارىيىنىڭ سىرتتىن يۈزىگە ئۈزەڭگە بولىدىكەن. تاغ ئاستىدا سۈزۈكلۈگى گۈل يۈزلۈك گۈزەللەرنىڭ رۇخسارىدەك ساپ ۋە تاتلىقلىغى شېرىن سۆزلۈك جانانلارنىڭ شېكەر لېۋىدەك لەززەتلىك بولغان بىر بۇلاق بار ئىكەن. بۇلاق يېنىدا، سۈيى قاشلىرىدىن تېشىپ تۇرىدىغان بىر چوڭ كۆل بار بولۇپ، كۆل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بويىدىكى يوغان دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرى بىر بىرىگە تۇتىشىپ، پۈتۈن كول ئەتراپىغا سايە چۈشۈرۈپ تۇرىدىكەن.

ئېچىلىپ ھەر تەرەپتە گۈل ۋە رەيھان،
باش تارتىپ دەرەخلەر پەلەكتىن ئاشقان؛
سەرۋى ئاياغىغا سۇنبۇل قويۇپ باش،
بىنەپشە سەۋسەن ئالدىدا سۇنۇپ باش.

دوستلار چولدىن كولگە يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى كوڭلىگە يېقىپ قالغاچقا بىردەم ئولتۇرۇپ، ئارام ئېلىشىپتۇ ۋە ھاردۇغى چىققاندىن كېيىن كول ۋە بۇلاقنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ھەر تەرەپكە نەزەر سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئايلىنىپ يۈرۈپ، كولنىڭ سۇ كىرىدىغان تەرىپىدىكى بىر ئاق تاشنى كورۈپ قاپتۇ، تاشقا قۇدرەت قەلىمى بىلەن تۆۋەندىكىچە مەزمۇندا يېشىل خەت يېزىلغان ئىكەن:

"ھەي بۇ مەنزىلگە كەلگەن مۇساپىر! بىلگىنكى، بىز مېھمانغا ياخشى زىياپەت تەييارلاپ قويدۇق. لېكىن ئۇ زىياپەتكە مۇنداق شەرت بىلەن يېتىشەلەيسەن: بېشىڭدىن كېچىپ بۇ بۇلاق سۈيىگە كىرگىن، چوكۇپ كېتىش خەۋپى ۋە غەرق بولۇپ كېتىش خەتىرىدىن قورقماي ئۈزۈپ، ئوزەڭنى نېرىقى قىرغاققا ئالغىن، ئۇ يەردە تاغ تۈۋىگە قويۇلغان بىر تاش شىر بار. ئۇنى ئوشنەڭگە ئېلىپ كوتەرگىن ـ دە، ھەرگىز توختىماي، يۈگۈرگەن پېتى ئارام ئالماي، تاغ بېشىغا چىققىن، ئەگەر جان ئالغۇچى ياۋايى ھايۋانلار كېلىپ جېنىڭغا قەست قىلسىمۇ ۋە تىكەنلەر ھەر تەرەپتىن ئەتلىرىڭنى ئىلسىمۇ توختىمىغىن، تاغ بېشىغا يېتىپ چىقالىساڭ مەقسىدىڭ ھاسىل بولغاي".

تاكى يۈرمەي كىشى مەنزىلگە يەتمەس زادىلا،
مەقسىدىن ھاسىل قىلالماس ئەيلىسەي جاننى پىدا.

گەر قوبۇللۇق شولىسى ئالەم يۈزىنى قاپلىسا،
چۈشمىگەي قابىل كىشىدىن باشقىسىغا شۇ جۇلا.

ئۇلار خەتنى ئوقۇپ مەزمۇنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، غانىم سالىمغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

— كەل بۇرادەر، تىرىشچانلىق قەدىمى بىلەن بۇ خەتەر مەيدانىغا كىرەيلى ۋە بۇ تىلسىمنىڭ ھەقىقىتىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىمكانىنىڭ بېرىچە ھەركەت قىلايلى.

يامۇرات بىرلە پەلەك باشىغا قويغايمىز ئاياق،
ياكى بەرگەيمىز بۇ ئىش يولىدا ھىممەت بىرلە باش.

— ھەي ئەزىز بۇرادەر، — دەپتۇ سالىم، — يازغۇچىسى نامەلۇم ۋە ھەقىقىتى ئېنىق بولمىغان خەتنى كورۈپلا، چوڭ خەتەرگە ئوزىنى ئۇرۇش، خىيالى مەنپەئەت ۋە ۋەھىمىلىك پايدىنى كوزلەپ، ئوزىنى بۇنداق چوڭ ھالاكەتكە سېلىش جاھىللىقنىڭ ئالامىتى. ھەرقانداق ھۇشيار كىشى گۇمانسىز زەھەر يېمىگەندەك، گۇمانلىق تەرياقمۇ يېمەيدۇ ۋە نېسى راھەت ئۈچۈن نەق جاپاغا ئوزىنى تۇتۇپ بەرمەيدۇ.

باراۋەر كەلمىگەي دانا ئالدىدا،
بىر دەملىك غەم بىلەن ئەبىدى راھەت.

— ھەي شەپقەتلىك دوستۇم، — دەپتۇ غانىم ئۇنىڭغا، — جاپادىن قېچىش مۇھتاجلىق ۋە خارلىقنىڭ مۇقەددىمىسى. جاپا - مۇشەققەت بولسا دولەت ۋە ئىززەتنىڭ نىشانىسى.

ئىزلىسە ھەر كىشى ئەگەر راھەتنى،
كوڭلىنى بەخت بىلەن قىلالىمغاي شات.

خۇمارلىق ئاغرىقتىن قورقسا كىمكى،
ئىچەلمەس ھېچقاچان شارابى مۇرات.

يۇقۇرى ھىممەتلىك ئەر ئاسانلىق بىلەن بېشىنى ئەگمەيدۇ ۋە ئازغىنا ئۇزۇقنا قانائەت قىلىپ ئولتۇرىۋەرمەيدۇ. تاكى ئۇلۇغ مەرتىۋىنى قولغا كەلتۈرمەي ئارام ئالمايدۇ. قىيىنچىلىق تىكىنىنىڭ جاپاسىنى چەكمەي تۇرۇپ شاتلىق گۈلىنى ئۈزگىلى بولمايدۇ. مۇرات خەزىنىسىنىڭ ئىشىگىنى رەنجۇ مۇشەققەت ئاچقۇچىنى تۇتماي تۇرۇپ ئاچقىلى بولمايدۇ. مېنى ھىممىتىم ئۇزى يېتىلەپ تاغ بېشىغا ئېلىپ چىقىدۇ. بالا گىرداۋى ۋە جاپا دولقۇنلىرىنىڭ ئەندىشىسىنى ھىممىتىم ئۇزى كوڭلۇمدىن سۇرۇپ چىقىرىدۇ.

تەلەپ يولىدا بىرگە رەنجۇ مېھنەت يەتسە ھېچ گەپ ئەمەس،
كوڭۇلدە كەئبە شەۋقى بولسا گۈلزاردۇر باياۋانلار.

— ئۇ دىگەنلىرىڭىزغۇ راست، — دەپتۇ سالىم، — ئەگەر دولەت باھارىنىڭ بۇيى كېلىپ تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇمىدىدە مېھنەت خازانىنىڭ جاپاسىنى تارتسا بولىدۇ. ئەمما پايانى مەلۇم بولمىغان يولدا يۈگۈرۈش ۋە قىرغىقى كورۇنمەيدىغان دەرياغا ئوزىنى ئۇرۇش ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەگەر بىر كىم بىر ئىشنى باشلىماقچى بولغان بولسا، ئۇنىڭ بىر تەرىپىنى كورۇپلا قالماي، ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە قاراپ، ھەممە شۇنداق بولغاندىلا بىھۇدە مۇشەققەت يۈكىنى كوتەرمەيدۇ ھەم ئەزىز ئومرىنى زايا قىلمايدۇ.

يەرگە دەسسەپ تۇرالمىساڭ ئەگەر مەھكەم،
قويمىغايسەن ئاشۇ يولغا ئەسلا قەدەم.
كىرەر بولساڭ ھەر ئېھتىمال ھازىرى بول،
كوزلىگەيسەن چىقماق ئۇچۇن بىر توغرا يول.

ئۇ خەتنى خەقنى ئاخماق قىلىش ئۈچۈن يېزىپ قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى ئويۇن - چاقچاق قىلىپ يېزىپ قويىسمۇ قويغاندۇر. ياكى بولمىسا بۇ بۇلاق ئادەم چوكتۇرىدىغان بۇلاق بولۇپ، چۈشكەن ئادەم چىقالمايدىغان بولۇشىمۇ ئېھتىمال، ياكى بۇلاقتىن چىقالىغان ھالەتتىمۇ ھىلىقى تاش شىرنى يەردىن كوتىرىپ ئالـغىلى بولماسلىغىمۇ ئېھتىمال. ئەگەر ئۇنىداق بولمىغان ھالەتتە، ئۇنى كوتىرىپ بىر يۈگۈرۈپلا تاغ بېشىغا چىققىلى بولامدۇ، بۇمۇ بىر گەپ. ئەگەر چىققىلى بولغان ھالەتتىمۇ ئۇنىڭدىن قانداق نەتىجە چىقىشىنى كىم بىلسۇن! مەن بۇ ئىشتا ساڭا ھەمرا بولالمايمەن، شۇنداقلا سېنىڭ بۇ ئىشقا قەدەم قويۇشۇڭغىمۇ رازىلىق بەرمەيمەن.

— ئۇنداق دىمىگىن دوستۇم، — دەپتۇ غانىم، — مەن بۇ باشلىغان ئىشىمنى باشقىلارنىڭ رايىغا بېقىپ توختىتىپ قويسام بولمايدۇ. مەن بىر ئىشقا ۋەدە قىلغانىكەنمەن، شەيتان ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۇ ئىشىمنى توختىتىپ ۋەدەمدىن قايتمايمەن. ماڭا قوشۇلۇشقا ماجالىڭ ۋە بىللە يۈرۈشكە تاقىتىڭ يوقلۇغىنى سېزدۇاتىمەن. ئۇنداقتا، سەن بىر چەتتە تاماشا كورگەچ ھالىمغا نەزەر سېلىپ، دۇئا - تەلەپ بىلەن مەدەت بېرىپ تۇرغىن.

سەندە مەي ئىچمەككە قۇۋۋەت بولمىسا،
كەل تاماشا ئەيلە مەسلەر ھالىنى.

سالىم ئۇنىڭ ئوز ئىرادىسىدە مەھكەم تۇرغانلىغىنى كورۇپ:

— بۇرادەر، مېنىڭ نەسىھەتىم بىلەن بۇ ئىشتىن ۋاز كەچمىدىڭ، مېنىڭ بۇ ھالەتنى كورۇشكە تاقىتىم يوق، كوڭلۇم خالىمىغان ئىشنى تاماشا قىلىشنىمۇ خالىمايمەن، شۇڭا بۇ ھالاكەتلىك ئىشتىن ئوزەمنى تارتقىنىم ياخشى، — دەپتۇ - دە، ئېتىغا مىنىپ دوستى بىلەن خوشلىشىپ يىراقلغا چۈشۈپتۇ.

غانىم جاندىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بۇلاق بېشىغا كېلىپ شۇنداق دەپتۇ:

دەرياغا چۈشكەيمەن بۇگۈن ھالىمغا قىلماي نەزەر،
ياكى ئۇندا غەرق بولارمەن ياكى سۈزگەيمەن گوھەر.

شۇنداق قىلىپ غانىم ئەزىمەتلىك پېشىنى ھىممەت بىلگە مەھكەم قىستۇرۇپ، بۇلاققا چۈشۈپتۇ.

بۇلاق ئەمەس تىلسىم ئۇندا بىنا ئىدى،
كورۇنۇشى بۇلاق ئۆزى دەريا ئىدى.

غانىم بۇ بۇلاق كورۇنۇشلۇك دەريانىڭ تىلسىم گىردابى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. لېكىن كوڭلىنى توق تۇتۇپ، راستىنلا غۇلاچلاپ سۇ ئۈزۈپتۇ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي نىجات ساھىلىغا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە قىرغاققا چىقىپ بىردەم دېمىنى رۇسلىۋېلىپ، تاشتىن ياسالغان شىرنى تەمكىنلىك قۇۋۋىتى بىلەن دەس كوتىرىپ ئۈشنىسىگە ئاپتۇ ـ دە، ھەرقانچە قىيىنالسىمۇ يۈگۈرگىنىچە تاغ بېشىغا چىقىپ ئارام ئاپتۇ. ئۇ تاغنىڭ نېرىقى تەرىپىگە قارىسا خۇش ھاۋالىق، كوڭۈلگە ياقىدىغان بىر كاتتا شەھەر كوزىگە كورۇنۇپتۇ.

ئەجەپ گۈزەل شەھەردۇركى بېھىش رۇخسار،
ھەر نىمەرسە ئىستەر بولساڭ ھەممىسى بار.

غانىم ئۇ شەھەرگە نەزەر سېلىپ قاراپ تۇرغىنىدا، تۇيۇقسىزدىن ھېلىقى تاش شىردىن ناھايىتى قاتتىق ئاۋاز چىقىپتۇ ـ دە، تاغ ۋە سەھرالار تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان شەھەر خەلقى تەرەپ ـ تەرەپتىن توپلىنىپ تاققا چىقىشىپتۇ. غانىم خەلقنىڭ ئۇنداق كوپ چىققانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، ئۇلارغا تەئەججۇپ بىلەن قاراپ تۇرغان ئىكەن، چىققان خەلقنىڭ

چوڭلىرى ۋە بايلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھۆرمەت بىلەن تىلىغا
ئېلىپ ۋە ماختاپ دۇئا قىلغىلى باشلاپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنى
ئالماس جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن بىر ئارغىماققا مىندۇرۇپ،
شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ؛ ئۇنى باشتىن - ئاياق گۇلاپ ۋە كاپۇر
بىلەن يۇيۇپ، شاھانە لىباسلارنى كىيدۇرۇپ، ناھايىتى كاتتا ئىززەت -
ئىكرام بىلەن سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ، مەملىكەت باش-
قۇرۇش ئىختىيارىنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. بۇ ئىشلار-
دىن ئەجەپلەنگەن غانىم ئۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىكەن.

ئۇلار: "ئەي، پادىشاھى ئالەم، سىز كورگەن ھېلىقى بۇلاق-
نى ھوكۇمالار تىلسىم بىلەن ياسىغان، بۇ تاش شىرنى ناھايىتى
چوڭقۇر ئويلاش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق سەييارىلەر ۋە
داڭلىق يۇلتۇزلارنىڭ دەرىخسىنى مۇلاھىزە قىلىپ ياساپ چىققان.
قاچانكى بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىغا ئەجەل يېتىپ ھاياتىنىڭ ئاپ-
تىۋى مەغرىبكە پاتسا، ھەقتائالا ئولگەن پادىشانىڭ ئورنىغا
پادىشا قىلماقنى خالىسىغان بىر سائادەتمەن كىشىنىڭ ھەشەمەت-
لىك قامىتى بۇ تاغ ئۈستىدە جىلۋىلىنىدۇ. ھەقتائالا ئۇنى بىر
بانا - سەۋەپ بىلەن بۇلاق بويىغا يەتكۈزىدۇ. ئۇ كىشى بۇلاق-
تىن ئوتۇپ، شىرنى ئېلىپ، تاغ بېشىغا چىققاندا شىردىن بىر
ئاۋاز پەيدا بولىدۇ. شەھەر خەلقى ئۇ سائادەتمەن كىشىنىڭ
سەلتەنەت ۋارىسلىقى ئاشكارىلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ - دە،
ئۇنى پادىشالىققا كوتىرىپ، ئۇنىڭ ئادالىتىنىڭ سايىسىدە راھەت -
پاراغەت بىلەن ئومۇر كەچۇرىدۇ، ئەگەر بۇنىڭمۇ ئومرى ئاخىرىغا
يەتسە يەنە بىرىگە بۇ ۋەقە يۇزبېرىدۇ - دە، پادىشالىق ئۇنىڭغا
يوتكىلىدۇ. دىمەك بىرى كەتسە يەنە بىرى كېلىدۇ. خېلى كوپ
زامانلاردىن بېرى پادىشالىق تىكلەش ئىشى مۇشۇ قائىدە بويىچە
ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. پادىشالىق نوۋىتى ئەمدى سىزگە كەلدى.
ھەممەيلەن پەرمانىڭىزغا بوي سۇنىدۇ. نىمىنى خالىسىڭىز شۇنىڭغا
پەرمان بەرگەيسىز" دەپ چۈشەنچە بېرىپتۇ. شۇ چاغدا غانىم

ئۇزىنىڭ تارتقان جاپالىرى دۆلەت تەقەززاسىدىن بولغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

ھەر كىشىنىڭ بېشىغا كەلسە دۆلەت،
كېچەر ئۇنىڭ كۆڭلىدىن نەچچە ھىكمەت.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، نازۇ نېمەت شەرۋىتىنى ئىچىش جاپا نەشتىرىنىڭ ئازارىسىز قولغا كەلمەيدۇ؛ ھەر كىشىنىڭ كۆڭلىگە يۇقۇرى دەرىجىگە كۆتىرىلىش سەۋداسى چۈشكەن بولسا، ئۇ ھەرقانداق بىر پەس كىشىگە ئاياق-ئاستى بولمايدۇ، تۆۋەن مەرتىۋە ۋە خارلىق ئورۇنغا قانائەت قىلمايدۇ. مەن شىرغا يېقىن بولالمىسام ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالالمىسام بېشىمنى پاراغەت ياستۇغىغا قويۇپ ياتمايمەن. ئايىغىمنى ئىستىراھەت كۆرپىسىگە ئۇزاتمايمەن.

— ئۇنداق بولسا، بۇ ئىشنىڭ ئاچقۇچىنى قانداق قولغا كەلتۈردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ كەلىلە.

— ھازىرقى پەيتتە شىرغا غەم-ئەندىشە پەيدا بولۇپتۇ، — دەپتۇ دىمنە، — مەن ئۆزەمنىڭ كۆڭۈل كۆتەرگۈچى نەسىھەتلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا ئەرز قىلسام، ئۇنىڭ قېشىدا مەھرەملىك ۋە يېقىنچىلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيمەن.

— ئۇنداقتا، سەن قانداقسىغا يۇقۇرى مەرتىۋىگە چىقالايسەن؟ يا سەن بۇرۇن پادىشالارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ باقمىساڭ، يا ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ رەسىم-قائىدىلىرى ۋە ئەدەپلىرىنى بىلمىسەڭ، يۇقۇرى دەرىجىگە چىققان ھالەتتىمۇ، ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئىلاجىنى قىلالماي، ئاز پۇرسەتتە قولغا كەلتۈرگەنلىرىڭدىن ئايرىلىپ قالارسەنمىكىن؟ — دەپتۇ كەلىلە.

— ئەگەر كىشى دانا ۋە قاۋۇل بولسا، چوڭ ئىشلارغا قەدەم قويۇش ئۇنىڭغا زىيان كەلتۈرمەيدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ

دېمەك، — ھەر كىمنىڭ ئۆز ھۈنىرىگە ئىشەنچىسى بولسا ھەرقانداق
مۇھىم ئىشنى باشلىسىمۇ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئىككىن-
چىدىن، ئەگەر كىشىنىڭ بېشىغا دۆلەت كەلسە دۆلەت ئۆزى يول
كۆرسىتىپ ئىشلىرى روناق تېپىۋېرىدۇ. راۋىلەرنىڭ خەۋەر
بېرىشىچە، "بازار كىشىلىرىدىن بىرىنىڭ دۆلىتىنىڭ ئاپتىۋى ئىگىز
ئۆرلەپ، ئۇ پادىشالىق مەرتىۋىسىنى تېپىپتۇ-دە، ئۇنىڭ خەۋىرى پۈتۈن
ئالەمگە يېيىلىپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئاڭلىغان كونا پادىشالاردىن
بىرى ئۇنىڭغا خەت ئەۋەتىپ: سېنىڭ ئەسلى ھۈنىرىڭ ياغاچچى-
لىق ئىكەن، سەن ئۆز ھۈنىرىڭنى بىلىسەن. سەن مەملىكەت باش-
قۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە پادىشالىق قىلىش يوللىرىنى قاچان بىلى-
ۋالغان، كىمدىن ئۆگەنگەن؟ دەپ سورىغان ئىكەن. ئۇ: ماڭا
دۆلەت نېسىپ قىلغان زات يۇرت سوراش قائىدە-يوسۇنىنىمۇ
ئۆگەتتى، دەپ جاۋاپ يېزىپتۇ.

تەڭرى ئەقىل دەپتىرىگە يازسا ھىكمەت،
چىقار مەندىن كېرەكلىك ئىش، نەچچە سەنئەت.
كىمنىڭ ئەگەر سائادەتتىن يانسا شامى،
جەم بولغۇسى دانىشمەنلىكنىڭ ئەنجامى.

— پادىشالار پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگىلا ھۆرمەت
قىلىۋەرمەيدۇ. بەلكى ئۇرۇق-ئەۋلادىدىن تارتىپ پادىشاغا خىز-
مەت قىلىپ، ئۆز پەزىلىتى ۋە ھۈنىرى بىلەن خىزمەتكارلىق ھەق-
قىنى ئادا قىلغان كىشىلەرگىلا ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ. سېنىڭ ئۇ-
رۇق-ئەۋلاتلىرىڭدىن ھېچكىم بۇرۇن پادىشانىڭ مۇلازىملىقىنى
قىلىپ باقمىغان، ياكى ئۇلارغا ھېچبىر خىزمەت تەگمىگەن تۇرسا،
سەن پادىشانىڭ مەرھەمەت نەزىرىگە يېتىشەلمەي، مەھرۇم قېلى-
شىڭ ئېھتىمال، شۇ سەۋەپتىن دۈشمەنىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتەر-
سەنمىكىن، — دەپتۇ كەلىلە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھەرقانداق كىشى پادىشانىڭ مۇلازىملىقىنى قىلىپ يۈ- قىرى مەرتىۋە تاپماق بولسا، ئۇ مەرتىۋىنى قەدەممۇ - قەدەم ئور- لەش بىلەن تاپىدۇ. بىر يولى يۇقىرى دەرىجىگە چىققىنىغان ئىش نەدە بولسۇن! — دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ دىمنە، — خىزمەت يولىغا تىرىشچانلىق بىلەن قەدەم قويغان كىشىلەر ئۆز تىرىشچانلىقى سەۋەبىدىن پادىشانىڭ تەربىيىتىنى تېپىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئۇلاش- تۇرىدۇ. مەنمۇ شۇنداق قىلىپ شۇ تەلەپتە يۈگۈرىمەن. ئەمدى مەن كوپلىگەن جاپا چېكىشكە ئۆزەمنى تەييارلىدىم. بىرمۇنچە مۇشەققەتلەرنى تارتىشنى لازىم كوردۇم. مەن پادىشالارنىڭ دەر- گاھىدا مۇلازىم بولغان كىشىلەرنىڭ بەش تۈرلۈك ئىشنى قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىمەن. بىرىنچىسى، ئاچچىق ۋە غەزەپ ئوتىنى يۇۋاشلىق سۈيى بىلەن ئۆچۈرۈش كېرەك. ئىككىنچىسى، ھاۋايى ھەۋەس ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ھەزەر قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىسى، كىشىنى ئالدايدىغان ھىرىس ۋە پىتنە پەيدا قىلىدى- غان تامانى كىشىگە توغرا يول كورسەتكۈچى ئەقىلدىن غالىپ ئورۇنغا قويماسلىق كېرەك. تۆتىنچىسى، ھەرقانداق ئىشنى راست- لىق ۋە دىيانەت بىلەن قىلىش كېرەك. بەشىنچىسى، ھەرقانداق بىر ھادىسە يۈزبەرسە، ئۇنى مۇلايىملىق ۋە مادارا بىلەن ھەل قىلىش كېرەك. ھەر كىمەرسە بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىگە لازىم بىلسە، ئەلۋەتتە ياخشىلىق بىلەن مۇرادىغا يېتىدۇ.

— ماقۇل، سەن پادىشاغا يېقىن بولدۇڭمۇ دەيلى، قانداق سەۋەپ بىلەن ئۇنىڭ نەزىرىگە مەنزۇر بولالايسەن ۋە قايسى ھۈنىرىڭ بىلەن قەدىر - قىممەت ۋە مەرتىۋە تېپىپ خوشال - خوراملىق تاپالايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ كەلىلە.

— ئەگەر ماڭا ئۇنىڭغا يېقىن بولۇش شەرىپى مۇيەسسەر بولسا، مۇنۇ بەش ئىشنى قىلىمەن، — دەپتۇ دىمنە، — بىرىنچىسى، پۈتۈن ئىخلاسىم بىلەن خىزمەت قىلىمەن. ئىككىنچى، ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ياقىدىغان ئىشلارنى قىلىمەن. ئۈچىنچى، ئۇنىڭ خۇي-

پەيلىنى كىشىلەرگە ياخشى تەرىپ قىلىپ بېرىمەن. تۆتىنچى، ئەگەر ئۇ ياخشى ئىش ۋە ياخشى تەدبىرلەرنى يولغا قويسا، ئۇنىڭ ئالدىدا ياخشى تەرىپ-تەۋسىپ قىلىپ ماختايمەن ۋە ياخشىلىقلىرىنى بايان قىلىمەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىش ۋە تەدبىرلىرىنىڭ ياخشى ۋە توغرىلىقى ئۆزىگە روشەن بولۇپ خۇشاللىقى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ. بەشىنچى، ئەگەر بىر ئىشنى باشلىماقچى بولغان بولسا، ئۇ ئىشنىڭ ئاخىرى زىيانلىق ياكى يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغان بولسا، ئۇ ئىشنىڭ زىيىنىنى شېرىن سۆزلەر ۋە ياخشى تەمسىللەر بىلەن ئۇنىڭغا بايان قىلىمەن. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھ بولىدۇ. ئەگەر پادىشا مېنىڭ بۇ ھۈنەرلىرىمنى كۆرسە، مەرھەمەت ۋە ئىلتىپاتىنى مەخسۇس ماڭىلا بېغىشلايدۇ ھەمدە ھەمىشە سوھبىتىمگە مايىل ۋە نەسىھەتلىرىمگە ئامراق بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ھۈنەر ئاشكارىلانماي قالمايدۇ ۋە ھېچقانداق ھۈنەرۋەن تەربىيەتتىن بەھرىسىز قالمايدۇ.

ھۈنەر گويا ئىپاردۇر قالمىغاي ئۇ ھېچقاچان پىنھان،
جىسمى ئىنسان ئۇنىڭ خۇش بۇيىدىن تاپقاي خەۋەر شۇئان.
جاھاندا ھاسىل ئەيلە بىر پەزىلەتلىك ھۈنەر تاكى،
پەزىلىتىڭ تامامى يەر يۈزىگە بولغۇسى ئەپشان.

— مەلۇم بولۇشىچە، بۇ مەقسەتكە ھەقىقى تىرىشچانلىق بىلەن قەدەم قويۇپسەن، — دەپتۇ كەلىلە، — بوپتۇ، ئۆزەڭ بىلەرسەن. لېكىن ھەزەر قىلغىنكى، پادىشالارغا مۇلازىم بولۇش خەتەرلىك ئىش. ھۆكۈمالار "ئۈچ ئىشقا قەدەم قويۇش نادانلىق" دەپ ئېيتىشقان، ئۇنىڭ بىرى، پادىشالار خىزمىتىگە يېقىنلاشماق؛ ئىككىنچىسى، گۇمان بىلەن زەھەر ئىچمەك؛ ئۈچىنچىسى، خوتۇن كىشىگە سىر ئېيتماق. ئالىملار پادىشالارنى ئېگىز تاققا ئوخشىتىدۇ. گەرچە تاغدا قىممەتلىك جاۋاھىر كانلىرى بار بولسىمۇ، يەنە شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاغدا ئېيىق، بورە، يولۋاس ۋە ئىلان ـ چاياندەك زەرەرلىك نەر- سىلەرمۇ بار، تاققا چىقىماقمۇ تەس. ھەم تاغدا ئورۇن تۇتماقمۇ قىيىن، يەنە "پادىشالارنىڭ سوھبىتى دەريادىكى سەپەرگە ئوخشايدۇ" دىگەن گەپمۇ بار. چۈنكى سودىگەر دەريادا سەپەر قىلسا ياكى ناھايىتى كوپ پايدىنى قولىغا كەلتۈرىدۇ، ياكى غەرق بولۇپ ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ.

دەريا سەپىرىدە كوپ بولسىمۇ نەپ،
لېكىن ساق ـ سالامەت چىقماق قىيىن گەپ.

ــ توغرا، ــ دەپتۇ دېمنە، ــ ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى پايدى- لىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمەن. ھەقىقەتەنمۇ پادىشالار كويدۇرىدى- غان ئوتقا ئوخشايدۇ. ھەر كىم ئىسسىنغۇسى كېلىدۇ، لېكىن خەتە- رى كوپ.

يىراق بول شاھلارنىڭ سوھبىتىدىن،
قاچۇرغاندەك ئوتۇننى خۇددى ئوتتىن.

ئەمما ھەرقانداق ئادەم خەتەرلىك ئىشقا ئوزىنى ئۇرالمىسا، يۇقۇرى مەرتىۋىگە چىقالمايدۇ.

ئول كىشى تاپقاي ئۇلۇغلۇقكى، خەتەردىن قاچمىسا،
سودىگەرلەر ئالغۇسى پايدا سەپەردىن قاچمىسا.

ھىممەت كەمەرىنى مەھكەم باغلىيالمىغان كىشى بۇ ئۇچ ئىشقا قەدەم قويماسلىقى كېرەك. بىرىنچىسى، پادىشالارنىڭ خىز- مىتى؛ ئىككىنچىسى، دەريا سەپىرى؛ ئۇچىنچىسى، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش. مېنىڭ ھىممىتىم پەس ئەمەس. شۇنداق تۇرۇقلۇق نىمە ئۇچۇن پادىشاغا خىزمەت قىلىشتىن قورقىمەن؟

هەر كىشىنىڭ ھىممىتى گەر بولسا يولەك،
هاسىل بولغاي قەلبىدىكى ئارزۇ ـ تىلەك.
ئەگەرچەندە ئىستەر بولساڭ شاراپەتنى،
ھىچقاچان قولدىن بەرمە شۇ ھىممەتنى.
ھەر مۇرادىڭ تەرەپكە گەر قول سالارسەن،
ھىممىتىڭ گەر كۈچلۈك بولسا ئالالارسەن.

— سىنىڭ بۇ ئىشقا ئۇرۇنۇشۇڭغا ماقۇل بولمىسام-مۇ، سىنىڭ رايىڭ شۇنى خالاپتۇ، بوپتۇ، مۇبارەك بولسۇن. بۇ تېخى ئىشنىڭ بېشى. بارغىن، سالامەت بولغايسەن، — دەپتۇ كەللە.

شۇنىڭ بىلەن دېھقان شىرنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ۋە شىرغا سالام قىپتۇ.

— بۇ كىشى كىم؟ — دەپ سوراپتۇ شىر پادىشا يېنىدىكىلىردىن.

— بۇ پالانىنىڭ ئوغلى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاستانىلىرىدە مۇلازىم ئىدى، — دېيىشىپتۇ باشقىلار.

— ھە راست. ئۇنى بىلىمەن، — دەپتۇ شىر ۋە ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ سوراپتۇ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قەيەردە ئىدىڭ؟

— ئاتامنىڭ دەستۇرى بىلەن ئۇزەمنى پەلەك پانا دەرگاھلىرىغا مۇلازىم قىلغان ئىدىم. ئاستانىلىرىنى ھاجەت قىبلىسى ۋە مۇرات كەئبىسى بىلىپ، مۇنتەزىر بولۇپ تۇرماقتىمەن. ئەگەر بىرەر مۇھىم ئىش چىقىپ قالسا، بەخت قۇشىغا ئوخشاش يارلىقلىرى سادىر بولسا، ئەقلىمنىڭ مەدىتى بىلەن ئۇ ئىشنى بىجا كەلتۈرگەيمەن. چۈنكى بەزى مۇھىم ئىشلارنى ئورۇنلاشتا دولەت ئەركانلىرىغا، سەلتەنەت ئەئيانلىرىغا، ۋەزىر ـ ئەمىرلەرگە ئېھتىياج چۈشىمۇ، پادىشالار دەرگاھىدا بىزگە ئوخشاش كىچىك قۇللىرىنىڭ مەدىتى بىلەن پۈتىدىغان بەزى مۇھىم ئىشلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. تاۋۇس يۈرگەن باغدا چىمەنمۇ لازىم بولۇپ قالىدۇ. يىڭنە ئىلەلەيدىغان ئىشنى نەيزە قىلالمايدۇ. ئاجىز قەلەمتۇراچ قىلالايدىغان ئىشنى چوڭ قىلىچ قىلالمايدۇ. ھىچ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قانداق قەدرى - قىممىتى يوق بىر خىزمەتكارمۇ زەرەرنى يوق قىلىش ياكى مەنپەئەت پەيدا قىلىشتا كارغا كېلىپ قالىدۇ. بىر پارچە شىرشىق خار بولۇپ يولدا ياتقان بولسا، شۇنىڭمۇ بىر كۈنى كارغا ياراپ قېلىشى ئېهتىمال، ئەگەر ھېچنىمىگە يارىمىسىمۇ بىر چىش كولىغۇچ ياساپ، چىش كولىغىلى ياكى قۇلاق كولىغۇچ ياساپ قۇلاقنىڭ كىرىنى ئالغىلى كارغا كەلسىمۇ ئەجەپ ئەمەس.

بولمىساممۇ مەيلى مەن بىردەستە گۈل،
مەن بولالارمەن ئوچاغىڭغا ئوتۇن.

شىر دىمنەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سۆزىدىكى قابىلىيەت ۋە پاساھەتلەر ئۇنىڭغا خۇش يېقىپ قاپتۇ ۋە تەئەججۇپلىنىپ، ئەتراپىدا تۇرغانلارغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

— ھۈنەرۋەن كىشى گەرچە ئۆزىنى يوشۇرۇپ يۈرسىمۇ، ئۇنىڭ ئەقلى ۋە دانىشمەنلىكى ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئاشكارا قىلىپ قويىدۇ، بۇ خۇددى ئوتنىڭ شولىسىغا ئوخشاش، ئوتنى ياندۇرغۇچى ئۇنى پەس ياندۇراي دېسىمۇ، ئوت ئۆزى تېخىمۇ ئېگىز كۆيگەندەك بىر ئىش.

بولسا ھەركىم كۆڭلى ئىچرە ئىشقى بار،
بولغۇسىدۇر چېھرىسىدىن ئاشكار.

دىمنە بۇ سۆزدىن خۇشال بولۇپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئەپسۇنى شىرغا تەسىر قىلغانلىقىنى، بىر پىردىپتىگەرلىگى شىرنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەسىھەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

— ھەممە مۇلازىملار ۋە تاۋابىئاتلار ئۈچۈن ۋاجىپتۇركى، ئەگەر پادىشاغا بىر مۇھىم ئىش دۇچ كەلسە، ئۆز ئەقلى ۋە پەمى

بىلەن ئۇنىڭ تېگىگە يېتىپ، كۆڭلىگە كەلگەن ھەرقانداق سىر-
نى نەسىھەت تەرىقىسىدە ئۇنىڭغا ئەرز قىلماق كېرەك. بۇنىڭ
بىلەن پادىشا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى تونۇيدۇ. چارە-تەدبىر
ۋە ئىخلاس، قابىلىيەتلىرىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ھەم ئۇلارنىڭ خىز-
مىتىدىن مەنپەئەتمۇ تاپىدۇ، ھەم ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئەھۋا-
لىغا بېقىپ ئىلتىپاتمۇ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇرۇق يەرگە كۆمۈكلۈك
ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ھېچكىم نەزەر سالمايدۇ. قاچانكى تۇپراق ىنقا-
ۋىدىن يۈز كۆرسەتسە، ئاندىن ئۇنىڭ مىۋىلىك ئۇسۇملۈك ئىكەن-
لىگى، ئۇنىڭ كىشىلەرگە نەپ يەتكۈزۈشىدە شەك يوق ئى-
كەنلىگى مەلۇم بولىدۇ-دە، پەرۋىش قىلىشقا باشلايدۇ ۋە ھۆسۈ-
لىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا نەزەر سالمايدۇ.
ئەزەلدىن تارتىپ، پادىشالار پەزىلەت ئەھلىدىن ھەركىمگە ھەممە
باپتا تەربىيەت نەزىرىنى سالسا ئۇنىڭ خىزمىتىدىن پايدا ئالىدۇ.

سەن بولۇپسەن بىر قۇياش، مەن تۇپراقۇ تىكەنمەن،
قىلساڭ ئەگەر تەربىيەت، لالەيۇ گۈل بېرەرمەن.

— ئەقىللىق كىشىلەرنى قايسى يوسۇندا تەربىيەت قىلماق كېرەك ۋە ئۇلاردىن قايسى تەرىقىدە پايدىلانماق كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ شىر پادىشا.

— توغرىسى شۇكى، — دەپ سۆز باشلاپتۇ دىمنە، — پادىشالار كىشىلەرنى تەربىيەت قىلىشتا، ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە قاراش كېرەك. نامۇ نەسەبىگە قارىماسلىق كېرەك. ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قىلغان خىزمىتىنى كۆزدە تۇتۇپلا ئىلتىپات قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى ھەر كىشى ئاتا-ئانىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھۈنەر قابىلىيىتى بىلەن تونۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سوزلىسەڭ ھۈنەر بىلەن پەزىلىتىڭدىن سوزلىگىن،
ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەرگە ئۆزنى تەڭلەشتۈرمىگىن.
سەن ئۆلۈك بىلەن بىرلە تىرىلمە، بۇ ئىشىڭ بولغاي ئۈيات،
سەن تىرىك بولساڭ، ئۆلۈككە بەر ھۈنەر بىرلە ھايات.
ئەي يىگىت ئۆلگەن ئاتاڭ ھۈنەرلىرىدىن ئۇرما لاپ،
ئىت ئەمەسسەن يۈرمە قۇرۇق ئۇستىخاننى غاجىلاپ.

مەسىلەن، چاشقاننى ئالايلى، ئۇ خالايىقلار بىلەن بىللە ياشىسىمۇ، ئۇنىڭدىن زىيان يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ھەممە ئادەم ئۇنى يوقىتىشقا ھەركەت قىلىدۇ. قارچۇغا خەلقتىن يىراق ياشايدىغان ۋەھشى جانىۋار بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەت كېلىدىغان بولغاچ كىشىلەر ئۇنى ناھايىتى ئىززەت بىلەن قولغا كەلتۈرىدۇ. پادىشالار ئوز يېقىنلىرى ۋە دوستلىرىغا ئەمەس، بەلكى ئەقىل ۋە دانىشمەن كىشىلەرگە نەزەر سېلىشى كېرەك. ھەرقانداق كىشى ھۈنەر - قابىلىيەتسىز ۋە ئىش بىلمەيدىغان بولسا، ئۇنى پازىل ئەرەنلەر ۋە كامال كىشىلەردىن ئارتۇق كورمەسلىكى كېرەك. ئەقىل كىشىلەرنىڭ مەنسەپلىرىنى بىئەقىل كىشىلەرگە بەرمەك، خۇددى سەللىنى پۇتىغا ئورىغاندەك ۋە ئوتۇكنى بېشىغا كىيگەندەك بىر ئىش. ھەرقانداق مەملىكەتتە پازىل ۋە دانىشمەن كىشىلەر زايا بولۇپ كەتسە ۋە جاھىللار ئىختىيار تىزگىنىنى قولغا ئالسا ئۇ مەملىكەتكە چوڭ زىيان يېتىدۇ. ئۇنىڭ شۇملۇقى شاھلار ۋە پۇخرالارنىڭ ھەممىسىگە باراۋەر تېگىدۇ.

ئەي، ھۇمايۇن شۇ ماكانغا سايە سالما زادىلا،
بولدى ئۇندا قاغا - قۇزغۇن تۇتى قۇشتىن ئەتىۋا.

دېمەك سوزنى تۈگەتكەندىن كېيىن شىر ئۇنىڭغا غايەت

ئىلتىپات ، كۆرسىتىپ، ئۇنى "خاس كىشى" مەرتىۋىسىگە كۆتىرىپ-
تۇ ۋە ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن ئۇلپەتلىشىپ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ،
ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە ھەرقانداق مۇھىم ئىشتا ئۇنىڭ نەسىھىتى-
نى ئاڭلايدىغان بولۇپتۇ. دىمنەمۇ ئەقىل-ئىدراك ۋە پەم-پارا-
سىتى بىلەن سەلتەنەت ھەرىمىگە مەھرەم بولۇپ، مەملىكەت ئىش-
لىرىنى تىخىمۇ ياخشى تۈزەشكە كىرىشىپتۇ.

بىر كۈنى دىمنە بىر ياخشى سائەت ۋە مۇۋاپىق پەيت
تىپىپ، شىر بىلەن يالغۇز قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:
— خېلى ئۇزۇندىن بېرى سىلە پەقەت بىر يەردىلا تۇرۇۋا-
تىدىلا. ھەركەت لەززىتى ۋە شىكار شاتلىقىنى تاشلاپلا قويدىلىمۇ؟ شۇ
ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىر ئاڭلاپ بېقىشنى خالايمەن ھەم ئۇ توغرىدا
قۇدرىتىمنىڭ بارىچە بىر خىزمەت كۆرسەتكۈم بار.

شىر قورقۇنچىسى ھەم غەم-ئەندىشىسىنى دىمنەدىن يوشۇرماقچى
بوپتۇ. لېكىن شۇ ئەسنادا شەنزەبە يەنە قاتتىق مۆرەپتۇ. ئۇنىڭ
ئاۋازىنى ئاڭلىغان شىر بەك بىسەرەمجان ۋە بىئارام بولۇپ، تىنى-
رەشتىن ئۆزىنى قىلچە توختىتالماپتۇ. شۇڭا نائىلاج بولۇپ سى-
رىنى دىمنەگە ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:
— سەن ھازىر ئاڭلىغان ئاشۇ ئاۋازدىن مەن مانا شۇنداق
ئىزتىراپقا چۈشۈپ قالدىم. بۇنىڭ كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى
بىلمەيمەن. لېكىن ھەيۋىتى ۋە قۇۋۋىتىمۇ ئاۋازىغا يارىشا كۈچلۈك
بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلىمەن. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا
بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىمىز خاتا.
— پادىشاھىم، بۇ ئاۋازدىن باشقا، كۆڭۈللىرىدە يەنە ئەن-
دىشە بارمۇ؟
— يوق.
— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ دىمنە، — بۇنچىلىك غەم-ئەندى-
شە ئۈچۈن ئاتىدىن قالغان يەرنى تاشلاش ۋە ئۇلپەت ئالغان
ماكاندىن قېچىشقا باشلاش مۇۋاپىق ئەمەس. ئاۋازنىڭ نىمە ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىۋارى بار؟ ئەرە تارتقانغىمۇ كىشى ئورنىدىن تەۋرەمىدىكەن؟ پادىشا دىگەن ھەرقانداق قاتتىق بورانمۇ مىدىرلىتالمايدىغان تاغدەك مەزمۇت دەسسەپ تۇرۇشى كېرەك. ئۇلۇغلار: "ھەرقان-داق يۇقۇرى ئاۋازغا ۋە ھەيۋەتلىك كورۇنۇشكە ئىلتىپات قىلغۇ-لۇق ئەمەس" دىيىشكەن. ھەرقانداق سۇرەت مەنىدىن دالالەت بېرەلمەيدۇ ۋە ھەر كىمنىڭ سىرتقى كورۇنۇشى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئوخشىمايدۇ. قومۇش ھەرقانچە يوغان بولسىمۇ كىچىككىنە ياغاچ بىلەن سۇنىدۇ. قوداي ھەرقانچە چوڭ بولسى-مۇ قارچۇغىنىڭ چاڭگىلىغا گىرىپتار بولىدۇ. ھەرقانداق كىشى سىرتقى كورۇنۇشىنىڭ يوغان ئىكەنلىگىنىلا نەزەردە تۇتسا، ھىلىقى تۈلكىگە ئۇچرىغاندەك ھادىسە يۈز بېرىشى مۇمكىن.

— ئۇ قانداق ھادىسە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— بىر تۈلكە، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ دىمنە.

## ئالدانغان تۈلكىنىڭ ھىكايىسى

بىر تۈلكە ئوزۇق ئىستەپ، ھەر تەرەپكە قاتىراپ يۈرۈپ، بىر دەرەخ تۈۋىگە كەپتۇ. قارىسا بىر توخۇ دان ئىستەپ ئۇيەر-بۇيەرنى تاتىلاپ، چوقۇپ يۈرگەن ئىكەن. تۈلكە ئۇنى تۇتماقچى بولۇپ ماراپ تۇرغان ئىكەن، تۇيۇقسىزدىنلا بوران چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ دەرەخنىڭ شېخىغا يوغان بىر دۇمباق ئېسىپ قويۇلغان ئىكەن، بوراندا شاخ ئېگىلىپ، شاخلار دۇمباققا تېگىپ قاتتىق تاراڭلاپتۇ-دە، ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان تۈلكە ئۇستۇنگە قاراپ دۇمباقنى كو-رۇپ ئوز-ئوزىگە: "ۋاھ، نىمە دىگەن ياخشى، ئەجەپ يوغان ۋە سې-مىز بىر جانۋار ئىكەنغۇ بۇ، بۇنىڭ تېرىسى ۋە گوشى ئاۋازى-نىڭ چوڭلۇغىغا يارىشا جىق بولسا كېرەك" دەپتۇ-دە، توخۇنى ئولاشتىن ۋاز كېچىپ، دۇمباقنى ئالماق ئۇچۇن ھەركەت قىپتۇ. شۇ ئەسنادا توخۇ تۇيۇپ قېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. تۈلكە مىڭ مۇ-

شەققەت بىلەن دەرەخكە چىقىپ دۇمباقنى يىرتىپ قارىسا، بىر پارچە تېرە ۋە ياغاچتىن باشقا ھېچنىمە يوق ئىكەن. بۇنىڭ بىلەن ھەسرەت-نادامەتتىن ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت كېتىپ، كۆزىدىن پۇشايمان ياشلىرىنى تۇرغۇن ئاققۇزۇپ تۇرۇپ: "ۋاي دەرىخ، كۆرۈنۈشى يوغان تۇرغىنى بىلەن بۇنىڭ ئىچى بوش ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بۇنى دەپ ھالال لوقما قولۇمدىن كەتتى، ئىسىت، بۇ بىمەنە سۈرەتتىن زەررىچىلىكمۇ پايدا كەلمىدى" دەپتۇ.

كۆرۈنمەككە مەپتۇن قىلار، لېكىن ئۇنىڭ،
ئىچى كاۋاك بولماس ئۇندىن ھېچ نە ھاسىل.
ئەگەر سەندە ئەقىل بولسا مەنىگە باق،
سۈرىتىگە مەغرۇر بولۇپ بولما جاھىل.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ھەيۋەتلىك ئاۋاز ۋە چوڭ ھەشەمەتتىن ئەندىشە قىلىپ، شىكارنىڭ زوقىدىن ۋە ھەركەت لەززىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆزلىرىنى غەمگە مۇپتىلا قىلماسلىقلىرى كېرەك. ئەگەر ياخشى دىققەت بىلەن قارايدىغان بولسا، ئۇ قورقۇنچلۇق ئاۋاز ۋە ھەشەمەت ھېچقانداق كارغا يارىمايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر بۇيرۇسىلا ئۇنىڭ قېشىغا باراي ۋە ئۇنىڭ ھالىنىڭ بايانىنى ۋە ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلاي.

دىمنەنىڭ سۆزى شىرغا ماقۇل كەپتۇ. دىمنە شىرنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ راۋان بوپتۇ. دىمنە شىرنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولۇشى بىلەنلا، شىر تەپەككۇر قىلىپ دىمنەنى بۇيرۇغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىپتۇ-دە، ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ: "ۋاي دەرىخ، چوڭ خاتا قىلدىم. ئويلىماستىن بىر ئىش قىلىپ قويدۇمغۇ! ئەمدى بۇ ئىش نىمە نەتىجە بېرەركىن. بۇزرۇكلار: پادىشالار ئون خىل كىشىگە سىر ئېيتماسلىقى كېرەك،

ھەرقانداق مۇھىم ئىشلارنى ئۇلارغا ئۇقتۇرماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇلار ئۇنى مەخپى تۇتمايدۇ ياكى مۇبالىغە قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ سىرى يېيىلىپ كېتىدۇ دېيىشكەن ئىدى. ئۇ ئون خىل كىشىلەرنىڭ بىرىنچىسى، پادىشانىڭ دەرگاھىدا گۇنا ئۆتكۈزمەي ۋە خىيانەت سادىر قىلماي تۇرۇپ، جەۋرى-جاپاغا ۋە تىل-ئاھانەتكە ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ تارتقان رەنجىۋ بالاسىنىڭ مۇددىتى ئۇزۇن بولغانلار. ئىككىنچىسى، پادىشانىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن دەپ يۈرۈپ، مال-دۇنيا ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىدىن ئايرىلىپ مەئىشىتىدە قىسىلىپ قالغانلار. ئۈچىنچىسى، پادىشانىڭ دەرگاھىدا مەنسىۋىدىن ئاجراپ قالغان بولۇپ، ئۇنى قايتا قولغا كەلتۈرۈشتىن ئۈمىد ئۈزگەنلەر. تۆتىنچىسى، پىتنە-پاساتچى يامان ئادەملەر بولۇپ ھەممىشە جېدەل چىقىرىپ، ئاداۋەت ساقلاپ يۈرىدىغان، خاتىرجەملىك، كۆڭۈل تىنچلىقىنى خالىمايدىغانلار. بەشىنچىسى، گۇنا ئۆتكۈزگەن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا باشقىلارنى ئەپۇ قىلغان بولسىمۇ، پادىشانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشەلمەي، ئۇزۇن مۇددەت ئازاپ-ئۇقۇبەت تارتىپ قالغانلار. ئالتىنچىسى، ئۆز جىنسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى جاپا تارتقان بولسىمۇ ئۇلاردىن بەكرەك ئازاپ ۋە ئەلەم چەككەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاداۋەت ساقلاش ئادىتى باربولغانلار. يەتتىنچىسى، ياخشى خىزمەت قىلغان بولسىمۇ مەرھەمەت ۋە ئىلتىپاتتىن مەھرۇم قالغان ۋە لېكىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە باشقىلارنىڭ ئانچە چوڭ خىزمەت قىلمايلا يۇقۇرى مەرتىۋىگە چىققانلىقىنى كۆرگەنلەر. سەككىزىنچىسى، پادىشانىڭ مەدىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئورۇن-مەرتىۋىلىرىنى دۈشمەنلىرى تارتىۋېلىپ، ئۆزى تۆۋەن ئورۇندا ئېتىۋارسىز بولۇپ قالغانلار. توققۇزىنچى، پادىشادىن بىر نەرسە ئۈمىت قىلىپ ئۈمىدىگە يېتەلمىگەنلەر. ئونىنچى، بىر پادىشانىڭ قېشىدا مەرتىۋە ۋە ئېتىۋار تاپالمىغانلىقتىن بۇ پادىشاغا دۈشمەن بولغان يەنە بىر پادىشانىڭ قېشىغا بېرىپ مەرتىۋە تېپىشنى ئويلىغانلار. پادىشالار مانا مۇشۇ ئون خىل كىشىلەرگە سىرنى ئاشكارا قىلماس-

لىغى كېرەك ئىدى. ھەرقانداق كىشىنىڭ دىنى-دىيانىتى ۋە ئۇ-
نىڭ ئەسلىنى تولۇق بىلمەي تۇرۇپ، ئۇز سىرىنى مەھرەم قىلماس-
لىق لازىم ئىدى.

ئاچما سىرلار ئاغزىنى ھەركىشىگە، يەر يۈزىدە،—
سەيرىلەر قىلدىم، لېكىن سىردىمغا مەھرەم تاپمىدىم.

مانا شۇ ئۆلچەملەر بىلەن دېمىنەنى ئىمتىھان قىلىپ باقماي
تۇرۇپ، ئالدىراپلا دۈشمەن قېشىغا ئەۋەتكەنلىكىم ئەقىلدىن يىراق
ئىش بولۇپ قالدى. بۇ دېمىنەغۇ خېلى زېرەكتەك تۇرىدۇ. لېكىن
ئۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىت مېنىڭ دەرگاھىمدا خاپا ۋە مەرتىۋىدىن
مەھرۇم بولۇپ يۈرگەن ئىكەن. ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىگە مەندىن
ئازار تىكىنى تەككەن بولسا، بۇ مەھەلدە خۇدايىم ساقلىسۇن،
خىيانەت قىلىش ئېھتىمالىمۇ بار، پىتنە چىقىرىشىمۇ مۇمكىن.
ئەگەر دۈشمەن كۈچ-قۇدرەت ۋە شان-شەۋكەتتە مەندىن غالىپ-
راق بولسا، بەلكىم ئۇنىڭ خىزمىتىگە كىرىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ ۋاقىتتا
بولۇۋالغان سىرلىرىمنى بېرىپ دۈشمەنگە ئېيتىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر
شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا چارە قىلماق ناھايىتى قىيىن
بولىدۇ-دە! مەن نىمە ئۈچۈنمۇ "ھەجىمىپ تۇرغان كىشىدىن
ياخشىلىق كەلمەيدۇ" دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالغاندىمەن. نىمە ئۈچۈن-
مۇ ھەكىملەرنىڭ:

بەد نەپس بولما، بولغىن بەدگۇمان،
پىتنە-مىكرىدىن بولغايسەن ئامان.

دېگەن بېيتىنىڭ ھۆكمىنى تۇتماي ئىش قىلغاندىمەن! ئەگەر
بۇ ئىشىمدىن بىرەر بالايى ئاپەت كېلىپ قالىدىغان بولسا، ماڭا
مىڭ مەرتىۋە ھەق بولغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىر شۇ خىيال بىلەن تىپىرلاپ، ئىنتىزارلىق كوزىنى يولغا تىكىپ بىردەم ئولتۇرۇپ، بىردەم قوپۇپ نىمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، تۇيۇقسىزدىنلا دىمىنە پەيدا بولۇپ قاپتۇ ۋە شىر ئۇنى كورگەندىن كېيىن كوڭلى بىرئاز ئارام تېپىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپ-تۇ. دىمىنە كېلىپ يەرنى سويۇپ تازىم قىلغاندىن كېيىن:

تا قىيامەت بولغىچە تۇرسۇن بۇ شاتۇ شەۋكىتىڭ،
بەندىلەرگە نۇر تاراتسۇن ئاپتابى دولىتىڭ.

— ئەي، پادىشاھىم! مۇبارەك قۇلاقلىرىغا ئاۋازى يەتكەن ئۇ نەرسە بىر ئۇكۇز ئىكەن. ئۇ مۇشۇ تاغ ئەتراپىدا ئوتلاۋېتىپ-تۇ. ياتماق-قوپماق، يىمەك-ئىچمەكتىن باشقا نەرسە بىلەن كارى يوق. ھەممىنى گېلى بىلەن قوسىقىدىن ئوتەلمەيدىغان بىر نەرسە ئىكەن، — دەپتۇ.

— كۇچ-قۇۋۋىتى قانچىلىك ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— ئۇنىڭدا كۇچ-قۇۋۋەتكە دالالەت قىلغۇدەك ھىچنەرسە كورمىدىم. ئۇنى كورگەندىن كېيىن كوڭلۇمگە قىلچە قورقۇنچ پەيدا بولمىدى. ئۇنىڭدا قەدرى-قىممەت ۋە ھورمەت قىلىشقا بولغۇ-دەك بىرەر ئالامەتمۇ يوقتەك تۇيىدۇ.

— ئۇنى زەئىپ دىگىلى بولماسمىكىن. سىنىڭ بىر قېتىم ئۇچراشقىنىڭ بىلەنلا ئۇنىڭغا ئالدىنىپ قالساق بولمايدۇ. چۇنكى قاتتىق بوران ئاجىز گىيالارنى ئۇچۇرۇپ كېتەلمىسىمۇ، چوڭ دەرەخلەرنى قومۇرۇپ تاشلىيالايدۇ. چوڭ باھادىرلار ۋە پەھلىۋانلار ئوزىگە تەڭ كېلەلىگۇدەك كۇچلۇك كىشىلەرنى تاپمىسا، ئوزىنىڭ قۇۋۋەت ۋە شەۋكەتلىرىنى ئاشكارا قىلمايدۇ-دە، — دەپتۇ شىر.

قارا قۇشقاچ ئوۋلىغىلى قارچۇغا تەلپۇنمىگەي،
ئاچمىغاي چىۋىن شىكار قىلماق ئۇچۇن لاچىن قانات،

— ئۇنى بۇنچىلىك چوڭ بىلىپ كەتمىسىلە، — دەپتۇ دىمنە، — ھەم ئۇنىڭغا تەڭ كېلىشنى ئۇنچىلا قىيىن كۆرمىسىلىمۇ بولىدۇ. ئەگەر سىلە خالايدىغان بولسىلا، مەن ئۇنى دەرگاھلىرىغا كەلتۈرەلەيمەن، ئۇ ئەلۋەتتە بويۇن سۇنۇپ ئىتائەت قىلىدۇ ۋە بەندىچىلىكنى بىجا قىلىدۇ.

شىر بۇ سۆزدىن خوش بولۇپ كېتىپتۇ ۋە دىمنەگە ئۇنى كەلتۈرۈشكە ئىجازەت بېرىپتۇ. دىمنە شۇ زامان شەنزەبە قېشىغا بېرىپتۇ ھەم كۆڭلىنى توق تۇتۇپ، ھېچ تەرەددۇت قىلمايلا سۆز باشلاپتۇ:

— نەدىن كەلدىڭ؟ بۇ يەردە نېمىشقا تۇرۇۋاتىسەن؟ بۇ جايغا كېلىشىڭ ۋە بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟

شەنزەبە ئەھۋالنى ئۆز ئەينى بىلەن بايان قىلىپتۇ. دىمنە ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ تاغدىكى بارلىق ۋەھشى ھايۋانلارنىڭ پادىشاسى بولغان شىر سائا شۇنداق پەرمان بەردىكى، مەن سېنى دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن. ئەگەر دەرھال بارساڭ ھازىرغىچە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بارمىغان گۇناھىڭدىن ئەپۇ قىلماقچى بولدى. ئەگەر سەللا تەخىر قىلساڭ مەن يېنىپ بېرىپ ۋەقەنى ئېيتىمەن.

شىر ۋە ۋەھشى ھايۋانلارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان شەنزەبە قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە:

— ئەگەر سەن كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلساڭ ۋە شىرنىڭ سىياسىتىدىن مېنى ساقلاپ قالالىساڭ مەن باراي ھەم سېنىڭ ھەمراھلىقىڭنىڭ يۈزىدىن ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش شەرىپىنى تاپاي، — دەپتۇ.

دىمنە ئۇنىڭ كۆڭلى تىنىغۇدەك ئەھدى - پەيمانلارنى قىلىپ قەسەم ئىچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن بىللە شىرنىڭ قېشىغا كەپتۇ. دىمنە سەل ئىلگىرىرەك كىرىپ شىرغا ئۆكۈزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. بىر پەستىن كېيىن ئۆكۈزمۇ يېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپتۇ. شىر شۇ ھامانلا سوراپتۇ:

ـــ بۇ تەۋەلىككە قاچان كەلدىڭ؟ بۇ يەرگە كېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئۈكۈز ئۆز قىسسىسىنى باشتىن ـ ئاخىر تولۇق بايان قىپتۇ.

ـــ سەن بۇ يەردە تۇرۇپ قالغىن، ـــ دەپ بۇيرۇپتۇ شىر ئۇ-نىڭغا،ـــ بۇ يەردە تۇرساڭ مېنىڭ شەپقەت ئىكرامىم ۋە مەرھەمەت ئىنئامىمدىن ناھايىتى كۆپ نېسىۋە تاپىسەن. بىز ئۆز يۇرتىمىزدىكى مۇساپىر ـ مۇجاپىرلارنىڭ يۈزلىرىگە مېھرىۋانلىق ئىشىكىنى ئېچىپ كېلىۋاتىمىز. ئۆز مەرھەمىتىمىزنى ئاستانىمىزدىكى مۇلازىملىرى-مىزنىڭ ئىنايەت داستىخىنىغا چېچىپ كېلىۋاتىمىز.

ئەگەر مىڭ يىل ئىزلىسەڭ بۇ مەملىكەتنى،
تاپالماسسەن بىزدىن خاپا بىر كىشىنى.
بىزگە بولدى ھەممە ئىشتا شۇنداق مۇرات،
پۇقرالارنىڭ ئىش ـ كۆشلىرى تاپقاي كۆشات.

ئۈكۈز شىرغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى مۇلازىملىققا قو-بۇل قىلغانلىقىغا خوشال بولۇپ، خىزمەت كەمىرىنى رىغبەت بىلىگە باغلاپتۇ، شىرمۇ ئۇنىڭغا "يېقىن كىشى" لىك ئورۇن بېرىپ سائەت-سېرى ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇپتۇ. كۆڭلىدە بولسا ئۇ-نىڭ ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئەقىل ـ ئىدرىكى ۋە قابىلىيەت ۋە تەجرىبىسىنى ياخشى باھالاپ كۆرۈپتۇ. قارىسا پەم ـ پاراستى تازا، مىجەز ـ خۇلقى يارامىلىق بولغاچقا، تولاراق ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ دانىشمەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىسى تې-خىمۇ ئېشىپتۇ.

ئۇنى كۆرۈپ، خۇش پەملىك ھەم سوزشۇناس،
كوزى ئوتكۇر دانالىغىن قىلدى قىياس.

ئۇ ئىدى بىركۈننى كۆرگەن ئىش بىلەرمەن،
تەجرىبىلىك ئىشقا پۇختا ھەم دانىشمەن.

شىر كۆپ ئويلاپ ۋە تەپەككۇر يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىگە سىرداش قىلىپتۇ. ئۇ دائىم شىر قېشىدا تۇرۇپ، قەدرى-قىممىتى ئۆسۈشۈپ بېرىپتۇ. ھوكۇم سۈرۈش ۋە پەرمان يۈرگۈزۈشتە شان-شەۋكىتى ئېشىشۈپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ مەرتىۋىسى بارلىق دۆلەت ئەركان-لىرى ۋە ھوكۈمەت ئەئيانلىرىدىن يۇقۇرى دەرىجىگە كۆتىرى-لىپتۇ.

دىمنە شىرنىڭ ئۆكۈزگە ناھايىتى كاتتا ھۆرمەت كۆرسەت-كەنلىگىنى ئۇنىڭغا ئىنئام ۋە ئىكرام قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقانلىغى-نى، لېكىن ئۆزىگە ھېچقانداق چوڭ ئىشلاردا مەسلىھەت سالمايۋات-قان ۋە سۆزىنى ئاڭلىمايۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ، ھەسەت قولى بىلەن نەپرەت سۈرمىسىنى كۆڭلىنىڭ كۆزىگە تارتىپتۇ ھەم غەزەپ ئوتى غەيرەت شولىسىنى دىمىغىغا ئۇرۇپ ئۇنىڭ پىغانىنى ئاشۇرۇپتۇ.

ھەسەت ئوتىنى ياندۇرسا ھۇسۇدى،
بۇرۇنراق كۆيگۈسى ئاندا ئۆز ۋۇجۇدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن دىمنەنىڭ ۋۇجۇدىدا سەبرۇ قارار ۋە كۆڭ-لىدە ئارام قالماپتۇ. ئاخىرى شىكايەت قىلىش ئۈچۈن كەلىلەنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

— ھەي، بۇرادەر، مېنىڭ ئەقلىمنىڭ ئاجىزلىغىنى، تەدبىرىمە-نىڭ سۇسلۇغىنى كۆرگىنە، — دەپتۇ دىمنە كەلىلەگە، — بارلىق ھىممىتىمنى مەخسۇسلا شىرنىڭ راھەت-پاراغىتىگە بېغىشلىدىم. ئۆكۈزنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە كەلتۈرۈپ بەردىم. مانا ئەمدى ئۇ شىرغا يېقىن بولۇپ، مەرتىۋە تېپىپ، ھەممە مۇلازىملاردىن ئارتۇق تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. مەن بولسام ئورۇن-مەرتىۋەمدىن چۈشۈپ نەزەردىن قالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ ئىشنى سەن ئۆزەڭ قىلدىڭ. ئۆزەڭ تاپقان بالاغا داۋا يوق ئەمدى. بۇ پالتىنى ئۆز پۇتۇڭغا ئۆزەڭ ئۇردۇڭ. بۇ پەتنە چاقىلىرىنى ئۆز يولۇڭدا ئۆزەڭ تورۇتتۇڭ. ئەمدى سەن ھېلىقى زاھىت كورگەن ۋەقەلەردەك ھادىسىگە دۇچ كەپسەن، — دەپتۇ كەلىلە.

— ئۇ قانداق ھادىسە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دىمنە.

— بايان قىلىنىشىچە، بىر زاھىت بار ئىكەن، — دەپ ھېكايە-سىنى باشلاپتۇ كەلىلە.

## زاھىتنىڭ ھېكايىسى

— بايادا كەلتۈرۈلۈشىچە، بىر پادىشا بىر زاھىتقا قىممەتبا-ھالىق تون ئىنئام قىپتۇ. بۇنىڭدىن بىر ئوغرى خەۋەر تېپىپ قېلىپ، توننى ئوغرىلاش قەستىدە زاھىتقا قول بېرىپ مۇرىت بولۇپتۇ؛ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغاچ، تەرىقەت ئەدەپلىرىنى ئۆگەنگەن بولۇپ، كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ سوھبىتىدە چوگىلەپتۇ. مانا شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇ زاھىتقا مەھرەم بولۇۋاپتۇ-دە، بىر كېچىسى پۇر-سەت تېپىپ، ئۇ توننى ئېلىپ قېچىپتۇ. زاھىت ئەتىسى قارىسا تونمۇ كورۈنمەپتۇ. يېڭى مۇرىدىمۇ ھازىر بولماپتۇ. تونني ئۇنىڭ ئېلىپ قاچقانلىقىنى بىلگەن زاھىت ئۇنى ئىزلەپ شەھەر تەرەپ-كە مېڭىپتۇ. يولدا كېتىۋاتسا ئىككى كېيىك ئۇچراپ قاپتۇ. قارىسا ئۇ ئىككى كېيىك ئۇسۇشۇۋاتقان ۋە ئىككىسىنىڭ بېشى يېرىلىپ قان ئېقىۋاتقان ئىكەن. زاھىت ئۇ يەردە بىر پەس قاراپ تۇ-رۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن بىر تۈلكە پەيدا بولۇپ، ئارىغا كىرىپ، كېيىكلەرنىڭ ئاققان قانلىرىنى يالاشقا باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇ ئىككى كېيىكنىڭ يەنە غەزىۋى قوزغىلىپ، بىر بىرىگە ئېتىلىپتۇ. ئىككى باش ئىككى ياندىن بىر يولى تېگىپ، تۈلكە ئوتتۇرىدا قى-سىلىپ قېلىپ، ئەجەل ئىسكەنجىسىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپتۇ. زاھىت بۇ

هادىسىدىن تەجرىبە ئېلىپ يېزىغا راۋان بولۇپتۇ، كەچ كىرگەندە شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىپ قالغان ئىكەن، زاھىت كىرگىلى جاي تاپالماي چوگىلەپ يۈرۈپتۇ. گۆزەردە بىر خوتۇن ئۆگزە ئۈستىدە تۇرۇپ ھەر تەرەپكە قاراۋاتقان ئىكەن. ئۇ زاھىتنى كورۇپ قاپتۇ-دە، ئۇنىڭ بۇ يەرلىك ئەمەسلىكىنى پەملەپ، ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. زاھىت ئۇنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ ئۆيىگە كىرىپتۇ ۋە بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ تائەت-ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ. ئۇ خوتۇن داڭقى چىققان جالاپ ئىكەن ۋە ئۇنىڭ مەخسۇس ئەنە شۇنداق بۇزۇق ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن باققان بىر چورىسى بار ئىكەن. ئۇ چورە شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ئۇنىڭ نازۇ كەرەشمىسى ھورلەرگىمۇ جىلۋىگەرلىك ئۆگىتىدىكەن ۋە خۇمار كوزلىرى غەمزە ئوقى بىلەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ كوكسىنى تېشىدىكەن.

خىرامان قەددى سەرۋى، يۈزلىرى خۇددى مەھى تابان،
ئەقىلنىڭ بويىنىغا زۇلپى بىلەن بەندى كەمەن سالغان.

يەنە بىر، ئۆزى چىرايلىق، بۇرۇتلىرى ئەمدى خەت تارتقان شىرىن سوزلۇك، شېكەر لەۋلىك بىر يىگىت، ئۇ چورە بىلەن ئاشنا بولۇۋالغان ئىكەن، ئۇلار ھەممىشە خۇددى زوھرە يۇلتۇزى بىلەن مۇشتىرى يۇلتۇزىدەك بىر ئورۇندا يېتىشىدىكەن. بۇ يىگىت: "باشقا كىشىلەر كېلىپ ئۇنىڭ ۋىسال جامىدىن شەرۋەت ئىچىۋالمىغىدى ۋە تەشنا بولغانلار ئۇنىڭ تەلەپ شارابىدىن تېتىپ كورۇپ ئۇسسىزلىقىنى قاندۇرۇۋالمىغىدى" دەپ رەشك قىلىپ، بىر كۈنىمۇ ئوتكۈزۈۋەتمەي ھەر كۈنى كېلىدىكەن.

شۇ قەدەر رەشكىم يامانكى، كەلسە قولۇمدىن ئەگەر
قويماس ئىدىم خىيالىڭنى غەيرى دىلغا كىرگىلى.

ھېلىقى يامان خوتۇن، بۇ ئىككىسى ھەر كۈنى بىللە بولۇۋالغانلىقىدىن ئۆزىنىڭ تاپاۋىتىگە دەخلى يەتكەنلىكى ئۈچۈن بىناقەت بولۇپ، ھايا پەردىسىنى ئوتتۇرىدىن كوتىرىۋېتىپ، ھاياتىدىن قول يۇيۇپ، زاھىت ئۇنىڭ ئۆيىدە قونغان ئاشۇ كېچىسى ھېلىقى يىگىتنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قەست قىلىپتۇ. شۇڭا، ئۇ خوتۇن بىر بانا بىلەن ئۇ ئاشىق - مەشۇققا شاراپ تۇتۇپ، ئۇلارنى مەس قىلىپ قويۇپتۇ - دە، پۈتۈن ئۆي ئەھلى ئۇخلىغان ۋاقىتتا، ئەڭ ئۆتكۈر زەھەرنى قۇتىچىغا سېلىپ، نەپەس ئالغاندا بېرىپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرسۇن، دەپ ئۇ يىگىتنىڭ بۇرنىغا يېقىن ئاپىرىپتۇ. تېخى يىگىت دىمىغىغا تارتىپ ئۈلگۈرمەيلا بىر چۈشكۈرۈۋېتىپتۇ - دە، زەھەرنىڭ بۇسى ئۇ يامان خوتۇننىڭ ئاغزى - بۇرنىغا كىرىپ كېتىپ، شۇ ھامان جان بېرىپتۇ.

زاھىت بۇ ھالنى كۆرۈپ، قىيامەت كۈنىدەك ئۇزۇن بىلىنگەن بۇ كېچىنى ناھايىتى تەسلىكتە تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. سۈبھى زاھىدى نۇرانە جايىنامازىنى ئاسمان مېھرابىغا يايغان چاغدا، زاھىت پەسقى پاسات تائىپىسىنىڭ زۇلمىتىدىن قۇتۇلۇپ، باشقا مەنزىلگە كۆچۈپتۇ. يولدا زاھىتنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولغان بىر موزدوز ئۇچراپ قېلىپ، زاھىتنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ بېرىپتۇ ۋە زاھىتقا ياخشى خىزمەت قىلىشنى ئۆيىدىكىلەرگە تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى بىر دوستىنىڭكىگە زىياپەتكە كېتىپتۇ، ئۇ موزدوزنىڭ خوتۇنىنىڭ خۇش تەبىئەتلىك، ئۆزى كېلىشكەن بىر ئاشنىسى بار ئىكەن.

ئۆزى نازۇ ئىشۋىلىك - كۆزلىرى شوخ غەمزىلىك،
يۈز چىرايى جىلۋىلىك، ئۇ ئىدى جانغا بالا.

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا موزدوزغا خوشنا بولغان سەتىراچىنىڭ خوتۇنى دەللاللىق قىلىدىكەن. ئۇ خوتۇن ئەپسۇنگەرلىك قىلىپ، ئوت بىلەن سۇنى بىر بىرىگە قوشالايدىغان ۋە تىل ياغلىمچىلىق بىلەن تاشنى مومدەك ئېرىتىۋېتەلەيدىغان بىر خوتۇن ئىكەن.

ئىدى شۇنداق يېتىشكەن پەرىپتىگەر،
سۇمرۇغ بىلەن پاشىنى جۇپ قىلاتتى.
ئىسىل بىللۇر تەسۋىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ،
كەمەر ئورنىغا زۇننار ئالدۇراتتى.

مۇزدۇزنىڭ خوتۇنى ئېرى بىر ياققا كېتىپ، ئۆي خالىي قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەللالغا: "بۈگۈن ئۆي خالىي قالدى، ئاشنامغا خەۋەر قىلىپ قوي" دەپتۇ. ئاشنىسى خەۋەر تېپىپ شۇ ئاخشىمىلا كېلىپ، ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىغا ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇرسا، مۇزدۇز خۇددى كۆرۈنمەس بالا-قازادەكلا تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىپ قاپتۇ-دە، ئىشىكنىڭ قېشىدا تۇرغان كىشىنى كۆرۈپ قاپتۇ. مۇزدۇز ئىلگىرىمۇ ئۇ ئادەمدىن بىر ئاز گۇمان قىلىدىكەن. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ گۇمانىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈپتۇ-دە، غەزەپ بىلەن ئۆيگە كىرىپ، خوتۇنىنى راسا ئۇرۇپ، ھويلىسىدىكى بىر تۈۋرۈككە مەھكەم باغلاپ قويۇپ، ئۆز ئورنىغا كىرىپ يېتىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن زاھىت: "بۇ ئادەم ھېچقانداق سەۋەبسىزلا بۇ بىگۇنا خوتۇنىنى كوپ ئۇرۇۋەتتى، ئەمدى مەن ئۇنى تىلىۋالاي" دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا سەتىراچىنىڭ خوتۇنى كېلىپ، مۇزدۇزنىڭ خوتۇنىغا: "يىگىت كېلىپ ساقلاپ قالدى، ئۇنى تولا ئىنتىزار قىلما، چىقىپ تېزرەك كۆڭلىنى خوش قىل، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگىن" دەپتۇ. مۇزدۇزنىڭ خوتۇنى ئۇنى ئاستا چاقىرىپتۇ ۋە: "ئوبدان ئاچا، نالەزارىمنى ئاڭلا، ماۋۇ زالىم، رەھىمسىز ئېرىمنى كۆرگىنە، تالادىن كىرىپلا خۇددى ساراڭغا ئوخشاش ئۇرۇپ تۈۋرۈككە مەھكەم باغلاپ قويدى. ئەگەر ماڭا مېھرىۋانچىلىق قىلساڭ تېزرەك مېنى يېشىپ قويغىن. سېنى ئۆزەمنىڭ ئورنۇمغا تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ، تېزرەك يارىمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇنى قايتۇراي ۋە كېلىپ سېنى يېشەي، بىر مەرھەمەت قىلىپ مېنى مىننەتدار قىلساڭچۇ، ئاچا" دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

سەتەراچىنىڭ خوتۇنى ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى يېشىپ ئۆزىنى باغلاشقا رازى بولۇپتۇ ۋە ئۇنى يېشىپ ئۆزى باغلىنىپتۇ. زاھىت بۇ سوزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىنى پەملەپتۇ. شۇ ئەسنادا موزدوز ئويغىنىپ قاپتۇ-دە، خوتۇننى چاقىرىپتۇ. سەتەراچىنىڭ خوتۇنى "ئاۋازىمدىن تونۇپ قالمىسۇن" دەپ جاۋاپ بەرمەپتۇ. موزدوز ھەر قانچە چاقىرغان بولسىمۇ ئۇ خوتۇن ئۈنچىقمىغاندىن كېيىن موزدوزنىڭ غەزىۋى قوزغىلىپ، قولىغا پىچاق ئېلىپ كېلىپ ئۇ خوتۇننىڭ بۇرنىنى كېسىۋېتىپتۇ-دە، "مانا بۇنى ئاشناڭغا تۇھپە قىلىپ بەر" دەپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

خوتۇن قورقۇنچىدىن ئۈن چىقىرالماپتۇ، زاھىت ئۆز-ئۆزىگە: "ئاجايىپ ئىش، ئەيش-ئىشرەتنى باشقىلار قىلىپ، خاپىلىقنى باشقىلار تارتقىنىنى كورمەمدىغان" دەپتۇ. موزدوزنىڭ خوتۇنى قايتىپ كېلىپ، دەللىنىڭ بۇرنى كېسىلگەنلىكىنى كورۇپ ناھايىتى خەجالەتچىلىكتە قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوزرە ئېيتىپ، ئۇنى يېشىپ ئۆزىنى باغلاپتۇ. سەتىراچىنىڭ خوتۇنى بۇرنىنى قولىدا كوتىرىپ ئويىگە كەپتۇ. ئۇ ھەيرانلىقتىن بىر تۇرۇپ كۇلىدىكەن، بىر تۇرۇپ يىغلايدىكەن. زاھىت بۇ ئىشلارنى كورۇپ ۋە سوزلەرنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. موزدوزنىڭ خوتۇنى بىرەر سائەت باغلاقلىق تۇرۇپتۇ ۋە ئاندىن كېيىن قولىنى دۇئاغا كوتىرىپ مۇناجات قىلىشقا باشلاپتۇ: "خۇدايا-خۇداۋەندە، پاك پەرۋەردىگارا! ئۆزەڭ بىلىسەن. ئېرىم ماڭا زۇلۇم قىلىپ، قىلمىغان گۇنانى گەدىنىمگە ئارتىپ، مېنى باغلىدى ۋە جامالىمنىڭ زىننىتى بولغان بۇرنۇمنى كەستى. خۇدايا پاكلىغىمنىڭ ھەققى ھورمىتىدىن بۇرنۇمنى ئۆزەڭ ساقايتقىن!" ئۇنىڭ ئېرى موزدوز ئويغاق يېتىپ، ئۇ مۇناجاتنى ئاڭلاپتۇ.

— ھەي بىھايا، ھارامزادە جالاپ! — دەپ ۋاقىراپتۇ ئۇ ئويدە تۇرۇپ، — نىمە دەۋاتىسەن؟ پاسىقلارنىڭ دۇئاسىنىڭ نىمە قەدرى-قىممىتى بار، بۇزۇقلارنىڭ مۇناجاتىنىڭ نىمە ئېتىۋارى بار؟

كىشىنىڭ دوئاسى بولار مۇستىجاپ،
تىلى بىلەن دىلى ئوخشاش بولسا ساپ.

ئۇ خوتۇن بىردىنلا ۋاقىراپتۇ:

— ھەي دىل ئازار، زالىم! — دەپتۇ ئۇ ئېرىگە، — تۇر ئورنۇڭدىن، خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتىنى تاماشا قىل، مەن پاك بولغاچقا خۇدايىتائالا بۇرنۇمنى ساقايتتى ۋە خالايىق ئوتتۇرىسىدا شەرمەندە قىلمىدى.

ھېلىقى نادان موزدۇز ئورنىدىن تۇرۇپ، چىراق يېقىپ، خوتۇنىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە خوتۇنىنىڭ بۇرنى ساق ئىكەنلىكىنى، ھېچبىر يەردە زەخىم، يارا ياكى كېسىك ئەسىرى يوق ئىكەنلىكىنى كورۇپ، گۇنايىغا ئىقرار قىلىپ خوتۇنىدىن ئوزرە سوراپتۇ:

— مەن بۇندىن كېيىن ئۇنداق ساختىپەز پىتنىخورلارنىڭ سوزىگە كىرمەيمەن، — دەپتۇ ئۇ خوتۇنىنىڭ قولىنى يېشىپ تۇرۇپ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن تولۋا قىلغان ھالدا، — ئەمدى قالغان ئومرۇمنى سېنىڭ بۇيرۇغۇڭغا پەرمانبەردارلىق بىلەن ئوتكۇزىمەن. ساڭا ئوخشاش دوئاسى ئىجابەت بولىدىغان ئىپپەت پەردىسى ئىـ چىدىكى مەستۇرە ئايالنى قەدىرلەيمەن.

ئۇ تەرەپتە بولسا سەتىراچىنىڭ خوتۇنى بۇرنىنى قولىدا كو-تىرىپ ئويىگە كەپتۇ ۋە ئەمدى قانداق ھىلە بىلەن بۇ ئىشنى ئېرى-گە كورسىتىشنى بىلمەي ھەيران بولۇپ، خولۇم - خوشنا ۋە دوست - دۇشمەنلەرنىڭ نىمە دەپ سوز - چوچەك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرسا، سەتىراچ ئويغىنىپ ۋاقىراپتۇ:

— ھەي خوتۇن، ئەسۋاپلىرىمنى ئەپكەل، پالانى غوجامنىڭ ئويىگە بارىمەن.

خوتۇن كېچىكىپىرەك جاۋاپ بېرىپ، ئەسۋاپنى ئەپكېلىشتىمۇ سەل تەخىر قىلىپ، ئاخىرى بىر ئۇستىرىنى ئېچىپ، ئۇستىنىڭ قولىغا بېرىپتۇ. سەتىراچىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، خوتۇنىنى تىللىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىتى قاراڭغۇدا ئۇستۇرىنى خوتۇنى تەرەپكە ئىتىپتۇ، خوتۇن دەر-
هال ئۇزىنى يەرگە تاشلاپ "ۋاي بۇرنۇم، ۋاي بۇرنۇم" دەپ
پەريات قىلىشقا باشلاپتۇ. سەتىراچ ھەيران بولۇپ نىمە قىلى-
شىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۇرۇق - تۇققان ۋە خولۇم - خوش-
نىلىرى يىغىلىپ، خوتۇنىنىڭ ھالىنى كورۇپ سەتىراچنى مالامەت
قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بىچارە ھەيران بولۇپ، يا ئىقرار قىلىشنى، يا
ئىنكار قىلىشنى بىلمەي قاپتۇ. شۇ ئارىدا تاڭ ئىتىپ، قاراڭغۇلۇق
زۇلمىتى كوتىرىلىپ، ئالەمنى قىزدۇرغۇچى ئاپتاپ نامايەن بولۇپتۇ.

تارتتى لەشكەر پەلەككە شاھى شەرق،
شاھى مەغرىپ قان ئىچرە بولدى غەرق.

خوتۇنىنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى ئۇلىشىپ، سەتىراچنى قازىنىڭ
ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. زاھىتمۇ موزدۇزنىڭ ئويىدىن چىقىپ قازى مەھ-
كىمىسىگە بىرىپتۇ. ئۇ قازى بىلەن قەدىردان دوست ئىكەن. خو-
تۇننىڭ تۇققانلىرى دەۋا قىلىشىپتۇ. قازى سەتىراچتىن سوراپتۇ:
— ھەي ئۇستا، نىمىشقا بۇ خوتۇنىنىڭ بۇرنىنى كەستىڭ؟
سەتىراچ جاۋاپ بىرىشقا ئاجىز كەپتۇ. قازى قىساسنى ئىلىپ
بىرىش ئۇچۇن سەتىراچنىڭمۇ بۇرنىنى كىسىشكە بۇيرۇپتۇ.
— بۇ ئىشتا كوپرەك پىكىر يۇرگۇزۇش كىرەك قازى ئاخۇنۇم! —
دەپتۇ زاھىت ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەگەر تونىنى ئوغرى ئالمىغان
بولسا، تۈلكىنى كىيىكلەر ئۇسۇپ ئولتۇرگەنلىكى، جالاپ خوتۇننى
زەھەر ھالاك قىلغانلىقى، موزدۇز سەتىراچنىڭ خوتۇنىنىڭ بۇرنىنى
كەسكەنلىكى قاتارلىق بالا - قازالارنى كورمىگەن بولاتتىم.
قازى زاھىت تەرەپكە قاراپتۇ ھەم ۋەقەنى سوراپتۇ. زاھىت
كورگەن - ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇ - بىر بايان قىلىپتۇ ۋە ئاخىرىدا شۇن-
داق دەپتۇ:
— مەندە مۇرىت ئىلىش ئارزۇسى بولمىغان بولسا، ئوغرىنىڭ

ھىلە-مىكىرىسىگە ئالدىنىپ، تۈننى ئوغرىلاتمىغان بولاتتىم. ئەگەر تۈلكە نەپسى يامان، قانخور بولمىغان بولسا، كېيىكلەرنىڭ ئارىسىدا قىلىپ ئۆلمىگەن بولاتتى. ئەگەر بۆزۈك خوتۇن باشقىلارغا يامانلىق ئىستىمىگەن بولسا، زەھەر تېتىپ جان بەرمىگەن بولاتتى. ئەگەر سەتىراچىنىڭ خوتۇنى ئۇ ھارام ئىشقا مەدەت بەرمىگەن بولسا، بۇرنى كېسىلىپ رەسۋا بولمىغان بولاتتى. ھەر كىم يامانلىق قىلسا ياخشىلىقتىن ئۈمىت تۇتماسلىغى كېرەك. ھەر كىمگە ناشكەر لازىم بولسا ھەنزەل① ۋە چاچراتقۇ تېرىماسلىغى كېرەك.

بۇ جاھان توغرىسىدا، دەپتۇ ئاقىللار شۇنى،
تېرىمىغىن يامانلىق، ئورارسەن ئاخىر ئۇنى.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، بۇ جاپا يولىنى ئۆزەڭ ئىختىيار قىلغانلىقىڭنى، بۇ مۇشەققەتنى ئۆزەڭ چەككەنلىكىڭنى چۈشىنىشىڭ كېرەك. ئۆزەڭگە ئۆزەڭ قىلغان تۇرۇقلۇق ئەمدى يەنە كىمدىن نالە قىلىسەن!

— راست ئېيتىسەن، — دەپتۇ دېھقان تۈلكىگە، — بۇ ئىشنى ئۆزەم قىلدىم، لېكىن ئەمدى مېنىڭ بۇ ئىشتىن قۇتۇلۇش تەدبىرىم توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟

— بۇ توغرىدا باشتىمۇ مەن ساڭا قوشۇلمىغان، ھېلىمۇ ساڭا ئارىلاشمايمەن ۋە دەخلى بەرمەيمەن، ئۆزەڭ ئويلاپ پىكىر قىل، ھەر كىم ئۆز مەسلىھەتىنى ئۆزى ياخشى بىلىدۇ، — دەپتۇ كەلىلە.

— ئۇنداق بولسا مەن ھىلە ئىشلىتىپ ھەركەت قىلىمەن، تا ئۆكۈزنى ھازىرقى مەرتىۋىسىدىن چۈشۈرۈپ بەلكى مۇشۇ يۇرت تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقارمىغىچە ھەرگىز غاپىللىق ۋە بوشاڭلىق قىلمايمەن. مەن ئارتۇق مەرتىۋىمۇ ئىزلىمەيمەن. بۆزرۈكلار "ئاقىل-

① ھەنزەل — ئاچچىق تاۋۇز. ملىلى ۋە جوڭيى تېبابىتىدە ئىشلىتىلىدىغان بىرخىل دورا. خەنزۇچە گۇالۇ دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لار بەش ئىشقا ئالدىرىسا بولىدۇ" دەپ ئېيتىشقان. بۇنىڭ بىرىن-
چىسى، مەنسەپ ۋە مەرتىۋە تەلىشىۋىدە، ئەگەر ئۇنىڭغا يېتىشىش
مۇمكىن بولىدىغان بولسا؛ ئىككىنچىسى، زەرەردىن قېچىشتا؛ ئۈچىن-
چىسى، ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداشتا؛ تۆتىنچىسى، ئۆزىنى بالا ۋە
ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا؛ بەشىنچىسى، نەپ ئالماق ۋە زىياننىڭ ئال-
دىنى ئالماقتا ئالدىرىسا بولىدۇ. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ھەركەت قى-
لىمەن. تاكى ئۆز مەنسۇۋىمگە يېتىشىپ، ئىززەت-ئابروي ۋە ھو-
قۇقۇم قولۇمغا كەلمىگىچە توختىمايمەن، مەن قۇرغۇيدىن ئىنتىقام ئال-
غان قۇشقاچتىنمۇ زەئىپ ئەمەسمەن، — دەپتۇ دىمنە.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ كەلىلە.

ئىككى قۇشقاچ بىر دەرەختە چاڭگا تۇتقان ئىكەن، — دەپ
ھېكايىسىنى باشلاپتۇ دىمنە.

## قۇشقاچ بىلەن قۇرغۇينىڭ ھېكايىسى

ئىككى قۇشقاچ بىر دەرەختە چاڭگا قۇرۇپ، ئازغىنا دان ۋە
سۇغا قانائەت قىلىپ ھايات كەچۈرىدىكەن. شۇ دەرەخ ئۆسكەن
تاغدىكى باشقا بىر دەرەخ ئۈستىدە بىر قۇرغۇي بار ئىكەن. ئۇ
قۇرغۇي ئوۋ قىلىدىغان ۋاقتىدا چاقماقتەك چاچراپ، خۇددى چې-
قىنداقتەك قۇشلار جىنىنىڭ خامىنىغا ئوت سالىدىكەن.

قانچىلاپ قۇشلارغا چاڭگال ئاچاتتى،
بىر ھەملىدە مىڭ قۇشقاچنى ئالاتتى.

قاچانكى قۇشقاچلار بالا چىقارسا، ئۇچۇرما بولغان ۋاقتىدا،
قۇرغۇي بىر ياندىن پەيدا بولۇپ كېلىپ، قۇشقاچ بالىلىرىنى
ئوۋلاپ، ئۆز بالىلىرىغا بېرىدىكەن. قۇشقاچلار بولسا "ۋەتىنىنى
سۆيمەك ئىمان جۈملىسىدىندۇر" دەپ ئۇ يەردىن كۆچۈپ كەت-

مەيدىكەن، لېكىن ئۇ يەردە تۇرۇشقىمۇ ئامالسىز قالغان ئىكەن. بىر نۇۋەت قۇشقاچلار بالا چىقىرىپتۇ، باللىرى بولسا چوكچىيىپ قانات چىقىرىپتۇ ۋە ھەركەت قىلىشقا باشلاپتۇ، ئاتا-ئانىلىرى باللىرىنى كورۇپ، سۆيۈنۈپ-قۇۋۇنۇپ، خوشال-خوراملىق بىلەن پەرۋاز قىلىپتۇ. ئەمما تويۇقسىزدىن قۇرغۇينىڭ ئەندىشىسى خىيالىغا چۈشۈپ، شۇ زامانلا خوشاللىقلىرى قايغۇغا ئالمىشىپ، ئىزتىراپ بىلەن نالە-زار قىلغىلى تۇرۇپتۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ ئىچىدە ۋۇجۇدىدىن باتۇرلۇق ئالامىتى چىقىپ تۇرغان بىرى بار ئىكەن، ئۇ ئاتا-ئانىسىدىن سوراپتۇ:

— خۇرسەنتلىكلەر كېتىپ نالە-زار قىلىشىڭلارنىڭ سەۋەبى نىمە؟

ئۇلار:

سورىما بىزدىن، قەلبىمىز كويىبەكتە يالقۇنلاپ شۇئان،
يېشىمىزدىن سورا ئۇنى، ئۇ قەلبىمىزگە تەرجىمان.

دەپ قۇرغۇينىڭ زۇلمىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى كۇتۇپ تۇرغان ئاقىۋەتنى سوزلەپ بېرىپتۇ.

— تەقدىرنىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئەمما دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا تېپىش ئۇچۇن سەۋەپ قىلىشنى خۇدا مۇقەررەر قىلىپ ياراتقان. بۇ چېكىنى يېشىش ئۇچۇن بىر قەدەم كوتەرسەڭلار، بۇ بالا دەپئىسى بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ قۇشقاچ بالىسى.

بۇ گەپ قۇشقاچلارغا ياراپ قاپتۇ-دە، ئۇلاردىن بىرى بالىسىنى بېقىپ ئولتۇرۇپتۇ. يەنە بىرى قۇرغۇيدىن مۇداپىئە كورۇش ئۇچۇن تەرەددۇت قىلىپ كوپ ئويلىغاندىن كېيىن ئاخىرى: "ھەرقانداق بىر جانىۋار ئالدىمغا ئۇچرىسا، ئۇنىڭغا دەردىمنى ئېيتىپ ئىلاجىنى سوراي" دەپ كوڭلىگە پۇكۇپ كېتىپ بارسا، ئوت كانىدىن چىقىپ، سەھرادا كېتىپ بارغان بىر سەمەندەرنى كورۇپ قاپتۇ. قۇشقاچ ئۇنىڭ شەكلى ۋە كورۇنۇشىدىن ئەجەپلىنىپ "مۇشۇ جانىۋارغا ئوز ھالىمنى بىر بايان قىلىپ

باقاي" دەپ ئويلاپ، ئازىسم ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلەن سەمەن-دەرنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە سالام قىلىپ ئەدەپ بىلەن تۇرۇپتۇ. سەمەندەر غەلىتە تىل بىلەن ئۇزىنىڭ مۇساپىرلارغا يېقىنچىلىق قىلىدىغان ۋە غېرىپ پەرۋەرلىك قائىدە - يوسۇنىنى بىجا كەلتۈ-رۈپتۇ ۋە:

— چىرايىڭدا مالامەت ئەسەرى كورۇنىدۇغۇ؟ ئەگەر يول ئازاۋىدىن بۇنچە رەنج چەككەن بولساڭ، بۇ مەنزىلدە بىر-نەچچە كۈن تۇرغىن ۋە ئارام ئالغىن، ئەگەر باشقا ئىش تۈپەي-لىدىن خاپا بولۇپ قالغان بولساڭ، ئېيتقىن، ئۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىشىچە ھەركەت قىلاي، — دەپتۇ.

قۇشقاچ ئەگەر تاشقا سوزلىسە تاشمۇ پارە - پارە بولۇپ كەتكۇدەك ھالىدا زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ، ئۇز ھالىنى بايان قىلىپتۇ.

ھەركىمگە ھالىمنى بايان ئەيلەرمەن،
كوكسىگە يۇزلەرچە ئەلەم باغلارمەن.

ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلىغان سەمەندەرنىڭ مىڭىسىدىن تۇتۇن چىقىپتۇ - دە، قۇشقاچقا:

— غەم يېمىگىن، مەن بېشىڭدىن بۇ بالانى كەتكۇزۇۋېتە-مەن. بۇگۈن كېچە، قاراڭغۇ، بىر ئۇچقۇنۇم بىلەن ئۇنىڭ ئويىنى ۋە ئۇزىنى كويدۇرۇپ كۇللىرىنى سورۇۋېتىمەن. سەن ئاۋال ماڭا ئويىڭنى كورسىتىپ قوي، ۋاقتى كەلگەندە مەن بارىمەن، — دەپتۇ. قۇشقاچ ئۇزىنىڭ ئويىنى سەمەندەر ياخشى تونۇغۇدەك قىلىپ ئېنىق كورسىتىپ قويۇپ، سۇيۇنۇپ ئۇز مەنزىلىگە قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ كۇنى كەچ كىرىپتۇ. كېچىسى ھىلىقى سەمەندەر بىر-نەچچە سەمەندەرنى يىغىپ، ھەر بىرى بىر پارچىدىن چوغ ۋە گۇگۇت ئېلىپ قۇشقاچنىڭ ئويىگە كېلىشىپتۇ. قۇشقاچ ئۇزى يول باشلاپ ئۇلارنى قۇرغۇينىڭ ئۇۋىسىغا باشلاپ بېرىپتۇ. قۇرغۇي بالىلىرى

بىلەن ئۇ بالا-قازادىن بىخەۋەر ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. سەمەندەر-لەر چوغىنى ئۇنىڭ ئۇۋىسىغا تۇشقۇزۇۋېتىپتۇ. شامال چىقىپ ئوت يالقۇنلاپ كۆيۈپتۇ، قۇرغۇيلار خەۋەر تاپقان ۋاقىتتا ھەركەت قولى بىلەن ئۇ ئوتنى ئۆچۈرۈپ بولالمايدىغان ھالەتكە يەتكەن ئىكەن. شۇڭا ئۇلار ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولۇپتۇ.

زالىم ئۆز زۇلمىدىن ئوت ياقسا ئەگەر،
ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى تەڭلا كۆيدۈرەر.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ھەركىم دۈشمەننى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تەرەددۇت قىلسا، گەرچە ئۆزى كىچىك، دۈشمىنى چوڭ بولسىمۇ غەلىبە قازىنىش ئېھتىمالى بار. بۇنى ئاڭلىغان كەلىلە شۇنداق دەپتۇ:

— ھازىر ئوكۇز شىر بىلەن ناھايىتى ئىناق ۋە يېقىن ئۆتۈۋاتىدۇ. ئوكۇزنىڭ مېھرى شىرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان. شۇڭا ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى شىرنىڭ كۆڭلىدىن كۆتەرمەك ۋە ئۇنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتمەك غايەت مۈشكۈل ئىش، پادىشالار ھەرقاچاندا بىرەر كىشىنى تەربىيەت قىلسا، ئۇنى سەۋەبسىز خارلىمايدۇ. ئەگەر ھەر كىشىنىڭ ئورنىنى يۇقۇرى كۆتەرسە، ئۇنى بىكاردىن-بىكارغىلا نەزەردىن تاشلىمايدۇ. سۇ ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ سۇ ئۈستىدىكى كىچىككىنە چۆپنى يۇتۇپ كەتمەيدۇ. مانا شۇنىڭ ھېكمىتىگە قارىساڭ بولىدۇ. ھەرقانداق كىشى ئۆزى تەربىيەت قىلىپ ئاشۇرغان نەرسىنى ئۆزى نابۇت قىلمايدۇ-دە!

— پادىشا قانداق سەۋەب بىلەن ئۇنى تەربىيەت قىلىدىكەن؟ نېمە ئەۋزەللىكى ئۈچۈن ئۇنى باشقا ۋەزىرلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىرىدىكەن؟ — دەپتۇ دىمنە، — بۇ توغرىدا دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ھەممىسى پادىشادىن رەنجىيدۇ، ئەلۋەتتە. ھۆكۈمالار "پادىشالىققا مۇنۇ ئالتە نەرسىنىڭ بىرىدىن ئاپەت يەتكەي" دەپ

www.uyghurkitap.com

ئېيتىشقان. ئۇنىڭ بىرى، دۆلەت ئىشلىرىغا كۆيۈنىدىغان كىشىلەرنى ئۆزىدىن مەھرۇم قىلسا ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەرنى نەزەردىن چۈشۈرسە؛ ئىككىنچىسى، مەملىكەتتە پىتنە پەيدا بولۇپ، ھاجەتسىز ئۇرۇشلار ۋە كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەر پەيدا بولۇپ، بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى گۇرۇھلارنىڭ خەنجەرلىرى غىلاپتىن چىقسا؛ ئۈچىنچىسى، پادىشالار ھاۋايى ھەۋەس، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ كەتسە، شىكارغا ھېرىس بولسا؛ تۆتىنچىسى، پۈتۈن جاھانغا كەلگەن، تەبىئەتنىڭ نورمال تەرتىۋىگە خىلاپ بولغان يەر تەۋرەش، سۇ ئاپىتى، ئوت ئاپىتى قاتارلىق ھادىسىلەر يۈز بەرسە؛ بەشىنچىسى، پادىشالار بەدخۇي، غەزەپلىك بولسا، سىياسەتتە مۇبالىغە قىلسا؛ ئالتىنچىسى، جاھىللىق قىلسا، يەنى سۇلۇھ قىلىدىغان جايدا ئۇرۇش قىلسا، ئۇرۇش قىلىدىغان پەيتتە سۇلۇھ قىلسا؛

بىمەھەل سۇلۇھ، ئۇرۇش بولماس بىكار،
گۈل جايىدا گۈل، تىكەن جايىدا خار (!)

— ئىنتىقام كەمىرىنى باغلىغانلىقىڭ ۋە شەنزەبەنىڭ پىيىسىغا چۈشكەنلىكىڭنى بىلدىم، — دەپتۇ كەلىلە، — لېكىن مەن كىشىگە ئازار بېرىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، يامانلىقنىڭ چوقۇم مۇكاپاتى يېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. ھەر كىم ئىبرەت كۆزىنى ئاچىدىغان بولسا ۋە يامانلىقنىڭ مۇكاپاتىنى ئويلىسا، خۇددى ئادىل پادىشا كۆرگىنىدەك، ياخشىلىق ۋە مەرھەمەتنى تىلەپ، قولى ۋە تىلىنى ئازار ۋە ئىزادىن تارتىشىدا شەك يوق.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دىمنە.

— ئاڭلىشىمچە، ئىلگىرىكى زاماندا بىر پادىشا بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ كەلىلە.

# شاھى ئادىلنىڭ ھېكايىسى

— ئىلگىركى زاماندا، بىر پادىشا بار ئىكەن، ئۇ غەزەپ قولىنى ئېچىپ، زۇلۇم پۈتىنى ياخشىلىق ۋە ئادىللىقنىڭ سىرتىدا قويغان بىر پادىشا ئىكەن. پۇقرالىرى ئۇنىڭ جەبرى-زۇلمىدىن ھەمىشە دۇئاغا قول كوتەرگەن ۋە لەنەتكە تىل ئاچقان ئىكەن. ئۇ پادىشا بىر كۈنى ئوۋغا چىقىپتۇ ۋە ئوۋدىن قايتىپ كېلىپلا: "ھەي زۇلۇم كورگەن كىشىلەر! مېنىڭ دىلىم تاكى بۈگۈنگىچە ساۋاپ جامالىنى كورمىگەن ئىدى. جاپا-مۇشەققەتكە قالغانلارغا رەھىم قىلمىغان ئىدىم. بۈگۈندىن تارتىپ خەلقپەرۋەرلىككە بەل باغلىدىم ۋە ئادالەت قىلىشقا نىيەت قىلدىم. ئۈمىدىم شۇكى، بۈندىن كېيىن ھېچقانداق زالىم پۇقرالارنىڭ ئىشىكىنى قاقال-مىغاي" دەپ جاكا قىلدۇرۇپتۇ. بۇ خوشخەۋەردىن پۇقرالار دىلى شاتلىققا يۈزلىنىپ، پەقىرلەر بۇ بىشارەتتىن گۈل تېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئازغىنا پۇرسەتتە ئۇنىڭ ئادالىتىنىڭ بەركىتىدىن شۇنچە-لىك كەڭرىچىلىك بولۇپتىكى، بوره شىرنىڭ ئەمچىكىدىن سۈت ئەمگۈدەك، كەكلىك قارچۇغا بىلەن بىر ئۇيىدە ياشىغۇدەك دەرى-جىدە ئادالەت ئورناپتۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇ پادىشا "شاھى ئادىل" دىگەن نامغا ئېرىشىپتۇ.

ئەدلۇ ئىنساپ شۇقەدەر مەھكەم بولۇپ قىلدى داۋام،
ئۇ زاماندا بولدى گويا ئوتقا كۆگگۈرت پاسىبان.

سەلتەنەت يېقىنلىرىدىن بىرى بىر پۇرسەت تېپىپ، پادى-شادىن ئۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ۋە ئۇنىڭ خۇي-پەيلى تۈزۈلۈپ، خەلققە زۇلۇم سېلىشتىن ئادالەت تەرەپكە ئۆتۈشىنىڭ بائىسىنى سوراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەن شىكارغا چىققان كۈنى ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ، ھەر تامانغا نەزەر سېلىپ يۈرۈپ تۇيۇقسىز بىر ئىت بىر تۈلكىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كوردۇم، — دەپتۇ پادىشا، — قاراپ تۇرسام، ئىت يۈگۈرۈپ بېرىپ تۈلكىنىڭ پۇتىنى چىشلەپ چاينىۋەتتى. تۈلكە بىچارە ئاقساقلىغىنىچە بىر توشۇككە كىرىپ كەتتى. ئىت قايتىپ كەلدى. شۇ ئەسنادا، بىر كىشى بىر تاشنى ئىتقا ئاتتى، ئىتنىڭ پۇتىغا تېگىپ پۇتى سۇندى. ئۇ كىشى تېخى ئۇچ - تۇت قەدەم ماڭا - ماڭمايلا، ئات تېپىپ ئۇ ئادەمنىڭمۇ پۇتى سۇندى. ئۇ ئاتمۇ ھېچقانچە ماڭماي تۇرۇپ، بىر توشۇككە سېپىلىپ كېتىپ، پۇتى سۇندى. شۇندا مەن ھوشۇمنى تاپتىم ۋە ئۇز - ئۇزەمگە: "كوردۇڭمۇ؟ نىمە ئىشلار يۈز بەردى؟ ئەقىللىق كىشى بۇ كورگەن ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك" دېدىم.

ياخشىلىق قىلغىن قىلما يامانلىق،
ئىشىڭغا لايىق جازا كورەرسەن.
گەر ياخشىلىققا مايىللىق قىلساڭ،
ئابروي دولەت راسا كورەرسەن.
ئەگەر يامانلىق ئەيلىسەڭ رىغبەت،
بىرنەچچە يامان بالا كورەرسەن.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۇچۇن كەلتۇردۇمكى، ئاقىۋەتتە جازا تارتىپ ئويلاپ، باشقىلارغا يامانلىقىنى سېغىنسا، يامانلىغىڭنىڭ شۇملۇغى تېگىپ قالمىسۇن يەنە! ھەر كىم باشقىلارغا ئورا كولىسا ئالدى بىلەن ئوزى يىقىلىدۇ. بۇزرۇكلاردىن بىرسى: "يامانلىق قىلما، يامانلىق كورەرسەن، ئازگال كولىما، ئوزەڭ يىقىلۇرسەن" دەپ ئېيتقان.

— مەن بۇ ۋەقەدە زالىم ئەمەس، مەزلۇممەن! — دەپتۇ

دېمىنە، — زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئەگەر ئىنتىقام ئالسا ئۇنىڭغا جازا
كەلمەيدۇ. ئەگەر ئازار يەتكۈزگۈچىگە ئازار بەرسە زەرەر تارتمايدۇ.
— پەرىزىمچە، مېنىڭ نەسىھىتىم بىلەن ئۆز قىلمىشىڭدىن
ۋاز كەچمەيدىغاندەك تۇرىسەن. ئەمما ئۇ سەندىن زور ۋە ئۇنىڭ
دوستلىرى سېنىڭ دوستلىرىڭدىن كۆپ تۇرسا، سەن ئۇنى قانداق
بىر تەرەپ قىلالايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ كەلىلە.
— بۇ ئىشنىڭ بىناسىنى قۇرۇشقا كۆپ كۈچ ۋە كۆپ مە-
دەتكار كەتمەيدۇ، — دەپتۇ دېمىنە، — ھىيلە ۋە تەدبىر بىلەن چارە
قىلماق كېرەك، چۈنكى ھىيلە كۈچ-قۇۋۋەتتىن كۈچلۈكرەكتۇ.
سەن بىر ئىلاننى ھىيلە بىلەن ئۆلتۈرگەن قاغىنىڭ ھېكايىسىنى
ئاڭلىماپتىكەنسەندە-دە؟
— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ كەلىلە.
— بىر قاغا، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ دېمىنە.

## قاغا بىلەن ئىلاننىڭ ھېكايىسى

— بىر قاغا تاغنىڭ كامىرىدا ئۇۋا ياساپ، تاشنىڭ تۆشۈكىنى
ماكان قىلىپ ياشىغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇۋىسىنىڭ يېنىدا بىر
زەھەرلىك ئىلاننىڭ ئۇۋىسى بار بولۇپ، قاچانىكى قاغا بالا چى-
قارسا ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئىلان يەپ كېتىدىكەن. قاغا جىگەر
پارىسى بولغان بالىلىرىنىڭ پىراقىدا داغ بولىدىكەن. بارغانسېرى
ئىلاننىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپتۇ. قاغا تاقەتسىزلىنىپ، ئۆزىگە
دوست بولغان بىر چىلبۆرىگە: ئاشۇ ئىلاندىن قۇتۇلسام بولاتتى،
دەپ شىكايەت قىلىپتۇ.
— قانداق قۇتۇلماقچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ چىلبۆرە.
— ئىلان ئۇخلاۋاتقان چېغىدا تۇمشۇغۇم بىلەن كۆزىنى چو-
قۇپ قارغۇ قىلىۋەتسەم دەيمەن. ئۇنىڭ كۆزى قارغۇ بولغاندىن
كېيىن كۆز نۇرلىرىم، جىگەر پارىلىرىم ئۇنىڭ ۋەھىمىسىدىن خا-

تەرجىمە بولدۇ، — دەپتۇ قاغا.

— سىنىڭ بۇ تەدبىرىڭ خاتا، — دەپتۇ چىلبۆرە ئۇنىڭغا، — ئاقىل كىشى دۈشمەنگە قەست قىلىشتا ئۆزىگە بىخەتەر ئۇسۇل بىلەن ئىش قىلىشى كېرەك. سەن بۇ خىيالىڭدىن ۋاز كەچكىن. سەن قىسقۇچپاقنى ھالاك قىلىشقا ھەركەت قىلىپ ئۆزىڭنىڭ ئەزىز ھاياتىنى بەربات قىلغان بېلىقئالغۇچتەك ئىش قىلمىغىن.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ قاغا.

چىلبۆرە ئۇنىڭغا بېلىقئالغۇچ بىلەن قىسقۇچپاقنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— بىر بېلىقئالغۇچ سۇ بويىنى ۋەتەن قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىگە لايىق بېلىق تۇتۇپ يەپ، خوشاللىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىكەن. بىرىپ-بىرىپ ئۇ قېرىپتۇ-دە، كۈچىدىن قېلىپ، بېلىق ئالالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غەم دامىغا گىرىپتار بولۇپ:

ۋاي ئىستىكى ئۆمرىمىزنىڭ كارۋىنى كەتتى ئۆتۈپ،
باشىمىزغا غەم غۇبارىدىن تولا چاڭ توزۇتۇپ.

"ئەپسۇسكى، ئەزىز ئۆمرۈم بەربات بولدى. ياش ۋاقتىمدا قېرىلىق ئۈچۈن مال-دۇنيا ساقلاپ قويماپتىمەن. ھازىر كۈچ-قۇۋۋىتىم قالمىدى. ماغدۇر بولمىسا ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدىكەن. ئەمدى ھىلە-مىكىر ئىشلىتىپ كۈن كەچۈرمىسەم بولمىدى" دەپ غەم يەپ، ئاھ ئۇرۇپ نالە قىلىپ بىر سۇ لېۋىدە ئولتۇرغان ئىكەن، نېرىدىن بىر قىسقۇچپاقا كۆرۈنۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ خوشال-خۇراملىق بىلەن "غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ، غەمكىنلىكىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟" دەپ سوراپتۇ. "نېمە ئۈچۈن غەمكىن بولماي! — دەپتۇ بېلىقئالغۇچ، — مېنىڭ مەئىشىتىمنىڭ شارابى ۋە تىرىكلىگىمنىڭ سەرمايىسى مانا مۇشۇ بېلىقلار ئىدى. ھەر كۈنى

ئىككى بېلىق تۇتاتتىم، ماڭا ئۇنىڭدىن كۆپ كۆرگەندەك قۇۋۋەت
ھاسىل بولاتتى. ئۇنىڭلىق بىلەن بېلىقلار كېمىيىپ كەتمەيتتى.
مەن ئاشۇ ئازغىنا ئوزۇققا قانائەت قىلىپ كۈن كەچۈرەتتىم،
ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسىنىمۇ تەلەپ قىلمايتتىم. بۈگۈن بۇ يەر-
دىن ئىككى ئۇۋچى ئۆتتى. ئۇلاردىن بىرى: بۇ يەردە بېلىق
كۆپ ئىكەن، تۇتايلى دېگەن ئىدى، يەنە بىرى: پالانى يەردى-
كى سۇدا بېلىق بەك كۆپ، ئاۋال ئۇنى تۇتۇپ ئاندىن كېيىن
بۇ يەرگە كېلەيلى، — دېدى. ئەگەر شۇنداقلا بولىدىغان بولسا ماڭا
جاندىن قول ئۈزۈپ ئۆلۈمگە بەل باغلىماق لازىم بولىدۇ".
بۇنى ئاڭلىغان قىسقۇچپاقا دەرھال بېلىقلار ئالدىغا قاي-
تىپ بېرىپتۇ-دە، بۇ يامان خەۋەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بېلىقلار
ۋاڭ-چۇڭ قىلىپ، غوغا چىقىرىشىپ بېلىقئالغۇچنىڭ قېشىغا
كېلىشىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ: "ئۇۋچىلارنىڭ بىزنى تۇتماقچى
بولغانلىقىنى بىزگە سەن خەۋەر قىلىپ قويۇپسەن. سەندىن مەس-
لىھەت سوراپ كەلدۇق. چۈنكى، مەسلىھەت سورالغان كىشى ئا-
مانەتدار بولىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر: ئەگەردە دۈشمەن كىشى بول-
سىمۇ، بىر ئىشنى مەسلىھەت سالسا توغرا مەسلىھەت بېرىشى
كېرەك، خۇسۇسەن بىر ئىشتا ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ نەپ تېگىدىغان
بولسا، دەپ ئېيتىشقان. سېنىڭ تىرىكچىلىكىڭ بىز بىلەن ئىكەن-
لىكىنى ئۆزەڭمۇ ئېيتىپسەن. ئەمدى بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز توغرى-
سىدا نېمە دەيسەن؟"
"مەن ئۇ سۆزنى ئۇۋچىلاردىن ئاڭلىغان، — دەپتۇ بېلىق-
ئالغۇچ، — ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشنىڭ ئىلاجى يوق. ماڭا مۇنداق
بىر ھىلە ماقۇل كۆرۈنۈۋاتىدۇ. مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا سۇ توخ-
تايدىغان بىر جاي بار. سۈيى خۇددى جاھاننەما ئەيىنىگىدەك
ناھايىتى سۈزۈك، ئۇنىڭ تېگىدىكى قۇم دانىچىلىرىنىمۇ سانىغىلى
بولىدۇ. غەۋۋاسلار ئۇنىڭ ئاستىغا يېتەلمىگەندەك ۋە شوڭغۇغۇچىلار
ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچىيەلمىگەندەك چوڭقۇر. ھېچقانداق ئۇۋ-

چىنىڭ كۆزى تېخى ئۇ سۇغا چۈشمىگەن. ئۇ كۆلنىڭ بېلىقى سۇ دولقۇنىدىن ئۆزگە زەنجىرنى ۋە ياكى تورنى كۆرۈپ باقمىغان.

شۇنداق كۆلكى ئۇ گوياكى دەريا،
لېكىن باش-ئۇچى بولمىغان بەرپا.

ئەگەر شۇ جايغا كۆچسىڭىزلار، خاتىرجەملىك ۋە راھەت-پاراغەت بىلەن ئۆمۈر كەچۈرەتتىڭىزلار".

"بۇ ياخشى تەدبىر ئىكەن،— دېيىشتۇ بېلىقلار،— ئەمما ۋاقىت زىق. كېچىكمەي ئوۋچىلار كېلىپ قالىدۇ. قانداق قىلىمىز؟" بېلىقلار ناھايىتى ئىززەت-ئىكرام ۋە مىننەتدارچىلىق بىلەن قارار قىلىشىپتۇ. يەنى بېلىقئالغۇچ ھەركۈنى بىرنەچچە بېلىقنى كۆتۈرۈپ، ئاشۇ كۆلگە ئاپىرىپ قويىدىغان بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بېلىقئالغۇچ ھەر كۈنى بىرنەچچە بېلىقنى ئېلىپ بېرىپ بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يەپ قايتىپ كېلىدىكەن. بېلىقئالغۇچنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بېلىقلار "مېنى كۆتەرگىن" دەپ تالىشىدىكەن. ئەقىل ئىبرەت كۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ غەپلىتىگە نەزەر سالىدىكەن. زامانە مىڭ كۆز بىلەن ئۇلارنىڭ ھالىغا يىغلايدىكەن. ھەرقانداق كىشى دۈشمەن سۆزىگە ئالدىنىپ ئەسلىدىن يامان بولغانلارغا ئىشەنسە ئۇنىڭ جازاسى مانا شۇنداق بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىرنەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. قىسقۇچپاقىمۇ ھېلىقى كۆلگە كۆچۈش ئارزۇسىنى بايان قىلىپتۇ. بېلىقئالغۇچ ئويلاپ "ماڭا، بۇنىڭدىن بەكرەك دۈشمەن يوق، ئۇنىمۇ ئۇنىڭ يارانلىرى بارغان جايغا ئېلىپ بارغىنىم ياخشى" دەپتۇ-دە، قىسقۇچپاقىنى گەدىنىدە كۆتۈرۈپ ھېلىقى دۆڭگە ئېلىپ كېتىپتۇ. قىسقۇچپاقا بېلىقلارنىڭ سۆڭىكىنى كۆرۈپ: "ئەقىللىق كىشى دۈشمەننىڭ سۇيىقەستىدىن ۋاقىپ بولسا، ھەركەت قىلىشى كېرەك، ئەگەر ھەركەت قىلمىسا ئۆز خۇنىغا



www.uyghurkitap.com

شىرىك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سۇيىقەستتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەركەت
قىلسا، دۈشمىنى ئۈستىدىن زەپەر قازىنىدۇ، مەردانىلىغىنىڭ
شوھرىتى ئالەمگە تارقىلىدۇ ۋە بىغەيرەتلىكىنىڭ تەنىسىنى ئاڭ-
لىمايدۇ" دەپ پىكىر يۈرگۈزۈپتۇ.

دۈشمەن ساڭا قىلسا قەست، سەنمۇ ھەركەت قىلغايسەن،
بولساڭ ئەگەر پاراسەت مەردانىلىقتا مەشھۇر.
مۇرات كىرسە قولۇڭغا تاپارسەن شات-خوراملىق،
بولمىسا نە بولغايسەن ئەرلەر ئالدىدا مەغرۇر.

شۇنىڭ بىلەن قىسقۇچپاقا بېلىقئالغۇچنىڭ دۈمبىسىدىن كانىيىغا ئۆمىلەپ بېرىپ كانىيىنى مەھكەم سىقىپتۇ. بېلىقئالغۇچ قېرى ۋە زەئىپ ئىكەن. شۇڭا بىر ئاز سىقىش بىلەنلا يەرگە يىقىلىپ بىھوش بولۇپ تۇپراق يەر بىلەن يەكسان بوپتۇ. قىسقۇچپاقا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ ۋە قالغان بېلىقلارنىڭ سالامەتلىگىنىڭ سۆيۈنچىسىنى ئاپتۇ ھەمدە قىسسىنى باشتىن-ئاياق سوزلەپ بېرىپتۇ. بېلىقلارنىڭ ھەممىسى سۆيۈنۈپ بېلىقئالغۇچتىن قۇتۇلغىنىغا شۈكرى قىلىپ يېڭى ھايات تېپىپتۇ.

دۈشمەندىن قۇتۇلۇپ بىر نەپەس ئالماق،
بىلگىنكى يۈز يىللىق ھاياتتىن ياخشى.
دۈشمەندىن بىر نەپەس قۇتۇلماق گويا،
جاھاننى ئېلىكىگە ئالغاندىن ياخشى.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، كوپ كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھىلە-مىكرىسى بىلەن ئۆزى ھالاك بولىدۇ. ئەمما مەن ساڭا دۈشمىنىڭنى ھالاك قىلىدىغان ۋە لېكىن ئۆزەڭ ھايات

www.uyghurkitap.com

قالدىغان بىر ئىشنى ئۆگىنەي.
— دوستلارنىڭ بۇيرۇغىدىن ۋە ئەقىللىقلارنىڭ مەسلىھەتىد-
دىن چىققىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ قاغا.

ماڭا مەيخانىگە بارماققا ئىرشات ئەيلىدىڭ ساقى،
سېنىڭ تەبئىڭ خىلاپىن ئەيلىمەك بولماس بۇرادەرلىك.

— ياخشىسى شۇكى، هاۋاغا پەرۋاز قىلىپ ئۇچقىن، — دەپ
مەسلىھەت بېرىپتۇ چىلبورە، — تاملارغا ۋە ئۆيلەرگە نەزەر سال،
قەيەردە رومالغا ئوخشاشىراق بىرەر نەرسە كۆرسەڭ، ئۇنى ئالغىن-
دە، هاۋاغا كۆتۈرۈل. لېكىن ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولما.
شۇنداق قىلساڭ كىشىلەر سېنى كۆرۈپ ئارقاڭدىن چوقۇم ئەگى-
شىدۇ. سەن ئەنە شۇنداق ئۇچۇپ ئىلانغا يېقىن كېلىپ، رومالنى
ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىغىن. ئادەملەرنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشسە
ئاۋال ئىلاننى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن رومالنى ئالىدۇ. سېنىڭ
كۆڭلۈڭ ھېچقانداق خەتەرسىز هالدا ئۇ ئىشتىن پاراغەت
تاپىدۇ.
قاغا چىلبورىنىڭ سۆزى بىلەن ئاۋات بىر مەھەللىگە ئۇ-
چۇپ بېرىپتۇ. قارىسا بىر خوتۇن روملىنى تامنىڭ لېۋىگە قويۇپ
قويۇپ، ئۆزى تاھارەت قىلغىلى تۇرغان ئىكەن. قاغا ئۇ رومالنى ئېلىپ
قېچىپتۇ ۋە چىلبورىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ رومالنى ئاپىرىپ ئىلان-
نىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ. رومالنى ئالغىلى قاغىنىڭ كەينىدىن
ئەگىشىپ كەلگەن كىشىلەر ئىلاننى ئۆلتۈرۈپ رومالنى ئاپتۇ. شۇن-
داق قىلىپ دۈشمىنى يوقىلىپ، قاغىنىڭ كۆز يېشى توختاپتۇ.
— بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، — دەپتۇ دې-
منە، — ھەرقانداق كۈچ بىلەن ئەمەس، بەلكى ھىلە بىلەن
پۈتتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىڭنى خالايمەن.
— ئۇ كۆزدە كۈچ-قۇۋۋەت، ئەقىل-پاراسەت ۋە چارە-تەد-

بىر بار دەپتۇ كەللە، — ئۇنداق كىشىنى ھىيلە-مىكىر بىلەن بىر-
نەرسە قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر سەن ھىيلە-مىكىر بىلەن بىر
يوچۇق ئاچساڭ ئۇ تەپەككۇر بىلەن ئۇنى ئېتىۋېتىش ئېھتىمالى
بار. سەن ئۇنى كەچلىك قىلىپ بولغىچە ئۇ سېنى ئەتىگەنلىك
قىلىۋېتەرمىكىن. سەن ھىلىقى تۈلكىنى تۇتۇپ بېرىمەن دەپ
ئۆزى تۇتۇلۇپ قالغان توشقاننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغانمۇسەن.
— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دىمنە.
— بىر ئاچ بورە، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ كەللە.

## تۈلكە بىلەن توشقان ۋە بۆرىنىڭ ھېكايىسى

بىر ئاچ بورە دالىدا ئوزۇق ئىزلەپ، ھەر تەرەپنى كېزىپ يۈرۈپ، بىر تۈپ چىغ تۈۋىدە ئۇخلاۋاتقان توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، ئۇنى غەنىمەت بىلىپ، ئاستا قەدەم تاشلاپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپتۇ. بورىنىڭ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلىغان توشقان ئور-نىدىن سەكرەپ تۇرغان ئىكەن، بورە ئۇنى قاچقىلى قويماي ئالدىنى توساپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

كەل قېشىمغا، تاقىتىم يوق بولغىلى سەندىن يىراق،
كەتمىگىن، كەتسەڭ جېنىمغا يەتكۈسىدۇر ئىشتىياق.

توشقان ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ تىترەپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قاپتۇ ۋە بىردەمدىن كېيىن زارلىنىپ يالۋۇرغىلى تۇرۇپتۇ.
— ئەي دەررەندىلەرنىڭ بېگى، — دەپتۇ توشقان يۈزىنى يەرگە سۈرتۈپ تۇرۇپ، — سىزدە ھازىر ئاچلىق ئوتى شۇلە ئۇ-رۇپتۇ. نەپسىڭىز غىزا تەلىۋىدە ئىزتىراپقا چۈشۈپتۇ. مەن بىر ئاجىز ۋە ئورۇق نەرسە. شۇڭا مەن سىزگە بىر لوقمىدىن ئار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇق غىزا بولالمايمەن. مېنى يەمەك بىلەن سىزنىڭ ئىشتىھايىڭىزغا قانچىلىك نەپ يەتسۇن؟ مۇشۇ يېقىن ئارىدا ناھايىتى سېمىزلىكتىن يول ماڭالمايدىغان، ئىنتايىن يوغانلىقىدىن ھەركەت قىلالمايدىغان بىر تۈلكە بار. ئۇنىڭ گۆشى تاتلىق ۋە لەززەتلىك جەھەتتە خۇددى ئابى ھاياتقا، قېنىنىڭ تاتلىقلىقى ناۋات شەرۋىتىگە ئوخشايدۇ دەپ ئويلايمەن. ئەگەر سىز ئۇنىڭ تەرىپىگە قەدەم رەنجى قىلسىڭىز، مەن ئۇنى بىر ھىلە بىلەن قېشىڭىزغا ئەكىلىمەن. ناشتىلىق قىلارسىز، ئەگەر ئۇنى يەپ بىر خۇرسەن بولسىڭىز مەن ئۆمۈرۋايەت قۇلىڭىز بولساممۇ رازىمەن.

بورە ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ ئەقلى-ھوشى كېتىپ، ئۇنىڭ ئەپسۇنىغا ئالدىنىپ، تۈلكىنى تېپىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. ئۇ دالىدا راستىنلا بىر تۈلكە بار ئىكەن. ئۇ ئالدامچىلىقتا شەيتانغا دەرس بېرىدىغان، ھىلىگەرلىكتە ئىبلىسقا ساۋاق ئۆگىتىدىغان بىر تۈلكە ئىكەن.

ھىلىگەر بىر تۈلكە ئۇندا بار ئىدى،
جانىۋارلار ئىچرە كوپ ئەييار ئىدى.

دەشت بىلەن قىشلاقتا كوپ ھىلە قىلىپ،
بورە كىرپىكىنى ئالاتتى تېرىپ.

ھەممە جان شۇم تۈلكىدىن يىگەن ئازار،
ئوۋچى ئىتمۇ ئۇنىڭدىن بولغان بىزار.

يۈرەتتى كىشىگە كەم-كەم كورۇنۇپ،
ئىزىنى قۇيرۇغى بىلەن سۇپۇرۇپ.

ئۇ تۈلكە بىلەن تىۋشقاننىڭ ئوتتۇرىسىدا كونا ئاداۋەت بار ئىكەن. شۇڭا بۇگۇن پۇرسەت تاپقاچقا، ئىنتىقام ئېلىشنىڭ پېيىگە چۈشۈپ بورىنى باشلاپ بېرىپتۇ-دە، بورىنى تۈلكىنىڭ توشۇگى-

نىڭ ئاغزىدا قويۇپ قويۇپ، ئۆزى ئىچكىرى كىرىپ سالام قىپتۇ. تۈلكە ئۇنىڭغا جاۋاپ سالام بېرىپ شۇنداق دەپتۇ:

— خۇش كېلىپسەن، كەل قېشىمغا كەل بېرى،
كۆزلىرىم تەشنا ئىدى كۆپتىن بېرى.

— كۆپتىن بېرى ساڭا مۇلاقەت بولۇش شەرىپىنى تېپىش ئارزۇسىدا ئىدىم. خۇداغا شۈكرى، جامالىڭ نۇرىدىن كۆزۈمگە روشەنلىك بېرەلىدىم، — دەپتۇ توشقان، — ئەمما كارامەت ئېلىدە بېشى ئۇستۇن پادىشا ۋە ئۇلۇغلۇق مەملكىتىدە مۇرىت تەربىيىلىگۈچى بولغان بىر ئەزىز سېنىڭ مېھماندوست ۋە ئىلتىپاتلىق ئىكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ كۆڭلىنىڭ كۆزىنى جاھان ئارا جامالىڭ بىلەن مۇنەۋۋەر قىلىش ۋە جېنىنىڭ دىمىغىنى ئىپاردەك نەپەسىڭ بىلەن خۇشبۇي قىلىش ئۈچۈن، تەۋەررۈك مازارىدىن ئىشىگىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە مەن پەقىر-ھەقىر بەندىنى ساڭا ۋاستە قىلدى. ئەگەر سەن بىلەن مۇلاقەت بولۇشقا رۇخسەت بولسا كىرسۇن. ئەگەر ۋاقىت تەقەززا قىلمىسا قايتىپ كېتىپ يەنە بىر قېتىمدا كەلسۇن.

بالاغا ئوخشاش يانسۇنمىكىن ئۇ،
دۇئاغا ئوخشاش كەلسۇنمىكىن ئۇ.

تۈلكە بۇ سۆزلەر بېتىدىن ھىلە خېتىنى ئوقۇپتۇ ۋە بۇ سۇخەنلەر ئەينىكىدە مىكىر سۈرىتىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ "ئىككى خىل مەخلۇقنىڭ ئۆز ئۇسۇلى بويىچە مۇئامىلە قىلاي ۋە ئۆزىنىگە ئۆز شەرۋەتلىرىدىن ئىچۈرەي. چۈنكى چالما ئاتقان كىشىگە تاش ئاتماق كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ-دە، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، خوشامەت قىلغان بولۇپ شۇنداق دەپتۇ:
— مەن ئۆزەمنى ئەزىزلەر خىزمىتىگە ئاتاپ قويغان، مېھمان-

خانامنىڭ ئىشىگىنى ئەزىزلەرنىڭ يۈزىگە ئېچىپ قويغان. مەن ئەنە شۇ سەۋەپ بىلەن ئۇلارنىڭ كامالەتلىرى ۋە كەيپىياتلىرى جامالىدىن بەھرە ئالارمەنمىكىن دىگەن ئۈمىتتىمەن. خۇسۇسەن سەن تەرىپلەپ نىشان بەرگەن بۇنداق كامالەت ئىگىسى بولغان ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋېلىشتا قىلچىمۇ نۇقسان قىلمايمەن، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشتا قانداقسىغا غەپلەتتە قالالايمەن؟ مەن "ھەر قاچان ئۆيگە مېھمان كەلسە ئۇز رىزقى بىلەن كېلىدۇ" دىگەن سوزنى بىلمەمەن ئەمەسمۇ؟ بۇزرۇكلار مۇشۇنداق دەپتىكەنغۇ:

ھەركىشى ئالەم ئارا يىگەي ئۇزىنىڭ رىزقىنى،
گەر سېنىڭ ئۆيۈڭدە نان يەر، يا ئۇزىنىڭ خانىدىن.①
بەس، سېنىڭ بوينۇڭغا مىننەت قويسا بولغاي مېھمىنىڭ،
چۈنكى ئۇ يەر داستىخانىڭدا ئۇزىنىڭ نانىدىن.

— سەن بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرغىن، كۈلبەمنى سۈپۈرۈپ، خەس - خەشەكلەرنى بىر چەتكە چىقىرىۋېتىپ تازىلاي، مېھمانغا لايىق كەلگىدەك بىساتلارنى سالاي.

توشقان ئۇزىنىڭ ئەپسۇنى تۈلكىگە تەسىر قىلدى بولغاي دىگەن پىكىرگە كەپتۇ - دە، دەرھال ئۇنى بورىگە ئۇچراشتۇرۇش تەقەززاسىدا:

— بۇ مېھمان تەكەللۇپسىز دەرۋىش كىشى، ئۆينى ياساپ-جابدۇش ۋە بىسات سېلىش ئىشلىرى بىلەن ئانچە خوشى يوق. كوڭلۇڭ تارتقان بولسا، تەكلىپ قىلساڭلا كۇپايە، باشقا ئىشىنىڭ ھاجىتى يوق! — دەپتۇ ۋە تاشقىرىغا چىقىپ بولغان گەپلەر ۋە تۈلكىنىڭ ئالدانغانلىقى خوشخەۋىرىنى بورىگە يەتكۈزۈپتۇ ھەمدە يېگۈشتىن تۈلكىنىڭ گوشىنىڭ سېمىز، تاتلىق ۋە پاكىز ئىكەنلىگىنى، ھەر بىر ئەزاسىدا قۇۋۋەت بارلىغىنى تەرىپ قىلىشقا باشلاپتۇ. بورىنىڭ ئىشتىھاسى قوزغىلىپ، ئاغزىدىن سېرىق سۇ

① خان — خۇان، بۇ يەردە داستىخان كوزدە تۇتۇلىدۇ.

ئاقىللىق تۇرۇپتۇ. توشقان بولسا "مۇشۇ خىزمىتىم بىلەن بوردىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم" دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن تۈلكە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆز ئۆۋىسىنىڭ ئىچىگە ئېھتىيات يۈزىسىدىن چوڭقۇر ئورا كولاپ قويغان ئىكەن ۋە ئورىنىڭ ئۈستىنى خەس-خەشەكلەر بىلەن يېپىپ قويۇپ، زورۇر بولغاندا قېچىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تۈشۈك كولاپ قويغان ئىكەن. ئۇ توشقاننى ئۇزىتىپ قويۇپلا ئورا ئۈستىدىكى خەس-خەشەكلەرنى سەل-پەل تۈزىتىپ بولۇپ ۋاقىراپتۇ:

— ھەي، ئەزىز مېھمان، قەدەم تەشرىپ قىلىڭ!

ئەمما ئۇلار كىرىشى بىلەنلا تۈلكە ھىلىقى تۈشۈكتىن چىقىپ قېچىپتۇ. توشقان زوق بىلەن، بۆرە ھېرىس بىلەن ھىلىقى قاراڭغۇ ئۆۋىگە شۇنداق كىرىشكەنلا ئىككىلىسى ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. "بۇ ھىلىنى توشقان قىلغان ئوخشايدۇ" دەپ گۇمان قىلغان بۆرە دەرغەزەپ بولۇپ، توشقاننى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپ، بۇ ئالەمنى ئۇنىڭ نومۇسىدىن قۇتقۇزۇپتۇ.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، سەن دانىشمەنلەرگە ھىلە-مىكىر ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دەپتۇ دىمنە، — لېكىن شەنزەبە مەغرۇر بولغانلىقىدىن مېنىڭ دۈشمەنلىكىمدىن غاپىل قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھىلە بىلەن يىقىتقىلى بولىدۇ. چۈنكى مەككارلىق ئوقىنى دوستلۇق ياسى بىلەن ئاتسا دەل تېگىدۇ. سەن باشقا بىر توشقاننىڭ ھىلە-مىكرىسىنىڭ شىرغا قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمۇسەن؟ شىرنىڭ گەرچە ئەقلى-ھۇشى ئارتۇق بولسىمۇ، ئۇنىڭ مىكرىدىن غاپىل قالغاچقا، ھالاكەتكە ئۇچرىغان ئىكەن.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ كەلىلە.

— باغدات ئەتراپىدا بىر ئورمانلىق بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ دىمنە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىر بىلەن توشقاننىڭ ھېكايىسى

باغدات ئەتراپىدا بىر ئورمانلىق بار بولۇپ، ئۇنىڭ شامىلى جەننەت شامىلىدەك خۇشپۇراق، كۆرۈنۈشى پەلەك كوزىنى روشەن قىلغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل ئىكەن، ئۇنىڭ گۈلزارىنىڭ ھەر شېخىدىن يۈز يورۇق يۇلتۇز ھەيران ۋە ھەر گۈلىنىڭ ھوسنىگە توققۇز پەلەك سەرسان بولىدىكەن.

بىنەپشە بىلەن بېزەلگەچ ئەتراپ،
ھاۋاسىدىن تۇراتتى ئەتىر پۇراپ.

ئۇ ئورمانلىقتا ياۋا ھايۋانلار كۆپ ئىكەن. ھاۋاسىنىڭ خوپلۇقىدىن، سۇلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن، نازۇ نېمەتلىرىنىڭ تولىلىقىدىن مەخلۇقلارنىڭ تۇرمۇشى بەكمۇ ياخشى ئۆتىدىكەن. يېقىن ئەتراپتا ناھايىتى ئاچچىقى يامان بىر شىر بار ئىكەن، ئۇ ھەركۈنى ئۇ بىچارىلەرنىڭ شاتلىقلىرىنى ئاچچىققا ئايلاندۇرىدىكەن. بىر كۈنى ھەممىسى بىرلىشىپ شىرنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قۇللۇق بىلدۈرۈپ شۇنداق دېيىشىپتۇ:

— ئەي پادىشا! بىز ھەممىمىز سىنىڭ پۇقرالىرىڭغۇ، سەن بولساڭ ھەر كۈنى زەخمەت چېكىپ ئاۋارە بولۇپ، بىرىمىزنى تۇتۇپ يېيەلەيسەن يا يوق. ئەمما بىز ھەمىشە سەندىن قورقۇپ، ئۆزىمىزنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالىمىز. سەنمۇ بىزنى تۇتىمەن دەپ جاپا تارتىپ قالىسەن. بۈگۈن بىز بىرلىكتە ساڭىمۇ پاراغەت بېرىدىغان، بىزگىمۇ راھەت كۆرۈشكە سەۋەپ بولىدىغان بىر مەسلىھەتنى قىلىشتۇق. يەنى سەن بىزنىڭ تىنچ ھايات كەچۈرۈشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلمايدىغان بولساڭ، بىز ھەر كۈنى چاشكا ۋاقتىدا بىردىن جانىۋارنى سىنىڭ ئاشخاناڭغا

يەتكۈزۈپ بەرمەكچىمىز. بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتا ھەرگىزمۇ نۇقسان كۆرسەتمەيمىز.

شىرمۇ ئۇلارنىڭ سۆزىگە رازى بولۇپتۇ. ياۋا ھايۋانلار ھەركۈنى بىر قېتىم قۇرئە سالىدىكەن. كىمنىڭ ئېتى چىقسا شۇنى شىرغا تۇتۇپ بېرىدىكەن. شۇ تەرىقىدە بىر مۇددەت ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى توشقاننىڭ ئىسمىغا قۇرئە چىقىپتۇ.

— ئەگەر مېنى ئەۋەتىشتە بىپەرۋالىق قىلمىسىڭىزلار سىلەرنى بۇ بالادىن قۇتقۇزىمەن، — دەپتۇ توشقان.

— ئەگەر شۇنداقلا بولسا نېمە دېسەڭ شۇنى قىلايلى، — دېيىشىپتۇ باشقىلىرى.

شۇنىڭ بىلەن توشقان بىر سائەت ساقلاپ تۇرۇپتۇ. نەتىجىدە چاشكا ۋاقتى ئۆتۈپ، شىرنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۇ ھايۋانلارنىڭ ۋاقتىدا كەلمىگەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا توشقان ئاستاغىنا شىرنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالى باشقىچىرەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. قەھرى-غەزەپ ئالامىتى ئۇنىڭ ھەركەتلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئىكەن.

ئاچلىق ئەگەر قىيىنغا سالسا بىر ئوت،
ھېچ كىشى بىلمەس ئۇ كۆندۈر مۇسىبەت.

توشقان شىرنىڭ غەزەپلىنىپ، ئىنتىقام قۇيرۇغىنى يەرگە ئۇرۇپ، ۋەدىسىنى بۇزماق ئۈچۈن بانا ئىزلەپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئاستاغىنا سالام قىلىپتۇ.

— قەيەردىن كەلدىڭ؟ باشقا ياۋا ھايۋانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— ئاۋالقى يارلىقلىرىڭغا بىنائەن يەنە بىر توشقان بىلەن مېنى قوشۇپ ئەۋەتكەن ئىدى، — دەپتۇ توشقان، — ئىككىمىز بىللە

خىزمەتلىرىگە كىلىۋاتساق تۇيۇقسىز بىر شىر ئۇچراپ قالدى. بىز "بىز ھەزرىتى پادىشانىڭ غىزاسى" دەپ قانچە ئېيتساقمۇ، ئۇ قىلچە پەرۋا قىلماي "بۇ مېنىڭ شىكار قىلىدىغان يېرىم، بۇ يەردە ئۇچرىغان ھەرقانداق جانۋار ماڭا تەئەللۇق" دەپ بىر-مۇنچە لاپ ئۇردى. مەن بىتاقەت بولۇپ، ئەھۋالنى مۇبارەك كوڭۇللىرىگە ئەرز قىلىش ئۈچۈن قېچىپ كەلدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاچ شىرنىڭ جاھىللىق ھىممىتى تۇتۇپ غەزەپلىنىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي توشقان، سەن ئۇنى ماڭا كورسىتىپ بېرەلەمسەن؟ مەن ئىنتىقام ئالماقچىمەن؟

ماڭا خاستۇر زەربە بەرمەك، تەنە قىلماق ئادىتى،
ئۇگىنەر يولۋاس مېنىڭدىن ئەدەپ ئەخلاق ھەرپىنى.
قايسى شىر بۇنداق يۇرەكلىك قىلغۇسى غەيرەت قىلىپ،
بۇ مېنىڭ رىزقىمغا سوزغان قولىنى جۇرئەت قىلىپ.

— نىمىشقا كورسىتىپ بېرەلمەيدىكەنمەن؟ — دەپتۇ توشقان، — ئۇ سىز پادىشاھىمىزنىڭ ھەققىدە شۇنداق بىئەدەپ سوزلەرنى سوزلىدىكى، ئەگەر مەن كۈچلۈك بولىدىغان بولسام، ئۇنىڭ كاللىسىنى جانۋارلارنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن جام قىلىپ بەرگەن بولاتتىم.

مەن ئىرۇرمەن سەن ئىگەمدىن ئۇمىتۋار،
كورسەم دەيمەن چاڭگىلىڭدا ئۇنى خار.

توشقان شىرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ يول باشلاپتۇ. ئالدانغان ساددا شىر ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپتۇ. توشقان ئۇنى باشلاپ بىر چوڭ قۇدۇقنىڭ لېۋىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ قۇ-

دۇقنىڭ سۇيى خۇددى چىن پارچۇرلىرىدەك سۈزۈك بولۇپ، ھەر كىم ئۇنىڭغا نەزەر سالسا ئۆز ئەكسىنى كۆرىدىكەن.

سالماس ئىدى ھېچكىم ئۇ يەرگە نەزەر،
ئۆز ئەكسىنى كۆرەتتى سالسا ئەگەر.

— ئۇ ئەدەپسىز مۈشۈك يەردە، — دەپتۇ توشقان، — مەن ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقىمەن. ئەگەر پادىشاھىمىز مېنى قۇچىقىغا ئالسا كۆرسىتىپ قوياتتىم.

شىر ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ قۇدۇققا قاراپتۇ ۋە ئۆز سۈرىتىنى كۆرۈپ: "ھە، باشقا بىر شىر مەن يېمەكچى بولغان توشقاننى قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرۇپتۇ-دە!" دەپ ئويلاپ، توشقاننى تاشلاپ ئۆزىنى قۇدۇققا ئېتىپتۇ ۋە بىر ئىككى چۆمۈلۈپ دېمى كېسىلىپ ھالاك بولۇپتۇ. توشقان ساق-سالامەت قايتىپ بېرىپ، باشقا ياۋا ھايۋانلارغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇلار شۈكرى قىلىپ، سالامەتلىك بېغىدا خاتىرجەملىك بىلەن ئوتلاپ، خۇشال-خوراملىق بىلەن ھايات كەچۈرۈشۈپتۇ ۋە ئۇلار بۇ بېيىتنى تەكرار قىلىشىپتۇ:

تەشنالىقنىڭ بىر قانسا، يامان ئاپەت ئۆلگەندە،
ساقا ئۇ مىڭ ياخشىدۇر يۈز يىل ئۆمۈر كۆرگەندىن.

بۇ مىسالدىن مەلۇمكى، دۈشمەن ھەرقانچە زور بولسىمۇ، غەپلەتتە قالغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا قول سالسا بولىدۇ.

— ئەگەر ئوكۆزنى ئۆلتۈرەلىسەك، ئۇنىڭدىن شىر رەنجىمەيدىغان بولسىغۇ مەيلىدى. لېكىن ئۇنداق بولمايدۇ-دە! شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىزمۇ بۇ ئىشنى قىلمىغىن. ئەقىللىق كىشى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن غوجىسىنى رەنجىتمەيدۇ، — دەپتۇ كەلىلە.

سوز بۇ يەرگە يەتكەندە دېمىنە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر بۇ-لۇڭغا كېتىپتۇ ۋە بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ ئۆزىنى شىرنىڭ خىلۋەتخانىسىغا يەتكۈزۈپ، كوپ غەمكىن ۋە خاپا بولغاندەك قىلىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— نەچچە كۈندىن بېرى سېنى كورمىدىم، نېچ تۇردۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— خۇدايىم تىنچ-ئامان قىلار، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دېمىنە. شىر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ ۋە:

— نىمە ھادىسە بولدى؟ بايان قىل؟ — دەپتۇ.

— بولغان ئىشنى خالى جايدا ئېيتىمەن.

— ھازىر بۇ يەر خالى، — دەپتۇ شىر، — تېزرەك بايان قىلغىن، چۈنكى مۇھىم ئىشلاردا تەخىر قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر بۇنداق چوڭ ئىش ئەتىگە قالسا ئاپەت يۈز بېرىدۇ.

— قۇلاققا ياقمايدىغان ھەرقانداق سوزنى سوزلەشتە كوپ ئويلاش ۋە ئەندىشە قىلىش كېرەك. ئەگەر ئاڭلىغۇچى بىسەمەر قىل بولسا ياكى ئۇنىڭ پاراستىگە ئىشەنچ بولمىسا، سوزلىگۈچىنىڭ ھالىنى مۇلاھىزە قىلالىغىدەك بىر سامى كېرەك بولىدۇ. ئاڭلىغۇچى سوزلىگۈچىنىڭ سوزىنىڭ ياخشى-يامانلىغىنى ئويلاپ، گەپ-سوزنىڭ غەرىزى مېھرىۋانلىق بولىدىغان بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، خۇسۇسەن ئۇنىڭغىمۇ مەنپەئەت تېگىدىغان سوز-لەردە تېخىمۇ شۇنداق، — دەپتۇ دېمىنە.

— سەن مېنى ياخشى بىلىسەن، — دەپتۇ شىر، — مەن پادىشا-لار ئارىسىدا ئەقىل-پاراسەت بىلەن تونۇلغانىمەن ۋە ھەربىر سوزنى ياخشى ئويلىنىمەن، سەن تەكەللۇپ قىلماي ئولتۇرماي، نىمنى خالىساڭ شۇنى سوزلىگىن. ھېچنىمىنى ئېلىپ قالما.

— پادىشاھىمىزنىڭ دانىشمەنلىگىگە ئىشەنچىم بولغاچقا، مەن سوزلەشكە جۈرئەت قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ دېمىنە، — مەن ھەقىقى شەپقەت يۈزىسىدىن سوزلىمەكچى بولۇۋاتىمەن. مېنىڭ سوزۇم

غەرەزلىك سۆز ئەمەس. ئىشىنىمەنكى، پادىشا جاناپلىرىنىڭ قەل-
بى خۇددى ئەبجەش نەرسىلەر بىلەن ساپ نەرسىلەرنى ئايرىيد-
دىغان بوتىغا ئوخشاش، مېنىڭ سۆزۈمنىڭ خالىس ئىكەنلىكىنى
بىلىۋالالايدۇ.

— سېنىڭ راست سۆزلەيدىغان ئامانەتدار ئىكەنلىكىڭ
ئوچۇق-ئاشكارىمۇ؟ بۇنىڭغا قىلچە شەك-شۈبھەم يوق، — دەپتۇ
شىر.

— ھەممە ياۋا ھايۋانلارنىڭ تىرىكچىلىكى سىلىنىڭ ئەمر-
لىرىگە باغلانغان، — دەپتۇ دىمنە، — شۇڭا پۇقرالارنىڭ ھەممىسى
ھالاللىق ۋە پاكىزلىق بىلەن پادىشانىڭ ھەققى ۋە ھوقۇقىنى
ئادا قىلماق ئۈچۈن، راست سۆزنى يوشۇرماسلىقى كېرەك. ھو-
كۇمالار: "ھەركىم راست سۆز ۋە ھەقىقەتنى پادىشادىن يوشۇرسا،
كېسەللىكىنى تېۋىپتىن يوشۇرسا، ھاجىتىنى دوستلىرىدىن يوشۇرسا،
ئۆز-ئۆزىگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ" دەپتىكەن.

— سېنىڭ ماڭا تەرەپدار ئىكەنلىكىڭ، مېنى قوللايدىغانلىقىڭ
ۋە دىيانەتلىك ئىكەنلىكىڭنى چۈشىنىمەن، ئىشىنىۋەرگىن، نىمە
ھادىسە بولدى؟ ئاۋال بىلىپ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەدبىرىنى
قىلايلى، — دەپتۇ شىر.

دىمنە ئەنە شۇ يوسۇندا شىرنى ئۆز ئەپسانە ۋە ئەپسۇن-
لىرى بىلەن ئالداپ، ئاندىن كېيىن يەنە تىلىنى ئىچىپ شۇنداق
دەپتۇ:

— ئەي، جاھانپانا پادىشاھىم! سىلىگە ئەقىل يولباشچى
بولۇپ، دۈشمەنلىرى ئاياق-ئاستى بولسۇن. ئاگاھ بولسىلا، شەن-
زەبە سىلىنىڭ قەستلىرىدە لەشكەرلەر ۋە ئەمىرلەر بىلەن خالى-
خىلۋەت جايدا سۆزلىشىپ: "مەن شىرنى سىناپ كۆرۈپ باقتىم.
ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ئەقىل-ئىدرىكىنىڭ ئەندىزىسىنى بىلدىم.
ئۇنىڭ ھەربىر يېرىدە ناھايىتى كۆپ زەئىپلىك، تولىدىن تولا
سۇستلۇق بارلىقىنى كۆردۈم" دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن ئۇنى دەيتتىم تېخى بارچە سۈپەتتە بەركامال،
ئاللا ـ ئاللا ئەمدى بىلدىم، ئۇ ئىكەن باتىل خىيال.

مەن شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، سىلە ئۇ كۈپرانى نېمەت، ئىككى يۈزلۈك تۇزكور، نابىكارنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتىلە. ھوكۈمرانلىق ۋە پەرمان راۋانلىقتا بارچىمىزدىن يۇقۇرى تۇتتىلا. ئەنە شۇ نېمەت نەتىجىسىدە ئۇنىڭدىن مانا شۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقتى. شۇنداق ياخشى ئىززەت باراۋەردە مۇنداق يامان نىيىتى ئاشكارىلاندى. كىشى قولىنى ئىسياندىن تارتمىسا ۋە خالايىق سەرەنجامىنىڭ تىزگىنىنى ئىختىيارى ئىلكىگە ئالغان بولسا، پىتنە قۇشى ئۇنىڭ مىڭىسىنىڭ چاڭگىسىغا تۇخۇم چىقىرىدۇ ۋە ئىسيان ھەۋىسى ئۇنىڭ كوكرىكىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

كىشى سوزى شاھ ئالدىدا بولسا قوبۇل،
ئىزدىگۈسى كوككە چىقماق ئۈچۈن يول.
ئەجەپ ئەمەس شاھلىق ئۈچۈن دەۋا قىلسا،
كېرى بىلەن بەلكى كۈمۈش كولاقىلسا.

— ھە! نىمە دەۋاتىسەن؟ بۇ سوزلەرنى سەن نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ ئەگەر ئىشنىڭ ھەقىقىتى راستىنلا سەن ئېيتقاندەك بولسا، بۇنىڭ تەدبىرى قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ شىر.

— ئۇنىڭ دەرىجە ۋە مەرتىۋىسى ماڭا مەلۇملۇق، — دەپتۇ دىمنە، — پادىشالار ئوز مۇلازىم ۋە خىزمەتكارلىرىنىڭ ئىچىدە قايسىسىنى ھورمەت دەرىجىسىگە چىقارغان بولسا، ئەمما ئۇ بويۇنتاۋلىق قىلغان بولسا، ئۇنى تېزرەك ئوز دەرگاھىدىن يوق ئېتىدشى كېرەك. ئەگەر ئىش قولدىن كېتىپ ۋە جانابى ئالىلىرىنىڭ ئوزىگە خەۋپ يېتىپ قالسا، ئۇنىڭ چارىسىنى ئوچۇق پىكىر ۋە روشەن ئەقىل بىلەن ئوزلىرى قىلمىسىلا، بىزنىڭ كالتا پەممىز

ئىمىسگە يەتسۇن؟ ئەمما مېنىڭ پەرىزىمچە ئوكۇزنىڭ بۇ ئىشىنى
تېزرەك تۈگەتمەك كېرەك. ئەگەر تەخىر بولۇپ قالسا، ئىش شۇ
يەرگە يېتىدۇكى، تەدبىر قەددىمى ئۇ يەرگە بېرىشقا ئاجىز كېلىپ
قالىدۇ.

دۇشمەن ئىدى بىر چۇمۇلە ئەمدى بولدى بىر ئىلان،
شۇم رەقىپىڭنىڭ ئىلاجىنى ئەيلىگەيسەن شۇ ھامان.
تۇر تاقابىل، بۇندىن ئارتۇق بەرمىگەيسەن ئاڭا يول،
بولغۇسىدۇر ئەجدىھا، بىر - ئىككى كۈن بەرسەڭ ئامان.

ئادەملەر ئىككى گۇرۇھ بولىدۇ: بۇنىڭ بىرى ھۇشىيارلار؛ يەنە بىرى ئاجىز - ناتىۋانلار. ھۇشىيارلار ھەمىشە پىكىر يۇرگۈزۈپ ئىشنىڭ ئاخىرىدىن ئەندىشە قىلىپ تۇرىدۇ، ئاجىزلار بولسا ۋەقە پەيدا بولغاندا سەراسىمىگە چۈشۈپ ھالى پەرىشان ۋە سەرگەردان بولىدۇ. بۇلار غەپلەتتە تۇرۇۋېرىدىغان جاھىللاردۇر. ھۇشىيار ۋە ئېھتىياتكارلارمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى بىر ھادىسىنى بولماستىن بۇرۇن بىلىدۇ ۋە ئىپتىداسىدىنلا خاتىمىسىنى كورەلەيدۇ. باشتىلا چارە - تەدبىر كورۇپ قويىدۇ. بۇنداق كىشىلەر بالا گىردابىغا چۈشۈشتىن ئىلگىرىلا ئوزىنى قۇتۇلۇش ساھىلىغا يەتكۈزۈپ بولىدۇ. ئىككىنچى خىلى، بالا - قازاغا ئۇچراپ قالسا، كوڭلىنى بىر يەردە توختىتىپ ئۇنىڭغا چارە قىلماققا مەشغۇل بولىدۇ ۋە ھەيرانلىقتا قالمايدۇ. ھەر قانداق چاغدىمۇ بۇ كىشىگە مەسلىھەت يولى ۋە تەدبىر ئۇسۇلى باغلىنىپ قالمايدۇ. ئەقلى كارغا ياراپ خالاسلىق ۋە سالامەتلىككە چىقالايدۇ. بۇلارنىڭ ئاۋالقىسى مۇكەممەل ئاقىل، كېيىنكىسى يېرىم ئاقىل ھېسابلىنىدۇ. بىر يەردە تۇرۇپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ يەنى، مۇكەممەل ئاقىل، يېرىم ئاقىل ۋە جاھىل كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى خۇددى بىر كولدە بىللە ياشاپ قالغان ئۈچ بېلىقنىڭ ۋەقەسىگە

www.uyghurkitap.com

ئوخشايدۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— يولدىن چەت بىر جايدا، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ دىمنە.

## ئۈچ بېلىقنىڭ ھېكايىسى

— يولدىن چەت بىر جايدا بىر كول بار ئىكەن، يىراقلىقىدىن ھېچقانداق يولۇچىنىڭ قەدىمى ئۇ يەرگە يەتمەيدىكەن. ئورنى مەخپىي بولغانلىقىدىن ھېچقانداق تەشنا بولغۇچى ئۇزىنى ياكى ئۇلىقىنى ئۇ يەردە سۇغىرالمايدىكەن. سۇيى بولسا خۇددى سوپىلارنىڭ ئېتىقادىدەك ساپ ئىكەن. كورۇنۇشى ئابى ھايات بۇلىقىنى تىلىگۇچىلەرگە كۇپايە قىلىدىكەن. بۇ كولدە ئۇچ بېلىق بار بولۇپ، يەرنى كوتىرىپ تۇرىدىغان بېلىقنىڭ ئەقلى ئۇلارنىڭ چوڭلۇق ۋە سېمىزلىكلىرىگە ھەيران ئىكەن. ئاسماندىكى ھۇت ① ئۇلاردىن رەشك قىلىپ كۇنلۇك ئوتىدا كويىدىكەن، ھەمەل ② ئاپتاپ تابىدا پىشقاندەك پۇچۇلۇنىدىكەن. ئۇ ئۇچ بېلىقنىڭ بىرى مۇكەممەل ئاقىل، بىرى يېرىم ئاقىل. بىرى جاھىل ئىكەن. بىر يىلى باھار ۋاقتىدا جاھان خۇددى پىردەۋس بېھىدەك گۇلزارلار بىلەن جابدۇلغان، يەر يۇزى رەيھانلار بىلەن خۇددى زۇمرەت ئاسماندەك بېزەلگەن، سابا سۇپۇرگىسى رەڭگارەڭ بىساتلار بىلەن زېمىننى زىننەتلىگەن، قۇدرەت باغۋىنى ھەر كۇنى خىلمۇ-خىل گۇللەرنى ئېچىلدۇرۇپ بەرگەن ئىكەن.

سابادىن چىمەن سەھنى خۇشبۇي بولۇپ،
سۇمەن ھەم دىلرەبادەك خۇشرۇي بولۇپ.

①② ھۇت ۋە ھەمەل — پەسىل - مەۋسۇملەرنى بىلدۇرىدىغان يۇلتۇزلار ناملىرى.

سەھەر سالقىنى گۇل ئاغزىنى ئېچىپ،
بۇلبۇلغا يۈز مىڭ خىل لاتاپەت چېچىپ.

ئۇ كولگە ئىككى-ئۈچ بېلىقچىنىڭ نەزىرى چۈشۈپتۇ ۋە قازايى ئىلاھىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئۇ يەردە بېلىق بارلىقىدىن ۋاقىپ بولۇپ قاپتۇ-دە، ئەتىسى تور ئەپكېلىپ بېلىقلارنى تۇتماقچى بولۇپ، ۋەدىلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. بېلىقلار بۇ ماجرادىن خەۋەر تېپىپ، سۇ ئىچىدە ھەسرەت ۋە غەم ئوتى بىلەن كۆيۈپتۇ. ئۇ كۈنى كەچ كىرىپتۇ. ھىلىقى مۇكەممەل ئاقىل ۋە ھەممىدىن ھوشيارراق بېلىق جاپاكار زاماننىڭ كۆلپەتلىرى ۋە ئىككى يۈزلىمە پەلەكنىڭ مۇشەققەتلىرىنى كۆپ كۆرۈپ، نۇرغۇن تەجرىبە ھاسىل قىلغاچقا، ئوۋچىلارنىڭ تورلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ پىكرىگە چۈشۈپتۇ.

مەردى دانا بىر ئىشقا قويسا قەدەم،
سالار ئىش بىناسىنىڭ ھۇلىن مەھكەم.
گەر بولمىسا كىشىنىڭ ئەقلى دۇرۇست،
بولغۇسىدۇر بىنانىڭ ئاساسى سۇست.

ئۇ قارىسا، كولنىڭ بىر ئېرىقى بار بولۇپ، ئېرىق ئارقىلىق كەلگەن سۇ دەرياغا يېنىشما بولۇپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ ئېرىق ئارقىلىق چىقىپ دەرياغا كېتىپتۇ. ئىككى بۇرادىرى ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز قېلىۋېرىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، ئوۋچىلار كېلىشىپ ھىلىقى ئېرىقنى چىڭ باغلاپتۇ. يېرىم ئاقىل بېلىقنىڭ بىر ئاز ئەقىل-ھوشى بولسىمۇ تەجرىبە كۆرمىگەن بولغاچقا، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ناھايىتى كۆپ پۇشايمان يەپتۇ ۋە ئۆز-ئۆزىگە: "ۋاي دەرىخ، غەپلەتتە قاپتىمەن، غاپىللارنىڭ ئىشى مانا شۇنداق بولىدىكەن-دە! مەنمۇ ئۇ بېلىقتەك بالا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غىمىنى يىگەن بولسام، ئاپەت يېتىشتىن ئىلگىرى قۇتۇلۇپ كەت-كەن بولماسمىدىم.

ھادىسە تەدبىرىنى ئىشتىن بۇرۇن قىلماق كېرەك،
ئىش ئۆتۈپ كەتكەندە ھەسرەت پايدا بەرمەس زادىلا.

گەرچە قېچىش پۇرستى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخى ھىلە-مىكىر ئۈچۈن ۋاقىت بار. "بالا كەلگەندە تەدبىر پايدا بەرمەيدۇ" دىگەن گەپ بار بولسىمۇ، ئاقىل كىشى ئۆز ئىدرىكىنىڭ مەنپەئەتىدىن ھېچ ۋاقىت نا ئۈمىت بولماسلىقى كېرەك ۋە دۈش-مەنىنىڭ يامانلىقىدىن مۇداپىيە كورۇشتە ھەرگىز تەخىر قىلىپ قاراپ تۇرماسلىقى كېرەك" دىگەن ئويغا كەپتۇ-دە، ئۆزىنى ئۆلگەندەك قىلىپ كورسىتىپ قورسىقىنى ئاسمانغا قىلىپ، ئېرىقنىڭ باغلانغان يېرىگە يېقىن بېرىپ تۇرۇپتۇ. بىر ئوۋچى ئۇنى كورۇپ "ئۆلگەن بېلىق ئوخشايدۇ" دەپ قولىغا ئېلىپ قىرغاققا تاشلاپتۇ. ئۇ بولسا ئىككى سەكرەپلا ئۆزىنى ئېرىققا تاشلاپ، جېنىنى سالا-مەت قۇتقۇزۇپ دەرياغا بېرىۋاپتۇ.

ئۆزەڭنى ئولتۇرۇپ تاپقىن نىجاتلىق،
ئۆلمەي تۇرۇپ تاپمىغايسەن كۈشاتلىق.

ئەمما غەپلەتكە ماھىر بولغان، ئاجىزلىق ئۆز خۇي-پەيلىدە ئاشكارا كورۇنۇپ تۇرغان ئۈچىنچى بېلىق بولسا، ھەيران ۋە سەرسانلىق بىلەن ئۇڭ ۋە سول تەرەپكە قېچىپ موكۇپتۇ. تېپىرلاپ يۇقۇرى چىقىپ، تۆۋەن چوكۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى ھېچ ئىشى پايدا بەرمەي ئوۋچىلارنىڭ قولىغا گىرىپتار بولۇپتۇ.

بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشۈمدىن ئۆزلىرىگە مۇقەررەر ۋە ماقۇل بولسۇنكى، شەنزەبەنىڭ ئىشىنى تېزرەك تۇتۇپ، پۇرسەت ئوتۇپ

كىتىشتىن بۇرۇن، ئۇ خاكىسارنىڭ باغرىغا ئۆتكۈر تىغ بىلەن ئۇرماق كېرەك ۋە ئۇمۇر خامىنىنى پانا شامىلىغا سورۇماق كېرەك.

— دەيدىغانلىرىڭنى ئاڭلىدىم، — دەپتۇ شىر، — ئەمما شەنزەبەنىڭ مېنىڭ ھەققىمدە خىيانەتنى كۆزلەپ، نېمەت شۈكرانىسىنى ئاداۋەت كۇپرانىيىتىگە ئالماشتۇرۇشنى خىيالىمغا كەلتۈرەلمەيمەن. چۈنكى مەندىن ئۇنىڭغا ناھايىتى كوپ ياخشىلىقتىن باشقا نەرسە سادىر بولمىغانتىغۇ؟

— ئۇنىغۇ شۇنداق، — دەپتۇ دىمنە، — سىلىنىڭ ئاشۇ ياخشىلىقلىرى بۇنى مۇشۇ مۇقامغا يەتكۈزدى. لېكىن ئۇ بۇ تەربىيەتكە مۇناسىپ كىشى ئەمەس ئىدى. باشتىلا ئۇنى خارۇ زار ۋە ئېتىۋارسىز ھالىتىدىلا قويىۋېرىشلىرى كېرەك ئىدى.

داغلاپ ساقايتىدىغان يەرگە كىشى،
مەلھەم ئېتىپ ياغلىسا كورگەي زىيان.

بەتقىلىق پەسلەر ئۆزلىرى تاما قىلىدىغان مەرتىۋىسىنى تاپقىچە ئارىلىقتا، دوست ۋە بىر نىيەتتە بولىدۇ. ئەمما مەقسىدى ھاسىل بولغاندىن كېيىنلا، دوستلۇغىنى تاشلاپ، ئۆز ھالىدىن يۇقۇرى مەرتىۋىلەرگە يېتىشنىڭ تەمەنناسىنى قىلىدۇ. بۇزرۇكلار: "ئېسى پەس ئاخماق كىشىلەر تاما ياكى قورقۇنچ بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۈمىدى ھاسىل بولۇپ مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلسا، كۇپرانى نېمەتلىك ۋە پىتنىخورلۇق ئوتىنى ياندۇرىدۇ. ئەگەر قورقۇنچىدىن قۇتۇلسا، تەرەپدارلىق چەشمىسىنىڭ سۈيىنى لېيىتىدۇ" دېيىشكەن.

— ئۇنداق بولسا نادان ۋە پەس تەبىئەتلىك مۇلازىملار بىلەن قانداق يوسۇندا مۇئامىلە قىلماق كېرەك ۋە قانداق قىلغاندا ئۇلاردىن كۇپرانى نېمەتلىك ئەسىرى كورۇنمەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— ئۇلارنى بىر يولىلا نائۈمىت بولۇپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، شەپقەت ۋە ئىلتىپاتتىن مۇتلەق مەھ-رۇم قىلىۋەتمەسلىك كېرەك، — دەپتۇ دىمنە، — لېكىن، ئەپسى سەمىرىپ يامان نىيەتكە كەلمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەرتىۋى-سىنى ئاشۇرۇپ دۆلەتمەن قىلىۋەتمەسلىك لازىم. شۇڭا ئۇلارنى قورقۇنچ بىلەن تامانىڭ ئوتتۇرىسىدا ساقلاش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ۋەدە، ئۈمىت ۋە خەۋپ ئارىسىدا تۇرۇشى كېرەك، چۈنكى بايلىق ۋە خاتىرجەملىك ئۇلارنىڭ نەپسىلىرىنى سەمىرى-تىپ، بويۇنتاۋلىق ۋە ئىسيان قىلىشىغا، پەرماندىن باش تارتى-شىغا سەۋەپ بولىدۇ. نائۈمىتلىك ۋە قۇرۇقلا قاراپ قويۇش خىزمەتكارلارنىڭ ئېتىقادىنى ياندۇرىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىش پادى-شالارنىڭ شىكەست تېپىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ.

نا ئۈمىت كىشى بولغاي بىئېتىقات بىپەرۋا،
تۇتما مېنى ھېچقاچان مەرھەمەتتىن نا ئۈمىت.

— ھەي دىمنە! — دەپتۇ شىر ئۇنىڭغا، — مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇ كېلىۋاتىدۇكى، شەنزەبەنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئەيىنگى خىيانەت غۇبارىدىن ساپ ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ سەھىپىسى بۇ يامان خىيال-نىڭ رەقىمىدىن پاكتەك تۇرىدۇ. مەن ھەمىشە ئۇنىڭغا شەپقەت ۋە مەرھەمەت كۆرسەتتىم، مەندىن ئۇنىڭغا داۋاملىق مەنپەئەت يېتىپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ مۇكاپاتى تەرىقىسىدە ئۇ ماڭا قانداق-سىغا يامانلىق ۋە زەرەر يەتكۈزۈش ئەندىشىسىنى قىلسۇن؟

تاشلىسام مەن دوستلۇق ۋادىسىغا مەزمۇت قەدەم،
ئۇ نېچۈك دۈشمەنلىكىم مەيدانىغا تىكلەر ئەلەم.

— ئەي پادىشاھىم! — دەپتۇ دىمنە، — كۆڭلى ئەگرى

كىشىدىن ھەرگىز ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئەسلىدىن يامان بولغان نەرسە ھېچ ۋەج بىلەن ياخشى سۈپەتلىك بولمايدۇ. ھەرقان-داق كوزدىن ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى نەرسە تەپچىپ چىقىدۇ ئەمەس-مۇ؟ سىلە تېخى چايان بىلەن تاشپاقىنىڭ ۋەقەسىنى ئاڭلىمى-غان ئوخشايلا؟

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— بىر تاشپاقا بىلەن بىر چايان بار ئىكەن، — دەپ ھې-كايىسىنى باشلاپتۇ دىمنە.

## تاشپاقا بىلەن چاياننىڭ ھېكايىسى

بىر تاشپاقا بىلەن بىر چايان ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق مۇنا-سىۋىتى، ئاشنالىق ئۇلپىتى ناھايىتى مەھكەم ئورنىغان ئىكەن.

ئەتىدىن ئاخشامغىچە بىر بىرلىرىگە ھەمنەپەس،
كېچىدىن تاڭ ئاتقىچە سوھبەتلىشىپ ئۆتەتتى بەس.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر زورۇرىيەت يۈزىسىدىن ئىككىلىسى سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ قاپتۇ ۋە ئىككىسى بىللە كېتىۋېتىپ بىر ئۆستەڭگە دۇچ كەپتۇ. ئۆستەڭنىڭ سۈيى ناھايىتى ئۇلۇغ بولغاچقا، چايان ئۇنىڭدىن ئۆتمەكنى مۈشكۈل كورۇپ، كوپ غەم قىلىپ ئەندىشىگە پېتىپ قاپتۇ.

— نىمانچە غەم-غۇسسىگە پېتىپ قالدىڭ؟ كوڭلۈڭدىن شات-خوراملىقىڭنىڭ كېتىپ قېلىشىدىكى سەۋەپ نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ تاشپاقا.

— ھەي بۇرادەر، — دەپتۇ چايان، — بۇ سۇدىن ئوتۇشنىڭ ئەندىشە-سى مېنى ھەيرانلىق گىرداۋىغا سالدى. ئەقلىم ئۇنىڭغا ئىلاج قىلىشقا ئاجىز كەلدى. بۇ سۇدىن ئوتۇشكە قۇۋۋىتىم يوق ياكى سەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايرىلىشقا تاقىتىم يوق.

سەن كېتەرسەن مەن قالۇرمەن بىسسەۋەپ،
سەندىن ئايرىلسام بۇ بولمامدۇ ئەجەپ.

قىلاچە غەم يېمىگىن، ئۇچامنى كېمە قىلىپ سېنى چىقىرىمەن ۋە ساڭا ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي، سېنى نىجات ساھىلىغا چىقىرىپ قويىمەن. سەندەك ياخشى دوستنى مۇشكۈللۈك بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، ئاسانلىق بىلەن قولدىن بېرىپ قويسا ئەيىپ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ تاشپاقا.

شۇنىڭ بىلەن تاشپاقا چاياننى ئۇچىسىغا ئېلىپ كوكسىنى سۇغا پاتۇرۇپ راۋان بوپتۇ. تاشپاقا سۇ ئۈزۈپ كېتىۋاتسا چايان ئۇنىڭغا نەشتەر ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. قاتتىق ئۇچىسغا چاياننىڭ نەشتىرىنىڭ تەككەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان تاشپاقا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەي خۇيى يامان، مەن ئاڭلاۋاتقان نىمە شەپە ئۇ؟ سەن نىمە قىلىۋاتىسەن؟

— نەشتىرىمنىڭ نەيزىسىنى ۋۇجۇدۇڭنىڭ قالقىنىغا سانچىپ سىناپ كورۇۋاتىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ چايان.

— ھەي ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان؟ — دەپتۇ ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ ئاچچىقى كەلگەن تاشپاقا، — سەن ئۇچۇن ئوز جېنىمنى خەتەر گىرداۋىغا سېلىپ، سېنىڭ خەۋپلىك ۋۇجۇدۇڭنى ئۇچامنىڭ كېمىسىگە ئېلىپ، سۇدىن ئوتكۇزۇۋاتسام، سەن تېخى مىننەتدار بولۇپ دوستلۇق ھەققىنى ساقلاش بۇياقتا تۇرسۇن، ماڭا نەشتەر سانچىشىڭدىكى سەۋەپ نىمە؟ مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ساڭا مەلۇمغۇ؟ سېنىڭ نەشتىرىڭدىن ماڭا ھېچقانداق زەرەر يەتمەيدۇ ۋە تاشتەك تېرەمگە نەشتىرىڭ تەسىر قىلمايدىغۇ؟

ئاغرىتۇر ئوز جانۇ ئىلكىن، ھەر قوپال قىلسا ئۇرۇش،
ئۇرسا ئۇ نادانلىقىدىن قەھرى بىرلە تاشقا مۇشت.

— مەن بۇ ئىشتا بەختىيارمەن. — دەپتۇ چايان، — مېنىڭ تەبىئىتىم ھەرقانداق نەرسىگە ئىختىيارسىز ۋە تارتىنماي نەشتەر ئۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ توغرىسىدا خاھ دوستنىڭ ئۈچىسى بولسۇن، خاھ دۈشمەننىڭ كوكرىكى بولسۇن ماڭا ئوخشاش.

ھەر كىشىدە بار بولسا يامان ئادەت،
ئۆزى قىلماي ئىختىيار بولۇر سادىر.
نەشتىرىنى ئۇرغۇسى چايان تاشقا،
گەرچە تەسىر قىلماققا ئەمەس قادىر.

شۇندا تاشپاقا ئويلاپ ئۆز-ئۆزىگە: دانىشمەنلەرنىڭ "ئەسكى كىشىنى پەرۋىش قىلىش ئۆز ئابرويىنى توككەنلىك ۋە ئىشنىڭ يىپ ئۇچىنى يوقاتقۇرگەنلىك بولىدۇ" دېگەن سوزلىرى راست ئىكەن، — دەپتۇ-دە، سۇغا شۇڭغۇپتۇ.

زەرۇ زىۋەرنى توكۇپ تۇپراققا، ھەسرەت چەكمىگىن،
كەلتۈرەر ھەسرەت يامانغا ئەيلىسەڭ گەر ياخشىلىق.

بۇزرۇكلار: "ھەر كىشى ئەسلىدە نەسەپسىز بولسا ئۇمەت مەيداندىن نېسىۋىسىزدۇر. چۈنكى ياخشىلىق قىلغانلارغا يامانلىق قىلماي دۇنيادىن ئوتۇش ناپاك ئادەملەر ئۈچۈن ھارامدۇر" دەپ ئېيتىشقان.

ھېچ ۋاقىتتا خوپ ئەمەس ئەسلى پەسكە تەربىيەت،
نە ئۈچۈن ساقلار كىشى ئۆز قوينىدا چاققاق ئىلان.
پەرۋىش قىلغانىغا تاتلىق بولمىغاي ئاچچىق دەرەخ،
ھەر كىشى ئەگىسە تىكەننى گۈل ئۈزەلمەس ھېچقاچان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ مسالنى كەلتۈرۈشۈمدىكى غەرەز شۇكى، ھەزرەتـلىرىنىڭ روشەن ئەقلىگىمۇ ماقۇل كەلسە كېرەك. شەنزەبەنىڭ تېگى پەس ئىكەنلىگى ۋە ئۇنىڭ زاتى ناپاكـلىقىدىن ئەندىشە قىلماق كېرەك ۋە شەپقەتلىك خىزمەتكارلىرىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ھۇش قۇلىقى بىلەن ئاڭلىماقلىرى كېرەك. چۈنكى ھەر كىم نەسىھەتچىلەرنىڭ سوزىنى ــ گەرچە ئۇلار سوزىنى قوپال ۋە بىسەدەپلەرچە ئېيتقان بولسىمۇ ــ ئاڭلىمىسا، راھىتىنىڭ ئاخىرى نادامەت ۋە مالامەتتىن خالى بولالمايدۇ. بۇ خۇددى، تېۋىپنىڭ بۇيرۇغىغا ئەمەل قىلماي، نەپسى خالىغىنىچە شەرۋەت ئىچىپ غىزا يىگەن كېسەلنىڭ بارغانـسېرى تېنى زەئىپلىشىپ، ئاغرىقى ھالاكەتكە تارتقىنىغا ئوخشاش ئىش بولىدۇ.

قوپال سوزلىسە دانا ئەيىپ ئەمەستۇر،
سەۋرە ئاچچىقتۇر لېكىن مىۋىسى تاتلىق.

پادىشالارنىڭ ئاجىزى ــ ئىشنىڭ ئاخىرىدىن غاپىل قالغۇچى ۋە مەملىكەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى سەل چاغلىغۇچىلاردۇر. ئۇلار ھەمىشە بىرەر ھادىسىگە ئۇچـراشتىن بۇرۇن ئېـھتىيات ۋە ھۇشـيارلىق قىلمايدۇ. پۇرسەت ئوتۇپ كەتكەندە، دۇشمەن ئۇنىڭغا غالىپ كەلسە، ئىشنى مۇلازىملىرىدىن كورىدۇ. تارتقان زىيانلىرىنى ئۇلارغا ئارتىدۇ.

سىرىڭنىڭ تىزگىنىنى ئوز ئىلكىڭگە ئالغايسەن،
ھەرگىز ئۇنى كىشىنىڭ قولىغا بەرمىگەيسەن.
شۇ يوسۇندا ھەرقاچان سادىر قىلساڭ خاتالىق،
نىمە ئۈچۈن غەيرىنىڭ گەدىنىگە يۈكلەيسەن؟

ــ شۇنداق قاتتىق گەپ قىلدىڭكى، ئەدەپ دائىرىسىدىن

خېلىلا چىقىپ كەتتىڭ، — دەپتۇ شىر، — لېكىن نەسىھەتچىلەرنىڭ
سۆزى قاتتىق بولسىمۇ ئۇنى رەت قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما سەن
ئېيتقاندەك، شەنزەبە ماڭا دۈشمەن بولغان ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ
قولىدىن نىمە كېلەتتى؟ ھەقىقەتتىمۇ ئۇ مېنىڭ ئۇزۇغۇمغۇ؟
چۈنكى ئۇنىڭ تىرىكچىلىگى ئوت-چۆپ ۋە سامان
بىلەن، مېنىڭ ھايات كەچۈرۈشۈم بولسا گۆش ۋە قان
بىلەن تۇرسا، گىيا يەيدىغان نەرسىگە گۆش يەيدىغان
نەرسە ئەلۋەتتە غالىپ كېلەلەيدۇ-دە؟ ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىگە
ماڭا قارشى چىقىش پىكرى ۋە خاتىرىگە مەن بىلەن ئۇرۇشۇش
نىيىتى ئورنىغان بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايمەن.

دۈشمىنىمگە نەيۈرەكتۇر ماڭا قارشى چىققىلى،
ھەددى ئەمەس پاشىنىڭ پىلغا رەپتار بولغىلى.

ئەگەر مېنىڭ تەڭرىنىڭ ئىنايەت مەشرىقىدىن كۆتىرىلگەن
دۆلەت ئاپتىۋىمغا شەنزەبە خۇددى ئايغا ئوخشاش ئۆزىنى تەڭ-
لەشتۈرۈش دەۋاسىنى قىلىدىغان بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە كەمتۈك ۋە
پۇچۇق بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئاسمان سايىۋىنىنىڭ نۇسخىسى
بولغان ھۇمايۇنغا ئوخشاش چېدىرىمغا خۇددى ئاپتاپتەك تىغ
تارتسا ئاقىۋەت زاۋال تاپىدۇ.

جەڭ ئەمەس ھېچ قۇۋۋىتى يوقنىڭ ئىشى،
يولنى كۆپ يۈرەلمىگەي ئاقساق كىشى.
بېشى ئىگىز بولسا ئۇنىڭ مەن بىلەن،
مەن سالارمەن يەنە بوينىغا كەمەن.

— "ئۇ مېنىڭ ئۇزۇغۇم، مەن ئۇنىڭغا غالىپ كېلەلەيمەن"
دەپ ئالدىنىپ قالمىسىلا، — دەپتۇ دىمنە، — چۈنكى ئۆزى يالغۇز
جەڭ قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، يار-دوستلىرىنىڭ مەدەتكارلىقى
بىلەن ئىشنى پۈتكۈزىدۇ ياكى بىر ھىيلە-مىكرى بىلەن ئەلۋەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىكەست يەتكۈزەلەيدۇ. مەن شۇنىڭدىن قورقىمەنكى، بارلىق ياۋا هايۋانلار سىلىنى ئاغدۇرۇشقا ھېرىس بولۇپ قېلىشىپتۇ. مۇبادا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىۋالسا، ھەممىسى سىلىگە قەست قىلىشتا بىر نىيەت، بىر دىل بولىدۇ-دە، سىلە يالغۇز قالىلا، بىر كىشى ھەر-قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ كۆپ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

پاشىلار توپلىشىپ گەر ھۇجۇم ئەتسە،
پىلنى ھەم ناتىۋان قىلغۇسى پىشەك.
شىر تېرىسىنىمۇ پارە قىلغۇسى،
چۈمۈلە يىغىلىپ كەلسە گەر كۆپرەك.

— سۆزلىرىڭىزنىڭ راستلىقى ۋە نەسىھەتلىرىڭىزنىڭ خالىس ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دەپتۇ شىر، — ئەمما شۇ نەرسە كۆڭلۈمگە ئۇنى كۆپ ئۇلۇغلىغان ۋە مەجلىسلەردە ياخشى سۇپىتىنى قىلغان ئىدىم. ئۇنىڭ دىيانىتى ۋە ئىخلاسىنى ئاغزىمدىن چۈشۈرمىگەن ئىدىم، ئەمدى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلسام خالايىق مېنى "ئىككى سۆزلۈك، سۆزىنىڭ تۇترۇقى يوق" دېمەمدۇ؟ ئەلنىڭ ئالدىدا گېپىم بىئېتىۋار ۋە ئىز باسمايدىغان بولۇپ قالمامدۇ؟

قىلغىنىز ھەر كىشىنىڭ باشىنى ئىگىز،
گەر ئىلاجى بولسىلا پەس ئەيلىمەڭ.

— راست پىكىر ۋە دۇرۇس تەدبىرنىڭ پايدىسى شۇكى، — دەپتۇ دىمنە، — ئەگەر بىر دوستتىن دۈشمەنلىك ئەسىرى كۆرۈلسە ۋە ئۇ ئۆز خىزمەتكارىدىن ئۇلۇغلۇق ئالامىتى بىخلانسا، دەرھال ئېھتىياتنىڭ پېيىگە چۈشمەك كېرەك ۋە ئۇنىڭدىن ئۇلپەت ۋە ئاشنالىق ئېتىگىنى تارتماق لازىمدۇر. ئۇ چۈشلۈك قىلىشقا پۇر-سەت تېپىشتىن بۇرۇن، ئۇنى ناشتىلىق قىلغايلا، ئېغىزدىكى چىش

قەدىمدىن تارتىپ كىشىگە ئۆلپەت ۋە ھەمدەم بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ناھايىتى كوپ پايدا يېتىدۇ. ئەمما ۋاقتى كېلىپ دەرت بەرسە، ئۇنى تارتىپ تاشلىماي رەنجىدىن شىپا تاپقىلى بولمايدۇ. تىرىكلىك تائام بىلەن بولىدۇ، لېكىن تائام مەيدىدە ھەزىم بولماي دەرت يەتكۈزسە، ئۇنى قەي قىلىۋەتمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ زەرىرىدىن خالاس تاپقىلى بولمايدۇ.

دېمنەنىڭ ئۇندىشى ھەم ۋەسۋەسە قىلىشى شىرغا ئەسەر قىپتۇ ۋە:

— شەنزەبەنىڭ سوھبىتىنى تەرك قىلدىم. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇش دېگەن يوق گەپ، مېنىڭ مەسلە-ھىتىمچە ئۇنىڭغا بىر كىشى ئەۋەتەي ۋە ۋەقەنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرەي، نەگە بارسا شۇ يەرگە بارسۇن، — دەپتۇ.

دېمنە ناھايىتى بەك قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە "بۇ سوز شەنزە-بەگە ئاڭلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ پاكلىقى ۋە ئىخلاسىنى ھەم ئېتىقادىنى شىرغا مەلۇم قىلىدۇ. ئۇ چاغدا مېنىڭ ھىلە-مىكرىم ئاشكارىلىنىپ قالسا ياخشى بولمايدۇ" دەپ ئويلاپتۇ-دە، شىرغا:

— بۇنداق قىلىش ئاگاھلىق ۋە ھوشيارلىقتىن ئەمەس پا-دىشاھىم. ئەگەر سوز ئېيتىلمىغان بولسا، ئۇنى ھەرقاچان ئېيتى-قىلى بولىدۇ. ئەمما ئىزھار قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ زەرىرىدىن ساقلىنىش چارىسىنى قىلغىلى بولمايدۇ.

ھەر چاغ دېگىلى بولۇر دېمىگەننى،
ياندۇرغىلى بولماس لېكىن دېگەننى.

ئېغىزدىن چىققان سوز ئوقىدىن چاچرىغان كوزدۇر. سوزنى ياندۇرۇۋالغىلى بولمىغىنىدەك، كوزنىمۇ ئورنىغا سالغىلى بولمايدۇ. "زۇۋانغا كەلدى، زىيانغا كەلدى" دېگەن مەسەل بار. بۇزرۇكلار-

مۇ: "تىل كوڭۈلنىڭ ئايغاقچىسىدۇر. كوڭۈل بەدەن مەملىكىتىنىڭ پادىشاسىدۇر. سوز بولسا ئۇنىڭ خەزىنىسىدىكى جاۋاھىردۇر. ئەگەر سوز گويالىق قۇتىسىدا خامۇشلۇق قۇلۇپى سېلىنىپ، سۇكۇت موھرىسى بېسىلىغان ھالىدا ساقلانغان بولسا، ھەمىشە تىرىكلىك چىمەنلىرىدە سالامەتلىك رەيھانى ئېچىلىدۇ ۋە ھايات دەرىخى خاتىرجەملىك ۋە راھەت مېۋىسىنى بېرىدۇ. ئەمما بالاغەت غۇنچىسى تەبەسسۇم قىلىپ، پاساھەت بۇلبۇلى نەغمە ساز قىلىشقا باشلىغان ۋاقتىدا، سوز گۇلزارى ھىدىنىڭ كوڭۈل شاتلىغا ۋە مىڭىنىڭ قۇۋۋەتلىنىشىگە سەۋەپ بولۇشىدىن ۋە ياكى زۇكام ماددىسى ھەم باش ئاغرىق ۋاستىسىنىڭ ئىللىتىگە باغلاقلىق بولۇشىدىن ئەمىن بولغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بىر ئورۇنلۇق سوز نۇرغۇن گىرەلەرنى ئېچىۋېتىدۇ ۋە ئورۇنسىز سوز ئېيتقۇچى ئېغىر زەنجىرگە باغلىنىدۇ. ئاڭلىغۇچىنىڭ بەدىنىگە جان كىرگۈزىدىغان سوزمۇ بار، ئېيتقۇچىنىڭ بېشىنى شامالغا ئۇچۇرىدىغان سوزمۇ بار" دېيىشكەن ئىكەن.

ئېچىپ ئەقلىڭ كوزىنى ئەگەر سوزگە قارساڭ،
نەخ پۇل كەبى بىرەر ئۇ ھەم پايدايۇ ھەم زىيان.
دەپتۇ بىر كىم بۇ سوزنى: "چىقسا گەر سوز ئېغىزدىن،
يەتكۇزگۇسى كىشىگە ئۇلۇم ياكى بىرەر جان".
لېكىن بۇگۇن ئۇنىڭدىن ئاداۋەتلىك بۇ سوزنى،
ئەگەر پىنھان تۇتمىساق ئۇلتۇرگۇسى ناگاھان.

ئەي، پادىشاھىم بۇ سوز شەنزەبەگە ئاڭلانسا: "سىرىم ئاشكارا بولۇپتۇ، ئەمدى جىم تۇرغانىنىڭ پايدىسى يوق" دەپ جەڭگە كىرىشى ياكى بىر پىتنە قوزغىشى ئېھتىمال. ھۇشيار كىشىلەر ئاشكارا گۇناغا پىنھان ئازاپ-ئوقۇبەت قىلمايدۇ ۋە يوشۇرۇن تەدبىر كورىدىغان ئىشتا ئاشكارا ئوقۇبەت قىلىشنى راۋا كورمەيدۇ. ياخشىسى شۇكى، ئۇ مەخپىي گۇنا قىلغان ئىكەن،

ئۇنىڭغا پىنھان سىياسەت **بىلەن** چارە قىلغايلا.

— مەخپىي گۇمان بىلەن، — دەپتۇ شىر، — يېقىن كىشىلەرنى ئۇزىدىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلىمايلا ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى زايا قىلىش، ئۇز پۇتىغا ئۇزى كەكە چاپقانلىق ۋە مۇرۇۋۋەت ھەم دىيانەت يولىنى تاشلىۋەتكەنلىك بولىدۇ.

پىسەنت كەلمەس ئەقىلگە، توغرا كورمەس شەرىئەت،
ھازىر بولماي گۇۋاچى، قىلسا ئەگەر شاھ پەرمان.
ھوكۇم قىلسا ئەگەر شاھ ھوكمى بولغاي قازادەك،
گاھى ئۇندىن جان ئېلىپ گاھى بۇڭا بىرەر جان.

— پەرمان يۇرگۇزگۇچىلەر ئۇچۇن ئۇزىنىڭ پاراسىتىدىن ئارتۇق لايىق گۇۋاچى بولمايدۇ، — دەپتۇ دىمىنە، — چۇنكى ئۇ ئىككى يۇزلىمە مەككار كەلسە، ئۇنىڭغا نەپرەت نەزىرى بىلەن قارىسىلا يامان ئەقىدىسى سەت تەلەتىدىن بىلىنىپ قالىدۇ، بۇزۇلغان نىيىتى كورۇمسىز سۇرىتىدىن ئىپادىلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ كوڭلىنىڭ ئەگرىلىكىنىڭ بەلگىسى شۇكى، قاشلىرىغا كەلگەندە ئۇزىنى تۇتۇشى باشقىچىرەك بولىدۇ، ئوڭ-سولغا ۋە ئالدى-كەينىگە ئېھتىيات قىلىدۇ. جەڭ جابدۇقلىرىنى ئېلىپ كىلىدۇ.

— ياخشى دىدىڭ، — دەپتۇ شىر، — ئەگەر بۇ ئالامەتلەردىن بىرەرسى كورۇلسە، ئەلۋەتتە ئىش ھەقىقىتى رۇزىدىكى شۇبھە غو-بارى كوتىرىلىدۇ ۋە گۇمان داغدۇغىسى يېقىنلىق مەرتىۋىسىنىڭ ئورنىنى ئىگەللەيدۇ.

دىمىنە ئۇزىنىڭ پىتنە بىلەن يۇغۇرۇلغان پۇدىشى ئارقىلىق شىرنىڭ بالا ئوتى ئورلىگەنلىگىنى كورۇپ، ئوكۇزنىڭ قېشىغا بىرىپ، ئۇنىڭدىمۇ پىتنە-پاسات يالقۇنىنى ياندۇرماقچى بوپتۇ.

ئىككى بەدەن ئارا جەڭ خۇددى ئوتتۇر،
توشۇلغان سوز ئۇ ئوتقا ئوتۇن بولۇر.

لېكىن دىمنە يەنە: «شەنزەبەنىڭ قېشىغا بارسامىمۇ شىرنىڭ مەسلىھىتى بىلەن باراي، مەندىن گۇمانلىنىپ قالمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپتۇ ۋە شىرغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھىم، — ئەگەر ماڭا پەرمان بولسا، شەنزەبە تەرەپكە بارسام ۋە ئۇنىڭ سىرىدىن نىمىنى ئاڭلىسام، كېلىپ ھەزرەتلىرىگە ئەرز قىلسام ياخشى بولاتتى.

شىر ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىپتۇ. دىمنە دەرھال پەرىشان ۋە غەمكىن كورۇنۇشكە كىرىپ، شەنزەبەنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا سالام-تازىم شەرتلىرىنى بىجا كەلتۇرۇپتۇ، شەنزەبە جاۋاپ سالام بېرىپ، ئۇنىڭ ھالىغا تۇشلۇق تازىم قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— بىزنى ياد ئەتمىگەن ئىدىڭ، ئەمدى ياد ئېتىپسەن-دە، دىمنە، — دەپتۇ شەنزەبە ئوكۇز، — كوپ ۋاقىتلاردىن بىرى دوستلارنىڭ كوزلىرىنى جامالىڭنىڭ نۇرى بىلەن روشەن قىلمىدىڭ ھەم ۋەيران بولغان كۇلبىلىرىمىزنى سوھبىتىڭ گۇللىرى بىلەن گۇلشەن قىلمىدىڭ.

ئومرۇڭ ئىچرە قىلمىدىڭ ياد، ئاشۇ دوستنى بىر نەپەس،
ئۇ سېنىڭ يادىڭنى قىلماي ئالمىدى ھىچبىر نەپەس.

— گەرچە كورۇنۇشتە ساڭا مۇلاقات بولۇش شەرىپىدىن مەھرۇم بولغان بولسامۇ، كوڭلۇم ھەممىشە دىلكۇشا جامالىڭنىڭ قېشىغا بېرىشلىق ۋە مۇھەببىتىڭنىڭ ئۇرۇغى دائىم جىنىمنىڭ سەھنىسىگە تېرىغلىق ئىدى.

مېھرىڭىزگە دەرىزە ئاچتى بۇ جان،
ئىشقىڭىزنى ئوزىدە قىلىپ پىنھان.

كوپتىن بېرى يالغۇزلۇق باياۋىنى ۋە خىلۋەت بۇلۇڭىدا دولەت ۋە سائادىتىڭنى تىلەپ، دۇئا ۋە سانا ۋەزىپىسىگە مەشغۇل

ئېدىم، — دەپتۇ دېمىنە.
— ئەل ئارىسىدىن چىقىپ خىلۋەتتە ئورۇن تۇتمىغىنىغا
نىمە سەۋەپ بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ شەنزەبە.
— چۈنكى كىشى ئۆزىگە ئاگاھ بولمىسا ۋە ئۆزگىنىڭ ئەسىرى
بولسا، بىردەممۇ قورقۇنچ ۋە خەتەردىن خالى بولالمايدۇ، —
دەپتۇ دېمىنە، — ھەمىشە قىسىلىپ قورۇلۇپ يۈرسە، غەم-ئەندىشە
قىلماي بىر ئېغىز گەپ قىلالمىسا، نىمە ئۈچۈن بىر بۇلۇڭنى
ئىختىيار قىلمىسۇن ۋە قانداقسىغا خاۋەت ئىشىگىنى دوست-
دۈشمەنگە تاقىۋالمىسۇن.

بۇ زاماننىڭ پىتنىسىگە كۆزۈڭ ئاچ،
كۆرگىن ئۇنى بىر تەرەپكە سەنمۇ قاچ.
قاچماق ئۈچۈن قويالمىساڭ گەر ئاياغ،
بىر بۇلۇڭنى ماكان تۇتۇپ يېشىڭ چاچ.

— سۆزۈڭنى بۇنىڭدىن ئوچۇقراق ئېيتقىنا دېمىنە، — دەپتۇ
شەنزەبە، — غەرىزىڭنى ئاڭلاپ، ئەقلىمنىڭ پىكرى ئۇنىڭ پايدىسىغا
ئۆلانسۇن.
— بۇ جاھاندا ئالتە نەرسىنىڭ ئالتە نەرسىسىز بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ دېمىنە، — دۇنيانىڭ مېلى ھەركەتسىز
بولمايدۇ. نەپسىنىڭ خاھىشى مېھنەتسىز بولمايدۇ. خوتۇنلار بىلەن
بىللە بولماق بالاسىز بولمايدۇ. يامانلارغا قوشۇلماق نادامەتسىز
بولمايدۇ. بېخىلدىن تاما قىلماق خارلىقسىز بولمايدۇ. پادىشاغا
مۇلازىم بولماق ئاپەتسىز بولمايدۇ. ھەر كىشى دۇنيا مەيخانىسى-
دىن بىر يۇتۇم مەينى قولغا كەلتۈرگەن بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە
مەس ۋە ناپاك بولىدۇ؛ ئىسيان بېشىنى تەكەببۇر ياقىسىدىن
چىقىرىدۇ. ھەر كىمەرسە نەپس يولىغا قەدەم قويغان بولسا، ئۇ
چوقۇم ھالاكەت چوڭقۇرىغا تىقىلىدۇ. ھەرقانداق ئەر كىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خوتۇنلار بىلەن تولا ئۈلپەتچىلىك قىلسا ۋە مۇھەببەت تۇتسا بالاغا مۇپتىلا بولىدۇ. ھەرقانداق كىشى يامان ۋە پىتنىخورلار بىلەن ئولتۇرسا، ئاقىۋەت پۇشايمانغا قالىدۇ. ھەر بىر نامرات پەس ۋە بېخىللەردىن مەنپەئەت ئىستىسە خار ۋە بىئېتىۋار بولىدۇ. ھەر بىر بىچارە سۇلتانلار خىزمىتىنى قىلىدىغان بولسا، خاتىرجەم ۋە سالامەت بولالمايدۇ.

ئىرۇر شاھ سوھبىتى مىسالى دەريا،
سۈيىنىڭ ھەددى يوق، يوق ئۇندا قىرغاق،
بولسا كىشى ئۇنىڭغا قانچە يېقىن،
ئۇنىڭ قورقۇنچىسى بولغاي يامانراق.

— سوزۇڭ شۇنىڭغا دالالەت قىلدۇكى، — دەپتۇ شەنزەبە، — ياكى شىردىن ساڭا كۈلپەت يەتتى بولغاي، ياكى كوڭلۇڭنىڭ ئارامى كەتتى بولغاي.

— بۇ سوزنى مەن ئۆزەم ئۈچۈن ئېيتمىدىم، بەلكى ھەممە غەم - ئەندىشەم سەن ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ دىمنە، — ئۆزەڭ بىلسەن، بۇرۇندىن تارتىپ سەن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرىمىزدا دوستلۇق ۋە بىر نىيەت، بىر دىللىق بار. سەن بىلەن قانداق ۋەدە قىلىشقان بولساق ھەممىسىگە ۋاپا قىلىشتۇق. لېكىن ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن بولغان بارلىق ھادىسىنى ساڭا ئېيتىشقا مېنىڭ چارەم يوق.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شەنزەبەنىڭ قورقۇنچىدىن پۈتۈن ئەزاسىغا تىترەك ئولىشىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي شەپقەتلىك يار ۋە مۇۋاپىق دوستۇم، مېنى پاتىراق بۇ ھالنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەردار قىلغىن، ئەسلى غەرىزىڭ نىمە؟ تېزرەك دىگىنە، — دەپتۇ.

— ئىشەنچلىك بىر كىشىدىن ئاڭلىشىمچە، — دەپتۇ دىمنە، — شىر: "شەنزەبە راسا سەمىرىپتۇ. مېنىڭ دەرگاھىمدا ئۇنىڭغا

ھېچ ئىپتىياجىم يوق. شۇڭا ئۇنى ئۇلتۇرۇپ، گوشى بىلەن ۋەھشى
ھايۋانلارنى بىر مېھمان قىلاي دەيمەن، ناھايىتى شۇ ھەممەي-
لەنگە بىر كۆڭلۈك شىلانغا① يارار" دەپتۇمىش. مەن بۇ سوزنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن سىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن كەلدىم،
مانا مۇشۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش بىلەنمۇ ساڭا ۋەدەمگە ۋاپا قىلا-
غانلىقىمنى ئىسپات قىلالايمەن. مېنىڭ مانا شۇ تەرىقىدە دوستانە
ھەققىنى ئادا قىلىشىم مۇرۇۋۋەت شەرىئىتىدە ماڭا ۋاجىپتۇر.

مېھرىۋانلىق بىرلە ئېيتتىم ئاڭلىغاننى مەن تامام،
خاھ سوزۈمگە سال قۇلاق، خاھى ئىشەنمە ئىختىيار.

ئەمدى ياخشىسى شۇكى، ئەندىشە قىلىپ، تەدبىر بىلەن چارە
سازلىقىنىڭ پېيىگە چۈشكىن.
دىمنە سوزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن شەنزەبە بىردەم
ئويلاپ بېقىپ، شىرنىڭ ياخشى ۋەدىلىرىنى خاتىرىگە كەلتۈرۈپتۇ
ۋە شۇنداق دەپتۇ:
— ھەي دىمنە، شىرنىڭ ماڭا يامانلىق قىلىشى مۇمكىن
ئەمەس جۇمۇ! چۈنكى مەندىن ئۇنىڭغا بىرەر خىيانەت سادىر
بولغانلىقى ماڭا مەلۇم ئەمەس. مېنىڭ مەزمۇت قەدىمىم ھېچقاچان
ئۇنىڭ ياخشى خىزمىتىدىن تايمىدى. گەرچە سېنىڭ سوزۈڭنى
"ماڭا خەيرىخالىق قىلىپ راست گەپنى يەتكۈزگەندۇر" دەپ پە-
رەز قىلغاندىمۇ، مېنىڭ دۈشمەنلىرىم مەن يوق يەردە بەزى
يالغان سوزلەرنى شىرغا يەتكۈزگەن بولۇشى ۋە ئالدامچىلىق
بىلەن ئۇنىڭ ماڭا غەزىۋىنى قوزغىغان بولۇشى ئېھتىماللىقىغا
كوپرەك ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ خىزمىتىدە بىر توپ يارامسىزلار بار
ئەمەسمۇ؟ ئۇلار بەدنىيەت، ھارامزادە ۋە خىيانەتكارلار. شىر

① شىلان — كونا جەمئىيەتتە موتىۋەرلەرنىڭ ئائىلىسىگە ناھايىتى
كوپ ئادەملەر يىغىلغاندا خەتمە ئوقۇپ ئېتىلىدىغان ئۇماچ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى ئاۋال سىناپ كۆرۈپتىكەن ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك خىيانەتلىرىنى تولۇق سېزىپتىكەن. شۇلارغا قىياس قىلىپ، مېنىڭ ھەققىمدە ئېيتىلغان يامان سۆزگىمۇ ئىشىنىپ قالغان بولۇشى ئېھتىمال. كۆپىنچە، يامانلار سوھبىتىنىڭ شۇملۇغىدىن ياخشىلارنىڭ ھەققىدىمۇ بەدگۇمانلىق پەيدا بولىدۇ. يالغاننى تولا ئاڭلاۋەرسىمۇ راستلىقنىڭ يۈزى يېپىلىدۇ. ئودەكنىڭ قىسسىسى مانا مۇشۇ مەنىگە ئىشارەت ۋە دەلىل بولالايدۇ.

— ئۇ قانداق قىسسە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دىمنە.

شەنزەبە سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— بىر ئودەك سۇدا ئاينىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ: "بېلىق ئوخشايدۇ" دەپ چاغلاپ، ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ، نەچچە نۆۋەت سۇغا چۆكۈپمۇ ھېچنېمىنى تاپالماپتۇ-دە، ئۆزىچە ئويلاپ: "مېنىڭ بۇ پەرىزىم خۇددى چۆلدە ئۇسسىغانلار نېرىدا كۆرۈنگەن نەرسىنى سۇمىكىن دەپ خىيال قىلغانلىقى ۋە گادايلارنىڭ ۋەيرانىنى كۆرسە خەزىنە بارمىكىن دەپ ئويلىغانلىقى بىلەن ئوخشاش بىر ئىش ئىكەن" دەپتۇ ۋە شۇ نائۈمىد بولغىنىچە بېلىق تۇتۇپ يېيىشنى مۇتلەق تەرك ئېتىپتۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەر قېتىم بېلىقنى كۆرسە "ئۇ ئاينىڭ شولىسى" دەپ ئۇنىڭغا پەقەت ئىلتىپات قىلماپتۇ ۋە "بىر قېتىم سىنىغاننى يەنە سىنىسا نادامەت كەلتۈرىدۇ" دەپ ھەمىشە ئاچ ۋە ھالى خاراپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئودەك تەجرىبىسىنىڭ مەھسۇلى ئەنە شۇ. ئەگەر شىرغا مېنىڭ توغرامدا سۆز يەتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قېلىپ "ھەرقانداق كىشى بىر كىمدىن يامان سۆز ئاڭلىسا، كۆڭلى كىر بولىدۇ، دىگەندەك، ئۇنىڭمۇ كۆڭلىگە كىر پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ ناپاكلاردىن ئالغان تەجرىبىدۇر. ۋاھالەنكى، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا كېچە بىلەن كۈندۈز ۋە ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىدەك پەرق بار.

قىلمىغىن پاكلارنى ئۆزەڭگە نەزىر①،
گەرچە ئوخشاش يېزىلسىمۇ سىر ۋە شىر.②
ئىككى ھەرە ھالىغا باق بىر مەھەل،
بىرى نەشتەر بېرىدۇ، بىرى ھەسەل.
باق يەنە ئىككى كىيىك كىندىكى بار،
بىرىدىن قان چىقىدۇ، بىرىدىن ئىپار.

— پادىشالارنىڭ بىر كىشىنى سەۋەپسىزلا يۇقۇرى مەرتىۋىگە چىقىرىدىغان، يەنە بىر كىشىنى بولسا ھېچ گۇنا قىلمىسىمۇ، ئول-تۇرۇپ مېلىنى تالان-تاراج قىلىدىغان ئادىتى بار ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ يەنە دىمنە، — سېنى يامان كۆرۈپ قېلىشىغا شۇ ئادىتى سەۋەپ بولغان ئوخشايدۇ.

ئاڭلىماي سوزۇمنى ھەم كورمەي مېنى ئۇ قىلدى لۇتۇف،
كوردى-بىلدى، مەدھى قىلدىم، قىلمىدى ھېچ مەرھەمەت.
پادىشانىڭ ئادىتى شۇنداق ئىكەن، ئاغرىنمىغىن،
تەكرى بەرسۇن پادىشاغا ئەدلى، تەۋپىق-مەرھەمەت.

— شىرنىڭ ماڭا غەزىۋى كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا مەندىن ھېچقانداق گۇنا ۋە ھېچبىر بانا-سەۋەپ سادىر بولماي تۇرۇغلۇق، ئاچچىغى كەلگىنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلماق تەستەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ شەنزەبە، — چۇنكى بىرەر كەمچىلىك تۈپەيلىدىن ئاچچىغى كەلگەن بولسا ئۇزرە قويسام ئاچچىغى يانغان بولاتتى. خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ ھېچقانداق بانا-سەۋەپسىزلا

① نەزىر — تەڭ، ئوخشاش.

② سىر — سىركە، شىر — سۈت. بۇ يەردە سىر ۋە شىر دىگەن ئىككى خەت ئوخشاش يېزىلسىمۇ مەزمۇنى ئوخشىمايدۇ. سېنى ئۆزەڭنى پاكلارغا تەڭلەشتۇرمە دىمەكچى.

ئاچچىقى كېلىپ قالغان بولسا ياكى چېقىمچىلارنىڭ سوزى بىلەن
ئاچچىقى كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا چارە قىلماق مۇشكۇل. چۈنكى
يالغان گەپ ۋە بوھتاننىڭ ئەندىزىسى يوق، ھىلە - مىكىر دىگەن-
نىڭ ھەددى - ھىساۋى ۋە چېكى يوق. شىرغا خىزمەت قىلىشتا مەندىن
قانداق گۇنا ئۆتكىنىنى بىلمىسەممۇ، بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ ئوز
مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەدبىرىنىڭ ئەكسىچە سوزلەرنى ئېيتقان
ئىدىم. شۇنى - زە، كوڭلىدە "بىئەدەپلىك قىلدى" دەپ ئويلاپ
قالغان ئوخشايدۇ. ۋاھالەنكى، مېنىڭ ئۇ سوزلىرىم باشتىن - ئاياق
ئۇنىڭ ئوزى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. مەن ھەمىشە ئۇنىڭ ئۇلۇغ-
لۇق ھورمىتىنى كوزلەپ، تازىم ۋە ئىززەت - ئىكرامىنى بىجا كەل-
تۈرگەن تۇرسام، مېنىڭ نەسىھىتىم غەزەپكە، خىزمىتىم ئاداۋەتكە
سەۋەپ بولۇپ قالغىنى ئەجەپلىنەرلىكقۇ؟ ياكى بولمىسا، ئۇلۇغلارنىڭ
يېقىن مېھرىۋان كىشىلەرنىڭ نەسىھىتىنى يامان كورۈپ، ئۇنى
نەزەردىن چۈشۈرۈپ، ئىككى يۈزلىمە مەككارلارنىڭ خوشامەتلىرىنى
ياخشى كورۈپ، ئۇلارنى ئوزىگە مەھرەم قىلىۋالىدىغان ئادىتى
شىردىمۇ پەيدا بولۇپ قالغاندىمۇ - يا؟ بۇ توغرىدا ھوكۇمالار:
"دەريانىڭ قەرىدە لەھەڭ بىلەن بىللە بولماق ۋە قۇيرۇغى كېسىلگەن
ئىلاننىڭ ئاغزىدىن زەھەر ئالماق پادىشالارغا يېقىن ۋە مۇلازىم
بولۇشتىن ياخشىراقتۇر" دىيىشكەن ئىكەن. مەنمۇ پادىشالارغا
خىزمەت قىلىشنىڭ خەتىرى كوپلۈگىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا مەش-
غۇل بولماقنىڭ زەردىن ئاز ئەمەسلىگىنى بىلگەن ئىدىم. بەزى
ھوكۇمالار پادىشالارنى ئوتقا ئوخشىتىدىكەن. چۈنكى ئۇلار گەرچە
مەرھەمەت نۇرى بىلەن ئۈمىتۋارلارنىڭ قاراڭغۇ كوڭۇللىرىنى روشەن
قىلسىمۇ، سىياسەت شولىسى بىلەنمۇ خىزمەتكارلارنىڭ ھەققى -
ھوقۇقلىرىنى كويدۈرىدۇ. ئاقىللارغا ئوتقا يېقىن بولسا زەرەر يې-
تىدىغانلىغى چۈشىنىشلىك. ئەمما كىشىلەر ئوتنى يىراقتىن تاماشا
قىلىپ ئىسسىنىدۇ. شۇڭا كويدۈرۈشىنى بىلمەيدۇ - دە، پادىشالارغا
يېقىن بولماقنى ئەنە شۇ لەززەت ۋە مەنپەئەتكە ئوخشىتىدۇ. ئە-

ملىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ئەگەر پادىشالاردىن كورگەن سىياسەت ۋە ھەيۋەتلىرىمىزدىن ۋاقىپ بولغان بولسىدى، مىلىك يىلىلىق مەرھەمەت ۋە ئىلتىپات بىر سائەتلىك سىياسەت ۋە ئۇقۇبەتكە باراۋەر كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولاتتى. بۇ سوز خۇددى قارچۇغا بىلەن توخۇنىڭ مۇنازىرىسىدەك بىر ئىش بولدى.

ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دىمنە.

— بىر ۋاقىتلاردا، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ شەنزەبە.

## قارچۇغا بىلەن توخۇنىڭ ھىكايىسى

بىر ۋاقىتلاردا، بىر قارچۇغا بىلەن بىر توخۇ مۇنازىرىلىشىپ قالغان ئىكەن. قارچۇغا دەپتۇ:

— ھەي توخۇ، سەن ناھايىتىمۇ بىۋاپا ئىكەنسەن، ۋاھالەنكى، ئەخلاق سەھىپىسى ۋاپا بىلەن يېزىلغاندۇر. "ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىماندىندۇر" دىگەن سوزنىڭ مەزمۇنى بويىچە قارىغاندىمۇ ۋاپا ئىماننىڭ كامالەتكە يەتكەنلىگىنىڭ دەلىلىدۇر. مەرتلىكنىڭ مۇرۇۋۋىتى ھەر كىشىنىڭ ئوز ئەھۋالى سەھىپىسىگە بىۋاپالىق رەقەملىرىنى يازماسلىغىنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىت ئىرۇر مىھرۇ ۋاپا بابىدا شۇنداق بىباھا،
ياخشىدۇر ئىت ئۇ كىشىدىن، بولمىسا ئىتچە ۋاپا.

— ھەي قارچۇغا، مەندىن قانداق بىۋاپالىقنى كوردۇڭ؟ قاچان ۋەدىگە ۋاپا قىلماپتىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ توخۇ.

— سىنىڭ بىۋاپالىغىڭ شۇكى، — دەپتۇ قارچۇغا، — ئادىمىزاتلار ھەمىشە ساڭا شەپقەت كورسىتىدۇ ۋە ياخشىلىق قىلىشىدۇ. ساڭا ھىچقانداق زىيان-زەخمەت يەتكۇزمەي، دان ۋە سۇلىرىنى ئالدىڭغا قويىدۇ. كۇندۇزى يۇرۇشۇڭدىن، كېچىسى قونۇشۇڭدىن

جەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق سېنى تۇتماقچى بولسا، ئالدىدىن قاچىسەن ۋە تۇتۇق بەرمەي تامدىن تامغا ئۇچىسەن ئەمەسمۇ؟

سەمىرمەك بىرلە بولۇپ نەپسىڭ يامان،
قىلىسەن ئىگەڭگە تۇزكورلۇق ھامان.

مەن باياۋاندا يۈرىدىغان ۋەھشى بولساممۇ، ئىككى-ئۈچ كۈن ئادەملەر بىلەن ھەمسوھبەت بولسام ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىن ئوزۇق يېسەم، ئۇنىڭ ھەققىنى ساقلاپ، تۇتقان نەرسىلىرىمنى ئۇلارغا بېرىمەن. ئەگەر يىراقراق كېتىپ قالغان بولسام، چاقىرىشى بىلەنلا قايتىپ ئۇچۇپ كېلىپ قولىغا قونىمەن.

قۇش ئۆگەنگەن بولسا قولغا، ئۇ ئەگەر كەتسە يىراق،
ئىگىسى "گاھ" دەپ چاقىرسا كەلگۈسى شاتلىق بىلەن.

بۇنى ئاڭلىغان توخۇ ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:
— راست ئېيتىسەن، مېنىڭ قېچىشىم ۋە سېنىڭ كېلىشىڭ شۇ سەۋەپتىنكى، مەن ناھايىتى كوپ توخۇلارنى زىخقا تارتىپ كاۋاپ قىلغانلىقىنى كوردۇم. سەن بىرەر قارچۇغىنى ئوتتا پىشۇرۇپ يېگەننى كوردۇڭمۇ؟ ئەگەر سەنمۇ ئۇنى كورگەن بولساڭ ھەرگىز ئادەملەرگە يېقىن يولىماس ئىدىڭ. مەنمۇ ئوگزىدىن ئوگزىگە قاچتىم، ئۇنى كورىدىغان بولساڭ سەن تاغدىن تاغقا قاچقان بولاتتىڭ. بەلكى يەر يۈزىدە ئوزۇق يېيىشتىن پۈتۈنلەي ئۈمىت ئۈزۈپ، ئاسمان سەھنىسىدە ئۇچۇپلا يۈرگەن بولاتتىڭ.
— بۇ مەسىلىنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، سەنمۇ بىلىسەن، پادىشالارنىڭ سوھبىتىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئۇ بىر توپ كىشىلەر پادىشانىڭ سىياسىتىنى كورمىگەن. ئۇلار پادىشانىڭ

كىشىنى قارار تاپقۇزمايدىغان زەھىرى بار، لېكىن ئارام ئالدۇرىـ
دىغان بەھرى يوق ئىكەنلىگىنى بىلىشمەيدۇ.

يېقىن بولغان كىشىلەرگە كوپتۇر ئاپەت،
سىياسەتتىن يەتكۇسىدۇر كوپ مالامەت.

ــ شىر ئۇزىنىڭ ئۇلۇغلۇغى ۋە شانۇ شەۋكەتلىك بولغاذـ
لىغى ئۇچۇنلا سېنىڭ توغراڭدا بۇ خىيالنى قىلمىغاندۇ؟ چۇنكى
سېنىڭ ھۇنەر، قابىلىيىتىڭ ۋە پەزىلىتىڭ ناھايىتى كوپ تۇرسا،
پادىشالار ھېچقانداق ۋاقىتتا پەزىلەتمەنلەرگە بىھاجەت بولمايدۇـ
دە، دەپتۇ دىمنە.

ــ ماڭا بۇ زىيان ئۇز قابىلىيىتىمدىن كەلدى بولغاي، ــ دەپتۇ
شەنزەبە، ــ چۇنكى، يۇگۇرۇك ۋە چىرايلىق يورغىلايدىغان ئاتنى
باغلاپ باقىدۇ. بۇلبۇل چىرايلىق سايرىغانلىغى ئۇچۇن قەپەزگە
سولايدۇ. مۇۋىلىك دەرەخ مىۋە بەرگەنلىگى ئۇچۇن ئۇنىڭ بېشىـ
غا چىقىپ دەسسەپ شاخلىرىنى سۇندۇرىدۇ ۋە تاۋۇس ئۇز ھوسـ
نى جامالى بىلەن جىلۋە ئەيلىگەنلىگى ئۇچۇن قانات قۇيرۇغىنى
قىرقىيدۇ.

ھۇنىرىم بولدى بېشىم ئۇزرە بالا، چۇنكى قىلۇر،
تېرىسى تۇلكىگە ھەم قۇيرۇغى تاۋۇسقا زەرەر.
بولمىسا گەر ھۇنىرىم ئەيىپ، مەن بېشىمغا ئاخىرى،
كوز قويۇپ گوھەر بىلەن كىيگەن بولاتتىم تاجى زەر.

جاھاندا ھۇنەر قابىلىيەتسىز كىشىلەر قابىلىيەتلىك كىشىلەردىن
كوپ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاقلىشىپ قابىلىيەتلىك كىشىـ
لەرنىڭ ئەھۋالىدىن گەپ تاپقىلى تۇرىدۇ-دە، بارچە ماڭىغانـ
تۇرغىنىنىڭ ھەممىسىنى گۇنا ھىساۋىدا بىلىندۇرۇپ، ئامانەتنى ئاـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هانەت، دىيانەتنى خىيانەت، ئادالەتنى ئاداۋەت سۈرىتىدە كورسىتىپ، ئۇلارغا دولەت ۋە سائادەتكە ئېرىشىشكە سەۋەپ بولغان ئىشلارنى، بەتبەختلىك، شۇملۇق ۋە ئىپلاسلىق دەپ ئاتايدۇ.

كور بولۇر ئۇ ناتىۋانىنىڭ كوزىنىڭ نۇرى كېتىپ،
كورمىسە تاكى خالايىق ھۇنىرىنى ھەممە ئەيىپ.

بۇزرۇكلارمۇ بۇ توغرىدا مۇنداق دىگەن ئىكەن:

ھۇنەرۋەن ھۇنەر تاپسا ناگاھان،
دىگۈسىدۇر بىھۇنەرنى يامان.
ھۇنەرسىز ئۇنىڭغا قول ئۇرغۇسىدۇر،
ئىشىغا كوپ شىكەست يەتكۈزگۈسىدۇر.

ئاندىن كېشىنى تولا ئەيىپ قىلىدىغانلارنىڭ نائىنساپلىغى توغرىسىدىمۇ مۇنداق دەپتىكەن:

ئىنساپ بىلەن كورەر بولسا كىشى ئەگەر،
كورسە ئەگەر ساپالىنىمۇ سانار گوھەر.
بولسا كىشى ئەيىپ تاپقاق ھەمدە سوزمەن،
تۇرسا ھەردىر ئۇنى كورۇپ دىگەي چەكمەن.
كورمىگۈسى ھىچ ئەيىپنى ياخشى كىشى،
خەقتىن نۇقسان تاپماسلىقتۇر ئىمان ئىشى.

— ئەگەر تەقدىر ھوكمى بىلەن، پىتنىخورلار بۇ قەستىنى قىلغان بولسا، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى قانداقراق بولار؟ — دەپ سوراپتۇ دىمنە.
— ئەگەر خۇدانىڭ تەقدىرى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلمىسە،

ئۇنىڭدىن ھىچقانداق زەرەر يەتمەيدۇ، — دەپتۇ شەنزەبە، — ئەگەر تەقدىرنىڭ قازاسى ئۇلارنىڭ ھىلە-مىكرىسىگە مۇۋاپىق چۈشسە، ھىچقانداق ھىلە بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغىلى بولمايدۇ. تەقدىرى ئەزەلگە تەدبىر پايدا بەرمەيدۇ-دە!

— ئەقلى-ھوشى بار كىشى ھەمىشە ئويلاپ ئىش قىلىشى كېرەك. چۈنكى ھەر كىشى ئىشنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ قىلسا، ئەلۋەتتە ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، — دەپتۇ دىمنە.

— ئەقىل دېگەنمۇ، قازا ئۇنىڭ زىتىغا ھوكۇم قىلمىغان ۋاقىتتىلا كارغا كېلىدۇ، — دەپتۇ شەنزەبە، — ۋە ھىلە دېگەنمۇ تەقدىر ئۇنىڭ خىلاپىغا جارى بولمىغان بولسا پايدا بېرىدۇ. ئەگەر ھەر ئىش قازايى قەدەردىن كەلگەن بولسا، چارە ئۇنى قانداق قۇتقۇزالىسۇن ۋە ھىلە ئۇنىڭغا قانداق پايدا بەرسۇن؟ ھەر قانداق كىشىنىڭ قازانىڭ بەندىدىن ۋە تەقدىرنىڭ دائىرىسىدىن ئاجراپ چىقالىشىدا، ھىلە ۋە تەدبىر بىلەن مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ.

ھەر ئوتنى، قازا قولى ياندۇرغۇسى،
ئۇڭا پىكىر-تەدبىر ئۆزىن ئۇرغۇسى.

ئەگەر ئاللاتائالا ھوكۇم قىلىدىغان بولسا غەپلەت مىلى① كوزى ئوتكۇرلەرنىڭ كورەر كوزىگە تارتىلىپ، ھەممىسىنى خىرە قىلىدۇ-دە، ئۇ ھوكۇمدىن خالاس تاپماقنىڭ يولى ئۇلار ئۈچۈن باغلىنىدۇ.

ئەگەر يەتسە قازايۇ قەدەر،
بارچە ئاقىللار بولۇر كور ۋە گەر②.

---

① مىل-كوزنى قارغۇ قىلىش ئۈچۈن كوزگە سۈركەيدىغان پولات زىخچا. بۇ قەدىمقى زاماندىكى جازا قوراللىرىدىن بىرى بولغان ئىكەن.

② كور ۋە گەر — قارغۇ ۋە گاس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەن بۇلبۇلنىڭ قىسسىسىنى ئاڭلىمىغان ئوخشايسەن تېخى.
— ئۇ قانداق قىسسە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دېھقان.
— بىر دېھقاننىڭ بىر بېغى بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ شەنزەبە.

## دېھقان بىلەن بۇلبۇلنىڭ ھېكايىسى

بىر دېھقاننىڭ بىر بېغى بار بولۇپ، ئۇ باغ ناھايىتى گۈزەل بوستان ۋە پاكىز گۈلىستان ئېرەمگە ئوخشاش، ھاۋاسى باھار شامىلى بىلەن تەڭشەلگەن ۋە گۈللىرىنىڭ پۇرىقى جان دىمىغىغا خۇشپۇراق بېرىدىغان بىر تاغ ئىكەن.

چىمەنلىرى گۈزەل گۈللەرگە تولغان،
گۈللىرى ھايات بەخش ھۇزۇر تاراتقان.
ئەتىرپەرۋەر شامىلى راھەت بەخش،
بولبۇلىنىڭ ناۋاسى ئىشرەت بەخش.

ئۇ دېھقان باغىنىڭ بىر تەرىپىدە گۈل تېرىپ، گۈلزار ياساپ قويغان ئىكەن. ئۇ گۈللىرى خۇددى تولغان يېڭى تىلىك چېھرىدەك جىلۋىلىك، شادىمان سەرۋىدەك چىرايلىق ۋە بېشى ئېگىز ئىكەن، ھەر سەھەردە خۇددى كىشىلەر قەلبىنى ئوغرىلاپ قاچىدىغان دىلبەرلەر يۈزىدەك نازۇك خۇيلۇق ۋە سۇمەن پەرىلەر رۇخسارىدەك سۇمەن بوي خۇش رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ دېھقاننى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن. دېھقان بولسا ئۇ رەنا گۈللەرگە ئىشقىۋازلىق قىلىپ شۇنداق دەيدىكەن:

گۈل لىۋى ئاستىدا بىلمەسمەن، نىمە دەركىن يەنە،
بىناۋا بۇلبۇلنى ئەپغانۇ ناۋاغا كەلتۈرۈر.

دىخان بىر كۈنى يەنە ئاۋالقى ئادىتى بويىچە گۈل تاما-
شىسىغا كەپتۇ. قارىسا بىر بۇلبۇل سايراپ نالە قىلىپ، يۈزىنى
گۈلنىڭ ياپراقلىرىغا سۈرتۈۋاتقان ئىكەن. تۇمشۇغى بىلەن گۈل-
نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالتۇن رەڭلىك چاڭدىنىنى چوقۇپ چۈشۈرۈ-
ۋاتقان ئىكەن.

بۇلبۇل گۈلگە قاراپ ئۆزىن مەست ئېتەر،
ئىختىيارى تىزگىنى قولدىن كېتەر.

دىخان گۈل ۋاراقلىرىنىڭ چېچىلغىنىغا نەزەر سېلىپ، بى-
تاقەت بولۇپ، ئىزتىراپ قولى بىلەن سەۋرى ياقىسىنى يىرتىپ
چاك قىلىپتۇ، بىقارارلىق تىكىنى ئۇنىڭ كوڭۈل ئىتىگىنى پارە-
پارە قىلىۋېتىپتۇ. ئەتىسى قارىسا يەنە شۇ ھال تەكرارلىنىپتۇ.

گۈل پىراقى شولىسى ياقتى چىراغ،
داغىنىڭ ئۈستىگە قويدى يېڭى داغ.

ئۈچىنچى كۈنى قارىسا، يەنە بۇلبۇلنىڭ تۇمشۇغىنىڭ ھەر-
كىتى بىلەن گۈل توزۇپ تۈگەپ، تىكەنلا قالغان ئىكەن، ئۇ ھالنى
كورۇپ، دىخانىنىڭ كوكسىگە جاپا تىكىنى سانچىلىپتۇ-دە، ھىيلە
توزىقىنى بۇلبۇلنىڭ يولىغا قۇرۇپ، مىكىر دانىلىرىنى چېچىپ قو-
يۇپ، بۇلبۇلنى ئالداپ تۇتۇپ قەپەزگە سولاپتۇ. بىچارە بۇلبۇل
تۇتىدەك تىلغا كېلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئەزىز، مېنى نىمە سەۋەپتىن قەپەزگە گىرىپتار
قىلدىڭ؟ نىمە سەۋەپتىن ماڭا غەزەپ ۋە ئازاپ-ئوقۇبەت قىلى-
سەن؟ ئەگەر مېنىڭ سايرىغانلىقىم ۋە ناۋا چەككەنلىگىم ئۈچۈن
شۇنداق قىلغان بولساڭ، بۇ ئىشىڭ مۇناسىپ ئەمەس. چۈنكى
مېنىڭ ئۇۋام سېنىڭ بوستانىڭ ئىچىدە ئىدىغۇ؟ ھەر سەھەر گۈ-

www.uyghurkitap.com

لىستانىڭنىڭ ئەتراپىنى ياخشى نەغمە سازلىرىم بىلەن بەزىمخانا
قىلىپ بېرەتتىمغۇ؟ ئەگەر ئۇندىن باشقا نەرسىنى ئويلىغان بول-
ساڭ، مېنى خەۋەردار قىلغىن قېنى؟

خەستە جاننى مۇنچىلا ئاغرىتمىساڭچۇ ئەي رەقىپ،
نە بولاتتى ئاشۇ دام ئۈستىگە ياپساڭ ئەي نىقاپ.

— مېنىڭ توغرامدا نىمە ئىشلارنى قىلغانلىقىڭنى بىلمەمسەن
تېخى! — دەپتۇ دىخان، — مېنى نازىنىن يارىمدىن ئايرىۋېتىپ شۇن-
چە ئازار بەردىڭغۇ؟ ئاشۇ قىلغان ئەمەلىڭنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە
سەنمۇ يار ۋە دىيارىڭدىن ئايرىلدىڭ ۋە تاماشا كۆرۈشتىن
مەھرۇم بولۇپ قەپەزدە زار قىلىۋاتىسەن. مەنمۇ ھىجران دەردى-
گە مۇپتىلا بولۇپ، غەم كۈلبىسىدە نالە قىلغان ئىدىمغۇ؟

نالە قىل بۇلبۇل، ماڭا قىلماقچى بولساڭ يارلىق،
ئىككىمىز ئاشىق ئىرۇرمىز ئىشىمىزدۇر زارلىق.

— بۇ گۇنايىمدىن ئۆتكىن، — دەپتۇ بۇلبۇل، — ئويلاپ باقسىنا،
مەن گۈلنى بۇزغان شۇنچىلىك بىر گۇنايىم ئۈچۈن بۇ ئازاپ-
ئوقۇبەتكە گىرىپتار بولدۇم. سەن تېخى كۆڭۈلنى ۋەيران قىلى-
ۋاتىسەن. سېنىڭ ھالىڭ نىچۈك بولار!

چەرخنىڭ ئەۋزايىدىن ئالغىن قىياس،
ئۇ يامان ھەم ياخشىلارغا ھەقشۇناس.
ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق بېرەر،
ھەم يامانلىققا يامانلىق يەتكۈزەر.

بۇ سۆز دىخاننىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلىپ، بۇلبۇلنى قەپەزدىن

چىقىرىپ قويۇپ بېرىپتۇ. بۇلبۇل شۈكرىگە تىل ئېچىپ شۇنداق دەپتۇ:

— سەن ماڭا بۇ ياخشىلىقنى قىلدىڭ. "ياخشىلىق مۇكاپاتى ياخشىلىقتۇر" دېگەن سۆزنىڭ ھوكمى بىلەن، مەن ساڭا قىلغان ياخشى ئەمەلىڭنىڭ ئەجرى سۈپىتىدە ياخشى مۇكاپات بېرىشىم كېرەك. ھەي دېخان، بىلگىنىڭكى، بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئىچىگە لىق ئالتۇن قاچىلانغان بىر ئاپتۇۋا كۆمۈلگەن. سەن ئۇنى ئېلىپ، ئېھتىياجىڭغا سەرپ قىلغىن.

دېخان ئۇ يەرنى كولىسا راست دېگەندەك، ئالتۇنغا لىق تولغان ئاپتۇۋا چىقىپتۇ.

— ھەي بۇلبۇل، يەر ئاستىدىكى ئاپتۇۋىنىغۇ كۆرۈپسەن، لېكىن يەردىكى تۇزاقنى كۆرمىگەنلىگىڭ ئەجەپلىنەرلىكقۇ! — دەپتۇ ھەيران بولغان دېخان.

— "قەدەر يەتسە ھەزەر بۇزۇلىدۇ" دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانمۇسەن؟ قازا بىلەن ئۇرۇشۇش مۇمكىن ئەمەس-دە! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بۇلبۇل، — ئەگەر قازايى ئىلاھى كەلسە كۆزى ئوتكۈرلەرنىڭ كۆزىدە نە روشەنلىك قالسۇن؟ نە ئەقىل ۋە تەدبىر پايدا بەرسۇن؟

قازانىڭ ئىلكىگە سۇنمىغىن پەنجە،
كۈچۈڭ يەتمەس ئارتۇقچە تارتما رەنجە،
پايدا بەرمەس قەدەردىن ھەزەر قىلماق،
لازىم بولغاي قازاغا رىزا بولماق.

بۇ مەسىلنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، مەن قازايى قەدەرنىڭ ئۆلپىتى ئەمەسمەن. شۇڭا تەسلىم بېشىنى ھوكمى ئىلاھىنىڭ خېتىگە ئەگمەي چارەم يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باش ئېگىپ تۇرغان يېرىم ئاستانەيى دەرگاھىدۇر،
ھەر نە كەلسە بۇ بېشىمغا تەڭرىنىڭ دىلخاھىدۇر.

— ھەي شەنزەبە، — دەپتۇ دېمىنە، — مېنىڭ كوڭلۇمگە شەك چۈشكەن يېرى شۇكى، شىر ساڭا ھەرقانداق يامانلىق قىلىشنى خىيال قىلغان بولسا، ئۇ چېقىمچىلارنىڭ سوزلىرى تۇپەيلىدىن ياكى سېنىڭ ئۇنىڭغا بەك يېقىن بولۇپ كەتكەنلىكىڭ ۋە ياكى سېنىڭ ھۇنىرىڭنىڭ بەك كوپ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكى مەن "ئۇ بىۋاپالىق ۋە زالىملىقىدىن ساڭا ئاشۇ قەستنى قىلىۋاتىدۇ" دەپ گۇمان قىلىمەن. چۈنكى ئۇ زالىم، ھەددىدىن ئاشقان جەۋىر قىلغۇچى ۋە مىجەزى ئەسكى ھەمدە ناھايىتى مەككار. گەرچە ئۇنىڭ سوھبىتى دەسلەۋدە ھاياتقا ھالاۋەت بەرسىمۇ، ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ ئاخىرى ئولۇم ئاچچىقىنى يەتكۈزىدۇ. شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنكى، ئۇ سىرتى رەڭگا-رەڭ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، لېكىن ئىچى ھېچقانداق تەرياق پايدا قىلمايدىغان ھالاك قىلغۇچى زەھەر بىلەن تولغان بىر ئىلاندۇر.

باشتىن-ئاخىر ئىشلىرى ئالدامچىلىق ھىلە-مىكىر،
ئۇندا يوقتۇر ياخشىلىق ھەم مۇرۇۋۋەت بىرلە سەبىر.

— ياخشىلىق شارابىنىڭ تەمىنى تېتىغان ئىدىم، — دەپتۇ شەنزەبە، — زۇلۇم نەشتىرىنىڭ ۋاقتى كەپتۇ. غەم ۋە مېھنەت چېغى كېلىپ، خوشاللىق ۋە راھەت سائىتى كېتىپتۇ.

ئەي كوڭۇل شىرىن شىكەر ۋەسلىنى تاپتىڭ نەچچە كۈن،
ئەمدى بىچارە بولۇپ ئىچمەكچىسەن زەھرى پىراق.

ئەمدى مەلۇم بولدىكى، ئەجەل ياقامنى تۇتۇپ مېنى بۇ تەرەپكە ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. بولمىسا مەن ئەسلىدە شىرىنىڭ خىزمىتىگە لايىق ئەمەس ئىدىم! مەن ئۇنىڭغا ئوزۇق بولىدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ قېشىغا مىڭ كەمەن بىلەن تارتسىمۇ بارماسلىغىم كېرەك ئىكەن ۋە ئۇ تەرەپتە يۈزمىڭ ھىيلەر بىلەن تۇزاق قۇرسىمۇ ئىلىنماسلىغىم كېرەك ئىكەن.

مەن نىمىشقا شۇ نىگار ۋەسلىنى قىلدىمكىن ھەۋەس،
تا يىراقتىن قەددىنى كورسەم بولاتتى ماڭا بەس.

ئەمما، ئەي دىمنە، تەقدىر ئىلاھى ۋە سېنىڭ سوزلىرىڭ مېنى مۇشۇ ھالاكەتكە يەتكۈزدى. ھالا بۈگۈنلۈكتە تەدبىر قولى بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلماققا قىسقا بولۇپ قالدى. ئۆزەمنىڭ غاپىللىغىمدىن مۇھىم ئىشلىرىم كوڭلۈمنىڭ خاھىشىدەك بولمىغىنىدىن ۋە خام تامالىغىمدىن شۇنداق بىر ئوتنى ئۆزەمگە تۇتاشتۇرۇپتىمەنكى، غەم ئوتى ۋۇجۇدۇمنى ئورتىمەكتە، مالاللىق تۈتۈنى دىمىغىمنى پەرىشان قىلماقتا. بۇ ئىشنى مەن ئۆزەمگە ئۆزەم قىلدىم. ئۆزى قىلغان ئىشقا چارە يوق. بۇزرۇكلار "ھەر كىم دۇنيالىقتىن ئازغا قانائەت قىلمىسا ۋە كوپنى ئىزلىسە، ئۇ كىشى خۇددى ئالماس تېغىغا بېرىپ بىر كىچىك ئالماس پارچىسىنى ئالغىچە، تېخىمۇ چوڭراق بىر پارچىغا كوزى چۈشۈپ، ئۇنى ئالغىچە ئۇنىڭدىن چوڭراق بىرنى كورۇپ، ئۇنى قويۇپ بۇنىڭغا ئوتۇپ، مانا شۇ تەرىقە بىلەن مەقسىدى قولىغا كەلسىمۇ ئۇنىڭغا يېتىپ بولغىچە، ئالماسنىڭ پارچىلىرى پۇتىنى پۈتۈنلەي جاراھەت قىلىۋەتكەنلىگى ئۈچۈن ئەسلى مەنزىلىگە قايتىپ كېتەلمەيدۇ، شۇ يەردە قېپ-قېلىپ، ئىت ۋە قۇشلارغا يەم بولغان كىشىگە ئوخشايدۇ" دەپ ئېيتىشقان ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەر زىيادە ئىستىسەڭ جەزمەن كۆرەرسەن كۆپ زىيان،
پايدا كۆرگەيمەن دىسەڭ ئازغا قانائەت ئەيلىگىن.

— بۇ سوزنى ناھايىتى توغرا دىدىڭ، — دەپتۇ دېمىنە، — كىشىگە ھەرقانداق بالا يەتسە ھىرىس ۋە تاما سەۋەبىدىن يېتىدۇ.

بولغۇسىدۇر جانغا ئاپەت، شۇ تامانى تاشلا سەن،
قىلغۇسىدۇر ئۇ كىشىنى خارۇ زار باشى تۈۋەن.
باغلىنىپ قالسا ئەگەر بويىنۇڭغا ھىرىس زەنجىرى،
شۇ زامان كەسكىن ئۇنى تىغى قانائەت بىرلە سەن.

ئەگەر قانائەت تىغى بىلەن ھىرىس زەنجىرىنى ئۈزمىسەڭ، ئاقىۋەت نادامەت تىغى بىلەن بېشىڭ كېسىلىدۇ ۋە ئاخىرى خارلىق تۈپرىخىدا قالىسەن. ھەرقانداق باشتا ئەگەر تاما سەۋداسى بولسا ئاخىرى خارلىق ۋە بىئېتىۋارلىق دەرىجىسىگە چۈشىدۇ. كۆپ كىشىلەر ھىرىس بىلەن دولەت ئۈمىدىدە پالاكەتكە قالغان ۋە مەنپەئەتنى تىلەپ خارلىقنى تاپقان. ئۈۋچىمۇ تۈلكىنى تۇتماق تاماسىنى قىلغان ئىكەن. لېكىن يولۋاسنىڭ ئالقىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۇتۇن چىقارغان ئىكەن.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ شەنزەبە.

— بىر كۈنى بىر ئۈۋچى، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ دېمىنە.

## ئۈۋچى بىلەن تۈلكە ۋە يولۋاسنىڭ ھېكايىسى

بىر كۈنى بىر ئۈۋچى سەھرادا يۈرۈپ، ھەر تەرەپكە ئويناقشىپ جىلۋە قىلىپ كېلىۋاتقان بىر تۈلكىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

ئۈۋچىغا تۈلكىنىڭ تېرىسى ناھايىتى ياخشى كورۇنۇپ كېتىپتۇ-دە، ئۇنى ھىلە بىلەن تۇتۇپ، تېرىسىنى تازا يۇقۇرى باھادا سېتىش ئاماسىنى قىلىپ، تۈلكىنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. قاراپ تۇرسا تۈلكە بىر توشۇككە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۈۋچى توشۇكنىڭ ئاغزىغا بېرىپ، بىر ئورا كولاپ، ئۇستىنى خەس-خەشەكلەر بىلەن يېپىپ، ئۇستىگە بىر پارچە تاپ قويۇپ، ئۆزى دالدىغا كىرىپ مارىلاپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا تۈلكە توشۇكتىن چىقىپتۇ ۋە ھىلىقى گوشنىڭ ھىدىنى ئېلىپ ئورا بېشىغا كېلىپ: "گەرچە بۇ گوش دىمىغىمنى خۇشپۇراق قىلغان بولسىمۇ، بۇ گوشتىن يەنە بالا ھىدى كېلىۋاتىدۇ. ئاقىللار خەتەرگە ئۈچراش ئېھتىمالى بولغان ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك. بۇ يەردە بىرەر جانىۋار ئولۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئاستىدا تۇزاق قۇرۇپ قويۇلغان بولۇشىمۇ ئېھتىمال، ھەر ھالدا ھەزەر قىلغىنىم ئەلا" دەپ ئويلاپتۇ.

ئىككى ئىشنىڭ ياخشى-يامانلىغى،
ئىلغىيالماي تاكى ئەقلىڭ بولسا لال.
باشلىمايلا تاشلىغىن ئۇ ئىشىڭنى،
ئۇندا بار بولسا خەتەرگە ئېھتىمال.
ھەر ئىشىڭىم بولسا بىخەۋپۇخەتەر،
بار ئۇنىڭ مەشغۇلىدا بول بىمالال.

تۈلكە شۇ خىيال بىلەن ئۇ تاپنىڭ مېھرىدىن كېچىپتۇ-دە، سالامەتلىك يولىنى تۇتۇپتۇ. بۇ ئەسنادا بىر ئاچ يولۋاس تاغ ئۇستىدىن چۈشكەن ئىكەن. يولۋاس ئۇ تاپنىڭ ھىدىنى ئېلىپ، ئورا بېشىغا كەپتۇ ۋە تاپنى ئالماقچى بولۇپ، ئورىغا يىقىلىپتۇ. ئۈۋچى ئۇنىڭ ئورىغا چۈشكەن شەپىسىنى ئاڭلاپ: "تۈلكە ئوخشايدۇ" دەپ كەلگەنچە كېلىپ ئورىغا سەكرەپ چۈشۈپتۇ. يولۋاس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاپتىن قىزغىنىپ ئۇۋچىنىڭ قارنىنى پارە-پارە قىلىۋېتىپتۇ. ئۇۋ-
چى ھېرىسىنىڭ شۇملۇغىدىن ئۆزىنى ئەجەل دامىغا ساپتۇ. تۈلكە
بولسا قانائەتنىڭ بەرىكىتىدىن ۋۇجۇدىنى نىجات قىرغىغا ئاپتۇ.

— بۇ مىسالنى كەلتۈرمەكنىڭ پايدىسى شۇكى، تاما قىلماق ۋە كۆپنى ئىستىمەكنىڭ ئاپىتى ئازاتنى مەھبۇس، مەھبۇسنى ھالاك قىلىدۇ،— دەپ ھىكايىنى تۈگىتىپتۇ دىمىنە.

— ۋاي دەرىخ! دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ شەنزەبە،— مەن شىرنىڭ خىزمىتىنى ئۆزەمنىڭ نادانلىقىمدىن ئىختىيار قىلغان ئىكەنمەن، ئۇنىڭ خىزمەت قەدرىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئۇقمىغان ئىكەنمەن. "قەدىر بىلمەس كىشى بىلەن سوھبەت تۈزمەك ۋە خىزمەت قىممىتىنى بىلمەس كىشى قېشىدا خىزمەت قىلماق خۇددى ھوسۇل ئېلىشنى تاما قىلىپ شور يەرگە ئۇرۇق چاچقانغا ياكى ئانىدىن تۇغما گاسنىڭ قۇلىقىغا سوزلىگەنگە ياكى قارغۇدىن كىشىنىڭ ھوسنى جامالىنى تەرىپلەشكە سوز تەلەپ قىلغانغا ۋە ياكى سۇنىڭ يۈزىگە خەت يازغانغا، ياكى ھامام ئىشىگىگە ئېسىپ قويۇلغان سۈرەتنى تۇغدۇراي دەپ جۈپلەشمەكچى بولغانغا ۋە ياكى ئىتتىك كوتىرىلگەن قۇيۇندىن يامغۇر تامچىلىرىنى كوزلىگەنگە ئوخشاش بىر ئىشتۇر" دىگەن گەپ بار ئىدى.

شاھتىن ۋاپا تىلىمەك مۇشۇنداق بىر ئىشتۇركى،
مىۋە بېرەلمىگەندەك سەرۋى ئالدىغا بارساڭ.
سوگەت بەرمەس ھېچقاچان شىرىن شېكەر مېۋىنى،
گەرچە جەننەت سۈيىدە مىڭ يىل ئۇنى سۇغارساڭ.

— بۇ سوزلەرنى قويۇپ، ئوز ئىشىڭنىڭ تەدبىرىنى قىلغىنا،— دەپتۇ دىمىنە ئۇنىڭغا.

— نىمە چارە قىلاي، قانداق ھىلە بىلەن ئالدىنى ئالاي،— دەپتۇ شەنزەبە،— مەن شىرنىڭ خۇي-پەيلىنى بىلىدىم. مېنىڭ پارا-

سىتىم شۇنىڭغا ھوكۇم قىلىدۇكى، شىر مېنىڭ توغرامدا ياخشىلىق-
تىن ئۆزگە ئىش قىلماس، ئەمما ئۇنىڭ يېقىنلىرى مېنى ئۆلتۈ-
رۈشكە ھەركەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا تىرىك-
لىكىم تارازىسىنىڭ تېشى يوقىلىش تەرىپىگە بەكرەك بېسىپ
كېتىدۇ. چۈنكى بىرنەچچە زالىم مەككار جەم بولۇشۇپ، بىر
بىرىگە قول بەرسە ۋە بىرلىكتە بىراۋغا قەست قىلسا، ھەرقان-
داق ھالدا ئۇنى يىقىتالايدۇ. بورە قاغا ۋە چىلبورە ئىتتىپاقلى-
شىپ توگىگە قەست قىلىپ، نەتىجىدە غالىپ بولۇپ، مۇرات-
مەقسىدىگە يەتكەن ئەمەسمۇ؟

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دىمىنە.

— بىر قارا كوز قاغا، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ شەنزەبە.

## توگە بىلەن قاغا ۋە بورە ھەم چىلبورىنىڭ ھېكايىسى

بىر قارا كوز قاغا، بىر تېز چاڭگال بورە ۋە بىر ھىلىگەر چىلبورە بىر شىرنىڭ خىزمىتىدە ئىكەن. ئۇلار تۇرغان تاغ بىر چوڭ يولغا يېقىن ئىكەن. يولدىن ئۆتكەن سودىگەرلەرنىڭ بىر توگىسى ھېرىپ چولدە قېپقالغان ئىكەن. توگە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ماغدۇرىغا كېلىپ ئوتلاق ئىزلەپ ھەر تەرەپلەرگە مېڭىپ، ھېلىقى تاغ تەرەپكە بېرىپ قاپتۇ-دە، شىرغا يېقىن كېلىپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭغا خىزمەت قىلماسلىققا چارە تاپالماپتۇ. شىرمۇ ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ، ئەھۋالنى سوراپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇرماقچى ياكى كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.

— ئىلگىرى ھەر بىر ئىشىمدا ئىختىيارىم بار ئىدى،
سىزنى كوردۇم كەتتى قولدىن ئىختىيارىم تىزگىنى.

سىلە ھەرقانداق پەرمان قىلسىلا بەندىلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن قىلىدىلا، مەن قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغان-

www.uyghurkitap.com

لىغىنى مەندىن ياخشىراق بىلىدىلا، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ توگە.

— ئەگەر رىغبەت قىلساڭ مېنىڭ سوھبىتىمدە ئەمىن بولغىن، — دەپتۇ شىر.

— توگە خوشال بولۇپ ئۇ تاغدا يۈرۈۋېرىپتۇ ۋە بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ناھايىتى بەك سەمرىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى شىر شىكارغا بېرىپ بىر مەس پىلغا ئۇچراپ قاپتۇ-دە، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قاتتىق ۋە چوڭ ئۇرۇش پەيدا بولۇپ، شىر خېلى قاتتىق زەخىملىنىپ تاقىقا قايتىپ كەپتۇ ۋە نالە قىلىپ بىر بۇلۇڭدا يېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن قالغان تاپنى يەپ كۈن كەچۈرىدىغان ھىلقى بۆرە، چىلبۆرە ۋە قاغىلار ئاچ قېلىشىپتۇ. شىر ئەزەلدىنلا سېخى ۋە مەرھەمەتلىك بولغانلىغىدىن خىزمەتكارلىرىغا رەھىم قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاچ قالغانلىغىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ رەھمى كېلىپ ۋە تەسىرلىنىپ:

— سىلەرنىڭ رەنجىگەنلىرىڭنى كۆرۈش ماڭا ئۆز رەنجىمدىنمۇ قاتتىقراق. ئەگەر بۇ يېقىن ئەتراپتا ئوۋ قىلغۇدەك بىرەر نەرسە كۆرسەڭلار ماڭا خەۋەر قىلىڭلار. مەن مۇشۇ ھالدا بولساممۇ بېرىپ ئوۋ قىلىپ سىلەرنى تەڭلىكتىن چىقىراي، — دەپتۇ.

ئۇلار شىرنىڭ قېشىدىن چىقىپ بىر بۇلۇڭغا بېرىپ مەسلىھەت قىلىشىپتۇ ۋە: "توگىنىڭ بۇ تاغدا تۇرۇشىدىن بىزگە نىمە پايدا، ئۇنىڭ پادىشاغا نىمە مەنپەئەتى بار ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭغا نىمە ئۈلپەتچىلىگىمىز بار؟ شىرنى تەرغىپ قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگۈزسەك، ئىككى-ئۈچ كۈنلۈك تىرىكچىلىگى شۇنىڭ بىلەن ئۆتىدۇ. بىزگىمۇ نەپ تېگىدۇ تېخى" دېيىشىپتۇ.

— بۇ گەپنى قىلماڭلار، — دەپتۇ چىلبۆرە، — شىر ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىپ خىزمىتىگە كەلتۈردى. ھەركىم پادىشانى ئالدامچىلىق قىلىپ ۋەدىسىدىن قايتىشقا تەرغىپ قىلسا، ئۇ خىيانەتچى بولىدۇ. خىيانەتكار ھەر قاچان مەردۇت① بولىدۇ. ئۇنىڭدىن خەلق

① مەردۇت — دەرگاھتىن قوغلانغان كىشى مەنىسىدە.

بىزار بولدۇ.

ۋەدىسىگە قىلسا ھەركىم خىيانەت،
ئۇندىن نېرى كېتەر دىنۇ دىيانەت.

— بۇ توغرىدا ھىلە ئىشلەتمەك كېرەك، — دەپتۇ قاغا، — شىرنى مۇشۇ ۋەدىسىدىن ياندۇرساقلا بولدۇ. سىلەر توختاڭلار. مەن بىر بېرىپ كېلەي.

شۇ گەپ بىلەن قاغا شىرنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئۇنى كورگەن شىر:

— بىرەرسىڭلار ئۇۋلىغۇدەك بىر نەرسە تاپتىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي پادىشا! ئاچلىقتىن ھىچقايسىمىزنىڭ كوزى كارغا كەلمىدى. ھەركەتكىمۇ قۇۋۋىتىمىز قالماپتۇ. ئەمما بىر مەسلىھەتىمىز بار. ئەگەر ئوزلىرى ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلسىلا ھەممە پاراۋان نازۇ نېمەت ھاسىل بولغۇسىدۇر، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قاغا.

— ئېيتىقىن، قېنى مەن ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ شىر.

— بۇ توگە بىزنىڭ ئارىمىزدا يات نەرسە ئىكەن، — دەپتۇ قاغا، — ئۇنىڭ سوھبىتىدىن بىزگە ھىچقانداق نەپ يوقمايدۇ. ئۇ بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشكەن شىكار ۋە توزىغىمىزغا ئىلىنغان ئوۋ جانۋارى.

بۇ سوزنى ئاڭلىغان شىر غەزەپلىنىپتۇ:

— بۇ زاماننىڭ دوستلىرىنىڭ باشلىرىغا توپىراق ياغسۇن ئىلاھىم، ئىككى يۈزلىمىلىكتىن باشقا ئادىتى يوق ئىكەن. بۇلار مۇرۇۋۋەت مەرتلىك يولىنى تاشلاپتۇ جۇمۇ!

بۇ زامانە ئەھلىنىڭ ۋاپا ئەمەس ئىشلىرى،
ۋاپا قىلاي دەيدۇيۇ جاپادۇر قىلمىشلىرى.

www.uyghurkitap.com

ۋەدىسىنى سۇندۇرماق قايسى مەزھەپتە جايىز بولىدىكەن؟ ئامان بەرگەنگە قەست قىلماق قايسى مىللەتتە راۋا بولىدىكەن؟

ئۆزەڭ ئۇستۇرگەن شاخنى سۇندۇرما،
ئۆزەڭ سۇنغاندەك بولغۇسىدۇر ئۇ.

— بۇ سوزلەرنىڭ بىلىمەن، — دەپتۇ قاغا، — ئەمما ھوكۇمالار "بىر كىشىنى بىر ئۆي ئەھلىگە پىدا قىلسا بولىدۇ. بىر ئۆي ئەھلىنى بىر قەبىلىگە، بىر قەبىلىنى بىر شەھەرگە، بىر شەھەرنى بولسا پادىشاغا پەدا قىلسا بولىدۇ. چۈنكى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خەتەرلىكىكە چۈشۈشى پۈتۈن بىر ئىقلىمغا پايدا يەتكۈزىدۇ" دەپ ئېيتىشقان؛ ئىككىنچىدىن، ۋەدە قىلغۇچى ئالدامچىلىق قىلمىغان ھالەتتە تۇرۇپ، پۈتۈن بىر جامائەنى ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بانا ئىزلىسە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

شىر بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ. قاغا قايتىپ بېرىپ يارانلىرىغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەقسەتنى شىرغا ئېيتقان ئىدىم. ئۇ ئىلگىرى بويۇن تاۋلىدى، كېيىن رام بولدى. ئەمدى تەدبىر شۇكى، ھەممەيلەن بىرلىكتە توگىنىڭ قېشىغا بارايلى ۋە شىرغا ئاچلىق رەنجى يەتكەنلىگىنى ئېيتايلى ۋە: "بىز ھەممىمىز پادىشانىڭ دولىتىنىڭ پاناھىدا كۈن كەچۈرىمىز، بۇگۈنكى كۈنلۈكتە پادىشا بۇ ھادىسىگە ئۇچراپتۇ. مۇرۇۋۋەت شۇنى تەقەززا قىلىدۇكى، جېنىمىزنى ئۇنىڭغا پىدا قىلايلى. بولمىسا كۇپرانى نېمەتلىك قىلغان دېگەن بەتنامغا قالىمىز. ئۇ ھالدا بىزدە مەرتلىك ۋە مۇرۇۋۋەت دېگەن سۇپەت قالمىغان بولىدۇ. شۇڭا ھەممىمىز بىللە شىرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇغى ۋە ئىنئامىنىڭ شۇكرىسىنى ئېيتايلى ۋە بىزنىڭ قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىكەن، ئەمما ئۆزىمىزنى ساڭا پىدا قىلدۇق دەپ جېنىمىزنى بولەك-بولەك ھالدا شىرغا

تۇتايلى، دەيلى. بارغاندىن كېيىن شىر قايسىمىزنى يىمەكچى بولسا، بىز ئۇزىمىزنى مۇداپىئە قىلىش ئۇچۇن بىردىن گەپ قىلالايلى. مۇشۇ تەرىقىدە ئىش قىلساق، ئۇلۇم تۇگىگە قارار تاپىدۇ.

ئۇلار مۇشۇ مەسلىھەت بىلەن تۇگىنىڭ ئالدىغا كېلىشىپتۇ ۋە ھىلىنى ئۇنىڭغا ئۇگىتىشىپتۇ. تۇگە بولسا ساددىلىقتىن ئۇلارنىڭ ئەپسۇنلىرىغا ئالدىنىپ، ئۇلار بىلەن بىللە شىرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. شۇكرى ماختاش سوزلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن قاغا تىل ئىچىپ شۇنداق دەپتۇ:

— شاھا! جاھانغا بولغىن ھوكۇمران،
ئىشرەت بەزمىدە بولغىن شادمان.

بىزنىڭ راھىتىمىز جاناپلىرىنىڭ سوھبىتىگە باغلىق. ھازىر بىر زورۇرەت تۇغرا كېلىپ قالدى. مىنىڭ گوشۇمدىن ئىشتىھالىرى قانائەت قىلىدىغان بولسىلا، مىنى ئولتۇرۇپ ناشتىلىق قىلغايلا.

— سىنى يىمەكتىن نىمە پايدا؟ گوشۇڭ قانچىلىك بىر ئىشتىھانى پەس قىلالىسۇن، سەن قانچىلىك بىر نىمە ئىدىڭ؟ — دىيىشىپتۇ باشقىلىرى، قاغا بۇ سوزنى ئاڭلاپ بېشىنى توۋەن سالىپتۇ. شۇندا چىلبورە سوز باشلاپتۇ:

— شاھىم، ئەجەل ئەلچىسى كەلسە ھەردەم،
جەڭسىز ئالۇرتەن ئىچىدىن جان خېتىنى.

كوپ مۇددەتتىن بىرى دولەتلىرىنىڭ سايىسىدە ئاپتاپنىڭ تابىدىن ئەمىن بولۇپ، ھايات كەچۇردۇق. بۇگۇنكى كۇنلۇكتە ئۇلۇغ زاتلىرى ئاچلىق خەۋپىگە مۇپتىلا بولدىلا. مەن ئىقبال يۇلتۇزى مىنىڭ ئەھۋالىم بىتىدىن چاقناپ، پادىشاھىمىزنىڭ مىنى ئوزۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ، چۈشلۈكنىڭ ئەندىشىدىن پارىغ بولۇشىنى خالايتتىم.
ــ دىگەنلىرىڭ ھەققىڭنى ئادا قىلىش ۋە تەرەپتارلىق يۈزىدىن ئېيتىلىۋاتقان بولسىمۇ، سېنىڭ گوشۇڭ بەدبۇي ۋە زىيانلىق، مۇبادا پادىشانىڭ كېسىلى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ قالسا، قانداق قىلىمىز؟ ــ دىيىشىپتۇ باشقىلىرى.
بۇنى ئاڭلىغان چىلبۆرە خامۇش بولۇپتۇ. بورە ئالدىغا كېلىپ سوزگە تىل ئېچىپتۇ:

ــ پادىشاھىم ھەمىشە خۇدا ساڭا يار بولسۇن،
دۈشمەنلىرىڭ جەڭ ئارا ئالدىڭدا شىكار بولسۇن.
مەنمۇ شۇدەم ئۆزەمنى بېغىشلىدىم، ئاچلىقتا،
يىسەڭ ئەگەر بىر پەسلىك خۇمارىڭغا كار بولسۇن.

مەنمۇ مېنىڭ ئەزالىرىمغا چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئوروۇن بەرسىلە ئىدى دىگەن ئارزۇدىمەن.
ــ بۇ سوزۇڭدىن ئىخلاسىڭ چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما سېنىڭ گوشۇڭ بوغۇز ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ. زەرەر جەھەتتىن ئالغاندا زەھەردىن قېلىشمايدۇ، ــ دىيىشىپتۇ باشقىلىرى.
بورە ئارقىسىغا قايتىپتۇ. ئاخىرىدا ھىلىقى ئۆزۈن بويۇن "ئىگىز كىشى ئەخمەق بولىدۇ" دىگەن سوزنىڭ ھوكمى بىلەن سوزگە كىرىپتۇ ۋە ئۆزۈن ئەخمەق بوينىنى ئۈزىتىپ دۇئا ۋە ماختاشتىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:

ــ ئۇلۇغ شاھىم، ئېچىپتۇ پەلەك شۇدەم،
بوسۇغاڭدا زەپەر ـ نۇسرەت ئىشىگىنى.

مەن بولسام ھەزرەتلىرىنىڭ دولىتىدە تەربىيە تاپقانىمەن. ئەگەر دەرگاھلىرىنىڭ قازىنى ۋە داستىخىنىغا لايىق بولىدىغان

بولسام، جېنىمنى ھەرگىز ئايىمىغان بولاتتىم.

ئايىماسمەن بىر جېنىمنى بېشىڭدىن،
جانغا ئىش كەلسە كېچەرمەن بېشىمدىن.

باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئىنتىپاقلىشىۋالغان بولغاچقا:
— بۇ سوزۇڭدىن ئىخلاسىڭىنىڭ ساپلىقى ۋە ئەقىدەڭنىڭ راستلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. دىمىسىمۇ سىنىڭ گوشۇڭ مېزىلىك ۋە پادىشانىڭ مىجەزىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھىممىتىڭگە رەھمەت. ئۇزەڭنى ئاتىدارچىلىق قىلغان خوجاڭدىن ئايىمىدىڭ. بۇ ئىش بىلەن ياخشى ئىپتىڭنى ھايات سەھىپىلىرىدە يادىكار قىلىدىغان بولدۇڭ.

بۇ جاھاندا كىشىگە پۇل بەرگۇچىلەر بىھساپ،
جان ساخاۋەت قىلغۇچىنى تاپقىلى بولماس لىكىن.

دىيىشىپ ھەممىسى بىرلىكتە توگىگە قەست قىلىپتۇ. ئۇ بىچارە ھېچ دەم چىقىرالماپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرىنى پارە - پارە قىلىپ، ھەتتا ئالتىگىچە قويىماي ئۇزۇپ يەپتۇ. بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۇچۇن كەلتۇردۇمكى، غەرەزلىك كىشىلەر ئىتتىپاقلىشىپ ھەركەت قىلىشسا، بىر تەسىر يەتكۇزمەي قالمايدۇ.
— ئەمدى قانداق چارە قىلماقنى ئويلاۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ دىمنە.
— ئەندىشە قىلىۋېرىشنىڭ پايدىسى يوق، — دەپتۇ شەنزەبە، — ئەمما ئۇرۇشماقتىن باشقا چارە يوقتەك تۇرىدۇ. ھەر كىم مال - مۇلكىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۇچۇن ياكى نەپسىنىڭ ھىممىتى ئۇچۇن ئوزىنى ھالاكەتكە يەتكۇزسە شىھىتلارغا قوشۇلىدۇ. شىھىتلارنىڭ ئەجرى ۋە مەرتىۋىسى لەۋھەگە يېزىلىدۇ. ئەگەر ئەجىلىم شىرنىڭ

www.uyghurkitap.com

قولدا بولىدىغان بولسا نومۇسۇمنى ساقلاپ، ھىممەت ۋە غەيرەت بىلەن ئۆلۈشنى خالايمەن.

بېشىمنى بېرەي ئات كۆتەرمەك ئۈچۈن،
نام كېرەك ماڭا شۇدەم ئۆلمەك ئۈچۈن.

— ئەقىللىق كىشىلەر ئۇرۇش ۋاقتىدا سۇسلۇق ۋە بوشاڭلىق قىلماسلىقى كېرەك، — دەپ نەسىھەتگويلۇق قىلىپتۇ دىمنە، — ئۇرۇش قىلغان چاغدا ھەرگىزمۇ دۈشمەنگە ئەل بولماسلىقى كېرەك. چوڭ ئىشلارغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئارىلىشىش زېرەكلىكنىڭ ئالامىتى ئەمەس، بەلكى دوستلارنى ياخشىلىق ۋە مادارا ئارقىلىق ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دۈشمەن ئىشىنى سەرەنجام قىلىش كېرەك. "دۈشمەندىن مۇداپىئە كورۇشتە مۇلايىملىق ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئەلادۇر" دېگەن گەپ بار. يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەننى خار كورۇپ ئۇنى ئاجىز دەپ قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى دۈشمەن كۈچتىن قالغان ھالەتتىمۇ ھىلە-مىكىر ئوتىنى يېقىشىڭ كېرەك. سەن شىرنىڭ زورلۇقىنى بىلىسەن، شۇڭا ئۇنىڭ دۈشمەنلىكىنى ھىساپقا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۇرۇش ۋە ھىلە-مىكىرلىرىدىن غەپلەتتە قالما، ھەر كىم ئۆز دۈشمىنىنى خار كورسە ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇش ھەم ھىلە-مىكىرلىرىدىن ئەندىشە قىلمىسا، خۇددى تەيتۇرنى خار كورگەنلىكى سەۋەبىدىن دەريا ۋەكىلى پۇشايمان قىلغىنىدەك ھادىسىگە ئۇچرايدۇ.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ شەنزەبە.

— ھىندى دەرياسىنىڭ لېۋىدە، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ دىمنە.

# بىر جۈپ تەيتۈرى بىلەن دەريا ۋەكىلىنىڭ ھېكايىسى

ھىندى دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا تەيتۈرى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇشلار ياشايدىكەن. بىر جۈپ تەيتۈرى دەريانىڭ لېۋىدىلا ماكان تۇتقان ئىكەن. بىر كۈنى:

— تۇخۇم قويۇشقا مۇۋاپىق كەلگۈدەك باشقا بىر جاي تاپساق بولاتتى، — دەپتۇ چىشىسى ئەركىكىگە.

— بۇ جاي تازا كۆڭۈلدىكىدەك جايغۇ؟ بۇ يەردىن كۆچۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؛ مەشەگىلا تۇخۇم قويىۋەرسەكمۇ بولىدىغۇ، — دەپتۇ ئەركىكى.

— شۇنى ئويلاش كېرەككى، — دەپتۇ چىشىسى، — ئەگەر دەريا تېشىپ، دولقۇن ئۇرسا، باللىرىمىزنى ئېقىتىپ كېتىدۇ، تارتقان ئەجرىمىز زايا كېتىدۇ.

— مەن دەريا ۋەكىلى ئۇنداق ئىشنى قىلماس ۋە بىزنى تاشلىۋەتمەس دەپ ئويلايمەن، — دەپتۇ ئەركىكى، — ئەگەر ئۇ راستىنلا شۇنداق قىلىدىغان بولسا ۋە باللىرىمىزنى غەرق قىلىۋەتسە بىز ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالىمىز.

گەر مۇرادىم ئەكسىگە، چەرخ يۈرسە بۇزغايمەن ئۇنى،
مەن ئەمەس چەرخنىڭ زۇلۇم تارتىپ يەنە جىم تۇرغۇچى.

— ھەددىمىزدىن ئاشمىساق بولامدىكىن، — دەپتۇ چىشىسى، — ھەددىڭدىن زىيادە ئۇرۇش ئەقىلغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. سەن قايسى كۈچ - قۇۋۋىتىڭ بىلەن دەريا ۋەكىلىنى قورقۇتالايسەن ۋە قايسى شان - شەۋكىتىڭ بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلالايسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنداق خىيالنى تاشلا! مىنىڭ نەسھەتىمدىن بويۇن تولغىماي، تۇ-خۇم بىسىنىش ئۈچۈن لايىقراق بىرەر جاي تاپساڭچۇ! ھەر كىم نەسھەت ئاڭلىمىسا ياكى نەسھەتكە ئەمەل قىلمىسا، ئۇنىڭغا خۇددى تاشپاقىغا يەتكەندەك ھادىسە يېتىپ قالىدۇ.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئەركەك تەيتۇرى.

چىشىسى سوزلەپ بېرىپتۇ.

## تاشپاقا بىلەن ئۆدەكلەرنىڭ ھېكايىسى

بىر جايدا بىر كول بار بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈ-گىدىن يۈزى خۇددى ئەينەكتەك كورۇنىدىكەن، تاتلىقلىقى خۇددى ئابى ھاياتتەك ئىكەن. ئۇ يەردە ئىككى ئۆدەك ۋە بىر تاشپاقا بىللە ياشايدىكەن. دائىم بىر بىرىگە ھەمسوھبەت بولىدىكەن. بارا-بارا ئۇلارنىڭ ھەمسايىلىكلىرى ھەمخانىلىككە تەرەققىي قىلىپ، خوشال - خوراملىق بىلەن ئومۇر كەچۈرۈپتۇ.

ياخشىدۇر شۇنداق ئومۇر يار - ئاشنا بىرلە ئوتەر،
ياخشىدۇر شۇدەمكى يار مېھرىۋان بىرلە ئوتەر.

تاسادىپەن ئىككى يۈزلىمە ھايات ھادىسە تىرنىقى بىلەن ئۇ-لارنىڭ ئەھۋالى يۈزىنى تاتىلاپتۇ ۋە ئەينەككە ئوخشاش تەقدىر ئۇلارغا ئايرىلىش سۈرىتىنى كورسىتىپتۇ.

دىلغا راھەتتۇر گۈزەللەرنىڭ ۋىسالى شەرۋىتى،
ئارقىدىن لېكىن ئۇنىڭ ھىجران خۇمارى يەتكۈسى.
يىسە گەر بۇ داستىخاندىن ھەركىشى بىرلوقما نان،
ناگاھان بىرتاش تېگىپ ئۇنىڭ چىشىنى سۇندۇرغۇسى.

يەنى ئۇلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىگە سەۋەپ بولىدىغان ئۇ سۇ باـ را ـ بارا ئازىيىپ، ئۇلارغا قىيىنچىلىق يۈز بېرىپتۇ. ئۇ ئىككى ئۆدەك ئەھۋالنى پەملەپ ۋەتەندىن كۆڭۈل ئۈزۈپتۇ.

سەپەر ياخشى شۇ كىشىگە، گەر ئۆيدە،
غەم ـ ئەندىشە بىلەن بولسا كۆڭلى سۇنۇق.
بولسىمۇ گەر سەپەر رەنجى شۇنچە يامان،
ۋەتىنىنىڭ جاپاسىدۇر ئۇندىن ئۇلۇق.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆڭلى غەمكىن بولۇپ، كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ، تاشپاقىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ:

ـــ زامانىنىڭ يامان كۆزى تېگىپ، بىزگە بۇ جۇدالىقنى سالـ دى، ـــ دەپ ھال ئوقۇپتۇ.

تاشپاقا بۇنى ئاڭلاپ نالە قىپتۇ ۋە دەرت بىلەن پەريات چېكىپ شۇنداق دەپتۇ:

ـــ بۇ نىمە دىگەن گەپ؟ سىزلەرسىز ماڭا تىرىكچىلىك بولامدۇ؟ ياردەمسىز ۋە ھەمدەمسىز مەن قانداق ھايات كەچۈرىمەن؟

سەنسىز ماڭا تىرىكلىك بولۇر ھارام،
گەر ئۇنىڭغا ھايات دەپ قويسىمۇ نام.

مېنىڭ پىراققا قىلچە تاقىتىم يوق تۇرسا، تىرىكچىلىكىم نىمە بولۇپ كېتەر؟

كۆزۈمدىن تېخى ئۇ سەرۋى راۋان بولماي تۇرۇپ غايىپ،
كۆڭۈل ھىجرانىنىڭ تەسۋىرىدىن تال بەرگىدەك تىترەر.

www.uyghurkitap.com

— پىراق تىكىنى بىزنىڭمۇ جىگەرلىرىمىزنى تەشمەكنى قەستلەۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئودەكلەر ۋاقىرىشىپ، — ئەمما سۇسىزلىقنىڭ مىھنىتى ۋۇجۇدىمىزنى يوقلۇق شامىلىغا سورۇۋۇپتىشىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. شۇڭا ئىلاجىسىزلىقتىن بۇ يەردىن كەتمەكچى بولۇۋاتىمىز.

باش ئېلىپ ئاشىق كېتەلمەس دىلبىرى كوچىسىدىن،
ھىچكىشى جەننەتنى تەرك ئەتمەكنى قىلماس ئىختىيار.

— ھەي دوستلىرىم، سىلەر بىلمەمسىلەر؟ — دەپتۇ تاشپاقا، — سۇنىڭ كېمىيىپ كەتكەنلىگىنىڭ ماڭا تېخىمۇ كوپرەك زىيىنى تېگىدىغۇ؟ مەن سۇسىز ھايات كەچۈرەلمەيمەنغۇ؟ ھازىرقى پەيتتە بىزنىڭ دوستلۇق ۋە سوھبەتداشلىغىمىزنىڭ ھەققى ھورمىتى شۇنى تەقەززا قىلىدۇكى، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىڭلار، پىراق مىھنەتخانىسىدا تەنھا تاشلىۋېتىپ كەتمەڭلار.

جان ئىدىڭ سەن يولغا چىقماقچى بولۇپ،
جېنى يوق يالغۇز بەدەننى تاشلىدىڭ.

— ھەي مېھرىۋان دوستۇم! — دېيىشىپتۇ ئودەكلەر، — سېنىڭ ھىجرانىڭنىڭ دەردى بىز ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلىشنىڭ مىھنىتىدىنمۇ ئارتۇق، بىز ھەر يەرگە بېرىپ ئىشرەت بىلەن ئۆتسەكمۇ سەنسىز بىزنىڭ كوزىمىز خىرە ۋە ئىشرىتىمىز قاراڭغۇ بولىدۇ. بىزدە ساڭا مۇلاقات بولۇشتىن باشقا ئارزۇمۇ يوق. ئەمما يەر يۈزىدە بىزنىڭ پۇت بىلەن يۈرۈشىمىز بەكمۇ مۇشەققەتلىك، قانداق قىلىمىز؟

— بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى سىلەر مەندىن ياخشىراق بىلىسىلەر، — دەپتۇ تاشپاقا، — چۈنكى مەن ھىجران غېمى بىلەن ئەقلى-ھۇشۇم ئۇچقان بولۇپ، نىمە ئىلاج قىلماقنى بىلمەيمەن.

قىلمىسا ھەر ئىشتىن بۇرۇن مەسلىھەت،
شىكەستە كۆڭۈلدىن يېتىشمەس مەدەت.

— ھەي ئەزىز، — دېيىشىپتۇ ئۇدەكلەر، — سېنى يەڭگىللىك قىلىپ قويارمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمىز. بىزنىڭ دېگىنىمىزگە ئەمەل قىلماي قالارسەنمىكىن؟

— سىلەر مېنىڭ پايدام ئۈچۈن گەپ قىلىۋاتىسىلار، مەن ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىشنى ئويلىسام ياكى ۋەدە قىلىپ ۋەدەمگە ۋاپا قىلمىسام، ئۇ قانداق بولغىنى؟

ۋەدىلەر قىلدىمكى ۋەدەمنىڭ خىلاپىن قىلمايىن،
قايسى شەرت قىلسام شۇ شەرتىمنى ھەرگىز بۇزمايىن.

— ئۇنداق بولسا، — دېيىشىپتۇ ئۇدەكلەر، — شەرتىمىز شۇكى، سېنى كۆتىرىپ ئۇچىمىز. سەن ھەرگىز سۆزلىمەيسەن، ھەر كىمنىڭ بىزگە نەزىرى چۈشۈپ، ھەرقانداق سۆز قىلىسىمۇ ۋە تەنە سۆزلىسىمۇ جاۋاپ قايتۇرمايسەن.

— ئېيتقىنىڭلار بويىچە ئىش قىلىمەن. ھېچكىمنىڭ سۆزىگە جاۋاپ قايتۇرمايمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ تاشپاقا.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر چۆپنى تېپىپ كەلتۈرۈشۈپتۇ. تاشپاقا چۆپنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن مەھكەم چىشلەپتۇ ۋە ئۇدەكلەر ئىككى تەرىپىدىن كۆتىرىپ ئۇچۇپتۇ. ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۇچۇپ بىر يېزىغا يېتىپ بارغاندا، يېزىدىكى كىشىلەر ئۇ ھالنى كۆرۈپ ئەجەپلىنىپتۇ ۋە تاماشا قىلغىلى چىقىپ ھەر تەرەپتىن ۋاقىرىشىپتۇ:

— قاراڭلار، قاراڭلار، بۇ ئۇدەكلەرنى؟ تاشپاقىنى قانداقمۇ كۆتىرىپ ئۇچالىغاندۇ؟ بۇنداق ھالنى ھېچكىم ئۆمرى ئىچىدە كۆرمىگەن بولغىدى؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇلارنىڭ غەلۋە ۋە غوغالىرى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. تاشپاقا بىرەر سائەت تاقەت قىلىپ خامۇش تۇرۇپتۇ، ئاخىرى تاقىتى-تاق بولۇپ چىدىيالماي:

— بۇرۇن كورمىگەن بولساڭ ئەمدى كورۇپ كوزۇڭ كور بولسۇن، — دەيمەن دەپ شۇنداق ئاغزىنى ئېچىشىغا تووۋەنگە موللاق-لاپ چۈشۈپتۇ. بۇنى كورگەن ئۇدەكلەر:

— دوستلار نەسىھەت قىلسا، بەختلىك كىشىلەر ئاڭلاپ ئە-مەل قىلىشاتتى. گەرچە بىز ياخشىلىق يۈزىسىدىن ساڭا نەسىھەت قىلغان بولساقمۇ، سەندە ئاڭلاش ۋە ئەمەل قىلىش بەختى يوق ئىكەن. نەسىھەتىمىز پايدا بەرمىدى، — دەپ ۋاقىرىشىپتۇ.

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، ھەر كىم دوستلارنىڭ نەسىھە-تىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇزىنى ئوزى رەسۋا قىلىپ، ئىززەت پەردى-سىنى يىرتىدۇ.

ھەر كىشىكىم نەسىھەتكە سالماس قۇلاق،
قولىنى چىشلەر نادامەت بىرلە ھەر چاغ.

— بۇ مەسەلنى ئاڭلىدىم ۋە مەزمۇنىنى چۈشەندىم. ئەمما قورقمىغىن ۋە بۇ جايدىن ھەرگىز كەتمىگىن، چۈنكى قورقۇنچاق كىشى مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ، — دەپتۇ ئەركەك تەيتۇرى.

شۇنىڭ بىلەن چىشىسى تۇخۇم بېسىپتۇ ۋە باللىرى تۇخۇمە-دىن چىقىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە دەريا دولقۇنى ئورلەپ، ئۇنىڭ باللىرىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. چىشى تەيتۇرى بۇ ئەھۋالنى كورۇپ، ئىزتىراپقا چۈشۈپتۇ ۋە ئەركىگىگە:

— ھەي خاكسار؟ مەن تەقدىر بىلەن ئويناشقىلى بولمايدى-غانلىغىنى ئوبدان بىلەتتىم. كوردۇڭمۇ مانا، باللىرىمىزنى نابۇت قىلدىڭ، يۈرىگىمىزگە مەلھەم بولغۇدەك بىر تەدبىر تاپقىن ئەمدى، — دەپ كايىپتۇ.

— مەن ئۆز گېپىمدە تۇرىمەن، نىمنى دىگەن بولسام شۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىمەن. مەن بېرىپ دەريا ۋەكىلىدىن ئىنتىقام ئالىمەن، — دەپتۇ ئەركىگى ۋە باشقا قۇشلار ئالدىغا بېرىپ ھەربىر گۇرۇھنىڭ سەركەردىلىرىگە ئەرز قىلىپ، ئۆزىگە ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

مالاللىق رەنجى مېھنەت ئەدەتسىزدۇر بىنىھايەتتۇر،
قىلىپ ياردەم قولۇمنى تۇت، بۇ دەم ۋاقتى ئىنايەتتۇر.

— ئەي ئەزىزلەر! — دەپتۇ ئۇ، — ئەگەر بۇ ۋەقەدە سىلەر ماڭا ياردەم بېرىپ، ئىتتىپاق بىلەن دەريا ۋەكىلىدىن ئۆچۈمنى ئېلىپ بەرمىسەڭلار، ئۇنىڭ جۈرئىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ-دە، مەندىن باشقا قۇشلارنىڭمۇ باللىرىنى نابۇت قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش قائىدە-يوسۇنغا ئايلىنىپ قالسا، ئۇ چاغدا بۇ ۋەتەندىن كۆڭۈل ئۈزۈپ كېتىش كېرەك ياكى نەچچە خىل خارلىق بىلەن ھايات كەچۈرۈپ، يوقىلىش ۋە جاپا باياۋىنىغا قەدەم قويۇش لازىم بولىدۇ.

قۇشلار ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن كۆڭلى ئازاپلىنىپ، سۇمرۇغ بارگاھىغا بېرىپ داتلاپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر قۇشلارنىڭ غېمىنى يېسەڭ، سەن بىزنىڭ پادىشاھىمىزسەن. ئەگەر مەزلۇملارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالالمىساڭ، پادىشالىقتىن قول يۇيغىن!

يەڭگىن زىردەستلەر ① غېمىنى زىنھار،
ساڭىمۇ زەبەردەستلەر ② بولسا دەركار.

سۇمرۇغ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئىستەپ، ھەشەمەت بىلەن خادىم-

① زىردەست — قولى قىسقا.
② زەبەردەست — قولى ئۇزۇن.

www.uyghurkitap.com

لىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، سەلتەنەت ئوردىسىدىن چىقىپتۇ. قۇشلار بىر بىرىنىڭ قوللىشى ۋە ھەممىسىنىڭ جەم بولۇشىدىن دىلى قۇۋۋەتلىنىپ، دەريا كانارىسىغا كېلىشىپتۇ، سەپلىرىنى ساناش مۇمكىن بولمىغان يېھساپ لەشكەرلەرنى باشلىغان سۇمرۇغ دەرياغا يۈز كەلتۈرۈپتۇ.

ھەممىسىنىڭ قېنى قايناپ قەھرى تېشىپ،
تۇرغان ئىدى ئۇرۇش ئۈچۈن شۇنچە قەيسەر.
قاناتلىرى بەدىنىگە ساۋۇت بولۇپ،
تۇمشۇقلىرى بولغان ئىدى نەيزە-شەمشەر.

ئۇلار شۇ قىياپەت بىلەن دەرياغا يېتىپ كېلىشىپتۇ، سابا بۇ خەۋەرنى دەريا ۋەكىلىگە يەتكۈزۈپتۇ. دەريا ۋەكىلى ئۆزىدە كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ھەپسىلە يوقلۇغىنى ھېس قىلىپ، ئائىلاج ئۆزرە ئېيتىپ، تەيتۈرىنىڭ باللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

بۇ مىسالدىن غەرەز شۇكى، ھېچقانداق دۈشمەننى خار كورمەسلىك كېرەك. چۈنكى "يىڭنىنىڭ قولىدىن كەلگەن ئىش نەيزىدىن كەلمەيدۇ. ئوت گەرچە كىچىك بولسىمۇ پۈتۈن بىر ئالەمنى كويدۈرۈشى مۇمكىن" دەپ ئېيتقان ئىكەن ھوكۇمالار.

دوستۇڭ ئەگەر مىڭ بولسىمۇ ئازدۇر،
دۈشمىنىڭ ئەگەر بىر بولسا كوپدۇر.

— ماڭا بەتنام يۇقۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ۋە كىشىلەرنىڭ مېنى "كۇپرانى نېمەتلىك قىلدى" دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، مەن ئالدى بىلەن ھەملە قىلمايمەن. ئەمما شىر ماڭا قەست قىلسا ئۆزەمنى ئاسرىمىقىم لازىم دەپ ھېساپلايمەن، — دەپتۇ شەنزەبە.

— ئەگەر شىرغا يېقىن بارساڭ، ئۇنىڭ قەددىنى كېرىپ، قۇيرۇغىنى يەرگە ئۇرغانلىقىنى كورسەڭ "ماڭا قەست قىلىپتۇ" دەپ

بىلگىن، — دەپتۇ دىمىنە.

— ئەگەر بۇ ئىشلاردىن بىرەرسى كورۇلسە گۇمان ھەقىقەتكە ئايلانغان بولىدۇ، — دەپتۇ شەنزەبە.

شۇنىڭ بىلەن دىمىنە خوشال بولۇپ كوڭلى ئېچىلىپ ئوز كۇلبىسىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

بىئەقىل ئۇ ئوزگىلەرنىڭ رەنجى بىلەن شات ئىرۇر،
ئىستىمە ئۇندىن ۋاپا، ئۇ بارچىدىن ئازات ئىرۇر.

— ھە، ئىش نەگە بېرىپ يەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ كەلىلە.

— خۇداغا شۇكرى، پاراغەت ھاسىل بولدى. شۇنداق قىيىن ئىش ئاسانلا پۇتۇپ قالدى، — دەپتۇ دىمىنە.

دىمىنە ئۇ سوزنى دەۋاتقاندا، روزىگار مۇكاپات تىلى بىلەن ئەقىللىقلارنىڭ قۇلىغىغا بۇ مەزمۇننى نەغمە قىلىپ بېرىۋاتقان ئىكەن:

يارى زۇلپىنى قولىغا ئالدى ساقى ياخشىلاپ،
چەرخ ئەگەر قويسا قولىنى تاپقۇسى ئۇندا قارار.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى بىللە شىرنىڭ ئالدىغا كېلىشىپتۇ. شۇ ئەسنادا شەنزەبەمۇ يېتىپ كەپتۇ. شىرنىڭ ئۇنىڭغا كوزى چۈشۈشى بىلەنلا دىمىنەنىڭ كۇشكۇرتىشى ۋە ئەپسۇنى تەسىر قىلىپ، غەزىۋى قوزغىلىپ، قۇيرۇقلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كېتىپتۇ. شەنزەبە: "شىر ماڭا قەست قىلىدىغان بولدى" دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئوز - ئوزىگە: "پادىشالارنىڭ خىزمىتى خەۋپ ۋە ۋەھىمە جەھەتىدىن ئىلانغا ھەمخانا ۋە شىرغا ھەمسايە بولغاندەك بىر ئىش ئىكەن. گەرچە ئىلان ئۇخلىغان، شىر پىنھان بولغان بولسىمۇ، ئاقىۋەت ئىلان بېشىنى كوتىرىپ، شىر ئاغزىنى ئاچىدىكەن" دەپتۇ كوڭلىدە.

قورقۇپ تۇرۇپ قىلما سۇلتان خىزمىتىن،
تاش ۋە ساپال سوھبىتىدەك بولمىسۇن.

ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇشۇشقا تەييارلاپتۇ. ئاگەھ- چە ھەر ئىككى تەرەپتىن دىمنە كورسەتكەن ئالامەتلەر كورۇلۇپ- تۇ - دە، ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىپتۇ. غەۋغا ۋە نەرە ئاۋازى زېمىن- دىن ئاسمانغا يېتىپتۇ.

ئۇلار نەرىسىدىن ئاشۇ دەشت ئىچىدە،
قۇشلار بىلەن ۋەھشىلەر بولدى پەرىشان.
بىرى تاش توشۇگىنگە ئېلىپ ئۆزىنى،
بىرى خەسنىڭ ئارىسىغا بولدى پىنھان.

كەلىلە بۇ ئەھۋالنى كورۇپ دىمنەگە شۇنداق دەپتۇ:

يۈز ھىلەيۇ رەڭۋازلىقنى پەيدا قىلدىڭ،
ئىشنى تېرىپ ئۇ ئارادىن ئۆزەڭ قاچتىڭ.
يۈز يىل ئىچرە ئوچۇرەلمەس ئۇنى يامغۇر،
بۇ جاھانغا ئاداۋەتنىن توزان چاچتىڭ.

ھەي نادان، قانداق يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغانلىغىڭنى كوردۇڭمۇ؟ ئاقىۋىتىڭنىڭ شۇملۇغىنى تونۇدۇڭمۇ ئەمدى؟
— يامان ئاقىۋەت دىگىنىڭ قايسى؟ — دەپ سوراپتۇ دىمنە.
— سەن قىلغان بۇ ئىشتا يەتتە زەرەر بار، — دەپتۇ كەلىلە،—
بىرىنچىسى، ھېچقانداق زورۇرەت بولماي تۇرۇپ ساڭا ئاتىدارچىلىق قىلغان خوجاڭنى مۇشەققەتكە سالدىڭ. ئىككىنچىسى، خوجاڭنى بىۋاپالىق ۋە ۋەدىسىگە تۇرماسلىقتا مۇتىھەم قىلدىڭ، ئۇنىڭ بەت- نامغا قېلىشىنى راۋا كوردۇڭ. ئۇچىنچىسى، سەۋەپسىز ھالدا ئوكۇز-

نىڭ قېنىنى توكۇش ئۈچۈن ھەركەت قىلدىڭ. تۇتىنچىسى، بىر بىگۇنانىڭ خۇنىنى گەدەنىگە ئالدىڭ. بەشىنچىسى، پۈتۈن بىر جامائەتنى پادىشاغا بەدگۇمان قىلدىڭ، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورققانلىغىدىن ۋەتىنىنى تاشلاپ، ئاۋارە بولۇپ مۇساپىر بولۇپ كېتىشى ئېھتىمال. ئالتىنچىسى، لەشكەر باشلىغىنى يەنى شەنزەبەنى نابۇت قىلدىڭ، بۇ سەۋەپتىن ئىشلاردا نىزام بۇزۇلدۇ. يەتتىنچىسى، ئۆزەڭنىڭ ئاجىز ۋە زەئىپلىگىڭنى ئاشكارىلاپ قويدۇڭ. دەسلىۋىدە بۇ ئىشنى مۇلايىملىق بىلەن تۈزىتىمەن دىگەن ئىدىڭ، ئۇنداق قىلالمىدىڭ. بېسىلىپ قالغان پىتنىنى ئويغاتقان، سۈلھى بىلەن قىلغىلى بولىدىغان ئىشنى ئۇرۇش بىلەن قىلغان كىشى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ نادان كىشىدۇر.

دېمنە يەنە بوي بەرمەي مۇنداق دەپتۇ:

—ئەگەر ئىشنىڭ ئەقىل بىلەن پۈتمىسە،
تەلۋىلىك بىرلە دۇرۇس قىلماق كېرەك.

دىگەن سوزنى ئەڭلىمىغانمۇسەن؟

— سەن بۇ ئىشتا ئەقىل-پاراسەت ۋە تەدبىر جەھەتتىن قانداق ئىش قىلدىڭ، ئىش ئاخىرى ئۇرۇش بىلەن بولدىغۇ؟ ئاخىرى يەنە جەڭگە ھاجەت چۈشتىغۇ؟ — دەپتۇ كەلىلە، — "ياخشى ئويلانغان پىكىر پەھلىۋانلىقتىن ياخشى" دىگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟

نەچچە يۈزمىڭ باتۇر لەشكەر قىلالمىغان ئىشلارنى،
ھەل قىلدۇ ئەقىللىقلار چىن مۇكەممەل سوز بىلەن.

ماڭا سېنىڭ ئەجەپ بىر خىل كوڭلى قارا، مەغرۇر، دۇنيانى دوست تۇتىدىغان، ھېرىسخور ئىكەنلىگىڭ بۇرۇندىنلا مەلۇم ئىدى. شۇڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن سېنىڭ ئاگاھ بولۇپ مەسلىكتىن ئويغىنىپ، جاھالەتتىن قايتىشىڭ ئۈچۈن، ئۇ سۆزلەرنى سېنىڭ ئۆزەڭگە ئېيتىپ قويۇشنى ئويلاپ يۈرەتتىم. لېكىن سەن ھەددىڭدىن ئېشىپ، خارلىق ۋە گۇمرانلىق دەشتىدە سەرگەردان بولدۇڭ. ئەمدى سېنىڭ نادانلىق، بىمەنىلىك ۋە كۆڭلى قارىلىقلىرىڭدىن سۆزلەشنىڭ ۋاقتى كەلدى. ئەيىپلىك سۆزلىرىڭ، قەبىھ ئىشلىرىڭدىن، دەريادىن بىر تامچە ياكى تاغدىن بىر زەررىچىلىك بولسىمۇ كۆرسىتىپ باقايچۇ قېنى؟

— ھەي بۇرادەر، — دەپتۇ دېھقان، — ياشلىقىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە مەندىن بىرەر يارىماس ھەركەت ياكى بىرەر ئەسكى ئادەت سادىر بولمىغان ئىدى. ئەگەر مەندىن بىرەر ئەيىپ كۆرگەن بولساڭ سۆزلىگىن قېنى؟

— سېنىڭ ئەيىپلىرىڭ ئېيتىپ كەلسە تولا گەپ، — دەپتۇ كەللە، — ئەڭ ئاۋۋالقى شۇكى، سەن تېخى "ئەيىپسىزمەن" دەۋاتىسەن. ئۇندىن قالسا سېنىڭ ئىشىڭدىن گېپىڭ چىرايلىق. بۇ جاھاندىكى ئالەم ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ھەركىتى ۋە خۇي - پەيلىگە قاراپ تۆت خىلغا بولۇنىدۇ. بىرىنچىسى، دەيدۇ قىلىدۇ، بۇ تىرىكچىلىك يولىنى بىلىدىغانلارنىڭ قائىدىسىدۇر. ئىككىنچىسى، دېمەيدۇ قىلىدۇ، بۇ مەرتلەرنىڭ ئادىتىدۇر. ئۈچىنچىسى، دەيدۇ قىلمايدۇ، بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئۇسۇلىدۇر. تۆتىنچىسى، دېمەيدۇ قىلمايدۇ، بۇ بېخىل ۋە ھىممەتسىز پەسلەرنىڭ خىسلىتىدۇر. سەن بولساڭ دەيدىغان لېكىن قىلمايدىغانلارنىڭ تائىپىسىدىنسەن. مەن ھەمىشە سېنىڭ ئىشىڭدىن گېپىڭ كۆپلۈكىنى كۆردۈم. شىر سېنىڭ سۆزۈڭگە مەغرۇر بولۇپ، بۇ خەتەرلىك ئىشنى باشلىدى. خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر شىرغا بىرەر ئاپەت يېتىپ قالسا ياكى بۇ دىياردا بىرەر پىتنە قوزغىلىپ، پۇقرالار خانىۋەيران بولۇپ ھەممەيلەننىڭ ماللىرى تالان - تاراجغا كېتىدىغان بولسا، ھەممەيلەننىڭ ئۇۋالى سېنىڭ گەدىنىڭدە بولىدۇ. كىمكى بەتخىيال ۋە بەتقىلىق بولسا، ئۇ ياخشىلىق يۈزىنى كۆرەل-

ھەيدۇ. زىيان دەرەخنى تىككەن كىشى مەنپەئەت مېۋىسىنى قانداقمۇ يېيەلىسۇن؟

— مەن ھەمىشە پادىشاغا نەسىھەت قىلغۇچى ۋەزىر بولدۇم. ئۇنىڭ ئەھۋالى گۈلشىنىدە پەندى - نەسىھەت دەرەخىدىن ئۆزگە كوچەت تىكمىدىم، — دەپتو دېمنە.

— ئەگەر سېنىڭ ئۇ كوچەتلىرىڭنىڭ مېۋىسى مۇشۇ بولىدىغان بولسا، يىلتىزى كېسىلىپ قۇرۇپ كەتكىنى ياخشىراق. نەسىھەتلىرىڭنىڭ نەتىجىسى شۇ بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئېيتىلمىغىنى ۋە ئاڭلانمىغىنى ئەلا، — دەپتۇ كەلىلە، — سېنىڭ سوزۇڭدە قانداق پايدا بولسۇن! ۋەھالەنكى، ئېيتقانلىرىڭ ئەمەلدە كورۈلمەيۋاتسا. ئەمەل قىلىنمىغان ئىلىم ھەسەلسىز مومغا ئوخشايدۇ. ئەمەلگە ئاشمىغان سوز خۇددى شاخ - يوپۇرماقسىز دەرەخكە ئوخشاش، ئوتۇن قىلىپ كويدۈرۈشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. ئەمەلنىڭ نىشانىسى بولمىغان ئىلىم جېنى يوق جەسەتتۇر. ئۇلۇغلار ئوز دەپتەرلىرىگە "ئالتە نەرسىدىن پايدا ئالغىلى بولمايدۇ" دەپ يېزىپ قويغان ئىكەن. ئۇلار، ئەمەلسىز سوزدىن، جەۋرلىك مالدىن، تەجرىبىسىز دوستلۇقتىن، رىئايە قىلىنمىغان ئىلىمدىن، مەقسەتسىز سەدىقىدىن ۋە ساقسىز تىرىكلىكتىن پايدا ئالغىلى بولمايدۇ، دېيىشكەن. گەرچە پادىشا دانىشمەن ۋە كەم ئازار بولسىمۇ ۋەزىرى بەتنىيەت ۋە ناپاك بولسا، مەزلۇملارنىڭ داتلىرى سۇلتانغا يەتمەيدۇ. بۇ خۇددى تەشنا بولغان كىشى سۈيى سۈزۈك بىر بۇلاقنىڭ سورىتىنى كورسىمۇ قول ئۇزىتىپ سۈيىنى ئىچەلمىگەندەك بىر ئىش.

— بۇ ئىشنى قىلىشىمدا پادىشاغا ياخشى خىزمەت قىلىشتىن باشقا غەرىزىم يوق، — دەپتۇ دېمنە.

— خىزمەتكارلار، چاكارلار ۋە ئىش بىلىدىغان مۇلازىملار پادىشا ئۈچۈن زىننەتتۇر، — دەپتۇ كەلىلە، — ئەمما سەن، ئۆزگەلەرنىڭ بۇ دەرگاھتىن يوقىلىشىنى، پەقەت ئۆزەڭلا ئىشەنچلىك ۋە يېقىن كىشى بولۇشۇڭنى، ۋەزىرلىك پەقەت ساڭىلا مەخسۇس بولۇ-

www.uyghurkitap.com

شىنى خالايسەن. بۇ پەقەت نادانلىق ۋە ئەقىلسىزلىقتۇر. چۈنكى سەلتەنەت دىگەن ھوسنى - جامالغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئاشىق قانچە كوپ بولسا گۈزەللەرنىڭ جىلۋىسى ئاشىدۇ، جامالى تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ. سۇلتانىمۇ خادىم ۋە مۇلازىملىرى ھەرقانچە كوپ بولسىمۇ يەنىمۇ كوپ بولۇشنى ئىزلەيدۇ. شۇڭا ھوكۇمالار: "ئەخمەقنىڭ ئالامىتى بەش تۈرلۈك بولىدۇ، يەنى ئوز پايدىسىنى دەپ باشقىلارغا زىيان سالسا، رىيازەت چەكمەي تۇرۇپ ئاخىرەت ساۋابىنى تاما قىلسا، بەتخۇيلۇق بىلەن خوتۇنلارغا ئاشىق بولسا، راھەت بىلەن ئىلىم بىلمەكنى ئىزلىسە، بىۋاپالىق ۋە رىسايە قىلـماسلىق بىلەن بىركىمدىن دوستلۇق ئۈمىت قىلسا، بۇ ئىشلار ئەخـمەقلىقتىندۇر" دەپ ئېيتىشقان. مەن ساڭا شەپقەت يۈزىسىدىن بۇ سوزنى ئېيتىۋاتىمەن. ماڭا يەنە ئاپتاپتەك روشەنكى، سېنىڭ بەتبەختلىگىڭنىڭ كېچىسى مېنىڭ نەسىھەتلىرىم شولىسى بىلەن يو-رۇمايدۇ. سېنىڭ زاتىڭدا بار بولغان جاھىللىق زۇلمىتى ۋە ھەسەت قاراڭغۇلۇغى نەسىھەت نۇرى بىلەن نۇرلانمايدۇ.

زەمزەمۇ كەۋسەر سۈيى بىرلە ئاقارتىپ بولمىغاي،
كىشى بەختىنىڭ گىلىمى توقۇلغان بولسا قارا.

ھازىر سەن بىلەن مەن شۇنىڭغا ئوخشاپ قالدۇقكى، بىر قۇش يەنە بىر قۇشقا: "بەھۇدە رەنج تارتىپ، سوزۇڭنى ئاڭلىمىغان جاما-ئەگە سوزلىمىگىن" دىگەن ئىكەن. ئۇ ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلىماي ئاقىۋەت جاجىسىنى يىگەن ئىكەن.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دىمنە.

— بىر توپ مايمۇنلار، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ كەلىلە.

## مايمۇنلار بىلەن قۇشنىڭ ھېكايىسى

بىر توپ مايمۇنلار بىر تاغدا ۋەتەن تۇتقان بولۇپ، مېۋە ۋە گىيا بىلەن ھايات كەچۈرىدىكەن. خۇددى پاسىقلارنىڭ كۆڭلىدەك قارا ۋە پىتنىخورلارنىڭ كۆكسىدەك قاراڭغۇ بولغان بىر كېچىسى سوغـۇق لەشـكـىرى ئۇلارغا قاراپ چېپىپتۇ. سوغۇق شامالنىڭ ھەيۋىتىدىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى قان ئۇيۇپ قالغىلى تاسلا قاپتۇ.

پەلەك شىرى قورقۇپ سوغۇقتىن
قىلغانتى بارلىق پوستىنى جۇۋا.

ئۇ بىچارىلەر سوغۇقتىن ئامالسىز قېلىپ، پانا ئىزلەپ تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، تۇيۇقسىز بىر تەرەپتە پار- قىراپ تۇرغان بىر قومۇشنى كورۇپ "ئوت ئوخشايدۇ" دەپ گۇمان قىلىپ، نۇرغۇن ئوتۇن يىغىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا دوۋىلەپ پۈدەشكە باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر قۇش "ئوت ئەمەس، دەپ قانچە ۋاقىراپ پەريات قىلسىمۇ، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىلتىپات قىلماپتۇ. لېكىن ئۇ قۇش ئۇ پايدىسىز ئىشنى قويماپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر قۇش كېلىپ ئۇ قۇشقا: "كوپ جاپا تارتما، ئۇلار سىنىڭ سوزۇڭنى ئاڭلىمايدۇ.

كىم تۇغۇلسا ئانىسىدىن قىسمىتى شۇملۇق بىلەن،
كوپ تىرىشچانلىق بىلەن ھەرگىز بەختلىك بولمىغاي.

بۇنداق نادانلارنىڭ تەربىيىتى ئۈچۈن ھەركەت قىلىش قىلىچنى تاشقا چاپماق ۋە ھالاك قىلغۇچى زەھەردىن تەرياق خاسىيىتىنى ئىستىمەك بولىدۇ" — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىمكى ئەزەلدىن بولسا نائۇمىت،
قىلما ئۇنىڭدىن ياخشىلىق ئۈمىت.
تىرىشماق بىلەن بولمىغاي ھېچ ۋاخ،
قارا قاغىنىڭ قاناتلىرى ئاق.

قۇش مايمۇنلارنىڭ ئۆز سۆزىنى ئاڭلىماي ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرەختىن چۈشۈپ، ئۆز سۆزىنى ئاڭلىتىش ۋە ئۇلارنى ھىلىقى بىھۇدە رەنجىدىن ئاگاھ قىلىپ قويۇش ئۈچۈن، مايمۇنلارنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئەمما مايمۇنلار ئۇنىڭ كەلگىنىنى يامان كۆرۈپ، شۇ زامان كاللىسىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ. سەن بىلەن مېنىڭ ئىشىم ئەنە شۇنداق بولۇپ قالدى. مەن ئۆمرۈمنى زايا قىلىپ پايدىسىز سۆزلەيمەن. ساڭا ھېچقانداق مەنپەئەتى يوق، ماڭىمۇ زەررىرى يوق.

ئۇ سېنىڭ سۆزۈڭنى گەر قىلماس قوبۇل،
قىلمىغىن بىھۇدە كۆڭلۈڭنى مالال.
گەر دېسەڭ: "مېنىڭگىن سائادەت ئېتىشغا،
مەنزىلىڭگە تاكى تاپقايسەن ۋىسال".
ئاڭلىماي كەتسە ئۆزىنىڭ يولىغا،
قوي، پىيادە كەتكىنى ئەۋزەل ئۇ ھال.

— ھەي بۇرادەر، — دەپتۇ دىمنە، — خاھ ئاڭلىسۇن، خاھى ئاڭلىمىسۇن، چوڭلار كىچىكلەرگە نەسىھەت قىلىدۇ. دانىشمەنلەر ۋەز - نەسىھەتلىرىنى سۆزلەۋېرىدۇ.

ھېچكىشىدىن ئايىماي نەسىھەتىڭنى سۆزلىگىن،
ئاڭلىغۇچى تەرىپىدىن كەمچىلىك تاپساڭ ئەگەر.
ئاققا يامغۇر تامچىسىنى ياغدۇرار دائىم بۇلۇت،
يەتمىسىمۇ گەرچە تاشنىڭ يۈزىگە ھېچبىر زەرەر.

— مەن نەسىھەت ئىشىگىنى سەن ئۈچۈن تاقىۋالمايمەن، — دەپتۇ كەلىلە، — ئەمما شۇنىڭدىن قورقىمەنكى، سەن ئۆز ئىشىڭنىڭ ئىمارىتىنى ھىلە ئاساسىغا قۇرۇپسەن. پەقەت ئۆز گېپىڭنىلا گەپ قىلىپ، ئۆز رايىڭنىلا ئويلايسەن. بىر كۈنى شۇنداق پۇشايمان يەيسەنكى، قىلچە پايدا بەرمەيدۇ. يۈرىگىڭنى قانچە تاتىلىساڭمۇ پايدىسى بولمايدۇ. ھەرقانداق ئىشنىڭ بىناسى مەككارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان بولسا، خۇددى ئاقىل شىرىككە تەككەندەك، ئاقىۋەت ئۇنىڭ شۇملۇغى تېگىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ھىلىسىنىڭ توزىغى ئۆز ھەلقۇمىغا چۈشۈپ، غاپىل شىرىك توغرىلىغى ۋە ساددىلىغىنىڭ بەركىتىدىن ئۆز مۇرادىغا يەتكەن ئەمەسمۇ؟

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دىمنە.

— ئىككى شىرىك بار ئىكەن، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ كەلىلە.

## ئاقىل بىلەن غاپىلنىڭ ھىكايىسى

ئىككى شىرىك بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئاقىل، بىرى غاپىل ئىكەن. ئاقىل شۇنداق زىرەك ئىكەنكى، مىڭ خىل ھىلە-نەيرەڭ نەقىشلىرىنى سۇغا يازالايدىكەن. كىشىلەر ئۇنى "تېز ھۇش" دەپ ئاتىشىدىكەن. غاپىل بولسا شۇنداق يۇۋاش ۋە نادان ئىكەنكى، پايدا - زىيانىنى بىلمەيدىكەن. كىشىلەر ئۇنى "خۇرام دىل" دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۇ ئىككىسىگە سودىگەرچىلىك قىلىش ھەۋىسى چۈشۈپ، ئىككىسى بىرلىكتە سەپەر قىلىپتۇ. ئۇلار مەنزىللەردىن ئۆتۈپ، يوللارنى بېسىپ كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە تۇيۇقسىزدىن بىر ھەميان تىللا تېپىۋاپتۇ ۋە بۇنى چوڭ غەنىمەت دەپ بىلىپ توختاپتۇ.

— ھەي بۇرادەر، — دەپتۇ ئاقىل، — ھەرقانچە پۇل تاپىمەن دەپ ھەركەت قىلساقمۇ بۇنچىلىك بىرنەرسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېپىشىمىز مۈمكىن ئىدى. ئەمدى مۇشۇ بىر ھەميان تىللاغا قانائەت قىلىپ، بىر بۆلۈكىدا ئولتۇرغىنىمىز ياخشى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قايتىشىپتۇ ۋە ئۆز شەھرىگە يېقىن كېلىپ، بىر مەنزىلگە چۈشۈپتۇ.

— كەل بۇرادەر، — دەپتۇ غاپىل، — بۇ ئالتۇننى تەقسىم قىلىۋالايلى - دە، داغدۇغىدىن قۇتۇلۇپ، ھەرقايسىمىز ئۆز ھەسسىمىزنى ئېلىپ، خالىغان نەرسىمىزگە خەجلەيلى.

— بۇنى ھازىر بولۇشۇۋېلىشىمىز ياخشى ئەمەس. ھازىرچە خىراجىتىمىزگە چۇشلۇقنى ئېلىپ، قالغىنىنى ئېھتىيات بىلەن كۆمۈپ قويايلى. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كېلىپ زورۇر بولغىنىچە ئېلىپ، قالغىنىنى يەنە ئاۋالقىدەك ساقلايلى. مۇشۇنداق قىلساق ئاپەتتىن يىراق بولۇپ ساق ساقلىيالايمىز، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئاقىل.

غاپىل بۇ سوزگە ئالدىنىپ، ئۇنىڭ ئەپسانىسىنى قوبۇل قىلىپتۇ ۋە ئېھتىياجىدىن ئازراقىنى ئېلىپ قالغىنىنى دەرەخ ئاستىغا كۆمۈپ قويۇپ، شەھەرگە قايتىپ، كېلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز جايلىرىدا ئارام تېپىپتۇ.

ئەتىكى كۈن ھىلىگەر دەۋران،
قىلاركىن قانداق ھىلىنى ئايان.

ئەتىسى ئاقىل دەرەخ ئاستىغا بېرىپ، كۆمۈلگەن ئالتۇننى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. غاپىل بولسا ئۇنىڭدىن بىخەۋەر، قولىدا بارىنى خەجلىگىلى تۇرۇپتۇ ۋە ھېچنىمە قالمىغان چاغدا ئاقىلنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— يۇر بۇرادەر، ھىلىقى كۆمۈكتىن بىر نىمە ئالايلى، مەن كوپ مۇھتاج بولدۇم، — دەپتۇ.

ئاقىل ئۇنى بىلمەسلىككە سېلىپ "ماقۇل" دەپ، ئۇنىڭ بىلەن

بىللە دەرەخ تۈۋىگە كەپتۇ. لېكىن ئۇلار ھەرقانچە ئىزلىگەن بولسىمۇ ھېچنىمىنى تېپىشالماپتۇ. ئاقىل شۇئان:

— بۇ ئالتۇننى سەن ئاپسەن. سەندىن باشقا ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى، — دەپ غاپىلنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ.

ئۇ بىچارە قانچە قەسەم ئىچكەن بولسىمۇ ئاقىل ئۇنۇماپتۇ ۋە ئۇنى سۆرەپ قازى قېشىغا ئاپىرىپ ئۈستىدىن دەۋا قىلىپتۇ. ۋەقەنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنگەن قازى غاپىلدىن سورىغان ئىكەن، ئۇ ئىنكار قىلىپتۇ. قازى ئاقىلدىن دەۋاسىغا گۇۋاچى سوراپتۇ.

ئالتۇننى ئۇ دەرەخ ئاستىغا كۆمگەن چاغدا گۇۋاچى يوق ئىدى. دەرەختىن سورىساق خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن دەرەخ سۆزگە كىلىپ گۇۋالىق بەرسە، بۇ نائىنساپ ئوغرى رەسۋا بولىدۇ دەپ ئۈمىت قىلىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئاقىل.

قازى بۇ سۆزدىن ئەجەپلىنىپ كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن: ئەتىسى ئۇ دەرەخنىڭ قېشىغا بېرىپ دەرەختىن گۇۋالىق سورىماقچى، ئەگەر گۇۋالىقى مۇددىئاغا مۇۋاپىق بولسا، ئاندىن ھۆكۈم قىلماقچى بولۇپ قارار قىلىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئاقىل ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە ئۆتكەن ئىشلارنى ئاتىسىغا سۆزلەپ بېرىپ ھەقىقەتنى ئېچىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي بۇزرۇكۋار ئاتا! سىزگە ئىشىنىپ "دەرەخ گۇۋالىق بەرسۇن" دېدىم، بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى سىزنىڭ شەپقىتىڭىزگە باغلىق. ئەگەر قوبۇل قىلسىڭىز قالغان پۈتۈن ئۆمرىمىزنى ئاشۇ ئالتۇن بىلەن راھەت - پاراغەتتە ئۆتكۈزەلەيمىز.

— قانداق قىل دېمەكچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئاتىسى.

— ئۇ دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسى كاۋاك، — دەپتۇ ئاقىل، — ئۇنىڭ ئىچىگە ئىككى كىشى يوشۇرۇنسىمۇ ھېچكىم كۆرمەيدۇ. بۈگۈن كېچىسى بېرىپ دەرەخ ئىچىگە جايلىشىۋېلىپ تاكى ئەتىسى قازى بارغىچە يېتىۋېرىسىز. قازى بېرىپ گۇۋالىق سورىسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈۋالىق بېرىسىز.
— بۇنداق ھىلە ـ مىكىردىن ۋاز كەچكىن ئوغلۇم، — دەپتۇ ئاتىسى، — چۈنكى خەلقنى ئالدىغىنىڭ بىلەن خۇدانى ئالدىيالمايسەن. ھىلىنىڭ تولىسى ھىلە ئىشلەتكۈچىنىڭ ئۆزىگە زەرەر قىلىدۇ ۋە جازاسى يېتىدۇ. ئاخىرى ھىلە پەردىسى يىرتىلىپ رەسۋا بولىدۇ. سىنىڭ ھىلەڭ پاقىنىڭ ھىلىسىگە ئوخشاپ قالمىغىيدى دەپ قورقىمەن.
— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغلى.
— بىر پاقا بىر ئىلانغا يېقىن جايدا ماكان تۇتقان ئىكەن، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ ئاتىسى.

## پاقا بىلەن ئىلان ۋە مولۇننىڭ ھىكايىسى

بىر پاقا بىر ئىلانغا يېقىن جايدا ماكان تۇتقان ئىكەن. قاچانىكى پاقا بالا چىقارسا ئۇ زالىم ئىلان ئۇنىڭ باللىرىنى يەيدىكەن ۋە ئۇنىڭ كوڭلىگە پەرزەنتلىرىنىڭ پىراق داغىنى سالىدىكەن. بۇ پاقا بىر قىسقۇچپاقا بىلەن دوست ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ قىسقۇچپاقىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:
— ئەي ئوبدان دوستۇم! ماڭا لايىق بىر تەدبىر ئويلاپ بەرسەڭ ئىكەن! بىر چوڭ دۈشمىنىم بار. يا ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە تۇرۇشقا سەۋرى قىلالمايمەن، يا ئۇ يەردىن كېتىشكە تاقەت قىلالمايمەن. چۈنكى مەن تۇرغان ئۇ يەر شۇنداق ياخشى جاي ئىدىكى، دەرەخزارلىقلىرى پەلەك سەھنىسىدەك گۈزەل ۋە كوڭۈلنى ئاچىدىغان، مەيىن شاماللىرى خۇددى گۈزەللەرنىڭ زۇلپىدەك ئەتىر چاچىدىغان گۈزەل ماكان ئىدى.

گۈل دەپتىرى ئېچىپ يۈز ۋارىقىنى،
قەدەھ ئالغان ئىلكىگە لالە ھەرۋاخ.

ئۇندا چىقىپ دائىما خۇشبۇي شامال،
ئەيلىگەن ئەتراپنى شۇنداق خۇشپۇراق.

ھېچقانداق ئەقىللىق كىشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇنداق ياخشى ماكاننى قولدىن بەرمەيدۇ.

ۋەتىنىم شۇنداق گۈزەل كۆڭلۈمنى ئاچقان جاي ئىدى،
بۇ قەدەر ئاۋات ماكاننى تاشلىماس ئاقىل كىشى.

— بۇنداق غەم يېمىگىن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قىسقۇچپاقا، — كۈچلۈك دۈشمەننى ھىيلە كەمەنگە ئىلسا ۋە غالىپ دۈشمەننى مىكىر تۇزىقىغا چۈشۈرسە بولىۋېرىدۇ.

تۇتقىلى بولار قۇشنى دام ئېچىپ،
ھىيلە دانلىرىن ئۇ يەرگە چېچىپ.

— سەن بۇ توغرىدا ھىيلە كىتاۋىدىن نىمە مەسىلىنى ھەل قىلدىڭ؟ بۇ دۈشمەننىڭ شۇملۇغىنى توسۇش ئۈچۈن نىمە چارە ئويلىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پاقا.
— پالانى يەردە ئۆرۈشقاق ۋە ئاچچىغى يامان بىر مولۇن بار، — دەپتۇ قىسقۇچپاقا، — سەن بىرنەچچە تال ئۇششاق بېلىقنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، مولۇننىڭ ئۇۋىسىنىڭ ئالدىدىن تارتىپ تاكى ئىلاننىڭ تۇشۇگىنىڭ ئاغزىغىچە ئۇ يەر-بۇ يەرگە بىر تالدىن تاشلاپ ماڭغىن. مولۇن چىقىپ بېلىقنى يېيىش بىلەن ئىلاننىڭ تۇشۇگى ئالدىغا بېرىپ ئۇنىمۇ يەيدۇ. بۇ ھىيلە بىلەن ئۇنىڭ شۇملۇغىدىن قۇتۇلىسەن. بۇ تەدبىر ئوڭۇشلۇق كېلىپ بەرگەنلىگى ئۈچۈن پاقا شۇ ئۇسۇل بىلەن ئىلاننى يوقىتىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئارىدىن ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ. مولۇننىڭ يەنە بېلىق يىگۈسى كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۈۋىسىدىن چىقىپ، ئاۋالقى ئىزى بىلەن مېڭىپ، ئىلانىنىڭ ئۈۋىسىغا بېرىپتۇ ۋە ھېچنەرسە تاپالماي ئىزلەپ يۈرۈپ پاقىنى تېپىپ، ھەممە باللىرى بىلەن قوشۇپ يەۋېتىپتۇ.

بوردىن قۇتقۇزۇپ مېنى ئەي دەرىخ،
يىدىڭ بورە يەگلىغ مېنى ئەي دەرىخ.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ھىلىنىڭ ئاخىرى گىرىپتارلىقتۇر ۋە مىكرىنىڭ ئاخىرى خاكىسارلىقتۇر.

مىكىر يولىغا قويساڭ گەر قەدەم،
بالا دامىغا چۈشۈرسەن ئاخىر.

— سوزنى قىسقا قىلىڭ ئاتا، بۇنداق ئۇزۇن ئەندىشىنى قويۇڭ. بۇ ئىش ئاز مۇشەققەتلىك ۋە كوپ مەنپەئەتلىك ئىش، — دەپتۇ ئوغلى.

ئاخىرى بۇ بىچارە مال-دۇنيا ھىرىسى ۋە پەرزەنت مېھرى تۈپەيلىدىن دىيانەت مەنزىلىدىن خىيانەت ۋادىسىغا ئوتۇپتۇ. مۇرۇۋۋەت يولىنى تاشلاپ، شەرىئەتتە ۋە ئورپ-ئادەتتە يامان ھىساپلىنىدىغان بۇ ئىشنى قىلماقنى راۋا كورۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ كېچىسى بېرىپ دەرەخ كاۋىكىدا يېتىپتۇ.

ئەتىسى پاكىز ئاپتاپ پەلەك قازىخانىسىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە قارا يۈز كېچە ھايات ئالەم ئەھلىگە كۈندۈزدەك روشەن بولۇپتۇ. قازى بىر توپ كىشىلەر بىلەن دەرەخ تۈۋىگە ھازىر بولۇپتۇ ۋە دەرەخ ئەتراپىدا سەپ تۈزۈپ تۇرۇشۇپتۇ. قازى دەرەخكە قاراپ دەۋانىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى بايان قىلغان ئىكەن، شۇ زامات دەرەخ ئىچىدىن: "ئالتۇننى خورام دىل ئېلىپ كەتتى. ئۇ شىرىنگى تېز ھۇشقا زۇلۇم قىلدى" دىگەن ئاۋاز چىقىپتۇ.

قازى پاراسەت بىلەن دەرەخ ئىچىدە بىر كىمنىڭ يوشۇرۇنۇۋالغانلىغىنى، بىرەر ياخشى چارە قوللانمىسا، ئۇنى ئاشكارا قىلغىلى بولمايدىغانلىغىنى پەملەپتۇ.

سىر نەقەدەر كىشىدىن بولسا پىنھان،
چارە - تەدبىر ئەينىگىدە بولغاي ئايان.

شۇنىڭ بىلەن قازى دەرەخ ئوتتۇنىنىڭ ئارىسىدا قالغۇدەك دەرىجىدە دەرەخنىڭ چورىسىگە ئوتتۇن دۆۋىلىتىپ، ئوت يېقىشقا بۇيرۇپتۇ. ئوت دەرەخكە تۇتاشقاندىن كېيىن، ھىلىقى خام تاما ئوبۇشقا كويۇشكە باشلاپتۇ. بىچارە بوۋاي بۇ ئوتنىڭ بىرپەستە ئۆزىۋۇجۇدىنى كۆل قىلىپ كوككە سورۇۋېتىدىغانلىغىنى بىلىپ، دەرھال ئامانلىق تىلەپ پەريات قىلىپتۇ. قازى كۈلۈپ كېتىپ، بوۋاينى تارتىپ چىقارغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن ھەقىقى ئەھۋالنى سوراپتۇ. بۇ مالھىرىسىغا كويگەن بوۋاي نائىلاج ۋەقەنىڭ ھەقىقىتىنى راستلىق بىلەن ئېيتىپ بېرىپتۇ. قازى ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ، خورام دىلنىڭ دىيانەتلىك ۋە راستچىل ئىكەنلىگىنى، تېز ھوشنىڭ خىيانەتچى ۋە نابۇكار ئىكەنلىگىنى پۈتۈن خالايىققا ئايان قىلىپتۇ. بىر پەس ئوتمەي ھىلىقى بوۋاي پانى جاھاندىن ئاخىرەت سارىيىغا ھايات مۈلكىنى كوترىپ سەپەر قىلىپتۇ ۋە بۇ دۇنيا ئوتنىنىڭ ھارارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئاخىرەت ئوتى يالقۇنىنىڭ ۋەسلىگە ئوزىنى يەتكۈزۈپتۇ. تېز ھوش رەسۋا ۋە شەرمسارلىق بىلەن ئاتىسىنىڭ ئولۈگىنى گەدىنىگە ئېلىپ شەھەرگە يۈزلىنىپتۇ. خورام دىل راستچىللىغى ۋە دىيانىتىنىڭ بەركىتىدىن ھەممە ئالتۇننى ئېلىپ سەرەنجام قىپتۇ ھەم شات - خورام بولۇپ راھەت - پاراغەت سۈرۈپتۇ.

بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشۈمدىن غەرەز شۇكى، پۈتۈن خالايىققا ھىلە - مىكىرنىڭ ئاقىۋىتى شۇملۇق ۋە خاكسارلىقتىن باشقا پايدا

بەرمەيدىغانلىقى، بۇنداق ئىشنىڭ ئاقىۋىتى يامان، خاتىمىسى زىيان بولىدىغانلىقى مەلۇم بولسۇن. بۇزرۇكلار دەپتىكەن:

راست بولۇش لازىم كىشىدە ئېتىقات،
ئەگرى كىشى تاپمىدى ھەرگىز مۇرات.

ۋە يەنە:

ھەر كىشى قويسا خىيانەتكە قەدەم،
ئاخىرى ئۆزىنى خار - رەسۋا قىلۇر،
ئىككى باشلىق بىر ئىلاندۇر ھىلە - مىكىر،
ھەر بىرى ھەرخىل زەرەر پەيدا قىلۇر.
ئۇ بىرى قاغۇسىدۇر دۈشمەنگە قەھر؛
بۇ بىرى ئىگىسىگە سالغاي زەھەر.

— سەن چارە - تەدبىرگە ھىلە - مىكىر دەپ ئىسىم قويدۇڭ. مەن بۇ مۇھىم ئىشنى تەدبىر بىلەن دۇرۇس قىلدىم، — دەپتۇ دىمنە.

— ئەقىلىڭنىڭ ناقىسلىقى ۋە تەدبىرىڭنىڭ زەئىپلىكىدە شۇنچىلىك ئىكەنسەنكى، ئۇنى بايان قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ؛ قەلبىڭنىڭ ئىپلاسلىقى ۋە مەنسەپ مەرتىۋىگە ھېرىسلىقتا شۇ مىقداردا سەنكى، ئۇنى ئادا قىلىشقا ھەرقانداق بايان ئاجىزلىق قىلىدۇ. سېنىڭ ھىلە - مىكىرلىرىڭنىڭ ساڭا ئاتىدارچىلىق قىلغان خوجاڭغا پايدىسى شۇ بولدىكى، ئۇنى مانا شۇنداق مۇشەققەتكە سالدىڭ. كورۇپ قالارسەن، سېنىڭ بۇ ئىككى، يۈزلۈك، ئىككى تىللىق قىلمىشلىرىڭ ئۆزەڭگە قانداق يانار، — دەپتۇ كەلىلە.

— ئىككى يۈزلۈك بولغانىنىڭ نىمە زىيىنى بار ئىكەن؟ قىزىلگۈل ئىككى يۈزلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن بوستانىنىڭ زىننىتى بولدىغۇ؟ — دەپتۇ دىمنە ئۇنىڭغا جاۋابەن، — ئىككى تىللىق بولغانىنىڭ نىمە زەرىرى بار ئىكەن؟ ۋەزىرنىڭ قەلىمىنىڭ تىلى

ئىككىگە ئايرىلغاچقا پادىشانىڭ مال - مۈلكىگە ۋە مەملىكەتكە
پاسىۋانلىق قىلىدىغۇ؟ قىلىچ بىر بىسلىق بولغانلىغى ئۈچۈن ئۇنىڭ
ئىشى قان ئىچىش ۋە قان تۆكۈشتۇر. ئەمما تاغاق بولسا
كوپ تىللىق ۋە ئىككى بىسلىق بولغانلىغى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىشى
نازىنىنلارنىڭ بېشى ئۈستىدە ئورۇن تۇتۇشتۇر.

قىلىچ كەبى ئۇ كىشى يۇتقۇسىدۇر بۇگۇن قان،
يالغۇز يۈزلۈك بىر تىللىق بولسا خۇيى ھەر زامان.
دەھبۇبىلەر بېشىدا ئويناپ يۈرەر دائىما،
بولسا كىشى تاغاقتەك ئىككى يۈزلۈك، يۈز زۇۋان.

— ھەي دېمىنە، — دەپتۇ كەلىلە، — بۇنداق بىھۇدە
سوزلەرنى قويغىن. سەن جامالىنى كورۇش بىلەن كوز روشەن
بولىدىغان گۈل ئەمەس، بەلكى بىر دىل ئازار تىكەنسەن. سەندىن
خالايىقتا زەرەردىن بولەك نەرسە تەگمەيدۇ. سەن پادىشالىق
ئىشلىرىنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەر بېرىدىغان ئىككى تىللىق قەلەم
ئەمەسسەن، بەلكى ئىككى تىللىق ئىلانسەن. سېنىڭ تىلىڭدىن
زەھەردىن باشقا نەرسە چىقمايدۇ، بەلكى ئىلان سەندىن ياخشى-
راق. چۈنكى ئۇنىڭ بىر تىلىدىن زەھەر چىقسا، يەنە بىر تىلىدىن
تەرياق ھاسىل بولىدۇ. لېكىن سېنىڭ ئىككىلا تىلىڭدىن تەرياق
ھاسىل بولىدۇ. بەزىدە دۈشمەنلىرى ھەققىدە ئازراق زەھەر كور-
سەتسىمۇ كېرەك يوق. بۇ خۇددى بۇزرۇكلارنىڭ:

بارتىلىمنىڭ ئۈچىدا تەرياق بىلەن ئوتكۇر زەھەر،
بىرنى قويدۇم دۈشمىنىمگە، بىرنى دوست - يار ئۈچۈن.

دىگىنىگە ئوخشايدۇ.
— ماڭا مالامەت قىلىشنى قويغىنا، شىر بىلەن شەنزەبە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىسىدا ئاشنىلىق پەيدا بولۇپ، مۇھەببەت سىياقى تۈزۈلگەن بولسىمۇ كاشكى، — دەپتۇ دىمىنە.

— بۇ سۆزۈڭ ناتايىن، — دەپتۇ كەلىلە، — سەن بىلمەيسەن، ئۈچ نەرسە ئۈچ ئىشتىن ئىلگىرى بەرقارار تۇرالايدىغان بولسىمۇ، بۇ ئۈچ ئىش پەيدا بولغاندىن كېيىن ئاۋالقى ئىسكەتىدە تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ بىرىنچىسى، بۇلاق ۋە كارىز سۈيى دەريا سۈيىگە قوشۇلماستىن ناھايىتى شىرىن ۋە خۇشياقىدىغان بولىدۇ. شۇنداق دەرياغا قوشۇلغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئاۋالقى شىرىنلىقىدىن ئۈمىت تۇتقىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىسى، ئۇرۇق - تۇققان، يار - بۇرادەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق ۋە دوستلۇق پىتنىخورلارنىڭ يامان ئەندىشىلىك سۆزلىرى ئارىغا كىرمەستە ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆڭلى ئەگرى بۇزۇقلارنىڭ سوغۇق نەپەسلىرى ئارىدىكى ئۈلپەت يېقىنلىقنى يوقاتسا يېگىشۋاشتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىنتىق ئوتۇشى بەكمۇ مۈشكۈلدۇر. ئۈچىنچىسى، سوھبەت ۋە مۇھەببەت بۇلىقىنىڭ سۈيى تاكى گەپ توشۇغۇچى پىتنىخورلارغا ئارىدا يول بەرمىگەنگە قەدەر ساپ ھالدا تۇرىدۇ. قاچانكى ئۇ خاكسار پۇرسەت تېپىپ، پىتنە - پاسات تۇپرىقى بىلەن لېيىتىۋەتسە، قايتىدىن غۇبار كۆتىرىلىپ، دوستلۇق پەيدا بولۇشقا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇندىن كېيىن، ئەگەر ئۇكۈز شىرنىڭ پەنجىسىدىن خالاسلىق تاپالىغان بولسا، خۇشامەت سۆز ۋە ياخشى ۋەدىلەرگە ئىشەنمىگەن ھەم غەرەزسىز دوست بولغان ھالەتتىمۇ بىر بىرىنىڭ كۆڭلىدىكى داغ - دۇغلار كۆتىرىلىپ كەتمىگەن بولاتتى. چۈنكى ئۈزۈلگەن نەرسىنى ئۇلىغان ھالەتتىمۇ ئوتتۇرىسىدا تۈگۈن پەيدا بولىدۇ - دە!

— ئەگەر شىرغا مۇلازىمەت قىلىشنى تەرك قىلىپ، ساڭا مۇلازىمەت قىلىپ، ئىتتىگىڭنى تۇتۇپ يالغۇزلۇق بېشىنى خىلۋەت ياقىسىغا يوشۇرسام قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ دىمىنە.

— خۇدا ساقلىسۇنكى، مەن سەن بىلەن سوھبەت تۇتماي-مەن، — دەپتۇ كەلىلە، — بۇرۇنمۇ سەن بىلەن بىللە يۈرۈشتىن قورقاتتىم. چۈنكى ئۆلىمالار: "جاھىل ۋە پاسىقلارنىڭ سوھبىتىدىن پەرھىز قىلماق كېرەك. پاسىقلار بىلەن ئۈلپەت بولماق ئىلاننى تەربىيەت قىلغانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئىلاننى ساقلاشتا شۇنچە رەنج تارتساڭمۇ ئۇنىڭ زەھىرى ۋە زەرىرى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ. ئەمما ياخشىلارنىڭ ۋە دانىشمەنلەرنىڭ سوھبىتى ۋە مۇلازىمىتى خۇددى ئەتتارلارنىڭ ساندۇغىغا ئوخشايدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچنېمە بولمىسىمۇ، كىشىنىڭ دىمىغىغا ئۇنىڭ پۇرىقى پۇراپ دىماقنى خۇشبۇي قىلىدۇ" دەپ ئېيتىشقان.

بولما ئەتتارلار دۇكانىدىن يىراق،
سەن تاپالارسەن ئۇنىڭدىن خۇشپۇراق.
سالما تۆمۈرچى دۇكانىغا نەزەر،
يەتكۈزۈر ئوت بىرلە ئىستىن كوپ زەرەر.

سەندىن قانداقمۇ ۋاپا ئۈمىد قىلغىلى بولىدۇ؟ ھەممە ئىززەت - ئىكرامنى ساڭا ئاتا قىلغان ئۆز پادىشاھىڭغا شۇنداق يامان ئىشنى راۋا كۆردۈڭ. ئۇنىڭ ساڭا قىلغان ئىنئام ۋە ئىززەت - ئىكرامىنىڭ ھەققىنى نابۇت قىلىۋەتتىڭ.

نە خەلقتىن، نە ھەقتىن سەندە شەرمۇ ھايا بار،
خالايىقتىن كۆزۈڭدە ئۇيات ئەمەس بەر قارار.

مەن سەندەك كىشىدىن مىڭ پەرسەڭ يىراقلىقتا قاچسام،
ئەقلىمنىڭ رەھناماسى بۇ ئىشىمنى ياخشى تەدبىر دېگۈسىدۇر.

كەلسە ئەگەر مەجلىسىڭگە بىر پىتنىخور، شۇم سۇپەت،
تېز ئۆزەڭنى بىر چەتكە ئال، ھەرگىز تۇتمىغىن سوھبەت.

سوھبەتتىن ھېچقاچاندا بولمىغاي كۆڭلۈڭ خوشال،
قېشىدا تۇرما، ئۇنىڭدىن يۈز چاقىرىم نېرى كەت.

شۇنداق گەپ، ياخشىلار سوھبىتىنىڭ مەنپەئەتى كۆپ، يامانلار بىلەن ئۈلپەت بولۇشنىڭ زەرىرى ئاز ئەمەس. يامانلار سوھبىتىنىڭ زىيىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا ئاقىل ۋە كامىل كىشى دانالار، ياخشىلار ۋە راستكويلار بىلەن دوستلۇق قىلىشى، يالغانچى ۋە دىيانەتسىزلەردىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك.

بولالماس كىشى خىلۋەتنى ياراغلاپ،
ئۆي ئىچرە ئولتۇرۇپ ئىشىكنى باغلاپ.
مۇۋاپىق ئاشنانى ئەيلە ھاسىل،
يارىماس سوھبەتكە شۇم قارادىل.
دېدى ماڭا بۇ سۆزنى ئالىمدىن بىرى،
كى رەھمەت ئەيلىسۇن روھىغا تەڭرى:
"ھەر كىشى يامانلار بىرلە بولسا يار،
بولۇر ئاخىر بالا ئىچرە گىرىپتار".

ھەر كىشى ناجىنسنى يار تۇتۇپ، ناچار دوستقا ئىشەنسە، ئۇنىڭغا بىر باغۋەنگە يەتكەندەك ھادىسە يېتىپ قالىدۇ.
— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دېمنە.
— بىر باغۋەن بار، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ كەلىلە.

## باغۋەن بىلەن ئېيىقنىڭ ھېكايىسى

بىر باغۋەن بار ئىكەن. ئۇ تىرىكلىك ئۇقتى ئۈچۈن تۈرلۈك زىرائەتلەرنى تېرىشنى ئۆزىگە ۋاجىپ دەپ بىلىپ،

ئەزىمز ئۆمرىدىكى باغ ـ بوستانلارنى ياساش ئۈچۈن سەرپ قىلغان
ئىكەن. ئۇنىڭ چىمەنلىرى جەننەتۇل پىردەۋسىدىن نىشان بېرى-
دىغان، گىيالىرى گۈزەللىكتە ھەسرەت تۇپرىغىنى باغى ئىرەمنىڭ
كوزىگە چاچقان، گۈللىرى ۋە ئېرىقلىرى چىرايلىقلىقتا ۋە سۈپەت-
لىكلىكتە جەننەت بوستانىنىڭ كۆكسىگە ھەيرانلىق دېغىنى قويغان،
رەڭگا ـ رەڭ دەرەخلىرىدىن تاۋۇسلار جىلۋىسى كۆرۈنۈپ
تۇرغان، ھايات گۈللىرىدىن كەيكاۋۇس تاجىنىڭ ئازادىلىكى ۋە
نازۇك بەدەنلەرنىڭ كىيگەن خىلمۇ ـ خىل كىيىملىرىدەك نۇرلار
جىلۋىلىنىپ تۇرغان، شامىلى ئەنبەر پۇرۇشلارنىڭ ئۆيلىرىدەك خۇشبۇي
ۋە ھاۋاسى خۇشپۇراق بولغان بىر بېغى بار ئىكەن. ئۇنىڭدىكى
ياش دەرەخلەرمۇ مېۋىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇددى قېرىلارنىڭ
دۈمبىسىدەك ئېگىلىپ، ھالاۋەت بېغىشلىغۇچى مېۋىلىرى خۇددى
جەننەت ھالۋىلىرىدەك ئۇتتىسىز پىشقان بولۇپ، يازلىق يېمىش-
لىرى غايەت نازاكەتلىك ۋە كۆركەم مېۋىلىرى ناھايىتى لاتا-
پەتلىك ئىكەن. ئالمىلىرى رەڭگى سۆزۈكلۈكتە دىلبەرلەرنىڭ مەڭ-
زىلىرىدەك كۆڭۈلنى ئوۋلىغان ۋە راھەتبەخش بۇيلىرى بىلەن نا-
لەم ئەھلىنى ئۆزىگە قاراتقان ئىكەن.

ئالىمنى "يار مەڭزىگە ئوخشايتتى" دەپ ئېيتقان شۇ چاغ،
چېھرىسى بولدى قىزىل ۋە نۇرى بىرلە تولدى باغ.
ئالما شاخ ئۈستىدە مەشئەلدەك يورۇق شولە بېرەر،
خۇددى كۈندۈز كۈندە شۇ شاخ ئۈستىدە كۆيدى چىراق.

ئامۇت بولسا ھەر بىر شاختا خۇددى ئابىھايات كوزىسى-
دەك ياكى ناۋات شەرۋىتى توشقان پىيالىدەك ئېسىلىپ تۇرۇپ،
يولسىزلارغا ئۆز پۇرىغىنى سېخىلىق تىلى بىلەن ئايىماي بېرىدىكەن.

ئۇنى ئامۇت دېمەڭلار خۇددى شەرۋەتنىڭ ئۆزى،
ئېسىلىپتۇ شاخ ئۈستىگە ئەينى ناۋات كوزىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۇلڭ چەكمەن كىيىۋالغان بەھى خۇددى كىچىدە بىدار ئولتۇرغان سوپىلاردەك سىرلىق يۈزى بىلەن قۇدرەت خانىقاسىنىڭ ھوجىرىسىدىن يۈز كورسىتىدىكەن. ئالۇچىنىڭ چېھرىسى ئاشىقلارنىڭ دەرتلىك كوڭۈللىرىدىن نىشان بېرىدىكەن.

بەھى سىرلىق مېھرىدىن مەن تېخى مېھرىمدىن سىرلىق،
سارغىيىپتۇ ئۇ مېھرىدىن مەن مۇھىمنىڭ مېھرىدىن.

ئانار كوچىتىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك غۇنچىسى كوك يوپۇرماقلار ئىچىدىن كوكتىكى ئاپتاپتەك تولۇن بولۇپ، غايەت خۇشبۇياۋقلىرى بىلەن چىمەن سەھنىسىدە پارلايدىكەن.

ھاياتلىق سۇلىرى ئىچىگە تولغان،
ئانارى دىلبەرلەر لىۋىدەك خەندان.
سىناش ئۇچۇن ئۇنى بۇ چەرخى دەۋۋار،
ياقۇتلارنى ئىچىگە تىزدى قاتار.
لىۋىنى لەۋگە تېخى قىلماي دۇرۇس،
لاتاپەت سۇيى ئېقىپ ئاغزىدىن چۇس.
تەرىپلىسەم شاپتۇلنىڭ گەر سۇپىتىن،
ئەلگە سوزۇم بىلىنگەي سۇلۇق، شىرىن.

بىر تەرەپتە، قۇدرەت قولى قەن ۋە كوكنار ① بىلەن ئۇنىڭ ھورمەت تاۋىقىنى تولغۇزۇپ، جامالىنى زىننەتلىگەن ئەنجۇر ۋە يەنە بىر تەرەپتە ھىكمەت قەلىمى ئۇنىڭ سۇپىتىنى ھايات سەھىپىسىگە يازغان ئۇزۇم شاخلىرى ئارىسىدىن ساپاقلىرى باش چىقارغان ۋە ئالقانلىرى ئاپتاپ ئوقىنىڭ شىددىتىدىن قاپارغان

① بۇ يەردە ئەنجۇرنىڭ ئۇرۇغى كوكنارنىڭ ئۇرۇغىغا ئوخشىتىلغان.

هالدا تۇرغان بولسا، چىمەن ئەتراپىدا ئۈندۈرگەن قوغۇنلىرىنىڭ ھەر بىرى پىلەك ئارىسىدا خۇددى كوك سەھنىسىدە تولۇن ئاي كورۇنگەندەك جىلۋە قىلىپ ياتىدىكەن.

كورۇنسە گەر قوغۇن پىلەك ئارىسىدىن،
بۇي ئالغان ئۇ شەكسىز جەننەت مىۋىسىدىن.
ئىپاردىنمۇ ھىدى ئۇنىڭ ئىدى خۇشبۇي،
سىرتى ئۇنىڭ بولسىمۇ كوك، يوق ئىدى موي.

باغۋەن بېشىدىكى ھەر بىر دەرەختە شۇنداق كوڭۇل بەرگەن ئىكەنكى، ئاتا - ئانا يادىدىن پەرۋايى، بالا - چاقا پىكرىدىن غېمى يوق ھالدا، ئۇ باغدا تەنھالىق بىلەن ئومۇر كەچۇرىدىكەن. بىر كۇنى ئۇ يالغۇز قېلىپ، كوڭلى مالال بولۇپ، تەنھالىقتىن تەڭلىككە قاپتۇ. "گۇل ۋە مىۋە بولغان بىلەن يار بولمىسا، ئۇنىڭ نىمە پايدىسى؟" دەپ ئويلىغان باغۋەن ھەمدەمسىزلىك ئەلەمى بىلەن كوڭلىگە دەرت تولۇپ، دەشت تەرەپكە چىقىپتۇ ۋە سەيناسى ئۇمىت مەيدانىدەك كەڭرى بىر تاغ باغرىدا ھەر تەرەپكە قاراپ تۇرسا، تاسادىپەن كورۇنۇشى قوپال، سورىتى قەبىھ، چىرايى ناخۇش بىر پاسكىنا ئېيىق ئۇنىڭغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇمۇ تەنھالىق رەنجى بىلەن ھالى پەرىشان بولۇپ، تاغ بېشىدىن چۇشكەن ئىكەن ۋە ئىككىسى يالغۇزلۇق دەردىنى تارتىپ، ئوزىگە ھەمجىنس ئىزلىگەن ئىكەن. شۇڭا بىر بىرىنى كورمەك بىلەنلا مۇھەببەت زەنجىرلىرى ھەركەتكە كېلىپ، ئۇ ئادەمنىڭ كوڭلى ئېيىقنىڭ ئاشنالىقىغا مايىل بولۇپتۇ.

بارچە يەر ئەھلى بىلەن ئەھلى ساما،
جىنسىنى تارتار، گويا چوپ - كەھرىبا.
دوزاخ ئەھلى دوزىخىنى تارتقۇسى،

نۇر  ئەھلى جىنسىنى تەلەپ قىلغۇسى.
سۇزۇك مەيگە ساپ كىشى رىغبەت قىلار،
دۇغىغا  قەلبى قارا ساھىپ بولار.
ئەسكىلەرگە خوپ كورۇنۇر ئەسكى ئىش،
ئاقىللارغا خوش  كېلۇر ھەم ياخشى ئىش.

بۇ بىمەقىل ئىپىقمۇ ئۇ سەھرالىق باغۋەننىڭ ئۇزىگە خوشا ـ مەت قىلىۋاتقىنىنى كورۇپ، جان ـ دىلى بىلەن ئۇنىڭ سوھبە ـ تىنىڭ رىغبىتىگە گىرىپتار بولۇپتۇ ۋە ئازغىنا ئىشارەتلەر  بىلەن بىر بىرىنى چۇشىنىپ، ئۇ بىھىشتەك گۇزەل  باققا كىرىپتۇ ۋە باغدىكى رەڭگا ـ رەڭ مىۋىلەرنى كورۇپ چەكسىز  خوشال بو ـ لۇپ، باغۋەنگە مۇھەببىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ ۋە دوستلۇق دەرىخىنىڭ يىلتىزى ئىككىسىنىڭ كوڭلىگە مەھكەم ئورناپتۇ.

تېپىشىپ بىر نەچچە كۇن دىلبەندىلىق،
بىر بىرىنىڭ ۋەسلىدىن خۇرسەندىلىق.

ھەرقاچان باغۋەن ئىستىراھەت سايىسىدە پاراغەت بېشىنى راھەت ياستۇغىغا قويۇپ ياتسا، ئېيىق غەمخورلۇق ۋە تەرەپ ـ تارلىق يۈزىسىدىن باغۋەننىڭ ياستۇغى بېشىدا  ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈزىدىن چىۋىنلارنى  قورۇيدىكەن. ئۇنىڭ باغۋەننىڭ  يۈزىگە چىۋىن قونۇشىغىمۇ تاقىتى يوق ئىكەن. بىر كۇنى باغۋەن ئاۋالقى ئادىتى بويىچە ئۇخلاۋاتقان ئىكەن، ناھايىتى كوپ چىۋىنلار ئۇنىڭ يۈزىگە ئولىشىۋاپتۇ. ئېيىق ھەرقانچە  قورۇپ ھەيدىسىمۇ شۇ زامان يەنە كېلىپ قونىدىكەن ۋە بىر تەرەپتىن ھەيدىسە يەنە بىر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدىكەن. ئاخىرى ئېيىقنىڭ غەزىۋى جۇش ئۇرۇپتۇ ـ دە، يېنىدا تۇرغان يىگىرمە پاتمان ئېغىرلىقتىكى بىر تاشنى كوتىرىپ كېلىپ چىۋىننى ئولتۇرۇش مەقسىدىدە بىچارە

دىخاننىڭ يۈزىگە ئۇرۇپتۇ، چىۋىنلارغا ھېچقانداق زىيان يەتمەي ئۇچۇپ كېتىشىپتۇ. باغۋەننىڭ بېشى يەر بىلەن يەكسان بولۇپتۇ. مۇشۇ سەۋەپتىن بۇزرۇكلار: "ھەر ھالدا نادان دوستتىن دانا دۈشمەن ياخشىراق" دەپ ئېيتىشقان ئىكەن.

گەرچە دانا دۈشمەننىڭ ساڭا بالايى جان ئىرۇر،
ياخشىراق ئۇ دوستتىنكىم ئەبلەخۇ نادان ئىرۇر.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، سەن بىلەن دوست بولۇشۇم بېشىمنىڭ جاپا تېشىنى تەلەپ قىلىشى ۋە كوكسۇمنىڭ بالا ئوقىغا نىشان بولۇشىدەك نەتىجە بېرىدۇ خالاس. چۈنكى نادانلار ۋە ئەبلەخلەرنىڭ سوھبىتى خۇددى ئىچى قۇرۇق ۋە تېشى قارا قازانغا ئوخشايدۇ.

— مەن دوستۇمنىڭ پايدا-زىيىنىنى ئايرىيالمىغۇدەك دەرىجىدىكى نادان ئەمەسمەن، — دەپتۇ دىمنە.

— توغرا، مەنمۇ بىلىمەن، سەن ئۇنداق دەرىجىدىكى ھاماقەت ئەمەسسەن، — دەپتۇ كەلىلە، — ئەمما غەرەز غوبارى كۆرەر كۆزۈڭنى قاراڭغۇلاشتۇرسا، دوستلۇقنىڭ شاكىلىنى تاشلىۋەتمەسلىكىڭ مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭغا ئوزرە كورسىتىش ئۈچۈن مىڭ خىل دەلىللەرنى تەييارلىشىڭ چوقۇم. شىر بىلەن شەنزەبە توغرىسىدا قانداق ئىشنى قوپاردىڭ؟ دىلى پاكلىق ۋە تۈزۈكلۈك دەۋاسىنى قىلىسەن تېخى!

گەر دەرسەن ئۆزەڭنى "مەن پاكى دامان"
جەندەڭدە نەقىلۇر شاراپ داغلىرى.

سېنىڭ ئىشلىرىڭ خۇددى سودىگەر بىلەن ئۇنىڭ دوستىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. سودىگەر "چاشقان يۈز پاتمان تۆمۈرنى يەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتسە ئەجەپلەنمەيسەنۇ، قارچۇغا بىر بالىنى كۆتىرىپ ئېلىپ قاچسا ھەيران بولامسەن؟" دىگەن ئىكەن.
— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دىمنە.
— بىر سودىگەر، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ كەلىلە.

## سودىگەر بىلەن خىيانەتچى دوستىنىڭ ھىكايىسى

بىر سودىگەر ئازراق سەرمايىسى بىلەن سەپەرگە چىقماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيدە قالدىغان يۈز پاتمان تۆمۈرى بار ئىكەن، ئۇنى بىر دوستىغا ئاپىرىپ ئامانەت بىرىپتۇ ۋە زورۇرىيەت بولغان ۋاقىتدا يەنە ئېلىپ دەسمايە قىلماقچى بولۇپ، ئۆزى سەپەرگە چىقىپ كىتىپتۇ. بىر نەچچە زامان ئۆتكەندىن كىيىن قايتىپ كىلىپ، ھىلىقى تۆمۈرگە ئېھتىياجى چۈشۈپ، دوستىنىڭ قىشىغا بىرىپتۇ. لىكىن ئۇ دوست دىيانەتنى تاشلاپ، تۆمۈرنى سىتىپ خەجلەپ كەتكەن ئىكەن. شۇڭا ئۇ سودىگەرگە:
— ۋاي خوجايىن، مەن تۆمۈرنى قاچىلاپ ئامبار ئۆيگە قويۇپ قويغان ئىدىم. ئۇ يەردە چاشقان ئۇۋىسى بار-لىغىنى بىلمىگەن ئىكەنمەن. ئاخىرى خەۋەردار بولۇپ قارىسام، ئۇنىڭ ھەممىسىنى چاشقان يەپ كىتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.
— راست ئېيتىسەن، — دەپتۇ سودىگەر، — چاشقان دىگەن تۆمۈر يىيىشكە ناھايىتى بەك ئامراق، ئۇنداق يۇمشاق لوقمىنى چايناشقا چىشى ناھايىتى ياخشى ئۆتىدۇ.
ئۇ خىيانەتكار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خوشال بولۇپتۇ ۋە ئۆز-ئۆزىگە:
"بۈگۈن سودىگەر يالغان سۆزلىرىمگە ئالداندى ۋە تۆمۈردىن ئۈتلەق كۆڭۈل ئۈزدى. ئەمدى ياخشىسى شۇكى، ئۇنى مىھماندار-چىلىققا تەكلىپ قىلىپ، زىيادەت خىرىدتىلىرىنى تەييارلىسام، ئۇ

مەندىن تېخىمۇ ئارتۇقراق كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ" دەپ سو-
دىگەرنى مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ:

ناگاھان مېھمانلىقىڭ بولسا گەر بىزگە بەھەم،
لۇتپى بىرلە قويساڭ ئىكەن كۆزۈم ئۈستىگە قەدەم.

— بۈگۈن مېنىڭ زورۇر ئىشىم بار، ئەتە كەلسەم، — دەپتۇ سودىگەر ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، ساھىپخاننىڭ ئىشىك ئالدىدا ئويناۋاتقان ئوغلىنى ئېلىپ ئۆز ئۆيىگە كېتىپتۇ ۋە ئوغۇلنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەتىسى قوپۇپ تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ساھىپخان سودىگەرنى كۆرۈپ پەرىشان ھالدا ئۆزرە سوراپ تىل ئېچىپتۇ:

— مەزۇر تۇتۇڭ ئەزىز مېھمان، تۈنۈگۈندىن بېرى ئوغلۇم غايىپ بولدى. ئىككى نۆۋەت شەھەر ۋە سەھرالاردا ئورلاتتۇق①، لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خەۋەر تاپالمىدۇق.

نالە بىرلە خۇددى ياقۇپتەك قىلارمەن مىڭ پىغان،
كىم خەۋەر بەرگەي يوقالغان يۈسۈپۈمدىن ناگاھان.

— مەن تۈنۈگۈن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن چىقىپ كېتىپ بېرىپ، سەن ئېيتقان ئوغۇل بالىنى بىر قارچۇغىنىڭ كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردۈم، — دەپتۇ سودىگەر.

— ھەي بىمەقىل، — دەپ ۋاقىرىۋېتىپتۇ ساھىپخان، — نېمىشقا بۇنداق بولمىغۇر سۆزنى قىلىسەن؟ بۇنداق قاملاشمىغان يالغان گەپنى نەدىن تاپتىڭ؟ قارچۇغىنىڭ ئېغىرلىقى يېرىم پاتمان چىقمايدۇيۇ، ئون پاتمان كېلىدىغان ئوغلۇمنى كۆتۈرۈپ ھاۋادا قانداقمۇ ئۇچالىسۇن؟

---

① ئورلاتماق — جاكا سالدۇرماق.

— ئەجەپلەنمىگىن، — دەپتۇ سودىگەر كۈلۈپ، — يۈز پاتمان تومۇرنى چاشقان يەپ كەتسە ئەجەپلەنمەيسەنۇ، ئون پاتمان ئېغىرلىقتىكى ئوغۇلنى قارچۇغا كوتىرىپ ئۇچسا ھەيران بولامسەن؟

ساھىپخان ئۆزىگە كېلىپ ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپتۇ ۋە:

— غەم يېمىگىن خوجايىن، تومۇرنى چاشقان يىمىدى، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا سېنىڭ ئوغلۇڭنىمۇ قارچۇغا ئېلىپ قاچمىدى، تومۇرنى بەر، ئوغلۇڭنى ئال، — دەپتۇ سودىگەر.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، سەن ئۆزەڭگە ئاتىدارچىلىق قىلغان خوجاڭغا ئەنە شۇنداق خىيانەت قىلغان يەردە باشقىلارغا نېمىلەرنى قىلماسسەن؟ پادىشاغا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلدىڭكى، سەندىن ئەمدى ۋاپادارلىق ۋە ئادىللىقتىن ئۈمىت قالمىدى. ماڭا سېنىڭ زۇلمىتىڭدىن پەرھىز قىلماق لازىملىغى روشەن بولدى ۋە سېنىڭ كۆڭلى قارىلىق ۋە مەككارلىغىڭدىن ھەزەر قىلماق ۋاجىپ بولدى.

بەخت ـ دولەت كەلتۈرگۈسى سەندىن نېرىغا كەتمەك،
سائادەتكە سەرمايىدۇر سېنىڭدىن يىۈز ئورۇمەك.

كەلىلە بىلەن دېمنەنىڭ تالاش ـ تارتىشلىرى شۇ يەرگە يەتكەندە، شىر ئوكۈزنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى تۇپراققا باراۋەر قىلىپ بولغان ئىكەن. ئەمما شىر سىياسەت پەنجىسى بىلەن شەنزەبەنى ئۆلتۈرۈپ غەزىۋى تەسكىن تاپقان بولسىمۇ ئۆتكەننى ئويلاپ: "ۋاي ئىسىت، شەنزەبە شۇنداق ئەقىللىق ۋە قابىلىيەتلىك تۇرۇپ ئەجەپ ھالاكەتكە ئۇچراپ كەتتىيا، زادى بۇ ئىشتا توغرا قىلدىممۇ ياكى خاتا قىلدىممۇ؟ ئۇنىڭ ماڭا ئېيتقانلىرى ئامانەتمىدى ياكى خىيانەتمىدى؟ ئەجەپ بىر خىيانەتكارلىق بىلەن ئۆزەمنى مۇسىبەتدار قىلدىم؟ ئۆزەمنىڭ ۋاپادار يارىمنى ئەجەپ ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈردۈم؟

كىشى ياربىرلە قىلۇرمۇ بۇ قەدەر قاتتىق جىدەل،
قىلمىغاي جاھىلمۇ ئۆز يارىغا بۇنداق شۇم ئەمەل"

دەپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۆزىنى ئۆزى مالامەت قىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. شىر ئۆزىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇغىغا نەپرەت ئوقۇپ، شەنزەبەنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تىلىدىن بۇ مەزمۇننى ئاڭلاپتۇ:

بى سەۋەپ يارىڭنى ئۆلتۈرمەك نىچۈك،
مەن ۋاپادارىڭنى ئۆلتۈرمەك نىچۈك.
گەرچە مەن بولغاندىمۇ دۈشمەن ساڭا،
بۇنچىلا خارزار ئۆلتۈرمەك نىچۈك.

بۇنى ئاڭلىغان شىر يىغلاپتۇ ۋە كۆڭۈل رەنجى تېخىمۇ ئارتىپتۇ.

دىمنە ئۇزاقتىن شىردىكى پۇشايمانلىق ئەسىرىنى كۆرۈپتۇ ۋە نادامەت ئالامىتىنى ئۇنىڭ پېشانىسىدە روشەن پەملەپتۇ. ئانغىچە كەلىمە بىلەن بولغان گەپنى ئۈزۈپلا شىرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— جاھانپانا شاھىم! ئەندىشە ۋە ئويلىنىپ قېلىشلىرىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟ بۇنىڭدىنمۇ مۇبارەك كۈن بولامدۇ؟ چۈنكى پادىشاھىمىز نۇسرەت تېپىپ دۈشمەن تۇپراق بىلەن باراۋەر بولدىغۇ؟

— ھەرقاچان شەنزەبەنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىنى، دانىشمەنلىك ۋە ئىش بىلەرمەنلىكلىرىنى يادىمغا كەلتۈرسەم، يۈرىكىم ئېزىلىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ شىر، — ئەنە شۇنداق چاغلاردا ھەيرانلىغىم ئاشىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ يۇقىرىلارغا پۇشتى پانا ۋە لەشكەرلەرگە يار-يۆلەك بولغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ جاھان ئىشلىرىغا قىلغانتى كۆپ ياخشى قارار،
كەتتى ئۇ، بولغان ئىدى بۇ خانىمىزگە ئۇستىۋار.

— ئۇ كۆپرانى نىمەت مەككارغا رەھىم قىلىشنىڭ ئورنى يوق، — دەپتۇ دىمىنە، — بەلكى ئۇنىڭ يوقالغىنىغا شۈكرى ئېيتىش كېرەك. ئاللاتائالانىڭ سېخىيلىقى بىلەن، پادىشاھىمىزغا بۇ زەپەر ۋە نۇسرەت يار بولدى. بۇ شۇنداق مۇبارەك بىر غەلىبىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىپتىخارلانماق لازىم.

بۈگۈن ياخشى بەختىم بېرۇر بىشارەت،
مىرادىمنىڭ گۈلى كۈلۈر شۇ سائەت.

— ئەي ئالەم پانا شاھ! ئۆزى خاتىرجەم بولالمايدىغان كىشىگە رەھىم قىلىش خاتادۇر، دۈشمىنىنى گور زىندانىغا ھەپسى قىلماق ئاقىللارنىڭ ئىشىدۇر. قولىنىڭ بارمىقى گەرچە قولغا زىننەت بولسىمۇ، ئەگەر ئىلان چېقىپ زەخمىدار قىلىپ قويغان بولسا، قالغان بەدەنىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، ئۇنى كېسىش كېرەك ۋە ئۇ كېسىشنى راھەت دەپ بىلىش كېرەك.

دۈشمىنىڭ ئۆلگەنگە ھەرگىز ئەرزىمەس دات ئەيلىمەك،
ياخشىدۇر ئۇنداق ئۆلۈمگە خاتىرىڭ شات ئەيلىمەك.

شىر بۇ سوزلەردىن بىر ئاز ئارام تېپىپتۇ. ئەمما روزىگار ئاخىر ئوكۈزنىڭ ئىنتىقامىنى ئاپتۇ ـ دە، ئاقىۋەت دىمىنە رەسۋا بولۇپ يامان قىلىقلىرى بەرگەن مىۋىنى يەپتۇ. يەنى ئوكۈزنىڭ قىساسى ئۈچۈن، شىر ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ھىلە ـ مىكىر ۋە ئالدامچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى ھەمىشە مانا شۇنداق يامانىدۇر. ھىلە ۋە يامان نىيەتلىكنىڭ خاتىمىسى نامۇبارەك ۋە زىياندۇر.

مىكىرنىڭ شۇملۇقى تەگەر مەككارغا،
پايدا بەرمەس ھىلىسى ئەيىيارغا.
ھىلىگەردىن ياخشىلىق ئۈمىت قىلما،
بولماس ئاچچىق تاۋۇزدىن ئۈزۈم پەيدا.
ئارپا تېرىپ دەشت باياۋانلار ئارا،
"بۇغداي ئوراي" دىمە پىشقان چېغىدا.
دانىشمەندىن ئاڭلىغانىم بىر نەدا:
"ھەرنە قىلساڭ ئاڭا تاپقايسەن جازا".
كورگۈسى ئىككى جاھاندا ياخشىلىق،
كىمكى بولسا خۇيى يۇمشاق خۇش قىلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب

# يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ جازاغا ئۇچرايدىغانلىغى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ شۇملۇغى توغرىسىدا

راي شۇنداق دەپتۇ:

— ھىلە ئىشلىتىش ئارقىلىق راستلىقنىڭ جامالىنى ئەگ- رىلىك خالى بىلەن ياپقان يالغانچى ۋە چېقىمچىلارنىڭ قىسسىنى ئاڭلىدىم. ئۇ ئۇزىگە ئاتىدارچىلىق قىلغان خوجىسىنى مۇرۇۋۋەت كوچىسىدىن چىقىرىپ، بىۋاپالىق ۋە بەتنامىلىقتا مۇتتەھەم قىلىپتۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ ھىلىلىرى شىرغا ئەسەر قىلىپ شىر ئوز شەۋكىتىنى سۇندۇرۇش ۋە دولەت ئويىنى خاراپ قىلىشقا ھەركەت قىلىپتۇ. ئەگەر دانىشمەن ھەكىم مۇۋاپىق كورسە، دىمنەنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىغىنى ۋە شىر ئۇ ۋەقەدىن كېيىن دىمنەگە بەدگۇمان بولۇپ قايسى ئۇسۇل بىلەن چارە قىلغانلىغىنى، ھەمدە ئۇنىڭ ھىلە- مىكىرلىرىدىن قانداق ۋاقىپ بولغانلىغى، دىمنەنىڭ قانداق ئوزرىلەرنى كورسەتكەنلىكى، ئوزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن نىمىلەرنى قىلغانلىغى ۋە ئىشى قانداق سەرەمجانلانغانلىغىنى بايان قىلسا بولاتتى.

ھەكىم شۇنداق دەپتۇ:

پادىشاھىم، مەملىكەت ھەم ئەلگە بولغايسەن پانا،
شەپقىتىڭ خۇددى چىراقتەك پارلىسۇن ئالەم ئارا.

— تەپەككۇر قائىدىسى ۋە ئېھتىيات شۇنى تەقەززا قىلىدۇكى، پادىشاھلار بىرەر سۆزنى ئاڭلىسا ئۇرۇندىن قىمىرلىماسلىقى كېرەك ۋە تاكى شۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىگە تەئەللۇق ئېنىق دەلىل بولمىسا ھۆكۈم قىلماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا، ئەگەر غەرەزلىكلەرنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، بىرەر ناماقۇل ئىش ۋۇجۇتقا كېلىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ چارىسىنى شۇنداق قىلىش كېرەككى، ئۇ غەرەزگۆيغا باشقىلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشىغا سەۋەپ بولۇپ، ئاشۇ ئازاپ - ئوقۇبەتنىڭ قورقۇنچىسىدىن ھېچكىم ئۇنداق ئىشقا قەدەم قويالمىغۇدەك دەرىجىدە بىر نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ھەممەيلەننى ئۇ ئىشتىن مەنئى قىلىش كېرەك.

پۈتەر بولسا ئەگەر خار يىقىتقىن شۇ دەرەخنى،
پىشقان بولسا مېۋىسى ئېگىۋەرگىن ئۇ شاخنى.

بۇ سۆزنىڭ مىسالى شىر ۋە دىمنەنىڭ ھېكايىسىدۇر. يەنى شىر دىمنەنىڭ مەككارلىقى ۋە خىيانىتىدىن ۋاقىپ بولۇپ ۋە ھىيلە - مىكىر، پىتنە - پاساتلىرىنى بىلىپ، شۇنداق سىياسەت قىلىپتۇكى، ئۆزگىلەرگە ئىبرەت بوپتۇ. بۇ ھادىسە مۇنداق بوپتۇ:

شىر ئۆكۈزنىڭ ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقىدىن پۇشايمان يەپ، مالامەت بىلەن قولىنى چىشلەپتۇ ھەم غەم بىلەن سوغۇق ئاھ تارتىپ، خىيال سۈرۈپتۇ: بۇ ئىشتا زادى نېمىشقا كۆپرەك ئويلاپ باقماي، تەدبىر بىلەن ئىش قىلماي، ئالدىراپ كەتتىم؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىزگىنىمنى بەردىم ھاۋا ئىلكىگە،
ئەقىل بىلەن پەمنى خاتا ئىلكىگە.
كېيىن بىلدىم، لېكىن ئاندىن نەپايدا،
ئۆز يارىمنى بەردىم پانا ئىلكىگە.

شۇندىن بېرى كۆڭلى مالاللىق بىلەن ئۆتىدىغان بوپتۇ. شىرنىڭ خاپىلىقى تۆپەيلىدىن لەشكەر ۋە پۇقرالارغىمۇ خاپىلىق يۈزلىنىپ، ھەممىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپتۇ.

ئۆتلۈق ئاھتىن بارچە دىل لالىدەك باغرى قارا،
كىمگە ئەي سالسام نەزەر مۇشۇ دەرتكە مۇپتىلا.

شىر تولا ۋاقىتلاردا شەنزەبەنىڭ خىزمەت قىلغانلىرىنى ۋە قىلغان مۇلازىمەتلىرىنى يادلاپ، ئۇنىڭ پەرىشانلىقى تېخىمۇ زىيادە بولىدىكەن. ئۇنداق چاغلاردا، شىر ئۆز مۇلازىملىرىنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاش بىلەن كۆڭلى بىر ئاز تەسەللى تاپىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شىر مۇلازىملىرىنىڭ بىرەرسىنى قېشىغا چاقىرىۋېلىپ، جايىنى خالى قىلىپ، ئۇلاردىن گەپ - سوز ۋە ھېكايىلەرنى سورايدىكەن. بىر كۈنى كەچتە ئۇ بىر يولۋاسقا سوز تاشلاپ، كوڭۇل كويۇكلىرى ۋە خاتىرى پەرىشانلىقلىرىنى بايان قىلىپتۇ.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ يولۋاس، — ئۆتكەن ئىشلارغا چارە قىلىشقا تەدبىر قولىمۇ قىسقا كېلىپ قالىدۇ. ئۇنى تولا ئويلاۋېرىشمۇ ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس.

ئاتقان ئوقنىڭ قايتىشى مۇمكىن ئەمەس،
ئۆز ئورنىغا بۇ ئىشمۇ قايتىپ كەلمەس.

ھەرقانداق كىشى بۇنداق قولغا كەلمەيدىغان ئىشقا قەدەم

قويسا، ئۇنى ئۇمىت قىلىپ يۈرۈپ، قولىدىكى نەق نەرسىنىمۇ قولدىن كېتىش ئېھتىمالى بار. بۇ خۇددى قولغا كەلمەيدىغان سېمىز توخۇنى ئالىمەن دەپ، ئاغزىدىكى غەنىمەت تېرىسنى ساغا ئالدۇرۇپ قويغان تۈلكىنىڭ ۋەقەسىگە ئوخشاش ئىش بولىدۇ.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— بىر ئاچ تۈلكە، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ يولۋاس.

## ھېرىسخور تۈلكىنىڭ ھېكايىسى

بىر ئاچ تۈلكە ئوزۇق ئىزلەپ توشۇكتىن چىقىپتۇ ۋە ھېرىس ھەم ئاچلىق قەدىمى بىلەن ھەر تەرەپكە سوكۇلداپ كېتىپ بارسا، تۇساتتىن بىر نەرسىنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭ بۇرنىغا پۇراپتۇ. تۈلكە شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، بېرىپ قارىسا، ياۋا ھايۋانلاردىن بىرى گۆشىنى يەپ بولۇپ تاشلىۋەتكەن بىر پارچە تېرە ياتقان ئىكەن. ئاچ تۈلكىنىڭ ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا كوزى روشەن بولۇپ، پۈتۈن بەدىنىگە سۆيۈنچ قۇۋۋىتى كىرىپتۇ.

دىلبىرىم بۇيى دىماغىمغا يۈگۈردى ناگاھان،
ئۆلگەن ئىدىم كىردى بۇ ۋەيران تەن ئىچرە يېڭى جان.

تۈلكە ئۇ تېرىنى تەسەررۇپ چاڭگىلىغا ئېلىپ، ئۇۋىسىغا يۈزلىنىپتۇ.

قولغا ئەگەر كىرسە يار،
خىلۋەت ياخشى بارچىدىن.

ئۇ تېرىنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ، بىر كەنتنىڭ بىر چېتىگە كوزى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە ئۇ يەردە دانلاپ يۈرگەن سېمىز تو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇلارنى كورۇپتۇ. زېرەك ئىسملىك بىر ئوغۇل بالا توخۇلاردىن خەۋەر ئېلىپ يۈرگەن ئىكەن. تۇلكىنىڭ توخۇ يېيىش ئىشتىھاسى ھەركەتكە كەپتۇ - دە، توخۇلارنىڭ بېشىنى چايناش خىيالىدا تېرە چايناش زوقىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر چىلىبورە ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ تۇلكىدىن سوراپتۇ:

— ساڭا نىمە ھادىسە يۈز بەردى بۇرادەر؟ بەكمۇ تېپىر - لاپ قاپسەنغۇ؟

— ماڭا ئۇزەمنىڭ خاھىشىمغا مۇۋاپىق نىمەت ئۇچرىدى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ تۇلكە، — ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسىدا نەپسىم ئاززۇ قىلىدىغان نەرسىلەر تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ.

بېشىدىن تا ئاياق روھى مۇجەسسەم،
بۇنىڭدەك ياخشى روھ ئالەمدىدۇر كەم.

نەچچە ۋاقتتىن بېرى ئاچلىق بالاسى ۋە ئاچارچىلىق ئازاۋىغا گىرىپتار بولغان ئىدىم. بۇگۇن رىزق خەزىنىچىسى ماڭا بىر پارچە تېرە بەردى. ئەمدى مانا بۇ توخۇلارنى كوردۇم. ئىشتىھايىم جازىبىسى ئۇلاردىن بىرنى قولغا كەلتۇرۇپ، ئاززۇ دىمىغىنى ئۇنىڭ گوشى بىلەن تاتلىق قىلىشىمنى تەقەززا قىلدۇ.

ئەيشىم ئاچچىقتۇر كوڭلۇم خوشلايدۇ شېكەر،
قىلسا شەرۋەت مەرھەمەت شىرىن لېۋىدىن دىلبەر.

— ھەيھات، ھەيھات؟ — دەپتۇ چىلبورە، — نەچچە كۇنلەر بولدى، مەنمۇ ئاشۇ توخۇلارنىڭ قەستىدە يۇرۇۋاتىمەن. ئەمما، ئاۋۇ ئوغۇلىنى كوردۇڭمۇ؟ ئۇ توخۇلارنى شۇنداق مۇھاپىزەت قىلىۋاتىدۇكى، خىيال ئوۋچىسى ئۇنىڭ قورقۇنچىسىدىن ھېچ

قايسىسىنىڭ سۈرىتىنى تەسەۋۋۇر دامىغا چۈشەرەلمەيدۇ ۋە تەپەككۇر تەقەززاسى ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قولى تىترەپ، ھېچقايسىسىنى ئالماق نەقىشىنى خىيال لەۋھەسىگە يازالمايدۇ. مەن مۇشۇ ئارزۇدا قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئۆمۈر كەچۈرۈۋاتىمەن. سېنىڭ ئاغزىڭدا نەق بىر پارچە تېرە بولغانىدىن كېيىن، شۇنى غەنىمەت بىلىپ، بىھۇدە تامادىن ۋاز كەچسەڭچۇ؟

قولۇڭدا بارىغا قانائەت قىل بەس،
ئۇندىن ئارتۇقنى يەنە قىلما ھەۋەس.

— ھەي بۇرادەر، — دەپتۇ تۈلكە، — مۇرات ئاسمىنىغا چىقىش مۇمكىن بولغان ھالدا، تۆۋەن ۋە پەس جايدا تۇرۇش ھىممەتسىزلىكتىن بولىدۇ. راھەت چىمەنزارلىقىدا ئىشرەت گۈلىنى تاماشا قىلىشقا قۇدرىتى يار بەرگەن تۇرۇقلۇق، مېھنەت تىكەنلىكىگە قەدەم قويۇش جۈرئەتسىزلىكتىن بولىدۇ.

كۆڭۈللۈك ئىشرەتكە چىقماق بولسا ئەگەر ئېھتىمال،
خارلىق تۇپراغىدا تۇرماق بولغۇسىدۇر چوڭ ئۇۋال.

مېنىڭ ئالىي ھىممىتىم ئاشۇ يېڭى ۋە سېمىز گۆشتىن ئۈمىت ئۈزۈپ، مۇشۇ سېسىق ۋە بىمەزە تېرىگە قانائەت قىلىشقا يول قويمايدۇ.

— خام تاما ھېرىسقا ھىممەت دەپ ئىسىم قويۇۋاپسەن ۋە تاماغا غەيرەت دەپ لەقەم قويۇپسەن. تاما ھايا پەردىسىدىن چىقىرىدۇ. ھەسەت دىندىن چىقىرىدۇ.

ھەسەت دىندىن چىقىرار، غەزەپ ئەقىلنى قاچۇرار،
يالغانچىلىق ياخشىنى، تاما ھايانى ئۇچۇرار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن راھەتنىڭ قانائەتتە، غەيرەتنىڭ دەرۋىشلىكتە ئىكەن-لىكىدىن بىخەۋەر ئىكەنسەن. ئەزەلدە كىشىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن رىزقىغا قانائەت قىلىشتىن ياخشى ئىش يوق. ئارتۇقنى تىلەش تەرىپىگە ئۆرۈلمىگىن.

رىزق بولغاندۇر مۇقەررەر ھەم مۇئەييەن سائىتى،
كەلمىگەي ئۇندىن بۇرۇن ياكى كېيىن ھەم مۇددىتى.

مەن سېنىڭ ئۆز تەقسىماتىڭدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلىشىڭ نەتىجىسىدە، تاپقان تېرەڭمۇ قولدىن كېتىپ، بىر يولىلا مەھرۇم ۋە شىكەستە دىل بولۇپ قالمىغىيدىڭ دەپ ئەنسىرەيمەن. سېنىڭ ئەھۋالىڭ خۇددى قۇيرۇقسىز ئىشەكنىڭ قۇيرۇق ئىزلەپ، قۇلىقىنىمۇ نابۇت قىلغىنىغا ئوخشاش ئىش بولۇپ قالدى، — دەپتۇ چىلبۆرە.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ تۈلكە.

چىلبۆرە سوزلەپ بېرىپتۇ:

بار ئىدى بىر چوڭ ئىشەك قوسىقى توق،
بارچە ئەزاسى دۇرۇس، قۇيرۇغى يوق.
بىر كۈن چېكىپ ئۇ تولا نالەيۇ ئاھ،
قۇيرۇق ئىزلەپ تالاغا چىقتى ناگاھ.
كەتكەچ ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىختىيارى،
بىر زىرائەت ئىچىگە بېرىپ كىردى.
ئۇندا دىخان بار ئىدى، ئۇنى كوردى،
بېرىپ ئىككى قۇلاقنى راسا ئۇردى.
قۇيرۇق تاپاي دەپ چىققان ئىدى ئىشەك،
ئىككى قۇلاقنىمۇ يوق ئەتتى بىشەك.

ھەددىن ئېشىپ ھەركىشى قەدەم قويسا،
تاپار بىرىپ ئاخىرى شۇنداق جازا.

لېكىن تۈلكە ناھايىتى بەك ھېرىس بولغانلىقىدىن چىلبورىنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلماپتۇ.

چۈشتى باشىمغا مېنىڭ زارىمغا يەتمەكتىن خىيال،
مېنى ئۆندىن مەنئى قىلماقلىق ئىرۇر پىكرى مەھال.

ــ سەن تاماشا قىلىپ تۇرغىنا، مەن ئۇ توخۇلارنى ھىلە بىلەن قانداق تۇتىدىكەنمەن ۋە تەسەررۇپۇم دامىغا قانداق چۈشۈرىدىكەنمەن قېنى، ــ دەپتۇ تۈلكە ۋە ئۇ تېرىنى تاشلاپ، توخۇلار تەرەپكە يۈزلىنىپتۇ. چىلبورە ئۇ بىغەرەزگە ئۇزىنىڭ قاتتىق نەسىھەتلىرى تەسىر قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز يولىغا كېتىۋېرىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان سايەردە ياتقان تېرىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنى ئولۇپ قالغان جانىۋار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، كوڭلى سۆيۈنۈپ، ئۇنى ئېلىپلا ھاۋاغا ئورلەپتۇ. تۈلكە توخۇ قېشىغا تېخى يەتمەي تۇرۇپلا، زىرەك كەمەنگاھىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ تاياقنى چەنلەپ ئاتقان ئىكەن، تۈلكىنىڭ پۇتى سۇنۇپتۇ. بىچارە تۈلكە جان ئاچچىقى بىلەن يىقىلىپ-قوپۇپ قېچىپ، توخۇ يېيىشىنى تاشلاپتۇ ۋە تېرىنى تاشلىغان يېرىگە ئۇزىنى ئېلىپ، قارىسا تېرىدىن ھېچ ئەسەر كۆرۈنمەپتۇ. پەرىشانلىقى زىيادە بولغان تۈلكە نالە-زار تىلى بىلەن دۇئا قىلماقچى بولۇپ، ئاسمانغا قاراپتۇ، قارىسا سا تېرىنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ:

ئالغان ئىدىڭ، كەلگەن ئىدى ئوڭ،
خاتا كەتتىڭ، ئەمدى ئۆتتۈردۈڭ، ــ

دەۋاتقۇدەك. تۈلكە توخۇنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن دەپ

پۈتى سۇنغانلىقى ھەم تاپقان تېرىسىدىنمۇ قۇرۇق قالغانلىقىدىن ئەلەمى ئېشىپ، بېشىنى يەرگە ئۇرۇۋېرىپتۇ ۋە ئاخىرى مېڭىسى چاچراپ ئۆلۈپتۇ.

بۇ مەسىلىنى كەلتۈرۈشۈمدىن غەرەز شۇكى، پادىشاھىم دۆلەت قەسرىنىڭ بىر يېرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن يىقىتتىلا، لېكىن قالغانلىرىنى ياساشقا مەشغۇل بولمىدىلا. دەرگاھلىرىنىڭ يېقىنلىرى، ئەمىرلەر ۋە سىپاھ بەگلەرنىڭ ئەھۋالىغا پەرۋا قىلمايۋاتىدىلا. بۇ ئىش بىلەن ئۆلگەن شەنزەبە تىرىلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، ھازىر بار خىزمەتكارلار ۋە مۇلازىملارمۇ دەرگاھلىرىدىن يوقىلىدۇ.

شىر ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ سۆزۈڭ ھەقىقەتەنمۇ دۆلەتخاھلىق يۈزىسىدىن قىلىنغان نەسىھەت بولدى. ئەمما شەنزەبە توغرىسىدا مەندىن خاتالىق ئۆتتى. شۇ ئىشقا خاپا بولۇپ، ئۆزەمنى قويۇشقا جاي تاپالمايۋاتىمەن.

— بۇ بۇزۇلغان ئىشنى تۈزەش ئىزتىراپقا چۈشۈش بىلەن ئەمەس، بەلكى توغرا تەدبىر ۋە ئوبدان كېڭىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، — دەپتۇ يولۋاس، — بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىشتا سىلە بۇنداق بىخوتلۇقنى تەرك ئېتىپ، ئىش بىناسىنى تەدبىر ئاساسىغا قويۇپ، شەنزەبەنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرگەيلا ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى تەھقىقلەپ چىققايلا. ئەگەر ئۇنىڭ خۇسۇسىدا يەتكۈزۈلگەن سۆزلەر راست بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ مەككارلىقىنىڭ جازاسى ۋە كۇپرا نېمىتىنىڭ مۇكاپاتىنى ئالغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ توغرىسىدا، ئۇ سادىر قىلمىغان غەلىتە بىر نىمىلەرنى سۆرەتكە كەلتۈرۈپ بوھتان چاپلىغان بولسا، چېقىمچى ۋە يامان غەرەزلىكلەرنى تېپىپ، ئىنتىقام ئوقىغا نىشانە قىلماقلىرى كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق بىر بانا بىلەن بولسىمۇ يامانىنى يوق قىلىش ياخشى ئىش.

— سەن مەملىكىتىمىزنىڭ ۋەزىرىسەن، — دەپتۇ شىر، — مەن

ھازىرقى پەيتتە سېنىڭ تەدبىرىڭگە ئىشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن. قانداق قىلساڭ شۇنداق قىلىپ، ئەقلىڭ تەقەززا قىلىۋاتقان بۇ ئىشنى ئوڭلىغىن ۋە مېنى بۇ ئىزتىراپ گىرداۋىدىن چىقارغىن.

يولۋاس ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە، بۇ مۇھىم ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى پادىشاغا روشەن قىلىپ، ياخشى تەھقىقلەپ، خەۋىرىنى بېرىشكە ۋەدە بېرىپتۇ.

بىلىڭ شاھىم چىقىراي، قىلىپ پىنھانىنى ئايان،
خۇددى خېمىر ئىچىدىن قىل سۇغارغاندەك ئاسان.

شىر بۇ ۋەدىدىن بىر ئاز تەسەللى تېپىپتۇ، يولۋاس بولسا شىردىن ئىجازەت ئېلىپ، ئۆز ماكانىغا قايتىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا كەلىلە ۋە دىمنەنىڭ ئۆيىگە كوزى چۈشۈپتۇ ۋە ئوتۇپ كېتىۋېتىپ قۇلىقىغا چىڭ-چىڭ سوزلىگەن گەپلەر ئاڭلىنىپ قالغاچقا، توختاپ پەخەسلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بەس-مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. يولۋاس ئىلگىرىدىنلا دىمنەدىن گۇمان قىلىپ يۈرگەن ئىكەن. ھازىر بولسا كەلىلىنىڭ غەزەپ بىلەن خىتاپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ گۇمانى تېخىمۇ ئېشىپتۇ-دە، يېقىنىراق بېرىپ، تامنىڭ كەينىدىن ئۇلارنىڭ ماجىراسىغا ھوش قۇلىقىنى ئاچقان ئىكەن، مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ:

"ھەي دىمنە، — دەۋاتقان ئىكەن كەلىلە، — بەكمۇ چوڭ ئىش قىلدىڭ مانا! ئاخىرى ئۆزەڭگە ئېغىر يۈكنى يۈكلىدىڭ. پادىشانىڭ ۋەدىسىنى سۇندۇردۇڭ ھەم ئۇنى خىيانەتكار، بىۋاپا دەپ ئات كوتەرتتىڭ. لەشكەرلەر ئارىسىدا پىتنە ۋە توپىلاڭ ئوتىنى تۇتاشتۇردۇڭ. ئەمدى بۇ ئىشىڭنىڭ ساڭا ناھايىتى تېز جازاسى تېگىدۇ. ئەمدى قانداقىراق جازاغا ئۇچرارسەنكىن دەپ قورقىمەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىمكى تارتسا كىشكە زۇلۇم تىغى،
چەرخ ئۇنىڭ بىرلە ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈسى.

تاغ ئەھلى سىنىڭ بۇ يامان ئەمەللىرىڭدىن ۋاقىپ بولىدىغان بولسا، ھېچقانداق ۋەجە بىلەنمۇ سىنى ئەپۇ قىلمايدىغانلىقىنى ۋە بەلكى ھەممىسى بىرلىكتە ساڭا ئازاپ ـ ئۇقۇبەت قىلىشقا ھەم سىنى ئۆلتۈرۈشكە ھەركەت قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سەن بىلەن ھەمخانە بولۇشۇم خوپ ئەمەس.

قاچ يامانىدىنكىم يامانىنىڭ سوھبىتى،
قىلغۇسى بولساڭمۇ پاك ئىپلاس سىنى.
كۈن يۈزى گەر بەرسىمۇ ئالەمگە نۇر،
نۇرى چىقماس، بىر بۇلۇت توسسا ئۇنى.

مېنىڭ سەندىن يىراق بولۇشۇم زورۇر بولۇپ قالدى. سەنمۇ بۇندىن كېيىن مەن بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتىن ئۈمىدىڭنى ئۈزگىن. ئەمدى مەندىن ساڭا ھەرگىز دوستلۇق ۋە ھەمسوھبەتلىك كەلمەيدۇ."

"ئەي ئەزىز دوستۇم، — دەپتۇ دىمنە، —

ئەگەرسەندىن كۆتەرسەم مېھرىنى ياكى كۆڭۈل ئۈزسەم،
سىلىپ مېھرىمنى مەن كىمگە كۆڭۈلنى كىمگە باغلايمەن.

يىراق توغرىسىدا ئويلىما ۋە مېنى سوھبىتىڭدىن مەھرۇم قىلما. شەنزەبەنىڭ ئىشىدا ماڭا مالامەت قىلما. ئۆتكەن ۋەقەنى يادىغا كەلتۈرمەك كىشىگە مالال بولۇشقا سەۋەپ بولىدۇ. بۇ بوزۇق خىيالنى كاللاڭدىن چىقىرىۋېتىسىپ، شاتلىق ۋە پاراغەتكە يۈزلەنسەڭچۇ! دۈشمەن يوقلۇق يولىنى تۇتتى ۋە ئارزۇ ھاۋاسى

شۇبھە غۇباردىن ساپ بولدى. مۇرات ساقىسى راھەت شارابىنى شاتلىق قەدەھىگە قۇيدى ھەم مەقسەت ئىشىگى بەخت يۈزىگە ئېچىلدى ۋە ئۈمىت غۇنچىسى خوشلۇق چىمەنىدە ئېچىلدى.

ساقىيا ئەندىشە قىلما دوست ۋە دۈشمەن ئىشىدىن،
بىر قەدەھ تۇت شۇ زامانكىم، كەتتى دۈشمەن كەلدى دوست."

"ھەي ئەخمەق، — دەپتۇ كەلىلە، — شۇنداق ئىشلار ۋۇجۇتقا كەلدىكى، مۇرۇۋۋەت يولىدىن ئازدىڭ ۋە مەككارلىق تىشىنى بىلەن ئىشەنچ تېمىنىڭ تۈۋىنى كولىدىڭ. شۇنداق تۇرۇپ، پارىغەتتىن كۆز تۇتۇپ سالامەتلىكتىن ئۈمىتۋار بولۇۋاتامسەن تېخى؟ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشنى ئويلاپ، خام تامادا يۈرۈپسەن!"

"مەنمۇ خىيانەتنىڭ شۇملۇغىنى ۋە چېقىمچىلىق قىلىشنىڭ يامانلىغىنى بىلەتتىم، — دەپتۇ دىمنە، — مەندە مەنسەپ ۋە ئورۇن، مال ۋە دۇنيا مۇھەببىتى ناھايىتى غالىپ كەلگەچكە بۇنداق يامان ئەمەلگە قەدەم قويغان ئىدىم. شۇڭلاشقىمۇ مانا بۇ ھالغا چۈشتۈم. ئەمدى بۇ ئىشنى قانداق قىلسام بولىدىغانلىغىنى بىلمەيمەن ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا بىرەر تەدبىر كۆزلىيەلمەيمەن. بۇ ئىشىمنىڭ چارىسى تەدبىردىن تاشقىرى بولۇپ قالدى-دە!"

يولۋاس بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىنى بىر ئاز چۈشەنگەندەك بولۇپتۇ ۋە دەرھال شىرنىڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي مەلىكەم، زورۇرىيەت بولمىسا كىشىگە پاش قىلماسلىقتا ۋەدە بەرسىلە، سىلىگە بىر سىرنى ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ. شىرنىڭ ئانىسى ماقۇل بولۇپ ۋەدە بېرىپتۇ. يولۋاس شۇندا، كەلىلە بىلەن دىمنە ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بايان قىلىپتۇ. شىرنىڭ ئانىسى بۇ ھادىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەپسىلاتىنى ئاڭلاپ ئەجەپلىنىپتۇ ۋە ئەتىسى شىرنى كورگىلى بېرىپتۇ. قارىسا شىر ناھايىتى غەمكىن ئولتۇرغان ئىكەن.

— بۇنداق ئويغا پېتىپ، ھەيرانلىقتا چۈشۈپ قېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ شىر ئانىسى.

تولۇن ئېيىڭ بولدى نىمىشقا ھىلال،
راۋان سەرۋىڭ بولدى نىمىشقا نىھال.
بولدى غۇسسەڭ قايسى ئىشنىڭ بەھرىدىن،
نالىشىڭ ھەم قايسى كىشى قەھرىدىن.

— مالاللىغىمنىڭ سەۋەبى، شەنزەبەنى ئولتۇرگىنىمدىن ۋە ئۇنىڭ ياخشى، ساپ ئەخلاقى يادىمغا يەتكىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ شىر، — ھەرقانچە ھەركەت قىلىپ باقسامۇ، ئۇنىڭ سوزلىرى خاتىرىمدىن كوتىرىلمەيدۇ ۋە يادى كوڭلۇمدىن نېرى كەتمەيدۇ.

تەڭرى ھەققى بولمىدىڭ بىردەم خىيالىمدىن نېرى،
ئىلگىرى بولساڭمۇ نېرى، ئەمدى بولماسمەن نىتەي.
"ئۇنتۇغىن مېنى" دىگەن سوزۇڭنى ئېيتما دىلرەبا،
قانچە قىلسام خىزمىتىڭنى ئۇنتۇيالماسمەن نىتەي.

ھەرقاچان مەملىكەت ئىشلىرىنى ئويلايدىغان ۋاقتىمدا بىر مېھرىۋان نەسىھەتچى، شەپقەتلىك مۇخلىس ۋە ۋاپادار يارغا ئېھتىياجىم چۈشسە، شەنزەبە خىيالىمغا توغرا كېلىدۇ ۋە ماڭا "خىزمەت ئەركانىدا ھەم مېھرۇ ۋاپا ئايۋانىدا ھەرقانچە ئىستىسەڭمۇ، مېنىڭدەك دوستنى ھەرگىز تاپالمايسەن" دىگەندەك قىلىدۇ.

— يېقىنلىق يۈزىنى شەك زۇلمىتىگە غالىپ قىلىشتا ھېچقانداق گۇۋا پاك كوڭۈلدەك بولالمايدۇ، — دەپتۇ شىرنىڭ ئانىسى، —

سوزۈگەننى شۇ مەلۇم بولۇۋاتىدۇكى، كوڭلۇڭ شەنزەبەنىڭ بىگۇنا-
لىقىغا گۇۋا ئىكەن. ھەرقاچان ئۇنى ئولتۇرۇشۇڭ روشەن دەلىل
ۋە راست گۇۋاسىز بولغاچقا، ھەسرەت ۋە پۇشايمىنىڭ زىيادە
بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن ساڭا يەتكۈزۈلگەن سوز-
لەرنى تەپەككۇر قىلىپ، غەزىۋىڭنىڭ ئاساۋ ئېتىنى سەۋرە يۇگىنى
بىلەن تارتقان بولساڭ ۋە ئەقلىڭ روشەنلىگى بىلەن گۇمان
قاراڭغۇلۇغىنى يورۇتقان بولساڭ، مانا مۇشۇ پەيتتە ئۇزەڭ-
نى نادامەت دامىغا چۇشۇرمىگەن بولاتتىڭ ۋە شاتلىق دەپتىرىنى
يوقىلىش تەكچىسىگە يىغىشتۇرۇپ قويمىغان بولاتتىڭ.

سەۋرە قىل، ئالەم ئىشنى ئاستا قىل،
ئىش قىزىقلىق بىرلە پۈتمەس بۇنى بىل.
شام يورۇغاچ بەكمۇ قىزىقلىق بىلەن،
ئوزى كويەر، كويگۈسى پەرۋانە ھەم.

— ھەي ئانا، — دەپتۇ شىر، — قانداق قىلاي؟ بۇ ئىشتا نەپ-
سىم ئەقلىم ئۇستىدىن غەلىبە قىلدى ۋە غەزەپ ئوتى يۇۋاشلىق
ئويىنى كويدۇردى. شۇڭا ماڭا غەپلەتتە قىلىشتىن باشقا چارە بولماي
قالدى. ئەمدى ھەممىدىن يامىنى شۇكى، پۇقرالىرىم مېنى مالا-
مەت ئوقىغا نىشان قىپتۇ. بىۋاپالىق ۋە زالىملىق قۇرئەسىدە مې-
نىڭ ئىسمىمنى چىقىرىپتۇ. مەن شەنزەبەنىڭ خىيانەتچى ئىكەنلە-
گىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ گۇنايىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، مۇشۇ ۋاستە
ئارقىلىق خالايىقنىڭ تەنە ۋە مالامىتىدىن قۇتۇلاي دەپ قانچە
ھەركەت قىلساممۇ، ھىچ ۋەجە بىلەن مۇيەسسەر بولالمايۋاتىمەن.
ھەر قانچە كوپ تەپەككۇر قىلسام، گۇمانىم ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا
تولاراق گۇۋالىق بېرىدۇ-دە، نادامىتىم ئاشىدۇ. بىچارە شەنزەبە
ھەم ياخشى تەدبىرلىك ئىدى، ھەم كوزى بىر ئىشنى پەرق ئېتە-
لەيدىغان ئىدى. بۇنداق ياخشى سۇپەتلىرى بىلەن ئۇنى ھەسەت

قىلدۇ دېسە قامالاشمايتتى ۋە بۇنداق كىشىنىڭ كاللىسىدا بۇزۇق سودانىڭ بولۇشى ناتايىن ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا قارشى چىقىپ مەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا شەپقەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەت كۆرسەتىشتە ئۇنىڭ ئاداۋەت ۋە خۇسۇمىتىگە سەۋەپ بولغۇدەك ھېچقانداق نۇقسان قىلمىغان ئىدىم. ئەمدى كۆڭلۈم شۇنى خالاۋاتىدۇ: بۇ ئىشنى ياخشى پەخەس بولۇپ، ئىش ھەقىقىتىنى روشەن خەۋەرلەر بىلەن راست ئاڭلاپ باقسام، بۇ ئۇسۇل چوڭ پايدا بەرمىگەن ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم تەسەللى تېپىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. ئۇندىن باشقا چېقىمچى، ئالدامچىلارغا ئەدەپ بەرسەم، ئاندىن ئۆزەم خالايىق ئالدىدا قوبۇل بولىدۇ. ئەگەر سەن بۇ توغرىدا بىرەر گەپ-سۆز ئاڭلىغان بولساڭ، يا بىرەر خەۋەر ئىشىتكەن بولساڭ، ئۇنىڭدىن مېنىمۇ ئاگاھ ئەيلىشىڭ لازىم.

شۇندىن كېيىن شىرنىڭ ئانىسى شۇنداق دەپتۇ:

بىر يارامىلىق سىر گۆھەرنى يوشۇردى دىل،
لېكىن ئۇنى مىخ بىلەن بەنت ئەيلىدى تىل.

بىر سۆزنىمۇ ئاڭلىغان ئىدىم، لېكىن ئۇنى ئىزھار قىلىشىم جايىز ئەمەس، بىر ئىشتىنىمۇ خەۋەر تاپقان ئىدىم، لېكىن ئۇنى پاش قىلىشىم ئەمدى پايدا بەرمەس. بەزى يېقىن كىشىلىرىڭ ئۇنى پىنھان تۇتۇشۇمنى تەلەپ قىلغان ئىدى، چۈنكى مەرتىلەرنىڭ كۆڭلى سىرلارنىڭ گۆزىدۇر.

سورىدىم مەلىك بىر كىشىدىن: "قايسىدۇر نەجات يولى؟"
جام ئېلىپ ئىلكىگە، ئېيتتى: "سىرنى پىنھان ساقلىماق".

سەنمۇ بىلىسەن، كىشىنىڭ سىرىنى پاش قىلىپ قويماق ۋە سىر

ئىپتىداق كاتتا ئەيىپ ۋە چوڭ نۇقساندۇر. ئەگەر ئۇلىمالار بۇن-
داق ئىغۋاگەرلىكتىن پەرھىز قىلىشنى تەكىتلىمىگەن بولسىدى، ھەم-
مىنى ساڭا ئىپتىقان بولاتتىم ۋە ئەندىشە ئەخلەتلىرىنى جىگەر
پارەم بولغان سەن پەرزەنتىمنىڭ كۆڭۈل سەھنىسىدىن پاك - پاكىز
سۈپۈرۈۋەتكەن بولاتتىم.
— ئۇلىما ۋە ھوكۇمالارنىڭ بۇ توغرىدىكى گەپلىرىگۇ ناھايى-
تى كۆپ، — دەپتۇ شىر، — گەرچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سىرنى ئاش-
كارا قىلىشتىن پەرھىز قىلىشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، بۇنىڭدا ئاساسەن
سىر ئىپتىقۇچىنىڭ سالامەتلىكىنى ۋە ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتقان.
ئەمما يەنە بەزىلىرى ئەگەر خەلقى ئالەمگە مەنپەئەتلىك بولىدى-
غان بولسا، سىرنى ئىزھار قىلىشقىمۇ رۇخسەت بەرگەن. ئەگەر
بىر كىشى بىر مۇسۇلماننى ناھەق ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغان بول-
سا ۋە بۇ سىرنى بىر كىمگە بايان قىلىپ ئۇنىڭدىن بۇ سىرنى
پىنھان تۇتۇشقا چىڭ ۋە كۈچلۈك ۋەدە ئالغان بولسىمۇ، ئاڭلىغۇ-
چى ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئېھتىيات قىلىپ ئۆز جېنىنى ئامان ساقلىشى
ئۈچۈن ئۇ سىرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغان بولسا، ھەرقانداق
چاغدا ئۇ كىشى شەرىئەتتە گۇناكار بولمايدۇ ۋە خۇدايىتا-
ئالانىڭ ئالدىدا ئۇقۇبەت كۆرمەيدۇ. بۇنداق چاغلاردا سىرنى مەخ-
پىي تۇتۇش يامانلارغا شىرىكلىك قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ خەۋەرنى
ساڭا يەتكۈزگۈچى سىرنى ساڭا ئېيتىش بىلەن ئۆزى ياقىغا
چىقىپ، بۇ سىرنى پاش قىلغانلىق تۆھمىتىنى ساڭا يۈكلەپ قويۇ-
شىمۇ ئېھتىمال. ياكى مەندىن تارتىنىپ بۇ سىرنى پاش قىلىشتا
سېنى ۋاستە قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئىشقىلىپ، مېنى ئۇنىڭدىن
خەۋەردار قىلغىنىڭ ياخشىراق. بۇ توغرىدا قانچە نەسىھەت ۋە
شەپقىتىڭ بولسا ماڭا كۆرسەتكەيسەن.

سىرىڭنى بايان ئەيلە مەن سىرىڭغا مەھرەممەن،
نازىڭنى ئېرى تاشلا، مەن ئەمرىڭدە بەردەممەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ قىلغان بىشارەتلىرىڭ ناھايىتى ياخشى بولدى، — دەپتۇ شىرنىڭ ئانىسى، — ئەمما سىرنى ئىزھار قىلىشىنىڭ ئىككى ئەيىۋى بار: بىرى، كىشىگە ئۆز سىرىنى ئېيتقۇچى ئۇ كىشىگە دۈشمەنلىك قىلغانلىق بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، خەلق ئارىسىدا ئاغزى بوش دې- گەن بەتنامغا قالىدۇ. بىر كىم سىرىنى پاش قىلىپ قويسا، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىشىنىپ سىر ئېيتمايدىغان بولىدۇ ھەم نەزەردىن چۈشۈپ قالىدۇ. دۈشمەنلەرنىڭمۇ تەنىسگە گىرىپتار بولىدۇ.

نىھان تۇتماققا سىرىمنى، ئەگەرچەندە جىگەر كۆيىدى،
ۋە لېكىن دۈشمىنىم قورقۇنچىدىن ئاغزىمغا موم تىقتىم.

مەن ھوكۇمالارنىڭ: "كىشىنى ئۆز سىرىنىڭ شىرى ئۆلتۈرىدۇ" دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغانمەن. يەنى ئەگەر كىشى ئۆزىنىڭ سىر گوھەرلىرىنى يوقلۇق قۇتىچىسىغا يوشۇرمىسا، ھەرقاچان ئۇ سىر ئۇنىڭ بېشى قەستىگە ئەلەم كۆتىرىدۇ. ھەر كىشى سىرىنى قول- دىن چىقىرىپ قويسا خۇددى بېشىنى تەندىن جۇدا قىلغانغا بارا- ۋەر بولىدۇ. كىشى بېشىنى ساقلاشنى تىلەيدىغان بولسا سىرىنى ساقلىشى كېرەك. سەن تېخى چۇلۋۇردارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغان ئوخشايسەن، ئۇمۇ پادىشانىڭ سىرىنى پاش قىلىپ قويۇپ، ئاقى- ۋەت ئۆز بېشىدىنمۇ ئايرىلغان ئىكەن.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشا بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسى- نى باشلاپتۇ شىرنىڭ ئانىسى.

## پادىشا بىلەن چۇلۋۇردارنىڭ ھېكايىسى

ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشا بار ئىكەن، ئۇنىڭ تەختى ئادالەت زەرلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن ۋە شەپقىتىنىڭ شامى مەملە-

كەت ئەتراپىغا روشەنلىك سالغان ئىكەن.

مۇقامى شاھى جەمشىتتەك، پەرىدۇندەك ھەشەمەتتە،
كۈچ - قۇدرەتتە دارا ھەم ئىسكەندەر شانۇ - شەۋكەتتە.

بىر كۈنى ئۇ شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇ كۈنى ھەممەيلەن ئوۋ-
يا ئالغان بولۇپ، ھەر كىم ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولغان ئىكەن.
— مەن سەن بىلەن ئات چاپتۇرۇشمەن، چۈنكى ئۆزۈن
ۋاقىتلاردىن بېرى، مەن مىنگەن ئات يۈگۈرۈكمىكىن ياكى سەن
مىنگەن ئات يۈگۈرۈكمىكىن، شۇنى بىر بىلسەم بولاتتى دېگەن
گەپ كۆڭلۈمدە بار ئىدى، — دەپتۇ پادىشا ئۆز چۆلۋۇردارىغا. شۇ-
نىڭ بىلەن ئىككىيلەن ئاتقا مىنىشىپتۇ.
ئۇلار خېلى ئۇزاق چېپىشىپ، شىكارغا چىققانلارنىڭ نەزى-
رىدىن يىراقلاشقاندىن كېيىن، پادىشا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ
توختىتىپتۇ. چۆلۋۇردارمۇ توختاپتۇ.
— مېنىڭ بۇ يەرگە ئۇزۇلۇپ چىقىشىمدىكى غەرەز شۇ ئىك-
دىكى، — دەپتۇ پادىشا چۆلۋۇردارغا، — مۇشۇ كۈنلەردە كۆڭلۈمگە
بىر ئەندىشە پەيدا بولۇپ قالدى. خاس خادىملىرىمدىن ھېچقايى-
سىسىغا ئىشەنمىگەنلىكىم ئۈچۈن، مۇشۇ بائا بىلەن جايىنى خىلۋەت
قىلىپ، بۇ سىرىمنى ساڭا ئېيتماقچى بولغان ئىدىم، لېكىن باشقا
كىشى ھەرگىز بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولماسلىقى كېرەك.
چۆلۋۇردار خىزمەت شەرتىنى بەجا كەلتۈرۈپ، تازىم بىلەن
شۇنداق دەپتۇ:

— شاھىم، دەۋران ساڭا پۈرخەندە بولسۇن،
ئاي كۈن بىلەن پەلەك ھەم بەندە بولسۇن.

گەرچە پەقىر قۇللىرى ئۆزەمدە بۇ ئىشقا ھېچقانداق سالا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەيبەت بارلىقىنى كۆرمىگەن بولسامۇ، ئىمارەتلىرىنىڭ ئاپتىۋى ماڭا دۆلەت نۇرىنى چۈشۈرسە، باھار ئەسرارلىرىنىڭ ھەقىقىتىگە مەھرەم بولالايدىغان سابامۇ بۇ چىمەندىن بۇي ئالالمىغاي ۋە ھەتتا كۆڭلۈممۇ سىر ماللىرىغا خەزىنە بولغان ۋۇجۇدۇمدىن بۇ سىرنى بىلىشنىڭ پېيىگە قەدەم قويالمىغاي.

خۇددى پىنھان بولغاندەك تەن ئىچىدە جان،
تۇتارمەن بۇ سىرنى جانىم ئىچرە پىنھان.

ئۇنىڭ سۆزىدىن پادىشانىڭ كۆڭلى خۇش بولۇپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئۆز ئىنىمدىن ئەندىشە قىلىپ قالدىم. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ماڭا قەست قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى خۇي-پەيلىدىن ئاشكارىلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق سەزدىم. ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈشكە بەل باغلاپتۇ. مەنمۇ ئۇنىڭدىن ماڭا زەرەر يېتىشتىن بۇرۇنراق ئۇنىڭ ۋۇجۇت تېشىنى يولۇمدىن كۆتىرىۋېتىش ۋە پەلەك چىمەنلىكىگە ئۇنىڭ ئازار تىكىنىدىن خالاسلىق بېرىشكە ئىرادە باغلىدىم. سەن ھەمىشە مېنى ئاسراشقا ئېھتىيات قىلىشىڭ لازىم.

چۈلۋۈردار پادىشانى ئاسراشقا ۋە ئۇ سۆزنى يوشۇرۇشقا ۋەدىلەرنى بېرىپ قەسەم ئىچىپتۇ. لېكىن تېخى ئۆز مەنزىلىگە يېتىپ بارماي تۇرۇپ بىۋاپالىق قىلىپ، مەككارلىق ۋە خىيانەت كوچىسىغا قەدەم قويۇپتۇ. ئۇ بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ، پادىشانىڭ ئۇكىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىپتۇ. ئۇنى ئاڭلىغان شاھزادە ناھايىتى كۆپ مىننەتدار بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن نىمىسى ئىلتىپاتلارنى ۋەدە قىلىپتۇ ۋە ئۆزىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىپتۇ. ئەنە شۇ يوسۇندا ئازغىنا ۋاقىت ئۆتۈپ، زامانىنىڭ ئادىتى بويىچە پادىشانىڭ دۆلەت باھارى خازانغا ئالمىشىپتۇ-دە، تەخت خالى قاپتۇ. خالايىقلار شاھزادىنى ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

مەملىكەت باغىدا دۆلەت غۇنچىسى خەندان تۇرۇپ،
سەلتەنەت بوستانىغا تىكلەندى بىر يېڭى كۆچەت.

ئۇ تەختكە چىققان كۈنىلا چۇلۇۋۇردارنى ئولتۇرۇشكە ھۆكۈم قىلىپتۇ. بىچارە چۇلۇۋۇردار ناھايىتى كۆپ زارلىنىپ شۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ ئۆزلىرىگە ئىخلاس ۋە تەرەپتارلىقتىن باشقا گۇناھىم يوق ئىدى، پادىشاھىم!

— كىشىنىڭ سىرىنى پاش قىلىپ قويۇشتىنمۇ چوڭ گۇناھ بولامدۇ؟ — دەپتۇ يېڭى پادىشاھ، — ئاكام پۈتۈن دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ئىچىدىن يالغۇز سېنى ئۆز سىرىغا مەھرەم قىلغان ئىدى. لېكىن سەن ئۇنى ئاسرىمىدىڭ، شۇنداق تۇزۇقلۇق يەنە ساڭا ئىشەنگىلى بولامدىكەن؟ بىۋاپا دوست بىلەن بىللە بولغاندىن كۆرە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەن مىڭ ھەسسە ياخشى.

گەر زۇۋانىڭ بولسا ساڭا سىر ساقلىغۇچ،
كارى يوقتۇر بېشىڭ بىلەن قىلىچنىڭ ھېچ.

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، سىرنى پاش قىلىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ.

— ئەي مېھرىۋان ئانا، — دەپتۇ شىر، — ھەر كىم ئۆز سىرىنى پاش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ غەرىزى شۇ سىرىنى ئىزھار قىلىۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس-دە! چۈنكى ئۆز سىرىغا ئۆزى مەھرەم بولالمىساي، ئۆز سىرىنى ئۆزى ساقلىيالمىساي، بىر كىمگە دېگەن بولسا ئۇ يەنە باشقا بىراۋغا دېسە، ئەلۋەتتە ئۇنى مەزۇر تۇتۇش كېرەك. بىر كىشى ئۆزى كۆتىرەلمىگەن يۈكنى باشقىلارمۇ كۆتىرەلمەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئەجەپلىنىدىغان يېرى يوققۇ؟

ئۆز سىرىڭغا بولمىدىڭ ئۆزەڭ مەھرەم،
ئاسرىمىسا ئۆزگىلەر ئەجەپلەنمە.

گەرچە سىرنى پاش قىلىش ئەيىپ بولسىمۇ، ئۇنى ئېيتىش بىلەن ھەقىقەت ئاشكارىلىنىپ، ئەيىپنى يوشۇرىدىغان سىرلارمۇ بولىدۇ. مەن سېنىڭ ھەقىقەتنى سۆزلەپ كۆڭلۈمدىكى غەمنى كۆتىرىۋېتىشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن. ئەگەر ئېنىق ئېيتىشقا ئوڭايسىزلانساڭ كىنايە بىلەن دىسەڭمۇ بولىدۇ، سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئىپادە قىلالمىساڭ ئىشارەت بىلەن سۆزلىسەڭمۇ بولىدۇ.

— مۇشۇ پىتنىنى قوزغاتقان پىتنىخور نابۇكارنىڭ جازاسىنى بېرىشنىڭ شەرتى بىلەن ئېيتسام ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ شىرنىڭ ئانىسى، — شۇ شەرت بىلەنكى ئالىملار ۋە دانىشمەنلەر ئەپۇ قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا بەزى مۇبالىغە سۆزلەرنى ئېيتقان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ كۆزىگە ئەپۇ جامالىنى كۆرسەتمەيسەن. ئالەمگە پىتنە-پاسات پەيدا قىلىدىغان گۇنالار يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنى ئەپۇ قىلىشتىن جازالاش ئەلادۇر. سادىر قىلغان ئۇنىڭ زەررىرى پادىشاغا ئائىت بولغان گۇنالاردا تېخىمۇ شۇنداق. پادىشانىڭ دىيانىتى ۋە مۇرۇۋۋىتىنى مەككارلىق ۋە خىيانەت بىلەن بۇلغىۋېتىدىغان بۇنداق گۇنالاردا، ئەگەر ئىنتىقام ئېلىنمىسا، باشقا پىتنىخورلارمۇ پىتنە-پاسات پەيدا قىلىدىغان ئىشلاردىن يانمايدۇ ۋە بەلكى ھىلىقى بەتقىلىقنىڭ يامان ئىشلىرى بۇلارغا ئۆز ئەمەللىرى ئۈچۈن دەستۇر بولۇپ قالىدۇ. بۇ توغرىدا ئەپۇغا يول بېرىش ياخشى ئەمەس. "قىساس ئېلىنغاندا ھايات ئۈلى مۇستەھكەم بولىدۇ" دىگەن سۆزنىڭ ھۆكمى بويىچە، ئۇنداق چېقىمچىلارنى ئۆلتۈرمەك كېرەك. گېپىمنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، قىساس ئېلىنغاندىلا، قىساس ئېلىنىشتىن قورقۇپ، كىشى كىشىنى ناھەق ئۆلتۈرەلمەيدۇ ھەم زەرەر سېلىشقا پېتىنالمايدۇ.

قىلسا دەۋەت كىشى ئازارىغا ھەر كىمكى سېنى،
مەملىكەتنىڭ دۈشمىنىدۇر، ئۆلتۈر ئاۋال ئۆزىنى.

بۇ مۇقەددىمىلەردىن كېيىن دىمەكچى بولغان غەرىزىم شۇكى، سىنىڭ ھاياتىڭغا بۇنچىلا غەم-غۇسسىلەرنى سالغان مەككار دىمىنەدۇر.

— سەن ئەمدى يانغىن، بۇ توغرىدا مەن ياخشىراق پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئويلاپ بېقىشىم لازىم، — دەپتۇ شىر.

شىرنىڭ ئانىسى ئۆز مەنزىلىگە قايتىپ كېتىپتۇ. شىر ناھايىتى كۆپ پىكىر يۈرگۈزگەندىن كېيىن، بارلىق لەشكەر ۋە تاۋابىئاتلارنىڭ ھازىر بولۇشىغا ئەمىر قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق دۆلەت ئەركانلىرى — ئەمىرلەر، ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلىپتۇ. شۇندىن كېيىن، شىر ئانىسىغا كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتىپ كەپتۇ ۋە دىمىنەنىمۇ چاقىرتىپ ھازىر قىلىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى ئۇزۇن پىكىر يۈرگۈزۈپ كېتىپتۇ. دىمىنە ئۆزى ئۈچۈن يۈزىگە بالا ئىشىگى ئېچىلىپ، خالاسلىق يولى باغلانغانلىقىنى سېزىپ، يېنىدا تۇرغان يېقىنلىرىنىڭ بىرىگە ئاستاغىنا دەپتۇ:

— بۇ جامائەتنىڭ بۇنچىۋالا يىغىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى نىمە؟ قانداق ھادىسە يۈز بېرىپتۇ؟ ئەجەپ پادىشا شۇنچىۋالا خىيالغا چۆكۈپ كېتىپتىغۇ؟

— پادىشانى سېنىڭ ھاياتىڭ توغرىسىدىكى خىيال ئەنشۇنداق تەپەككۇرغا سېلىپ قويدى. سېنىڭ خىيانىتىڭ ۋە پىتنە-پاساتىڭ ھەم ئۇنىڭ مېھرىۋان دوستى توغرىسىدا ئېيتقان يالغان سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئاشكارىلاندى. ھىيلە-مىكىرلەر يۈزىدىن پەردە كۆتىرىلدى. ئەمدى كۆز ئېچىپ-يۇمغىچە، ئارىلىقتا، سېنىڭ تىرىك قېلىشىڭنىڭ ئېھتىمالى يوق. سەندەك يامانلىق ئۇچىغىنى ھاياتلىق ھۆجرىسىدا ساقلاشنىڭ ئورنى قالمىدى، — دەپ ۋاقىراپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالغان شىرنىڭ ئانىسى.

— بۇرۇن ئۆتكەن بۇزرۇكلار ھەر بىر ئىشقا بىردىن ھۆكۈم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىشقان ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئاسايىشى ئۈچۈن روشەن يوللارنى پەيدا قىلىپ قويغان. ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن بىرى: "ھەر كىشى جان-دىلى بىلەن پادىشانىڭ خىزمىتىنى قىلسا، ئۇ پادىشاغا يېقىنلىق دەرىجىسىنى تاپارە ئەگەر كىمكى پادىشاغا يېقىنلىق دەرىجىسىگە يەتسە، ئۇنىڭغا پادىشانىڭ دوستلىرى ھەم دۈشمەنلىرى تەڭلا دۈشمەن بولىدۇ. دوستلار ھەسەتتىن، دۈشمەنلەر ئۇنىڭ پادىشانىڭ ئىشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن نەسىھەت ۋە مەسلىھەت بېرەلەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەنلىك قىلىشىدۇ" دېگەندىن ئىبارەت دەپ كېلىپ دېمىنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، تەكىمكى پادىشاغا قانچە يېقىن بولسا، ئۇنىڭ خەتىرى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ھەقىقەت ئەھلى ئۆزىنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە راھىتىنى دەپ، پانى دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ، خۇداغا ئىبادەت قىلىشنى مەخلۇققا خىزمەت قىلىشتىن ئارتۇق بىلگەن. چۈنكى ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا سەھۋە-خاتالىق يۈز بەرمەيدۇ؛ جەۋر-زۇلۇم سادىر بولمايدۇ؛ ياخشىلىققا يامانلىق، تائەتكە ئۇقۇبەت ۋە جازا بېرىش يوسۇنى يوق. ئۇ بارلىق پادىشالارنىڭ پادىشاسىدۇركى، ئۇنىڭ ھوكمى ئادالەتنىڭ سىرتىغا چىقمايدۇ.

تەڭرى ئەدلى بىر يوسۇندا تۇرغۇسىدۇر تائەبەت،
ئۆزگە يەردە گاھ رىزا بار، گاھى بار مەجبۇرىيەت.
يوق ئىرۇر ئۇندا زۇلۇم، گەر بار ئىرۇر بۇندا زۇلۇم،
يوق ئىرۇر ئۇندا غەلەت، گەر بار ئىرۇر بۇندا غەلەت.

خالايىقنىڭ تولا ئىشى خۇدانىڭ سۆيىتىگە خىلاپ ھالدا، كۆپىنچە ئىختىلاپ ۋە بۇلغۇنچىلىك بىلەن ئارىلاشقان بولىدۇ. ئۇلار گايىدا ئازاپ-ئۇقۇبەت لازىم بولغان گۇناكارلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ، گاھى تەربىيەت قىلىش ۋاجىپ بولغان ۋاپادارلارغا قەھرى-غەزەپ يەتكۈزىدۇ. چۈنكى نۇقسان ھاۋاسى

ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىدا غالىپلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن بولىدۇ. شۇڭا خاتا شەيتانى ئۇلارنىڭ خۇي-پەيلىگە خوجايىن، سۆزلىرىدە غەرەز روشەن، ئەمەللىرىدە رىيا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولىدۇ. ياخشى بىلەن يامان ئۇلارنىڭ ئالدىدا تەڭ، پايدا بىلەن زەرەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە باراۋەر كۆرۈنىدۇ. ئەگەر بىر كىم پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ خەزىنىسى بىلەن پادىشانىڭ خەزىنىسىنى تولدۇرۇۋەتسە، پادىشا ئۇنىڭدىن بىر دان ئارپىچىلىق مىننەتدار بولمايدۇ. يەنە بىر كىشى كېلىپ پادىشانى دەشنام قىلسا، پادىشا ئۇنىڭ بېشىنى ئىززەت ئاسمىنىغا چىقىرىدۇ.

بۇنچە نازنى كور يەنە بىرمۇنچە ئىستىغناغا باق،
نەغمە-ساز بولسۇن ئىشىڭ، يا ئۇن سېلىپ زار يىغلىماق.

ئەسلىدىنمۇ مەن مۇلازىمەتچىلىككە يېقىن يولىماسلىقىم كېرەك ئىدى ۋە خىلۋەت بۇلۇڭدىن چىقىپ، كويۇپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايدىغان پادىشا خىزمىتىنى قوبۇل قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى. ھەر كىشى پاراغەتنىڭ قەدرىنى بىلمىسە ۋە خۇداغا تائەت قىلىشنى مەخلۇققا خىزمەت قىلىشقا ئالماشتۇرسا، ئۇنىڭغا ھېلىقى زاھىتقا يەتكەندەك ھادىسە يېتىشى مۇمكىن ئىكەن-دە!

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن، — دەپ سوراپتۇ شىرنىڭ ئانىسى.

— مەسىلىدە كەلتۈرۈلۈشىچە، بىر زاھىت، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ دېمنە.

## تەرىقەتنى تاشلىغان زاھىتنىڭ ھېكايىسى

بىر زاھىت بار بولۇپ، ئۇ دۇنيا تەئەللۇقاتىدىن يۈز ئۆرۈپ، خىلۋەت بۇلۇڭنى ۋاجىپ بىلگەن، يېمەك ۋە كىيىمەكتە تەكەللۇپنى تاشلاپ، بوز ۋە چەكمەنگە قانائەت قىلغان كىشى ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاچتى غەمدىن بەردى ئۆزىن پاراغەتكە،
ئىتتىگىنى قىلدى بەنت تاغ ئىتتىگىگە،
نېمەت بەرمەي تېنىگە قىلدى جاپا،
قىلىپ ئازغا قانائەت يېدى گىيا.

ئۇنىڭ تائەتچى ۋە تەقۋادارلىقىنىڭ داڭقى ئازغىنا ۋاقىتتا شۇ دىيارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىغا تارقىلىپتۇ ۋە خالايىق ئۇنى تەۋەررۇك دەپ بىلىپ، يىراق-يېقىندىن ئۇنىڭ خىزمىتىگە كېلىشكە باشلاپتۇ.

ئۇ دىيارنىڭ خۇدا رىزالىقىنى ئۆز پادىشالىقىدىن ئەلا بىلىدىغان ۋە ھەمىشە ئەنبىيا ھەم ئەۋلىيالارنىڭ ئەخلاقلىرىنى جارى قىلغان بىر ئادىل پادىشاسى بار ئىكەن.

پاك نەزەرلىك ياخشى خۇيلۇق شۇ كەبى گۈزەل ئەخلاق،
ياخشىدۇر پۇقراغا، سۇلتانغا ئۇنىڭدىن ياخشىراق.

پادىشامۇ ئۇ زاھىتنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپتۇ ۋە ئۇنىڭ مۇلازىمىتىگە بېرىپ، مۇبارەك نەپەسىدىن مەدەت ئىزلەپ، ئۇنىڭدىن پادىشالارغا لايىق نەسىھەت قىلىشنى تىلەپتۇ.

— ئەي پادىشا، — دەپتۇ زاھىت، — خۇدانىڭ بەندىلەر ئۈچۈن ياساپ قويغان ئىككى سارىيى بار: ئۇنىڭ بىرى پانىدۇر، ئۇنى دۇنيا دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىرى باقى بولۇپ، ئۇنى ئاخىرەت دەپ ئاتايدۇ. ئالى ھىممىتىڭ تەقەززاسى بىلەن ساڭا سازاۋەر بولىدىغىنى شۇكى، پانى مەنزىلىگە باش ئىگىشتىماي، باقى مەملىكىتىنىڭ پادىشالىقىغا نەزەر سالغايسەن.

ئاخىرەتنى ئىستىگىن، ئۇندا خۇشاللىق بىپايان،
ئاخىرەت چوڭلۇقىدىن بىر زەررىدۇر بۇنداق جاھان.

كوپ تىرىشقايسەن بۇ دۇنيا ئىچىدە سەن ھەممىشە،
ئاخىرەتتىن تېپىشقا ئاخىردا بىر نەسىۋە.

— قانداق تەدبىر بىلەن باقى مەملىكىتىنىڭ پادىشالىغىنى ئۆزىگە قاراتقىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— ئۇنى مەزلۇملارنىڭ دادىغا رەھىم قىلىش ۋە مەھرۇملارنىڭ ھەم مۇھتاجلارنىڭ پەريادىغا يېتىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، — دەپتۇ زاھىت، — ھەر پادىشا ئەگەر ئاخىرەتتە راھەت كورۇشنى خالىسا، پۇقرالارنىڭ راھەت كورۇشى ئۈچۈن ھەركەت قىلىشى كېرەك.

پاتار گوردە راھەت بىلەن شۇنداق كىشى،
خالايىقنىڭ ئاسايىشى بولسا ئىشى.
شاھلار كورەر بەختۇ ئىقبال، ياخشى دولەت،
ئاجىزلارغا تاشىسا گەر مەجبۇرىيەت.
بىرقولىدا تۇتسا مەزمۇت شاھلىق ئىشىن،
بىر قولىدا بولماق كېرەك ئەدلى ۋە دىن.

زاھىت ئۆز نەسىھىتىنى تامام قىلىپتۇ. زاھىتنىڭ سوزلىرى بەك ياراپ كەتكەنلىكتىن، پادىشا ئىرادەت قولىنى ئۇ پىرنىڭ ھىممەت ئېتىكىگە ئۇرۇپتۇ ۋە دائىم ئۇنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ تۇرىدىغان بولۇپتۇ ھەم ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ تۇرۇپتۇ. بىر كۇنى پادىشا زاھىتنىڭ قېشىدا تۇرغان چاغدا، بىر توپ دادخورلار كېلىپ، پەريات ۋە پىغان چېكىشىپتۇ. زاھىت ئۇلارنىڭ دادىغا يېتىش ئۈچۈن، پادىشاغا مەملىكەت ۋە مىللەتنىڭ ھالىغا مۇۋاپىق ۋە دەرمان تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا لايىق سوزلەرنى تەلىم بېرىپتۇ. پادىشا زاھىتنىڭ بۇ ئىشىدىن بەكمۇ خۇرسەن بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق ئىلتىماس قىلىپتۇ:

— ئەي، روشەن كۆڭۈللۈك پىرىم، ماڭا شەپقەت يۈزىدىن بەزى چاغلاردا دادخورلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋاستە بولۇپ، مەندىن توغرىلىققا مۇۋاپىق تەلىم ۋە سۆزلىرىنى ئايىمىغايلا.

زاھىت مەھرۇملار ۋە دەرمان تەلەپلەرنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنىڭ تېزلىك بىلەن مۇۋاپىق ھەل قىلىنىشىنى كۆزلەپ ۋە پادىشانى ياخشى ئىش قىلىشقا تەرغىپ قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭمۇ ساۋاپ تېپىپ قېلىشىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، پادىشانىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپتۇ. شۇندىن تارتىپ زاھىت ھەر بىر مۇھىم ئىش توغرىسىدا ۋاقىت تەقەززاسىغا مۇناسىپ كەلگىدەك نەسىھەتلەرنى سۆزلەپ تۇرىدىغان بولۇپتۇ. پادىشامۇ ئۇ نەسىھەتلەرنى چوڭ قىزىقىش بىلەن قوبۇل قىلىدىغان بولۇپتۇ. ئىش شۇ يەرگە يېتىپتىكى، ئۇ مەملىكەتنىڭ نۇرغۇن مۇھىم ئىشلىرى زاھىتنىڭ ھوكمى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولۇپتۇ. زاھىتنىڭمۇ كۈندىن كۈنگە مال دۇنياسى كۆپىيىشكە باشلاپتۇ ۋە بېرىپ-بېرىپ مەنسەپ ۋە ئۇلۇغلۇق سەۋداسى كۆڭلىگە كىرىۋېلىپ، تائەت-ئىبادەتلىرىنىڭ بىناسىغا يوچۇقلار پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلۇغلۇق ۋە مەنسەپ ئەسۋاۋىنىڭ تەمەنناسى زاھىتنىڭ بېشىنى پاراغەت ياستۇقىدىن ئېلىپ، كىبرى تاجى تەرەپكە يۈزلەندۈرۈپتۇ.

بۇ جاھاندا كىمنى دۇنيا چىقارمىدى يولدىن،
غەپلەت مەيىن كىم ئىچمىدى بۇ جاھاننىڭ قولىدىن.

بۇ دۇنيا بىر مەككار قىزدۇركى، نۇرغۇن مەرت يىگىتلەرنى ئۆزىنىڭ مۇھەببەت كەمەنگە ئىلغان. بۇ دۇنيا بىر ھىلىگەر كەمپىركى، كۆپلىگەن پەھلىۋانلارنى خۇددى پىچەنگە ئوخشاش بالا قۇدۇقىغا سالغان.

زۇلۇم زالىنىڭ ① ئۆلكىدە رۇستەم ②،
پىجەن ③ قۇدۇقتا چەكتى دەرت ـ ئەلەم.
مىسىردا جاپا ئىلى دولقۇنلاپ،
قانلىق كىيىمدە يۇسۇپ زار يىغلاپ.
تۇتتى مۇسلى ④ پىراق يولىنى،
مۇئەدى ⑤ ئالدى نىپاق كويىنى،
قەسىر ئەتتى ئەل بېشىنى تىزىپ،
قىلدى دەريا خەلق قېنىنى ئاققۇزۇپ.

شۇنداق قىلىپ زاھىت ھەق تائىتىنىڭ مۇشەققىتىنى تاشلاپ، نەپس لەززىتىنىڭ راھىتىنى باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بوينىغا "دۇنيانى دوست تۇتماق جىمى بالالارنىڭ بېشىدۇر" دىگەن سوزنىڭ توقى لەنىتى چۈشۈپتۇ. پادىشا ئۇنىڭ كورسەتمىلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ مەسلىھىتىگە مۇۋاپىق كورۇپ، بىر يولىلا ئىختىيار تىزگىنىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. بۇرۇن ئازغىنا نان تېپىشتىن بولەك غېمى بولمىغان زاھىتنىڭ بېشىغا ئەمدىلىكتە بىر پۈتۈن جاھاننىڭ غېمى چۈشۈپتۇ.

يوقالدى چىمەندە سەن كورگەن گۈلزار،
بولدى كۈز، ئەمدى قالمىدى باھار.

بىر كۈنى ئۇنىڭ قېشىغا پات ـ پات كېلىپ سوھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بىر دەرۋىش ئۇنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئۇنىڭ شۇنداق شان ـ شەۋكىتى ۋە ھەشەمىتىنى كورۇپ ھەيران قاپتۇ.

---

①②③④⑤ ـ بۇلار پىردەۋسى يازغان «شاھنامە» دىگەن چوڭ ئەسەرنىڭ قەھرىمانلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابى ھايات قارا بولدى، ئۇندا خىسلەت قالمىدى،
گۈل شېخىدىن تامدى قان، ئاۋالقى گۈلزار قايدىدۇر؟

كەچ كىرىپ خەلق غەۋغاسى سەل-پەل بېسىلغاندا، ئۇ دەر-
ۋىش زاھىتقا شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي شەيخ، ماڭا كورۇنۇۋاتقان بۇ قانداق ھال، مەن
كورۇۋاتقان بۇ قانداق سۇرەت؟

ئۇمىت قىلغان سائىتىڭدە كەپ تۇراتتى ئوقتىلىڭ،
قايدا قالدى ئاشۇ پۇرسەت ئاشۇ ئەھۋال قايدىدۇر؟

زاھىت قانچە سەۋەپ كورسەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ماقۇل
چۈشمەپتۇ ۋە:

— بۇ سوزلىرىڭنىڭ ھەممىسى نەپسىڭنىڭ بانىسىدىن باشقا نەرسە
ئەمەس، — دەپتۇ دەرۋىش، — گېپىڭنىڭ مەزمۇنىدىن شۇ مەلۇم بولى-
دۇكى، مۇبارەك خاتىرىڭ دۇنيا ماتايىغا مايىل بولۇپ قاپتۇ. شە-
رەپلىك كوڭلۈڭ مەنسەپ ۋە مال تېپىش پىكرىگە باغلىنىپ قاپتۇ.

سەن كەبى ئالى ھۇماغا ئۇستىخان ھىرس ئەجەپ،
ساپىتۇ ھىممەت سايىسىنى مۇردا ئۇستىگە ئىست.

— مېھرىۋان دوستۇم! — دەپتۇ ئۇنىڭغا زاھىت، — خالايىقنىڭ
بېرىش-كېلىشلىرى ۋە غوغا سېلىشلىرىدىن مېنىڭ ھالىمغا ھېچ
نوقسان يەتمىدى. مەن كوڭلۈمدە ئاشۇ سەن بىلگەن ئىشقىلا مەش-
غۇل بولۇۋاتىمەن.

— سەن تېخى بىخەۋەر ئوخشايسەن، — دەپتۇ مېھمان دەرۋىش، —
نەپسى غەرىزى سېنىڭ كورەر كوزۈڭنى توسىۋاپتۇ. سەن ھۇشۇڭنى
تاپقان ۋاقىتتا پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ.

مۇنداق ئىشنى ئەيلىدىڭ، كەلسە ساڭا ئىش ئاخىرى،
يۈز پۇشايمان كەلتۈرەرسەن پايدا بەرمەس ئاخىرى.

سىنىڭ ھازىرقى ئىشىڭ خۇددى قامچا بىلەن ئىلاننى ئايىرىيالماي، ھالاكەتكە ئۇچرىغان قارغۇنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ قاپتۇ.
— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ زاھىت.
— بىر قارغۇ، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ دەرۋىش.

## قارغۇ يولۇچىنىڭ ھىكايىسى

بىر قارغۇ بىلەن بىر كىشى بىرلىكتە سەپەرگە چىققان بولۇپ، ئۇلار بىر مەنزىلگە كېلىپ چۈشۈپتۇ، كېچىسى شۇ يەردە قونۇپتۇ. ئۇلار ئەتىسى ئەتىگىنى تېخى سۈبھى يورۇمىغان ۋاقىتتا يولغا چىقماقچى بولۇپ ئاتلىنىپتۇ. لېكىن قارغۇ قامچىسىنى ئىزلەپ تاپالماپتۇ. شۇ جايدا سوغۇقتىن توڭلاپ قالغىنى تاس قالغان بىر ئىلان ياتقان ئىكەن، قارغۇ ئۇنى قامچا خىيال قىلىپ قولىغا ئاپتۇ ۋە سىلاپ كۆرۈپ بېقىپ، سىلىق ۋە يۇمشاق قامچا ئىكەن دەپ كۆڭلى شات بولۇپتۇ. ئۇلار ئاتلىنىپ بىرەر سائەت يول يۈرگەن ئىكەن. سۈبھى يورۇپ ئالەم روشەن بولۇپتۇ. قارغۇنىڭ ئىلاننى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرگەن ھەمرايى پەريات كۆتۈرۈپتۇ.
— ھەي بۇرادەر، قولۇڭدا زەھەرلىك ئىلان تۇرىدۇ، ئۇنى دەرھال تاشلىغىن، بىكار ساڭا زەرەر يەتكۈزۈپ قويىدۇ.
قارغۇ "ھەمرايىمنىڭ ئۇ قامچىغا كۆزى چۈشكەن ئوخشايدۇ" دەپ گۇمان قىلىپتۇ.
— ھەي ئەزىز، — دەپتۇ ئۇ، — كىشىنىڭ بەختى بىلەن كىشىنىڭ نىمە كارى بار؟ مەن قامچامنى يۈتتۈرۈپ قويغان ئىدىم، سېخى پەرۋەردىگارىم ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىراق قامچا ئاتا قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساڭىمۇ تەلىيىڭ مەدەت قىلسا، ياخشى قامچىدىن بىرنى تېپىۋا-
لارسەن. مەن سېنىڭ ئەپسۇنىڭ بىلەن بۇ قامچىنى تاشلىۋېتىشىدە-
غان ئاخماق ئەمەسمەن.

— ھەي بۇرادەر،— دەپتۇ ھەمرايى كۈلۈپ،— مەن ھەمرالىق
ھەققىنى ئادا قىلماق ئۈچۈن، سېنى بۇ خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ
قويۇۋاتىمەن. سوزۇمنى ئاڭلاپ ئىلاننى تاشلا.

قارغۇنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ قامچىغا سەن تاما باغلىۋالدىڭ نىمانچە،
ئاڭلىغىنىڭنى ھەر كىمگە ھەقتىن يېتەر نەسىۋە.

— سەنزە مېنىڭ قامچامغا كوز تىكىپ، مەن تاشلىۋەتسەم ئوزەڭ
ئېلىۋېلىشنى ئويلاۋاتامسەن؟ سېنىڭ بۇ ئويۇڭ خام خىيال. ماڭا
غايىپ ئالەمدىن كەلگەن قامچا بۇ. خەقنىڭ سوزى بىلەن قولدىن
بېرىدىمەنمۇ بۇنى؟ ھەرگىز بەرمەيمەن!

كوزى ساق كىشى بۇ توغرىدا قانچە گەپ-سوزلەرنى تەكىتـ
لىگەن بولسىمۇ، قارغۇ ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلىغىلى ئۇنىماپتۇ. ئۇلار
يولدا كېتىۋاتقاندا ئاپتاپ چىقىپتۇ ۋە ئىلانغا سەل-پەل ئىسسىق
ئوتۇپ مىدىراپتۇ، پىلان كوزنى ئېچىپ ئوزىنىڭ بەنتكە چۈشـ
كەنلىكىنى كورۇپ قارغۇنى چېقىپ ئولتۇرۇۋېتىپتۇ.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، سەنمۇ بۇ دۇنياغا
ئىشەنمە ۋە ئۇنىڭ نەقىشلىك ئىلانغا ئوخشايدىغان سۈرىتىگە ئال-
دانما، ئۇنىڭ پوستىنىڭ يۇمشاقلىغىنى دوست تۇتقىنىڭ بىلەن،
ئۇ ئىچى ھالاك قىلغۇچى زەھەر بىلەن تولغان قاتىلدۇر.

زەھەردىن چىقمىغاي شېكەر شەرۋەتى،
كورمەككە پاك بولۇپ زەھەر سۈرىتى.
سەن ئۇنى كورۇپلا دىمىگىن ھەسەل،
شەرۋەتتۇر ئۇ سۇنى يەتكۈزدى ئەجەل.

زاھىت ئۇنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ، بۇرۇنقى ئۆتكەن كۈنلىرىنى ياد ئېتىپتۇ ۋە بۈگۈنكى كۈنلۈكتە كوڭلىنىڭ ئېتىگىنى بولغان تەئەللۇقاتىنى ئەينەن كورۇپ، ئۇ دوستىنىڭ سوزلىرى ھەققى شەپقەت ۋە مۇھەببەت يۈزىسىدىن ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، نا- دامەت يېشىنى كوزىدىن ئاققۇزۇپ، ھەسرەت ئوتىدا كويگەن كوك- سىدىن دەرتلىك ئاھ-پىغان تارتىشقا باشلاپتۇ.

ھەم ئوتىدا كويدى جان، قانداقچە ئەپغان چەكمەيىن،
ئۇيقۇ ئىچرە قالدى بەختىم يىغلىمايمۇ زارۇ-زار.

زاھىت ئۇ كېچىسى تا تاڭ ئاتقىچە خۇددى شامدەك كوڭ- لىنى كويدۇرۇپ يېشىنى توكۇپتۇ ۋە خۇددى پەرۋانىدەك جامالى شەۋقىنىڭ شولىسى ئارزۇسىدىن ئىزتىراپلار قىلىپتۇ. شۇ يوسۇندا تاڭ ئېتىپ، سۇبھى سادىقنىڭ ئاق كىيىملىك زاھىدى ئاپتاپ جاينامازىنى روشەنلىك مېھرابىنىڭ ئالدىغا يېيىپ، كېچىنىڭ قارا لىباسلىق سوپىسى قاراڭغۇلۇق خىلۋەتخانىسىغا كىرگەندە، يەنى:

سۇبھى كىيدۇرۇپ پەلەكنىڭ ئەگنىگە نۇردىن لىباس،
قوغلىغاندا قارا پەردىسىنى يۈزىدىن جاھان.

زاھىتنىڭ ئىبادەتخانىسى ئالدىغا خالايىقلار يەنە ھۇجۇم قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغلۇق ۋە بىلەرمەنلىك شامىلى يەنە زاھىت تەرەپكە كېلىشكە باشلاپتۇ-دە، كېچىدىكى پۇشايمانلىق ئەلىمىنى ئۇچۇرۇپ تاشلاپتۇ.

كېچە دىدىم: "تاڭلا بۇ سەۋدانى زادى تەرك ئېتەي"،
تاڭ ئېتىپ ئۇنتۇلدى ئۇ سوز قايتىدىن كەلدى ھەۋەس.

شۇنداق قىلىپ زاھىت مەملىكەت ئىشىنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا ئېلىپ، ئەمىر-ۋەزىرلەرنى بىكارلا قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ نەپسىنىڭ ھاۋاسى شۇنداق ئۇلغىيىپتىكى، ئادالەت يولىنىمۇ ئۇنتۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇ شەرىئەت ھۆكمىدە قەتلى قىلىش جائىز بولمايدىغان بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ، لېكىن ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپتۇ-يۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق چارە قىلالماپتۇ. شۇڭا ئۆلگەن ئۆلۈكنىڭ ۋارىسلىرى زاھىت ئۈستىدىن پادىشاغا داتلاپتۇ. ۋەقەنىڭ ئەينى ئەھۋالى پۈتۈنلەي مەلۇم بولغاندىن كېيىن، پادىشا بۇ مۇھىم ئىشنى شەرىئەتكە سېپتۇ. بارلىق مۇپتى ۋە قازىلارنىڭ ئالدىغا بارغان ئىكەن، ھەممىسى زاھىتنى قىساس يولى بىلەن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. زاھىت ھەر قانچە شېپى كۆرسىتىپ، جىق مال-دۇنيالارنى ھازىر قىلغان بولسىمۇ، ھېچ پايدا بەرمەپتۇ. ئاخىرى خۇدانىڭ تائىتىنى مەخلۇقنىڭ سوھبىتىگە پىدا قىلغانلىقىنىڭ شۇملۇقىدىن بىچارە بېشى ئۆلۈمگە كېتىپ، بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قالغاننىڭ ئۈستىگە ئۇ دۇنيانىڭ نېمىتىگىمۇ يېتەلمەپتۇ.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، مەنمۇ خۇداغا تائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ، شاھىنشاھقا ئىتائەت قىلىشقا مەشغۇل بولغان ئىدىم ۋە پەرۋەردىگارنىڭ پەرمانى خېتىدىن بېشىمنى ئېلىپ، پادىشانىڭ ئاستانىسىگە قويماقنى ۋاجىپ بىلگەن ئىدىم. شۇڭا، ماڭا ھەرقانداق بالا كەلسە ئۇ ماڭا تېخى ئاز.

دىمنە سۆزلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، سەلتەنەت مۇلازىملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سۆزىدىكى پاساھەتتىن ھەيران قېلىشىپتۇ. شىر بولسا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى قانداق قىلسا ۋە دىمنەنىڭ سۆزىگە قانداق جاۋاپ بەرسە بولىدىغانلىقىنى تاپالماي قاپتۇ.

شۇ ئەسنادا، شىرنىڭ يېقىنلىرىدىن بولغان بىر قارا قۇلاق① ئورنىدىن تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي دىمنە! پادىشاھىمىزنىڭ بېشى "ئادىل پادىشا خۇدانىڭ سايىسىدۇر" دىگەن تاج بىلەن ئاسمانغا تاقاشقان. سىزنىڭ پادىشانىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىشنى بۇنداق مۇزەممەت قىلىشقا ھەددىڭ ئەمەس. سەن پادىشانىڭ بىر سائەتلىك ئۆمرى ئادالەت بىلەن ئۆتسە، ئۇ ئاتمىش يىللىق ئىبادەت بىلەن باراۋەر بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئوخشايسەن! نۇرغۇنلىغان زاھىتلار ۋە ئەۋلىيالار خۇدانىڭ بەندىلىرىنىڭ كارسازلىقى ئۈچۈن پادىشالارنىڭ خىزمىتىنى ئىختىيار قىلىپ ئۆتۈشكەنغۇ! ھەممىنى پەرۋىش قىلىدىغان روشەن كۆڭۈللۈك شەيخنىڭ ھېكايىسىمۇ بۇ ھالغا ئادىل گۇۋا بولالايدىغۇ!

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دىمنە.

— پارىس شەھەرلىرىنىڭ بىرىدە، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ قارا قۇلاق.

## شەيخ بىلەن دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى

پارىس شەھەرلىرىنىڭ بىرىدە، كارامەتتە ۋەلىلىق مەيدانىنىڭ پارىسلىرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ۋە تەركى جاھان تاجىسى ئۈستۈنلۈكتە ئاسمان گۈمبىزىگە شىكەست بەرگەن بىر شەيخ بار ئىكەن.

ئۇ ۋىلايەت مۈلكى ئۆزرە ئىدى شاھ،
ئىككى ئالەم تەركىدىن كىيگەن كۇلاھ.

① بۇ پارىسچە نىم كاسە (يېرىم قاچا) دەپ ئاتىلىدىغان، شەكلى قاپلانغا ئوخشايدىغان ھايۋان.

www.uyghurkitap.com

چاپتۇرۇپ ئاتنى ئەزەل مەيدانىدا،
ھوكمى ھەقنى شەرھ ئېتىپ جەۋلانىدا.

ئۇنى: "روشەن كوكۈلدۈك پىر" دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۇنىڭ كارامىتىنىڭ تەنتەنىسى رۇم ئەتراپى ۋە مەغرىپ دىيارلىرىدا سا-ياھەت قىلىدىكەن؛ مۇقاماتىنىڭ دەبدەبىسى مىسىر، شام، ھوجاز ۋە يەمەن مەملىكەتلىرىنىڭ ئاھالىسىگە يول باشچى بولغان ئىكەن. ئىراق شەيخلىرى ۋە خۇراسان دەرۋىشلىرى ئۇنىڭ مۇھەببەت خېتىگە باش قويغان، تۈركىستان سادىقلىرى ۋە ھىندىستان ئاشىق-لىرى ئىخلاس قولىنى ئۇنىڭ ئىرادەت ئېتىگىگە ئۇرغان بىر كىشى ئىكەن. بىر كۈنى ماۋرائۇننەھرنىڭ ① سەمەرقەنت ناھىيىسى-دىكى بىر دەرۋىش ئۇ شەيخنىڭ ئاستانىسىنى زىيارەت قىلماقنى كوزلەپ، كوپ جاپالارنى چېكىپ، پارىس مەملىكىتىگە كەپتۇ. ھەر-قانداق كىشى تەلەپ پۈتنى ئازار تىكىنى بىلەن جاراھەت قىلى-مىسا، ۋىسال قولى مەقسەت گۈلىنىڭ ياقىسىغا يەتمەيدۇ.

تىكەن جاپاسىدىن گەر بۇلبۇل چەكمىسە زەخمەت،
تىلى بىلەن دىلىغا كەلمەس گۈلدىن ھىكايەت.

دەرۋىش مەھرۇملۇق باياۋانىدىن ئوتۇپ، خاتىرجەملىك ۋە ئا-مانلىق كەئبەسىگە كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئاستانىسىنىڭ تۇپرىغىنى سۆيۈپ، شەۋق ھالقىسىنى قېقىپتۇ. خانىقا خادىملىرىدىن بىرى ئاۋازنى ئاڭ-لاپ چىقىپ، دەرۋىشتىن ھال سوراپتۇ ۋە يول جاپاسىنى سوراپتۇ. ھەممە ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن خادىم دەرۋىشكە:

— بىرەر سائەت تەخىر قىلىپ تۇرغىن، شەيخ ھەزرىتىم

① ئىككى دەريانىڭ ئارىسى، بۇ ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەريانىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ.

سۇلتاننىڭ قېشىغا كەتكەن ئىدى. ئەمدى كېلەر چېغى بولدى، —
دەپتۇ.

دەرۋىش شەيخنىڭ سۇلتاننىڭ مۇلازىمىتىنى قىلغىلى كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ مىڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپتۇ-دە:

— بىهۇدە يول رەنجى قىلىپ كەلگىنىمگە ئىسىت! بۇ شەيخ سۇلتاننىڭ سوھبىتىگە مايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا خوشامەت قىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭدىن ماڭا قانداق كەشپى كارامەت ھاسىل بولسۇن؟

ئىت كەبى ئاياغى ئاستىدا ئۆلۈش ئارزۇ ئىدى،
تۇپراق بولدى بۇ تامايىم بىر يولى ۋاي، ۋاي ئىسىت! —

دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دەرۋىش خانىقادىن چىقىپ، بازارغا بېرىپتۇ ۋە كەچ كىرگەندىمۇ بازاردا يۈرۈۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى تېخى رىيازەت ئوچىغىدا كۆيۈپ، ئىشق ئوتى بىلەن ئېرىمىگەچكە ۋە ئۇ تېخى شەيخنىڭ ھالىدىن تولۇق خەۋەر تېپىپ بولمىغاچقا ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، شەيخكە لەنەت تاشلىرىنى ئېتىشقا باشلاپتۇ.

ئۇشبۇ ئادەم قىلدى دەريانىڭ كانارى ئۇزرە سەير،
نەبىلۇر ئۇ سۇدا غەرق بولغان كىشىلەر ھالىنى.

تاسادىپەن ئۇ كۈنى بىر ئوغرى زىنداندىن قاچقان ئىكەن. پادىشا ئۇ ئوغرىنى قاچۇرغانلىقى ئۈچۈن پاششاپقا قاتتىق سىياسەت قىلىپ، ئۇنى ھەر يەردىن بولسىمۇ ئىزلەپ تېپىپ، قولىنى كېسىشكە يارلىق چۈشۈرگەن ئىكەن. پاششاپ ئۇنى بازاردا ئىزلەپ يۈرۈپ، تۇيۇقسىزدىن ھىلىقى دەرۋىشكە كۆزى چۈشۈپتۇ ۋە

ئۇنى ئاشۇ قاچقان ئوغرى خىيال قىلىپ، ئۇنى سىياسەتگاھقا ئېلىپ كەپتۇ ۋە جاللاتلارغا "قولىنى كېسىڭلار" دەپ بۇيرۇپتۇ. بىچارە دەرۋىش "مەن ئوغرى ئەمەسمەن" دەپ قانچە پەريات قىلسىمۇ پايدا بەرمەپتۇ. جاللات پىچاقنى دەرۋىشنىڭ قولىغا قويۇپ كېسىدىغان ۋاقتىدا "روشەن كوكۇللۇك پىر" ئۇ ھالدىن ئىلھام تېپىپ دەرھال "ھۇ" تارتىپ، ئۇ يەرگە ھازىر بولۇپتۇ ۋە پاششاپقا:

— بۇ ئوغرى ئەمەس. بۇ مېنىڭ ئۇستازىمنىڭ دەرۋىشلىرىدىن بولىدۇ، قولۇڭنى تارت! — دەپتۇ. پاششاپ شەيخنىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ ئىزىنى سۆيۈپتۇ ۋە دەرۋىشكە ئوزرە ئېيتىپ ئۇز ئىشىغا كېتىپتۇ. دەرۋىش ھالاكەتتىن خالاسلىق تاپقاندىن كېيىن شەيخنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ راۋان بولۇپتۇ. يولدا كېتىۋاتقاندا شەيخ دەرۋىشنىڭ ئۇستىگە قولىنى قويۇپ ئاستاغىنا:

— ئەي بۇرادەر، ئېتىراز قىلماق دەرۋىشلەرگە مۇناسىپ ئەمەس، ئەگەر مەن سۇلتانغا مۇلازىمەت قىلمىسام، سىزدەك بىچارىلەر زالىملارنىڭ قولىدىن نىجات تاپالمايتتى، — دەپتۇ.

شۇنىدا دەرۋىش ئۇزىنىڭ ئېتىراز قىلغانلىقى نادانلىقتىن ئىكەنلىكىنى، شەيختەك كامىل كىشىلەردىن ۋۇجۇتقا كەلگەن ھەرقانداق ئىش نۇقساندىن خالى ئىكەنلىكىنى، چۈنكى بۇنداق كامىل شەيخلەرنىڭ ئىرادىسى خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا خۇدانىڭ مۇرادى بولمىغان ھىچ نەرسە ئۇنىڭدىن سادىر بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئەقىلغا سىغمايدىغاندەك كورۇنگەن خۇي-پەيلىمۇ ئۇنىڭ ئۇزىدىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپتۇ.

ئۇ ئوغۇلنىڭكىم خىزىر قەتل ئەيلىدى،
خەلق ئۇ سىرنى بىلمىگەچ ھەرنە دىدى.
دەريادىكى كېمىنى سۇندۇردى گەر،
شۇ سۇنۇش ئىچرە پۈتۈنلۈك جىلۋىگەر.

تامنى ئورۇش ئىشىدا بىر ئىش نەھان،
ياسىماقتا بىر شىكەستنى بىگۇمان.
گەرچە تەندىن قىلسا بىر باشنى نابۇت،
لېكىن ئۇندىن تاپتى يۈزمىڭ باش ۋۇجۇت.
كامىل ئەگەر تۇپراق ئالسا زەر بولۇر،
ناقىس ئالتۇن ئالسا خاكىستەر بولۇر①.

① (بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكى ھىكايىگە ئاساسلانغان: بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىچە پەخىرلىنىپ "جاھاندا مەندىن بىلىملىكرەك كىشى يوق" دەپ ئويلىغاندا، خۇدا ئۇنىڭغا مەجمەئەيى بەھرەين (ئىككى دەريانىڭ يىغىندىسى) دېگەن جايغا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ جايغا بېرىپ خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپتۇ ۋە ئىككىيلەن بىللە يولغا چىقىپتۇ. خىزىر ئۇنىڭدىن ئۆزى ھەرقانداق ئىش قىلسا ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىماسلىقنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئۇلار كېتىۋېتىپ بىر جايغا كەلگەندە، خىزىر ئەلەيھىسسالام دەريا بويىدا تۇرغان بىر كېمىنى تېشىۋېتىپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا ئاچچىقى كەپتۇ - يۇ، گەپ قىلالماپتۇ. ئۇلار كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە بىر مومايىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. مومايىنىڭ بار - يوقى ئىككى ئۆشكىسى بار ئىكەن، ئۇ ئۆشكىدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنى مېھمان قىلىپتۇ. ئۇلار ئۆشكىنى يەپ بولغاندىن كېيىن قايتار ۋاقتىدا خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇ مومايىنىڭ يەنە بىر ئۆشكىسىنىمۇ ئۆلۈپ قېلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قاتتىق غەزىۋى كەپتۇ. لېكىن ئۆزى ۋەدە بەرگەن بولغاچقا سەۋەبىنى سورىيالماپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ، بىر مەھەللىگە بارغاندا خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر كونا تامنى ئۆرۈپ يىقىتىۋېتىپ، ئورنىغا يېڭىلاپ تام سېلىپ قويۇپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ھەيران بولۇپتۇ - يۇ، يەنە سورىيالماپتۇ. ئۇلار يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا خىزىر ئەلەيھىسسالام ئالدىغا ئۇچرىغان بىر كىچىك بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي: "ساق تۇرغان كېمىنى تېشىۋېتىپ،

www.uyghurkitap.com

بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشۈمدىن غەرەز شۇكى، ئۆتكەن زامانىدا ئۆتكەن بۈزرۈك كىشىلەرمۇ پادىشالارغا مۇلازىمەت قىلىشنى ئىختىيار قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ دەرگاھىدا يۈرمەكنى ئار كورمىگەن. بۇگۈنكى سەن ئۆزەڭنى نىمە چاغلاۋاتىسەن؟

— بۈزرۈكلارنىڭ پادىشالارنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلىغى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىڭىز راست، — دەپتۇ دېھقان — لېكىن ئۇلار ئۆزى ئۆزلۈگىدىن قىلغان ئەمەس. ئەگەر ئۇلار خىزمەت قىلدى دىگەندە، ئۇلار ئىلھام ئىلاھى بولمىسا خىزمەت قىلمىغان

ياخشىلىق قىلغان مومايغا يامان دۇئا قىلىپ ساق تامنى ئۆرۈۋېتىپ قايتا ياساپ ئاۋارە بولغانىنىڭ ئۈستىگە، بىكاردىن-بىكار بىر كىچىك بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىڭىز نىمە قىلغىنىڭىز؟" دەپ سوراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خىزىر ئەلەيھىسسالام: "پادىشا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كېمە يىغماقچى بولغان ئىدى، مەن ئۇ كەمبەغەلنىڭ كېمىسىنى تېشىۋەتتىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالاۋاڭدىن ساقلىنىپ قالىدۇ-دە، كېمىسىنى ئوڭشاپ تىرىكچىلىك قىلىۋېرىدۇ! موماي ئۆمرى ئاز قالغان بولسىمۇ ئاشۇ بىر ئۆشكىسى بىلەن ئاۋارە بولۇپ خۇداغا ئىبادەت قىلىشتىن غاپىل قالغان ئىدى. ئەمدى ئۇ ئۆشكىسىمۇ ئولسە ئاخىرقى ئومرىنى خۇداغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئاخىرەتنىڭ دۆلىتىنى تاپالايدۇ. مەن ئۆرۈۋەتكەن تامنىڭ تۈۋىدە خەزىنە كومۇلگەن ئىدى. لېكىن ۋارىسلار كىچىك ئىدى. ئۇلار چوڭ بولۇپ بولغىچە تام ئۆرۈلۈپ كېتىپ خەزىنە ئېچىلىپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن ئۈچۈن يېڭىلاپ تام سېلىپ قويدۇم. مەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىچىك بالا چوڭ بولسا يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، دۇنياغا پاراكەندىچىلىك سېلىشى ئۇنىڭ پىشانىسىگە پۈتۈلگەن ئىدى. مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قېنىنى توكۇشىدىن ۋە دۇنيانىڭ پاراكەندىچىلىككە پېتىپ قېلىشىدىن ساقلاپ قالدىم" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇسائەلەيھىسسالام سىردىن ۋاقىپ بولۇپ جاھاندا ئۆزىدىنمۇ بىلىملىك كىشىنىڭ بارلىغىنى چۈشىنىپتۇ. — ت).

ۋە ئۇ خىزمەتكە ئۆز نەپسىنىڭ غەرىزىنى قوشمىغان. ئەگەر كى- شى مۇشۇنداق نىيەتتە بولۇپ، ھەر نىمە دىسە ۋە ھەرقانداق قىلسا، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىراز قىلىشىغا ھەددى ئەمەس. لېكىن بىزگە ئوخشاش كىشىلەر ئۇ دەرىجىگە قانداقمۇ يېتەلەيمىز؟ ئۇن- داق دەرىجىنى تەمەننا قىلىشىغا قانداق ھەققىمىز بار؟ سەن يەنە "پادىشا خۇدانىڭ سايىسى" دىدىڭ. ئۇ گېپىڭنىمۇ ماقۇل دەيمەن، ئەمما بۇ سۈپەت ئۆز ئىشلىرىنى ھەق يول بىلەن بېجىرىدىغان، باتىل يولدىن يىراق بولغان پادىشانىڭ سۈپىتىدۇر. ھەرگىزمۇ كىشىگە غەرەز بىلەن تەربىيەت قىلىدىغان، كىشىگە ئورۇنسىز ئازاپ-ئو- قۇبەت قىلىدىغان پادىشانىڭ سۈپىتى ئەمەس. پادىشالارنىڭ ئەخلاقى- نىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋاپادار مۇلازىملارنى ئەزىز كۆرىدىغان، بەد- نىيەت ۋە مەككار خىزمەتكارلارنى خار كۆرىدىغان بولۇشتىن ئىبارەت.

ياخشىلارنىڭ ئىززىتىنى گۈلشەندەك،
پاكىزە تۇتماق كېرەك ئىززەت بىلەن.
يامانلارنىڭ پەيلى خۇددى تىكەندۇر،
يۇلۇپ ئاتماق كېرەكتۇر ھەيۋەت بىلەن.

— ھەي دىمىنە، — دەپتۇ شىرنىڭ ئانىسى، — بۇ دىگەنلىرىڭ راست، ئەمما سېنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭ ئېيتقان سۆزۈڭنىڭ ئەك- سىچە بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى بۇ مەجلىستە ھازىر بولغانلارنىڭ ھەم- مىسى شۇنىسى ياخشى بىلىدۇكى، شەنزەبە پادىشانىڭ يارامىلىق ياخشى مۇلازىمى ئىدى. لېكىن سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇت خامىنىغا ئوت كەتتى ۋە سېنىڭ پىتنە-پاساتىڭنىڭ شۇم- لۇغى بىلەن پادىشانىڭ ۋاپادارلىغىنىڭ ئاساسىغا ۋەيرانلىق يەتتى.

ئەل جېنىغا ئوت ياقتىڭ ھەسەتتىن،
كۆيدۈرۈپ كۈلىن چاچتىڭ ھەسەتتىن.

ــ پادىشاھــىمىزنىڭ ئۇكۇز بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىدا ھېچ-قانداق زىددىيەت يوقلۇغى، روشەن كۆڭلىدىنمۇ يوشۇرۇن ئەمەس ئىدى ۋە بۇ يەردە ھازىر بولغانلارنىڭ ھەممىسىگىمۇ ئايان ئىدى، ــ دەپتۇ دىمنە، ــ ئەگەر ئۇ ماڭا قەست قىلىدىغان بولسا، مېنى يوقاتقۇدەك كۈچ - قۇۋۋىتىمۇ بار ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ ماڭا دائىم شەپقەت ۋە مەرھەمەت كۆرسىتەتتى. مەنمۇ پادىشانىڭ ئالدىدا ئۇكۇزنىڭ ھورمىتىگە ھەسەت قىلىپ، دۈشمەنلىككە مەشغۇل بولغۇدەك دەرىجىدە ئۇنچىلا خار ۋە بىئېتىۋار ئەمەس ئىدىم. لېكىن مەن پادىشاغا نەسىھەت قىلدىم. چۈنكى ئۇنىڭ توغرىسىدا ئاڭلىغان سوزلەر ۋە ئۇنىڭدىن كورگەن ئالامەتلەرنى راستلىق بىلەن ئېيتىشىم ۋاجىپ ئىدى. شۇڭا مەن ئېيتتىم. پادىشامۇ ئۇ سوزلەرنى ئەقلى بىلەن تەپەككۇر قىلىپ تەھقىقلەپ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مولچەرلەپ بېقىپ، ئوز ئىختىيارى بىلەن بۇ ئىشنى قىلدى. شەنزەبە بىلەن ئاداۋەت ۋە خىيانەتتە شېرىك ھەم بىر تىلىق بولۇۋالغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار راستچىللىغىمنى بىلىپ، ئوز قورقۇنچىسىدىن مېنى يامان كورىدۇ. مېنىڭ ھەق سوزۇم ئۇلارغا ئاچچىق ئاڭلىنىدۇ. دېمىسىمۇ راست سوز دېگەن ئاچچىق بولىدىكەن.

كىمگە ھەق راست سوزنى ئېيتسام بولدى ئۇ دۈشمەن ماڭا،
ئېيتالمىسا كىشى ھەق سوز خامۇش بولماق خوپ ئىكەن.

ھەرقانداق ئىككى يۈزلىمە بولغانلىقى كىشى مېنىڭ قېنىمنى توكۇشكە ھەركەت قىلىدۇ. مەن "قىلغان نەسىھىتىمنىڭ مۇكاپاتى ۋە خىزمىتىمنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، مېنىڭ ھايات بولۇشۇم پادىشانى بۇنچىلا غەمكىن ۋە رەنجۈر قىلىپ قويار" دەپ گۇمانمۇ قىلمىغان ئىكەنمەن.
دىمــنە سوزىنى شۇ يەرگە يەتكۈزگەندە كۈن كەچ كىرىپتۇ.

— ئۇنى قازىلارغا تاپشۇرۇڭلار، ئەتە تاڭ ئاتقىچە ئۇنىڭ ئىشىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىڭلار. چۈنكى سىياسەت ئەھكامى ۋە ئادالەت شارائىتىدا، گۇۋا ۋە ھوججەت بىلەن ئىش ھەققىدىنى روشەن كورمەي تۇرۇپ، ھوكۇم سۇرۇش ھوكۇمەت ئەھلىگە مۇناسىپ ئەمەس، — دەپتۇ شىر.

— قايسى ھاكىم ھەزرىتى شاھىمىنىڭ ئەقلىدەك راستكار بولالىسۇن ۋە قايسى قازى شاھىمىزنىڭ ئەدلىدەك ئىنساپلىق بولالىسۇن؟ خۇداغا شۇكرى، شاھىمىزنىڭ روشەن كوڭۇللىرى بىر ئەينەكتۇر، يەنى شۇنداق سۇزۇك ۋە ساپ بىر جامى جاھاننەمادۇركى، ھەر بىر مۇلازىمىنىڭ ھالى ئۇنىڭدا ئېنىق - ئاشكارا كورۇنۇپ تۇرىدۇ.

ئەقلىڭىز ئوقۇپ زامان بەتلىرىدىكى ئىلمىنى،
قىلدى تەكرار سىرى - ئەسرار دەپتىرىن باشتىن - ئاياق.

شۇنىڭ ئۇچۇن شۇبھە نىقابى ۋە شەك پەردىسىنى ئېچىۋېتىشتە ھىچقانداق نەرسە پادىشاھىمىزنىڭ پاراستىگە باراۋەر كېلەلمەيدىغانلىغىنى باخشى بىلىمەن. شاھىمىزنىڭ ھوكۇم ئەينىگى غەرەز زەڭگارىدىن ساپ بولغاچقا، ئەگەر ياخشى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولسا، مېنىڭ ئەھۋالىمىنىڭ پاكلىغى ئاشكارىلىنىدۇ ۋە خۇددى سۇبھى سادىقنىڭ نۇرى پۇتۇن ئالەم ئەھلىگە روشەنلىك بەرگىنىدەك، مېنىڭ سوزلىرىمىنىڭ راستلىغى روشەن بولىدۇ دىگەن ئۇمىتتىمەن. چۈنكى شاھىمىزنىڭ ئەقلىنىڭ روشەنلىگى ھىچكىمگە مەخپى ئەمەس، — دەپتۇ دىمنە.

— ھەي دىمنە، — دەپتۇ شىر، — بۇ ئىشنى ئالاھىدە چىڭ تەپتىش قىلماقچىمەن ۋە زىيادە تەھقىقلىمەكچىمەن.

ئەيلىگەيمەن ئۇشبۇ ئىش تەپتىشىدە مەن كوپ ئىلاج،
خۇددى ئالغاندەك خېمىردىن قىلنى قىلماستىن خاتا.

www.uyghurkitap.com

— مەن گۇناسىز بولغانلىقىمدىن مانا شۇنداق جۈرئەت بىلەن سۆزلەۋاتىمەن، — دەپتۇ دىمنە، — مەن ھەزرەتلىرىنىڭ تەھقىقلىشى بىلەن مېنىڭ راستلىقىم ۋە ئىخلاسىم ئاشكارىلىنىدۇ دەپ ئىشىنىمەن. ئەگەر بۇ ئىشتا مېنىڭ گۇناھىم بولغان بولسىدى، ھەزرەتلىرىنىڭ دەرگاھىدا مۇلازىملىقتا قاراپ تۇرۇۋەرمەي، باشقا ئىقلىمغا كەتكەن بولاتتىم. يەر يۈزى دېگەن شۇنداق كەڭرى مەيدان تۇرسا!

— بۇ تەلەپپۇزۇڭدىن قارىغاندا، — دەپتۇ شىرنىڭ ئانىسى، — كۆڭلۈڭ داغدۇغىدىن خالى ئەمەس ئىكەن ۋە سەن زېرەكلىك بىلەن ئۆزەڭنى بىگۇنا كۆرسىتىپ، جېنىڭنى بىر ياققا ئېلىشنى خالاۋاتىسەن. ئەمما سېنىڭ بىگۇنالىقىڭ ئىسپاتلانمىغىچە خالاسلىق تېپىشىڭ خام خىيال.

— مېنىڭ دۈشمىنىم ناھايىتى كۆپ، — دەپتۇ دىمنە، — مېنىڭ بۇ ئىشىمنى غەرەز ۋە شۈبھىدىن خالى بولغان بىر كىشىگە ھاۋالە قىلىنسا، ئۇ مەندىن سۆزنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ، ئۇنى شاھىمىزنىڭ ئۇلۇغ قۇلىغىغا ئەرز ئەيلىسە، شاھىمىز جاھانىنەماغا ئوخشاش ئەقلىنىڭ ئەينىكىدە ئۇنى بىخۇبار ھالدا كۆرسە، مەن شۈبھە ۋە گۇمان تۆپىلىدىن ئۆلۈپ كەتمەس ئىدىم ۋە ئاخىرەتتە ناھەق قېنىم ئۈچۈن دەۋا قىلمىغان بولاتتىم.

ئۆلتۈرۈشۈڭدىن ماڭا ھېچ قورقۇنچ يوقتۇر لېكىن،
مەن شۇنىڭدىن قورقىمەن ناھەق قېنىم تۇتقاي سېنى.

— مەن ھېچقانداق بىر ھۆكۈمدە ئادالەتنىڭ سىرتىغا چىققان ئەمەسمەن. ئەگەر بۇ خىيانەت سەندىن سادىر بولغان بولسا، چوقۇم جازا بېرىمەن، جاھان زىرائەتگاھىغا نىمە تېرىغان بولساڭ شۇنى ئورىسەن، — دەپتۇ شىر.

— مەن بۇنداق خىيانەت قىلىشنى قانداقمۇ ئويلىيالايمەن؟

مەن ئۇلۇغ ئىشلار ۋە ئالىي مەنسەپنى قانداقمۇ ھەۋەس قىلالاي-
مەن؟ مەن شاھىمىزنىڭ ئادالەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. شۇڭا
بۇ ئالەم ئىچىدە مېنى مەھرۇم قويماس دەپ ئىشىنىمەن. شاھىمىز
ئادىللىقى ۋە ئىنساپلىقلىقىنىڭ بەركىتىدىن مېنىڭ ئۈمىدىمنى يەر-
دە قويماس! — دەپتۇ دىمنە.

— دىمنە بۇ سۆزنى شاھىمىزغا تەۋەززۇ ئۈچۈن ئېيتىۋاتقى-
نى يوق، بەلكى بىر ئېغىز سۆز بىلەن بىر بالادىن قۇتۇلۇشنى
كۆزلەۋاتىدۇ، — دەپتۇ شۇ يەردە تۇرغانلاردىن بىرى.

— ماڭا ئۆزەمدىن شەپقەتلىكرەك ۋە ئۆزەمنى قۇتقۇزۇشقا
ئۆزەمدىن مېھرىۋانراق كىم بار قېنى؟ — دەپتۇ دىمنە، — بىر كى-
شىنىڭ بالاغا قالغانلىقىدىن شۇ كىشىنىڭ ئۆزى غەم يېمىسە، باش-
قىلار ئۇنىڭ خاپىلىقىدىن ھەرگىز ئەندىشە قىلمايدۇ-دە! ئەگەر
ئۇنداق قىلمىسا خالايىقلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

ئۆز ئىشىڭغا گەر يېمىسەڭ ئۆزەڭ غەم،
غەم يېمەسسەن كىشىگە يەتسە ئەلەم.

— بۇ سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى سېنىڭ پەمىڭنىڭ ئازلىقى ھەم
جاھىللىقىڭنىڭ كۆپلۈكىگە دەلىل بولىدۇ، — دەپتۇ قارا قۇلاق، —
سەن بۇ ئىشىڭنى پادىشانىڭ پەمىدىن پىنھان قالدى دەپ گۇمان
قىلما، شاھىمىز پاساھىتىڭنى نەسىھىتىڭدىن تەپەككۇر بىلەن ئايرىپ
ئاڭلىغۇسىدۇر. ئۇنىڭ روشەن كۆڭلى بىر كېچىنىڭ ئىچىدە بىر
ئۆمۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەدبىرىنى تۈزەلەيدۇ ۋە كاتتا لەشكەرلەرنى
بىر پىكىر بىلەن ئاياق-ئاستى قىلىۋېتەلەيدۇ.

شاھىمىز بىر سائەتتە قىلسا مىڭ-مىڭ ئىش تەدبىر بىلەن،
بىر ئۆمۈر ئىچرە قىلالماس مىڭدىن بىرىنى ئۆزگىلەر.

سېنىڭ مۇشۇ ھالەتتە تۇرۇۋېرىشىڭ يەنە شۇنداق ۋەزە ئېيتىپ،
زۇۋاندارازلىق قىلىۋاتقانلىقىڭغا قاراپ، ئاۋالقى ھىلە-مىكرىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلغانلىقىڭدىنمۇ قىلچە ئەجەپلەنمىدىم.

— شۇنداق، — دەپتۇ دېمىنە، — ئەگەر قوبۇل قىلىدىغان بولسا ۋەزە ئېيتىدىغان چاغ مانا مۇشۇ؛ ئەگەر ئەقىل قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدىغان بولسا، مىسال كەلتۈرىدىغان مەھەل مانا مۇشۇ.

— ھەي مەككار! مانا شۇنداق ھىلە-مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ تۇرۇپمۇ قۇتۇلۇشنى ئۈمىت قىلىۋاتامسەن تېخى! — دەپتۇ شىرنىڭ ئانىسى.

— گەرچە باشقىلار ياخشىلىققا يامانلىق قىلغان بولسىمۇ مەن پەقەت نەسىھەت بىلەن ياخشىلىقلا قىلدىم، ۋەدىگە ۋاپا قىلدىم ۋە خىزمەت ۋەدىسىنى ئاخىرىغا يەتكۈزدۈم. پادىشانىڭ ئالدىدا ھېچقانداق خىيانەتكار سۆزگە ۋە سۆزمەنلىككە جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى پادىشا ئۆزىمۇ ياخشى بىلىدۇ. ئەگەر پادىشا مېنىڭ ھەققىمگە زۇلۇمنى راۋا كۆرسە، ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزىگە يانىدۇ ۋە ئەگەر بۇ ئىشنى ئالدىراپ قىلسا ۋە ئويلاپ ئىش قىلمىسا، خۇددى

كىمكى ئىشلارنى ئالدىراپ قىلۇر،
ئەقىل ئۆيىنى ھەم خاراپ قىلۇر.

دېگەندەك ئاقىۋەت پۇشايمانغا قالىدۇ. ئەگەر ھەر كىشى ئالدىراپ ئىش قىلسا ۋە سەۋرە قىلىش پەزىلىتىدىن ئۆزىنى مەھرۇم قىلسا، ئۇنىڭغا خۇددى ئالدىراڭغۇ خوتۇنغا يەتكەندەك ھادىسە يېتىپ قالىدۇ، — دەپتۇ دېمىنە.

ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان شىر سوراپتۇ:

— ئۇ قانداق ھادىسە ئىكەن؟

— كەشمىر شەھىرىدە بىر سودىگەر بار ئىكەن، — دەپ يەنە ھېكايە باشلاپتۇ دېمىنە.

## ئالدىراڭغۇ خوتۇننىڭ ھېكايىسى

كەشمىر شەھىرىدە بىر سودىگەر بولۇپ، مال - دۇنيالىرى ھەددى - ھېسابسىز ۋە ھەشەمەتى ھەم خادىملىرى سانساقسىز بىر ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئاي يۈزلۈك ۋە زۇلپى ئىپارھىدلىق بىر خوتۇنى بار بولۇپ، تېخى ئاسمان كوزى ئۇنداق ئاپتاپنى تاماشا قىلمىغان ۋە تېخى روزىگار قولى ئۇنداق گۈزەلگە ئۇزىتىلمىغان، رۇخسارى ۋىسال كۈنىدەك روشەن ۋە تابان، زۇلپى پىراق كې - چىسىگە ئوخشاش قارا ۋە بىپايان بولغان خوتۇن ئىكەن.

پارلىغان ئاپتاپتەك ئىدى جامالى،
كوز قىسىپ ئاجايىپ غەمزە قىلاتتى.
كىشىگە باقسا يۈزى خۇددى گۈلزار،
قەددىنىڭ بېغىدا شاپتۇلا ۋە نار.
شېكەردىن خۇيى شىرىنلىقتا خۇشراق،
مۇلايىملىقتا گۈلدىن تېخى يۇمشاق.

ئۇ سودىگەرنىڭ بىر نەققاش خوشنىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ چېھرە ئاچقۇچى قەلىمىدىن چىن سۈرەتچىلىرى غەيرەت ۋادىسىدە سەر - گەردان بولىدىكەن ۋە ئۇنىڭ رەڭگا - رەڭ نەقىشلىرىدىنمۇ ماچىن نەقىشدارلىرىنىڭ كوڭۈللىرى ھەمىشە ھەيران بولىدىكەن.

ئەجەپ ماھىر تېزلىك بىلەن ئۇ ئۇستاز،
سۇغا نەقىش سالار ئىدى شۇنچە ساز.
دىلبىرىنىڭ كورۇپ زۇلپى يۈزىنى،
كۇنگە باغلار ئىدى تۇننىڭ نەقشىنى.

www.uyghurkitap.com

سىزىسا ئەگەر بىرەر سۈرەت ھەرقاچان،
كۆرۈپ ئەقىل قالاتتى ئۇڭا ھەيران.

بىرىپ-بىرىپ ئۇ نەققاش بىلەن سودىگەرنىڭ خوتۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىشقىۋازلىق پەيدا بولۇپتۇ ۋە نەققاش ئۇ گۈزەل نەقىشنى بىر كۆرۈشى بىلەنلا ئىشق سۇلتانى ئۇنىڭ كۆڭۈل مەملىكىتىنى تامامەن ئىلكىگە ئاپتۇ ھەم شەۋق سىپاھىلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ يەتتە ئىقلىمىغا ئات سېلىپ، دىن ۋە دىل ئىقلىمىنى قولغا كىرگۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كوزى زاھىتلارنىڭ كۆڭۈللىرىدەك ئۇيقۇ سۈيىتىنى تاشلاپتۇ ھەم بىدار بولۇش بىلەن باھار يامغۇرىنى ياغدۇرۇشقا باشلاپتۇ.

ھەر كۈنى كوڭۈل شام كەبى يار كويىدا،
دەردۇ غەم بىرلە كويەر زار كويىدا.

سودىگەرنىڭ خوتۇنىمۇ نەققاشنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ، سەۋرە دەپتىرىنى پارامۇشلۇق تەكچىسىگە يىغىشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

جىسمىم كەتتى كوڭۈل بىلەن بىللە تېز،
يۈرگىن سەۋرە سەنمۇ تۇت ئۆز يولۇڭنى.

ئىككى تەرەپنىڭ ئىشقى كۈچلۈك بولغاچقا، كېلىش-بېرىش يولىنى دەللاللارنىڭ غۇبارىدىن ساپ قىلىشقان ئىكەن (دەللالنى ئارىلاشتۇرماي بېرىش-كېلىش قىلىدىكەن). بىر كۈنى ئۇ خوتۇن نەققاشقا شۇنداق دەپتۇ:

— سەن مېنىڭ ئارزۇمەنلىك كۈلبەمنى جامالىڭ ئاپتىۋى بىلەن روشەن قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ۋاقتىڭدا، يا بىرەر كىسەك

ئاتمىساڭ ۋە پاكى بىرەر ئۈن چىقىرىپ بەلگە بەرمىسەڭ، مەن سىنىڭ كەلگىنىڭنى بىلەلمەي قالىدىكەنمەن، شۇڭا سەن ئىنتىزار بولۇپ قالىدىكەنسەن. ساڭا مەسلىھەتىم شۇكى، نەققاشلىق سۈپىتى بىلەن بىر نەرسە ياسىساڭ، ئۇ نەرسە سەن بىلەن مېنىڭ ئارىمىزدا بەلگە بولسا، سەن كېلىدىغان ۋاقتىڭدا مەن شۇ بەلگەڭنى كۆرۈپ ئالدىڭغا چىقسام ئوبدان بولاتتى.

— ئانداق بولسا، — دەپتۇ نەققاش، — ئاقلىقى يۇلتۇزدەك ۋە قارىلىقى زەڭگىلەرنىڭ چېچىدەك بولغان ئىككى رەڭلىك بىر لىباس تەييارلايمەن. قاچانكى شۇ ئالامەتنى كۆرسەڭ ئالدىمغا چىققىن.

ئۇلار شۇنداق دەپ كېلىشىپتۇ. لېكىن ئۇلار سۆزلىشىپ تۇرغاندا، نەققاشنىڭ بىر قۇلى تامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىكەن.

ئېچىپ لېۋىڭنى سۆزلىمە زىنھار،
تاشتا باردۇر كۆز، تامدا قۇلاق بار.

ئۇ قۇلمۇ ئۇ خوتۇنغا تاما باغلاپ تۇرغان ئىكەن. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھىلىقى ئىگىنىمۇ پۈتۈپتۇ. نەققاش ئۇنى ئېلىپ مەشۇقىنىڭ قېشىغا بارماقچى بوپتۇ. لېكىن بىر زورۇر ئىش تۇغرا كېلىپ قېلىپ، شۇ ئىشقا كېتىپتۇ. ئۇ كەلگىچە قۇل نەققاشنىڭ قىزىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئىگىنىنى ماڭا بېرىپ تۇرغىن، مەن ئۇنى خالىراق جايغا ئاپىرىپ گۈللىرىنىڭ نۇسخىسىنى كۆرۈۋالاي، — دەپتۇ. نەققاشنىڭ قىزى ئىگىنىنى قۇلغا بېرىپتۇ. قۇل ئۇنى كىيىپ سودىگەرنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئۇ ۋاقىت شام ۋاقتى بولغان پەيت ئىكەن. ئۇ خوتۇن ۋاقىتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ھەم زوق-شوقىنىڭ ئارتۇقلۇقىدىن يارنى غەيرىدىن ئايرىيالماي، ئۇ ئىگىنىنىڭ نەقىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىرىنى كورۇپ تونۇپلا، ئۇنىڭغا تەن بېرىپتۇ. قۇل مىرادىنى ھاسىل قىلىپ، ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ-دە، ئىگىسىنى جايىغا قويۇپتۇ. تېخى بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتمەيلا نەققاش قايتىپ كېلىپ ئىگىنىنى كىيىپتۇ-دە، مەشۇقىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئۇ خوتۇن ئۇنى كورۇپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ: "ۋاي شەپقەتلىك مېھرىۋان يارىم! سەن ھېلى كەلگەنتىڭغۇ؟ مەن ئارمىنىڭنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرغىلى يەنە كەپسەن-دە!" — دەپتۇ. نەققاش ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە ئۇ خوتۇنغا "سېنى يەنە بىر كورەي دەپ كەلدىم" دەپ قويۇپ، دەرھال ئۆيگە قايتىپتۇ ھەم قىزىدىن ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى سوراپ بىلىپ، قۇلغا ئەدەپ بېرىپتۇ. شۇندىن كېيىن نەققاش ئۇ نەقىشلىك ئىگىنىنى ئوتقا تاشلاپ كويدۇرۇپ، ئوز يارىنى تونۇيالمايدىغان خوتۇنىنىڭ سوھبىتىنى تەرك ئېتىپتۇ. ئۇ خوتۇن ئەگەر ئىش قىلىشتا ئالدىرىمىغان بولسا، قۇل بىلەن بۇلغانمىغان ۋە ئەزىز يارىنىڭ ۋىسالىدىن مەھرۇم بولمىغان بولاتتى.

ئەيلىسەڭ تېزلىك دەرىخىن پەرۋەرىش،
يىگەيسەن ئۇندىن پۇشايمانلىق يېمىش.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، پادىشاھىمىز مېنىڭ ئىشىمدا ھەرگىز ئالدىرىماسلىقى لازىم. بۇ سوزنى ئولۇمدىن قورقۇپ ئېيتىۋاتمايمەن. چۈنكى ئولۇم دېگەن بەرىبىر كەلمەي قالمايدۇ ۋە ھېچكىم يوقلۇق دائىرىسىدىن قېچىپ چىقالمايدۇ. ۋۇجۇت ھالقىسىغا كىرىپ قالغان ھەر بىر كىشى ئەلۋەتتە ئەجەل شەرۋىتىنى ئىچىدۇ.

تۇتسا ھەر كىمنى سالامەت ئاپتابى ئىچرە چەرخ،
خۇددى يالغان سۇبھىدەك ئاخىر ئۇنى قىلدى پانا.

هەر كىشى قەددىگە باپ تون تىكسە دەۋران ئۇستىسى،
ئۇ لىباسنى ئاقىۋەت بىر سالدۇرۇپ ئالدى يانا.

ئەگەر مېنىڭ مىلىڭ جېنىم بولۇپ، ئۇنى پىدا قىلىشىمدىن پادىشايىمغا پايدا يېتىدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭ ھەممىسىنى تەرك ئېتىشنى ئىككى جاھاننىڭ سائادىتى دەپ بىلگەن بولاتتىم.

شىرىن جاننىڭ تۆھپىسىنى گەر قوبۇل ئەتسە نىگار،
ئۆتكۈسى جاننىڭ بېشىدىن جېنى باركى ھەر كىشى.

ئەمما پادىشا ئۈچۈن بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە قاراش پەرزدۇر. چۈنكى پادىشانىڭ دۆلىتى خىزمەتكارلارسىز ۋە تاۋابىئاتلارسىز باقى تۇرمايدۇ. ئىخلاسلىق خىزمەتكارلارغا باتىل گۇمان بىلەن قەست قىلماق سەلتەنەتكە لايىق ئەمەستۇر. خەلقنى ئۆلتۈرۈۋەرسە ئاخىرى ئۆزى تەنھا قالىدۇ! بەندىلەرنى تەربىيەت قىلغاندا، ئاندىن ئۇلار ئىشەنچكە يارىغۇدەك بولىدۇ. مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، كىشىنى خوشال قىلالىغۇدەك ئىشنى ھەمىشە قولىغا كەلتۈرگىلى بولىۋەرمەيدۇ. تاشنىڭ ياقۇتقا ئايلىنىشى ئۈچۈن قانچىلىغان يىللار كېرەك بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

شىرنىڭ ئانىسى دىمنەنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن "ئۇنىڭ بۇنداق ھىلە-مىكىرلىك ئەپسۇنىگە ۋە راستقا ئوخشايدىغان ئىخلاسلار بىلەن تىل ياغلىمىچىلىق قىلىشلىرىغا شىر ئالدىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىشنى تەھقىقلەشتىن غاپىل قالمىغىدى" دەپ ئەندىشە قىلىپ، شىرغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

— خامۇشلۇغۇڭدىن مەلۇم بولۇشىچە، دىمنەنىڭ سۆزى راست ۋە باشقىلارنىڭ سۆزى يالغان ئىكەن-دە! ساڭا راست سۆز تەسىر قىلمايدىغانلىغى ۋە سېنىڭ يالغان سۆزگە ئالدىنىپ قالىدىغانلىغىڭنى بىلمىگەن ئىكەنمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— قولاق سېلىپ تۇرساڭ سەن قاغا-قاقىلداشقا،
قانداق ئاڭلىيالايسەن بۇلبۇلنىڭ سايرىشىنى.

بۇ سۆزنى ئېيتىپلا ئۇ ئاچچىقى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز مەنزىلىگە راۋان بوپتۇ. شىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قازىلار دىمنەنى باغلاپ زىندانغا سېلىشىپتۇ ۋە ئەتىگە ئۇنىڭ ئىشىنى ياخشى تەپتىش قىلىپ، راست بىلەن يالغاننى ئايرىپ چىقماقچى بولۇپ مەجلىسنى **تارقىتىپتۇ**. بىرەر سائەتتىن كېيىن شىرنىڭ ئانىسى شىرنىڭ خىلۋەتخانىسىغا كىرىپتۇ.

— ئوغلۇم، — دەپتۇ ئۇ، — مەن ھەمىشە دىمنەنىڭ يامان قىلىقلىرىنى ئاڭلاپ يۈرەتتىم، ئەمدى مەلۇم بولدىكى، مەككارلىقتا بۇ زامانىمىزدا كەم ئۇچرايدىغان ئاجايىپ بىر مەخلۇق ئىكەن. يالغاننى ياساپ سۆزلەشتە، بۇ شۇنداق مەككارلىق بىلەن شىرىن سۆزلەرنى ئاجايىپ قالاشتۇرىدىكەنكى، ئەگەر سەن ئۇنىڭغا سۆزلەشكە ئىمكانىيەت بەرسەڭ بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئۇ ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان ئوخشايدۇ. ۋاھالەنكى ئۇنىڭ ئۆلۈمى پۈتۈن مەملىكەت ۋە بارلىق لەشكەرلەر ئۈچۈن چوڭ راھەتتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشقا تېزرەك تۇتۇش قىلغىن. چۈنكى ياخشى ئەمەل ئۈچۈن ئالدىراش ياخشى ئىشتۇر.

— پادىشانىڭ يېقىنلىرىنىڭ ئىشى ھەمىشە ھەسەت ۋە زىددىيەت ئىچىدە بولىدۇ، — دەپتۇ شىر، — ئۇلار كېچە-كۈندۈز بىر بىرىنىڭ پېيىدە بولۇپ، ئەيىپ نۇقسانلىرىنى ئاختۇرۇشىدۇ ۋە قايسى بىرىنىڭ ھۈنىرى كۆپىرەك بولسا ئۇنىڭغا بەكرەك قەست قىلىدۇ. ھۈنەر ئەھلىگە ھەسەت ۋە يامان خاھىش كۆپ بولىدۇ. ھۈنەر-قابىلىيەتسىزلەرگە ھېچكىم ھەسەت قىلمايدۇ. دىمنەنىڭ قابىلىيىتى ۋە دانىشمەنلىكى تولا ھەم مېنىڭ قېشىمدا ئىززىتى يۇقۇرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەسەتخورلار ھەسەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا قەست قىلىشقا ئىتتىپاقلىشىۋالغان ئوخشايدۇ.

— ھەسەت دىگەن بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغۇدەك دە-رىجىدىمۇ بولامدىكەن؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ شىرنىڭ ئانىسى.

— ھەسەت دىگەن ئەگەر تۇتۇشۇپلا قالىدىغان بولسا ھول ۋە قۇرۇقنى تەڭ كويدۇرىدىغان ئوت. ھەسەتنىڭ قاتتىقلىغىنىڭ دەرى-جىسى كىشىنىڭ ئۆزىگە نەپ ۋە ياخشىلىق يېتىشىنىمۇ كورەلمەس-لىكنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇنداقلىغى مۇنداق ئۈچ ھەسەت-خورنىڭ ۋەقەسىدىمۇ يۈز بەرگەن، — دەپتۇ شىر.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپتۇ شىرنىڭ ئانىسى.

— ئۈچ كىشى، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ شىر.

## ئۈچ ھەسەتخورنىڭ ھىكايىسى

ئۈچ كىشى باشقا-باشقا يەرلەردىن سەپەر قىلىپ چىققان بولۇپ، يولدا تېپىشىپ ھەمرا بولۇشۇپتۇ. ئۇلار ئىچىدىكى چوڭ-راغى قالغان ئىككىسىدىن سوراپتۇ:

— سىلەر ئۆز شەھىرىڭلاردىن نىمىشقا چىقتىڭلار؟

— بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئاجايىپ ئىشلار يۈز بەردى. مەن كوڭلۇم يېرىم بولغانلىغىدىن ئۇ ئىشلارنى كورەلمىدىم. ئۇ ئىشلار-دىن مېنىڭ ھەسەت قىلىشىم تېخىمۇ زىيادە بولۇپ، رەشك ئوتىدا جىنىم كويۈشكە باشلىغانلىغى ئۈچۈن، مەن: "بىرنەچچە كۈن سەپەر قىلسام ئۇ دەرد-غەم كوڭلۇمدىن كوتىرىلىپ كېتەرمىكىن" دەپ تەقەززا قىلدىم، — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى.

— مەنمۇ شۇ ئەلەم تۈپەيلىدىن ۋەتىنىمنى تەرك ئەتتىم، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— ئىككىڭلار بىلەن مېنىڭ دەردىم بىر ئىكەن، — دەپتۇ چوڭى، — مەنمۇ ئاشۇ غۇسسە تۈپەيلىدىن سەھراغا يۈزلەنگەن ئىدىم.

گېپىمنىڭ راستىنى ئېيتسام، مەن ئۈنى كورەلمەسەن،
ئۆزگىلەر ئىچسە شاراپ مەن قۇرۇق قالسام قاراپ.

بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەسەتخور ئىكەنلىكى بىر بىرىگە مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇلار بىللە ھەمجىنسلىق قەدىمىنى ئۈزۈپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ، بىر كۈنى تۇيۇقسىزدىن يولنىڭ ئوتتۇرىدا ياتقان بىر خىش ئالتۇننى كۆرۈپتۇ-دە، دەرھال ئۇ يەردە توختاپ ھەممىسى بىرلا: بۇ ئالتۇننى تەقسىم قىلىشۋېلىپ شەھىرىمىزگە قايتايلى دېيىشىپتۇ. گەرچە ئۇلار بۇ سۆزنى ئېيتىشقان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى ئۆزىدىن باشقا ئىككىيلەننىڭ ئېلىشىغا تاقەت قىلالماي ھەسەت يەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇ ئالتۇننى ياكى كۆتىرىپ كېتەلمەپتۇ ياكى تەقسىم قىلىپ ئالالماپتۇ. ئىشقىلىپ، ئاشۇ ھەيرانلىق بىلەن ئۇ يەردە بىر كېچە-كۈندۈز تۇرۇپتۇ ۋە ئۇيقۇ ھەم يېمەك-ئىچمەكتىنمۇ پۈتۈنلەي قاپتۇ، ھېچ ئىشقا قولى بارماپتۇ.

ئۇشبۇ دۇنيا كارىنىڭ ئامانى يوق،
مىسلى بىر دەريا ئۇنىڭ پايانى يوق.
پەست تەبىئەتلەر چۈشەر ئاز نەپنى دەپ،
بىر ئۇلۇغ دەرت ئىچىگە دەرمانى يوق.

ئەتىسى، شۇ يۇرتنىڭ پادىشاسى شىكارغا چىقىپ، يول ئۈستىدە ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا ئۇ ئۈچ كىشى ھەيرانلىق بىلەن ئولتۇرغان ئىكەن.

— نېمە بولدى؟ نېمىشقا بۇنداق ئولتۇرىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا. ئۇلار راستى بىلەن جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ئۈچىيلىمىز ھەسەتخورلار. بىز ھەسەت بىلەن ئۆز ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلغان ۋە ناھايىتى قاتتىق يول رەنجى تارتقان كىشىلەرمىز. بۇ ئالتۇننى ئۈلۈشۈش ئۈچۈن بىر تەقسىماتچى تاپالماي ئولتۇرغان ئىدۇق. خۇداغا شۈكرى، تىلىگىمىز مۇيەسسەر بولدى.

— ئۆزەڭلار قانچىلىك ھەسەتخور ئىكەنلىكىڭلارنى بايان قىلىپ بېقىڭلار قېنى؟ مەن ئالتۇننى شۇنىڭغا بېقىپ ئۆلەشتۈرەي، — دەپتۇ پادىشا.

— مېنىڭ كىشىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ئەسلا تاقىتىم يوق، — دەپتۇ بىرى، — كىشىنىڭ مەندىن مەنپەئەت ئېلىپ شات بولۇشىنى ھەرگىز كۆرەلمەيمەن.

— ماڭا سېلىشتۇرغاندا سېنىڭ ھەسەتخورلۇقۇڭ ھېچقانچە ئەمەسكەن، — دەپتۇ ئىككىنچىسى، — مەن شۇ دەرىجىدىمەنكى، كىشىنىڭ كىشىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، كۆڭلىنى سۆيۈندۈرۈشىنى كۆرەلمەيمەن. ئۇنى كۆرسەم مېنىڭ كۆڭلۈمگە داغ چۈشىدۇ.

— ھەيھات، ھەيھات! — دەپتۇ ئۈچىنچىسى، — سىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقتىن لاپ ئۇرۇشۇڭلار بىمەنىلىك ئىكەن. مەن شۇ دەرىجىدىمەنكى، ئالەمدە ياخشىلىق ئىشىنى ھەرگىز ئاڭلىغۇم كەلمەيدۇ. باشقىلارنىڭ ماڭا ياخشىلىق قىلىشىنىمۇ كۆرەلمەيمەن.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشا، ھەيرانلىق قولىنى تەپەككۇر چىشى بىلەن چىشلەپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن شۇملۇق رەقىمى ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى لەۋھەسىگە يېزىلغانلىقىنى چۈشىنىپ بەكمۇ ئەجەپلىنىپتۇ.

— ھەي بەتبەختلەر! — دەپتۇ پادىشا ئاخىرى، — بۇ سۆزۈڭلار بىلەن سىلەرگە بۇ ئالتۇن ھارام ۋە ھەر بىرىڭنىڭ گۇناھىغا لايىق ئازاپ - ئۇقۇبەت لازىم. ھەي مۇلازىملار! ماۋۇ — كىشىگە ئۆزى ياخشىلىق قىلالمايدىغان ھەسەتخورغا ھەرگىز ياخشىلىق يۈزىنى كۆرسەتمەڭلار؛ ئىككى جاھاننىڭ بەخت ئىقبالىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسىنى بېرىڭلار! ماۋۇ — كىشىگە كىشىنىڭ ياخشىلىق قىلغىنىنى كۆرەلمەيدىغان ھەسەتخورنى ئۇلتۇرۇڭلار؛ ئۇنىڭ جېنى بۇ مېھنەت يۈكىدىن پاتراق خالاس تاپسۇن. ماۋۇ — كىشىنىڭ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىشىنىمۇ كۆرەلمەيدىغان ھەسەتخورغا شۇنداق ئازاپ قىلىڭلاركى، چەكسىز قىيناق ئازاۋىنىڭ چاڭگىلىدا روھىنىڭ قۇشى قىل يۇتۇپ، ئەزرائىلنىڭ دامىغا گىرىپتار بولسۇن.

شۇنىڭ بىلەن پادىشانىڭ مۇلازىملىرى بىرىنچى كىشىنى يالىڭاچلاپ، بار- يوقىنى ئېلىۋېلىپ قويۇۋېتىپتۇ ۋە مۇنداق غەزەل ئوقۇپتۇ:

ئەگەر كىشى كىشىگە نەپ بەرمىسە،
خوپتۇر ئۇنىڭ بار-يوقىنى تالىماق.
مىۋە بەرمەس بولسا ئەگەر قايسى دەرەخ،
لايىق بولغاي ھەممە شاخىن يۇلماق.

ئىككىنچىسىنى بولسا تىغ بىلەن بېشىنى كېسىپ، ھەسەت رەنجىدىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى ھەسەتخورنى يالىڭاچ بەدىنىگە زەھەر سۈركەپ، قىزىق ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. نەتىجىدە ئۇ ئۇزاق ئازاپ تارتىپ زار- زار قاخشاپ ھالاك بولۇپتۇ. پادىشا ئۇ ئۈچ ھەسەتخورغا ئەنە شۇنداق جازا بېرىپتۇ.

يوقتۇر ھەسەت ئاغرىغىغا دەرمان ئىشى،
چۈنكى ھەسەت دىۋە بىلەن دو قىلمىشى.
ياخشى باقساڭ ئۆز جانىغا قەست قىلغۇسى،
كىشى ئۈچۈن ھەسەت يىگەن نادان كىشى.

جاھاندا ھەسەتتىن چوڭراق رەنج يوق. چۈنكى ھەسەتخور كىشى خالايىقنىڭ خوشاللىقىدىن غەمگە پاتىدۇ ۋە ئۆزگىلەرنىڭ راھىتىدىن ئۆزىگە جاپا تاپىدۇ.

بۇ غەم ئىچرە ھەسەتخور يۈرەر دائىم مۇردا جان،
قانداق تىرىك بولغۇسىدۇر دىلىدا تۇرسا ئىلان.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۇمكى، ھەسەت ئېشىپ بارسا

ئاخىرى كىشىنىڭ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىشىنىمۇ كۆرەلمەيدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. بۇنىڭدىن بىلمەك كېرەككى، ئۇ كىشى باشقىلار توغرىسىدا نىمىلەرنى قىلمىسۇن؟ شۇڭا دېمىنە توغرىسىدىكى ئىشلارمۇ ھەسەتخورلارنىڭ ئىشلىرىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن.

— مەن بۇ دەرگاھتىكى يېقىنلىرىڭدىن ھەسەت ئىشىنى پەملىيەلمىدىم. ئەمما دېمىنە ساڭا نەسىھەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇنى يوقىتىشقا بىرلىشىۋالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن. بولمىسا بۇ ئىشقا بۇنچىلا مۇقەددىمىلەر كەتمەيتتى، — دەپتۇ شىرنىڭ ئانىسى.

— بۇ ئىشتا مېنىڭ شۇبھەم ناھايىتى كۆپ، — دەپتۇ شىر، — مەن كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن دېمىنەنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزەمگە زىيان سالالمايمەن. خالايىقنىڭ خۇشاللىقىنى دەپ خۇدانىڭ غەزىۋىگە سازاۋەر بولۇشنىمۇ خالىمايمەن. ئۇنىڭ ئىشىنى ئۇنى ئۆلتۈرسەم خالايىقنىڭ تەنىسىگە قالمىغىدەك دەرىجىدە ياخشى ئېنىقلىشىم كېرەك. شەنزەبەنى ئالدىراپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ پۇشايمانغا قالدىم. ئەمدى ئېنىقلانمىغان گۇمان بىلەن قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى زايا قىلمايمەن. يېقىنلىق جامالىدىن گۇمان پەردىسىنى كۆتەرمىگىچە قەتلى قىلىشقا ھۆكۈم سۈرمەيمەن، بۇزرۇكلارنىڭ:

ئەگەر كەلسە ئالدىڭغا بىر گۇناھكار،
ئېنىقلىماي ئۇقۇبەت قىلما زىنھار.
بەك ئاسان ئۇشتىلۇر لەئلى بەدەخشان.
پۈتۈن قىلماق ئەمەستۇر لېكىن ئاسان.
ئەگەر چەكسەڭ بەكمۇ تېزلىك بىلەن تىغ،
قولۇڭ چىشلەپ دىگەيسەن ئاخىر دەرىغ.

دىگەن سوزىنىڭ مەزمۇنىغا خىلاپلىق قىلمايمەن.

شىر بىلەن ئانىسىنىڭ گەپلىرى تاماملىنىپ، ئىككىسى ئۆز ماكانىغا قايتىشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېمنەنى ئېغىر كىشەن بىلەن كىشەنلەپ، زىندانغا سالغان ئىكەن. كەلىلە ئۇنى كۆرمەكچى بولۇپتۇ ۋە زىندانغا چۈشۈپ دېمنەنىڭ ھالىنى كۆرۈپ زار- زار يىغلاپتۇ:

— ھەي بۇرادەر، سېنى بۇ بالا ۋە مېھنەت ئىچىدە كۆردۈم، ئەمدى ماڭا ھاياتنىڭ نېمە لەززەت بولسۇن؟

سەنسىز ئەي ئارامى جانىم بۇ ھاياتىمنى نېتەي،
بولماس بولساڭ ھەمدەمىم گەر شادىمانلىقنى نېتەي.
"غەيرى ۋەسلىگە يېتەرسەن مەندىن ئايرىلساڭ" دېدىڭ،
پادىشالىق ئەيلەپ ئەمدى پاسىۋانلىقنى نېتەي.

دېمنەمۇ يىغلاشقا باشلاپتۇ:

بولدى مېنىڭ خەستە جانىممۇ يارا،
بولغاچ سەندەك ۋاپادارىمدىن جۇدا.

ماڭا كەلگەن بۇنچە مېھنەت ۋە زىندان مۇشەققىتى بىلەن كىشەن جاپاسى سېنىڭ پىراقىڭنىڭ ئوتى بىلەن كۆيگىنىمگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

ئايرىلغاچ جامالىڭ شامىدىن كۆڭلۈم قاراڭغۇدۇر،
غەم ئوتىدا كۆيمەكتىن بولماس بىر نەپەس خالى.
جانىنى كۆيدۈرگەن پىراقىڭنىڭ جاپاسىدا شۇدەم،
قان ياشتا قىزارماقتۇر سېرىق يۈزۈمنىڭ ئەھۋالى.

— ئىش ئەمدى بۇ دەرىجىگە يەتتى دېمنە، — دەپتۇ كەلىلە، — ئەگەر ساڭا سوزدە قوپاللىق قىلسامۇ ئەيىپ ھېساپلانمايدۇ. مەن بۇرۇندىلا سېنىڭ بۇ ھالىڭنى بىلىپ، قانچىلىغان نەسىھەتلەرنى قىلدىم. لېكىن سەن بىرىنىمۇ ئاڭلىمىدىڭ ھەم ئۆزەڭنىڭ زەئىپ تەدبىرلىرىڭ بىلەن ئىش قىلدىڭ. مانا، ئاخىرى مەن بۇرۇن دېگەندەكلا بولدى.

"يارىم دوستۇم، دائىما چۈشكەيسەن" دېگەن ئىدىم ساڭا،
ئاقىۋەت ياردىڭ، مانا بۇ ئېيتقىنىم كەلدى ساڭا.

ئەگەر ئۇ نەسىھەتلەرنى ئېيتمىغان بولسام بۈگۈنكى كۆنلۈكتە ساڭا خىيانەتتە شېرىك بولغان بولاتتىم. مەن ساڭا ئۇلىمالار: "كىشىنى ھالاك قىلىشقا ھەرىكەت قىلغۇچىلار ئەجەلىدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ. لېكىن جېنى تېنىدىن بىر يولىلا چىقمايدۇ، بەلكى شۇنداق بولىدۇكى، ئۇنىڭغا ھاياتتىن بىزار بولغۇدەك دەرىجىدە بىر رەنج يېتىشىدۇ. ھەردەم ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيدۇ، ئەمما ئۇنچە ئوڭاي ئۆلەلمەيدۇ" دەپ ئېيتقان دېمىگەنمىدىم! ئەنە شۇنداق ھالەت دەل سېنىڭ بېشىڭغا كەلدى. ھەرقانداق كىشى شۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالسا، ئۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆلۈم ياخشىراقتۇر.

گەر ھاياتىڭ بولسا ھەردەم غۇسسە بىلەن قان يۇتۇش،
ياخشىراقتۇر ئۇ ھاياتتىن گور ئىچىدە يەر تۇتۇش.

— ئەي بۇرادەر، ماڭا نەسىھەت يولى بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى ھەق سۆزلەر ئىدى، — دەپتۇ دېمنە، — لېكىن مېنىڭ نەپسىمنىڭ مال ھېرىسى ۋە ئۇلۇغلۇق تەمەننىسى ئەقلىمنى زەئىپلەشتۈردى ھەم نەسىھىتىڭنى ئاڭلاتمىدى. خۇددى زىيان قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سىڭمەيدىغان تاماقنى يەپ، ھالاكەتكە ئۇچرىغان ئاغرىققا ئوخشاش، مەن زەرەرنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەنە شۇنداق چىرىك ئىشنى باشلىغان ئىكەنمەن، شۇڭا ماڭا ئوخشاش نەپسى ھاۋاسىدىن نېرى ئۆتەلمەيدىغان كىشىگە ھەرقانداق بالا-قازا كەلسە راۋا بولىدۇ. مەن ئۆزەمدىنلا شىكايەت قىلىشىم كېرەك.

غەيرىدىن مەن نالە قىلماسمەن بېشىمغا كەلسە گەر،
ھەر بالا كىم كەلگۈسىدۇر ئۇ ئۆزەمنىڭ پەيلىدىن.

www.uyghurkitap.com

— ھەرقانداق ئىشنىڭ باشلىنىشىدىلا ئۇنىڭ نەتىجىسىگە نەزەر سالالىغان ۋە قىلغان - ئەتكەن، دىگەنلىرىگە پۇشايمانلىق ۋە پەرىشانلىق كەلتۈرمىگەن كىشىلەر ئاقىل ھىساپلىنىدۇ. چۈنكى پۇشايمان دۈشمەننىڭ شات بولۇشى ۋە دوستىنىڭ مالال بولۇشىدىن بولەك پايدا بەرمەيدۇ. ئىلگىرى خاتا قىلىپ كېيىن پۇشايمان قىلغاندىن نىمە پايدا؟ — دەپتۇ كەلىلە.

— ھەي بۇرادەر! — دەپتۇ دىمنە، — دۈشمەنسىز بولماق ھىممىتى پەسلەرنىڭ ئىشى. خاتىرجەم ۋە خوشال يۈرمەك نادان، ئاخماقلارنىڭ ھالىتى. ئالىي ھىممەت كىشى ھەرقانداق جايدا قاتتىق رەنج ۋە چوڭ خەتەردىن خالى بولالمايدۇ.

ئالغىلى بولماس ھەۋەس چوگەنىدە ئۈتۈق تېشى،
باشتىن ئۆتمەكلىك كېرەك قويساڭ بۇ مەيدانغا قەدەم.

— بۇ دۇنيانىڭ دۆلىتى ۋە ئاقىۋىتى يوق، ئۇلۇغلۇغى ھىچقانچە رەنجۇ مۇشەققەتكە ئەرزىمەيدۇ.

بەرمىگەي دۆلەت بېغى ھىچ شادىمانلىق مىۋىسىن،
چۈنكى ئۇنىڭ مىۋىسىدۇر بۇ جاھاننىڭ گەردىشى.

دۇنيانىڭ پۇل - ماللىرىغا ۋە مەنسەپلىرىگە ئىلتىپات نەزىرىنى سالمىغان بولساڭ، رەنجۇ مۇشەققەت قۇدۇغىغا چۈشمىگەن بولاتتىڭ. ھەسەت كوچىتىنى كۆڭلۈڭ بېغىغا تىكمىگەن بولساڭ، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بالا ۋە مېھنەت مىۋىسىنى يېمىگەن بولاتتىڭ، — دەپتۇ كەلىلە.

— بۇ بالا ئۇرۇقىنى ئۆزەم تېرىغان، — دەپتۇ دىمنە، — ھەر كىشى ئۆز تېرىغىنىنى ئورىدۇ!

ياخشى ئىش ياخشى، يامان قىلماق قىلۇر پەيدا يامان،
ئارپىدىن ئارپا ۋە بۇغدايدىن ئۈنەر بۇغداي ھامان.

ئەمدى ئىش قولدىن كەتتى ھەم قول ئىشتىن قالدى. يا تەدبىر قولى بىلەن تەقدىر گوھىرىنى تېرەلىشىم ۋە يىاكى ئەندىشە ئەينىكىدە ساۋاپ چېھرىسىنى كورەلىشىم مۇمكىن بولماي قالدى. ئەمدى خاتالىغىم ۋە ئەيىۋىمنى كوردۇم ۋە بىلدىم، دولەت گوھىرى مېھنەت خەتىرىگە ئەرزىمەيدىكەن.

كىرىپتۇرمەن بۇ دەريا ئىچرە سۇ ئالماق ھەۋەس ئەيلەپ،
ۋە لېكىن بىلمىگەنىكەنمەنكى بىھەد مەۋج ئۇرارىنى.

— ئەمدى بۇ بالادىن خالاس بولۇشقا قانداق تەدبىر قىلماقچىسەن؟— دەپ سوراپتۇ كەلىلە.

ئەمەس مۇمكىن بۇ ئىشنىڭ تەگلىگىدىن ھېچ قېچىپ چىقماق،
قاياقتا بولسا يوچۇق ئاڭا تەدبىر دامى باغلاقلىق.

— پەمىمچە، تىرىكلىك كېمىسى بۇ ھالاكەت گىرداۋىدا غەرق بولۇپ، ئاخىرەت ئاپتىۋى يوقلۇق مەغرىبىگە ئولتۇرىدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن تېنىمدە جانلا بولىدىكەن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھىلە ۋە پىرىپتە ئىشلىتىمەن. ئەمما سېنىڭدىن تېخىمۇ قاتتىقراق غەم يەۋاتىمەن! مۇبادا سەن مەن بىلەن بىللە توھمەتكە ئۇچرىساڭ، خۇدا ساقلىسۇن، سېنىمۇ شۇ ئىش توغرىسىدا تۇتسا، ھەممە سىرنى تولۇق ئېيتىپ قويىدىغان بولساڭ، ئۇ ۋاقىتتا ماڭا ئىككى سەۋەپتىن تېخىمۇ قاتتىق ئازاپ بولىدۇ. بىرى شۇكى، سەن مېنىڭ سەۋىۋىمدىن زەخمەت چېكىپ قالىسەن. يەنە بىرى شۇكى، سېنىڭ راستكويلۇغۇڭ خالايىققا روشەن بولغاچقا سەندەك ئادىل

گۈۋاچىنىڭ سوزى بىلەن مىنىڭ ئۆلۈش ۋاقتىم تېزلىشىدۇ-دە، دىدار قىيامەتكە باقى قېپقالىدۇ،— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دېمىنە.

— سوزۇڭنى ئاڭلىدىم،— دەپتۇ كەللە،— ئەمما مەن ئازاپلاشقا سەۋرە قىلالمايمەن، ئەگەر ئوقۇبەتكە تۇتىدىغان بولسا، نىمىنى بىلگەن بولسام ھەممىسىنى ئېيتىپ قويىمەن. ھەرگىز كىشىگە خوشامەت قىلىش ئۈچۈن، راستىنى يېپىپ يالغان سوزلىمەيمەن. سەنمۇ گۈنايىڭغا ئىقرار قىلىپ، توۋا قىلىپ كوڭلۈڭنى ئېرىتكىنىڭ ياخشى. چۈنكى بۇ ھالاكەتتىن تىرىك قۇتۇلالمايدىغانلىغىڭ ئوزەڭگىمۇ مەلۇم، شۇڭا دۇنيا ھاياتىدىن تېخى ئايرىلماي تۇرغان ۋاقتىڭدا، ئاخىرەت ئازاۋىدىن نىجات تاپماقنىڭ كويىغا چۈشكىن.

— بۇ توغرىدا ياخشى ئويلىشىم كېرەك. خاتىرىمگە كەلگەننى ساڭا يەنە مەلۇم قىلارمەن،— دەپتۇ دېمىنە.

كەللە رەنجۇر ۋە غەمكىن بولغىنى ھالدا قايتىپ كېتىپ، ئۇ كېچىسى ئاپەت ۋە ئەندىشە ياستۇغىغا باش قويۇپ، سەھەرگە قەدەر بالا ۋە مېھنەت ئوتىدا تولغىنىپ، ئۇياق-بۇياققا ئورۇلۇپ يېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن نۇرغۇن شىرىن ئارزۇلار بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئەمما كەللە بىلەن دېمىنە بۇ سوزلەرنى دېيىشىۋاتقاندا، زىنداندا بىر ئوغرى بار ئىكەن. ئوغرى ئۇلارنىڭ ماجرالىرىنى تولۇق ئاڭلاپتۇ ۋە "ھەر سوزنىڭ بىر ۋاقتى بولىدۇ، بىر ۋاقىتلاردا كارغا ياراپ قالسا ئەجەپ ئەمەس" دەپ ئۇ گەپنى خاتىرىسىدە ساقلاپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى ئاپتاپنىڭ زەررىن شىرى ئاسماننىڭ كوك رەڭلىك جاڭگىلىدا جەۋلان قىلىشقا باشلاپتۇ. كېچىنىڭ قارا يۈزلۈك دېمىنەسى جاپا زىندانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا يوشۇرۇنۇپتۇ.

كۈندۈزنىڭ ئادىلى كىردى ئارىغا،
كېچىنىڭ زالىمى چىقتى ياقىغا.

شىر بارلىق تاۋابىئاتلىرى بىلەن جەم بولۇپ، يەنە مەجلىس تۈزۈپتۇ. شىرنىڭ ئانىسى يەنە دىمنەنىڭ ئىشىدىن سوز باشلاپ شۇنداق دەپتۇ:

— زالىملارنى ئامان قويماق پەرھىز كارلارنى ئولتۈرمەك بىلەن باراۋەردۇر.

يامانغا ياخشىلىق قىلماق گوياكى،
بولغۇسى ياخشىغا قىلغان يامانلىق.

ھەر كىشى قۇدرىتى بار تۇرۇپ، يامانلىق قىلغۇچىلارنى تىرىك قويسا ياكى زالىمغا مەدەت بەرسە، ئۇلارنىڭ ئۇۋالىغا شىرىك بولىدۇ ۋە ئاخىرى ئوزىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ.

قىلما يامانلىق ياخشىغا، بولما يامانىنىڭ يارى ھەم،
ئاخىرى ئۇنىڭ زىيىنى ئوزەڭگە يەتكۈزگەي ئەلەم.

شىر قازى ۋە مەنسەپدارلارغا:

— دىمنەنىڭ ئىشىنى تەھقىقلەشكە كىرىشىڭلار ۋە ھەر كۈنى ئاشكارىلانغان ۋەقەنى ئۇتتۇرلۇق ماڭا ئەرز قىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قازى ۋە باشقا ئاكابىر - ئەشرەپ، ئاۋۇ-خاسلار ھەممىسى شىر قېشىدىن قوپۇپ بىر يەرگە جەم بولۇشۇپتۇ. دىمنەنىمۇ زىنداندىن ئەپكېلىپ شۇ جايغا ھازىر قىلىشىپتۇ. شۇندىن كېيىن قازىنىڭ نائىبى بارلىق مەجلىس ئەھلىگە شۇن-داق دەپتۇ:

— يارانلار! پادىشا دىمنەنىڭ ئىشىنى تەپتىش قىلىشنى ھەد-دىدىن ئارتۇق تەكىتلىمەكتە ۋە تاكى بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقمىغىچە باشقا ئىشقا تۇتۇش قىلماسلىقنى بۇيرۇدى.

ئەمدى، ھەر بىرىڭلارغا قانچىلىك ئىش مەلۇم بولسا شۇنى راستلىق بىلەن بايان قىلىڭلار. چۈنكى ئۇ ئىشتا ئۈچ پايدا بار: بىرىنچىسى، ھەقىقەتكە يار بەرمەك ۋە راستلىق تۇغىنى كۆتەرمەكنىڭ ھەم شەرىئەتتە قەدرى-قىممىتى كۆپتۇر، ھەم مۇرۇۋۋەتتە ھۆرمىتى ئاز ئەمەس. ئىككىنچىسى، زۇلۇم بىناسىنى ۋەيران قىلماق ۋە خىيانەت ئەھلىگە پەندى-نەسىھەت بەرمەك ھەم تەڭرى رىزاسىغا مۇۋاپىقتۇر، ھەم خالايىق تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئۈچىنچىسى، مەككار ۋە پىتنە-پاساتكارلارنىڭ جەۋرىدىن قۇتۇلماق ۋە ئىككى يۈزلىمىلەرنىڭ پىتنىلىرىدىن ئامان تاپماق چوڭ مەنپەئەتتۇر ۋە ئۇ راھەت كۆرۈشنىڭ ۋاستىلىرىدىن بىرىدۇر.

گەپ ئاخىرلاشقان بولسىمۇ ھېچكىم جاۋاپ بەرمەي خامۇش ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. چۈنكى ئۇلار دىمنەنىڭ ئىشىنى ئېنىق بىلمەيدىكەن. شۇڭا ئۇلار گۇمان بىلەن كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە ھەركەت قىلىشنى خالاشماپتۇ. دىمنە ئۇ يەردە ھازىر بولغانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ كۆڭلى شاتلىنىپ، خۇددى باغى ئىرەمنىڭ گۈللىرىدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئەمما غەمكىن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، چىرايىنى تۈرۈپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، دىن ۋە دۆلەتنىڭ كاتتىلىرى، مەملىكەت ۋە مالىيەتنىڭ ئۇلۇغلىرى، ئەگەر مېنىڭ گۇنايىم بولغان بولسىدى، سىزلەرنىڭ خامۇش تۇرغىنىڭىزلارنى كۆرۈپ شات بولغان بولار ئىدىم. مەن بىگۇنا مەن. ھەر كىشى گۇنادىن پاك بولغان بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىشىنىڭ سۆزى سىغمايدۇ. خۇدانىڭ ھەققى ھۆرمىتى، ئەگەر مېنىڭ توغرامدا ھەر نىمەرسە ئاڭلىغان بولسىڭىزلار يوشۇرماي ئېيتىڭىزلار ۋە راستچىللىقىمۇ رىئايە قىلىڭىزلار، چۈنكى ھەر سۆزنىڭ ئارقىسىدا مۇناسىپ جاۋاپكارلىق بولىدۇ. ھەرقايسىلىرىڭىزلار ئۆزىڭىزنىڭ ھەققىنى ئىزھار قىلىشتا ۋە ئەدلىگە لايىق قەتلى ھۆكۈم قىلىشتا كۆرگەنلىرىڭىز ۋە بىلگەنلىرىڭىز بولغان بولسا، كۆڭۈللىرىڭىزلارنى شۈبھە ۋە غەرەزدىن پاك قىلىپ راست-

ىلىق بىلەن گۇۋالىق بېرىڭىزلار. ئەگەر ھەر بىرىڭىزلار مېنى گۇمان ۋە شۈبھە بىلەن ئولتۇرمەككە ھەركەت قىلسىڭىزلار خۇددى جاھىل تېۋىپقا يەتكەن ھادىسىدەك ئەھۋالغا ئۇچراپ قالىسىزلەر.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سورىشىپتۇ ئۇلار.

— بىر نادان ئادەم، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ دېمىنە.

## نادان تېۋىپنىڭ ھېكايىسى

بىر نادان ۋە تەجرىبىسىز ئادەم تېۋىپلىق دەۋاسىنى قىلىدىكەن. ئۇنىڭدا ياكى ئازراق ئىلىم، ياكى دورا تونۇشقا بىلىم دەيدىغان نەرسە يوق، شۇنداق جاھىل ئىكەنكى ھەللە بىلەن بەلەننى بىر بىرىدىن ئاجرىتالمايدىكەن. كېسەللىكنى تەشخىس① قىلىشتا شۇنچىلىك نادان ئىكەنكى، كوز ئاغرىقى بىلەن پۇت ئاغرىقىنى ئايرىيالمايدىكەن. دورىلارنىڭ تەركىۋىنى تولۇقلاپ كومۇلاچ ياساشتا، بىرىنىڭمۇ ئەسلى مىقدارىنى بىلمەيدىكەن، شەرۋەت ئىچۇرۇش ۋە غىزا تەرتىۋىنى بۇيرۇشتا ھېچ نەرسىنىڭ چېنى ۋە قائىدىسىنى ئۇقمايدىكەن.

ھەر ئاغرىق ئاڭا سالسا كوزىنى،
كورەلمەس ئىدى ھايات يۈزىنى.

ئۇ شەھەردە بۇ ئەبلەخ جاھالەت دۇكىنىنى ئېچىپ، ئۆزىگە "ئۇستا تېۋىپ" نامىنى بەرگەن ئىكەن. ئۇ شەھەردە يەنە بىر دانىشمەن تېۋىپ بار بولۇپ، ئۇ مۇكەممەل تەجرىبىگە ئىگە، نەپىسى ۋە قەدىمى مۇبارەكلىگىدىن مەشھۇر بولغان، نەپىسى خۇددى ئەيسانىڭ نەپسىدەك جان بېغىشلىغۇچى ۋە قەدىمى

① تەشخىس — دىاگنوز قويۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خۇددى خىزىرنىڭ قەدىمىدەك خوشاللىق كەلتۈرگۈچى بولغان بىر كىشى ئىكەن.

يۇقۇرى بېقىپ ئەگەر ئۇ ئۇرسا دەم، چەرخنىڭ بېشى،
چوگىلەشنىڭ ئاغرىغىدىن قۇتۇلاتتى شۇ زامان.
باغ ئارا كىرسە ئەگەر ئۇ كەلتۈرەتتى قەدىمى،
تال ۋە تېرەك شاخىغا تىترەك كېسەللىكتىن ئامان.

لېكىن، ھۈنەرۋەن - قابىلىيەتلىك كىشىلەر زامانىنىڭ ناز داستىخىنىدىن جاپا ۋە مېھنەت نالىسىنى كوتىرىپ خارلىقتا قالىدىغان، ھۈنەر - قابىلىيەتسىز كىشىلەر ئۇنىڭ چەكسىز پايدا- مەنپەئەتىنى كورۇپ زەللە ئالىدىغان ئىش ئىككى يۇزلىمە ھاياتنىڭ ئادىتىدۇر.

ئەمەس ئىكەن بۇ زامان ھۈنەر- سەنئەت خېرىدارى،
بۇنداق كاسات ماتايىمنى مەن ئاپىرىپ كىمگە ساتاي.

بىرىپ - بىرىپ ئوز دەۋرىنىڭ ئولىماسى بولغان ئۇ دانىشـ مەنىنىڭ ئامىتى قېچىپتۇ ۋە ئۇنىڭ كوز يۇلتۇزىنىڭ نۇرى زەئىپـ لىشىپتۇ. دانالارنىڭ كوز قارچۇغىنىڭ نۇرى روشەنلىك ئالىدىغان ئۇ ئەزىزنىڭ كوز نۇرى كۇندىن - كۇنگە كېمىيىپ، ئاخىرى ئۇنىڭـ دا روشەنلىكتىن ئەسەر قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىچارە ئوزىنى خىلۋەتكە ئاپتۇ. نەتىجىدە ھىلىقى جاھىل قۇرۇق دەۋا قىلىپ لاپ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ.

دىۋە قىلدى ھوسنى دەۋاسىنى ھەم قاچتى پەرى،
ئەقىل ھەيرانلىقتا كويىدىكى، بۇ قانداق ئىش ئىرۇر.

ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە، ھېلىقى نادان تېۋىپلىق نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپتۇ ۋە شۆھرەت-داڭقى خالايىقنىڭ ئاغزىغا يېيىلىپتۇ.

ئۇ شەھەر پادىشاسىنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسنىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئاپتاپ خىجىل بولىدىكەن. زۇلپى شۇنداق خۇشبۇي ئىكەنكى، سابا تېخى ئۇنداق خۇشپۇراق ئىپارنى جاھان كۆزىگە كۆرسەتمىگەن ئىكەن.

جادۇ كۆزلۈك، ئاي يۈزلۈك، دىلغا دىلكەش،
جانغا راھەت، دىلغا لەززەت خۇددى مەھۋەش.

پادىشا ئۇ قىزىنى شاھانە ئىززەت-ئابروي ۋە كاتتا توي-تاماشالار بىلەن ئۆز ئىنىسىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلغان ئىكەن.

ئاپتاپ ئايىنى ئۆيدە قىلدى مېھمان،
زوھرە بىلەن مۇشتەرى تاپتى ۋىسال.

ئۇ ئىككى گۈزەل بىر جايدا بولۇش ئارقىلىق يىگىتنىڭ شاھانە گۆھىرى مەلىكىنىڭ بەچچىدان سەدىپىدە ئورۇن تۇتۇپتۇ ۋە ئاي-كۈنى توشۇپتۇ. دەل شۇ پەيتتە مەلىكە بىر ئاغرىققا مۇپتىلا بوپتۇ. پادىشا دانا تېۋىپنى قېشىغا چاقىرىپ، كېسەلنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۇنىڭغا بايان قىپتۇ. دانىشمەن تېۋىپ كېسەلنىڭ ھەقىقىتىدىن ئاگاھلىق تېپىپ، ياخشى تەشخىس قىلىپتۇ ۋە پادىشاغا:

— بۇ ئاغرىقنىڭ ئىلاجى مېھران دېگەن دورا بىلەن مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر مىسقال ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر مىسقالدىن ئىپار ۋە دارچىن ئارىلاشتۇرۇپ، سېرىق زەپەر بىلەن شەرۋەت قىلدۇرغايلا. ئۇنى ئاغرىققا ئىچۈرۈلسە دەرھال رەنجىدىن شىپا تاپقۇسىدۇر، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇ دورا نەدىن تېپىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— مېنىڭ كوزۇم ساق ۋاقتىدا ھەزرەتلىرىنىڭ شەرۋەتخانىسىدا ئۇ دورىدىن كورگەن ئىدىم. بىر كۈمۈش قۇتىچىدا بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئالتۇن قۇلۇپ سېلىنغان ئىدى. ھازىر ئۇنى تېپىشقا ئاجىزمەن، — دەپتۇ دانا تىۋىپ.

شۇ ئەسنادا ھېلىقى تىۋىپلىق دەۋاسىنى قىلغۇچى جاھىلمۇ ھازىر بولغان ئىكەن.

— ئۇ دورىنى مەن ياخشى تونۇيمەن، ئۇ دورىنى تەييارلاش مېنىڭ ئىشىم، — دەپتۇ ئۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ پادىشانىڭ رۇخسىتى بىلەن شەرۋەتخانىغا كىرىپتۇ. قارىسا دانىشمەن ھەكىم تەرىپلەپ بەرگەن قۇتىچىغا ئوخشايدىغان قۇتىلار ئۇ يەردە ناھايىتى كوپ ئىكەن. شۇڭا ئۇ ئوزىگە لازىملىقىنى ئىزلەپ تاپالماي ھەيران بولۇپ، ئاخىرى بىر قۇتىنى كوتىرىپلا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇ قۇتىنىڭ ئىچىدە پادىشانىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن ساقلاپ قويۇلغان زەھەر بار ئىكەن. نادان تىۋىپ ئاغرىقنىڭ ھۇزۇرىدىلا ئۇ قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، زەھەرنى باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ شەرۋەت قىلىپتۇ-دە، ئۇنى پادىشانىڭ قىزىغا بېرىپتۇ. مەلىكە ئۇنى ئىچىشى بىلەنلا جان ئۈزۈپتۇ. پادىشا بۇ ھالنى كورۇپ، قىزىنىڭ پىراقىدىن ئاھلىرىنىڭ شولىسىنى پەلەككە يەتكۈزۈپتۇ ۋە شەرۋەتنىڭ قالغىنىنى ئۇ جاھىل تىۋىپقا ئىچۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. نەتىجىدە ئوزىنىڭ يارىماس ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى يېتىپ، ئۇمۇ ئوز ئورنىدىلا جان بېرىپتۇ.

ياندۇرۇپ كورسىتەر پەلەك ھەر ئەمەلنى كوزۇڭگە،
غەيرىگە قىلغىنىڭنى قىلغان بولۇرسەن ئوزەڭگە.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ھەرقانداق ئىشنى نادانلىق بىلەن قىلىسىڭىزلار ئاقىۋەت يارىماس نەتىجە

چىقىدىغانلىقىنى، ھەر ئىشقا گۇمان ۋە شۈبھە بىلەن كىرىشىسىگىز -
لار ئاقىۋەت زەرەر يېتىدىغانلىقىنى بىلگەيسىزلەر.

— ھەي دېمىنە، سەن ئىچكى دۇنياسىنىڭ ناپاكلىقى سۈرىتىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدىغان، كوڭلىنىڭ ئەگرىلىگى شەكىل ۋە كورۇنۇشىدىن ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدىغان گۇرۇھتىنسەن،— دەپتۇ شۇ يەردە ھازىر بولغانلاردىن بىرى.

— ھەي پالانى،— دەپ سوراپتۇ قازى،— بۇ سوزنى ئېيتىشقا قانداق دەلىل - ئىسپاتىڭ بار؟

— پاراسەتلىك ئۇلۇما لار ۋە دانىشمەن پازىللارنىڭ ئېيتىشىچە،— دەپتۇ ئۇ كىشى،— ئەگەر كىمنىڭ ئىككى قېشىنىڭ ئارىسى كەڭ ۋە يىراق بولۇپ، ئوڭ كوزى سول كوزىدىن كىچىكرەك بولسا ۋە نەزىرى تېز بولۇپ، كوز ئۇچىدا ئىشارەت قىلغاق بولسا، بۇرنى سول تەرەپكە مايىل بولۇپ، تولا ۋاقىتلاردا يەرگە قارىغاق بولسا، شۇنىڭ ئىپلاس زاتىدا مەككارلىق، ئالدامچىلىق ۋە پىتنە- پاساتلارنىڭ ھەممىسى جەملەنگەن بولىدۇ. شۇڭا ھەممە بالا ۋە پىتنە ئۇنىڭدىن پەيدا بولىدۇ. ئەنە شۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا مەۋجۇتتۇر.

— خۇدانىڭ ھوكۇمىدىلا رديا يوقتۇر، خۇدانىڭ خۇي - پەيلىلا سەھۋە - خاتالىقتىن پاكتۇر.

غەلەت سەندىدۇر خاتا مەندىدۇر،
خاتادىن خالى تەڭرى ئوزىدۇر.

سەن ئېيتقان ئالامەتلەر ئەگەر توغرا دەلىل ۋە ھەق ھوججەت بولىدىغان بولسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن راستنى يالغاندىن، ھەقنى ناھەقتىن ئايرىغىلى بولىدىغان بولسا، خالايىقنىڭ دەۋا ئىشلىرىدا گۇۋا ھەم دەلىل - ئىسپات لازىم بولمايدىغان ئوخشايدۇ ئەمەسمۇ،— دەپ ئېتىراز بىلدۇرۇپتۇ دېمىنە ۋە سوزنى داۋاملاشتۇرۇپ

شۇنداق دەپتۇ، — ئۇنداق بولىدىغان بولسا قازى سوراق قىلىش ۋە تەھقىقلەشنى يىغىشتۇرۇپ قويسا بولغۇدەك! بۇندىن كېيىن بىر كىشىنى ياخشى سۈپەت بىلەن ياد ئەتمەك ۋە يامان سۈپىتىنى مۇزەممەت قىلماق ھەممىسى بىكار بولىدىغان ئوخشايدۇ؟ چۈنكى ھېچقانداق مەخلۇق، ھەقتائالا ئۇنى ياراتقاندا ئۆزىگە قوشۇپ ياراتقان ئالامەتلەرنى ئۆزىدىن يوقىتىۋېتەلمەيدۇ. سەن ئېيتقان بۇ ھوكۇم بويىچە ياخشى ئىش قىلغانلارغا ياخشى مۇكاپات ۋە يامان ئىش قىلغانلارغا يامان جازا بېرىشتەك شەرىئەتنىڭ ئادىل ھوكمى يوق بولىدىغان ئوخشايدۇ؟ بۇ گەپچە ماڭا بوھتان قىلىنغان بۇ ئىشنى مەن قىلغان تەقدىردە، ئاشۇ ئالامەتلەر مېنى قىلدۇرغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىشنى قىلماسلىققا ئۆزەمدە قۇدرەت يوق بولغان بولىدۇ-دە، مېنى ئازاپ-ئوقۇبەتكە سالماق توغرا كەلمەيدۇ ئەمەسە!

سەن مېنى "ئۆزەڭچىلا ئۆندۈك" دېمە، ھەق باغۋىنى،
ئۆستۈرۈپ ئۆز مەيلىچە پەرۋىرىش ئەتتى مېنى.

دېمەك، شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، سېنىڭ سۆزۈڭ بويىچە مەن تۇتقۇندىن ۋە بالادىن خالاس تېپىپ قۇتۇلۇشۇم كېرەك. سەن ئۆزەڭنىڭ جاھالىتىڭ بىلەن بايىقى ئوخشىتىشنى ئېيتتىڭ. لېكىن ئۇ ئارقىلىق سەن نامەلۇم سۆز ۋە بىمەنە گۇمان بىلەن سۆزلەيدىغان ئاخماق ئىكەنلىكىڭنى مانا مۇشۇ پازىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاشكارا قىلدىڭ.

ئەقىل پىرى ئاڭلاپ گەپدانلىغىڭنى،
چۈشەندى قانچىلىك نادانلىغىڭنى.

دېمنە ئەنە شۇنداق جاۋاپ بەرگەندىن كېيىن، شۇ مەيدان-

دا ھازىر بولغانلارنىڭ ھەممىسى دىمىنى چىقىرالماي قېلىشىپتۇ، سوز ساندۇغىغا سۈكۈت موھرىنى بېسىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قازى ئۇنى زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپ قويۇپ، بولغان ماجرانىڭ ئەھۋالىنى بىرىپ شىرغا ئەرز قىلىپتۇ.

دىمىنە زىنداندا ياتسا، كەلىلەنىڭ روزبە ئىسىملىك بىر دوستى ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. دىمىنە روزبەدىن سوراپتۇ:

— ئۇتكەن كېچىدىن بىرى كەلىلەنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدىم. شۇ تاپتا ئۇنى كورۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. ئۇ نىمىشقا كېلىپ مېنى سورىمايدىغاندۇ؟

يار شۇكى، يارىغا بەرگەي مەدەت،
زار بولۇپ تەڭلىكتە قالغان چېغىدا.

ئۇنىڭ نىمە سەۋەپتىن كەلمىگەنلىكىدىن سىنىڭ خەۋىرىڭ بارمۇ؟

روزبە كەلىلەنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، دەرتلىك جىگىرىدىن ئۇتلۇق ئاھ تارتىپتۇ ۋە كوز بۇلىقىدىن قانلىق ياش تامچىلىرىنى ياغدۇرۇپتۇ.

ئولدى كوڭلۇم دوستنى ئەمدى نە يوسۇندا ئىستەيىن،
بولدى تىل لال، ئەمدى ھالىم نە يوسۇندا سوزلەيىن.

دىمىنە روزبەنىڭ بىئارام بولغانلىقىدىن بىتاقەت بولۇپ:

— ماڭا ھەقىقى ھالنى پاتراق بايان قىلغىنا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي دىمىنە، — دەپتۇ روزبە، —

ئورتەندى بۇ كوڭۇل، چۇنكى كەتتى ھەمدەم،
تېپىلمىدى دىلىم يارىسىغا مەلھەم.
دەرت ئوتىدىن جان رىشتىسى كويدى شامدەك،
بۇ كويۇكتىن ئالالماسمەن لىكىن مەن دەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ ئەزىز دوست پانا مەنزىلىدىن باقىي مەملىكەتكە يۈرۈپ كېتىپ، بارلىق ھەمدەم ۋە ھەمسۆھبەتلەرنىڭ كۆڭلىگە پىراق دېغىنى سالدى.

يارسىز قالدۇق ئەمدى بولغىن خەۋەردار،
بولدۇق پىراق، ھىجىر ئىسلىكىگە گىرىپتار.

دىمنە كەلىلەنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ ۋە بىر ھازادىن كېيىن يەنە ھوشىغا كېلىپ، پەريات چېكىپ زار-زار يىغلاپ شۇنداق دەپتۇ:

دەرت چېكەرمەن، غەم خازانى يەتتى ئەيشىم باغىغا،
ئەمدى شاتلىق شېخى ئۇزرە ھېچ نىمەرسە قالمىدى.
كەتتى جانىم راھىتى ئەي خەستە كۆڭلۈم نالە قىل،
يىغلىغىن قان ئى كۆزۈمكى، سەندە ھېچ نۇر قالمىدى!

دىمنەنىڭ نالە-زارى ھەددىدىن ئېشىپتۇ. ئۇنىڭ ئوتلۇق ئاھىنىڭ شولىسى ئىگىز ئورلەپتۇ. ئۇ سەۋرە ياقىسىنى ئاجىزلىق قولى بىلەن يىرتىپ، يۈزىنى يەرگە سۈرتۈپ، بېشىغا تۇپراق چېچىپ، نالە قىلىشقا باشلىغاندا، ئاكا-ئۇچىلاردا قىلىچە تاقەت قالماپتۇ.

شۇندا روزبە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا باشلاپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇزەڭگۇ بىلسەن دىمنە، تەقدىرى ئەزەل كاتىۋى ھېچ قانداق كىشىنىڭ تىرىكلىك نامەسىگە ئەبەدىيەت قەلىمى بىلەن دائىملىق رەقىمىنى يازمىدى ۋە مەۋجۇدات سۈرەتلىرىنىڭ نەققاشى مۈمكىنلىك سەھىپىسىگە ھايات نەقشىنى "تەگرىدىن ئۈزگە ھەممە نەرسە يوقىلۇر" دىگەن قەلەمدىن باشقا نەرسە بىلەن سىزمىدى. قەلەم كارخانىسىنىڭ ئۇستىسى ھېچ مەۋجۇداتنىڭ ۋۇجۇت

لىباسىغا يوقلۇق زىبۇ-زىننەتلىرىسىز پەرداز بىرەلمىدى ۋە قۇد-
رەت چىرىغىنىڭ پەرراشى ھېچ سوھبەت شامىنى ئاپەت بورىنىدىن
خالى ھالدا ياندۇرالمىدى.

يېنىدا غەم تىكىنى يوق بىر پاراغەت گۈلىنى،
تاپالمىدى كىشى ھەرگىز بۇ ھاياتنىڭ بېغىدا.
بۇ جاھاننىڭ ئۆمۈر گۈلشىنىدىكى بارچە باھار،
قالمىدى توزۇپ گۈلى، بولماي خازان بىر چېغىدا.

ئۆلۈم بىر شەرۋەتتۇركى، ھېچكىم ئۇنى ئىچمەي قالمايدۇ ۋە
بۇ ئۆلۈم بىر ئېغىر يۈكتۇركى، ھېچكىم ئۇنىڭ ئاستىدىن قېچىپ
قۇتۇلالمايدۇ. بۇ زەخمىنىڭ مەلھىمى سەۋرە قىلىشتۇر. ئۇنىڭغا
سەۋرىدىن باشقا چارە يوق.

سەۋرە كوڭۇل رەنجىگە نەپ بەرمىسە،
ئۇندىن ئۆزگە ھېچ دەرمان يوقتۇر ئاگا.

دىمىنە بۇ سوزلەر بىلەن بىر ئاز تەسەللى تېپىپتۇ ۋە
شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي روزبە! قانچە كوپ نالە قىلسام تېخى ئاز. چۈنكى
كەلىلە ماڭا شەپقەتلىك دوست ۋە مېھرىۋان نەسىھەتچى ئىدى.
ھەرقانداق بىر ھادىسىدە ئۇنىڭدىن پانا تىلەيتتىم. ھەر بىر
مۇھىم ئىشتا ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىم، ئۇنىڭ كوڭلى شۇنداق بىر
خەزىنە ئىدىكى، سىر گوھەرلىرىنى ئۇنىڭغا ئامانەت قويسا، ھايات
ئۇنىڭدىن ۋاقىپ بولالمايتتى ۋە زامان جاسۇسى ئۇنىڭدىن خەۋەر
تېپىشتىن مەھرۇم قالاتتى. ۋاي ئىسىت، ئۇ قەدىرلىك دوستۇم
بېشىمدىن دولەت سايىسىنى ئاپتۇ ۋە مەندەك بىر جاپاكەشنى بۇ
دۇنيانىڭ خاراپخانىسىدا رەپىقسىز ۋە ھەمدەمسىز قالدۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەردۇ ـ غەمنى ـ كىمگە دەي، سىرىمغا مەھرەم قالمىدى،
غۇسسىگە نەچارە ئەيلەي يارۇ ھەمدەم قالمىدى.

بۇندىن كېيىنكى تىرىكلىكتىن ماڭا نىمە لەززەت بولسۇن ئەمدى؟ ئەگەر خالايىق ماڭا بۇنداق بەتنام چاپلىمىغان بولسا، ئۆزەمنى ئۆزەم ئۆلتۈرەتتىم ۋە بۇ تەنھا ھاياتتىن خالاس بولغان بولاتتىم. چۈنكى بۇ بالا گىرداۋىغا چۈشۈپ قاپتىمەن، ئۇنىڭدىن بىر مەدەتكارسىز نىجات تاپمىغىم يوق گەپ.

ئۆمرىدىم كويىدا ئاۋارە بولاي،
ئىلاجىم يوقالدى بىچارە بولاي.

ــ گەرچە كەللە ھايات گۈلىستانىدىن ۋاپات گورىستانىغا كەتكەن بولسىمۇ، مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ كوچىتى ئىخلاس سۇيىدە ياشاردى ۋە كوكەردى، ــ دەپتۇ روزبە، ــ

بۇ چىمەندە سۇنسىمۇ بىر شاخ، ئۇنىڭغا غەم يىمە،
ياشىرار نەسرىن يۈزى ھەم تاۋلىنار سۇمبۇل چېچى.

ــ راست ئېيتىسەن، ــ دەپتۇ دىمنە، ــ كەللە ۋاپات بولغان بولسىمۇ سەن كەپسەن. بۈگۈن سەن ماڭا ئاشۇ كەللەنىڭ ئورنىدىسەن. قولۇڭنى بېرىپ مېنى بۇرادەرلىككە قوبۇل قىلغىن.
روزبە سۆيۈنۈش بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىن كەپتۇ:
ــ بۇ مەرھەمەت بىلەن مېنىڭ بېشىمنى ئۇستۇن قىلدىڭ، بۇنىڭ شۈكرانىسىنى قايسى تىل بىلەن ئادا قىلارمەن؟
شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر بىرىنىڭ قولىنى قىسىشىپ، بۇرادەرلىككە ۋەدە بېرىشىپتۇ ۋە ھەمسوھبەتلىك ھەم مۇھاپىزەت شەرتلىرىنى مۇقەررەر قىلىشىپتۇ.

— پالانى يەردە كەلىلە بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىدىكى شېرىك ۋەج بار ئىدى. بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كەلسەڭ، جاپا چەككىنىڭ ئەجرىسىز قالمىغان بولاتتى، — دەپتۇ دىمنە.

شۇندىن كېيىن، روزبە دىمنە ئېيتقان نىشان بىلەن بېرىپ، ئۇ كۆمۈكتىكى پۇلنى ئېلىپ كەپتۇ. دىمنە ئۇنىڭدىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىپ، كەلىلەنىڭ ھەسسىسىنى روزبەگە بېرىپتۇ ۋە:

— ئەي بۇرادەر، ھەممىشە پادىشانىڭ دەرگاھىدا بولغىن ۋە مېنىڭ توغرامدا قانداق سۆز ئۆتسە، ئۇنىڭدىن مېنى خەۋەردار قىلغىن، — دەپتۇ.

روزبە ئۇنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىپ، تاكى دىمنە ئۆلگىچە بۇ شەرتنى بىجا قىلىۋېرىپتۇ. چۈنكى شەرتنى بىجا قىلىش شەرتتۇر. ئەتىسى شىرنىڭ ئانىسى شىرنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۆتكەن مەجلىسنىڭ كەيپىياتىنى سوراپتۇ، شىر قازىلارنىڭ يەتكۈزگەن سۆزىنى ئانىسىغا بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. شىرنىڭ ئانىسى ئىشنىڭ مەزمۇنىنى ئۇققاندىن كېيىن بەكمۇ تىنچسىزلىنىپتۇ.

— نىمە قىلسام بولار، ئەگەر قوپال گەپ قىلسام تەبىئىتىڭگە ياقمايدۇ. ئەگەر خوشامەت قىلسام شەپقەت ۋە نەسىھەت پۇرسىتى قولدىن كېتىدۇ، — دەپتۇ ئۇ.

— نەسىھەت قىلىدىغان چاغدا تارتىنىش ياخشى ئەمەس ھەم سېنىڭ سۆزۈڭ شۇبھىدىن ساپ ۋە ئەقىلغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. قانداق سۆزۈڭ بولسا ئېيتقىن، — دەپتۇ ئانىسىغا شىر.

— سەن راست بىلەن يالغاننى پەرق قىلالمايدىكەنسەن ۋە پايدا بىلەن زىياننى ئىلغىمايدىكەنسەن. دىمنە ئەگەر پۇرسەت تېپىپ، بىر پىتنە قوپۇرىدىغان بولسا، نى تەدبىرلىك كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا چارە قىلىشقا ئاجىز كېلىپ قالىدۇ ۋە نى ئىتتىك قىلىچلار ئۇنىڭغا تالاپەت يەتكۈزەلمەيدۇ.

— سەن بۈگۈن كەتمەي تۇرغىن، — دەپتۇ شىر، — دىمنەنىڭ ئىشى بۈگۈن بىر تەرەپ بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن پادىشا بارلىق قازىلار يىغىلىپ، ئۇمۇمى مەجلىس چاقىرىپ، دىمنە ئىشىنىڭ سورىقىنى يېڭىلاشقا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. بۇ يارلىق بىلەن ھەممە چوڭ - كىچىكلەر يىغىلىپتۇ. قازىنىڭ نائىبى ئىلگىرىكى سوزىنى چورىدىگەن ھالدا، مەجلىستە ھازىر بولغانلاردىن دىمنەنىڭ ئەھۋالىغا گۇۋالىق سورىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم سوزلىمەپتۇ. شۇندا قازىلارنىڭ چوڭى دىمنەگە قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

ـــ گەرچە بۇ مەجلىستە ھازىر بولغانلار خامۇشلۇق بىلەن ساڭا يار بېرىۋاتقاندەك تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ كوڭۇللىرىدە سىنىڭ خىيانەتچى ئىكەنلىكىڭ شەكسىز قارار قىلىنىپ بولغان ۋە ھەممىسى سېنى ئولتۇرۇشكە بىر پىكىرگە كېلىپ بولغان. بۇ ھالەتتە تۇرۇپ، بۇ تائىپە ئارىسىدا ساڭا تىرىكلىكتىن نىمە پايدا بولسۇن؟ ھازىرقى ھالەتتە سېنىڭ ئوز گۇنايىڭغا ئىقرار قىلىپ، ئىناۋەتلىك توۋا بىلەن ئوزەڭنى ئاخىرەتنىڭ ئازاپ - ئوقۇبىتىدىن خالاس قىلغىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ ئولۇمىڭدىن ئىككى پايدا ھاسىل بولىدۇ. بىرى خالايىقنى قۇتقۇزىسەن، بىرى ئوزەڭنى قۇتقۇزىسەن.

كىشىلەرنىڭ ئولۇشىدە بەزى راھەت بار ئىرۇر،
قىلدى بۇ ھىكمەتنى دانا كىشىلەر مۇنداق بايان:
كىمكى ئولسە ھەر كىشى بۇ ئىككىدىن خالى ئەمەس،
بولسا تاكى ياخشى خۇيلۇق ياكى بىرشۇم بەدزۇۋان.
ياخشى ئولسە ئۇ قۇتۇلدى بۇ جاھان زىندانىدىن،
گەر يامان ئولسە خالايىق تاپتى شۇملۇقتىن ئامان.

ھەي! دىمنە! ئەگەر گۇنايىڭغا ئىقرار قىلساڭ ساڭا ئىككى پەزىلەت ھاسىل بولىدۇكى، ئۇنىڭ تەئرىپى ھايات يۈزىدە باقى قالىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئاخىرەت ئازاۋىدىن قۇتۇلماقنى كوزلەپ،

گۈناينڭغا قايىل بولماق ۋە پانىي دۇنيانىڭ مېھنىتىدىن باقى دۇنيانىڭ دۆلىتىنى ئەۋزەل بىلمەك؛ ئىككىنچىسى، بۇنداق يامان ئىش جاۋاپكارلىغىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بۇنداق زۇۋاندارازلىق قىلىپ، پاساھەتلىك سۆزلەرنى سۆزلەپ، ماقۇل كەلگۈدەك دەلىللەرنى كۆرسىتىپ، مۇناسىپ كەلگۈدەك تەمسىلەرنى سۆزلەپ، ئۆزرە ئېيتقىنىڭنىڭ ئاۋازى بارلىق ئاموخاسىنىڭ ئاغزىغا يېپىلىپ كەتمەكتىن قۇتۇلسەن. سەن خالايىق ئارىسىدا دانا ۋە پازىللىق بىلەن مەشھۇر بولغانسەن. ئەقىل بىلەن ئويلاپ بىلگىنكى، يامان ئات كۆتىرىپ ھايات يۈرگەندىن، ياخشى ئات كۆتىرىپ ئۆلگەن ياخشىراق.

— سىز بىر قازىسىز، — دەپتۇ دېمىنە، — ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ گۇمانى بىلەن ئېنىق گۇۋاسىز ھالدا ھۆكۈم قىلىش قازىلار ئۈچۈن توغرا ئەمەس، بەلكى گۇنادۇر. سىزگىمۇ ئاشۇ شۈبھە پەيدا بولۇپ، تەبىئىتىڭىز مېنىڭ گۇناكارلىغىمغا قارار تاپقان بولسا، ماڭىمۇ كىشىنىڭ گۇمانى بويىچە ئۆزەمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشىم توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىش پەتۋادىمۇ، تەقۋادىمۇ جايىز ئەمەس. مەنزە سىلەرنىڭ ئاشۇ بۇزۇق ئېتىقادىڭلار بويىچە شەنزەبىنىڭ خۇنىغا جاۋاپ قىلامدىكەنمەن؟ ئۆزەمنىڭ ئۆلۈمىمگە ئۆزەم ھەركەت قىلىپ، ئۆز ھالاكىتىمگە رازى بولسام، مەن خۇدايىمنىڭ "ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە سالماڭلار" دىگەن ئەمرىنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىمەن؟ ھازىرقى ۋاقىتتا مەن ئۆز جېنىمغا ئۆزەمدىن مېھرىۋانراق كىشى يوقلۇغىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. شۇنداق تۇرۇپ، ئاددى كىشىلەرگىمۇ قىلىشقا راۋا كۆرمەيدىغان ئۇنداق ئىشنى قانداقمۇ ئۆزەمگە راۋا كۆرەلەيمەن؟

مەيلىم يوق، كىشىگە قىلماققا جاپا،
قانداق ئۇنى ئۆزەمگە كۆرەي راۋا.

www.uyghurkitap.com

ئەي قازى! بۇ سوزىڭىزدىن ۋاز كېچىڭ. كىشىگە كىشى بۇنداق نەسھەت قىلمايدۇ. بولۇپمۇ سىزنىڭ بۇنداق نەسھەت قىلىشىڭىز راۋا ئەمەس. چۈنكى قازىلارنىڭ سوزى ھوكۇمدۇر! بەس، ئۇلار خاتا قىلىشتىن، سەھۋەن سوزلەشتىن ۋە ھەزىل-چاقچاق قىلىشتىن پەرھىز قىلمىقى لازىم. ئەجەپ، سىز بۇرۇن شۇنداق راستچىل ۋە ئادىل ئىدىڭىز، تەلىيىمنىڭ پەسلىگىمۇ نىمە، بۇ قېتىمقى ئىشتا سىز ئېھتىيات قىلىشنى بىر تەرەپكە چورۇۋېتىپ، ئوزىڭىزنىڭ شۇبھىڭىز ۋە غەرەزكويلارنىڭ گۇمانى بىلەن راستە-لىق كوزىنى غەپلەت ئاغرىقىغا ئۇچرىتىپ قويدىڭىزا؟

جىمى خەلق سىز بىلەن شات بولار، ئەمما،
نىمىشقىمۇ ئەيلەيسىزكىن غەمكىن مېنى؟
راۋامدۇر ئەلگە گۇلدەك چىراي ئېچىپ،
سانچىسىڭىز ماڭا تىكەن ئەلىمنى.

ئوزىنىڭ ھۇنەر- قابىلىيىتى بىلەن داڭ چىقارغان دانىشمەن-لىك مەھكىمىلىرىنىڭ مۇپتىلىرى "ھەرقانداق گۇۋالىق ئەگەر ھەقىقەتكە يېقىن كەلمىسە قوبۇل قىلىنمىغاي" دەپ پەتىۋا بەر-گەنىغۇ؟ ھەرقانداق كىشى ئوزى ئەسلىدىن بىخەۋەر بولغان ئىش توغرىسىدا كىشىنىڭ زەرىرىنى كوزلەپ، يالغان گۇۋالىق بەرسە، ئۇنىڭغا بىر ياخشىغا يەتكەندەك ھادىسە يېتىشى مۇمكىن.

— ئۇ قانداق ھادىسە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ قازى.

— بىر دولەتمەن ساھىپخان بار بولۇپ، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ دېمنە.

## ساھىپخان بىلەن باخشىنىڭ ھىكايىسى

بىر دولەتمەن ساھىپخان بار بولۇپ، ئۇ ئۇلۇغلۇق بىلەن شوھرىتى چىققان ۋە ياخشى سۇپىتى بىلەن خالايىق تىلىدا

يادلىنىدىغان كىشى ئىكەن.

ئەجەپ گۈزەل ئەخلاق بىلەن شىرىن شېكەر سوزى بار،
ئىدى ئۇنىڭ ئەقلى ئارتۇق دانىشمەنلىكى بىسيار.

ئۇ ساھىپخانىنىڭ ھوسنى جانغا ئاپەت ۋە لاتاپىتى جاھانغا پىتنە سالىدىغان، لېۋى جان بېغىشلىماقتا ئابى ھاياتتىن ئارتۇق ۋە ئاغزى تاتلىقلىقتا ناۋاتتىن ئارتۇق بولغان بىر خوتۇنى بار ئىكەن.

نۇرچاچقان تەلەتى خۇددى ئاپتاپتەك،
چىشى دۇر، لەۋلىرى خۇددى ياقۇتتەك.
قېشىنى يا قىلىپ كوزىن قىسىپ بىر،
قىلاتتى يۈزلىگەن كوڭۇلنى ئەسىر.

ئۇنىڭ ھوسنىنىڭ يۈزى تەقۋادارلىق زىننەتلىرى بىلەن بېزەلگەن ۋە جامالىنىڭ چېھرىسى پەرھىزكارلىق خالى بىلەن گۈزەللەشتۈرۈلگەن ئىكەن.

يۇمغان ئىدى كوزىن جاھان ئىشىدىن،
كورۇنمەي كىشىگە، چىقماي ئىشىكتىن.
يۈزىدىن ئەينەكمۇ بولمايتتى ئاگاھ،
بولالمايتتى قەددىگە سايە ھەمرا.

ئۇ ساھىپخانىنىڭ بەلخلىق بىر قۇلى بار بولۇپ، ئۇ بىھايا، دىيانەتسىز ۋە ھارامغا كوز سېلىشتىن ئوزىنى يىغمايدىغان، پىسقى - پاسات غۇبارىدىن كوڭلى ساپ بولمىغان بىر مەخلۇق ئىكەن. ئۇ قۇل ساھىپخانىغا باخشىلىق قىلىدىكەن. بىر كۈنى ساھىپخانىنىڭ مەستۇرە ئايالىغا ئۇ قۇلنىڭ نەزىرى چۈشۈپتۇ - دە،

كوڭلىنىڭ قۇشى ئىشق دامىغا گىرىپتار بولۇپتۇ.

كوڭلۇم قۇشى دامىڭغا ئىلىندى مەھكەم،
بوغۇزلاندى نەزىرىڭ تىغى بىلەن ھەم.

قۇل ئىختىيارىنى قولىدىن بېرىپ، ۋىسال ھالقىسىنى ھەر-قانچە تاققان بولسىمۇ، مۇلاقات ئىشىكى ئېچىلماپتۇ. ھەرقانچە ئەپسۇن ئوقۇغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن پايدا چىقماپتۇ.

ئىلتىجايىم ئۇلىشالماس ئۇ نىگار نازى بىلە،
نە بەختتۇر ۋەسلى باغىدىن ئېتسام بىر مىۋە.

باخشى ئۇ جامال جەننىتىنىڭ تاۋۇسىنى ئۇۋلىماق تاماسى بىلەن ئۈمىت بېلىنى باغلاپ، قانچىلاپ پىكىر قارچۇغىسىنى ۋەسلى ئاسمىنىغا ئۇچۇرغان بولسىمۇ، تەلەپ ئۇۋىسىغا يېتەلمەپتۇ.

ئېلىپ دامىڭنى سالغىن ئۆزگە قۇشقا،
ھەرگىز چۈشمىگەي ئۇ دامىڭغا ئەنقا.

ئۇ بەتبەخت نائۈمىت بولغانىدىن كېيىن، ئۇنىڭغا قەست قىلماقنى ئويلاپتۇ ۋە مىكىر ئىشلىتىپ، بازاردىن ئىككى تۈتى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ بىرىگە بەلخ تىلى بىلەن: "مەن خېنىمنىڭ دەرۋازىۋەن بىلەن ياتقىنىنى كوردۇم" دەپ ئۆگىتىپتۇ، يەنە بىرىگە بولسا "مەنمۇ كوردۇم، ئەمما ئاغزىمنى ئاچمايمەن" دې-گەن سوزنى تەلىم بېرىپتۇ. تۈتىلار ئۇ ئىككى سوزنى بىر ھەپتە ئىچىدە ئۆگىنىپ بولۇپتۇ. بىر كۈنى ساھىپخان شاراپ بەزمى تەييارلاپ، ئىشرەت بىساتىدا مەس ئولتۇرغان ۋاقتىدا، باخشى تۈتىلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەپكېلىپ قويۇپتۇ. تۈتىلار ئادىتى بويىچە

ئۇ ئىككى سوزنى تەكرارلىشىپتۇ. ساھىپخان بەلخ تىلىنى بىلمەيـ
دىكەن. ئەمما تۇتىلار ياخشى تەلەپپۇز بىلەن سوزلىگىنىدە شاتـ
لىنىپ، خوشاللىقى ئارتىپتۇ-دە، قۇشلار ئۇنىڭ نەزىرىگە يېقىپ
قېلىپ، تۇتىلارنى خوتۇنىغا تاپشۇرۇپتۇ ۋە: "بۇ تۇتىلارنى ياخشى
پەرۋىرىش قىلغىن" دەپ تاپىلاپتۇ. ئۇ خوتۇنىمۇ بەلخ تىلىنى
بىلمەيدىكەن. لېكىن ئۇ قۇشلارنى ناھايىتى ياخشى بېقىپتۇ ۋە
ئۇ دوست يۈزلۈك دۈشمەنلەردىن ناھايىتى ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ.

كويۇنۇپ نەپسىمنى باقتىم، ئەيلىدى رەسۋا مېنى،
دۈشمىنىمنى تونۇماي قىلغان ئىكەنمەن تەربىيەت.

بارا-بارا ساھىپخان تۇتىلارغا شۇنداق ئامراق بولۇپ
كېتىپتۇكى، ئىشرەت بەزمىدە بىر نەپەس ئۇلارسىز ئولتۇرمايدىـ
كەن. بىر كۈنى، بىر توپ بەلخلىق كىشىلەر مېھمان بولۇپ
كەپتۇ. ساھىپخان ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا تۇتىلارنىمۇ ھازىر
قىلىپتۇ. تۇتىلار ھېلىقى ئىككى ئېغىز سوزنى يەنە تەكرار قىلىشقا
باشلاپتۇ. مېھمانلار ئۇنى ئاڭلاپ بىر بىرىگە قارىشىپ ھىجـ
يىشىپ قويۇپتۇ ۋە خىجىللىقتىن بېشىنى تۆۋەن سېلىشىپتۇ.
ساھىپخان مېھمانلارنىڭ شاتلىق ۋە خوشاللىقلىرى ھەيرانلىق
ۋە خىيال سۈرۈشكە ئالماشقانلىقىنى كورۈپ، ئۇلاردىن نىمە
بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇلار گەپ ئەگىتىپ ئۇزرە ئېيتقان بولسىمۇ،
ئۇ گەپ ساھىپخانغا ماقۇل چۈشمەپتۇ. ئاخىرى مېھمانلارنىڭ
بىرى جۈرئەت قىلىپ:

— خوجايىن سىز بۇ قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلمەيدىغان ئوخـ
شايسىز، شۇڭا ئۇنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلىپسىز-دە؟ دەپتۇ.

— مەن ئۇلارنىڭ سوزىنىڭ مەنىسىنى بىلمەيمەن، لېكىن
ئاۋازىنىڭ چىرايلىقلىقىغا قۇلاق سالغىم كېلىدۇ. ئەگەر
سىلەر بىلسەڭلار ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ؟ — دەپتۇ ساھىپخان.

كۆرمىگەندۇرمەن سۇلايمان يۈزىنى،
بەس نە بىلگەيمەن بۇ قۇشلار سۆزىنى.

ئۇلار تۇتىلارنىڭ سۆزىنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بەرگەندە، ساھىپخاندا سەۋرى-تاقەت قالماپتۇ، شاراپتىن قول تارتىپتۇ.

— مەزۇر تۇتۇڭلار ئەزىزلەر، — دەپتۇ ئۇ، — مەن تا ھازىرغىچە بۇ مەنادىن بىخەۋەر ئىدىم. كىشى ئۆز خوتۇنىنىڭ بۇنداق يامان پەيلىدىن خەۋەر تاپقان تۇرۇقلۇق خاتىرجەم ۋە پاراغەت بىلەن مەي ئىچەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇ ئەسنادا ھىلىقى باخشى قۇلمۇ:

— مەنمۇ خېنىمىنىڭ بۇ بەتقىلىقلىغىنى كۆپ قېتىم كۆرگەن ئىدىم، لېكىن سىزنىڭ ھەرىمىڭىزنى يامان ئەخلاق بىلەن زىكرى قىلىشتىن تارتىنغان ئىدىم، — دەپ گۇۋالىق بېرىپتۇ.

ساھىپخان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ-دە، خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خوتۇن دەرھال بىر ئادەمدىن ساھىپخانغا مۇنداق خەۋەر چىقىرىپتۇ:

— ئەي دۆلەتمەن ئەمىر!

ئۆلتۈرەرسەنمۇ مېنى ياكى تىرىك ساقلارمۇسەن،
ھەر نىمە پەرمان قىلۇرسەن، ماڭا جارى بولغۇسى.

بۇ ئىشتا ئالدىرىمىغىن ۋە ئويلاپراق ئىش قىلغىن. چۈنكى مەن چاڭگىلىڭدىمەن، ئاقىللار: ھەرقانداق ئىشتا، بولۇپمۇ كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈشتە تەخىر قىلىشى ۋە كۆپرەك ئويلىنىشى ۋاجىپتۇر، دەپتىكەن. چۈنكى ئىشنىڭ ھەقىقىتى ئېنىقلانغاندىن كېيىن ھېچكىم ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلمايدۇ. خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر گۇناسىز كىشىنى يېنىكلىك بىلەن ئۆلتۈرسەڭ، ئىشىڭنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكى كېيىن مەلۇم بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغىلى بولمايدۇ.

ئالدىراپ كېتىپ بەرسىڭىز ئازار،
يىگەيسىز ئاخىر پۇشايمان بىسيار.

شۇنىڭ بىلەن ساھىپخان خوتۇننى چاقىرتىپ چىقىپ، ئۇ ئولتۇرۇشقا يېقىنراق پەردە ئارقىسىدا تۇرغۇزۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تۇتىنىڭ سۆزلىرىنى بايان قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— مانا بۇلار، كىشىگە قەست قىلىپ غەرەز بىلەن بۇ گەپنى قىلدىمكىن دىگىلى ئادەم جىنسىدىن ئەمەس، بەلكى كۆرگەنلىرىنى راستى بىلەن ئېيتىدۇ. باخشىمۇ ئەنە شۇنداق گۇۋالىق بېرىۋاتىدىغۇ؟ ئاشۇنداق گۇنانى قىلغان تۇرۇقلۇق بانا كۆرسىتىپ قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئويلاۋاتامسەن؟ شۇنداق گۇنا قىلغان ئادەمگە تۈۋا قىلىشنىڭمۇ پايدىسى يوق.

— ساڭا بۇ ئىشنى تەھقىقلەش بەرز بولدى. دۈشمەنىنىڭ بوھتانى بىلەن مېنى ئۆلتۈرسەڭ ئۇۋالىم گەدىنىڭدە قالىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ خوتۇن.

— بۇ ئىشنى قانداق تەھقىقلەيدىكەنمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ساھىپخان.

— بەلخلىقلاردىن سوراپ باقىڭ، — دەپتۇ خوتۇن، — تۇتىلار ئاشۇ ئىككى سۆزدىن باشقا سۆزنىمۇ بەلخ تىلى بىلەن ئېيتالامدۇ-يوق؟ ئۇلار ئوبدان قۇلاق سېلىپ باقسۇن. ئەگەر ئۇندىن بولەك سۆزنىمۇ ئېيتالىسا، تۇتىلارنىڭ سۆزى راست بولغان بولىدۇ. ئەگەر باشقا سۆزنى ئېيتالمىسا، بۇ پىتنە ئاشۇ ھاياسىز قۇلنىڭ ماڭا قىلغان بوھتانى بولىدۇ، چۈنكى ئۇ مەندىن مۇرادىنى ھاسىل قىلالماي، ئۇ قۇشلارغا ئۆز تىلى بىلەن ئاشۇ سۆزنى ئۆگەتكەن گەپ.

ساھىپخان، تۇتىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باقسۇن دەپ ئۇ جانۋارلارنى مېھمانلارغا بېرىپتۇ. مېھمانلار ئۈچ كۈنگىچە تۇتىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن ئاشۇ ئىككى ئېغىز سۆزدىن باشقىنى ئاڭلىماپتۇ. شۇنىڭ

بىلەن خوتۇننىڭ پاك ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىپتۇ. ساھىپخان ئۇنىڭغا ئوزرە قويۇپ، قولىنى چاقىرتقان ئىكەن، قول قولىدا بىر قارچۇغىنى كوتەرگەن ھالدا كىرىپ كەپتۇ.

— ھەي مەككار، مېنىڭ خۇدا رىزاسىنىڭ خىلاپىدا ئىش قىلغانلىقىمنى كوردۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇن.

قول "كوردۇم" دىگەن سوزنى ئېيتىشى بىلەنلا قولىدىكى قارچۇغا تۇمشۇغىنى ئۇ مەككارنىڭ يۈزىگە ئۇزىتىپ، بىر چوقۇپلا ئۇنىڭ كوزىنى ئويۇپ ئاپتۇ.

— ھەرقانداق كوز كورمىگەننى كوردۇم دىسە، ئۇنىڭ جازاسى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ! — دەپتۇ ئۇ خوتۇن.

كوربولغىنى ياخشى ئۇ كوز، كورمىگەننى كوردۇم دىسە،
ئۇنداق رەزىل كوزگە ھەردەم، لەنەت بىلەن نەپرەت ياغار.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۇچۇن كەلتۇردۇمكى، كىشىگە توھمەت قىلماق ۋە كورمىگەن نەرسىگە گۇۋالىق بەرمەك، بۇ دۇنيادا خىجالەت ۋە ئاخىرەتتە خارلىق كەلتۇرىدۇ.

دىمىنەنىڭ سوزى تامام بولغاندىن كېيىن، قازى ئۇنىڭ ھەممە سوزىنى شۇ يەردىلا پۈتۈپ شىرغا ئەۋەتىپتۇ. شىر ئۇ مەكتۇپنى ئوقۇپ بولۇپ، ئانىسىغا كورسىتىپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇغاندىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ نەسىھىتىم ساڭا ھىچ كار قىلمىدى ئوغلۇم. بۇ مەلئۇن بەدگۇمان بولدى. ئەمدى ئۇ سېنى ھالاك قىلىشقا ۋە ھىلە-مىكىر ئىشلىتىپ، سەلتەنەت ۋە مەملىكەت ئىشىغا بەرھەم بېرىدىغان بولىدى. ساڭا شەپقەتلىك مۇخلىس ۋە زېرەك ياردەمچى بولغان شەنزەبىگە قىلغاندىن ئارتۇقراق قىلغۇلۇقنى قالغان دولەت ئەرباپلىرىغىمۇ قىلىدۇ ئەمدى بۇ مەككار، چۈنكى يامان كىشىدىن يامانلىقتىن باشقا نەرسە كەلمەيدۇ.

ھەرگىز ھۇقۇشتىن ھۇمايۇن خاسىيىتىن ئىستىمە،
ھېچ قۇشقاچتىن قىلما ئۇمىت قارچۇغىنىڭ خۇلقىنى.
چىقسا ئىززەت كۇرسىسىغا قايسى شۇم ئىپلاس ئەگەر،
ھېچ ئەجەپ يوق ھەر تامان ئۇزاتسا پىتنە ئىلكىنى.

بۇ سوز شىرنىڭ كوڭلىگە بەكرەك تېگىپتۇ، ئۇزۇن ئويلىغاندىن كېيىن سوراپتۇ:

— ئېيتقىنا ئانا، دۈشمەنىنىڭ گېپىنى سەن كىمدىن ئاڭلىغان ئىدىڭ؟ ئەگەر ئۇ كىشى ئوزى كېلىپ ئاشكارا قىلسا، مېنىڭ ئولتۇرۇشۇم ئۇچۇن بانا تېپىلاتتى.

— ئوغلۇم بىر كىشى ماڭا ئىشىنىپ سىرىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئالماي تۇرۇپ، ئۇنى پاش قىلىپ قويۇشۇم مۇرۇۋۋەت ۋە شەرىئەتتە ھارامدۇر. مەن ئۇنىڭدىن ئىجازەت سوراي. ئەگەر ئۇ قوبۇل كورسە مەن كېلىپ ئېيتىپ بەرسەم بولىدۇ، — دەپتۇ شىرنىڭ ئانىسى ۋە شىرنىڭ قېشىدىن چىقىپ ئوز ئويىگە بېرىپ يولۋاسنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى كوپ ئىززەت - ئىكرام كورسەتكەندىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:

ئاچچىغىڭ ئالەمچە بار، ئەلدە سىنالغان مەرت ئوزەڭ،
شوھرىتىڭ كۇن نۇردەك دۇنيانى تۇتقاندۇر سېنىڭ.

— سېنىڭ ئوزەڭگىمۇ مەلۇم، پادىشا سېنى ئۇزۇندىن بۇيان قۇۋۋەتلەپ ۋە تەربىيەت قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۇچۇن سېنىڭ ئۇنىڭ شۇكرانىسىنى بىلدۇرۇشۇڭ ۋاجىپتۇر. "ھەر كىم شۇكرى قىلسا ئۇنىڭ نېمەتلىرى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ" دېگەن گەپ بار. ئەگەر سەن شۇنداق قىلساڭ كۇندىن - كۇنگە پادىشانىڭ ساڭا ياخشىلىق ۋە مەرھەمەتلىرى ئېشىشى چوقۇم.

— پادىشاھى ئالەمنىڭ مەن خاكسارغا قىلغان مەرھەمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە تەربىيەتلىرىنىڭ مىگدىن بىرىنىمۇ تىل بىلەن ئىپادىلىيەلمەي-مەن. سوز بىلەن ئېيتىپ تۇگىتەلمەيمەن.

سەۋسەن كەبى نۇرغۇن تىللىق بولسامۇ،
شۇكرىنىڭ ئېيتىپ ئادا قىلالمىغايمەن.

— مەن ھازىرغىچە تەرەپتارلىق مەيدانىدا شۇكرانىلىق قە-دىمى بىلەن ماڭدىم. ھىلىمۇ سىز قانداق بۇيرۇسىڭىز شۇنداق قىلى-مەن، — دەپتۇ يولۋاس.
— ياخشىلىق ئاخىرىغا يەتمىسە ئۇ ياخشىلىق ھىساپلانمايدۇ.

ئالغان ئىدىڭ مۇشۇ ئىش قەستىدە نام،
سېخىلىق بىرلە ئۇنى قىلغىن تامام.

ئىلگىرى پادىشا ساڭا ئۇز كوڭلىدىكى غەم-غۇسسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلغان ئىدى. سەنمۇ پادىشانىڭ كوڭلىگە تە-سەللى بېرىپ، شەنزەبىنىڭ ئىشىنى تەھقىقلەش ئۇچۇن ۋەدە بەر-گەن ئىدىڭ ۋە ھەرقانداق سوزدىن ۋاقىپ بولىدىغان بولساڭ ماڭا كېلىپ بايان قىلماقچى بولغان ئىدىڭ. ئەمدى ئاشۇ ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغايسەن ھەم پادىشانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ ئاڭلىغان، كور-گەنلىرىڭنى تولۇق ئېيتقايسەن. ھازىر دىمنەنىڭ ھىلىگەرلىگى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، پادىشا ئۇنى ئولتۇرمەكتىن ۋاز كېچى-دىغاندەك قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر شۇنداقلا بولسا، پادىشانىڭ دەرگا-ھىدا ھىچقايسىڭلار ئۇنىڭ شۇملۇغىدىن ئېمىن بولالمايسىلەر، ئۇ ئازغىنا پۇرسەتتە ھىلە-مىكىر ئەپسۇنلىرى بىلەن ئەمىر ۋە باش-قا بارلىق ئىختىيار ئەھلىنىڭ تىرىكچىلىگىدىن تۇتۇن چىقىرىدۇ ھەممە كىمكى ئۇنىڭ ئىشىنى تەھقىقلەش ئۇچۇن ھەركەت قىلغان بولسا، توھمەت بىلەن ياكى غەرەزلىك قىلىقلىرى بىلەن ئۇنى

تالاپەتكە ئەۋەتىدۇ، ــ دەپتۇ شىرنىڭ ئانىسى.

ــ ئەي مەلىكەم، ــ دەپتۇ يولۋاس، ــ مەن ئۇ ئىشقا ۋەدە بەرگەن. لېكىن شۇ ۋاقىتقىچە گۇۋالىق بەرمەسلىكىمىدىكى غەرەز "پادىشاھىمىز دېمىنەنىڭ ئەھۋالىدىن ئازراق ئاگاھلاپ باقسۇن" دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئەگەر ئىلگىرى ئېيتقان بولسام، پادىشا ئۇنىڭ ئۈنچىلا يامان ۋە ئەسكىلىكىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، مېنى غەرەزلىك گەپ قىلدى دەپ ئويلاپ، ئېتىۋار قىلماسلىقى مۇمكىن ئىدى. ئەمدى ئىش بۇ يەرگە يەتتى، ئېيتسام بولىدىغان ۋاقىت كەلدى. مەن پادىشانىڭ تەرەپتارلىقىدا قىلىچە نۇقسان قىلغىنىم يوق. ھەلبەھەم مېنىڭ مىڭ جېنىم بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر سائەت خوشال بولۇشى ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلساممۇ ئازلىق قىلىدۇ.

"بىر موينىڭ قىممىتى ئىككى جاھانغا تەڭ" دېسەم،
مەن بولارمەن شەرمسار ئىككى جاھاننىڭ ئىچىدە.

شۇندىن كېيىن يولۋاس شىرنىڭ ئانىسى بىلەن بىللە خىزمەتكە كېپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كەلبىلە بىلەن دېمنە ئوتتۇرىسىدىكى ئاڭلىغان ماجرالىرىنى تولۇق بايان قىپتۇ ھەم بارلىق لەشكەرلەر ھەم ۋەھشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئاشكارا گۇۋالىق بېرىپتۇ. بۇ گۇۋالىقنىڭ ئاۋازى زىنداندىكى ئوغرىغىمۇ ئاڭلانغاچقا ئۇمۇ شىرغا: "مەنمۇ گۇۋالىق بېرەلەيمەن" دەپ خەۋەر ئەۋەتىپتۇ. شىر كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتىپ كەپتۇ. ئۇ ئوغرى گۇۋالىق قائىدىسى بويىچە زىنداندا ئۇلاردىن ئاڭلىغىنىنى ئىقرار قىلىپتۇ.

ــ نېمىشقا ئۇ سوزنى ئاڭلىغان ۋاقتىڭدىلا خەۋەر بەرمىدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ شىر يولۋاستىن.

ــ بىر گۇۋا بىلەنلا ھوكۇم سۈرگىلى بولماس دەپ تەخىر قىلغان ئىدىم ھەم بىر كىمنى سەۋەپسىزلا ئازاپقا قويۇشنىمۇ راۋا

گورمىدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ يولۋاس.
يولۋاسنىڭ بۇ سوزى شىرغىمۇ يېقىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى كۈۋاچىنىڭ گۈۋالىغى بىلەن دىمنەگە سىياسەت ھوكمى ۋاجىپ بولۇپتۇ-دە، بارلىق لەشكەرلەر ئوكۇزنىڭ قىساسى ئۇچۇن ئۇنى ئولتۇرۇشكە بىردەك قوشۇلۇپتۇ.

كىم تېرىغان بولسا شۇملۇق ئۇرۇغىنى،
ئاخىر ئاڭا ئوقۇبەت بولدى ھوسۇل.

شىرنىڭ بۇيرۇغى بىلەن ئۇنى بىرنەچچە ۋاقىت بەنت ئىچىدە تۇرلۇك ئازاپلار بىلەن تۇتۇپتۇ. نەتىجىدە ئۇ ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن ھالاكەتكە ئۇچراپ، زىندان دوزىخىدىن دوزاخ زىندانىغا يېتىپ بېرىپتۇ، زالىملار قەۋمىنىڭ نەسلى قۇرۇپتۇ ۋە خۇدا يەر يۈزىنى زالىملارنىڭ شۇملۇغىدىن قۇتقۇزۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خالايىققا مەككارلارنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئىككى يۈز-لىمىلەرنىڭ ئاخىرىتى ئەنە شۇنداق بولىدىغانلىغى مەلۇم بولۇپتۇ.

قۇرساق كىشى يولىغا دامى ئازار،
ئاڭا ئۆزەڭ ئىلىنارسەن ئاقىۋەت.
گۈل ئۈزمەسسەن ئەگەر تىكەن تېرىساڭ،
تاپارسەن ياخشى ئىش قىلساڭ سائادەت.
يامان بىلەن ياخشىنىڭ بىلىدىڭ جازاسىن،
قىل ئەمدى ياخشىلىقنى رەسىم ئادەت.

## ئۈچىنچى باپ

# دوستلارنىڭ ئىناق بولۇشى ۋە بىر بىرىگە ياردەم بېرىشنىڭ پايدىسى توغرىسىدا

رايى بەرەھمەنگە مۇنداق دەپتۇ:

— يامان غەرەزلىك پىتنىخورلارنىڭ يالغان سوزلىرى بىلەن مۇھەببىتى ئاداۋەتكە ئايلىنىپ كەتكەن دوستلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ بىرى بىگۇنا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ھىلىقى مەككارغىمۇ قىلمىشىغا يارىشا «مۇكاپات» بېرىلىپتۇ. ئەمدى پۇرسەت يەتسە، سادىق دوستلارنىڭ بىر بىرىگە قىلغان مەدەتلىرى ۋە دوستلۇق دەرىخىنىڭ مىۋىسىدىن يىگەنلىگى، دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن ھەمىشە بىر بىرىگە ياردەم بېرىپ، دوستلارنىڭ رازىلىقىنى ئۆز رازىلىقىدىن ئۈستۈن تونۇغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەردىن سوزلەپ بەرگىن.

بەرەھمەن مۇنداق دەپتۇ:

چادىرۇ تەختىڭنى قويدۇڭ توققۇز پەلەكنىڭ ئۈستىگە،
ئەدلۇ ئىنساپ بىرلە قىلماقتا جاھان ئەھلىن سوراغ.
شان قۇچۇپ ئاسماندىكى دۈشمەنلىرىڭنى ئەيلە رام،
تاكى ئايۇ ـ كۈنگە چۈشكەي يۈز ھەسەدلەر بىرلە داغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ــ بىلگىنكى، ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئىخلاسلىق دوستلار ۋە خالىس يارانلاردىن قىممەتلىكرەك ھېچقانداق نەرسە يوق.

ئۇنداق كىشى بىر ئۆمۈر سۈرۈپ دەۋران،
بولمىسۇن ھېچكىمگە مۇھتاج ھېچقاچان.

ھەرقانداق جايدا دوستلارنىڭ مۇھەببەت تەگكىلىرى ئىخلاس سەررەپخانىسىدا تاۋلانغان بولسا ياكى دوستلۇق دەرىخى ئىختىساس بېغىدا يەكدىللىك سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان بولسا، بۇ جاھاننىڭ راھىتى ۋە خوشاللىقىنىڭ مەدىنى بولۇپ، بۇنداق دوستلۇقنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتى ھەددى ـ ھېسابسىزدۇركى، ئۇ بەختلىك كۆڭۈلدە شاتلىق ۋە خوشاللىققا ئورناق، قىيىنچىلىق كۆڭۈلدە ھەمدەم ۋە يار ـ يۆلەك بولىدۇ.

قولۇڭغا يار كەلتۈرگىلىكى، ھەر كىم،
يۆلەكسىز قالغۇسىدۇر تاپمىسا يار،
جاھاندا بارچە نېمەتتىن ئىرۇر خوپ،
كىشىنىڭ بولسا بىر دوستى ۋاپادار.

ھەممەتىلىك سادىق دوستلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر تارىخ بەتلىرىگە يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۇلاردىن بىرى قاغا بىلەن چاشقان، كەپتەر ھەم تاشپاقا ۋە كىيىكنىڭ ھېكايىسى بولۇپ، ھەقىقى دوستلۇققا مۇناسىپ كەلگۈدەك مەسەل، شۇنداقلا ئاجايىپ شىرىن قىسسىدۇر.

ــ ئۇ، قانداق ھېكايە؟ ــ دەپ سوراپتۇ راي.

ــ كەشمىر ناھىيىسىدە، ــ دەپ بەرەھمەن سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

# قاغا بىلەن چاشقان ۋە كەپتەرلەرنىڭ ھېكايىسى

كەشمىر دىيارىدا ئاۋات بىر ئورمانلىق بار بولۇپ، مەنزىرىسى شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، چېچەكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن يەر يۈزى خۇددى ئاسمان يۈزىدەك چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن، رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ ئەكسىدىن قاغا قانىتى خۇددى توزنىڭ قۇيرۇقىدەك جىلۋىلىنىدىكەن.

بۇلاقلار ھەر تەرەپلەرگە ئېقىشقان،
لالىلەر گۈلزارغا مەشئەل يېقىشقان.
كوكات شەبنەم سۈيىدە يۈز يۇيۇپ پاك،
گۈل ياقاسىن تاڭ شامىلى ئەيلىگەن چاك.
بولۇپ ساقى پەلەكتىن چۈشسە شەبنەم،
تۇتۇپ جام غۇنچە ـ يەكپاي تۇردى شۇدەم.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئورمانلىقتا شىكار جانىۋارلىرى كۆپ بولۇپ، سەيياتلار (ئوۋچىلار) بۇ يەرگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرۇشىدىكەن، ۋەھشى ھايۋانلار ۋە قۇشلارنى ئوۋلاش ئۈچۈن تۇزاقلارنى قۇرۇشىدىكەن. ئورمانلىقتىكى بىر يوغان دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر قاغا ماكان تۇتقان بولۇپ، ئۇ قاغا دەرەخنىڭ يوپۇرماق بەتلىرىدىن "ۋەتىنىنى سويىمەك ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر" دىگەن خەتنى ئوقۇيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ دەرەخ ئۈستىدە ئوڭ ـ سولغا بېقىپ، ئۈستۈن ـ توۋەنگە قاراپ ئولتۇرۇپ، دۈمبىسىگە تۇزاق ئاتقان، يېنىغا تورۋا ئاسقان، قولىدا ھاسا تۇتقان ھالدا، ئالدىراپ ئاشۇ دەرەخ تۆۋىنىگە كېلىۋاتقان بىر ئوۋچىنى كۆرۈپ قاپتۇ. قاغا قورقۇپتۇ ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

"بۇ كىشىگە نىمە بولغاندۇر خۇدا،
ئالدىراپ ھەم ئىزتىراپ ئەيلەپ كېلۇر.
بىلمىدىم مەن كىمدە قەستى بار ئىكىن،
بۇ سۈپەت بىرلە شىتاپ ئەيلەپ كېلۇر.

بۇ ئادەم ماڭا قەست قىلىشى ئېھتىمال. ياخشىسى، مەن ئۆزەمنى يوشۇرۇپ، قاراپ تۇراي،" دەپتۇ-دە، دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپتۇ. قارىسا ئۇۋۇچى دەرەخ تۈۋىگە كەپتۇ ۋە بىر تۇزاقنى يەرگە قۇرۇپ، دان چېچىپ قويۇپ، ئۆزى بىر دالدىدا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر سائەتچە ئۆتكەندە، بىر توپ كەپتەرلەر ئۇچۇپ كېلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ باشلىقى مەستۇقە ئىسىملىك بىر كەپتەر بولۇپ، ئۆزى زېرەك ۋە پەملىك، كۆڭلى ئوچۇق بولغانلىقتىن، باشقىلىرى ئۇنىڭ رايىغا قاراپ ئىش قىلىشنى ئۆزلىرىگە ئىپتىخار دەپ بىلىشىدىكەن. ھەممىسى ئۇنىڭ ئەمرىدە كۈن كەچۈرۈشىدىكەن. كەپتەرلەرنىڭ كۆزلىرى يەردىكى دانغا چۈشۈپتۇ، ئاچلىق ئوتى نەپسىلىرىدىن شولە چىقىرىشقا باشلاپ، ئىختىيارىنىڭ تىزگىنىنى قۇدرەت كۈچىنىڭ قولىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. مەستۇقە مېھىر-شەپقەت يۈزىسىدىن ئۇلارنى سەۋرى قىلىشقا تەرغىپ قىلىپتۇ.

ھېرىس بىرلە ئالدىراپ دان تەرەپكە بارمىغىل،
ئەقىل بىرلە ئويلىساڭ، بار شۇ دان ئاستىدا دام.

— ھەي ئەزىز، — دېيىشىپتۇ كەپتەرلەر، — ئاچلىقتىن تەڭلىكتە قالدۇق. ئوزۇق تېپىش غېمى خاتىرىمىزنى پەرىشان قىلدى. بىزدە ھازىر نەسىھەت ئاڭلىغىدەك ھال ۋە ئاخىرىنى مۇلاھىزە قىلغۇدەك ماجال قالمىدى. خۇددى بۇزرۇكلار ئېيتقاندەك:

كىشى ئاچ قالسا ئەزىز جانىدىن تويار،
ھەر بالاغا بېشىنى قارشى قويار.

مەستۇقە ئۇلارنىڭ ھېرىس ئېرىقلىرىنى نەسھەت تۇغى بىلەن باغلاش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپتۇ.

ھېرىس بوينۇڭغا بولغاندا كەمەن،
بوشانماقلىغىڭ بولمىغاي ئاسان.

شۇڭا، مەستۇقە ئۇلاردىن ئايرىلىپ بىر تەرەپكە كەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن قازا ئۇنى تەقدىر زەنجىرى بىلەن باغلاپ تۇزاق تەرەپكە تارتىپتۇ.

مەن بارماقچى ئۇ يانغا،
ئۇ تارتىدۇ بۇ يانغا.

شۇنداق قىلىپ، كەپتەرلەر ئېھتىيات قىلماي، ھەممىسى بىرلا يەرگە چۈشۈپتۇ ۋە دان چوقۇشقا باشلىشى بىلەنلا ئۇۋچىنىڭ تۇزىغىغا ئىلىنىپتۇ.

— ھەي نادانلار! مەن سىلەرگە ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ ئاقىۋىتى يامان دەپ دېمىدىممۇ؟ مانا كورۇڭلار! — دەپ پەريات قىلىپتۇ مەستۇقە.

ئەي كوڭۇل ھەر ياندا كوپتۇر ئىشق يولىنىڭ ئاپىتى،
ئالدىراپ قويسا قەدەم ھەر كىم يىقىلغاي ئاقىۋەت.

بىچارە كەپتەرلەر ھەيران ۋە خىجىل بولۇپ، دېمىنى چىقىرىشالماي تۇرغاندا، ئۇۋچى دالدىدىن چىقىپ خوشاللىق بىـ

لەن ئۇلارنى ئالغىلى ئېگىپتۇ. كەپتەرلەر ئۇۋچىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تېپىرلىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پۇت تېپىشىپ، قانات سوقۇشقا باشلاپتۇ.

— ھەي بۇرادەرلەر! — دەپتۇ مەستۇقە، — سىلەر ئۆزەڭلارنىلا قۇتقۇزماقنى كۆزلەپ باشقا دوستلارنىڭ قۇتۇلۇش - قۇتۇلماسلىغى بىلەن كارىڭلار يوق. بۇنداق ئىشلار دوستلۇقنىڭ شەرتى ئەمەس. مۇھەببەت مەزھىبىدە ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇشىدىن دوستىنىڭ قۇتۇلۇشىنى ئارتۇق بىلگەن كىشى ھەقىقى دوست ھېساپلىنىدۇ. بىر قېتىم ئىككى دوست كېمىگە چۈشۈپ دەريادا كېتىۋاتقاندا، كېمە پاچاقلىنىپ ئىككىلىسى غەرق بولۇپ كەتكەن ئىكەن. كېمىچى ئۇلاردىن بىرىنى بولسىمۇ قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ قېشىغا بارسا شۇ:

بۇ بالادىن قۇتقۇزۇشقا ئەي كىشى،
مېنى قويغىل تۇت ئۇ دوستۇم ئىلكىنى.

دەپ پەريات قىلىشقان ئىكەن. ئەگەر سىلەردىمۇ، خۇددى شۇنداق، دوستۇڭلارنىڭ قۇتۇلۇشىنى ئۆزەڭلارنىڭ قۇتۇلۇشىدىن ئەلا بىلىدىغان مۇرۇۋۋەت بولسا، ھەممەڭلار بىرلىشىپ، بىر ياققا كۆچەپ كۆرۈڭلار، ئىتتىپاقلىق بەركىتىدىن توزاق يەردىن ئاجراپ، بىز قۇتۇلۇپ كەتسەك ئەجەپ ئەمەس.

كەپتەرلەر بۇ چارە بويىچە ئىش قىلغان ئىكەن. توزاق ئورنىدىن ئاجراپتۇ. كەپتەرلەر توزاقنى كۆتىرىپ ئۇچۇپتۇ. ئۇۋچى "ئۇلار ئاخىر ھالسىزلىنىپ يىقىلىدۇ" دەپ تاما قىلىپ، ئاسمانغا قاراپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپتۇ.

قاغا بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ، ئۆز - ئۆزىگە "ياپىر، بۇ جاھاندا بۇنداق ۋەقەدىن يەنە بىرى يۈز بەرمەس. ئاۋال بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ كۆرۈپ باقايچۇ، ئىشلار قانداقراق تۈگەركىن. ئۇنىڭدىن تەجرىبە ئالسام، بىر چاغلاردا كارغا ياراپ قالار" دەپتۇ.

زامان تەجرىبىسىدىن ئېلىپ يۈز بەھرە،
بىر زامان كېرەك بولار بالا دەپئىنگە.

شۇنداق قىلىپ، قاغا ئۆلارنىڭ كەينىدىن پەرۋاز قىپتۇ. مەستۇقە ئۆز قەۋمى بىلەن كېتىۋېتىپ، ئارقىسىغا نەزەر سېلىپ، ئۈۋۈچىنىڭ تېخى ئۈمەت ئۈزمەي يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كورۇپتۇ-دە، ھەمرالىرىغا: "ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇ قىزىل كوز ئۈۋۈچى تېخى بىزنىڭ قەستىمىزدە يۈرۈپتۇ. مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، جاڭگاللىقتىن چىقىپ يۈرت ئىچىگە ئۇچايلى. باغلار ۋە ئىمارەتلەر ئارىسىدىن يول تاپالماي، بىزنى كوزدىن يوقىتىپ قويسا، نائۈمىت بولۇپ كېتىدۇ" دەپتۇ. كەپتەرلەر ئۇنىڭ ئېيتقىنىغا ئەمەل قىلىپ، كەنتلەر ئىچىگە قاراپ ئۇچۇپ، ئۈۋۈچىنىڭ كوزدىن غايىپ بوپتۇ. ئۈۋۈچى ھەسرەت چېكىپ، ئارقىسىغا قايتىپ كېتىپتۇ. قاغا بولسا ئۆلارنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋېرىپتۇ.

غەيرى كىشىلەردىن پەندى-نەسىھەت ۋە تەجرىبە ئالالىغان كىشى سائادەتمەن كىشىدۇر. باشقىلارنىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىق ئىشلىرىنى سىناپ كورۈپ، ئۇنىڭدىن بەھرە ئالالىغان، پايدا يەتكەن ئىشنى قىلىپ، زىيان يەتكەن ئىشنى تاشلىيالىغان كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر.

كەپتەرلەر ئۈۋۈچىنىڭ داغدۇغىسىدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، توزاقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەستۇقەدىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

— بۇ ھالاكەتتىن بىر ۋاپادار دوستنىڭ ياردىمىسىز قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ توغرا تەدبىرلىك، ئەقىللىق مەستۇقە، — بىر ھەمرا بولمىسا بىلمەيدىغان يولدا ماڭغىلى بولمايدۇ. بۇ تەرەپتە زېرەك ئىسىملىك بىر چاشقان بار، ئۇ مېنىڭ مېھرىۋان كونا دوستۇم.

ئەخلاسلىق رەپىق يارى ۋاپادار،
شەپقەتلىك ئۆلپەت ياخشى مەدەتكار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ قېشىغا بارساق، بەلكىم بۇ تۇتقۇنلۇقتىن ئاجرىشىمىزغا ياردەم بېرەر.

ئۇ چاشقاننىڭ ئۇۋىسى بىر ۋەيرانىلىقتا ئىكەن. ئۇلار شۇ يەرگە چۈشۈپ مەستۇقنىڭ ئىسمىنى تۇتۇپ ۋاقىرىشىپتۇ. مەستۇقنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەنلا زىرەك دەرھال يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ ۋە دوستىنىڭ بالا زەنجىرى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كورۇپ، كوز بۇلىقىدىن چىققان قانلىق ياش ئېرىقىنى يۈز سەھنىسىگە ئاققۇزۇپتۇ؛ كويگەن جىگىرىدىن چىققان دەرتلىك ئاھىنى توققۇز پەلەككە يەتكۈزۈپتۇ.

نەكۈن چۈشتى بېشىمغا ـ يۇ بۇ نىمە هال،
سەۋرى قالماق ماڭا ئەمدى كەلدى مالال.
تۇرسا دوستۇم بالا ئىچرە چېكىپ ئەلەم،
ئولتۇرالاي نىچۈك بۇندا خاتىرىم جەم.

ــ ئەي بۇرادەر ئەزىز، ئەي ياخشى دوستۇم! قانداق هىلە بىلەن بۇ تورزاققا چۈشۈپ قالدىڭ؟ نىمە سەۋەپتىن بۇ رەنج ئەلەمگە ئۇچراپ قالدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ زىرەك.

ــ ياخشىلىق ۋە يامانلىق، پايدا ۋە زىيان قازايۇ ـ قەدەر دامىغا باغلاقلىق بولىدۇ. هەرقانداق دانىشمەنمۇ تەقدىرى ئەزەل دىۋانىخانىسىدا مەشۇت قەلەم بىلەن مەخلۇقات ئەهۋالى دەپتىرىنىڭ بەتلىرىگە يېزىلغان تەقدىر ئىرادىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

هەرنە ئاچچىق ـ تاتلىق ئىشنى هوكمىگە يازدى قەلەم،
سېنىڭ ئاچچىقلانمىغىڭدىن يوق قازاغا قىلچە غەم.

قازا بىزنىڭ كوزىمىزدە دانىنى جىلۋىگە كەلتۈردى. هەمرالىرىمنى سەۋرسىزلىك قىلمىشتىن ۋە ئالدىراشتىن مەنئى قىلدىم. لېكىن تەقدىر قولى غەپلەت پەردىسىنى مېنىڭ كوزۈمگە تۇتتى.

شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز بىرلىكتە بۇ مۇشەققەت ۋە بالانىڭ ئىلـ
كىگە گىرىپتار بولدۇق، ــ دەپتۇ مەستۇقە.

ــ سەندەك دانا ۋە ھۇشيار كىشى قازا ئوقىغا تەدبىر قالـ
قىنىنى تۇتالمىسا، بۇ ئەيىپ ئەمەسمۇ؟ ــ دەپتۇ زېرەك ئەجەپلىنىپ.

ــ بۇ سوزنى قوي،ــ دەپتۇ مەستۇقە،ــ ئەقىل ـ ئىدراك، قۇۋۋەت ۋە شەۋكەتتە مەندىن ئارتۇقلارمۇ قازايى ئىلاھىدىن باش قايتۇـ
رالمايدۇ. جاھانىدا تەڭرى ھوكىمىنى يانىدۇرالايدىغان مەخلۇق يوق بولغىنىدەك، تەڭرى پەرمانىنى كېيىنگە سۇرەلىگۈچىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. ئەگەر قازا ھوكمى ئىرادە زەنجىرىنى تەۋرەتسە، بېلىقنى دەريانىڭ ئاستىدىن ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىرالايدۇ ۋە قۇشنى ئاسماننىڭ ئەۋجىدىن زېمىننىڭ ئۇستىگە چۇشۇرەلەيدۇ. پۇتۇن مەخلۇقاتقا قازايى ـ قەدەر ئەمرىگە بويۇن سۇنۇش ۋە رازى بولۇشـ
تىن باشقا چارە يوق.

بولسىمۇ گەر زاتى ئالەم ھەر كىمەرسە،
ھەق ھوكمىنى بۇزالمىغاي ھېچ نىمەرسە.
يەتسە ئىنسانغا قازايى ھەق ئەگەر،
بارچە ئاقىل بولغۇسىدۇر كور ۋە گەر.
چىققۇسى بولسا بېلىقلار تاشقىرى،
كىرگۇسى دام ئىچرە قۇشلارنىڭ بېرى.
ھەق قازاسى خۇددى بىر قاتتىق بوران،
خەلق ئۇنىڭ ئالدىدا گوياكى سامان.

بىلمەك كېرەككى، قازا كەلگەن ۋاقتىدا، دانا كىشىمۇ نادان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا شاھلار بىلەن گادايلار باپ ـ باراۋەر بولۇپ قالىدۇ.

يانمىغاي بايلىق بىلەن يا كۇچ بىلەن ھوكمى قازا،
پەتكۇزۇپ بولماس قازا پەرمانىغا پەن زادىلا.

— خاتىرەڭنى پەرىشان قىلما، — دەپتۇ زىبرەك مەستۇقىگە، — خۇدادىن كەلگەن قازا ئىنسانىنىڭ قەددى-قامىتىگە لايىق تىكىلگەن شۇ داق بىر لىباسكى، خاھ ياقىسىغا دولەت تۇگمىسى قادالغان بولسۇن، خاھ ئىشتىگى جاپا پەۋرىزى بىلەن تىكىلگەن بولسۇن، بۇ ئىنسان ئۇچۇن ئىنايەت ۋە كارامەت ئىكەنلىگى شۇبھىسىزدۇر. شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنەلمەيدۇ. سەندە يوق نەرسە ساڭا يەتسە، ئۇنىڭغا شۈكرى قىل. كىمگە قازا ساقىيسىدىن ھەر نەرسە يەتسە شۇ لۇتفىدۇر، دىيالىگەنگە ئوخشاش، ھەرقانداق نەرسە ساڭا توغرا كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇ سېنىڭ ياخشىلىغىڭ. بۇزرۇكلار: ھەسەل يىمەكچى بولساڭ ھەرە نەشتىرىدىن قورقماسلىغىڭ كېرەك؛ راھەت گۈلىنى ئۈزمەكچى بولساڭ مېھنەت تىكىنىدىن قورقما، دەپ ئېيتىشقان. ھەرقانداق مەقسەت كوپ قىيىنچىلىق بىلەن ھەل بولىدۇ.

زىرەك مەستۇقىگە بۇ سوزلەرنى ئېيتقاچ، مەستۇقە باغلىنىپ قالغان يىپلارنى قىيىشقا كىرىشىپتۇ.

— ھەي مېھرىۋان دوستۇم، — دەپتۇ مەستۇقە، — ئاۋال ھەمرالىرىمنى بوشىتىپ، مېنى خاتىرجەم قىلغىن. ئۇلاردىن كېيىن مېنى بوشات.

چاشقان بۇ سوزگە ئۇنىماي ئوز ئىشىغا مەشغۇل بولىۋېرىپتۇ.

— ھەي زىرەك، ئەگەر مېنىڭ رازىلىغىمنى خالىساڭ سوزۇمگە ئۇنا. مەندىن بۇرۇن ھەمرالىرىمنى بوشاتقىن، — دەپتۇ يەنە مەستۇقە.

— يەنە بۇ سوزنى تەكرارلايسەنغۇ، — دەپتۇ زىبرەك، — ئوز جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمايدىكەن-دە! "ھەر ئىشنى ئوزەڭدىن باشلا" دىگەن ھېكمەتلىك سوزنى ئاڭلىمىغانمۇسەن؟

— ھەقىقەتەن مېنى كەپتەرلەرنىڭ چوڭى قىپتۇ. ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى مېنىڭ گەدىنىمگە ئارتىپتۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مەستۇقە، — دىمەك ئۇلارنىڭ مەندە پۇقرادارچىلىق ھەققى بار. مېنىڭ ئۇلاردا سەرۋازلىق ھەققىم بار. مەن ھەر دائىم ئۇلارغا

غەمخورلۇق قىلىشىم، شەپقەت كورسىتىشىم ۋە ئۇلارنى ئاسرىشىم كېرەك. ھەرقانداق پادىشا ئەگەر ئوزىنىڭ راھىتىنىلا كوزلەپ، پۇقرالىرىنى جاپاغا قويسا، تېز-ئارىدا ئۇنىڭ راھەت بۇلىغى تەشىپ، دولىتىنىڭ كوزى قارغۇ بولىدۇ.

ئەگەر خالىساڭ ئوز راھىتىڭنى،
ئارام ئالالماس يۇرتۇڭدا ھېچكىم.

— پادىشا دېگەن پۇقرالارنىڭ ئارىسىدا خۇددى تەندىكى جانغا ئوخشايدۇ، — دەپتۇ چاشقان، — شۇڭا جاننى قۇتقۇزۇشنى كوزلەش كېرەك. ئەگەر جانغا ئاپەت يەتسە، پۇتۇن تەننىڭ ساق بولىشىنىڭ نىمە پايدىسى. باشقا يەر نىمە بولسا مەيلى، لېكىن باشتىن بىر تال مويمۇ زىيانغا ئۇچرىمىسۇن.

— ئەگەر مېنى بالدۇر بوشاتساڭ، ھېرىپ قېلىپ باشقا ھەمراللىرىمنى بوشاتماي قويارسەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، — دەپتۇ مەستۇقە، — ئەمما مەن باغلاقلىق بولسام ئۇلارنى بوشاتقىچە ھەرقانچە ھارغان بولساڭمۇ، بەلكىم مېنى باغلاقلىق ھالدا تاشلاپ قويماسلىغىڭ مۇمكىن. ئۇندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن بالا ۋاقتىمدىن تارتىپ بىللە ئوسكەن. ئەگەر قۇتۇلۇش بېغىدىمۇ بىللە بولمىسام بۇ ئىنساپسىزلىق بولىدۇ.

سەن دېگەيسەن ئۇ كىشىنى دوست ۋە يار،
بولسا ساڭا شاتلىقۇ ھەم غەمدە يار.
بولمىسا ئۇ راھەتۇ مېھنەتتە بىر،
دوست ئەمەس دۇشمەن ئىرۇر ئۇ بى نەزىر.

— توغرا، چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە مەرھەمىتى مانا مۇشۇنداق بولۇش كېرەك، — دەپتۇ چاشقان، — بۇنداق ياخشى ئەخلاقىڭ ۋە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كوڭۈلدىكىدەك شەرتىڭدىن دوستلارنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە پۇقرالار-
نىڭ ئىشەنچىسى زىيادە بولىدۇ.

دوستلارنىڭ قەلبىگە لايىق ئۇ كىشى،
باغلىنىپ قالغانتى يەشمەكتۇر ئىشى.

زېرەك ئالدىراپ يۈرۈپ، ھەممە كەپتەرلەر چىرمالغان يىپ-
لارنى قىيىپتۇ. ئاخىرىدا مەستۇقنىڭ بويىنىنىمۇ بۇ بالادىن خالاس
قىلىپتۇ.
كەپتەرلەر چاشقانغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆز ۋەتەنلىرىگە خو-
شال-خورام قايتىشىپتۇ. چاشقان بولسا توشۇككە كىرىپ كېتىپتۇ.
قاغا چاشقاننىڭ كەپتەرلەرگە قىلغان ياردىمىنى كورۈپ،
مەنمۇ ئاشۇ چاشقان بىلەن دوست بولۇشۇم كېرەك، چۈنكى كەپ-
تەرلەرگە بولغان ھادىسە مېنىڭمۇ بېشىمغا كەلسە بۇنداق ياخشى
دوست ماڭىمۇ لازىم بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

مەشرىقۇ-مەغرىپتە يار-دوست كوپ ئىرۇر،
لېك ئۇلار ئىچرە ۋاپالىق كەم دۇرۇر.
ھەر كىشى يارىم مېنىڭ دەپ بولما گول،
كىم كوتەرسە ئېغىرىڭنى يارى بول.

شۇنىڭ بىلەن قاغا ئاستا چاشقاننىڭ توشۇكىنىڭ ئاغزىغا
كېلىپ قىچقىرىپتۇ، چاشقان سوراپتۇ:
— كىم سەن؟
— مەن قاغا، سەن بىلەن زورۇر ئىشىم بار ئىدى، — دەپ-
تۇ قاغا.
زىرەك ھۇشىيار چاشقان بولۇپ، تىرىكچىلىكنىڭ ئىسسىق-
سوغۇقىنى باشتىن كەچۈرگەچكە ۋە دەۋرانىنىڭ يامان-ياخشىسىنى

تەھلىل قىلىپ كورگەچكە، كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان يامان ھادىسىلەردىن قۇتۇلۇش چارىسىنى كوزلەپ، ئۇۋۇسىدا ناھايىتى كوپ توشۇكلەرنى كولاپ ۋە بۇ توشۇكلەردىن بىر بىرىگە يول ئېچىپ قويغان ئىكەن. ئۇ قاغىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بىسەرەمجان بوپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— سېنىڭ مەن بىلەن نىمە ئىشىڭ بار؟ بىز بىر يىرىمىزگە تەڭ كەلمىسەك؟

قاغا بولغان ۋەقەنى ئاۋالدىن ئاخىرىغىچە تولۇق بايان قىلىپتۇ ۋە:

— سېنىڭ مۇرۇۋۋەتلىك، ھەقسويەرلىگىڭ ماڭا مەلۇم بولدى. كەپتەرلەرنى دوستلۇق ۋە ۋاپادارلىغىڭنىڭ بەركىتى بىلەن بالادىن قۇتقۇزغانلىغىڭنى كورگەچكە، سېنىڭ دوستلۇق رىشتەڭگە بوينۇمنى باغلىدىم. سەن بىلەن بىر دىل-بىر نىيەتتە دوست بولۇشنى خالايمەن، — دەپتۇ.

ئۇلپەتچىلىك سازىڭغا دىل بولدى مايىل،
ۋىسالىڭنى ئىزلىگەندەك خەستە سايىل.

— ساڭا مەن بىلەن ھەمسوھبەت بولۇشقا يول يوق.

كورمىدىم بازار ئىچىدە كوپ زىياندىن ئۇزگە نەپ،
بولغىلى كەيسەن ئاراغا كۈن چىقىپ پاتقۇنچە يار.

بىھۇدە كايىما، مۇيەسسەر بولمايدىغان نەرسىنى تەلەپ قىلما، بۇ قۇرۇقلۇقتا كىمە سورىگەنگە ياكى دەريادا ئات چاپتۇرغانغا ئوخشاش گەپ، — دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ چاشقان.

كوتەر دامىڭنىمۇ ئۇزگە شىكارنىڭ قەستىدە بولغىل،
بۇ جانۋارنى كورۇپسەن ئۇ كەمەندىڭ دامىغا چۈشمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق سوزلەرنى قوي، — دەپتۇ قاغا، — سىخىلار مۇھتاجلارنى قۇرۇق ياندۇرمايدۇ. مەن يۈز بىرىش ئېھتىمالى بولغان ھادىسىلەرنىڭ جاپاسىدىن سىنىڭ ئالدىڭغا پانا ئىزلەپ كەلدىم.

ئاستانەڭدىن بولەك مەن تاپمىدىم ھىچ بىر پاناھ،
بۇ ئىشىكتىن ئۆزگە يوقتۇر بېشىمغا ھاۋالەگاھ.

بوسۇغاڭنىڭ تۈۋىدە خىزمەت قىلىشنى ئۆزەمگە ئابروي دەپ بىلىدىغان تۇرسام، ئەمدى قانداقمۇ باش قايتۇرۇپ نېرى كېتەلەيمەن.

گەر قىلىچ بىرلە سىياسەت ئەيلىسەڭ سەن پادىشا،
گەر مېنى بەندەم دىسەڭ ئەمرىڭدىمەن مەن قارا قۇل.

— ئەي قاغا، — دەپتۇ چاشقان، — ئالدامچىلىق قىلىپ، ھىلە دانلىرىنى چاچما. مەن سىلەرنىڭ سىرىڭلارنى ياخشى بىلەمەن. سەن مېنىڭ جىنسىم ئەمەس. شۇڭا، سېنىڭ سوھبىتىڭدىن قورقىمەن. ناجىنسنىڭ سوھبىتى جانغا قاتتىق ئازاپتۇر. مەن ھىچقاچان سەندىن خاتىرجەم بولالمايمەن. بىراۋ بىر كىم بىلەن دوست بولۇپ، ئۇنىڭ زەرىرىدىن خاتىرجەم بولالمىسا، خۇددى كەكلىكتەك زىيانغا ئۇچرايدۇ.

— ئۇ، قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ قاغا.

— بىر كەكلىك، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ چاشقان.

## كەكلىك بىلەن قارچۇغىنىڭ ھىكايىسى

بىر كەكلىك تاغ باغرىدا يورغىلاپ يۈرگەن ئىكەن. ئۇنىڭ سايرىغان ئاۋازى تاغنىڭ ئەكس ساداسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئاسمان گۈمبىزىدە ياڭرايدىكەن. تاسادىپەن بىر قارچۇغا ئاسماندا

پەرۋاز قىلىپ يۈرۈپ، كەكلىككە نەزىرى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ
چىرايلىق مېڭىشلىرىنى كورۇپ، جان بېغىشلىغۇچى ئاۋازىنى ئاڭلاپ،
كوڭلىدە مۇھەببەت قوزغىلىپتۇ.

قارچۇغا ئۆزىچە: "بۇ ئالەمدە مۇناسىپ يارسىز ئوتكىلى بولمايدۇ"، "كىشىنىڭ يارى بولمىسا ئۇ بىماردۇر"، "كىشىنىڭ يارى بولمىسا ئۇنىڭ كوڭلى ئېچىلمايدۇ" دېگەن تەمسىللەر بارغۇ. بۇ كەكلىك ھەقىقەتەن شۇنداق بىر دىلنى ئېرىتقۇچى شېرىن ھەركەتلىك ئىكەنكى، بۇنداق رەپىق بىلەن بىللە بولسا كىشىنىڭ روھى تازىلىنىپ، كوڭلى شات ۋە بىغەم بولىدۇ،" دەپ ئويلاپتۇ.

بىر يار كېرەككىم ئانداقكى يارى،
كېرەك چاغدا كىشىنىڭ مەدەتكارى.
يۈزىنى كورمەك بىلەن كەتكۈسى،
دىل ئەينىگىدىن غەمنىڭ غۇبارى.

شۇنىڭ بىلەن قارچۇغا ئاستا كەكلىك تەرەپكە مېڭىپتۇ. كەكلىك ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كورۇپ، ھەزەر قىلىپ، تاشنىڭ كاۋىكىغا كىرىۋاپتۇ. قارچۇغا ئۇ كاۋاكنىڭ ئاغزىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، كوڭۈل ماجرالىرىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ:

— ئەي كەكلىك! مەن بۇندىن بۇرۇن، سېنىڭ ھۈنەرلىرىڭدىن غاپىل ئىدىم. بۈگۈن سايرىغىنىڭنى ئاڭلاپ، كوڭلۈمگە بىر خوشاللىق ھاسىل بولدى. چىرايلىق مېڭىشلىرىڭ جېنىمنى ئەسىر قىلدى. ئەمدى مەندىن قورقمىغىن. مەن بىلەن ئاشنا بولغىن. مۇھەببەتنىڭ باشلىنىشى مەنپەئەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

دوستلۇق شۇنداق دەرەخكى، پىشسا مەقسەت مېۋىسى،
قانچە كوپ ئۈزسەڭ ئۇنىڭدىن، شۇنچە كوپ پەيدا بولۇر.

— ھەي قانخور زالىم! — دەپتۇ كەكلىك ئۇنىڭغا جاۋابەن،— مېنى قەستلەيمەن دەپ ئاۋارە بولماي، باشقىلارنىڭ قېشىغا بار-ساڭچۇ. تەلەتىڭنى كورۇشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۇرگىنىم يوق. مەندە سېنىڭ ۋىسالىڭنى خىيال قىلغۇدەك ماجالمۇ يوق. ئەگەر بىر كىشى ئوت بىلەن سۇنىڭ بىر يەردە قوشۇلغىنىنى كورگەن بولسا، مەن سەن بىلەن ئاشنا بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلالايمەن. كىشى ئاپتاپ بىلەن سايە ئۇلپەت بولغانلىقىنى كورگەن بولسا، سەن بىلەن مېنىڭ ھەمرا بولۇشۇمنى ئويلىشى مۇمكىن. بۇ خام خىيالنى تاشلا. بۇنىڭدىن ھېچ ئىش چىقمايدۇ.

— ھەي ئەزىز دوستۇم! — دەپتۇ قارچۇغا، — ئويلاپىراق گۇمان قىل. مەندەك زور ۋە كۈچلۈك قۇشنىڭ سەندەكلەرنى ئوۋلاش ئۈچۈن چاڭگىلىم تۇتالماس بولۇپ قالغىنى يوق؛ تېنىڭنى پارە-پارە قىلغىلى تۇمشۇغۇم جانسىز بولۇپ قالغىنى يوق. ساڭا شۇنداق يۇمشاق سوزلەۋاتىمەن. بۇنىڭدا ساڭا ئاشنا بولۇشنى ئارزۇ قىلىشتىن باشقا نىمە غەرەز بولسۇن؟ مېنى سەن بىلەن ھەمدەم ۋە ئۇلپەت بولۇش ئارزۇسى مۇشۇ دەرىجىگە كەلتۇردى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر مەن بىلەن ھەمسوھبەت بولساڭ ناھايىتى كوپ پايدا كورىسەن. بىرىنچىدىن، مېنىڭ ساڭا بۇنداق ئىززەت-ھورمەت قىلغىنىمنى باشقا قارچۇغىلار بىلىشسە، ھېچقايسىسى ساڭا تەھدىت سېلىشقا پېتىنالمايدۇ-دە، سەن تىنىچ ۋە خاتىرجەم ھالدا ھەر تەرەپلەرگە بېرىپ يۇرۇۋېرىسەن. ئىككىنچىدىن، سېنى مەن ئوردامغا ئاپارسام شۇنداق ئىگىز جايلاردا ئولتۇرۇپ، باشقا كەكلىكلەردىن مەرتىۋەڭ يۇقۇرى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئوز تائە-پەڭدىن بىرەرسىگە ئىشقىڭ چۈشۈپ، مەيلىڭنى بەرمەك بولساڭ، ئۇنى دەرھال ئەپكېلىپ، ساڭا جۇپ قىلىپ قويىمەن. ئۇنىڭ بىلەن كوڭۇل ئېچىپ، مۇرادىڭنى ھاسىل قىلىپ، دەۋر سۇرۇپ يۇرۇۋېرىسەن. ساڭا چەرختىن جەۋرە كەلسۇن، نە راھەتتىن مالاللىق يەتسۇن. مەقسەدىڭ ھاسىل، مۇرادىڭ ۋاسىل

بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— سەن قۇشلارنىڭ پادىشاھى سەن. مەن بولسام پۇقرالارنىڭ بىرىمەن. سېنىڭ ئالدىڭدا بىزدەك پېقىرلەر خۇش كەلمەيمىز ۋە رەسىم-رۇسۇم، ھىيلە-مىكىرلىرىڭدىن خالى بولالمايمىز. ئەگەر سېنىڭ ھوزۇرۇڭدا مەندىن بىرەر ناماقۇل ئىش سادىر بولۇپ قېلىپ، سېنىڭ تەبىئىتىڭگە ياقماي قالسا، ماڭا غەزەپلىنىپ قەھرىڭنىڭ بەش پەنجىسى ۋۇجۇدۇمدىن تۈتۈن چىقىرىشىمۇ ئېھتىمال. بەس، بىر بۇلۇڭدا خالىغىنە كۈن ئۆتكۈزگىنىم ئەۋزەل. چوڭلارنىڭ خىزمىتىنىڭ خەتىرى كۆپ بولىدۇ. ئۇنداق ئىشنى ئىختىيار قىلمايمەن، — دەپتۇ كەكلىك.

مەندە ھەد يوقتۇر تاماشا قىلغىلى كۈن يۈزىنى،
سايىدەك قىلسام ماكان ياخشى ئىرۇر تام تۈۋىنى.

— ھەي بۇرادەر، — دەپتۇ قارچۇغا، — دوستلۇقنىڭ كۆزى ئەيىپنى كۆرۈشكە قارىغۇ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن. دوستتىن بىرەر يامان ئىش سادىر بولۇپ قالسا، ئۇ ئىش ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنىدىغۇ. دوستنىڭ ئەيۋىنى ھۈنەر، زەھىرىنى شېكەر دەپ بىلىشىدۇغۇ! مەن سېنىڭ بارلىق خۇي-پەيلىڭنى مۇھەببەت كۆزى بىلەن كۆرىدىغان تۇرسام، سېنىڭ ئىشلىرىڭ ۋە سۆزلىرىڭنى قانداقمۇ ئەيىپلەيمەن. مەن ھەرگىزمۇ سېنىڭ ئەيۋىڭگە قارىمايمەن.

كەكلىك ھەرقانچە مۇۋاپىق ئۆزرىلەرنى ئېيتقان بولسىمۇ، قارچۇغا ئۇنى ياخشى گەپلەر بىلەن قايىل قىلىپ، ئاخىرىدا كۆپ ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۇنى توشۇكتىن چىقىرىپتۇ ۋە بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئوتتۇرىدا مۇھەببەت رىشتىسىنى مەھكەم باغلىشىپتۇ. قارچۇغا ئۇنى كۆتۈرۈپ ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردە ئەيش-ئىشرەت بىلەن دەۋر سۈرۈشۈپتۇ. ئاردىن ئىككى-ئۈچ

كۈن ئۆتكەندە، كەكلىك قارچۇغىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېيىقمايدىغان بولۇشقا، تارتىنىشنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ھەر خىل سوزلەرنى ئېيتىشقا ۋە غەيرى كۈلكىلەرنى كۈلۈشكە باشلاپتۇ. قارچۇغا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ۋە ئېغىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى كورمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان بولۇۋاپتۇ. ئەمما ھەر بىر بىمەدەپلىكتىن كېيىن، ئۇنىڭ كوڭلىدە ئاداۋەت ئاز - ئازدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلاپتۇ. بىر كۈن سەھەردە، قارچۇغا سەل - پەل ئاغرىپ قالغاندىن - لىقتىن شىكارغا چىقالماپتۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە ئاچ قېلىپ، ۋۇجۇدىدىن ئاچلىق ئوتى ئورلەپ، نەپس ئەجدىھاسى ئاغزىنى ئېچىپ ھەركەتكە كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ كەچ كىرىپتۇ. شىددەتلىك ئاچلىق كەكلىككە بولغان ھەممە ئاداۋەتلەرنى قارچۇ-غىنىڭ يادىغا كەلتۈرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭ كوزىگە قىزىللىق تىقىلىپ، كەكلىك تەرەپكە قاراپتۇ. ئەقىل ئارىدىكى ۋەدىلەرنى ئەرز قىلىپ، ھەرقانچە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ماقۇل كەلمەپتۇ.

كەكلىك ئۇنىڭ چىھرىسىدە غەزەپ ئەسىرىنى كورۇپ، ئۇنىڭ كوڭلىدىكى غەرەزى ۋە قەستىنى چۈشىنىپ، قورقۇپ تىتى-رەپ سوغۇق ئاھ چېكىپتۇ:

— دوست بولغان چاغدا، مەقسەت گوھىرىنى سۈزىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بۇ دەريا سۈيىنىڭ بۇنداق چەكسىز دولقۇنلايدىغانلىغىنى نىمە بىلەي. ۋاي دەريخ! ئاۋۋىلىنى كورۇپلا ئاخىرىغا نەزەر سالماپتىمەن. ئوز جىنسىمدىن بولمىغان نەرسە بىلەن ھەمدەم بوپتىمەن. بۇزرۇكلارنىڭ "ناجىنسنىڭ سوھبىتىدىن ھەزەر قىلغىل" دىگەن نەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۇگۈن ئومرۇمنىڭ كېچىسى شۇنداق بىر گىرداپقا چۈشۈپتىكى، تەقدىر كېمىچىسى ئۇنى ئۇندىن چىقارماققا ئاجىزدۇر. ئەمدى نەرەپىقد-لىرىمدىن ۋاپا كەلسۇن، نە ھاياتىمدىن ئۈمىت بولسۇن، نە پە-لەكتىن بىر بىشارەت بولسۇن ۋە نە يېڭىدىن دۇنياغا كېلىشىم مۇمكىن بولسۇن!

قارچۇغا ئازار چاڭگىلىنى ئېچىپ، غەزەپ تۇمشۇغىدىن ئوتلار چېچىپ، كەكلىكنى يەمەككە بانا ئىزلەپتۇ. كەكلىك بولسا ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىپتۇ. قارچۇغا بانا تاپالماي ئاخىرى مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بىئەدەپ! مەن ئاپتاپتا تۇرىمەنۇ، سەن راھەتلىنىپ سايىدا ئولتۇرىسىنا؟

— ھەي پادىشاھى ئالەم! بۇ كېچە تۇرسا، پۈتۈن ئالەم سايە ئاستىدا تۇرسا، سىزگە قايسى ئاپتاپنىڭ ئىسسىقى تەسىر قىلغاندۇ؟ — دەپتۇ كەكلىك.

— سەن تېخى مېنى يالغانچى قىلامسەن؟ — دەپ قارچۇغا كەكلىكنى كاپ قىلىپ تۇتۇپتۇ-دە پارە-پارە قىلىپ يەپتۇ.

كەلدى كەكلىككە ئۆلۈم، يۈرگەچ خىرامان سەير ئېتىپ،
ھەم قازا قارچۇغىسىنىڭ ۋەھىمىدىن غاپىل بولۇپ.

بۇ مەسىلىنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ھەر كىشى ناجىنس بىلەن ھەمدەم بولسا ۋە زەرەر يەتكۈزىدىغان بىر كىمنىڭ سوھ-بىتىدە ئۆمۈر كەچۈرسە، ئاخىرى ھالاكەتكە ئۇچرىغۇسىدۇر. مەن سېنىڭ ئوزۇغۇڭمەن. شۇڭا ھەرگىز مەندىن تاما قىلىشىڭدىن خا-تىرجەم بولالمايمەن. بۇنداق تۇرۇپ، بىزنىڭ ئارىمىزدا قانداقمۇ سوھبەت يولى ئېچىلالىسۇن!

— ياخشىراق ئويلىغىن زىرەك، — دەپتۇ قاغا، — سېنى يېمەكتىن ماڭا نېمە پايدا؛ سەنچىلىك ئاز لوقمىدىن مېنىڭ ئىش-تىھايىمغا قانچىلىك مەنپەئەت يېتەر؟ ئەمما سېنىڭ ئۆزۈڭ ئۆمۈر كۆرۈشۈڭدىن ۋە ياخشى سوھبىتىڭدىن ماڭا كۆپ مەنپەئەت يېتىشى چوقۇم. مەن سېنى دەپ ئۇزۇن يولدىن مۇشەققەت تارتىپ كەل-سەم، سەن مەندىن يۈز ئۆرۈپ تۇرساڭ راۋا كېلەرمۇ؟ غېرىپلىقىم-نىڭ ھەققىنى زايا قىلىپ، مېنى مەھرۇم قويساڭ بۇ سېنىڭ ياخ-

www.uyghurkitap.com

شى ئەخلاقىغا ياراشمايدۇ. غېرىپلارغا ياخشىلىق قىلىش كىشىنىڭ ياخشى نامىنى چىقىرىشقا سەۋەپ بولىدۇ. "سەندىكى شۇنداق كوپ مەرھەمەت ۋە تۈگىمەس مۇرۇۋۋەتتىن ئۇمىتۋار بولسام ئۇنىڭ قانداق ئەجەپلىنەرلىك يېرى بولسۇن" دىگەن گەپ بارغۇ. سەن مەندەك بىر غېرىپقا رەھىم قىلساڭ ئەجەپ ئەمەس.

چاشقان ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

— بىزنىڭ ئارىمىزدا چوڭقۇر، كونا ئاداۋەت بار. چۈنكى ئىككى كىشى ئارىسىدا، يۈزەكى ئاداۋەت بولسا، ئۇ ئازراق ئۇزرە ئېيتىش بىلەن كوتىرىلىپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ كونا ۋە چوڭ-قۇر ئاداۋىتى بولسا، ئۇنىڭغا يۈزەكى ئاداۋەتتىن كىچىككىنە قوشۇ-لۇپ قالسا، ئۇنى ھىچقانداق سەئى-سەۋەپ بىلەنمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بەلكى ئۇ ئاداۋەت شۇ ئىككى تەننى يوقاتمىسا ئۇزى يوقالمايدۇ. باش كەتمىگىچە باشتىن خىيال كەتمەيدۇ. ھوكۇمالار: چوڭقۇر ئاداۋەت ئىككى خىل بولىدۇ، دەپ ئېيتىشقان. يەنى: زەرەر گاھى دۇشمەنگە يۈزلىنىدۇ؛ گاھى ئۆزگە زەرەر يېتىدۇ. مەسىلەن، پىل بىلەن شىر دۇشمەنلىشىپ قېلىپ جەڭ قىلىشسا، بىردە شىر غالىپ كېلىپ، پىلنى يارىدار قىلىدۇ. بىردە پىل يېڭىپ شىرغا زەخمە يەتكۈزىدۇ. بۇنداق ئاداۋەتنىڭ شىددىتى ھىچ گەپ ئەمەس. چۈنكى رەقىپنىڭ بىرى يەڭگەندە كوڭۈل يارىسىغا تەسەللىدىن مەلھەم قويۇلىدۇ-دە، ئاداۋەتنىڭ غۇبارى بىر ئاز پەسلەيدۇ. ئەمما يەنە بىرسىنىڭ ئاداۋىتى كۈچىيىدۇ. چۈنكى، زىيان-زەخمەت ھەمىشە بىر تەرەپتە بولىدۇ. مەسىلەن، قوي بىلەن بورە، چاشقان بىلەن مۇشۇك ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتتەك، بۇ شۇنداق دەھشەتلىك ۋە مەھكەم ئاداۋەتكى نە چەرخ گەردىشى ئۇنى ئۆزگەرتەلىسۇن ۋە نە زامان ئىختىلاپى ئۇنى بۇزالىسۇن! بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت مۇشۇ سىنىپتىن بولۇپ، بىزنىڭ ھىچقانداق جايدا يېقىنلىششىمىز ۋە دوست بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

گەر سايىگە ئاپتاپ ئارىلاشسا ناگاھ،
كۈن ئۆز سەيرىدە تۈن بىلەن بولسا ھەمراھ.
شۇ چاغدىمۇ مەن سەن بىلەن تۈتسام سوھبەت،
ھالىمغا كۈلەر ھەممە گاداي، ھەممە شاھ.

— ساڭا باشقا قاغىلار دۈشمەن بولسىمۇ، مەن ھەرگىز ئۇلار-دەك ئەمەسمەن. مېنىڭ كوڭۇل ئەينىكىم دۈشمەنلىك غۇبارىدىن پاك بولۇپ، ئۇنى غەم شولىسى يورۇتقان. "دىلدىن-دىلغا يول بار" دىگەن گەپ بار. مەن سېنىڭ ساپ ۋە روشەن دىلىڭ مېنىڭ سەممى سادىق ۋە ئىخلاسلىق ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، دەپ ئۈمىت قىلىمەن. "يارىم كوڭلۇمنىڭ ھالىدىن خەۋەر-دار ئەمەس" دىيىشكە بولمايدۇ، — دەپتۇ قاغا.

— مۇبالىغە قىلىپ، مېنى ئۆزەڭ بىلەن دوست بولۇشقا تەكلىپ قىلىۋاتىسەن، — دەپتۇ چاشقان، — ئەگەر سېنىڭ تەكلىۋىڭ بىلەنلا دوست بولۇشاق كىچىككىنە سەۋەپ بىلەن ئارىمىزدىكى دوستلۇق رىشتىسى ئۈزۈلۈپ كېتىشى ھەم سەن ئەسلى ئادىتىڭگە يېنىۋېلىشىڭ ئېھتىمال. بۇ خۇددى سۇنى تۈزلۇقتا قويسا، ئۇزۇن تۇرۇپ ئۇنىڭ تەمى ۋە رەڭگى ئۆزگىرىپ سۇلۇق سۇپىتىدىن چىققان چاغدىمۇ، ئوتقا قويسا ئوتنى ئوچۇرەلىگىنىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى سۇپىتى ئۆزگەرسىمۇ خۇسۇسىيىتى ئەزگەرمەيدۇ. ئەسلىدىن دۈشمەن بولغانلار بىلەن ئۇلپەت بولۇش قەھرلىك يولۋاس ياكى زەھەر-لىك ئىلانغا دوست بولغانلىقتۇر. دانىشمەنلەر "دۈشمەن ھەر-قانچە مۇھەببەت دەۋاسى قىلىپ، ئىخلاسىنى ئىزھار قىلسىمۇ، ئۇ-نىڭغا ئالدانماڭلار" دىيىشكەن.

دوست سۈرەتلىك رەقىپلەردىن مۇھەببەت ئىزدىمەك،
بولغۇسىدۇر بى گۇمان گۈلخان ئوتىنى گۈل دىمەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەركىم دۈشمەننىڭ ئەپسانىسى ۋە ئەپسۇنىغا قۇلاق سالسا ياكى ئۇنىڭغا مەغرۇر بولۇپ ئىشەنسە، ئۇ خۇددى توگە مىنگەن ئادەمدەك ئىشقا دۇچار بولىدۇ.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ قاغا.

— بىر كىشى توگىگە مىنىپ سەپەرگە چىققان ئىكەن، — دەپ چاشقان ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

## توگە مىنگەن ئادەمنىڭ ھېكايىسى

بىر كىشى توگىگە مىنىپ سەپەرگە چىققان ئىكەن. يول يۈرۈپ بىر يەرگە يېتىپتۇ. ئۇ يەرگە كارۋانلار كېلىپ چۈشۈپ ئوت قالغان ئىكەن، ئۇلار كوچكەندىن كېيىن قالغان چوغلارنى شامال ئۇچۇرۇپ بېرىپ ئورمانلىقتا ئوت كەتكەن ئىكەن. ئۇ يەردە بىر ئىلان بار بولۇپ، ئورماننىڭ چورىسىگە ئوت كېتىپ ئىلان ئوتتۇرىدا قالغان ئىكەن. ئىلان ئوت ئارىسىدىن قېچىپ چىقىشقا يول تاپالماي، كاۋاپتەك كويۇپ، زەھەرلىك بەدىنىدىن تامچە - تامچە قانلار ئېقىشقا باشلىغاندا، ھېلىقى توگە مىنگەن ئادەمنى كورۇپ ئۇنىڭغا زارلىنىپ شۇنداق دەپتۇ:

نە بولغايكىم بۇ ئوت ئىچرە ماڭا شەپقەت سۈيىن چاچساڭ،
تەرەھھۇم ئىلكى بىرلە بۇ گىرە بولغان ئىشىم ئاچساڭ.

ئۇ ئادەم رەھىمدىل ۋە مېھرىۋان ئادەم ئىكەن. ئىلاننىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ بىچارىلىگىنى كورۇپ: "گەرچە ئىلان ئادىمزاتنىڭ دۈشمىنى بولسىمۇ، شۇنداق ئاجىز ۋە ناتىۋان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق قىلىپ، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى تاپسام ياخشى ئەمەسمۇ" دەپ ئويلاپتۇ - دە، نەيزىنىڭ ئۇچىغا تورۋىنى چىگىپ ئۇزىتىپتۇ. ئىلان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ،

دەرھال تورۇسنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۇ ئادەم ئۇنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، يەرگە قويۇپتۇ ۋە:

— ئەمدى بالادىن نىجات تاپتىڭ. نەنى خالىساڭ شۇ يەرگە بار، لېكىن بۇندىن كېيىن كىشىلەرگە ئازار بېرىشنى قەستلىمە. چۈنكى ئازار بەرگۈچى بۇ دۇنيادا لەنەتكە سازاۋەر ۋە ئاخىرەتتە ئازاپ-ئوقۇبەتكە گىرىپتار بولىدۇ. كىشىگە ئازار بېرىشتىن يىراق بول. بۇ ساڭا خاپىلىقتىن خالاس بولۇشۇڭ ئۈچۈن ئەڭ توغرا يولدۇر، — دەپتۇ.

— بۇ نىمە دىگەن گەپ. مەن سېنى ۋە توگەڭنى چاقمىغىچە ھېچ يەرگە بارمايمەن، — دەپتۇ ئىلان.

— مەن ساڭا ياخشىلىق قىلغان ئىدىم، — دەپتۇ ئۇ ئادەم، — سېنى ئوتتىن قۇتقۇزۇۋالغىنىمنىڭ جازاسى مۇشۇمۇ؟ مەن ساڭا ۋاپا قىلدىم. سېنىڭ ماڭا جاپا قىلىشىڭ ئەدەپ-قائىدىگە سىغمايدۇ!

— توغرا، — دەپتۇ ئىلان، — سەن ماڭا ياخشىلىق قىلدىڭ، لېكىن ئورۇنسىز يەرگە قىلدىڭ، سەن مېنىڭ ئۈچۈق-ئاشكارا زىياندۇش ئىكەنلىگىمنى بىلمەمسەن؟ سەن يامانلىق قىلىدىغان يەرگە ياخشىلىق قىلدىڭ. بۇنىڭ جازاسى شۇكى، سەن ئەلەم چېكىشىڭ ۋە جاپا كۆرۈشۈڭ كېرەك. چۈنكى يامانلارغا ياخشىلىق قىلىش ياخشىلارغا يامانلىق قىلغانلىقتۇر. ياخشىلارغا يامانلىق قىلىش راۋا بولمىغىنىدەك يامانلارغا ياخشىلىق قىلىشمۇ جايىز ئەمەس، ئۇندىن تاشقىرى، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا كونا ئاداۋەت بار. شۇڭا بەربىر ماڭا بىر تەشۋىش ئىدىڭ. ئاندىن، سەن "ئۆلتۈرۈڭلار ئىلاننىڭ ئەركەك ۋە چىشىسىنىكىم، نەسىللىرى قۇرۇسۇن" دىگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىشىڭ كېرەك ئىدى. ھەدىس ھۆكمىنى بۇزغانلىغىڭ ئۈچۈنمۇ ساڭا نەشتەر ئۇرۇشۇم كېرەك. باشقىلار بۇنىڭدىن تەنبىھ ئالسۇن.

— ھەي ئىلان ئىنساپ قىل، ياخشىلىققا يامانلىق قايسى مەزھەپتە راۋا كېلىدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سىلەرنىڭ ئادىتىڭلار شۇنداقمۇ، — دەپتۇ ئىلان، — بۇ ئادەتنى مەن سىلەردىن ئۆگەندىم. ئۆزەڭلاردىن ئالغاننى ئۆزەڭلارغا ساتىمەن.

— ئادەمزاتنىڭ ياخشىلىقتا يامانلىق مۇكاپاتى بەرگەنلىكى نەدىن مەلۇم؟ ئەگەر بۇ دەۋايىڭنى بىر گۇۋا بىلەن ئىسپاتلىساڭ ھەر نىمە قىلساڭمۇ ئۇنىڭغا رازى بولىمەن، — دەپتۇ ئۇ ئادەم.

ئىلان بېشىنى ئۇستۇن كۆتىرىپ قاراپ، يىراقتا بىر كالا تۇرغانلىقىنى كورۇپ، ئۇ ئادەمگە:

— يۈر، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇنىڭدىن سورايلى، — دەپتۇ.

ئىككىسى بىللە كالىنىڭ قېشىغا بېرىپ سوراپتۇ:

— ھەي كالا، ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى نىمە؟

— ئەگەر ئادەمزاتنىڭ مەزھىپى بويىچە سورىساڭ، ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى يامانلىق. مەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە قېرىدىم. ھەر يىلى بىر بالا تۇغۇپ بەردىم. ئۇيلىرىنى سۈت ۋە ياغ بىلەن تويغۇزدۇم. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشى مېنىڭ ياخشىلىقىمدىن بولدى. ئەمدىلىكتە مەن تۇغۇشتىن قالدىم. ئىگەم مېنى سەمرىسۇن دەپ بۇ سەھراغا ئەپچىقىپ قويدى. مېنىڭ سەمرىگىنىمنى كورۇپ، تۇنۇگۇن بىرقاسساپنى باشلاپ كېلىپ مېنى ساتتى. بۇگۇن مېنى قۇشخانىغا ئېلىپ بېرىپ قېنىمنى تۆكىدۇ. مېنىڭ ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقىمنىڭ مۇكاپاتى شۇ بولدى. مېنىڭ ئەھۋالىم مۇشۇ. بۇ دەردىمنى كىمگە ئېيتاي ئەمدى. شۇڭا ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى يامانلىق ئىكەن دەپ ئويلىدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ كالا.

— گۇۋاچىمنىڭ سوزىنى ئاڭلىدىڭ. ئەمدى نەشتەر سالىمەن، — دەپتۇ ئىلان.

— شەرىئەتتە بىر گۇۋا بىلەن ھوكۇم قىلىنمايدۇ، — دەپتۇ

ئۇ ئادەم، — يەنە بىر گۆۋا كېرەك.

— يۇر، ئاۋۇ دەرەختىن سورايلى، — دەپ ئىلان گورۇنگەن دەرەخنى كورسىتىپتۇ.

ئۇلار ئىككىسى بىللە دەرەخنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئىلان دەرەختىن سوراپتۇ:

— ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى نىمە؟

— ئادىمىزاتنىڭ قائىدىسىدە ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى يامانلىق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دەرەخ، — چۈنكى مەن بۇ چول - باياۋان ئوتتۇرىسىدا ئۇنۇپتىمەن. كېلىپ - كېتىپ تۇرغۇچىلارنىڭ خىزمىتىدە تىك تۇرىمەن. ئادەملەر ئىسسىقلاپ ۋە ھېرىپ كەلسە، سايەمدە بىر پەس ئولتۇرۇپ راھەتلىنىدۇ - دە، ئۇستۇمگە قاراپ شاخلىرىمنى كوروۇپ "پالانى شېخى پالتا سېپىغا لايىقكەن، پۇستانى شېخى كەكە دەستىسىگە مۇناسىپكەن، غولنى كېسىپ شال تىلسا ئىشىك بولىدىكەن" دىيىشىپ ئۇزىگە يارىغان شاخلىرىمنى كېسىپ ھەم يىرىپ كېتىدۇ. سايەمدىن شۇنداق راھەتلىنىدۇ - يۇ، ئۇ- زەمگە مۇنداق جاپا سالىدۇ.

مەن ئۇل ئەندىشىدەكىم باشى ئۇزرە سايە بەرسەم دەپ،
شۇ بۇ غەم بىرلەكىم يىلتىز يەردىن كوتەرسەم دەپ.

— مانا بۇمۇ گۇۋالىقتىن ئوتتى، — دەپتۇ ئىلان ئۇ ئادەمگە، — ئەمدى ساڭا زەھەر سېلىشتىن توختاشقا ھېچقانداق ئاساس قال- مىدى.

— ھەي ئىلان، — دەپتۇ ئۇ ئادەم، — گەرچە گۇۋالارنى تاپ- قان بولساڭمۇ، جان دىگەن ناھايىتى شىرىن نەرسە ئىكەن. ھاياتـ تىن ئۇمىت ئۇزمەك ناھايىتى مۇشكۇل ئىكەن. شۇڭا يەنە بىر گۇۋا تاپساڭ ھېچ تالاش - تارتىش قىلماي، ئولۇمگە تەن بېرىپ،

قازا تەرەپكە رەزا بويىنىنى سوناي.

شۇ ئەتراپتا بىر تۈلكە ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان ئىكەن.

— بىرىپ ئاشۇ تۈلكىدىن سوراڭلار. نىمە جاۋاپ بىرەركىن، — دەپتۇ ئىلان ئۇ ئادەمگە.

ئۇ ئادەم تۈلكىدىن سوز سوراپ بولغىچە تۈلكە ۋاقىراپتۇ:

— ھەي ئادەم، ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى يامانلىق ئىكەنلىگىنى بىلمەمسەن. سەن بۇ ئىلانغا ياخشىلىق قىلغانلىغىڭ ئۈچۈن ساڭا يامانلىق لازىم بولىدۇ.

ئۇ ئادەم بولغان ئەھۋالنى تۈلكىگە بىر - بىرلەپ سوزلەپ بىرىپتۇ. تۈلكە ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— سەن ئەقىللىق ئادەمدەك كورۈنسەڭ، ئەقىلسىزلاردەك سوزلەۋاتىسەن.

ياراشماس مەرت ئەقىللىققا سوز ئېيتۇردە خاتا ئېيتماق،
راۋا بولماس بىلمىلىككە، خىلاپى ماجرا ئېيتماق.

— راست دەيدۇ. مىنى ئاشۇ غانجۇغىسىدا تۇرغان تورۋا بىلەن ئوتتىن ئالدى، — دەپ گۇۋالىق بىرىپتۇ ئىلان.

— بۇ سوزگە قانداق ئىشەنگىلى بولىدۇ؟ بۇنداق چوڭ ئىلان بۇ كىچىك تورۋىغا قانداق سىغىدۇ، — دەپتۇ تۈلكە.

— ئەگەر ئىشەنمىسەڭ، بۇ تورۋىغا يەنە كىرەي، ئوز كوزۈڭ بىلەن كورۈپ ئاندىن ئىشەنگىن، — دەپتۇ ئىلان.

— ئەگەر ئەينى ئەھۋالنى ئوز كوزۈم بىلەن كورسەم، سىنىڭ سوزۈڭنىڭ راستلىغىغا مەنمۇ گۇۋالىق بىرىمەن، — دەپتۇ تۈلكە.

ئۇ ئادەم تورۋىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. ئىلان بولسا تۈلكىنىڭ
سۆزىگە مەغرۇرلىنىپ تورۋىغا كىرىپتۇ. تۈلكە ئىشارەت قىلىپ
دەپتۇ:

دۈشمىنىڭ ئىلكىگە چۈشكەندە بولۇپ ھالى خاراپ،
مەسلىھەت بۇكى ئاڭا بىر دەم ئامانلىق بەرمىگىن.

ئۇ ئادەم تورۋىنىڭ ئاغزىنى بوغۇپتۇ-دە، يەرگە ئۇرۇشقا
باشلاپتۇ. ئاقىۋەت ئۇ ئىلان ئۆلۈپ، دوزاخ ئىلانلىرىغا قوشۇلۇپتۇ.
يامانىنىڭ ئۆلۈشى خەلقنى خوشال قىلىدۇ. بۇ مىسالنىڭ پايدىسى
شۇكى، ئەقىللىق ئادەم ھۇشيارلىقنى تاشلىماسلىغى ۋە ئېھتىياتلىق-
نى ئۇنتۇماسلىغى كېرەك؛ دۈشمەننىڭ نالە - پەريادىغا ئالدانماسلى-
غى كېرەك. ھەرقانداق شارائىتتا دۈشمەنگە ئىشەنمەسلىگى
كېرەك.

كىشى دۈشمەن سۆزىگە بولسا مەغرۇر،
دىل ئۆيىنىڭ چىراغى نۇرسىز بولغاي.
دۈشمەن ساڭا دوست بولغۇسى ئاشۇ پەيتتە،
تۈن يۈزىدىن قارالىغى گەر يۇيۇلغاي.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاغا شۇنداق دەپتۇ:
— بۇ سۆزلەرنى ھېكمەت تىلىدىن ئىزھار قىلدىڭ، مەن ئاڭ-
لىدىم. ئەمما سېنىڭ مەرھەمەت ۋە مۇرۇۋۋىتىڭگە لايىغى شۇكى،
بۇنداق سۆزنىڭ كاشىلىسىدىن قېچىپ، ئۈمىدىمنىڭ يۈزىگە ۋىسال ئىشى-
گىنى ئېچىشىڭ لازىم. دانىشمەنلەر: "بېخىللاردىن قېچىڭلار ۋە
سېخىلارغا دوست بولۇڭلار. چۈنكى سېخىلار دوستلۇق ئۈچۈن بىرسائەت-
تە مىڭ تۈرلۈك شەپقەت ۋە مېھرىۋانلىق كۆرسىتىدۇ. بېخىللار بولسا
يۈز يىللىق دوستلۇقنىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئۇنى بىر پەستە يوق قى-

لىۋېتىدۇ" دېيىشكەن. شۇڭا ياخشى كىشىلەر باشقىلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرايدۇ، دۈشمەنلىشىشكە ئالدىرىمايدۇ. ئەسكىلەر بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، مەسىلەن، ئالتۇن ئاپتۇۋا تېز ياسىلىدۇ، لېكىن پات بۇزۇلمايدۇ. كوزا بىلەن ئىۋرىق تېز سۇنىدۇ ۋە پەقەت كارغا كەلمەيدۇ.

ئىستىگىن دوستلۇقنى ھەر جايدا مۇدام،
تائەبەتكە قىلغۇدەك بولسا داۋام.
ئۇ سارايىنىڭ تام خىشى گەر بولسا خام،
پات ئۇنى يامغۇر سۈيى بۇزغاي تامام.

مەن شۇ ئىشەنچكە يارايدىغانلارنىڭ جۈملىسىدىنمەن. سېنىڭ دەرگاھىڭغا شۇنداق بىر مۇلازىم بولايكى، مۇندىن كېيىن ھېچقانداق كىشىنىڭ ئىشىگىگە بارمايمەن. سېنىڭ سوھبىتىڭگە ئۇلىشالماي قالسام تائام تېتىمايمەن ۋە ئارام ئالمايمەن. ئېتىكىڭنىڭ ئۇچىنى ئوڭايلىق بىلەن قويۇۋەتمەيمەن. چۈنكى مەن ئۇنى تولا قان يۇتۇپ قولۇمغا كەلتۈردۈم.

— مەنمۇ سېنىڭ دوستلۇغىڭغا چىنىم بىلەن خېرىدارمەن. لېكىن بايىقى بانىلارنى كۆرستىشىم شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، مۇبادا سەن خىيانەت قىلىپ قالساڭ، مەنمۇ يۇقۇرقى بانىلىرىمنى ئۇزرە قىلمەن - دە، سەنمۇ مېنى "بىر جىدىلى يوق يۇۋاش - يۇمشاق دوست ئىكەن" دەپ قالمايسەن. سېنىڭ سوزۇڭ باشلانغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە سېنىڭ دوستلۇق مۇھەببىتىڭ كوڭلۇمدىن ئورۇن ئالغان ئىدى.

بۇ كوڭۈلدە بولسا ئەگەر ئىشقۇ شەۋق،
ئۇ كوڭۈلدە ھەم بىلىڭ بار مەيلۇ زەۋق.
بەرمىسە ئاشىق مۇشەققەتكە چىدام،
قىلمىغاي يار ئوڭا رىغبەت، ئېھتىرام.

چاشقان شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، تاشقىرى چىقىپ توشۇكنىڭ ئاغزىدا تۇرۇپتۇ.

— نىمىشقا ئالدىمغا كەلمەيسەن. مۈگدىشمايمىزمۇ؟ تېخىچە كۆڭلۈڭدە گۇمان بارمۇ نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ قاغا.

— ئەگەر كىشى دوستىدىن جىنىنىمۇ ئايىمىسا ئۇنى سادىق دوست دىيىش كېرەك، — دەپتۇ چاشقان، — مەن ساڭا شۇنداق جان دوستىمەن. ھەرگىز مال دوستى، نان دوستى ئەمەس. چۈنكى بىركىم بىر كىشىگە تاما بىلەن ياكى سۇلۇھ ئۈچۈن دوست بولماقچى بولسا، ئۇنداق دوست بولۇش ئاسان. لېكىن بىر كىم بىر كىشىگە ۋەزىيەت تەقەززاسى ياكى نەپسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن دوست بولغان بولسا، ئۇ خۇددى قۇشلارنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن دان چاچقان بىر ئوۋچىغا ئوخشايدۇ. بۇنداق دوستلۇق غەرەز ئارىلاشقان دوستلۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن ئاداۋەت پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بار. ھەر كىم دوستلۇق يولىدا جان پىدا قىلسا، ئۇ تەڭداشسىز ۋاپادار دوستتۇر. دوستلۇققا جان ۋە باش بىلەن ئويناشقانىنىڭ دەرىجىسى نان ۋە ئاشقا دوست بولغاندىن مىڭ ھەسسە ئەلا. چۈنكى ئۆز ۋۇجۇدىنى كىشىگە تەقدىم قىلىش ئەڭ چوڭ سېخىلىقتۇر. بۇ جاھاندا كىشىگە پۇل سەدىقە قىلغۇچىلار يۈز مىڭلاپ بولسىمۇ، كىشىگە جېنىنى پىدا قىلغۇچىلار كەم تېپىلىدۇ. مېنىڭ ساڭا يېقىنلىشىشىمدىن ماڭا جان خەتىرى بار. لېكىن مېنىڭ دوستلۇق مۇھەببىتىم شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئەگەر مېنىڭ جېنىمغا ھاجىتىڭ بولسا، جېنىمنى بېشىمدىن ئورۇپ ئالدىڭدا قويىمەن. ئەگەر سەندىن گۇمان قىلىدىغان بولسام ھەرگىز ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئۇۋامدىن چىقمايتتىم. سېنىڭ ماڭا دوستلۇغۇڭ شەك-شۈبھەدىن خالى بولغان بولسا، مېنىڭمۇ ساڭا نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىخلاس ۋە ئېتىقادىم بولغان بولاتتى. ئەمما سەن بىلەن بىر زاتتىن بولغان يارانلىرىڭ ئەخلاق ۋە مېھىر-شەپقەتتە سەندەك ئەمەس. شۇڭا ئۇلاردىن بىرەرسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېنى كورۇپ قالسا، جېنىمغا قەست قىلارمىكىن دەپ قورقىمەن.

— مېنىڭ ۋە يارانلىرىمنىڭ ئارىمىزدا شەرتىمىز بار. ئۇلار مېنىڭ دوستۇمغا دوست، دۈشمىنىمگە دۈشمەن بولىدۇ، — دەپتۇ قاغا.

— ھەرقانداق كىشى، — دەپتۇ چاشقان، — دۈشمىنىنىڭ دوستىغا ياكى دوستىنىڭ دۈشمىنىگە دوست بولسا، ئۇنداق دوستنى دۈشمەن قاتارىدا ساناش كېرەك.

دۈشمىنىم ئورنىدادۇر ئەقىل ئالدىدا ئىككى كىشى،
دۈشمىنىمنىڭ دوستلىرى ھەم دوستلىرىمنىڭ دۈشمىنى.

دانىشمەنلەر دەپتىكەن: "دوست ئۈچ قىسىم بولىدۇ: بىرىنچىسى خالىس دوست؛ ئىككىنچىسى، دوستىنىڭ دوستى؛ ئۈچىنچىسى دۈشمىنىنىڭ دۈشمىنى. دۈشمەنمۇ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى ئاشكارا دۈشمەن؛ ئىككىنچىسى دوستىنىڭ دۈشمىنى؛ ئۈچىنچىسى دۈشمەننىڭ دوستى". ئاشكارا دۈشمەننى تونۇش ئاسان بولسىمۇ كېيىنكى ئىككى تۈرلۈكنى يەنى دوستىنىڭ دۈشمىنى بىلەن دۈشمەننىڭ دوستىنى بىلىۋېلىش مۈشكۈلرەك.

— خۇداغا شۈكرى، — دەپتۇ قاغا، — ئارىمىزدا مۇھەببەت پەيدا بولدى. بۇندىن كېيىن بۇ دوستلۇقنى مۇستەھكەملەيمەن. ئەمدى كىم ساڭا دوست بولسا ئۇنىڭغا دوست بولىمەن. كىم سېنىڭ دوستلۇقۇڭنى ئىستەپ كەلسە ياكى ھەركىم سەن بىلەن دوست بولسا، ئەگەر ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم بولغاندىمۇ مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشۇم، ئەگەر كىم سەن بىلەن دۈشمەنلەشسە گەرچە ئۇ مېنىڭ دوستۇم ياكى ئۇرۇق - تۇققىنىم بولسىمۇ، مېنىڭ ئۇنىڭدىن دوستلۇقنى ئۈزۈشۈم ماڭا لازىم ۋە زورۇر بولدى. كىمنىڭ يۈزىدە ساڭا قوللۇق قىلىشنىڭ ئەسىرى بولمىسا، مۇبادا ئۇ مېنىڭ ئاتام بولسىمۇ، ئۇنى چوڭ دۈشمىنىم دەپ تونۇيمەن. ئەگەر تېنىمنىڭ قارا-

ۋۇلى بولغان كوزۇم ۋە كوڭلۇمنىڭ تەرجىمانى بولغان تىلىمنىمۇ ساڭا مۇخالىپ كېلىدىغان بولسا، ئىككىلىسىنى بىر ئىشارەت بىلەن ۋۇجۇدۇمنىڭ ساھىلىدىن يوقىلىش گىرداۋىغا تاشلىۋېتىمەن.

قىلسا دوستلۇق دۇشمىنىڭگە جىسمىڭ ئىچرە بىر بولەك،
ئىككى بولدى دۇشمىنىڭ، جەڭ تىغى بىرلە ئىككى ئۈر.

چاشقان بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇپ، قاغىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشۇپ ئۇزئارا خوشال بولۇشۇپتۇ.

قاغا بۇ يەردە بىرنەچچە كۇن تۇرۇپتۇ. چاشقان ئۇنىڭغا ئۆز قۇربىغا تۇشلۇق زىيايەت بېرىپ مېھمان قىلىپتۇ. بىر كۇنى چاشقان مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي دوستۇم، سەن ھەمىشە مۇشۇ يەردە تۇرىۋەرسەڭ ۋە بالا - چا قىلىرىڭنىمۇ كوچۇرۇپ ئەكىلىپ ماكان تۇتۇپ قالساڭ بىزنىڭ دوستلۇغىمىز تېخىمۇ كۇچەيگەن بولاتتى. مانا كورۇپ تۇرۇپسەن، مەن ياشاۋاتقان بۇ يەر شۇنداق پاكىز ۋە كوڭۇللۇك جاي.

— ئېيتقىنىڭ توغرا، — دەپتۇ قاغا، — بۇ شۇنداق ياخشى جاي ئىكەن، لېكىن چوڭ يولغا يېقىن ئىكەن. بىز بۇ يەردە تۇرساق يولدىن ئوتكۇچىلەردىن بىزگە زىيان يېتىپ قېلىشى ئېھتىمال. مېنىڭ ئويۇم بار جايدا بىر ئورمانلىق بار. مەنزىرىسى جەننەتتەك پاكىز ۋە چىرايلىق، باغۇ ئىرەمدەك خۇش ھاۋالىق جاي.

لەۋلىرى ئېرىق، ئورتىسى گۇلشەن،
گۇل بىلەن سابا تاڭدا سويۇشكەن.
ساچىنى سۇنبۇل ئەيلەگەچ كەمەندە،
قىلغان بىنەپشە زاتىن ئەسىر - يىندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئۆيۈم ئاشۇ جايدا. ئۇ يەردە مۇقىم ئولتۇرۇشلۇق بىر تاشـ
پاقا بار، ئۇ مېنىڭ دوستۇم. ئۇ يەردە بىز ئۈچۈن ئوزۇق ـ تۈـ
لۈك ئىنتايىن كوپ، ئۇ دىياردا، بىزگە كوڭۈلسىزلىك ھەم ۋەھـ
مە ئاز بولىدۇ. ئەگەر كوڭلۈڭ تارتسا بىرلىكتە شۇ جايغا بارايلى.
قالغان ئومرىمىزنى كوڭلىمىز خوشال ۋە قايغۇسىز ھالدا ئاشۇ كوـ
ڭۈللۈك جايدا ئوتكۈزەيلى.

— لىباسىمنىڭ ئېتىگىنى ئەجەلنىڭ قولى تۇتىمىغىچە، سېنىڭ
ئېتىگىڭنى قويۇۋەتمەيمەن، — دەپتۇ چاشقان، — ھەرقانداق بەخت
سەن بىلەن بىللە بولۇشتىن ئارتۇق ئەمەس. سەن ئاپتاپقا ئوخشاش
نەگە بارساڭ، مەن سايىگە ئوخشاش ئارقاڭدىن ئەگىشىپ ماڭىمەن.
ئەگەر مېڭىپ نەدە توختىساڭ ئايىغىڭدا بىللە بولىمەن. تىرىكلىـ
گىمىنىڭ ياقىسىنى ئەجەل پەنجىسى تۇتمىسىلا، سوھبىتىڭنىڭ ئېتە ـ
گىنى قولۇمدىن قويۇۋەتمەيمەن. تەمەننانىڭ ياقىسىنى ۋە سائادەتـ
نىڭ ئېتىگىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن قويۇۋەتكەن كىشىگە ئەيىپ
ئەمەسمۇ؟ مەن بۇ ماكاندا ئوي تۇتۇپ تۇرۇپ قالغىنىم بىلەن بۇ
يەر مېنىڭ ئەسلى ۋەتىنىم ئەمەس. بۇ يەرگە بىرەر سەۋەپ بىلەن
كېلىپ تۇرۇپ قالغان ئىدىم. سوزلەپ كەلسەم گەپ تولا. ئەگەر
ئاڭلاشنى خالىساڭ بارىدىغان يېرىمىزگە يەتكەندىن كېيىن سوزلەپ
بېرىمەن.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار شۇ مەسلىھەتكە كېلىشىپتۇ، قاغا چاشـ
قاننىڭ قۇيرۇغىنى چىشلەپ كوتىرىپ ئۇچۇپ ئوز ماكانىغا يېتىپتۇ.
بۇ چاغدا تاشپاقا شۇ جايدىكى بىر بۇلاق لېۋىدە مېڭىپ يۈرگەن
ئىكەن. قاغىنىڭ ئۇچۇپ كېلىۋاتقىنىنى ئۇزاقتىن كورۇپ دۈشمەن
ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ سۇغا كىرىۋاپتۇ. قاغا ئۇچۇپ
كېلىپ چاشقاننى ئاستا يەرگە قويۇپتۇ ۋە تاشپاقىنى چاقىرىپتۇ. تاشـ
پاقا دوستىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، سۇدىن چىقىپ ئايرىلغىلى ئۇـ
زۇن بولغان دوستىنى كورۇپ، شاتلىقتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقانـ
دەك بوپتۇ.

کەتکەن ئىدى ساق ـ سالامەت قايتىپ يارى جانان كەلدى،
قارا بەختىم ئاقاردى چۈن گويا ماھى تابان كەلدى.
ئەي كوڭۈل غەم ئەسىرى بوپ ئۆتكەن ئىدىڭ بىرنەچچە كۈن،
ئەمدى شات بول قايتىپ مانا قولغا گۈلى خەندان كەلدى.

ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ھال سورىشىپتۇ. قاغا بولغان ئەھۋال ـ نى ــ كەپتەرلەرنىڭ توزاققا چۈشۈپ قېلىپ ئازات بولغانلىقىدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ چاشقانغا دوست بولغۇسى كېلىپ ئۇنى ئىزلەپ ئۇز ۋەتىنىگە كەلگىنىگە قەدەر ــ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ سوزلەپ بې ـ رىپتۇ. تاشپاقا چاشقاننىڭ دوست بولۇپ كەلگىنىگە سويۈنگەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ ۋە دەپتۇ:
ــ بەختىمىز سائادىتى سىنى بۇ دىيارغا يەتكۈزدى. تەلىيىمىز ـ نىڭ قۇۋۋىتى جامالىڭ يۇلتۇزىنى بۇ مەنزىلدە تۇغدۇردى.

سەن قېشىمغا كەلدىڭ كوڭلۇم ھوزۇر تاپتى تامام،
ئەي ئەزىز دوستۇم ساڭا ھورمەتتە دەرمەن "ئەسسالام".

ــ ھادىسىلەر ئاپتىۋىنىڭ تابىدىن سىزلەرنىڭ مەرھەمەتلىك ـ لەرنىڭ سايىسىگە پانا ئىزلەپ كەلگەن ئىدىم. مۇبارەك يۈزىڭىزنى كوردۇم. ماڭا قىلغان بۇ مەرھەمەت ۋە ئىلتىپاتىڭلارغا قايسى تىل بىلەن شۈكرى بايان قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ــ دەپتۇ چاشقان.
ئۇلار ئولتۇرۇشۇپ يول رەنجىدىن ئارام تېپىشىپتۇ. شۇندا قاغا چاشقانغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:
ــ ھەي زىرەك! بېشىڭدىن ئوتكەن ئىشلارنى سوزلەپ بېرى ـ مەن دەپ ماڭا ۋەدە قىلغان ئىدىڭ. تاشپاقىغىمۇ سوزلەپ بەر ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گىن. ئوتتۇراڭلاردىكى دوستلۇق تېخىمۇ كۈچەيسۇن. شېكەردەك لېۋىڭنى ئېچىپ، شېرىن سوزلەرنى چېچىپ، كوڭلىمىزنىڭ تامىغىنى تاتلىق قىلساڭچۇ.

— چاشقان تاشپاقىغا قاراپ سوز باشلاپتۇ:

## زاھىت بىلەن مېھماننىڭ ھىكايىسى

— مەن ھىندىستاننىڭ مارۇت دىگەن شەھىرىدە تۇغۇلغان، — دەپ سوزلەشكە باشلاپتۇ چاشقان، — مەن ئۇ شەھەردىكى بىر زاھىتنىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئۇۋا ياساپ ماكان تۇتقان ئىدىم. بىرنەچچە چاشقانلار مىنىڭ خىزمىتىمنى قىلىشاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە، زاھىتنىڭ سادىق مۇرىتلىرى ئۇنىڭغا تائاملارنى ئېلىپ كېلىشەتتى. زاھىت ئۇنىڭدىن ئازغىنىسىدا ناشتا قىلىپ، قالغىنىنى كەچلىك تامىقى ئۈچۈن ساقلاپ قوياتتى. مەن زاھىتنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ۋاقتىنى پايلاپ تۇرۇپ، دەرھال بېرىپ ئۇ تاماقتىن ئىشتىھايىم خالىغان مىقدارچە يەيتتىم ۋە ئېشىپ قالغىنىنى باشقا چاشقانلارغا ئۈلەشتۇرۇپ بېرەتتىم. زاھىت مېنى يوقىتىش ئۈچۈن قانچە چارىلەرنى قىلىپ باقتى، ھىلە ئىشلىتىپ كوردى، لېكىن ھىچقانداق پايدا بەرمىدى. بىر كۈنى كەچتە زاھىتنىڭ ئويىگە بىر كىشى مېھمان بولۇپ كەلدى. زاھىت ئۇنىڭغا زىياپەت ئۈچۈن ھەر خىل تاماقلارنى تەييارلاپ ئالدىغا قويدى. مېھمان جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇق، ئاچچىق - چۈچۈكىنى باشتىن كەچۈرگەن، ياخشى - يامانىنى كورگەن، دېڭىزلاردا ۋە كېمە، سالىلاردا يۈرۈپ باققان بىر جاھانكەشت كىشى ئىدى. زاھىت ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان جايى، بارغان شەھەرلىرى ۋە سەپەر قىلىشتىكى سەۋەپلىرىنى سوراشقا باشلىدى. مېھمان قىزىقارلىق جاۋاپلارنى بەردى. لېكىن مېھمان تائام يىگىلى باشلىغاندا، زاھىت ئاۋازىدىن چاشقانلارنى قاچسۇن دىگەن غەرەزدە ئىككى قولىنى بىر بىرىگە ئۇرۇپ ئولتۇردى.

مېھمان بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەجەپلەنسىمۇ ئەيمىنىپ سورىيالمىدى. ئاخىرى، تاقەتى-تاق بولۇپ سورىدى:

— ئەي زاھىت، مەن تائام يېگىچە سىز چاۋاك چېلىپ ئولتۇرىسىزغۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ياكى سىز مەسخىرىۋاز يا بىر چاخچاقچى ئادەم بولمىسىڭىز، بۇنداق ئىش سىزگە مۇناسىپ ئەمەسقۇ؟

ھەزىل بىلەن ئويۇنغا سىز مايىل بولماڭ،
ئۇ ئىش لايىق ئەمەس سىزدەك ئازادىگە.
مەسخىرىلىك قىلىق قىلىپ كۈلكە بولماق،
ياراشقۇسى ئەقىلسىزگە يا ساددىگە.

— ھەرگىزمۇ ھەزىل ۋە ئويۇن غۇبارىنى خاتىرەمنىڭ ئەتىگىگە يېقىن يولاتمايمەن، — دېدى زاھىت، — بۇ ھەركەتنى مەن چاشقانلار لەشكىرىنى ئۈركۈتۈش ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن. ئۇلار داستىخان مەملىكىتىگە غالىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭلىرىدىن ئۆيدە تائاممۇ قالمىدى. ئۇلارنىڭ تەشۋىشلىرىدىن كۆڭلۈم ھېچ ئارام تاپمىدى. ئەگەر بۇلاڭچىلىق قىلىش ئۈچۈن ھۇجۇم باشلىسا، مەندەك ئادەمدىن يۈزى يېغىلىپمۇ ئۇلارنى يوقىتالمايدۇ.

مېھمان زاھىتتىن سورىدى:

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق يامانمۇ ياكى بەزىسى باشقىلىرىدىن جۈرئەتلىكرەكمۇ؟

— ئۇلاردىن بىرى شۇنداق يامانكى، كىشىنىڭ ئالدىدىكى داستىخاندىنمۇ تائامنى كۆتىرىپ قاچىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى زاھىت.

— ئۇنىڭ ئۇنداق جۈرئەتلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى بار، — دېدى مېھمان، — بۇ خۇددى خوجايىنىنىڭ خوتۇنىغا ئاقلىغان كۈنجۈت بىلەن ئاقلىمىغان كۈنجۈتنى ئوخشاش باھادا ساتقىنىغا ئوخشاش بىر سىر بار ئىش ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سورىدى زاھىت.

— سەپەر ئۈستىدە بىر كەنتكە يېتىشىمدە، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى مېھمان.

## سېخى ئەر بىلەن بېخىل خوتۇننىڭ ھېكايىسى

سەپەر ئۈستىدە بىر كەنتكە يېتىشىمدە كەچ كىرىپ قالدى. ئۇ كەنتتە بىر دوستۇم بار ئىدى، شۇنىڭ ئۆيىگە چۈشتۈم. ياتار چاغ بولغاندا، ئۆي ئىگىسى ماڭا ئورۇن سېلىپ تەكىيە قويۇپ بېرىپ، ئۆزى خوتۇنىنىڭ قېشىغا بېرىپ ياتتى. مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر بورىنى پەردە قىلىپ توساپ قويغان ئىكەن، ئەر-خوتۇن ھەرقانداق سوز قىلىشسا ماڭا ئاڭلىناتتى. مېنىڭ ئۇيقۇم كەلمەي، ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ياتتىم. ئېرى شۇنداق دېدى: "ھەي خوتۇن، بۇ ئەزىز مېھمان ھەقتائالانىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ئاتاسى، ئۆيۈڭدە زىياپەت قىلغۇدەك نەرسىلىرىڭ بارمۇ؟ ئەتە ئەتىگەن بىر زىياپەت بەرسەك. بۇ مېھمان تۈپەيلىدىن كەنتىمىزدىكى چوڭلارنىمۇ تەكلىپ قىلساق".

خوتۇنى جاۋاپ بېرىپ: "قولۇڭدا بالا-چاقىلىرىڭنىڭ خەرجىگە يەتكۈدەك پۇلۇڭ يوق. مېھماننى زىياپەت قىلىدىغان پۇلنى نەدىن تاپىسەن؟ ئازراق پۇل تاپقۇچىلىكىڭ بولسا، بالىلىرىڭنى باق. ئېشىپ قالغىنىنى بالىلىرىڭغا ساقلاپ قوي. سەندىن كېيىن قالسا خەققە موھتاج بولمايدۇ" دېدى. ئېرى بولسا: "بېخىللار مال يىغىدىيۇ ئۆزى يېمەيدۇ. سېخىلار ئۆزىمۇ يەيدۇ، خەققىمۇ بېرىدۇ. ئەگەر بىر كىشى كىشىلەرگە ئىنئام بەرسە ياكى كىشىلەرگە مېھىر-شەپقەت قىلسا، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خاپا بولغۇلۇق ئەمەس. چۈنكى ئۇ سېخىلىقى ھەقىقەتتە بولسا ئاخىرەتنىڭ دەسمايىسى. ھەرقانداق ئادەم پۇل جۇغلاشقا ھېرىس بولسا، ئۇنىڭ ھېرىسلىق شۇملۇقى خۇددى بورىگە ئوخشاش ئۇز جېنىغا زەرەر يەتكۈزىدۇ" دېدى.

"ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟" دەپ سورىدى خوتۇنى.
ئېرى سوزلەشكە باشلىدى.

## ئوۋچى بىلەن بورىنىڭ ھېكايىسى

بىر ناھايىتى ئۇستا ئوۋچى بار ئىكەن. ئۇنىڭ يامانلىغىنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ كېيىكلەر سەھراغا قەدەم قويالمايدىكەن. ئۇنىڭ ھىلىسى ۋە مەرگەنلىگىنىڭ قورقۇنچىدىن ھېچقانداق جانىۋار ئۇۋىسىدىن سىرتقا چىقالمايدىكەن.

ئوزى چاققان، كوزى ئىتتىك، ئەقلى تېز،
باغرى قاتتىق، قولىشى ساق، ھىلىپەز.

بىر كۇنى ئۇ تۇزاق قۇرغان ئىكەن. بىر كېيىك تۇزاققا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنى كورگەن ئوۋچى كېيىكنى تۇتۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈپتۇ. ئوۋچىنىڭ كېلىۋاتقانلىغىنى كورگەن كېيىك جان قورقۇنچىسىدىن پۈتۈن كۈچى بىلەن زورۇقۇپ، تۇزاقنى ئۈزۈپ تاشلاپ قېچىپتۇ. ئوۋچى دەرھال ياغا ئوقىنى قويۇپ چەنلەپ بىر ئاتقان ئىكەن، كېيىك يىقىلىپتۇ. ئوۋچى كېيىكنى كەمەن بىلەن باغلاپ ئۈچىسىغا ئارتىپ يولغا چۈشۈپتۇ. شۇنداق كېتىۋاتسا ئالدىغا بىر توڭگۇز ئۇچراپتۇ-دە، ئۇنىڭغا ھەملە قىپتۇ. ئوۋچى ئۇنىمۇ ئاتقان ئىكەن، ئوق بېرىپ توڭگۇزنىڭ يۈرىگىگە تېگىپتۇيۇ، جان ئاچچىغى بىلەن چاچراپ كېلىپ، ئوۋچىنىڭ قوسىغىنى يېرىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى شۇ يەردە يېتىپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا، بىر ئاچ بورە ئۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا بىر ئادەم، بىر كېيىك ۋە بىر توڭگۇز ئولۇپ ياتقان ئىكەن. بۇنى كورگەن بورە ھەددى-ھېساپسىز خوشال بولۇپتۇ ۋە ئوز-ئوزىگە: "پۈتۈن ئومرۇم بويى يولغا قارىساممۇ، بۇنداق نازۇ-نېمەتنى ھېچقاچان قولۇمغا كەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرەلمىگەن بولاتتىم. ماڭا شۇنداق كوپ رىزق ئۇچرىدى. ئەمدى بۇنى كىيىنلىگىم ئۇچۇن ساقلاپ قويۇشۇم كېرەك. بۇگۇنچە بۇ يانىڭ كىرىچىنى يەپ كۇن ئوتكۇزگەچ تۇراي. چۇنكى ھوكۇمالار:

تۇگەتمە بارۇ يوقنى يەنە كۇن بار،
قېرىغان چاغدا قالما پۇلسىزۇ زار.
تېپىپ ئىككىنى ئاۋال، يە بىرىنى،
يوق ئەتمە بىر يولىلا بارىنى.

دەپ ئېيتىشقان" دەپتۇ ـ دە، ئۇۋچىنىڭ ياسىنىڭ كىرىچىنى چىشلەپ تۇرۇپ باغرىغا بېسىپ تارتىپتۇ. تاسادىپەن يانىڭ بېشى بورىنىڭ كوكرىگىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىپ قالغان ئىكەن، بورىنىڭ چىشلەپ تارتىشى بىلەن كىرىچ ئۇزۇلۇپتۇ ـ دە، ئوق چاچراپ چىدـ قىپ بورىنىڭ يۇرىگىگە قادىلىپتۇ. بورە جان بېرىپتۇ. ھەممە نەرـ سىلەر يېيىلمەي شۇ پېتىچە قېلىۋېرىپتۇ.

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، مال جۇغلاشقا ھېرىس بولۇشـ نىڭ ھەم "ئولمەيمەن" دەپ ساقلاش ۋە يىغىشنىڭ ئاقىۋىتى شۇمـ لۇق ۋە مەھرۇملۇقتۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن ھەر نەرسە بولسا بارىنى يېيىش، ئەتىنىڭ غېمىنى قىلماسلىق كېرەك. چۇنكى ئەتىگە يەتـ كىدەك ئومرى بار كىشىنىڭ ئەتىلىك رىزقىمۇ بىللە بولىدۇ. بەتـ بەخت ئادەملەر ئومرى ئىچىدە ناھايىتى كوپ جاپالارنى تارتىپ، بۇ دۇنيادا پۇل ـ مال جۇغلايدۇ، لېكىن ئاخىرى ھەممىسىدىن مەھـ رۇم بولۇپ، بىھساپ ھەسرەت بىلەن كېتىدۇ.

سەن يىغارسەن بارچە مالنى ئەي خوجا،
ئولسەڭ ئاخىر قالغۇسىدۇر ھەممە مال.
گەرچە قارۇندەك خەزىنە جۇغلساڭ،
ئەيلىگەي ھېرىسىڭنى بەتتەر بۇ ھال.

كوڭلۈك ئىچرە ھېرىس ئوتىن يالدۇرساڭ،
كويدۇرۇپ قىلغاي ئاخىر ئەقلىڭنى لال.

خوتۇنى ئېرىدىن بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ قايىل بولدى ۋە مۇلايىملىق بىلەن: "ھەي ئىززەتلىك ئېرىم! پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر چارەكچە گۈرۈچ ۋە كۈنجۈت ساقلاپ قويغان ئىدىم. ئەمدى ماڭا مال جۇغلاشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى روشەن بولدى. خۇدا بۇيرۇسا سەھەرلىككە ئون كىشىگە يەتكىدەك تائام تەييارلاي، سەن كىمنى خالىساڭ شۇنى قىچقىرىپ كەلگىن ھەم بۇ مېھماننى تۆر بېشىدا ئولتۇرغۇزغىن" دېدى.

ئاتتى تاڭ ئاپتاپ چېچىپ ئۆز نۇرىنى،
ئەل كۆزىدىن يۇيدى ئۇيقۇ كىرىنى.

خوتۇن ئۇ كۈنجۈتنى ئاقلاپ ئاپتاپتا قويدى ۋە ئېرىگە: "كۈنجۈت قۇرۇغىچە ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغىن. بىرەر نەرسە زىيان يەتكۈزۈپ قويمىسۇن" دەپ تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى باشقا ئىشقا مەشغۇل بولدى.

بىر پەس ئۆتكەن ئىدى، ئېرىنى ئۇيقۇ باستى. شۇ ئاندا بىر ئىت كېلىپ ئاغزىنى كۈنجۈتكە تىقتى. خوتۇنى ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە: "ئەمدى بۇنى مېھمانغا تاماق قىلغىلى بولمايدۇ" دەپ ئويلاپ، دەس ئورنىدىن تۇردى-دە، كۈنجۈتنى يىغىشتۇرۇپ تېگىشىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ ماڭدى. مېنىڭمۇ ئىشىم بولغانلىقى ئۈچۈن بازارغا بارغان ئىدىم، قاراپ تۇرسام، ئۇ خوتۇن كۈنجۈتنى كۈنجۈت پۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا ئېلىپ باردى ۋە ئاقلىمىغان كۈنجۈت بىلەن باراۋەر مىقداردا تېگىشىپ كەلدى. ئېرى ئۇنىڭغا: ھەي خوتۇن، ئاقلانغان كۈنجۈتنى ئاقلانمىغان كۈنجۈتكە ئۈستەك سىز تېگىششىڭدە نېمە سىر بار؟" دەپ ھەيران قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ مسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ئۇ چاشقاننىڭ بۇنداق جۈرئەتلىك بولۇشىدا بىر سىر بار. خاتالاشمىسام مۇنداق گۇمان قىلىمەن: ئۇنىڭ ئۆيىدە جۇغلىغان مال-دۇنيالىرى بار ئوخشايدۇ. شۇنىڭ قۇۋۋىتى ۋە خوشاللىقىدا ئاشۇنداق قاشاڭلىق ۋە گۇستاخلىق قىلغان بولۇشى ئېھتىمال. ئەگەر ئۇ سەرمايىسىز بولغان بولسىدى، ھىچقانداق شوخلۇق قىلالمىغان بولاتتى. شۇڭا كىشىلەر زەرسىز كىشى پەرىسىز قۇشقا ئوخشايدۇ، دېيىشىدۇ ئەمەسمۇ؟

زەر ئىستىگىن بارچە كار زەر بىرلە بولۇر،
كىشىلەرگە ئېتىۋار زەر بىرلە بولۇر.
زەرسىز بولار ئىختىيار دەپ ئويلىما،
بىلگىنكى ھەر ئىختىيار زەر بىرلە بولۇر.

— سىز بىر تىشە كەلتۈرۈڭ، چاشقاننىڭ توشۇگىنى قېزىپ كورەيلى، — دىدى مېھمان.

زاھىت تىشىنى ئېلىپ كەلدى. مېھمان ئۇنىڭ بىلەن توشۇگۈمنى كولاشقا باشلىدى. مەن دەرھال باشقا توشۇككە يوتكەلدىم. دەرۋەقە، مېنىڭ ئۇۋامدا مىڭ دىنار ئالتۇن پۇلۇم بار ئىدى. شۇڭا مەن ئۇز بايلىقىمغا ھەر بىر قارىسام خوشلۇغۇم تېخىمۇ زىيادە بولاتتى ۋە تېخىمۇ جۈرئەتلىك بولۇپ كېتەتتىم. مېھمان بىلەن زاھىت توشۇكنى كولاپ، ھىلىقى ئالتۇن بار يەرگە يەتكۈزدى.

ياتاتتى بىر دوۋە ئالتۇن قۇياشتەك نۇر چېچىپ چاقناپ،
سۇزۇكلۇكتە گويا جامى جاھاننەما كەبى پارلاپ.
ئۇنىڭ قىزىل يۈزىگە خوپ چىرايلىق نەقىشلەر چۈشكەن،
ئىسىل، قىممەت باھالىقتا ئىدى ئۇ ھەممىدىن ئوتكەن.
ۋە بەزى بېشى ئايلانغانغا ياردەمچى بولاتتى ئۇ،

ۋە گاھى گۈل بەدەنلەر قەددىنى يادەك ئېگەتتى ئۇ.
ئۈنى ئىلكىگە ئالسا ھەر پەرىشان تاپقۇسى شاتلىق،
بولۇپ ھاجەتلىرى ھاسىل، ئىشى كەگرى باياشاتلىق.

مېھمان زاھىتقا شۇنداق دىدى:

— چاشقاننىڭ جۈرئىتىنىڭ سەرمايىسى ۋە قۇۋۋىتىنىڭ دەسمايىسى مانا مۇشۇلار ئىكەن، چۈنكى مال - دۇنيا كوكۇل ئەينەكىنىڭ سىرى ① ۋە قۇۋۋەتلەرنىڭ يولەنچۈكىدۇر. چاشقانلار بۇندىن كېيىن ئەمدى ھەرگىز داستىخانغا ھۇجۇم قىلالمايدۇ ۋە نانغا قول ئۇزىتىشالمايدۇ.

مەن باشقا بىر توشۇكتە يېتىپ بۇ سوزلەرنى ئاڭلايتتىم ۋە ئۇزەمنىڭ ئاجىز ۋە بىچارە ئىكەنلىگىمگە ئوكۇنۇپ ھەسرەت چېكەتتىم. ماڭا بۇ بالا - قازا كەلگەندىن تارتىپ، چاشقانلارنىڭ نەزىرىدە ئاۋالقى مەرتىۋەم ۋە ئەتىۋارىم قالمىغانلىغىنى، ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان ئېتىقاتلىرىنىڭ ئوتى ئوچكەنلىگى ۋە ئىخلاسلىرىنىڭ كوزى قارغۇ بولۇپ كەتكەنلىگىنى چۈشەندىم.

خەلقتە ھىچ مېھرۇ ۋاپا قالمىدى،
باغىم ئارا مېھرىگىيا قالمىدى.
ئىلگىرى يۈز بەرگى ناۋا ئاز ئىدى،
كۈتتى زەرۇ بەرگى ناۋا قالمىدى.

ئىلگىرى مېنىڭ ئېھسانىمنىڭ داستىخىنىدىن زەللە ئالىدىغان ۋە ئىنئامىمنىڭ خامىنىدىن باش تېرىدىغان ئۇ بىر توپ ھەمراھلىرىم ئەمدى مەندىن مەقسىدى ھاسىل بولمايدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، ماڭا ئىتائەت قىلىشتىن ياندى ۋە مېنىڭ غەيۋىتىمگە تىل ئېچىپ دۈشمەنلىرىم بىلەن بىرلىشىشتى.

① ئەينەككە سۇرتۇلسە ئادەم كورۇنىدىغان سىرنى دىمەكچى.

كەلمىگەن چاغدا بېشىمغا بۇ بالا،
بار ئىدى قېشىمدا كۆپ نەپسى بالا.
سىلكىسەم سۇپرامنى چۈشسە پارچە نان،
ئىت كەبى يەيتتى ھۇزۇر بىرلە شۇئان.

"ھەركىشىنىڭ پۇلى ئاز بولسا قەدرى خار بولىدۇ" دېگەن مەشھۇر تەمسىل بارغۇ؟ پۇلى، مېلى يوق ئادەمگە باشقىلار ياردەم ۋە مەدەتكارلىق قىلىشمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر خۇددى چۆلگە ياققان يامغۇر سۈيىگە ئوخشايدۇ. يەنى يامغۇر چۆلگە ياغسىمۇ ئارقىسىدا مەدەت قىلىدىغان كۈچ بولمىغاچقا ياكى دەرياغا، ياكى ئېرىققا قوشۇلالماي تۇرغان يېرىدە يوق بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇزرۇكلار: "ھەر كىشىنىڭ بىر تۇققىنى بولمىسا ھەر جايغا بارسا غېرىب بولۇپ قالىدۇ. ھەركىشىنىڭ پەرزەنتى بولمىسا، خالايىق ئوتتۇرىسىدا نامى ئۆچۈپ كېتىدۇ. ھەركىشىنىڭ پۇلى بولمىسا دوستلاردىن بەھرى ئالالمايدۇ" كەمبەغەلگە بىر كىم دوست بولمايدۇ دەپ ئېيتىشقان. چۈنكى بىر كىشى ھاجەتمەن بولسا، باشقىلارنى چاقىرسا كەلگەندىمۇ خۇددى باشقا بىر ئىشقا كەلگەندەك كېلىپ، يەتتە بۇرادەردەك ھەر تەرەپكە تاراپ كېتىدۇ①. شۇ سەۋەپتىن جاھان خەلقىنىڭ دوستلۇغى نەپسى ئۈچۈن ۋە غەرىزى دۇنيالىقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر. جاھان خەلقى شۇنداقكى،

بولسا مول ئۆيۈڭ ئىچرە يېمەك - ئىچمەك،
يېپىشقۇسى ھەرىلەردەك بولۇپ غۇژمەك.
مۇبادا ئۆي ۋە بەختىڭ خاراپ بولسا،

① يەتتە بۇرادەر — بۇ بىر ئاتىدىن بولغان يەتتە ئادەمنىڭ ئۆز ئاتىسىدىن قالغان 3 خىل ئىسىل نەرسىنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى ئۇ نەرسىدىنمۇ ئايرىلىپ، يەتتە تەرەپكە قاراپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلىنىدىغان بىر ھېكايىنىڭ قەھرىمانلىرىدۇر.

قاچاقنىڭ ئىچى قۇرۇپ راۋاپ بولسا،
قالمىغاي قېشىڭدا بىرەرمۇ دىلدار،
تاپالماسسەن ئىسسىقىڭ ھېچ مەدەتكار؛
سېنى بارچە كورگۈسى ئىت كەبى زار،
سوڭەكتىنمۇ كورگۈسىدۇر سېنى خار.

خەۋەرلەردە شۇنداق كەلتۈرۈلۈپتىكى، بىر بۇزرۇك بىر كىشىدىن "نەچچە دوستىڭىز بار؟" دەپ سورىغان ئىكەن. ئۇ كىشى: "بىلمەيمەن. ھازىر دولىتىم پاراۋان، نېمىستىم كەڭرىچىلىك، شۇڭا ھەممە كىشى ماڭا دوستلۇق ئىزھار قىلىدۇ، مەن بىلەن قەلبى بىر ئىكەنلىگى توغرىسىدا لاپ ئۇرىدۇ. خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر ئىززەتنىڭ كوزىنى مېھنەت قارغۇ قىلسا، شۇ چاغدا ئاندىن كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۇشمەن ئىكەنلىگى مەلۇم بولىدۇ" دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىكەن.

ھەر كىشىكىم يانسا ئۇندىن روزىگار،
قاچقۇسى ئۇندىن خوتۇن پەرزەنت ۋە يار.

ھېكمەت كىتاپلىرىنىڭ بىرىدە شۇنداق يېزىلغان ئىكەن: پازىللارنىڭ بىرىدىن بىر كىم: "خالايىقلارنىڭ مالدار كىشىلەرنى دوست تۇتۇشىدا نېمە ھېكمەت بار؟" دەپ سورىغان ئىكەن، ئۇ پازىل كىشى: "مال ئۇلارنىڭ مەشۇقىدۇر. مەشۇق قەيەرگە بارسا ئاشىق شۇ يەرگە كېلىدۇ، مەشۇق كەتسە ئاشىقمۇ كېتىدۇ" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

ئاچسا ئالتۇن ئېتىكىنى گۈلزارۇ گۈل،
بولغاي ئاڭا سايراپ چىمەن قۇشلىرى قۇل.

كېلىپ خەزاڭ بۇلاڭچىسى قىلسا تالاڭ،
زىكىر قىلماس خازانلىقتا ھېچبىر بۇلبۇل.

چاشقانلارنىڭ ئىچىدە بىرى مېنى باشقىلاردىنمۇ ئارتۇقراق ياخشى كۆرەتتى. بىر پەس مەن بىللە ئولتۇرۇشنى ئۇلۇغ سائادەت سەرمايىسى دەپ ھېساپلايتتى. ھەر دائىم ھەققانىيەت تىلى بىلەن ۋاپادارلىق سۆزىنى بايان قىلاتتى:

مەن مۇھەببەتتە ساڭا سادىق ئىرۇرمەن شۇ قەدەر،
توختىغايمەن ھەر قاچان بېشىمنى كەسسەڭ سەن ئەگەر.

قارىسام ئۇمۇ خۇددى مېنى تونۇمايدىغاندەك، ياتلارچە قىلىق بىلەن، ماڭا قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. مەن ئۇنى قىچقىرىپ:

— ماڭا قاراپمۇ قويماي كېتىۋاتىسىنا؟ سەرۋى دەرىخىمۇ بويىنىنى بۇنداق ئېگىز تۇتمايدۇ. ساڭا نېمە بولدى؟ ئىلگىرىكى مېھرىۋانلىقلىرىڭ ۋە شەپقەتلىرىڭ قايان كەتتى؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ ماڭا چالۋاقاپ كەتتى:

— ھەي ئەبلەخ! ئۇ چاغدا سەندە پۇل بار ئىدى. سەن بىزگە سېخىلىق قىلاتتىڭ. بىز ھەممىمىز ساڭا مۇلازىم ئىدۇق. ئەمدى كەمبەغەل ۋە مۇھتاج بولۇپ قالدىڭ، سېنىڭ سوھبىتىڭدىن بىزگە نېمە پايدا. ھۆكۈمالار: "مۇھتاج كىشى بۇ دۇنيانىڭ لەززىتىدىنمۇ بەھرىسىز قالىدۇ، ئاخىرەتنىڭ دەرىجىسىدىنمۇ مەھرۇم قېلىشى ئېھتىمال" دېيىشكەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، پېقىر كىشى ئۆزىنىڭ ۋە بالا-چاقىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى تەمىنلەش مەقسىتىدە تەقەززا بولۇپ، شەرىئەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلىپ قويۇشى ۋە خۇدانىڭ رىزاسىغا مۇۋاپىق بولمىغان ئەمەللەرنى ئىشلەپ قېلىشى مۇمكىن. مۇشۇ سەۋەپ بىلەن بۇ ئالەمدە ئىپلاس ئىشلارغا

گىرىپتار بولۇپ، ئاخىرەت دولىتى مەلۇم بولمىغان ساڭا ئوخشاش كىشىلەردىن قاچسا دۇرۇس بولىدۇ!

— بۇ سوزنى قوي! — دىدىم مەن ئۇنىڭغا، — پېقىرلىق دىگەن پادىشالىق. پېقىر كىشى ھاجەتمەن بولمايدۇ.

دەرۋىشلەر قەلبىدۇر پەھمىگىدىن يىراق،
ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئىززەت بىرلە باق.
بارچىدىن ئەزىزدۇر خۇدا ئالدىدا،
ئۇلارنىڭ ماكانى ئەرش-ئەلادا.
پېقىرلار جەۋھەردۇر ئەنبىيالاردەك،
پېقىرلار شىپادۇر ئەۋلىيالاردەك.

شۇنداق تۇرۇقلۇق سەن نىمە ئۈچۈن پېقىرنى ھەقىر كورسەن؟ دەرۋىشلەر سوھبىتىدىن نەپرەتلىنىسەن؟

— ھەيھات، ھەيھات! — دىدى ئۇ چاشقان ماڭا جاۋابەن، — ھەممە ئەۋلىيا-ئەنبىيالار پېقىرلارنىڭ قاتارىدا تۇرىدۇ دەپ شۇنداقمۇ دىلىللەرنى كەلتۈرەمسەن؟ سېنىڭ بۇ ئىپلاسلىق ۋە مۇھتاجلىقىڭنىڭ ئۇلار بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى باركەن؟ پېقىر دىگەن سوزنىڭ مەنىسى شۇكى، ھەقىقەت يولىغا كىرگەن، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سەرمايىسىدىن ھىچنىمىنى قوبۇل قىلمايدىغان، بەلكى ھەممىدىن كېچىپ خۇداغا يېتىشكەن كىشىنى پېقىر دەيمىز. دەرۋىشلىك باشقا، گادايلىق باشقا. ئۆزلۈگىدىن دۇنيانى تاشلىۋەتكەن كىشىنى دەرۋىش دەيمىز. بىر كىشىنى دۇنيا تاشلىۋەتكەن بولسا ئۇنى گاداي دەيمىز.

گادايلار گۇرۇھى بىلىقتۇر گويا،
سۇرىتى بېلىقۇ دېڭىزدىن جۇدا.
نان ئۈچۈن مۇھتاج ئىرۇر ئۇ تەڭرىگە،
قويما ئاش ئولگەن كىشىنىڭ ئالدىغا.

www.uyghurkitap.com

هەقىقى پېقىرلارنىڭ تەرىپى توغرىسىدا "پېقىرلىق خەزىنىسى ئاللا تائالانىڭ خەزىنىلىرىدىن بولۇپ، ئۇ تەۋھىدىنىڭ بېشى ۋە مەرىپەتنىڭ خۇلاسىسىدۇر. ئۇ خىلۋەت چەشمىسىنىڭ سۈيىدۇركى، دىلنىڭ غۇبارىنى روھ چېھرىسىدىن يۇيۇپ پاك قىلىدۇ. ئۇ يالغۇز-لۇق خەزىنىسىنىڭ لىباسىدۇركى، قۇدرەت قولى ئۇنى جان دائى-رىسىگە كىيگۈزىدۇ" دېگەن سوزلەر بارغۇ؟

پېقىرلىق يولى قاتتىقتۇر گوياكى تاش،
نىھان تۇتماق كېرەك سىرنى قىلماي پاش.
باش كەتسىمۇ مەيلىكى كەتمىسۇن بۇ سىر،
تاپماق كېرەك بىر ئىش بىلەن گالغا نان ئاش.

ئەمما كورۇنۇشى پېقىر بولغان كىشىلەردە ئېھتىياج بولغان-لىقى ئۇچۇن ئۇنى گادايلىق دېيىلىدۇ. بۇ ھەممە بالالارنىڭ ئەسلى ۋە خەلققە دۇشمەن ۋە خار بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ. بۇ شەرم-ھايا پەردىسىنى يىرتىپ، مۇرۇۋۋەت ۋە ھىممەت بىناسىنى بۇزىدۇ. ھەر كىم ئېھتىياج يىپىغا باغلىنىپ قالغان بولسا "ھايا ئىمانىنىڭ جۇملىسىدىندۇر" دېگەن رەقەم ئۇنىڭ ھالىتىنىڭ ۋارىقىدىن ئۆچۈپ كېتىدۇ. بۇنداق بولسا ئۇ كىشى ھاياتتىن بىزار بولۇپ، ئىزا ۋە زارغا ئۇچرايدۇ، كوڭۇل مەملىكىتىدىن راھەت سىپاھى-رى كېتىپ، ئورنىغا غەم لەشكىرى تولىدۇ. ئەقىل شامى ئۆچۈپ، زېھىن ۋە ئىدراكىغا قۇسۇر يېتىدۇ. توغرا تەدبىر ئۇنىڭغا زىيان نەتىجىسىنى بېرىدۇ. ئەگەر ھەرقانچە دىيانەتلىك بولسىمۇ خىيانەت توھمىتىگە ئۇچرايدۇ. باشقىلار قىلغان يامان ئىشنىڭ گۇنايى ئۇ-نىڭغا يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەرقانداق ئىش قىلسا ياكى ھەر قانداق سوز قىلسا، ئەيىپلىك سانىلىدۇ. بايلار قىلغان بولسا ماختاشقا سازاۋەر بولىدىغان ئىشلارنى ئۇ قىلغان بولسا، تەنە ۋە ئەيىپلەشلەرگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىر كەمبەغەل جۇرئەت

قىلغان بولسا، "ئۆزىنى تونۇمىغان، ھەددىدىن ئاشقان" دېيىشىدۇ.
ئەگەر خەيرى-ساخاۋەت قىلسا، "ئىسراپخور" دېيىشىدۇ. ئەگەر
يۇۋاشلىق قىلسا، "ئاجىز ۋە غەيرەتسىز" دېيىشىدۇ. ئەگەر ئېغىر-
لىق قىلسا "گاھال" دېيىشىدۇ. ئەگەر ياخشى ھېكايىلەرنى سۆز-
لىسە، "تولا سۆزلەيدىغان كاپكى" دېيىشىدۇ؛ سۆزلىمىسە "جېنى
يوق سۈرەت" دەيدۇ. ئەگەر يالغۇز ئولتۇرۇشنى خالىسا "دىۋانە
بولغىلى تۇرۇپتۇ" دەيدۇ. ئەگەر كوپچىلىككە قوشۇلسا "بۇنىڭغىمۇ
ھەۋەس پەيدا بولغىلى تۇرۇپتۇ" دەيدۇ. ئەگەر كۈلسە "مەسخىرىۋاز"
دەيدۇ. قاپىغىنى تۈرۈپ ئولتۇرسا "كالىدەك ئولتۇرىدۇ" دەيدۇ.
ياخشى يەپ، ياخشى كىيسە "قارنى يامان، ياسانچۇق" دەيدۇ. ئاز يەپ
كونىنى كىيسە "پىخسىق، خەسىس" دەيدۇ. ئەگەر بىر يەردە تۇر-
سا "ئىشقا خام، يارامسىز" دەيدۇ. سەپەر قىلسا "تىنىمسىز، پۇلغا
ھېرىس" دەيدۇ. ئەگەر خوتۇن ئالسا "شەھۋەتپەرەس" دەيدۇ. بويتاق
يۈرسە "سۈننەتنى تاشلىغان" قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. ئىشقىلىپ، مۇھتاج
بولۇپ قالغان كىشى زامان ئەھلىنىڭ نەزىرىدە ئەيىپدار سانىلىدۇ
ۋە ئېتىۋارسىز كۆرۈنىدۇ، ئەگەر مۇشۇ ھال بىلەن ئۇنىڭدىن تاما سادىر
بولسا، ھەممە خالايىقنىڭ كۆڭلىگە دۈشمەنلىك پەيدا بولىدۇ-دە،
ئۇنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى راۋا بولمايدۇ. چۈنكى كىشىگە ھەر
قانداق خارلىق كەلسە، تاما سەۋەبىدىن كېلىدۇ. تاما قىلغان
كىشى خار بولىدۇ. شۇڭا قانائەتتىن ئىززەت، تامادىن خارلىق كېلىدۇ.
دوستۇم بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ، سۆزىنى تاماملىغاندىن كېيىن مەن
شۇنداق دېدىم:
— راست ئېيتىسەن. مەنمۇ "كىمكى ساقايغۇسىز ئاغرىققا گى-
رىپتار بولۇپ قالغان بولسا، لېكىن ساقىيىش ئۈمىدى بولمىسا
ياكى قاتتىق پىراققا مۇپتىلا بولغان بولسا، لېكىن ۋىسال مۇيەسسەر
بولمىسا ياكى غۇربەتچىلىكتە قالسا، ئۇ يەردە نە تۇرۇشنىڭ ئاما-
لىنى تاپالمىسا، نە يانماق جابدۇغىنى تەييارلاشقا مۇيەسسەر بولال-
مىسا، بۇلاردىنمۇ مۇھتاجلىق ۋە قولى قىسقىلىق مۇشكۈلرەك" دې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەن سوزنى ئاڭلىغانتىم. بۇ جاھاندا:

مۇھتاجلىقتىن ئارتۇق دەردى ـ بالا يوقتۇر،
قولى قىسقا كىشىلەردە ناۋا يوقتۇر.
كىمكى تاما رەنجى بىلەن بولسا زەئىپ،
ھالاك بولغۇسىدۇر ئۇڭا داۋا يوقتۇر.

ئېھتىياج زورۇرىيىتىدىن ھەر كىشى مۇھتاجلىقتا قىلىپ، ئۆزى دىمەكلىك بولغان كىشىدىن بىر نەرسە تىلىسە، بۇنداق تىلەمچىلىكتىن ئولۇم ياخشىراق، چۈنكى ئىلاننىڭ ئاغزىدىن زەھەر ئالماق، ئاچ شىر ئالدىدىكى ئوزۇقىنى قول ئۇزاتماق ۋە غەزەپلەنگەن يولۋاس بىلەن ھەم تاۋاق بولماق قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى بېخىللارغا ھاجەت ئىزھار قىلىشتىن ئاسانراقتۇر. شۇڭا "ئالماقنىڭ راھىتى تىلىمەكنىڭ جاپاسىغا ئەرزىمەس" دىگەن گەپ بار.

كىشىگە بۇ ئالەمدىكى ئىشلار ئىچىدە توت تۈرلۈك مەنپەئەت ۋە راھەت بار، لىكىن ئۇ توت تۈرلۈك مېھنەتكە ئەرزىمەيدۇ. بىرىنچىسى، جەننەت، ئۇ ئولۇمنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىگە ئەرزىمەيدۇ. ئىككىنچىسى، مەنسەپ راھىتى، ئۇ مەنسەپتىن يىقىلىدىغان ۋاقىتتىكى ئىزاغا ئەرزىمەيدۇ. ئۈچىنچىسى، گۇنا قىلىپ كورىدىغان راھەت، شۇ گۇنا ئۈچۈن دوزاختا كويىدىغان ئازاپنىڭ مۇشەققىتىگە ئەرزىمەيدۇ. توتىنچىسى، تەگرىنىڭ ئاتاسى بىلەن كورىدىغان راھەت، تەگرى خارلىققا چۈشۈرۈپ قويغان چاغدىكى جاپا ـ مۇشەققەتكە ئەرزىمەيدۇ.

شۇ سوزلەرنى قىلغاندىن كىيىن، مەن ئۇ چاشقاندىن يۈز ئورۇدۇم ۋە زاھىت تەرەپكە قارىدىم. ئۇ مېھمان بىلەن ھىلىقى ئالتۇنلارنى ئۇلۇشۇۋاتقان ئىكەن، مېھمان يېرىمىنى ئېلىپ ئوز يولىغا راۋان بولدى. زاھىت بولسا قالغان يېرى ـ

مېنى ھەميانغا سېلىپ، ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى. مېنىڭ
يەنە شۇم تامايىم قوزغالدى-دە، ئۆزلۈگىمدىن "ئەگەر ئاشۇ ئال-
تۇننى قولۇمغا كەلتۈرسەم يەنە كۆڭلۈمنىڭ قۇۋۋىتى، جېنىمنىڭ
راھىتى ھاسىل بولىدۇ. خىزمىتىمدىن باش تارتقان چاشقانلارنىڭ
ھەممىسى يېنىپ كېلىپ دەرگاھىمدا جەم بولۇشىدۇ ۋە بۇرۇنقى شان-
شەۋكەت ۋە ھەشەمىتىم ئورنىغا كېلىدۇ" دەپ ئويلىدىم. مەن خى-
يالنى قىلغىچە زاھىتنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا باردى. مەن ئاستاغىنا
ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ھەميانغا قول ئۇزاتقان ئىدىم. ئۇ دەرھال
كۆزىنى ئېچىپ، ھاسىسى بىلەن بىرنى ئۇرغان ئىدى. پۇتۇم
سۇندى، ئاقساقلاپ قېچىپ، كۆپ قىيىنچىلىق بىلەن تۆشۈككە كىر-
دىم ۋە بىر سائەت ئۇ يەردە ياتتىم. پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى سەل
بېسىلغاندا، قارىسام زاھىت يەنە ئاۋالقىدەكلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بۇ-
نى كۆرۈپ، يەنە ھەۋىسىم قوزغالدى-دە، تۆشۈكتىن چىقىپ پۇ-
تۇمنى سۆرىگەن پېتى ئۇنىڭ قېشىغا شۇنداق يېقىنلاشقان ئىدىم،
ئۇ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بىرنى ئۇرغان ئىدى، بېشىمغا
تەگدى، مەن مىڭ ھىيلە بىلەن بىر ئامال قىلىپ ئۆزەمنى تۆشۈك
ئىچىگە ئالدىم-دە، ھوشسىزلىنىپ يىقىلدىم. شۇ زەخمىلەرنىڭ رەن-
جىدىن شۇندىن بېرى دۇنيا مېلىنىڭ ھېرىسى ۋە مېھرىدىن ۋاز
كەچتىم.

يېمىگىن غەم، يەتسىمۇ گەر كەمبەغەللىك مېھنىتى،
بىل غەنىمەت تەن سالامەتلىك جېنىڭنىڭ راھىتى.

تەھقىق بىلدىمكى، تاما بارلىق جاپا ۋە بالالارنىڭ بېشى
ئىكەن. چۈنكى قۇش تاما دېنىنى چوقۇمىسا بوينى تۇزاق ھالقىسىغا
چۈشمەيدۇ. ھەر كىم تاما كەمىرىنى باغلىمىسا ئىززەت لىباسىنى
خارلىق بالاسىغا تېگىشمەيدۇ. ھەر بىر ئەزىز كىشى تاما يولىغا
كىرىپ قالسا، تاما تۇپرىقىدىن خارلىق غۇبارى ئۇنىڭ يۈزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئولتۇرىدۇ ـ دە، ئەتىۋار تارازىسىدا ئۇ ئەزىزنىڭ قەدرى يەڭگىل كېلىپ قالىدۇ.

تاماخورلۇقنى تاشلا بۇرادەر،
تاما ئادەمنى قىلغۇسىدۇر خار.
گەر تاپاي دىسەڭ ئوموردىن بەھرە،
بۇ ئىككى سوزنى ئۇنتۇما زىنھار.
تاما سۇپۇرىسىن يىغىشتۇر تامام،
قانائەتنى قىل ئوزەڭگە شوئار.

شۇنىسى ئەجەپكى، بەزى كىشىلەر "مال ـ دۇنيانى كوپ توپلىسام راھەت كورىمەن" دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار: دۇنيانى تەرك ئەتكەنچە يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

تاپتى ئىززەت ھەر كىشىكىم مالدىن ئۇزسە كوڭۇل،
كوردى راھەت كىمكى سۇندۇرسا تامانىڭ ئىلكىنى.

شۇ ھادىسىدىن كېيىن تاما كوچىتىنى كوڭلۇم يېرىدىن تاـ مامەن يۇلۇپ تاشلىدىم. رىزا دەرىخىدىن قانائەت مىۋىسىنى قوـ لۇمغا كەلتۇردۇم ۋە خۇدانىڭ قازاسىغا بويسۇندۇم. دەۋران قىسـ مىتىگە باش قويدۇم، شۇندا ئوز ـ ئوزەمگە شۇنداق دىدىم: "بۇ ۋەقەلەر ئوتتۇرىسىدا دۇنيا ئوز ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىنى ماڭا كورسەتتى. شۇغىنىسى ھىرس رەمەدىگە ①مۇپتىلا بولغان ئەقىل كوزى ئۇنىڭ نۇقسانلىرىنى كورمەيدۇ. دۇنيادا ئۇنىڭ ھىلە ـ مىكرىنىڭ ئەسىرى كورۇنمىگەن بىرەرمۇ خاتىرجەم جاي يوق ۋە پەشتاقلىرىنىڭ ئاـ رىسىغا ئۇنىڭ قەستى يېزىلمىغان بىرەرمۇ قەسىر يوق. ئۇ كىمنى

① رەمەد ــ كوز كېسىلى، كوز قوتۇرى دېيىلىدۇ. يەنى كوز بىرـ رىكتۇرگۇچى پەردىسىنىڭ ياللۇغى.

يۇقۇرى كۆتەرگەن بولسا ئاخىرى يىقىتتى؛ نەدە مىۋە تىككەن بولسا ئۇنى ئاخىرى يۇلۇپ تاشلىدى؛ كىمنى سېمىرتكەن بولسا ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ يېدى؛ كىمنى دۆلەتكە چىقارغان بولسا ئاقىۋەت ئۇنى جاپا-مۇشەققەتكە تاشلىدى.

بىر ھىلىگەر خوتۇندۇركى بۇ دۇنيا،
ۋاپا تاپمىدى ئۇندىن ھىچ بىرەر ئەر.
ئۇنىڭ تەختىگە كىم قويسا پۇتىنى،
بېشىغا يىدى ئۇندىن زەخمى شەمشەر.

بۇنداق بىۋاپا دۇنيا ئۈچۈن سوزلەش ۋە ئۇنىڭ پايدا-زىيىنىدىن غەم يېيىشكە ئەرزىمەيدۇ.

ئىشەنمە بۇ جاھاننىڭ قەدرى-قىممەت ئىتىۋارىغا،
سوزۇمنى ئاڭلىغىنۇ يىمە غەم يوقىغا، بارىغا.

شۇ خىياللاردىن كېيىن زاھىتنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، سەھراغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. مەستۇۋقە ئىسمىلىك كەپتەر مېنىڭ دوستۇم ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇ ۋەتىنىمگە كەلدىم. ئۇنىڭغا قىلغان ۋاپالىرىمنى قاغا كورۇپ ماڭا دوست بولدى. سېنىڭ ياخشى تەرىپىڭ ۋە خۇش-سۈيەتلىرىڭنى ئۇنىڭدىن ئاڭلاپ مانا بۈگۈن ساڭا يېتىشتىم. ئەمدى ساڭا مۇلاقات بولۇش سائادىتىنى تېپىش بىلەن، غۇربەت ۋەھشىتىدىن خالاس بولغۇدەكمەن. چۈنكى تەنھالىق دىگەن ناھايىتى مۇشكۇل ئىش. غېرىبلىق بولسا قاتتىق جاپا، ھىچقانداق خوشاللىق دوستلار بىلەن بىللە ئولتۇرغاندىكىدەك لەززەت بەرمەيدۇ ۋە ھىچقانداق غەم دوستلاردىن ئاجرىماقتەك قاتتىق بولمايدۇ. خۇداغا شۇكرى، جاپا تىكىنىدىن دۆلەت گۈلى ئېچىلدى. مۇشەققەت كېچىسى راھەت تېڭىغا ئالماشتى.

www.uyghurkitap.com

يىراق كۆڭلى، ھىجىر كېچىسى كەتتى،
مېھنەت چېغى ئۆتتى، ئەمدى دولەت يەتتى.
يوشۇرۇنغان ئىدى سۈبھى ئۈمىدى،
كوپ نۇر بىلەن بۇدەم يۈزىن كورسەتتى.

ئەمدى مەن ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمنى سوزلەپ بولدۇم. مانا ئالدىڭدا تۇرۇپتىمەن. دوستلۇق ۋە مېھرىۋانلىقلىرىڭدىن ئۈمىدۋارمەن.

لۇتپى ئېھسان ياغلىغى بىرلە دىلىم ئەيىنىگىدىن،
ئەي ئەزىز دوستۇم شۇدەم غەملەر غۇبارىن ئەرتۋەت.

تاشپاقا چاشقاندىن بۇ سوزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مەرھەمەت كورسىتىپتۇ ۋە مۇلايىملىق بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

— بىرەر ئۆينى سىنىڭدەك خۇش پېئىل مېھمان ماكان ئەتسە،
ئەجەپ ئەمەس ھۇمايۇن شۇ ماكاندا ئاشيان ئەتسە.

قايسى بەخت-سائادەت سەن بىلەن ھەمدەم بولۇشقا باراۋەر كېلەلىسۇن؟ قايسى دولەت سەن بىلەن ئۈلپەت بولۇشقا ئوخشىسۇن؟ سەن مېنىڭ دوستلۇق ۋە مېھرىۋانلىغىمدىن ئۈمىدۋار بولساڭ، مېنىڭمۇ سىنىڭ دوستلۇغۇڭغا ئىشەنچىم كامىل. تىرىكلىك چىرىغى يېنىق-لىقلا بولىدىكەن، پەرۋانىدەك سوھبىتىڭدە بولىمەن.

زەررىدەك بولدۇم قۇياش يۈزۈڭگە زارە
دەرگاھىڭدىن كەتمىگەيمەن تائەبەت.

سىنىڭ ئۆز بېشىڭدىن ئۆتكەنلەرنى بايان قىلغىنىڭدىن روشەن بولدىكى، ئاقىل كىشى ئازراق مال بولسىمۇ قانائەت قىلىشى لازىم ئىكەن. ئەگەر ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ھاجىتى چۈشمىگۈدەك دەرىجىدە نېمىتى بولسا، شۇنىڭغا قانائەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن زىيادىنى ئىزلىمەسلىگى كېرەك ئىكەن. ھېلىقى مۈشۈككە ئوخشاش ھىرىسقا بېرىلمەسلىگى كېرەك ئىكەن-دە!

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ چاشقان.

— تاشپاقا ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

## ئاچكوز مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى

بىر ئادەمنىڭ بىر مۈشۈگى بار ئىكەن. ئۇنىڭغا ھەركۈنى قوسىغى تويۇپ ئالدىدىن ئاشقىچە گوش بېرىپ ئادەت قىلغان ئىكەن. ئەمما ئۇ خام تاما مۈشۈك ئەزەلدىن ئاچكوز ۋە ھىرىس بولغاچقا، ئۆز تەمناتىغا قانائەت قىلمايدىكەن.

قانائەت قىل كىشىگە بارچە ئىززەت كەلگۈسى ئۇندىن،
تامانى تاشلا ئىنسان ھەر زاماندا خار بولۇر ئۇندىن.

بىر كۈنى مۈشۈك كەپتەرخانا يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كەپتەرلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ-دە، ئۇلارنىڭ گوشىنى يېمەك ئۈچۈن ئىشتىھاسى ھەركەتكە كېلىپ، ئۆزىنى تۈڭلۈكتىن تاشلاپتۇ. كەپتەرۋاز ھەممە ئىشتىن خەۋەردار ئىكەن. ئۇنى دەرھال تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، تېرىسىگە سامان تىقىپ ئېسىپ قويۇپتۇ. مۈشۈكنىڭ ئىگىسى ئۇ تەرەپكە بارغان ئىكەن، مۈشۈكنىڭ شۇ ئەھۋالدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— ھەي نەپسى يامان، ئەگەر ھەر كۈنى ساڭا بېرىۋاتقان گوشۇمغا قانائەت قىلغان بولساڭ تېرەڭنى تەتۈر سويمايتتى، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەي نەپس قانائەت ئەيلە زىنھار،
ھىرىسنىڭ سىنى ئاقىۋەت قىلۇر خار.
خەزىنە قانائەت ئىچىدە پىنھان،
بولسىمۇ بىلمىگەن قارۇن ھىچقاچان.
گەر بولسا دىلنىڭ ھىرىس پەرۋەر،
چاشقاندەك قاپقاندا ئەدەپ يەر.

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، نەپسنىڭ ئارام تاپقۇدەك بىر نەرسە تاپقان بولساڭ، شۇنىڭغا قانائەت قىلىپ، ئۇۋاڭدا يېتىۋەر. قولۇڭدىن كەتكەن دۇنياغا تولا غەم قىلما.

ئۇ يوقاتقان مالغۇ دۇنيايىڭغا ھەرگىز قىلما غەم،
بول خوشال ئۇتكەن ئۇمۇرلەر ئەرزىمەس يىغلاشقا ھەم.

كىشىلەرنىڭ شان-شەرىپى مالدىن ئەمەس، كامالەتكە يېتىشتىن كېلىدۇ. ئىلىم ۋە ھۇنەردە كامال تاپقان كىشى پۇلسىز بولسىمۇ، ھەممىشە ئەزىز بولىدۇ. بۇ خۇددى شىر زەنجىردە باغلاقلىق بول-سىمۇ، ھەيۋەتى كېمەيمەيدىغان كەتمىگەندەك بىر ئىش. ھۇنەرسىز ئادەم گەرچە زەردار بولسىمۇ، خار ۋە قەدىرسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ خۇد-دى ئىت ھەرقانچە توق بولسىمۇ ۋە ئىسىل زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن جابدۇپ قويۇلسىمۇ يەنىلا خار ۋە بىئېتىۋار بولغاندەك بىر ئىش.

بىراۋ كىم جەھلى زىندانىدا بولسا،
گادايدۇر گەرچە كوپ زەر جەمئى قىلسا.
بىراۋ تاپقان بولسا ئەگەر ئىلىمدىن كۇچ،
نەزەر سالماس زەر-گوھەر كەلسىمۇ دۇچ.

ئۇنىدىن كېيىن دىمەكچى بولغىنىم: غېرىپلىقنىڭ غېمىنى

كوڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت. ئۆز ۋەتىنىڭدىن ئايرىلغىنىڭغا پۇشايمان قىلما. چۈنكى ئەقىللىق كىشى ھەرقانداق يەرگە بارسا ئۆز ئەقلى بىلەن دوست ۋە يار-يۆلەك تاپىدۇ. جاھىل كىشىلەر ئۆز يۇرتىدىمۇ غېرىپ ۋە يات بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. شۇڭا ھۈنەرۋەن ۋە ئەقىللىق كىشى ھېچقانداق جايدا غېرىپ بولۇپ قالمايدۇ. يەنە يىققان مال-دۇنيالىرىم بۇلاڭ-تالاڭغا كەتتى دەپ غەم يېمە. چۈنكى دۇنيانىڭ مال-ماتاسىغا ھەرقاچان زاۋاللىق يېتىدۇ. شۇنىڭدەك جاپا-مۇشەققەت بىر كىشىدە توختاپ قالمىغاندەك، دۆلەتمۇ بىر كىشىگە مەڭگۈلۈك بولمايدۇ.

ھۆكۈمالار، "ئالتە نەرسىدىن ۋاپا ئۈمىدى كۈتمەسلىك كېرەك" دەپ ئېيتىشقان: بىرىنچىسى، بۇلۇتنىڭ سايىسى، ئۇ قاراپ بولغىچە ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئىككىنچىسى، غەرەزلىك دوستلۇق، ئۇ ناھايىتى تېزلا چاقماقتەك چېقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، خوتۇنلارنىڭ مۇھەببىتى، ئۇ كىچىككىنە سەۋەپ بىلەن سوۋۇپ كېتىدۇ؛ تۆتىنچىسى، چىرايلىقلارنىڭ جامالى، ئۇمۇ ئاخىر ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؛ بەشىنچىسى، يالغاندىن تەرىپلەش، ئۇمۇ ئىز بېسىپ تۇرالمايدۇ؛ ئالتىنچىسى، بۇ دۇنيانىڭ مېلى، ئۇمۇ ئاقىۋەت ئىگىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ.

مال-دۇنياسىنىڭ كۆپلۈگى بىلەن خوشال بولۇش ۋە ئازلىغىدىن غەم يېيىش ئەقىللىق كىشىگە يارىشىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى پۈتۈن دۇنيانىڭ مال-مۈلكى ئالى ھىممەت ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا بىر دانە سامان پارچىسىغا ئەرزىمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، دىمەك ئۇ نەرسىنى تەلەپ قىلىپ، ئەزىز ئۆمۈر خامىنىنى ئاسمانغا ئۇچۇرغۇلۇق ئەمەس ۋە قولدىن كەتكىنىگە بىر ئارپا چاغلىق غەم-يىگۈلۈك ئەمەس.

گەرچە جاھان يوقالسا ئىلكىڭدىن،
قىلمىغىن پىغان، ئۇ ئاسان ئىشتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بارچە ئەقلىم ھەم كەلسە قولۇڭغا،
بولما شادىمان، ئۇ ئاسان ئىشتۇر.
ئۆتەر بۇ جاھان، سەنمۇ ھەم ئۆتنى،
تاشلاپ ئوت ئۆيان، ئۇ ئاسان ئىشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ھايات چاغدا ئۆز قولى بىلەن سەرپ قىلغان نەرسە مال-دۇنيا بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلغان نەرسە ماتا دەپ ھېساپلىنىدۇ. دۇنيا مېلىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرەت ئوزۇغىنى تەييارلاش ۋە ئۆلۈم يولىنىڭ جابدۇغىنى پۈتكۈزۈشتە كۆرۈلىدۇ. ئەجەل ئوقى تويۇقسىز تېگىدۇ. جان ئامانىتىنى بېرىدىغان ۋاقىت تەيىن قىلىنغان ئەمەس.

ئەي گۈزەل، نەركىس كۆزۈڭنى ئاچ شۇدەم ناز ئۇيقۇدىن،
ئۆتكۈسىدۇر بۇ ئۆمۈر گۈل پەسلىدەك كۆز ئاچقىچە.

ئەگەر سەندە پانى دۇنيانىڭ مېلى بولمىسا، دىمەك باقى دۇنيانىڭ مېلى پاراۋان دىگەن سۆز. چۈنكى ياخشى ھۈنەر ئۈچۈن ئەقىل سەرمايە بولىدۇ. ئەقىل ھېچقاچان بىر سەۋەپ بىلەن كىشىلەردىن ئاجرىمايدۇ. زامان ھادىسىلىرىنىڭ تەسەررۇپ قولى ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ. گەرچە مېنىڭ نەسىھەتلىرىمگە ئېھتىياجىڭ چۈشمىسىمۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ پايدا-زىيىنىنى مەندىن ياخشى چۈشەنسەڭمۇ، مەن ساڭا دوستلۇق ھەققىنى ئادا قىلىپ، ياخشى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشنى خالىدىم. سەن ئەمدى بىزنىڭ بۇرادىرىمىزسەن. قولىمىزدىن قانچىلىك مۇرۇۋۋەت ۋە مەدەت كەلسە، سەندىن ھەرگىز ئايىمايمىز، ئەگەر سەن ئىلتىپات قىلمىساڭمۇ، بىزدىن ساڭا پەقەت ئىخلاس ۋە شەپقەتلا كېلىدۇ.

تاشلىساڭمۇ سەن مېنى، مەن تاشلىۋەتمەسمەن سېنى،
مەيلى رەنجىتسەڭمۇ سەن، مەن ئۇنتۇماسمەن ۋەدىنى.

تاشپاقىنىڭ بۇنداق سوزلەر بىلەن چاشقانغا مەرھەمەت كورسەتكەنلىگىنى كورگەن ۋە سوزلىرىنى ئاڭلىغان قاغىنىڭ كوڭلى ئېچىلىپ، ھەددى-ھېساپسىز شاتلىققا چومۇپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بۇرادەر! مېنى بۇ شەپقەتلىك سوزلىرىڭ بىلەن بەكمۇ شات-خورام قىلىۋەتتىڭ. سەن ناھايىتى ياخشى سوزلىدىڭ. دوستلارنىڭ ياخشىسى ھەممە ۋاقىت يار-بۇرادەرلەر ئۇنىڭ مەرھەمىتىنىڭ سايىسىدە ۋە ھىمايىتىنىڭ پاناسىدا كۈن ئوتكۈزە-لىگەن، سېخىلىق ۋە ئىنئام ئىشىگىنى دوستلار ئۈچۈن ھەمىشە ئوچۇق تۇتقان، دوستلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ئوز جېنىنىمۇ ئايىمىغاندۇر. كىمكى ئەگەر دوستىغا كېرەكلىك نەرسىنى ئايىسا، ئۇ كىشى دوستلۇققا يارىمايدۇ. خەۋەرلەردە كەلتۈرۈلۈشى-چە، بىر بۇزرۇكنىڭ بىر دوستى بار ئىكەن. بىر كېچىسى بۇ دوستى ئۇنىڭ ئىشىگىگە كېلىپ ھالقىنى قېقىپتۇ. ئۇ بۇزرۇك ئوز دوستى ئىكەنلىگىنى بىلىپ، "بۇنىڭغا نىمە بولغاندۇ، ئەجەپ تۈن يېرىمىدا كېلىپتىغۇ!" دەپ ئويلاپتۇ-دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ھەميانىدا پۇل ۋە بىر قىلىچ ئېلىپ، كېنىزىگىگە چىراق كو-تەرتىپ، ئالدىغا چىقىپ دوستى بىلەن كورۇشۇپتۇ ۋە: "بۇرادەر، سېنىڭ بۇ ۋاقىتتا كېلىشىڭنى ئۈچ خىل خىيال قىلدىم: بىرى بىرەر ھادىسە يۈز بېرىپ، سېنىڭ خەرج-خىراجەتكە ئېھتىياجىڭ چۈشتى بولغاي؛ ئىككىنچىسى، بىرەر دۈشمەن ساڭا قەست قىلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ساڭا يار-مەدەتكار كېرەك بولدى بولغاي؛ ئۈچىنچىسى، يالغۇزلۇقىڭدىن مالال بولۇپ، ئوزەڭگە ئۈلپەت ئىزلەپ كەلدىڭ بولغاي، دەپ خىيال قىلدىم،" شۇڭا مەن شۇ ئۈچ ئىشنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى ساڭا تەييار قىلىپ چىقتىم. ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مال كېرەك بولسا مانا ھەمىياندا پۇل، ئەگەر مەدەت تىلىسەڭ مانا مەن قىلىچ ئېيىپ تۇرۇپتىمەن، ئەگەر خىزمەتكار كېرەك بولسا مانا بۇ كېنىزەك خىزمىتىڭنى قىلسۇن، ھەرقانداق تەلىۋىڭ بولسا بىز تەييارمىز» دەپتۇ. دوستى ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ مۇرۇۋۋىتىنى ۋە مېھرىۋانلىقىنى كورۇپ، ئۇنىڭ دوستلۇقىغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئەقىدە باغلاپتۇ.

ساڭا بەردى ئۆز مۇرادىڭنى خۇدا،
دوستلىرىڭغا سەنمۇ بەرگەيسەن مۇرات.
قىلمىغايسەن دوستلىرىڭنى مۇنتەزىر،
ئەيلىگەيسەن ياخشىلىقىڭ بىرلە شات.

ئەگەر سېخىلاردىن بىرى ھادىسە گىرداۋىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنغۇچىلار ئەلۋەتتە سېخىلار بولىدۇ. بۇ خۇددى بىر پىل لايغا پېتىپ قالسا، ئۇنى پىلدىن باشقا ھېچنەرسە تارتىپ چىقىرالمىغاندەك بىر ئىش. ئەگەر چاشقاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش يولىدا ساڭا رەنج يېتىپ قالسا، قىلچە غەم قىلما. چۈنكى ئەقىللىق كىشى ياخشى ئىشقا تۇتۇش قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئالەمگە ياخشى نامنى يادىكار قالدۇرىدۇ. ياخشى نام قالدۇرۇش ئۈچۈن بېشى كېتىدىغان بولسا، بېشىدىنمۇ كېچىدۇ. نىمىشقا دېسەڭ، بۇ ئىش بىلەن پانىنى بېرىپ باقىنى ئالغان بولىدۇ، ئۆز قىممىتىنى تېخىمۇ ئۈستۈن كوتەرگەن بولىدۇ.

ياخشى نام تاپقىنكى، مەقسىدىڭگە يار بولدى جاھان،
ياخشى نامدىن ئۆزگە يوقتۇر بۇ جاھاننىڭ مەھسۇلى.

ھەرقانداق كىشىنىڭ مەئىشىتىگە ھاجەتمەن كىشىلەر شېرىك بولالمايدىغان بولسا، ئۇنداق كىشى باي ھىساپلانمايدۇ. ھەرقان-

داق كىشى ئۆز ھاياتىدا ياخشى نام قالدۇرمايدىغان بولسا، ھەممە ئۆمرىنى ئۆلۈم ھىساۋىدا بىلسە بولىدۇ.

ئەل ئىچىدە داڭقى چىققان ياخشى ئادەم ئۆلمەس ھەرگىز،
ئۆلۈك شۇ بولغۇسىدۇر، ئەل ئۇنى ياخشى دىمەس ھەرگىز.

قاغا تېخى سوزىنى ئاياقلاشتۇرمىغان ئىكەن، يىراقتىن تېز قېچىپ كېلىۋاتقان بىر كىيىك كورۇنۇپتۇ. ئۇلار "كىيىكنىڭ ئارقىسىدا قوغلاپ كېلىۋاتقان ئادەم بولۇشى مۇمكىن" دەپ ئويلاپتۇدە، دەرھال يوشۇرۇنۇشۇپتۇ. تاشپاقا سۇغا چوكۇۋاپتۇ. قاغا دەرەختكە قونۇۋاپتۇ. چاشقان توشۇككە كىرىۋاپتۇ. كىيىك يۇگۇرۇپ كېلىپ، سۇ لېۋىدە توختاپتۇ. قاغا كىيىكنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان نەرسە بولسا خەۋەر قىلىپ قويماي دەپ قانچە قارىسىمۇ ھىچ نەرسە كورۇنمەپتۇ. تاشپاقا قارىسا كىيىك ھەدەپ سۇغا قارىغۇدەك، لېكىن ئىچمەي تۇرغۇدەك.
— ئەگەر ئۇسسىغان بولساڭ سۇ ئىچكىن، ئەندىشە قىلما، بۇ يەردە ھىچقانداق خەۋپ - خەتەر يوق، — دەپتۇ تاشپاقا.
كىيىك ئۇنىڭ سوزىدىن مېھرىۋانلىق ھىس قىلىپتۇ ۋە يېقىنراق كەپتۇ.
— مەرھابا، — دەپتۇ تاشپاقا، — ھەي

قەدەم تەشرىپ قەيەردىن قىلدىڭىز، يار جانان،
كېلىپسىز ئاشنادەك، ئەمدى بولماڭ بىزگە بىگانە.

— مەن بۇ سەھرادا تەنھا يۈرگەن ئىدىم، — دەپتۇ كىيىك، — بىرەر كىشى ماڭا بۇ تەرەپتىن قەست قىلسا ئۇ تەرەپكە قاچاتتىم، ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتىم. بۈگۈن دالىدىدا ئولتۇرغان بىر ئادەمنى كوردۇم. مەن قاياققا ماڭسام شۇ ياققا قاراۋاتىدۇ. ئۇ ئوۋچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇشى ۋە مېنى قەستلەپ توزاق قۇرغان بولۇشى ئېھتىمال دەپ پەملەپ، ئۇنىڭ قۇرغان تۇزىقىغا چۈشمەسلىك ئۈچۈن بۇ جايغا قېچىپ كەلدىم.

— قورقمىغىن، — دەپتۇ تاشپاقا ئۇنىڭغا، — بۇ ماكان ناھايىتى تىنچ - ئامان، ھەرگىز بۇ يەرگە ئوۋچى كەلمەيدۇ. ئەگەر خالىساڭ سېنى ئۆزىمىزگە دوست قىلايلى. بىز ئۈچەيلەننىڭ سوھبەت بىنا - سىنى تۇتىنچى تامنى قۇرۇش بىلەن تاماملايلى. چۈنكى بۇزرۇك - لار ئېيتقاندەك "دوستلار كۆپ بولسا بالا ئاز بولىدۇ".

قايسى جايدا بولسا كۆپ شەپقەت بىلەن مېھرۇ - ۋاپا،
بولغۇسى پەيدا كۆڭۈلدە كۆپ ھۇزۇر كەيپۇ - ساپا.

شۇڭا "دوست مىڭ بولسىمۇ ئۇنى ئاز بىلىش كېرەك. دۈشمەن بىر بولسىمۇ ئۇنى كۆپ بىلىش كېرەك" دېگەن سۆز بار.

دوست بولماققا مىڭ كىشى ئازدۇر،
دۈشمەنلىككە بىر كىشى بىسيار.

چاشقان ئۇنىڭغا كۆپ سوزلەرنى قىلىپتۇ. قاغىمۇ كۆپ سوزلەرنى ئىزھار قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ مىجەزى توزۇك، ۋاپادار دوستلار ئىكەنـ - لىگىنى كورگەن كىيىك، ئۇلارنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلىپ، جان دىلىدىن دوستلۇققا مايىل بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كىيىكمۇ ئاشۇ ئورمانلىقتا ماكان تۇتۇپ تۇرۇپ قېلىپتۇ. دوستلىرى ئۇنىڭغا: "بىزنىڭ مۇشۇ يايلىغىمىزدىكى ئوتنى يېگىن ۋە مۇشۇ بۇلاق بويىدىن نېرىغا بارمىغىن" دېيىشىپتۇ. كىيىك ئۇلارنىڭ بۇ نەسىھىتىنى قۇلاقتا تۇتۇپتۇ.

ئۇ ئورمانلىقتا بىر خوش ھاۋا جاي بار بولۇپ، ئۇلار ھەمىشەم شۇ يەرگە يىغىلىپ، بىللە ئويىنىشىپ بېشىدىن ئوتكەن سەرگۈزەشتە -

لەرنى ئېيتىشىدىكەن. بىر كۈنى قاغا، چاشقان ۋە تاشپاقا ئۇ يەرگە كەپتۇ، لېكىن كىيىك كەلمەپتۇ. ئۇلار بىرەر سائەت ساقلىغان بولسىمۇ، كىيىكتىن ھېچبىر ئەسەر بولماپتۇ. ئاخىرى ئۇلارنىڭ خاتىرى پەرىشان بولۇپ، قاغىغا "سەن بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كەلگىن" دەپتۇ.

ئەي سابا بارغىن شۇدەم جانان دىيارىغا بەدەر،
ئاشىقى بىچارىگە كەلتۈر نىگارىدىن خەۋەر.

قاغا ھاۋاغا پەرۋاز قىلىپتۇ ۋە دەرھال قايتىپ كەپتۇ-دە، ئۇلارغا:

— مەن ئۇنى بالا بەندىگە باغلاقلىق ھالدا كۆردۈم، — دەپتۇ.

تاشپاقا چاشقانغا قاراپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ھادىسىدىن قۇتۇلماق ئۈچۈن ئۈمىت پەقەت سەندە، تېز بول، ئىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىسۇن.

شۇنداق قىلىپ قاغا يول باشلاپتۇ. چاشقان سەكرەپ-سەكرەپ كىيىك قېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— بۇ تۇزاققا قانداق چۈشۈپ قالدىڭ بۇرادەر، شۇنداق پەم-پاراسىتىڭ بىلەن بۇ خەتەرنى كۆرمىگەنلىكىڭ ئەجەبلىنەرلىكقۇ؟ — دەپتۇ.

— تەقدىر ئىلاھىغا زېرەكلىكنىڭ نىمە پايدىسى بولسۇن، — دەپتۇ كىيىك، — قازا يەتكەندە ئەقىل-پاراسەت قانداق مەنپەئەت يەتكۈزەلىسۇن؟ تەقدىرنىڭ بىزنىڭ تەدبىرىمىز بىلەن نىمە ئىشى بار؟ قازا ھىلىگە بويسۇنمايدۇ-دە!

مەن ئىشىكنىڭ تېشىدا مەغرۇر ئىرۇرمەن ھىلىگە،
بىلمىدىم ئۇ ئىچكىرىدە نىمە تەدبىر ئەيلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— راست ئېيتىسەن، — دەپتۇ چاشقان، —

ھەر كىشىگە گەر يۈزلەنسە تەقدىر،
قىلىپ بولماس ئۇنىڭ دەپسىگە تەدبىر.

چاشقان كىيىكنىڭ بەنتلىرىنى كېسىشكە باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا تاشپاقىمۇ ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ ۋە دوستىنىڭ تۇزاققا گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن مالالىق ئىزھار قىلىپتۇ.

— ھەي مېھرىۋان دوستۇم، — دەپتۇ كىيىك، — سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭ مېنىڭ تۇزاققا چۈشۈپ قالغىنىمدىنمۇ قىيىنراق ئىش بوپتۇ. چۈنكى چاشقان بەنتلىرىمنى كېسىپ بولدى. شۇ ئاندا ئوۋچى كېلىپ قالسا، مەن ئىككى سەكرەپ قۇتۇلىمەن. قاغا ئۇچۇپ كېتىدۇ. چاشقان تۆشۈككە موكۇنۇۋالىدۇ. سەن نەگە بارىسەن؟ نېمە قىلىسەن؟

يۈزۈڭ خىيالىنى ئەتتىم قانچە تەسۋىر،
بەردى قازا نەقىشدارى ئاڭا تەغيىر.
مەن ۋىسالىڭ ئۈچۈن قىلدىم شۇنچە تەدبىر،
نەپ بەرمىدى، شۇنداق ئىكەن ھوكمى تەقدىر.

— ھەي شەپقەتلىك دوستۇم، — نېمىشقا كەلمەي، دوستلاردىن ئايرىم ئۆتكەن ھايات نېمە لەززەت بېرەلىسۇن؟ يارانلاردىن ئايرىلىپ ئۆتكەن ئۆمۈرنى ئۆمۈر ھىساپلىغىلى بولامدۇ؟

نەچچە كۈن ئۆتتىكى مەن ئۆمۈرسىز يۈردۈم تىرىك،
ئاشۇ ھىجران كۈنلىرىنى مەن دىمەسمەن ئۆمۈر دەپ.

مەن بۇ يەرگە كەلگىنىمگە پەخىرلىنىمەن. چۈنكى سېنىڭ جامالىڭ-

نىڭ ئىشتىياقى مېنى بۇ مەنزىلگە بىئەختىيار كەلتۈردى ۋە زو-
رۇرىيەتتىن تۇغۇلغان شۇنچىلىك جۇدالىققىمۇ تاقەت قىلالمىدىم.

تەڭرى ئاگاھدۇركى سەۋرىم يوق مېنىڭ ئەي دىلرەبا،
كۆندۈز ئايرىلماققا يۇ ھەم كېچە بولماققا جۇدا، —

دەپ تاشپاقا تېخى سوزىنى ئاياقلاشتۇرمىغان ئىكەن، تۇيۇقسىز يىراقتىن
ئۈۋچى كورۇنۇپتۇ. ئۇنى كورگەن كىيىك قېچىپتۇ. قاغا ئۇچۇپ
كېتىپتۇ. چاشقان توشۇككە كىرىۋاپتۇ. تاشپاقا تۇرۇپلا قاپتۇ.
ئۈۋچى كېلىپ قارىسا توزاقلىرى كېسىلىپ كەتكەن ئىكەن.
ئۇ ئوڭ - سولغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلـ
غانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ ئاختۇرۇپتۇ. ئۇ تاشپاقىنى كورۇپ
قاپتۇ ۋە ئوز - ئوزىگە: "بۇ مەيىنەت بىر نىمە كېسىلگەن توزاق
ۋە قاچقان كىيىككە باراۋەر كەلمىسىمۇ، لېكىن قۇرۇق قول قايـ
تىش ئۈۋچى ئۈچۈن نومۇس" دەپتۇ - دە ئۇنى ئېلىپ، تورۋىغا
سېلىپ، يېنىغا ئېسىپ، شەھەرگە راۋان بوپتۇ. ئۈۋچى كەتكەندىن
كېيىن دوستلار جەم بولۇشۇپتۇ ۋە تاشپاقىنى ئۈۋچى ئېلىپ
كەتكەنلىكىنى بىلىپ، پەريات - پىغانلىرىنى پەلەك ئەۋجىگە يەتـ
كۈزۈشۈپتۇ.

سايىڭىزدىن ئايرىلىپ قالدى بۇ كۆندە باشىمىز،
خۇددى دەريا دولقۇنىدەك ئاقتى كوزدىن ياشىمىز.

قايسى خاپىلىق ئوز دوستىدىن ئايرىلغانلارنىڭ خاپىلىقىغا
تەڭ كېلەلىسۇن ۋە قايسى مۇسىبەت ئوز دوستىدىن جۇدا بولغانـ
لارنىڭ مۇسىبىتىدەك قاتتىق بولالىسۇن؟ ئەگەر ئىككى دوست
بىر بىرىدىن ئايرىلغان بولسا، پىراق باياۋىنىدا ئېزىپ يۈرگەنـ
لەرنىڭ ھەيرانلىقى خۇددى ئايىغى لايغا پېتىپ قالغان كىشىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوخشاش بولسا، ياردىن ئايرىلىپ ئىشتىياق كۆلىمىدە تەنھا ئولتۇرغانلار ھەسرەتتىن "ۋاي ئىست" دەپ قولىنى كوكسىگە ئۇرىدۇ.

ئۆزەڭدە بولمىسا دەرت، تونۇماسەن ھىچ دەرت ئەھلىنى، ئېرىق بويىدا تۇرساڭ نەبىلۇرسەن تەشنالار قەدرىنى.

ئۇلار ھەر بىرى ئۆز ھالىغا مۇناسىپ ھالدا يىغىلىشىپ دەرت ـ ھەسرەت داستانلىرىنى ئوقۇشۇپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ سوزلىرىنىڭ ھەممە مەزمۇنى مۇنۇ بىر مەنىگە جەملىنىدىكەن:

ئايرىلىپ يارىم لىۋىدىن جانغا لەززەت تاپمىدىم،
شۇ ئەزىزىمدىن بولەك بىر ئەھلى ئىززەت تاپمىدىم.

ئاخىرى كىيىك قاغىغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:
ـــ ھەي بۇرادەر، بىر بۇنداق ياخشى يىغىملىق سوزلەرنى ۋە دىلنى ئېرىتىدىغان شېىرلارنى ئېيتقىنىمىز بىلەن تاشپاقىغا ھىچقانداق پايدىسى يوق. بىزنىڭ بۇ يەردە نالە ـ زار قىلغىنىمىزنىڭ ئۇنىڭغا ياردىمى تەگمەيدۇ. بىزگە زورۇرى ئۇنىڭ قۇتۇلۇشى ئۇچۇن بىر چارە قىلىشتۇر. بۇزرۇكلار: "توت گۇرۇھنى توت ۋاقىتتا سىناش كېرەك. يەنى، باتۇر ـ باھادىرلارنىڭ شىجائىتىنى جەڭدە، خىيانەتسىز ـ ئىنساپلىق كىشىلەرنىڭ دىيانىتىنى ئېلىش ـ بېرىش مۇئامىلىسىدە، خوتۇن ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپاسىنى نامراتلىق چاغلاردا، ھەقىقى دوستلارنى بالا ـ قازا كەلگەن ۋاقىتتا سىناش كېرەك" دەپ ئېيتىشقان.

غەم كەلگەن كۈنلەردە كېرەك بولۇر يار،
خوشاللىق كۈنلەردە دوست دىگەن بىسيار.

ـــ مېنىڭ خىيالىمغا بىر ھىلە كەلدى، ـــ دەپتۇ چاشقان كىيىككە، ـــ

سەن ئوۋچىنى كورگۈدەك يەرگە بارغىن ـ دە، ئۆزەڭنى يارىدار بولغان قىلىپ كورسەت، قاغا ئۆچاڭغا قونۇپ يارىلىرىڭنى چوقۇغاندەك بولۇپ كورۈنسۇن، ئوۋچى كورسە سېنى ئاجىزلىشىپ قاپتۇ دەپ ئويلايدۇ ـ دە، تاشپاقىنى تاشلاپ سېنى تۇتقىلى يۈگۈرەيدۇ. قېشىڭغا يېقىن كەلگەندە ئاقساقلىغان بولۇپ، ئىلدامراق قاچقىن. ئوۋچى سېنى ئەگىشىپ، نېرىراق ئۇزاپ كەتسۇن. مۇشۇ تەرىقىدە چارە قوللانمىساق، دوستىمىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالالىشىمىز ئەجەپ ئەمەس.

دوستلار بۇ تەدبىرگە ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىيىك ۋە قاغا ئوۋچىنىڭ ئوتەر يولىغا بېرىپ تۇرۇپتۇ. بىچارە خام تاما ئوۋچى ئۇلارغا قارىسا بىر كىيىك جاراھەتلىنىپ ياتقان ۋە بىر قاغا ئۇنى بوزەك تېپىپ يارىلىرىنى چوقۇپ، ھەتتا كوزىنى چوقۇش ئۈچۈن ھەپىلىشىۋاتقان ئىكەن. بۇنى كورگەن ئوۋچى دەرھال تاشپاقىنى يەردە قويۇپ كىيىككە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. چاشقان ئۇنىڭ ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى كورۈپ، دەرھال كېلىپ تورۋىنىڭ يىپىنى قىيىۋېتىپتۇ. تاشپاقا تورۋىدىن چىقىپ چاشقان بىلەن بىللە قېچىشقا باشلاپتۇ. ئوۋچى كىيىكنى تۇتالماي، ھېرىپ تورۋا قېشىغا كېلىپ قارىسا، تورۋىنىڭ يىپى كېسىلگەن ھالدا تۇرغان ئىكەن. ھەيران قالغان ئوۋچىنىڭ كوڭلىگە بىر قورقۇنچ چۈشۈپتۇ ـ دە، ئۇزىچە: "بۇ جاي دىۋە ـ پەرىلەرنىڭ ماكانى بولمىسۇن يەنە، بۇ يەرگە ئۇزەمچە كېلىپ قاپتىمەن. قاچقان كىيىك يارىدار بولۇپ ئالدىمغا ئۇچرىغىنى، ئۇنىڭ كوزىنى قاغا چوقۇغاندەك كورۈنگىنى، تورۋىنىڭ يىپلىرىنىڭ سەۋەپسىزلا ئۈزۈلۈپ كەتكىنى ۋە تاشپاقىنىڭ يوقىلىپ كەتكىنى دىۋىلەرنىڭ ئىشى بولماي نىمە؟" دەپ ئويلاپ ئۈزۈلگەن توزاق ۋە كېسىلگەن تورۋىسىنى كوتىرىپ بەدەر قېچىپتۇ. ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ: "ئەگەر بۇ بايىۋاندىن ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇپ چىقسام، قالغان ئومرۇمدە بۇ سەھراغا كېلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەسمەن ۋە باشقا ئوۋچىلارنىمۇ شەپ-

قەت يۈزىسىدىن خەۋەردار قىلىپ، قويۇپ ئۇلارنىمۇ يېقىن كەلتۈر-
مەسمەن" دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

دوستلار، ئوۋچىنىڭ تەشۋىشىدىن ئامانلىق تاپقاندىن كېيىن جەم بولۇشۇپ، ئۆز داكانلىرىغا قايتىپ كېتىپ، شۇنداق خاتىرجەم ۋە خوشال ئۆمۈر كەچۈرۈپتىكى، نە بالا-قازانىڭ قولى خاتىرجەملىك ئېتىكىگە يەتسۇن ۋە نە جاپا-مۇشەققەتنىڭ تىرنىقى ئۇلارنىڭ راھەت-پاراغەتلىرىنىڭ يۈزلىرىنى تاتىلىيالىسۇن؟ ئۇلارنىڭ جەم بولۇشلىرىنىڭ مەنپەئەتىدىن سائادەتلىرىنىڭ چىرىغى ئۆچكۈسىز بولۇپ يېنىپتۇ. ئىتتىپاقلىقنىڭ بەرىكىتىدىن ئىشرەتلىرىنىڭ رىشتىسى ئۈزۈلگۈسىز بولۇپ ئۇلىنىپتۇ.

يىپ يالاڭ قات بولسا ئۈنى قېرى كەمپىر ھەم ئۈزەر،
قوشۇلۇپ بىرنەچچە قات بولسا ئۈزەلمەس ئۇنى ئەر.
گۈلنى تەنھا يۇلسا ھەر چاغ دىماغنى قۇرۇتۇر،
كوپ يىسە تەنھا شېكەرنى دىلغا نا خوشلۇق يېتەر.
جانۇ تەنگە ئىككى تەنھا يەرمىگەي كوپ مەنپەئەت،
جانغا لايىق، تەنگە قۇۋۋەت گۈل قەنتدۇر-گۈل شېكەر.

مانا دوستلار بىر-بىرىگە مۇناسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، راھەت ۋە جاپا-مۇشەققەتتە بىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇنداق زەئىپ جانۋارلارمۇ بالا-قازا يەتكەن ۋاقىتتا بىر-بىرىگە يولىنىپ ۋاپالىق مۇھەببەتلىرىگە سويۇنۇشۇپ، ئىخلاس بىلەن تۇردى. نەتىجىدە ئاشۇ بىر نىيەت بىر دىللىق بولغانلىقىنىڭ بەرىكىتىدىن شۇنداق چوڭ بالا ۋە ئاپەتلەردىن قۇتۇلدى، شىددەتلىك ۋە مۇشەققەتلىك يوللارنى بويسۇندۇرۇپ، پاراغەت ۋە ئىشرەتنىڭ باش مەنزىلىدە شادىمان ۋە خەندان بولۇپ دەۋر سۈردى.

ھەر بىر ئەقىللىق كىشى ئەقىل كوزى بىلەن بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنىغا نەزەر سېلىشى كېرەك ۋە بىلىشى كېرەككى، ئاشۇ

ئەقىلسىز ھايۋانلارنىڭ دوستلۇقلىرى مۇشۇنداق ياخشى نەتىجە ۋە مەنپەئەتلىك مىۋىلەرنى بەرگەن يەردە، ئەگەر ئەقىللىق ئادەملەر بىر - بىرىگە يار - مەدەتكارلىق قىلىشسا، دوستلۇقتا ئىخلاس بىناسىنى مۇستەھكەم قىلىپ قۇرۇشسا، ئۇ دوستلۇق قانداقسىگە ئامۇ خاسقا نەپ بەرمەسۇن؟ ئۇ دوستلۇق ۋە مەدەتكارلىقنىڭ مەنپەئەتىدىن نېمىشقىمۇ چوڭ - كىچىكلەر بەھر ئالالمىسۇن؟

بىلسە كىشىلەر دوستنىڭ ھەققىنى،
قىلغاي ئاڭا سەرپ بارچە ئومرىنى.
غەمگە پاتارسەن يۈرسەڭ يارسىز،
پۈتمىگەي ئىشىڭ مەدەتكارسىز.
قىلسا كىمكى سەن ئۈچۈن قايغۇ،
ئېتىنگىنى تۇت ئەھلى ۋاپا شۇ.
بالانىڭ ئوقى ياغسا ساڭا گەر،
ئاشۇ دوست پىدا جېنىنى ئەيلەر.
ئەسقاتار ساڭا كەلگەندە جاپا،
سەنمۇ ئۇنىڭغا ئەيلە جان پىدا.

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باپ

## دۈشمەننىڭ ئەھۋالىدىن ئاگاھ بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ ھىلە-مىكىرلىرىدىن ھوشيار تۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا

بەرەھمەنگە راي شۇنداق دەپتۇ:

بىر بىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان دوستلارنىڭ داستانىنى ۋە كۆڭۈلدىكىدەك ھەمسۆھبەتلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئاڭلىدىم، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىشلىرىنىڭ نەتىجىسى پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدىم.

بۇ جاھاندا يارو دوستى يوق كىشى بىغەم ئەمەس،
تاپمىسا بىر دوست ئۇنىڭ كۆڭلى خوشال - خورام ئەمەس.

ئەمدى مەرھەمەت قىلىپ دۈشمەنلەر توغرىسىدا مەغرۇرلۇق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تازىم ۋە ئىكراملىرىغا ئالدانماسلىق كېرەكلىكىنى بايان قىلغىن، چۈنكى تۆتىنچى ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنى ئاشۇ ئىدى.

بىدپاي ھېكىم ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەقىللىق كىشى ھەر قاچان دۈشمەن سۆزىگە ئىلتىپات

بىلدۈرمەسلىكى لازىم ۋە ئۇنىڭ ھىلە-مىكىر بىلەن يۇغۇرۇلغان ئاشنالىق مېلىغا خېرىدار بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى دانا دۈشمەن ئۆز ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى كۆزلەپ، كۆرۈنۈشتە بەك يۇۋاش-يۇمشاقلىق قىلىدۇ. لېكىن ئاستىرتىن ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە ئىش قىلىدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى قەلبىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. لېكىن بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ئاجايىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ. شۇڭا ھوشيار كىشىلەر شۇنداق بولۇشى كېرەككى، دۈشمەن قانچە مۇلايىملىق كۆرسەتسە ئۇنىڭدىن شۇنچە گۇمان قىلىشى، مۇبادا ئۇ ئىتتىپاقلىق قولىنى سۇنسا، ئۆزىنى ئۇنىڭدىن تارتىشى كېرەك. ئەگەر غاپىللىق قىلسا دۈشمەن ھەمىشە قەستلىنىپ يۈرگەچكە، پۇرسەت تېپىپ تەدبىر ئوقىنى مۇرات نىشانىسىغا تەككۈزىدۇ. ئۇ چاغدا چارە ۋە ئىلاج تېپىشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ-دە، ھەسرەت-نادامەت قىلغان بىلەن ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ. مۇنداق غاپىللىق قىلغۇچىلار خۇددى ھۇقۇشلاردىن قاغىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكەندەك ئەھۋالغا دۇچ كېلىدۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دابىشلىم شاھ.

— چىن دىيارىدا، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ بىدپاي ھېكىم.

## ھۇقۇشلار بىلەن قاغىلارنىڭ ھېكايىسى

چىن دىيارى تەۋەسىدە، بىر ئېگىز تاغ بار ئىكەن، بۇ تاغقا يىراقتىن تۇرۇپ قارىسا، ئۇنىڭ چوققىسىغا كۆز يەتمەيدىكەن ۋە ئەقىل تەسەۋۋۇرىنىڭ خىيالىدىن شوتا ياسىمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولمايدىكەن.

ئاڭا چىقماق بولۇر مۈمكىن پەقەت كۆڭۈل كۆزى بىرلە،
تۈۋىگە ھەم يېتىش مۈمكىن بولۇر گۇمان پۇتى بىرلە.

www.uyghurkitap.com

ئۇ تاغنىڭ سولەت ۋە ھەيۋىتى باشقا ھەرقانداق تاغدىنمۇ چوڭ ئىكەن. شۇ تاغدا قۇدرەت باغۋىنى بىر دەرەخ ئۇندۇرگەن ئىكەنكى، ئۇنىڭ شاخلىرى ئاسماندىكى سۈرەييا يۇلتۇزدىن ئۆتۈپ كەتكەن، يىلتىزى تەھتى سەراغا يېتىپ بارغان ئىكەن. يىلتىزى مەھكەم، شاخلىرى ئىگىز ۋە ناھايىتى كوپ بولغان بۇ دەرەختە مىڭ ئۇۋىلىق قاغا ياشايدىكەن، ئۇ قاغىلارنىڭ فىرۇزە ئىسىملىك پادىشاسى بار بولۇپ، ھەممە قاغىلار ئۇنىڭ پەرمانىغا بويۇن سۇنىدىكەن. بۇ دەرەخ تۈۋىدە چوڭ بىر غار بار بولۇپ، بۇ غاردا بىر توپ ھۇقۇشلار ياشايدىكەن. ھۇقۇشلارنىڭمۇ شاباھەڭ دىگەن پادىشاسى بار ئىكەن. بىر كۈنى كېچىسى ئۇ نۇرغۇن لەشكەرلەرنى باشلاپ كېلىپ، قاغىلارغا كېچىلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئۇزلىرىنىڭ كونا دۈشمەنلىگىنى ئاشكارا قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىماقلىرىدىن تۈتۈن چىقىرىپتۇ.

قىلىپ لەشكەرلىرى قەھرى بىلەن جەڭ،
قىلىپ دۈشمەن بېشىن تۈپراق بىلەن تەڭ.

شۇنداق قىلىپ، بىچارە قاغىلارنىڭ تەختلىرىنى جەڭ ئوتى بىلەن كويدۈرۈپ قارايتقان ھۇقۇشلار زەپەر غەلىبىسىگە ئېرىشكەنلىگىدىن شات ۋە مەس بولۇپ قايتىشىپتۇ. ئۇ قاراڭغۇ كېچىدە قاغىلارنىڭ بەزىلىرى ئولۇپ، بەزىلىرى يېتىراپ كېتىشىپتۇ.

كېچىنىڭ قارا قاغىسى يوقلۇق ئۇۋىسىغا كېتىپ، يۇلتۇزلار لەشكىرى ھۇقۇشلار قوشۇنىدەك خىلۋەتكە كىرگەندە، يەنى تاڭ ئاتقاندا،

چېكىپ كۈن شاھى بىسيار زەررىن ئەلەم،
كېچە لەشكەرلىرىن قىلغاندا مۇلزەم.

فىروزە قاچقان ۋە قالغان لەشكەرلىرىنى يىغىپ، ھۇقۇش چىرىكلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن سوز باشلاپتۇ:

— ئەي قاغىلار!— دەپتۇ ئۇ،— شابەھەڭ لەشكەرلىرىنىڭ كېچىلىك ھۇجۇمىنى كوردۇڭلار، بىر مۇنچەيەن ئولدى، بىر مۇنچەيلەن يارىدار بولدى. ئەمدى ھۇقۇشلارنىڭ بىزنىڭ قېنىمىزغا بولغان ھېرىسلىقى تېخىمۇ ئاشتى. بىرىنچىدىن، ئۇلار بۇرۇن بىزنىڭ ماكانىمىزنى كورمىگەن ئىدى، ئەمدى كورۇۋالدى. ئىككىنچىدىن، بىزگە غالىپ كېلىپ كوڭۇللىرى قۇۋۋەتلەندى. ئۇچىنچىدىن، لەشكەرلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى ئولۇپ، قالغانلارنىڭ كوپچىلىگى يارىلىق بولغانلىقىنى بىلدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار بىزنىڭ چاراھەتىمىز ساقىيىپ، جامائىتىمىزنىڭ ئوڭ — سېپىنى تېپۋىلىشىغا قويماي، پات-ئارىدا ئۇستىمىزگە يەنە باستۇرۇپ كېلىدۇ. ئەمدى يەنە كېچىلىك ھۇجۇم قىلسا، بىردىمىزنىمۇ تىرىك قويمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىش توغرىسىدا ياخشى مەسلىھەتلىرىڭلارنى بىرىڭلار ۋە مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى ئويلاڭلار.

بۇدۇر دۇشمەننىڭ بىرىنچى ھەملىسى،
يەنە باردۇر تېخىمۇ كوپ ھىلىسى.
توسسا بولغاي سەلنى ئاز چاغدا يولىن،
كەلسە ئۇلۇغ توختىتىپ بولماس غولىن.
شۇ بۇگۇنلا چارە قىلساق كۇچ يېتەر،
ئەتىگە قالسا بۇ ئىش ۋاقتى كېتەر.

فىروزە سوزىنى تامام قىلغاندىن كېيىن لەشكەر باشلىقلىرىدىن بەش قاغا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دۇئا ۋە تازىم رەسمىيىتىنى ئادا قىلىپتۇ. ئۇلار قاغىلار ئارىسىدا دانىشمەنلىك ۋە پەزىلەت بىلەن تونۇلغان، تۇزۇك تەدبىر ۋە ياخشى پىكىرلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

توغرا تەدبىر بىرلە ئۇلار ئىرتىشاتتى ھەر قاچان،
روزىگار ئايىنەگىنىڭ يۈزىدە بولسا خەلەل.
ئەيلىشەتتى راست پىكىرلەر ھەم ئۇلۇغ ئەقلى بىلەن،
بىر نەپەس ئىچىدە مىڭ ئالەمچە زور مۈشكۈلنى ھەل.

فىرۇزە ئۇلارنى شاھانە شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن ئۇلۇغلاپ سوئال قويۇپتۇ:

— بۈگۈن سىلەرنىڭ ئەقىل ۋە پەزىلىتىڭلارنى ئىمتىھان قىلىدىغان كۈن. كوڭلۈڭلاردا ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلاپ كەلگەن جەۋھەرلەرنى چىقىرىڭلار ۋە ئۇنى بايان يىپىغا ئۆتكۈزۈڭلار.

ئۇ بەش قاغا شۇنداق دەپتۇ:

— پادىشاھىم مەملىكەتكە بول پانا،
ياخشى نامىڭ تارقىسۇن ئالەم ئارا.
يانچىلسۇن دۈشمەنلەر بېشى قولۇڭدا،
رەقىپ تۇپراققا ئايلانسۇن يولۇڭدا.

ئەي پادىشاھىمىز! مەسلىھەت كورسىتىشتە جاناپلىرىنىڭ ئەقىل زېھنلىرىگە قايسى ئەقىل يېتەلىسۇن؟ بىزنىڭ كەم - كۈتە، ناقىس خاتىرىمىزگە كەچكىنى جاناپلىرىنىڭ كامىل زېھنلىرىگە يەتكەنىنىڭ مىڭدىن بىرى بولالمايدۇ. بىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتىمىز ۋە تاقىتىمىزنىڭ يېتىشى چاغلىق بولسىمۇ، قېنى ھەركەت قىلىپ باقايلى!

— بۇ جەھەتتە سەن نىمە دەيسەن؟— دەپ سوراپتۇ پادىشا ئۇلارنىڭ بىرىدىن،— بۇ ھادىسىدىن قۇتۇلۇشقا قانداق چارە قىلماقچىسەن؟

— ئەي پادىشاھىم، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ئۇ قاغا،— بىزدىن بۇرۇنقى دانالار بۇنداق ۋەقەنىڭ چارىسىنى قىلىش توغرىسىدا "ئەگەر كىشى كۈچلۈك دۈشمەنگە تەڭ كەلمەكتىن ئاجىز كەلسە،

ئەلۋەتتە مال-دۇنيا ۋە ئەھلى ئاياللىرىنى، ۋەتەن ۋە دىيارىنى تاشلاپ، رەقىبىنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان يەرگە كەتسۇن. چۈنكى ئۇز يېرىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش چوڭ خەتەرۋە كاتتا ئاپەتتۇر. بولۇپمۇ ئۆزىنى بالدۇر يەڭگەن دۇشمىنىدىن قاتتىق ئېھتىيات ۋە پەرھىز قىلىش لازىم. ئەگەر كىمكى دۇشمەندىن زەربە يەپ، يەنە ئۇنىڭغا قارشى چىقماقنى نىيەت قىلسا، ئۇ خۇددى سەل ئاقىدىغان يەردە ئۇخلاپ، سەل كېلىپ باسقاندا، ئېقىۋاتقان سۇنىڭ يۈزىگە خىش بىلەن ئۇرغاندەك ئىش قىلغان بولىدۇ" دەپ ئېيتىشقان.

بولسىمۇ دۈشمەن ھەقىر قىلغىن ھەزەر،
سەل بولۇر يىغىلسا كوپ قەترە ئەگەر.
قارشى تۇرما ئۆزەڭدىن زور دۈشمەنگە،
ئۇزاتمىغىن ئۆز قولۇڭنى نەشتەرگە.

— قېنى سەن نىمىنى ئويلىدىڭ ۋە بۇ ئىش توغرىسىدا قانداق مەسلىھەتنى توغرا كوردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا يەنە بىر قاغىدىن.
— بۇ ۋەزىرنىڭ ئېيتقىنى ماڭا ياقمايدۇ، — دەپ سوز باشلاپتۇ ئۇ قاغا، — چۈنكى دۈشمەندىن بىر ھەملە كورۇش بىلەنلا تۆغۈلغان ماكان، تورەلگەن يەرنى تاشلاپ كېتىش نومۇسسىزلىق ۋە ھىممەتسىزلىكتۇر. بىر زەخمە بىلەنلا يۇرتىنى تاشلاپ كېتىش مەرتىلەرگە ياراشمايدىغان ئىش. ئەڭ لايىق تەدبىر شۇكى، جەڭ ياراقلىرىنى تەييارلاپ، شەۋكەت ۋە ھەشەمەت بىلەن ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلىنىپ، شىددەت كورسىتىشىمىز كېرەك.

ئۇرمىساق دۈشمەن كوكسىگە شەمشەر،
ھەرگىز ئاتىماس ھىچكىم بىزنى ئەر.
ساقلاپ يۇرەكتە نومۇسىمىزنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىتى www.uyghurkitap.com

باتۇرلارچە جەڭ قىلايلى يەكسەر،
يېڭەلىگەيمىز دۈشمەننى چوقۇم،
كۆچ ـ قۇۋۋەت بىزگە يار بولسا ئەگەر.

كۆچلۈك پادىشانىڭ مەملىكەت ئۈچۈن كوكرەك كېرىپ چىقىش ۋاقتى كەلدى. ئەمدى دۈشمەن ئىسمىنى تىغ سۈيى بىلەن تىرىك-لىك دەپتىرىدىن يۇيۇپ تاشلىساقلا، راھەت شارابىنى مۇرات لېۋىگە يەتكۈزەلەيمىز ۋە دۈشمەن تەمەننا سىنىڭ جامىنى زەپەر تېشى بىلەن ئۇرۇپ چاقالايمىز. ئەمدى مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، قاراۋۇللارنى قويايلى، خەۋپ يېتىدىغان تەرەپلەردىن ئۆزىمىزنى ئېھتىياتتا تۇتايلى، ئەگەر بىرەر تەرەپتىن دۈشمەننىڭ قەست قىلغانلىق خەۋىرىنى ئالساق، ئالدىغا قارشى چىقىپ ئۇرۇش قىلاي-لى، ياكى جەڭ توزانلىرى ئىچىدە نۇسرەت چېھرىسىنى كورەيلى ياكى نام ـ شوھرەت مەيدانىدا ئاخىرغىچە تىرىشىپ جان پىدا قىلايلى. چۈنكى ياخشى نام قالدۇرۇپ ئولۇشىمۇ راۋادۇر. پادىشالار جەڭ قىلغان ئىكەن. ئىشنىڭ ئاخىرىدىن ئەندىشە قىلماس-لىقى ۋە بۇنداق مۇھىم پەيتتە جان ۋە مال ـ دۇنياغا قارىماسلىقى كېرەك.

باشتىن كېچىپ ئۇرۇشقا قەدەم قويساڭ تاپارسەن،
مۇرات ـ مەقسەت، ئۈمىدىڭ، ئارزۇلىرىڭ كانىنى.
ئەگەر بەختىڭ يۈزۈڭگە باقمىغىنى خالىساڭ،
قەيسەر بولۇپ جەڭ ئارا ئال دۈشمىنىڭنىڭ جانىنى.

پادىشا يەنە بىر قاغىغا قاراپتۇ ۋە:
ـــ سېنىڭ رايىڭ نىمىنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە تەدبىرىڭ قانداق تەسەۋۋۇر ياساۋاتىدۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.
ـــ ئەي پادىشا! ـــ دەپتۇ ئۇ قاغا،ـــ مېنىڭ باشقىلارنىڭ سوزى

بىلەن ئىشىم يوق. مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ سۇلھ قىلىشقا مەيلى بار-يوقلۇغىنى بىلىپ باقايلى. ئەگەر بىزدىن باج-خىراج ئېلىپ، بىزگە دۈشمەنلىك قىلىشنى تاشلايدىغان بولسا، بىزمۇ سۇلھ قىلىپ، تاقىتىمىز ۋە ئىمكانىيىتىمىزگە بېقىپ، باج-خىراج تۆلەشنى گەدىنىمىزگە ئالايلى-دە، ئۇرۇش مۇشەققىتى ۋە كېچىلىك ھۇجۇملارنىڭ ۋەھىمىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۆز دىيارىمىزدا ئاسايىشلىق تاپايلى.

پۈتەر بولسا ئەگەر تەدبىر بىلەن كار،
مادارا قىل كاتتا دۈشمەنگە ھەر بار.
بولالمساڭ ئەگەر دۈشمەنىڭگە زور،
ئەيلە ئۇنى نازۇ-نېمەتكە مەغرۇر.
ئاسايىش تاپاي دېسەڭ جاھاندا،
دۈشمەن تىلىنى ئېھساندا باغلا

پادىشالارغا توغرا كېلىدىغان تەدبىرلەردىن بىرى شۇكى، دۈشمەننىڭ شان-شەۋكىتى ۋە قۇدرىتىنى ئېنىق كورسە ۋە ئۇنىڭ غالىپ كېلىپ، سەلتەنەت ۋە مەملىكەتكە پىتنە-پاسات يەتكۈزىدىغانلىغىنى ئېنىق بىلسە، پىتنە-ئىغۋا ئوتىنى ئارىدىن ئۇچۇرگۇدەك بىر ھىيلە قىلىش كېرەك، چۈنكى دۈشمەننىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىتتىكلىك قىلماق ئەقىل ھوكمى ۋە تەجرىبە يوسۇنىدىن يىراقتۇر. "جاھان ساڭا باقمىسا سەن جاھانغا باق" دېگەن سوز بار ئەمەسمۇ؟

پادىشا يەنە بىر ۋەزىرىگە قاراپ:

— سەنىمۇ مەسلىھەت كورسەت، خىيالىڭغا كەلگەننى ئېيت،— دەپتۇ.

— ئەي پادىشاھىم،— دەپ گەپ باشلاپتۇ ئۇ قاغا،— بىر كىم ئار-نومۇس قىلماي، ئوزىدىن كىچىك دۈشمەن ئالدىدا قول

باغلاپ تۇرغاندىن كۆرە، ۋەتەننى تاشلاپ ئۆزىنى غۇربەت رەنجى-
گە سالغىنى كۆپ ياخشى. ئەگەر ھۇقۇشلارغا خىراج بېرىشنى
قوبۇل قىلساق، ئۇلار ئاز نەرسىگە رازى بولمايدۇ. بەلكى تېخىمۇ
ھەددىدىن ئېشىپ، بىزنى مۇتلەق نابۇت قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، چۈن-
كى: "كىشى دۈشمىنىگە ئۆز ھاجىتىگە تۇشلۇق ئېگىلسە بولىدۇ.
ئەمما كىشىنى خارلىق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغۇدەك مىقداردا
ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرۈش توغرا ئەمەس" دېگەن گەپ بار.
ئەمدى بۇ دەرتكە چىداپ سەۋرى-تاقەت قىلىپ تۇرايلى، ئەگەر
ئۇلار ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كەلسە، زەرەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن
جەڭ قىلساق بولىۋېرىدۇ. چۈنكى نام-شۆھرەتنى تاشلاشتىن
كۆرە ئۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈشنى باشلاش ياخشىراقتۇر.

قىلمىساڭ گەر نام شۆھرەتنى تالاش،
يەنچىلۇر دۈشمەن تېشى ئاستىدا باش.

پادىشا ئاخىرى كارشۇناس دەپ ئاتىلىدىغان بەشىنچى
ۋەزىرگە قاراپتۇ:
— مەن سېنىڭ مۈشكۈللەرنى يېشىۋېتىدىغان ئەقلىڭگە كۆپرەك
ئىشىنىمەن، — دەپتۇ.

مەملىكەتكە چەرخنىڭ يەتكەن گىرەنى ئاچقىلى،
ھېچكىشى ئەقلىڭ كەبى مۈشكۈل كۈشايى تاپمىدى.
ھەر كىشى كىرمەس سوزۇڭگە تاپمىغاي مەقسىدىنى،
ھىممىتىڭ قىلماي مەدەت ئىشلار تامامى تاپمىدى.

سېنىڭ رايىڭ قانداق؟ ۋەتەننى تاشلاپ كېتىش، جەڭ
قىلىش ياكى سۈلھ قىلىش يوللىرىنىڭ قايسىسىنى مۇۋاپىق كۆرىسەن؟
— مېنىڭ تەدبىرىم شۇكى، — دەپ گەپ باشلاپتۇ كارشۇناس، —

زورۇرىيەت بولمىسا ھەۋقۇشلار بىلەن جەڭ قىلىشنى ئىختىيار قىلماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى ئۇلار بىز بىلەن جەڭ قىلىشقا يۈرەكلىك، بىز ئۇلار ئالدىدا ئاجىز، دۈشمەن كۈچ-قۇۋۋەت ۋە شان-شەۋكەتتە بىزدىن ئارتۇق. ئۇنى كەمسىتىش مەغرۇرلۇق بولىدۇ. ئەگەر ھەر كىشى مەغرۇر بولسا ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. ئۇلار ھازىرچە بىزگە قەست قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەندىشە بار. ھۇشيار كىشى ھېچقاچان دۈشمەندىن ئەمىن بولمايدۇ، شىكەستلەنگەن ۋە غەپلەتتىن ئويغانغان دۈشمەنى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. يەنە ئۇلار: "ئۇرۇشتا غەلىبە بىر نۆۋەتتە بىز تەرەپتە بولسا، بىر نۆۋەتتە ئۇلار تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ قەستىمىزدە بوكتۈرمىدە كىشى قويغان بولۇشى ئېھتىمال، ھەممىسى جابدۇنۇپ ۋە تەييار تۇرۇپ، بىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ" دەپ ئويلايدۇ. بۇ ئەندىشە بىلەن ئۇلار جەڭ قىلىشنى لايىق كۆرگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشۇشنى خىيال قىلغان بولسا، ئۇلار بىلەن قارىمۇ-قارشى بولۇشماق بىزگە ياخشىلىق كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى جەڭ جان بىلەن بولىدىغان نەرسە، ئۇنىڭدىن پايدا كەلمەيدۇ.

بولساڭمۇ گەر شىردەك كۈچلۈك، پىلدەك يوغان،
سۈلھ قىلماق ياخشىراقتۇر ئۇرۇشماقتىن.

— جەڭنى خوپ كۆرمەسەڭ قانداق قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— بۇ باپتا ئوبدان ئويلىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك، — دىدى كارشۇناس، — چۈنكى پادىشالار خەزىنە ۋە مال-دۇنيالىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە خادىم ھەم لەشكەرلىرىنىڭ سانىسىزلىغى بىلەن ئەمەس، بەلكى توغرا تەدبىرلەر بىلەن كۆزلىگەن غەرىزىگە يېتەلەيدۇ.

ئۇلتۇرەرسەن قىرىق - ئەللىك كىشىنى شەمشەر بىلەن،
يوقىتىش مۇمكىن پۈتۈن لەشكەرنى بىر تەدبىر بىلەن.

مەسلىھەت ۋە كېڭەش قىلغاندا، پادىشانىڭ پىكرى ئاساس، ۋەزىرلەرنىڭ سۆزلىرى بولسا ياردەمچى بولىدۇ. بۇ خۇددى دەريا سۈيىگە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى قوشۇلسا، ئۇلۇغ سۇ ھاسىل بولغاندەك بىر ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كىم خالىس نەسىھەتچىلەرنىڭ سۆزىگە كىرمىسە، قولىدىكى بەخت - سائادەتلىرىمۇ زايا بولىدۇ. ئەگەر كۆپنىڭ ئەقلىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئېتىقاتلىق ۋەزىرلەرنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىماقنى ئادەت قىلسا، دۆلىتى مۇستەھكەم ۋە شەۋكىتى ئەبەدى بولىدۇ. خۇداغا شۈكرى، پادىشاھىمىز مىجەزىنىڭ خوپاۋۇغى ۋە تەدبىرىنىڭ ياخشىلىغى بىلەن تونۇلغاندۇر.

ئۆز ئىچىڭگە ئالدى سانسىز كۆپ ھۈنەرنى ئەقلىڭىز.
بەردى قۇياش يۈزىگە نۇر، نۇرغا تولغان زېھنىڭىز.
قائىدە پەرۋەرلىك ئورناتتى ئادالەت بابىدا،
چارىدەر تۇرغۇزدى ھوشيارلىق بىلەن تەدبىرىڭىز.
ھېچقاچان گۆھەر بولالماس شۇ ئىشەك مۇنچاقلىرى،
پىكرىمىز ھەرگىز يېتەلمەس، شۇنچە چوڭقۇر پىكرىڭىز.

مېنى مەسلىھەت بېرىشكە بۇيرۇدىلا. شۇڭا بىلگىنىمنى ئېيتىشىم لازىم بولىدۇ. بەزىلىرىنى خىلۋەت جايدا ئېيتىمەن ۋە بەزىسىنى خالايىق ھۇزۇرىدىلا دەيمەن. مېنىڭ پىكرىم شۇكى، جەڭ قىلىشنىمۇ توغرا تاپمايمەن. باج - خىراج ۋە سېلىق تۆلەشنىمۇ ماقۇل كۆرمەيمەن.

دۈشمىنىمگە بويۇن ئەگسەم خارۇ - زارلىق كەلتۈرگۈسى،
ئاشۇ ھال بىرلە تىرىك يۈرگەندىن ئۆلگەن ياخشىدۇر.

يۇقۇرى ھەممەتلىك كىشىلەر خالايىق ئارىسىدا ياخشى ئاتالماق ئۈچۈن ئۆزىگە ئۆزۈن ئۆمۈر تىلىشىدۇ. ئەگەر ھايات خارلىق بىلەن ئۆتىدىغان بولسا، ئۇنداق ئۆمۈرنىڭ قىسقا بولغىنى ياخشى. خارلىق بىلەن كەچۈرگەن ھاياتتا نىمە نەپ بولسۇن! شۇڭا مەن ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىق ئىزھار قىلىشلىرىنىمۇ راۋا كورمەيمەن. چۈنكى كىشى ئۆزىنىڭ خارلىغىغا تەن بەرسە، ئۇنىڭغا بالا-قازا ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، چارە يوللىرى يېپىلىدۇ.

كىشى خارلىقنى قىلسا ئىختىيار،
پەلەك ئۇنىڭغا قەھرى قىلغۇسى.

قالغان مەسلىھەتىمنى خىلۋەتتە ئېيتاي.

— ئەي كارشۇناس، — دەپتۇ ھازىر بولغانلاردىن بىرى، — كېڭەشنىڭ پايدىسى نۇرغۇن ئەقىلنىڭ يىغىلىشى بىلەن بولىدۇ. ھەرقانداق ئىشتا ئاقىللار جەم بولۇپ، مەسلىھەت قىلسا، ھەر-قانداق بۇزۇق ۋە تۈزۈك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چۈشسە، توغرىسى قوبۇل قىلىنىدۇ.

مالامەت بىرلە ھوسنۇڭ ئىشتىپاق ئەيلەپ جاھان ئالدى،
شۇ راستۇر ئىشتىپاق بىرلە جاھان ئالماق ئاسان ئىشتۇر.

شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆز مەسلىھەتىڭنى خىلۋەتتە ئېيتماقچى بولغىنىڭنىڭ سەۋەبى نىمە؟

— مەملىكەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى ئۆرپ-ئادەت ئىشلىرىدەك ھەممىلا كىشى مەسلىھەت بېرەلەيدىغان ئىش ئەمەس، — دەپتۇ كارشۇناس، — "پادىشاھلارنىڭ سىرلىرى كېڭەشكە قاتناشقانلار ياكى ئەلچىلەر ئارقىلىق پاش بولۇپ قالىدۇ" دىگەن گەپ بار. ئېھتىمال، بۇ يەردە جاسۇسلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ۋاقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغانلىرىنى بېرىپ دۈشمەنگە ئېيتىپ بەرسە، دۈشمەن بىزنىڭ تەدبىرلىرىمىز ئاچقان يوچۇقنى ئىستىۋېلىدۇ-دە، ئارزۇلىرىمىزنىڭ ئوقى مەقسەت نىشانىسىغا تەگمەي قالىدۇ. ئارىمىزدا دۈشمەن كىشىلىرى بولمىغان تەقدىردىمۇ ھەمسۆھبەت بولغانلاردىن بىرەرسى چىقىپ، ئۇتكەن گەپ-سۆزلەرنى دوستىغا ئېيتىپ قويۇشىمۇ ئېھتىمال. ئۇ يەنە بىر دوستىغا ئېيتسا، ئۇ يەنە بىر دوستىغا ئېيتىدۇ. شۇ تەرىقىدە ھايت-ھۇيت دېگىچە سىرىمىز پۈتۈن دوست-دۈشمەنگە يېيىلىدۇ. سىر يوشۇرۇش توغرىسىدا:

دېدى بۇ سۆزنى بىر ھۇشيار ئەقىلدار،
كېرەك بولسا بېشىڭ، سىر ئېيتما زىنھار.

دېگەن بېيىت بار. ئەگەر كىشى ئۆزىگە سىرداش بولمىغان كىشىگە سىر ئېيتسا، ئاقىۋەت پۇشايمانغا قالىدۇ. سىر يوشۇرۇش پادىشالار ئۈچۈن ھەرقانداق كىشىگە كېرەك بولغاندىنمۇ ئارتۇق زورۇر. چۈنكى بارلىق خەۋپ-خەتەر پادىشالارنىڭ سىرلىرى ۋە تەدبىرلىرىدىن ئىشەنچسىز كىشىلەر ۋاقىپ بولغانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر بولسا سىرىڭدىن غەيرى ئاگاھ،
كېلۇر ئاشۇ سىرىڭدىن نالەيۇ ئاھ.

نۇرغۇن پادىشالار سىرى پاش بولغانلىقتىن، ھاياتى بەربات بولغان. مەسىلەن، كەشمىر پادىشاسى ئۆز سىرىنى ۋەزىرىگە پاش قىلىپ قويغانلىقتىن پادىشالىق تەختىدىن خارلىق ئازگىللىغا دومىلاپ چۈشكەن ۋە ئۆمۈر قۇياشى پانا مەغرىبىگە مەڭگۈ ئولتۇرغان.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ فىرۇزە.

— كەشمىر شەھرىدە بىر پادىشا بار ئىكەن؟ — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ كارشۇناس.

# كەشمىر پادىشاسىنىڭ ھېكايىسى

كەشمىر شەھرىدە بىر پادىشا بار ئىكەن. ئۇ مۇسەخخەر① يۈگىنىنى پەلەك ئارغىمىغىنىڭ بېشىغا سالغان ۋە تىرىكچىلىك ئۆۋنى ئۆز ئىختىيارىنىڭ كەمەنگە ئىلدۇرغان بولۇپ، چاقماقتەك شەمشىرى ئوتىنىڭ قورقۇنچىسىدىن شامالمۇ ھاۋا ئۈستىدە راستلىقنىڭ قارىمۇ-قارشى تەرىپىگە بارالمايدىكەن؛ جان ئالغۇچ نەيزىسىنىڭ ھەيۋىتىدىن سۇمۇ يەردە ئەگرى ئاقالمايدىكەن.

يالىڭاچلاپ تىغ جىسمىنى ھەرقاچان،
كىيدۈرۈپ خەلققە ئامانلىقتىن لىباس.
ئادالەت بىرلە تۇتقاچ مەملىكەتنى،
ئۇنتۇغان ئىدى زۇلۇمنى ئاموخاس.

بۇ پادىشانىڭ ھورمەت پەردىسى ئىچىدە بىر مەھبۇبى بار ئىكەن. ئۇ تۈن رەڭلىك زۇلپى ئۇزۇنلۇقتا قىيامەت كېچىسىگە مەدەت بېرىدىغان، جان بېغىشلىغۇچى جامالى ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھوسنى بىلەن ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايغا ساۋاق بېرىدىغان، كىپىكلىرى ئويغاق تۇرىدىغان زاھىتلارمۇ ئۇنىڭ ئاپتاپتەك يۈزىنى چۈشىدە كۆرسە، پاكىزلىكتە سۈبھىدەك بولغان پەرھىز جەندىلىرىنىڭ ياقىسىنى چاك ئېتىپ ئاھ ئۇرىدىغان دەرىجىدە گۈزەل ئىكەن.

زىبا قامىتى ئەجەپ كېلىشكەن،
ئىككى قېشى يا، قوش زۇلپى كەمەن.

① مۇسەخخەر — بويسۇندۇرۇش، ئۆزىگە قارىتىش.

پەيدا بولغانتى ھوسنىدىن گۈلشەن،
ساچىدىن سۇمبۇل، يۈزىدىن سەمەن.

پادىشا ئۇنىڭغا شۇنداق كوڭۈل باغلىغان ئىكەنكى، ئۇنىڭ جامالىنى كورۇشنى ئوز ئومرىنىڭ ھاسىلى دەپ بىلىدىكەن ۋە ئۇنىڭ زۇلپى ھەم خالىنى تاماشا قىلىشنى تىرىكچىلىگىنىڭ سەرمايىسى ھىساپلايدىكەن. ئۇ مەھبۇبىغا ئوز جېنىنى بەرگىدەك دەرىجىدە ئامراق ئىكەن. كوڭۈل سەھنىسىدىكى سەۋرى - تاقەت ئۇنىڭ جامالى جازىبىسىگە تارتىلىپ كەتكەن ئىكەن.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئوز ئىختىيارىم بىرلە بارماسمەن،
تارتىدۇ تاشلاپ بويىنۇمغا زۇلپىنى قىلىپ كەمەن.

غەۋغا تۇغدۇرغۇچى ئۇ شوخ ئايالىۇ پادىشانىڭ كوڭۈل قۇشى ئوزىنىڭ زۇلپى دامىغا گىرىپتار بولغانلىغىنى بىلىپ، قاش - كوزلىرىنى ئوينىتىپ، غەمزە ئوقىنى ئۇنىڭ كوكسىگە ئېتىپ تۇرىدىكەن ۋە سائەتسىرى شىرىن كەرەشمىلەر بىلەن ئۇنىڭ كوڭلىنىڭ پۇت - قوللىرىنى چەمبەرچەس باغلىۋېتىدىكەن.

ئاشىق ئولتۇرمەك ئىشى ھەم پىتنە تۇزمەك شىۋەسى،
ئاشۇ جانان قەددىگە لايىق تىكىلگەن بىر لىباس.

ئۇ ئايالنىڭ نازى ۋە شوخلۇغى ئۇستۇن كەلگەنلىگىدىن، يالغۇزلا پادىشانىڭ ئىشقىغا قانائەت قىلماي، باشقىلارنىمۇ سېھىرلەپ، سەتەڭلىك تىغى بىلەن ئوزىگە قارىتىدىكەن. ئۇ شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ، ئاخىرى پادىشانىڭ مۇلازىملىرىدىن بىر يىگىتنى مۇھەببەت چۇلۋۇرى بىلەن باغلىۋاپتۇ. ئۇ يىگىتمۇ شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، خۇددى خىزىر ئابىھايات ئىزدەپ تۇرغاندەك لەۋلىرى

ئۇستىدە خەت تارتقان قاپ ـ قارا بۇرۇتى كەۋسەر ئېرىقىنىڭ قىرغىـ
غىدا ئۈنگەن چەنىەت سۇمبۇلىغا ئوخشايدىكەن.

لېۋىدىكى بۇرۇتنى كورگەن كىشى دەر ئىدى:
"ئابىھايات قىرغىقىدا مېھرگىيا ئۈنۈپتۇ".

ئۇ يىگىتمۇ ئاشقلىقتا تاقتى ـ تاق بولۇپ، كەيپىياتى بەتلىرىـ
دىكى سەۋرى خېتىنى هايات سەھىپىسىدىن ئوچۇرۇۋەتكەن ئىكەن.

ئېغىر بىلەر ئاشىق جىسمى جان يۈكىن،
كوتىرەلمەس زەئىپلىك دەرمان يۈكىن.

بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار ھەممىشە قاش ـ كوزلىرى بىلەنلا سوئال ـ
جاۋاپ قىلىشىپ يۈرۈشۈپتۇ. بىر كۈنى پادىشا ئىشرەت تەختىدە
ئولتۇرۇپ، ئۇ مەھبۇبى بىلەن ۋىسال سوھبىتىنى قۇرۇپتۇ. بايىقى
يىگىتمۇ پادىشانىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرغان ئىكەن. پادىشانىڭ
ئاگاھ ئىكەنلىگىدىن خەۋەرسىز ئۇ خوتۇن، يىگىتكە قاراپ تەبەسـ
سۇم قىلىپ، ئۈمىت ئېتىگىنى شېكەر بىلەن تولدۇرۇپتۇ. يىگىتمۇ
ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ كوز ئىشارىسى بىلەن ئەركىلەپ قويۇپتۇ.

كوزى بىلەن قىلدى بىر ئىشۋە ئاغاز،
يېرىمى غەمزە ئىدى، يېرىمى ناز.

پادىشا بۇلارنىڭ قىلغىنىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ جېنىدا
غەيرەت ئوتى لاۋۇلداشقا باشلاپتۇ ـ دە، دىل ئارامى ۋە سوھبەت
قىلىش ھەۋىسىنى كوڭلىدىن چىقىرىپ تاشلاپتۇ.

بەرمىگەي سىزگە ۋاپا مىۋىلىرىنى ئۇ دەرەخ،
سايىسىنى بەرسە گەر غەيرى كىشىنىڭ باغىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمما پادىشا: "بۇ ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش يارىمايدۇ. بۇ ئىككىسىدىن قايسىسى ھەقىقى دۈشمىنىم ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، يېنىكلىك قىلىشقا بولمايدۇ" دېگەن ئويغا كېلىپ، سەۋرى قىلىپ، بۇ ئىشنى كورمىگەن بولۇۋاپتۇ ۋە ئولتۇرۇشقا ھېچقانداق تەسىر بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە كېچىسىمۇ سەۋرى بىلەن ئوتكۈزۈپتۇ. ئەمما تاڭ ئاتقۇچە كوڭلى خۇددى پەرۋانىدەك تاقەتسىزلىك ئوتىنىڭ شولىسىدا كويۇپتۇ.

ئاشىق بولسا شاھ، مەشۇق بولسا ئۇنداق نازىنىن،
قايسى كوز بىرلە كورەر غەيرىگە مايىل بولغىنىن.

ئەتىسى نۇرلۇق قۇياش نۇسرەت بايرىقىنى كوپ - كوك پەلەك قەسرى ئۈستىدە كوتىرىپتۇ ۋە سەييارىلەر پادىشاسى قاراڭغۇلۇق پەردىسىنى ئالەم يۈزىدىن ئېلىپ يوقاۇق ئىلكىگە بېرىپتۇ.

ئاپتاپ قىزى بولۇپ گۈزەل رۇخسار،
پەلەك پەردىسىدىن كورسەتتى دىدار.

پادىشا ئادالەت تەختىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. دادخاھلار قازىلىق ئورنىدا ئولتۇرۇشۇپ، شاھقا ئادالەتتە ئاشنا بولۇپتۇ. پادىشا ۋەزىر بىلەن ئوزىنى خاۋەتكە ئاپتۇ ۋە ئۇ يىگىت بىلەن خوتۇن توغرىسىدىكى سىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار كوپ سوزلەشكەندىن كېيىن، يىگىت بىلەن خوتۇن ئىككىسىگە مەخپى زەھەر بېرىپ، ئولتۇرۇشكە مەسلىھەتلىشىپتۇ ۋە: "پادىشا بىلەن ۋەزىردىن باشقا ھېچكىم بۇ سىردىن خەۋەر تاپمىسۇن، چۈنكى ئىز-زەت ۋە شوھرەت پەردىسى ئوتتۇرىدىن كوتىرىلىپ نومۇس يەپى ئۈزۈلۈپ كەتمىسۇن" دەپ قارار قىلىشىپتۇ.

ياخشىدۇر بۇنداق ئىشقا پىنھانلىق،
پاش قىلماق كەلتۈرۈر پۇشايمانلىق.

ۋەزىر پادىشا قېشىدىن چىقىپ ئۆيىگە بېرىپتۇ. قارىسا قىزى ناھايىتى مالال ۋە پەرىشان ھالدا ئولتۇرغان ئىكەن.

— قىزىم ساڭا نىمە بولدى؟ نىمىشقا غەمكىن ئولتۇرىسەن؟— دەپ سوراپتۇ ۋەزىر.

— بۈگۈن ئوردىغا بارغان ئىدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ۋەزىرنىڭ قىزى، — پادىشانىڭ خوتۇنى ئۆز دىمەتلىكلىرىم ئاردىسىدا ماڭا ئىزا قىلدى ۋە ئۇلاردىن مېنى خار كوردى. شۇ سەۋەپتىن كوڭلۈم يېرىم بولۇپ يانددىم.

ۋەزىر بۇنى ئاڭلاپ، بەكمۇ كوڭلى ئاغرىپتۇ ۋە قىزىغا تەسەللى بېرىپتۇ.

تۇتۇگۈنىنىڭ ئىشى مېنى قىلدى ئاگاھ،
خوشال بولغىن غەمنىڭ كۈنى بولدى كوتا.

— غەم يېمىگىن قىزىم، ئىككى-ئۈچ كۈنگە قالماي، ئۇنىڭ ھايات چىرىغى ئۆچىدۇ ۋە تىرىكلىك گۈلى سولىدۇ.

قىزى ھەقىقى ئەھۋالنى بىلمەك ئۈچۈن ئىنىقلاپ سوراپتۇ. ۋەزىرمۇ بايىقى سىرنى قىزىغا ئۇچۇق ئىزھار قىپتۇ ۋە: "بۇنى مەخپى تۇتقىن" دەپ تاپىلاپتۇ.

شۇ كۈنلەردە سەلتەنەت خادىملىرىدىن بىر ئايال ئۇ قىزنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە قىزغا يەتكەن ئەلەملەر توغرىسىدا ئۆزرە ئېيتىپ كوڭلىگە تەسكىن بېرىپتۇ.

— ئەگەر مەلىكە ماڭا سەۋەپسىز ئازار بەرسە مەن قىلچە غەم قىلمايمەن، چۈنكى ئۇ پات-پۇرسەتتە جازاسىنى تاپىدۇ. دۈشمەنىنىڭ كوزدىن يىراق بولىدىغان ۋاقتى يەتتى، — دەپتۇ قىز.

ھېلىقى ئايال بۇنى تولۇقراق ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ ۋە:

— ماڭىمۇ ئۇنىڭ سالغان جەۋرى-زۇلمى ئاز ئەمەس. نىمە بولىدۇ مېنى ھەقىقى ھالىدىن خەۋەردار قىلسىڭىز، كۆڭلۈم خۇشال بولاتتى، — دەپتۇ.

— ئەگەر بۇ سىرنى پىنھان تۇتالىساڭ ساڭا ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ قىز.

ئۇ ئايال پاش قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپتۇ. قىز ھەممە سىرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئايال بۇ يەردىن چىقىپ، پادىشانىڭ خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. خوتۇن ئۇ يىگىتنى قېشىغا چاقىرىپ، پادىشا ۋە ۋەزىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىر-ئەسراردىن خەۋەردار قىلىپتۇ ۋە مەسلىھەتلىشىپ، پادىشا بۇلارغا قول سالغىچە خوتۇن بىلەن يىگىت پادىشانىڭ ئىشىنى تۈگىتىش قارارىغا كەپتۇ. شۇ كېچىسى پادىشا راھەت ياستۇقىدا ئۇخلاۋاتقاندا، خوتۇن بىلەن يىگىت ئۇنىڭ تىرىكلىك كېمىسىنى غەرق بولۇش گىرداۋىغا باشلاپتۇ. پادىشا ۋەزىرگە ئۆز سىرىنى ئاشكارا قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ھايات تەختىدىن چۈشۈپ، ۋاپات تەختىگە يېتىپتۇ.

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، پادىشالار ۋەزىرلەر بىلەن كېڭەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەدبىرلىرىدىن پايدا ئالسا بولىدۇ. لېكىن ئۆز سىرىغا ھېچكىمنى شېرىك قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى شۇنداق بەخت-سائادەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن، پادىشالار ئۆز سىرلىرىنى ئۆزى مەھكەم تۇتالمىسا، ئەقىلدە ۋە يىراقنى كۆرۈشتە پادىشالاردىن كۆپ دەرىجىدە ئاجىز بولغان باشقىلار قانداقمۇ سىر ساقلىيالىسۇن؟

بولمىسا ئۆزەڭدە كۈچ، تۇتماق ئۈچۈن سىرنى پىنھان،
ئۆزگىلەر ئۇنداق ئېغىر رەنجىڭنى قانداق ساقلىسۇن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كارشۇناس بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن كېڭەشتە ھازىر بولغانلاردىن بىرى ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ:

— سىنىڭ بۇ پىكرىڭچە كېڭەشنى تاشلاش كېرەككەن-دە! ھەر كىم ئۆز ئىشى ئۈستىدە ئۆزى پىكىر يۈرگۈزۈشى لازىمكەن-دە؟ ۋاھالەنكى، كېڭەش قىلىش ئادىتىنى يوق قىلىش ئەقىل ۋە ھىكمەت مەزھىبىدە راۋا ئەمەس. "كىشى ھەرقانداق ئىشنى كېڭەشسىز باشلىماسلىقى كېرەك" دېگەن سۆز بارغۇ؟

ھەر كىشى تاشلىسا كېڭەش قىلىشنى،
نابۇت قىلغۇسى ئەقىل ئىشىنى.

— مەن كېڭەش قىلىشنى يوقىتىش كېرەك دېگىنىم يوق، — دەپتۇ كارشۇناس، — ئەقلى زەئىپلەرگە باشقىلار ئەقلى بىلەن قۇۋۋەت كىرگۈزىدۇ، بۇ خۇددى بىر چىراققا يەنە بىر چىراق يان-داشسا يورۇقى ئاشقاندەك ئىش. سۆزلىرىمدىن "كېڭەشنى تەرك قىلماق كېرەك ئىكەن" دەپ پەملەپ قالماڭلار. مېنىڭ سۆزۈمنىڭ مەنىسى شۇكى، ھەرقانداق ئوبدان مەسلىھەت كېڭەشتىن چىقىدۇ. ئۇنى پىنھان تۇتۇش كېرەك. چۈنكى سىرنى يوشۇرۇن تۇتۇشنىڭ ئىككى پايدىسى بار: بىرى، كۆزلىگەن ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا پۈتتۈرگىلى بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ئەگەر تەدبىر تەقدىرگە مۇۋاپىق كەلمىگەن بولسا، كۆڭلىدىكى غەرىزى ۋۇجۇتقا چىقمىغان بولسا، دۈشمەنلەر ئۇنىڭدىن بىخەۋەر قېلىشىۋېرىدۇ.

گەر بىلسەڭ، رەقىبلەر تەنسىنىڭ رەنجى قاتتىقتۇر،
ۋىسال دولىتىنىڭ شاتلىقىدىن بىبەھر قالغاندىن.

— ئەي شەپقەتلىك نەسىھەتگۇيۇم، ھەقنى سۆزلەش بابىدا ساڭا كۆپرەك ئىشەنچەم بار. خىيالىڭغا قانداق مەسلىھەت كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولسا ماڭا ئىزھار قىل، — دەپتۇ فىرۇزە.

— خادىملارغا شۇ نەرسە ۋاجىپكى، — دەپ سوز باشلاپتۇ كارشۇناس، — خوجايىنلىرى بىرەر تەدبىر قوللانغاندا، ئەگەر ئۇ تەدبىر ساۋاپلىق بولسا ماختىشى كېرەك، ئەگەر خاتا بولسا مۇلايىملىق ۋە مادارا بىلەن ئۇ ئىشتىن ياندۇرۇشى كېرەك، ھەرقانداق ۋەزىر ئوز خوجايىنى بىلەن كېڭەش قىلىش ھەققىنى ئادا قىلمىسا، ئۇنى دۇشمەن ھىساۋىغا بىلمەك كېرەك. ئەگەر پادىشا سىرىنى يىشۇرۇن تۇتماقچى بولسا، ئىشەنچلىك ۋەزىر ۋە ۋاپالىق خادىمنى قولىغا كەلتۇرۇشى كېرەك، ئەقىدىلىكلەرگە ئىنئام ۋە ئىھسان قىلىشنى، خىيانەتكارلارغا ئەدەپ ۋە جازا بېرىشنى ئوزىگە ئادەت قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلسىلا مەملىكىتى مۇستەھكەم ۋە دولىتى تۇراقلىق بولىدۇ. ھادىسىلەر قولى ئۇنىڭدىن بەخت - سائادەت سەرمايىسىنى تېز تارتىۋالالمايدۇ.

ساقلىساڭ گەر قولۇڭدا دىن ۋە ئىنساپ،
تۇرغۇسىدۇر قولۇڭدا ئەل، بولۇپ ئاۋات.
ئەيلە رازى خالايىقنى قىلىپ ئىھسان،
ئوزەڭ شات بول ئوزگىنى ھەم قىل شادىمان.

— سىر - ئەسرارنى قانداق يوسۇن بىلەن يوشۇرۇن تۇتماق كېرەك ۋە كىمدىن يوشۇرماق لازىم؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا فىرۇزە.

— پادىشالارنىڭ سىرلىرى ئىككى قىسىم بولىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ كارشۇناس، — بىرى، ئۇنى پادىشا ئوزىدىنمۇ يوشۇرۇن تۇتۇشى كېرەك، يەنى مەخپى تۇتۇشتا، گويا ئۇنىڭغا پادىشانىڭ ئوزىمۇ مەھرەملىك قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە بولۇپ، باشقىلارغا كوڭلىدىكىنى ئىپادە قىلىپ قويماسلىق كېرەك، بۇزرۇكلار بۇ توغرىدا:

سىرىڭنى ئايان قىلما ھېچقاچان،
ساقلىغىن ئۇنى مۇنداقچە پىنھان:
ساقلىساڭ ئۇنى كوڭلۇڭ ئىچىدە،
كوڭلۇڭمۇ خەۋەر تاپمىسۇن ھېچ ئان.

دەپ ئېيتىشقان. يەنە بىرى، ئۇنىڭغا ئىككى تەننى مەھرەم قىلسا بولىدۇ. بەزىدە ئۇچ كىشى ھەتتا توت - بەشكىچە كىشى بولسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ھۇقۇشلار توغرىسىدىكى سىر توغرىسىدا شۇ نەرسە خىيالىمغا كەلدىكى، ئىككى باش، توت قۇلاقتىن ئارتۇق نەرسە مەھرەم بولمىغى مۇۋاپىق ئەمەس.

بۇ سوزدىن كېيىن پادىشا كارشۇناس بىلەن خىلۋەتكە كىرىپتۇ.

— ئەي دانىشمەن ۋەزىر! — دەپتۇ پادىشا، — بىز بىلەن ھۇقۇشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتكە سەۋەپ نىمە؟

— قەدىمقى ۋاقىتلاردا بىر قاغىنىڭ گەپ قىلىپ قويۇشى بىلەن ھۇقۇشلار كوڭلىدە ئاداۋەت تۇتۇپ كەلگەن. تا بۇگۇنگە قەدەر ئەنە شۇ خۇسۇمەت باقى قالغان.

— ئۇ قانداق ئىش ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— بىر توپ قۇشلار، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ كارشۇناس.

## قۇشلار بىلەن قاغىنىڭ ھىكايىسى

بىر توپ قۇشلار ئوزلىرىگە پادىشا تەيىنلەش توغرىسىدا كېڭەش قىلماقچى بولۇپ، بىر يەرگە يىغىلىپتۇ ۋە بۇ توغرىدا ھەر خىل سوزلەرنى قىلىشىپتۇ. ھەر بىرى بىر خىل قۇشنى ئوزلىرىگە پادىشا قىلىشنى ئىختىيار قىلىشىپتۇ ۋە ئاخىرى ھۇقۇشنى پادىشا قىلماقچى بولغان ئىكەن. بىر گۇرۇھ بۇ گەپنى قوبۇل قىلىشماپتۇ. نەتىجىدە ناھايىتى كوپ تالاش - تارتىش ۋە جىدەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپتۇ. ئاخىرى ئۇلار: "مۇشۇ جامائەتتىن ياشقا بىرسىنى تېپىپ، شۇنىڭدىن سورايلى، شۇ نىمە دىسە ئۇنىڭ سوزىگە ئۇنايلى" دىگەن يەرگە كېلىشىپتۇ. ئۇلار شۇ مەسلىھەتنى قىلىشىپ تۇرغاندا، بىر قاغا كېلىپ قاپتۇ:

— ئۆزى قۇشلار جىنسىدىن بولغان، ئەمما جامائىتىمىزدىن تاشقىرى قۇش مۇشۇ ئىكەن بۇ تائىپەدىنمۇ كېڭىشىمىزگە بىر كىشى لازىم ئىدى، — دىيىشىپ قۇشلار ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى ھەم ھۇقۇشنى پادىشا قىلىپ كوتەرمەكچى بولغانلىقلىرىنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ.

— بۇ نىمە دىگەن قەبىھ پىكىر ۋە يامان خىيال، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھىلقى قاغا، — ئۇ شۇم سەلتەنەت ۋە ھوكۇمەتكە ھەرگىز مۇناسىپ كەلمەيدۇ.

ھەددى ئەمەس چىۋىنىنىڭ سۇمرۇغ ئورنىنى تۇتماق،
راۋا بولماس پاشىغا لاچىن مەنسىۋىنى تاپماق.

قارچۇغا يۇكسەك ھىممەتلىك ۋە يۇقۇرى مەرتىۋىلىك، ئۇ زىنى خۇددى پەلەك بۇركۇتى بىلەن تەڭ دەرىجىدە تۇتىدۇ. نىمىشقا ئۇنى لايىق كورمەيسىلەر؟ تاۋۇس زىبا سۇرەتتى ۋە رەنا ھەيۋىتى بىلەن گۇلىستانغا زىننەت بېرىدۇ. ئۇنى نىمىشقا مەنزۇر كورمەيسىلەر؟ ھۇما قۇشنىڭ سايىسىدە پادىشالار دولەت تاجىنى ئېپتىخار بېشىغا قويىدۇغۇ؟ نىمە سەۋەپتىن ئۇنى ياد ئەتمەيسىلەر؟ بۇركۇتنى ئالساق، ئۇنىڭ قۇدرەتلىك قاناتلىرىنىڭ سادالىرىدىن تاغلارغا لەرزە چۇشىدۇ. نىمىشقا ئۇنى ئويلاپ باقمايسىلەر؟ ئەگەر ھەممە قۇشلارنىڭ ئۇلۇغلىرى جاھاندىن يوقالغان بولسا ۋە سەردار بولۇشقا ھېچكىم قالمىغان بولسا، قۇشلارغا پادىشاسىز كۇن كەچۈرمەك ئەلاكى، ھېچكىم ھۇقۇشنى سۇلتانىم دىيىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش نومۇسىنى گەدىنىگە ئالمىسۇن. چۇنكى ئۇنىڭ

كورۇنۇشى يېقىمسىز، ئەقلى قىسقا، ئاچچىقى يامان ۋە تەكەببۇر. ئۇنىڭ شۇنچە ئەيىپلىرى بولغانلىقى ئۈستىگە، بارلىق مەنىسى تىنىڭ سەرمايىسى بولغان كۆزدۈزنىڭ جامالىدىن مەھرۇم ۋە ئالەمگە روشەنلىك بېرىدىغان چىراق بولغان قۇياشنىڭ نۇرىدىن بىبەھرە دۇر. ھەممىدىن يامىنى شۇكى، ناھايىتى ئالدىراڭغۇ ھەم مىجەزى يەڭگىل، ئىنساپسىز نەرسە. بۇنداق خاتا پىكىردىن ۋاز كېچىڭلار ۋە ئىشىڭلارنىڭ بىناسىنى ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ھېكمەت يۇلىغا قۇرۇڭلار. شۇ چاغدا تىنچ ۋە راھەت ـ پاراغەتتە ئۆمۈر ئۆتكۈزىسىلەر. ئاۋال مۇنداق قىلىڭلار. ئاراڭلاردىن ئەقىللىق، ھوشيار ۋە زېرەك كىشىدىن بىرنى تەيىنلەپ قويۇڭلار. ھەرقانداق ھادىسە ۋە ئىش توغرا كېلىپ قالسا، ئۇزىنىڭ كامىل زېھنى ۋە كۈچلۈك تەدبىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلسۇن. بۇخۇددى توشقان ئۆزىنى ئاينىڭ ئەلچىسى قىلىپ كورسىتىپ، ئۇزىنىڭ ئوبدان تەدبىرلىرى بىلەن قەۋمىنى كاتتا ئاپەتتىن ساقلاپ قالغىنىغا ئوخشاش ئىش بولىدۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىشىپتۇ قۇشلار.

— رىۋايەت ۋىلايىتىدە بىر جەزىرە بار ئىكەن، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ قاغا.

## توشقان بىلەن پىللارنىڭ ھىكايىسى

رىۋايەت ۋىلايىتىدە بىر جەزىرە بار بولۇپ، ئۇ يەر پىللارنىڭ ماكانى ئىكەن. بىر يىلى ئۇ يەردە يامغۇر ياغماي، بۇلاقلارنىڭ سۇلىرىمۇ قۇرۇپ كېتىپتۇ. پىللار تەشنالىقتىن قىينىلىپ، پادىشاسىنىڭ قېشىغا يىغىلىپ ئەھۋال ئېيتىپتۇ. پادىشا: "تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ سۇ ئىزلەڭلار، ھەرقانداق جايدىن بۇلاق ياكى ئېرىق تاپساڭلار ماڭا خەۋەر قىلىڭلار" دەپ بۇيرۇپتۇ. پىللار تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ، ئاخىرى "ئايبۇلاق" دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقنى تېپىپتۇ. ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ناھايىتى كوپ بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ بۇلاق بويىنى توشقانلار ماكان قىلىشقان ئىكەن. پىل پادى-
شاسى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىشى بىلەنلا لەشكىرىنى باشلاپ
بېرىپتۇ. پىللار توپ-توپى بىلەن بارغاچقا توشقانلارنىڭ تولىسى
ئاياق ئاستىدا قېلىپ پاخشە بولۇپتۇ.

مەيدان تەرەپكە ئاتلىنىپ يۈرمىسەڭ ئەگەر ئاستا،
بولغۇسىدۇر پايمال پاشىلار ئېتىڭنىڭ ئاستىدا.

توشقانلار: "پىللار ئەگەر ئىككى-ئۈچ قېتىم كەلسە، بۇ
يەردە ھېچكىم قالمايدىغان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپ ھەممىسى
بىرلىكتە پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىشىپتۇ ۋە:

— ئەي پادىشا، ئادىل پادىشا دىگەن ئېزىلگەنلەرنىڭ پا-
ناھى ۋە مەھرۇملارنىڭ يۆلەنچۈكى بولىدۇ. تەختتە ئولتۇرۇش
خوشال-خورام يىلەن ئويناپ كۈلۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى
ئادالەت ئورنىتىش ئۈچۈندۇر.

ئەيلەپتۇ سېنى بىزگە پادىشا ھەق،
تاكى بولغايسەن يىقىلغانغا يۆلەك.

بىزنىڭ دادىمىزغا يېتىپ، پىللاردىن ئىنتىقامىمىزنى ئېلىپ
بەرگىن، ئەگەر بىر چارىسىنى قىلمىساڭ، پات-ئارىدا ئۇلار يەنە
كېلىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئاياق ئاستىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ قالغان-
لىرىمىزمۇ تۈگىشىمىز، — دېيىشىپتۇ.

بىر قاراش بىرلە ئالدىڭ ھۇشۇمنى تەندىن،
ئۆزگە نەرسە قالمىدى جاننى ئال مەندىن.

— بۇ ئاسانلىق بىلەن قول سالغىلى بولىدىغان كىچىك ئىش

ئەمەس، — دەيتۇ پادىشاسى، — ئاراڭلاردا ئەقىللىقلار بولسا ئالدىمغا كەلسۇن، كېڭەش قىلايلى، مەسلىھەت قىلماي تۇرۇپ، ئىشقا قەدەم قويۇش ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس.

بولسا كىشىنىڭ ئەقلى - ھۇشى بار،
مەسلىھەت قىلماي باشلىماس ھېچ كار.

توشقانلارنىڭ ئارىسىدا بەرۇز ئىسىملىك بىرى بار ئىكەن. ھەممىسى ئۇنى ھۇشيار، زېھىنلىك ۋە تەدبىرلىك دەپ ھىساپلايدىكەن. ئۇ پادىشانىڭ تەشۋىشكە چۈشكەنلىگىنى كورۇپ، پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ شۇنداق دەيتۇ:

— بولدىڭىز ئەي پادىشاھىم مەملىكەتكە باشپانا.
ئادالەتكە لازىم ئىدى سىزگە ئوخشاش رەھنامە.
قىلسىڭىز پۇقراغا شەپقەت مەرھەمەتلەرنى ئەگەر،
سىزگە بولغاي تائەبەتكە بەختۇ ئىقبال ئاشنا.

ئەگەر سىز ماقۇل كورسىڭىز، مېنى پىللارنىڭ قېشىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىڭ، ئەلچىلىك ساھەسىدە ھۈنىرىمنى كورسىتەي.
— سېنىڭ راستچىللىغىڭغا ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغانلىغىڭغا مەن ھېچ گۇمان قىلمايمەن، — دەيتۇ پادىشا ئۇنىڭغا، — مەسلىھەتلىك سوزلىرىڭ ۋە مەنپەئەتلىك ئىشلىرىڭنى ئاڭلىدىم ھەم كوردۇم.

نۇر چاقنىغان ئالتۇنۇڭنى مەن كوردۇم،
ئىمتىھانىم بوتىسىدا كوپ قېتىم.

خەيرلىك بىلەن بارغىن، قاچان ۋە قانداق ئىشنى لايىق

كورسەڭ ئورۇنلىسغىن. ئوزەڭگۈ بىلىسەن، پادىشانىڭ ئەلچىسى پادىشانىڭ تىلىدۇر. ئەگەر بىر كىشى بىر كىشىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە كوڭلىدىكى غەرىزىنى بىلەي دىسە، ئەلچىسىنىڭ سوزى ۋە پەيلىدىن پەملەيدۇ. چۈنكى ئەلچىدىن ھۈنەر ۋە پەزىلەت زاھىر بولسا، ئۇنىڭ پادىشاسىنىڭ دانىشمەن ۋە زىرەك ئىكەنلىگىگە دالالەت قىلىدۇ. ئەگەر ئەلچىدىن سەۋەنلىك ۋە غەپلەت سادىر بولسا، ئۇنىڭ پادىشاسىنىڭ نادان ۋە كورلىغى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ھەقتە ھوكۇمالار: "ئەگەر پادىشاسى بىر تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولسا، لەشكىرى ئارىسىدىن قايسى دانا، سوزمەن ۋە كاملىراق بولسا، شۇنى ئەۋەتىشى كېرەك" دەپ تەكىتلىگەن. بۇرۇنقى پادىشالار كوپىنچە ھوكۇمالارنى ئەلچى قىلىدىكەن. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنمۇ كوپ چاغلاردا كىيىملىرىنى ئوزگەرتىپ، ئەلچىلىككە ئوزى بارىدىكەن ۋە پات-پات:

ئەلچىلىك ئىشى شىر شىكارىدۇر،
شىرغا بېرىپ شىر سوزىن يەتكۈزۈر.

دەپ قويىدىكەن. بۈزرۈكلارمۇ ئەلچى ئەۋەتىش ئىشى توغرىسىدا مۇنداق دىگەن ئىكەن:

بولۇش لازىمدۇر ئەلچى ئىشقا دانا،
ئوزى قاۋۇل، تىلى ھەم سوزگە ئۇستا.
ھەر تاماندىن سورىسا سوز، بەرگەي جاۋاپ،
ئوزى بىلىپ ئىشنى توغرا باشلاپ.
كوڭۈل سىرىنى قىلغاي ئاشكارا،
قىلۇر بولسا ئۇنى مەجلىس تەقەززا.
بەزى ئەلچى قوپال سوزلەپ سوزىنى،
خاراپ قىلۇر جاھاننى ھەم ئوزىنى.

يەنە بەزىسى ئېيتىپ ياخشى گۆپتار①،
ئىككى زىتنى بىر بىرىگە قىلۇر يار.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ بەرۇز، — ئەلچىلىك قائىدىسىنى مەنىمۇ ئانچە - مۇنچىلا بىلەتتىم. ئۇزلىرى مەرھەمەت قىلىپ بۇ توغرىدىكى رەسىم - يوسۇنلاردىن ماڭا تەلىم بەرگەيلا، مەن ئۇنى ھەر بىر ئىشىمدا ئۇزەمگە رەھبەر قىلاي.

— ئەي بەرۇز، — دەپتۇ توشقانلار پادىشاسى، — ئەلچىلىك ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ ياخشىراغى شۇكى، سوزنىڭ ئېپتىداسىدا تىل تىغىنى پارقىراق شەمشەردەك تېز چەكسەڭمۇ، لېكىن ئاخىرىغا يەتكەندە ئاندىن مۇلايىملىق جەۋھىرىنى ۋە مادارا نۇرىنى ئىزھار قىلغىن. ھەرقانداق سوزۇڭنىڭ بېشىدا قاتتىقلىق پەملەنسۇن، ئاخىرىدا يۇمشاقلىق ئاڭلانسۇن.

ياخشى سوزلەر يوق ئىتەر ئەل قەلبىدىكى گىنەنى،
ياخشى تىل شۇكى يوقاتقاي چېھرىدىن غەم - قايغۇنى.

قىسقىسى، ئەلچى سوزى ئاچچىق بىلەن تاتلىقتىن ۋە غەزەپ بىلەن رەھىملىكتىن تەركىپ تېپىپ، شۇنىڭ بىلەن پادىشانىڭ نومۇسىمۇ سۇنماسلىقى ۋە دۇشمەن مەيۇسلىنىپ ئاداۋەت پەيدا قىلماسلىقى كېرەك.

بەرۇز پادىشانىڭ دەرگاھىدىن رۇخسەت سوراپ چىقىپ، سەۋرى قىلىپ تۇرۇپتۇ. پۇتۇن ئەتراپ تۇن لىباسىنى كىيىپ، قاراڭغۇلۇق پەردىسىنى ئاسمان ئايۋىنىنىڭ ئالدىغا سالغان ۋە قۇدرەت باقاۋۇلى پەلەكنىڭ نىل رەڭلىك داستىخىنى يۈزىدە ئاينىڭ كۈمۈشرەڭ تاۋىقىنى نامايەن قىلىشقا باشلىغان چاغدا،

① گەپ - سوز.

تۈن چېچى ئالەمگە ئىپار توككەندە،
پەلەك ئۆگزىسىن ئاي مۇقام ئەتكەندە.

ئاي مەركىزى ئاسمان دائىرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئىكەن. بەرۇز پىللار جەزىرىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ مەنزىلىگە يەتكەندىن كېيىن: "بۇ زالىملارغا يېقىن بارسام ماڭا ھالاكەت خەتىرى يېتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنداق يوغان نەرسىلەر مەندەك ئاجىز بىچارىنىڭ ئۆلۈشىدىن پەرۋا قىلمايدۇ" دەپ ئويلاپ تۇرۇپ قاپتۇ.

رەھىم ئەتمىسە ھالىمغا، تۇغۇلمىغاي ئاجايىپ ئىش،
چىراقنىڭ ئۆچمىگى بىرلە ئىشى يوقتۇر بوراننىڭ ھېچ.

"ئۇنىڭدىن كۆرە بىر ئىگىز يەرگە چىقاي ۋە ئەلچىلىگىمنى يىراقتىن مەلۇم قىلاي. ئەگەر قوبۇل قىلسا، كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولىدۇ. ئەگەر ئەپيۈنۈم ئۇلارغا كار قىلمىسا، جېنىمنى سالامەت ئېلىپ كېتەلەيمەن" دەپ ئويلىغان بەرۇز ئىگىز دۆڭگە چىقىپ، پىللارنىڭ پادىشاسىغا قاراپ ۋاقىراپتۇ:

— ئەي پادىشا! مەن ئاينىڭ ئەلچىسىدۇرمەن، ئەلچى ھەر قانداق ئاچچىق-تاتلىق سۆز قىلسا، ئۇنى مەزۇر تۇتماق كېرەك. چۈنكى ئەلچىنىڭ دېيدىغىنى ئۆزىنىڭ سۆزى ئەمەس. ئەلچىنىڭ ئىشى پەقەت سۆز يەتكۈزۈشتۇر. گەرچە سۆزۈم ساڭا قوپال ئاڭلانسىمۇ قوبۇل قىلىپ قۇلاق سالغايسەن. ھەزرىتى ئاي ماڭا نىمە دىگەن بولسا كەم-زىيادە قىلماي يەتكۈزىمەن، ئۆزەڭگە مەلۇم، ئاي كېچە دۇنياسىنىڭ پادىشاسىدۇر. ئەگەر كىم ئۇنىڭ يارلىغىغا خىلاپلىق قىلسا ۋە سۆزىنى ئاڭلىمىسا، ئۇز ئايىغىغا ئۆزى كەكە چاپقان ۋە ئۆز قولى بىلەن ئۆزىگە شەمشەر ئۇرغان بولىدۇ.

پىللار پادىشاسى بۇ سىياسەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تەۋرەپ قوپۇپتۇ ۋە:

— قانداق يارلىق كەلتۈردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەلتەنەتنىڭ پاناھى ۋە مەملىكەتنىڭ شاتلىقى ئاي ھەزرىتىم ئېيتىدۇركى، — دەپتۇ بەرۇز، — ھەر كىم كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە شان-شەۋكىتىگە مەغرۇر بولۇپ، ئاجىز ۋە يېڭىلگەنلەرنى ئاياق-ئاستى قىلماقنى قەست قىلسا، ئاشۇ سۈرىتى بىلەن ھالاكەت تۇپرىقىغا يىقىلىدۇ ۋە ياكى شۇ سۈپىتى شۇملۇقىدىن ھالاكەت قۇدۇقىغا تىقىلىدۇ.

تەكەببۇرلۇق قىلما، ئۇدۇر جاھالەت،
كۆڭلۈڭ ئىچرە يول تاپمىسۇن ئاداۋەت.
زالىملىق ئىپتىغا توقۇما ئىگەر،
ئاقىۋەت ئىشىڭنى چۈشەنسەڭ ئەگەر.
بۇ كەلگۈن ئاخىرى قىلار سېنى يوق،
پەلەك ئوقياسىدىن باغرىڭ يەگەي ئوق.
شەۋكىتىڭنى پەلەك ۋەيران ئەتكۈسى،
ئاقىۋەت كارىڭ قولۇڭدىن كەتكۈسى.

سەن ئۆزگە ھايۋانلاردىن يوغان ۋە كۈچلۈكمەن دەپ مەغرۇرلىنىپ، مېنىڭ سۆيۈمگە قەست قىلىپسەن، ھەتتا ئۇ يەرگە لەشكەرىڭنى ئېلىپ كەپسەن. سەن بىلمىسەڭ كېرەك، تېز ئۇچىدىغان بۈركۈت ئۇ بولاق ئۈستىدىن ئۇچىدىغان بولسا، غەيرىتىمنىڭ ئوتى ئۇنىڭ قاناتلىرىنى كۆيدۈرىدۇ. ئەگەر سۇ يۇلتۇزى ئاسمان ئورمانلىقىدىن تاما كۆزى بىلەن ئۇنىڭغا قارىسا، جۈرئىتىم ئوقى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇپ تاشلايدۇ.

ئۆلگۈسىدۇر دېۋە ئۇندا بارغاندا،
قۇش قانىتى كۆيگۈسى ئۇ تاماندا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەر ئۈستىدىن ئۆتمەكچى بولسا گەردۇن①،
قورقۇنچىدىن بولغۇسى يۈرىكى خۇن.

مەن ساڭا رەھىم-شەپقەت قىلىپ، بۇ سۆزنى ئېيتقۇزۇپ ئەلچى ئەۋەتتىم. ئەمدى ئۆز ھەددىڭنى بىلىپ، ئۇنداق بىئەدەپلىكتىن يانساڭ توغرا قىلغان بولىسەن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، ئۆزەم بېرىپ سېنى تۈرلۈك ئازاپ-ئوقۇبەت بىلەن ئۆلتۈرىمەن. ئەگەر ئەلچىمنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىسەڭ ئۆزەڭ كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشكىن. شۇ تاپتا مەن ئاشۇ بۇلاقتا ھازىردۇرمەن. مېنى بىۋاستە كۆرۈش بىلەن ھەيۋەتىم كۆڭلۈڭگە مەھكەم ئورنىشىپ، بۇندىن كېيىن بۇ بۇلاقنىڭ ئىسمىنى ئاتىيالمايدىغان بولۇپ كېتىسەن.

پىللار پادىشاسى ئاشۇ خەۋەر بىلەن بۇلاق لېۋىگە كەپتۇ. قارىسا ئاي سۇ ئىچىدە تۇرغان ئىكەن. پىل پادىشاسى ئۇنى كۆرۈپ ناھايىتى قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ.

— ئەي پىل پادىشاسى، — دەپتۇ بەرۇز، — بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ يۈزۈڭنى يۇيۇپ ئايغا سەجدە قىل، بەلكىم ساڭا رەھىم قىلىپ گۇناھىڭنى كەچۈرەر.

پىل خارتۇمىنى بۇلاققا تىققان ئىكەن، سۇ چايقىلىپ ئاي تەۋرىنىپتۇ. بىچارە پىل "ئاينىڭ غەزىپى كەلگەن ئوخشايدۇ، مېنى تۇتۇشقا تەمشەلدى" دەپ ئويلاپ كاللىسىدىن ھوشى ئۇچۇپتۇ.

— پاتراق سەجدە قىلغىن، غەزىپى بېسىلسۇن، — دەپتۇ بەرۇز.

پىل دەرھال سەجدە قىپتۇ ۋە بىردەمدىن كېيىن بېشىنى كۆتەرسە ئاي جىم بولغان ئىكەن، پىل شۈكرىلەر بىجا قىلىپتۇ ۋە "بۇندىن كېيىن بۇ تەرەپكە ھەرگىز كەلمەيمەن ۋە قەۋمىمنى بۇندىن كېيىن بۇ تەرەپكە ھەرگىز قەدەم

① گەردۇن — پەلەك، ئاسمان، تەقدىر.

باسماڭلار دەپ ۋەسىيەت قىلىمەن" دەپ تەۋۋا قىلىپ كەيىنىگە يېنىپ قېچىپتۇ ۋە قۇتۇلغىنىغا بىجانىدىل بىلەن مىننەتدار بولۇپتۇ. بەرۇز بۇ خۇشخەۋەرنى پادىشاسىغا يەتكۈزۈپتۇ. ھەممە توشقانلار شات بولۇشۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، توشقانلار ئەنە شۇنداق ھىيلە بىلەن چوڭ بالا - قازادىن قۇتۇلۇپتۇ. بۇمىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ئەنە شۇنداق مۇھىم پەيتتە ئالدىغا چىقالايدىغان ۋە دۈشمەننى بىر تەرەپ قىلىشقا ھەركەت قىلالايدىغان كىشى بولۇشى كېرەك. ئەگەر مۇشۇنداق ۋاقىتتا، جامائەتچىلاردا كېڭەشلىك كىشى بولغان بولسىدى، سىلەرنى ئاشۇ شۇم قۇشقا ئىنائەت قىلىش خىيالىنى قىلىشقا قويمىغان بولاتتى ۋە: "ھەي قەۋم، ئۇ نامۇبارەكنىڭ خىزمىتىنى ئىختىيار قىلماڭلار. چۈنكى ئۇنىڭ يامان ئەيىۋى ۋە ئەسكى سۈپەتلىرى بەكمۇ كوپ، ھەممىدىن قەبىھ قىلىقى شۇكى، ئۇ مەككار ۋە تەبىئىتى ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن قورۇلغان، پادىشا بولغۇچى ئۈچۈن خىيانەتچىلىك ۋە يالغانچىلىق بەكمۇ ئەيىپلىك، جاھاندا ۋاپاسىزلىقتەك يارىماس ئىش يوق" دەپ ئېيتقان بولاتتى.

ئەگەر بىركىم كوڭلىدە بولمىسا ۋاپا،
ئۇندا يوقتۇر ئاشنالىق زادىلا.
خىيانەتتىن كوڭۇل تاپقاي قارالىق،
جىمى ئەيىپتىن يامانىدۇر بىۋاپالىق.

پادىشالار خۇدايىتائالانىڭ سايىسىدۇر. ئۇلارنىڭ ئادالەت ئاپتىۋى بولمىسا، ئالەم روشەن بولمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىھسانلىرى پانا بولمىسا، خالايىق ئامانلىق تاپالمايدۇ.

ئادالەت بولمىغان بولسا گەر مىئمار ①،
پۈتمىگەن بولاتتى گۈمبەزى دەۋۋار②.

---

① مىئمار — بىناكار.

② گۈمبەزى دەۋۋار — دەۋر ئەتكۈچى، ئاسمان.

www.uyghurkitap.com

يەرئەھلىنىڭ ئامانلىق رىشتىسى پادىشا ۋۇجۇدىغا باغلىق بولىدۇ. مەككار پادىشا بىلەن مۇئامىلە قىلماق قىيىن. شۇڭا ئۇنىڭغا ھېچ كىم بېقىنمايدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ جاپاسىغا مۇپتالا بولۇشنى خالىمايدۇ. ئۇنداق بولمىسا، روزىدار مۈشۈكتىن كەكلىك بىلەن چىلغا بالا - قازا يەتكەندەك ئىش بولىدۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ قۇشلار.

— مەن پالانى تاغدىكى بىر دەرەخ ئۈستىدە چاڭگا تۇتقان ئىدىم، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ قاغا.

## كەكلىك، چىل ۋە مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى

مەن پالانى تاغ ئۈستىدىكى بىر دەرەختە چاڭگا تۇتقان ئىدىم. ماڭا بىر كەكلىك خوشنا ئىدى. ھەممىشە ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولاتتۇق ۋە ھالىمىزغا يارىشا سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى ئېيتىشاتتۇق. بىر كۈنى كەكلىك ئۆز ئۇۋىسىدىن غايىپ بولغانلىقىنى كوردۇم. بىر نەچچە ۋاقىتقىچە خەۋەر ئېلىپ تۇرغان بولساممۇ، پەيدا بولمىدى. بىر كۈنى بىر دانە چىل پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالدى. مەن كەكلىكنى ئولگەن ئوخشايدۇ، دەپ چىل بىلەن جېدەل قىلمىدىم ۋە بىرى كەتسە يەنە بىرى كېلىدۇغۇ، دەپ ئويلىدىم. بىر كۈنلەردە كەكلىكمۇ يېنىپ كەلدى ۋە ئۇۋىسىدا ياتقان بىگانىنى كورۇپ:

— ھەي تۇز ئورنۇڭدىن، ماكانىمنى ماڭا بوشىتىپ بەر، — دەپ پەريات قىلدى.

— بۇ زېمىننىڭ ئىگىسى مەن. بۇ ۋەتەننى مېنىڭ دەپ دەۋا قىلساڭ ئىسپاتىڭ بارمۇ؟ — دىدى چىل.

— بۇ مېنىڭ قەدىمىي جايىم، ئۇنىڭغا گۇۋاچىلار كوپ، — دىدى كەكلىك.

ئەتىجىدە تالاش - تارتىش ئۇلغايدى. مەن ھەرقانچە

سۇلۇھ قىلسامىۇ كار قىلمىدى. ئاقىۋەت ئۇلار: ئادىل بىر ھاكىم تېپىپ شۇنىڭغا ئەرز قىلساق، ئۇ راستلىق بىلەن دەۋايىمىزنى سوراپ ئۈزلەشتۈرسۇن، دېگەن يەرگە كېلىشتى.

— بۇ يېقىن ئارىدا ھەممىشە ئىبادەت قىلىپ تۇرىدىغان مۇشۇك بار، ئۇ كۈندۈزى روزا تۇتىدۇ. كېچىسى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىدۇ. يەنى ئالتۇن تەختلىك قۇياش ئاسمان ئوردىسىغا چىققاندىن تارتىپ، تۈن قارابىساتىنى پەلەك سەھنىسىگە يايغىچە ئارىلىقتا نەپسىنى رىيازەت بوتىسىدا ئاچلىق ئوتى بىلەن كۆيدۈرۈپ، سۇ ۋە گىيادىن ئۆزگە نەرسە بىلەن ئىپتار قىلمايدۇ. يۇلتۇزلار لەشكەرلىرى ئاسمان مەيدانىدا جەۋلان قىلغاندىن تارتىپ، قۇدرەت سۈپۈرگىسى سۈبھى قەندىلىنى پەيدا قىلىپ، جاھان سارىيىنى يورۇتقىچە ئارىلىقتا، خۇددى شامدەك تائەت پۇتى بىلەن تىك تۇرۇپ، ئىشق شولىسى بىلەن يالقۇنلىنىپ يېشىنى ئاققۇزىدۇ.

بۇ جاھان كوزگۇسىدىن كوزنى يېپىپ،
پېقىرلىقتىن كوڭلىگە پەيزى تېپىپ.
ئىككى ئالەمدىن كېچىپ خىلۋەت ئارا،
ئۆزىگە يات، ھەققە بولغان ئاشنا.

ئۇ ھېچقانداق جانىۋارغا ئازار يەتكۈزمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئادىل قازىنى ھېچقەيەردىن تاپالمايمىز. شۇنىڭ قېشىغا بارايلى، — دېدى كەكلىك.

ئىككىلىسى بۇ مەسلىھەتكە رازى بولۇپ، مۇشۇكنىڭ قېشىغا ماڭدى. مۇشۇكنىڭ "ئادىللىقى ۋە ئىنساۋىنى" تاماشا قىلماقچى بولۇپ مەنمۇ كەينىدىن بىللە باردىم. ئۇ زاھىت مۇشۇك بۇلارنى كورۇپلا ئورنىدىن قوپۇپ، نامازغا تۇردى ۋە تەھرىمە باغلاپ ناماز مېھرابىغا يۈز ئورۇدى. ئۇ ئىبادىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنداق ئۈزۈنغا سوزدىكى، تائەت-ئىبادەتتى ئاۋالقى رەسمى-قائىدىسىدىن ئۆزۈراپ كەتتى.

جەھەننەمنىڭ ئاچقۇچىدۇر ئۇنداق ناماز،
ئەل ئالدىدا ئوتەر بولساڭ شۇنداق داراز.
قىلىپ ھەممە يامان ئىشنى خىلۋەت ئارا،
خەلق ئالدىدا تەقۋا بولماق نىمە پايدا!

چىل مۇشۈكنىڭ بۇ ئەپىئالىدىن ئەجەپلەندى، كەكلىك ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن ھەيران بولدى. ئاخىرى مۇشۈك نامازدىن پارىغ بولدى. ئۇلار مۇشۈككە ھورمەت بىلەن ئىلتىماس قىلدى ۋە "قازىلارغا قازى بولغايسەن" دەپ بىرمۇنچە مۇبالىغە قىلغاندىن كېيىن، مۇشۈك قازىلىق كۈرسىسىدا ئولتۇرۇشنى قوبۇل قىلىپ:

— سوزۇڭلار بولسا ئېيتىڭلار، — دىدى.
كەكلىك دەۋا قىلىپ ئەرزىنى ئېيتتى.
— ئەي يىگىت، — دىدى مۇشۈك، — ماڭا قېرىلىق يەتتى. باش-كوزۈمگە چەرخ تۆگمىنىدىن توزانلار قوندى. ھادىسىلەر خازانىنىڭ قولى مەندىكى يىگىتلىك ۋە لەتاپەت ئاپتىۋىنى تىرىكلىگىمنىڭ بوستانىدىن تارتىۋالدى. كۈچ-قۇۋۋىتىمنىڭ ئەسۋاۋى بولغان ياشلىق كېچىسى قېرىلىق كۈندۈزى بىلەن ئالمىشىپ قالدى.

يىگىتلىك باھارىم كېتىپتۇ ئوتۇپ،
ئومرۇمنىڭ مەۋسۇمى كېتىپتۇ كوچۇپ.
ھەۋەس ئاز قالدىيۇ نادامەت بىسيار،
ئەزالار قۇۋۋىتى بوپ قالدى بىكار.

يېقىنراق كېلىڭلار، سوزۇڭلارنى ئۇنلۇكرەك ئېيتىڭلار.

دەۋاگەرنىڭ دەۋاسىنى ۋە جاۋاپكارنىڭ جاۋاۋىنى ئېنىق ئاڭلاپ ھوكۇم قىلاي. ھوكۇم قىلىشتىن بۇرۇن سىلەرگە دوستانە ۋە بىغەرەز ھالدا نەسىھەتلەرنى قىلاي. چۈنكى دۇنيادىن كېچىپ، دىن يولىغا كىرگەنلەرنىڭ مەسلىھەتى ھەممە جايدا لازىم بولۇپ قالىدۇ.

سوزۇمدىن گەر بۇگۈن بولساڭ بەدگۇمان،
بوۋرسەن ئەتىكى كۈندە پۇشايمان.

ئەگەر ۋەزلىرىمنى كوڭۇل قۇلىغى بىلەن ئاڭلىساڭلار مەن مۇرۇۋۋەت ھەققىنى گەدىنىمدىن ساقىت قىلغان بولاتتىم.

ئەيلەپ ساڭا نەسىھەت بۇرچۇم ئادا قىلارمەن،
قوبۇل ئېتىش-ئەتمەسنى ئوزەڭ بىلىپ قىلارسەن.

ياخشىسى، ھىچقايسىڭلار ھەقىقەتنى ياپماڭلار، راستىنى ئېيتىڭلار، دۇنيانىڭ ئەسقاتمايدىغان مال-مۇلكى ئۇچۇن يالغان سوزلەپ، ئاخىرەتنىڭ ناز-نېمەتلىرىدىن مەھرۇم بولماڭلار.
— ۋاي ئادىل ھوكۇم قىلغۇچى، — دىدى كەكلىك، — ئەگەر ھەممە خالايىق راستلىقنى ئادەت قىلغان بولسا ۋە دىيانەت يولىنى تۇتقان بولسا، ھاكىم قازىلار قېشىغا بېرىشقا، گۇۋادىن ئوتۇشكە ۋە قەسەم ئىچىشكە ھىچ ھاجەت چۈشمە-گەن بولاتتى. دەۋاگەر ۋە جاۋاپكار ئىككىلىسىنىڭ ئاقىل كوزد-نى غەزەپ پەردىسى توسۇۋالغاچقا، ئىلاجىنىڭ يوقىدىن، كوڭلىنىڭ كوزى راستلىق سۇرمىسى بىلەن روشەن بولغان قازىغا مۇھتاج بولىدۇ-دە، قازى ئۇلارغا ساۋاپ جامالىنى كورسىتىدۇ. بۇ مەنىدە كاتتىلاردىن بىرى بىر ھىكايىنى نەزمە يىپىغا تىزغان ئىكەن.
— ئۇ قانداق نەزمە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى مۇشۇك.
كەكلىك ئېيتىپ بەردى:

بىراۋغا قازى ھوكۇم قىلدى ناگاھ،
لېكىن ئۇ يىغىلدى تارتىپ تولا ئاھ.
بىر كىشى سوزلىدى ئۇڭا: "ئەي قازى،
نەھوكۇم بۇ قىلماستىن ئۇنى رازى".
قازى ئېيتتى: "بىلگىنكى بۇدۇر ھالىم،
ئەمەسمەن غەيرىنىڭ سىرىغا ئالىم.
گەر كەلسە ئىككى كىشى دەۋا قىلىپ،
ئىككىلىسى ئۇز سىرىنى ئۇزى بىلىپ.
ئىككىلىسى دىسە: "قازى ئەدلى قىل"،
ئاڭا قانداق ھوكۇم قىلاي مەن جاھىل.
گۇمان بىلەن تۇرسام گەر مۇشۇ پەيتتە،
قانداق جاۋاپ بېرىمەن ئاخىرەتتە؟".
سورىغۇچى دىدى يەنە: "ئەي ئالى زات،
گەرچە قويساڭمۇ ئۇزەڭگە جاھىل ئات.
لېكىن سەن ئالىمسەن، سەن شامى مىللەت،
ئۇ ئىككى ئالەمدە ساھىبى ئىللەت.
ئىلىمگە قوشۇلۇپ كەلسە گەر غەرەز،
ئۇ ئىلىم ئەمەستۇر بەلكى بىر مەرەز.
ئېھتىمال رىيادىن سەن پاكى دامان ①
بۇ ئىشىڭ توغرىدا يوقتۇر ھىچ گۇمان.
پارا ئالماققا ئەگەر بولساڭ مايىل،
جاھىللىققا بولغايسەن شۇندا قايىل".
قازى قىلىپ ئۇزىنى پارا پەرەست،
ھەقنى بۇزۇپ يەتكۇزەر دىنغا شىكەست.

خۇداغا شۇكرى، سېنىڭ كوڭلۇڭ ئەيىنىگىنى غەرەز زەنگىسى قارايتىۋەتمىگەن ۋە دىيانىتىڭنىڭ كوزى ھارام پارىخورلۇغىنىڭ ھىرىس ئوتى بىلەن خىرە بولمىغان، شۇڭا كىمنىڭ

① پاكى دامان — نومۇسلۇق، پاكىز.

ھەق بولسا شۇنىڭغا ھوكۇم قىل، قايسىمىز شەرىئەت ھوكمىدىن باش قايتۇرساق، ئۇنىڭغا سىياسەت قىل ۋە ئازاپ - ئوقۇبەت كورسەت. كىمكى ھوكمىڭدىن بويۇن تولغىسا ئۇنىڭ بېشىنى كەس.

— توغرا ئېيتتىڭ، — دېدى مۇشۇك، — سىلەرمۇ غەرەز كوچەتلىرىنى كوڭۇل سەھنىسىدىن يۇلۇپ تاشلاڭلار، شۇنى بىلىڭلاركى، كىمنىڭ راست بولسا، ھەقىقەت غالىپ بولىدۇ. ئەگەر ئەمەلىيەتتە مۇددىئاسىغا يېتەلمەي يالغانچىلىق قىلسا، شۇ سەۋەپتىن مەغلۇپ ۋە نابۇت بولىدۇ. كورۇنۇشتە ھېچكىم ئۇنىڭ مۇرادىغا ھەر قانچە مۇۋاپىق كەلگىنى بىلەن يالغانچى تەھقىق يوقالغۇچىدۇر. شۇڭا:

بېشىم ئۇزرە گەر بۇگۇن ئات سالارسەن،
تاڭلا سەن ھەم بالا ئارا قالارسەن.
ناھەق ئىشقا كىشى گەر بولسا راۋان،
ئوز ۋۇجۇدىن قىلغۇسى ئوزى ۋەيران.

دەپ ياخشى ئېيتىلغان. مەن سىلەرگە دەپ قوياي، ياخشى خۇيلۇق بولۇڭلار، ياخشى خۇيۇڭلار ئاخىرەتنىڭ سەرمايىسى بولىدۇ. ئومۇر دېگەن نەرسە باھار يامغۇرى ۋە گۈلىستان مەۋسۇمىدەك باقاسىزدۇر. ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭلار. باشقىلارنىڭ زەرەر ۋە مەنپەئەتلىرىنى ئوزەڭلارنىڭ پايدا - زىيىنىڭلاردەك بىلىڭلار. ئوزەڭ ياخشى كورمىگەننى باشقىلارمۇ راۋا كورمەيدۇ!

مۇشۇك ئەنە شۇنداق شېرىن ئەپسانىلەر بىلەن ئۇلارغا ئەپسۇن ئوقۇدى. ئۇلار خاتىرجەم بولۇپ مۇشۇكنىڭ ئالدىغا يېقىن باردى ۋە كوڭۇللىرىنى توختىتىپ ئەرزلىرىنى ئېيتىپ ئولتۇراتتى، مۇشۇك بىر ھەملە بىلەن ئىككىلىسىنى تۇتۇۋالدى ۋە گوشلىرىنى مەيدىسىنىڭ قازنىغا سالدى. ئۇلار ئۇ يەردە ھەقىقەتنى تاپتى.

بۇ مەسىلىنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، بەتتەلىق ئالدامچىغا ئىشەنگۈلۈك ئەمەس. ھۇقۇشنىڭ شۇملۇغى ۋە مەككارلىغىدىن سۆيپەتى ئاشۇنداق. ئۇنىڭ ئەيىپلىرى سانسىز ۋە نۇقسانلىرى ساناقسىز. مەن پەقەت يەتتە دەريادىن بىر تامچە ۋە توققۇز ئاسماندىن بىر زەررىچىلىكلا ئېيتتىم.

ئېيتسام ئەگەر مىڭ يىل ئۇنىڭ ۋەسپىنى،
تەرىپ قىلالماسمەن مىڭدىن بىر قىسمىنى.

مۇبادا ئۇنى پادىشالىققا كوتەرسەڭلار، شاھلىق تاجىنى كىيگىنىدە، جاپاكار پەلەك بەختسىزلىك تېشىنى شۇم بېشىغا ئۇرغۇسى ۋە سەلتەنەت تەختىگە ئايىغى يەتكەنىدە، غەزەپ ھاسىسى بىلەن ئىنتىقام ئايىغىنى سۇندۇرغۇسى. قىسقىسى، ئۇنىڭ پاسكىنا زاتى تەربىيەتنى قوبۇل قىلمايدىغانلىغى ئۈچۈن ئەمگىكىڭىزلار زايا بولىدۇ.

پاك ئەسىل گوھەر كېرەك ئەتكىلى ئالتۇن بېزەك،
گوھەر بىلەن مارجان ئەمەس بەسكى ھەر تاش ھەر كېسەك.

قۇشلار قاغىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ھۇقۇشنى پادىشا قىلىش نىيىتىدىن قايتىپتۇ. ھۇقۇش دىگەن بۇ خاكسارنىڭ قاغىغا ئاچچىغى كېلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي نومۇسسىز قارا يۈز، مېنىڭ كوڭلۈمنى قاتتىق ئاغرىتتىڭ. ئىززىتىمگە توسقۇنلۇق قىلىپ، ماڭا خارلىقنى راۋا كوردۈڭ. ئارىمىزدا شۇنداق گىنە-ئاداۋەت پەيدا قىلدىڭكى، بۇنى يۈزمىڭ ئەسىردىمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. كوڭلىمىزگە پىتنە ئوتىنى شۇنداق ئۇلۇغ ياقتىڭكى، ھەممە دەريالارنىڭ سۈيى بىلەنمۇ ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ. بىلىپ قويغىنكى، دەرەختنى كەسسە

يىلتىزىدىن يەنە ئۈنۈپ چىقىپ يوغىنايدۇ. لېكىن مۇھەببەت كۆچىتىنى جاپا پالتىسى بىلەن كەسسە ئۈنىڭدىن مۇتلەق ۋاپا شېخى پەيدا بولمايدۇ. كىشىگە قىلىچتىن جاراھەت يەتسە ئاخىرى تۈزۈلىدۇ. ئەمما كۆڭۈلگە يەتكەن سۆز يارىسى ھەرگىز ساقايمايدۇ.

كۆڭۈلگە يەتسە گەر تىلدىن جاراھەت،
ھېچ مەلھەم قىلالماس ئۇنى سالامەت.

بەدەنگە قادالغان ئوقنى تارتىۋېلىش مۇمكىن ۋە لېكىن ئەگرى تىل ياسىدىن كۆڭۈلگە تەككەن ئوقنى چىقارغىلى بولمايدۇ. ھەر قانداق زەھەرلىك نەرسىنى باشقا بىر نەرسە توسالايدۇ. ئوت سۇ بىلەن ئۆچىدۇ. زەھەرنى تەرياق باسىدۇ، ئەمما گىنە ـ ئاداۋەت ئاغرىقىنى ھېچقانداق دورا بىلەنمۇ شىپا تاپالمايدۇ. ئەمدى بىزنىڭ جامائىتىمىز بىلەن سىبىنىڭ قەۋمىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت تىكىنى شۇنداق ئۈندىكى، يىلتىزى تەھتى سەراغا، شاخلىرى سۈرەيياغا يەتتى.

ھۇقۇش سۆزىنى تۈگىتىپ، ئەھۋالى قايغۇلۇق ۋە كۆڭلى سۇنۇق ھالدا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. قاغا دېگەن سۆزلىرىدىن پۇشايمان يەپ، ئۇزاق ئەندىشىدە قاپتۇ ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: "يامان ئىش قىلدىم ۋە ئۆز جامائىتىمگە كۈچلۈك دۈشمەن پەيدا قىلدىم. قۇشلارغا نەسىھەت قىلىشنى ماڭا كىم قويۇپتۇ. باشقا قۇشلارمۇ ھۇقۇشنىڭ ئەيىۋىنى مەندىن ئوبدانراق بىلىدىكەن، لېكىن ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىلىپ، ھېچ نىمە دېمىگەن ئىكەن. مەنمۇ شۇنداق قىلسام بولۇپتىكەن. يەنى جەڭ ۋاقتىدىن باشقا چاغدا شەمشەر ئويناش خاتا ئىش. تىل تىغىنى بىمەھەل ۋە زورۇرىيەتسىز ۋاقىتتا چەكسە، بويۇن كېسىلىپ باش كەتكۈسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگەر تىل ئۇيلىماي سوزلىسە سۆخەن،
تەن ئەمەس ۋەھىمىدىن تىترەر بولسا جان.

يامىنى شۇ بولىدىكى، بۇ سوزلەرنىڭ ھەممىسى روبىرو تۇرۇپ ئېيتىلدى. بۇنىڭدىن ئاداۋەتنىڭ كۇچىيىشىدە شەك يوق. چۈنكى ياقمايدىغان سوز غەزەپنى زىيادە قىلىدۇ-دە! ئۇلۇغلار: "ھەر قانداق كىشىنىڭ ئوزىدە كۆچ-قۇۋۋەت ۋە شان-شەۋكەت كوپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، جەڭ ۋە ئاداۋەتنى ئىختىيار قىلماسلىقى كېرەك، چۈنكى تەرياق ۋە باشقا دورىلارغا ئىشىنىپ، زەھەر يېيىش ئاقىللارغا ياراشمايدۇ" دەپ ئېيتىشقان ئىدى.

قاچاندا بولسىمۇ ھەر قانچە تەرياق،
ئىشىنىپ زادىلا يېمىگىن زەھەر.

ھوكۇما پەيلاسوپلار: "ھەر كىشىنى سوزىدىن ئوزى خوپ بولسا، ئەلۋەتتە يۇقۇرى مەرتىۋە، ئىگىز دەرىجە تاپىدۇ. نەئۇزەنبىللاكى، ئوزى ناخوپ بولۇپ، ئوز سوزىنى ئوزىلا ماقۇل تېپىپ، گەپلىرىگە رەڭگا-رەڭ ئىبارىلەر ۋە ھەر خىل مىساللار بىلەن پەرداز بەرسىمۇ، ئىشى مالامەت بىلەن ئاياقلىشىدۇ" دەپ ئېيتقان. مەن بولسام سوزى ئارتۇق، ئوزى ئوكسۇك ئىكەنمەن. شۇڭا ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلىماپتىمەن. ئەگەر ماڭا ئاگاھلىقتىن نىسىۋە تەككەن بولسىچۇ، بۇرۇنراق بىر كىم بىلەن كېڭەش قىلغان بولار ئىكەنمەن ۋە سوزنىڭ ياخشى-يامىنىنى ئاڭلاپ سوزلىگەن بولار ئىكەنمەن. ھېچ قانداق ئاقىلار بىلەن كېڭەشمەستىن باقماي، بۇ ئىشقا كىرىشىپتىمەن. بىر مۇنچە ۋەھشەت تۇغدۇرىدىغان ۋە پىتنە پەيدا قىلىدىغان سوزلەرنى تىلىمدىن جارى قىلىپ تاشلىدىم. ئەگەر خالايىقلار مېنى ئەسكى ۋە پىتنە-پاساتچى سانىسا ھەم

نادان جاھىللار قاتارىدا بىلىمۇ ئەجەپلىنەرلىكى يوق ئىش بولدى. "كوپ سوز بىكار سوز" دىگەن ماقال توغرا ئېيتىلغان ئىكەن. ئادىمىزاتنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقى يۈز بىلەندۇر. ھوكۈمالار يامان سوزلۈكلەرنى چارپايىدىن پەس دەرىجىدە ساناپتۇ ۋە تىلسىزلارنى يامان سوزلىگۈچىلەردىن ئۈستۈن بىلىپتۇ.

چارپايىنىڭ تىلى يوق سوزگە، يىراق،
بىلسەڭ ئۈنى بەدزۈۋاندىن ياخشىراق.
سوزنى ئېيتار چاغدا سەن باھۇش بول،
گاھىدا ئىشەك كەبى خاموش بول.

قاغا ئۆزىگە بۇ مالامەتلەرنى قىلىپتۇ-دە، غەم-قايغۇ بىلەن ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

— بىز بىلەن ھۇقۇشلار ئارىسىدىكى ئاداۋەتنىڭ سەۋىۋى شۇ، — دەپ كارشۇناس سوزنى تۈگىتىپتۇ.

— ئەي كارشۇناس، ھەممە سوزلىرىڭنى ئاڭلىدىم، — دەپتۇ پادىشا، — سوزلىرىڭدىن نۇرغۇن پايدىلارنى كوردۇم. ھەركىم ئەقىللىق كىشى بىلەن سوھبەت قىلسا ۋە ئۇلارنىڭ گەپ-سوزلىرىدىن بەھرە ئالسا، ھامان ئۆزىنى دولەت-ئىقبال مەرتىۋىسى ۋە سائادەت-كامالەت دەرىجىسىگە يەتكۈزگۈسى.

ياخشىلارنىڭ سوھبىتى خۇددى ئىپار،
خۇشبۇيىدىن جان ھالاۋەتلەر تاپار.
ئىشلىرى ئىدراكىغا بولغاي گۇۋا،
سوزلىرى ھىكمەتكە بولغاي رەھناما.

كوڭلۈمنىڭ ئويى سوزلىرىڭنىڭ چىرىغى بىلەن يورۇدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمدى قانداق چارە كۆرۈش كېرەكلىگى توغرىسىدىكى مەسلىھەتنىڭنى بايان قىل. لەشكىرىمىز ھۇقۇشلارنىڭ زۇلۇم ئوتىدا پەرۋانىدەك كۆيدى. خەلقنىڭ قارغىشى ۋە قوشۇننىڭ يارغىشى ئۈچۈن قانداق تەدبىر كۆرمەك كېرەك؟

— ئۈچۈق پىكىرلىك بىر نەچچە ۋەزىر، سۇلۇھ ۋە تېچلىق توغرىسىدا گەپ قىلدى، — دەپ يەنە گەپ باشلاپتۇ كارشۇناس، — ھېچ قايسىسى ماڭا پىسەنت كەلمىدى. تولۇق ئىشەنچىم باركى، ھىلە بىزنىڭ ئىشمىزنى ئوڭلايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ھىلە ۋە مادارا يوللىرى بىلەن مەقسەتلىرىگە يەتكەن. جىدەل بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. بۇ خۇددى كەرەكان شەھرىدىكى ھەيىيار جەللىگۇرلەر ئالدام بىلەن زاھىتنىڭ قولىدىن قويىنى ئېلىپ يىگىنىگە ئوخشاش بىر ئىش.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— كەرەكان شەھرىدە، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ كارشۇناس.

## زاھىت بىلەن ئالدامچىلارنىڭ ھىكايىسى

كەرەكان شەھرىدە بىر نەچچە ھەيىيار، جەللىگۇرلەر بار ئىكەن. بىر كۈنى بىر زاھىت بازاردىن بىر قوي سېتىۋېلىپ يېتىلەپ كېتىۋاتسا، ھىلىقى جەللىگۇرلەرنىڭ قويغا كۆزى چۈشۈپتۇ. بۇلار "ئۇ ساددا دىل زاھىتتىن بۇ قويىنى ھىيلىنىڭ زورى بىلەن ئالىمىز" دەپ تىل بىرىكتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جەللىگۇرلەرنىڭ بىرى ئۇدۇلغا كېلىپ:

— ھەي شەيخ، بۇ ئىتنى قاياقتىن ئېلىپ كېلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ئىتنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بىرئازدىن كېيىن يەنە بىرى كېلىپ.

كېيىن يەنە بىرى باشقا بىر تەرەپتىن كېلىپ:

— ھەي بۇزرۇكۋار، شىكارغا ماڭدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇندىن كېيىن توتىنچىسى پەيدا بولۇپ:

— ئەي ئەزىز، بۇ ئىتنى نەچچە پۇلغا سېتىۋالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ، يەنە بىرى كېلىپ تەنە قىلىپ:

— بۇ ئوزىنى مەن زاھىت دەيدۇ. قولىنى ۋە تونىنى بۇ ئىت بىلەن بۇلغاپتۇ، — دىسە، يەنە بىرى:

— ئۇنداق دىمە، بۇ خۇدانى ئىزلىگۈچى كىشى، تەڭرىنىڭ رازىلىقىنى دەپ، بۇ ئىتنى پەرۋىش قىلغىلى ئالغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

شۇ تەرىقىدە ئۇ مەككارلارنىڭ ھەر بىرى بىر خىل ئەپسۇن ئوقۇپتۇ. ھەممىسىنىڭ سوزى بىر يەردىن چىقىۋاتقاچقا، زاھىتنىڭ كوڭلىگە شەك چۇشۇپتۇ-دە، "بۇ جانىۋارنى ماڭا ساتقان كىشى جادۇگەر ئوخشايدۇ. كوزۇمنى باغلاپ ئىتنى ماڭا قوي كورسىتىپتۇ. بۇ ئىتنى قويۇۋەتمەكتىن ياخشى ئىش يوق. بۇنى ساتقۇچىنى تېپىپ پۇلۇمنى ياندۇرۇۋالاي" دىگەن ئويغا كېلىپ، بىچارە زاھىت ساددىلىقتىن قوينى قويۇۋېتىپتۇ ۋە بازارغا قاراپ مېڭىپتۇ. ھىلىقى جەللىگۇرلەر كېلىپ قوينى تۇتۇپ، خىلۋەتكە ئېلىپ بېرىپ سويۇپتۇ. زاھىت ئاشۇنداق ھىلىگە ئالدىنىپ قويدىن ئايرىلىپتۇ.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۇچۇن كەلتۇردۇمكى، بىزمۇ ھىلە يولىنى تۇتۇشىمىز كېرەك. مىكىر ۋە ئالدام ئىشلەتمىسەك، ھۇقۇشلارغا غالىپ كېلەلمەيمىز.

رەقىپكە قۇۋۋەتنىڭ يەتمىسە ئەگەر،
مىكىر بىلەن بەر ئۇنىڭ جازاسىنى.
ئەگەر كۇچۇڭ يەتمىسە ئۇشاتقايسەن،
ھىلىلەرنىڭ زورى بىلەن ياسىنى.

— قانداق ھىلىلەرنى ئويلىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— بۇ ئىشقا ئۇزەمنى پەيدا قىلماقچىمەن، — دەپتۇ كارشۇناس، — نۇرغۇن جاننى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن بىر جاندىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسلىھەتىم مۇنداق: ھەممە لەشكەر ئالدىدا ماڭا سىز ئاچچىقلانغان بولسىز ۋە غەزەپ بىلەن بۇيرۇيسىز - دە، قاغىلار قانات - قۇيرۇقلىرىمنى يۇلۇپ تاشلىسۇن. ئەزالىرىم قانغا مىلىنىپ كەتسۇن، مېنى شۇ ھالەتتە دەرەخنىڭ تۇۋىگە تاشلىسۇن. سىز ھەممە لەشكەرلىرىڭىز بىلەن كۆچۈپ كېتىپ، پالان يەردە ماكان تۇتىسىز ۋە ماڭا قاراپ تۇرىسىز، مەن دۈشمەنلەرنىڭ ئىشلىرىنى ھىيلە بىلەن جايلاپ خىزمىتىڭىزگە كېلىمەن.

پادىشا خىلۋەت ئۆيىدىن غەزەپ بىلەن چىقىپتۇ. ھەممە خالايىق ۋە لەشكىرى قانداق تەدبىر قىلىپ چىقاركىن دەپ ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرۇشقان ئىكەن، ئۇلار پادىشانىڭ چىرايىدىكى غەزەپ ئەسىرىنى كورۇپ، قورقۇپ باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپتۇ. پادىشا بۇيرۇق قىلىش بىلەن بىر دەمدىلا كارشۇناسنىڭ پەر - قاناتلىرى يۇلۇنۇپ تاشلىنىپتۇ. قاغىلارنىڭ تۇمشۇقلىرى زەربىدىن ئۇ باشتىن ئاياقىچە قانغا بويىلىپتۇ. كارشۇناسنى دەرەخ تۈۋىگە تاشلاپ، ھەممە خالايىق ۋە لەشكەرلەر پادىشانىڭ كەينىدىن كوچۇپ كېتىپتۇ ۋە تەيىنلەنگەن يەرگە بېرىپ جايلىشىپتۇ. ئۇلار يۇرگەن چاغدا، كۇن ئولتۇرغان بولۇپ، قۇدرەت پەردازچىسى يۇلتۇز كېپىنەكلىرىنى ئاسمان مەنزىرىسىدە جىلۋىگە كەلتۇرگەن ئىكەن.

قاراڭغۇلۇق چەرخ ئۇزرە لەشكەر چېكىپ،
يۇلتۇزلار ئالەمگە ئوز نۇرىنى چېچىپ.

شۇ كۇنى ھۇقۇشلار پادىشاسى شاباھەڭ ۋەزىرلىرى بىلەن كەچكىچە مەسلىھەتلىشىپ: "بىز قاغىلارنىڭ ماكانىنى كوردۇق.

بىر مۇنچىسىنى زەخىملەندۈردۇق. بۈگۈن ئاخشام يەنە بېرىپ كېچىلىك ھۇجۇم قىلساق، بىر يولى ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىمىز ۋە دۈشمەن نەسلىنى قۇرۇتىمىز ۋە پاراغەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمىز" دەپ قارار قىلىشقان ئىكەن. شۇ تۈندە ھۇقۇشلار شەۋكەت ۋە قۇۋۋەتلىرىگە تايىنىپ، قارا لىباسلىرىنى كىيىپ، ئۆزلىرىگە زىننەت قىلىپ، كېچىلىك ھۇجۇم بايرىقىنى كۆتىرىپتۇ ۋە شاباھەڭ ھەممە سىپاھلىرى بىلەن كېچىلىك ھۇجۇم قىلىپ قاغىلارنىڭ تۇرالغۇسىغا يۈرۈش قىلىپتۇ.

ئۇرۇشخۇمار گۇرۇھ ئىدى قانخورلۇغى ھەددىدىن ئاشقان،
قارا كۆڭلى پىتنىخورلۇق ئاداۋەتكە تولۇپ تاشقان.

ئۇلار ھىلقى دەرەخ تۈۋىگە كەپتۇ، لېكىن قاغىلاردىن ھېچ ئەسەر ۋە خەۋەر تاپالماپتۇ. ھۇقۇشلار تەرەپ-تەرەپكە بېرىپ ئىزلەپتۇ. كارشۇناس دەرەخ تۈۋىدە مەجرۇھ ۋە شىكەستە بولۇپ ياتىدىكەن ۋە قايغۇلۇق ئاۋاز بىلەن نالە قىلىدىكەن. ھۇقۇشلار ئاخىرى ئۇنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ، شاباھەڭگە مەلۇم قىلىپتۇ. شاباھەڭ بىر قانچە يېقىنلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە كەپتۇ.

— سەن كىم؟ نېمە سەۋەپتىن مۇنداق بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ شاباھەڭ.

كارشۇناس ئۆزىنىڭ ئىسمى ۋە ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى فىرۇزىگە ۋەزىر ئىكەنلىگىنى ۋە ئۇنىڭ جاپاسى بىلەن مۇشۇ ھالغا چۈشكەنلىگىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ھە، ئۇقتۇم، خەۋىرىڭنىمۇ ئاڭلىغان ئىدىم، — دەپتۇ شاباھەڭ، — قاغىلار نەگە كەتتى؟ شۇنى ئېيتىپ بەر؟

— مېنى بۇ ھالغا سالغىنىدىن ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ھېچ ئۇقالمىدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ كارشۇناس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سەن فىرۇزنىڭ ۋەزىرى ئىدىڭ. ھەممە ئىشتا ساڭا ئىشىنىدىكەن. نىمە خىيانەت ۋە قايسى جىنايەت بىلەن سېنى خورلىدى؟

— فىرۇزە دەرگاھىدىكى مۇلازىملارنىڭ ھەممىسى ماڭا دۈشمەن بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا چوڭ مەرتىۋە تاپقىنىمغا ھەسەت قىلدى. تىل بىرىكتۈرۈپ مېنى ئۇنىڭغا چاقتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ مەندىن گۇمانلاندى، مېنىڭ قىلغان ھەممە خىزمەتلىرىمنىڭ ئەجرى بەربات بولدى.

بارچە قىلغان خىزمەتلىرىم بولدى مىننەت،
ھىچ كىشىگە بەرمە تەڭرىم بۇنچە كۈلپەت.

— نىمە ئۈچۈن گۇمان قىلدى؟
— سىلەرنىڭ كىچىلىك ھۇجۇملاردىن كېيىن فىرۇزە ھەممە ۋەزىرلىرىنى يىغىپ، شۇ ھادىسە توغرىسىدا ھەر بىرىدىن مەسلىھەت سورىدى. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە "سىنىڭ مەسلىھەتىڭ قانداق؟" دەپ سورىدى. مەن "ھۇقۇش لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغۇچىلىك كۈچىمىز يوق. قۇۋۋەت ۋە شەۋكەتتە ئۇلار بىزدىن ئارتۇق. ئۇندىن قالسا بۇ زاماندا بەخت - دولەت ھۇقۇش پادىشاسىغا بېقىپتۇ. سائادەت ئىگىسى بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلماق مۇشەققەتنىڭ ئىشىگى ۋە بەختسىزلىكنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.

ئەگەر ئۇيدە پەھلىۋان بولسا خوتۇن،
ئۇزى ئولۇپ، ئۇينى ھەم بۇزار پۇتۇن.

مېنىڭچە ئەلچى ئەۋەتەيلى، ئەگەر جەڭ ئوتىنى ياندۇرىدىغان بولسا بىر جاھاندا تۇتۇندەك تارقاپ كېتىمىز. ئەگەر ياراشماقچى

بولسا باج-خىراجەتتىن نىمىنى تەلەپ قىلسا، شۇنى جان-دىلىمىز بىلەن قوبۇل قىلايلى ۋە ئۇنىڭغا مىننەتدار بولايلى" دېدىم.

ئەگەر بېشاڭ كېرەك بولسا بەرگىل خىراج،
بولمىسا ھەم باش كېتىپ، ھەم قالمىغاي تاج.

بۇ تەدبىرگە فىرۇزە ئاچچىقلاندى ۋە قاتتىق كايىدى: "نىمە دەپ ۋالاقشىۋاتىسەن، نىمىشقا مۇنداق جۇرئەت قىلىپ ھۇقۇش لەشكىرىدىن ۋە ئۇنىڭ جەڭ قىلىشىدىن مېنى قورقۇتىسەن. مېنىڭ لەشكىرىمنى ئۇنىڭ چېرىكلىرى ئالدىدا ھەقىر ھېساپ-لاۋاتامسەن؟"

"ئەگەر دۈشمەن قىلىچ بىلەن قىلسا ھۇجۇم،
تىغدىن ئۆتكۈر نەيزەم بىلەن قىلارمەن گۇم".

مەن يەنە نەسىھەت تىلىمنى چىقاردىم:
— ھەي پادىشا! ئۆز رايىڭ بىلەن ئىش قىلما، ساۋاپ يولىدىن چىقما، تەۋەززۇنى لايىق تۇت، كۈچلۈك دۈشمەننى يالۋۇرۇش ۋە يۇۋاشلىق بىلەن رام قىلغىلى بولىدۇ، سەركەش ئۇۋنى مادارا ۋە مۇلايىملىق بىلەن دامغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ.

ئىككى ئالەم راھىتى بۇ ئىككى سوز تەپسىرىدۇر:
دوستلىرىڭغا لۇتپى، دۈشمەنگە مادارا ئەيلىمەك.

مەسىلەن: قاتتىق بوران كەلسە ئاجىز گىيا مادارا ۋە مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭ زەخمىسىدىن ساق قالىدۇ. دەرەخ بولسا ئۆزىنىڭ شاخلىرىنىڭ كوپلۇگى ۋە يىلتىزىنىڭ چوڭلۇغىغا ئىشىنىپ، سەركەشلىك قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇنى بىر ھەملە بىلەن

قومۇرۇپ تاشلايدۇ.

قاغىلار مېنىڭ نەسىھەتىمدىن ئاچچىقلىنىپ: "سەن ھۇقۇشلارغا يان باستىڭ ۋە بىزنى كەمسىتتىڭ" دېيىشتى. فىرۇزە دۈشمەنلەرنىڭ سوزىگە كىرىپ بۇيرۇق بەردى-دە، بىر دەمدىلا مېنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، ئۇلارنىڭ خوي-پەيلىدىن قارىغاندا، ئۇلار سىلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ.

شاباھەڭ كارشۇناسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئوز ۋەزىرلىرىنىڭ بىرىدىن:

— قاغىلارنىڭ بۇ ئىشىغا نىمە دەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ۋەزىر مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنىڭغا ئەندىشە قىلىپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق؟ تېزرەك ئۇنى ئولتۇرۇپ يەر يۈزىنى بۇلاردىن تازىلاش كېرەك. بۇ ئوچكەن ئوت بولسىمۇ، لېكىن قوقاس، ئىچىدە ئوت بار. مۇبادا بۇ ئوت تۇتىشىپ كەتسە، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش تەس بولىدۇ. ھەر قانداق كىشى دۈشمەن توغرىسىدا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا، ئۇنىڭغا قايتا قادىر بولالمايدۇ. پۇرسەت كەتكەندىن كېيىن نادامەت ۋە پۇشايمان قىلىش پايدا بەرمەيدۇ. ئەگەر ھەر كىم دۈشمەننى ئاجىز ۋە تەنھا كورسە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇش كېرەك. ئۇ ئۇنىڭدىن خالاس بولۇۋالسا ئاقىۋەت ئۇنىڭغا خالاسلىق بەرمەيدۇ. ئەي پادىشا، ئۇنىڭ سوزىگە ئىشەنمەڭ، ئەپسۇنلىرىغا قۇلاق سالماڭ، ئۇلۇغلار: "سىنالمىغان دوستقا ئىشىنىش ئەقىللىقنىڭ ئىشى ئەمەس" دەپتىكەن. دۈشمەننىڭ مەككارلىقى كورۇنۇپ تۇرسا، ئۇنىڭغا قانداق ئىشەنگىلى بولسۇن.

يوقتۇر ئىشەنچ دوستقىمۇ بۇ زاماندا،
بۇ رەقىپ سوزىگە پۈتمەكلىك خاتا.

كارشۇناس ئۇنىڭ بۇ سوزلىرىنى ئاڭلاپ، ئاھ تارتىپ نالە قىلىپتۇ:

كوڭلۇم جىسمى رەنج بىلەن بولغان ئىدى جاراھەت،
بۇ جاراھەت ئۇستىگە نەشتەر ئۇرماق نە ھاجەت.

شاباھەڭگە بۇ سوز تەسىر قىلىپ يەنە بىر ۋەزىردىن سوراپتۇ:
— سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟
— مەن ئۇنى ئولتۇرۇشكە قوشۇلمايمەن. چۈنكى مەرتلەر ئەھلى دۇشمەننى ئاجىز ۋە بىچارە ھالدا ئۇچراتقاندا، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشى ۋە ئەپۇ - ئىھسان كورسىتىشى كېرەك. رەھىم - شەپقەت ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. سودىگەرنىڭ خوتۇنى ئوغرىدىن قورقانلىقىدىن، ئېرىگە ئامراق بولغانلىقى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ، — دەپتۇ ئۇ ۋەزىر.
— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.
— بىر سودىگەر بار ئىكەن، — دەپ ئىككىنچى ۋەزىر ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

## سودىگەر بىلەن خوتۇنىنىڭ ھېكايىسى

بىر سودىگەر بار ئىكەن، ئۇنىڭ ماللىرى ناھايىتى كوپ ئىكەن. لېكىن ئۇ بەتخۇي ۋە بەك قوپال ئادەم ئىكەن. بۇ ئەيۋىنى ئاز دەپ، تېخى ئاچچىقى يامان، بېخىل ۋە قاتتىق قول ئىكەن.

دوزاقتىكى دىۋىدەك ئىدى تەلەتى شۇنچە سەت،
قاغىدەك كوڭلى قارا، ھەم باغرى تاش، ھەم بەتنىيەت.

بۇ تەلەتى سەتنىڭ بىر خوتۇنى بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ۋە پاكىز ئايال بولۇپ، ئون توت كۈنلۈك ئاي ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈزىدىن نۇر ئېلىپ، قاراڭغۇ كېچىنى كۈندۈزدىن يورۇقراق قىلىدىكەن. ئاسمان پەشتاقىنىڭ جاھانىنى يورۇتقۇچى قەندىلىدەك جامالىنىڭ شولىسىغا ئاپتاپ تاقەت قىلالمايدىكەن.

قامىتى زىبا ئۇنىڭ رۇخسارى تولغان ئاي ئىدى،
كەم ئىدى ئالەم ئارا ئۇنداق گۈزەل ھوسنى كامال.
ھەر نىمەرسە يازسا تەرىپلەپ، خىيالىم قەلىمى،
ئۇندىن ئارتۇقراق ئىدى ئۇ دىلبەرى ساھىپ جامال.

ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا بەك كۆڭلى بار ئىكەن. ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن شۇنچە ئىشق - مۇھەببەت بىلدۈرسىمۇ خوتۇنى ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە ئالدانمايدىكەن. ئېرى قانچە يېقىنلاشسا خوتۇن ئۇزىنى شۇنچە قاچۇرىدىكەن. چۈنكى خوتۇن ئېرىنىڭ بەتخۇي، قاشاڭ ۋە بىشەملىگىدىن بىزار ئىكەن. شۇڭا ئېرىنىڭ قولى ئۇنىڭ چاچ بېغىغا يەتمەيدىكەن. يۈز گۈلىستانىدىن مۇرات گۈلىنى ئېرىنىڭ كۆزىگە كورسەتمەي كەلگەن ئىكەن. بىر كۈنى كېچىسى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپتۇ. سودىگەر ئۇيىقۇدا، لېكىن خوتۇن ئويغاق بولغاچقا، ئوغرى كىرگىنىنى تۇيۇپ، ئېرىنى مەھكەم قۇچاقلىۋاپتۇ. سودىگەر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كېتىپ "غايىپتىن ماڭا شەپقەت ياغدى" دەپ خوشال بولۇپتۇ ۋە كوزىنى ئېچىپ ئوغرىنى كورۇپ قاپتۇ - دە: "ئەي مەرت يىگىت، قەدىمىڭ مۇبارەك بولسۇن، ماللىرىمدىن قانچە خالىساڭ شۇنچە ئال. چۈنكى بۇ جاپاكەش بىۋاپا خوتۇن سېنىڭ قەدىمىڭنىڭ بەركىتىدىن ماڭا ئامراق ۋە مېھرىۋان بولدى" دەپتۇ.

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، بەزى ھالەت ۋە سۈرەتلەرنى كورگەندە، كىشىگە رەھىم ۋە مېھرىۋانلىق قىلىشتىن بولەك نەرسە لايىق كەلمەيدۇ. بۇ قاغا شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ.

— بۇ مەسىلىدە سېنىڭ پىكرىڭ قانداق؟ — دەپ پادىشا ئۇ-

چىنچى ۋەزىردىن سوراپتۇ.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ئۈچىنچى ۋەزىر، — ئۈنىڭدىن تىرىكلىك لىباسىنى سالدۇرۇۋالماڭ، بەلكى ئامانلىق بېرىپ كىيىم-كېچەك كىيدۈرۈپ، ياخشى پەرۋىش كۆرسىتىڭ ۋە تە-ربىيەت قىلىڭ، بۇمۇ سىزنىڭ ئىنئام ۋە ئېھسانلىرىڭىزنى كۆرۈپ، سىزگە خىزمەت قىلىشنى ياقتۇرۇپ، سىزنىڭ ھەققىڭىزدە ئىخلاس ۋە ئېتىقات قىلىدىغان بولسۇن. چۈنكى فىرۇزدىگە تەرەپتار بولۇپ، ياخشى كۆڭلى بىلەن نەسىھەت قىلغان ئىكەن، سىزگىمۇ جان كۆ-يەرلىك بىلەن مەسلىھەتلەر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئاقىللار دۈشمەن-لىرىدىن قانچىنى قولغا كەلتۈرسە، ئۇنىڭغا شەپقەت بىلەن مەدەت قىلىدۇ. بۇنداق مېھرىۋانلىقنى ئاڭلاش بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ تەرەپكە مايىل بولۇپ بولۇنىدۇ. ھەممە دۈشمەنلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئارىدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا بولسا، ئاندىن دوستلارنىڭ ئىشلىرىغا ئۇتۇقلۇق ۋە خاتىرجەملىك ھاسىل بولىدۇ. شەيتان بىلەن ئوغرىلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان جاڭجال زاھىتنىڭ سالا-مەت قېلىشى ۋە كۆڭلىنىڭ خۇشلۇقىغا سەۋەب بولغان ئىكەن.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— باغدات شەھرىدە، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ ئۈچىنچى ۋەزىر.

## شەيتان، ئوغرى ۋە زاھىتنىڭ ھېكايىسى

باغدات شەھرىنىڭ يېنىدا بىر زاھىت بار ئىكەن. ئۇ ناھا-يىتى پاك تەبىئەتلىك كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ كېچە-كۈندۈز قىلى-دىغان ئۇقتى ئىبادەت ئىكەن، ئۇ دۇنيا تەئەللۇقاتىنىڭ غۇبارىدىن ئىتەك قېقىپ، پۈتۈن ھىممىتى ۋە تىلىگىنى تەۋەككۇل ئىلكىگە بەرگەن ئىكەن. چۈنكى ئۇ مەنپەئەت شارابىنى ئىچىش جاپا تى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىشىنىڭ سانچىلىشى بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقىنى، خەزىنە ۋە مال،
دۇنيا رەنج - مېھنەت ۋە بالا - قازا ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان-
لىقىنى بىلىدىكەن.

جاھاندا ئاقتۇرۇپ كورسەم تىكەنسىز يوق ئېكەن گۈلباغ،
ئەگەر باغ لالىسى بولسا ئۇنىڭ كوكسىدە ھەم يۈز داغ.
ھەرنە قاتتىق دەرت - ئەلەمگە كونىدىكەن كىشىلەر،
غەم بىلەن سارغايسا رەڭگى، دەيدىكەن: "بۇ رەڭگى زەر".

شۇڭا ئۇ قانائەت بۇلۇڭىدا پاراغەت ياقىسىغا بېشىنى تىقىپ،
ئۆزىگە غايىپتىن توھپىلەر يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىكەن.

تەگرى ھەرقانداق بەرسە زىياپەت،
قىلماق ئەلادۇر ئاڭا قانائەت.

بىر كۈنى بىر كىشى ئۇنىڭغا سۈتلۈك بىر كالا ئېلىپ كەپ-
تۇ. بىر ئوغرى ئۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، كالىنى كوزلەپ كېچىسى
زاھىتنىڭ ئىبادەتخانىسىغا مېڭىپتۇ. يولدا كېتىۋاتسا، شەيتان ئادەم
سۈرىتىدە بولۇپ ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپتۇ.
— سەن كىم؟ نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغرى
ئۇنىڭدىن.
— مەن شەيتان. زاھىتنى ئولتۇرگىلى بارىمەن، — دەپتۇ
شەيتان.
— ئۇنى نىمىشقا ئولتۇرىسەن؟
— بۇ ئەۋلىيالارنىڭ تالاۋىتى بىلەن ھەممە كىشى تەۋۋاقى-
لىپ ئىنايەت يولىنى تۇتىدىغان بولۇپ كەتتى. مېنىڭ ئېزىتى-
قۇلۇغۇمنىڭ بازىرى كاسات بولۇپ قالدى. مەنمۇ ئۇز ھالىمنى
دەپ بەردىم. سەنمۇ ئۆزەڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى ۋە نىمە ئىشنى

كۆزلەپ ئۇيدىن چىققانلىقىنى ئېيتىپ بەر.

— مەن ئالدامچىلىقنى كەسىپ قىلغان ئادەممەن. خالايىقنىڭ ماللىرىنى پىنھاندا ئېلىۋېلىپ، كۆڭلىگە ھەسرەت ئوتىدىن داغ سالىمەن. زاھىتنىڭ سېمىز بىر كالىسى بار. بۈگۈن شۇنى ئېلىپ، مەئىشىتىمگە سەرپ قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن.

— سەن مېنىڭ جېنىم ئىكەنسەن، — دەپتۇ شەيتان، — خۇداغا شۈكرى، ئارىمىزدا ئوخشاشلىق بار ئىكەن. ئىككىمىز بىر كىشىنى قەستلەپ كېتىۋېتىپتىمىز. ئۇنداق بولسا ئىككىمىز بىرلىكتە زاھىتنىڭ ئىبادەتگاھىغا بارايلى.

ئۇلار شۇنداق گەپلىشىپ ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، زاھىت ئىبادەتتىن پارىغ بولۇپ ئۇخلاپ قالغان ئىكەن. ئوغرى "ئەگەر مەندىن بۇرۇن شەيتان ئۆلتۈرگىلى كىرسە، زاھىت تۇيۇپ قېلىپ پەريات قىلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا مەن كالىنى ئالالماي قالىمەن" دەپ ئويلاپتۇ. شەيتان بولسا "ئەگەر ئوغرى بۇرۇنراق كىرىپ كالىنى ئالىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئىشىكنى ئاچىدۇ. ئۇ چاغدا قۇۋۇقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ زاھىت ئويغىنىپ قالسا، مەن ئۇنى ئۆلتۈرەلمەي قالىمەن" دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئوغرىغا:

— ھەي بۇرادەر، ئازراق تەخىر قىل، مەن زاھىتنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ساڭا كالىنى ئېلىش ئاسان بولىدۇ، — دەپتۇ.

— ئاۋال مەن كالىنى ئېلىۋالاي، ئاندىن كېيىن سەن ئىشىڭغا قەدەم قويغىن، — دەپتۇ ئوغرى.

شۇنداق تالاش-تارتىش قىلىشىۋەرگەندىن كېيىن ئوغرى:

— ھەي زاھىت، بۇ يەردە بىر شەيتان سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپ توۋلاپتۇ.

— ئاگاھ بول، كالاڭغا ئوغرى كەلدى، — دەپ شەيتانمۇ ۋاقىراپتۇ.

زاھىت بۇلارنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ غەۋغا كۆتەرگەن ئىكەن. ھەممە خوشنىلىرى پەيدا بولۇپتۇ. بايىقى ئىككىسى قېچىپ كېتىپتۇ. زاھىتنىڭ جېنى ۋە مېلى دۈشمەنلىرىنىڭ ئىختىلاپى تۇپەيلىدىن ئامان قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەشكىرى دۈشمەن ئىچىدە كورسەڭ ئەگەر سەن ئىختىلاپ،
ھاجەت بولماس تىغ چېكىش، خەنجەرگە كىيدۈرگىن غىلاپ.

ئۈچىنچى ۋەزىر بۇ ھىكايىسىنى تامام قىلغاندىن كېيىن ئىلـ
گىرىكى ۋەزىرنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ.

— كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، — دەپتۇ ئۇ، — بۇ قاغا سىزنى ھىلە بىلەن ئۇزىگە جەلپ قىلىۋاپتۇ. غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىڭ. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھ بولۇڭكى، ئاقىللار ئۇزلىرىنى دۈشمەن ھىلە - مىكرىدىن ياخشى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، دۈشمەنـنىڭ يالغان سوزلىرى بىلەن يولدىن چىقمايدۇ. غاپىل كىشىلەر بولسا دۈشمەنـنىڭ يالۋۇرۇشى ۋە مۇلايىملىقىنى كورۇپ، ئاداۋەتـنى ئۇنتۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشنا بولىدۇ. ئۇلار دۈشمەننىڭ سىرتىنى پەدەزلەپ كورـسەتكەن بىلەن كوڭلىدە ئاداۋەت ساقلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

قاپ - قارا زۇلپۇڭغا ئېيتتىمكىم: قاراقچى بولمىغىن،
ئۇتسىمۇ يىللار لېكىن تاشلىمىدى ئۇ ئادىتىن.

بىخوتلۇق قىلىپ دۈشمەن سوزىگە مەغرۇر بولماڭلار. يامان خوتۇنـنىڭ سوزىگە گول بولغان ياغاچچىنىڭ ھالىغا ئوخشاپ قالماڭلار يەنە.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— سەرانديپ شەھرىدە بىر ياغاچچى بار ئىكەن، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ ۋەزىر.

# ئاخماق ياغاچچىنىڭ ھېكايىسى

سەرانداپ شەھرىدە بىر ياغاچچى بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى نادان ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ناھايىتى مەككار، لېكىن ساھىپ جا- مال بىر خوتۇنى بار ئىكەن. بۇ خوتۇن ئاھۇ كۆزلىرىنى ئوينىتىش بىلەن غەزەپلىك شىرنىمۇ شىكار قىلالايدىكەن. رەڭۋازلىق ئۇسۇ- لى بىلەن جاھان زېرەكلىرىنىڭ كۆزىنىمۇ ئالا چەكمەن قىلىۋېتە- دىكەن.

كېلىشكەن نازىنىن، ئۆزى ھىلىگەر،
ئىدى ئۇ ئىشق ئەھلىن ئوۋلىغان دىلبەر.
زۇلپىدىن خۇشپۇراق ئالاتتى سۇمبۇل،
ھوسنىدىن رەشك ئېتىپ يىغلار ئىدى گۇل.

ياغاچچى ئۇنىڭغا شۇنداق كۆڭۈل بەرگەن ئىكەنكى، بىر سا- ئەت خوتۇنىنىڭ دىدارىنى كۆرمەي قالسا ئارام تاپالمايدىكەن. خو- تۇنى بولسا، پەقەت زورۇرىيەت ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ناز قىلىپ قويىدى- كەن. لېكىن ئىشرەت بەزمىدە مۇرات جامىنى باشقا ئۇلىپەتلەر بىلەن ئىچىدىكەن. ئۇلارغا بىر يىگىت خوشنا بولۇپ، ئۇ بوي-قەد- دى جان بوستانىدا ئۆسكەن سەرۋىدەك زىبا قامەتلىك ۋە يۈزى ھايات سۈيى بىلەن چېھرىسىنى يۇغان گۈلدەك پاكىز تەلەتلىك يىگىت ئىكەن.

ئاي ۋە كۈندە يوق ئىدى ئۇنداق تەلەت،
ئىپار بوي ھەم سەرۋىدەك قەددى قامەت.

خوتۇنىنىڭ ئۇ يىگىتكە كۆزى چۈشۈپتۇ ۋە يىگىتنىڭمۇ كۆڭ-

لى ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە باغلىنىپتۇ. ئۇلار بارا-بارا قاش-كۆز ئېتىشىشتىن ئۆتۈپ، سوھبەت تۈزۈشكە باشلىشىپتۇ ۋە ھەر كۈنى ئەتىگەن-كەچتە ئۆزئارا تېپىشىپ، ۋىسال مېيى بىلەن تەشنالىقىنى قاندۇرۇشۇپتۇ. ئۇ ئىككى يار ئۆزئارا تېپىشىدىغان چاغدا، روشەن كۈن ئۇلارغا قاراڭغۇ تۈندەك كۆرۈنىدىكەن. ئۇلارنىڭ سوھبەتلىرىدىنىڭ شامى يورۇغانلىقىنى كۆرسە ھەسەت قىلغۇچىلارنىڭ كۆڭۈللىرى رەشك ئوتىدىكى قۇرۇق ئوتۇندەك كۆيىدىكەن.

يوق دىلىمدا ھېچ ھەسەت كىشىنىڭ پۇل-مالىغا،
ھەسەت يەرمەن دائىما يارىمنىڭ ۋىسالىغا.

ھەسەتخورلار ياغاچچىغا ئۇ ھالدىن خەۋەر بېرىپتۇ. ئۇ بىچارە غەيرەتسىز بولغانلىقى ئۈچۈن: "ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمەي تۇرۇپ چارىسىنى قىلمايمەن" دېگەن خىيالغا كەپتۇ ۋە بىر كۈنى خوتۇنىغا:

— ماڭا ئوزۇق تەييارلاپ بەرگىن. قىشلاققا بارىمەن. ئۇ يەر ئۇزاق بولمىسىمۇ، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كەلمەكچىمەن. لېكىن سېنىڭ پىراقىڭدا ئەھۋالىم نىمە بولاركىن، — دەپتۇ.

زورۇرەتتىن كېتەر بولدۇم سەندىن يىراق،
بىئىختىيار كۆيدۇرمەكتە دىلنى پىراق.

خوتۇنى ئېرىدىن ئايرىلغىنىغا يىغلىغان بولۇپ، مەكىرلىك كۆزىدىن شاتلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئوزۇق تەييارلاپ ئۇنى يولغا سېلىپتۇ ۋە "ئەمدى ئۆي ئوڭچە قالدى. بېغىمغا كەل، گۈل ئېچىلدى، تىكەن يوقالدى" دەپ ئاشنىغا خەۋەر قىلىپتۇ. يىگىت بولسا "كېچىسى ئەل ئايىغى بېسىققاندا باراي" دەپ ۋەدە قىلىپتۇ. خوتۇن خوشال بولۇپ، مېھماندارچىلىق خىراجەتلىرىنى تەييارلاپتۇ.

سائادەت شۇ ئەمەسمۇ ئۇ قۇياش يۈزلۈك گۈزەل مېھمان،
كېلىپ قاراڭغۇ كۈلبەمگە، ئۇنى بىر ئەيلىسە روشەن.

كېچىسى ياغاچچى ئاستا ئۆيگە كىرىۋېلىپ، كاتىنىڭ ئاستىغا موكۇنۇۋاپتۇ. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن يىگىت كەپتۇ ۋە ئاي بىلەن كۈن دۈچ كەلگەندەك خوتۇن بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. گايىدا زىبا يۈزلۈك يىگىت يېقىملىق كەرەشمىسى بىلەن بىستاقەتلىك ئوتىدا خوتۇننىڭ سەۋر - تاقىتىنىڭ ھەۋەس خامىنىنى كۆيدۈرىدىكەن؛ گايىدا ئاي يۈزلۈك خوتۇن ھەييارلىق قىلىشى بىلەن يىگىت كۆڭلىنىڭ خەزىنىسىدىن تاقەت ماللىرىنى تالان - تاراج قىلىدىكەن.

ئۇنىڭ ئالماسىغا بۇ قول ئۇزارتىپ،
بۇنىڭ شاپتۇلىسىنى ئۇمۇ تارتىپ.
يۈز تۇرا قېقىشىپ ئەيلەپ شىكەر خەند،
ئۇلار كۈلمەك بىلەن ئۆيگە تولۇپ قەنت.
ئۇلار ھەردەم بىر بىرىنى قۇچاقلاپ،
شارابى ۋەسلىدىن ئىچەتتى ئوتلاپ.

ئۇلار دەستىبازلىقتىن بوشاپ، كارسازلىققا ئۇتمەكچى بولۇپ، چىراقنى ئۇچۇرۇپ كات ئۈستىگە چىقىپتۇ. تۇيۇقسىز ياغاچچىدىن بىر شەپە چىقىپ قاپتۇ ۋە خوتۇن ئۇنى ئاڭلاپ قېلىپ: "ئېرىم سەپەر قىلىمەن دەپ قويۇپ، بۇ ھالنى تەھقىقلىمەكچى بولغان ئىكەن - دە" دەپ ئويلاپ، ئاشىقىنىڭ قۇلىقىغا: "مەندىن سېنىڭ مۇھەببىتىڭ ماڭا ئارتۇقمۇ ياكى ئېرىمنىڭكىمۇ؟ دەپ ۋاقىراپ سوراڭ" دەپ ئاستا پىچىرلاپتۇ. يىگىت: "ھەي نازىنىن، سەن ماڭا ئامراقمۇ ياكى ئېرىڭگە ئامراقمۇ؟" دەپ ۋاقىراپ سوراپتۇ. خوتۇن: "بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ خوتۇن خەق دېگەن سەھۋەنلىك، غەپلەت ۋە نەپسى شەھۋەت ئۈچۈن ھەر قىسما كىشىنى ئاشنا تۇتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇ. شۇڭا نەسەپ ئابرويلىرىغا قاراپ تۇرمايدۇ. ياخشى-يامانلىقىنى ئىلغىمايدۇ. بىر بىلەن نەپسى ھاجىتىنى راۋا قىلسا، يەنە بىرىنىڭ ئىلكىگە چۈشىدۇ.

بىرىدىن ئەيلەپ بولۇپ ھاجەت راۋا،
يەنە بىرىگە بولۇر ئۇ ئاشنا.

ئەمما ئۇزىنىڭ ئىرى تەندىكى جان ۋە كوڭۇلدىكى ئىمانغا ئوخشايدۇ. ئۇ دىگەن كوزنىڭ نۇرى، يۈرەكنىڭ سەرۋەرى.

زۇرۇرەت بولسا كىچەرمەن جاندىن،
لىكىن زادىلا كەچمەيمەن ئۇندىن.

بىلىپ قويغىنكى، ئىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۇز جىنىدىن مىڭ مەرتىۋە ئارتۇق بىلمەيدىغان ۋە پۈتۈن ھاياتىنىڭ سەرمايىسىنى ئىرىنىڭ نەپسىنىڭ راھەت-پاراغىتىگە سەرپ قىلمايدىغان خوتۇنلار ياشلىق ھاياتىدىن ۋە ھاياتىنىڭ نەزى-نىمىتىدىن بەھرىمەن بولماي ئوتۇپ كەتسۇن ئىلاھىم.

ۋاپا كورمەي قالاي ئەگەر ئوزگىدىن ئۇمىت تۇتسام،
بۇ ھاياتىم سەن ئۇچۇن سەرپ بولمىسا بولسۇن ھارام.

ياغاچچى خوتۇنىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا مىھرىۋانلىغى زىيادە بولۇپتۇ ۋە شەپقەت مەرھەمىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوز-ئوزىگە: "بۇ ماڭا ئاشىقى زار ۋە غەمخار ئىكەن. ئەستەغپۇرۇللا، مەن ئۇنىڭ ھەققىدە بىكار گۇمان قىپتىمەن. ئۇ ماڭا كوڭلىدە ئىخلاسمەن ۋە ئېتىقاتلىق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سەۋىر قىلمىغان بولسام، ئۇنىڭغا سەۋەپسىزلا زەرەر يەتكۈزۈپ قويۇپ،

خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناكار بولىدىكەنمەن. ئەگەر سەۋەنلىك ۋە غەپلەت تۈپەيلىدىن خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىغان بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئېتىۋارى يوق. بۇ جاھاندا شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرمەيدىغان ۋە گۇنا قىلمايدىغان كىم بار. جاھاندا ئېتىكى بۇلغانمىغان ئادەم نەدە؟ ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ ئىشرەتلىرىنى بۇزۇپ بىئارام قىلماي، قىلغان خاتالىقى ئۈچۈن يۈزىنى يەرگە قاراتماي، خوتۇنۇمنىڭ ھۈنىرىگىمۇ ۋە ئەيىۋىگىمۇ قارىماي.

بولسا گەرمىڭ ئەيىۋىڭ ئىچرە بىر ھۈنەر،
كۆرمىسگەيمەن بىر ھۈنەردىن ئۆزگىنى."

دەپتۇ-دە، كات ئاستىدا خاموش ئولتۇرىۋېرىپتۇ. ئۇلار ئىشرەت ئىشىدىن پارىغ بولۇپتۇ. كېچىنىڭ قارا تۇغى يىقىلىپتۇ ۋە كۈندۈزنىڭ ئاق بايرىغى كۆتىرىلىپتۇ.

بۇ جاھانىنىڭ مەنزىلىگە كەلدى كۈن،
تۇتتى شۇدەم يوقىلىش يولىنى تۈن.

ھىلىقى بىگانە يىگىت يولغا راۋان بوپتۇ. خوتۇن ئورنىدا يېتىپ قاپتۇ. ياغاچچى كات تېگىدىن ئاستا خوتۇنىنىڭ يېنىغا چىقىپتۇ ۋە مەرھەمەت قىلىپ، ئۇنىڭ يۈزىدىن تەرلىرىنى ئېرتىپتۇ. ئۇ مەككار ئالدامچىلىق بىلەن كۆزىنى ئېچىپ ئېرىنى كۆرۈپتۇ-دە، دەرھال ئورنىدىن قوپۇپتۇ ۋە:

سائادەت سۇبھىسى يورۇتتى دىلنى، يار يېنىپ كەلدى،
مىڭ شۈكرىكى تەگرىمگە، غەمگۇزار يېنىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھارماڭ، قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مەن كەلگەن چاغدا سەن بىر بىگانە بىلەن ۋىسال كوچىسىدىن مۇرات مېۋىسىنى يەۋاتقان ئىكەنسەن. بۇ ئىشلار ھاۋايى نەپسى ئېھتىياجىدىن بولغان ئىكەن. سېنىڭ يۈز خاتىرىڭنى قىلىپ، ئۇ يىگىتكە ئازار بەرمىدىم. سەن بولساڭ مەن ئۈچۈنلا ياشايدىكەنسەن ۋە كوزۇڭنىڭ نۇرىنى پەقەت مېنى كورۇش ئۈچۈنلا ساقلايدىكەنسەن. ھەر قانداق يامان ئىش قىلساڭ سەۋەنلىكتىن قىلىدىكەنسەن. ئەمدى ماڭا سېنىڭ ئۇ يارىڭغا ياخشى رىئايە قىلىش لازىم بولدى. ئەمدى قورقما، كوڭلۇڭدىمۇ ساقلىما، سېنىڭدىن بىكارلا گۇمان قىپتىمەن، مېنى كەچۈرگىن. خۇداغا شۈكرى، ئىش مېنىڭ باتىل گۇمانىمدەك ئەمەس ئىكەن. گۇمانىم خاتا ئىكەن، — دەپتۇ ياغاچچى.

خوتۇنىمۇ ھىلىگەرلىك بىلەن بىر مۇنچە چىرايلىق سوزلەرنى قىلغان ئىكەن، ئۇ ياغاچچىنىڭ كوڭلىدىكى كىر كوتىرىلىپ، قەلبى ئاداۋەتتىن تازىلىنىپتۇ ۋە ئۇزرە ئېيتىپتۇ:

گۇنايىڭ بولسۇن ھەق ئالدىدا بەربات،
تەڭرى بولسۇن سېنىڭدىن مېنىڭدەك شات.

— بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، — دەپتۇ ۋەزىر ھىكايىسىنى تۈگىتىپ، — سىلەرمۇ ياغاچچى يامان خوتۇننىڭ سوزىگە ئالدىنىپ قالغاندەك مەككار قاغىنىڭ ئەپسۇنىغا ئىشىنىپ قالماڭلار. ئۇنىڭ ھىلە - نەيرەڭلىرىدىن قان ھىدى كېلىۋاتىدۇ. يولدىن ئازماڭلار.

ئۇ سوزىگە دۈشمەننىڭ مەغرۇر بولمىغىن زىنھار،
بولۇپ قالما ئاقىۋەت نادامەتكە گىرىپتار.

ھەرقانداق دۈشمەننىڭ كىشىگە قەست قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىسە،

ھىلە ئىشلىتىپ يېقىنلىق قىلىپ، نەسىھەت يولىنى تۇتتى ۋە مەھرەم بولۇۋېلىپ، سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولدى - دە، پۇرسەت تاپسا ئۆز ئىشىغا تۇتۇش قىلىپ، تۈرلۈك زىيانلار سالدى. ئەگەر ئۇ زىيان سالسا، ئوتلۇق چېقىندەك جان خامىندىن باشقىسىنى كۆيدۈرمەيدۇ ۋە قازا ئوقىدەك مۇرات نىشانىسىدىن بولەك نەرسىگە خاتالىشىپ تەگمەيدۇ.

— ھەي بۇرادەر، — دەپ سۆز باشلاپتۇ كارشۇناس، — بۇ سۆزلىرىڭ بىلەن ماڭا شۇنچىمۇ دىل ئازار قىلامسەن؟ ماڭا قىلىنغان زۇلۇمنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بۇنىڭ ھىلە - مىكرىگە نىمە مۇناسىۋىتى بولسۇن. ھەرقانداق ئاقىل كىشى غەيرىنىڭ ئاسايىشلىغى ئۈچۈن ئۆزىنى رەنجىگە سالمايدۇ. بۇ خار - زارلىقنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن قوبۇل قىلغىنىم يوق. ماڭا قىلىنغان بۇ ئوقۇبەت قاغىلارغا مۇخالىپ بولغىنىمنىڭ جازاسى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ھىلە - مىكىرنىڭ بېشى مۇشۇ ئىشىڭدۇر، — دەپتۇ ۋەزىر ھۇقۇش، — سەن ئۆز خاھىشىڭ بىلەن بۇ ئوقۇبەتكە تەن بەرگەنسەن. كۆڭلۈڭدىكى ئىنتىقام تەسەۋۋۇرىنىڭ تاتلىقلىغى بۇ ئازاپنىڭ ئاچچىقلىغىنى بېسىۋەتكەن. كۆپلىگەن كىشىلەر دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ. مايمۇنىڭ ئۆز يارانلىرىنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىكى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ شاباھەك.

— بىر توپ مايمۇنلار، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ ۋەزىر.

## ئېيىقلار بىلەن مايمۇنلارنىڭ ھىكايىسى

بىر توپ مايمۇنلار بىر ئورمانلىقتا ماكان تۇتقان ئىكەن. ئۇ يەردە ھول ۋە قۇرۇق مېۋىلەر كۆپ بولۇپ، سۇ - ھاۋاسى

مايموۇنلارنىڭ مىجەزىگە مۇۋاپىق ئىكەن. بىر كۈنى بىرنەچچە مايمۇن بىر دەرەخ ئاستىدا ھەر تەرەپتىن سوزۇلۇشۇپ، پىستە - باداملارنى چېقىشىپ، ئەنجۈر يېيىشىپ ئولتۇرغانىدا، بىر ئېيىق ئۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئېيىق ئۇلارنىڭ بىر يەرگە جۇغلىشىپ كوڭۈللۈك ياشاۋاتقانلىقىغا ھەۋىسى كېلىپ ۋە ئۆزىنىڭ چول - جاڭ - گال كېزىپ تىنىم تاپمايدىغانلىقىدىن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، ئۆز - ئۆزىگە: "بىز ھەمىشە تاغ - تاشلار ئارىسىدا گىيالارنىڭ يىلتىزىنى يەپ، ھايات كەچۈرىدىكەنمىز، بۇلار بۇنداق جەننەتتە خوشاللىق بىلەن ئەتلەستەك چىرايلىق يېشىل ئوت - چۆپلەر ئۈستىـدە ئولتۇرۇپ، يېگى مېۋىلەرنى يەپ، كۈلۈشۈپ ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتىدىكەن، بۇنداق تەڭسىزلىك راۋا بولامدۇ" دەپتۇ - دە، زۇلۇم پالتىسى بىلەن ئۇلارنىڭ راھەتلىرى دەرىخىنى كېسىپ، ئۇلارنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنىڭ داۋاملىشىشىغا بەرھەم بەرمەكچى بولۇپ، ئوتتۇرىغا ئۆسۈپ كىرىپتۇ. بىر پەستە مىڭغا يېقىن مايمۇن جەم بولۇپ، ھۇجۇم قىلىپ ئېيىقنى تالاپ يارىدار قىلىپ قويۇپتۇ. ئارزۇ مېۋىسىنى يەمەي تۇرۇپلا بىچارە ئېيىقنىڭ ئىشرەت دەرىخى قۇرۇپتۇ؛ راھىتىنىڭ ئوتى يانماي تۇرۇپ، قۇۋۋىتىنىڭ چىرىغى ئۆچۈپتۇ.

مەئىشەتنىڭ شارابىدىن بىر يۇتۇم ئىچمەي تۇرۇپ،
پەلەك چاقتى مۇرادىمنىڭ جامىنى تاشقا ئۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ، ئېيىق كوپ زەخمەت چېكىپ، مايمۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قېچىپتۇ ۋە ئۆزى تۇرىدىغان تاققا بېرىپ نەرە تارتىپتۇ. بىرنەچچە ئېيىق يىغىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كورۇپ، ئەھۋال سوراپتۇ. يارىدار ئېيىق ئەھۋالىنىڭ جەريانى ۋە ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى، ۋەقە قانداق بولغان بولسا ئۆز ئەينى بويىـچە بايان قىلىپتۇ ۋە:

— بىز شۇنداق چوڭ ۋە كۈچلۈك تۇرۇپ، ئاجىز ۋە كىچىك كىنە مايمۇنلاردىن مۇنداق ئاھانەت چەكسەك، بۇ بىزگە نومۇس ئەمەسمۇ؟ قەدىم زاماندىن تارتىپ، ھەتتا ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ بۇنداق ھالەتكە دۇچ كەلمىگەن ئىدى. ئەگەر بۇنىڭ بىر چارىسىنى قىلمىساقلار بىزنىڭ خاندانىمىزدا تا قىيامەتكىچە بۇ بەتنام قېلىپ قالىدۇ. ياخشىسى شۇكى، ھەممىمىز بىرلىشىپ، كېچىسى ھۇجۇم قىلايلى، ئۇلارنىڭ ھاياتلىرى مامات كېچىسىگە ئالماشسۇن. زارلىق توپىسى بىلەن ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى خىرە ۋە ئىشرەت مەيىنى قارا قىلايلى، — دېيىشىپتۇ.

پەلەك گەردىشى بەرسە گەر ئامان،
ئامان تاپمىغاي دۈشمەن بەدگۇمان.

ئېيىقلار دەۋەتتىن غەيرەتكە، غەزەپتىن ھەركەتكە كېلىشىپ، پو ئېتىپ، لاپ ئۇرۇشۇپ، نەرە ساداسىنى پەلەككە يەتكۈزۈشۈپتۇ:

رەقىپ بولسا چۈمۈلە بىز ئەجدىھا،
ئەگەر تۇپراق بولسا دۈشمەن بىز ھاۋا.
بىزنىڭ كارىمىز تىغ ئۇرماق ئىرۇر،
دۈشمەننىڭ ئىشى تاج قويماق ئىرۇر.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار شۇ كېچىسى ئۇرۇش ئوتى ياندۇرۇشنى قارار قىلىشىپتۇ. كۈننىڭ ئالتۇن چاڭگىلى ئاسمان شىرىنىڭ ئورمانلىقىدىن قارا پاتقاق چەشمىسى تەرەپكە يۈزلىنىپ، يۇلتۇزلار ئېيىقلىرى پەلەك تېغىدا قوترىشىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئۇ تاغ ئېيىقلىرى بىردىنلا مايمۇنلارنىڭ ئورمانلىقىغا يېتىپ كېلىشىپتۇ. تاسادىپەن، مايمۇنلارنىڭ پادىشاسى دولەت ئەركانلىرى ۋە چۆرىسىدىكى مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپ، ئۇ كېچىسى سەھ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رادا قونۇپ قالغان ئىكەن. باشقا مايمۇنلار دۈشمەن ھۇجۇمىدىن بىخەۋەر ئۆيلىرىدە ئارام ئېلىپ يېتىشقان ئىكەن. مايمۇنلار ئېيىق-لارنىڭ ھۇجۇمىدىن خەۋەر تېپىپ بولغىچە كوپلىرى ئۆلۈپ، بەزى-لىرى يارىلىنىپ قېچىشىپتۇ. ئېيىقلار ئۇ جاينىڭ ئاۋات ۋە كەڭ-رىچىلىك ئىكەنلىكىنى، دۈشمەندىن خالى بولغانلىقىنى كورۇپ، شۇ جاينى ماكان قىلىشىپتۇ. ھىلىقى مايمۇنلاردىن تاياق يېگەن ئېيىقنى ئۆزلىرىگە پادىشا قىلىشىپتۇ ۋە مايمۇنلارنىڭ نەچچە يىل-لاردىن بېرى يىققان مال - مۈلۈكلىرىنى ئوز تەسەررۇپلىرىغا كىر-گۈزۈۋېلىشىپتۇ. ئەتىسى، كوڭلى قارا ئاسمان مەھبۇبىلار يۈزىدەك نۇرانە بوپتۇ، يەنى تاڭ ئېتىپ ئالتۇن قۇياش ئۆزىنىڭ فىرۇزە تەختىگە قەدەم قويۇپتۇ.

مايمۇنلار پادىشاسى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئۇرمانلىقتا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يول ئۈستىدە ئۇرۇشتا يارىدار بولغان ماي-مۇنلار ئۇچراپ شاھقا داتلاپتۇ. پادىشا ئەھۋالنىڭ جەريانىنى بىلىپ، قولىنى چىشلەپ، نادامەت قولى بىلەن ھەسرەت كوكسىگە ئۇرۇپتۇ ۋە "ۋاي دەرىخ، مەملىكىتىمىزنىڭ مال - مۈلۈكلىرى قولىمىزدىن كېتىپ، خەزىنىلىرىمىز دۈشمەن قولىغا چۈشۈپتۇ، ئىست! قارا بەختىم مېھنەت ۋە جاپا تۇپرىقىنى بېشىمغا ئۇرۇپتۇ. بىزدىن ئەمدى بەخت ۋە ئىقبال قايتىپتۇ. ئاقىۋەت دولەت بىزدىن يۈز ئورۇپتۇ" دەپتۇ.

بۇ جاھان بوستانىدا بەرگى ناۋا كورمەس كىشى،
چېھرەيۇ ئىقبالىدا رەڭگى ۋاپا كورمەس كىشى.
ھىلىدىن پۈتكەن جاھان مۈلكىگە قىلما ئېتىقات،
چۈنكى مۇندا پىتنىدىن ئوزگە جاپا كورمەس كىشى.

بۇ يەردە پادىشانىڭ باشقا ھەمرالىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇلار تېپىرلىشىپ، مال - دۇنيا ۋە ئەھلى ئاياللىرى ئۈچۈن يىغان تار-

قىپ يىغلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، مەيمۇن ئىسىملىك بىر مايمۇن بار ئىكەن. ئۇ پەزىلەتلىك ۋە ئەقىللىق بولۇپ، تەدبىردە ۋە پاراسەتتە داڭلىق ئىكەن. ئۇنى ھەممىسى بەكمۇ ھورمەتلەيدىكەن. پادىشا ۋە پۇقرالار ئۇنىڭ مەسلىھەتىدىن چىقمايدىكەن. مەيمۇن پادىشانىڭ ھەيران، باشقىلارنىڭ پەرىشان ئىكەنلىكىنى كورۇپ مەسلىھەتكە تىل ئېچىپ، مۇنداق دەپتۇ:

بالادا قايغۇ قىلما ئۇنىڭ ئۈچۈن،
كى باردۇر قايغۇ ئىچرە ئىككى زىيان:
بىرى دوستلار بولغۇسىدۇر مالال،
بىرى دۈشمەننىڭ بولغاي شادىمان.

مۇسىبەتلەردە نالە قىلىش ساۋاپتىن مەھرۇم قىلىدۇ ۋە كىشىنىڭ يەڭگىل ئىكەنلىكىنى ئاشكار قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئىككى نەرسىدىن بولەك ھېچ نەرسە پايدا بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ بىرى سەۋرە ۋە چىدام. چىداملىق بولغاندىلا سەۋرە دەرىخى مېۋە بېرىدۇ.

مەقسەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىدۇر سەۋرە.
مەھرۇم كىشىلەرنىڭ ئۇمىدىدۇر سەۋرە.

ئىككىنچىسى، توغرا تەدبىر. توغرا ئىشلىتىلگەن تەدبىر زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ كوڭۇل ئەينىكىدىن قاراڭغۇلۇق كىرلىرىنى تازىلايدۇ. ياخشى تەدبىر كوڭۇل يارىسىغا مەلھەمدۇر.

پادىشا مەيمۇننىڭ سوزلىرىدىن بىر ئاز تەسەللى تېپىپ:

— بۇ ئىشقا قانداق تەدبىر قىلساق بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەيمۇن جايىنى خالى قىلىپ پادىشاغا مەسلىھەت بېرىپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇلۇغ شاھىم، مېنىڭ پەرزەنتلىرىم ۋە قېرىنداشلىرىم بۇ زالىم گۇرۇھ قولىدا ئۆلۈپتۇ. ئەمدى بۇندىن كېيىنكى ئۆمۈر ماڭا قانداقمۇ لەززەت بەرسۇن، قانداقمۇ راھەت كورەلەيمەن!

سېنى كورمەستىن يۈرگەندىن ھايات،
ماڭا ياخشىراق بولغىنىم ۋاپات.

بەرىبىر، بۇ بىۋاپا دۇنيادىن كەتمەك كېرەك. شۇڭا بۇ دۇنيانىڭ تەڭلىگىدىن تېزرەك قۇتۇلۇپ، ئۇ دۇنيانىڭ راھەتخانىسىغا بېرىشنى ۋە ھەقىر جېنىمدىن كېچىپ، ئەزىز دوستلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشنى خالايمەن.
— ھەي مەيمۇن، — دەپتۇ پادىشا ئۇنىڭغا، — ئىنتىقام ئېلىشنىڭ لەززىتى شېرىن، لېكىن ئۆزىمىز تىرىك ھالدا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش — ھاياتنىڭ تەلىۋى. چۈنكى كىشى بولمىسا، دۇنيانىڭ ئاۋات ياكى خاراپ بولۇشى، خاتىرجەم ياكى قورقۇنچلۇق بولۇشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئۆزى ئولۇپ ئۇنى ئولتۇرۇشتىن نېمە پايدا؟

بۇ چىمەندىن بەرىبىر كەتمەكچىسەن،
خاھى گۈل بول، خاھى ياپراق، خاھ تىكەن.

— ئەي پادىشا، بۇ ھالىمدىن ئولگىنىم ياخشىراق، — دەپتۇ مەيمۇن، — چۈنكى كوزۈمنىڭ نۇرى پەرزەنتلىرىمنىڭ دىدارىنى كورۇش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلارنى بولسا تۇپراق ئۆز قوينىغا ئاپتۇ. كوڭلۈمنىڭ خوشلۇغى قەۋمى - قېرىنداشلىرىمنىڭ سوھبىتى بىلەن ئىدى. ئۇلارنىڭ توپلىشىش خامىنى كويۈپتۇ. كىشىنىڭ مەئىشىتى مال - دۇنيا بىلەن بولىدۇ. يىققان مال - دۇنيالىرىم تالان - تاراجقا كېتىپتۇ. ئەمدى مەن ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ، ئۆز جېنىمنى

قۇربان قىلىش بەدىلىگە، دوستلارنىڭ پارە - پارە بولغان يۈرىكىگە راھەت مەلھەمىنى قۇيۇشنى خالايمەن.

شەرەپلىك ئۆلۈم ئۈمىدىم مېنىڭ،
چۈنكى ياخشى نام مەقسىدىم مېنىڭ.

سىز پادىشايىمىزنىڭ مېنىڭ ۋاپاتىمدىن ئەپسۇسلەنمەسلىكىڭىزنى سورايمەن. پەقەت دوستلار بىلەن ئىشرەت بەزمىسىدە ئولتۇرغان ۋاقتىڭىزدا ۋاپادارلىقىمنى ياد ئېتىپ قويسىڭىز كۇپايە.

مۇرات بويىنغا ئەگەر سالسىڭىز ئۈمىت قولىن،
بۇ خەستە ئەھدى بىلەن سوھبىتىنى ياد قىلىڭ.

— قانداق قىلماقچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن پادىشاسى.
— بىر تەدبىر ئويلىدىم، — دەپتۇ مەيمۇن، — ئۇلارنى مەردۇئەزمايى باياۋانىدا ھالاكەتلىك ئىسسىق شامال بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىمەن. چوقۇم بۇ تەدبىرىم خاتاغا كەتمەيدۇ. مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، بۇيرۇق بېرىڭ، مېنىڭ چىشلىرىمنى چاقسۇن، پۇت - قولۇمنى سۇندۇرسۇن. بىزنىڭ بۇرۇنقى جايىمىزنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئاپىرىپ تاشلىسۇن. ئەي شاھ! سىز بارلىق مۇلازىملار ۋە قاچقۇنلار بىلەن سەھرا ئەتراپىدا تۇرۇپ تۇرسىڭىز، ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئۈچىنچى كۈنى ئاۋالقى جايىڭىزدا پاراغەت بىلەن ئولتۇرالايسىز. كورۇسىزكى، ئۇ چاغدا نەدۈشمەندىن ئەسەر قالسۇن ۋە نە مەندىن خەۋەر بولسۇن.
شۇنداق قىلىپ، پادىشا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئەسكەرلەر مەيمۇننىڭ قۇلاقلىرىنى كېسىپ، چىشلىرىنى چېقىپ، پۇت - قوللىرىنى سۇندۇرۇپ، ئورمانلىقنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئەپكېلىپ تاشلاپتۇ. پادىشا بارلىق ئەسكەرلىرى بىلەن كۆڭلى پەرىشان بولغان ھالدا، ئىنتىزارلىق بىلەن خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەيمۇن تاغ ئاتقىچە خۇددى تاشلار ئېرىگۈدەك، تاغلار پەرياتقىلغۇدەك دەرىجىدە ناله ـ زار قىلىپ چىقىپتۇ. ئېيىقلار پادىشاسى تاڭ ئاتقاندا تاشقىرى چىقىپ، ئۇنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ، ئالدىغا كېلىپ ھالىنى كۆرۈپتۇ. گەرچە ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق بولسىمۇ، بىر ئاز رەھمى كېلىپ گەپ سوراپتۇ.

مەيمۇن پاراسەت بىلەن ئۇنىڭ ئېيىقلار پادىشاسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپتۇ ۋە ماختاشلارنى ياغدۇرۇۋېتىپتۇ. ئېيىق شاھى شاھلارغا لايىق ماختاشلارنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپتۇ.

تېنىم كۆز ـ ياش سېلىگە غەرق بولدى بۇ پەيت،
كۆرۈپ بىتاپلىغىمنى ھالىمغا رەھىم ئەت.

ــ ئەي شاھ، مەن مايمۇنلارنىڭ ۋەزىرىمەن. مەن شاھىمىز بىلەن شىكارغا بارغانلىغىم ئۈچۈن ئۇرۇش بولغان كېچىسى بۇ جايدا يوق ئىدىم. تۇنتۇگۈن قاچقانلار قېشىمىزغا يېتىپ باردى. ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ جايغا كەلگەنلىكلىرىدىن خەۋەردار بولدۇم. مايمۇنلار پادىشاسىنىڭ ماڭا ئىخلاسى بار ئىدى. شۇڭا مەندىن مەسلىھەت سورىدى. مەن ئۇلارغا كويۇنگەنلىكىمدىن "ساۋاپلىق ئىش شۇكى، خىزمەتكارلىق كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ، قالغان ئۆمرىمىزنى ئۇ پادىشاھى ئالەمنىڭ خىزمىتىدە ئۆتكۈزۈپ، دۆلىتىنىڭ سايىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ، زامانىنىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلغىنىمىز ياخشى" دىدىم.

ئەقىل بولسا ئەگەر سەندە بۇرادەر،
بويۇن سۇن ئەھلى دولەتكە سەراسەر.
ئەگەر گۈلشەندىن ئۆتسەڭ گۈل ئالۇرسەن،
مەگەر بوستاندىن سۇمبۇل ئالۇرسەن.

پادىشا مېنىڭ سۆزلىرىمدىن خاپا بولدى. كۆپچىلىك: "بۇ
نىمىشقا سىلىنىڭ قاشلىرىدا تۇرۇپ، سىلىنىڭ شەنلىرىگە نالايىق
سۆزلەرنى سۆزلەيدۇ" دېيىشتى. مەن يەنە ئۇلارنى توساشقا باش-
لىدىم. پادىشانىڭ بۇيرۇغى بىلەن، پادىشانىڭ تەرەپدارلىرى مېنى
مانا شۇنداق خورلاپ، بۇ يەرگە ئەكىلىپ تاشلىدى ۋە: "قېنى
كۆرىمىز، بۇنىڭ ھىمايە قىلغان كىشىلىرى قانداق دادىغا يېتەر-
كىن" دەپ مېنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىمنى ئۇنتۇپ، مۇشۇنچىۋالا ئازار
بەردى، — دەپ مەيمۇن دەرت بىلەن شۇنداق يىغلاپتۇكى، ئېيىقلار
شاھىنىڭ ھاياسىز كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلۈپتۇ.

نالە قىلسام تاشنىڭ كۆڭلى سۇ بولۇر،
گەر دېسەم ھالىمنى كۆز قانغا تولۇر.

— ھازىر مايمۇنلار قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ ئېيىق
پادىشاسى.

— بۇ يەردە مەردۇئەزمايى دەپ ئاتىلىدىغان بىر باياۋان
بار. ئۇلار شۇ باياۋانغا پانا تىلەپ كېتىشتى. ئۇلار لەشكەر يى-
غىپ، قانخور ئەسكەرلەر بىلەن كېچىسى كېلىپ ھۇجۇم قىلماقچى، —
دەپتۇ مەيمۇن.

ئېيىق شاھى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە:

— ئەگەر مېنىڭ پۇتۇم بولسا ئىدى، — دەپتۇ مەيمۇن، — سىز
شاھىمىزنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن، سىزنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە
باشلاپ باراتتىم. ئۇ ھەقىقەتنى تونۇمايدىغان نائىنساپلارنىڭ ئە-
دىۋىنى بېرەتتىڭىز.

— دېمەك، سەن ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايىنى بىلىدىكەنسەن،
ئەگەر بىزنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باشلاپ بارساڭ، بىزنىڭ بويىنىمىز-
غا مىننەت قويۇلغان بولاتتىڭ. ئۇلار سېنى كۆپ خارلاپتۇ. ئىن-
تىقامىڭنى ئېلىۋالاتتىڭ، — دەپتۇ ئېيىق شاھى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— قانداق قىلاي، ماڭالمايمەن، — دەپتۇ مەيمۇن.

— ئۇنىڭ چارىسىنى مەن قىلىمەن، — دەپتۇ ئېيىق شاھى ۋە بىر نەرە تارتىپ لەشكەر ۋە ئەسكەر باشلىقلىرىنى يىغىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىپتۇ ۋە ئاخىرىدا، "بۈگۈن كېچە دۈشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ بارىمىز" دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھەممىسى ئۇرۇش جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ، مەيمۇننى بىر ئېيىقنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، يولغا راۋان بولۇپتۇ. مەيمۇن ئىشارەت بىلەن يول باشلاپتۇ. ئۇ ئۇلۇم دەشتىسىنى مەردۇئەزمايى دەپ ئاتايدىكەن. بۇ شۇنداق ئىسسىق ۋە سۇسىز چۆل ئىكەنكى، باھار بولۇتى بۇ چۆلدە ئۇسسىزلىقتىن قۇرۇپ قالىدىكەن. بۇ چۆلنىڭ چەك-چېگرىسىنىڭ تايىنى يوق بولغاچقا، بۇ چۆلگە كىرىپ قالغان ھەرقانداق كىشى چىقىش يولىنى تاپالمايدىكەن. بۇ چۆلدە بىر سەمۇم (ئىسسىق شامال) بار ئىكەنكى، ھەرقانداق نەرسىگە تەگسە سۇدەك ئېرىتىۋېتىدىكەن؛ ئۇ شامال قۇم تۇپراقنى تاۋلىق تونۇردەك قىزىتىۋېتىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ھېچقانداق جانىۋار ئۇ يەردە جان ساقلىيالمايدىكەن. ھەرقانداق گىيا باش چىقارغىچىلا يىلتىزىدىن كۆيۈپ كېتىدىكەن.

ئەجەپ كەڭرى بۇ چۆل خەۋپلىك ۋە دەھشەت،
يېتەر ھەر بىر قەدەمدە نەچچە ئاپەت.
ھاۋاسى ئوت كەبى، ئوتلار ھاۋادەك،
يېرى تاش، تاشلىرى ئاھەڭرەبادەك.

— چاپسانراق يۈرۈڭلار، — دەپتۇ مەيمۇن ئۇلارنى ئالدىرىتىپ، — تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن يېتىپ بېرىپ، ئۇ بەتبەختلەرنىڭ چېدىر-بارگاھلىرىنى بۇزۇپ، ئومۇر ئەخلەتلىرىنى بوراندەك سۈپۈرۈپ تاشلايلى، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۇ بۇزۇقلارنى تىرىكلىك دەشتىدىن قوغلاپ چىقىرايلى.

ئېيىقلار شۇنداق شىددەت بىلەن يول يۈرۈپتۇكى، سەمۇم شاملى تېزلىكتە ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەپتۇ. سەرسەر شاملى (قاتتىق سوغۇق شامال) ئىتتىكلىكتە ئۇلارنىڭ قەدەملىرىدىن چىققان توزاڭغىمۇ يېتىشەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېيىقلار يۈگۈرۈشۈپ، ئۇز پۇتلىرى بىلەن ئۇزى ئەجەل مەيدانىغا كىرىپتۇ. ئاپتاپ چىققان بولسىمۇ مايمۇنلاردىن ئەسەر يوق ئىمىش. مەيمۇن ئۇلارنى ئالدىرىتىپ ئاجايىپ چىرايلىق سوزلەپ، ئۇلارنى باشلاپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئېيىقلار تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن مېڭىپتۇ. كۈن ئاسمان ئۇچىغا ئورلەپ، ئاپتاپنىڭ شولىسى چول قوينىنى شۇنداق قىزىتىۋېتىپتۇكى، كىمكى ھاۋاغا قارىسا پەرۋاندەك كويىدىكەن، يەرگە ئاياق قويسا مومدەك ئېرىيدىكەن. ئاپتاپنىڭ قىزىقلىقىدىن ئېيىقلارنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپتۇ. ئىسسىق شامال يۈزلىرىگە ئۇرۇپتۇ. بۇ چولنىڭ ھاۋاسى بەئەينى تۈتۈنسىز ئوتقا ئوخشايدىكەن.

— قانداق چول بۇ؟ ھەيۋىتىدىن يۈرەكلىرىمىز كاۋاپ بولۇپ جىگەرلىرىمىز كويۈپ كەتتىغۇ؟ ئوت يالقۇنىدەك تېز-تېز بىرگە قاراپ كېلىۋاتقان نىمە ئۇ؟ دەپ سوراپتۇ، — ئېيىق شاھى مەيمۇندىن.

— ھەي زالىملار! — دەپتۇ مەيمۇن، — بۇ ئەجەل باياۋانى، سەنلەرگە كورۇنۇپ كېلىۋاتقىنى ئولۇمنىڭ خەۋەرچىسى. خاتىرجەم بولۇڭلاركى، ئەگەر يۈز جانلىرىڭ بولسا بىرىمۇ قۇتۇلالمايدۇ. ھەلى بىر ئىسسىق شامال چىقىپ ھەممەڭنى كۇل قىلىۋېتىدۇ.

ئۇنىڭ سوزى تۈگىمەستىنلا ئىسسىق شامال چىقىپ مەيمۇن ۋە ئېيىقلارنى پۈتۈنلەي كويدۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ بۇ چولدىن سالامەت چىقالماپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى مايمۇنلار پادىشاسى تەۋەلىرىنى باشلاپ ئوز ماكانلىرىغا كەلسە، ئورمانلىق دۈشمەندىن خالى بولۇپ قالغان ئىكەن، مايمۇنلار ئوز ۋەتىنىدە بەختلىك ياشاپ قېلىشىپتۇ.

كەتتى غەملەر شامى ھەم، ئۆردى پاراغەت سۈبھى دەم،
يوق بولۇپ مېھنەت قىشى، دولەت يېزى بولدى بەھەم.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، پادىشايىمىزغا مەلۇم بولسۇنكى، گىنە ـ ئاداۋەت ئەھلى ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن جانلىرىدىن كېچىدۇ ۋە دوستلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزلەپ ئۆزلىرىگە ئۆلۈمنى لازىم تاپىدۇ. مەن كارشۇناسنى شۇلاردىن دەپ ھېساپلايمەن. بۇندىن ئىلگىرى، قاغىلارنىڭ كۆپ ھىلە ـ نەيرەڭلىرىدىن تەجرىبە ـ ساۋاق ئالغان ئىدىم. شۇڭا كارشۇناسنىڭ بۇ ئەۋزايىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ھىلە ـ مىكىردە كامىل ئىكەنلىكىگە كۆزۈم يەتتى.

ئاڭلىغان ئىدىم ئۇنىڭ جانغا ئاپەتلىكىنى،
ئەمدى كۆردۈم مىڭ ھەسسە ئۇندىن ئارتۇقلىقىنى.

مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، ئۇ بىزگە ئاخشاملىق بەرگىچە بىز ئۇنىڭغا سەھەرلىك بېرەيلى، ئۇ بىزنىڭ قېنىمىزنى تۆككىچە بىز ئۇنىڭ بېشىنى كېسەيلى.

شاباھەڭ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ياقتۇرماپتۇ ۋە:

— بۇ رەھىمسىزلىك ۋە كۆڭلى قاتتىقلىقنى بىلدۈرىدۇ. بۇ پەقىر بىزگە تەرەپتارلىق قىلىپ بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپتۇ. بىز ئۇنىڭ مەجرۇھ ۋۇجۇدىنى ئوقۇبەت ئوتى بىلەن ئىمتىھان بوتىسىدا كۆيدۈرسەك توغرا كەلمەيدۇ. سەن:

ئۆزەڭگە جاپا كېلىشىنى ئەيلىسەڭ ياد،
جاپاكەشلەر كۆڭلىنى ئەيلىگىن شاد.

دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇسەن؟ — دەپ كارشۇناسنى ئىززەت ـ ئىكـ

رام بىلەن كۆتۈرۈپ قايتىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ شاباھەڭنىڭ ۋەزىرى، — مېنىڭ سۆزۈمنى قوبۇل قىلمىدىڭىز، ھەر ھالدا ئۆزىڭىزنى ئېھتىياتتا تۇتۇڭ. چۈنكى بۇ قاغىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ھۇقۇشلارغا پاسات پەيدا بولۇش ۋە قاغىلارنىڭ مۇھىم ئىشىنىڭ ياخشىلىققا تارتىشىدىن ئۆزگە نەتىجە بەرمەيدۇ.

شاباھەڭ بۇ مېھرىۋان ۋەزىرىنىڭ سوزىنى ئېتىۋارغا ئالماپتۇ. كارشۇناس ئۇنىڭ خىزمىتىگە شۇنداق بەل باغلاپتۇكى، بىردەممۇ مۇلازىمەت ئەدەپلىرىنى باقى قالدۇرماي ئورۇنلاپتۇ ۋە پادىشانىڭ مۇلازىملىرىنىڭ ھەر بىرىنى بىر ياخشى ئىش بىلەن خوشال قىلىپ، ئۆزىگە قارىتىۋاپتۇ. مانا شۇ تەرىقىدە ئىش قىلىش نەتىجىسىدە، كۈندىن-كۈنگە پادىشا ئالدىدا مەرتىۋىسى ئۇسۇۋېرىپتۇ. ئاخىرىدا پادىشاغا سىرداش ۋە مەھرەم بولۇۋاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ پايدىلىق نەسىھەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئىخلاسىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋاپتۇ. شۇڭا پادىشا مەملىكەت ئىشىدا ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە سالىدىكەن ۋە ھەر بىر مۇھىم ئىشنى ئۇنىڭ تەدبىرى بويىچە باشلايدىكەن. بىر كۈنى ھەممەيلەن يىغىلغان ئىكەن، كارشۇناس شۇنداق دەپتۇ:

— فىرۇزە ماڭا ناھايىتى كۆپ ئازار بەردى ۋە ئەلەم قىلدى، مەن ئۇنىڭغا ھىچقانداق گۇنا قىلمىغان ئىدىم. تاكى ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئالمىغىچە كېلىمدىن ھىچنەرسە ئۆتمەيدۇ. بۇ مەقسىدىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇزاق تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرلارنى قىلدىم. ئاخىرى شۇ يەرگە كەلدىمكى، مەن قاغا قىياپىتىدە تۇرۇپ مۇرادىمغا يېتەلمەيدىكەنمەن. مەن ئالىملاردىن: "ئەگەر بىركىم زالىملاردىن جاپا كۆرگەن بولسا، كۆڭلىگە ئولۇمنى پۈكۈپ، ئۆزىنى ئوتتا كۆيدۈرسە، ھەرقانداق دۇئاسى ئىجاۋەت بولىدۇ" دىگەن سوزىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئەگەر پادىشاھىم، سىز لايىق كۆرسىڭىز، بۇيرۇق قىلغان بولسىڭىز، مېنى كۆيدۈرسە، شۇ ئىسـ

سقلىق بەدىنىمگە تەسىر قىلغاندا، "مېنى ھۇقۇش قىلساڭ" دەپ خۇدادىن تىلىسەم، مېنى ھۇقۇش قىلغاندا ھىلە ـ مىكىر بىلەن ئۇ زالىمغا زور كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىنتىقامىمنى ئېلىۋالسام ئەجەپ ئەمەس ئىدى.

بىراق، شۇ ئەسنادا كارشۇناسنى ئولتۇرۇشنى تەكىتلىگەن ھىلىقى ۋەزىر شۇنداق دەپتۇ:

ــ ھەي پادىشا، كارشۇناس يەنە باشقىچە بىر ھىلە ـ مىكىر ئىشلىتىۋاتىدۇ.

ئۇ ئىرۇر باشتىن ـ ئاياق زىۋەر بىلەن رەڭ،
ھىلە بىلەن زېرەكلەرنى قىلۇر دىۋەڭ.

ئەگەر ئۇنىڭ قارا زاتىنى كويدۇرۇپ، كۆلىنى سۇۋۇرۇۋەتسۇ بىلەن خېمىر قىلسىمۇ ئۇنىڭ ناپاكلىقى ئۆزگەرمەيدۇ.

سەن ياماندىن ياخشىلىق كۈتمە، بىراق،
زەڭگىنى يۇيغان بىلەن بولمايدۇ ئاق.

مۇبادا ئۇنىڭ پەس ۋۇجۇدى، توز ياكى سۇمرۇغقا ئايلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇ بەربىر قاغىلارغا ئېتىقات قىلىدۇ؛ ئۇ خۇددى ئادىمزات سۇرىتىگە كىرگەن چاغدىمۇ، يەنە ئۇنىڭ ئەسلىگە مەيلى تارتىپ، ئالەمنى قىزىتقۇچى ئاپتاپ، پەيز بېغىشلىغۇچى بۇلۇت، راھەت بەرگۈچى شامال ۋە سۇباتلىق تاغ بىلەن ئۇلپەت بولغان چاشقانغا ئوخشايدۇ.

ــ ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ پادىشا.

ــ بىر زاھىت سۇ بويىدا تاھارەت ئېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن، ــ دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ ۋەزىر.

# ئۆز ئەسلىگە ئايلانغان چاشقاننىڭ ھېكايىسى

بىر زاھىت سۇ بويىدا تاھارەت ئېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن.
بىر سا ئۇچۇپ كېلىپ قاپتۇ. سانىڭ ئاغزىدا بىر چاشقان بالى-
سى بار ئىكەن. نەق شۇ جايغا كەلگەندە، چاشقان بالىسى سانىڭ
ئاغزىدىن ئاجراپ زاھىتنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. زاھىتنىڭ رەھمى
كېلىپ ئۇنى ئۆيگە كۆتىرىپ ئېلىپ كەپتۇ. زاھىتنىڭ كۆڭلىگە:
"ئەگەر بۇ يەنە مۇشۇنداق چاشقان ھالىتىدە تۇرسا ئۆيگە زىيان
يەتكۈزىدۇ" دىگەن ئەندىشە كەپتۇ. ئۇ زاھىت نىمىنى تىلىسە شۇ
پەيدا بولىدىكەن. شۇڭا ئۇ دۇئا قىلغان ئىكەن، ئۇ چاشقان با-
لىسى زىبا سۈرەتلىك، كېلىشكەن قامەتلىك، روشەن يۈزلۈك، چى-
رايلىق قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىق ساھىپ جامال بىر قىزغا ئايلى-
نىپتۇ. ئۇ شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، ئۇنىڭ رۇخسارىنىڭ ئاپتۇۋى
ئاينىڭ خامىنىغا غەيرەت ئوتىنى تۇتاشتۇرىدىكەن؛ ئۇنىڭ زۇلپى-
نىڭ خۇشبۇيى قارا تۈن كۆڭلىدىن تۈتۈن چىقىرىدىكەن.

قەددى زىبا سەرۋىگە كوپ تەنىلەر ئەيلەر ئىدى،
ئايغا كۈن يەڭلىغ جامالى خەندىلەر ئەيلەر ئىدى.

زاھىت ئۇنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ: "ئۆز پەرزەن-
تىڭدەك تەربىيەت قىل" دەپ بىر مۇرىدىغا تاپشۇرۇپتۇ. مۇرىدى
زاھىتنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ، ئۇنى پەرۋىرىش قىلىپتۇ. ئۇ تېز لا
بالاغەتكە يېتىپتۇ. بىر كۈنى ئاخشىمى زاھىت ئۇنىڭغا:
— ھەي پەرزەنت، بالاغەتكە يېتىپسەن، سېنى بىر كىمگە
بەرمەي ئامال يوق. ئەمما بۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ بىلەن
قىلىمەن. مەيلى ئادەم ياكى پەرى ۋە ياكى ھەرقانداق مەخلۇ-
قاتنىڭ يۇقۇرى ياكى تۆۋەن تەبىقىسىدىن كۈيئوللىققا كىمنى ئىخ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىيار قىلساڭ شۇنىڭغا بېرەي، — دەپتۇ.
— مەن قۇدرەتلىك، شەۋكەتلىك ۋە يۇقۇرى مەرتىۋىلىك ئەرنى خالايمەن، — دەپتۇ قىز.
— ئۇنداق سۈپەتلىك ئەر ئاپتاپتۇر، — دەپتۇ زاھىت.
— ئۇ پەلەك ئۈستىدىكى ھەممە نەرسىلەرگە غالىپ كېلەلەيدىغان بولسا شۇنىڭغا بەر، — دەپتۇ قىز.

تاڭ سەھەر ئاسمانغا چىقىپ زەر قۇياش،
نىلۇپەر راۋاقتا ئۆزىنى قىلدى پاش.

— ئەي ئاپتاپ، — دەپتۇ زاھىت، — بۇ قىزىم بەكمۇ چىرايلىق قىز. بۇ مەندىن قۇۋۋەتلىك كۈيوغۇل تەلەپ قىلدى. شۇڭا بۇ سېنىڭ نىكايىڭدا بولسۇن.
ئاپتاپ بۇ سوزنى ئاڭلاپ خىجالەتتىن يۈزى قارىيىپ كېتىپتۇ.
— مەن ساڭا ئۆزەمدىنمۇ كۈچلۈكرەكىنى كورسىتەي، ئۇ بولسا بۇلۇت، ئۇ ھەرقاچان پەيدا بولۇپ يۈزۈمنى تۇتسا، ھەممە ئالەمنى جامالىم يۈزىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، — دەپتۇ ئاپتاپ.

گەرچە كۈن شۇنداق ئېگىز جايدا تۇرار،
ئازغىنا بۇلۇت ئۇنىڭ يۈزىن تورار.

زاھىت بۇلۇتنىڭ قېشىغا كېلىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بايىقى ئىلتىماسىنى سوزلىگەن ئىكەن، بۇلۇت ئۇيۇتۇپ يۈزىدىن تەر تامچىلىرىنى تامغۇزۇپتۇ ۋە:
— ئەگەر مېنى كۈچلۈك ۋە قۇۋۋەتلىك جەھەتتىن ئىختىيار قىلىدىغان بولسا، قۇۋۋەتلىك بولۇش جەھەتتە مەندىن بوران كۈچلۈك. ھاۋادا ئۇ قاياقنى خالىسا مېنى شۇ ياققا سۈرۈپ يۈرىدۇ، —

دەپتۇ.

زاھىت بۇ سوزگە ئىشىنىپ، بوران قىشىغا بېرىپتۇ ۋە بايىقى ئەرزىنى ئۇنىڭغىمۇ ئىزھار قىلىپتۇ. بورانمۇ ئىزا تارتىپ:

— مەندە نە ئۇنچىلىك قۇۋۋەت بولسۇن! بۇ ھاجىتىڭنى تاققا ئېيتقىن. ئۇنىڭ بىلىگى قاتتىق ۋە شان - شەۋكەتلىك. مېنىڭ ئۇنىڭغا زورلۇق قىلغىنىم خۇددى چۇمۇلە تاشقا مۇشت ئاتقانغا ئوخشايدۇ ۋە مېنىڭ پەريادىم ئۇنىڭ قۇلىغىغا خۇددى تۇغما گاسقا كىشى گەپ قىلغانچىلىك بىر ئىش بولىدۇ.

ھەر تەرەپكە ئۇچۇرۇپ يۇرگەي بۇلۇتلارنى شامال،
يەتسە گەر تاغ ئالدىغا بولغاي ۋۇجۇدى بىماجال.

زاھىت تاغنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغىمۇ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. تاغ:

— ھەي زاھىت چاشقان ماڭا غالىپ كېلىدۇ. ئۇ مېنىڭ ھەممە يېرىمنى توشۇك قىلىۋېتىدۇ. كوكسۇمنى تېشىپ ئوي قىلىۋالىدۇ. جىسمىمغا ھەر تەرەپلەردىن زەخمە ئۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇداپىئە قىلىشقا ھېچقانداق چارە قىلالمايمەن، — دەپتۇ.

زاھىت قايتىپ كېلىپ، بۇ سوزلەرنى قىزغا باشتىن - ئاياق سوزلەپ بېرىپتۇ. قىز بولسا:

— تاغ راست ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭغا چاشقان غالىپ كېلىدۇ. مېنى شۇنىڭغا بەرگىن، — دەپتۇ.

زاھىت ئۇ قىزنى چاشقاننىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئەھۋال ئېيتىپتۇ. ئۇمۇ ھەمجىنسلىق تۇيغۇسىدىن ماقۇل بولۇپتۇ ۋە:

— ئۇزەمگە بىرھەمرا تاپسام دەپ ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن نەقىلاي، جۇپتۇم ئوز جىنسىمدىن بولسا بولاتتى، — دەپتۇ.

— بۇ ئىش ئاسان، — دەپتۇ قىز، — زاھىت دۇئا قىلسا مەن دەرھال چاشقان بولۇپ، سەن بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زاھست ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە مەيلى بارلىغىنى بىلىپ، دۇئا قىلغان ئىكەن. قىز يەنە چاشقانغا ئايلىنىپتۇ. دىمەك ھەرقانداق نەرسە ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ. زاھىت ئۇنى ھىلىقى چاشقانغا بې-رىپ ئۆز ئىبادەتخانىسىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

بولما مەغرۇر بارچە مەۋجۇت يانغۇسى ئۆز ئەسلىگە،
سەنمۇ تۇپراقتىن يارالغان، يەنە بولغايسەن توپا.

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، ھەرقانداق نەرسە بىرەر سەۋەپ بىلەن ئۆز ھالىدىن ئۆزگەرگەن بولسا، ئۇ بەربىر يەنە ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ. سوز ھېكمەتخانىسىنىڭ دانىشمەنلىرى بۇ مەنىنى نەزمە يىپىغا شۇنداق شېرىن شەكىل بىلەن تىزىپتۇكى:

ئەگەر ئەسلى ئاچچىق بولسا دەرەخنىڭ،
گەر جەننەتكە ئاپىرىپ كۆچەرسەڭمۇ؛
گەرچە بېھىش ئېرىقىدا سۇغۇرۇپ،
يىلتىزىغا شېرىن ھەسەل قۇيساڭمۇ؛
سائىتى يەتكەندە ئۇ مېۋە بېرەر،
ئاچچىقلىقىنى مېۋىسى ئىزھار ئېتەر.

شاباھەك بەدۆلەتلىك يولىنى تۇتقان بولغاچقا، بۇ نەسىھەتلەر-نىڭ بىرىنىمۇ قوبۇل قىلماپتۇ ھەم ۋەزىرنىڭ سوزلىرىنى ھەسەتتىن دەپ بىلىپ، ئاقىۋىتى بىلەن ھىساپلاشماپتۇ، كارشۇناس ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ رايىغا مۇۋاپىق ھىكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ؛ خاھىشلى-رىغا لايىق ئەپسانىلەرنى توقۇپتۇ. نەتىجىدە خاس مەھرەم بو-لۇپ، ھەممە سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇپتۇ. ئاخىرى پۇرسەت تېپىپ، ئۇلاردىن قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ قاغىلار تەرەپكە بارغاندا فىرۇزە ئۇنى كۆرۈپ، بەك خوشال بولۇپتۇ ۋە:

دوستلىرىم ئاگاھ بولۇڭ كىم كەلدى ئۇ ئارامى جان،
ياخشى دولەت بىرلە يەتتى بىزگە نۇسرەتتىن نىشان.

— ئەي كارشۇناس، قانداق قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ كارشۇناس، — دولىتىڭدە ئەمدى دۈشمەندىن ئىنتىقام ئالىدىغان چاغ كەلدى. چۈنكى قەستلەنگەن ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم. جابدۇنۇڭلار.

— ئەھۋالنى بايان قىلىپ بەر، ۋاقىت تاپقاندىن كېيىن پىيىگە چۈشەيلى، — دەپتۇ پادىشا.

— پالانى يەردە بىر تاغ بار. ھەممە ھۇقۇشلار كېچىسى شۇ يەردە ياتىدۇ. ئۇنىڭغا يېقىن بىر جايدا قۇرۇق ئوتۇن كوپ ئىكەن. قاغىلارنى بۇيرۇسىڭىز شۇ يەردىن غارنىڭ ئاغزىغا ئوتۇن ئەپكىلىپ دۆۋىلىسۇن. ئۇ تاغنىڭ ئېتىگىدە قويچىلارنىڭ ماكانى بار. مەن بېرىپ ئۇ يەردىن ئوت ئەپكېلىپ ئوتۇنغا ياقاي، ھەممە قاغىلار بىرلىكتە قاناتلىرى بىلەن يەلپۈپ ئوتنى ئۇلغايتسۇن. شۇنداق قىلساق ھەممە ھۇقۇشلار غاردىن چىقىپ كويۇپ كېتىدۇ. چىقماي قالغانلىرى تۈتۈندە بۇرۇقۇپ ئولىدۇ، — دەپتۇ كارشۇناس.

پادىشا بۇ تەدبىرنى ماقۇل كورۇپ، شۇ زامان ھەممە قاغىنى باشلاپ بېرىپ، كارشۇناسنىڭ دېگىنىدەك قىلىپتۇ. نەتىجىدە ھۇقۇشلارنىڭ بىرسىمۇ ھايات مەملىكىتىدە باقى قالماپتۇ. قاغىلار بۇ ئۇلۇغ غەلىبە ۋە زەپەر شاتلىقلىرىدىن خوشاللىق نەرىسىنى ئاسمانغا يەتكۈزۈپتۇ.

ئالەم مۇرادىن ئەمدى راۋا قىلدى روزىگار،
ئىستىقبال ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى روزىگار.
بىزدىن كېتىپ خوشاللىق، دۈشمەن ئىدى شادىمان،
بىر لۇتپى بىلەن ئۇنى ئادا قىلدى روزىگار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇندىن كېيىن ئۇلار پادىشا ۋە سىپاھلار ھەممىسى غالىپ بولۇپ، زەپەر قازىنىپ ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشىپتۇ ۋە كارشۇناسنىڭ بۇ ياخشى تەدبىرلىرى ئۈچۈن ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ھورمەت-ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ ۋە مەدھىيە ماختاشلارنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

— ئەي كارشۇناس، — دەپتۇ فىرۇزە ئۇنىڭغا، — ياخشى پىكىرلىرىڭنىڭ خاسىيىتى بىلەن دۈشمەنلەر ھالاكەت، دوستلار پاراغەت تاپتى. بۇ ئىش ئەجەپ خاسىيەتلىك بولدى.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ كارشۇناس، — ھەرقانداق نۇسرەت ۋە غەلىبە پەقەت سىزنىڭ دۆلىتىڭىزنىڭ سايىسىدە قولغا كەلدى. مەن بۇ زەپەرنىڭ ئالامىتىنى ئۆز ۋاقتىدىلا كورگەن ئىدىم، چۈنكى شۇم دۈشمەنلەر زەئىپ-ئاجىزلارغا سەۋەپسىز زۇلۇم سېلىپ، ئاتا-بوۋىڭىزدىن قالغان مۈلۈككە تاما باغلاپ، كېچىلىك ھۇجۇم قىلدى.

ئۇ سېنىڭ مۈلكۈڭنى قەستلەپ كوزىنى قىلغان قىزىل،
يۈزى سارغايدى ئاخىر، ئالەم ئاڭا بولدى قارا.

— شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە ھۇقۇشلار بىلەن ئارا تۇرماققا قانداق سەۋرە قىلغانسەن؟ ئۇ ئەسكى پەسلەر بىلەن سوھبەتلىشىشكە قانداق تاقەت قىلغانسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا ئۇنىڭدىن يەنە، — چۈنكى "يامان بىلەن سوھبەت قىلماقتىن زەھەرلىك ئىلان بىلەن ئۆلپەت بولماق ياخشىراق" دېگەن سوز بارغۇ؟

جىنس ئەمەس بىرلە قەن ھەسەل يېگەندىن،
ھىجرىنىڭ زەھرىنى ئىچكەن ياخشىراق.

— راست ئېيتىسىز، — دەپتۇ كارشۇناس، — كىشىگە ھېچقانداق

رەنج ـ ئەلەم بىگانە بىلەن ھەمسوھبەت بولۇشتىن قاتتىقراق بولـ
مايدىكەن. نامۇناسىپلارنىڭ دىدارىغا قاراپ يۈرۈش دوزاخ ئازاـ
ۋىدىن يامان ئىكەن. ئەمما ئەقىللىق كىشى ئوز ئىگىسىنىڭ خۇشـ
لۇغى ۋە راھىتىنى كوزلەپ، ھەرقانداق جاپا دۇچ كەلسىمۇ،
ئۇنىڭغا شاتلىق بىلەن بارىدۇ! ھىممەت ئەھلى ھەر قانداق جاپاـ
مۇشەققەتتىمۇ ئوزىنى غەمگە ۋە بىتاقەتلىككە سالمايدۇ. ئاخىرىدا
غەلىبە ۋە نۇسرەت بار بولغان ھەرقانداق ئىشنىڭ ئىپتىداسىدا
رەنجى مۇشەققەت چېكىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى ھىچقانداق بايـ
لىق رەنجى مۇشەققەتسىز يۈز كورسەتمەيدۇ ۋە ھىچقانداق گۈلنى
تىكەن زەخمىنى يىمەي ئۈزۈپ ئۈزگىلى بولمايدۇ.

چەكمىسەڭ تا تەلەپ يولىدا زەخمەت،
كورمەيسەن مەنزىلى راھەتتە ئىشرەت.

— ھۆقۇقشىلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئادەتلىرىدىن كورگەنـ
لىرىڭنى بايان قىلىپ بەرگىن، — دەپتۇ پادىشا.

— ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرلا زېرەك بار ئىكەن. ئۇ مېنى ئولتۇـ
رۇشنى شۇنچە تەشەببۇس قىلدى. لېكىن باشقىلىرى ئۇنىڭ نەسىـ
ھىتىگە قىلچە قۇلاق سالمىدى. مەندىن قىلچە ئەندىشە قىلمىدى.
مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىگانە ئىكەنلىكىمدىن، ئوز قەۋمىم ئىچىدە
ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك، پەم ـ پاراسەتلىك، دانىشمەنلىك ۋە ئەقىل ـ ئىدـ
راكتا مەشھۇر ئىكەنلىكىمدىنمۇ ئەندىشە قىلمىدى. ھىلە بىلەن پىكىر
قىلسامىمۇ ۋە خىيانەت ئىشلەتسەممۇ ئۇنى سەزمىدى. نەسىھەتـ
چىلەرنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلىمىدى ۋە مەندەك ئوز جىنسىدىن بولمىغان
كىشىدىنمۇ سىرىنى يوشۇرمىدى. ئاقىۋەت، ئاشۇ غاپىللىقىدىن كورگىلىـ
گىنى كورۈپ، ھالاكەتكە ئۇچرىدى. "پادىشالار سىر يوشۇرۇشتا بەكمۇ
ئېھتىيات قىلىشى لازىم" دىگەن گەپ بار. خۇسۇسەن نا ئۇمىت بولغان
دوستتىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلىش لازىم، — دەپتۇ كارشۇناس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسا مەھرۇم دوستلىرىڭ سەندىن ئەگەر،
ئۇنى مەھرەم ئەيلىمەك قىلما خىيال.
دۇشمەنىڭدىن قورقۇنچلۇق ئۇ ساڭا،
ئۇڭا سىر ئېيتماق ساڭا بولماس ھالال.

— مەن ھۇقۇشلارنىڭ ھالاكىتى ئوزىنىڭ زالىملىغىدىن بولدى دەپ چۇشىنىمەن، — دەپتۇ پادىشا.

— شۇنداق، — دەپتۇ كارشۇناس، — ھەرقانداق پادىشا زۇلۇمنى ئۇل قىلسا، ئۇنىڭ دولەت بىناسى بۇزۇلغۇسى. پادىشا كاپىر بولسىمۇ ئۇنىڭ سەلتەنىتى باقى تۇرىدۇ، لېكىن زالىم بولسا سەلتەنىتى باقى تۇرمايدۇ.

زالىملىق يولى خەۋپلىك يولدۇر،
زالىملارنىڭ ئومرى كوتەدۇر.
شاھنىڭ نىيىتى بولسا گەر يامان،
پۇقرادىن ئايرىلىپ يوقىلار ھامان.

ھەر كىشى توت ئىش قىلسا توت ئەجرە تاپىدۇ: بىرىنچىسى، زۇلۇم قىلسا ھالاكىتى يېقىن بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، خوتۇنلار سوھبىتىگە ھېرىس بولسا رەسۋالىققا ئۇچرايدۇ؛ ئۇچىنچىسى، يىمەك - ئىچمەككە تولا بېرىلسە كېسەللىككە دۇچار بولىدۇ؛ توتىنچىسى، نادان ۋەزىرلەرنىڭ پىكرىگە ئىشەنسە، مەملىكىتى بىلەن ۋەيران بولىدۇ؛ ھوكۇمالار "ئالتە كىشى ئالتە نەرسىدىن تاما ئۇزۇشى كېرەك" دەپ ئېيتقان. يەنى، زالىم پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ داۋام قىلىشىدىن، تەكەببۇر كىشى ياخشى ئاتانماقتىن، بەتخۇي ئادەم دوستى كوپ بولۇشتىن، بىئەدەپ كىشى يۇقۇرى مەرتىۋە تېپىشتىن، بېخىل ياخشى بولماقتىن، ھېرىسلىق قىلغۇچى بىگۇنالىقتىن تاما قىلماسلىغى كېرەك. چۇنكى ھېرىس كىشىنى ھارام يولغا سالىدۇ.

ھەرقانداق جايدا ھېرىس ئورۇن تۇتسا، ئۇ يەردىن راستلىق ۋە ئامانەت كۆچۈپ كېتىدۇ. ھۇقۇشلار پادىشاسىنىڭ قاغىلارنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىسى ئاشقانلىقتىن، ئۇ گۇناسىزلىق ۋە ئىنساپ مۇقامىدىن ئۆتۈپ، "قاغىلار يىقىلسۇن" دىگەن ھالاكەت ئازگىلىغا ئۆزى تىقىلدى.

ھەر كىشىكىم ئۆزگىگە قىلدىم دىسە،
دەرھەقىقەت ئۇنى ئۆزىگە قىلۇر.
بۇ مىسال مەشھۇر ئىدى خەلق ئىچىدە،
كىمكى ئورا قازسا ئۆزى تىقىلۇر.

— بۇ نېمەت شۈكرانىسىنىڭ ھوددىسىدىن قانداقمۇ چىقارمىز، سەن كۆپ مۇشەققەت چېكىپ، دۈشمەنلەرنىڭ خىزمىتىدە بولدۇڭ. مۇبادا، نەسىھەتچىلەرنىڭ سوزىنى قوبۇل قىلغان بولسا، سېنى تۈرلۈك ئازاپلار بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتەتتى، — دەپتۇ پادىشا.

— بىر ئىشقا قەدەم قويماقچى بولسا، بۇرۇنراق جېنىدىن قول يۇيغان كىشىنى ئەردىسە بولىدۇ، — دەپتۇ كارشۇناس، —

ئاياغ قويماي مەيدانغا كېچىپ باشتىن،
يىگىت تاپماس سائادەت تېگىرقاشتىن.

ئۆز ھالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئۆزىدىن كىچىك كىشىگە مۇلازىمەت قىلىشنى ئېغىر كۆرمىگەن ۋە ئۇنىڭدىن ئار قىلمىغان كىشى ھەرقانداق سەۋەپ بىلەنمۇ مەقسىدىگە يېتەلەيدۇ. بۇ ئىلان ئۆز مەئىشىتى ئۈچۈن پاقىغا خىزمەت قىلىشقا رازى بولغىنىدەك بىر ئىش.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا فىرۇزە.

— بىر ئىلان بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ كارشۇناس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەسلان بىلەن پاقىنىڭ ھېكايىسى

بىر ئەسلان بار ئىكەن، ئۇ قېرىپ ئاجىزلىشىپ، ئەزالىرىدا ماغدۇر قالماي، ناتىۋان بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن شىكار قىلالماي، غىزا تېپىپ يېيىشكە ئامالسىز قاپتۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: "ۋادەرىخا! يىگىتلىك قۇۋۋىتى كېتىپتۇ، خوشاللىق زامانى ئۆتۈپتۇ. ئەمدى ياشلىقىمغا يېنىشتىن ئۈمىت قىلىشىم خۇددى سۇدىن ئوت ياندۇرماقچى بولغانغا ئوخشاش ئىش.

كەتتى ياشلىق دەۋرى ھەم كەلدى قېرىلىق نۆۋىتى،
كەتتى قۇۋۋەت بىرلە شاتلىق كۆڭلىرى بەك ئالدىراپ.
قېرىلىق ۋاقتىنى ھەم بىلگىن غەنىمەت نەچچە كۈن،
ئۆمۈ ھەم كوز ئاچقىچە قالماي ئۆتەر ئەيلەپ شىتاپ.

ئۆتكەن ئۆمۈر قايتىپ كەلمەيدۇ. ئەمدى بىھۇدە ئەپسۇسلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. تىرىكلىك تېنىمنى سالامەت تۇتۇشنىڭ غېمىدە بولۇپ، شۇندا ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈپ، نۇرغۇن تەجرىبە ھاسىل قىلدىم. شۇنى ئىشقا سالاي ۋە مەئىشەت ئۈچۈن تەدبىر ۋە مادارا يولىنى تۇتاي. بۇ جەھەتتە ماڭا ھەرقانچە خارلىق كەلسىمۇ ئۇنى مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلاي" دەپتۇ - دە، بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كەپتۇ. ئۇ يەردە پاقىلار تولا ئىكەن. ئۇ ئۆزىنى ماتەم تۇتقان قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن توپىغا ئېغىناپتۇ. شۇ ئەسنادا، بىر پاقا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھەي غېرىپ، نېمىشقا مۇنداق غەمدە قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دىنىڭ كۆڭلۈم پاقا تۇتۇپ يېيىش بىلەن ئۆتەتتى. ئەمما ماڭا بىر ۋەقە توغرا كېلىپ، پاقا ئوۋلاپ يېيىش ماڭا

ھارام بولدى. بىرەرسىنى تۇتۇپ يېمەكنى قەستلىسەم يېتەلمەيـ
مەن، — دەپتۇ ئىلان.
بۇنى ئاڭلىغان پاقا ئۇزىنىڭ پادىشاسىغا بېرىپ بۇ ھالنى
ئېيتىپتۇ. پادىشا بۇ خەۋەردىن ئەجەپلىنىپ ئىلاننىڭ يېنىغا كېلىپ:
— ساڭا نېمە سەۋەپتىن شۇنداق ھادىسە كەلدى؟ — دەپ
سوراپتۇ. ئىلان ئۇنىڭغا:
— ھىرىسخورلۇغۇم ۋە نەپسى يامانلىغىم مېنى بۇ بالاغا سالدى.

مېنى بىچارە قىلىپ كەلسە بېشىمغا ھەر بالا،
رەنجىمەسمەن غەيرىدىن ئۇ كەلدى پەيلىمدىن ماڭا.

بىر كۈنى بىر پاقىغا قەست قىلغان ئىدىم. ئۇ ئالدىمدىن قاچتى
ۋە بىر زاھىتنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالدى. مەن ئۇنى قوغلاپ شۇ
ئۆيگە كىردىم. ئۆي قاراڭغۇ ئىكەن، ھېچنېمىنى كورەلمىدىم ۋە
ئاڭلىمىدىم. زاھىتنىڭ ئوغلى شۇ يەردە ئۇخلاۋاتقان ئىكەن.
پاقىنى ئىزلەپ يۈرگىنىمدە ئاغزىم بىر نەرسىنىڭ ئايىغىغا تەككەنـ
دەك بولدى. پاقىنىڭ بېشى ئوخشايدۇ دەپ چىشلىگەن ئىدىم،
ئۇ نەرسە ئولدى. زاھىت ئوز ئوغلىنىڭ ئولگەنلىگىنى بىلىپ
مېنى قوغلىدى، مەن تالاغا قاچتىم، زاھىت ماڭا يېتەلمەي مېنى:
"خار ۋە بىئېتىۋار بولۇپ، پاقىلار پادىشاسىنىڭ ئۇلۇغى بولۇپ
كەت، پاقىلار پادىشاسى ئوز رازىلىغى بىلەن سەدىقە بەرمىسە
بىر پاقىنىمۇ يېيەلمىگەيسەن" دەپ قاغىدى. شۇڭا مۇشۇ يەرگە كەلدىم.
مەن ئەمدى ماڭا يەتكەن تەقدىرگە رازى بولۇپ، پەلەكتىن
كەلگەن ھەر قانداق جاپاغا بويۇنۇمنى ئېگىمەن دەپ سوزلەپ
بېرىپتۇ.
بۇ گەپ پاقىلار پادىشاسىغا يېقىپ قاپتۇ ۋە ئىلاننى ئوزىـ
گە ئات قىلىپتۇ. ھەر قېتىم ئۇنىڭغا مىنگىنىچە باشقىلار ئالدىدا
ئېپتىخارلىق ھېس قىلىدىكەن. ئىلان:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— پادىشاھىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، مېنىڭ زەئىپ ئۆمرۈمنىڭ مادارى ئۈچۈن غىزا تىلەيمەن،— دېگەن ئىكەن، پادىشا:

— سەن دېگەن مېنىڭ ئىتىم، ئات بوغۇز يېمىسە بولمايدۇ. شۇڭا ۋەزىپەڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى ئىككى پاقا بۇيرۇدۇم،— دەپتۇ. شۇندىن بېرى ھەر كۈنى ئاخشىمى ئىلان شۇ ۋەزىپە بىلەن كۈن كەچۈرۈپتۇ. ئۇ مەنپەئەت كورگەنلىگى ئۈچۈن پاقىغا ئېگىلىشنى ئار كورمەپتۇ.

ھەر ئىشنى كورمەكتىن ئەيلىسەڭمۇ ئار،
بېشىڭغا كەپ قالسا كورمىگەيسەن خار.
ھەر ئىشنى قىلماقلىق بولسىمۇ مۇشكۈل،
زورۇرەت كۈندە كورۈنمەس دىشۋار.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، مەن گەرچە دۈشمەنگە مۇلازىملىق قىلىپ، نۇرغۇن ھاقارەت ۋە خارلىق كورگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېگىدە دوستلارغا ياخشىلىق، دۈشمەنلەرگە ھالاكەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنداق خىزمەت كوڭلۈمگە ئېغىر كەلمىدى. ئىككىنچىدىن، دۈشمەننى مادارا ۋە مۇۋاپىقلىق بىلەن شۇنداق يوقاتسا بولىدۇكى، قەھرى-غەزەپ ۋە جەڭ بىلەن بولغان ئىش ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بۇ خۇددى، ئەگەر بىر دەرەخكە ئوت تۇتاشسا غولى ۋە شاخلىرىنى كويدۇرسىمۇ يىلتىزىدىن يەنە ئۈنۈپ چىققانلىقىدەك، ئەمما سۇ ئېقىپ ئۇنىڭ تۈۋىنى بوشاتسا مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن يىلتىزىدىن يۇلۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىن ھېچ بىر ئەسەر قالدۇرمىغىنىدەك بىر ئىش. دىمەك، تەدبىر شىجائەتتىن ياخشىراقتۇر. چۈنكى باھادىر كىشى شىجائەت بىلەن ھەر قانچە غالىب بولسىمۇ، ئۇن ياكى يىگىرمە كىشىگە تەڭ كېلەلەيدۇ. ئەگەر مۇبالىغە قىلسا يۈزگە ھەتتا مىڭ-

غىمۇ تاقابىل تۇرالايدۇ. ئەمما دانا كىشى تەدبىر ئىشلىتىش بىلەن پۈتۈن بىر پادىشالىق ئەقلىنى پەرىشان ۋە بەربات قىلىۋېتىدۇ.

پۈتەر تەدبىر بىلەن ئىشلار سەراسەر،
قىلالماس ئۇ ئىشنى بىھساپ لەشكەر.
بىرەر شەمشەر ئەسلى ئۈچ باشقا بەرھەم،
لېكىن پەم بىرلە قولغا كەلگەي ئالەم.

— تەدبىرىڭ بىلەن دۈشمەنلەر ئۈستىدىن زەپەر تاپتۇق، — دەپتۇ پادىشا فىرۇزە.

— بۇ ئىش ھەممەيلەننىڭ پىكرى توغرىلىقىدىن بولمىدى. بەلكى ئۇنىڭغا سىزنىڭ دۆلىتىڭىز مەدەت قىلدى، — دەپتۇ كارشۇناس، — ئەگەر كۆپچىلىك بىر ئىشقا تۇتۇش قىلسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كىم مەرتلىك قىلسا شۇ مەقسىدىگە يېتىدۇ. ئەگەر ھەممەيلەن تەڭ مەرتلىك قىلسا، كۆڭلى مۇرادىغا يېتىدۇ. ئەگەر كىم بۇ سۈپەتكە ئىگە بولسا، ئۆز تەلىيىگە شۇنداق يېتىدۇكى، ئۇنىڭغا يار- مەدەتكار بولغۇچى كۆپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق- تاپاۋەت بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قايسى بىرىگە بەخت، دۆلەت يار بولغان بولسا، زەپەر ۋە نۇسرەت شۇنىڭ بولىدۇ.

بەختى ئىقبال يۇلتۇزى ساڭا قاراپ تۇققان كۈنى،
بولسا ھەر نە مەقسىدىڭ، ئىلكىڭگە كەلگەي ئۇ ئۇدۇل.
تەلىيىڭ قىلماي مەدەت تەتۈر قاراپ تۇرغان كۈنى،
كۆلگە بارساڭ كۆل سۈيى قۇرۇپ شۇئان بولغۇسى چۆل.

— ئۇلار بىزنى سەل چاغلىغان ۋە كىچىك كۆرگەن ئىدى. شۇڭا ئىنتىقام پەيدا بولغانلىقىمىزنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى، — دەپتۇ فىرۇزە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ تۈت نەرسە باركى، ئۇنىڭ ئاز- كوپلۇگى ۋە چوڭ ـ كىچىك-لىگىنىڭ پەرقى بولمايدۇ، ــ دەپتۇ كارشۇناس، ــ بىرىنچىسى ئوت، ئۇنىڭ ئاز بولغىنىمۇ كوپىگە ئوخشاش كويدۇرىدۇ. ئىككىنچىسى قەرز، بىر تەڭگە بولسىمۇ، مىڭ تەڭگە بولسىمۇ قەرزدارنى ئوخشاش خىجالەتتە قويىدۇ. ئۇچىنچىسى رەنجى- ئەلەم، ئاز بولسىمۇ، كوپ بولسىمۇ ئوخشاشلا كىشىگە تەشۋىش يەتكۇزىدۇ. توتىنچىسى دۇش-مەن، ئۇ ھەر قانچە ئاجىز بولسىمۇ ئاخىرى ئوز ئىشىنى قىلىدۇ. ئاجىز قۇشقاچىنىڭ كۇچلۇك ئىلاندىن ئىنتىقام ئالغانلىقىنى ئاڭلى-غان ئىدىم.

ــ ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ــ دەپ سوراپتۇ پادىشا.

ــ ئىككى قۇشقاچ،ــ دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ كارشۇناس.

## قۇشقاچ بىلەن ئىلاننىڭ ھىكايىسى

ئىككى قۇشقاچ بىر ئوينىڭ پىشايۋىنىدا چاڭگا قۇرۇپ بالا چىقىرىپتۇ. ئۇلار ھەر كۇنى سىرتقا چىقىپ، تاپقان ئوزۇقلۇغىنى ئەپكىلىپ، باللىرىنىڭ ئاغزىغا يۇمشىتىپ سالىدىكەن. بىر كۇنى ئەركەك قۇشقاچ سەھراغا بىرىپ كەچ قاپتۇ ۋە قايتىپ كىلىپ قارىسا چىشىسى ناھايىتى بەك تىپىرلاپ، ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىدا ئوزىنى ئۇرۇپ، نالە ـ پەرياد قىلىپ يۇرگىدەك.

ــ ھەي نازىنىن، ساڭا نىمە بولدى؟ نىمىشقا ئۇنداق پاراكەن-دە بولىسەن،ــ دەپ سوراپتۇ ئەركىگى.

گەر تىكەن باغرىمغا سانچىلماس، نىچۇن قان ياش توكەي،
كويمىسە كوڭلۇم، نىچۇن بۇنداق چىكەرمەن ئوتلۇق ئاھ.

ــ نىمىشقا نالە قىلماي، بىردەم غايىپ بولۇپ كەلسەم، بىر چوڭ ئىلان پەيدا بولۇپ، پەرزەنتلىرىمگە قەست قىلىۋاتقان ئىكەن. شۇنچە زارلاندىم ۋە:

قىل ھەزەر دۈشمەن كىچىك، ھەر قانچە سەن بولساڭمۇ چوڭ،
تەككۈسى ئۇ گەر سەھەر كوكسۈڭنى چەنلەپ ئاتسا ئوق.

دىگەن بولسامىمۇ ئاھىم ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدى. ئۇ ماڭا: "مىنىڭ قارا كوڭلۇمنىڭ ئەينىگىگە سىنىڭ ئاھىڭنىڭ يىلىدىن ھىچ ئەسەر يەتمەيدۇ" دىدى. مەن ئۇنىڭغا: "ئېھتىيات قىل، مەن ۋە باللىرىمنىڭ ئاتىسى سىنىڭ پىيىڭگە چۈشۈپ ھالاك قىلىش كويىدا بولىسىز" دىدىم. ئىلان كۈلدى ۋە: "چۈمۈلە قاپلانغا ئۈزىنى پەنجە، يەتكۈزەلگەيمۇ ئۇنىڭغا رەنجى" دىدى. ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي پەريات قىلسام، داديمغا يىتىدىغان كىشى چىقمىدى. ئاخىرى ئۇ زالىم باللىرىمىزنى يەپ، چاڭگىمىزغا كىرىپ يىتىۋالدى، — دەپتۇ چىشى قۇشقاچ.

ئۇنى ئاڭلاپ ئەركەك قۇشقاچنىڭ جىنىغا ئوت چۈشۈپتۇ ۋە چىكىسىدىن تۈتۈن چىقىپتۇ. شۇ چاغدا ئوي ئىگىسى چىراق ياندۇرماقچى بولۇپ پىلىكنى ياققا چىلاپ ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ چىراقدانغا قويغان ئىكەن، ئەركەك قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ ئوتلۇق پىلىكنى ئېلىپ ئىلان ياتقان چاڭگىغا تاشلاپتۇ. ئۇ زالىم ئىلاننى ھالاك قىلىشنى ئويلىغان ئىكەن. لېكىن ئوي ئىگىسى "ئويگە ئوت كېتەرمىكىن" دەپ قورقۇپتۇ-دە، دەرھال كەتمەن ئېلىپ ئوگزىسىگە چىقىپ چاڭگىنىڭ توشۇگىنى چېپىشقا باشلاپتۇ. ئىلان ئوتنىڭ قورقۇنچىسىدىن ۋە ئۇستىدىكى شەپە ھەيۋىتىدىن تۇرالماي، ئوگزە تەرەپتىكى توشۇكتىن بېشىنى چىقارغان ئىكەن، بوينى كېسىلىپتۇ.

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، دۈشمەننى ھەقىر ۋە زەئىپ چاغلاپ، ئۇنىڭدىن غاپىل بولغۇلۇق ئەمەس. قارىماققا خار كورۈنۈپ تۇرۇپ، ئاخىرى قەست قىلغان كىشىنىڭ مىڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۈشمەننىڭ گەرچە كىچىك بولغاندىمۇ شۇنچە ھەقىر،
سەن ئۇنى چوڭ دەپ بىلىپ، ئۆز ئىشلىرىڭ غېمىنى قىل.

— بۇ مۇھىم ئىشنىڭ ھەل بولۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ يىقىلىشى سىنىڭ پىكرىڭ ۋە ئىخلاسىڭنىڭ بەركىتىدىن بولدى، چۈنكى ھەر ئىشتا مەن سىنىڭ سۆزۈڭگە ئەمەل قىلدىم ۋە ئۇنىڭدىن ياخشىلىق نەتىجىسىنى كۆردۈم. شۇنداق، ھەر قانداق پادىشا مۇھىم ئىشلاردا مەسلىھەتنىڭ چۆلۋۈرىنى ۋەزىرىگە بەرسە، ھەرگىز دۆلىتىنىڭ ئىتىگىگە جاپا - مۇشەققەت غۇبارى قونمايدىكەن. سىنىڭ تەدبىرلىرىڭ نەتىجىسىدىن مەن شۇنى كۆردۈم.

ماڭا سەندەك ئىسىل ياردەمچىنى يار ئەيلىدى تەڭرىم،
شۇڭا نەگە ئۇزاتسام قول ئاڭا يەتكۈسىدۇر ئىلكىم.

ھەممە ھۈنەرلىرىڭدىن شۇنىسى ئېشىپ چۈشتىكى، دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بولساڭمۇ، يا تىلىڭدىن ئەيىپلىك سۆز چىقماپتۇ ياكى ئۆزەڭدىن گۇمان تۇغدۇرغىدەك ئىش كۆرۈلمەپتۇ، — دەپتۇ پادىشا.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ كارشۇناس، — بۇمۇ سىزنىڭ دۆلىتىڭىزدىن بولدى. ئۇ يەردە قانداق ئىش قىلغان بولسام سىزنىڭ قائىدە - يوسۇنىڭىز بويىچە قىلدىم ۋە سىزنىڭ مۇبارەك سۆھبىتىڭىزدىن ئۆگىنىپ، ئۆزەمگە كەسىپ قىلغان ھۈنەر - پەزىلەتنى شۇ يەردە ئىشلەتتىم. خۇداغا شۈكرى، شەرەپلىك زاتىڭىزدا تەدبىر - مەسلىھەت ۋە شان - شەۋكەت، غەيرەت - شىجائەتلەرنىڭ ھەممىسى جەم بولغان، ھېچقانداق ئىشنىڭ ھەقىقىتى سىزدىن يوشۇرۇن ئەمەس. ئالدىراش ۋە توختاش ۋاقتىنى ھەم ئاچچىقلاش ۋە رازى بولۇش پەيتىنى ياخشى بىلىسىز. ھەر قانداق ئىشنىڭ باش - ئايىغىنى ئېنىق مۆلچەرلەيسىز. سۆبھى ۋاقتىدا ئاگاھلىقتىن غاپىل

بولماي، سەلتەنەت نومۇسنى ۋە سىياسەتنىڭ روناق تېپىشنى تاشلىمايسىز. بۇنداق پادىشا بىلەن دۈشمەنلەشكەن ۋە ئاداۋەتـ نى ئىختىيار قىلغان ھەر قانداق كىشى ئۆلۈمنى مىلىك سىرتماق بىلەن ئۆزىگە تارتقان ۋە تىرىكلىكنى نەچچە مەنزىل ئۆزىدىن نېرى قوغلىغان بولىدۇ.

دۈشمىنىڭنى بۇ زامانە قولى سورەپ ئاپىرار،
بۇ ھايات دەرگاھىدىن يوقلۇقسىرى ئەيلەپ راۋان.
سەن كەبى شاھقا كىمەرسە بولسا گەر دۈشمەن ئۆلۈم،
ئات سېلىپ يەتكەي قېشىغا بىر نەپەس بەرمەي ئامان.

— سەن بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن مەن تائام ۋە شاراپ ھالاۋىتىنى تېتىمىدىم. ئولتۇرۇش ۋە ئۇخلاشنىڭ راھىتىنىمۇ كورمىدىم. تۇرمۇشتىن لەززەتمۇ تاپمىدىم، خۇداغا شۈكرى. مانا ئەمدى:

تاپتى دولەت ئاپتىۋىم ئەۋجى كامال،
دۈشمىنىم كۈنىگە خوپ يەتتى زاۋال.

— ھەر كىشى دۈشمەنگە مەغلۇپ بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا خارلىق ۋە ئاجىزلىق كورگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىزاسى يوقالمايدۇ؛ تەسىرى ۋۇجۇت سەھنىسىدىن ئېرىمەيدۇ، — دەپتۇ كارشۇناس، — شۇنداق چاغدا ئۇ قاراڭغۇلۇقنى روشەنلىكتىن، كېچىنى كۈندۈزدىن ئايرىيالماي قالىدۇ. بېشى بىلەن پۈتىنى، سەللىسى بىلەن كەشنى پەرق ئېتەلمەي قالىدۇ. ھوكۇمالار: "ئاغرىق كىشى ساقايمىغىچە يېمەكلىكتىن لەززەت تاپالمايدۇ. ھامال ئۇچىسىدىكى ئېغىر يۈكنى قويمىغىچە ئامان تاپالمايدۇ، ئاشىق مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يەتمىگىچە ئارام ئالالمايدۇ، سەپەر قىلغۇچى مەنزىلىگە چۈشمىگىچە ئىزتىراپتىن توختىيالمايدۇ، قورققان كىشى دۈشمەندىن خاتىرجەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولمىغىچە كوڭلى تىنمايدۇ» دەپ ئېيتقان.

دۇشمەندىن گەر كىشى تاپماس ئامان،
بولمىغاي ھەرگىزمۇ كوڭلى شادىمان.

—ئۇلارنىڭ پادىشاسىنىڭ زاھىر ۋە باتىنىنى قانداقراق كوردۇڭ؟— دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— ئۇ ناھايىتى تەكەببۇر ئۇزەمچىل ئىكەن. ساۋاپلىق ئوي-پىكىرلەردىن ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغان ئىكەن. توزۇك تەدبىرنى بۇزۇق پىكىردىن ئايرىيالمايدىكەن. ھەممە مۇلازىملىرىمۇ ئوزىدەك ئىكەن. ھېلىقى ۋەزىرلا مېنى ئولتۇرۇشكە تەرغىپ قىلدى.

— ئۇ ۋەزىرنىڭ ھۇشيارلىقىنى نىمىدىن بىلدىڭ؟

— مېنى ئولتۇرۇش نىيىتىگە كېلىشى ئۇلار ئۇچۇن ياخشى تەدبىر ئىدى. لېكىن ئۇ ۋەزىر ئوز پادىشاسىنىڭ نەسىھەت ئاڭلىمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىك سوزلەرنى ئايىمىدى. ھەر قاچان نەسىھەت باشلىغاندا، ئەدەپكە رىئايە قىلدى.

—پادىشاغا نەسىھەت قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى قايسى؟

— ئۇنىڭ ئەدەپ-قائىدىسى شۇكى،— دەپتۇ كارشۇناس،— ئۇلارغا سوزنى يۇمشاقلىق بىلەن ئېيتىش كېرەك، ھەرگىز غەزەپ ۋە قوپاللىق قىلىشقا بولمايدۇ. ھورمەت تازىمى ۋە ئىززەت-ئىكرامىنى ئۇنتۇماسلىق، جۇرئەت ۋە گۇستاخلىقتىن ئوزىنى تارتىش كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ خۇي-پەيلى ۋە ھەركەتلىرىدىن نۇقسان كورسە، ئۇنى شىرىن سوز ۋە مۇناسىپ مىساللار بىلەن خەۋەردار قىلىش كېرەك. بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇ ۋەزىردە بار ئىدى. ئۇنىڭ ئوز پادىشاسىغا ئېيتقان نەسىھەتلىرىنى ئوز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. جاھاندارلىق ئۇلۇغ مەرتىۋە بولسىمۇ، بەخت مەدەت بەرمىگىچە ھېچكىشى ئوز تىرىشچانلىقى بىلەنلا ئۇنىڭغا يېتەلمەي-

دۇ. شۇڭا سائادەت يار بولۇپ، ئۇ مەرتىۋە مۇيەسسەر بولغان كى-
شى ئۇنىڭ قەدرىنى بىلىشى ۋە ئۇنى ئەزىزلىشى كېرەك. ئۇنىڭ
قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش كېرەك. زۇلۇمنى ئەمەس، بەلكى ئادالەت
يولىنى تۇتۇش كېرەك.

سەن بۇگۈن بولدۇڭ جاھان مۇلكىگە شاھ،
زۇلۇمدىن ئۇزەڭنى تۇتقايسەن ئاگاھ.
يۈز قىلىچنىڭ ئاپىتى ئۇنداقچە يوق،
كۆلپەت چەككەنلەر سەھەردە ئۇرسا ئاھ.

دۇشمەندىن غاپىل بولماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنى سەل چاغلىماسلىق كېرەك. پادىشالىقنىڭ ئەبەدى بولۇشى ۋە دۆلەتنىڭ بەرقارار بولۇشى تۆت نەرسە بىلەن بولىدۇ: بىرىنچىسى، ھوشيارلىق، ئەتە بولىدىغان ۋەقەلەرنىڭ سۈرىتىنى بۈگۈننىڭ ئەينىكىدە كۆرە-لەيدىغان بولۇش لازىم. ئىككىنچىسى، توغرا مۇددىئا، ئۇنىڭغا سۇسلۇق قىلماسلىق كېرەك. ئۈچىنچىسى، ياخشى تەدبىر، ئەگرى-لىككە مايىل بولماسلىق. تۆتىنچىسى، ئىتتىك شەمشەر، ئۇنىڭ ئوتلۇق چاقنىشى دۈشمەنلەرنىڭ ئۆمۈر خامىنىنى كۆيدۈرىدىغان بولسۇن.

ئەدلى دەرىخى كۆكەرمىگەي سەلتەنەتتە،
يىلتىزىدىن سۇغارمىسا شەمشەر سۇيىدە.

ئۇ ۋەزىر ھەممە سۆزلەرنى ئېيتقان بولسىمۇ، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلمىدى ۋە نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدى. ئاخىرى ھالاك بولدى. چۈنكى پادىشا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلىمىدى. باشقىلار-غىمۇ نەسىھەت تەسىر قىلمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ۋەقەلىرىدە "خەلق ئىنائەت قىلىدىغان كىشىنىڭ گېپىلا گەپ بولىدۇ" دېگەن سۆزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىرى ئاشكارىلاندى. دېمەك ئۆزىنىڭ ئەقلى كورمىسە، ئۆزگىلەر-
نىڭ ئىدراكى بىھۇدە ئىكەن.

كىشى پىكرى كورۈنمەس ئەلگە توغرا،
سوز قىلىشتىن ئۆنى گەر توسار بولسا.
ھوكۇما ئېيتقانكى: "توغرا نەسىھەت،
خاتادۇر كىشىگە بولمىسا پىسەنت".

دۈشمەنىنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن ھەزەر قىلىشنىڭ داستانى
مانا مۇشۇ. دۈشمەن تەۋەززۇ قىلسا ۋە يالۋۇرسا ئۇنىڭغا ئالدىنىش
ئەقىل يولىدىن يىراق ئىشتۇر. چۈنكى قاغا شۇ ئاجىزلىقى ۋە
زەئىپلىگى بىلەن ئاشۇنداق كوپ ۋە كۈچلۈك بولغان ھۇقۇشلارنى
ھالاك قىلالىشى ھۇقۇشلارنىڭ غاپىللىقى ۋە نادانلىقىدىن بولدى.
ئەگەر ھۇقۇشلاردا ئازراق پەم ۋە ئاقىۋەتنى ئويلايدىغان غەم
بولسا ئىدى، ئۇ قاغا ئۇلارنى يېڭىشنى چۈشىدىمۇ كورەلمىگەن
بولاتتى. ئەقىللىق كىشىلەر بۇ قىسسىگە ئىبرەت كوزى بىلەن
قارىشى، دۈشمەنگە ئىشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك.
دۈشمەن ھەر قانچە زەئىپ بولسىمۇ، خار كورگۈلۈك ئەمەس،
ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە دوستلۇق ئىزھار قىلىشىغا مەغرۇر بولىشۇلۇق
ئەمەس ۋە ئالدانغۇلۇق ئەمەس.

مۇھەببەت زاھىر ئەتكەن بىرلە دۈشمەن،
ئۇنى ھۇش ئەھلى ھەرگىز دېمىگەي دوست.
ئىلان ئىلگىرىكى ئادەت بىرلە يۇرگەي،
كورۈنمەككە تاشلىسىمۇ ئەگەر پوست.

بۇ ھىكايىدە يەنە بىر پايدا باركى، ئىخلاسمەن دوستلار ۋە
خالىس تەرەپتارلارنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ھەر قانداق

ئېھتىيات سەرمايىسى ئۈنىڭدىن مەنپەئەتلىك ۋە ھېچقانداق تىجارەت ئۈنىڭدىن ياخشىراق بولمايدۇ. چۈنكى كارشۇناسنىڭ قاغىلارغا دوستلۇقى ۋە مەدەتكارلىقى نەتىجىسىدە، ئۇلار ھالاكەت چولىدىن سالامەتلىك مەنزىلىگە يەتتى.

ھوشيار كىشىلەر بۇ جەھەتتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى كېرەك. يېقىن دوستلارنى ئەزىز تۇتۇش ۋە مەككار دۈشمەندىن پەرھىز قىلىش كىشىنى تولۇق مۇرادىغا ۋە ئارزۇسىغا يەتكۈزىدۇ.

ھەمدەم بولغىن بىر ۋاپادار يار بىلەن،
بىردەم ئولتۇرما رەقىپ مەككار بىلەن.

## بەشىنچى باپ

# غاپىللىقنىڭ زىيىنى ۋە نادانلىق قىلىپ تەلەپنى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن ھەسرەت نادامەتنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

بەرەھمەنگە راي شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، دانىشمەن ھەكىم، دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن ھەزەر قىلماق ۋە ئۇلارنىڭ مەككارلىق ئاپىتىدىن ئۆزىنى ئاگاھ - لىق بىلەن ساقلاش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى داستاننى بايان قىلدىڭ. ئەمدى ئۆز تەلىۋىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ مۇشەققەت چەككەن بولسىمۇ، ئۇنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن غاپىللىق قىلىپ قولدىن بېرىپ قويغان كىشىلەرنىڭ مىسال - لىرىدىن سۆزلەپ بەرسەڭ.

بەرەھمەن ماختاشقا تىلىنى ئېچىپتۇ:

ئەي مۇبارەك پادىشاھىم، بارچە يۇلتۇزلار ھامان،
شۇ ئېگىز ئاسماندا بەختىڭدىن سائادەت تاپقۇسى.
دەرگاھىڭدا بولسا بىر سائەت سېرىق قۇشمۇ ئەگەر،
سايە سالغاي دۆلىتىڭ ئۇمۇ سائادەت تاپقۇسى.

— دۆلەت قۇشىغا ئوخشاش كۆكۈللىرىگە مەخپى ئەمەسكى، ھەر قانداق نەرسىنى تېپىشقا قارىغاندا ساقلاش مۇشكۇلدۇر. چۈنكى ھەر قانداق نېمەت بەختنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن ھاسىل بولۇر. ئەمما ئۇنى روشەن ئەقىل ۋە ياخشى تەدبىرلەر بىلەن چىڭ تۇتماي تۇرۇپ، مۇھاپىزەت قىلماق مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ھەر كىشىگە ھۇشيارلىق ۋە ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈش قۇۋۋىتى نېسىپ بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ قولىغا كەلتۈرگىنى ئۇزۇن ئۆتمەي تالاپەت ۋە بۇلاڭ - تالاڭغا كېتىدۇ - دە، ئۇنىڭ ئۆزىدە ھەسرەت ۋە نادامەتتىن بولەك ھېچنەرسە قالمايدۇ. تاشپاقا مايمۇن بىلەن دوستلۇق ھاسىل قىلغان ئىدى، لېكىن ئەنە شۇنداق نادانلىق ۋە پىكرى قىسقىلىقىدىن ئۇنى زايا قىلىۋەتتى.

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ راي.

— مەسەل كەلتۈرۈلۈشىچە، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ بەرەھمەن.

## تاشپاقا بىلەن مايمۇننىڭ ھېكايىسى

ھەجەرىل ئەخزەر① جەزىرىسىدە مايمۇنلار كۆپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ كاردان ئىسىملىك بىر پادىشاسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ سەلتەنىتى سىياسەتلىك، ھوكۇمىتى ئادالەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ خەيرى ئېھسانىنىڭ بەرىكىتىدىن پۇقرالىرى ئامانلىق بىساتى ئۈستىدە راھەت سۈرىدىكەن، ئۇنىڭ ئىنئامىغا شۈكرى ئېيتىش يۈزىسىدىن مەملىكەت ئەھلىنىڭ چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدىكەن.

زۇلۇم زىيان، ئادالەت قىلسا پايدا،
ئۇندىن ئىدى ئەل خوشال، خۇدا رىزا.

ئۇ ئۇزۇن يىللار پادىشالىق دەۋرىنى سۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن

① ھەجەرىل ئەخزەر — كوكتاش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ياشلىق باھارى قىرلىق خازانغا بېرىپ يېتىپتۇ؛ ئۇنىڭ بەدىنىدە زەئىپلىك ۋە ئاجىزلىق ئەسىرى كۆرۈنۈشكە باشلاپ، قۇۋۋىتىنىڭ كۈچىتىگە بىچارىلىق شامىلى يېتىشى بىلەن سولىشىپ مەئىشەتتىن قاپتۇ. نەتىجىدە خۇشۋاقتلىقىنىڭ چىرىغى ئاپەت بورىنى بىلەن ئۆچۈپ، ئىشرەت ئۆيى قاراڭغۇلۇقتا قاپتۇ.

ئەي قىرى! سەن ياشراي دەپ، ئويلىما،
يانمىغاي ئاققان ئېقىن ھېچ ئارقىغا.
سەن ھەۋەستىن خالى ئەيلە بېشىڭنى،
ئاققۇزار چاغ بولدى كۆزدىن يېشىڭنى.
قىرلىقتىن قوندى بېشىڭغا غۇبار،
كۆزۈڭ بولماس ئەمدى روشەنلىككە يار.

شۇنداق! ئىككى يۈزلىمە ھاياتنىڭ ئادىتى شۇكى، يىگىتلىك گۈلشىنىنىڭ پاراغىتىنى قىرلىق تىكەنلىكىنىڭ مۇشەققىتىگە ئالماشتۇرىدۇ ۋە زەردارلىق ئىززىتىنىڭ شان- شەرىپىنى گادايلىق مۇشەققىتىنىڭ خارلىقى بىلەن قارايتىدۇ.

بۇ زامانە ئىچرە غەمسىز پادىشالىق يوق ئىرۇر،
روزىگار جامىدىكى مەي ساپ ئەمەستۇر ھېچقاچان.
بۇ جاھان بوستانىدا گۈل ئاچسا ھەر نىلۇپەرى،
لالىزار بولدى يۈزى كۆزدىن ئېقىپ ياش بىرلە قان.

بۇ دۇنيا ئۆز ئېرىدىنى ئۆلتۈرگەن بىر قېرى خوتۇندۇركى، ئۇ ئۆزىنى ياش قىزلارنىڭ لىباسىدا ياساپ-جابدۇپ، جاھان ئەھلىگە كۆرسىتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئەبىدى بولمىغان زىننەت، بىئېتىۋار پەدازلىرى بىلەن ئاخماق مەغرۇرلارنى مۇھەببەت دامىغا چۈشۈرىدۇ.

بۇ جاھاندۇر گودەكلەرنىڭ ئويۇنچۇغى،
بىئەقىللەر گول بولغۇسى ئۇلار كەبى.

كىمكى ئۇنى ئىكايىغا ئالغان بولسا، ئۇنىڭ مۇرات قولى ئاررۇ قۇچىغىغا يەتمىگەن ۋە بىر كىچە ئۇنىڭ بىلەن يېتىپ پاراغەتتە دىل خوشلۇغى ھاسىل قىلالمىغان.

زەپ بىۋاپا ئايجامالدۇر جاھان قىزى،
ھېچ كىشىدە توختىمىدى ئۇمۇر بويى.

ھاياتىنى ئۇزىگە دوست تۇتقان گودەك مىجەزلىك كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالدىنىدۇ ۋە ئويۇن - كۇلكىدىن ئىبارەت بولغان ئۇنىڭ ئالدامچى سۇرىتىگە كوڭۇل باغلاپ، ئۇنىڭ قەلبى ناپاكلىغى ھەم ۋەدىسى يالغانلىغىدىن بىخەۋەر قالىدۇ.

بۇ جاھانىنىڭ دولىتى خۇددى زەھەرلىك ئىلان،
سىرتى خۇشرەڭ كورۇنەر ئىچىگە تولغان زەھەر.
مەيلى باي، مەيلى گاداي، گەر ئاڭا بەرسە كوڭۇل،
بىر نەپەس بولغاي خوشال، دائىما ھەسرەت چېكەر.

كوڭلىنىڭ كوزى "بۇ دۇنيا بىر ئوتكۇنچىدۇر" دىگەن سۇرمە بىلەن روشەن قىلىنغان كىشىلەر بولسا، ئۇنىڭ زىبۇ - زىننەتلىرىگە ئىلتىپات قىلمايدۇ ۋە پايدىسىز مەنسەپ ھەم مەنپەئەتسىز مال- دۇنيا تەلۇۋىگە كوڭۇل باغلىمايدۇ، بەلكى دۇنيانىڭ بىمادارلىغى مال- دۇنياسىنىڭ بىقارارلىغىنى بىلىپ، باقى دۇنيانىڭ دولىتىنى قولغا كەلتۇرۇشكە يۇزلىنىدۇ.

ئۇمۇر باغى دائىم باھار بولماس، خازان تەگمەي ھېچ،
مۇنسى باقى تۇرارلىق بىر دەرەخ قىل پەرۋىرىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن كارداننىڭ قېرىپ قالغانلىقى ۋە زەئىپلەشكەنـ لىكى خالايىقنىڭ ئاغزىغا پېيدىلىپتۇ، ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ھەشەمىتىگە نۇقسان، شان ـ شەۋكىتىنىڭ ھەيۋىتىگە قۇسۇر يېتىپتۇ.

بولسىمۇ گەر كىشىگە يار شاھى جەمشت دولىتى،
چاچ ئاقارسا يەتكۈسىدۇر نا ئۇمىتلىك پۇرسىتى.

ئۇنىڭ مۇلازىملىرىنىڭ ئىچىدە چىرايىدىن سائادەت ئەسىرى چىقىپ تۇرغان، مېڭىش ـ تۇرۇشىدىن دولەت ئالامىتى جىلۋىلىنىپ تۇرغان، چىرايلىق بىر يىگىت بار ئىكەن. مەملىكەت ئەھلى ئۇنىڭ پادىشالىققا لايىق ۋە جاھان پانالىققا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ، كوڭۇللىرىدە ئۇنى دوست تۇتۇشۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئىتائىتىدە بولماقنى خاھىش قىلىشىپتۇ ـ دە، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ:

باغۇ بوستانلارغا گەر يەتسە شامال،
تەۋرىمەكلىككە يارىشار ياش نىھال.
نوتا شاخلار كوكلىگەي كوكلەم چېغى،
قېرىسا لېكىن توكۇلگەي ياپرىقى.

بۇ يىگىتنىڭ ئومۇر دەرىخى گۈزەللىك ئېقىنىنىڭ بويىدا كوزگە كورۇنۇپ يېتىلىپتۇ. خۇددى سەرۋى دەرىخىنىڭ بەركىتىدىن ئالەم گۈلىستان بولغىنىدەك بۇمۇ مەملىكەت گۈلشىنىگە ئوز دولىتىنىڭ بەركىتى بىلەن بەرگى ناۋا بەرسە ياخشى ئەمەسمۇ، دېيىشىپـ تۇ. ئۇ يىگىتمۇ باشقىلارغا شەپقەت ۋە مەرھەمەت كورسىتىپ، لەشكەر ۋە پۇقرالارنىڭ ھەر بىرىگە مۇناسىپ مەنسەپ بېرىش ۋە لايىق ئىنئام قىلىشقا ۋەدە قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئامۇخاسىنىڭ ھەممىسى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇ قېرى پادىشانى سەلتەنەتتىن چۈشۈرۈپ، ھىلىقى شەۋكەتلىك ياش يىگىتنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

سىغمىدى خۇشاللىقتا جىبنى تەنگە،
شۇ تاج بىلەن يەتتى بېشى كوككە.

بىچارە كاردان سەلتەنەت لىباسىدىن ئاجراپ، خالايىق ئارىسىدا خارلىقتا قاپتۇ. ئۇنىڭغا بۇ ئىش ئار كېلىپ، كوپ ئويلاپ ئولتۇرمايلا ۋەتىنىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشنى ئىختىيار قىلىپ، يۇرتىدىن ئايرىلىپتۇ ھەم دەريا ساھىلىدا ئايلىنىپ يۇرۇپ، تېخىمۇ گۇزەل دەرەخلىرى ۋە خىلمۇ-خىل مېۋىلىرى بار بولغان بىر جەزىرىگە بېرىپ قېلىپ، شۇ يەردە ماكان تۇتۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. ھەممىدە ئۇ يەردىكى ھول ۋە قۇرۇق يەل-يېمىشلەرگە قانائەت قىلىپ ئوزىگە تەسەللى بېرىپ:

قانائەت ئەيلىسەم گەر قۇرۇق-ھولگە،
تېپىپ شاتلىق يېتەرمەن ياخشى كۇنگە. —

دەپ يۇرىۋېرىپتۇ. كاردان شۇ تەرىقىدە، ئەنە شۇ ئورمانلىقتا بىر بۇلۇڭنى ماكان تۇتۇپ ئىبادەت قىلىش بىلەن، پادىشالىق ۋاقتىدا ئوتكۇزگەن كەمچىلىك ۋە نۇقسانلىرىغا كېچە-كۇندۇز ئىستىغپار ئېيتىپ، ئاخىرەت يولىنىڭ ئوزۇغىنى تەييارلاش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ؛ گويا كىرلىرى بىلەن خىرەلەشكەن ۋۇجۇدىنىڭ ئەينىكىنى تووۋا سىرى بىلەن قايتىدىن سىرلاپ، قېرىلىق سۇبھىسىنىڭ سوغۇق شامىلىنى تەسىر قىلدۇرۇش ئارقىلىق ياشلىق كېچىسىدە ئۇخلاپ قالغان ئەقلىنى ئويغاتماقنىڭ ھەركىتىگە تۇتۇش قىلىپتۇ.

قېرىدىڭ نىمىشقا ئارتقا يانمايسەن،
سۇبھى يەتتى نىمىشقا ئويغانمايسەن.

ئۇ بىر كۈنى بىر ئەنجۈر دەرىخىگە چىقىپ مېۋىسىنى يەۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىر ئەنجۈر قولىدىن چىقىپ كېتىپ سۇغا چۈشۈپتۇ ۋە سۇدىن چىققان ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەن كاردانىنىڭ كۆڭلى خۇشال بولغاندەك بولۇپ، يەنە بىر ئەنجۈرنىمۇ تاشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ، ئۇنىڭ خۇشاللىقى تېخىمۇ زىيادە بولۇپتۇ. ئۇ ئەنە شۇ تەرىقىدە ئارقا-ئارقىدىن ئەنجۈرلەرنى سۇغا تاشلاپ، ئاۋازنى ئاڭلاپ ھوزۇرلىنىپتۇ. تاسادىپىي بىر تاشپاقا دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ جەزىرىگە كەلگەن ئىكەن. ئۇنىڭ ھېلىقى دەرەختە نەزىرى چۈشۈش بىلەنلا بىر مايمۇننىڭ دەرەخ ئۈستىدە سۇغا ئەنجۈر تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال سۇ ئىچىگە كىرىپتۇ-دە، چۈشكەن ئەنجۈرلەرنى يېيىشكە باشلاپتۇ. تاشپاقا ئەنجۈرنى يەۋېتىپ ئۆزىچىلا: "بۇ مايمۇن بۇ ئەنجۈرلەرنى مەن ئۈچۈن تاشلاۋاتىدۇ. بۇ مەرت قېرى بىلەن ئىلگىرى ئارىمىزدا ھېچقانداق ئاشنالىقىمىز يوق تۇرۇپ، ماڭا بۇنداق مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىۋاتقىنىدىن قارىغاندا، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن دوست بولسام ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ مۇرۇۋۋەت ۋە مەرھەمەت تاپالايدىغانلىقىم مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. مۇنداق سېخىي ۋە خۇشخۇي كىشىنىڭ سوھبىتىنىڭ سىرى كۆڭۈل ئەينىكىدىن مالاللىق غۇبارىنى كۆتەرگۈسىدۇر ۋە ئۇنىڭ ھوزۇرىنىڭ نۇرى كۆكسۈم ھاۋاسىغا ئاپەت قاراڭغۇلۇقىدىن نىجات بەرگۈسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ:

خاتىرىم شاھ كۆزگۈسى ئىدى لېكىن تاپتى غۇبار،
كاشكى تۇتسامچۇ بىرەر دانا ۋەلىنىڭ سوھبىتىنى.

دىگەن سۆز بارغۇ" دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاشپاقا كۆڭلىدە كەچۈرگەن ئاشنالىق تەسەۋۋۇرىنى لەۋزىگە كەلتۈرۈپ، مايمۇنغا ئەرز قىلىپتۇ. مايمۇنمۇ ئۇنىڭغا دوست بولۇشقا قىزىقىپ

قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئېيتقانلىرىڭ توغرا. كىشى بىلەن دوست بولۇش كىشىنىڭ ياخشى خىسلەت ۋە يارامىلىق سۈپەتلىرىدىندۇر. ھەر كىشىنىڭ ھەقىقى دوستى بولسا ھەر كىمكى جاھاندا بېشى ئۈستۈن، كوڭلى خوشال بولىدۇ.

ھەر كىشىنىڭ ئىخلاسلىق دوستى بولسا،
تەن بىلەن ۋۇجۇدىغا زىننەت بېرۇر.
گەرچە دەۋران نېمىتى كەڭ بولسىمۇ،
شەپقەتلىك دوست ئۆزگىچە نېمەت ئىرۇر.

— مەن ساڭا دوست بولۇشقا بەكمۇ مەيلىم بار، لېكىن ئۇ ئىشقا قابىلىيىتىم بارمۇ - يوق، ئۇنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ تاشپاقا.

— ھوكۇمالار دوستلۇق ئۇچۇن مىزان تۈزۈپ بەرگەن، — دەپتۇ مايمۇن، — ئۇلار "دوستسىز ياشاش مۇشكۇل بولغان ھالەتتىمۇ، ھەركىم دوستلۇققا ياراۋەرمەيدۇ" دەپ ئېيتىشقان. دوست تۇتۇش توغرا كەلسە ئۈچ تائىپەدىن دوست تۇتماق كېرەك: بىرى ئالىم ۋە ئابىد①. ئۇنىڭ سوھبىتىنىڭ بەركىتى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى تاپقىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، مەرت ۋە ياخشى ئەخلاقلىق كىشىلەر؛ ئۇلار يار - دوستنىڭ خاتاسىنى تاپالايدۇ ۋە نەسىھىتىنى ئايىمايدۇ؛ ئۇچىنچىسى، زاتى پاك كىشىلەر، ئۇلار غەرەزسىز ۋە تاماسىز بولۇپ، دوستلۇق بىناسىنى ساداقەت ۋە ئىخلاس ئاساسىغا قويىدۇ. يەنە ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ دوستلۇغىدىن پەرھىز قىلماق كېرەك: ئۇلارنىڭ بىرى پاسىق كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ھىممەتلىرى نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا سەرپ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىرى نە دۇنيانىڭ راھىتىگە ۋە نە ئاخىرەتنىڭ رەھمىتىگە سەۋەپ بولالمايدۇ؛ ئىككىنچىسى، يالغانچىلار، ئۇلارنىڭ سوھبىتى —

(1) ئابىد — ئىبادەت قىلىپ تۇرغۇچى.

www.uyghurkitap.com

قاتتىق ئازاپ ۋە ئۆلۈمىتى — چوڭ بالا. ئۇلار ھەمىشە سەندىن باشقىلارغا يۈز بەرمىگەن ۋەقەلەر ئۈستىدە سوز توشۇيدۇ ۋە باشقىلاردىن ساڭا مىڭدىن بىرى راست بولمىغان، پىتنە ئارىلاشقان خەۋەرلەرنى كەلتۈرىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، نادانلار، مەنپەئەت يۈزىسىدىن ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ياكى بالا-قازادىن ساقلىنىشتا ئۇلارغا يۆلەنگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار پايدا يەتكۈزدۈم دەپ تۇرۇپ زىيانغا ئۈچرىتىدۇ.

تۇتمىغىن دوست ھىچ ئۆزەڭگە نادانىنى،
ئىلغىيالماس ئىشتا ياخشى-يامانىنى.

بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نادان دوستتىن دانا دۈشمەن ياخشىراق. چۈنكى دۈشمەن ئەقىللىق بولسا يىراقنى كوزلەپ ئويلاپ ئىش قىلىدۇ، پۇرسەت كەلمىسە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ خۇي-پەيلىدىن ئىنتىقام ئەسىرىنى بايقىۋېلىپ، ئۆزىنى ئاسراشقا بولىدۇ. ئەمما نادان دوست كىشىگە ھەرقانچە مەدەت بەرگەندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھىچقانچە پايدا ھاسىل بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ ناقىس تەدبىرى بىلەن كىشىنى خەتەرگە گىرىپتار قىلىدۇ. مايمۇن دوست بولسىمۇ نادان بولغانلىقتىن كەشمىر پادىشاسىنىڭ ھايات كېچىسىنى ئولۇم گىرداۋىغا سالغان ۋاقىتدا، ئوغرى دۈشمەن بولسىمۇ دانا دۈشمەن بولغان ئوغرى ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى ئەمەسمۇ؟

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ تاشپاقا.

— ئاڭلىشىمچە، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ كاردان.

# كەشمىر پادىشاسى بىلەن مايمۇن ۋە ئوغرىنىڭ ھېكايىسى

ئاڭلىشىمچە، كەشمىر دىيارىدا بىر پادىشا بار ئىكەن. ئۇنىڭ خەزىنىلىرىنى ئەگەر تاققا يۆتكىلىسە تاغمۇ كۆتىرەلمەيدىكەن؛ ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھېساۋىنى ئېلىش ئۈچۈن ھېساپنىڭ سانىمۇ يېتىشمەيدىكەن. ئۇ جاھانگىرلىك تۇغىنى پەلەك گۈمبىزىنىڭ ئۈستىدە كۆتەرگەن ۋە ئادالەت پۈتىنىڭ نەقىشلىرى بىلەن كۈن ۋە تۈن سەھىپىلىرىگە زىننەت بەرگەن بىر پادىشا ئىكەن.

دەرگاھىنى بوسە ئەيلەپ زامانە،
باش قوياركەن ئۇنىڭ باسقان قەدىمىگە.

بۇ پادىشانىڭ بىر مايمۇنى بار بولۇپ، پادىشا ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا ئىشىنىدىكەن ۋە ئۇنى دائىم نەز-نېمەتلەر بىلەن تەربىيەت قىلىپ، ئۆزىگە ئىچكى مەھرەم قىلىۋالغان ئىكەن. ئەگەر پادىشا ئۇخلىسا مايمۇن تاڭ ئاتقىچە قولىدا خەنجەر تۇتۇپ، ئۇنىڭ ياستۇغى بېشىدا ئولتۇرىدىكەن، تاسادىپەن بىر زېرەك ئوغرى يىراق بىر شەھەردىن بۇ يۇرتقا كەپتۇ ۋە بىر كېچىسى تەييارلىق لىباسىنى كىيىپ، پۇل ۋە مال دۇنيا تېپىش ئۈچۈن كوچىدا كېزىۋېتىپ، يەنە بىر نادان ئوغرى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئىككىسى بىر بىرىگە ھەم جىنىس بولغاچقا، ئۇلار ھەمسوھبەت بولۇشۇپتۇ. شۇنىدا مۇساپىر ئوغرى يەرلىك ئوغرىدىن سوراپتۇ:

— بىز قەيەرگە بارايلى بۇرادەر، كىمنىڭ تېمىنى تېشەيلى؟

— رەئىس كالانىڭ ئاختىخانىسىدا ناھايىتى سېمىز ۋە بەكمۇ ئىلدام ماڭىدىغان بىر خېچىر بار. رەئىس كالان ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خېچىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قا ئۇن نەپەر قۇلنى مۇئەككەل قىلىپ قويغان. ئۇلار خېچىرنىڭ پۇتىنى زەنجىر بىلەن باغلاپ ساقلايدۇ. ياخشىسى شۇكى، بىز ئاۋال بېرىپ خېچىرنى ئالايلى، ئۇندىن كېيىن چاسۇ بېشىدىكى شىشىگەرنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ تېمىنى تېشەيلى ۋە قىممەتباھا شىشىلىرىنى ئېلىپ، خېچىرغا يۈكلەپ يولىمىزغا راۋان بولايلى، — دەپتۇ نادان ئوغرى.

زېرەك ئوغرى ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئەجەپلىنىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا پاششاپ كېلىپ قاپتۇ-دە، زېرەك ئوغرى دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ. نادان ئوغرى تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

— نېمە ئادەم سەن؟ — دەپ سوراپتۇ پاششاپ.

— مەن ئوغرىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ نادان ئوغرى، — رەئىس كالانىڭ خېچىرنى ئوغرىلاپ، شىشىگەرنىڭ دۇكىنىنى تېشىپ، شىشىلەرنى خېچىرغا يۈكلەپ، ئۆيۈمگە ئاپىرىشقا قەست قىلغان ئىدىم.

پاششاپ كۈلۈپتۇ ۋە:

— بۇنداقمۇ ئاخماق ئوغرى بولامدۇ، بىر ئېشەكنى بىر مۈنچە ئادەم ساقلاپ ياتسا. ئۆز جېنىنى بالانىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ بىر تەڭگىگە ئالمايدىغان بىر مۈنچە شىشە ئۈچۈن ئۆزىنى خەتەرگە تاشلايدىغان؟ ساڭا بىكارغا كەلگەن جان بولغاچقا، قەدرىنى بىلمەيدىكەنسەن-دە. ئەگەر پادىشانىڭ خەزىنىسى ئۈچۈن بۇنداق خەتەرنى ئىختىيار قىلغان بولساڭ مەزۇر بولغان بولاتتى، — دەپتۇ-دە، ئۇنىڭ قوللىرىنى باغلاپ زىندانغا تاشلاپتۇ.

زېرەك ئوغرى ئۇلارنىڭ ماجرالىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىكەن. نادان ئوغرىنىڭ ھىلىقى بۇزۇق خىيالىدىن ۋە پاششاپنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدىن تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، ئۆز-ئۆزىگە "ئوغرى ماڭا دوست بولسىمۇ نادان ئىدى. پاششاپ بولسا دانا دۈشمەن. ئەگەر ئۇ دانا دۈشمەن پەيدا بولمىغان بولسا، بۇ نادان دوست مېنى ھالاكەت يېرىگە باشلىغان بولاتتىكەن. ھىلى بولسىمۇ پاششاپ ئېيتقاندەك پادىشا خەزى-

مىسگە بارسام مەقسىدىم ئۈنىڭدىن ھاسىل بولسا ئەجەپ ئەمەس" دەپ-
تۇ-دە، ئاستاغىنە پادىشا سارىيىنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ ۋە لەخمە كولاشقا
باشلاپ، ساراي تېمىنىڭ تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئۇلىنى پولات كەكە
بىلەن پارە-پارە قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

قانچە تاش باغرىنى ياردى ئۇ ئۇستات،
كورسە ئۇنى شاگىرت بولغاي ئىدى پەرھات.

تېخى ئۇ كېچىنىڭ ئاپتاپ ئەيىيارى يەر ئاستىدىن لەخمە
ئۇرۇپ، مەشرىق تەرىپىگە ئۇلانماي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ لەخمىسى ئاخىرىغا
يېتىپ، پادىشانىڭ ئارامگاھىنىڭ يېنىدىن باش چىقىرىپتۇ. قارىسا
پادىشا ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئۇيقۇغا كەتكەن ئىكەن؛
ئۇنىڭ تەختىنىڭ ئەتراپىدا مال-دۇنيا دىگەن تولا ئىكەن؛ ئۇ-
نىڭ بىساتىنىڭ قىرغىقىدا، جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەن بىر شاھ-
داندا كاپۇردەك ئاپپاق شام زەردار كىشلەرنىڭ يۈزىدەك كۆلۈپ
تۇرغان ۋە مىسكىن پەرۋانىلەر نامراتلىق شولىسىدا ئۇرتىنىۋاتقان
ئىكەن.

پەرۋانىلەر كويدۇرسە قانات ۋە پەر،
ئىشق ئەھلى كويدۇرەر جان ۋە جىگەر.

ئوغرى يەنە قولىغا خەنجەر ئېلىپ، شاھنىڭ ياستۇغى ئۈس-
تىدە ئوق-سولغا ئېھتىيات نەزىرىنى سېلىپ تۇرغان بىر مايمۇننى-
مۇ كورۇپتۇ. ئوغرى ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ: "بۇ ۋەھشى ھايۋان
قانداقسىگە پادىشانىڭ بىساتى ئۈستىگە چىقىۋالغاندۇ ۋە نىمىشقا
شۇنداق ئىتتىك تىغنى قولىغا تۇتۇۋالغاندۇ" دەپ ئويلاپ تۇرسا،
تۇيۇقسىز تورۇستىن بىر نەچچە چۈمۈلە ئۇتتۇرلا پادىشانىڭ مەي-
دىسىگە چۈشۈپتۇ. مايمۇن ئۇنى كورۇپ غەزەپ ئوتى ئورلەپتۇ-دە:

"مەندەك پاسىۋان قاراپ تۇرغان يەردە ئىگەمنىڭ مەيدىسىدىن باشقىلى چىۋىنىڭ نىمە ھەددى بار ئىكەن" دەپ ۋاقىراپتۇ-دە، ئۇ نادان مايمۇن چىۋىننى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ پادىشانىڭ كۆكسىگە قارىتىپ خەنجەر شىلتىپتۇ. ئۇنى كۆرگەن ئوغرى: "ھەي نادان ئەبلەخ، قولۇڭنى تارت! ئۇ ئۆلسە جاھان ۋەيران بولىدۇ" دەپ ۋاقىراش بىلەن تەڭلا مايمۇننىڭ خەنجەر تۇتقان قولىنى تۇتۇۋاپتۇ. پادىشا ئوغرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپتۇ ۋە ئۇ ھالەتنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— نىمە ئادەم سەن؟

— دانا دۈشمىنىڭمەن. مېلىڭنى ئالغىلى كەلگەن ئىدىم. ئەگەر بىر پەس غاپىل بولغان بولسام، بۇ نادان مېھرىۋانىڭ سېنى قان دەرياسىغا غەرق قىلغان بولاتتى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئوغرى.

پادىشا بۇ ھالنى كۆرۈپ خۇداغا شۈكرى قىلىپ، سەجدە قىپتۇ ۋە:

— ئەگەر تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى كىشىگە يار بولىدىغان بولسا، ئوغرى پاسىۋان ۋە دۈشمەن مېھرىۋان بولىدىغانلىقى راست ئىكەن، — دەپتۇ-دە، ئوغرىغا ئىلتىپات قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەھرەملىرىنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپتۇ. مايمۇننى بولسا زەنجىر بىلەن باغلاپ ئۆزىدىن يىراق جايغا ئەۋەتىۋېتىپتۇ.

ئوغرى ۋەج ئۈمىدىدە خەزىنە تېپىشنى تېشىدىغان بولسىمۇ، دانىشمەنلىك لىباسىنى كىيگەنلىكىدىن بېشىغا دۆلەت تاجى قويۇلۇپتۇ. مايمۇن بولسا پادىشاغا يېقىنلىق مۇقامىدا تۇرۇپ، بارلىق سىرلارغا مەھرەم بولغان بولسىمۇ، نادانلىق تىكىنى ئۇنىڭ ئېتىگىنى ئىلغاچقا ھۆرمەت لىباسى ئۇنىڭ تېنىدىن سالدۇرۇلۇپتۇ.

زېرەك دۈشمەن جانغا رەقىپ بولسىمۇ،
نەچچە ھەسسە ياخشى ئۇ نادان دوستتىن.
چۈنكى نادان دوستلۇغىدىن پايدا ئاز،
كەلتۈرەر كوپ زەرەر ئۇ نادانلىقتىن.

بۇ مسالنىڭ پايدىسى شۇكى، ئاقىل كىشىلەر دانا كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشى، نادانلارنىڭ سوھبىتىدىن نەچچە پەرسەڭ يىراقتا قېچىشى كېرەك.

مەيلى زىنداﻥ بولسا بول ئاقىل بىلەن،
بولمىغىن گۇلشەندىمۇ جاھىل بىلەن.
ھەرزامان دانانى تۇتقىن ئاشنا،
بولمىغىن ئەلۋەتتە يار نادان بىلەن.

تاشپاقا بۇ پايدىلىق ھىكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:
— ئەي، دانىشمەنلىك دەرياسى كوڭلۇمنىڭ قۇلىغىغا ھىكمەت گوھەرلىرى بىلەن زىننەتلەر بەردىڭ. ئەمدى ئېيتىپ بەرگىنە، دوستلار نەچچە گۇرۇھ بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ھوكۇمالارنىڭ ئېيتىشىچە، — دەپتۇ كاردان، — زامان ئەھلىنىڭ ھەممىسى دوستلۇق دەۋاسىنى قىلىدۇ. ئۇلار ئۇچ قىسىم بولىدۇ. بەزىسى، خۇددى غىزاغا ئوخشاش بولىدۇ، ئۇلارسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ جامالىنىڭ نۇرى چۇشمەي تۇرۇپ، سوھبەت شامىنىڭ شولىسى چىقمايدۇ.

بىلىڭكى يار يۇزىدۇر كوڭۇل ئويىگە چىراق،
قاراڭغۇلۇق بولغۇسى ئۇندىن ئايرىلغان ھامان.

ئۇلارنىڭ بەزىسى خۇددى داۋاغا ئوخشاش بولىدۇ. ئۇلارغا بەزى ۋاقىتلاردا ئېھتىياج چۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە بەزىسى خۇددى دەرتكە ئوخشايدۇ. ئۇلار زەرەردىن باشقا ھوسۇل بەرمەيدۇ. ئۇلار ئىككى يۇزلىمچى ۋە خوجا كوردىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ساڭا باشقىچە تىلى ۋە يۇزى بار، دۇشمەنلىرىڭگە ئوزگىچە مۇھەببەت ۋە ئۇلپەتچىلىكلىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىرايى نۇردەك مۇۋاپىق ئىرۇر،
قەلبى سايدەك مۇناپىق ئىرۇر.
كوڭلىدۇر بۇزۇق سۇرىتى تۇزۇك،
جىسمىدۇر هايات ئۆزىدۇر ئۆلۈك.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىللىق كىشىلەر بۇنداق دوست يۈزلۈك دۈشمەنلەردىن ۋاز كېچىشى، خالىس دوستلارغا ئۇلىشىشى، يەنى دۈشمەننى تاشلاپ دوستنىڭ قولىنى تۇتۇشى كېرەك.

— كىشى قانداق قىلسا دوستلۇق شەرتلىرىنى تولۇق بىجا كەلتۈرگەن بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تاشپاقا.

— هەر كىشىدە مۇنۇ ئالتە خىسلەت بولسا ئۇنىڭ دوستلۇقىدا قۇسۇر يوق بولىدۇ، — دەپتۇ مايمۇن، — ئەۋۋەلى شۇكى، ئەگەر دوستىنىڭ ئەيىۋىنى بىلسە ئۇنى كىشىگە ئىزهار قىلماسلىق كېرەك. ئىككىنچىسى، دوستىنىڭ هۈنىرىنى كورسە بىرىنى ئون قىلىپ ئېيتىش كېرەك. ئۈچىنچىسى، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولسا مىننەت قىلماسلىق ۋە نەزىرىدە تۇتماسلىق كېرەك. تۆتىنچىسى، ئۇنىڭدىن مەنپەئەت كورسە ئۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. بەشىنچىسى، ئەگەر ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئۆزى تەرەپكە بىرەر خاتالىق يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنى كوڭلىگە ئالماسلىق ۋە ئەپۇ قىلىش كېرەك. ئالتىنچىسى، ئەگەر ئۆزرە قويسا قوبۇل قىلىش كېرەك. ئەگەر كىشى بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىسا مۇتلەق دوستقا يارىمايدۇ. ئۇنىڭغا دوست بولغان كىشى ئاخىرى پۇشايمانغا قالىدۇ. زامان ئەهلى ئارىسىدىكى خالىس دوست خۇددى كىمياغا ئوخشايدۇ ۋە رىياسىز ئاشنا خۇددى ئەنقاغا ئوخشايدۇ. بۇلار ئۆزلىرىگە يوقلۇقنى ماكان قىلىشقان ۋە تېپىلماسلىققا هوكۇم ئېلىشقان.

بۇ ئالەم ئىچىدە تاپمىدىم يار هەم،
كوڭلۇمنىڭ غېمىگە مۇۋاپىق مەلهەم.

ئەينەكتەك كوڭلى ساپ نەرسە يوق لېكىن،
ئۇرغىلى بولمايدۇ ئۇنىڭغىمۇ دەم.

سوز شۇ يەرگە يەتكەندە تاشپاقا دەپتۇ:
— مەن ساڭا دوست بولۇشقا مەزمۇت قەدەم تاشلىدىم ۋە مەن دوست-يارلىق ئەدەپلىرىدىن ھېچ بىرىنى تاشلىمايمەن. ئەگەر مېنى دوستلۇققا قوبۇل قىلساڭ ۋە تا قىيامەتكىچە كوڭلۇڭنىڭ بويىنغا مىننەت قويساڭ، سېنىڭ سېخىلىقىڭ ئالدىدا بۇ ھېچقانداق ئەجەپلىنەرلىك ئىش بولمايدۇ.

مايمۇن خۇرسەن بولۇپ دەرەختىن چۈشۈپتۇ. تاشپاقىسىمۇ سۇدىن چىقىپ دەرەخ تۈۋىگە كەپتۇ. ئۇلار بىر بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشۇپ دوستلۇق ۋەدىلىرىنى ئارىغا سېلىپتۇ. ئىككىسىنىڭ كوڭۇللىرىدىن غۇربەت ۋەھشىتى كېتىپ، شادى خورام بولۇشۇپتۇ. مايمۇن پادىشالىقىنىڭ ھەسرىتىنى، تاجىدارلىقىنىڭ ئىززىتىنى ئۇنتۇپتۇ، تاشپاقا ئەھلى ئايال ۋە دىيارىنى ئۇنتۇپتۇ.

ماڭا گەر بولسا مۇيەسسەر يار- دوستنىڭ سوھبىتى،
غەم يېمەسمەن بولمىسىمۇ ئوزگە ئىشنىڭ راھىتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەزىرىدە ئۇلارنىڭ سوھبىتى ئۇزاققا تارتىپتۇ. تاشپاقىنىڭ ئەھلى ئاياللىرى ئوز يۇرتىدا قالغان ئىكەن. ئۇلار ئۇنىڭ پىراقىدىن بىتاقەت بولۇشۇپتۇ. بولۇپمۇ تاشپاقىنىڭ جۇپتى بۇرۇنىدىن تارتىپ بىر سائەت ئېرىدىن ئايرىلىشقا تاقىتى يوق بولغاچقا، ئېرىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئايرىلىپ، چەكسىز غەم-ئەندىشە ئىچىدە قاپتۇ ۋە ھىجران ئوتى ئۇنىڭ جىنىنىڭ جىگىرىنى كويدۇرۇشكە باشلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگەر تاغنىڭ جىنىغا ياقساڭ ھىجران ئوتىنى،
كۆكسىگە تاش ئۇرۇپ تاغ، نالە پاريات قىلغۇسى.

ئۇ چىداپ تۇرالماي، ئاخىرى پىراق شىكايىتىنى ئۆز جە-
نىسىدىن بىرىگە ئىزھار قىپتۇ:

كەتتى يارىم مەن بۇ يەردە تەلمۈرۈپ قالدىم قاراپ،
مېھرىنىڭ ۋەسلى ئۈمىدى قالدى كۆڭلۈمدە نىھان.
پاتتى ھەيرانلىق لىيىغا سەرۋىدەك نازۇك پۇتۇم،
بۇنچە مۇشكۈلدىن نىجات تاپماقلىقىم بولماس ئاسان.

مېنىڭ ئۇ غېرىبىم ئۆزىنى قايسى تەرەپكە ئالغانلىقىنى ۋە
قەيەردە قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. بۇگۈنكى كۈندە كەلسىمۇ كاشكى
ئۇنىڭ ۋىسالى سۇبھىنىڭ يورۇقلۇغى پىراق شامىنىڭ قاراڭغۇلۇغىنى
يوق ئەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭ جامالى جىلۋىسى زاھىر بول-
سا، ئىشىق خىيالاتىنىڭ جۇنۇنلۇغى مەندىن كەتكەن بولاتتى.

كەلسە ئۇ يارىم سەپەردىن ناگاھان،
تەن ئىچىگە كىرگۈسىدۇر يېڭى جان.

دوستى ئۇنىڭ بۇ ئىزتىرابىنى كۆرۈپ شۇنداق دەپتۇ:
— ئەگەر مېنى يالغانچى دېمىسەڭ ھەم سۆزۈمنى ئىشەنسەڭ ئاڭلىغا
ئالساڭ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ساڭا ئېيتىمەن.
— ئەي شەپقەتلىك دوستۇم، — دەپتۇ تاشپاقىنىڭ جۈپتى، —
سېنىڭ سۆزۈڭدە ھېچقانداق خىلاپلىق يوق. مەن سېنىڭ راستچىل-
لىغىڭنى كۆپ قېتىم سىناپ بېقىپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنگەنمەن.
سېنىڭ ئېيتقان ھەر قانداق سۆزۈڭدە قىلچە شۈبھە يوق.
— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، — دەپتۇ ئۇ تاشپاقا، — سېنىڭ ئېرىڭ

بىر مايمۇن بىلەن دوست بولۇپتىمىش ۋە ئۇنىڭ سوھبىتىنى ھېچ نېمەتىكە باراۋەر تۇتمايدىغان، ئۇنىڭغا مۇلاقەت بولۇشنى ھېچ لەززەتكە تەڭ كۆرمەيدىغان بولۇپ كېتىپتىمىش. ئۇ ھازىر سېنىڭ پىراقىڭ ئوتىنى ئۇنىڭ ۋىسال سۈيى بىلەن ئۆچۈرىدىكەن ۋە ئۇنىڭ جامالىنى سېنىڭ ۋىسالىڭ ئورنىدا ئۆزىگە ئۇلپەت قىلىدىكەن.

تاشپاقىنىڭ جۈپتى بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا غەيرەت ئوتى ئىچىدىن بېشىغا ئۆرلەپتۇ ۋە پەريات قىلىشقا باشلاپتۇ.

نىتەي ئەمدىكى يارىم ئۆزگە ئەغيار قويىندا سولدى،
قۇرۇق قالدى مېنىڭ قوينۇم ۋە قان ياشىم بىلەن تولدى.

— ھەي جاپاكار پەلەك! جەملىگىمنىڭ خامىنىنى ئايرىلىشنىڭ بورىنىغا ئۇچۇردۇڭ! ئۈمىدىم زىرائىتىنى غەمنىڭ ئىسسىق شامىلى بىلەن كۆيدۈردۈڭ! كېچە-كۈندۈز ئۇلپىتىم بولغان يارىمنى ياتلارغا ئۇلپەت قىلدىڭ! ئۆز تەسەررۇپۇمدىكى نەق جاننى غەيرىنىڭ قولىغا بەردىڭ! ھەي بىۋاپا پەلەك! يارلىغىمنىڭ سەھىپىلىرىدىن مېھرى رەقىمىنى ئوقۇمىغانمىدىڭ؟ ھەي بىگانە! مۇھەببىتىم چىمەنىدىن ئاشنالىق بۇيىنى پۇرىمىغانمىدىڭ؟

ئۆزۈپ مەندىن كۆڭۈل بىگانە قىلدىڭ،
مېنى مۇنداق ئەجەپ دىۋانە قىلدىڭ.

— بولىدىغان ئىش بولۇپ بوپتۇ، — دەپتۇ ئۇنىڭ دوستى بولغان تاشپاقا، — ئەمدى بىھۇدە غەم يېگەننىڭ پايدىسى يوق. تەدبىر بىلەن ئويلاپ ئىش قىلماق كېرەك ۋە ئۇ ئىش بىلەن كۆڭۈلگە پاراغەت ھاسىل قىلماق كېرەك.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھىلە كىتاۋىنى مۇتالىئە قىلىشقا باشلا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىپتۇ ۋە كوپ مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، ھىلىسىنى شۇنىڭغا توختىتىپتۇكى، مايمۇننى ئۆلتۈرىدىغان بولۇشۇپتۇ. تاشپاقىنىڭ جۇپتى ئۆز دوستىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئاغرىپ قالغان بولۇپ يېتىۋېلىپ، تاشپاقىغا كىشى ئەۋەتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

يارىغا گەر بولسا ئاغرىق يارنى سورماق ھەۋەس،
تېز كېلىپ كورسۇن بۇنىڭدا بار تېخى سەل - پەل نەپەس.—

دەپ خەۋەر قىلىپتۇ.

تاشپاقا ئۆز جۇپتىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بېرىپ ئۆز زەئىپەسىنىڭ ھالىنى سوراپ قايتىپ كېلىش ئۈچۈن مايمۇندىن ئىجازەت سوراپتۇ.

— ئەي غەمگۇزار دوستۇم، — دەپتۇ مايمۇن، — بېرىپ پات-راق كەلگىن ۋە مەن غېرىپنى بۇ جاڭگال ياقىسىدا تەنھا ۋە ياردەمسىز تاشلاپ قويما، چۈنكى ماڭا بۇ يەردە پەقەت سېنىڭ پىراقىڭنىڭ كېمىسى ۋە ھىجرانىڭنىڭ دەردىلا ھەمرا بولىدۇ.

كېچىلەر يالغۇزلۇغۇمدا ئۆلۈپتىم غەمدۇر ماڭا،
ھەر كىشىنىڭ جېنىغا ۋاي، بولسا غەم غەمخور ئاڭا.

— ھەي، روھى راۋانىمنىڭ راھىتى بولغان مېھرىۋان دوس-تۇم، — دەپتۇ تاشپاقا ئۇنىڭغا، — ماڭا بۇ سەپەر زورۇرىيەت يۈزىسى-دىن توغرا كېلىپ قالدى. بولمىسا سەندىن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن جۇدا بولۇشنى ۋە سەندىن ئايرىلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدىم.

شۇنداق قىلىپ، تاشپاقا مايمۇن بىلەن ۋىدالىشىپ، ئۆز ئۆيىگە قاراپ بىچارىلەرچە يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆز ۋەتىنىگە يېقىنلاشقان چاغدا، ئۇنىڭ دوستلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشۇپ "مەرھابا" ئاۋازىنى ئاسمانغا يەتكۈزۈشۈپ-

تۇ. تاشپاقا ئۆز مەھرەمـلىرى بىلەن ئۆيگە كىرىپتۇ ۋە رەنج-
يوتقىنىدا ياتقان خوتۇنىنى كۆرۈپتۇ. قارىسا خوتۇنىنىڭ رۇخسارى
گۈلزارىنىڭ لالىلىرى زەپىرەڭگە ئالمىشىپ، ھەر بىر مويى بىردىن
نالە قىلىپ ياتقان ئىكەن. ئۇ خوتۇنىدىن ھەر قانچە ئەھۋال سو-
رىغان بولسىمۇ ھېچبىر جاۋاپ ئالالماپتۇ. ھەر قانچە مېھرىۋانلىق
ۋە دىلجۇيلۇق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، جۇپتى ھېچقانداق ئىلتىپات
قىلماپتۇ.

ئەي كۆڭۈل كويى ئۇنىڭكىم نائۇمىتلىك بازىرى،
نالە ۋە زارىنىڭ ماتاسى ئۇندا بولغاندۇر كاسات.

تاشپاقىنىڭ جۇپتىنىڭ ھىلقى دوستى ئۆزىنى ئاغرىق باق-
قۇچى قىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. تاشپاقا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
— بۇ ئاغرىق نىمە ئۈچۈن سۆزلىمەيدۇ ۋە رەنجىنىڭ كەي-
پىياتىنى بايان قىلمايدۇ؟
جۇپتىنىڭ دوستى سوغۇق ئاھ چېكىپتۇ ۋە:

— ئەي تىۋىپ، بۇ دەرت ئىلاجىنى قىلغىلى ئاغرىتما باش،
ئىشقى دەردى دەرتكى ئۇ دەرماننى قىلمايدۇ قوبۇل.

بۇ ئىلاج كار قىلمايدىغان ئاغرىق ۋە داۋادىن نائۇمىت رەن-
جىلەردىندۇر، شۇنداق تۇرۇقلۇق قايسى ماجالى بىلەن نەپەس
ئۇرالىسۇن ۋە قانداق قۇۋۋەت بىلەن سۆز ئاڭلىيالىسۇن، — دەپتۇ.
تاشپاقا بىردەم پەريات چېكىپتۇ ۋە سوراپتۇ:
— قانداق دورا بۇنىڭغا نەپ بېرىدۇ ۋە قانداق دەرمان بۇ-
نىڭغا شىپا بولىدۇ؟ تېزرەك ئېيتقىن، ئۇنى تېپىش ئۈچۈن تاغ-
دەريالارنى كېزەي ۋە ئاشنا ھەم بىگانىلەردىن سوراي، ئەگەر ئۇ-
نىڭغا جان ۋە يۈرەك سەرپ قىلماق لازىم بولىدىغان بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنى قىلاي. ئۇنىڭغا پۈتۈن ھاياتىمنى، كۈچ-قۇۋۋىتىمنى ۋە سۆ ھەم لايىدىن پۈتكەن بۇ جىسمىمنىمۇ ئۆتۈنەي.

جان ئىچۈك بولماس پىدا، جانان ئەگەر تۇتسا قوبۇل،
خاھلىسا كويىغا ئىچۈن بولماس نىسار بۇ كوڭۇل.

— بۇ ئاغرىق خوتۇنلارنىڭ بالا ياتقۇسىغا پەيدا بولىدىغان ئاغرىقتىن، بۇنىڭغا مايمۇن يۇرىگىدىن باشقا نەرسە داۋا بولالماي-دۇ، — دەپتۇ ئاغرىق باققۇچى.

— ئۇ نەرسە ئاسانلىق بىلەن تېپىلمايدۇ، — دەپتۇ تاشپاقا.

— بۇ دورىنىڭ قولغا كىرىشى مۇشكۇل ئىكەنلىكى بىزگىمۇ مەلۇم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەنە شۇ مىكىرنى ئويلاپ تاپقان ئاغرىق باققۇچى، — سېنى بىز داۋا تېپىش مەقسىتىدە چاقىردۇق ۋە يەنە ۋاپادار يارىڭنىڭ ئاخىرقى پۇرسەتتىكى دىدارىنى كورۇ-ۋالغىن ھەم ۋىدالىشىۋالغىن دەپ چىللىدۇق. قارىغىنا، بۇ بىچا-رىنىڭ ئەمدى يەڭگىللەش ئېھتىمالى ۋە ساقىيىش ئۇمىدى قالمىدى.

قاندىن ئۆزگە يوقتۇر بۇ دەردىمگە لايىق شەربىتى،
غەمدىن ئۆزگە يوق بۇ كوڭلۇمنىڭ مۇناسىپ راھىتى.

بۇ سوزلەرنى ئاڭلىغان تاشپاقىنىڭ غېمى تېخىمۇ ئارتىپتۇ ۋە ناھايىتى كوپ تەدبىر ۋە چارىلەرنى ئويلاپ بېقىپ، ئاخىرى دوستى مايمۇننى ئولتۇرۇشتىن باشقا مەسلىھەت تاپالماپتۇ-دە، نائىلاج ئۇنىڭغا تاما باغلاپ، ئۇنىڭ جېنىغا قەست قىلماقچى بوپتۇ. ئۇ-نىڭ ئەقلى ئىنساپ يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا قانچە نەسىھەت قىلىپتۇ: "ھەي پەست، دوستلۇق ۋە بىرلىك بىناسى سەن بىلەن مايمۇننىڭ ئوتتۇرى-سىدا مۇستەھكەملەنگەن ئىدى. ئۇنى ئوزرە قولى بىلەن ۋەيران قىلىش مەرتلىك ۋە مۇرۇۋۋەتلىكتىن ئەمەس."

"ۋاي ئىستكى بىۋاپا دۈشمەن ئۈچۈن،
زايا ئەيلەمسەن ۋاپادار دوستنى".

لېكىن ئۇنىڭ ئەپسى قارا يۈزلۈك بىلەن: "ئۆينىڭ ئاۋاتلىغى ۋە مەئىشەتنىڭ سەرەمجاملىغى خوتۇن بىلەن بولىدۇ. ئۇنى تاشلىماق ۋە ئۆزىنى ئۆزىگە ھېچ جۈپلۈگى ۋە تەڭلىگى بولمىغان كىشىنىڭ مۇھەببىتىگە باشلىماق ياخشىلىق ۋە ئەقىللىقلىق ئالامىتى ئەمەس.

قاچانمۇ تەڭ بولالىسۇن كونا يارنىڭ پۇتىغا،
تېخىچە ھېچ تەجرىبىسىز يېڭى يارىڭنىڭ بېشى".

دەپ ۋەسۋەسە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئاخىرى خوتۇنىنىڭ ئىشقى غالىپ كېلىپ، ئۇ ۋاپا قەندىلىنى جاپا تېشى بىلەن ئۇشاتماقچى بوپتۇ. ئەمما بىۋاپالىق دېگەن ئۇنىڭ ئەسىرى بەتبەختلەر ئەھۋالىنىڭ پېشانىسىدىن ئۆزگە جايدا ئاشكارىلانمايدىغان شۇملۇق داغىدۇر. ئۆز ۋەدىسىنى سۇندۇرۇش دېگەن ئىپلاسلارنىڭ ۋۇجۇت لەۋھەسىدىن باشقا جايغا يېزىلمايدىغان خارلىق رەقەمىدۇر. ھەر كىشى مەككارلىق ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك سۈپىتى بىلەن شوھرەت تاپسا، ھېچ كىشى ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن يولاشقىمۇ ئۇنىمايدۇ ۋە ئۇنداق بىۋاپالىق ھەم ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش نامى بىلەن ئاتالغان كىشىنى ھېچكىم خوشلىمايدۇ، بەلكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلماقنى ۋاجىپ دەپ بىلىدۇ.

مەي ئىچەر چاغىمدا ساقى ئېيتتى بۇ سوزنى ماڭا:
تۇتما زىنھار ئەھدى سۇندۇرغان كىشىلەر سوھبىتىن.

ئاشپاقا مايمۇننىڭ جېنىغا قەست قىلماقچى بوپتۇ. لېكىن ئۇ تاكى مايمۇننى ئۆيىگە ئېلىپ كەلمىگىچە ئۆز غەرەزى ئىشقا ئاشمايدىغانلىغىنى ئويلاپ، شۇ غەرەزنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مايمۇننىڭ قېشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېرىپتۇ. ئەمما مايمۇن ئۇنى كورۇشكە ناھايىتى بەك ئىشتىياق باغ-لاپ، كوڭلى جان دەپ ئۇنى كورۇشكە تەلەپىكار بولۇپ تۇرغان ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ كوزى دوستىنىڭ جامالىغا چۈشۈش بىلەنلا، خوشال بولغانلىقىدىن شاتلىق نەغمىلىرى بىلەن ساز باشلاپ:

ئەلھەمدۇلىللا، يەنە كەلدى قۇياشىم،
قارا تۇندىن خالاس بولدى بۇ باشىم.

دەپتۇ ۋە تاشپاقىنىڭ ئۇز ئەھۋالى ۋە بالا-چاقىلىرىنىڭ ئەھۋا-لىنى سوراپتۇ. تاشپاقا ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىپ شۇنداق دەپتۇ:

— پىراقىڭنىڭ رەنجى ماڭا شۇنداق غالىپ بولدىكى، ئۇلار-نىڭ ئۇلپەتچىلىگىنىڭ داۋاسى ماڭا قىلچە كار قىلمىدى. ھەر سا-ئەت سېنىڭ تەنھالىغىڭنى يادىمغا كەلتۇرسەم مېنىڭ ئەيش-ئىش-رەتكە كوڭلۇم تارتمىدى ۋە ئۇز-ئۇزەمگە: "ھەي بىمۇرۇۋۋەت، سەن بۇ يەردە پاراغەت گۇلشىنى ئىچىدە ئەيش-ئىشرەت تەخ-تىدە ئولتۇرساڭ، سېنىڭ ۋاپادار دوستۇڭ غۇربەت تىكەنلىگىدە مېھنەت تۇپرىغىغا پېتىپ، مۇشەققەت تېشىغا باش قويۇپ ياتسا راۋا بولامدۇ؟

ئەجەپ سەن ئولتۇرامسەن مۇندا گۇلدەك ئىچىلىپ خەندان،
ۋاپادار يار پۇتىغا سانچىلىپ تۇرسا تىكەن چەندان.

ئىززەت ئىكرامىنى ۋاجىپ تۇتۇپ، مەن بىلەن بىللە بېرىپ دىدا-رىڭدىن ئويۇمنى ئاباداق، ئەھلى ئايالىمنى شادىمان قىلساڭ ئىدى دىگەن نىيەت بىلەن كەلدىم. شۇنداق قىلساڭ قەدەم تەشرىپىڭدىن پەرزەنتلىرىم پەخىرلىنىدۇ، ئۇرۇق-تۇققانلىرىم ۋە خۇلۇم-خوشنى-لىرىم بۇنى ئۇزىگە ئىپتىخار بىلىشىدۇ. ئەگەر ماڭا بۇ مەرھەمەت-نى قىلساڭ مېنىڭ مەرتىۋەم زىيادە بولىدۇ ۋە ساڭا ھېچ كەمچى-لىك يەتمەيدۇ.

بولسا تۈگۈلۈكتىن قۇياش نۇرى ئۈيۈم ئىچرە بەھەم،
بولمىغاي كۈننىڭ ئەدەدسىز نۇرىدىن بىر زەررەكەم.

ئىككىنچىدىن، ھەممە كىشىلەرنى ھازىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىدا سېنى بىر مېھمان قىلىپ، ئۇ ئىش ئارقىلىق دوستلۇقنىڭ بەزى ھوقۇقىنى ئادا قىلىشنى خالايمەن.

— بۇ تەكەللۇپىڭنى قويغىنا، — دەپتۇ مايمۇن، — ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق زەنجىرى مەھكەم ئۇلاندى، ياتلارغا ئوخشاش مېھماندارچىلىق رەسمىنى تۈزۈپ، مېھمان ئۈزۈتۈش جاپاسىنى چېكىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. چۈنكى، "دوستنىڭ يامىنى دوستنى جاپاغا قويغۇچىلاردۇر" دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ئوتتۇرىدا تەكەللۇپ بولمىسا ئاسان كۆڭۈل كەچۈرگىلى بولىدۇ-دە. مېنىڭ ساڭا دوست بولغانلىقىمنى سەن ئۆزەڭگە ئىپتىخار دەپ بىلسەن. ئەمما شۇنى بىلگىنكى، سېنىڭ ماڭا دوست بولغانلىقىڭغا ۋە ماڭا ھەمدەملىك قىلغىنىڭغا مەن ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق پەخىرلىنىمەن ۋە سۆيۈنىمەن. چۈنكى مەن ۋەتەن ۋە دىياردىن، مەملىكەت ۋە پادىشالىقىمدىن يىراق چۈشۈپ خارلىق ۋە غېرىبلىق، تەنھالىق ۋە مېھنەتكە مۇپتىلا بولغان ئىدىم. تەڭرىنىڭ تەقدىرى سېنىڭ سوھبىتىڭ لەززىتىنى ماڭا ئاتا قىلدى ۋە مۇھەببىتىڭ نېمىتىنى ماڭا مەرھەمەت قىلدى. بۇ مەرھەمەت بىلەن روزىگارنىڭ ئازار چاڭگىلىدىن نىجات تاپتىم ۋە ھىجران مۇشەققىتىنىڭ قولىدىن خالاس بولدۇم.

بۇ غۇربەت كويىدا ئەي يارى ھەمدەم،
ۋىسالىڭ بىرلە بولدۇم شادۇ خۇررام.

شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇنچىۋالا جاپانى ئۆزەڭگە لازىم تۇتۇشۇڭ ۋە ئۆزەڭنى ئاۋارە قىلىشىڭنىڭ كېرىكى يوق. ئىككىنچىدىن، دوستلۇقتا ئىشرەت ئەسۋاۋىنىڭ تەييارلىنىشى ئەمەس، بەلكى ئەقىدات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساپاسى موتىۋەردۇر. نەپسىگە يېتىدىغان پايدا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى پايدا تەلەپ قىلىنىدۇ.

— ھەي دوستۇم، — دەپتۇ تاشپاقا، — مېنىڭ سىنى تەكلىپ قىلىشىم پەقەت زىياپەت ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ مۇددىئايىم شۇكى، ئارىدىن مۇتلەق جۇدالىق كېتىپ، دائىمى ۋىسال ھاسىل بولسۇن دېگەن ئىدىم. مەن بىردەممۇ سەنسىز يۈرۈشنى خالىمايمەن.

— مۇھەببەت يولىدا يېقىنلىق ۋە يىراقلىق دېگەن گەپ يوق، — دەپتۇ مايمۇن، — ئىككى دوستنىڭ ئارىسى مەشرىق ۋە مەغرىپتەك بولسىمۇ بىر بىرىنىڭ يادى بىلەن كۆڭلى تەسەللى تاپالايدۇ. كۆرۈنۈشتىكى يىراقلىق قەلبىنىڭ مۇلاقاتىنى مەنئى قىلالمايدۇ. ئۇلار ھەمىشە مەنا كۆزى بىلەن بىر بىرىنىڭ جامالىنى كۆرۈشۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئارىدا كۆڭلىمىزنىڭ يېقىنلىقى بولسا ئىككى جايدا ياشىغاقتىن ھېچبىر زىيان بولمىغاي. بۇ توغرىدا بىر ئەزىز مۇنداق بىر رۇبائىنى ئېيتقان ئىكەن:

بولمىسىمۇ گەر ماڭا ۋىسالىڭ يار،
كۆزۈم ئىچرە خىيالىڭ بولدى تەييار.
كۆرۈنۈشتە جىسمانى ۋىسالىڭ يوق،
لېكىن دىلغا ئورنىغان قامىتىڭ بار.

تاشپاقا زارلاش ۋە يالۋۇرۇش ئوقىنى يەنە ئېتىشقا باشلىغان ئىكەن، ئارزۇ نىشانىسىغا تېگىپ، مايمۇن شۇنداق دەپتۇ:

— دوست رازىلىقىنىڭ تەلىۋى مۇرۇۋۋەت شەرتىدە پەرزدۇر. بوپتۇ، سەن قەيەرنى خالىساڭ مەن شۇ يەرگە باراي، لېكىن، بۇ جاڭگال بىلەن سېنىڭ جەزىرەڭنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ قالغان

بۇ دەريادىن مېنىڭ ئۆتمىگىم تەس!

— كوڭلۇڭ خاتىرجەم بولسۇن، مەن سېنى ئۇچامغا ئېلىپ دەريادىن ئۆتكۈزىمەن، — دەپتۇ تاشپاقا.

تاشپاقىنىڭ ئەپسۇنى مايمۇنغا كار قىلىپ، ئۇلار يولغا راۋان بولۇشۇپتۇ ۋە تاشپاقا مايمۇننى يۈدۈپ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا تاشپاقىنىڭ خاتىرى پىكىر گىرداۋىغا بېرىپ قاپتۇ - دە، ئويىچىلا: "بۇ مايمۇن بىلەن دوستلۇققا ۋەدە قىلىشقان ئىدىم. ئەجەپ بىر ۋەدىنى سۇندۇرماق خىيالىغا كېلىپ، بۇنداق يامان ئەمەل بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ بەتنامىلىق يۈكىنى گەدىنىمگە ئالدىم - ھە!

هەركىشى يانسا ۋاپا گۈلزارىدىن،
كوكسى داغ بولغاي جاپانىڭ زارىدىن.

ئاشۇ بىر ئەقلى ناقىس خوتۇن ئۈچۈن بىر كامىل دوستىنى ئالداش ياخشىلارنىڭ ئىشلىرىدىن ئەمەس ئىدىغۇ؟ شەيتاننىڭ شات بولۇشىنى كوزلەپ، تەگرى رىزالىغىنىڭ رىشتىسىنى ئۈزمەك زىيان ۋە نۇقساندىن باشقا نەتىجە بەرمەيتتىغۇ! بۇ ئىش ئاقىلنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس" دەپ ئويلاپ قاپتۇ. ئۇ شۇ خىيالدا بولغاچقا گا-ھى مېڭىپ، گاھى توختاپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇنى كورگەن مايمۇننىڭ كوڭلىگە گۇمان چۈشۈپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەندىشەڭنىڭ سەۋەبى نىمە بۇرادەر؟ مېنى كوتىرىپ مېڭىش ساڭا ئېغىر كەپ قالدىمۇيا؟

— نىمىشقا مۇنداق دەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ تاشپاقا.

— كوڭلۇڭدىكى غەرەزىڭنىڭ ئالامىتى ماڭا ئاشكارا بولۇپ قال-دى، — دەپتۇ مايمۇن، — مېنى ئۇ ئىشتىن ئاگاھ قىلساڭ، ئۇ ئىشنى ھاسىل قىلىشىڭغا ساڭا مەدەتكار بولسامۇ ئەجەپ ئەمەس ئىدى.

— نىمە غەرىزىم بولسۇن، — دەپتۇ تاشپاقا، — لېكىن سەندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەزىز مېھمان ئۆيۈمگە ئىلتىپات قىلغىنىڭدا ھەمخانەم ساق سالا-مەت بولغان بولسىمۇ كاشكى، ھەممەيلەن خىزمەتكارلىق مۇقامىدا تۇرۇپ سىنى كۈتكەن بولاتتۇق دەپ غەم قىلىۋاتىمەن. چۈنكى ئۇ ئاغرىپ قالغان. شۇڭا بىزدىن ساڭا مۇلازىمەت قىلىشتا كەم-چىلىك سادىر بولۇپ قالارمىكىن دەپ خىجالەت بولۇۋاتىمەن.

— سىنىڭ ماڭا ئەقدە ۋە ئىخلاسىڭ بار ئىكەنلىگى ھەقىقەت، — دەپتۇ مايمۇن، — شۇڭا يات كىشىلەردەك ئاۋارىگەرچىلىك تارتىپ، بىگانىلەرگە ئوخشاش تەكەللۇپ قىلىپ يۈرمىگىن.

ياتنى ئۆز قىلماققا لازىمدۇر تەكەللۇپ ئەيلىمەك،
مەنكى ئۆزدۈرمەن تەكەللۇپقا نەھاجەت بولغۇسى.

تاشپاقا يەنە مېگۈۋېرىپتۇ ۋە كېتىۋېتىپ يەنە خىيال سۈرۈپ قاپتۇ: "خوتۇنلار مېنى ۋەدەمنى سۇندۇرۇشقا سۆيلەۋاتىدۇ. مەن ئۇ-لارنىڭ ۋەدىسىگە تۇرمايدىغانلىغىنى ياخشى بىلىمەن. ئۇلاردىن ۋاپا ئىزلەش ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

خوتۇنلار ئەھدىگە قىلماڭ تەۋەككۇل،
ھەرگىزمۇ ئۈنمىگەي شورلۇق يەردە گۈل.

شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھىلىسىگە ئالدىنىپ بىۋاپالىق يولىنى تۇتۇش دىيانەت ۋە ئامانەت مەزھىبىدە قانداقمۇ راۋا بولسۇن" دەپ ئويلاپتۇ ئۇ.

مايمۇن ئۇنىڭ پىكرى بۇزۇلغىنىنى پەملەپ قاپتۇ ۋە بەدگۇمانلىغى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ ئۆز كۆڭلىدە ئويلاپتۇ: "كىشىنىڭ كۆڭلىگە دوستىدىن شۈبھە پەيدا بولۇپ قالسا، تەدبىرنىڭ پاناھىغا قاچماق كېرەك ۋە ئۇنىڭدىن مادارا بىلەن ئىتەك تارتىپ، ئۆزىنى ساقلىماق كېرەك. شۇنداق قىلسا، ئەگەر ئۇنىڭ مىكرى بار ئىكەنلىگى ئېنىق

بىلىنسە، جانىنى سالامەت قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ، ئەگەر گۇمانى خاتا چىقسا، ئېھتىيات قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ - دە، ئۇ ئەيىپ ئەمەس.

ئۇ ئەگەر يار بولسا كورمەسسەن زىيان،
ئەگەر مەككار بولسا تاپقايسەن ئامان."

ئاندىن تاشپاقىغا شۇنداق دەپتۇ:

— ساڭا نېمە بولدى؟ ھەمىشە خىيال ئارمىنىڭنى پىكىر مەيدانىغا يۈگۈرتىسەن ۋە ۋەھىمە غەۋۋاسىنى ھەيرانلىق دەرياسىغا چوكۇرىسەنغۇ؟

— مېنى ئەيىپ قىلغىن بۇرادەر، خوتۇنۇمنىڭ ئاغرىقى ۋە شۇنىڭ ئۇچۇن پەرزەنتلىرىمنىڭ پەرىشانلىقى تۇپەيلىدىن خاتىرىم ئەندىشىلىك بولۇپ قالدى، — دەپتۇ تاشپاقا.

— شۇنداق، — دەپتۇ مايمۇن، — ئۇيدە ئاغرىق بولغان كۆڭۈلنىڭ غېمى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. "ئاغرىقلىق بولماقتىن ئاغرىق بولماق ئاسان" دېگەن گەپ ئەلھەق راست ئېيتىلغان ئىكەن. ئۇيدە ئاغرىق بار كىشى زادى ساق بولالمايدۇ. ئەمدى ئېيتقىنا! ئۇ قانداق كېسەل بولۇپ قاپتۇ؟ ئۇنىڭ ئىلاجى قانداق ئىكەن؟ چۈنكى ھەرقانداق بىر دەرتكە بىر داۋا مۇقەررەر قىلىنغان ۋە ھەر بىر رەنجىگە بىر سەۋەپ شىپا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىلاجىنى مۇبارەك نەپەس تېۋىپلاردىن سورىماق ۋە ئۇلار بۇيرۇغان ھەر بىر دورىنى تېپىشنىڭ كويىدا بولماق كېرەك.

— تېۋىپلار ئۇنىڭ ئىلاجىغا دورا بۇيرۇغان ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا قول يەتمەيدىكەن، — دەپتۇ تاشپاقا.

— ئەتتارلارنىڭ دۇكىنىدىن تېپىلمايدىغان ئۇ قانداق دورا ئىكەن؟ — دەپتۇ مايمۇن، — ماڭا ئېيتقىنا قېنى، ئاڭلىغىنىم ياكى كورگىنىم بولسا خەۋەر بەرسەم ئەجەپ ئەمەس.

— مەن تاپالمايۋاتقان ئۇ دورا مايمۇننىڭ يۈرىكى ئىدى، —

www.uyghurkitap.com

دەپتۇ سادده دىل تاشپاقا.

مايمۇن شۇنى ئاڭلاپتۇ-دە، سۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپ، دىمىغىدىن تۇتۇن ئۆرلەپتۇ، ئەمما ناھايىتى زور كۈچ بىلەن ئەقلىنى توختىتىپ، ئۆز نەپسىگە ئۆزى مۇنداق دەپتۇ: "ھەي شۇم تەلەت ھېرىس، كوردۇڭمۇ مانا، ھېرىسنىڭ يامانلىقىدىن ھالاكەت گىرداۋىغا چۈشتۈڭ ۋە غەپلەت ئىللىتى بىلەن شۇنداق چوڭ خەتەرگە گىرىپتار بولدۇڭ. مەن دۈشمىنىمنىڭ سوزىگە ئالدىنىپ، مۇناپىقلارنىڭ مىكرى ئوقىنى يۈرىكىمگە يېگەن كىشىلەردىن بولۇپ قالدىممۇ نىمە ئەمدى؟ نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ غۇسسە ئوتى بىلەن كويگەن ئىدىغۇ! ئەمدى ماڭا ھىلىدىن بولەك ياردەمچى ۋە تەدبىردىن ئۆزگە مەدەتكار تېپىلمايدۇ. ئەگەر تاشپاقىلار جەزىرىسىگە بارسامزە ئىشىم رىشتىسىگە شۇنداق بىر چىگىك چىگىلىدۈكى، پىكىر قولى ئۇنى يېشىشكە ئاجىز كېلىپ قالىدۇ. ئەگەر يۈرىكىمنى ئۇنىڭغا بەرسەم ئولىمەن، ئەگەر ئۇنىڭدىن قېچىپ يانسام بۇ دەريادا غەرق بولىمەن. مەنمۇ زادى مۇشۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلاپ باقماي، مۇشۇ تاشپاقىنىڭ ئىختىيارى بىلەن ئۆزەمنىڭ خاتىرجەمغىنا ئامانلىق ئورمانلىقىمدىن چىققانلىقىم ئۈچۈن مىڭ چەندان جازا ۋە سازاغا لايىق.

زۇلپىنى قولدىن چىقاردىم مەن قىلىپ دىۋانىلىق،
خوپ مۇناسىپ بولدى باغلانماق ماڭا زەنجىر بىلەن."

شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاشپاقىغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇ مەستۇرەنىڭ رەنجىشىنىڭ ئىلاجىنى بىلدىم. بولدى، ھېچ غەم يېمە، بىزنىڭ خوتۇنلىرىمىزمۇ ئاشۇنداق كېسەل بولۇپ قالغان چاغدا، بىز ئۇلارغا يۈرىكىمىزنى ئېلىپ بېرىمىز. بىزگە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خاپىلىق يەتمەيدۇ. بىزنىڭ ئادىتىمىزدە يۈرىكىمىزنى ئىچىمىزدىن ئالىمىز، يەنە ئورنىغا سېلىپ قويىمىز، يۈرىگە-

مىز بىزدە يوق بولغان چاغدىمۇ ئوخشاش بۇرۇنقىدەكلا تىرىكلىك قىلىۋېرىمىز. مەن دوستۇمنىڭ بالا - چاقىسىدىن ئۈنچىلىك ھەقىر توھپىنى ھەرگىزمۇ ئايىمايمەن. چۈنكى ئۇلىمالار «تۇت تائىپىدىن تۇت نەرسىنى ئايىغۇلۇق ئەمەس» دەپ ئېيتقان. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، پادىشا ئامۇخاسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىر كىمدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلسا ئۇنى بېرىش كېرەك؛ ئىككىنچىسى، ھەقلىق دەرۋىشلەر ھەققۇللاردىن بىر نەرسە تاما قىلسا ئۇلارغا ئاتا قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچىسى، شاگىرتلار ئىلىم تەلەپ قىلىپ ئۇستازلىرىدىن ھەر نىمىنى سورىسا دەرس بېرىش كېرەك؛ تۆتىنچىسى، بىر دىل - لىق دوستلارغا كېرەك بولغان نەرسە بۇ كىشىدە بار بولسا ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ شاتلىقى ئۈچۈن پىدا قىلىش كېرەك.

نىمىدۇرجان قىلمىسا تا ئۇنى جانانغا پىدا،
نە ئۈچۈن بولماس كوڭۇل دىلبەر ئاياغىغا نىسار.

ئەگەر مەنزىلىدىكى چاغدا ماڭا ئېيتقان بولساڭ ئىدى، يۈ - رىگىمنى ئۈزەم بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن بولاتتىم. نەتىجىدە مەندىن داۋا ھاسىل بولۇپ جۈپتۇڭ ساقىيىپ قالسا، ماڭا نىمە دې - گەن شەرەپ ۋە سائادەت بولاتتى - ھە! مەنمۇ يۈرىگىمدىن تازا زېرىككەن ئىدىم، شۇڭا ھەمىشە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلات - تىم. چۈنكى ماڭا ھەرقانداق غەم - ئەندىشە كەلگەن بولسا، ئۇلار - نىڭ ماكانى ئاشۇ بولدى. ئاشۇ يۈرەك يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ كاشكى، پادىشالىق، مال - مۈلكەت ۋە ئەھلى ئايالىمدىن ماڭا پەيدا بولغان خاپىلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ بىلەن بىللە يوقالغان بولاتتى.

نە بولار يارەب ئاشۇ كانى جاپانى كورمىسەم،
تەلىيى يانغان ئاشۇ بەختى قارانى كورمىسەم.

— يۈرىگىڭ نەدە قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ تاشپاقا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئاشۇ ۋەتەندە قويۇپ كەلگەن ئىدىم، — دەپتۇ مايمۇن، — چۈنكى، دوستلىرىنى كورۇشكە بارماقچى بولسا ۋە ئۇ يەردە بىر نەچچە ۋاقىت تۇرۇپ قالماقچى بولسا يۈرىكىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بارماسلىق بىز مايمۇنلارنىڭ ئادىتىمىز، چۈنكى ئۇ رەنجى مېھنەتنىڭ قاچىسى، مەككارلىق ۋە ئالدامچىلىقنىڭ ئىگىسى، ئۇ ھەر سائەت بىر ئۆزگىچە خىيال پەيدا قىلىپ، كوڭۈللۈك ئەيش-ئىشرەتنى قارا قىلىدۇ ۋە روزىگارنىڭ راھەت-پاراغىتىدىن زېرىكتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇنداق قەللاپلىقىدىن① ئۇنى قەلب دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىر ئىسكەتى يوق، ھەر دايىم باشقا جايغا مەيل قىلىدۇ.

ھەر نەپەس ئۆزگە كىشىگە مەيىل ئېتەر،
ھەردەم ئۆزگە دىلرەبا يارغا كېتەر.

مەن سېنىڭ دىدارى شەرىپىڭ ۋە سېنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭنىڭ ئەزىز جامالىرى بىلەن تۈگىمىگۈسىز پاراغەت ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ئەيش-ئىشرەت قىلىشنى كوزلەپ، يۈرىكىمنى ئۇ يەرگە تاشلاپ كەلگەن ئىدىم. لېكىن سەن ھەرگىزمۇ "مايمۇن يۈرىكى دوستۇمغا دورا بولۇپ قالغىنىنى بىلىپ، ئۇنى ئېلىپ كەلمەپتۇ" دەپ ئويلاپ قالمىغىن. سەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى دوستلۇق ۋە ساداقەتنى ياخشى بىلىسەن، شۇڭا بۇ بىخەۋەرلىكىمنى ئەپۇ قىلارسەن. ئەمما دوستلار ۋە قەدىردانلار "ئېتىقادىنىڭ سۇسلۇقىدىن يۈرىكىنى ئاياپتۇ" دەپ ئويلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەگەر قايتىپ بېرىپ ئۇنى تېپىپ كەلسەك ياخشىراق بولاتتى.

تاشپاقا دەرھال ئارقىغا قايتىپتۇ. قىرغاققا يېقىنلاشقاندا مايمۇن بىر سەكرەپلا دەرەخ بېشىغا چىقىپتۇ ۋە خەتەردىن قۇتۇلغىنىغا خۇداغا مىڭلاپ شۈكرىلەرنى بىجا كەلتۈرۈپ، بىر شاختا ئولتۇرۇپتۇ، تاشپاقا بىرەر سائەت ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ، كېيىن ۋاقىراپتۇ:

① قەللاپ — ناتوغرا ئىش قىلغۇچى، ئالدامچى.

— ھەي ئەزىز بۇرادەر! يۈرىكىڭنى پاتراق ئېلىپ چۈشكىن،
ئۇ ئاغرىقنى تىرىك كۆرۈشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ بىكار

رەھىم قىلغىن ماڭا ئەي بىرەھىم يار،
بىر قاراپ قوي ھەددىن ئاشتى ئىنتىزار.

مايمۇن كۈلۈپتۇ ۋە دەپتۇ:

— ئەھدى پەيمانىنى بىزگە كۆرگۈزدۈڭ،
مەككارلىق بىلەن ئۇنى سەن بۇزدۇڭ.

مەن ئۆمرۈمنى پادىشالىقتا ئۆتكۈزدۈم. زاماننىڭ ئىسسىق-سوغۇقنى تولا كۆردۈم. زامان ماڭا نىمە بەرگەن بولسا، ئاخىرى بەرگەنلىرىنى مەندىن قايتۇرۇۋالدى ۋە ئۆزەمنى پالاكەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ قاتارىغا قوشتى، مەن تەجرىبىلەرنىڭ پايدىسىدىن خالى قالغانلاردىن ئەمەسمەن، بەلكى پايدا ئالىدىغان چاغنى زىيان تارتىدىغان چاغدىن ياخشى ئايرىيالايمەن. بۇ سۆزۈڭدىن ۋاز كەچكىن ۋە بۇندىن كېيىن ۋاپا ھەم مۇرۇۋۋەتتىن ئېغىز ئاچما. ۋەدىسىنى ساقلىغۇچىلارنىڭ مەجلىسىدە ئولتۇرما.

سەن ۋاپا ئىسمىنى تۇتۇپ ئۇرما ئۇندىن تولا لاپ،
سەن بىلەن ۋاپا ئارىسى كەتتى ئەمدى بەك ئۇزاپ.

ئەگەر كىشى ھەر ھۈنەردە مەرتىلىك ۋە بىلەرمەنلىك سوزىنى ئېيتسا، ئۇنىڭ گوھىرىنى ياخشى ئويلانغان ۋاقتىدا تونۇغىلى بولىدۇ ۋە جوھىرىنى ئىمتىھان بوتىسى بىلەن تەجرىبە قىلىپ كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياخشىدۇر بولسا ئارادا تەجرىبىنىڭ بوتىسى،
سىنىلار ھەر بىر كوڭۈلنىڭ قارىلىق يا ساپلىقى.

تاشپاقا پەريات چېكىشكە باشلاپتۇ:
— مەندىن قانداق گۇمان قىلىۋاتىسەن! ماڭا ناھايىتى يىراق بولغان بىر ئىشنى چاپلاۋاتىسەنغۇ! مەن كوڭلۇمدە سېنىڭ رازىلىـ قىڭنىڭ خىلاپىدا ئىش قىلىشنى ئويلاپمۇ باققىنىم يوق ۋە ساڭا قەست قىلىشنى كوڭلۇمگە كەچۇرگىنىممۇ يوق. ئەگەر يۈز مىڭ جاپا تېشىنى بېشىمغا ئاتساڭمۇ ھېچ بويۇن تولغىمايمەن ۋە ئەگەر ئىلتىپاتسىزلىق تىغى بىلەن كوكسۇمنى چاك - چاك قىلىۋەتسەڭمۇ ۋەسلىڭدىن كوڭۇل ئۈزمەيمەن.
—ھەي نادان، — دەپتۇ مايمۇن، — مەن ھىلىقى تۈلكە "ئۇـ نىڭ يۈرىكى ۋە قۇلىغى يوق ئىكەن" دېگەن ئېشەككە ئوخشاش ئەـ مەسمەن.
— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ تاشپاقا.
— بىر جاڭگالغا پادىشا بولغان شىر، — دەپ ھىكايىسىنى باشـ لاپتۇ مايمۇن.

## شىر، تۈلكە ۋە ئېشەكلەرنىڭ ھىكايىسى

بىر جاڭگالغا پادىشا بولغان شىر قوتۇر بولۇپ قاپتۇ، پۈتۈن بەدىنى ناھايىتى بەك قىچىشىپ ھېچ ئەزاسىدا ماغدۇر قالماپتۇ ۋە تۈكى چۈشۈپ، ھالى خاراپ بولۇپ قالغاچقا ئوۋغا چىقالماپتۇ. ئۇـ نىڭ خىزمىتىدە بىر تۈلكە بار بولۇپ، ھەمىشە ئۇنىڭ مەرھەمەت داستىخىنىدىن ئوزۇق پارچىلىرىنى تېرىپ يەپ، شۇنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن ھايات كەچۈرىدىكەن. شىر شىكارنى تاشلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەڭلىك ۋە ئاچلىق باشلىنىپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ قوسىقى ناھايىتى بەك ئېچىپ كېتىپ، شىرغا مالامەت قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھىم، ساقسىزلىقلىرىنىڭ ئەندىشىسى بۇ ئورمان جانۋارلىرىنى مالال قىلدى ۋە زەئىپلىكلىرىنىڭ ئەسىرى ھەممە مۇلازىملا ۋە بەلكى بارلىق پۇقرالارغا يەتتى.

جىنىڭىزنىڭ غېمىدىن يوقالغۇسى يۈزمىڭ جان،
زاتىڭىزنىڭ خەتىرى قىلدى جاھاننى لەرزان.

ئىمىشقىمۇ بۇ ئىللەتكە بىر ئىلاج قىلىشنى خىيال قىلمايدىغانلا ۋە بۇ دىلنى غەش قىلىدىغان كېسەللىككە داۋا قىلىشنى پىكىر قىلمايدىغانلا!

شىر دەرت يۈزىسىدىن ناله قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:
— يۈرەككە سانچىلار مىڭلاپ تىكەن، ئەمما جىنىم چىقماس،
يۈرەك قان بولدى، ئەمما نەرە تارتساممۇ قېنىم چىقماس.
ھەي، تۈلكە! نەچچە ۋاقىتتىن بېرى غەم-غۇسىدىن قان يۇتۇۋاتىمەن، زەئىپلىكتىن تېنىم موي بولدى، ئەمما تېنىمدە بىرمۇ موي قالمىدى، بۇ مەرەزنىڭ قانداق ئىلاجىنى قىلسام بولىدىغانلىغىنى بىلمەيمەن، لېكىن بىر تەۋىپ: "بۇنىڭغا ئېشەكنىڭ قۇلىغى ۋە يۈرىگى داۋا بولىدۇ. شۇنى تېپىپ يىمەك كېرەك. ئۇندىن بولەك دورا نەپ بەرمەيدۇ" دىگەن ئىدى. مەن شۇندىن بېرى "ئۇ نەرسىنى قانداق تاپقىلى بولار ۋە ئۇنى قانداق ھىلە بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولار" دىگەن ئەندىشىگە چۈشتۈم.
— ئەگەر پەرمان قىلسىلا، مەن خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، — دەپتۇ تۈلكە.
— قانداق خىيال قىلدىڭ ۋە ھىلە دەپتىرىدىن قايسى مىكىرنى ئوقۇدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.
— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ تۈلكە، — خاتىرىمگە شۇ كەلدىكى، سىلە ئۈچۈن بۇ ئورماندىن چىقىش ياخشى ئەمەس، چۈنكى بەدەنلىرىنىڭ مويى توكۇلۇپ يالىڭاچ بولۇپ قاپتىلا، بۇ چىراي بىلەن خالايىققا كورۇنسىلە شەۋكەت ۋە ھەيۋەتلىرىگە نۇقسان ۋە زىيان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتىدۇ. مەسلىھەتىم شۇكى، سىلە تەلەپ قىلغان نەرسىنى مەن بۇ يەرگە كەلتۈرەي، سىلە ئۇنىڭ قارىنىنى يېرىپ، قايسى ئەزاسىنى خالىسىلا شۇنى يەۋەسىلە.

— ئۇنى قەيەردىن كەلتۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— بۇ يېقىن ئارىدا بىر بۇلاق بار، — دەپتۇ تۈلكە، — ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنىڭ كوپۈلۈگى خۇددى ئۇممان دېڭىزدەك، شىرىنلىكى ۋە لەتاپىتى خۇددى ئابىھاياتقا ئوخشاش.

ئۇنىڭ سۈيى تاتلىقلىغى خۇددى جان،
روشەنلىگى گويا جامالى جانان.

بىر شۈستىگەر ھەر كۈنى بىر ئىشەككە كىيىم-كېچەكلەرنى يۈكلەپ، شۇ بۇلاقتا يۇغىلى ئېلىپ كېلىدۇ. ئىشەك ئاخشامغىچە ئارىلىقتا ئاشۇ بۇلاق چۆرىسىدە ئوتلايدۇ. ئۇنى ئالداپ بۇ ئورمانلىققا ئېلىپ كەلسەم ئەجەپ ئەمەس، ئەمما پادىشاھىم شۇنى ئەسلىرىدە چىڭ تۇتۇپ ۋەدە بەرسىلە، ئۇنىڭ قولىغى بىلەن يۈرىكىنىلا يەپ، قالغان ئەزالىرىنى باشقا مۇلازىملارغا سەدىقە قىلغايلا!

شىر "پەقەت ئاشۇ ئىككى ئەزاسىنىلا يەپ، قالغان يېرىنى خۇدا يولىدا تەسەددۇق قىلىۋېتىش" ئۈچۈن ۋەدە بىرىپتۇ. تۈلكە كەگرى نەز-نېمەتلەر ھاسىل بولۇشنى كوزلەپ، خوشال خوراملىق بىلەن، ئۇ بۇلاق تەرەپكە قاراپ راۋان بولۇپتۇ ۋە ئىشەكنى يىراقتىن كورۇپلا ئۇنىڭغا تازىم ۋە ئىززەت-ئىكراملارنى كورسىتىشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئىشەككە قانچە يېقىن كەلگەنسېرى مۇلايىملىق بىلەن تازىملىرىنى شۇنچە ئاشۇرۇپتۇ ھەم قېشىغا يېقىن كېلىپ يۇمشاق سوزلىگىلى تۇرۇپتۇ.

شىرىن زۇۋان بولسا كىشى ئوزىگە رام قىلار پىلنى،
ھەيران ئەيلەپ سورەپ يۈرەر ئاڭا يۇگەن قىلىپ قىلنى.

— ئەي بۇرادەر، نىمىشقا بۇنداق ئورۇقلاپ، ئاجىزلىشىپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ تۈلكە.

— بۇ شۇستىگەر ھەممىشە مېنى ئىشلىتىدۇ، لېكىن ھالىمغا پەرۋا قىلمايدۇ. ھەلەپ غېمىدا ئورۇقلاپ كەتتىم، ئەمما، بوغۇز دىگەن نەرسىنىمۇ ماڭا راۋا كورمەيدۇ، ئومرۇمنىڭ خامىنىنى ئۇنىڭ ھاۋاسىغا سورىغان بولسامىمۇ، ماڭا بىر تۇتام سامانىمۇ بەرمەيدۇ ئەمەسمۇ.

يىللار ئوتتى تېتىماي ھىچ مەزە ھەم،
قالمىدى جىسمىمدا زەررە گوش ۋە نەم.
ئومرۇم ئىچرە كورمىدىم مەن ناتاۋان،
ئىشتىھايىم قانغىچە ئارپا - سامان.

— ھەي بىچارە، — دەپتۇ تۈلكە، — ماڭىدىغان پۇتۇڭ، تەۋرىگۈدەك قۇدرىتىڭ بار ئىكەنغۇ ئەنە، شۇنداق تۇرۇقلۇق نىمىشقا بۇ مېھنەتنى ئىختىيار قىلدىڭ ۋە بۇنداق بالاغا مۇپتىلا بولدۇڭ؟

— مەن يۇك كوتىرىش بىلەن مەشھۇرمەن، — دەپتۇ ئىشەك، — شۇڭا مەن ھەر يەرگە بارسام ماڭا مۇشەققەت يۇكىدىن خالاسلىق بولمايدۇ. يالغۇز مەنلا ئەمەس، بىزنىڭ جىنسىمىزنىڭ ئەۋلادى - ئەپرادىنىڭ ھەممىسى بۇ مېھنەت يۇكىدىن خالى ئەمەس.

ھەركىشى بىر ئوزگىچە مېھنەت گىرىپتارى ئىكەن،
ھىچكىشى راھەتتە ياتماقلىققا ئىمكان تاپمىدى.

مەن كوپ ئويلاپ ئاخىرى: "ھەر يەردە بولسامۇ بەرىبىر

www.uyghurkitap.com

چاپادىن خالى بولالمايدىكەنمەن، شۇڭا يېپىنچىلىك يۈكىنى كوتىرىپ ھەر تەرەپتە يۈرمەي، بىر كىشىنىڭ ئىشىگىدە يۈرگىنىم ئەلا» دەپ ئۇزرەمنى توختاتتىم.

— غەلەت قىپسەن، — دەپتۇ تۈلكە، — ئۆز ماكانىم مۇشۇ دەپلا جاپا-مېھنەتتە ئۆتمەك ياخشىمىكەن؟ يەر يۈزى كەڭرىچىلىك تۇرسا! ھەممە يەردە سەيلى قىلىپ يۈرۈشنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟

سەبەر قىلغىن يېرىڭ ناخۇش كورۇنسە،
باشقا يەرلەر بۇ جاي بىلەن بولماس تەڭ.
تۇرغان يېرىڭ ساڭا بولغان بولسا تار،
قىلدى جاھان ئەتراپىنى خۇدا كەڭ.

— بۇ يەردىن ئۇ يەرگە بارساممۇ يەنە شۇ نەسىۋىدىن ئارتۇق تېپىلمايدۇ، — دەپتۇ ئىشەك، — سەپەر مۇشەققىتىنى بىھۇدە چېكىش ئەقىل ئىشىدىن يىراقتۇر.

كىمكى سەۋرە ئەتسە خۇدا رىزقىن بىرۇر،
رەنج چەكمەك سەۋرىسىزلىقتىن ئىرۇر.
رىزقىنى رەززاقى بەرگەي بىسەۋەپ،
ھەر كىشىكىم قىلمىسىمۇ گەر تەلەپ.

— بۇ سوزۇڭ تەۋەككۇل مەرتىۋىسىگە لايىق سوز بولدى، — دەپتۇ تۈلكە، — ئەمما بۇ مۇقامغا ھېچكىم يېتەلمەيدۇ. خۇدايى-تائالانىڭ ئادىتى شۇنداق جارى بولۇپتۇكى، — ھەر كىشىگە بىر سەۋەپ بىلەن رىزقى يەتكۈزىدۇ، ھەر كىمگە ھەركەت ئارقىلىق مۇرادىنى بېرىدۇ. «كەسىپ قىل، كاسىپ خۇدانىڭ دوستىدۇر» دىگەن سوز بارغۇ؟ ئەگەر ئۇنساڭ سېنى بىر ئورمانزارلىققا ئېلىپ باراي، ئۇ يەرنىڭ يۈزى جاۋاھىرپۈرۈشنىڭ دۇكىنىنىڭ يۈزىدەك،

رەڭگا-رەڭ گۈللەرنىڭ تاۋلىنىشى بىلەن شۇنداق چىرايلىق بېزەلگەن، ھاۋاسى ئەتىرلارنىڭ ساندۇغىنىڭ ئىچىدەك تۈرلۈك خۇشپۇراقلار بىلەن خۇشبۇي بولغان بىر جاي.

ئەجەپ كەڭرى، گۈزەل ئورمان ئىرۇر ئۇ،
گۈل-چىچەك كوپ، ئاقار ئۇندا شىرىن سۇ.
قۇشلار ئەيلەپ دەرەخلەر ئۈزرە ئاۋاز،
گۈل كورۇپ بىر بىرىگە بولار دەمساز.

بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ سەندەك بىر ئىشەكنى مۇشۇنداق نەسىھەتلەر بىلەن ئاشۇ جەننەتكە ئوخشاش يايلاققا ئاپىرىپ قويغان ئىدىم. ھىلىغىچە پاراغەت كۈرسىسىدا ئولتۇرۇپ ئارام بىلەن ئوتلاۋاتىدۇ ۋە سالامەتلىك بېغىدا ياخشى سەمرىپ يۈرىدۇ.
ئىشقىلىپ، تۈلكە قانىچىلاپ ئەپسۇن يېلىنى دەم قىلىپ ئەپسانە ئوتىنى شۇنداق ياندۇرۇپتىكى، ئاقىۋەت مىكىر-نىيىنىي ھىلە تونۇرىدا پىشۇرۇپتۇ. خام تاما ئىشەكنىڭ ئۇ يەرگە بېرىش سوداسى جۇش ئۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:
— سېنىڭ سوزۇڭ ھەقىقى دوستلۇق ۋە شەپقەتتىن ئېيتىـ-لىۋاتىدۇ. سەندىن يۈز ئورۇمەك ۋە تولۇق مېھىر-مۇھەببەتنى يادلىتىدىغان پەرمانىڭدىن بويۇن تولغىماق جايىز ۋە راۋا ئەمەس. ھەرقانداق پەرمان بەرسەڭ جان بىلەن قوبۇل قىلىمەن.
شۇنداق قىلىپ تۈلكە ئىشەكنى باشلاپ كەپتۇ. شىر ئاچلىقنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىدىن چاچراپ قوپۇپ ئىشەككە زەخمە ئۇرۇپتۇ. لېكىن تېنى ئاجىز، كېسەل بولغانلىقىدىن ئۇنىڭغا ئەسەر يەتكۈزەلمەپتۇ. ئىشەك قېچىپ بايىقى يېرىگە بېرىپتۇ. تۈلكە شىرغا مالامەت قىلىشقا باشلاپتۇ:
— ئالدىراشتىن سىلىگە نىمە پايدا چىقتى پادىشاھىم، سەل توختىغان بولسىلا ھەم توزۇكرەك ئويلاپ بىر ئىش قىلغان بول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىلا، بۇنداق پۇشايمانلىق يۈز بەرمىگەن بولاتتى. ئىش قولدىن كەتتى مانا، ئەمدى نادامەت قىلىشتىن نىمە پايدا؟

شىر بۇ سوزدىن خىجالەتكە قاپتۇ ۋە ئوز ـ ئوزىگە: "ئەگەر ئۇنى بوش تۇتۇپتىمەن دىسەم، بىپەرۋالىقىم بىلىنىپ قالىدۇ. بەك ئىچىرقاپ كەتكەنلىكتىن ئالدىراپ كەتتىم دىسەم نەپسى يامانلىقىم ھەم سەۋرسىزلىكىم مەلۇم بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر زەئىپلىگىمدىن قۇۋۋىتىم يەتمىدى دىسەم ئاجىزلىقىمغا ئىقرار قىلغان بولىمەن. بۇ سوزلەرنىڭ ھەممىسى سەلتەنەتكە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن كورە تۈلكىگە غەزەپ ۋە قوپاللىق بىلەن جاۋاپ بىرىپ، ئۇنى بۇنداق سوزلەرنى قىلىشتىن مەنئى قىلغىنىم ياخشى" دەپتۇ ـ دە، تۈلكىگە قاراپ:

ــ ھەي بىئەدەپ! پادىشالار بىر ئىشنى قىلسا، پۇقرالارنىڭ ئۇ سىردىن خەۋەردار بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، گەپ سوراشقا نىمە ھەددى باركەن!

شاھلار بىشىدا باردۇر كوپ ئەسرار،
سىنىڭ ئۇ بىرلە نىمە ئىشىڭ بار؟

ئۇلاردىن ھەرقانداق ئىش سادىر بولغان بولسا، ئۇنىڭ ھەقىقتى ھەرگىز كوڭلىگە روشەن بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ كوڭلى تەقەززا قىلغان تەدبىرلەرنى پۇقرالارنىڭ ئەقلى ھەرگىزمۇ چۈشەنمەيدۇ. پادىشالارنىڭ سىر يۈكىنى ئۇلارنىڭ ئوزىدىن باشقا كىشى كوتىرەلمەيدۇ. ئۇ شۇنداق ئىغىر يۈككى، ئۇنىڭغا ئەقلى كامىل ۋەزىرلەرنىڭ كوڭلىدىن باشقا نەرسە بەرداشلىق بىرەلمەيدۇ. چۈنكى كەكلىكتە قارچۇغىدەك ھەيسىلە بولمايدۇ ـ دە، بۇ سوزنى قويۇپ ئىشەك يەنە كەلگۈدەك بىر ھىلە قىلغىن. بۇ خىزمىتىڭ بىلەن ماڭا ئىخلاس ۋە ئىتىقادىڭ روشەن مەلۇم بولسۇن. ئۇ چاغدا مەن ئوز دەملىكلىرىڭ ئارىسىدا ساڭا مەرھەمەت ۋە تەر ـ

بىيەت قىلىغايمەن.

تۇلكە ئىشەك قېشىغا يەنە بېرىپتۇ ۋە بارلىق خوشامەت ھەم سالام - تازىم قائىدىلىرىنى تولۇق بىجا كەلتۈرۈپتۇ، لېكىن ئىشەك ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپتۇ ۋە:

ئىسىت، رەنجى چەكمەك سەندەك يار ئۈچۈن،
جېنىمغا قەست ئەيلىگەن مەككار ئۈچۈن.

— ھەي مەككار، نابۇكار! ماڭا ئاۋال راھەت ۋە پاراغەت ۋەدىسىنى قىلدىڭ. كېيىن شىر پەنجىسى بىلەن رەنج يەتكۈزدىڭا! قانداق كىشى مۇشۇنداق ئىش قىلىدۇ - ھە!؟ — دەپتۇ.

— ھەي قەلبى پاك دوستۇم، سەن نېمىنى خىيال قىلدىڭ ۋە قانداق ئەندىشىنى كوڭلۈڭدىن كەچۈردۈڭ - ھە؟ — دەپتۇ تۇلكە ۋە سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — سەن كورگەن ئۇ نەرسە ھوكۇمالار بەرپا قىلغان تىلىسىم ئىدى. چۈنكى ئۇ ئورمانلىق ھەر تۈرلۈك لەززەتلىك غىزالار، رەڭگا - رەڭ شىرىن مىۋىلەر بىلەن تولغان. ئەگەر تىلسىم بولمىسا ئىدى، ئالەمدە بار بارلىق جانۋارلار شۇ يەرگە جەم بولۇۋالاتتى - دە، ئۇ يەردە قەددىمدىن تارتىپ ياشاۋاتقان جانىۋارلارغا يەر قىس بولۇپ قالىغان بولاتتى. ئاشۇ تىلسىم بولغانلىقى سەۋەبلىك ئوزگە ھايۋانلاردىن ھېچقايسىسى ئۇ جايغا كېلەلمەيدۇ. ئۇ يەردىكى جانۋارلار ئوز بالا - چاقىلىرى بىلەن راھەت - پاراغەت ۋە كەڭرىچىلىك دەۋرى سۈرىدۇ. بىز بىر كىشىنى دوست تۇتساق بۇ تىلسىم ھەقىقىتىنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپ قويىمىز. شۇندىن كېيىن ئۇ خەۋپ - خەتەرسىز ھالدا ئۇ ھەددى - ھېساۋى يوق نېمەتلەر ئىچىدە سەيىر قىلىدۇ.

ئېيتتى تۇلكە: "سېھىر ئىدى بىگۇمان،
شىر سۈرەتلىك كورۈنىشى ناگاھان.

www.uyghurkitap.com

مانا مەن سەندىن كىچىكمەن ھەم ھەقىر،
ئۇندا قورقماي يۈرمەن مەنمۇ ھېچبىر.
بولمىسا ئىدى ئاشۇ سۈرەت ئەگەر،
ھەممە چەررەندە تۇتاتتى ئۇندا يەر.

باشتا مېنىڭ ئېسىمدە بار ئىدى، سېنى ئاشۇ تىلىسىمدىن ئاگاھ قىلىپ قويىمەن دەپ تۇراتتىم. لېكىن سەن بىلەن مۇلاقات بولغىنىمغا بىغايەت خوشال بولۇپ كەتكەنلىكىمدىن ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ سۈرەتنىڭ بىمەنە ئىكەنلىكىنى ئۆزەڭمۇ ياخشى بىلدىڭ. ئۇ يەرگە يەنە بارايلى، مەن سېنى ياخشىلىقتىن باشقا نەرسىگە دالالەت قىلمايمەن.

بىچارە ئىشەك ئۇنىڭ ئەپسانىلىرىگە ئىككىنچى قېتىمدىمۇ گول بولۇپتۇ-دە، ھېلىقى ئورمانغا يۈزلىنىپتۇ. تۈلكە ئىلگىرىرەك كىلىپ شىرغا "ئىشەكنىڭ يەنە كەلگەنلىكى" دىن خۇشخەۋەر يەتكۈزۈپتۇ ۋە دەپتۇ:

— ئىشەكنى كورگەندە ئورۇنلىرىدىن تەۋرىمىسىلە ۋە ئۇ قاشلىرىغا ھەرقانچە يېقىن كەلسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلمىسىلا، تاكى ياخشى پۇرسەت تاپقاندا ئاندىن ئۇنىڭ ئىشىنى قىلغايلا.

شىر تۈلكىنىڭ نەسىھىتىنى قۇلاقتا تۇتۇپ، خۇددى جانسىز ھەيكەلدەك تۇرۇپتۇ.

— كەلگىن، بۇ سېھىر ھەققىتىنى ساڭا ئېچىپ كورسىتىپ بېرەي، ئۇنىڭدىن مۇتلەق ھەركەت ۋە زەرەر كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگىن، — دەپتۇ تۈلكە ئىشەككە.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپتۇ. ئىشەك گۇستاخلىق بىلەن قەدەم قويۇپ، شىرنىڭ قېشىدىكى يەرلەردىن ئوت-چوپلەرنى يېيىشكە باشلاپتۇ. لېكىن شىردىن ھېچقانداق ھەركەت كورمىگەچكە ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۆگىنىپ كېتىپتۇكى، ئۇنىڭ خەۋپىدىن پەرىشان بولغان خاتىرى تامامەن جەم بولۇپ-

تۆ ۋە بىر مەزگىل كالا قوساقلىق ئەللىتىگە گىرىپتار بولغانلىقتىن ئوت يېيىشكە شۇنچىلىك مەشغۇل بولۇپ كېتىپتۇكى، قوسىقى تويمىغۇچە باش كوتەرمەپتۇ. ئۇ ئاخىرى ناھايىتى بەك تويۇپ ئاشۇ تىلسىم ئالدىدا ئۇخلاپ قاپتۇ. شىر ئۇنىڭ غاپىل قالغانلىقىنى كورۇپ، بىردىلا قارنىنى يىرىۋېتىپتۇ، ئاندىن كېيىن شىر تۈلكىگە قاراپ:

— سەن مۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغىن، مەن بۇلاقتا بىرىپ غۇسلە قىلىپ كېلەي، ئاندىن كېيىن يۈرىكىنى ۋە قۇلىقىنى يەي، تىۋىپ شۇنداق بۇيرۇغان ئىدى، — دەپ بۇلاق بېشىغا كېتىپتۇ. تۈلكە ئېشەكنىڭ قۇلىقىنى ۋە يۈرىكىنى ئۇنىڭغا قويماي پۈتۈن يەپتۇ، چۈنكى ئۇ ئورۇق بىچارىدە ئۇلاردىن ياخشىراق گوش يوق ئىكەن. شىر غۇسلىدىن پارىغ بولۇپ قايتىپ كېلىپ، قانچە ئىزلەپمۇ ئېشەكتە يۈرەك ۋە قۇلاقنى ئەسەر تاپالماپتۇ.

— ئېشەكنىڭ ماڭا داۋا بولىدىغان ئۇ ئىككى ئەزاسى نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ تۈلكىدىن.

— ئەي پادىشاھىم! بۇ ئېشەكنىڭ قۇلىقى ۋە يۈرىكى يوق ئىدى، چۈنكى يۈرەك پەم ۋە ئىدراكنىڭ جايىدۇر، ئەگەر بۇنىڭدا يۈرەك بولىدىغان بولسا، مېنىڭ ھىيلە-مىكرىمگە ئالدانمىغان بولاتتى، ئەگەر ئاڭلاش ئەزاسى بولغان قۇلىقى بولىدىغان بولسا، مېنىڭ يالغان سوزلىرىمنى راست بىلمىگەن بولاتتى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ تۈلكە.

شىر ئۇنىڭ بۇ جاۋاۋىغا قايىل بولۇپتۇ ۋە:

— راست ئېيتىسەن، ئەگەر ئۇنىڭدا زەرەر ۋە پايدىنى ئايرىيالىغۇدەك كوڭۈل ۋە پاراسەت ھەم راست-يالغاننى ئاڭلىيالىغۇدەك قۇلاق بولىدىغان بولسا، بىر قېتىم زەخمە يېگەن يەرگە يەنە كەلمىگەن بولاتتى، — دەپتۇ.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، بىلىپ قوي، مەن قۇلاقسىز ۋە يۈرەكسىز ئەمەسمەن. سەنمۇ مىكىر دەققىلىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرنىمۇ بىكار قويمىدىڭ. مەنمۇ ئۇنى ئەقىل ۋە پەمىم بىلەن بىلىپ، خېلى ھەركەتلەرنى قىلدىم، مانا ئەمدى، مۇشكۈل بولغان ئىشىم ئاسانلىقتا ئورۇلدى. ھالاكەت يەتكەن جېنىم قايتىپ، بەدىنىمگە يېڭى ھايات بەردى.

ئەمەس ئىكەن ماڭا سېنىڭ تىغىڭ بىلەن ئۆلۈش تەقدىر،
كۆچۈك يەتمىدى ئۆلتۈرمەككە، قىلساڭمۇ كۆچەپ تەدبىر.

بۇندىن كېيىن مەندىن ئاشىنالىق تاماسىنى قىلمىغىن ۋە دوستلۇقتا قايتىش خىيالىنى خاتىرىڭگە كەلتۈرمىگىن، بىلگىنكى:

ئاي بولساڭ ئەگەر ئاسمانغا باقماسمەن،
سەرۋى بولساڭ گەر بوستانغا باقماسمەن.
تاشلىدىم مەن سېنى بولساڭمۇ گەر جان،
ياندىم مەن سېنىڭدىن بولساڭمۇ ئىمان.

— راست ئېيتىسەن، ئەمدى مېنىڭ ئىقرارىم ۋە ئىنكارىمنىڭ پەرقى قالمىدى. مەندىن ساڭا پۈتۈن ئۆمۈر ئىچىدە مەلھەم قويۇ-غىلى بولمىغۇدەك بىر جاراھەت يەتتى، مېنىڭ يۈزۈمگىمۇ ھەرگىز ئېرىتقىلى بولمىغۇدەك ھالدا بەتقىلىقلىقنىڭ دېغى چۈشتى. ئەمدى كۆڭۈل تامىغىغا پىراق زەھرىنى يۇتمىغىم ۋە ھىجران تىغىغا جان قالقىنىنى تۇتمىغىم كېرەك.

لايىقتۇر ماڭا ئۆزەمگە تىغ ئۇرماق،
تاقىيامەتكىچە قان ئىچرە تۇرماق.
كىم بېرەر مەن كەبى ئۆزىگە شىكەست،
كىم بولۇر مەن كەبى يەر ئۈستىدە پەست.
تائەبەت ئېيتساممۇ ئەگەر ئىستىغپار،
تۈگىمەس گۇنالار ئۆز زىممەمدە بار.

دەپتۇ تاشپاقا ۋە خىجالەتچىلىكتە شەرمسار بولۇپ، قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ قالغان ئۆمرى ئىچىدە ئۇ ئەزىز يار ۋە تەڭداشسىز ۋاپادار پىراقىدا:

يەتتى ئوزەمدىن ئۈزەمگە گەرچە چەكسەم ھەر جاپا،
كوپ مۇرۇۋۋەت مېھرىلىك ئىدى لېكىن يارىم ماڭا.

دەپ نالىلەرنى قىلىپ ئۆتۈپتۇ.

مانا بۇ مال - دۇنيا ھاسىل قىلىپ، ياكى بىر دوستنى قولغا كەلتۈرۈپ يەنە ئۇنى نادانلىقتىن بەربات بېرىپ قويۇپ، ھەمىشە نادامەتتە قېلىپ بېشىنى تاشقا ۋە تاشنى باشقا ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھىچ پايدا كورمىگەن كىشىلەرنىڭ داستانى. ئاقىل كىشىلەر بۇ داستان مەزمۇنىنى ئىشلىرىغا پىشىۋا قىلىشى ۋە خاھى دۇنيا ماتايى خاھى ئاخىرەت دوستى بولسۇن، تەلەپ قىلغىنى قولغا كەلسە، ئۇنى قەدىرلىشى كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق نەرسە قولدىن كەتسە، تىرىشىش بىلەن يەنە قولغا كەلمەيدۇ ھەم ئۇنىڭغا يىگەن ھەسرەت - پۇشايمانلار پايدا بەرمەيدۇ.

گەرمۇرادىڭ كەلسە قولغا سەن غەنىمەت بىل ئۇنى،
گەر قولۇڭدىن كەتسە يىگەيسەن پۇشايمان بىرلە غەم.
كوپ كىشى غەپلەتتە مالۇ پۇلنى بەربات ئەيلىدى،
قالدى پۇلسىز ئاخىرى چەكتى ھىساپسىز ھەرت - ئەلەم.
قولدىن ئايرىلغان نىمەرسە يەنە كەلمەس ئورنىغا،
ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ ياقاڭنى پارە قىلغان بىرلە ھەم.

۴

## ئالتىنچى باپ

# ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ ئاپىتى ۋە ئاچچىغى تېزلىكنىڭ زىيىنى توغرىسىدا

پادىشاھى ئالەم راي روشەن كوكۈللۈك بەرەھمەنگە خىتاپ قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

ۋاقىپ بولمىش پۈتۈن ئالەم سىرىدىن خوپ يورۇق كوڭلۈك،
ئىسىل كەشپى كارامەتلەر بايانى سوزلىگەن ئىلمىڭ.

— ئوزىنىڭ مۇرات-مەقسىدىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، غاپىللىق بىلەن ئۇنى يەنە قولدىن بېرىپ قويۇپ، ناھايىتى كوپ ھەسرەت-نادامەتتە قالغان كىشىلەرنىڭ داستانىنى بايان قىلدىڭ. ئەمدى، بىر ئىش قىلىشتا ئالدىراپ قېلىپ، تەدبىر ۋە تەپەككۇرنىڭ پايدىلىرىدىن غاپىل قالغان كىشىلەرنىڭ داستانلىرىدىن بايان قىلغىن. قېنى ئاڭلاپ باقايچۇ، ئۇلارنىڭ بۇ پەيلى بىلەن ئىشىنىڭ ئاخىرى نەگىچە بارىدۇكىن ۋە ئالدىراڭغۇلۇق ئۇرۇغىنى ئەمەل يېرىگە تېرىسا قانداقراق ھوسۇل بېرەركىن؟

شاھىنشاھنى ماختاش ئۈچۈن بەرەھمەن تىل شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي شاھىنشاھىم!

بۇ جاھاننىڭ ئىنتىزامى سەن بىلەن قىلسۇن داۋام،
ئاموٗخاسىنىڭ ھەممىسى تۇتسۇن پاناھىڭدا مۇقام.

ھەرقانداق كىشى ئىشنىڭ بىناسىنى سەۋرە ۋە چىدام ئۈستىگە قويمىسا، مۇھىم ئىشلىرىنىڭ داۋامىنى ئېغىرلىق ۋە يۇۋاشلىق بىلەن مۇستەھكەملىمىسە، ئەمىلىنىڭ ئاخىرى مالامەتكە بېرىپ توختايدۇ، ئەھۋالىنىڭ ئاقىۋىتىدە ھەسرەت - نادامىتى ئارتىدۇ. ئىنسانلار ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشىراق بولغان سۈپەت — ئاللاتائالا ئادەمنى ياراتقان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ بىلەن زىننەت بەرگەن ۋە پۈتۈن ئالەم ئەھلىگە ئۇنىڭ بەركىتىدىن شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇق بەرگەن سۈپەت — ئېغىرلىق ۋە يۇۋاشلىقتۇر.

ئەقلى كامىل كىشىلەر يۇۋاش بولۇر،
دوت كىشىلەر يامانلىق شۇملۇق قىلۇر.

"يۇۋاشلىق" دېگەن سۆز ئەرەپ تىلىدا "ھەلىم" دېيىلىدۇ. ئەگەر بۇ سۆزنىڭ باش ۋە ئاخىرىدىكى ئىككى ھەرپىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرسا "مەلھە" بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ تۈركى تىلدىكى مەنىسى "تۇز" دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى يۇۋاشلىق ھەممە خۇيلار تائامىنىڭ تۇزىدۇر. ئەگەر بىركىم ئۇز دىمەتلىكلىرىدىن ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمىگۇدەك دەرىجىدە شۇنداق ياخشى ۋە كوپ پەزىلەت ھەم ھۇنەرلەرنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ ۋە بارلىق زامان ئەھلى ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلغۇدەك شۇنداق كوپ ياخشى خۇيلارنى جەم قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ زاتىغا يەگىلىك ۋە ئالدىراڭغۇلۇق ھەمرا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ھەممە ھۇنەرلىرى خۇددى تۇزسىز تائامغا ئوخشاش بىمەزە بولۇپ، خالايىقنىڭ تەبىئىتىگە ياقمايدۇ - دە، ھېچكىم ئۇنىڭغا رىغبەت قىلمايدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سۈپىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن كېلىپ چىققان بىر ئىشتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىراڭغۇ بولماقلىق پەيلى شەيتان،
ئېغىر بولماق كەلتۈرەر لۇتپى ئېھسان.
تەڭرى مەۋجۇت ئەيلىدى بۇ جاھاننى،
ئالتە كۈندە زېمىن ھەم ئاسماننى.
قادىر ئىدى قىلسا گەر پەرۋەردىگار،
بىر دەم ئىچرە مىڭ جاھان قىلماقتا بار.
بۇ ئىش ئىدى ئىنسانغا تەلىم ئۈچۈن،
كوپ ئويلىساڭ بولغۇسى ئەقلىڭ پۈتۈن.

ھەر كىشى ئۆز ئىشلىرىدا ئىختىيار تىزگىنىنى ئالدىراڭغۇلۇق ئىلكىگە بەرسە، چوقۇم پۇشايمانغا قالىدۇ ۋە ھېساپسىز ئوكۈنسىمۇ قىلغان ھەسرىتى ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ.

ھەركىشىكىم، ئويلىماي تېزلىك بىلەن قىلسا ئەمەل،
ئاقىۋەت، قىلغان ئىشىدىن كوپ پۇشايمان قىلغۇسى.

بۇ باپقا مۇناسىپ كېلىدىغان ھېكايىلەر خەۋەرلەر سەھىپە-لىرىدە ناھايىتى كوپ يېزىپ قالدۇرۇلغان. ئۇ مىساللاردىن بىرى زاھىتنىڭ ھېكايىسىدۇر. ئۇ ئويلاپ باقمايلا بىلەرمەنلىك مەيدا-نىغا ئالدىراڭغۇلۇق پۈتنى قويدى. نەتىجىدە مولۇنىڭ ناھەق قېنىغا بۇلغاندى.

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ راي.
— بىر زاھىت، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ بەرەھمەن.

## ئالدىراڭغۇ زاھىتنىڭ ھېكايىسى

بىر زاھىت ئۇزۇن ۋاقىتلار بويتاق يۈرگەندىن كېيىن "نىكاھنىڭ سۈننەتلىك" ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماقچى بولۇپ خاھىش

قىلىپتۇ-دە، يەنە بىر زاھىتقا بۇ غەرەزىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن كې-
گەش سوراپتۇ.

— ياخشى پىكىر قىلىپسەن، — دەپتۇ ئۇ زاھىت، — چۈنكى
ئۆيلىنىش دېگەن ياخشى مەئىشەتنىڭ ئوبدانلىقىدۇر، ياخشىلىقنىڭ
كامالى ۋە دىن ئىشىنىڭ نىزامىدۇر. ئۆي ۋە مال-مۈلۈكنىڭ
كۆپىيىشى، ئائىلىنىڭ كېيىن ئەۋلاتىنىڭ ئاۋۇشى، شۇنىڭ بىلەن
كىشىنىڭ نامى ئۆچمەس بولۇشى ئەنە شۇنىڭدىن ھاسىل بولىدۇ.

ئەرگە دۆلەت چىھرىسىنى روشەن ئەتمەس ھېچقاچان،
تاكى خوتۇن يۈزى بىرلە ياقمىسا ئۆيگە چىراغ.
غەم بىلەن كۆرمىگ تەرەددۇت ئىچرە كۈن ئۆتكۈزمىگىن،
خوتۇن ئالغىن، ئىشرەت ئەتكىن، قالمىسۇن قەلبىڭدە داغ.

ئەمما شەپقەتلىك رەپىق تېپىشقا تىرىشقىن، ھەرگىزمۇ نا-
جىنىس بىلەن ھەمخانە بولۇپ قالما.

— قانداق خوتۇننى ئىختىيار قىلاي؟ — دەپ سوراپتۇ زاھىت
يەنە.

— شۇنداق خوتۇننى ئىختىيار قىلغىنكى، — دەپتۇ مەسلىھەت
بەرگەن زاھىت، — ئالىدىغان خوتۇنۇڭ "ۋەدۇد، ۋەلۇد ۋە سالىھە
بولسۇن". "ۋەدۇد" دېگىنىم، ئەرگە مېھرىۋان، ئامىراق بولسۇن
دېگىنىم، "ۋەلۇد" دېگىنىم تۇغىدىغان بولسۇن دېگىنىم، "سالىھە"
دېگىنىم نىيىتى توغرا، خىيانەتتىن يىراق بولسۇن دېگىنىم.
بۇنداق خوتۇن ھەرقانداق ئۆيگە كىرسە روشەنلىك ئۈستىگە
روشەنلىك بولىدۇ.

ئالسا ھەر كىمكى بىر ياخشى خوتۇن،
دىنۇ دۇنياسى تاپار سائادەت.
تاپار ئۆمۈرلۈك كۆڭۈل شاتلىغى،
بولسا ھەركىمگە ئاشۇنداق ئۈلپەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ــ قانداق خوتۇندىن ساقلىنىشىم كېرەك؟ ــ دەپ سوراپتۇ زاھىت.

ــ ئۈچ تائىپە خوتۇندىن ئۆزەڭنى تارتىشىڭ كېرەك، ــ دەپتۇ ھىلقى زاھىت يەنە جاۋاپ بېرىپ، ــ ئۇلار شۇكى، ھەننانە، مەننانە، ئەننانە. "ھەننانە" دىگىنىم سەن ئېلىشتىن بۇرۇن ئەرگە تەككەن بولۇپ، ئۇ ئېرىدىن تالاق ياكى ئۆلۈم سەۋىۋى بىلەن ئاجراشقانلار، ئۇلار ھەممىشە ئاۋالقى ئېرىنى يادلاپ يۈرىدۇ؛ ساڭا كوڭۈل بەرمەيدۇ. "مەننانە" دىگىنىم باي خوتۇنلار، ئۇلار ھەممىشە ئۆزىنىڭ مال - پۇلى بىلەن ساڭا مىننەت قىلىدۇ. "ئەننانە" دىگىنىم ھىلىگەر ھالدان خوتۇنلار. ئۇلار ھەممىشە ھىچقانداق كېسىلى بولمىسىمۇ سېنى كورسە خۇددى ئاغرىق كىشىدەك ۋاي سالىدۇ. بۇنداق خوتۇنلارنىڭ دىدارىغا قاراش كىشى ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر.

خوتۇن ئەگەر بولسا يامان ۋە شاللاق،
بولغۇسىدۇر ئەر ئۈچۈن خوددى دوزاخ.
كورسەتمىسۇن ھىچقاچان ئۇنى خۇدا،
خوتۇن ناملىق ئازاپتىن بەرسۇن پانا.

ــ خۇتۇننىڭ ياش قورامى قانچىلىك بولسا ياخشى بولىدۇ، ــ دەپ سوراپتۇ ئۇ يەنە.

ــ بويىغا يەتكەن ياش خوتۇن ئېلىش كېرەك، ــ دەپتۇ ئۇ زاھىت، ــ چۈنكى يېشى چوڭىيىپ قالغان ياكى قېرى خوتۇننىڭ چىرايىغا قاراۋەرسە كىشىنىڭ رەڭگى روينى كەتكۈزىدۇ. كىشىگە زەئىپلىك ۋە سۇسلۇق كەلتۈرىدۇ.

بولسا ئەگەر ھەرخۇتۇننىڭ قەددى يا،
بولغۇسىدۇر نەپەسى گوياكى ئوق.

تەنگە قىز ياخشى داۋادۇر، قىبرىسا.
قىلغۇسى خۇددى زەھەردەك جاننى يوق.

خوتۇنلارنىڭ يىگىرمە ياشقىچە بولغان مەزگىلى ئاززۇ ۋە ئۈمىت مەھلىدۇر. يىگىرمىدىن ئوتتۇز ياشقىچە بولغان ۋاقتى بولسا، تەلەپكارلار كوڭۈللىرىنىڭ راھىتى ۋە رىغبەت قىلغۇچىلار جانلىرىنىڭ لەززىتىدۇر؛ ئوتتۇزدىن تاكى قىرىققىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ-لار مال ۋە پەرزەنتىنىڭ ئىگىسى ۋە ئۇلارنىڭ غېمىنى يىگۈچى بولىدۇ. قىرىقتىن ئەللىككىچە ئارىلىقتا ئۇلار نام ۋە نومۇس پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئەللىكتىن ئوتكەن بولسا، ئۇنى قارا بالا ۋە قاتتىق ئاپەت دەپ بىلمەك كېرەككى، ئۇ چاغدا ئۇلارنى كۆز شاملى ئۇرغان باغ ۋە نۇرى ئۇچكەن چىراق قاتارىدا سانىماق كېرەك. قۇرۇغان بۇلاق ۋە بۇزۇلغان كەپە خىيال ئەتمەك كېرەك. ئۇنداق چاغدا، ئۇلار شور يەر، مىۋىسىز دەرەخ، زەھەرلىك ئىلان، نەشتەرلىك چايانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. خوتۇنلارنىڭ يېشى ئەللىكتىن ئاشقاندىن كېيىن ئۇ خۇددى ھىلىگەر زالغا ئوخشاش سېنى "ۋاي روستىمىم" دەپ تۇرۇپ ئالداپلا ئەدىۋىڭنى بېرىدۇ.

— ھوسنى جامال بابىدا قانداق بولسا بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە زاھىت.

— خوتۇنلارنىڭ تەقۋادار بولغىنى ياخشى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇ زاھىت، — ئەگەر ئۇنىڭ ئۇستىگە خۇشخۇيلۇق ۋە گۈزەللىك سائادىتى ئۇنىڭغا جەم بولغان بولسا، نۇر ئۇستىگە نۇر بولغان بولىدۇ.

ئاي يۈزۈڭ، نۇردەك جامالىڭ، ھور زاتىڭ ئەسلى پاك،
ئىككى ئالەم ئىچرە ھەر پاكىزلىقتۇر سەندە جەم.

چىرايى سەترەك بولسىمۇ، خانىماننى روناق تاپتۇرالايدىغان ۋە مېھرىۋان يار بولغان خوتۇن ئەڭ گۈزەل خوتۇندۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇۋاپىق يار ئەگەرچە بولسىمۇ سەت،
ھۆزۈرى بىرلە كوزنى روشەن ئەيلەر.
يىراق بول نامۇۋاپىق رەپىقىڭدىن،
جامالى گەرچە ئويىنى روشەن ئەيلەر.

تۇۋەندىكى بىرنەچچە بېيىت بىر بۈزرۈكۋاردىن يادىكار قالغان، ئۇنى خاتىرىدە مەھكەم ساقلىماق كېرەك.

خوتۇن ئەگەر ھوكمىڭدە بولسا تەقۋا،
دەرۋىش كەبى ئەرنىمۇ قىلۇر پاشا.
سەن غەم يېسەڭ سەن ئۇچۇن ئۇمۇ يەر غەم،
كېچە - كۈندۈز غەمگۈزار بولار ھەمدەم.
رەپىقەڭگە يار بولسا ياخشى خىسلەت،
غەم قىلمىغىن چىرايى بولسىمۇ سەت.
بولسىمۇ گەر خوتۇنىڭ يۈزى ئاپتاپ،
لېكىن بەتخۇي بولسا ئۇ شۇدۇر ئازاپ.
كورۈنۈشى بولسىمۇ ھورۇ جانان،
قەلبى ئەسكى بولغىنى بەكمۇ يامان.
ئوي ئىچىدە بولغاندىن كوڭلى بۇزغۇن،
زىندان ئىچرە بولغىنىڭ ياخشى تۇتقۇن.
سال پۇتوڭدىن ئايىغىڭ بولمىسا كەڭ،
سەپەر قىلغىن ئويدە گەر بولسا كوپ جەڭ.
خوتۇن ئەگەر غەيرىنىڭ يۈزىن كورۈپ،
ئويدىن چىقسا، گور ئىچرە ياتقىنى خوپ.

بۇ گەپلەردىن كېيىن زاھىت ناھايىتى كوپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، جىق مەسلىھەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن، بەختىنىڭ مەددىتى بىلەن بىر كاتتا قەبىلىدىن ئويلىنىپ، رۇخسارىنىڭ ئەكسى سۇبھى

يۈزىگە روشەنلىك بېغىشلايدىغان، زۇلپىنىڭ رەڭگى شام قاراڭغۇ-لۇغىغا قارىلىق بىلەن مەدەت بېرىدىغان دەرىجىدىكى گۈزەل بىر خوتۇننى قولغا كەلتۈرۈپتىكى، شىشە رەڭلىك ئاسمانىنىڭ يۈزى تېخى ئۇنداق ياخشى سۈرەتلىك گۈزەلنى ئاپتاپ ئەينىگىدىن ئۆزگە نەرسىدە كۆرمىگەن، خىيال ئەۋلىياسى بولسا پۈتۈن ئۆمرى ئىچىدە تەپەككۇر ئۇيقۇسىغا بېرىلىپمۇ تېخى ئۇنداق زىبا شەكىلنى چۈشىدە كۆرمىگەن ئىكەن. ئۇنىڭ ھوسنى:

گۈزەل يۈزۈڭ قۇياشى ئالدى جاھان ھوسنىنى،
تەۋە قىلىپ ئۆزىگە توققۇز ئاسمان ھوسنىنى.
ياراتمىدى سەرۋى ھەم گۈلنى قەددىڭ ھەم يۈزۈڭ،
ھېچ لەتاپەت گۈلشىنى ھېچبىر بوستان ھوسنىنى.

دىگەندەك شۇنداق چىرايلىق، يۈرۈش-تۇرۇشى يېقىملىق، پۈتۈن خۇي-پەيلى كۆڭۈلدىكىدەك ياراملىق ۋە ئۆزى ئەدەپلىك ئىكەن. زاھىت بۇ نېمەتكە شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن، ئۆز تائەت-ئىبادىتىنى سائەتسىرى ئاشۇرۇپ، ئۇ ھور چىراي يارى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئەيش-ئىشرەت قىلىپ، خۇدادىن ئۆزىگە پەر-زەنت تىلەيدىكەن. چۈنكى ھېچ بىر ئەقىللىق كىشى پەقەت شەھۋەت ئۈچۈنلا خوتۇن ئالمايدۇ، بەلكى سەدىقەيى جارىيەنىڭ ياخشىراغى بولغان پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن ئۆي تۇتىدۇ-دە!

ئاتا بىلەن ئانانىڭ تارتقان مۇشكۈل-جاپاسى،
ياخشى پەرزەنت كۆرۈشتىن ئىبارەتتۇر غەرىزى.

ئۇ بىرنەچچە ۋاقىت شۇ يوسۇندا ئۆتكەن بولسىمۇ مەقسەت ئەسىرىدىن ھېچنەرسە مەلۇم بولماپتۇ. زاھىت نائۈمىت بولۇپ، يالۋۇرۇش يۈزىنى تىلەك تۇپرىقىغا قويۇپ، دۇئا ئوقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىخلاس ياسىدىن ئىبتىشقا باشلاپتۇ ۋە تەلەپ يولىدا ئوز ۋۇجۇ-دىنى تامامەن ئۇنتۇپ قاپتۇ. خۇددى:

ھەر كىشى پاكلىق بىلەن قىلسا دۇئا،
ھەر مۇرادۇ مەقسىدىن بەرگەي خۇدا.
ھەر دۇئاسى گەر ئۇنى بەخۇت قىلۇر،
ئوزىدىن ئەمەس، لېكىن ھەقتىن ئىرۇر.
چۈنكى ئۇ يوق ئەتسە ئوزنى ئارىدىن،
بەس، ئىجابەت بولغۇسىدۇر تەڭرىدىن.

دىگەندەك ئۇنىڭ دۇئا-دەۋەتلىرىنىڭ ئوقى ئىجابەت نىشا-نىسىگە تېگىپتۇ-دە، ئىنايەت ئىشىگى رەھمان ئاچقۇسى بىلەن ئې-چىلىپ، زاھىتنىڭ خوتۇنى ھامىلە بولۇپتۇ. زاھىت ئۇنىڭغا خوشال بولغانلىغىدىن، بىر كۈنى خوتۇنىغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، روزىگارىمىنىڭ ئۇلپىتى! پات ئارىدا، خۇددى شاھانە گوھەردەك، زىبا تەلەتلىك بىر ئوغۇل سىنىڭ بالا ياتقۇڭ سەدىپىدىن يورۇقلۇق ساھىلىغا چىقىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ياخشى ئى-سىم ۋە كوڭۇلدىكىدەك نام قويىمەن ھەم ئۇنى تەربىيەت قىلىش ئۇچۇن تولىمۇ تىرىشىمەن، ئۇنىڭغا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە تەرىقەت ئەدەپلىرىنى تولۇق ئۇگىتىمەن، نەتىجىدە ئۇ پات پۇرسەتتە ئالى مۇقاملىق، قەدرى ئۇستۇن بۇزرۇك ۋە كارامەت ئىگىسى، ئىلھام ئىگىسى بولغان شەيخ بولۇپ يېتىشىدۇ. ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئوزىگە مۇناسىپ كەلگۈدەك ئىسىلزادە ۋە پاكىز مەستۇرە قىزدىن بىرنى نىكايىغا ئېلىپ بېرىمەن. ئۇلاردىن بىرگە نەۋرە پەيدا بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئۇلارنىڭ بەركىتىدىن بىزنىڭ نەسلىمىز باقى قالىدۇ ۋە تائەبەت نامىمىز ئوچمەيدۇ.

كەتمىگەي دەۋراندىن كىشىنىڭ نامى،
جاھاندا پەرزەنتى قالسا يادىكار.

چىققاچقا سەدەپنىڭ ئىچىدىن گوھەر،
خالايىق ئاغزىدا داڭقى يادلىنار.

— ئەي شەپقەتلىك رەپىقىم، — دەپتۇ خوتۇنى، — سەن ئېيتىۋاتقان بۇ سوزلەر جاينامازدىن چۇشمەي تەسۋى سىرىپ ئولتۇرىدىغان شەيخكە مۇناسىپ سوز ئەمەس. چۇنكى سەن پەر- زەنت ۋۇجۇتقا كەلگىنىگە جەزم قىلىۋاتىسەن. مەندە پەرزەنت پەيدا بولمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەگەر پەرزەنت بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئوغۇللۇغى نەدىن مەلۇم؟ ئەگەر ئوغۇل بولغان ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ ئومۇر كورەلىشىنى ۋە شەيخلىق جاينا- مازدا ئولتۇرالىشىنى ھەم ئۇنىڭ خوتۇن ئېلىشىنى نىمە بىلىسەن؟ سەن خۇددى خىيالپەرەس نادانلاردەك تەمەننا ئېتىغا مىنىپ، ئارزۇ مەيدانىدا يۇگۇرۇتۇۋاتىسەن، لېكىن بۇ مەيداننىڭ چېكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىگىنى ئوزەڭمۇ ئۇقمايسەن.

يۇرۇپ بولماس بۇنداق ھەۋەس بىرلە يول،
قىلىپ بولماس قۇرۇق لاق بىرلە ھىچ كار.
مىڭ كىشى ئارزۇيۇ ئارمان قىلسىمۇ،
بەرمەدى بىرىنىڭ مۇرادىن روزىگار.

سېنىڭ بۇ پىكرىڭ خۇددى ياغ بىلەن ھەسەلنى ئوزىنىڭ بېشىغا توككەن تەقۋادار كىشىنىڭ خىيالىغا ئوخشاش ئىش بولۇپ قالدى.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ زاھىت.

— بىر تەقۋادار ئەر كىشى، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ زاھىتنىڭ خوتۇنى.

www.uyghurkitap.com

## خىيالپەرەس تەقۋادارنىڭ ھېكايىسى

بىر تەقۋادار ئەر كىشى سودىگەرگە خوشنا بولۇپ، سودىگەر ھەر كۈنى ئەتىگەن - كەچتە ئۇ تەقۋادار كىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۆزى ساتىدىغان سېرىق ياغ ۋە ھەسەلدىن ئۇنىڭغا كىرگۈزۈپ تۇرىدىكەن ۋە ئۇنىڭ بارلىق ھاجىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ سودىگەرچىلىكىنىڭ پايدىسى بىلەن ئۇ دەرۋىشنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، بۇ دۇنيانىڭ مېلىنى ئۇ دۇنيا ئۈچۈن زەخىرە قىلىپ ساقلاپ قويىدىكەن.

كەلگىن ئەي باي، دەرۋىشلەر كۆڭلىنى ئال،
مالۇ زەرلەر قالماس ئاخىر قولۇڭدا.

تەقۋادار كىشى سودىگەردىن كەلگەن ياغ ۋە ھەسەلدىن ئازراغىنى يەپ، قالغىنىنى بىر شىشىگە ئېلىپ، تەكچىگە قويۇپ قويىدىكەن. ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ ئىككى شىشىسى تولۇپتۇ - دە، ئۇنى كۆرگەن تەقۋادار كىشى خىيالغا چۆمۈپتۇ: "جۇغلانغان ھەسەل ۋە ياغ ئون پاتمان چىقىدۇ. ئۇنى ساتسام ئون تەڭگىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭغا ئىككى تەڭگىدىن بەش قوي كېلىدۇ. بۇ قويلارنىڭ ھەر بىرى ئالتە ئايدا ئىككىدىن تۇغسا بىر يىلدا يىگىرمە بەش بولىدۇ. مۇشۇ تەرتىپتە ئون يىل داۋام قىلسا، ئۇلارنىڭ سانى ھەددىدىن ئاشىدۇ. بەس، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى سېتىپ ئۆي بىساتلىرى تەييار قىلىمەن ۋە بىر ئۇلۇغ خانىدانىدىن خوتۇن ئالىمەن. ئۇ خوتۇن توققۇز ئايدا مەندىن بىر ئوغۇل تۇغسا، ئۇنىڭغا ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىتىمەن. ئەمما ئۇ كىچىكلىك زەئىپلىكىدىن قۇتۇلۇپ چوڭلۇق قۇۋۋىتىگە يەتسە، مېنىڭ پەرمانىمغا ئۇنىماي بويۇن تولغىشى ئېھتىمال. ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلسا

قولۇمدىكى مۇشۇ ھاسا بىلەن مۇشۇنداق ئەدەپ بېرىشىم لازىم بولىدۇ".

تەقۋادار كىشى شۇ خىيال بىلەن ئۆزىدىن كېتىپ، مۇستەغرەق ھالدا، ھېلىقى گەردەنكەش ئوغۇل مۇشۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، ھاسىسى بىلەن ئىگىز تەكچىدىكى شىشىگە بىرنى ئۇرغان ئىكەن، شىشە سۇنۇپ ئىچىدىكى ياغ ۋە ھەسەلنىڭ ھەممىسى تۆكۈلۈپ، باش، كوز، يۈز، ساقال ۋە تونىنى پۈتۈنلەي بۇلغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا ئۇنىڭ بېشىدىن ھەممە خىيال يوقىلىپتۇ.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ئىش ئېنىق ۋە روشەن بىلىنمىگىچە، بۇنداق سوزلەرگە ئېغىز ئاچقۇلۇق ئەمەس ۋە ئەگەرمەگەر دىگەن سوزلەرنى ئېغىزغا ئالغۇلۇق ئەمەس. چۈنكى ئەگەر بىلەن مەگەرنى جۈپ قىلسا ئۇنىڭدىن تۇغۇلىدىغان پەرزەنت كاشكى بولغۇسىدۇر. ئەقىللىق كىشىلەر ئىش بىناسىنى خىيال ئاساسىغا قۇرماسلىقى ھەم ۋەسۋەسە ئىسىملىك خام ئەندىشىلەرگە كوڭلىدىن يول بەرمەسلىكى كېرەك.

سالسا ھەر ئەندىشىنى قىلدىم پەلەكنىڭ دەۋرىدىن:
"بۇ ئىشىم بۇيان كېلىپ، ئۇ ئىش ئۇيان بولغۇسىدۇر.
يا پالان ئىشنى قىلىپ تاپسام كېرەك دۇنيانى كوپ،
يا پالان ئىقلىم ئۇزە ھوكمىم راۋان بولغۇسىدۇر".
بىلدىم ئاخىر بۇ خىيالنىڭ ھەممىسى باتىل ئىكەن،
ھەر نىمەرسە بۇيرۇسا تەڭرى، ھامان بولغۇسىدۇر.

زاھىت بۇ نەسىھەتلەرنى جان قۇلىقى بىلەن قوبۇل قىلىپ، غۇزۇر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپتۇ ۋە ئۇ بىھۇدە سوزلىرى ئۈچۈن پۇشايمان يەپ خىجىل بولۇپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئاي كۈنى توشقاندا ئۇنىڭدىن بىر ياخشى كورۈنۇشلۇك ۋە كوڭۈلدىكىدەك تەلەتلىك بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ-ي، كامالەت ئەسىرى ئۇنىڭ چېھرىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كورۇنۇپ، كارامەت ئالامىتى پەشانىسىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئىكەن. بۇنى كورۇپ زاھىتنىڭ ئۇمىت گۇلى مۇرات گۇلشىنىدە تەبەسسۇم قىلىپ، خۇش بۇلبۇلى شاتلىق چىمەنىدە نەغمە سازغا چۈشۈپتۇ.

پەزلى دەرياسى ئىچىدىن بىر ئىسىل گوھەر چىقىپ،
تۇغدى نۇرلۇق يۇلتۇزىنى مۇرات ـ مەقسەت ئاسمىنى.

زاھىت خوشال بولغىنىدىن ئۆزى ۋەدە قىلغان نەزىرلەرنى قىلىپ، كىچە ـ كۈندۈز ئۇ پەرزەنىدى ـ ئەرجىمەندىنىڭ جامالىغا قاراپ، بوشۇكىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، ھەممە ئىشلىرىنى تاشلاپتۇ؛ ھەممە ھىممىتىنى ئوغلىنىڭ تەربىيىتىگە ۋە ئۇنىڭ قۇۋۋەتلىنىشىگە سەرپ قىلىشقا باشلاپتۇ.

سابادەك ھىممەت دىمىنى ئۇردۇم يۈزۈڭگە چەندان،
غۇنچەلىكتىن ئېچىلغايسەن بولۇپ گۈل كەبى خەندان.

بىر كۈنى زاھىتنىڭ خوتۇنى ھامىلىغا بارماقچى بولۇپتۇ ۋە ئوغلىنى زاھىتقا تاپشۇرۇپ ئۆزى كېتىپتۇ. زاھىت ئوغلىغا ياخشى پەرۋادارچىلىق قىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن، تۇيۇقسىز پادىشا قېشى ـ دىن بىر ئىناۋەتلىك كىشى زاھىتنى چىللاپ كېلىپ قاپتۇ ـ دە، زاھىت بارماسلىققا ھېچقانداق ئىلاج تاپالماپتۇ. زاھىت ئۆيىدە بىر مولۇن باققان بولۇپ، ئۇ مولۇن قولغا ناھايىتى بەك ئۆگىنىپ كەتكەن ئىكەن. شۇڭا ئۆي ئىگىلىرى بىر ياققا بار ـ ماقچى بولسا، ئۆيىنى شۇنىڭغا تاشلاپ كېتىۋېرىدىكەن. مولۇن ئۆيدىن ناھايىتى ئوبدان خەۋەر ئالىدىكەن ھەم ئىچكىرى تاش ـ قىرىدىكى بارلىق زىيانداش جانۋارلارنى يوق قىلىشقا تولىمۇ تىرىشىدىكەن. زاھىت ئاخىرى ئوغلىنى مولۇن بىلەن بىرگە

ئۆيدە قويۇپ، ئۆزى پادىشانىڭ ئوردىسىغا كېتىۋېرىپتۇ. زاھىت كېتىپ بىرەر سائەت ئۆتمەيلا بىر چوڭ ئىلان پەيدا بولۇپتۇ-دە، بوۋاقنىڭ بۆشۈكى تەرەپكە مېڭىپتۇ. مولۇن قارىسا، نەيزە سۆپەتلىك، خىلمۇ-خىل رەڭلىك، تېز يۈرىدىغان دۈشمەن ۋە ئاداۋەتخور رەقىپ بولغان ئۇ ئىلان گاھى ئوقتەك تۈز مېڭىپ تۆۋۈقسىزلا يادەك ئېگىلىدىكەن ۋە گاھى ئېلىپتەك قامىتىنى تۈرغۈچتە قىلىش ئۈچۈن بىر دائىرىدە يۇمىلاقلىنىدىكەن.

گاھى بولاتتى قالقان، گاھى ئۇزۇن نەيزىدەك،
گاھى كامان سۆپەتلىك ھالقىسى بوپ نامايان.
دەريا ئەمەستۇر، لېكىن باردۇر ئۇنىڭ دولقۇنى،
بۇلۇت ئەمەس بولسىمۇ چاقماق ئۇنىڭدا پىنھان.

ئىلانىنىڭ بۆشۈكتىكى ئوغۇلغا قەست قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مولۇن بىرلا سەكرەپ ئۇنىڭ كانىيىدىن مەھكەم چىشلەپتۇ-دە، ئۇنى ئەجەل دامىنىڭ ھالقىسىغا گىرىپتار قىلىپتۇ. مولۇننىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بەرىكىتىدىن ئۇ بىچارە گۆدەك ئۇ بالايى ئەزىمنىڭ خەتىرىدىن نىجات تېپىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە زاھىت قايتىپ كەپتۇ. مولۇن باشتىن-ئاياق ئىلانىنىڭ قېنىغا بۇلغانغان ئىكەن. ئۇ زاھىتنىڭ ھاسىسىنىڭ ۋە ئايىغىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاش بىلەنلا: "مەن تازا ياراملىق بىر خىزمەت قىلدىم. زاھىت مېنى مۇشۇ قان يۇقى بىلەن كۆرسە مىننەتدار بولىدۇ" دېگەن غەرەز بىلەن زاھىتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. زاھىت ئۇنىڭ قانغا بۇلانغان ئەپتىنى كۆرۈپ: "بۇ مولۇن ئوغلۇمنى يېگەن ئوخشىمامدۇ، بۇنىڭ بەدىنىدىكى قان ئوغلۇمنىڭ قېنى ئىكەن" دەپ ئويلاپ، غەزىۋىنىڭ ئوتى كۆڭلىنىڭ ئۈچىغىدا لاپىلا قىلىپ يېنىپتۇ-دە، تۈتۈنى دېمىغىنىڭ مورىسىدىن ئۆرلەپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېنىكلىكىنىڭ ئىسى خۇددى ئاپتاپنىڭ چىرايىنى بۇلۇت توس-
قاندەك ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ يۈزىنى قارا قىلىۋېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ
ھېچقانداق ئويلاپ تۇرماي ۋە تەھقىقلىمەيلا قولىدىكى ھاسا
بىلەن ئۇرۇپ مولۇننىڭ بېلىنى سۇندۇرۇپتۇ ۋە ھاسا ئۇچىدىكى
نەيزىنى مولۇننىڭ كوكرەك ساندۇغىغا تىقىپ، ئۇنى ھايات
ئىقلىمىدىن سۈرگۈن قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئوي ئىچىگە كىرىپتۇ.
قارىسا ئوغلى بوشۇك ئىچىدە ساق - سالامەت ياتقان ۋە يوغان
بىر ئىلاننىڭ ئولۈگى بىر چەتتە تۇرغان ئىكەن. بۇنى كورگەن
زاھىتنىڭ ھەيرەت يالقۇنى كوكسىدىن ئورلەپ، ھەسرەت
يامغۇرى كوزلىرى بۇلۇتىدىن يېغىپتۇ. ئۇ نالەزار قىلىپ:

بىلىڭ دوستلار، تا قىيامەت بولغىچە بىر - ئىككى ھەمدەم،
چېكىپ ئوتەر بولدۇق ئەمدى، غەم ئىلكىدە ھەسرەت - ئەلەم.

— ۋاي ئىست! بۇ ھادىسىنىڭ ئوتى ئوزرە سۇيى بىلەن
تەسكىن تاپالمايدىغان بولدى ئەمدى. بۇ ئەمەل تىغىنىڭ
جاراھىتى نادامەت مەلھىمى بىلەن شىپا تاپالمايدىغان بولدى
ئەمدى. مەن ئەجەپ بىر نامۇناسىپ ھەركەتنى سادىر قىلىپ
قويدۇما؟ مېنىڭ قولۇمدىن كەلگەن نىمىدىگەن نالايىق ئىش بۇ؟

بۇ خىجالەت بىرلە قان يۇتماق ماڭا بولغاي جازا،
بۇ ئۇيياتتىن جان بىرەر بولسام ماڭا بولغاي راۋا.

بۇ پەرزەنت يوقلۇقتىن ۋۇجۇتقا كەلمىگەن بولسىمۇ كاشكى،
ئۇنىڭ سەۋەبىدىن مېنىڭ قولۇم بىلەن بۇ ناھەق قان توكۇل-
مىگەن بولاتتى. مەن ئوز ئويۇمنىڭ پاسبانى ۋە پەرزەنتىمنىڭ
ساقچىسىنى ئوز قولۇم بىلەن بىگۇنا ئولتۈردۈم. ئەمدى خالايىققا

نېمە دەپ جاۋاپ بېرىسەن. مەخلۇقتا نېمە دەپ ئۆزرە ئېيتىسەن؟ بۇندىن كېيىن مالامەت تۇقى-لەنىتى بويىنۇمىدىن ئاجرىمايدىغان ۋە بەتناملىق رەقىمى ئەھۋالىم سەھىپىسىدىن ئۆچمەيدىغان بولدى ئەمدى.

ھەر مالامەت ئوقى كۆكسۈمنى نىشانە ئەيلىدى،
كاشكى مەندىن ئاشۇ نام-ئەمال يوقالغان بولسىچۇ؟

دەپ زار-زار يىغلاۋاتقاندا، خوتۇنى كېلىپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى تامامەن ئۇقۇپ ئۇنىڭغا مالامەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

— مەن سېنىڭ بۇنداق يامان زالىم ئىكەنلىكىڭنى بىلمىگەن ئىكەنمەن، قېرىغان ۋاقتىڭدا خۇدايتائالا ساڭا پەرزەنت ئېھسانى بەرسە، سەن ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى مۇشۇنداق ئادا قىلدىڭمۇ؟ خۇدايتائالا ئۆز پەزلى كەرىمى بىلەن سېنىڭ جىگەر بەندىڭگە ئىلان زەھرىنىڭ ئاپىتىدىن نىجات بەرگىنىگە سەن مۇشۇنداق ھەمدى سانا بىجا كەلتۈردۈڭمۇ؟

زاھىت ئاھ تارتىپتۇ ۋە خوتۇنىغا شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي جېنىمنىڭ ئۈلپىتى، ماڭا بۇنداق سۆزلەرنى ئېيتمىغىن. مەن سوئاللاردىن مالاللىقتا قالدىم ۋە جاۋاپ بېرىشكە خىجالەتتىمەن. غاپىللىق قىلىپ تەڭرىگە شۈكرى قىلىش يولىدىن تايغانلىقىمنىمۇ چۈشىنىمەن. مانا مۇشۇ ھالدىكى سەۋرسىزلىكىم ۋە ناشۈكۈرلۈكۈم بىلەن مېنىڭ ئىسمىم يا سەۋرە قىلغۇچىلار دەپتىرىدە كۆرۈنمەيدۇ ۋە شۈكرى ئېيتقۇچىلار بەتلىرىگە يېزىلمايدۇ. شۇنداق ھالدا سېنىڭمۇ ماڭا مالامەت قىلىشىڭ يارا ئۈستىگە نەشتەر ئۇرغانغا ۋە جاراھەت ئۈستىگە تۇز قۇيغانغا ئوخشاش ئىش بولدى.

مالامەت قىلغىنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنداق بىر بىلىندىكى،
قىلىچتا زەخمە ئەيلەپ يىڭنە بىرلە يەنە تىككەندەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— راست ئېيتىسەن، ئەمدى مالامەت قىلىشتىن ھېچقانداق پايدا چىقمايدۇ، — دەپتۇ خوتۇنى، — ئەمما سەن قىلغان بۇ ئىشتا، ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمانلىق بولىدىغانلىقى ۋە شەرمىسارلىق كەلتۈرىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى، يېڭىلىكنىڭ ئاقىۋىتى مەھرۇملۇق ۋە خارلىق بولىدىغانلىقى تەجرىبە قىلىندى.

ئالدىراش، بىلگىنكى شەيتان پەيلىدۇر،
تەنگە رەنج، جانغا پۇشايمان كەلتۈرۈر.

بۇ نادامەت دامىغا گىرىپتار بولغان كىشى يالغۇز سەنلا ئەمەس، بۇنىداق ھادىسە نۇرغۇن كىشىلەردىمۇ يۈز بەرگەن. ئۇلاردىن بىرى قارچۇغىسىنى ئۆلتۈرگەن پادىشا بولۇپ، ئۇمۇ نۇرغۇن يىللار ھەسرەت ئوتى بىلەن كۆڭلىنى كۆيدۈرگەن ئىكەن.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ زاھىت.

— قەدىمقى زاماندا بىر پادىشا بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ خوتۇنى.

## پادىشا بىلەن قارچۇغىنىڭ ھېكايىسى

قەدىمقى زاماندا شىكارغا ناھايىتى ئامراق بىر پادىشا بار بولۇپ، ئۇ ھەمىشە ئۇۋ قەستىگە مۇرات ئارغىمىقىنى يۈگۈرتۈپ، شىكار بويىنغا كەمەن تاشلايدىكەن. بۇ پادىشانىڭ بىر پەرۋاز بىلەن كۆيىقاپ قەلئەسىدىن سۇمرۇغنى ئىلىپ چۈ-شىدىغان بىر قارچۇغىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ قورقۇنچىسىدىن پەلەك بۈركۈتى ئاسمان ئوردىسىنىڭ توققۇزىنچى پەردىسىگە موكىدىكەن.

قانتىنىڭ شەپىسىدىن ھەر بارە،
ئاسماندىكى زوھرە بولاتتى پارە.
ھەملە قىلسا پەلەك ئەۋجىگە ئەگەر،
چەرخ بۆركۈتى ئۆزىدىن توكەتتى پەر.

پادىشا بۇ قارچۇغىسىنى تولىمۇ ياخشى كورگەچكە شىكارغا چىققان چېغىدا، تولا ۋاقىتلاردا ئوزى كوتىرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ قارچۇغىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئوۋغا چىققان ئىكەن، بىر كىيىك ئالدىدىن قېچىپتۇ. پادىشا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، شۇنداق تېز يۈرۈپتىكى، سەرسەر شامىلى ئۇنىڭغا ھەمرا بولسا، ئېتىنىڭ تۇيىقىغا ئۇلىشالمىغىدەك، خىيال خەۋەرچىسى ئۇنىڭغا ئەگەشسە، ئۇنىڭ چاڭ توپىسىنى كورەلمىگىدەك دەرىجىدە تېز چېپىپتۇ.

ئالدىراشنىڭ شەپتىنى ھەمرا بولۇپ،
يۈردى پەلەك ئېتىدىنمۇ شۇنچە تېز.

خادىم ۋە مۇلازىملىرىنىڭ بەزىسى پادىشانىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ باققان بولسىمۇ، بىرپەستە پادىشانىڭ قارىسىنى كوزدىن يوقىتىۋېتىپ قويۇشۇپتۇ. پادىشا لەشكەردىن يىراق ئۇزاپ كېتىپتۇ. ئۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەن ئىكەن. پادىشا ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىپ، قارچۇغىسىنى چاقىرىپ ئېلىپ، سۇ ئىستەپ ھەر تەرەپكە ئات يۈگۈرتۈپ يۈرۈپ، بىر تاغ ئېتىكىگە بېرىپ يېتىپتۇ. قارىسا تاغنىڭ بىر ئەگمە يېرىدىن تامچىلاپ سۇ تېمىپ تۇرغان ئىكەن. پادىشا دەرھال غىلاپتىن جامنى چىقىرىپ، ئۇ سۇغا بىر پەس تۇتقان ئىكەن جام تولۇپتۇ. ئۇنى ئەمدى ئىچمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، قولىدىكى قارچۇغا بىر تەلپۈنۈپلا قانىتىنى جامغا ئۇرغان ئىكەن، سۇ پۈتۈنلەي توكۇلۇپتۇ. پادىشانىڭ ئاچچىقى كېلىپ، جامنى يەنە تۇتۇپتۇ، جام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تولغاندا قارچۇغا ئۇنىمۇ توكۇۋېتىپتۇ. مەيىنى كورگەن بولسىمۇ تېتىيالماي تەشنا بولغان كىشىلەردەك، تەشنالىق ئىزتىرابى بىلەن تۇرغان پادىشا قارچۇغىنىڭ بۇ ھەركىتىدىن غەزەپكە كېلىپ، قارچۇغىنى تاشقا بىر ئۇرغان ئىكەن، ئولۇپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا چۇلۋۇردار يېتىپ كەپتۇ-دە، قارچۇغىنىڭ ئولۇك، پادىشانىڭ تەشنا تۇرغانلىغىنى كورۇپ، غانىجۇغىسىدىن ئاپتۇۋىنى ئېلىپ جامنى يۇيۇپتۇ ۋە پادىشاغا سۇ بەرمەكچى بولۇپتۇ.

— ھەي چۇلۋۇردار، بۇ سۇدىن تولىمۇ ئىچكىم كەلگەن ئىدى. بۇ يەردىن جام تۇتسام پات تولمايدۇ. سەن ئۇستۇن چىقىپ سۇنىڭ بېشىدىن جامنى تولدۇرۇپ چۇشكىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ پادىشا.

چۇلۋۇردار ئۇستۇن چىقىپ قارىسا، كوڭلى قاتتىق بېخىللارنىڭ كوزىدەك بىر قەترە سۇ يۇز ھەسرەت بىلەن تاشقىرى چىقىۋاتقان بىر بۇلاق بولۇپ، بىر ئەجدىھا ئاشۇ بۇلاق يېنىدا ئولۇپ ياتقان ۋە ئۇنىڭ ئېرىزىلگەن زەھىرى سۇغا قوشۇلۇپ تۇۋەنگە تامچىلاۋاتقان ئىكەن. چۇلۋۇردار ھەيران قاپتۇ ۋە سەراسىمە بولۇپ، پادىشانىڭ قېشىغا چۇشۇپ، كورگەنلىرىنى پادىشاغا تولۇق بايان قىلىپتۇ ۋە ئاپتۇۋىدىن سۇ قۇيۇپ پادىشاغا بېرىپتۇ، پادىشا سۇنى ئىچىپ بولۇپلا يىغلاشقا باشلاپتۇ.

تەشنالىقنى دەپئى قىلدى ئۇزىدىن،
ئاغزىدىن ئىچكىنى چىقتى كوزىدىن.

چۇلۋۇردار پادىشانىڭ يىغلاش سەۋەبىنى سورىغان ئىكەن، پادىشا دەرت تولغان كوڭلىدىن ھەسرەتلىك ئاھ تارتىپ:

مەندىكى غەمنى كىشىلەرگە قىلالماسمەن بايان،
تاقەت ئەيلەپ تىخى كوڭلۇمدە تۇتالماسمەن نىھان.

— مانا بۇ ۋاپادار جانىۋارنى ئۆلتۈرگىنىمگە پۇشايمان يەۋاتىمەن ھەم شۇنداق نادانلىق، ھەم سەۋرسىزلىك قىلغىنىمغا نادامەت قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ چۇلۇۋۇردار، — بۇ قارچۇغا سىزنى چوڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزغان ئىكەن ۋە بۇ مەملىكەت خەلقىنىڭ غېمىنى يېگەن ئىكەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىمىغان بولسىڭىز ۋە غەزەپ ئوتىنى يۇۋاشلىق سۈيى بىلەن ئۆچۈرگەن بولسىڭىز ھەم ھۆكۇمالارنىڭ:

ئېتىڭنى تېز چاپتۇرمىغىن ئۇنچىلا،
تىزگىنىنى تارتمىغىڭ بولغاي قىيىن.

دېگەن سۆزىدىن سىرتقا چىقمىغان بولسىڭىزمۇ بولۇپتىكەن.

— مەن بۇ نامۇناسىپ ئىشىمدىن پۇشايمان پايدا بەرمەيدىغان چاغدا، پۇشايمان قىلىپ قالدىم. ئەمدى بۇ مالامەت جاراھىتى ھېچقانداق مەلھەم بىلەن ساقايمايدىغان بولدى. تاكى تىرىكلا بولىدىغان بولسام، بۇ ھەسرەت داغى كۆڭلۈمدە ساقلىنىدىغان ۋە ئەھۋالىم يۈزىنى نادامەت تىرنىقى بىلەن تاتىلاپ ئۆتىدىغان بولدۇم-دە! بۇ ئىشنى ئۆزەم قىلدىم، ئۆزەم قىلغانغا نىمە چارە بولسۇن؟ — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ پادىشا.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۇمكى، بۇنداق ئىشلار ئالەمدە ناھايىتى كۆپ يۈز بەرگەن ۋە نۇرغۇن كىشىلەر ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ شۇملۇغىدىن نادامەت گىردابىغا چۈشۈپ، ھالاۋەت دېڭىزىغا غەرق بولغان.

گوھەرى بار بولسا كىمنىڭ زاتىدا،
ئۆپكىسىزلىك قىلمىغاي ھېچ ۋاقىتدا.

ئۆچمىغاي چىۋىن كەبى ھەرخەس بىلەن،
خەس كەبى ئۇچماس يەنە پۇدەش بىلەن.
قويسا ھەركىم ئىشقا چاقماقتەك قەدەم،
ئۆچكۈسى كوپ يورۇماي نۇرى شۇدەم.

— ئەي، جېنىمنىڭ ئارامى ۋە روھى راۋانىمنىڭ راھىتى، بۇ ھېكايە بىلەن ماڭا تەسەللى بەردىڭ ۋە يارا كوڭلۇمگە مەلھەم قويدۇڭ، مەن ئەمدى بىلدىمكى، بۇ گۇنادا مېنىڭ شېرىكلىرىم ناھايىتى كوپ ئىكەن ھەم ئۇلارنىڭ قىسسىلىرى زامان بەتلىرىگە يېزىپ قالدۇرۇلغان ئىكەن. مېنىڭ ھېكايەممۇ ھايات ۋاراقلىرىغا يېزىلىپ قالغۇسىدۇر. ئەگەر ھەر قانداق كىشى ئوز ئىشىدا غەپلەتكە ئادەتلىنىپ قېلىپ، سەۋرە قىلىش ۋە تۇختىۋېلىشنىڭ مەنپەئەتىدىن بەھرىسىز قالسا، ئۇنىڭغا بۇ ھكايە ۋە رىۋايەتلەر بىلەن ئاگاھلىق يېتىپ، ئىبرەت ھاسىل بولسۇن، — دېيتۇ زاھىت.

مانا بۇ بىر ئىشقا ئويلىماي قەدەم قويىدىغان ۋە پىكىر قىلماي قول ئۇزىتىدىغان كىشلەرنىڭ داستانى. ئەقىللىق كىشلەر بۇ تەجرىبىنى ئوزىگە پىشىۋا قىلىشى كېرەك ۋە ئوز خۇي - پەيلىنىڭ ئەيىنىگە ئاقىللارنىڭ نەسىھەتلىرى بىلەن سىر بېرىشى كېرەك. ھەممە ۋاقىتتا ئويلىنىپ ئىش قىلىش تەرىپىگە يۈزلىنىشى كېرەك ھەم ئالدىراڭغۇلۇق يولىدىن يۈز ئورۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ياخشىلىق ۋە بەخت - سائادەتنىڭ مەدەتكارلىقى ھەممىشە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ ھەم دولەت ۋە ئىقبالىنىڭ يارلىقى ئۇنىڭدىن ئاجرىمايدۇ.

كوڭۈلنىڭ تىزگىنىنى سەۋرىنىڭ ئىلكىگە تۇتقۇزساڭ،
مۇرات - مەقسەت ھوسۇلىنى تىرىشماق بىرلە ئالغايسەن.

ئالدىراڭغۇلۇق يولىغا غەپلەت ئېتىنى بۇردىما،
بولمىسا، ھالاكەت يېرىگە ئۆزەڭنى چالغايسەن.
ئالدىراش، سېنى شۇنداق يامان خەتەرگە باشلاركى،
يۈز يىللاپ چىقالماي ئۇ خەتەر ئىچىدە قالغايسەن.
يۇۋاشلىقنىڭ نىقابىنى يۈزۈڭدىن ئالمىغىن، ئالساڭ،
قاباھەتنىڭنى پۈتكۈل ئەل كورۇپ قالسا ئۇيالغايسەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# يەتتىنچى باپ

# تەدبىر ۋە ھىلە-مىكىر بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ سۈيىقەستىدىن قۇتۇلۇش كېرەكلىگى توغرىسىدا

راي بەرەھمەنگە شۇنداق دەپتۇ:

— ئويلىماي ئىش قىلىپ، ئوزىنى ھەيرانلىق ۋە نادامەت دەرياسىغا سالىغان ھەم سەۋرىسىزلىك بويىنىنى پۇشايمانلىق دامىغا ئالغان كىشىنىڭ داستانىنى ئاڭلىدىم. ئەمدى يەتتىنچى ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە، دۇشمەنلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قېلىپ، ئوزىنىڭ ھالاكەت پەنجىسىدە تۇرغانلىغىنى كورۇپ، ئۇلاردىن بىرىگە دوستلۇق قىلىپ ۋە ئوتتۇردا ۋەدە باغلىشىپ، شۇنىڭ نەتىجىسىدە دۇشمەنلەر قەستىنىڭ بالاسىدىن قۇتۇلغان كىشىلەرنىڭ قىسسىلىرىدىن بايان قىلىپ بەرگىن. بالادىن خالاسلىق تاپقاندىن كېيىن، ئوزىگە ياردەم قىلغان دۇشمىنى بىلەن قىلىشقان ۋەدىسىگە قانداق ۋاپا قىلماق كېرەك؟

— كوپىنچە، دوستلۇق ۋە دۇشمەنلىك يۈزەكى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ناھايىتى تېزلا زاۋال تاپىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بەرەھمەن، — بەزى دوستلۇق ۋە مۇھەببەت

بارا - بارا ئاز قالىدۇ، بەزى ئاداۋەتمۇ ئۆزگىرىپ شۈبھە غۇبارى كۆڭۈل لەۋھەسىدىن يوقىلىدۇ، ئالەم ئەھلىنىڭ دوستلۇغى ۋە ئاداۋىتى خۇددى باھار يامغۇرىغا ئوخشاش گاھى ياغىدۇ، گاھى توختايدۇ، ئۇ دائىمى ۋە مەزمۇت بولمايدۇ.

ھەركىم ماڭا دوستلۇقنى قىلسا بايان،
ئۇنى پىنھان دۈشمەن دەپ قىلدىم گۇمان.
خالايىقنىڭ گىنەسى ھەم مېھرىگە،
قىلچە ئىشەنچ يوقلۇغى بولغان ئايان.

بۇ زامان خەلقىنىڭ ئاشنالىق ۋە بىگانىلىقلىرى پادىشانىڭ يېقىنچىلىقى ۋە گۈزەللەرنىڭ جامالى، ياشلارنىڭ ئاۋازى ھەم خوتۇنلارنىڭ ۋاپاسى قاتارىغا كىرىدۇ. شۇنداقلا، دېۋانىلەرنىڭ ئىلتىپاتى، مەسلەرنىڭ ساخاۋىتى، ئاسلارنىڭ ئېتىقادىمۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىمىغا ئوخشاش بولۇپ، بۇلارنىڭ ھېچ بىرىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ.

بولسىمۇ بىر چوڭ سائادەت ۋەدىلەشمەك دوست بىلەن،
تۇرمىسا ئۇ ۋەدىسىگە ئوخشاي نەق قەست بىلەن.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تولا دوستلۇق يەك تەن ۋە يەك جانلىق مەرتىۋىسىگە يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۆز تېگىپ، بىر يولىلا ئۇ دۈشمەنلىككە ئايلىنىپ كېتىدۇ. تولا ئاداۋەتلەرمۇ ياخشىلىق ۋە مۇھەببەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ-دە، ئوتتۇرىدىكى نىزا مىراسى ئازغىنا سەۋەپ بىلەن يوقىلىپ، دوستلۇق بىناسى مۇستەھكەملىنىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئەقىللىق كىشىلەر ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن ئۆلپەت بولۇشنى تاشلىمايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ دوستلۇق مۇقامىغا كېلىشىدىن ئۈمىت ئۈزمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىللە، ئۇلار يەنە ھەر قانداق دوستىغا ئىشەنچ قىلىپ كەتمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ۋاپا قىلىشى مۇمكىنلىكىنى چەزمەنلەشتۈرمەيدۇ. "كىشى بىلەن ئالدىرىماي دوست بول، دۈشمەنلىككە ئالدىرىماي دۈشمەنلىك قىل" دىگەن سوزدىمۇ ئەنە شۇ مەزمۇن چىقىدۇ. بۇ گەپنىڭ مەنىسى: "بىركىم بىلەن بەك قىزغىن دوست بولۇپ كەتمىگىن، ئۇنىڭدىن ئاداۋەت پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بار. دۈشمەنلىككە دۈشمەنلىك قىلىشقىمۇ بەك ئالدىراپ كەتمىگىن، ئۇنىڭدىن دوستلۇق كېلىش ئىمكانىيىتى بار" دىگەنلىكتۇر. دوستلۇق ۋە تەرەپتارلىق، كوپىنچە، كىشىنىڭ ئۆز ـ دىكى تەمكىنلىك، خۇي ـ پەيلىنىڭ ياخشى بولۇشى ۋە گەپ سوزىنىڭ ئورۇنلۇق بولۇشىغا مەنسۇپ بولىدۇ.

بولماسلىق كېرەك دوستلۇقتا ئۇنداق،
ئىككى ئارىغا سىغمىغىدەك موي.
دۈشمەنلىكمۇ ھەم بولمىغاي ئۇنداق،
ئالالمىغىدەك مۇھەببەتتىن بۇي.
ئىككى تەرەپنى ئەيلىگەي رازى،
بولسا ھەركىمدە موتىدىلراق خۇي.

شۇنىڭ ئۇچۇن زامان ئەھلىنىڭ دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىكلىرىنىڭ ئېتىۋارى يوق. ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلايدىغان دانا كىشىلەر، بەزى ۋاقىتلاردا، ئۆزىگە نەپ يېتىشكە كوزى يەتسە، دۈشمەن بىلەن دوست بولۇشتىنمۇ قاچمايدۇ ۋە ۋاقىتنىڭ تەقەززاسىغا قاراپ، ئۆزىگە پايدىلىق بولغان ھەر قانداق ئىشنى قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ يىراقنى كورۇشى ھەم ياخشىلىقنى ئويلىشىنىڭ بەركىتىدىن ئۇلارغا دولەت ئىشىگى ئېچىلىپ، سائادەت سۇبھىسى يورۇيدۇ. بۇ ئېيتىلغان سوزلەرنىڭ مىساللىرىدىن بىرى چاشقان بىلەن مۈشۈكنىڭ قىسسىدۇر.

— ئۇ قانداق قىسسە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ راي.

— قىسسىدە بايان قىلىنىشچە، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ بەرەھمەن.

## چاشقان بىلەن مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى

بەردەغ ئورمانلىقىدا بىر دەرەخ بار بولۇپ، ئىگىزلىكتە ھەممە دەرەخلەردىن بېشى ئۈستۈن، چوڭلۇقتا بارلىق دەرەخلەردىن كاتتا، سايىسى ھەممىدىن ياخشى ئىكەن.

ھەردەرەخنىڭ كوپ بولسا مېۋىسى،
بەرگى شاخ ئارا بولۇر جىلۋىسى.

ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر چاشقان ئۇۋا تۇتقان ئىكەن. ئۇ ھېرىسخور تەبىئەتلىك، ھىلىگەر، پەملىك ۋە ھوشيار بولۇپ، بىر پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن مۈشكۈل گىرەلەرنى ئېچىۋېتىدىغان، بىردەمدىلا يۈز خىل ھىلىنى كوڭلىگە كەلتۈرۈپ بولىدىغان بىر چاشقان ئىكەن.

تاپار ئىدى مۈشكۈل ئىشقا چارىنى،
بىر نەپەستە قىلاتتى مىڭ مىكرىنى.

ئۇنىڭغا يېقىن جايدا بىر مۈشۈكمۇ ۋەتەن تۇتقان ئىكەن. ئۇلار ماكانلاشقان ئۇ جايغا ئوۋچىلار ناھايىتى كوپ كېلىدىكەن ۋە تۇزاق قۇرىدىكەن. بىر كۈنى، بىر ئوۋچى نەق ئاشۇ دەرەخ تۈۋىگە تۇزاق بېسىپتۇ ۋە بىر پارچە گوشنى ئۇ تۇزاققا بېكىتىپ قويۇپتۇ. ھىلىقى مۈشۈك تۇزاقتىن غاپىل بولۇپ قېلىپ، گوشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۇرىغىنى پۇراپ، گوشىنىڭ قېيىشقا كېلىپ چىمشىلەپ تارتىشى بىلەنلا تۇزاقنىڭ ھالقىسى ئۇنى تۇتۇپتۇ.

ھېرىس سالغاي كىشىنى دام ئىچىگە،
ھەر قانچە پاكىنمۇ ھارام ئىچىگە.
گەرچە سەن ئەقىللىق ھوشيار بولساڭمۇ،
تاشلىغاي ئاقىۋەت قاپقان ئىچىگە.

دەل شۇ چاغدا، چاشقان ئۇزۇق ئىزلەپ تۇشۇكتىن چىققان ئىكەن، ئېھتىيات كوزى بىلەن ھەرتەرەپكە نەزەر سېلىپ، تۇيۇقسىزدىن مۇشۇككە كوزى چۈشۈپ قاپتۇ. گەرچە ئۇنى كورۇش بىلەن قورقۇنچىدىن چاشقاننىڭ كوزىگە ئالەم قاراڭغۇ بولغان بولسىمۇ، لېكىن كوڭلىنى توختىتىپ ياخشى قاراپ ئۇنىڭ تۇزاققا گىرىپتار ئىكەنلىكىنى كوروپ، ئۇۋچىغا جان - دىلى بىلەن دۇئا قىلىپ، دۇشمىنىنىڭ بەندىكە چۈش - كەنلىكىگە شۇكرى ئېيتىپتۇ. ئەمما چاشقان يەنە بىر تەرەپكە قارىسا بىر مولۇن ئۇنىڭ قەستىدە تۇرغان ئىكەن. ئۇنى كورگەن چاشقان بىسەرەمجان بولۇپ، دەرەخكە قارىسا بىر قاغا شاخ ئۇستىدە ئۇنى ئالماقچى بولۇپ تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كوروپتۇ - دە، قورقۇنچىسى ۋە ئىزتىرابى تېخىمۇ ئارتىپتۇ.

ئاھ، مېنى شۇم تەلىيىم ھەركۈن كوروپ،
باشلىغاي ئۇ، قايدا ئاپەت بولسا كوپ.

شۇندا چاشقان ئويلاپ قاپتۇ: "ئەگەر ئالدىمغا ماڭسام مېنى مۇشۇك تۇتۇۋالىدۇ. ئەگەر كەينىمگە يانسام مولۇننىڭ چاڭگىلىغا چۈشىمەن. ئەگەر ئوز ئورنۇمدا تۇرىۋەرسەم، قاغا كېلىپ ئالىدۇ. بۇ بالالار ئالدىدا، قانداق قىلىمەن ئەمدى؟

بولارنىڭ خەۋپىدىن قانداق ھىلە بىلەن قۇتۇلىمەن، بۇ غۇسسىلىقى قىسسەمنى كىمگە ئېيتىمەن، بۇ دەردىمگە كىمدىن دەرمان ئىستەيمەن ئەمدى؟

ئۇشبۇ كارىم مەسلىھەتىن سورغىلى يوق ھەمدەمىم،
كوڭلۇم ئەھۋالىنى ئەرز ئەتمەككە يوقتۇر مەھرىمىم.

ھازىر ماڭا ھەممە بالالارنىڭ ئىشىگى ئوچۇق ۋە ھەممە قۇتۇلۇش قوۋۇقلىرى تاقاقلىق تۇرۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ مەن كوڭلۇمنى جەم قىلىپ، ئوزەمنى خالاسلىق يولىغا سېلىشىم كېرەك. چۈنكى روزىگار ساقىيسى گەرچە قەھرى پىيالىسىنى ئۇزاتسىمۇ، بەزىدە مەرھەمەت شارابىنىمۇ ئىچۈرۈپ قويىدۇ - دە!

بولما غەمكىن تۇرماس بىر ھالەتتە بۇ جامى بەلەك،
گاھى تۇتقاي قەھرىدىن مەي، گاھى قىلغاي مەرھەمەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن دولەت لىباسىنى كەيگىنىگە خوشال بولۇپ كۆلۈپ يۈرگەنلەرمۇ كەتمەيدىغان، مېھنەت پالىزىنى يېپىنغانلىقىدىن غەمكىن بولۇپ يىغلاپ يۈرگەنلەرمۇ كەتمەيدىغان كىشىلەر مۇستەھكەم مەرت كىشىلەر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

رەنج ۋە راھەت يەتكىنىگە بولمىغىن غەمكىن ۋە شات،
قىلماق جاھاننىڭ رەسمىدۇر گاھى غەمكىن گاھى شات.

بۇ پۈرسەتتە ماڭا ئەقىلنىڭ سايىسىدىن ياخشىراق پانا يوق ۋە دانىشمەنلىكىم ئۇستازىدىن شەپقەتلىكرەك ياردەمچى يوق. ئەگەر ھەركىشىنىڭ ئىرادىسى مۇستەھكەم بولسا، ھېچقاچان ئوزى تەرەپكە خەۋپ ۋە ھەيرانلىقنىڭ كېلىشىگە يول بەرمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەقىلسىلىق كىشىلەر: "زېرەكلەرنىڭ قەلبى دەريادەك بولۇشى كېرەك، چۈنكى دەريانىڭ كەڭلىگى ۋە چوڭقۇرلۇغىنى مولچەر ـ لىگىلى بولمايدۇ. زېرەكلەرنىڭ قەلبىمۇ ئەنە شۇنداق، ھەر قانچە سىر ـ ئەسرارلار ئۇنىڭغا يوشۇرۇنسا مەلۇم بولمىغىدەك، ھەر قانچە جاپا ۋە بالا كەلگۈنى ئۇنىڭغا كەلسە ئۇنىڭغا سىغىپ كېتىپ، باشقىلارغا ئاشكارا بولمىغىدەك بولۇشى كېرەك. بولمىسا مېھنەت يەتكەن ۋاقتىدا، ئىزتىراپ ھەم ۋەھىمە بىلەن ئەقىلنىڭ يۈزى يېپىلىپ قېلىپ، تەجرىبە ۋە تەدبىر پايدىسىلىرىدىن بەـ بەھرى قالىدۇ" دىگەن ئىكەن.

مەرت ۋە مۇستەھكەم كىشى تۈرغان يېرىدىن تەۋرىمەس،<br>
گەرچە چەرختەك چورگىلىتىپ تۈرسىمۇ دەۋران ئۇنى.<br>
بەلكى تەمكىن كۈيىقاپىدا تۇرار سۇمرۇغ بولۇپ،<br>
ئۇچماس ئۇ قۇشقاچ بولۇپ ئۇچۇرسىمۇ بوران ئۇنى.

ھەركىمەرسە ھەر كۈنى ئەندىشە قىلىۋەرسە ۋە "ئۇنىداق بولماس، مۇنداق بولماس" دەپ ۋەسۋەسىگە قېلىۋەرسە، ئۇنىڭ تەدبىرىنىڭ بىنىاسى پاسات ۋە تەپەككۇرىنىڭ بازىرى كاسات بولىدۇ ـ دە، ھەر قانچە كوڭۇل ئەينىگىگە قارىغىنى بىلەنىمۇ تەلەپ دىدارىنى كورەلمەيدۇ. ھەر قانچە ئەقىل لەۋھەسىگە نەزەر سالغىنى بىلەنىمۇ ئۇنىڭدىن مەقسەت رەقىمىنى ئوقۇيالمايدۇ. بۇ توغرىدا بىر بۈزرۈك مۇنداق دىگەن ئىكەن:

"ھەركىشى ھەر ئىشقا گەر غەيرەت بىلەن قەست قىلمىسا،<br>
ھەر قاچان ئۇنىڭ تەپەككۇر كەمەنى بولغاي ئۈزۈك.<br>
كوڭۇل تەرەددۇدى بىرلە تۈزۈلمەس ھىچ تەدبىرى،<br>
تىترىگەن سۇ ئۈزرە سۈرەت كورۇنمىگەندەك تۈزۈك."

هازىر ماڭا لايىق تەدبىر شۇكى، مۇشۇك بىلەن سۇلھى قىلىشىم كېرەك. چۈنكى ئۇ دائىما گىرىپتار بولۇپ قالغان بولغاچقا، هازىرنىڭ ئۆزىدە ماڭا مۇهتاج. ئۇ ئەگەر سوزۇمنى ئەقىل قۇلىقى بىلەن ئاڭلىسا ۋە ماڭا ئىككى يۈزلىمىلىك ھەم ھىلە ئىشلەتمىسە، ئىككىمىزنىڭ ماسلىششىمىزنىڭ بەركىتىدىن خالاسلىق تېپىلىدۇ ھەم مېنىڭ مۇشۇك بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىمنى باشقا دۈشمەنلەر كورسە، يېنىمدا ھەمرايىم بارلىقىنى كورگەندىن كېيىن، مەندىن تامايىنى ئۈزۈپ ئوز يولىغا كېتىدۇ".

مۇشۇ خىياللاردىن كېيىن چاشقان مۇشۇكنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن "ئەھۋالىڭ قانداق؟" دەپ سوراپتۇ. مۇشۇك بىچارىلىك بىلەن جاۋاپ بېرىپتۇ:

— بىھەد ئورتەندىمكى كوڭلۇم ئوتىدىن بەرگەي خەۋەر،
ئۈسسىخان لېۋىم، قۇرۇق ئاغزىم بىلەن نەملىك كوزۇم.

تېنىم مۇشەققەت بەندىگە باغلاقلىق، جېنىم مېھنەت ئوتى بىلەن داغلاقلىق.

— كوڭلۇمدە بىر مەخپى سىرىم بار ئىدى. مەن ساڭا پۇرسەت تېپىپ ئېيتالمىغان ئىدىم، — دەپتۇ چاشقان.

مۇشۇك ناھايىتى خۇرسەنلىك بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

— كوڭلۇڭگە نىمە كەلگەن بولسا تەكەللۇپسىز ئېيتىۋەرگىن، ھېچنىمىنى مەخپى تۇتما.

— بىلگىنكى، — دەپتۇ چاشقان، — مەن ھەمىشە ساڭا غەم يەتكىنىگە خوشال بولاتتىم ۋە داۋاملىق ساڭا زەرەر ۋە ئاپەت يەتسە ئىدى دىگەن ئارزۇدا ئىدىم. لېكىن بۈگۈن مەنمۇ خۇددى سەندەكلا بالاغا مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىمدىن، ساڭا دوستلۇق قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. شۇنداق قىلساق ئىككىلىمىز قۇتۇلۇشىمىز مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ غەرەز لېكىن دوستلۇقتا،
بۇ غەرەز بولغاي كېسەلگە شىپا.

مېنىڭ بۇ سوزۇمدە يالغانچىلىق ۋە خىيانەت دېگەن نەرسە يوق. سوزۇمنىڭ راستلىغىغا ئىككى گۇۋاھىم بار. بىرى، ئەنە ئاۋۇ ماراپ تۇرغان مولۇن، يەنە بىرى ئەنە دەرەخ ئۈستىدە مېنى قەستلەپ ئولتۇرغان قاغا. ئەگەر سېنىڭ يېنىڭغا كەلسەم ئۇ ئىككى دۇشمەن نائۇمىت بولىدۇ. سەن مېنى پاناھىڭغا ئالساڭ، مېنىڭمۇ غەرىزىم ھاسىل بولىدۇ، سېنىڭ بەختلىرىڭمۇ كېسىلىدۇ. بۇ ئىشتىن ئىككىمىزگە پايدا بار.

مۇشۇك بۇ سوزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەپەككۇرغا چۆ - شۈپتۇ - دە، چاشقاننىڭ سوزلىرىنىڭ ئاستىن - ئۈستىنى ئۇزۇندىن-ئۇزاق ئويلاپ باقماقچى بولۇپتۇ. چاشقان ئۇنى پەملەپ قاپتۇ ۋە ۋاقىتنىڭ زىق ئىكەنلىگىنى كورۇپ، يەنە شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي مۇشۇك! سوزۇمنى ئاڭلا ۋە قەلبىمنىڭ پاك ئىكەنلىگىدىن خەۋەردار بول. مەقسەت ھوسۇلنى يىغىشنى ئارقىغا تارتما. ئاقىل كىشى ئىشلاردا مۇجمەللىك قىلىش ۋە ساقلاپ ۋاقىتنى ئوتكۇزۇۋېتىشنى راۋا كورمەيدۇ. ھازىرقى ۋاقىت غەنىمەت. شۇڭا ئىشقا تېز كىرىشىمەك كېرەك. مەن سېنىڭ مەۋجۇتلۇغۇڭ بىلەن كوڭلۇمنى خوش قىلىمەن. سەنمۇ مېنىڭ تىرىكلىگىمدىن خوشال بولغىن. چۈنكى بىزنىڭ نىجات تېپىشىمىز بىر بىرىمىز بىلەن بولىدۇ. سەن بىلەن مەن ھازىر كېمە بىلەن كېمىچىگە ئوخشايمىز. كېمە كېمىچىنىڭ ھەركىتى بىلەن دەريا قىرغىقىغا يېتەلەيدۇ. كېمىچى كېمىنىڭ مەددىتى بىلەن سۇدىن ئوتىدۇ. سوزۇمنىڭ راستلىغىنى كېيىن چۈشىنىسەن، تېز بولغىن، پۇرسەت قولدىن كەتمىسۇن. بولمىسا ئومۇر بىزگە ئامان بەرمەسمىكىن دەپ قورقىمەن. مېنىڭ قىلغان ۋەدەمگە ئەلۋەتتە ۋاپا قىلىدىغانلىغىم ساڭىمۇ روشەن. سەنمۇ بۇ توغرىدا

بېشىڭنى ئىرغاتقىن ـ دە، بىر سۆز ئېيتقىن.

قاشلىرىڭنىڭ ئارىسىغا تىكتىم كۆز،
بىر بىشارەت بولارمىكىن ئۈندىن دەپ.

مۈشۈك چاشقاننىڭ سۆزى راست ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي چاشقان! سۆزۈڭنىڭ ھەقىقەت ۋە دۇرۇسلۇقى مەلۇم بولدى ئەمدى. مەن سۈلھە قىلىشنى قوبۇل قىلىمەن ۋە ھەقتائالانىڭ "ئۇرۇشماقتىن سۈلھە ياخشى" دېگەن ھۆكمىنى جان قۇلىقى بىلەن ئاڭلايمەن. بۇنىڭ تەپسىلى مەزمۇنى مۇنۇ بېيىت ئىچىگە سىڭدۈرۈلگەن.

سۈلھە قىلماق مۇمكىن بولسا جەڭ قىلمىغىن،
ئىززىتىڭنى ساقلا، شۆھرەت تالاشمىغىن.
جاھان خەلقى بىلەن تۈزگىن سەن مادارا،
ئۆز ئىشىڭگە ئۆزەڭ ھەرگىز ناش ئۇرمىغىن.

ئەگەر مەن بىلەن قىلغان ۋەدەڭگە ۋاپا قىلىدىغان بولساڭ، مەنمۇ سەن بىلەن ۋەدە باغلىشىمەن ۋە ئىككىمىز ۋەدىمىزگە ۋاپا قىلىمىز دەپ ئىشىنىمەن. ئەمدى ئېيتقىنا، مەن ساڭا قانداق ئىش قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟

— ساڭا يېقىن بارغىنىمدا، ماڭا ياخشى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تازىم قىلىپ، ھۆرمەت كۆرسەتكىن. سېنىڭ ئالتىپاتىڭنى دۈشمەنلەر كۆرۈپ، ئارىمىزدا مەھكەم مۇھەببەت ئەقىدىسى ئورنىتىلغانلىقىنى بىلىپ، نائۈمىت ۋە مەھرۇم بولۇپ قايتىپ كەتسە، مەن خاتىرجەملىك بىلەن سېنىڭ بەندىلىرىڭنى كېسىشكە مەشغۇل بولىمەن، — دەپتۇ چاشقان.

www.uyghurkitap.com

مۈشۈك ئۇنىڭ تاپىلاشلىرىنى قوبۇل قىلىپتۇ. چاشقان ئەنە شۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. مۈشۈك ئۇنىڭغا ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسىتىپ، مۇلايىملىق بىلەن كۆڭلىنى ئىستەپ مېھرىۋانلىق قىلىپتۇ. مولۇن بىلەن قاغا بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، چاشقاننى شىكار قىلىشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئىككىسى ئىككى تەرەپكە كېتىپتۇ. چاشقان ئۇ ئىككى دۈشمەن غېمىدىن قۇتۇلۇپ، مۈشۈكنىڭ بەنتلىرىنى كېسىشكە كىرىشىپتۇ. لېكىن ئۇ ئىشنى باشلاپلا يەنە ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ: "گەرچە بەزى دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلغان بولساممۇ، مانا بۇ مۈشۈكمۇ ماڭا بىر كاتتا بالا، ئەگەر بۇنى بوشاتسام، مۇبادا ماڭا قەست قىلسا، ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلىمەن"— دەپ ئويلاپتۇ ئۇ.

مۈشۈك ئۇنىڭ بۇ ئەندىشىسىنى پەم - پاراسەت بىلەن بىلىپ قاپتۇ ۋە: "بۇ چاشقان ئۇزۇن پىكىرگە چۆمدى، مېنى بەنتتىن ئاجراتماي قېچىپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئوخشايدۇ" دەپ قورقۇپ ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— ناھايىتى ئاستا تۇتۇش قىلىۋاتىسەنغۇ بۇرادەر، نېمە ئۈچۈن ئىتتىكرەك تەۋرىمەيسەن، ھېرىپ قالدىڭمۇ يا؟ سېنىڭ مۇرۇۋۋىتىڭنى بۇنداق بولۇر دېمىگەن ئىدىم مەن؟ سەن ئەمدى ئۆز مۇرادىڭ ھاسىل بولۇپلا، مېنىڭ توغرامدىكى ۋەدەڭنىڭ ۋاپاسىغا بوشاڭلىق قىلغىلى تۇردۇڭمۇ؟ ئۇنداق قىلمىغىن، ۋاپا دېگەن كىشىگە شۇنداق مەنپەئەتلىكتۇركى، روزىگار ئەتتارلىرىنىڭ ساندۇغىدا تېپىلمايدۇ. ۋەدىسىگە تۇرماق دېگەن شۇنداق ياخشى جاۋاھىردۇركى، زامان خەزىنىسىدە مەۋجۇت بولمايدۇ. ۋاي ئىسىت! ۋاپا دېگەن ئۇنىڭ ياخشى نامىنى ئاڭلىغىلى بولسىمۇ، ئۆزىنى كۆرگىلى بولمايدىغان سۇمرۇغدەك ئىكەن - دە! سۆزىگە تۇرماق دېگەنلىك كىشى ئۇنىڭ ھەقىقىتىدىن نىشانە تاپقىلى بولمايدىغان كىمىيادەك نەرسە ئىكەن - دە!

بۇ زامانە ئەھلىدىن گەر ئىزلىسە ھەركىم ۋاپا،
ئۇ ناداندۇر ئىستىگەندەك خۇددى سۇمرۇغ - كىمىيا.

— مەن ھەرگىزمۇ ئەھۋالىم يۈزىگە بىۋاپالىق داغىنى سالمايمەن ۋە ھەرگىز ۋەدىسىگە تۇرماسلىق نامىنى گەدىنىمگە ئالمايمەن، — دەپتۇ چاشقان، — بەلكى مەن ۋاپانىڭ ئىرادەت كەمەنى ئىكەنلىگىنى بىلىمەن ھەم ۋاپانى سائادەت يولىنىڭ ئۈزۈكى، قارا تۇپراقنى زەر قىلىدىغان كىمىيا، خىرە كۆزنى روشەن قىلىدىغان تۇتىيا دەپ بىلىمەن. ۋاپا مېڭىسى يوق باشقا تۇپراق چېچىلسۇن ئىلاھىم.

— ۋاپا دىگەننىڭ كامالەت مەھبۇبلىرىنىڭ پەردازى ۋە ھۆسنى جامال رۇخسارىنىڭ زىننىتى ئىكەنلىگىنى سەنمۇ بىلىدىكەنسەن. ھەر قانداق گۈلزاردا ۋاپا گۈلى ئۈنمەيدىغان بولسا، ھېچقاچان كۆڭۈل بۇلبۇلى ئۇنىڭ ھاۋاسىدا سايرىمايدۇ ۋە قايسى رۇخسار ۋاپا خالىدىن خالى قالغان بولسا، ھېچبىر نەزەر ئىگىسى ئۇنىڭ تەرىپىگە قارىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ:

ھەر قاچان ئۇ بىر تەرەپكە ۋاپا بىلەن قارىماس،
جەننەت ھورى بولسىمۇ گەر بىزگە ھەرگىز يارىماس.

دىگەن گەپ بارغۇ؟ شۇنداق بولغاندىن كېيىن، سەن ۋەدەڭنىڭ ھۆسنىگە ۋاپا زىۋىرى بىلەن زىبۇ-زىننەت بېرىشىڭ كېرەك، پەيمانلىرىڭنىڭ يۈزىگە مۇرۇۋۋەت خالى بىلەن پەدەز بېرىشىڭ لازىم. ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىسا ئۇنىڭغا خۇددى دىخاننىڭ خوتۇنىغا يەتكەن ھادىسىدەك ھادىسە يېتىپ قالىدۇ، — دەپتۇ مۈشۈك.

— ئۇ قانداق ھادىسە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ چاشقان.

— پارىس كەنتلىرىنىڭ بىرىدە، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ مۈشۈك.

www.uyghurkitap.com

# دىخان بىلەن ئۈنىڭ خوتۇنىنىڭ ھېكايىسى

پارىس كەنتلىرىنىڭ بىرىدە، تەجرىبىلىك ۋە پاراسەتلىك بىر دىخان بار بولۇپ، ئۇ روزىگارنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى تولا تارتقان ۋە دەۋراننىڭ مۈشكۈل ھەم ئاسان ئىشلىرىنى بىھساپ كورگەن بىر كىشى ئىكەن.

كوپنى كورۇپ ئۆزى پىشقان ئەقلى تولغان،
ئۆزى زېرەك، دانىشمەن ھەم شىرىن زۇۋان.

ئۇنىڭ بىر خوتۇنى بار بولۇپ، ئۇ ئايالنىڭ يۈزى قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتقان شامدەك، لېۋى خۇددى قىزىل مەيدەك، جامالى خۇددى باھار پەسلىدەك خىلمۇ - خىل رەڭلەر جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان، خۇددى روزىگارغا ئوخشاش مىڭلارچە ناز ۋە نەيرەڭ ئۇنىڭ خۇلقىدا كورۈنۈپ تۇرىدىغان ئايال ئىكەن.

ئۇ گۈزەلنىڭ جىسمى، گەر پۈتمىسە جان تەركىبىدىن،
سۇ بىلەن، توپىراق بىلەن پۈتمەس ئىدى ئۇنداق بەدەن.

ئۇ دىخان زىرائەتكارلىق ئىشىدا تولىمۇ كامىل ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۆز ھۈنىرىنى قىلماي سەۋرە - قانائەت بىلەن كۈن كەچۈرۈپ، تەۋەككۈل ئۇرۇغىنى خۇدا بۇيرۇغان يەرگە تېرىيدىكەن. چۈنكى ھۈنەرلىكلەرنى ئۆز ھۈنىرىدىن مەھرۇم قىلىپ، ھۈنەرسىزلەرنى مۇرات ئاستىنىغا چىقىرىش ئىككى يۈزلىمە روزىگارنىڭ ئادىتىدۇر. بۇ جاھان:

ئەگرىلەرگە قىلدى خامانى نىسىپ،
توغرىلارغا تەگمىدى لېكىن سامان.

چىۋىنلارغا يېگۈزۈپ ھەردەم شېكەر،
ھۇمايۇنغا بەردى دائىم ئۇستىخان.

بىر كۈنى ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا تەنە قىلىشقا باشلاپتۇ:

— ھەمىشە ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىلا ئولتۇرىسەن. ئەزىز ئۆمرۈڭنى مۇھتاجلىقتا ئۆتكۈزىسەن، "ھەركەت - بەركەت" دېگەن گەپنى بىلمەمسەن؟ گەرچە ھەممە ئادەمنىڭ رىزقىنى خۇدا ئۆزى بەرسىمۇ "كاسىپ كىشى خۇدانىڭ دوستىدۇر" دېگەن گەپمۇ بارغۇ؟ شۇنداق بولغاندىن كېيىن، قىلىدىغان كەسپنى رىزقىنىڭ سەۋەبى دەپ بىلىپ، كەسىپ قىلىپ تۇرۇپ، رىزقىمىزنى يەتكۈزۈپ بەرگۈچى تەڭرى تائالانىڭ ئىززەت ۋە شەۋكىتىنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇماق كېرەك - تە!

بىر كەسىپ رىزقىغا بولسىمۇ سەۋەب،
تەڭرى ئۆزى شۇ سەۋەبنىڭ ئىگىسى.

مەن سېنى كەسىپ قىلىش يولىغا قەدەم قويۇپ، ئۆز ھۈنىرىڭ بىلەن ئوزۇق - ئوقەت تاپساڭ ياخشى بولاتتى دەيمەن.

— ئەي ئەزىز يارىم، — دەپتۇ دېھقان، — دېگەنلىرىڭغۇ توغرا، مەن ئۇزۇندىن بۇيان مۇشۇ يېزىدا دېھقانچىلىق قىلىپ كەلدىم. بۇ يەردىكى ھەممە دېھقانلار مېنىڭ چاكارلىرىم ئىدى. ھالا بۈگۈنلۈكتە مېنىڭ دەسمايىلىرىم زايا بولدى ھەم زىرائەتكارلىق جابدۇقلىرى مەندە قالمىدى. چاكارلىق قىلماقتىن باشقا چارە يوق ئەمدى. مەن ئۆزەمنىڭ چاكارلىرىمغا چاكارلىق قىلىشنىڭ خارلىقى ۋە ئارىنى كوتىرەلمەيمەن.

نېمىغا باقارلارنىڭ نېمىغا باقارمەنمۇ؟
ھاممىلىمنىڭ يۈكىنى ئەمدى مەن يۈدەرمەنمۇ؟

ئەگەر كەسىپ قىلىشىم لازىم بولسا، بۇ دۇنيادىن بىر تەرەپكە كەتمىگىمىز لازىمدۇر. چۈنكى كىشىنىڭ يۇرتىدا دۆش ـ مەنگە سوز ـ چۆچەك بولمايدۇ كىشى. كەل بولمىسا، باشقا يۇرتقا بارايلى ۋە ئۇ يەردە قانداق قىلىشاق بىر ئىش قىلىپ كۈن كەچۈرەيلى.

خوتۇن پەقىرلىك ۋە يوقسىزلىقتىن قىينالغانلىقى ئۈچۈن، ۋەتەنىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش بالاسىنى ئىختىيار قىلىپتۇ ۋە ئېرى بىلەن باغدات تەرەپكە سەپەر قىلىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ ھېرىپ قېلىپ، بىر دەرەخ سايىسىدە ئارام ئاپتۇ ۋە ھەر تەرەپتىن گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ دىخان شۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەي ھورمەتلىك يارىم، بۇ غۇربەت مېھنىتىنى ئىختىيار قىلدۇق ۋە بىزنى ھېچكىم تونۇمايدىغان بىر يۇرتقا كېتىپ بارىمىز، بىزمۇ ھېچكىمنى تونۇمايمىز. خۇدايىتائالا سېنىڭ جامالىڭ سەھىپىسىنى گۈزەللىك رەقىمى بىلەن زىننەتلەپتۇ. ئۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى زالىم ياكى مەككار بولغان بولسا، سېنى زورلۇق ياكى ھىلە بىلەن مەندىن تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى ئېھتىمال. سەنمۇ ئۇلارغا مايىل بولۇپ، مەن ئاجىز ۋە زەئىپنى تاشلامسەن تېخى. خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسىزە، بۇ ۋەيران بېشىم بىلەن ھىجران ۋادىسىدە قانداق تىرىلارمەن؟

ئۇلۇمدىن قاچمغايمەن ھېچ، لېكىن قورقۇنچۇم ئاندىندۇر،
مەن ئۇلسەم ئۆزگىلەر جىسمىغا سەن بولغايمۇ سەنكىم جان.

ــ نەدىكى سوزنى ئاغزىڭغا ئېلىۋاتىسەن! كوڭلۇڭگە كەچۈرۈۋاتقان نىمە خىيال ئۇ؟

ساڭا چوره بولاي تاكى بولسام هايات،
ئۇلسەممۇ شۇ يوسۇن بىرله بولاي ۋاپات.

ئەگەر مەندە بۇ خىيال بولسا، مۇساپىرچىلىق مۇشەققىتىنى تارتىشتى ئىختىيار قىلمىغان ۋە ۋەتەندىن ئاجرىماق داغىنى دەرتمەن كۆڭلۈمگە سالمىغان بولاتتىم. بۇ ۋەدىنى مەن سېنىڭ ئۆيۈڭگە دەسلەپ كەلگەن ۋاقتىتا قىلغان ئىدىم، تاكى قىيامەتكىچە شۇ ۋەدەمدە تۇرىمەن.

ۋەدەم مەھشەر كۈنىگە ئۇزەم بىلەن بارغۇسى،
ئۇ كۈن مېنى "بىۋاپا" دېيەلمىگەي ھېچ كىشى.

ئەگەر خالايىدىغان بولساڭ مەن يېڭىدىن ۋەدە بېرەيكى، تاكى روھىمنىڭ تاۋۇسى بەدەن بېغىدا جىلۋە قىلىدىغانلا بولسا، تىلىم تۇتىسىغا شۇكرۇڭ شېكىرىدىن ئۆزگە نەرسىنى تېتىمىغايمەن. تاكى تىرىكلىك ھۇمايۇنىنىڭ سايىسى بېشىمدا بولىدىغانلا بولسا، كوڭلۇم قۇشىنى غەيرىنىڭ دامىغا چۈشۈرمىگەيمەن،— دەپ ۋەدە بېرىپتۇ خوتۇنى.

نەچچە كۈن ئىچمىسەم دەۋران ئايىقى،
سېنىڭ بىلەن مېنىڭ ۋەدەم بايىقى.

شۇنىڭ بىلەن خوتۇنىنىڭ ئەنە شۇنداق ۋەدىلەرنى قىلغىنىغا خۇشال بولغان دېھقان خاتىرىنى جەم قىلىپ، خوتۇنىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە، شىكارغا چىققان بىر شاھزادە مۇلازىملىرىدىن ئاجراپ، ئاشۇ جايغا كېلىپ قالغان ئىكەن. ئۇنىڭ نەزىرى ھىلىقى خوتۇنغا چۈشۈپتۇ. خوتۇننىڭمۇ ئۇنىڭغا كوزى چۈشۈپ قارىسا، شاھانە لىباسلارنى كىيـ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەن بىر ياش يىگىت ئاتقا مىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ جامالى قارا كېچىدە كۆز قارىغى ئۇنى كورسە كۆندۆزدىكى ئاپتاپىسكىن دەپ خىيال قىلىدىغان، رۇخسارى تولغان گۈلدەك، چاچلىرى تاۋلىنىپ تۇرغان سۇمبۇلدەك، خۇددى گويىاكى پەلەك نەققاشى ئۇز ھۈنىرى بىلەن يۈز سەھىپىسىگە ئەنبەردىن دائىرە تارتقاندەك ۋە ياكى قۇدرەت دېخىنى تەربىيەت بىلەن ھايات مۇۋسى قىرغىقىدا دىلنى ئاچىدىغان بىر گۈلزار بەرپا قىلغاندەك گۈزەل ئىكەن.

نازىنىن يار زۇلپىنى يا ماھتابانىغا بېرىپ،
ياكى ئاي-كۈن ھوسنىنى بۇ ياختى چوكانىغا بېرىپ.
قەددىنى كورگەن كىشى يېڭى تىرىكلىك تاپقىدەك،
ئابىھايات خىسلىتىنى ئاشۇ جانانىغا بېرىپ.
يارىتىپتۇ تەڭرى شۇنداق بىر نازاكەتلىك چىراي،
خۇددى ئاپتاپتەك گۈزەللىكنى ئاشۇ جانغا بېرىپ.

بۇنداق گۈزەل ۋە كوڭۈلدىكىدەك مەھبۇبنى كورۇش بىلەنلا، يىگىتنىڭ ئىشق سۇلتانى كېلىپ، ئۇ خوتۇننىڭ كوڭۇل مەملىكىتىنى سىھرلەپ ئوزىگە قارىتىپتۇ-دە، خوتۇننىڭ بەدەن ئويىنىڭ خوجايىنى بولغان ئەقلى ھەممە مىلىنى كوتىرىپ، يوقلۇق دىيارىغا كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھال تىلى بىلەن:

مەن تەرەپكە قەست قىلىپ ئات سالدىڭىزمۇ ئاتلىغىم،
جان بىلەن كوڭلۇمنى ئوۋلاپ ئالدىڭىزمۇ ئاتلىغىم.

دەپتۇ. ئۇ تەرەپتىن يىگىتمۇ قارىسا، سەنئەت پەدەزچىسى لەتاپەت ئەڭلىگى بىلەن رۇخسارىغا رەڭ بەرگەن، قۇدرەت سىر-چىسى ھۆسن ئېرىنىسى بىلەن يۈز ئەينىگىگە روشەنلىك بەرگەن بىر مەشۇقە قاراپ تۇرغان بولۇپ، ئاپتاپ نۇرى ئۇنىڭ چېھرى-

سىدىن رەشك قىلىپ پەرىشان بولغۇدەك، خوتەن ئىپارى ئۇنىڭ زۇلپىنىڭ خۇشبۇيىدىن كۆڭلىگى كېلىپ، باغرى قان بولغۇدەك دەرىجىدىكى بىر گۈزەل ئىكەن.

تېنى ھەم قەددى سەۋرى ھەم سەنەۋبەر،
جىسمى ئەزاسى لايىق تازا دىلبەر.
سۇ ئىچەتتى ئىككى كۆزىدىن جىگەر،
لەۋلىرىدىن شەرۋەت ئىچەتتى شېكەر.
لەۋلىرى گوياكى ھالۋايا ناۋات،
ھالۋا - ناۋات ئەمەستۇر ئابىھايات.

شۇنىڭ بىلەن يىگىتنىڭ جان بوينى خوتۇن مۇھەببىتىنىڭ زەنجىرىگە باغلىنىپتۇ. كوڭۇلنىڭ پۈتى ئۇنىڭ ئىشتىياق كەمەنىگە ئىلىنىپتۇ.

ئىشقىڭ ماڭا قوشۇن تارتىپ بىھىساپ،
جانۇ كوڭۇل مۇلكىنى قىلدى خاراپ.

— ھەي تولۇن ئاينىڭ قىبلىسى ۋە پەرىلەرنى رەشىك قىلدۇرغان گۈزەل، سەن كىم بولىسەن؟— دەپ سوراپتۇ يىگىت،— مەن ئاھۇلارنى شىكار قىلىش ئۈچۈن چىقىپ، سېنىڭ ئاھۇ كوزۇڭگە شىكار بولدۇمغۇ؟

قايسى جەننەت ھورى سەن؟
قايسى قۇياش نۇرى سەن؟

— ئەي دولىتى ئويغاق يىگىت!— دەپ سوغۇق ئاھ چېكىپتۇ ئۇ خوتۇن،— ئۇخلىغان بەختىمنىڭ مالدىن سوراۋاتامسەن ياكى ئويغۇسىز كوزۇمنىڭ قىسسىسىدىنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەندە جىسىم باردۇر ئۇنىڭ جانى يوق،
كوڭلۇمدە بار تولا دەرت، دەرمانى يوق.

ئۆلپىتىم مانا مۇشۇ قېرى ئادەم، كوڭلۇمدە ناھايىتى كوپ مالالىق ۋە ئەلەم، سەن مېنىڭ جامالىمنى كورگىنىڭ بىلەن مېنىڭ ھالىم مانا مۇشۇنداق، ئومرۇمدىن لەززەتسىز يۇرۇپ، قاتتىقلىق بىلەن كۇن ئوتكۇزۇۋاتىمەن.

— ئەي غەمكىن كوڭۇلنىڭ شاتلىغى ۋە ۋەيران كوڭۇلنىڭ ئاۋاتلىغى،— دەپتۇ يىگىت،— ساڭا ئوخشاش تاۋۇس قەپەزگە چۇشۇپ قالسا راۋا بولامدۇ؟ مۇشۇنداق جامال بىلەن مۇشۇ بىر قېرى ئادەمگە خوتۇن بولۇپ قالساڭ دۇرۇس بولامدۇ؟ سەن شۇنداق بىر ھوسنى خەزىنىسى تۇرۇپ، پېقىرلىق ۋە مۇھتاجلىقتا كۇن كەچۇرەمسەن؟ كەل، مەن سېنى ئىززەت تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، پۇتۇن مەملىكەتنىڭ مەلىكىسى قىلاي ۋە ھورمىتىڭنىڭ تۇغ - ئەلىمىنى ھەرەم ئۇستىدە كوتىرەي.

كەل جېنىمنىڭ راھىتى سەن بىلەن مەن،
راھەت ئويى ئىچىدە بولۇپ يەكتەن.
نازىنىن جانىڭغا مەن بىر جان قاتاي،
سەن ئۇچۇن مەن بەلكى بۇ جانىنى ساتاي.

خوتۇن بۇ ۋەدىنى ئاڭلاپ، بوۋاي بىلەن قىلىشقان ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ، ۋەدە پەيمانىسىنى بىۋاپالىق تېشى بىلەن سۇندۇرۇپتۇ - دە، يىگىتنىڭ ئىشارىسى بىلەن دىخانىنىڭ بېشىنى ئاستاغىنا توپىغا قويۇپ قويۇپ، ئالدىراشلىق بىلەن يىگىتنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىپ، ئىشەنچ قولى بىلەن ئۇنىڭ بېلىنى مەھكەم تۇتۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا دىخان ئويغىنىپ قېلىپ، بىر ئاتلىق كىشىنىڭ تۇرغانلىغىنى، خوتۇنىنىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىپ، ۋىسال قولىنى مۇرات بېلىگە

مەھكەم چاپلاپ تۇرغانلىقىنى كورۇپ، جېنىغا ئوت چۈشۈپتۇ ۋە دېمىغىدىن تۈتۈن چىقىپ:

يارىم ماڭا بىۋاپا بولدى نىتەي،
يات كىشىگە ئاشنا بولدى نىتەي.

— ھەي ۋاپاسىز! تېخى بىر سائەت ئۆتمەي تۇرۇپ ۋەدەڭنى بۇزۇپ، ماڭا مۇشۇنداق يۈزسىزلىك قىلىۋاتامسەن؟ — دەپتۇ.

— بىھۇدە ئاغزىڭنى ئۇپراتمىغىن ۋە ئەپسانە ياسىدىن ئەپسۇن ئوقىنى بىكارلا ئاتمىغىن، — دەپتۇ خوتۇن، — سەن "چىرايلىقتىن ۋاپا ئىزلىمەك تۈن ئىچىدە كۈن بىلەن ئويىنى يورۇتماقچى بولغاندەك، گۈلخان ئوتىدا گۈل ئۇرۇغىنى ئۈندۈرمەكچى بولغاندەك ئىش بولىدۇ" دىگەن سوزنى ئاڭلىمىغانمۇسەن؟ يەنە:

سورىدىم مەن: "ئەي گۈزەل، سەندە نىمىشقا مېھرى يوق"؟
ئۇ دىدى: "بىزدەك گۈزەلدە يوق ئىرۇر ئۇنداق يوسۇن"

دىگەن گەپمۇ بارغۇ؟

— ۋەدىسىدىن قايتقانلىقىنىڭ مۇكاپاتىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ۋە بىۋاپالىقىڭنىڭ شۇملۇغى تېگىپ قېلىشتىنمۇ قورقمامسەن؟ ئۇنداق ئىشنى قىلما، ئاخىرى پۇشايمان يەپ قالىسەن، — دەپتۇ ئېرى ئۇنىڭغا.

خوتۇن ئۇنىڭ سوزىگە ئەلتىپات قىلماي، شاھزادىگە قاراپ:

— تېز يۈرگىن، پىراق باياۋاندىن چىقىپ، ۋىسال مەنزىلىگە يېتەيلى! — دەپتۇ.

شاھزادە ئىلداملىقتا ئىتتىك شامالدەك ئۇنىڭغا باراۋەر كېلەلمەيدىغان، يۈگۈرۈك خىيال تېز يۈرۈشتە ئۇنىڭ چېكىگىمۇ يېتىشەلمەيدىغان:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىتتىك شامال ئەمەس ئىدى ئۇنداق تېز،
پەلەك ئۇنداق يۈرەلمەس ئىدى ھەرگىز.
كوزدىن يوقىلىشتا ئۇ خۇددى چاقماق،
شەرقتىن غەرپكە يېتەر گەر قويسا ئاياق.

تېز چاپقۇر ئېتىنى ئۇ سەھرادا يۈگۈرتۈپتۇ-دە، شۇ زامانلا دىخاننىڭ كوزىدىن غايىپ بولۇپتۇ. بىچارە دىخان "دەرت ئەھلى يولدا يۈرگەيلەر ھەمىشە ئىز بىقىپ" دىگەندەك، ھەم ھارغان، ھەم ئاچقىنىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپتۇ ۋە ئوزى بىلەن سوزلىشىپ: "خوتۇنلارنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپاسى ھەم ۋاپاسىنىڭ ئاقىۋىتى يوق ئىكەن-دە! مەن بولسام ئۇنىڭ سوزىگە ئىشەنچ قىلىپ، ۋەتەن ھەم دىيارىمنى تەرك ئەيلەپتىمەن. مانا ئەمدى يا كەيىنىمگە يانغىلى قۇۋۋىتىم يوق، يا كەينىدىن بارغىلى قۇدرىتىم يوق. ئىشىم نىمىگە سەرەنجام تېپىپ، ئەھۋالىم نىچۇك بولاركىن ئەمدى؟" دەپ ئويلاپتۇ.

يۈردۈم بۇ غەم سەھراسىدا باش-ئاياقسىز،
نە قىلايكى يوق ئىشىمنىڭ باش-ئايىغى.

ئەمما ئۇ ئاشىق بىلەن مەشۇق ئۇچ پەرسەڭچە يول يۈرۈپ، "بۇلاق سۈيى ۋە دەرەخ سايىسى بار بىر يەرگە چۈشۈپ، بىرەر سائەتچە ئارام ئالايلى ۋە يولنىڭ ھاردۇغى سەل چىققاندىن كىيىن، تۇرۇپ يەنە ئاتلىنايلى" دەپ دەرەخ سايىسىگە چۈشۈپتۇ ۋە بۇلاق بويىدا بىر دەم ئارام ئاپتۇ. ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ گىياھى يىگىت ئۇ دىلرەبانىڭ گۇلرەڭ رۇخسارىسىدىكى ئىپار زۇلپىنى كورۇپ، ياسىمەننىڭ يۈزىگە بىنەپشە گىجەكلەنگەنلىكىنى ياد ئېتىپ:

يېقىپ قارا زۇلپۇڭنى ئاق يۈزىڭە،
باغلىدىڭ سەن كۆڭدۈزلەرنى كېچىگە.

دەيدىكەن. گاھى دىلنى ئازدۇرغۇچى ئۇ نىگار ئۇ ئوغۇلـ
نىڭ زىبا قامىتىگە بېقىپ، ئۇنى ھوسنى جەننىتىدىكى قەددى
كېلىشكەن شەمشات ياكى لەتاپەت بوستانىدىكى دىلكەش سەرۋى
دەپ بىلىپ:

سېنىڭ قەددىڭنى ساز قىلماققا ئۇزنى چاغلىدى تەڭرى،
ياساپ يۈز مىڭ نازاكەت بىر بىرىگە باغلىدى تەڭرى.

دەيدىكەن.
شۇ ئەسنادا خوتۇن ھاجەتكە بارماقچى بولۇپتۇ ۋە شاھزا-
دىدىن ئەيمىنىپ يىراق بېرىپتۇ. ئەسلىدە شۇ يەرگە يېقىن جاڭـ
گال ئىچىدە بىر شىر بار بولۇپ، ئاسمان ئورمانلىقىدىكى يولـ
ۋاس ئۇنىڭ قورقۇنچىسىدىن ماڭالمايدىكەن. ئاسمان ئوكۇزى
ئۇنىڭ پەنجىسىنىڭ خەۋپىدىن پەلەك يايلىقىدا دەم ئۇرالمايدىكەن.

غەزەپ بىرلە خىرىلداپ كەلسە ئەگەر،
پەلەك شىرى قىلاتتى ئۇندىن ھەزەر.
يۈرەتتى ئۇ ھەمىشە قەھرى بىلەن،
تىرنىغىنى سۇغۇرۇپ زەھەر بىلەن.

تاسادىپەن ئۇ شىر چىقىپ قېلىپ، ھېلىقى خوتۇننى كورۇپ
قاپتۇ ۋە دەس كوتىرىپ جاڭگالغا ئېلىپ كىرىپ قارنىنى يېرىپتۇ.
دەل شۇ پەيتتە شاھزادە شىرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، شۇنداق
قاراپ، دىلبىرنى بىر ھەيۋەتلىك شىر تۇتۇپ كەتكەنلىگىنى كوـ
رۇپ ناھايىتى بەك قورقۇپ، بالانى كورۇپلا يارىسىدىن يۈز

www.uyghurkitap.com

ئورۇۋېتىۋىدە، ئېتىغا مىنىپ چېپىپتۇ. ئۇ ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي ناھايىتى تېز قېچىپ كېتىپتۇ، ھەر كىم ئۇزى تېرىغاننى ئۇزى ئورىدۇ دېگەندەك، ھېلىقى خوتۇن شىرىنىڭ چاڭگىلىدا بىۋاپالىغىنىڭ شۇملۇغىنىڭ مۇكاپاتىنى كورگىلى تۇرۇۋېتىۋ. شۇ ئەسنادا، دېھقان ئۇلارنى قوغلاپ، يىقىلىپ قوپۇپ يۇرۇپ، بولاق بېشىغا كەپتۇ، لېكىن ئۇلاردىن ھېچ ئەسەر تاپالماي پەريات چېكىپ:

كەتتى يار دەردىمگە ھېچ قىلماي داۋا،
ۋەدىلەرنىڭ بىرىگە قىلماي ۋاپا.

— ۋا دەرىخا! پىراق قاراڭغۇلۇغى ۋىسال يورۇقلۇغىنىڭ يۇزىنى ياپتى. شاتلىق باھارى بىۋاپالىق كوزىگە ئالماشتى.

شامى پۇرقەت ئىچرە قالدىم ماھى تابانىم قېنى؟
بۇ ئولۇك جىسمىمنى تىرگۇزمەك ئۇچۇن جانىم قېنى؟

دەپ ناھايىتى كوپ يىغلاپ، بىھېساپ ناللەرنى قىلغاندىن كېيىن، خوتۇنىنىڭ ئىزى جاڭگاللىق تەرەپكە كەتكەنلىگىنى كورۇپ قاپتۇ ۋە ئىزلەپ بېرىپ، ھېلىقى يەرگە بېرىپ قاپتۇ. قارىسا شىر ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ قارنىنى يېرىپ، بەزى ئەزالىرىنى يەپ، بەزى ئەزالىرىنى شۇ يەرگە تاشلاپ قويغان ئىكەن. ئۇنىڭ يۇزى ساق قالغان ئىكەن. دېھقان شۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئوز خوتۇنى ئىكەنلىگىنى تونۇپ، سەراسىمگە چۇشۇپ "بۇنىڭغا ئوزىنىڭ بىۋاپالىغىنىڭ شۇملۇغى يېتىپتۇ"، دەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر دەم ھەيرانلىق كوزى بىلەن قاراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چەككەن مېھنىتى ۋە ئوزىنىڭ غۇربىتىگە قاتتىق ھۇ تارتىپ يىغلاپتۇ.

يەتتى پەريادى تا سۇرەيياغا،
يېشى قوشۇلدى ئېقىپ دەرياغا.

بۇ مەسەلىنىڭ پايدىسى شۇكى، ھەر كىشى ئەگەر ۋاپا رىشتىسىنى قولىدىن بەرسە، ئۇقۇبەت كىشىنىنى پۇتىغا سالغان بولىدۇ ۋە جېنىنىڭ بويىنىنى بالا بويۇنتۇرۇغىغا ئالغان بولىدۇ.

ھەر كىمسە ئەگەر بولسا بىۋاپا،
كەلگۈسى ئاڭا بىھساپ بالا.

— ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىش ۋە ھىلە ئىشلىتىشنىڭ ياخشى كىشىلەرگە ياراشمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم،— دەپتۇ چاشقان،— ماڭا ھازىر سىزنىڭ دوستلۇغۇڭىزنىڭ مەنپەئەتى يەتتى، شۇنىڭ سەۋەبىدىن دۈشمەنلەرنىڭ تامايىسى مەندىن ئۈزۈلدى. بۇ ياخشىلىقىڭىزنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىش ماڭا ۋاجىپ بولدى. شۇڭا مەن سىزنىڭ بەنتلىرىڭىزنى كېسىمەن. ئەمما كۆڭلۈمگە بىر پىكىر كېلىپ قالدى ۋە بىر ئەندىشىنى ئويلاپ قالدىم. تاكى كۆڭلۈمنىڭ ئەينىكىدىن ئاشۇ غۇبار كۆتۈرۈلمىسە سىزنىڭ بەنتلىرىڭ كېسەلمەيدۇ.

— مەلۇم بولۇشىچە، مەندىن ۋەھىمە قىلىدىغان ئوخشايسەن،— دەپتۇ مۈشۈك،— ۋاھالەنكى، مەن ساڭا زەرەر يەتكۈزمەسلىككە ۋەدە بەرگەن ئىدىم. ئۇ ۋەدەمنى سۇندۇرۇشۇم مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگىن. ئارىمىزدا كونا ئاداۋەت بار بولغان بولسىمۇ، ئەمدى يېڭى ئىخلاس پەيدا بولۇش بىلەن، ئۇ ئاداۋەت پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، ھىلە-مىكىر تەرەپكە مايىل بولۇپ قالما؛ رۇخسارىڭ ئەينىكىنى ئالدامچىلىق ۋە مەككارلىق زەنگارى بىلەن قارايتىپ، ئەيىپلىك قىلىپ قويما.

ساپ تۇتقىن دىل ئەينىكىڭنى ئاڭا ساپلىق ياخشىدۇر،
بۇزمىغىن ئەھدىڭنى، ئەھدىڭە ۋاپالىق ياخشىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەزىرى پاك كىشى ئەگەر بىر كىمدىن ياخشىلىق كۆرسە، ئىخلاس مەيدانىغا قەدەم قويۇپ، دوستلۇق ئەلىمىنى ئاسمان ئەۋجىگە كۆتىرىشى ۋە مۇرۇۋۋەت كۈچىنى داۋاملىق راستچىللىق ئېقىنىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇشى، ئەگەر كۆڭلىگە ئەندىشە داغدۇغىسى چۈشسە ئۇنى دەرھال ئۇنتۇشى ۋە خىيالىغا كەلتۈرمەسلىگى كېرەك. بىلمەك كېرەككى، بىۋاپالىقنىڭ ئاقىۋىتى شۇملۇق ۋە خارلىقتۇر. يالغان قەسەم قىلماق ئۆمۈرنىڭ راۋاجىنى ۋەيران قىلىدۇ ۋە ۋەدىگە تۇرماسلىق تىرىكلىكنىڭ ئىمارىتىنى يىقىتىدۇ.

كىشى خۇددى دەرەخ بولسا، ۋەدە يىلتىز،
ياخشى ئاسرا يىلتىزىڭنى قىلىپ پەرھىز.

ئۈز ۋەدەڭدە چىڭ تۇرغىنىڭ بولسا ئاخماق،
ۋاپا قىلساڭ تاپالارسەن ئاندىن روناق.

— مەن سېنىڭ ۋاپادارلىق ھەققىنى ئادا قىلىشىڭدىن ئۈمىتۋارمەن. قىلغان ۋەدەڭدىن قايتىۋالمىغايسەن.
بۇنى ئاڭلاپ چاشقان شۇنداق دەپتۇ:

—ئۆزى قىلغان قەسەم ھەم ئەھدىگە كىم قىلماس ۋاپا،
ھادىسىلەر تىغىدىن جانىغا يەتكەي زەخمە-جاپا.

— ئەمما مەن ساڭا ئېيتقان ئەندىشە مېنى ئويلاپراق، سەل توختىۋېلىپراق ئىش قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ. لېكىن مەن ۋەدەمگە چوقۇم ۋاپا قىلىمەن ۋە سېنى بەنتتىن خالاس قىلىمەن.
— خاتىرىڭگە كەلگەن مەزمۇننى ئېيتقىنا قېنى؟ مەن ئۇنىڭدىن سېنىڭ دانىشمەنلىگىڭنىڭ ئەندىزىسىنى ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ مۈشۈك.

— دوستلار ئىككى خىل بولىدۇ، — دەپتۇ چاشقان، — ئۇلارنىڭ بىر خىلى، تولۇق راستچىللىق ۋە پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن بىر كىشىگە مۇھەببەت باغلايدۇ؛ ئۇلارنىڭ دوستلۇغىدا غەرەز، رىيا ۋە تاما ھەم شۈبھە دەيدىغان نەرسە ھەرگىز بولمايدۇ. ئىككىنچى خىلى، زورۇرەتتىن ياكى تاما ياكى غەرەز بىلەن دوستلۇق قىلىدۇ. ئاۋالقى خىلدىكىلەر ھەممە ھالدا ئىشەنچكە يارايدۇ. ئۇلاردىن ھەممە ۋاقىت خاتىرجەم بولسا بولىدۇ.

شۇنداق دوستلۇق كېرەك بولغاي ھەممە ھال،
مېھرىۋانلىق ئىشىدا ئەھلى كامال.
ھەممە زەھرىڭنى ئۇ بىلگەي شېكەر،
بارچە نۇقسانىڭنى ئۇ بىلگەي ھۈنەر.

ئەمما ئىككىنچى گۇرۇھتىكىلەر بولسا، ياكى زورۇرەت يۈزىسىدىن زەرەرنى دەپئى قىلىشقا دوستلۇقنى سىپەر قىلىدۇ، ياكى مەنپەئەتنى كوزلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ھېچقاچان بىر قارار بىلەن تۇرمايدۇ، يەنى گاھى ۋاپادارلىق مەرتىۋىسىدە تۇرىدۇ، گاھى جاپاكارلىق مۇقامىدا بولىدۇ.

گاھى ئۇلپەت بولار شىرىن شېكەردەك،
گاھى زىتلىق قىلار نەيزە-تەبەردەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن زېرەك كىشىلەر ئىختىيار تىزگىنىنى ئۇلارنىڭ قولىغا بىر يولىلا بېرىۋەتمەسلىگى كېرەك ۋە ھەمىشە ئۇلارنىڭ بەزى ئېھتىياجلىرىنى راۋا قىلىشنى كەينىگە تارتىشى لازىم. ۋاقتى كەلمىگىچە، ئۇلارنىڭ ئىشىنى تاماملىغا يەتكۈزمەسلىگى كېرەك. مانا مۇشۇنداق سۈلكەت قىلىغاندىلا ھەم ۋاپا ۋە مۇرۇۋۋەت سۈپىتى بىلەن نامى چىقىدۇ ھەم ئەقىللىق ۋە دانىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەنىلىك بىلەن مەشھۇر بولىدۇ. مەن سەن بىلەن ئاشۇنداق مۇئا-مىلە قىلىمەن، ھەم سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بەرگەن ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرماي قويمايمەن، ھەم ئۆزەمنى سەندىن ياخشى ئېھتىيات بىلەن ساقلايمەن. چۈنكى سېنىڭ پاناھىڭغا كىرىۋېلىپ، ئۇ ئىككى دۈشمەننىڭ زەردىدىن قۇتۇلدۇم. لېكىن ئۇلارغا قارى-غاندا سەندىن بەكرەك قورقىمەن. مەن ئۇلاردىن ئەمىن بول-ماق ئۈچۈن، سەن بىلەن سۇلھ قىلماقنى لازىم تۇتتۇم. سېنىڭمۇ ماڭا مۇلايىملىق قىلىشىڭ ئۆز پايداڭ ئۈچۈن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭ ئىشىنىڭ ئاخىرىغا قاراپ بىر ئىش قىلىشىم پەرزدۇر.

ئىشلىرىڭنىڭ رىشتىسىنى سۇس تۇتما،
ھېچ ۋاخ ھېكمەت سىياقىنى ئۇنۇتما.
يۈرگۈسى ئۇ كىمەرسە شات ۋە بىخەم،
قىلغان بولسا ئىشىنى پۇختا-مەھكەم.

دېگەن بېيىتنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، ئېھتىيات ۋە ئەندىشە قىلىشنى بىر يولىلا تاشلىۋەتمەسلىكىم كېرەك.

— ھەي چاشقان، ناھايىتى زىرەك ۋە دانا ئىكەنسەن. مەن سېنىڭ بۇنچە دانىشمەنلىكىڭنى بىلمىگەن ئىكەنمەن، بۇ سۆز-لىرىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەھرىمەن قىلدىڭ ۋە بۇ ۋەزلىرىڭ بىلەن مېنى كۆپ تەجرىبە ۋە ھېكمەتلەرگە ئىگە قىلدىڭ، ئەمدى ئاشكارىسىنى ئېيتىۋەتكىنە، قانداق قىلىپ مېنىمۇ خالاس قىلىپ، ئۆزەڭنىمۇ ئامان قۇتۇلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ مۈشۈك.

چاشقان كۈلۈپتۇ ۋە دەپتۇ:

— "ھەر قەيەردە بولسا دەرت، دەرمان مۇقەررەردۇر ئاڭا" دېگەن سۆز بارغۇ؟ مەن سېنىڭ بەنتلىرىڭنى كېسىمەن، لېكىن ھەممىسىدىن مەھكەمرەك بولغان چىگىكنى جېنىم ئۈچۈن گۆرە قويۇپ قويىمەن. ۋاقتى كېلىدۇكى، سېنىڭ ماڭا قارىشىۋدەك

پۈرسىتىڭ قالمايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ چىگىكنى يېشىۋېتەمەن ـ دە، ساڭا بەنتىمەن، ماڭا گېزەندىدىن خالاسلىق بولىدۇ.

مۈشۈك چاشقاننىڭ ئۆز ئىشىغا كامىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئەپسۇن بىلەن ئالدىغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، نائىلاج رازى بولۇپتۇ. چاشقان گىرەلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ بولۇپ، بىرنى قويۇپ قويۇپتۇ. ئۇ كېچىسى ئۇلار سوزلىشىپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىسى سەھەر ئەنقاسى مەشرىقتى ئۇپۇقىدا پەرۋازغا كېلىپ، تۇرلۇق قانىتىنى ئالەم ئەتراپىغا يېيىپتۇ.

قۇياش تىغىنى پەلەك ئالدى قولىغا،
قارا كېچە قېچىپ كەتتى يولىغا.

شۇ چاغدا ئوۋچى پەيدا بولۇپتۇ. ئۇنى كورگەن مۈشۈكنىڭ كاللىسىدىن ھوش كېتىپتۇ ۋە كوڭلىدە ئولۇمدىن بولەك ئەندىشە قالماپتۇ.

— ماڭا ئوز ۋەدەمنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىدىغان ۋاقىت ئەمدى بولدى، — دەپتۇ چاشقان ۋە دەرھال قالغان يىپىنىمۇ كېسىپتۇ. مۈشۈك چاشقانغا قارىغۇدەك پۈرسەت تاپالماي قېچىپلا دەرەخكە چىقىۋاپتۇ. چاشقان ھەممە بالادىن خالاسلىق تېپىپ توشۇككە كىرىۋاپتۇ. ئوۋچى كېلىپ تۈزىغىنىڭ يىپلىرىنىڭ ئۈزۈك تۇرغانلىقىنى كورۇپ ھەيران قاپتۇ ۋە كېسىلگەن تۇزاقىنى قولىغا ئېلىپ، نائۈمىتلىك بىلەن يولىغا راۋان بولۇپتۇ. بىر پەس ئوتكەندىن كېيىن چاشقان توشۇكتىن چىقىپتۇ ۋە يىراقتا تۇرغان مۈشۈكنى كورۇپ توختاپ قاپتۇ. ئۇنى كورگەن مۈشۈك تۇۋلاپتۇ:

— كورۇپ تۇرۇپ كورمىگەندەك قىلىپ تۇرىسەنغۇ؟ نېمىشقا قېشىمغا كەلمەي مەندىن يىراق قېچىپ تۇرۇۋاتىسەن؟ ساڭا مەندەك پايدىلىق دوست نەدە بار؟ ماڭا ئاشنا بولساڭ، ئۆزەڭ

باشلىق بارلىق ئەھلى ئەۋلادىنىڭ، ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ بارلىق دۈشمەنلەرنىڭ ئاپەتلىرىدىن ئامان بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ يېقىن كەل، مەن سېنىڭ ياخشىلىقىڭنىڭ مۇكاپاتىنى ساڭا كۆرسىتەي، مەن قايسى تىل بىلەن سېنىڭ ۋاپادارلىقىڭنىڭ شۈكرانىسىنى ئېيتىپ بولارمەن ۋە مۇرۇۋۋىتىڭگە ئۆزرە ئېيتالارمەن.

شادىمان يۈرسەممۇ دائىم بىر خىجالەت ئىچرەمەن!
"مەرھەمىتىڭ شۈكرىنى قانداقچە قىلغايمەن ئادا."

چاشقان ئۇنىڭ قېشىغا بارغىلى ئۇنىماپتۇ ۋە: "بۇ جاھان ھەق ساقلاشنىڭ ۋاقتى ئەمەس، بەلكى ئازارنىڭ زامانى" دىگەن سۆزلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپتۇ. شۇڭا ئۇ ئاجىز، بىچارە ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا:

تاشلىغاندۇر رەھىم-شەپقەت يولىنى بۇ روزىگار،
مۇرادىمنى بەرمىگى مۇمكىن ئەمەس دەۋران ماڭا.
ياخشىلىقنى قىلمىغايمەن ھىچ كىشىدىن مەن ئۈمىت،
گەر يامانلىق كۆرمىسەم شۇدۇر ئۇلۇغ ئېھسان ماڭا.

دىگەن گەپ بار. شۇڭا ماڭا ھازىرقى ۋاقىتتا، خىلۋەتتە بولۇش ماقۇل كۆرۈنۈۋاتىدۇ. مەن ئۆزەمگە ئۆزەم ھەمدەم بولۇپ، كىشىگە قوشۇلماي ئۆتمەكچىمەن، — دەپتۇ.
— ئۇنىداق بانا قىلما، — دەپتۇ مۈشۈك، — دىدارىڭنى مەندىن ئايىمىغىن، دوستلۇق ھەققى ۋە ئاشنالىق ھورمىتىنى زايا قىلمىغىن. ھەر قانداق كىشى ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىق بىلەن بىر دوستىنى قولغا كەلتۈرسەيۇ، ئۇنى ئاسانلىق بىلەن تاشلىۋەتسە ھەم سەۋەپسىز ھالدا ئۇنىڭدىن

مۇھەببەت رىشتىسىنى ئۈزسە، يارانلىق نەتىجىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقا دوستلارمۇ ئۇنىڭدىن مەيۇسلىنىپ، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنچىسى قالمايدۇ.

بۇ جاھاندا كىشى يارسىز يۈرگىنى شۇنچە يامان،
ياردىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ھالى ئۇندىنمۇ يامان.

مېنىڭ ھاياتىم سەن ئۈچۈن پىدا، تا قىيامەتكىچە مېنىڭ جېنىمغا سېنىڭ قويساڭ راۋا. مەن ئارىغا كەلتۈرگەن بۇ مۇھەببەت ئەقدىسىنى ھەرگىز ئۈزۈۋەتمەيمەن.

تائەبەت بويى ۋاپا يەتكەي ساڭا،
بۇ مۇھەببەتنىڭ كوكۈل گۈلزارىدا.

ئەگەر ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سېنىڭ ھەققىڭنى ئۇنتۇمايمەن ۋە ئىمكان قەدەر ياخشىلىقىڭغا لايىق ياخشىلىق قايتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

گۈلگە ئوخشاش قاتىمۇ-قات بۇ نېمىتىڭنىڭ شۈكرىنى،
خۇددى بىر سەۋسەن بولۇپ يۈز تىل بىلەن ئېيتسام كېرەك.

مۇشۇك بۇ توغرىدا ھەرقانچە سوزلەرنى سوزلەپ قاتتىق قەسەملەرنى قىلغان بولسىمۇ، چاشقانغا ماقۇل چۈشمەپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي مۇشۇك، ئەگەر بىردە يۈزەكى ئاداۋەت بولغان بولسىدۇ، كىچىككىنە مەرھەمەت ۋە مېھرىۋانلىق بىلەن ئارىدىن كوتىرىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئەمما چوڭقۇر ئاداۋەت ھەرگىز كوڭۈلدىن كوتىرىلمەيدۇ. كورۇنۇشتە ھەر قانچە دوستلۇق

بىناسىنى مۇستەھكەملىگەندەك قىلغان بىلەن ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇندىن باشقا ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدا ھەمجىنسلىق بولمىغاچقا، ماڭا ئۈلپەت بولۇشتىن كۆڭۈل ئۈزۈشۈڭ لازىم. مەنمۇ سېنىڭ سوھبىتىڭدىن جېنىم بىلەن قاچىمەن. ھەركىشى ئۆزىگە جىنسى بولمىغان كىشى بىلەن ئاشنا بولسا، ئۇنىڭغا ھېلىقى پاقىغا يەتكەندەك ھادىسە يېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

— ئۇ قانداق ھادىسە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ مۈشۈك.

— بىر چاشقان، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ چاشقان.

## چاشقان بىلەن پاقىنىڭ ھېكايىسى

بىر چاشقان بىر بۇلاق بويىدىكى دەرەخ تۈۋىدە ماكان تۇتقان ئىكەن. بىر پاقا ھەم ئاشۇ بۇلاقتا كۈن كەچۈرىدىكەن ۋە بەزىدە ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالماق ئۈچۈن سۇ لېۋىگە چىقىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ پاقا بۇلاقنىڭ قىرغىقىغا چىقىپ، دىلىنى غەش قىلىدىغان ئاۋاز بىلەن سادا چىقىرىپ كۈكۈراپتۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۇ ناخۇش نەغمىسىنى مىڭ بۇلبۇلنىڭ سايرىشىدىن ئارتۇق بىلىپ سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ.

زېرىكىشلىك شۇنچە قوپال بولسىمۇ "ساز" غەلۋىسى،
ئۇ خىيالىدا ئۇنى دەر ئىدى داۋۇت نەغمىسى.

چاشقان ئۇنىڭ شورلۇق غوغاسىنى ئاڭلاپ، تۇشۇك ئىچىدىن چىقىپتۇ ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭ نەغمىلىرىنى ياخشى ئاڭلىغان بولۇۋېلىپ، قوللىرىنى بىر بىرىگە ئۇرۇپ چاۋاك چېلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپتۇ. پاقىغا ئۇنىڭ بۇ تەلەتى بەكمۇ چىرايلىق كورۇنۇپ كېتىپ، مەرغۇلىنىڭ دېپىسىنى بۇرۇنقىدىن

بەكرەك چىلىشقا باشلاپتۇ ۋە ئۆزىگە ئۆزى: "بۇ چاشقان بىلەن دوست بولۇشتىن ياخشى ئىش يوق. چۈنكى بۇ چاشقان نەغمىنىڭ قەدرىنى بەكمۇ ياخشى بىلىدىكەن" دەپ ئويلاپتۇ.

كۆن كەچۈرگەيسەن جاھاندا يار بىلەن چىن مېھرىۋان،
چۈنكى ھەمسوھبەت زوقى بەرگەي ئۆلۈك تەنگىمۇ جان.

شۇنىڭ بىلەن پاقا چاشقاننىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا دوستلۇق خۇشامىتىنى كۆرسىتىپتۇ. نەتىجىدە ئىككى تەرەپتىن شەۋق ۋە مايىللىق پەيدا بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىپتۇ. شۇندىن تارتىپ، پاقا چاشقاننىڭ قېشىغا كەلسىلا ئۆز قىسسىسىنى باشلاپ ئېيتىدىكەن، ئۇلار بىر بىرى بىلەن ئەقىدە ۋە ئىشەنچ توغرىسىدا شېرىن رىۋايەت ۋە ياخشى ھىكايەتلەرنى ئېيتىشقا باشلىشىپتۇ.

بىر بىرىنىڭ ھال ئەھۋالىن بىلىشتى،
شەۋقى بىلەن ئاشنالىق قىلىشتى.
پاقا كەلسە چاشقانغا ئۆز قىسسەسىن،
باشلاپ ئېيتار ئىدى دەردۇ غۇسسەسىن.
سوزلىمەك ئەيلەر مۇھەببەتنى ئايان،
سوزلىمەسلىكتۇر ئاداۋەتتىن نىشان.

ئۇلار بىر نەچچە زامان شۇ تەرىقىدە دەۋر سۈرۈشۈپتۇ. بىر كۈنى چاشقان پاقىغا شۇنداق دەپتۇ:
— مېنىڭ ھەمىشە سەن بىلەن سوھبەتلەشكىم كېلىدۇ. شۇنداق چاغلاردا، مەن بۇلاق لېۋىگە بارسام، سەن سۇنىڭ تېگىدە تۇرغاچقا، ھەر قانچە قىلساممۇ ئاگلىمايدىكەنسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن جامالىڭنى كورۇشكە يول تاپالماسمەن نىتەي،
دىلىدىكى سىرىمنى ساڭا سوزلىيەلمەسمەن نىتەي.

— راست ئېيتىسەن، — دەپتۇ پاقا، — مەنمۇ مۇشۇ ئەندىشىدە ئىدىم. مەن دائىم: "ئەگەر دوستۇم سۇ لېۋىگە كەلسە، مەن بۇلاق ئاستىدا تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قانداق ئاگاھ بولارمەن، ئۇنىڭ مەن ئۇچۇن چەككەن ئىنتىزارلىقىنىڭ قانداق ھوددىسىدىن چىقارمەن" دەپ ئويلايمەن. گاھى چاغلاردا، مەنمۇ سېنىڭ توشۇگۇڭنىڭ ئاغزىغا كېلىمەن. ئۇ چاغدا سەن يەنە بىر توشۇك بىلەن باشقا بىر يەرگە كەتكەن بولىسەن-دە، مەن ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپ قالىمەن. بۇ سوزنى ساڭا ئېيتىشنى ئويلاپ يۈرەتتىم. سەنمۇ خۇددى كارامەت ئىزھار قىلغاندەك‌لا كوڭلۈمدىكىنى تاپتىڭ. ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشنىڭ چارىسى سېنىڭ زېھنىڭدا ناھايىتى روشەن. بۇنىڭ تەدبىرىنىمۇ ئوزەڭ ئېيتقىنا، بىر بىرىمىزنى خالىغان ۋاقتىمىزدا قانداق تېپىشالاق بولار؟
— مېنىڭ كوڭلۈمگە شۇنداق بىر چارە كېلىۋاتىدۇ، ئارىمىزدا بىر مۇھەببەت يىپى پەيدا قىلايلىكى، ئۇنىڭ شۇنداق تارتىلىشى بىلەن، بىر بىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان بولايلى، — دەپتۇ چاشقان.
شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئەنە شۇ مەسلىھەتكە كېلىشىپتۇ. چاشقان ئۇزۇن تانا تېپىپ كېلىپ، بىر ئۇچىنى ئوز پۇتىغا باغلاپتۇ. يەنە بىر ئۇچىنى بولسا پاقىنىڭ پۇتىغا مەھكەم باغلاپتۇ. قاچانكى چاشقاننىڭ پاقا بىلەن مۇلاقات بولغۇسى كەلسە، سۇ لېۋىگە بارىدىكەن ۋە تانىنى تارتىدىكەن. پاقا ئۇ ھەرىكەتتىن ئاگاھ بولۇپ چاشقاننىڭ قېشىغا چىقىدىكەن. گاھى پاقىنىڭ چاشقاننى كورگۈسى كەلسە، توشۇك ئاغزىغا كېلىپ يىپنى سىلكىيدىكەن. چاشقان دوستىنىڭ كەلگىنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئۇنى قارشى ئېلىش ئۇچۇن يۈگۈرەيدىكەن. ئۇلار

شۇ تەرىقىدە نەچچە زامان ئۆلپەتلىشىپ سوھبەتلىشىپ يۈرۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى چاشقان پاقا بىلەن كورۈشمەكچى بولۇپ بۇلاق لېۋىگە كەپتۇ. ئۇ تانىنى تارتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەپتۇ، تۇيۇقسىز ھاۋادىن بىر قاغا پەيدا بولۇپ، چاشقاننى ئېلىپلا كوتىرىپ ئۇچۇپتۇ. يىپنىڭ بىر ئۇچى پاقىنىڭ پۇتىغا مەھكەم باغلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇمۇ سۇدىن تارتىلىپ چىقىپتۇ ۋە چاشقان بىلەن بىللە ھاۋاغا كوتىرىلىپتۇ. خالايىقلار ئاسمانغا قاراپ: بىر قاغا بىر چاشقاننى ئېلىپ ئۇچقانلىقى ۋە بىر پاقىنىڭمۇ باغلاقلىق ھالدا چاشقاننىڭ ئاستىدا ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىنى كورۇپ، ئەجەپلىنىپ: "ۋا ئەجىبا، بۇ قاغا پاقىنىمۇ شىكار قىلىپتىغۇ؟ قاغىنىڭ پاقا يىگەنلىكىنى ھەرگىز كورمىگەن ئىكەنمىز" دىيىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پاقا: "مەن قاغىنىڭ شىكارى ئەمەسمەن، لېكىن چاشقانغا دوست بولغانلىقىنىڭ شۇملۇغىدىن بۇ بالاغا مۇپتىلا بولدۇم. ھەركىشى ماڭا ئوخشاش ئۆزىگە ناجىنس بىلەن ھەمسوھبەت بولسا، ئۇنىڭغا ماڭا كەلگەندەك مىڭ ئوقۇبەت ئازلىق قىلىدۇ" دەپ پەريات قىلىپتۇ.

جانغا ئاپەت بولغۇسى ناجىنس يار،
نامۇناسىپ بىرلە يار بولما زىنھار.

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، كىشى ئۆز جىنسىدىن باشقىلارغا قوشۇلماسلىغى كېرەك. خۇددى پاقىغا ئوخشاش بالا رىشتىسىگە ئېسىلماسلىغى كېرەك. مەن شۇ تاپتا ئۆز جىنسلىرىدىنمۇ قوشۇلۇشنى ياقتۇرمايۋاتسام، ساڭا ئوخشاش ناجىنسقا قوشۇلۇپ نىمە قىلاي؟

سەن خالايىق ئۆلپىتىدىن يىراق بول،
ئۆز ئۆلپىتىڭ ئۈچۈن بەرگىن ئۆزەڭ قول.

تەنھا يۈرگەچ پادىشا بولدى سۈمرۈغ،
بولمسا ئۇ ئەسلدە ئىدى بىر مۇرغ①.

— كىشىنىڭ سوھبىتىنى خۇشلمايدىكەنسەن، خوش، ئۇندداق بولسا، ئىلگىرى ماڭا نىمىشقا ئاشنا بولدۇڭ ئەمسە؟ — دەپتۇ مۇشۇك، — باشتا مەن بىلەن دوستلۇق رىشتىسىنى باغلاپ بولۇپ، ئەمدى نىمىشقا ئۈزىسەن ئۇ رىشتىنى؟

ساقى! ماڭا ئىلتىپاتتىن نەزەر سالدىڭ،
بىردەم تۇرۇپ جامنى يەنە قولدىن ئالدىڭ.
ئەۋۋىلدە ماڭا شىرىن مەي ئىچۈرۈپ،
ئاخىر نىچۈك دىلغا بۇنداق ئەلەم سالدىڭ؟

چاشقان ئۇنىڭغا جاۋاپ بىرىپ شۇنداق دەپتۇ:
— ئۇ مەھەلدە مەن ساڭا مۇھتاج ئىدىم. ئەقىللىق كىشىلەر بالا-قازا ئارىسىدا قالسا، ئۇ ھالدا بىر كىم بىلەن دوستلىشىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق مەقسىدىنى ھاسىل قىلىپ بولغاندىن كىيىن ئۇنىڭ دوستلۇغىدىن زەرەر يىتىپ قىلىشنى بىلسە، ئۇنىڭدىن ئۈزىنى تارتىدۇ. ئەمما ئۇ ئىشنى ئاداۋەت قىلغانلىغىدىن ئەمەس، بەلكى ئېھتىيات يۈزىسىدىن ۋە ھۇشىيارلىق يوسۇنىدىن دەپ بىلىدۇ. بۇ خۇددى ھايۋاناتلارنىڭ بالىلىرى سۈت ئىمىدىغان چاغدا، ئانىلىرىنىڭ قىېشىغا يۈگۈرۈپ بارسىمۇ، ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىن كىيىن، ئۇندىن ئاجراپ ھەرتەرەپكە يۈرگىنىگە ئوخشاش بىر ئىش. ھىچقانداق ئەقىللىق كىشى ئۇنى "دۈشمەنلىك قىلدى" دىيەلمەيدۇ. لىكىن سەندىن ماڭا دۈشمەنلىك كىېلىپ قىلىش ئېھتىمالى بار. شۇڭا پايدا ئالىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن كىيىن سەندىن يىراق بولمىغىم ئەلا.

① مۇرغ — بۇ يەردە توخۇ، قۇش مەنىسىدە.

ھەركىشكىم كىشىگە بەرسە گەر نەپ،
سوھبىتىنى بىل ئۇنىڭ راھەتى جان.
مەنپەئەتلىك بولمىسا قايسى كىشى،
ئۇنى كۆرمەك بولغۇسى كاتتا زىيان.

ئىككىنچىدىن، خۇدا بىزنى ياراتقاندا بىر بىرىمىزگە دۈشمەن قىلىپ ياراتقان ئىكەن. ئارىمىزدا ئاداۋەت بارلىقى خەلق ئارىسىدا مەلۇم ۋە مەشھۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھاجەت يۈزىسىدىنلا ئارىمىزدا پەيدا بولغان ئۇنداق دوستلۇققا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق مۇھەببەت بىر غەرەز بىلەن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ غەرەز ئارىدىن كەتسە ئۇ مۇھەببەتمۇ كېتىدۇ-دە، ئەسلىدىكى ئاداۋەت يەنە ئورنىغا كېلىدۇ. بۇمۇ خۇددى قازانغا سۇ قۇيۇپ، ئوتقا قويسا سۇ ئىسسىيدىغان بولسىمۇ ئىسسىق سۇنى ئوتتىن ئېلىپ قويۇپ قويسا، يەنە ئاۋالقى سوغۇقلىقىغا يانغاندەك بىر ئىش. مەن ھازىر سېنىڭ مېنى ناشتىلىق قىلىش ئىشتىياقىڭ بارلىقىنىمۇ بىلىۋاتىمەن. سېنىڭ ئەپسۇنىڭغا ئالدىنىپ، دوستلۇقۇڭغا ئىشىنىپ قېلىش ماڭا زىيانلىق. جاھاندا چاشقان بىلەن مۈشۈك دوست بولىدىغان ئىشمۇ بولامدۇ زادى؟

— بۇ سۆزۈڭنى راست ئېيتىۋاتامسەن ياكى ماڭا ئويۇن، چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ مۈشۈك.

— جان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەردىمۇ چاقچاق قىلامدىكەن كىشى، — دەپتۇ چاشقان ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — مەن بۇ سۆزلەرنى راستىن ئېيتىۋاتىمەن. سەندىن قېچىش، سالامەت بولۇش ئۈچۈن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمەن. مەندەك ئاجىزغا سەندەك كۈچلۈك بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ياراشمايدۇ. ئاجىز كىشى كۈچلۈك دۈشمەندىن قاچمىقى لازىم. ئۇنداق قىلمىسا ئۇنىڭدىن بىرەر زەخمە يېتىپ قالسا،

ئۇنىڭغا ئىلاج قىلالماي قالدۇ. ھازىرمۇ خۇددى سەن ئۇۋچىدىن قاچقىنىڭغا ئوخشاشلا مېنىڭمۇ سەندىن ھەزەر قىلغىنىم ياخشى ۋە بۇندىن كېيىن بىر بىرىمىزگە شۇنچىلىك ئەقىدە قىلىشىپ، روھى سوھبەت بىلەن كۆپايىلەنگىنىمىزمۇ تۈزۈك. بىزنىڭ بىر بىرىمىز بىلەن قوشۇلۇشنى ئويلىشىمىز مۇمكىن بولمايدىغان خام خىيال، مۇشۇنچىلىك ئۆتكەنگە قانائەت قىلمىغىمىز كېرەك.

مۇشۈك ناھايىتى كوپ تىپىرلاپ، يالۋۇرۇپ، ئاجىزانە قىياپەتتە كوزلىرىگە ياش ئالغان بولسىمۇ، ئاخىرى بولماي ئۇ ئىككىسى:

ياردىن ئايرىدى تەقدىر ئىرادە،
بولدى دىلىمنىڭ رەنجى زىيادە.

دىگەندەك بىر بىرى بىلەن ۋىدالىشىپ ئىككىلىسى ئوز ۋەتىنىگە قاراپ كېتىشىپتۇ.

ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك رايغا بۇ ھىكايىنىڭ پايدىسى شۇكى، سۇلھى قىلىدىغان چاغدا دۈشمەن بىلەنمۇ دوست بولۇپ ھاجەتنى راۋا قىلماق كېرەك. غەرەز قىلىنغان مەقسەتكە ئېرىشكەن ھالەتتىمۇ ئېھتىياتنى تاشلىماسلىق كېرەك. مانا بىر ئاجىز چاشقان، شۇنچىلا ئاپەتلەر ئارىسىدا قالغان بولسىمۇ، غالىپ دۈشمەنلەر ۋە زەبەردەست رەقىپلەر ئۇنىڭ پېيىغا چۈشكەن بولسىمۇ، ياخشى چارە-تەدبىرى ئارقىلىق ئۇلاردىن بىرى بىلەن دوست بولۇپ، ئۇنىڭ ئاشنالىقىنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشقىلارنىڭ ئوزىگە زىيان سېلىشىدىن ئەمىن بولدى ۋە دەل ۋاقتىدا ئوز ۋەدىسىنىڭ ھوددىسىدىن چىقىپ بارلىق ئەقىل ئىگىلىرى ۋە پاراسەتلىك ئەرباپلارغا تەجرىبە يارىتىپ بەردى. ھەركىم ئوزىگە ئېھتىياج بولغان ۋاقتىدا بۇ ئىشارەتلەرنى قوللىنىپ، زورۇر

بولغان چاغدا ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىغا ئەمەل قىلسا، ئەقىل ۋە تەدبىرنىڭ قوللىنىشى بىلەن ھەقىقىي بەخت-سائادەتلەرگە ئېرىشكۈسىدۇر.

قىلسا ھەركىم ئەقىل يولىغا ئەمەل،
ھېچ سەۋەپتىن ئۇ مالامەت تاپمىغاي.
يوقاتسا گەر پىتنىنى تەدبىر بىلەن،
ئاقىۋەت ئۇندىن نادامەت تاپمىغاي.
ئىش ئۈيىگە تەدبىرنى قىلسا تۈۋرۈك،
ئۇ ئىمارەت ھېچ ھالاكەت تاپمىغاي.

## سەككىزىنچى باپ

# ئاداۋەت ساقلىغۇچىلارغا ئالدانماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسلىك كېرەكلىكى توغرىسىدا

پادىشاھى ئالەم راي خۇش تەبەسسۇملۇق دانىشمەن ھەكىمگە شۇنداق دەپتۇ:

باشتىن ـ ئاخىر سۇبھىدەك روشەن ئىرۇر ئاق كوڭلىڭىز،
بارچىدە تولغان كامالەتلىك ھۈنەردۇر ئەقلىڭىز.

— ئەيىپ نۇقساندىن خالى ۋە شەك ـ شۈبھىدىن يىراق بولغان سوزلەر ئارقىلىق، كۈچلۈك دۈشمەنلەر ھەم زەبەردەست رەقىبلەر تىكىلىپ تۇرۇۋالغان چاغدا، قاچماقنىڭ يولى باغلانغان پۇرسەتتە، ئۇلاردىن بىرى بىلەن سۈلھى قىلىپ دوستلۇق توغرىسىدا ۋەدىلىشىپ تۇرۇپ، پىتنە ۋە ئاپەتتىن ئەمىن بولغان ۋە ئۆزىنى ئاسراپ تۇرۇپ، پۇرسەت تېپىپ، ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغان كىشىلەرنىڭ داستانىنى بايان قىلدىڭ. ئۇلار ئېھتىيات بەركىتىدىن ئاپەت گىردابىدىن سالامەت چىقىپتۇ. ئەمدى شۇنى

ئىلتىماس قىلىسەنكى، كىشىلەرنىڭ ئاداۋەتخورلاردىن ساقلانماق ياكى ئۇلار بىلەن دوست بولماقتىن قايسى بىرىنى خالىشى لازىملىقىنى بايان قىلساڭ ئىدى. ئەگەر دۈشمەنلەردىن بىرەرسى مۇلايىملىق بىلەن خۇشامەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلماق كېرەكمۇ ياكى ئۇنى نەزەرگە ئىلماسلىق كېرەكمۇ؟

بەرەھمەن شۇنداق دەيتۇ:

سىزدە باردۇر پادىشاھىم خۇددى دۇربۇندەك كۆڭۈل،
ھەم يېتىلگەن كوپ كامالەت بىرلە دانىشمەن ئەقىل.

— ھەركىمكى روھۇل قۇددۇسنىڭ پەيزىدىن مەدەت ئالغان بولسا، ھەر قانداق ئىشتا ئېھتىيات قىلىشنى ۋاجىپ دەپ بىلىدۇ؛ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق پەيتىنى ھەم پايدا بىلەن زىياننىڭ ۋاقتىنى ئوبدان بىلىدۇ. يەنە شۇنىسى ئېنىقكى، ئاغرىنىپ قالغان دوستتىن ھەزەر قىلماق، ئۇنىڭ ئېتىقادى ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بەد گۇمان بولماق ئامانلىق ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

سەندىن ئاغرىنغان كىشىدىن دائىما قىلغىن ھەزەر،
ھەرقاچان بىر قەست بىلەن ئۇ ساڭا يەتكۈزگەي زەرەر.

گەرچە كورۇنۇشتە ھازىرچە مەنپەئەت يەتكۈزگەندەك قىلسىمۇ، ئاخىرىسىدا ئۇ چوقۇم بىر زەرەر يەتكۈزىدۇ. ھەركىشى ئادا-ۋەت ئەھلىدىن بىرەر ئىش يېتىپ قېلىش ئېھتىمالىنى پەرەز قىلسا، ئۇلارنىڭ تىل ياغلىمچىلىقلىرىغا ھەرگىز ئالدانماسلىقى كېرەك ۋە ھوشيارلىق قائىدىسىنى تاشلىماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئەگەر بۇ ئىشتا ئۇ غاپىللىق قىلىدىغان بولسا، ئۆز جېنىغا ئاپەت تېغىنى ئۇرغان ۋە ئۆز كوكسىنىڭ ئوچىغىدا بالا ئوتىنى ياندۇرغان بولىدۇ.

هەر كىشىگە دۈشمەنى كوپ دەردۇ كۆلپەت كەلتۈرۈر،
هەر بالايۇ هەر قازا، هەرياڭزا ئاپەت كەلتۈرۈر.

بۇ توغرىدىكى ھىكايىلەر ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ كوڭۈل دەپتىرىـ
گـە پۈتۈلـگەن بولۇپ، ئۇلاردىـن بىرى ئىبنى مۇدەيـيىن بىلەن
قەيزەنىڭ قىسسىسىدۇر.
ـــ ئۇ قانداق قىسسە ئىكەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ دابشىلىم شاھ.
ـــ ئاڭلىسىدە، ـــ دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ بىدپاي ھەكىم.

## ئىبنى مۇدەييىن بىلەن قەيزە ھىكايىسى

ئىلگىرى، ئىبنى مۇدەييىن ئىسىملىك بىر پادىشا ئۆتكەن ئىـ
كەن. ئۇ ئالى ھىممەتلىك، بەخت دولەتلىك، تـوغرا تەدبىرلىك
بىر پادىشا بولۇپ، سەلتەنەت دەرىجىسىگە لايىق مۇبارەك تەختىنى
شان ـ شەۋكەت نەقىشلىرى بىلەن زىننەتلەپ، خـۇددى ئاسمان
ئايۋانىدەك مۇستەھكەملىگەن ئىكەن ۋە ئۇلۇغلۇق قەسرىنىڭ كۈن ـ
گىرىسىنى ھەشەمەتىنىڭ مەدىتى بىلەن پەلەك ئەۋجىدىن ئۆتكۈزگەن
ئىكەن.

بىھىشى كوككە تاقاشقان تەختى گويا جەمشىتنىڭ،
مەرتىۋىسى پەلەكتەك، بەختى ئاي ۋە قۇياشتەك.

ئۇ پادىشا ئۆز ئوردىسى ئىچىدە بىر تورغايىنى ساقلىغان بولۇپ،
ئۇنىڭغا قەيزە دەپ ئىسىم قويغان ئىكەن. قەيزىمۇ ناھايىتى چىـ
رايلىق ۋە خۇش كورۈنۈشلۈك بىر قۇش بولۇپ، ياخشى ۋە شىرىن
سوزلەرنى ھەم خىلمۇ ـ خىل مىسال ـ تەمسىللەرنى سوزلەپ بېرىدىـ
كەن. پادىشا دائىم ئۇنىڭ خىلمۇ ـ خىل ھىكايىلىرى ۋە رەڭگارەڭ
رىۋايەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆز كوڭلىنى خوشال قىلىدىكەن.

دانىشمەنلەرگە ھېكايەت خوپ ئېرۇر،
ئاقىللارغا ياخشى سوز مەھبۇب ئېرۇر.
بولسىڭىز شېرىن مىسالدىن بەھرىمەن،
سىزگە قىلغاي كاتتا شاھلارمۇ پىسەن.

قەيزە كۇنلەرنىڭ بىردە پادىشانىڭ قەسرىدە تۇخۇم قويۇپ بالا چىقىرىپتۇ. پادىشا ئۇنى تولىمۇ ياخشى كورگەچكە، دەرھال بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنى ھەرەم سارىيىغا يوتكەتتۇرۇپتۇ ھەم: "بالىسى بىلەن ئۇنىڭغا ياخشى تەربىيەت قىلىڭلار" دەپ پەرمان چۇشۇرۇپتۇ. دەل شۇ كۇنى پادىشانىڭ خوتۇنىمۇ چېھرىسى ئاپتۇۋدىن دولەت نۇرى چېچىلىپ تۇرغان، ئەھۋالى سەھىپىلىرىدىن سائادەت شولىسى چاقناپ تۇرغان بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ.

چېھرىسى خۇش مۇبارەك پەرىشتىدەك تەلئىتى،
چاچار ئىدى يۇلتۇزى بەختۇ تەلەي نۇرىنى.
كامال چەرخى ئەۋجىدە ھېچبىر كىشى كورمىگەن،
بۇ سۇپەتلىك تولۇن ئاي رۇخسارىنى-يۇزىنى.

قەيزىنىڭ بالىسى چوڭ بولغۇچە، شاھزادىمۇ ئوسۇپ يېتىلىپتۇ ۋە ئۇلار بىر بىرى بىلەن پۇتۇنلەي ئۇلپەت بولۇشۇپتۇ. شاھزادە داۋاملىق قەيزىنىڭ بالىسىنى قولىدا تۇتۇپ ئوينايدىكەن.

قەيزە بولسا ھەر كۇنى تاغلار ۋە ئورمانلارغا بېرىپ كىشى كورمىگەن ۋە بىلمىگەن مېۋىلەردىن ئىككى دانىدىن ئېلىپ كېلىدىكەن ھەم ئۇنىڭ بىرىنى شاھزادىگە بېرىپ، يەنە بىرىنى ئوز بالىسىغا يېدۇرىدىكەن. بۇ مېۋىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ بالىسىمۇ كۇندىن-كۇنگە چوڭىيىپتۇ.

زامان زامانلار ئوتۇپ، ئۇلارنىڭ كۇچى ئارتىپ،
باھار مايسىلىرىدەك ھەر دەمىسىرى باش تارتىپ.

www.uyghurkitap.com

پادىشا قەيزىنىڭ بۇ خىزمىتىنىڭ قەدرىنى ياخشى بىلىدىكەن ۋە دائىم ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىكەن. شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە زامان ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى قەيزە مىۋە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەندە، بالىسى شاھزادىنىڭ قۇچىقىغا سەكرەپتۇ ۋە ئۇز پەنجىسى بىلەن شاھزادىنىڭ قولىنى مەھكەم قاماللاپ، ئۇنىڭ قولىنى يارىلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. شاھزادىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، ئۆلپەت ۋە دوستلۇق ھەققىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ يەرگە ئۇرغان ئىكەن، بىچارە قۇش تۇپراق بىلەن يەكسان بولۇپتۇ-دە، روھى بەدەن قەپىزىدىن چىقىپ يوقلۇق مەملىكىتىگە راۋان بوپتۇ.

كۆز بورانى بۇ گۈلشەنگە زور قەھرى بىلەن يەتتى،
بارلىق شاخ يوپۇرماقلارنى بىردىن توكتى-دە كەتتى.

قەيزە قايتىپ كېلىپ بالىسىنىڭ ئۆلۈك تۇرغانلىقىنى كورۇپ، ھۇشىدىن كېتىپتۇ ۋە دەرتلىك پىغانى ئۆرلەپ، پۈتۈن ئالەم كوزىگە قىزىللىق كورۇنۇپتۇ. ئۇ نالە-پەريادىنى پەلەككە يەتكۈزۈپ:

كوزلىرىمدە قالمىدى نۇر بۇ قارا ئالەم ئارا،
دىلدە شاتلىق نىمە قىلسۇن ئەمدى بۇنچە غەم ئارا.

دەپتۇ ۋە ناھايىتى كوپ ئىسەدەپ، ئەندىككەندىن كېيىن يەنە ئۆز-ئۆزىگە: "بۇ بالا ئوتىنى ئۆزەمگە ئۆزەم ياندۇردۇم ھەم پاراغەت تەختىنى مېھنەت ماتاسىغا ئۆزەم ئالماشتۇردۇم. مەن بىر تورغاي بولغاندىن كېيىن، يا بىر تىكەن بېشىدا، يا بىر تاغ تېشىدا ئۇۋا تۇتۇپ، بالامنى باقماي پادىشانىڭ سارىيىدا ئۇۋا قۇرۇشىنىڭ نىمە لازىمى بار ئىدى. پادىشانىڭ بالىسىنى تەربىيەت قىلىشىپ بېرىشنىڭ نىمە ھاجىتى بار ئىدى؟ سەھرادىكى ئۇۋا بىلەن ئوزۇققا قانائەت قىلغان بولسام بۇنداق بالاغا مۇپتىلا بولمىغان بولاتتىمغۇ؟ ئىل-

گىرى ئوتكەن دانىشمەنلەرمۇ: "زالىملارنىڭ سوھبىتىدە بولغان كى-
شىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋەدىلىرىنىڭ يىمپلىرى
ناھايىتى بوش بولىدۇ. ۋاپالىرىنىڭ بىناسى ناھايىتى سۇس بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئالدىدا يا ئەقىدە-ئىخلاسنىڭ ئېتىۋارى يوق، يا خىز-
مەت ۋە مۇلازىمەتنىڭ قەدرى-قىممىتى يوق. ئۇلار گۇنالى ئەپۇ
قىلماقنى ھارام دەپ بىلىدۇ. كىشىنىڭ ھەققىنى زايا قىلماقنى بولسا
ھالال سانايدۇ. ئۆز ئىخلاسمەنلىرىنىڭ ۋاپادارلىق ۋە تەرەپدارلىق-
لىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئۇنداق كىشىلەرنىڭ سوھبىتىدىن كىشىگە
نېمە ھاسىل بولسۇن؟" دىگەن ئىكەن.

ھوشيار بولساڭ قىلما ئۇنداق كىشىلەرنىڭ خىزمىتىن.
خىزمىتىڭ ھەققىگە مىننەتدار بولۇشنى بىلمىسە

دىگەن گەپ بىلەن
ئاتىماق مۇمكىن ئەمەستۇر ئۇ كىشىنىڭ نامىنى،
ئۇنتۇسا ئۇ يار-دوستلار سوھبىتىنىڭ ھەققىنى.

دىگەن گەپنى بىلىپ تۇرۇپ، مەن ئۆزىنىڭ يامان ئىشلىرىنى ياخشى
دەپ بىلىدىغان، باشقىلارنىڭ ھۈنەرلىرىنى ئەيىپ دەپ سانايدىغان
كىشىلەر بىلەن ئۇلپەت بوپتىمەن. ئەمدى مەنمۇ مۇكاپات ۋە جازا
ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكىم ۋە بۇ جاپاكار زالىم قانخورلاردىن
پەرزەنتىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماستىن توختىماسلىقىم كېرەك.

مېھرى-شەپقەتنى كۆڭۈلدىن كۆتىرىپ،
باشلىغايمەن ئەمدى دۈشمەنلىك ئىشىن."

دەپتۇ ۋە ئورنىدىن ئۇچۇپلا بېرىپ، شاھزادىنىڭ كوزلىرىنى چوقۇپ
قارىغۇ قىلىۋېتىپتۇ-دە، ئۇچۇپ بېرىپ قەسىرنىڭ گۈنگۈرىسىدە ئولتۇ-
رۇپتۇ. مۇلازىملار بۇ ھالدىن پادىشاغا خەۋەر بېرىشىپتۇ. پادىشا
ئوغلىنىڭ كوزى ئۈچۈن كوزلىرىدىن ياشلار ئاققۇزۇپ، بىر ھىلە

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇ قۇشنى مىكىردامىغا چۈشۈرۈپ، بالا قەپىزىدە مەھبۇس قىلىپ، قىلغان گۇنايىغا لايىق جازا بەرمەكچى بولۇپ قەستلىنىپتۇ. شۇڭا پادىشا قەسىرنىڭ تۈۋىگە چۈشۈپ، قەيزىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئۇلپىتىم، مېنىڭ قېشىمغا چۈشكىن. سەندىن بىرەر يېرىم خاتالىق سادىر بولۇپ قالغان بولسا قالغاندۇر. سەن خاتىرجەم بولۇپ قېشىمغا چۈشۈۋەر. مېنىڭ سوھبىتىمگە بەرھەم بېرىپ ئەيش-ئىشرىتىم كوچىتىنى سولاشتۇرما.

— ئەي پادىشا، — دەپتۇ قەيزە، — ھەقىقەتەنمۇ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىش بىردەك مۇلازىملارغا پەرز ئىدى. مەن شۇنچە زامانلاردىن بېرى ئاشۇ ئەقىدە بىلەن يۈرگەن ئىدىم ۋە "ئۆمرۈم ئىچىدە ماڭا سىزنىڭ دەرگايىڭىزدىن بولەك سائادەت كەئبىسى بولماس ۋە ھىممىتىمنىڭ ئېتىنى ساڭا مۇلازىمەت قىلىش مەيدانىدىن بولەك يەردە يۈگۈرتمەسمەن" دەپ ئويلايتتىم. بۇنداق ئويلاشتا مەن: "مەرھەمىتىڭىزنىڭ سايىسىدە ھەرەم كەپتەرلىرىدەك خاتىرجەم ۋە خۇشال-خۇرام يۈرەرمەن. مۇرۇۋۋىتىڭىزنى ئاقلاش ئۈچۈن جان-دىل بىلەن تىرىشىپ يۇقۇرى مەرتىۋىلەرگە چىقارمەن" دەپ ئۈمىت قىلغان ئىدىم. ئەمدى قارىسام، سەلتەنەت ھەرىمىڭىزدىكى ھاجىلارنىڭ قۇربانلىقلىرىدەك پەرزەنتلىرىمنىڭ قېنى تۆكۈلۈپتۇ. بۇنداق ھالەتتىمۇ مەندە قانداقمۇ بۇ ئۆينى تاۋاپ قىلىش ئارزۇسى بولسۇن؟ شۇھالدىمۇ شىرىن جاندىن ئۈمىت بارلىقىنى بىلسەم ئىدى، "لەببەي" دەپ خىزمەت ئىھرامىنى باغلىغان بولاتتىم. لېكىن:

بۇ تۇزاقتىن قايسى بىر قۇش قۇتۇلسا گەر،
قايتىپ كەلمەس بۇ تامانغا ئىككىنچى رەت.

دىگەندەك ھېچبىر كىشى تۇشۇكتىن ئىككى قېتىم ئۆزىنى ئىلان-چايانغا چاقتۇرمايدۇ ۋە ھېچبىر زىرەك كىشى بىر نەرسىنى ئىككى قېتىم سىنىمايدۇ.

بۇ مىسالنى ئەقىل ئەھلى ياخشى ئېيتقان، ئەي يىگىت؛
"سىنىغانىنى سىنىماق ھەردەم نادامەت كەلتۈرەر".

سېنىڭ كۆڭلۈڭگىمۇ روشەنكى، كىشىلەر گۇناكارنىڭ گۇنايىنى ئەپۇ قىلىشىدۇ، لېكىن ئاخىرى ئۇنى كىچىككىنە بىر بانا بىلەن جازاغا تارتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بەختى يار بېرىپ ئۆزى قۇتۇلسا، پەرزەنت ۋە نەۋرىلىرىگە ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى يەتكۈزىدۇ. چۈنكى بۇ سۇپەت ئالىمنىڭ تەبىئىتى مۇكاپاتنى لازىم تۇتقۇچىدۇر. روزىگارلىق تەبىئىتى جازا بەرمەكنى ۋاجىپ بىلىدۇ. بۇ خۇددى سېنىڭ ئوغلۇڭ مېنىڭ پەرزەنتىمگە زۇلۇم قىلغانلىقىدىن، ئىختىيارسىز ھالدا مەندىن ئۇنىڭغا مۇكاپات يەتكەندەك بىر ئىش. ھەركىم زۇلۇم قەدەھىدىن شاراپ ئىچكەن بولسا، ئۇ بالا خۇمارلىقىنىڭ مۇپتىلاسى بولماي مۇمكىن ئەمەس. ھەر كىشى ئاچچىق تاۋۇز تېرىغان بولسا، تاشكەر يەيمەن دەپ تاما قىلماسلىقى كېرەك. سەن تېخى ھېلىقى دانادىلنىڭ ھىكايىسىنى ئاڭلىمىغان ئوخشايسەن ۋە قاراقچىلارغا مۇكاپات يەتكەنلىكى قۇلىقىڭغا چۈشمىگەن ئوخشايدۇ؟

— ئۇ قانداق ھىكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— رەقە شەھىرىدە بىر دەرۋىش بار ئىكەن، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ قەيزە.

## دانادىل بىلەن قاراقچىلارنىڭ ھىكايىسى

رەقە شەھىرىدە بىر دەرۋىش بار بولۇپ، ئۇ ياخشى ئەدەپ ۋە ياراملىق ئەخلاقى بىلەن تونۇلغان، خۇي-پەيلىنىڭ كۆچىتى ساپلىق ۋە ياخشى ئادەت يوپۇرماقلىرى بىلەن بېزەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كۆڭلى مەرىپەت ھەقىقىتىگە دانا بولغان بىر كىشى ئىكەن. ئۇنى دانادىل دەپ ئاتىشىدىكەن ۋە شەھەرخەلقىنىڭ چوڭ-كىچىك ھەممىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئىخلاس ۋە ئېتىقات قىلىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر كىشىكىم مەرىپەتنى قىلسا ھاسىل،
بولغۇسىدۇر جانغا راھەت مەلھەمى دىل.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئەزىز كەئبىنى تاۋاپ قىلماقچى بولۇپ، سەپەر قىلىپتۇ ۋە يولدا ھەمراسىز كېتىۋاتقىنىدا ئۇنىڭغا بىر توپ قاراقچىلار ئۇچراپ قاپتۇ. قاراقچىلار "ئۇنىڭ پۇلى جىق ئوخشايدۇ" دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلماقچى بولۇشۇپتۇ.

— مەندە دۇنيالىقتىن ھەج يولىغا ئۇزۇق بولالىغۇدەك بىر نەرسە يوق، — دەپتۇ دانادىل، — ئەگەر مەندە بار نەرسىلەر بىلەن غەرەزىڭلار ھاسىل بولىدىغان بولسا، ھەممىنى ئېلىڭلاردە، قويۇۋېتىڭلار. مەن تەۋەككۇلغا تايىنىپ، بۇ يولنى داۋاملاشتۇرىمەن ۋە ئىنتىزارلىق كۆزۈمگە ھەرەم ئاستانىسىنىڭ تۇپرىقىنى تۇتىيا قىلىپ تارتىمەن.

ئاستانىڭگە يېقىنلاي، قاچان بېرىپ بەيتۇللاغا،
تۇپرىقىنى مەن قاچان كۆزگە قىلاي تۇتىيا.

لېكىن رەھىمسىز قاراقچىلار ئۇنىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلماستىن ئۇنىڭغا شەمشەر تارتىپتۇ. بىچارە ھەيران بولۇپ ئۆزىگە يار ۋە مەدەتكار تاپماقچى بولۇپ، ھەر تەرەپكە تەلمۈرۈپ قاراپتۇ. لېكىن بۇ ھەيۋەتلىك سەھرا ۋە خەۋپلىك چۆل ئىچىدە ئۇنىڭغا ھېچبىر ياردەم بەرگۈچى جان ئىگىسى چىقماپتۇ. دانادىل ئاخىرى ئاسمانغا قارىغان ئىكەن، بىر توپ تۇرنىلارنىڭ ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ تۇرنىلارغا قاراپ: "ھەي جانىۋارلار! مەن بۇ باياۋاندا زالىملارنىڭ قولىغا گىرىپتار بولۇپ قالدىم. بارلىق خۇپىيە-سىرلارنى بىلگۈچى ئاللاتائالادىن باشقا ھېچكىم مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەردار ئەمەس، سىلەر بۇ جامائەتتىن مېنىڭ قېنىمنى تىلەڭلار!" دەپ ۋاقىراپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قاراقچىلار ئۇنىڭ سوزىدىن كۇلۇپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ھەي! ئىسمىڭ نېمە؟

— مېنى دانادىل دەپ ئاتىشىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دانادىل.

— سېنىڭ دىلىڭدا دانالىقتىن قىلچە ئەسەر يوق بىر ئەقىلسىز ئادەم ئىكەنسەنغۇ! كىمنىڭ ئەقلى بولمىسا، ئۇنى ئۆلتۈرسە ئۇۋالى بولمايدۇ. ئۆلتۈرۈڭلار بۇنى، — دېيىشىپتۇ قاراقچىلار.

— مەن ماڭا قىلغان زۇلمىڭلارنىڭ جازاسىغا پات پۇرسەتتە ئۇچراپ قېلىشىڭلارغا ئىشارەت قىلىپ، بۇ سوزنى ئېيتىۋاتىمەن. لېكىن كىمكى ھەقىقەتنى چۈشىنىشتىن مەھرۇم قالغان بولسا، مېنىڭ بۇ سوزۇمنى چۈشەنمەيدۇ، — دەپتۇ دانادىل.

گەرچە دانادىل ھەرقانچە سوزلىگەن بولسىمۇ، قاراقچىلار ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلاشماي، ئۇنى ئەلەم خەنجىرى بىلەن ئۆلتۈرۈپتۇ ۋە مېلىنى بۇلاپتۇ.

كىمەرسىكى بىلگەن بولسا ھەقىقەتنى،
ئاڭلار ئىدى شۇنداق ياخشى نەسىھەتنى.

ئۇنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى شەھەر ئەھلىگە يەتكەندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئەپسۇسلىنىپ مالال بولۇشۇپتۇ ۋە ھەممىشە قاراقچىلارنى تۇتۇشنىڭ پېيىدا يۈرۈشۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېيت بولۇپ، ھەممە خالايىق ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ھېيتگاھقا يىغىلىپتۇ. دانادىلنى ئۆلتۈرگەن قاراقچىلارمۇ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپتۇ. دەل شۇ پەيتتە، ئاسماندا بىر توپ تۇرنىلار پەيدا بولۇپتۇ-دە، قاراقچىلارنىڭ بېشىغا كېلىپ شۇنداق يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىشىپ، نالە-پەريات قىلىشقا باشلاپتۇكى، ئۇلارنىڭ غەۋغاسى بىلەن نامازغا كەلگەن بارلىق

كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشىپتۇ. شۇ چاغدا قاراقچىلاردىن بىرى ئەستەھزا بىلەن كۈلۈپ يېنىدىكىلەردىن بىرىگە:

— بۇ تۇرنىلار دانادىلنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن بىزدىن ئۇنىڭ قېنىنى تەلەپ قىلىشۋاتامدۇ نېمە؟ — دەپتۇ.

تاسادىپەن ئۇنىڭ سۆزىنى قاراقچىلارغا يېقىنراق بىر جايدا تۇرغان شەھەر خەلقىدىن بىرى ئاڭلاپ قاپتۇ-دە، دەرھال خالايىققا ئاشكارا قىلىپتۇ ۋە خەلقلەر ئۇلارنى تۇتۇپ ھاكىمنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ھاكىمنىڭ سەل-پەللا سىياسەت قىلىپ قويۇشى بىلەن ئۇلار ئۆز گۇنالىرىغا ئىقرار بولۇشۇپتۇ ۋە ناھەق قان تۆككەنلىكىنىڭ مۇكاپاتى يېتىپ، دانادىلنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

كىمكى زۇلۇم كامانىغا سالسا زەي،
لەنەت ئوقىغا ئۆزىنى قىلغاي نىشان.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ئەي پادىشا، شاھزادىگە زەخمە يەتكۈزگەنلىكىم مۇكاپات شەمشىرى ۋە جازا ئوقىدىن ئىككەنلىكىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك ۋە يەنە ھەرقانداق بىر ئاجىز جانىۋارغىمۇ ئازار بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك. ھازىر ماڭا ئەقلىنىڭ ھۆكمى شۇكى، مەن سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا بويۇن سۇنمىغايمەن ۋە چاچقان ھىلە-مىكىردانلىرىڭنى چوقۇمىغايمەن.

— ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست، — دەپتۇ پادىشا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — گەرچە سېنىڭ سۆزلىرىڭ ھىكمەت تەقەززاسىدىن بولغان بولسىمۇ، ئەسلىدە بۇ گۇنا مېنىڭ ئوغلۇمدىن سادىر بولغانلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن! ئۇ سېنىڭ بالاڭنى سەۋەبسىز ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ يامان پەيلىنىڭ جازاسىنى يېدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلماي، كور قىلماق بىلەنلا بەس قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن سەندىن مىننەتدارمەن.

ھېچقىسى يوق، سەنمۇ مالال بولما، مەنمۇ رەنجىمەيمەن. بولدى ئەمدى، مېنىڭ سوزۇمگە كىرگىن. مېنىمۇ پىراقىڭ ئوتىدا بىھۇدە كويدۇرمە. بىلگىنكى، مەن ئىنتىقام ئېلىشنى ئەيىپ بىلمەن، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كورىمەن. مەن ھەرگىز ياخشى ئىشتىن يۇز ئو- رۇپ، ئەيىپ ئىشقا قەدەم قويمايمەن. شۇ تاپتا مېنىڭ سېنىڭ يامانلىغىڭغا ياخشىلىق قىلىش غەرىزىم بار. مەن ئەزەلدىن ھەر كىمدىن بىر زەرەر كورسەم، ئۇنىڭغا نەپ يەتكۇزۇپ كەلگەنمەن.

— مېنىڭ يەنە قايتىپ كەلمىگىم مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ قەيزە، — چۇنكى ئەقىللىق كىشىلەر ئازار تاپقان دوستىنىڭ سوھبى- تىدىن قاچقان. بۇزرۇكلار: "ئازارلانغان كىشى ھەرقانچە كوڭۇل ئىزلەپ مەرھەمەتلەرنى كورسەتسىمۇ، ھەر قانچە ئىززەت - ئىكرام قىلسىمۇ ئۇنىڭغا ئالدانماسلىق، بەلكى بەدگۇمان بولۇپ يىراقراق قاچماق پەرزدۇر" دەپ ئېيتقان.

ئەزىزىم گەر ئازار بەرسەڭ كىشىگە،
قىلما ئۇندىن ھەرگىز ۋاپا ئىشەنچە،
ئارتار ئۇنىڭ گۇمانى بىلەن شۇبھىسى.
خىزمىتىڭنى قانچە قىلساڭ زىيادە.

— بۇ سوزۇڭنى قوي قەيزە، — دەپتۇ پادىشا، — ئۇزۇق - تۇققان، يار - بۇرادەرلىرىڭدىن ھېچكىم سەن ئۇچۇن مەنچىلىك يېقىن ئەمەسلىگىنى سەنمۇ بىلىسەن. مەن ساڭا ھېچقاچان يامانلىق كوز- لىمەيمەن. خۇسۇسەن مەن سەندىن ئىنتىقام ئېلىش قەستىدە بولمايمەن. سەن ماڭا پەرزەنتتەك ئەزىز ۋە جاندەك شىرىنسەن.

— ئۇزۇق - تۇققانلار توغرىسىدا ھېكۇمالار بىر سوزنى شۇنداق يوسۇندا تەپسىلى بايان قىلغان. ئۇلار: "ئاتا - ئانىلار ھەقىقى دوست، بىر قوساقتىن چىققان تۇققانلار دوست ۋە رەپىق بولىدۇ. تاغىلار ئاشىناغا ئوخشاش، قىزلار بولسا دۇشمەنگە يېقىنراق

بولىدۇ. باشقا تۇققانلار يات ھېساۋىدا، ئەمما ئوغۇل بولسا يادى-
كاردۇر ۋە شۇ كىشىنىڭ ئۆزىدەك بولىدۇ. باشقىلار بولسا ئىززەت-
ھۆرمەتتە ئوغۇلغا باراۋەر بولالمايدۇ" دەپ كۆرسەتكەن. مەنمۇ سەن
ئۈچۈن ھەرگىز ئوغۇل ئورنىدا بولالمايمەن. مەن شۇنى پەرەز
قىلالايمەنكى، سەن مېنى ئوغۇل ئورنىدا كۆرگەنىدەك قىلغىنىڭ
بىلەن بالا كېلىپ، ئاپەت يەتكەن چاغدا تاشلىۋېتىسەن. بىراۋ
بىراۋغا ھەرقانچە "مەن ساڭا جېنىمنى پىدا قىلىمەن" دېگىنى
بىلەن، جانغا تاقىلىدىغان بىرەر ھادىسە ياكى بىرەر ھالاكەتلىك
ۋەقە يۈز بېرىپ قالىدىغان بولسا، يۈزلەرچە تەرەددۇت ۋە تىرىشچان-
لىق بىلەن ئۆزجېنىنى قۇتقۇزىدۇكى، ھەرگىز باشقىلارغا ئۆز جې-
نىنى پىدا قىلالمايدۇ. سەن ھېلىقى كەمپىر بىلەن ئۇنىڭ قىزىنىڭ
ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— بىر قېرى كەمپىرنىڭ، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ ۋەزىر.

## كەمپىر بىلەن قىزىنىڭ ھېكايىسى

بىر قېرى كەمپىرنىڭ ئىپپەت پەردىسى ئىچىدە ئولتۇرغان مۇھىتى ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. تولۇن ئاي ئۇنىڭ رۇخسارىنىڭ تابىدىن رەشك ئېتىدىكەن، ئالەمنى قىزىتقۇچى ئاپتاپ ئۇنىڭ يۈزىدىن كۆڭلۈگى كېلىپ خىجالەت تەرىگە چۆمۈلىدىكەن.

شىرىن سۆزى بېغىشلايتتى ئەلگە ھۇش،
لەززەتتە ئۇ بولۇپ گويا قەندپۇرۇش.

قازايى قەدەر بىلەن ئۇ گۈل يۈزلۈككە روزىگارنىڭ كۆزى تېگىپ، كېسەللىك ياستۇقىغا باش قويۇپتۇ ۋە جامالىنىڭ گۈلشىنىدە

قىزىللىق ئورنىغا زەپىرەڭلىك كوكورۇپتۇ. كۇمۇشتەك ئاق بەدىنى ھارارەت قىزىتمىسىدىن قۇرۇق-قاخشال بولۇپ، جىڭگىلەك چاچلىرى، تەپ ھارارىتىدىن سارغىيىپتۇ.

پۇرلۇشۇپ ئىپار پۇراقلىق زۇلپى،
نۇرسىزلىنىپتۇ نازىنىن كوزى.

كەمپىر قىزىنىڭ بېشىدىن ئايلىنىپ، كوزلىرىدىن يالۋۇرۇش ياشلىرىنى توكۇپ:

— ئەي جېنىم بالام! ئاناڭنىڭ جېنى ساڭا پىدا بولسۇن. بۇ بېشىم سېنىڭ ئايىغىڭ ئاستىدىكى تۇپراق بولسۇن. مەن جېنىمنى ساڭا تەسەددۇق قىلىمەن. ئەگەر بېشىڭدا كېسەل بولسا مېنى بېشىڭدىن ئايلاندۇرغىن بالام، — دەپ ھەر سەھەرلەردە نالە قىلىپ ئاھ تارتىدىكەن. گايىدا بولسا خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ: "خۇدايا بۇ ياش، تېخى جاھانىنىڭ لەززىتىنى كورمىگەن بىچارىگە رەھىم قىلىپ، مەندەك جېنىدىن تويغان كەمپىرنى ئۇنىڭ ئورنىغا قۇربان قىلغىن.

مەيلى ئومرۇم ئاز ۋە يا كوپ بولمىسۇن،
ئال مېنىڭدىن، قىل ئۇنىڭ ئومرىنى ئۇزۇن.
ئەگسىمۇ مەيلى دېنىڭ قەددىمنى غەم،
شۇ قىزىمنىڭ بولسۇن بىر مويى كەم".

دەپ تىلەيدىكەن. ئىشقىلىپ، كەمپىر ئانىلىق مېھرى بىلەن كېچە-كۇندۇز زارلىنىپ دۇئا قىلىدىكەن ۋە يۇرەك پارىسى بولغان پەرزەنتىگە جېنىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدىكەن.

تاسادىپەن بىر كۇنى كەمپىرنىڭ كالىسى پادىدىن كېلىپ

ئاشخانىغا كىرىپتۇ ۋە قازاندىكى تاماقنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ قازانغا بېشىنى تىقىپلا تاماقنى ئىچىپتۇ. تاماق تۈگىگەندىن كېيىن بېشىنى كوتەرگەن ئىكەن، قازاننىڭ گىرۋىكى مۈڭگۈزىگە ئىلىشىپ قېلىپ بېشىنى چىقىرالماي قازاننى بېشىغا كىيگەن پېتىچە ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇ بۇلۇڭدىن-بۇ بۇلۇڭغا يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كالا ئۆيگە كىرگەندە كەمپىر يوق ئىكەن. شۇڭا ئۇ بۇ ھادىسىدىن بىخەۋەر ئۆيگە كىرىپتۇ ۋە ئۆي ئىچىدە غەلىتە شەكىللىك ھەيۋەتلىك بىر نەرسىنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ: "مۆھتىنىڭ جېنىنى ئالغىلى ئەزرائىل كەلگەن ئوخشايدۇ" دەپ گۇمان قىلىپ دات-پەريات كوتىرىپ زارلىنىپتۇ:

ئەي ئەزرائىل مەن مۆھتى ئەمەسمەن،
مەن كەمپىرمەن ئۇنىڭغا ئوخشىماسمەن.
كەلگەن بولساڭ ئۇنىڭ جېنىنى ئالغايسەن،
ئۆي ئىچىگە كىرىپ ئۇنى تاپقايسەن.
ياش مۆھتى بولسا قەستىڭ، ئال ئۇنى،
ئۆيگە كىرىپ تاپ ئۇنى، قويغىن مېنى.
گەرچە ئەزىز بولسىمۇ ئوغۇل ۋە قىز،
بولماس ئىكەن كىشىگە جاندەك ئەزىز.

مەن بۈگۈنكى كۈندە سەن بىلەن بولغان ھەممە ئالاقىدىن ئۈزۈلدۈم ھەم خالايىقتىنمۇ ئۆزەمنى تارتىمەن. مەن سېنىڭ خىزمىتىڭدە يۈرۈپ ئۆزەمگە شۇنداق بىر دەرت-ئەلەم تېپىۋالدىمكى، مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىم ئەمدى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەلەمنى كوتىرەلمەيدۇ. قايسى جانىۋارلاردا ئۆزىنىڭ جىگەر پارچىسىنى زۇلۇم ئوتىدا كاۋاپ قىلىپ، ۋۇجۇدىنىڭ مېۋىسىنى بۇلاڭ-تالاڭ شامىلىدا بەربات قىلىۋېتىشكە، كوزىنىڭ نۇرىنى ۋە كوڭلىنىڭ سەرۋىرىنى يوق قىلىۋېتىشكە تاقەت بولسۇن. شۇنداق ھالەتتە تۇرۇپ، ئۇ قانداقسىگە

باشقىلارنىڭ پەرزەنتىدىن ئەندىشە قىلالىسۇن. ئۇندىن تاشقىرى، مەن ئوز جېنىمدىن ئەمىن ئەمەسمەن. بۇ ھالدا سېنىڭ بۇنداق سالام-تازىم ۋە خوشامەتلىرىڭگە ئالدىنىش ئەقىلدىن ئۇزاقتۇر. ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدا مەغرىپ بىلەن مەشرىقتەك پەرق بار.

ۋىسالدىن ئەگەر بولسا رەنج پەيدا،
ئۇنداق ۋىسالنى تاپمىغان ئەلا.

— ھەر نېمە قىلساڭمۇ قىلىۋېسەن، — دەپتۇ پادىشا، — ئەگەر قىلغۇلۇقىنى سەن ئاۋال قىلغان بولساڭ قاچساڭمۇ توغرا بولاتتى. لېكىن سەن قىساس تەرىقىسىدە ئىش قىلدىڭ. جازا توغرىسىدا ئەمەل كورسەتتىڭ. قىلغانلىرىڭ ئادالەت قائىدە-يوسۇنىغا ياتىدۇ. ھەرقانداق ئىنساپلىق ھاكىم، ئوغلۇمدىن سادىر بولغان ئاشۇنداق گۇنا ئۇچۇن، مۇشۇنداق جازا بۇيرۇغان بولاتتى. شۇنداق تۇرۇق-لۇق سېنىڭ نەپرەتلىنىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئويلىساڭچۇ ئاخىر! مېنىڭ پەرزەنتىم تۇغۇلۇشىدىن ئىلگىرىمۇ سەن ماڭا ئۇلپەت ۋە ھەمدەم ئىدىڭغۇ؟ ئوغلۇم يوقلۇقتىن ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىن ئاتىلىق مېھرى ئۇنى ياخشى كورۇشنى تەقەززا قىلدى. شۇ ھال-دىمۇ يەنە سېنى شېرىك قىلدىم. بىرگە ئولتۇرۇپ بىرگە تۇردۇم. ئومرۇمنى سېنىڭ سوھبىتىڭدە پاراغەت بىلەن ئوتكۇزدۇم. ئەمدىلىك-تە زامانىنىڭ كوزى تېگىپ، پەرزەنتىمنىڭ كوزىگە نۇقسان پەيدا بولدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئاۋالقىدەك مېھىر-مۇھەببىتىم قالمىدى. ئەمما سەن بىلەن سوزلەشمەك ۋە سوھبەت تۇتماقنىڭ ھۇزۇرى تېخىچە قەلبىمدە ساقلانماقتا. ئۇنداق قىلما، بۇمۇ ئوتۇپ كېتىدۇ. مېنى بىر ئومۇر ئۇنتۇلمىغۇدەك خاپىلىقتا تاشلىما، مېنى ئەندىشە ۋە غەم-غۇسسە ئىچىدە يالغۇز قويما. سەن بىلەن مېنىڭ ئىشىم ھازىر ھې-لىقى پادىشا بىلەن سازەندىنىڭ ئىشىغا تولىمۇ ئوخشايدۇ.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ قەيزە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بىر پادىشانىڭ بىر سازەندىسى بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ پادىشا.

## پادىشا بىلەن سازەندىنىڭ ھېكايىسى

بىر پادىشانىڭ بىر سازەندىسى بار ئىكەن. ئۇ شۇنداق خۇش ئاۋاز ۋە نەغمە-سازغا شۇنداق ماھىر ئىكەنكى، دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى ئاۋازى بىلەن ئەقىلنىڭ تاملىرىغا يوچۇق سالىدىكەن، پادىشا ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن ۋە ھەمىشە ساز چالدۇرۇپ، ئۇسۇل كۆرۈپ، شاتلىق بېغىشلىغۇچى ئاۋازلىرىدىن مەست-مۇستەغرەق بولىدىكەن.

ئاڭلىساڭ سازەندىنىڭ ئىنسانغا جانبەخش نەغمىسىنى،
زىلۇ بوم ئاۋازى بىرلە يېڭى روھ ئىنئام قىلۇر.

بۇ سازەندە بىر قاۋۇل قۇلنى تەربىيەت قىلىپ، ساز چېلىش ۋە غەزەل ئېيتىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئۆگەتكەن ئىكەن. كۆپ ئۆتمەي قۇل بارلىق ھۈنەرلەردە ئۇستازىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاھاڭسازلىق ۋە نەغمىۋازلىقنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزۈپتىكى، ئۇنىڭ شۆھرەت ۋە داڭقى پۈتۈن ئالەمنى قاپلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشامۇ ئۇ قۇلنى تەربىيەت قىلىشقا ئىلتىپات كۆرسىتىپتۇ. نەتىجىدە ئۇ قۇل ئاستا-ئاستا پادىشاغا يېقىنلىق دەرىجىگە يېتىشىپتۇ. پادىشا ھەمىشە ئۇنىڭ دىلنى ئېرىتكۈچى نەغمىلىرىگە مەپتۇن، جاننى تەربىيەت قىلغۇچى ئاھاڭلىرىغا ئاشىق بولغان ھالدا، ئۇنىڭ ناخشا-سازلىرىنى تىڭشايدىكەن. ئەمما سازەندىنىڭ كۆڭلىدە ھەسەت ئوتى شولە ئۇرۇپ، قۇلنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ خەۋەر پادىشاغا يەتكەندىن كېيىن پادىشا سازەندىنى ھوزۇرىغا ھازىر قىلىشقا پەرمان بېرىپتۇ. سازەندە پادىشانىڭ دەرگاھىغا كەلتۈرۈل-

...ندىن كېيىن، پادىشا ھەيۋەت بىلەن ئاچچىقلاپ تۇرۇپ، ئۇ...
...غا شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي، مېنىڭ كوڭۇل ئېچىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ...ەن ياخشى بىلسەن ۋە مېنىڭ كوڭۇل ئېچىشىمنىڭ ئىككى ...لىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر خىلى، سازەندىلەرنى توپلاپ ساز ...چالدۇرىدىغانلىقىمنى، يەنە بىر خىلى غەزەلچىنى يالغۇز ئوقۇتۇپ ...ڭلايدىغانلىقىمنى ھەم بىلسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نىمە سەۋەپ... قۇلنى ئولتۇردۇڭ ۋە مېنى ئىككىنچى خىل كوڭۇل ئېچىش... سۇلىدىن مەھرۇم قىلدىڭ؟ شۇ سائەتتە بۇيرۇق بېرىمەنكى، سەن ئۇ ...غا ئېچۇرگەن شەرۋەتنى ساڭىمۇ ئېچۇرۇشسۇن. باشقىلار بۇنىڭدىن ...رەت ئېلىپ، بۇندىن كېيىن بۇنداق جۇرئەت قىلالمايدىغان بولسۇن!

— پادىشاھىم! مەن خاتاقىلدىم، — دەپتۇ سازەندە، — مەن شاھ... ...مىزنىڭ كوڭۇل شاتلىقىنىڭ يېرىمىغا بەرھەم بېرىپتىمەن. ئەمما ...پادىشاھىم ئۆزلىرى شۇنى ياخشى بىلىدىكى، ئەگەر ھازىر مېنى ئول... ...تۇرۇشكە بۇيرۇسىلا كوڭۇل شاتلىقلىرىنىڭ قالغان يېرىمىمۇ زايا ...بولىدىغۇ؟

پادىشاغا بۇ سوز ماقۇل كېلىپ، كۈلۈمسىرەپتۇ ۋە سازەندىنى ...لۇمدىن ئازات قىلىپتۇ.

بۇ مىسالدىن غەزەز شۇكى، مېنىڭمۇ ئازغىنا بىر كوڭۇل شات... ...پەرزەنتىمنىڭ ئەيىپلىك بولۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن بەرھەم ... ئەمدى سەنمۇ پىراق سازىنى چالساڭ، ئۇمىدىمنىڭ بېلى ... قامىتىدەك پۈكۈلۈپ، رەنجىگەن كوكسۇم ھەسرەت ... بىلەن تاتىلىندۇ. سوزۇمىنىڭ خۇلاسىسى، دوستلارنىڭ ...پىراقى ناھايىتى كوپ زەرەر كەلتۈرىدۇ. ھىلىھەم، ئىمكانىيەت ...بولسىلا دوستلۇق ئېتىگىنى قولدىن بەرمە.

...بېيت»: قىلمىغىن بىگانىلىق، بىلگىنكى دەۋران ئاقىۋەت،
يار - دوستلار ئىچىگە نۇرغۇن جۇدالىق سالغۇسى.

— ئۆچمەنلىكنىڭ كۆڭلۈڭنىڭ خىلۋەتخانىسىدا يوشۇرۇن تۇر-
ماقتا، — دەپتۇ قەيزە ئۇنىڭغا، — ۋە ئاداۋىتىڭ كۆكرىكىڭنىڭ باياۋانىدىن
ئورۇن ئالغان، لېكىن باشقىلار ئۇنىڭدىن ۋاقىپ بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن ئاغزىڭدىن چىققان سۆز ئىشەنچكە يارىمايدۇ. چۈنكى كۆڭ-
لۈڭدىكى مەنىلەردىن تىلىڭ بىخەۋەر. دىلىڭدىكىنى تىلىڭ سۆزلەپ
بېرەلمەيدۇ. لېكىن كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بولغانلىقى سەۋەبىدىن
سېنىڭ تىلىڭ دىلىڭغا مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى مېنىڭ كۆڭلۈم چۈشى-
نىۋاتىدۇ. ئەي پادىشا، مەن سېنىڭ مىجەزىڭنى بىلىمەن ۋە سېنىڭ
سىياسىتىڭدىن قورقىمەن. ھېچقاچان سېنىڭ قەھرىڭدىن خاتىرجەم
بولالمايمەن. سېنىڭ زەردىڭ خەۋپىدىن بىر نەپەس ئارام ئالال-
مايمەن. مەن ھېلىقى تېۋىپ، "ساڭا مەيدە ئاغرىقىنىڭ دورىسىدىن
كۆز ئاغرىقىنىڭ دورىسى زۆرۈرەكتۇر" دەپ جاۋاپ بەرگەن گۇ-
رۇھتىن ئەمەسمەن.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— بىر كىشى، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ قەيزە.

## تېۋىپ بىلەن ئاغرىق كىشىنىڭ ھېكايىسى

بىر كىشى تېۋىپنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئۇ مەيدە ئاغرىقىدىن
زارلىنىپ يەرگە يۆمۈلۈپ نالە قىلىپ، تېۋىپتىن داۋا سوراپتۇ.
تېۋىپ ھۆكۈمالىق قائىدىسى بويىچە ئالامەتلىرىنى سوراپ، كېسەلنى
پەرق ئېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— نېمە يېگەن ئىدىڭ؟

— ئالقانچىلىك بىر پارچە كۆيۈك ناننى يېگەن ئىدىم. يۈ-
رىكىمنىڭ تونۇرىنى قىزىتىۋەتتى، — دەپتۇ ئۇ ساددا كىشى.

تېۋىپ خادىملىرىغا بۇيرۇپتۇ:

— كۆزگە جۇلا بېرىپ روشەنلىكىنى ئاشۇرىدىغان دورىنى
ئەپكېلىڭلار، بۇ كىشىنىڭ كۆزىنى داۋالاپ قوياي.

— چاقچاق قىلىدىغان چاغمۇ بۇ، — دەپتۇ ئاغرىق كىشى پەرياد قىلىپ، — مەسخىرىۋازلىقنى قويۇڭ. ئىستىھزانى تاشلاڭ، مەن مەيدە ئاغرىقىدىن نالە قىلىۋاتسام سىز كۆزۈمگە دورا قىلىمەن دەيسىزغۇ. كۆزنىڭ مەيدە بىلەن نىمە ئوخشاشلىقى بار؟

— مەن ئاۋال كۆزۈڭنى داۋالىسام ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئېتىپ، ئىككىنچى قېتىم كۆيۈك نان يېمەيدىغان بولىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا كۆزنىڭ دورىسى مەيدە ئاغرىقىنىڭ دورىسىدىن زۆرۈرەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تېۋىپ.

بۇ مىسالدىن غەرەز شۇكى، سەن مېنى كۆيگەن بىلەن كۆيمىگەننى، پىششىق بىلەن خامنى ئايرىيالمىسىمكىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلما. خۇداغا شۈكرى، ئۆزەمگە چۈشلۈق ئەقلىم بار. ياخشى-ياماننى پەرق ئېتىپ بىلەلەيمەن.

— دوستلار ئوتتۇرىسىدا مۇنداق ھادىسىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنداق قارشىلىشىشلار پۈتۈنلەي ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتسۇن دېگىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ پادىشا، — ئەمما ھەركىم ئەقىل نۇرى ۋە پەم-پاراسەت زېۋىرى بىلەن جابدۇلغان بولسا تاقىتىنىڭ بارىچە غەزەپ شولىسىنى ئۆچۈرۈشكە ھەركەت قىلىدۇ ۋە دۈشمەنلىك ھەم پىتنە توپىسىغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە يۇۋاشلىق سۈيىنى سېپىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەيۇ شەرۋەتنى ئىچىش گەرچە ناھايىتى ئاچچىق بولسىمۇ، يولباشچى بولۇش ھالاۋىتىنى بېرىدىغانلىقىنى، مۇشەققەتكە سەۋرە قىلماق گەرچە زەھەردەك ئاچچىق بولسىمۇ، تەرياق خۇسۇسىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

— "ھەركىم سۇسلۇق قىلسا پايدىسى زىيانغا ئايلىنىدۇ" دېگەن مەشھۇر مىسال بار، — دەپتۇ قەيزە، — قىيىن ئىشنى ئاسان چاغلىغىلى بولمايدۇ، بۇنداق قاتتىق ئىشتا سۇسلۇق قىلىش يارىمايدۇ. مەن ئۆمرۈمنى پەلەكنىڭ ئاپەت يوشۇرۇنغان مېھرىۋانلىقىدا ئۆتكۈزۈپتىمەن، ئەزىز ھاياتىمنى زامانىنىڭ ئاجايىپ ئىشلىرىنى كۆرۈشكە سەرپ قىلىپتىمەن، نەتىجىدە بەزى تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈ-

روۋپ، پەم-پاراسەت سەرمايىسىنى ئارتتۇرۇۋېتىمەن. مەن ئىقتىدار ئۈچقۇنى ۋەدە بىناسىنى كويدۈرۈۋېتىدىغانلىغىنى، دولەتمەنلىك يىگىنىسى ۋاپانىڭ كوزىنى تىكىدىغانلىغىنى تەھقىق بىلىمەن. شىر ھەيۋەت بىلەن ئىنتىقام قۇيرۇغىنى يەرگە ئۇرغان ۋاقىتتا، تۈلكىنىڭ يالۋۇرۇشى قىلچە پايدا بەرمەيدۇ. مەن ئۈچۈن تىۋشقاندەك ئۇخلاپ ياتقاندىن كورە يولۋاستىن قورققان كىيىكتەك باياۋانلاردا چېپىپ يۈرگىنىم ياخشىراق. چۈنكى ئاجىز رەقىپ كۈچلۈك دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. بىر پادىشا ئۆز دۈشمىنى توغرىسىدا بىر تەمسىل كەلتۈرگەن ئىكەن.

— ئۇ قانداق مىسال ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— تۈركىستان دىيارىدا، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ قەيزەر.

## تۈركىستانلىق پادىشانىڭ ھىكايىسى

تۈركىستان دىيارىدا بىر پادىشا بار بولۇپ، ئۇ جاھاندا تەڭدىشى يوق، ھىممەت چېدىرىنىڭ ياخشىلىق سايىسىنى پۈتۈن ئالەم خەلقىنىڭ بېشىغا يايغان، ئەنقانىڭ قانىتىدەك لەپىلدەيدىغان بايرىغىنىڭ ئۇچىنى پەلەك تاۋۇسىنىڭ ئۇۋىسىدىنمۇ ئىگىز كوتەرگەن، ئادالەتلىك مەملىكەت باشقۇرۇش ئىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، سېخىلىق ۋە ياخشىلىق بىلەن پادىشالىق تەختىگە زىننەت بەرگەن بىر پادىشا ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دولەت ئەركانلىرىدىن بىرىنىڭ كوڭلىگە غۇبار پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستانىسىدىن يۈز ئورۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ۋە دۈشمەنلەرنى كۈشكۈرتۈپ ئۇرۇشقا دالالەت قىلىپتۇ. پادىشا دۈشمەننىڭ ئىتائەت قىلىشىدىن يۈز ئورۇپ، ئىسيان ۋەسۋەسىسى بىلەن ئېتىقادىغا نۇقسان يەتكۈزگەنلىكىنى ۋە خام-خىيالىلىق سەۋداسى بىلەن پادىشالىق ئارزۇسى بېشىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ، شەپقەتلىك سوزلىرى بىلەن نەسىھەت قىلىپ، مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتىپتۇ،

لېكىن دۈشمەن مەغرۇر بولغاچقا، مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىغا ئىلتىپات قىلماپتۇ-دە، پاراكەندە لەشكەرلىرىنى يىغىپتۇ. پادىشا ئۆزىنىڭ نەسىھەت دورىسى بىلەن ئۇلارنىڭ يولدىن چىققان مىجەزلىرىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىنى پەملەپتۇ. شۇڭا ئۇلارغا: "مەن ۋە سەن تاش بىلەن شىشىگە ئوخشايمىز. مەيلى تاشنى شىشىگە ئۇر، مەيلى شىشىنى تاشقا ئۇر، بەرىبىر شىشە سۇنىدۇ، تاشقا ھېچقانداق زەرەر يەتمەيدۇ" دېگەن مەزمۇندا خەۋەر ئەۋەتىپتۇ.

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، ئەي پادىشا، مېنىڭ شىشىگە ئوخشايدىغانلىقىم، سېنىڭ تاشقا ئوخشايدىغانلىقىڭ سېنىڭ كۆڭلۈڭگىمۇ روشەن. شۇڭا مەن سەن بىلەن مۇلاقات بولماسلىقىم لازىم. ھازىر سەن ھەرقانچە "ئىلتىپات ۋە مەرھەمەتلەرنى قىلىمەن" دېگىنىڭ بىلەنمۇ، غەزىۋىڭ تۇتقان ۋاقىتتا سېنىڭ ئاچچىقىڭنى كەلتۈرۈپ قويغانلارنىڭ ئۆزرىنى قوبۇل قىلماق ھارام ۋە سەن ئاداۋەت ساقلاۋاتقان كىشىلەرنىڭ سۈلھ تەلەپ قىلىشىغا ئىنكار بىلەن جاۋاپ بەرمەك ۋاجىپ بولۇپ قالىدۇ.

ماڭا شۇنداق نەسىھەت قىلغان ئىدى مېھرىۋان دوستۇم:
"دۈشمەن سېنى ئالدار بولسا ھەرگىز ئېتىقات ئەتمە".

— گۇمانغا ئىشىنىپلا دوستلۇقنى تاشلاش راۋا بولمايدۇ، — دەپتۇ پادىشا، — سەل-پەللا ۋەھىمە بىلەن كونا دوستلۇقتىن كېچىپ، دوستنى يىراق ئەلىمگە گىرىپتار قىلىشمۇ لايىق ئىش ئەمەس، بارلىق جانۋارلارنىڭ خارراغى ۋە ئاجىزراغى بولغان كۈچۈكتىمۇ ۋاپادارلىق دېيدىغان نەرسە تېپىلىدىغۇ؟ سەن نىمىشقىمۇ بىۋاپالىق توغرىسىدىلا سۆزلەيدىغانسەن؟ ۋاپا دېگەن شۇنداق ياخشى نەرسىغۇ؟ سەن نىمىشقا مۇھەببەت ۋەدىسىنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەيسەن؟

— ماڭا ۋاپادارلىق تۈۋرۈكى ئۇ تەرەپتە يىقىلغان تۇرسا،

مەن قانداقمۇ ۋاپادارلىق ئىمارىتىنى سالالايمەن: ئۇ تەرەپتە ئەھدۇ پەيماندىن قىلچە ئەسەر قالمىغان تۇرسا، مەن قانداقمۇ ۋاپا توغرىلىق ئېغىز ئاچالايمەن؟ سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى ئاداۋەت ۋەھشىتىنى چىقىرىۋېتىشىڭنىڭ ھېچقانداق ئىمكانىيىتى يوق. كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن مېنى بىر تەرەپ قىلالمايدىغانلىقىڭ ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھىيلە-مىكىر بىلەن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلاۋاتىسەن! شۇڭا بۇ ئىشتا پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىسەن. پادىشالارنىڭ كۆڭلىدە ئورۇن ئالغان ئاداۋەتتىن قورقماق كېرەك، چۈنكى ئۇلار سەلتەنەت غۇرۇرى بىلەن ئىنتىقام ئېلىش قەستىگە چۈشكەندە، ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتقا قارىمايدۇ ۋە ھېچقانداق ئۆزرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاداۋىتى خۇددى كۆمۈرگە ئوخشايدۇ. گەرچە ھازىرلىقچە ئۇنىڭدا ئوت يوق بولسىمۇ، غەزەپ ئۇچقۇنى ئۇنىڭغا ئۇلاشقان چاغدا دەرھال تۇتىشىدۇ-دە، ئوچمەنلىك شولىسى ئۆرلەپ، پۈتۈن جاھاندىكى ھۆل ۋە قۇرۇقنى تەڭلا كۆيدۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇنىڭغا قەيزە.

— ئەجەپ سەن بۇ ئىشنىڭ بىر تەرىپىنىلا كۆرۈپ، يەنە بىر تەرىپىنى مۇلاھىزە قىلىپ باقمايۋاتىسەنغۇ؟ — دەپتۇ پادىشا، — نېمىشقا غەزىپىڭ ئۆلپەتچىلىككە ئالمىشىش ئېھتىمالى يوق بولىدىكەن؟ نېمىشقا كۆڭلىمىزدىن خاپىلىق كېتىپ خۇشلۇق ھاسىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەسكەن؟

— ئەگەر كىشى ئىلتىپات يولىنى تۇتالىسا ۋە دوست رىزاسىنىڭ تەلىۋىدە يۈرەلىسە، ياكى ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزەلىسە ۋە زىيىنىنى توساش ھەرىكىتىنى قىلالىسىغۇ ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىدىكى غەزەپ ۋەھشىتى كۆتىرىلىپ، كۆڭۈل شاتلىقى ھاسىل بولۇشى مۇمكىن بولاتتى. لېكىن مەن كۆڭۈلدىن ئاداۋەت كۆتىرىلىپ، مېھىر-مۇھەببەت پەيدا بولۇشقا سەۋەپ بولىدىغان بىر ئىش قىلىشقا ئاجىزمەن، بەلكى شۇ ئىشنى كۆڭلۈمدىن كەچۈرەلەيمەنكى، ئەگەر سېنىڭ خىزمىتىڭگە يەنە بارسام ھەمىشە قورقۇنچ ئىچىدە يۈرۈشۈم

ۋە ھەر سائەتتە بىر يېڭى ئۇلۇغنى كورۇشۇم مۇمكىن. شۇڭا بۇنـ
داق مۇلازىمەت خىيالىنى بېشىمدىن چىقىرىۋېتىپ، يىراق يولنى
كوزلىمىگىم ئەلادۇر.

بەخت شېخىدىن ۋەسلى گۇللىرى ئېچىلغان ھالدىمۇ،
مەن تىكەن دەسسەپ يىراق دەشتىدە يۇرسەم ياخشىدۇر.

دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قەيزە.

— ياخشىلىق ۋە يامانلىقنا ھىچكىم تەگرى ئىرادىسىنىڭ سىرـ
تىغا قەدەم قويالمايدۇ، — دەپتۇ پادىشا، — ئاز بولسۇن، كوپ بولـ
سۇن، چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ئىشقىلىپ كىشىگە يەتكەن
ھەر بىر ئىش تەگرىنىڭ ھوكمى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.
ئوغلۇمنىڭ قىلغان ئىشى ۋە سېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جازايىڭمۇ
تەقدىرى ئىلاھى بىلەن بولدى. سىلەردىن كورۇلگەن سەۋەپ ئاـ
ساس بولالمايدۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، خۇدايتائالانىڭ تەقـ
دىرىگە نارازى بولۇپ زارلىنىش راۋا بولمايدۇ!

بولسا گەر كاللاڭدا ھۇش، بول تەگرى ھوكمىگە رىزا،
سەبرى ئوزرە قوي پۇتۇڭنى كەلسە ساڭا ھەر بالا.
ھەرنىمەرسە يازسا تەقدىر قەلىمى، بىلگىن ساۋاپ،
"نە ئۇچۇن" دەپ ئويلىما، تەقدىرى ھەق قىلماس خاتا.

— بارلىق مەخلۇقاتنىڭ تەگرىنىڭ قازاسىنى رەت قىلالمايدىغان
ئاجىزلىغى ئوچۇق - ئاشكارا مەلۇملۇق، — دەپتۇ قەيزە، — ياخشىلىق
ياكى يامانلىق، پايدا ياكى زىيانىنىڭ يېتىشى تەقدىر ئىرادە بىلەن
بولىدۇ. خالايىق ئوزىنىڭ تىرىشچانلىغى بىلەن تەگرى ھوكمىنى ياكى
ئوزگەرتەلمەيدۇ، ياكى قازانىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ، ياكى ھىچكىم
ئۇنى ئىلگىرى ياكى كېيىن قىلالمايدۇ، گەرچە بارلىق ئولىمالار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قازاغا قىلمىغىن ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز،
تەگرىنىڭ ئىشىغا گەپ ـ سۆز نە ھاجەت.

دېگەن سۆزدە بىرلىككە كېلىشكەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن ھېچ بىرى "ئېھتىيات ۋە ھۇشيارلىقنى تاشلاش كېرەك" دەپ ئېيتمىغان يوق. بەلكى ئۇلار: "ھەرقانداق ئىشقا سەۋەپ قىلماق ۋە كىپايەت تاپمىغنى خۇدايتائالاغا قويماق كېرەك" دەپ ئېيتىشقان.

ھەر نىمەرسىنى ساڭا يەتكۈزسە ھەق،
"بىر سەۋەپسىز يەتكۈزەر" دەپ قىلما گەپ.
تىرىشىپ ھەركەت بىلەن قىلساڭ سەۋەپ،
ھاسىل بولغاي ھەرنە ئىش قىلساڭ تەلەپ.

دېگەن بېيىتمۇ ئەنە شۇ مەنىنى تەكىتلەيدىغۇ؟
ــ مەن سەن بىلەن مۇلاقات بولۇشقا ناھايىتى مايىل ۋە سوھبىتىڭگە ناھايىتى ئارزۇلۇقمەن. مەن تەرەپتىن شۇنچە ئىشتىياق كورۇلۇپ تۇرۇپ، سەن تەرەپتىن مالاللىق ۋە ناماقۇللۇقتىن باشقا نەرسە كورمەيۋاتىمەنغۇ؟

مەن ساڭا ئاشىقۇ شەيدا، سەن لېكىن مەندىن مالال،
ئارىمىزدا بۇ يوسۇن بىرلە تېپىلغايمۇ ۋىسال.

دەپتۇ پادىشا.
ــ سەن مېنى ئولتۇرۇپ، كوڭلۇڭنىڭ رەنجىگە شىپا بېرىشكە ئىشتىياق قىلىۋاتىسەن، ــ دەپتۇ قەيزە، ــ ۋاھالەنكى، مېنىڭ جېنىمنىڭ ئەجەل شەرۋىتىنى ئىچىشكە مەيلى يوق. تاكى مۇرادىمنىڭ تىزگىنى ئوز قولۇمدا بولىدىكەن، مەن سەندىن ئېھتىيات قىلىمەن ۋە ساقلىنىمەن، چۈنكى مېنىڭ بېشىم كېسىۋەتسە يەنە كوكلەيدى

غان قومۇش ئەمەس، مەن سېنىڭ ئەقىدەڭنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كوڭلۈمنىڭ تونۇشى ئارقىلىق بىلىۋاتىمەن. مەن شۇ تاپتا كۆچۈم يەتسە سېنى ئۆلتۈرمەسەم رازى بولمايمەن. سەنمۇ ئوغلۇڭ ئۈچۈن مېنىڭ ھالاكىتىمدىن باشقا نەرسىنى تىلىمەيسەن، مۇسىبەتلىك بولغانلارنىڭ كوڭۈللىرىنىڭ ئەھۋالىدىن پەقەت ئەنە شۇ دەرت شارابىدىن ئىچىپ باققان كىشىلا خەۋەردار بولالايدۇ. لېكىن راھەت-پاراغەت ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشى ئۇنىڭدىن بىخەۋەر.

سەن ئاياغىڭغا تىكەن كىرمەي تۇرۇپ نە بىلسەن،
بېشىغا تىغ زەخمى تەككەن شىرى مەرتلەر ھالىنى.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ھەرقاچان سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ كوزىنىڭ كورۇشى سېنىڭ يادىڭغا يەتسە ۋە مېنىڭ پەرزەنتىمنىڭ تىرىكلىگى مېنىڭ خاتىرىمگە يەتسە، بىزنىڭ كوڭلىمىزدە پەرق ۋە مىجەزىمىزدە ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىن قانداق پاسات چىقىپ، نېمە ھال يۈز بېرىدىغانلىغىنى بىلگىلى بولمايدۇ. مۇشۇ دەلىل بويىچە ئېيتقاندىمۇ، ماڭا سەن بىلەن بىللە بولۇشتىن كوره ئايرىلىپ كەتكىنىم ياخشىراق.

— نېمە ئۈچۈن كىشى دوستىنىڭ گۇناھىدىن ئوتۈپ، ئۇنىڭغا ئازار بېرىش قەستىنى كوڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدىكەن؟ — دەپتۇ پادىشا. — ئاقىللارنىڭ ئۆز دوستىنىڭ خاتالىق سۈرىتىنى كوڭلىنىڭ لەۋھەسىدىن ئومۇر ئىچىدە ئۇ لەۋھەدە ئۇنىڭدىن يەنە نىشان كورمىگىدەك ۋە ئۆزىنى رەنجىتىپ قويغانلارنىڭ ئۆزرىسىنى رىغبەت بىلەن قوبۇل قىلغىدەك قۇدرىتى بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۆزرە بارلىق ئاداۋەتلەرنى ياپقۇچىدۇر. يامانلارنىڭ يامانراغى ئۆزرىنى قوبۇل قىلمىغۇچىلاردۇر. مەن ئۆزەم ئېيتقان بۇ سوزلەردە كوڭلۈمنىڭ ساپ ئىكەنلىگىنى، كوڭلۈمدە غەزەپ ۋە ئىنتىقام سۈرىتىدىن ئەسەر يوق ئىكەنلىگىنى كورۈۋاتىمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە گۇيا ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ ئەپۇ قىلماقنىڭ پەزىلىتى ئۇندىنمۇ چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

چوڭ بولسىمۇ كىچىكلەرنىڭ خاتاسى،
ئۇندىن چوڭدۇر كاتتىلارنىڭ ئەپۇسى.

— دىگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى راست، — دەپتۇ قەيزە، — ئەمما مەن گۇناكارمەن. گۇناسى بار ئادەم ھەمىشە قورقىدۇ. مەن ھازىر تاپىندا يارىسى بار كىشىنىڭ قاراڭغۇ كېچىدە تاشلىق يەردە ماڭغىنىغا ئوخشاپ قالدىم. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ جاراھىتى تاشقا تېگىش بىلەن تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ ۋە پۇتى ئىشتىن چىقىپ يۇمشاق توپىلىق يەردىمۇ ماڭالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە قىلمۇۋېرىشىمنىڭ مىزاجى ئەنە شۇنداق. شۇنداق ئىكەن، مەن ئۇنىڭدىن قېچىشنى شەرىئەت ۋە مىللەت قائىدە-يوسۇنىدا پەرز دەپ بىلىمەن. ھۆكۈمالار "ئۈچ خىل كىشى ھېكمەت رەۋىشىدىن يىراق ۋە ئەقىل يولىدىن تاشقىرىدۇر" دەپ ئېيتىشقان. بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپ، ھەرقانداق بالا كەلسە قارشى كېتىۋېرىدىغانلار، بۇنداق كىشىلەر ئاقىۋەت ئۆزىنى ھالاكەتكە سالىدۇ؛ ئىككىنچىسى، تائام ۋە شاراپنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك مىقدارىنى بىلمەيدىغانلار ۋە مەيدىسىنىڭ ھەزىم قىلىشقا ئاجىز كېلىشىدىن قورقماي يەۋېرىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، بۇنداق كىشىلەر ئۆز جېنىنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۈچىنچىسى، ئاداۋەت ئەھلىنىڭ سۆزىگە مەغرۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىرىگە ئالدانغانلار، بۇنداق كىشىنىڭ ئىشى ئاخىرى ھەسرەت-نادامەت ۋە پۇشايمان كەلتۈرىدۇ.

دۈشمىنىڭنىڭ ھىلىسىدىن بولما غاپىل ھىچقاچان،
قۇدرىتىڭنىڭ بارىچە قاچ ئۇ تاماندىن ھەرقاچان.

— ھەي قەيزە، — دەپتۇ پادىشا، — مەن ساڭا ھەرقانچە مەرھە-
مەت ۋە ئىلتىپات كورسەتسەممۇ ۋە شۇنچە دوستانە نەسىھەتلەر-
نى ئېيتساممۇ، سەن تارتىنىپ بويۇن تولغاۋېرىسىنا! نەسىھەتنى
قوبۇل قىلمايدىغان كىشىگە قىلغان نەسىھەت خۇددى زاھىتنىڭ
بورىگە قىلغان نەسىھەتى پايدا بەرمىگەندەك بىر ئىش بولىدىكەن - دە!

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ قەيزە.

— بىر پاك كورۇنۇشلۇك زاھىت بار ئىكەن، — دەپ ھىكايە-
سىنى باشلاپتۇ پادىشا.

## زاھىت بىلەن بورىنىڭ ھىكايىسى

بىر پاك كورۇنۇشلۇك زاھىت بار بولۇپ، ئۇ ھەر كۇنى
بەلگىلىك تائەت ـ ئىبادىتىنى تۇگەتكەندىن كېيىنكى ۋاقتىنىڭ ھەممە-
سىنى خالايىققا نەسىھەت قىلىش بىلەن ئوتكۈزىدىغان كىشى
ئىكەن. بىر كۇنى، سەھرادىن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ، ھېرىس ئاغزىنى
ئېچىپ تاما كوزى بىلەن تەلەپ يولىغا قاراپ، پۈتۈن ھىممىتى-
نى بىگۇنالارغا ئازار بېرىشكە قارىتىپ جانلىقنى جانسىز قىلىپ،
تويماس نەپسىنى خوشال قىلماققا تەييار تۇرغان بىر بورىنى كو-
رۇپ قاپتۇ.

زالىمنى كور، جاھىللىقتىن كىشىگە،
مىڭ زىيان يەتكۈزگۈسى بىر نەپ ئۇچۇن.

زاھىت شەپقەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا باش-
لاپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي زالىم، بۇندىن كېيىن ئەمدى ھەرگىزمۇ خالايىق-
نىڭ قويلىرى تەرەپكە يېقىن يولىمىغىن ۋە ئاجىز ھەم بىچارە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەرگە قەست قىلمىغىن. چۈنكى زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى ئوقۇبەت، ئا-
خىرى ئاخىرەت ئازاۋى بولىدۇ.

زۇلۇم بىلەن ھەر كىشى بولسا خۇرسەنت،
قولى بىلەن پۇتىغا سالغۇسى بەنت.
كورسىمۇ ئۇ ھازىرچە كاتتا دولەت،
لېكىن تېزدىن يەتكۈسى ئاڭا مېھنەت.

زاھىت يۇقۇرقىدەك ماقالىلار بىلەن سوزلەپ، ئۇنىڭ خەلق قويلىرىغا زىيان سېلىشىنى تەرك ئېتىشى ئۇچۇن ۋەز ئېيتىشقا كىرىشىپتۇ. لېكىن:

— ھەي شەيخ! نەسىھەت قىسسەڭنى قىسقا قىل، ماۋۇ جاڭگالنىڭ كەينىدە قويىلار ئوتىلاۋاتىدۇ. ئۇلاردىن بەزىسىنىڭ قارنىنى يېرىپ، بەزىسىنى ئېلىپ قېچىشنىڭ پۇرستى ئوتۇپ كېتىدۇ بىكار. ئۇ ھالدا ھەسرەت ۋە نادامەت پايدا بەرمەيدۇ ماڭا!— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇنىڭغا بورە.

بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشۈمدىن غەرەز شۇكى، مەن ساڭا شۇنچىلا نەسىھەت قىلساممۇ، سەن ئوز پەيلىڭدىن يانمايۋاتىسەن ۋە سوزۇمگە ئىلتىپات قىلمايۋاتىسەن.

مەن تەرەپكە قارىغىن ئەي باغرى تاش،
ئىلتىپات بىرلە سوزۇمگە سال قۇلاق.

— مەن ئەقلىم نەسىھەتچىسىدىن نەسىھەتلەرنى ئاڭلىدىم ۋە پەم ۋائىزىدىن پەنت ئالدىم ھەم ئۇنىڭدىن بەھرىلەندىم. شۇڭا مەن ھەمىشە ھەزەر قىلىشىم، ھەزەر ئىشىگىنى توتۇشۇم، تەجرىبە ئەينىكىگە قاراپ تۇرۇشۇم كېرەك. مەن قورقۇنچىدىن شۇ يەرگە كەلدىمكى، شۇ تاپتا مەن، ماڭا كىشىنىڭ قولى يەتمەيدىغان،

كۆزى ئۆلۈشالمايدىغان يەرگە كەتمەكنىڭ كويىدا مەن. مېنىڭ بۇ يەردە بۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇشۇم ھارام. چۈنكى مەن سېنىڭ مېنىڭ قېنىمنى ھالال دەپ تونۇغانلىقىڭنى ھەم مۇرۇۋۋەت شەرتىدە جايىز بولمايدىغان ئىشنى قىلىشنى راۋا كورگەنلىكىڭنى بىلمەن، بەس! بۇنداق ھالدا مېنىڭ بۇ يەردە توختىشىم مەكرۇ ۋە كېتىشىم ۋاجىپتۇر. بۇ يەردە بۇندىن ئارتۇق تۇرۇشۇم خوپ ئەمەس، — دەپتۇ ئۇنى ئاڭلىغان قەيزە.

— بۇ يەردە ساڭا ھەممە مەئىشەت جابدۇقلىرى تەييارغۇ! راھەت-پاراغەت ئىشىكلىرى كوڭلۈڭگە ئوچۇقتۇ! شۇنداق تۇرۇقلۇق سەپەر مۇشەققىتىنى ئىختىيار قىلىشىڭ ۋە باشقا جايلارغا بېرىپ كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن تەرەددۇت قىلىشقا ھېچقانداق سەۋەپ يوقتۇ؟ — دەپتۇ پادىشا.

— ھەرقانداق كىشى مۇنۇ بەش خىسلەتنى ئۆمۈرنىڭ سەرمايىسى ۋە يول جابدۇغى قىلسا، ھەر قەيەرگە بارسا غەرىزى ھاسىل بولىدۇ ۋە ئۆزىگە ھەمسوھبەت تېپىپ ئىززەتلىك بولىدۇ، — دەپتۇ قەيزە، — ئۇنىڭ بىرىنچىسى، بەتقىلىقلىقتىن يىراق بولماق؛ ئىككىنچىسى، ياخشى ئىش قىلىدىغان بولماق؛ ئۈچىنچىسى، تۆھمەت قىلىدىغان ۋە رىيا قىلىدىغان ئىشلاردىن پەرھىز قىلماق؛ تۆتىنچىسى، ياخشى خۇيلۇق بولماق؛ بەشىنچىسى، ھەممە ۋاقىتتا ئەل بىلەن ياخشى چىقىشماق ۋە ئەدەپ ساقلىماق. بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىگە جەم قىلغان كىشى ھېچقانداق جايدا غېرىپ بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى غېرىپلىقنى يەرلىكلىككە ئالماشتۇرىدۇ. ئەقىللىق كىشى ئەگەر ئۆز يۇرتىدا ئۇرۇق-تۇققانلىرىدىن خاتىرجەم بولالمىسا، ئۇلاردىن ئايرىلىپ سەپەر قىلىشى كېرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بەدەل تېپىلسىمۇ ئۆز زاتىغا بەدەل تېپىلمايدۇ.

قىلالمىساڭ ئەگەر يۇرتۇڭ ئىچرە كوڭلۈڭنى خوشال،
نە قىلارسەن ئۆيۈڭ ئىچرە ئەسىر بولۇپ ئولتۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتسەڭمۇ گەر ئۇزگە يۇرتقا تاپالارسەن يارۇ ـ دوست،
يۇرسەڭ ئەگەر ھەر ماكاندا ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇپ.

ــ بارغان يېرىڭدە قانچىلىك ۋاقىت تۇرسەن؟ قايسى زامان ـ غىچە تۇختايسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ پادىشا.

ــ مېنىڭ بىرىشىمدىن يېنىشىمنى ئۇمىت تۇتىمغىن ۋە كېتىشىمدىن كېلىشىمنى تاما قىلمىغىن، ــ دەپتۇ قەيزە، ــ سېنىڭ بۇ سوئالىڭ ۋە مېنىڭ جاۋابىم، خۇددى ناۋاي بىلەن ئەرەپنىڭ ھىكايىسىغا ئوخشاپ قالدى.

ــ ئۇ قانداق ھىكايە ئىكەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ پادىشا.

ــ بىر ئەرەپ، ــ دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ قەيزە.

## ئەرەپ بىلەن ناۋاينىڭ ھىكايىسى

بىر ئەرەپ باياۋانلارنى كېزىپ، ئاخىرى باغداتقا كەپتۇ ۋە دەجلە دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى بىر ناۋاينىڭ دۇكىنىنى كورۇپتۇ. قارىسا گىردىلەر تولۇن ئايدەك پارقىراپ، ئاق نانلار ئاپتاپتەك يارقىراپ، توقاچلار مەھبۇبلار رۇخسارىدەك ناز قىلىپ، كاكچىلار دىلبەرلەر يۈزىدەك دىلنىڭ زوقىنى تارتىپ تۇرغان ئىكەن.

ناۋاي تونۇرى خۇددى خىلىل گۇلزارىغا ئوخشار①،
ھەرلەھزە چىقار پاكىزە نانلار گۇل كەبى ئاندىن.

ئەرەپ بىچارە نانىنىڭ پۇرىقىدىن يېڭى ھايات تېپىپتۇ. ئۇ نانىنىڭ يۈزىنى كورۇپ سەۋرە ياقىسىنى يىرتىپ، ناۋاينىڭ قېشىغا

① نەمرۇدنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كويدۇرۇش ئۇچۇن ياققان ئوتلىرى گۇلزارغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىكەن. بۇ يەردە ئەنە شۇ تەمسىل ئىشارەت قىلىنغان.

كەپتۇ ۋە دەپتۇ:

— ھەي خوجايىن! قانچە پۇل بىلەن مىنى نانغا تويدۇرالايسەن؟ ناۋاي: "ناھايىتى بىر پاتمان ياكى ئىككى-ئۈچ پاتمان نان بىلەن تويار" دەپ ئويلاپ:

— يىبرىم تىللا بىرىپ، قانچىلىك يىسەڭ يىگىن، — دەپتۇ.

ئەرەپ يىبرىم تىللا بىرىپتۇ-دە، دەريانىڭ لىۋىدە ئولتۇرۇپتۇ. ناۋاي ناننى كەلتۈرۈپ بىرىپتۇ. ئەرەپ ناننى سۇغا تۇگۇرۇپ يىيىشكە باشلاپتۇ. ئەرەپ بىر تىللالىق نان يەپ بولغان بولسىمۇ، يەنىلا نان تەلەپ قىلىپتۇ. ئاخىرى ناۋاي بىتاقەت بولۇپ، شۇنداق دەپتۇ:

— ساڭا راسا ئىشتىھا بەرگەن ئىكەن-دە بۇرادەر! خۇداھەقفى ماڭا ئېيتقىنا، سەن قاچانغىچە نان يەۋىرسەن؟

— ھەي خوجايىن، بىسەۋرىلىك قىلما، تاكى بۇ سۇ ئېقىشتىن توختىمىغىچە مەن نان يىيىشتىن توختىمايمەن، — دەپ كۈلۈپ جاۋاپ بىرىپتۇ ئەرەپ.

بۇ مىسالدىن غەرەز شۇكى، پادىشا مەن ھاياتىم ئىچىدە قورقۇپ ئۆتىمەن، شۇڭا ۋىسالدىن بەھرە ئېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس دەپ بىلىمەن. روزىگار ئۆتتۈرىمىزغا شۇنداق جۇدالىق سالدىكى، ۋىسال ئېھتىمالى يوق. مۇندىن كېيىن ئەگەر سىنى ناھايىتى بەك سېغىنىپ كەتسەم سەھەر شامىلىغا ئەرز قىلىپ، دىدارىڭنى خىيال ئەينىگىدە كورۇۋالارمەن.

بولمىسىمۇ يار ۋىسالى، يادى بىرلە مەن خوشال،
بولمىسا ئاي، شام بىلەنمۇ كۈلبىمىز روشەن بولۇر.

پادىشا كوزىدىن ھەسرەت تامچىلىرىنى ئاقتۇزۇپتۇ ۋە ئۇ زىرەك قۇشنىڭ تۇزاققا ئىلىنمايدىغانلىقىنى، ئىنتىقام ئېلىش مۇيەسسەر بولمايدىغانلىقىنى، ھەرقانچە ۋەدە دانلىرىنى چاچقان بول-

سىمۇ ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

— ئەي پادىشا، ھەرقانچە مەرھەمەت بىناسىنى ۋە خاتىرجەملىك خەۋىرىنى قەسەم بىلەن تەكىتلىسەڭمۇ، خىزمەت ھالقىسىنى بويۇنۇمغا سالمايمەن، — دەپتۇ قەيزە.

پادىشا قەيزىنىڭ پۇتىغا سانچىلغان ئازار تىكىنىنى ھىلە يىڭنىسى بىلەن چىقىرىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئەمدى ئاتقان ئوقنىڭ قايتمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي قەيزە، ۋىسال بوستانىنىڭ ھىدى جان دىمىقىمىزغا يەتمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۈمىت ئەينىكىدە سوھبەت چېھرىسىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندىم. ئەمما، نەسىھەت سىرى بىلەن كۆڭۈل ئەينىكىدىكى غۇبارنى ئېرىتىپ، ھاياتىم ئۈچۈن سائادەت كەلتۈرگۈدەك بىر-ئىككى ئېغىز سۆزنى يادىكار قىلىپ قالدۇرۇشۇڭنى ئۈمىت قىلىمەن.

— ئەي پادىشا، — دەپتۇ قەيزە، — جاھاندىكى ھەممە ئىشلار تەقدىرگە مۇۋاپىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى يا ئىلگىرى-كېيىن ياكى ئاز-كۆپ قىلغىلى بولمايدۇ. بىر كىشىنىڭ نامى ئەمەلگە سائادەتمەنلىك ۋۇپىتى پۈتۈلگەنلىكى ياكى شۇملۇق سەھىپىسى يېزىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن ئېھتىيات شەرتىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىش ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن ۋاجىپتۇر. ئەگەر مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئۇلۇغلۇق تەختىدە ئولتۇرالايدۇ ۋە دوستلار قېشىدىمۇ مەغرۇر، تەنە قىلغۇچىلارنىڭ تەنىسىدىنمۇ يىراق بولالايدۇ. يەنە شۇنى بىلمەك كېرەككى، نەپ ئالغىلى بولمايدىغان مال ماللارنىڭ ئەڭ ئۇساللىرىدۇر. پۇقرالارنى باشقۇرۇشتا بىپەرۋالىق قىلىدىغان پادىشالارنىڭ غاپىللىراقىدۇر. زورۇرىيەت ۋە ئېھتىياجلىق چېغىدا دوستىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر دوستلارنىڭ پەست ۋە يامانراقىدۇر. ئۆز ئېرىنى ياخشى كۆرمەيدىغان خوتۇنلارنىڭ ئەسكىراقىدۇر. ئاتا-ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشتىن بويۇن تارتىدىغان پەرزەنتلەرنىڭ يامانراقىدۇر. ئەمما-

لىك ۋە ئەرزانچىلىق بولمىغان شەھەر شەھەرلەرنىڭ ۋەيرانىرا-
قىدۇر. سوھبەتلەشكۈچىلەرنىڭ كوڭلى ساپ بولمىغان ئولتۇرۇش
سوھبەتلەرنىڭ ناخۇشراقىدۇر. مەن بىلەن پادىشانىڭ ئوتتۇرىسىدا
شۇبھە ۋە خەرخەشلىك چۈشتى. ئەمدى ۋىدالاشماق ئەلادۇر»

قەيزە شۇ سوز بىلەن ئوز گېپىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ، ئاي-
ۋان ئۇستىدىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ. پادىشا ھەيرانلىق بارمىقىنى چىش-
لەپ، پۇشايمان قىلىپ ئاھ تارتىپتۇ ۋە:

جاننى كويدۇرگەن بۇ دەرتنى كىمگە ئەيلەرمەن ئايان،
تەييارلاندى تىۋىپمۇ شۇ دەم بولماققا راۋان.
ئىلتىجا قىلساممۇ شۇنچە قىلدى يار ئوز گېپىنى،
ئاخىرى كەتمەكچى بولدى، قەست قىلىپ ئالماققا جان.

دەپتۇ.

مانا بۇ ھەسەت قىلغۇچى ۋە ئاداۋەت ساقلىغۇچىلارنىڭ
مىكرىدىن ساقلىنىپ، ئۇلارنىڭ غەرەز ئارىلاشقان دوستلۇقىغا ئى-
شەنمىگەن كىشىلەرنىڭ داستانى. ھەقىقەتەنمۇ ئازار تاپقان دۈش-
مەن ئىنتىقام ئېلىشقا بەل باغلايدۇ. ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ روشەن
كوڭۈللىرىگە مەخپىي ئەمەسكى، بۇ سوزلەرنى بايان قىلىشتىن غە-
رەز: ئەقىللىق كىشىلەر زامان ھادىسىلىرى ۋە جاھان ئىشلىرىدا، بۇ
سوزلەرنى يېتەكچى قىلىپ، ئىشلىرىنىڭ بىناسىنى ئەقىل ۋە تەد-
بىر ئاساسىغا قويۇپ، ئېھتىيات بىلەن ئىش كورۇشى، ھەرقانداق
بىر ئەھۋال ئاستىدىمۇ كوڭلىدە دۈشمەنلىك ساقلاپ يۈرگەنلەرگە
ئىشەنمەسلىكى، ئۇلارنىڭ ھىلە-مىكرلىرىنىڭ ئاپىتىدىن ۋە ئىنتى-
قام ئېلىش، ئاداۋەت ساقلاشلىرىنىڭ زەربىدىن خاتىرجەم بولما-
سلىقى كېرەك دېمەكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەگەر "دىلىم تاپمىسۇن رەنجى،" دىسەڭ،
قۇلاغىڭغا بۇ گەۋھەرنى تاققايسەن.
دۇشمەنلەردىن ھەر ئان قىلىپ ئېھتىراز،
قانچە ياخشى كورۇنسىمۇ قاچمايسەن.
ئاداۋەت ئەھلىگە يولەنمەك يامان،
ئىشەنمەك زىياندۇر، زىياندۇر، زىيان.

## توققۇزىنچى باپ

# ئەپۇقىلىش پادىشالارنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىگى توغرىسىدا

دابىشلىم شاھ ھورمەت يۈزىسىدىن دانىشمەن قەلب ئىگىسى بەرەھمەنگە شۇنداق دەپتۇ:

ـ ئاداۋەت پەيدا بولغاندىن كېيىن دۈشمەندىن كوڭلى ئارام تاپمىغان، دۈشمىنىدە گىنە ـ ئاداۋەت ئەسىرىنى كورگەندىن كېيىن ھەر قانچە مەرھەمەت ۋە خوشامەت قىلغىنى بىلەن ئۇنىڭدىن غاپىل بولمىغان كىشىلەرنىڭ مىسالىنى ئاڭلىدىم. ئەمدى كوڭلۇمگە مۇنداق ئىشتىياق چۈشتى، توققۇزىنچى ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە، پادىشالارنىڭ ئەپۇلىرىغا مىسال بولىدىغان داستانلارنى بايان قىلغايسەن. پادىشا ئوز خىزمەت كارلىرىدا خاتالىقنى كورگەن ۋە ئۇنى ئوتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ئۇلاردا ئىككىنچى قېتىم ئەيىپ ۋە گۇنا سادىر بولغان بولسا بۇ ئىككىنچىسىدە ئۇلارغا يەنە مەرھەمەت قىلىشى كېرەكمۇ ـ يوقمۇ: ئۇلارغا بېگىدىن مەنسەپ بېرىپ، يەنە ئاۋالقىدەك ئىشىنىش ھوشيارلىق ۋە ئېھتىيات شەرتىگە مۇناسىپ كېلەمدۇ يوق؟ بۇنىڭغا ئالاقىدار مىساللاردىن تەپسىلات سوزلەپ بەرسەڭ.

بىدپاي ھەكىم جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى ئىبارىلەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ: سەل - پەل خاتالىق سادىر بولۇشى بىلەنلا، ئۇنى جازالاشقا ئەمىر قىلسا، مۇلازىملارنىڭ ئېتىقادى قايتىدۇ - دە، ھېچكىم پادىشاغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ھالدىن ئىككى ئىللەت پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى شۇكى، پادىشالىق ئىشلىرى يۇرۇشمەي ۋە پۈتمەي قالىدۇ. ئىككىنچىسى، پادىشامۇ ھەم گۇناھكارلارمۇ ئەپۇنىڭ لەززىتىدىن نېسىۋىسىز قالىدۇ. كاتتا پادىشالاردىن بىرى: "ئەگەر خەلق مېنىڭ جىنەمىنىڭ تامغى ئەپۇ چايىنالمىسىدىن قانداق لەززەت تاپىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولسا، مېنىڭ دەرگاھىمغا گۇنا ۋە خىيانەتتىن بولەك تۆھپە ئېلىپ كەلمىگەن بولاتتى" دېگەن ئىكەن.

ئەپۇ قىلماقتىن ماڭا بىھساپ ۋە بىساناق،
لەززەت تېپىلىشىنى بىلگەن بولسا گۇناھكار.
ھەر دائىم بىر قەست بىلەن ئۆتكۈزۈپ كوپ خاتالىق،
كەلتۈرەتتى ئالدىمغا گۇنالارنى كوپ قاتار.

پادىشالارنىڭ ھاللىرىنىڭ جامالىغا ئەپۇدىن ئۆزگە ھېچ- قانداق ياسداق ياراشمايدۇ. ئۇلۇغلارنىڭ قەدرى - قىممىتىنىڭ كامالىتىگىمۇ مەرھەمەتتىن روشەنرەك بىرەر دەلىل يوق. بىر ئادەمنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۇنىڭ ئۆز ئاچچىغىنى باسالىشى بىلەن بىلە بولىدۇ. ھوشيارلىق ۋە ئەرلىكنىڭ ئەسىرىنى غەزىپىنىڭ قىزىق شەرۋىتىنى ئىچەلىشى بىلەن ئۆلچىسە بولىدۇ.

مەرتلىكنى كۈچ بىلەن دەپ، قىلما گۇمان،
غەزەپنى باساڭ ئېرۇرسەن پەھلىۋان.

پادىشانىڭ خۇي - پەيلىنىڭ ياخشىراغى: "ھادىسە ۋاقتىدا

ئەقلىنى ئۆزىگە ھاكىم قىلغان بولۇش، ھېچ ۋاقىتتا خۇيىمىنى مەرھەمەت ۋە سىياسەتتىن خالى قىلماي تۇتۇش" تىن ئىبا- رەتتۇر. ئەمما مەرھەمەت بوشاڭلىق بولۇپ قالماسلىقى، سىياسەت زۇلۇم بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا سەلتەنەت ئىشى گۈزەللىك ۋە ئۇلۇغلۇق بىلەن زىننەت تاپىدۇ ۋە مەملە- كەتنىڭ مادارى خەۋپ بىلەن ئۈمىتنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. يەنى ئىخلاسمەنلەرمۇ ئىلتىپاتتىن نائۈمىت بولمايدۇ؛ پىتنە- پاسات- چىلارمۇ ئەلنى بۇزۇپ، پىتنە قوزغاشقا سىياسەتتىن ئەمىن بولالمايدۇ.

ئېلىنى شۇنداق تۇتاتتى جەمشىت،
بېرىپ بەزى خەۋپ، بەزىدە ئۈمىت.

ئىسلام ھوكۇمالىرى: "تەڭرى تائالا قۇرئاندا بەندىلەرگە ياخشى خۇيىلارنى تەلىم بەرگەن. ئەزەلدە سائادەت يار ۋە مەدەتكار بولغان كىشى قۇرئان ھوكۇملىرىنى كوڭلىگە قىبلە ۋە جېنىغا كەئبە قىلىشى كېرەك" دەپ ئېيتقان. تەرىقەت پىرلىرىدىن بىرى ھەقىقەت تىلى بىلەن مۇنداق دىگەن: "ئاچچىقنى يۇتماق دىگەنلىك ئوقۇبەت قىلىشقا ھەركەت قىلماسلىق دىگەنلىكتۇر. ئەپۇ دىگەنلىك مالاللىق ئەسىرىنى كوڭلىدىن تامامەن چىقىرىۋېتىش دىگەنلىكتۇر. ياخشى ئىش دىگەنلىك گۇناھىنى ئەپۇ قىلغان دوستىغا يەنە بۇرۇنقىدەكلا مېھىر- شەپقەت كورسىتىش دىگەنلىكتۇر".

بۇ سوزنىڭ مەھسۇلى شۇكى، ئىشلار بىناسىنى ئىلتىپات ۋە يۇمشاقلىق ئاساسىغا قويۇپ، ھەممە ئىشلاردا دوستلارغا مۇرۇۋۋەت، دۈشمەن بىلەن مادارا قىلماقنى موتىۋەر بىلمەك كېرەك. «سۇھاھ» دىگەن كىتاپتا: "ئەگەر يۇمشاقلىقنى سۇرەتكە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭ جامالى شۇنداق نۇرلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە پارقىراق بولغان بولاتتىكى، ھېچبىر كوز ئۇنىڭغا قاراشقا چىدىيالمىغان بولاتتى. ھېچ كىشى ئۇنىڭدىن گۈزەلرەك ۋە ئۇنىڭدىن ياخشىراق شەكىلنى كورمىگەن بولاتتى" دەپ يېزىلغان ئىكەن.

پۇرسەت كېلىپ قولۇڭغا چۇشكەن بولسا گۇناكار،
ئەپۇ قىلساڭ سەن ئۇنى، ساڭا كېلىپ باش قويار.
قىلمىشىدىن قورقۇپ ئۇ ئالىلىبۇرۇن ئولگەندۇر،
گەر ئەپۇدىن تاپسا ھىد، يېڭىۋاشتىن جان تاپار.
مۇمكىن بولسا ئەپۇنىڭ سۇرىتىنى سىزماققا،
ئەپۇ يۈزى قۇياشتەك، نۇرچېچىپ تۇرغان بولار.

ئەگەر چوڭقۇرراق ئويلاپ باقىدىغان بولسا، كىشى ئىنسانىڭ شاراپىتى ئەپۇ ۋە ئېھسان بىلەن ئاشىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. شۇڭا ئاشۇ ئىككى سۇپەتنى تېپىشقا ھەركەت قىلماق كېرەك. ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەسكى، ئادەم گۇنا ۋە غەپلەت، سەھۋەنلىك، خاتالىقتىن خالى بولالمايدۇ. ئەگەر ھەر بىر گۇناغا ئازاپ-ئوقۇبەت، ھەر بىر سەھۋەنلىككە بىر سىياسەت قىلىنىۋېرىدىغان بولسا، تېز ئارىدا پادىشالىقنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا تىنسالىقلۇ ۋە نۇقسانلار پەيدا بولىدۇ.

ئاچچىق تېزلىك بىلەن ئالساڭ قولغا تىغ،
يەيسەن ئاخىر نادامەت بىرلە دەرىغ.
تەپەككۇرلۇق ئىش قىلىشنى قويسا باش،
تاپالمىغاي زىبۇ زىننەت بىرلە تاج.

ئىككىنچى تەرەپتىن، پادىشا گۇناكار بولغۇچىنىڭ ئىخلاسىغا ۋە قابىلىيىتىگە قارىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭدىن پادىشالىق

ئىشلىرى ئۈچۈن بىرەر مەسلىھەت چىقىدىغان ياكى بىرەر ھادىسە پەيدا بولغاندا ئۇنىڭغا ئېھتىياج چۈشۈشىنىڭ ئېھتىمالى بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا يەنە ئاۋالقىدەك ئىلتىپات قىلىشى ۋە دەرھال ئۇنى تەربىيەت قىلىشنىڭ پەيىگە چۈشۈشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كورۇلگەن سەھۋەنلىكنى ئەيىپ كورمەي، ئۇنىڭ كوڭلىگە قۇۋۋەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى پادىشالىقنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنىڭ باش - ئۇچى ۋە ھەددى - ھساۋى يوق. پادىشانىڭ ئوز سىرىگە مەھرەم بولالايدىغان قابىلىيەتلىك كىشىلەرگە ناھايىتى كوپ ئېھتىياجى چۈشىدۇ. شۇنداق ئىكەن، جاھاننى سوراشنىڭ شەرتى شۇكى، پادىشالار ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، قەلبى پاك، دىيانەتلىك، ئوزىنى ئايايدىغان، نەسىھەت قىلالايدىغان، قولىدىن ئىش كېلىدە-دىغان، ئوزىگە تەرەپتار بولغان، ياخشى خۇيلۇق كىشىلەرگە تەربىيەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ قولىدىن نىمە ئىش كېلىدىغانلىغىنى، ئۇلارنىڭ قايسىسى نىمە ئىشقا يارايدىغانلىغىنى بىلىشى ۋە ھەر قىسىم كىشىلەرنى ئوز تورىگە قاراپ، لىياقىتىگە يارىشا ئىشقا تەيىنلىشى كېرەك. ئەگەر بىرەرسىنىڭ ئەيىۋىنى كورۇپ قالسا ئۇنى يامان كورمەسلىگى كېرەك. چۈنكى مەخلۇقلار ئەيىپسىز بولمايدۇ ۋە ئەل ئارىسىدا "ئەيىپسىز يار ئىزلەيدىغان بولساڭ يارسىز قالىسەن" دىگەن گەپمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر بىر كىم ئوزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى بېجىرەلە-مىگەنلىگى ياكى خاتالىق ئوتكۈزگەنلىكىنى بىلسە، گەرچە ئۇ قابىلىيەتلىك ھەم ئەقىللىق كىشى بولغان ھالەتتىمۇ ئۇنى ئىش بېشىدىن يىراق قىلماق ۋە ئەگەر ئۇ نادان ۋە بىئەقىل بولغان بولسا ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلىش دەرىجىسىگىچە ئېھتىيات قىلماق ۋاجىپتۇر. بۇ مەنا مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئەمەلدارلارغا ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە تاپشۇرغان ئىشلارنىڭ نەتىجىسىدىن مەملىكەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن بىر قىسىم ياكى بىر قارامۇقچىلىق نەرسە ئوزىگە مەخپى قالمىغۇدەك دەرىجىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەۋەردار بولۇش پادىشالار ئۈچۈن پەرزدۇر. بۇنىڭدىن ئىككى تۈرلۈك پايدا ھاسىل بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، ئەمەلدارلارنىڭ قايسىلىرى خەلقپەرۋەر ۋە قايسىلىرىنىڭ زالىم ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ-دە، يۇقىرىلارغا ياخشىلىق قىلغانلارنى تەربىيەت قىلىپ، خەلققە جاپا سالغانلارنى مەنسەپ ۋە ئەمەلىدىن ئېلىۋەتكىلى بولىدۇ.

خۇدا ھوكمىنى سەن قويساڭ ئەمەلگە،
كى يۇرتۇڭ ئۈچرىماس ھىچبىر خەتەرگە.
رەقىپتۇر ساڭا ھەر زالىم ئەمەلدار،
ساڭا نەپ ئىزلەپ ئەلگە بەرسە ئازار.
خاتادۇر ئۇ كىشىگە بەرسە مەنسەپ،
ئۇنىڭدىن كورگۇسىدۇر خەلق كۆلپەت.
ياماندۇر تەربىيەت قىلساڭ ئاڭا سەن،
ساڭا بىلسەڭ بولۇر ئۇ كاتتا دۇشمەن.

يەنە بىرى شۇكى، مۇلازىملار پادىشانىڭ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغانلىقلىرىنى ئاڭلىسا، ھەم ياخشى ئىشقا ۋە ئادالەت قىلغانلارغا ئىنئام بېرىپ تۇرغانلىقىنى كورسە، يامانلىق تەرەپكە ئەسلا قەدەم باسالمايدۇ. بۇ مۇقەددىمىگە لايىق كېلىدىغان مىساللاردىن بىرى شىر بىلەن چىلبۆرىنىڭ ۋەقەسىدۇر.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ راي.

— ھىندىستان دىياردا، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ بەرەھمەن

## شىر بىلەن چىلبۆرىنىڭ ھېكايىسى

ھىندىستان دىيارىدا پۈرەيسە ئىسىملىك بىر چىلبۆرە بار ئىكەن. ئۇ دۇنيادىن يۈز ئۆرۈگەن، دۇنيانىڭ تەئەللۇقاتىغا ئارقىسىنى قىلغان ئىكەن. ھەمىشە ئۆز جىنسلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈرسىمۇ، گۆش يېمەيتى، قان تۆكۈش ۋە باشقىلارغا ئازار يەتكۈزۈشتىن پەرھىز قىلىدىكەن.

ئەلەم يەتكۈزمەس ئىدى ھېچ جانغا،
بويىماس ئىدى ئاغزىنى قانغا.

يارانلىرى ئۇنىڭغا نارازى بولۇپ:

— بىز سېنىڭ بۇ خۇيۇڭغا رازى ئەمەسمىز، سەن بىز بىلەن بىللە يۈرگەندىن كېيىن، بىزنىڭ سوھبىتىمىزگە قاتناشقىن، بىزنىڭ ئورپ-ئادىتىمىزگە رىئايە قىلغىن ۋە ئەزىز ئۆمرۈڭنى رىيازەت زىندانىدا ئۆتكۈزمەي دۇنيا لەززىتىدىن نېسىۋە تاپقىن. بۇ دۇنيادا سېنىڭمۇ نېسىۋەڭ بارلىقىنى ئۇنتۇمىغىن، دۇنيانىڭ نېمىتىدىن خالىغانچە يەپ ئىچىپ، خەرج قىلىپ يۈرۈۋەرگىن. بۇ دۇنيادا ئەنە شۇ يېمەك-ئىچمەكتىن باشقا نېمە راھەت بولسۇن؟ تۈنۈگۈنكى ئۆتكەن كۈننى ياندۇرغىلى بولماس، تاڭلا كېلىدىغاننى تاپماققا جەم قىلىش راۋا ئەمەس. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۈگۈنكى كۈننى زايا قىلماقنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

شات بولايلى، كەل بۈگۈن خىلۋەت ئارا،
تاڭلىنىڭ ئەھۋالىنى كىم بىلگۈسى. —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېيىشىپتۇ.

ــ تۇنۇگۇنكى كۈننىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئەتىكى كۈنگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىپسىلەر، ــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ پۈرەيسە ئۇلارغا، ــ ئۇنداق بولسا، بۈگۈن ئەتىنىڭ يولىغا ئوزۇق بولغۇدەك بىر نەرسىنى ساقلاپ قويۇڭلار.

ئىستە بۈگۈن، قالمسۇن ھېچبىر ماكان،
ئاخىرەت يولىغا ئوزۇق تاپ ھامان.

بۇ دۇنيانىڭ ھەممە ئىشى باشتىن - ئاخىر ئەيىپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرەتنىڭ زىرائەتگاھى بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقىمۇ بار. ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئۇرۇقنى تېرىساڭ قىيامەتتە ئۇنىڭ ھوسۇ - لىنى ئالىسەن.

تېرىمىساڭ بولغۇسى ئاخىر يۈزۈڭ،
دان تاپالماستىن سامان كەبى سېرىق.
سەن بۈگۈن گەر قىلمىساڭ تېرىقچىلىق،
تاڭلا خاماندىن تاپالماسەن تېرىق.

مەرت ۋە ئەقىللىق كىشى ئۆز ھىممىتىنى ئاخىرەت ساۋابىنى جەم قىلىشقا سەرپ ئېتىشى كېرەك. ئۇ خەيىرلىك ئىشلار ۋە سەدىقاتلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەقىللىق كىشى ئۆز كۆڭ-لىنى باقى دولەت ۋە جەننەت نېمىتىگە قويۇش كېرەك. بۇ مەقسەت بولسا دۇنيانى تەرك ئېتىش بىلەن قولغا كېلىدۇ.

بۇ دۇنيا ئىمارىتىگە بەرمە دىل،
ئاخىرەت بىناسى تەييار دۇر ساڭا.

بۇگۈنكى كۈنلۈكتە سىلەرنىڭ قۇۋۋىتىڭلارنىڭ بار ۋاقتىدا، رىيازەت تۇلپارىنى تىرىشچانلىق مەيدانىدا يۈگۈرتۈپ، تەن ساقلىق مەۋىسىدىن بىمارلىق ۋاقتى ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىپ جۇغلاپ قويۇشۇڭلار كېرەك. قېرىلىق بازىرىنىڭ كاساتلىقىنى كۆزلەپ، يىگىتلىك سەرمايىسىدىن قولۇڭلارغا پايدا كەلتۈرۈشۈڭلار كېرەك. ھايات مائىدەسىدىن① يوقىلىش باياۋانىنىڭ سەپىرى ئۈچۈن ئوزۇق ئېلىشىڭلار كېرەك. بۇزرۇكلاردىن بىرى: "بۇگۈنكى قىلالايسىلەر، تاڭلا قىلىش قىلالماسلىقنى بىلمەيسىلەر" دېگەن ئىكەن.

بىلمىگەندە بار ئىدى كۆپ قۇۋۋىتىم،
بىلگىنىمدە قالمىدى ھېچ قۇدرىتىم.

دۇنيانىڭ راھەتى چاقماقنىڭ روشەنلىگىدەك قىسقا، مېھنىتى بولسا بۇلۇتنىڭ قاراڭغۇلۇغىدەك ئۇزۇن. شۇڭا ئۇنىڭ نېمىتىگە شات، ئەلىمىگە خاپا بولغۇچىلىكى يوق.

بەرسە راھەت خوشاللىققا ئەرزىمەس،
يوقلۇغىغا ئەقىل كىشى غەم يېمەس.

گەپنىڭ خۇلاسىسى، بۇ مېھنەت كۈلبىسىنىڭ دوستلۇغىغا كۆڭۈل بەرمەك ئالى ھىممەتلىكتىن ئەمەس؛ بۇ تەۋرەپ تۇردىغان جايغا ئىمارەت سالماق دانالىقتىن ئەمەس.

ئولتۇرغىلى بولمىغىدەك سارايىنى،
ياساپ يۈرمەي تاشلىغىن ئۆز ھالىغا.

① مائىدە: بۇرۇنقى زاماندا ئاسماندىن مائىدە ئېسىلىك زىياپەت چۈشكەن ئىكەنمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھەي پۈرەيسە، — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — سەن بىزنى دۇنيا نېمەتلىرىنى تاشلاشقا تەرغىپ قىلىۋاتىسەن، لېكىن بىز خۇدايىتائالا بىزگە نېمەت ئۈچۈن بەرگەن نەرسىلەردىن لەززەت ئېلىۋېرىمىز ۋە مەنپەئەتلىنىۋېرىمىز.

— دۇنيانىڭ نېمىتى دېگەن ئەقىللىق كىشىلەر ئۈچۈن ئۆزىگە ياخشى نام كەلتۈرۈش ۋە ئاخىرەت يولىنىڭ ئوزۇقىنى تەييارلاشتىكى بىر ۋاستە؛ ئۇ باشقىلارغا ئازاپ ـ ئوقۇبەت سېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاخىرەت ساۋابىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋاستە قىلىنغان. ئەگەر سىلەر ئىككى جاھاننىڭ سائادىتىنى ئىستەيدىغان بولساڭلار، ھەرگىز ئۇ: كېلىشكىلارنىڭ راھىتى ئۈچۈن باشقا جانۋارلارنىڭ جانلىرىغا زامىن بولماڭلار. ھەر-قانداق بىر لوقما قولۇڭلارغا ئازارسىز كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا قانائەت قىلىڭلار، ئەقىل ۋە شەرىئەتكە خىلاپ كېلىدىغان ھەر-قانداق ئىشقا مېنى تەكلىپ قىلماڭلار. چۈنكى ئۇنداق ئىش ماڭا ياراشمايدۇ. ئۇنداق يامان ئىشتا سىلەرگە ھەمكارلاشسام ئۇ ماڭا ئازاپىقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر مېنى بۇنداق تەكلىپ بىلەن ئازاپ ـ ئوقۇبەتكە سازاۋەر قىلماقچى بولساڭلار ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار، مەن سىلەردىن جۇدا بولۇپ، باشقا ـ غەيرىنىمۇ كورمەي، خىلۋەتتىنا بىر بۇلۇڭدا ئولتۇراي، — دەپ پۈرەيسە ئۇلاردىن ئايرىلىپ خىلۋەت جاينى ماكان قىلىپتۇ.

يارانلىرى پۈرەيسىنىڭ تەقۋادارلىقى ۋە زاھىتلىق بىساتىدا مەزمۇت ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كورۇشۇپ، ھەممىسى ئۇنىڭغا ئېتىقات باغلاپ، ئاۋال ئۇنى يولىدىن ياندۇرماقچى بولغانلىقىغا پۇشايمان قىلىشىپتۇ ۋە ئۆزرە ئېيتىپ تەۋۋا قىلىشىپتۇ. نەتىجىدە ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە، ئۇنىڭ تەقۋا ۋە رىيازىتىنىڭ ئاۋازى پۈتۈن ئەتراپقا تارقاپ، پەرھىزكارلىقىنىڭ شوھرىتى تەرەپ ـ تەرەپكە يېيىلىپتۇ. پۈرەيسىنىڭ مەنزىلىگە يېقىن بىر جايدا، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن رەشك قىلىپ، باغنى ئېرەمىمۇ يۈزىنى

جاپا نىقاۋىغا ئورايدىغان ۋە راھەتلىك شامىلىنىڭ يەلپۈشى تولگەن كوكۇلەرگىمۇ ھايات بېغىشلايدىغان دەرىجىدە گۈزەل بىر ئورمان بار ئىكەن.

ئەجەپ كەڭرى دىيارى شۇنچە ئاۋات،
ئەجەپ ياخشى ھاۋاسى جانغا راھەت.

ئورماننىڭ چورىسىدە خۇددى نازىنىنلارنىڭ زۇلپىغا ئوخشايدىغان گۈزەل ئوت-چۆپلەر ئۆسكەن بولۇپ، ئۇ جاينىڭ سۈيى، ھاۋاسى ئوبدان بولغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن ياۋايى ھايۋانلار شۇ جايدا جەم بولغان ئىكەن ۋە ئۇلارغا ھەيۋەتلىك ۋە سولەتلىك بىر شىر پادىشالىق قىلىدىكەن.

نەرىسى گۈلدۈرەك ئاۋازى يوغان،
كوزىدىن چاقماقتەك ئوتلار چاقنىغان.

ئۇ ئورمان ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىكەن ۋە ئۇنىڭ ھەشەمىتىنىڭ پاناھىدا ياخشى كۈن كەچۈرىدىكەن. ھەممەيلەن ئۇ شىرنى كامجۇي دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ ئەنە شۇ لەقەم بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر بولغان ئىكەن.

بىر كۈنى كامجۇي دولەت ئەركانلىرى بىلەن ھەر باپتىن سوزلىشىپ ئولتۇرغاندا، گەپ ئارىسىدا پۈرەيىسىنىڭ گېپى چىقىپ قاپتۇ ۋە ھەممەيلەن ئۇنىڭ ياخشى تەربىيە ۋە يارامىلىق ئەخلاقىنى ماختاپتۇ. ئۇنىڭ توغرىسىدا ئېيتىلغان سوزلەرنى ھەر تەرەپتىن پادىشانىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشا جان دىلى بىلەن پۈرەيىسىنىڭ سوھبىتىگە مايىل بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ پۈرەيىسە بىلەن مۇلاقات بولۇشقا كامجۇينىڭ زوق-شوقى ئېشىپ، ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە

كىشى ئەۋەتىپتۇ. ئۇمۇ شاھىنشاھنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ، دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا ھازىر بولۇپتۇ. پادىشا ئۇنىڭغا ئىززەت ۋە ھۆرمەت كۆرسىتىپ، مەجلىسنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرىپتۇ ھەم ئۇنى سىناپ كۆرۈپ بېقىپ، ئۇنىڭ پەزىلەت ۋە ئەدەپ-ئەخلاقىنىڭ بىپايان دەرياسى ھەم ھەقىقەت ۋە مەرىپەتنىڭ كامالەت گۆھەرلىرى بىلەن تولغان خەزىنىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنى ئىش بىلەرمەنلىك، مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش، سۆزگە ماھىرلىق ۋە چارە-تەدبىرگە قابىللىق تەرەپلەردىنمۇ ئىمتىھان قىلىپ كۆرۈپ بېقىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى قوبۇل بوتىسىغا پۈتۈنلەي مۇناسىپ كۆرۈپتۇ.

ئەگەر بولسا ئالتۇن پاك،
بولماس سىناقتىن غەمناك.

كامجۇي ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە خۇشتار بولۇپ، ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن ئۈلپەت بولىدىغان بولۇپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، كامجۇي جايىنى خالىي قىلىپ، پۈرەيسىگە شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پۈرەيسە، مېنىڭ مەملىكىتىم ناھايىتى كەڭرى ۋە ئۇنىڭدا ھەرقانداق مۇھىم ئىشلارغا تولۇق ئىمكانىيەت تەييارلانغان. ماڭا سېنىڭ تەقۋادار زاھىتلىقىڭنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكەندە، مەن ئۇنى ئاڭلاش بىلەنلا سېنى كۆرمەي تۇرۇپ، سېنى ئىككى كۆزۈمدىنمۇ يېقىن دوست تۇتقان ئىدىم. ئەمدى ئېنىق مەلۇم بولدىكى، سەن مېنىڭ ئاڭلىغىنىمدىنمۇ مىڭ ھەسسە ئارتۇق ئىكەنسەن.

دەيتتى سېنى "بىگانىدۇر ئالەم ئارا"،
ئەمدى كۆردۈم سەن ئىكەنسەن ئۇندىن ئەلا.

بۈگۈن مەن تولۇق ئىشەنچ بىلەن مەملىكەتنىڭ خەزىنىلىرىنى ۋە مۇھىم ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ساڭا تەقدىم قىلماقچىمەن. چۈنكى، مېنىڭ تەربىيەتىم بىلەن سېنىڭمۇ دەرىجەڭ ۋە مەرتىۋەڭ ئۆسۈپ، مەخسۇس كىشىلەر ۋە يېقىن كىشىلەرنىڭ قاتارىدا بولغىن. ئەمدى ئىمكانىيەت ۋە ھوقۇقنى قولۇڭغا ئالغاندىن كېيىن، ھەمتەكلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە ئۆلگىنىپ چىقىشىڭمۇ مۇمكىن بەلكىم.

دۆلىتىم ئاستانىسىغا قويىسىڭىز باش،
ھەپتە ئۆتمەي ئاستىڭىزدا بولغۇسى تەخت.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ پۇرەيسە، — پادىشالارنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن يارامىلىق خىزمەتكارلار ۋە قاۋۇل ھاۋادارلار لازىم بولىدۇ. لېكىن بىر كىشىنى زورلاپ ۋە قاخشىتىپ تۇرۇپ بىر ئەمەلگە قويىسلا، لېكىن ئۇ ئۇنداق ئەمەلنى بېجىرىشكە ئاجىز كەلسە، ئۇزلىرىگە ئۇنىڭ ئۇۋالى يېتىپ قالىدۇ. بۇ سوزدىن غەرىزىم شۇكى، مەن ئۇزلىرى بەرمەكچى بولغان ئۇنداق ئەمەلنى خوشلىمايمەن. مەن ئۇ ئىشتىن بۇرۇن ۋاقىپ بولمىغانمەن ھەم تەجرىبەممۇ يوق. ئۇزلىرى يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئۇلۇغ ۋە شان-شەۋكەتلىك پادىشا. ئۇزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئاقىل، يارامىلىق، ئامانەتلىك ھەم دىيانەتلىك كىشىلەر بار. ئەگەر ئىلتىپات قىلىپ، ئۇلارنى مەنسەپكە تەيىن قىلسىلا، ئۇلار مۇبارەك خاتىرىلىرىنى ئەنە شۇ مۇھىم ئىشلارنى ھەل قىلىش غېمىدىن خالاس قىلغۇسىدۇر ۋە ئۇلارمۇ ئەمەلدارلىقىنىڭ شاراپىتىدىن تاپقان توھپە ۋە ھەدىيەلەر بىلەن كۆڭلى خوشال، بېخشى ئىگىسى بولغۇسىدۇر.

— سەن بۇنداق قىلىپ قانچىلىك بىر پايدا تاپارسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنداق دەيدىغان بولساڭ مەن سېنى ھەرگىزمۇ ئەپۇ قىلمايمەن، مەبلى سەن خالىغىن ياكى خالىما، بۇ مۇھىم ئىشنىڭ ھوددى - سىدىن چىقىشنى سېنىڭ گەدىنىڭگە ئارتىمەن، سېنىڭ قوبۇل قىلىشىڭ ياكى رەت قىلىشىڭ بىلەن ئىشىم يوق، — دەپتۇ كامجۇي.

— ئەي شاھىم! — دەپتۇ پۇرەيىسە، — سۇلتانلىق ئىشى ئىككى خىل كىشىگە مۇناسىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىر خىلى، باغرى قاتتىق، ئۆزى زېرەك، ئۆز غەرىزىنى ھىلە بىلەن ھاسىل قىلا - لايدىغان، ئېتىرازنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەيدىغان كىشى؛ ئىككىنچىسى، نومۇساۋۇق بولۇشنى ئۆزىگە خۇي قىلغان كىشى، بۇنداق كىشىلەرگە باشقىلار ھەسەت قىلمايدۇ ۋە ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىشىك قەستىگە چۈشمەيدۇ. مەن بولسام ياكى خىيانەتكە قول ئۇرالايدىغان ھىرىسى غالىپ تەبىقىدىن ئەمەسمەن، ياكى خارلىق يۈكىنى كوتىرەلەيدىغان بىبخىل تەبىئەتلىك كىشىلەردىن ئەمەسمەن.

تەگرى ھەققىكى سوزۇم راستىنى ئېيتارمەن ساڭا،
ئىككى ئالەم بەختى بىر خارلىقتا ئەسلا ئەرزىمەس.

بۇ خىياللىرىدىن ۋاز كەچسىلە پادىشاھىم، مەن ئۆزۈن مۇددەتتىن بېرى، ھىرىسىمنىڭ كوزىنى قانائەت يىڭنىسى بىلەن تىكىۋەتكەنمەن ۋە ئارزۇيۇمنىڭ رەختىنى رىيازەت ئوتىدا كوي - دۈرۈۋەتكەنمەن. ئەگەر مېنى قايتىدىن دۇنيا ئىشلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرىمەن دېسىلە، ئۇ چاغدا مېنىڭ ئىشىم ھىرىس شۇە - لىۇغىدىن ھەسەلگە يېتىپ قالغان ھىلىقى چىۋىنلەرگە ئوخشاپ قالىدۇ.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ كامجۇي.

— بىر كۈنى، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ پۇرەيسە.

# ھالۋاپۇرۇش بىلەن دەرۋىشنىڭ ھىكايىسى

بىر كۈنى، تەرىقەت يولىغا مەھكەم قەدەم قويغان دەر-ۋىشلەردىن بىرى بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر ھالۋاپۇرۇش ئۇستىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇستا ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاچقا، دەرۋىشنى دۇكىنىغا تەكلىپ قىلىپتۇ. دەرۋىشمۇ ئۇس-تىنىڭ كۆڭلىنى ئىزلەپ، ئۇنىڭ دۇكىنىدا بىر پەس ئولتۇرۇپتۇ. ھالۋاپۇرۇش دەرۋىشنى زىياپەت قىلىش ئۈچۈن بىر تەخسە ھەسەل ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بىر پەستە ھالۋاپۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا جەم بولغان چىۋىنلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ ھەسەل ئۇستىگە يىغىلىپتۇ-دە، بەزىلىرى تەخسىنىڭ لېۋىگە قونۇپتۇ، بەزىلىرى بولسا ئۆزىنى تەخسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇرۇپتۇ. ھالۋاپۇرۇش ئۇستا تەخسىدىكى ھەسەلگە ناھايىتى كۆپ چىۋىنلارنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، قولىغا يەلپۈگۈچ ئېلىپ ئۇلارنى ئۈركۈتۈپتۇ. شۇندا تەخسىنىڭ قىرغىقىدىكى چىۋىنلار ئوڭايلا ئۇچۇپ قاچقان بولسىمۇ، ئوتتۇرىسىدىكى چىۋىنلارنىڭ ئايىغى ھەسەلگە يېپىشىپ قالغاچقا ئۇچالماپتۇ. ئۇلار ئۇچماقچى بولۇپ، قانات ئۇرغان ئىكەن، قاناتلىرىمۇ ھەسەلگە يېپىشىپ قېلىپ، ئۆلۈمگە گىرىپتار بولۇپتۇ. ئۇ ئەزىز دەرۋىش بۇ ھالنى كۆرۈپ مەس ۋە بىخۇت بولۇپ بىر نەرە تارتى-ۋېتىپتۇ ۋە بىر سائەتتىن كېيىن ئاندىن قەلب دەرياسى دولقۇنلاشتىن بېسىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھالۋاپۇرۇش ئۇنىڭغا:

— ئەي ئەزىز، بىز ماددى ھالۋىنى سىزدىن ھەرگىز ئايىمايمىز. سىزمۇ تەگرى سىزگە ئاتا قىلغان مەنىۋى ھالۋىنى بىزدىن ئايىماي، شىرىن لېۋىڭىزنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن شېكەر-لەرنى تۆككەيسىز، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇ پەس دۇنيانىڭ ھېرىسخور تەلەپكارلىرى بۇ تەخسە ئىچىدە ئۆز ھالىنى ماڭا كۆرسەتتى. شۇندا غايىپ مۇئەللىمى ماڭا: "بۇ تەخسىنى دۇنيا دەپ، بۇ ھەسەلنى ئۇنىڭ نېمەتلىرى دەپ بىلگىن، چىۋىنلارنى بولسا نېمەتلەرنى يېگۈچىلەر دەپ بىلگىن. تەخسىنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرغانلار بولسا قانائەتلىك پېقىرلاۋ، ئۇلار دۇنيا نېمەتلىرىدىن ئازغىنا لوقمىغا خۇرسەن بولۇشتى. لېكىن تەخسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشكەنلەر بولسا ھېرىس ئەھلىدۇر. ئۇلار نېمەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرسەك نېسىۋە تاپارمىزمىكىن دەپ تاما قىلىشىدۇ، لېكىن ئۇلار خۇدانىڭ ھەركىمگە ئۆز نېسىۋىسىگە توشلۇق رىزق بېرىدىغانلىقىنى بىلىش-مەيدۇ. ئەمما ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام ئۆلۈم يەلپۈگۈچىنى تەۋرەتكەن چاغدا، "ئاۋۇ قىرغاقتا ئولتۇرغانلار ئاسانلىق بىلەن ئۇچۇپ، ئۆزىنىڭ ماكانىغا قايتىدۇ. ماۋۇ ئوتتۇرىدا تۇرغانلار قانچە ھەرىكەت قىلسىمۇ ئايىغى شۇنچە چوڭقۇر پېتىپ پەسلىك ماكانىدا قالىدۇ" دەپ ئېيتتى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دەرۋىش.

نە ئۈچۈن يۈرەرسەن ھېرىس كويىدا،
خارلىقنى يەتكۈزۈپ ئەزىز بېشىڭغا.
قانائەتنى ئۆزەڭگە ئەيلە تائەت،
كىشىگە ياخشى بايلىقتۇر قانائەت.

بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشۈمدىن غەرەز شۇكى، پادىشاھىم مېنىڭ ئىشلىرىمنىڭ قانات-قۇيرۇغىنى بۇ دۇنيانىڭ ھەۋەسىگە بۇلغىمىغايلا. شۇنداق قىلسام روھىمنىڭ ئامانىتىنى ئىگىسىگە تاپشۇرىدىغان ۋاقتىمدا، ماڭا ئاخىرەت يولىغا يۈرمەك ئاسان بولسا ئەجەپ ئەمەس.

يېنىك تۇتقايسەن ئۆزەڭنى ھەرقاچان،
يۈرۈشۈڭدە يۈرمىگىڭ بولغاي راۋان.

— ئەگەر كىشى ھەق تەرەپكە نەزەر تاشلاپ ئادالەت يولىدىن چىقمىسا ۋە مەزلۇملارنى زالىملارنىڭ شۇماۋغىدىن قۇتقۇزسا، مېھنەتكەشلەرنىڭ سوزىنى خوشال - خوراملىق ۋە ئۇچۇق كوڭۇللۇك بىلەن قوبۇل قىلسا، ھەرقاچان ئۇ كىشىنىڭ بۇ دۇنيادا دولىتى ۋە ئىززىتى بەرقارار، ئاخىرەتتە بولسا كارامەت ۋە مەرتىۋىسى ئەبەدى بولغۇسىدۇر، — دەپتۇ ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلىغان كامجۇي.

— ئېيتقانلىرى راست، — دەپتۇ پۇرەيسە، — ئەگەر كىمكى ئەمەلدارلىق ئىشلىرىنى شەرىئەت يولىغا مۇۋاپىق بېجىرسە، ئۇنىڭ ئىشى ئاخىرەتتە نىجات تېپىشقا سەۋەپ بولغۇسىدۇر، ئەمما دۇنيا ئىشلىرىنى ئۇ ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالمايدۇ. چۇنكى كىشى سۇلتانغا يېقىن بولسا، ھەممە دوستلار ھەسەت يۇزىسىدىن ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاداۋەت قالقىنىنى يۇزلىرىگە تارتىدۇ، دۇشمەنلەر ئۇنىڭ جېنىنى بالا ئوقىغا نىشان قىلىدۇ. بىر كىشىگە باشقىلار شۇ يوسۇندا جەم بولۇپ، قەست قىلىشسا، ئۇ كىشى ئەلۋەتتە خاتىرجەم بولالمايدۇ ھەم خوشال - خورام يۇرەلمەيدۇ! بۇنداق كىشى ئەگەر پۇتىنى پەلەك بېشىغا قويالىغان ھالەتتىمۇ بېشىنى سالامەت ساقلىيالمايدۇ.

— مەن سەندىن رازىمەن، ۋەھىمە قىلما، مەن دۇشمەنلەرنىڭ سەن تەرەپكە كېلىدىغان پىتنە يولىنى باغلاپ، سېنى راھەت - پاراغەت ۋە خاتىرجەملىك دەرىجىسىگە يەتكۇزىمەن. دوست - يارىڭ بولسا، دۇشمەندىن غەم قىلىشىڭنىڭ نىمە ھاجىتى؟ — دەپتۇ كامجۇي.

— ئەگەر غەرەزلىرى مۇشۇ يول بىلەن ماڭسا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئىززەت - ھورمەت كورسىتىش بولىدىغان بولسا، مېنى مۇشۇ سەھرادا ئوز ئىختىيارىم بىلەن ئەركىن، ئازادە يۇرۇشكە قويۇپ بېرىشلىرىدىن ئارتۇق ئىنئام يوق، — دەپتۇ پۇرەيسە، — مەن دۇنيانىڭ نەز - نېمەتلىرىدىن سۇ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گىياغىلا قانائەت قىلىپ، دوست ۋە دۈشمەنلەرنىڭ زەربىرىدىن يىراق بولۇپ يۈرۈشنى خالايمەن. خاتىرجەم ۋە پاراغەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاز ئۆمۈر قورقۇنچ ۋە ئەندىشە بىلەن كەچۈرگەن ناھايىتى كوپ ھاياتتىن ياخشىراق بولۇشى مۇقەررەر.

بىر دەم شات بولۇپ ئۆلگەنمۇ ياخشى،
غەم - غۇسسە بىلەن مىڭ يىل ياشاشتىن.

— قورقۇنچ داغدۇغىلىرىنى كوڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتكىن، — دەپتۇ كامجۇي، — ئەمدى ماڭا يېقىنلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش بىلەن مەملىكەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققايسەن.

— ئەگەر سىلىنىڭ خاھىشلىرى شۇنداق بولىدىغان بولسا، ماڭا ئۇنىڭدىن قېچىشقا چارە تېپىلمايدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ يۈرەيسە، — ئۇنداق بولسا خاتىرىلىرى جەم بولسۇنكى، ئەگەر كىچىككىلەر مېنىڭ مەنسۇۋىمنى تاپماق ئۈچۈن، چوڭلار بولسا ئۆز مەرتىۋىلىرىدىن ئاجراپ قېلىشتىن قورقۇپ ماڭا قەست قىلىشسا، ئۇلارنىڭ گەپ - سوزلىرىنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ماڭا نىسبەتەن ئۆزگىرىپ قالمىغايلا، ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا كوپرەك ئويلاش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشنى ۋاجىپ بىلگەيلا!

يامانىنىڭ سوزى بىرلە سەن يەنە بىرگە يامان بولما،
رەقىپ ئېيتقان گۇمان بىرلە كى دوستتىن بەدگۇمان بولما.

يۈرەيسە كامجۇي بىلەن ئەنە شۇنداق ۋەدىلەرنى قىلىشقاندىن كېيىن، كامجۇي مال - دۇنيالىرى ۋە مەملىكەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ھەممە مۇلازىملارنىڭ دەرىجىسىدىن ئېگىز قىلىپتۇ. بىرىپ - بىرىپ، شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، كامجۇي ھەرقانداق مۇھىم

كېڭەشلىرىنى ئۇنىڭدىن باشقا كىشى بىلەن قىلمايدىغان، پادىشا- لىقنىڭ بارلىق سىر-ئەسرارلىرىنى ئۇنىڭدىن باشقىغا ئاشكارا قىلمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈندىن-كۈنگە كامجۇينىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادى كۈچىيىپ، سەلتەنەت بار- گاھىدا ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ئېشىشقا باشلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ يېقىنچىلىقلىرى شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، يا پۈرەيىسە بىر دەم كامجۇينىڭ مۇلازىمىتىنى قىلماي كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان، ياكى كامجۇي بىر پەس پۈرەيىسىنى كۆرمىسە ئولتۇرالمايدىغان ھالەتكە يېتىپتۇ. دوستلۇق چېكىدىن ئېشىپ كەتسە ئەنە شۇنداق بولىدۇ-دە. ھەممىسى پۈرەيىسەگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشۈپ، ئۇنىڭغا قەست قىلىشقا ۋەدە قىلىشىپ قەسەم بېرىشىپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا بىر شىكەست يەتكۈزۈش غەرىزىدە تەدبىرلەرنى ئويلاپ، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلايدىكەن، ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ بىناسىنى ۋەيران قىلماقنىڭ ئەندىشىسى بىلەن كېچىنى كۈندۈزگە يەتكۈ- زىدىكەن. ئاخىرى ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى: "پۈرەيىسە خىيانەت قىلدى دېگەن سۆز بىلەن كامجۇينىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى ئۆزۈش كېرەك" دېگەن يەرگە قارار تې- پىپتۇ.

تاپقۇسى زەپەر رەقىپتىن مىكرىمىز،
تەككۈسى دەل جايىغا يۇ زەربىمىز.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇپتەن ۋاقتى بولغاندا، بىراۋنى بۇيرۇپ، كامجۇينىڭ ناشتىلىقىغا قويۇپ قويغان گۆشنى ئوغۇرلاپ، پۈرەيىسىنىڭ ھۇجرىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.

قۇياش شىرى قىلماقچى بولۇپ ئۇرۇش،
پەلەك ئورمانلىغىدا قىلدى يۇرۇش.

بارلىق ئەمىر ھەم ۋەزىر ۋە بارلىق ئەمەلدارلار پادىشانىڭ بارگاھىغا ھازىر بولۇشۇپتۇ. پۈرەيسە بىر چوڭ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بىر تەرەپكە كەتكەن بولۇپ، كامجۇي ئۇنىڭغا مۇنتەزىر بولۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ياخشى يارامىلىق ھۈنەرلىرى ۋە ھەر خىل ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى قابىلىيىتىنى تەئرىپ قىلماقتا ئىكەن.

يار ئىسمى ھەمىشە بۇ خىيالىمغا ئىرۇر ئۇلپەت،
ئۇنىڭ تەكرارىنى ئۇنتۇش دىلىمغا سالغۇسى كۈلپەت،

پادىشانىڭ ناشتىلىق يەيدىغان ۋاقتى بولغاندا، ئىشتىھاسىنىڭ ئوتى شولە ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن ئۇ ناشتىلىققا ئېلىپ قويغان گوشنى ھەر قانچە ئىزلىگەن بولسىمۇ تاپالماپتۇ. دۈشمەنلەر پۈرەيسىنىڭ يوق ئىكەنلىكى، غەيۋەت پۈرسىتىنىڭ غەنىمەت ئىكەنلىكىنى كورۇپ، ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا ئاداۋەت ئارىلاشقان ئەپسانىلىرىنى باشلىشىپتۇ ۋە كامجۇينىڭ غەزەپ تونۇرىنىڭ قىزىق ئىكەنلىكىنى كورۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ خام خوشامەت پېتىرلىرىنى يېقىشقا باشلاپتۇ. ئاخىرى ئۇلاردىن بىرى:

— ئەمدى ئاڭلىغاننى ئېيتماسلىققا چارە قالمىدى. بۇ خەۋەر گەرچە بەزىلەرنىڭ تەبىئىتىگە ياقمايدىغان بولسىمۇ، ئۇنى ئاشكارا قىلماي بولمايدۇ، — دەپتۇ.

— يەكدىل ۋە توغرا نىيەتلىك مۇلازىملار، ئەسھەت قىلىش ۋاقتىنى ئوتكۈزمەسلىكى ۋە ئاڭلىغان سوزلىرىنى تارتىنماي ئېيتمىقى كېرەك.

ھەر مۇلازىم بولسا ئەگەر ھەقشۇناس ھەم قەدىردان،
تۇتمىغاي ھېچبىر خەۋەرنى پادىشاھىدىن نىھان.

نىمىنى ئاڭلىغان بولساڭ شۇنى ئېيتقىن، نىمىنى كۆرگەن بولساڭ شۇنى سۆزلە، — دەپتۇ كامجۇي ئۇنىڭغا.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ ئۇ مەككار ئالدامچى، — مېنىڭ خەۋەر تېپىشىمچە، ئۇ گوشنى پۇرەيسە تويىسىگە ئېلىپ كېتىپتۇمىش.

— مەن بۇ سۆزگە ئىشەنمەيمەن، چۈنكى ئۇ بىئازار ۋە دىيانەتنى ئۆزىگە شوئار قىلغان كىشى، بۇ ئىشتا ئېھتىيات قىلماق كېرەك، چۈنكى ھەر كىشىنىڭ دوستى ۋە دۈشمىنى بار. بىرەرسى دۈشمەنلىك قىلىپ ئۇنىڭغا بۇ بەتنامنى چاپلىغان بولۇشى ئېھتىمال، كىشىنىڭ سىرىنى كىشى ئۇقۇپ بولغىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ يەنە بىرى مەككارلىق بىلەن ھىلە تىلىنى چىقىرىپ.

— راست، — كىشىنىڭ سىرىنى كىشى بىلگىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ يەنە بىرى كۆڭۈل ئاينىغاندەك قىلىپ، — ئەمما گوش ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ قالسىزە، خەقنىڭ دېگىنى راست بولۇپ چىقىدۇ.

ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كامجۇينىڭ سەۋرى-تاقىتى قالماي شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنىڭ توغرىسىدا نىمە دېيىشىۋاتىسەن ھەي خەقلەر! قانداقسىگە ئۇنى خىيانەت قىلدى دېمەكچى بولۇشىسەن؟

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ دۈشمەنلەردىن بىرى، — بۇ ئورمانلىق ئىچىدە ئۇنىڭ مەككار ئالدامچىلىقىنىڭ خەۋىرى مەشھۇر بولۇپ بولغان، ئەگەر ئۇ دېگەندەكلا ئالدامچى بولمىغان بولسا، ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ ۋە خىيانىتىنىڭ شۇملۇقى ئۆزىگە يانغۇسىدۇر.

— كۆپ ۋاقىتلاردىن بېرى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن كۆپلىرى ئۇنىڭ دىيانەتسىزلىكىنىڭ خەۋىرىنى ماڭا ئېيتىشقان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا تازا ئىشىنەلمەي تۇرغان ئىدىم. ئەمدى بۇ گەپنى ئاڭلاۋاتىمەن، گۇمانىم راستقا ئايلانغىلى تۇردى، — دەپتۇ يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرى پىتىنە ـ پاسات ئاغزىنى ئېچىپ.

ــ مەن ئۇنىڭ مەككارلىقى ۋە قەلبىنىڭ بۇزۇقلۇقىنى ئاڭلاپ، پالانى پالانىلارغا "بۇ رىياكار زاھىتنىڭ ئىشى ئاخىرى رەسۋالىققا ئايلىنىدۇ، بىر كۈن ئۇنىڭدىن بىر چوڭ گۇنا ئاشكارا بولىدۇ" دېگەن ئىدىم. ئاشۇ دېگەنلىرىم ئەمدى راستتىنلا ئايلىنىدىغان بوپتۇ ـ دە، ــ دەپتۇ يەنە بىرى.

ــ ئەجەب ئۇ پاك تەبىئەتلىك، توغرا نىيەتلىك، جەندە كىيىدىغان دەرۋىشلىك دەۋاسىنى قىلىپ تۇرۇپ، بۇنداق خىيانەتنى قىلىشتىن شەرمى ھايا قىلماپتۇ ـ يا!

جەندىنى كىيىمە كىلگىم ئەي دوست دىيانەتتىن ئەمەس،
مەندىكى پىنھان ئەيىپلەر ئۈستىگە ئۆدۈر يوپۇق.

دېگەن بېيىت ئۇنىڭغا راسا باپ كېلىدىغان بوپتۇ ـ دە، ــ دەپتۇ يەنە بىرى.

ــ بۇ پاك، تەقۋادار كىشى كۆپ ۋاقىتلاردىن بېرى پادىشانىڭ سەلتەنەتلىك ئىشلىرىنى قىلىشنى قوبۇل قىلماي ئاشكارا نالە قىلغان ئىدى ۋە ئۇ ئىشلارنى ئۆزىگە كاتتا بالا ۋە خاپىلىق ساناپ يۈرەتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەگەر ئۇنىڭدىن خىيانەت سادىر بولدى دېسەڭلا، ئۇ ئەقىلنى ھەيرانلىق ۋە تەئەججۈپكە سالىدىغان بىر ئىش بولىدىغۇ، ــ دەپتۇ يەنە بىرى مۇرەسسە قىلغان بولۇپ.

ــ ئەگەر ئۇ پادىشانىڭ ناشتىلىقى بولغان ئاشۇنچىلىك ئوزۇققا ھېرىس كۆزىنى ئاچقان بولسا، نى كاتتا مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا قانچىلىك پارە ئالغانلىقىنى ۋە پادىشانىڭ ماللىرىدىن قانچىلىك مەبلەغنى تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇغۇ! ــ دەپتۇ يەنە بىرى.

ئوۋچىلار قوشقاچنى ئوۋلىغان يەردە،
نە قىلۇر كەكلىك ۋ قىرغولنى كورسە.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار غەيۋەت مەيدانىنىڭ خالى ئىكەن-لىكىنى كورۈپ، بەتنىيەتلىك ئاتلىرىنى جەۋلانغا كەلتۈرۈشۈپتۇ-دە، كامچۇينىڭ شۇبھە ۋە گۇمان چاڭلىرىنى توزۇتۇپتۇ. ۋەزىرلەرمۇ بايان تىزگىنىنى شۇماۋق تەرەپكە بۇراپ، قانچىلاپ پىتنە ۋە يالغان سوزلەر رەقىمىنى پادىشانىڭ كوڭۈل بەتلىرىگە يېزىپتۇ.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى، — ئەگەر بۇ سوز راست چىقسا، ئۇنىڭ گۇناھى يالغۇز مۇشۇ خىيانەتىلا بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئۇنىڭ كۆپرانى نىيەتلىكىگە، سىاسىنى سەل چاغلاپ باشقا بىئەدەپلىكلەرنىمۇ جۇرئەت بىلەن قىلغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

— ھەي بۇرادەر، ئۇنداق ئۇۋاللىق سوز بىلەن نام-ئەمالىڭىزنى قارا قىلماڭ، بۇنداق غەيۋىتىڭىزنىڭ چىشى بىلەن بۇرادىرىڭىزنىڭ گوشىنى يېمەڭ. بۇ خەۋەر يالغان بولۇپ چىقىسپ، ھەممەڭلار گۇناكار بولۇپ قالساڭلارمۇ ئەجەپ ئەمەس. ئەگەر پادىشاھىم ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇشقا بۇيرۇسىلا شۇبھە چاڭ-توزانلىرى ھەقىقەت يولىدىن كوتىرىلىپ كېتىدۇ. چۈنكى گوش ئەگەر ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقسا، خالايىقنىڭ گۇمانلىرى راستقا ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقماي قېلىپ، بۇ خەۋەرنىڭ توھمەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا، ھەممەڭلار توۋا ئىستىغپار ئوقۇپ پۇرەيىسىدىن كەچۈرۈم سورىشىڭلار لازىم بولىدۇ، — دەپتۇ بىرى ۋەز ئېيتىپ نەسىھەت قىلغان ئاھاڭدا.

— ئەگەر ئېھتىيات قىلماق لازىم بولىدىغان بولسا، پاتراق بىر كىشى بېرىپ باقسا بولىدۇ. چۈنكى جاسۇسلار تولا. ئەگەر ئۇلاردىن بىرى بېرىپ، بۇ يەردە بولغان ماجرانى پۇرەيىسىگە ئېيتىدىغان بولسا، ئۇ ھىلە ياساپ قالغىنىنى قىلمىغانغا چىقىرىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىكار، — دەپتۇ تۇرغانلاردىن يەنە بىرى.

— ھەي يارانلار، — دەپتۇ خادىملاردىن بىرى، — سىلەرگە بۇ ھادىسىنى تەپتىش قىلىشتىن نىمە پايدا يېتەر؟ بۇ ۋەقەنى ئىنىقلاشتىن نىمە ھاسىل بولۇپ كېتەر؟ بۇ دىيانەتسىز خىيانەتكارنىڭ گۇناھى روشەن بولغان ھالەتتىمۇ ئۇ ئۇستىلىق بىلەن پادىشانىڭ راينى قايتۇرۇپ، ئازاپ مۇكاپاتىدىن قۇتۇلدۇ ۋە خادىملار ھەم تاۋابىئاتلارغا ھىيلە ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ئېنىق بىلگەن ئىشلىرىنىمۇ گۇمانغا ئايلاندۇردۇ.

ئەپسۇنگەرلەر قىلۇر ئېيتىپ ھەر خىل دەلىل ـ مەسەل،
ئېنىق ئىشنى گۇمانغا ھەم شەكنى ئېنىققا بەدەل.

ئاچ قالغانلىغى ئۈچۈن غەزەپلىنىپ تۇرغاننىڭ ئۇستىگە بۇنداق يامان گەپلەرنى ئاڭلىغانلىقتىن: "كىشى بىر گەپ ئاڭلىسا كوڭلى كىر بولىدۇ" دىگەندەك، كامجۇينىڭ كوڭلىدە پۇرەيسىگە نىسبەتەن بىر گۇمان پەيدا بولۇپتۇدە، تۇرلۇك خىيالىلار كوڭلىگە كىرىۋېلىپ، دەرھال پۇرەيسىنى ھازىر قىلىشقا كىشى ئەۋەتىپتۇ. دۈشمەننىڭ مىكىرلىرىدىن بىخەۋەر بولغان بىچارە پۇرەيسە كامجۇينىڭ قېشىغا كەلگەندە كامجۇي ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— تۈنۈگۈن مېنىڭ بۇگۈن ئەتىگەنلىك ناشتىلىغىمغا مۇقەررەر قىلىنغان گوش نەگە كەتتى؟

— ئۇنى مەھرەمگە تاپشۇرغان ئىدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ پۇرەيسە.

كامجۇي مەھرەمدىن سورىغان ئىكەن، ئۇمۇ دۈشمەنلەر قەبىلىسىدىن بولغاچقا:

— مەن ئۇنى كورمىدىم ۋە ئۇنىڭدىن ھىچقانداق خەۋىرىم يوق، — دەپ تېنىپتۇ.

كامجۇي يېنىدىكىلەردىن بىر تويىنى بۇيرۇغان ئىكەن، ئۇلار بېرىپ پۇرەيسىنىڭ تۇرغان جايىنى ئاختۇرۇشۇپتۇ ۋە ئۇزلىرى يوشۇرۇپ قويغان گوشنى شۇ هامان تېپىپ، پادىشانىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپتۇ. دۈشمەننىڭ ئۇز دۈشمەنلىكىنى قىلىپ، كوپ ۋاقىتتىن بېرى ئۇزىنىڭ پېيىغا چۈشۈشتىكى غەرىزىنى هاسىل قىلغانلىقىنى چۈشەنگەن پۇرەيسە ئۇز-ئۇزىگە:

تۈتتى ئەندىشە بولۇتى نۇر قۇياشىم يۈزىنى،
بىلگەن ئىدىم بۇ بېشىمغا مۇشۇ كۈننىڭ كېلىشىنى —

دەپتۇ.

ۋەزىرلەرنىڭ ئىچىدە بىر بورى بار بولۇپ، بۇرۇن ئۇ مۇتلەق غەيۋەتكە ئېغىز ئاچمىغان ئىكەن، شۇ پەيتتە ئۇ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھىم، بۇ بەتبەختنىڭ دىيانەتسىز خىيانەتكارلىقى مەلۇم بولدى. بەس ئەمدى، ئۇنىڭغا پاتىراق سىياسەت بۇيرۇغايلا! چۈنكى ئۇنىڭ مۇكاپات ۋە ئوقۇبىتىنى كېيىنگە تارتىسىلا گۇناكارلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، يامان ئىشتىن ۋە كىشىگە زىيان سېلىشتىن قورقمايدىغان ۋە شۇملۇق، بەتقىلىقلىقا ئامراق بولۇپ قالىدۇ. سىياسەت بولمىسا مەملىكەتنىڭ ئىنتىزامى بۇزۇلىدۇ!

كامجۇي ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، بۇيرۇق بېرىپتۇ. مۇلازىملار پۇرەيسىنى تۇتۇپتۇ. ئەمما بۇيرۇق بەرگەندىن كېيىن ئۇزۇندىن ئۇزاق خىيالغا چومۇپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇنى كورۇپ، پادىشانىڭ خاس يېقىنلىرىدىن بولغان بىر قارا قۇلاق شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھىم! سىلىنىڭ روشەن كوڭۇللىرىدىن قۇياش نۇر ئالاتتى، مەن شۇنداق ئەجەپلىنىپ قالدىمكى، بۇ مەككار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدامچىنىڭ ئىشى قانداقمۇ ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن قالغاندۇ؟ ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئىپلاسلىقى ۋە تەبىئىتىنىڭ ناپاكلىقىدىن كۆڭۈللىرى قانداقسىگە غاپىل قالغاندۇ؟ ئەجەپ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇمايدىلىغۇ؟

— غەرىبلىكنى ئىنىق ئىپتقىنا؟ — دەپتۇ كامجۇي.

— هوكۇمالار: «كىشىنىڭ سىياسىتى قاتتىق بولسا سەردارلىقى ئۇزۇن داۋام قىلىدۇ. ئەگەر كىشى سىياسەت تىغىنى ئىنتىقام غىلاپىدىن چىقارسا، پىتنە ئوقىنى ھىمايەت قالقىنى بىلەن ئارقىغا ياندۇرالمايدۇ. ئەگەر كىشى قەھرى كەتمىنى بىلەن زۇلۇم ئوتلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلمىسا، ئامانلىق كوچىتىنى زامان گۈلشىنىدە ئۈندۈرەلمەيدۇ» دەپ ئېيتقانغۇ؟

سىياسەتنى يوق ئەتسە شاھى دەۋران،
ئامانلىق قەسرىنى قىلغۇسى ۋەيران.
قۇرۇغۇسى مەملىكەتتە سەرۋى دىلجۇ،
گەر سىياسەت بۇلىقىدىن ئىچمىسە سۇ.

ئەگەر پادىشا ئۆز مەملىكىتىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلەيدىغان بولسا، گۇناكارغا قاتتىق سىياسەت قىلىشى كېرەك. گەرچە ئۇ ھەر قانچە جانغا راھەت، دىلغا ئۈلپەت بولغان ھالدىمۇ، خۇددى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ بەختىنى كوزلەپ، ئۆزىنىڭ خاس مەھبۇبىسىنى ئۆلتۈرگەن باغدات پادىشاسىدەك ئىش قىلىش كېرەك، — دەپتۇ قارا قۇلاق.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ كامجۇي.

— چىن مەملىكىتىنىڭ، — دەپ قارا قۇلاق ئۆز ھىكايىسىنى باشلاپتۇ.

# باغدات پادىشاسىنىڭ ھېكايىسى

چىن مەملىكىتىنىڭ بىر پادىشاسى بار بولۇپ، ئۇ ئادالەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئەقلىنىڭ جاھانىنەما جامىنى خۇددى جەمشىد- كە ئوخشاش تېرىكچىلىككە ئەينەك قىلغان ئىكەن؛ مەرھەمەت قائىدىسىنىڭ مۇلاھىزىسى بىلەن، خۇددى ئىسكەندەرگە ئوخشاش ئىنساپ ئابىھاياتىنى تىلەيدىكەن.

سىياسەت ئەيلىمەك لازىم زۇلۇمغا،
ئۇنى قوغلاپ يوقال دەپ چۆل - قۇمغا.

ئۇنىڭ زىبا يۈزلۈك، ياخشى خۇيلۇق، مەرھەمەت كەمەرنى پۈتۈن خەلقنىڭ كۆڭلىنىڭ بويىنىغا سالغان، ئېھسان دانىلىرى بىلەن بارلىق ئامۇخاسىنىڭ جانلىرىنىڭ قۇشىنى مۇھەببەت تۇزىغا ئىلغان بىر ئوغلى بار ئىكەن.

تۇغمىغان دۇنيادا ھېچكىم ئۇ كەبى پاكىزە زات،
ئۇ كەبى ساھىپ كامالنى كۆرمىگەن دەۋران كۆزى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئوغۇلغا ھەرەمنى كۆرمەك ھەۋىسى پەيدا بولۇپتۇ ۋە زىيارەتكە بارماقچى بولۇپ، ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپتۇ، دەريا يولى ئارقىلىق ماڭماقچى بولۇپ، ھەممە مۇلازىم- لىرى بىلەن بىرلىكتە كېمىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ كېمىلەر شۇنچىلىك كاتتا ئىكەنكى، ئۇنىڭ چاقپىلىگىنىڭ كاتتىلىقى ئالدىدا پەلەك كىچىككىنە كۆرۈنىدىكەن. توققۇز ئاسماننىڭ سەھىپىسى بۇ كېمىنىڭ ئۈستىدىن كىچىكرەك ئىكەن. ئۇلار تورۇسلىرى تۆۋەن ۋە تۈۋرۈكلىرى ئۈستۈن بولغان ئەنە شۇ ياغاچ ئۆيدە ئولتۇرۇپتۇ

www.uyghurkitap.com

ۋە يەرگە دەسسەمەي ماگىدىغان ئەنە شۇ پۇتى يوق ئاتلارغا مىنىپ، ئاتلارنىڭ تىزگىنىنى شامالنىڭ ئىلكىگە تۇتقۇزۇپتۇ.

ئەي كەبى سۇ تۈيىنى ئەيلەپ ماكان،
بولدى سەييارە كەبى يولغا راۋان.

شۇ تەرىقىدە يول يۈرۈپ، ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە ناھايىتى كۆپ مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ ۋە مەككىگە بېرىپ ھەجنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇندىن كېيىن ھەزرەت مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇقەددەس قەۋرىسىنىڭ بوسۇغىسى تەرەپكە يۈزلىنىپ، ئاشۇ شەرەپلىك بوسۇغىنى بوسە قىلىش سائادىتىگە ئېرىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھزادە زىيارەتنى تۈگىتىپ، خوراسان كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ، باغدات تەرەپكە كېتىپتۇ. باغدات پادىشاسى شاھزادىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە ناھايىتى كۆپ ئىززەت - ئىكراملار بىلەن تەكلىپ قىلىپ شەھەرگە ئەپكىرىپ چۈشۈرۈپتۇ. پادىشا، كۆكۈلگە ياققىدەك مۇناسىپ جاي، كەڭ كەگرى ۋە ئالى نەزى- نېمەت، ئېسىل مەيلەرنى تەييارلاپ، شاھزادىنى بىر نەچچە ۋاقىت تۇرغۇزۇپتۇ. شاھزادە يول رەنجىدىن قۇتۇلۇپ ھاردۇغىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپتۇ ھەم "باغدات پادىشاسىغا توھپە" دەپ ناھايىتى كۆپ مەبلەغ بىلەن بىر چىن كېنىزىكىنى تەقدىم قىلىپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. باغدات پادىشاسى ئۇنى ئۇزىتىپ بولۇپ، ئوردىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كېنىزەكنى قېشىغا ھازىر قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. كېنىزەك كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قاراپتۇ ۋە شۇنداق بىر گۈزەل سۈرەتنى كۆرۈپتۇكى، قۇدرەت نەققاشى ۋۇجۇت لەۋھەسىگە ئۇنداق زىبا نەقىشنى سىزمىغان ئىكەن. پەلەك كۆزى خىيال سەھىپىسىدە ئۇنداق رەنا شەكىلنى كۆرمىگەن ئىكەن. ئۇنىڭ

دىلنى بويسۇندۇرغۇچى زۇلپىسى پېتىنە كەمەنى بىلەن ئالەمنى زەنجىرگە ئالغان ئىكەن. جاھاننى يورۇتقان ئاي ئۆز مەنزىلىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ پېشانىسى ئالدىدا بېشىنى سەجدىگە قويۇپ تۇرغان ئىكەن. گۈزەللەرنىڭ نازۇكلۇق دەۋالىرىنى ئۇ ئۆزىنىڭ نازى بىلەن پارامۇشلۇق تائىتىگە تاشلىغان ئىكەن. جەندە كىيىدىغان زاھىتلارنى ئۇنىڭ مەس كوزى ئىبادەتخانىدىن ئەپچىقىپ شاراپخانىغا باشلىغان ئىكەن.

يۈزلىرى خۇددى قۇياشنىڭ نۇرىدەك،
لېۋى ھەم سوزى گويا ئىدى شېكەر.
قامىتى راست، بەختى ئىقبالى ئىگىز،
ھالقىدەك زۇلپى كوڭۈلنى بەنت ئېتەر.
سوزىدىن قەن قالدۇ تەڭلىك ئىچىدە،
لېۋىدىن ھىقىق ئۆزىدە شەرم ئېتەر.

ئۇ گۈزەل سەرۋىنىڭ جامالىنى كورۇش بىلەنلا باغدات پادىشاسىنىڭ كوڭۈل پۈتى ھەيرانلىق لېيىغا پېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ مەيگۈن لېۋىنىڭ ئۆزلۈكى ئۇنى قاتتىق مەسلىك ۋە خاراپلىققا ساپتۇ.

كوڭۈل مۈلكىنى ئىشقىڭنىڭ سىپاھى كوپ خاراپ ئەتتى،
بۇ مېھنەتكەشكە بىلمەسمەنكى، ئەمدى نە بالا يەتتى.

پادىشا يۈگۈرگەن كوڭۈلنى قولىغا كەلتۈرمەك ئۈچۈن ناھايىتى كوپ ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ھەپىلىسى ھېچنىمىگە يەتمەپتۇ. ئىشقىنىڭ ئوتىغا ئۇنىڭ ئەقلى ھەرقانچە نەسىھەت سۈيىنى قۇيغان بولسىمۇ ھېچقانداق پايدا بەرمەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ پەرياد - پىغاننى تاشلىماسمەن تەنە قىلغانغا،
بىپسىلماس دەردى ئىشق ھەرگىز مالامەتلەرنى قىلغانغا.

شۇندىن تارتىپ ئۇ كېنىزەك بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىشقا بېرىلىپ كېتىپ، مەملىكەت ۋە پۇقرالارغا غەمخورلۇق قىلىشنى بىر يولىلا ئۇنتۇپ كېتىپتۇ.

ھەرقاچاندا بولمىسۇن، پادىشا ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولسا، ئۇد ۋە قالۇن نەغمىسىگە قۇلاق سېلىپ، دادخاھلارنىڭ نالىسىنى ئاڭلىمسا، ئازغىنا ۋاقىتتا مەملىكەتنى ئىچىدە پىتنە - پاسات پەيدا بولۇپ، خالايىقنىڭ ئىشى غەم - قايغۇ ۋە ھەسرەت چېكىشلا بولۇپ قالىدۇ.

كوركىدىن ئايرىلار نادان پادىشا،
خارلىقتا ئالمىشار بەختۇ ئىقبالى.

پادىشا بىر نەچچە كۈن ئەنە شۇ ھال بىلەن ئۆتۈپتۇ. دولەت ئەركانلىرى پادىشانىڭ بۇ بىپەرۋالىقىدىن تەڭلىكتە قېلىشىپتۇ. ئۇلار يۇرت ئەھۋالىنىڭ خاراپلىشىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، خەير - سەدىقىلەرنى بېرىشىپ، ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇش بىلەن بىللە، دەرۋىشلەردىن دۇئا تىلەپ، پادىشانىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشىغا ئاتاپ نەزىرلەر بېرىشىپتۇ. ئاخىرى ئۇلارنىڭ خالىس نىيەتلىك دۇئالىرى ئىجاۋەت بولۇپ، بىر كېچىسى پادىشا چۈش كورۇپتۇ. چۈشىدە بىر كىشى ئۇنىڭغا:

— "ئەي پادىشا، ئىشىڭدىن تاڭلا بولماسمۇ سوراق،
نىمە دەرسەنكىن سېنى سوراق قىلسا ئاشۇ چاغ.

سەن قىلىۋاتقان نىمە ئىش بۇ؟ ئەجەپ، بىچارىلەرنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى نەزىرىڭدىن چۈشۈرۈۋېتىپسىنا؟ ئەمدى سېنىڭ

ئىشىڭ قولۇڭدىن كېتىشكە ۋە دولىتىڭ يىقىلىشقا يېقىنلاشتى. ھەرقانداق پىتنە كورسەڭ ئۆزەڭدىن كورگىن ئەمدى! قويغىن، بۇرۇنقى ئىشىڭنىڭ پېيىدا بولغىن!" دەۋاتقانمىش. پادىشا بۇ ۋەقەنىڭ ھەيۋىتى بىلەن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپتۇ ۋە غۇسسىلە قىلىپ تووۋا ئىستىغپارغا مەشغۇل بولۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن يەنە بۇرۇنقىدەكلا خەلق ئەھۋالىنىڭ غېمىنى يەپتۇ ۋە ئۆز-ئۆزىگە: "ئەمدى كېنىزەك مېنىڭ سوھبىتىمدە بولمىسۇن" دەپ ھوكۇم قىلىپتۇ. گەرچە ئۇ كېنىزەكنى بىر نەپەس كورمىسە تاقەت قىلالمايدىغان ھالدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما خۇدانىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرۈپ قويۇپ ئازاپ-ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇشتىن قورقۇپ، ھەم پادىشالىغىنىڭ زاۋال تېپىشىدىن خەۋپ قىلىپ، نائىلاج كېنىزەكنىڭ پىراقىغا چىداپتۇ. ئۇ شۇ تەرىقىدە ئىككى-ئۈچ كۈن سەۋرە قىلىپتۇ. لېكىن كېنىزەك پادىشانىڭ سوھبىتىنى سېغىنىپ، بىر كېچىسى ئۆزى پادىشانىڭ بارگاھىغا كەپتۇ. پادىشا تاڭ سەھەرنىڭ شامىلى بىلەن پۇرەكلەپ ئېچىلغان گۈلىستاننى كورۇپ، سۇمەن ۋە سۇمبۇلەرنىڭ ئەتىرى بىلەن جېنىنىڭ دىمىغىنى يەنە خۇشبۇي قىلىپتۇ.

شاھ كوردىكى، تۇراتتى بىرخامان گۈل،
سۇمەن ئۆزرە بىنەپشە بىرلە سۇمبۇل.
ئۇندىن ئارتۇق تەرگىستەك ئىككى جادۇ،
مەستانىلىق ئىلكىدە ئىشى ئۇيقۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشانىڭ بېشىغا يەنە بۇرۇنقى سەۋدا چۈشۈپتۇ-دە، ئىشق لەشكىرى ئۇنىڭدىكى ئەقىل-ئىدراك ماللىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋېتىپتۇ.

كەلدى ئىشقىنىڭ لەشكىرى قىلدىم يەنە دىۋانىلىق،
جانغا ئۇرغاچ غەمزە قىزى ئىشق ئاپەت نەشتىرىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ قېتىمدىمۇ پادىشا بىر نەچچە كۈنگىچە كېنىزەكنىڭ زۇلپى بىلەن خالىغا ئالدىنىپ، جامالى بىلەن ئاۋارە بولۇپ، ئەيش-ئىشرەت قىلىپتۇ ۋە يەنە ئىككىنچى قېتىم غايىپ ئاۋاز ئۇنى توغرا يولغا ئۈندەپتۇ. شۇندا پادىشا: "بۇ بالانى مۇتلەق بىر تەرەپ قىلماي تۇرۇپ، مېنىڭ دەردىمگە ئىلاج تېپىلمايدىغان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپ ياساۋۇلغا:

— بۇ كېنىزەك يارلىق ئالماي تۇرۇپ بارگاھقا ئۆزىچە كىردى. بۇنى ئەپچىقىپ دەرياغا تاشلىۋەت، — دەپ پەرمان بېرىپتۇ. ياساۋۇل كېنىزەكنى ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە: "بۇ پادىشانىڭ مەھبۇبىسى. ئەتە يەنە پۇشايمان قىلىپ مەندىن سوراپ قېلىشى ئېھتىمال، بۇنى ساقلاپ قويۇشتىن ياخشىسى يوق" دەپ ئويلاپ، كېنىزەكنى دەرياغا تاشلىۋەتمەي، ئۆز ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. لېكىن بۇ سىرنى مەخپىي تۇتۇپ ھېچكىمگە ئېيتماپتۇ. بىر كۈن ئۆتەر-ئۆتمەي پادىشا ئۇ ئىشىدىن پۇشايمان قىلىپتۇ. لېكىن غەمدىن باشقا چارە تاپالماي، كۆڭلىدىكى مالاللىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن شاراپ ئىچىپتۇ. مەس بولغاندىن كېيىن كۆڭلىدىن ئىلھامى ئىلاھى كۆتىرىلىپ كېتىپتۇ-دە، دىلىنى مەپتۇن قىلغان كېنىزەكنىڭ خىيالى بېشىغا كىرىۋېلىپ، ياساۋۇلنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن دىلدارىنىڭ خەۋىرىنى سوراپتۇ ھەم بەكمۇ قاتتىق تەھدىت بىلەن:

— ئەگەر بۈگۈن كېچە ئۇنى كەلتۈرمىسەڭ سېنى ئازابلايمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنى دەرياغا تاشلىۋەتكەن ئىدىم، بۇ چاقىقىچە بېلىقلارغا يەم بولغاندۇ، — دەپتۇ ياساۋۇل.

ئەمما ئۇ كورسەتكەن بۇ ۋەجە پادىشاغا ماقۇل چۈشمەپتۇ. ياساۋۇل پادىشانىڭ ناھايىتى قاتتىق تەكىتلەۋاتقانلىقىنى كورۇپ، نائىلاج ئۇ ئاينى بارگاھقا ھازىر قىلىپتۇ. پادىشا بۇ قېتىممۇ شاتلىق بەزمىسىنى تۈزەپ ئىشرەت ئەسۋاپلىرىنى تەييارلاپتۇ.

شۈكرى ئەمدى بىزگە يار بولدى پەيدا،
جام بىلەن مەي خۇشگۇار بولدى پەيدا.
يوقالدى شۇم تىكەن، گۈل بولدى ھازىر،
كەتتى قىش، نەۋ باھار بولدى پەيدا.

شۇنداق قىلىپ، پادىشا ئۈچ قېتىم بۇ كېنىزەكنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلغان بولسىمۇ، ياساۋۇل ئۇز قورقۇنچىسىدىن ئۇنى ئامان قالدۇرۇپ، پىنھان جايدا ساقلاپتۇ. نەتىجىدە مەملىكەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى ھەل قىلىنماي تاشلىنىپ قاپتۇ. پادىشا شۇندا بۇ بالانىڭ چارىسىنى ئۆزىدىن بۆلەك كىشى قىلالمايدىغانلىقىنى، بۇ ئىش باشقا كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. چۈنكى ئۇ كىمگە بۇيرۇمىسۇن بەرىبىر ئۇ كىشى ئىشنىڭ ئاخىرى-دىن ئەندىشە قىلىپ ئۆلتۈرەلمەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشا بۇ ئىشنى ئۆزى قىلماقچى بولۇپ، ئىشنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار قەسرىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ دەريا تاماشاسى قىلىۋاتقاندا، پادىشا يېنىدا تۇرغان كېنىزەككە بىر قاراپلا ھېلىقى ئىلاھى خاتىرىغا يېتىپ قورقۇپ كېتىپتۇ-دە، ئۆز-ئۆزىگە: "ئەمدى كېنىزەكنى ئۆلتۈرۈش ۋاقتى يەتتى. گەرچە بىگۇناھنىڭ قېنىنى تۆكۈپ گەدىنىمگە ناھەق خۇن ئارتىدىغان بولسامۇ، مېنىڭ بىپەرۋالىقىمدىن قاندا غەرق بولغان يۈز مىڭ كۆڭۈللەر دەرمان تاپىدۇ. بۇ كېنىزەك ماڭا ھەرقانچە جان بولغان ھالەتتىمۇ، پۇقرالارنىڭ يۈز خاتىرىسىنىڭ مۇلا-ھىزىسى ماڭا ئۇنىڭدىن ئوبدان" دەپتۇ-دە، كېنىزەككە ئىشارەت قىلىپ:

— ماڭا يېقىن كەلگىن، ئەنە ئاۋۇ كېمىنى تاماشا قىلغىن، — دەپ چاقىرىپتۇ.

كېنىزەك يېقىن كەپتۇ. پادىشا ئۇنى تۇتۇپلا كۆتىرىپ قەسر ئۈستىدىن دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ ۋە ناھايىتى كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۇشايمان ۋە ھەسرەت ـ نادامەت ئىزھار قىلىپ خالايىققا ئۇنى "سۇغا ئۇزى يىقىلىپ چۈشكەن" قىلىپ مەلۇم قىلىپتۇ ھەم دەرھال ئۇنى سۇدىن سۈزۈپ، دەپنە قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇزى بولسا تەزىيە تۇتۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشا ئۇز مەملىكىتىنىڭ بەختى ئۇچۇن ئۇز قولى بىلەن ئۇز جانانىسىنىڭ جىنىنى ئاپتۇ. پادىشالار بىر مەقسەتنى كوزلەپ، يۈزلەپ كىشنى يوق قىلسىمۇ قىلىدۇ ـ دە!

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۇچۇن كەلتۇردۇمكى، خىيانەتكار بىلەن كىلىشىپ ئۇتكەندىن كورە، پۇقرالارنىڭ يۇز خاتىرىسىنى كوزلىگەن ياخشىراق ۋە جانىنى ئاغىرىتقاندىن كورە، بىرنى جانسىز قىلماق ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىشتۇر.

قارا قۇلاقنىڭ بۇ كۇشكۇرتۇشى بىلەن كامجۇيىنىڭ غەزەپ ئوتى ئورلەپ، پۇرەيىسىنىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتىپ سوراتتۇرۇپتۇ:

— بۇ گۇنايىڭغا نىمە ئوزرە ئىيتىسەن؟

پۇرەيىسە بىگۇنا بولغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنىڭغا دەلمۇ ـ دەل قارشى تۇرۇپ قوپاللىق بىلەن:

— كىمنىڭ قولى قىسقا بولسا شۇنىڭ تىلى ئۇزۇن بولىدۇ. بىگۇنا كىشى غەيرەتلىك كېلىدۇ، — دەپ جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ.

كامجۇي ئۇنىڭ مەنسىتمەسلىك بىلەن بەرگەن جاۋاۋىنى ئاڭلىغانىنىڭ ئۇستىگە، ئوپچورىسىدىكىلەرنىڭ پىتنە ئارىلاش خوشامەتلىرى قوشۇلۇپ غەزىۋى ئورلەپتۇ ـ دە، ئوتتۇرىسىدىكى ۋەدىلەرنى ئۇنتۇپ، پۇرەيىسىنى ئولتۇرۇشكە ھوكۇم قىلىپتۇ. بۇ خەۋەرنى كامجۇيىنىڭ ئانىسى ئاڭلاپ، ئوغلىنىڭ ئالدىراپ كەتـ كەنلىگى ۋە سەۋرىچانلىق بىلەن ئويلاپ ئىش كورۇشنى بىر يوللا تاشلىۋەتكەنلىگىنى چۈشىنىپ، ئۇز ئۇزىچە ئەندىشە قىلىپ: "پەرزەنتىم قېشىغا پاتراق بىرىپ، ئۇنى نەسىھەت بىلەن شەيتان ۋەسـ ۋەسىدىن قۇتقۇزۇشۇم كېرەك، چۈنكى ھەرقاچىسىدا پادىشالارنىڭ غەزىۋى كەلسە، ئۇلارغا لەنىتى شەيتان مەسلىھەتچى بولىدۇ ـ دە،

نىمىنى خالىغان بولسا شۇنى قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. پادىشانىڭ ئاچچىقلانغان ۋاقتى شەيتاننىڭ ئۇنىڭغا غالىپ كېلىدىغان ۋاقتى" دەپ ئويلاپتۇ.

غەزىۋىڭ كەلتۈرگەن چېغىدا شەيتان،
ئىش قىلساڭ، قىلارسەن ئاخىر پۇشايمان.

شۇنىڭ ئۈچۈن كامجۇينىڭ ئانىسى دەرھال جاللات قېشىغا كىشى ئەۋەتىپ "بىر دەم ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ تۇرسۇن، مەن ئوغلۇمغا گەپ قىلماقچىمەن" دەپ خەۋەر قىلىۋېتىپتۇ. ئۆزى بولسا شۇ هامان كامجۇينىڭ قېشىغا كېلىپ:

— پۇرەيسىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم، ئوغلۇم، ئۇنىڭ نىمە گۇنايى بار ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

كامجۇي بولغان ۋەقەنى تولۇق بايان قىلىپ بېرىپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ شاهنىڭ ئانىسى، — ئۆزەڭنى هەيرانلىق باياۋاندا سەرگەردان قىلما، ئەيۋ ۋە ئىھسان شارا- پىتىدىن بەھرىسىز قالما. بۇزرۇكلارنىڭ ئېيتىشىچە سەككىز نەرسە سەككىز نەرسىگە باغلىق بولىدۇ. ئۇلار مۇنۇلار: خوتۇننىڭ ئىززىتى ئەر بىلەن، بالىنىڭ ئىززىتى ئاتا بىلەن، شاگىرتلارنىڭ ئەقلى-ھۇشى ئۇستاز بىلەن، لەشكەرنىڭ قۇۋۋىتى سەردار بىلەن، زاهىتلارنىڭ كارامىتى تەقۋادارلىق بىلەن، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەملىگى پادىشا بىلەن، پادىشالىق ئىشىنىڭ نىزامى ئادىللىق بىلەن، ئادىللىقنىڭ روناق تېپىشى ئەقىل ۋە هوشيارلىق بىلەن باغلىق بولىدۇ. پۇرەيسىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىككى نەرسىگە دىققەت قىلىشىڭ لازىم. بىرى، قول ئاستىڭدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۆز قەدرى- قىممىتى ۋە هۇنەر-قابىلىيىتىگە يارىشا تەربىيەت قىلىشىڭ لازىم؛ ئىككىنچىسى شۇكى، ئەگەر ئۇلاردىن بىرى يەنە بىرىنىڭ يامان گېپىنى

قىلسا، ئۇنى ئېتىۋارغا ئالغۇلۇق ئەمەس. چۈنكى، ھەمىشە بىر بىرىگە بوھتان قىلىش، يامان دېيىشنىڭ قەستىدە يۈرۈش پادىشانىڭ يېقىن كىشىلىرىگە ئادەت بولۇپ قالغان ئىش. شۇنداق تۇرۇقلۇق، پادىشا ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭ قىلغان ئەنە شۇنداق مەككارلىق ھەركەتلىرىگە تەستىق قىلىدىغان بولسا، ئۇنىدىن كېيىن پادىشاغا ھېچكىمنىڭ ئىشەنچىسى قالمايدۇ. نەتىجىدە شۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇكى، بىگۇنالار بالا گىردابىغا چۈشىدۇ. گۇناكارلار نىجات ساھىلىدا خاتىرجەم ۋە سالامەت يۈرىۋېرىدۇ.

گۇناكارلار يۈرگۈسى شاد ـ خەندان،
بىگۇنالار ماكانى بولۇر زىندان.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە، نەخ بار كىشىلەر ئەمەلىنى قوبۇل قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. ئۆزى ھازىرچە يوق بولغان كىشىلەر ئۆز خىزمىتىدە بوشاڭلىق، سۇسلۇق قىلىدۇ. پادىشانىڭ ھۆكمى ئاقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ سەۋەپتىن سەلتەنەت ئەركانلىرىغا دەخلى يېتىدۇ ۋە زەرەرلەر پەيدا بولىدۇ.

غەرەزلىكلەر سوزىنى ئاڭلىمىغىن،
ئۇندىن يېتەر مەملىكەت، ئەلگە شىكەست.
چېقىمچىنىڭ بېشىنى قىلساڭ ئېگىز،
قىممىتىڭنى قىلغۇسى ئاخىرى پەست.

— مەن پۈرەيسىنىڭ خىيانىتىنى ئېنىقلىمايلا ھۆكۈم قىلمىدىم. گۇنايىنى تەھقىقلەپ، ئۆزىنى ئىقرار قىلدۇرۇپ ئۆلۈمگە بۇيرۇدۇم، — دېدى كامجۇي.
— تولۇق ئېنىقلىماي تۇرۇپ، مىجەزىنى ئۆزگەرتمەك

پادىشالارغا راۋا ئەمەس، — دەپتۇ ئانىسى، — خىيانەتنى ئىنتقلىدىم دىگىنىڭمۇ تېخى شۇبھىلىك. ئىش ھەقىقىتىنىڭ يۈزىدىكى پەردە كوتىرىلسە ئاندىن ھەقىقىي ئەھۋال مەلۇم بولىدۇ. باشقىلار بىر نامەلۇم گۇنا بىلەن ئۇنىڭغا بوھتان قىلغان بولۇشىمۇ ئېھتىمال. ئۇ ھالدا سەن غەزەپ قىلمىغان بولساڭ ۋە ئۇنىڭ قىلغان خىزمىتىنى ھەم ئىخلاسىنى ياد ئەتكەن بولساڭ. نادانلارنىڭ سوزى بىلەن دانالارنى سىياسەت قىلمىغان بولساڭ بولار ئىكەن.

نادانلار كىشىگە شاتلىق بېرەلمەس،
خەس بىلەن شاھانە بەزمە يورۇماس.
ھامىلەر قىلغۇسى ئەقىلسىز كىشى،
تا "كېيىن قالسۇن" دەپ ئاقىللار ئىشى.

ئەي ئوغلۇم، ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلگىنىڭدە، ئەقىلنى ئادىل ھاكىم ۋە كامىل مەسلىھەتچى بىلىپ، كوپرەك ئويلاپ ئىش قىلىش كېرەك. چۈنكى ئادەم ئوزىدىكى جەۋھەر بولغان ئەقىلنىڭ ساپلىقى بىلەن ئەزىزدۇر.

ئەقىل - دانىش ھەر كىشىگە بولسا يار،
ئۇ تاپار ئەلنىڭ ئىچىدە ئېتىۋار.

پۈرەيسە سىنىڭ دولىتىڭدە ئۇلۇغ كىشى بولۇپ، ئىگىز مەرتىۋە ۋە كاتتا ئورۇنغا ئېرىشكەن ئىدى. ھەرقاچان مەجلىسلەردە ئۇنى ياخشى سۆپەتلەر بىلەن ياد ئېتەتتىڭ. خىلۋەتلەردە ئۇنىڭ بىلەن سىردىشاتتىڭ. ئەمدى سەن ئوزەڭنىڭ سوزۈڭنى ئوزەڭ بۇزماسلىقىڭ، ئوزەڭ سالغان ئىمارەتنى ئوزەڭ ۋەيران قىلماسلىقىڭ، ھەم ئوزەڭنى، ھەم ئۇنى خالايىق ئارىسىدا بەتنامغا قويماسلىقىڭ لازىم. سەن ئوز ھالىڭ ۋە قەدرى-

قىممىتىگە يېتىپ، ئۇنىڭ ئىشىنى ياخشى تەھقىق ۋە تەپتىش قىلىشىڭ لازىم. شۇنداق قىلساڭ ئەقىل ئالدىدىمۇ ئۆزرە-مەزۇر كۆرسىتەلىگەن، ئاقىللار قېشىدىمۇ تۆھمەتتىن يىراق بولالىغان بولاتتىڭ، ئۇنى دىيانەت ئېتىگىنى خىيانەت لىبىسىغا بۇلغىدى دىسە، بۇ ئەقىلغا سىغمايدىغان سۆز. ھېرىس ۋە ئاچكۆزلۈك ئۇنىڭ تەقۋالىقى ۋە قانائەتچانلىقى ئۈستىدە غالىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى مەن ياخشى بىلىمەن. پۈرەيسە مۇشۇ دەرگاھنىڭ مۇلازىمى بولغاندىن بېرى گۆش يەپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ گۆش يېمەك ۋە ھايۋاناتقا ئازار يەتكۈزمەك ئۇنىڭ كۆڭلىدە بولغان بولسىدى، ئۇ بۇنداق پاك دامانلىق بىلەن مەشھۇر بولمىغان بولاتتى، بەلكى بىر بەتنامغا قالغان بولاتتى، ئوچاقتا ئوت كۆيسە تۈتۈن چىقماي قالامدۇ؟ مەن ئۇ گۆشنى پۈرەيسىنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويۇپ قويىدى بولغاي دەپ بەكرەك گۇمان قىلىمەن. ھەسەت ئەھلىنىڭ بۇنداق ھىلە-مىكىرلەرنى قىلىشى ھېچ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ھەسەت ئەھلىنىڭ بەزىلىرى كىشىگە ئازار يەتكۈزمەك ئۈچۈن، ھىلقى ئۆزىنىڭ قولىغا بۇيرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈزگەن خوجايىنغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ رازىلىق بېرىدىغان بولىدۇ تېخى.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ كامجۇي.

— باغدات شەھىرىدە، — دەپ كامجۇينىڭ ئانىسى ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

## زاھىت بىلەن ھەسەتخورنىڭ ھېكايىسى

باغدات شەھىرىدە ناھايىتى ھەسەتخور بىر كىشى **بار** ئىكەن. ئۇنىڭ ناھايىتى پەرھىزكار، تەقۋادار ياخشى بىر خوشنىسى بار ئىكەن، ئۇ كىشى كۈندۈزنى روزا بىلەن شامغا، كېچىسىنى ناماز بىلەن سەھەرگە ئۇلاشتۇرىدىكەن.

ئۇ ئىدى بەندىلىك مۇقامىن تۇتقان،
خۇدادىن ئۆزگىنى ئەسلا ئۇنۇتقان.

پۈتۈن باغدات ئەھلى ئۇنىڭغا ئىشتقات قىلىدىكەن ۋە ياخشى يىمەكلىك ۋە قىممەتباھا رەخت قاتارلىقلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالىدىكەن. مەجلىس ۋە ئولتىرۇشلاردا چوڭ - كىچىك خالايىق ئۇنى ياخشى سۆيەت بىلەن يادلايدىكەن. ھىلىقى ھەسەتخور بولسا، مۇشۇ جەھەتتىن ئۇ پاك مەرت كىشىگە ھەسەت قىلىدىكەن ۋە تۈرلۈك ھىلىلەر بىلەن ئۇنىڭغا قەست قىلىدىكەن. ئەمما ئۇ ھەر قانچە مىكىر ئويلىرىنى شۇملۇق ياسى بىلەن ئاتسىمۇ، ئۇنىڭ ياخشىلىق قالقىنىغا كار قىلمايدىكەن. ئاخىرى ئۇ بۇ خىل ئۇرۇنۇشتىن تەڭلىككە قېلىپ غەمگە چۆمۈپتۇ. ئۇ بىر قول سېتىۋاپتۇ ھەم ئۇنىڭغا ياخشى تەربىيەتلەرنى قىلىپتۇ. ئۇ ھەر دائىم قۇلىغا:

— ھەي ئوغلۇم، سېنى مۇھىم بىر مەسلىھەت ئۈچۈن پەرۋىش ھەم بىر ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن تەربىيەت قىلىۋاتىمەن. كۆڭلۈمنى غەم يۈكىدىن خالاس قىلىشىڭ ھەم پەرىشان خاتىرەمنى بۇ ئەندىشە بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن پارىغ ئېتىشىڭدىن ئۈمىتۋارمەن، — دەيدىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ساقلارمەن كوز يېشىمنى،
كى ئۇنتۇمنى ئۇچۇرگۇسى بىر كۈنى.

بىرنەچچە ۋاقىت ئەنە شۇ يوسۇندا ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قول خوجايىنىدىن بۇ ھىساپسىز شەپقەتلەرنىڭ سەۋەۋىنى سورىماقچى بولۇپ:

— غوججام، مەن قۇللىرىغا تۈرلۈك ئىلتىپاتلارنى كورسەتتىڭلە، بۇ كوتا تىلىم ئۇنى شەرھىلەپ بولالمايدۇ. ھەر كۈنى مەن بىچارىگە قىلىۋاتقان بۇ مەرھەمەتلەرنى بايان قىلىپ بولالمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆسەن كەبى يۈزلەپ تىلىم بولسىمۇ،
ئېيتالماسمەن بۇ نېمەتلەر شۈكرىنى.

كۆڭلۈمدە، ماڭا قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە جېنىمنى قالقان قىلارمەن دىگەن ئۈمىتتىمەن، — دەپتۇ.

خوجايىن قۇلنىڭ ئۆزىگە ھاۋادارلىق قىلىپ، تۇز ھەققىنى ئاقلاشقا مەيلى بارلىقىنى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈل سىرىنىڭ ئاغزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، مەن بۇ خوشنامدىن ناھايىتى خاپا. ئۇنىڭدىن ھەر سائەت مېنىڭ جېنىمغا ھەسەت ئوتى تۇتىشىدۇ - دە، بۇ ھاياتىمۇ كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ. مەن ئۇنىڭ غەم - غۇسسىسى بىلەن جېنىمدىن تويدۇم ۋە ئۆمرۈمدىن بىزار بولدۇم. شۇڭا ئۇنىڭغا زەرەر يەتكۈزمەك ئۈچۈن قانچە ھىلىلەرنى قىلغان بولسامۇ، ھېچ بىرى پايدا بەرمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا شۇنچىلا تەربىيەت قىلدىم. بۈگۈن كېچە مېنى بۇ خوشنامىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقارغىن ۋە شۇ يەردە تۇرغۇزۇپ بېشىمنى كەسكىنىدە ئۆز يولۇڭغا ماڭغىن. ئەتىسى كىشىلەر مېنى ئۇنىڭ سارىيىنىڭ بېشىدا ئۆلۈكۈمنى كۆرسە، چوقۇم مېنىڭ قېنىمنىڭ تۆھمىتى بىلەن ئۇنى تۇتۇپ، جېنىنى قىساسقا ۋە مېلىنى تالان - تاراجغا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان تەقدىردىمۇ پۈتۈن ئەلنىڭ ئېتىقادى يانىدۇ - دە، تەقۋادارلىق ۋە ياخشىلىقىنىڭ شۆھرىتى ئەل ئارىسىدىن يوقىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ تەقۋالىقى ۋە سۈپىلىقى توغرىسىدا لاپ ئۇرالمايدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا:

"ھەددىدىن ئاشۇردى زاھىت يوشۇرۇن پاسىقلىقىن،
پەردىسىن ئاچقىن خۇدايا سىرى بولسۇن ئاشكار"

دىگەن دۇئانىڭ مەنىسى ئۇنىڭغا تازا باپ كېلىدىغان

بولىدۇ، — دەپتۇ.

— ئەي غوجام، — دەپتۇ قۇل، — بۇ خىيالدىن كەچسىلە ۋە ئىشىنىڭ چارىسىنى باشقا يوسۇندا قىلسىلا، ئەگەر مۇرات-مەقسەتلىرى زاھىتنى يوق ئېتىش بولىدىغان بولسا، مەن ئۇنى ئۆلتۈرەي ۋە كۆڭۈللىرىنى ئۇنىڭ غېمىدىن خاتىرجەم قىلاي.

— ئۇنداق بولۇشى ناتايىن، — دەپتۇ خوجايىن، — سەن ئۇنىڭغا قۇدرەت تاپالماي قېلىشىڭمۇ مۇمكىن ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈشۈڭ كېچىكىشىمۇ مۇمكىن. مېنىڭ ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق چىداشقا تاقىتىم يوق. مېنىڭ ھېچ سەۋرى-تاقىتىم قالمىدى. قوپقىن، مۇشۇ خىزمەتنى بىجا كەلتۈرگىن، ئەگەر مېنى بۇ ئىشتا خوشال قىلساڭ سېنىڭ قۇللۇقۇڭغا ئازاتلىق خېتى بېرىمەن ۋە بىر خىش ئالتۇن ئىنئام قىلىمەن. قالغان ئۆمرۈڭنى ئاشۇ ئالتۇن بىلەن راھەت-پاراغەتتە كەچۈرىسەن.

— ھېچقانداق ئەقىللىق كىشى سىلە قىلغاندەك بۇنداق پىكىرنى قىلمايدۇ غوجام، — دەپتۇ قۇل، — چۈنكى كىشى ئۆز دۈشمىنىنىڭ بالاغا گىرىپتار بولغىنىنى ئۆزى تىرىك ۋاقتىدا كۆرگىنى ياخشى، چۈنكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ ۋە قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدۇ. ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن دۈشمىنىنىڭ ئۆلگىنىدىن نىمە لەززەت تاپاتتى، دۈشمىنىگە يەتكەن ئەلەم ۋە زەرەرنى نەدىن بىلەتتى.

گۈل ئېچىلغاندا نە پايدا مەن چىمەندە بولمىسام،
سەرۋىدىن نە پايدا مەن بوستان ئىچىدە تۇرمىسام.

قۇل بۇنداق سۆزلەرنى قانچە كۆپ ئېيتقىنى بىلەنمۇ خوجايىنى ماقۇل كۆرمەپتۇ. قۇل خوجايىنىنىڭ رىزالىقى شۇ ئىشتىلا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، نائىلاج ئۇنى زاھىتنىڭ ئوگزىسىگە ئېلىپ چىقىپ بېشىنى كېسىپتۇ ۋە خوجايىنى بەرگەن بىر خىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالتۇن بىلەن ئازاتلىق خېتىنى ئېلىپ ئىسپاھانغا كېتىپتۇ. ئەتىسى كىشىلەر ھىلىقى بەتنىيەت خوجايىنىنىڭ زاھىتنىڭ ئۆگزىسىدە ئۆلۈك ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، زاھىتنى باغلاپ زىندانغا سېپتۇ. گەرچە زاھىتنى زىندانغا سالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇ ھەسەتخورنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە ھېچقانداق ئىسپات بولمىغاچقا، زاھىتنى ئۆلتۈرمەي زىنداندا ساقلىشىپتۇ. باغداتنىڭ كاتتىلىرى ھەرقانچە ھەرىكەت قىلىپ، زاھىتنىڭ پاكلىقى ۋە دىيانەتلىكىنى ئىسپاتلاپ، پادىشاغا ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ پادىشانىڭ ئۇنىڭغا بولغان شۈبھىسى تېخى كۆتۈرۈلۈپ بولمىغاچقا، ئۇنى زىنداندىن خالاس قىلماپتۇ. نەتىجىدە زاھىت زىنداندا بىر نەچچە ۋاقىت يېتىپ قاپتۇ.

ئىسپاھانغا تىجارەت ئۈچۈن بارغان باغدات سودىگەرلىرىدىن بىرى تاسادىپەن قۇلنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. قۇلمۇ ئۇنى كۆرۈپ تونۇپ، قېشىغا كەپتۇ ۋە جوجايىنىنىڭ بالا-چاقىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. ئۇلار ھەر تەرەپتىن سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا، گەپ ئارىسىدا ھىلىقى زاھىتنىڭ گېپى چىقىپ قاپتۇ.

— ئۇ بىگۇنا كىشى ئەجەپ زۇلۇمغا ئۇچراپ كېتىپتۇ-ھە! ۋاھالەنكى، خوجامنى ئۆزىنىڭ پەرمانى بىلەن مەن ئۆلتۈرگەن ئىدىم. ئۇ مەرت ياخشى كىشى بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدىن بىخەۋەر ئىدى، — دەپتۇ قۇل.

سودىگەر باشقا سودىگەرلەر جامائىتىنى قۇلنىڭ ئىقرارىغا گۇۋا قىلىپتۇ ۋە باغداتقا كېلىپ ھادىسىنىڭ ئۆتمۈشىدىن خەۋەر بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زاھىت خالاسلىق تېپىپتۇ. ئۆلگەن ھەسەتخورنىڭ روھى خالايىقلار ئارا لەنەت ئوقىغا نىشانە بولۇپتۇ. زاھىت شۇندىن بېرى پازىللاردىن بىرى يازغان تۆۋەندىكى نەزمىنى ھال تىلى بىلەن ئوقۇيدىغان بولۇپتۇ.

ئەيسۇن ئوقۇپ ھەسەتخوردىن بىر نەچچىسى،
ھىلە ئوتىنى تۇتاشتۇردى راسا ماڭا.

ياساپ پىتنە، قىلىپ ماڭا باغرىنى تاش،
مېنى ئۆلتۈرمەككە خەنجەر قىلدى پەيدا.
ئاخىرى تاپتى يامان ئەمەللىرىگە خوپ جازا،
ھەربىرىگە يەتتى بىردىن ئۆزگىچە دەردۇ بالا.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ھەسەت ئەھلىنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئىشنىڭ كېلىدىغانلىغىنى، ئۆزلىرىگە ئەنە شۇنداق قىلغان يەردە باشقىلارغا نىمىلەرنى قىلىشى مەلۇم ئىكەنلىگىنى بىلىشىڭ كېرەك ئوغلۇم. سېنىڭ خىزمەتكارلىرىڭنىڭ ھەممىسى دەرىجىدە پۇرەيىسىدىن پەس ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇرۇن ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى يۇقۇرى ئىدى. شۇ تۈپەيلىدىن ئاشۇنداق ھىلە-مىكىرنى ئويلاپ چىقىرىپ، ئۇنى مەرتىۋىسىدىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھەركەت قىلغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. شۇڭا ئالدىراپ كەتمىگىن ۋە سەۋرى قىلغىن، بۇ ئىشنى ياخشى ئويلاپ بىر تەرەپ قىلغىن. بۇ ئىشنى ئۆزەڭنىڭ ئۇلۇغلۇغۇڭغا يارىشا ھەل قىلغىن. بۇگۈن سەن سىياسەتنىڭ تىزگىنىنى تارتساڭ ۋە ئالدىراپ كەتمىسەڭ ئەتە-ئۆگۈن ئۇنىڭ گۇناھى بار ياكى يوق ئىكەنلىگى مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ خىيانەت ئۇنىڭدىن ئۆتمىگەن بولسا، سەن ئۆز ھەققىڭدە مەرھەمەت قىلغان، ناھەق قانىنى گەردىنىڭگە ئالمىغان بولىسەن. ئەگەر ئۇ ئىش ئۇنىڭدىن سادىر بولغانلىغى ھەقىقى رەۋىشتە روشەن بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىكى ئىختىيارىڭ ھەرقاچان ئۆز قولۇڭدا.

تىرىكنى ھەر قاچان ئۆلتۈرسە بولغاي،
لېكىن ئۆلگەننى تىرگۈزگىلى بولماس.

كامجۇي ئانىسىنىڭ نەسىھىتىنى ياخشى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك نەسىھەت ۋە پايدىلىق ۋەز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىگەللىگىنى چۈشىنىپ، ئاچچىغىدىن يېنىپتۇ ھەم بۇيرۇق بېرىپ پۈرەيسەنى قېشىغا ھازىر قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى خىلۋەت جايغا ئىندەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي پۈرەيسە، بۇندىن بۇرۇن سېنى ناھايىتى كوپ سىناپ كورگەن ئىدىم. سېنىڭ ياخشى سۈپىتىڭ ۋە پاكلىغىڭ مەلۇم بولغان ئىدى. ھىلىمۇ دۈشمەنلەرنىڭ سوزىدىن كورە ساڭا بەكرەك ئىشىنىمەن. بولدى ئەمدى، ئوز ئورنۇڭدا ئولتۇرغىن، ساڭا ئۇلار ئاشۇنداق بوھتانلارنى قىلىشىپتۇ. ئۇنىڭدىن كوڭلۇڭدە كىر ساقلىما.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ پۈرەيسە، — گەرچە بۇ ئىشتا ماڭا ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قىلىۋاتقان بولسىلىمۇ، تاكى بۇ ئىشنى ياخشى تەھقىق قىلىپ، تېگى-تەكتىگە ياخشى يەتمەيدىغان بولسىلا، مەن بۇ توھمەتنىڭ كوڭلۈمدىن ئەسلا ئوتمەيمەن. ئەگەر بۇنى تەپتىش قىلىپ ھەقىقەتنى ناھەقچىلىقتىن ئايرىسىلا، سىلىگە ئىخلاسىم ئېشىپ، نەسىھەتكۇيلۇغۇم تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ. مېنىڭ ئىشىمنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە تىرىكچىلىگىمنىڭ ئوبدان بولۇشى مۇشۇ ھادىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا باغلىق.

تەنە قىلىسىمۇ دۈشمەن كوپ غەم يېمە ئەي كوڭلۈم،
ھىچ ئەجەپ ئەمەس ئۇندىن ساڭا مەنپەئەت يەتسە.

— ئۇنداقتا بۇ ئىشنى قانداق ھىلە بىلەن تەھقىقلىگىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلىپ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ كامجۇي.

— ماڭا بوھتان چاپلىغان جامائەتنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، قاشلىرىغا ھازىر قىلسىلا، — دەپتۇ پۈرەيسە، — ئۇلاردىن بىر-بىرلەپ، بۇ ماجىرانى ئايرىم-ئايرىم سۈرۈشتۈرسىلە، ئەگەر بۇنى تەپتىش قىلىشقا ئوزلىرى مەشغۇل بولسىلا ئۇلار نائىلاج

راستىنى ئېيتسا ئەجەپ ئەمەس. ئەگەر كونىسىدە قورقۇتۇپ كوندۇرگىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەنمۇ مەقسەت ھاسىل بولمىسا، ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ، ئۈمىتۋار قىلىپ تۇرۇپ، ھەقىقەت يۈزىدىن شۈبھە نىقابىنى كوتەرگىلى بولىدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە ئىش قىلىسىلا، مېنىڭ دىيانىتىم ۋە پاكلىقىم بارلىق ئامۇخاسقا روشەن بولغۇسىدۇر.

بولسا ھەر سىر تۈن پەردىسىدە پىنھان،
كۈندۈز بولسا بولار بارچىگە ئايان.

— مەن ئەھۋالنى، ئۇلاردىن سىياسەت قىلىش يولى بىلەن تەھقىقلەيمەن، — دەپتۇ كامجۇي، — ئۇنى ئەپۇ ۋە مۇلايىملىق يوسۇنى بىلەن تەھقىقلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى سەندەك بوزرۇك ۋە ئىشەنچلىك كىشىگە ھەسەت يۈزىسىدىن قەست قىلىغانلارغا ئەپۇ مۇناسىپ ئەمەس.

— ئازاپ-ئوقۇبەت قىلىش ۋاجىپ بولغان كىشىنىڭ ھەققىدە ئەپۇ قىلىش دۇرۇس، قولغا چۈشۈپ ئاجىز بولغان بىچارىنىڭ گۇنايىدىن كەچمەك كاتتا ھۈنەر. چۈنكى ئەپۇ قىلىش قۇدرەت تاپقان ۋاقىتتا قىلىدىغان ئىش. بىلىمەك كېرەككى، دۈشمەن ئۈستىدىن قۇدرەت تاپماق كاتتا نېمەتتۇر. ئۇنىڭ شۈكرانىسى بولسا ئەپۇدىن بولەك نەرسە ئادا تاپمايدۇ.

گۇناكار ئۈستىدىن تاپقاندا قۇدرەت،
ئەپۇ ئەيلەپ ئۇنى شۈكرانە بىلدۇر.

كامجۇي پۇرەيسىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سوزلىرىنىڭ سەھىپلىرىدە راستلىق ئەسىرىنى ئەينەن كورۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئېيتقىنىچە قىلىپ، پۇرەيسىگە بوھتان چاپلىغانلارنى ئايرىم-ئايرىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قېشىغا چاقىرتىپ كېلىپ، ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىنى لازىم بولغان ئۇسۇل بويىچە سوراپتۇ:

— قايىسىڭلار ۋەقەنىڭ راستىنى ئېيتساڭلار گۇنايىڭلار ئەپۇ سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ. مەن ئۇنداقلارغا شاھانە ئىنئاملارنى قىلىمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ پادىشا.

شۇنداق تەپتىش قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇ زامانلا ئىقرار قىلىپتۇ، بەزىلىرى سەل قىستىغاندا ئىقرار قىلىپتۇ، ئىشقىلىپ، پۇرەيىسنىڭ خىيانەتسىزلىگى گۇمان بولۇتى ئاستىدىن چىقىپ، يېقىنلىق كوزىدىن شەك غۇبارى كوتىرىلىپتۇ.

— ئوغلۇم، — دەپتۇ كامجۇينىڭ ئانىسى كامجۇيغا قاراپ، — بۇ جامائەتنىڭ گۇنالىرىنى ئەپۇ قىلىدىنىڭ. ئەمدى يەنە ئۇلارغا سىياسەت قىلىشىڭ راۋا ئەمەس. ئەمما بۇ جەھەتتە ساڭا ھاسىل بولغان تەجرىبىلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، مۇندىن كېيىن ھېچقانداق چېقىمچىنىڭ ئەپسانىسىنى ئاڭلىمىغىن، تاكى روشەن دەلىل ۋە ئېنىق ئىسپات بولمىغىچە، غەرەز ئەھلىنىڭ سوزلىرىگە ئىشەنمە. ئەگەر بىر كىم بىر كىشىنىڭ ئەيىۋى توغرىسىدا سوزلىگەن بولسا، ئۇنى ھەر قانچە ئىشەندۈرۈپ ئېيتقان ھالدىمۇ قوبۇل قىلىغۇلۇق ئەمەس. چۈنكى ئاز گەپمۇ بارا-بارا دېيىلىۋەرسە، يوغىناپ مۇكەممەللىشىپ قالىدۇ-دە، ئاخىرى ئۇنى رەت قىلغىلى بولماي قالىدۇ. بۇ خۇددى بۇلاقلارنىڭ سۈيى يىغىلىپ چوڭ دەريانى ھاسىل قىلغاندا، ئۇنىڭدىن كېمىگە چۈشمەي ئۆتۈپ ئوتكىلى بولمىغاندەك بىر ئىش. شۇڭا غەرەز بىلەن قىلىنغان سوزلەر ئاز ۋە كىچىك ۋاقتىدىلا، ئۇنى رەت قىلماق كېرەك. شۇندىلا باشقىلارنىڭمۇ سوزلەيدىغان يولى باغلىنىپ، ئىشنىڭ ئاخىرى پىتنە-پاساتقا ئايلىنالمايدۇ.

چەشمە سۈيى باغلىنار بىر پارچىلا تۇپراق بىلەن،
بولسا دەريا توختىتىپ بولماس ئۇنى بىر تاغ بىلەن.

— بۇ نەسىھەتىڭنى قوبۇل قىلدىم ۋە روشەن دەلىل بولماي تۇرۇپ، كىشىنى تۆھمەت زىندىسى قىلىش ياخشى ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم، — دەپتۇ كامجۇي.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ ئانىسى، — ھەرقانداق كىشى سەۋىيىسى ئۇچۇق-ئاشكارا بولماي تۇرۇپ دوستلىرىدىن ئاغرىنسا، ئۇ كىشى ھوكۇمالار ھەمسوھبەت بولۇشتىن پەرھىز قىلىشنى بۇيرۇغان سەككىز خىل كىشىلەرنىڭ قاتارىدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ياخشىلىق ھەققىنى بىلمەيدىغان ۋە ياخشىلىق قىلغانلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەيدىغانلار؛ ئىككىنچىسى، سەۋەبسىز ئاچچىغى كېلىدىغان، غەزىۋى يۇۋاشلىقىنى بېسىپ چۈشىدىغانلار؛ ئۈچىنچىسى، ئۇزۇن ئۆمۈر كورۈشنى جەزملەشتۈرىدىغان، لېكىن ئۆزى خۇدا ۋە خەلقنىڭ ھەققى ھەم ھوقۇقلىرىنى ئادا قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايدىغانلار؛ تۆتىنچىسى، ئۆز ئىشىنىڭ بىناسىنى ئالدامچىلىق ۋە مەككارلىق ئاساسىغا قۇرغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئەمەلنى ئۆز نەزىرىدە سەل چاغلايدىغانلار؛ بەشىنچىسى، سوزلەشكە ئامراق، لېكىن راست سوزلەشتىن قاچىدىغانلار؛ ئالتىنچىسى، شەھۋەت مەيدانىدا نەپس ئاغامچىسىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەن، ھاۋايى ھەۋەسنى مەقسەت قىبلىسى ۋە مۇرات كەئبىسى دەپ تونۇيدىغانلار؛ يەتتىنچىسى، شەرم-ھاياسى يوق، بىئەدەپ بولغانلار؛ سەككىزىنچىسى، كىشىلەرنىڭ ھەققىدە بىسەۋەپ بەدگۇمان بولىدىغان، دەلىل-ئىسپات بولمىسىمۇ ياخشىلارنى تۆھمەت زىندىسى قىلىدىغانلار. ھوكۇمالار يەنە مۇنداق سەككىز خىل كىشىنىڭ سوھبىتىنى ۋە ئۇلپەتچىلىكىنى غەنىمەت بىلمەك كېرەك دېيىشكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ھەر دائىم كورگەن ياخشىلىقلىرىغا شۈكرى قىلىپ يۈرىدىغان، ياخشىلىق ھەققىستىنى تونۇيدىغانلار؛ ئىككىنچىسى، روزىگارنىڭ ھادىساتلىرىغا ئۇچرىسىغان بىلەنمۇ مۇھەببەت رىشتىسى ئۈزۈلمەيدىغانلار؛ ئۈچىنچىسى، ئۆزىنى تەربىيەت قىلغان ۋە ئىززەت قىلغانلارغا ھورمەت قىلماقنى

ۋاجىپ دەپ بىلگەن، سوزى ۋە ئىشى بىلەن ئۆنگغا ياخشىلىق قايتۇرۇشنىڭ كويىدا بولىدىغانلار؛ تونىنچىسى، مەككارلىق ۋە بەتقىلىقلىقنىڭ يىراق بولغانلار؛ بەشىنچىسى، غەزىپى كەلگەن چاغدا ئۆزىنى توختىتىۋېلىشقا قادىر بولالايدىغانلار؛ ئالتىنچىسى، ساخاۋەت ئەلىمىنى كوتەرگەن ۋە ئۆزىنىڭدىن تاما قىلغۇچىلارنىڭ مەقسەتلىرىنى قۇدرىتىنىڭ بارىچە ھاسىل قىلىشنىڭ پېيىدا يۈرىدىغانلار؛ يەتتىنچىسى، شەرم-ھاياسى بولغان، ياخشىلىق قىلىشنىڭ پېيىغا چۈشكەن، ئەدەپ يولىدا يۈرگەنلەر؛ سەككىزىنچىسى، ياخشىلار ۋە پاك كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىنى ئىستىگەن، پاسىقلاردىن ۋە قىلىقى سەت كىشىلەردىن يىراق بولغانلار، ھەرقانداق كىشى بۇ سەككىز خىل كىشى بىلەن ئۈلپەت بولسا ۋە ئىتتىپاق بولسا، ئىلگىرىكى سەككىز خىل كىشىدىن ئۆزىنى تارتسا ۋە ساقلانسا، يامان خۇيلىرى ياخشى سۈپەتكە ئالمىشىدۇ. ئەھۋالى ۋە مىجەزى ئىپتىدالغا كېلىدۇ. چۈنكى سىركە ئەسلىدە ئاچچىق نەرسە بولسىمۇ، ھەسەل بىلەن قوشۇلسا، ئاچچىقلىقى كېتىپ ناھايىتى كوپ ئىللەتكە داۋا بولىدۇ.

بولساڭ ئەگەر سىركىدەك، قوشۇل ھەسەلگە شۇندا سەن،
بولغايسەن دەرتكە داۋا ھەم راھىتى روھى راۋان.
بولمىغىن كوڭلى ئۇلۇك ھەركەت قىلىپ جانغا قوشۇل،
ھەمدەم بولساڭ جان بىلەن سەنمۇ بولارسەن بەلكى جان.
قەلبى ساپلارغا مۇلازىملىقتا بولغىن سايىدەك،
شۇندا بولغايسەن قۇياشتەك تاكى مەشھۇرى جاھان.

كامجۇي بۇ ۋەقەلەردە ئانىسىنىڭ شۇنداق مېھرىۋانلىق ۋە رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى كورۇپ، شۇكرىلەرنى بىلدۇرۇپ، مىننەتدارلىقلارنى ئىزھار قىلىپ:

— ئەي زامانىمىزنىڭ مەلىكىسى! سېنىڭ نەسىھەتىڭنىڭ بەركىتى بىلەن:

قاراڭغۇ يول نامايەن بولدى ئاخىر،
مۇشكۇل ئىشىم بەك ئاسان بولدى ئاخىر.

نەتىجىدە يەنە، بۇ دانىشمەن پۇرەيسىمۇ تۆھمەتتىن خالاس بولدى. مەنمۇ ھەر بىر مۇلازىمىنىڭ ھالىدىن ئاگاھ بولدۇم. ئەمدى مەن ئۇلار بىلەن قايسى تەرىقىدە ئىش تۇتماق كېرەكلىكىنى، ئۇلارنىڭ سوزىنى قايسى يوسۇندا ئاڭلىماق لازىملىقىنى بىلىۋالدىم، — دەپتۇ.

شۇندىن كېيىن كامجۇينىڭ پۇرەيسىگە بولغان ئېتىقادى ۋە ئىشەنچىسى تېخىمۇ زىيادە بولۇپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قېشىغا چاقىرىپ شۇنداق دەپتۇ:

— سەن بۇ تۆھمەتنى مېنىڭ ساڭا بولغان ئېتىقادىمنىڭ ئېشىشىغا سەۋەپ بولدى دەپ چۈشەنگىن. كوڭلۈڭگە ھېچ قانداق تەشۋىش يەتكۈزمىگىن. ئەمدى بۇرۇنقى مەنسىۋىڭدە ئولتۇرۇپ، ئىشىڭغا مەشغۇل بولىۋەرگىن.

— مەن بۇ سوزگە ئانچە ئىشەنچ قىلمايمەن، — دەپتۇ پۇرەيسە، — بۇ ئىلتىپات بىلەن مېنىڭ كوڭلۈمنىڭ گىرەلىرى ئېچىلىپ بولالمايدۇ. چۈنكى سىنلى دۈشمەنىنىڭ بوھتانلىرىغا ئىشىنىپ، ئوتتۇرىمىزدا باغلانغان ۋەدىلەرنى سۇندۇردىلا!

ئەمدى بىلدىم كوڭلىڭىزنىڭ ھېچ ۋاپاسى يوق ئىكەن،
شەنىڭىز بىمەرھەمەت، غەيرى جاپاسى يوق ئىكەن.
قىلمىدىڭىز دوست بىلەن دۈشمەننى سىز ھەرگىزمۇ پەرق،
ئەقلىڭىزنىڭ مىكرىدىن ئوزگە ساپاسى يوق ئىكەن.

— بۇ سوزلەرنى كوڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتكىن، — دەپتۇ كامجۇي، — چۈنكى سېنىڭ خىزمىتىڭدە ھېچقانداق كەمچىلىك ئۆتمىدى، مېنىڭ مەرھەمىتىمدىمۇ قۇسۇر كورۈلمىدى. كوڭلۈڭنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توق تۇتۇپ ئىشىگىنى قىلىۋەرگىن.

— بۇ تۆھمەتتىن خالاسلىق تاپقىنىم بىلەن، جاھان ھەسەتخور ۋە بەتنىيەتلەردىن خالى ئەمەس، — دەپتۇ پۇرەيسە، — سىلە ماڭا مەرھەمەتلەرنى قىلىۋەرسىلە، ئۇلاردىكى ھەسەتمۇ ساقلىنىپ تۇرىۋېرىدۇ. چۈنكى سىلە بىر قېتىم تۆھمەتخورلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىلا. ئۇلارمۇ سىلىنى سۆز بىلەن ئازدۇرۇش ئاسان ئىكەنلىكىنى بىر قېتىم بىلدى. ئەمدى ئۇلار ھەمىشە يامان نىيەتلىك سۆزلىرىنى سىلىگە ئېيتىۋېرىدۇ ۋە ھەر سائەت ئارىمىزغا بۆلگۈنچىلىك سالىدۇ. ھەرقانداق پادىشا تۆھمەتخورلارنىڭ ۋە چېقىمچىلارنىڭ سۆزىنى ئويلاپ باقمايلا ئاڭلايدىغان بولسا، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولماق جان بىلەن ئويناشقانلىق بولىدۇ. جان بىلەن ئوينىشىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. چۈنكى ھەر كۈنى بۇ تەنگە يېپىشىدىن جان كىرىپ تۇرمايدۇ-دە! ئەگەر قوبۇل كۆرسىلە، مەن ئۆزەمنىڭ ئەمەلنى قوبۇل قىلماسلىقىمدىكى ئۆزرەمنى بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا روشەن قىلىپ بېرەي.

— ئېيتقىن، — دەپتۇ پادىشا.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ پۇرەيسە، — سىلىنىڭ بۇ ھادىسىدە ماڭا رەھىم قىلىپ، ئىشەنچ ۋە ئېتىقاتلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلغانلىرى مەن ئۈچۈن گەرچە ئۇلۇغ ئىنئام ۋە كاتتا ئېھسان بولسىمۇ، مەن سىلىنىڭ ئالدىراپ كەتكەنلىكلىرى ۋە تەپتىش قىلمايلا مېنى سىياسەتكە بۇيرۇغانلىقلىرىدىن بەدگۇمان بولدۇم. شۇڭا سىلىنىڭ بۇ ھېسابسىز مەرھەمەتلىرى ۋە چېكى يوق شەپقەتلىرىدىن ئۈمىد ئۈزدۈم. چۈنكى ماڭا قىلغان تەربىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا زايا قىلىۋەتتىلە، ئەگەر تېگى-تەكتىگە يېتىپ قارىسا ھېچقانچە بىر كايىغۇچىلىكى يوق بولغان كىچىككىنە بىر تۆھمەت بىلەنمۇ ماڭا ناھايىتى چوڭ جازا بۇيرۇدىلا. پادىشا دىگەن، ئۆز ياساۋۇلىنىڭ شۇنداق كاتتا گۇناھىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنى رەسۋا قىلماي، ئۇنىڭ

يامان قىلغىنى سېخىلىق پەردىسى بىلەن ياپقان يەمەن پادىشاسىغا ئوخشاش، خېلى چوڭ خىيانەتلەرنىمۇ ئاسان ئەپۇ قىلىدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ كامجۇي.

— يەمەن دىيارىدا، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ پۈرەيسە.

## پادىشا بىلەن ياساۋۇلنىڭ ھېكايىسى

يەمەن دىيارىدا بىر پادىشا بار بولۇپ، ئۇ دۆلەت سۈبھىسىنىڭ ئاقلىقى پېشانىسىدىن چاقناپ، ئىنساپ نۇرى ئەھۋالىنىڭ چېھرىسىدە كورۈنۈپ تۇرغان بىر پادىشا ئىكەن.

ئۇ پادىشانىڭ بېشىدىن ئاسمان،
يۇلتۇز گوھىرىن چاچاتتى ھەرئان.

بىر كۈنى ئۇ پادىشا ئۆزىنىڭ ياساۋۇلىنىڭ بىر گۇنا قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ: "ئەمدى ئۇ مېنىڭ دەرگاھىمغا كەلمىسۇن" دەپ ھۆكۈم قىلىپتۇ. شۇ سەۋەپتىن بىچارە ياساۋۇل پادىشانىڭ قېشىغا كېلەلمەپتۇ، ئەمما ئۇ شەھەر-دىن چىقىپ باشقا يەرگە كېتىشنىمۇ خالىماپتۇ. ئۇ بىر مەزگىل ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قېلىپ، ئۆز ھالىنىڭ خاراپلىشىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، گاھى يىغلاپ كېتىدىكەن، گاھى بولسا زامانىنىڭ ئاجايىپلىقىغا قاراپ كۈلۈپ كېتىدىكەن.

ھەر كېچە يەكپاي تۇرۇپ، كويىمەك بىلەن تاڭ ئاتقۇچە،
خۇددى شامدەك، ھالىغا گاھ يىغلار ئىدى، گاھ كۈلۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاخىرى ئۇ مال-دۇنياسى ئاز، بالا-چاقىسى كۆپلۈكىدىن، تەڭلىكتە قېلىپ: "بىر ھىلە بىلەن پادىشانىڭ قېشىغا بارايچۇ، يا بويۇنۇم سىياسەت تىغى بىلەن كېسىلەر، ياكى بېشىم راھەت تاجىسىنى كىيەر" دەپ ئويلاپ، ئەل-ئاغىنىلىرىدىن سەرۇپا تىلەپ كىيىپ، ئات تىلەپ مىنىپ، ئوردا ئىشىكىگە بېرىپتۇ. ئىشىك باققان ياساۋۇللار ئۇنىڭ جابدۇلغان ئات مىنىپ، قىممەتباھا تون كىيىپ كەلگەنلىكىنى كورۇپ: "پادىشا ئۇنىڭ گۇنايىدىن كېچىپ ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغان ئوخشايدۇ" دەپ گۇمان قىلىپ، دەرۋازىدىن توسماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇناكار ياساۋۇل پادىشانىڭ بارگاھىغا كىرىپ، لايىق بىر جاي تېپىپ، پادىشانىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ كۈنى پادىشانىڭ ئالدىغا ناھايىتى كاتتا مېھمانلار كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بىلەن شاراپ ئىچىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ ھىلىقى ياساۋۇلغا كوزى چۈشۈشى بىلەن دەرھال ئاچچىقىنىڭ ئوتى شولە ئۇرۇپ، قەھرىنىڭ زورى ئۇنى بىتاقەتلىككە ساپتۇ. لېكىن ئۇ يەنە بىر ئاز ئويلاپ، قېلىپ ئوز-ئوزىگە: "بولدىلا، ئۇنى دەپ ئەيش-ئىشرەت بەزمىسىنى بۇزۇپ، شاراپ شاتلىقىنى غەزەپ ئەندىشىسىگە ئورۇمەيلا قوياي" دەپتۇ-دە، ئۇنىڭ سېخىلىقى ئەپۇنى تەقەززا قىلىپتۇ، ياخشىلىق تەبىئىتى ئۇ ياساۋۇلنىڭ قىلغان گۇنايىسىنى كورمىگەن بولۇپ تۇرۇپتۇ. ياساۋۇل پادىشانىڭ چىرايىدا غەزەپ ئەسىرىنى كورمەپتۇ-دە، كوڭلى توختاپ ھەرقانداق ئىشقا بۇرۇنقىدەكلا قول ئۇزىتىۋېرىپتۇ. تارتىنماي ھەرقانداق ئىشقا ئارىلىشىۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ ئۇ ئارىلىقتا بىر ياخشى پۇرسەت تېپىپ، ۋەزنى مىڭ مىسقال كېلىدىغان بىر ئالتۇن تاۋاقنى قوينىغا يوشۇرۇۋاپتۇ. لېكىن ئۇنى ئېلىپ قوپقىچە ئارىلىقتا ئۇنى پادىشا كورۇپ قېلىپ ئوزىچە: "بۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مېنىڭ غەزىۋىمدىن قورقۇپ ئويىدىن چىقالمىغاچقا، بالا-چاقىلىرىغا ئوزۇقلۇق تېپىپ بېرەلمىگەن ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇش

كەچۈرۈشتە تەڭلىكتە قېلىپ ئىلاجىسىزلىقتىن بۇ جۇرئەتنى قىلدى بولغاي" دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ بۇ ئەيىۋىنى سىبخىلىق پەردىسى بىلەن يېپىپتۇ. بەزمە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تاۋاقچىلار ئۇ تاۋاقنى ئېزلەپ ھېچ يەردىن تاپالمىغاچقا، ئۇنى تەپتىشلەپ بىر مۇنچە خالايىقنى تۇتۇپ، ئۇرۇپ-سوقۇپ يۈرگەندە، پادىشا ئۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئۇلارنىڭ بىرىدىن سوراپتۇ:

تاۋاقچى ئەھۋالنى بايان قىلىپتۇ.

— قويۇپ بېرىڭلار ئۇ كىشىلەرنى، تاۋاقنى ئۇ كىشىلەر ئالمىدى، تاۋاقنى ئالغان كىشى ئەمدى بەرمەيدۇ. ئالغاننى كۆرگەن كىشىمۇ ھەرگىز ئېيتىپ بەرمەيدۇ، — دەپتۇ پادىشا.

ياساۋۇل بۇ ماجرادىن كېيىن، چىقىپ ئۆيىسگە بېرىپتۇ ۋە ئۇ تاۋاقنى خىراجەت قىلىپ مەئىشەتنى پاراغەت بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. كېيىنكى يىلى شۇ ۋاقىتتا پادىشا ئوردىسىدا يەنە بىر قېتىم كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزگەن ئىكەن، ياساۋۇل ئوردىغا يەنە بېرىپتۇ ۋە پادىشانىڭ نەزىرىدە تۇرۇپتۇ. پادىشا ئۇنى كۆرۈپ قېشىغا چاقىرىپتۇ ھەم ئۇنىڭغا ئاستاغىنا دەپتۇ:

— ھېلىقى تاۋاقنى پۈتۈنلەي خەرج قىلىپ بولدۇڭمۇ؟

ياساۋۇل يالۋۇرۇش يۈزىنى ھاجەت يېرىگە قويۇپ تۇرۇپ:

سىز ئىكەنسىز پادىشاھىم لۇتپى ئېھسان ئىچرە تاق،
دولىتىڭىز دائىما بولسۇن يامان كۆزدىن يىراق.

— ھەر نىمە قىلغان بولسامۇ قەستەن قىلدىم، — دەپتۇ ياساۋۇل، — كۆڭلۈمدە: "مۇشۇ خىيانەتنى بىر قىلاي، ئەگەر ھېچكىم تۇيمىسا بىرنەچچە ۋاقىت بالا-چاقامنىڭ كۈنىنى راھەت-پاراغەتتە ئۆتكۈزەرمەن، ئەگەر بىر كىم كۆرۈپ قېلىپ پادىشاغا خەۋەر بەرسە، بىر يولىلا دەرىجىسىنى تېپىپ، بۇ تەڭلىك ۋە غەم-غۇسسىدىن قۇتۇلارمەن" دەپ ئويلىغان ئىدىم. مېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھالىم قانداقلىقىنى مانا ئۆزلىرىگە راستى بىلەن بايان قىلدىم.
بۇ سىرلارنىڭ ئۆزلىرىگە مەلۇم ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم.

جېنىم ئۆرتەنگىنىنى دىلنى ئۆرتىگەن شاھىم بىلۇر،
ئۇشبۇ دەۋادا گۇۋاھىم يەنە روشەن كوڭلىدۇر.

ــ راست ئېيتىسەن، ساڭا رەھىم قىلمىقىم لازىم،ــ دەپتۇ پادىشا ۋە ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنى يەنە بۇرۇنقى مەنسىۋىدە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

بۇ مىسالدىن غەرەز شۇكى، پادىشانىڭ كوڭلى كاتتا دەريادەك كەڭ بولۇشى ۋە ھېچقانداق ئىغۋانىڭ خەس ـ خەشەك ـ لىرى ئۇنى كىر قىلالمايدىغان بولۇشى كېرەك. يۇۋاشلىقى بولسا ھېچقانداق غەزەپ بورىنى بىلەن ئورنىدىن تەۋرىمىگۈدەك دەرىجىدە مەزمۇت بولۇشى كېرەك.

ياخشىلارنىڭ مۇلايىملىق خۇيى بار،
بولمىغاي غەزەپ ئۇلار كوڭلىگە يار.
ئۇچقۇسى خەس، ئاڭا يەل تەككەن زامان،
تەۋرىمەس ئۇز ئورنىدىن تاغ ھېچقاچان.

ــ ئېيتقان سوزۇڭ راست،ــ دەپتۇ كامجۇي،ــ نەسىھەت دورىسى دېگەن مانا مۇشۇنداق ئىچىشنى كىشىنىڭ كوڭلى تارتىدىغان دەرىجىدە تاتلىق بولۇشى لازىم. ئەگەر دورا ئاچچىق بولسا، ئاغرىق كىشى ئۇنىڭ ھەرقانچە ساقىيىپ كېتىشىنى بىلسىمۇ ئىچمەي قويۇپ، سالامەتلىك نېمىتىدىن مەھرۇم قېلىش ئېھتىمالى بار.

تاكى ئىمكانىڭلا بولسا بىزگە شىرىن سوزلىگىن،
تاتلىق ئاغزىڭغا مۇناسىپ بولمىغاي ئاچچىق جاۋاپ.

— مېنىڭ ھەق سۆزنى ئېيتىدىغان ۋاقتىدىكى سۆزۈمنىڭ قوپاللىقىدىن سىلىنىڭ ناھەققە ھۆكۈم قىلىدىغان ۋاقتىدىكى كۆڭۈللىرىنىڭ قاتتىقلىقى ئارتۇقراق. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلە كىشىنىڭ يالغان ۋە بوھتانلىرىنى ئاڭلىغان چاغدا، باشقىلار ھەق سۆزنى قوپاللىق ئېيتىپ قويسىمۇ ئېغىر ئالمىغايلا، — دەپتۇ يۈرەيسە.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دەپتۇ كامجۇي، — ئەمما سېنى بۇ بالا دېڭىزىدىن خالاس قىلىپ، ساڭا ناھايىتى كاتتا ئىلتىپات قىلدىم ۋە ساڭا سىياسەت بۇيرۇغىنىمدىن كېيىن غەزىۋىمدىن يېنىپ، ساڭا قىلغان بوھتاننى تەھقىقلەشتىن بۇرۇنلا سېنى ئەپۇ قىلىۋەتتىمغۇ ئەنە!

— مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدىمۇ سىلىنىڭ بۇ ئېھسانلىرىنىڭ شۈكرىنى ئېيتىپ بولالمايمەن، — دەپتۇ يۈرەيسە، — سىلىنىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇغاندىن كېيىن ئەپۇ قىلغانلىرى ھەممە نېمەتلەردىن ئۇلۇغ نېمەت. چۈنكى بۇ ھادىسىدىن بۇرۇنقى ئىنئاملارنىڭ ھەممىسى تەن نېمىتى ئىدى. ئەمما بۇ ئىلتىپات جان نېمىتى بولدى.

قىلدىڭىز جانىڭ دىلىمغا كۆپ نەزەرۇ ئىلتىپات،
تاپتى جانىم بۇ ھۇزۇرنى، بولدى كۆڭلۈم كۆپ خۇشات.

مەن بۇرۇندىنلا سىلىگە ئىخلاس ۋە ئېتىقات قىلىپ، جان ۋە تېنىمنى پاراغەتلىرىنىڭ پىداسى قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ھېلىمۇ بۇ سۆزنى قىلىشتىن غەرىزىم بۇ ھادىسىدە سىلىدىن ئۆتكەن خاتانى ئىسپاتلاش ياكى كورگەن تەدبىرلىرىدىن ئەيىپ تېپىش ئەمەس، بەلكى جاھىللارنىڭ ھۈنەر - پەزىلەت ئەھلىنىڭ ئۈستىدە ھەسەت قىلىشلىرى بىر خىل ئادەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەسەت يولىنى باغلاش ماڭا تەس كېلىدىغانلىقىنى سىلىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى مەقسەت قىلىۋاتىمەن. چۈنكى پەزىلەت ۋە دانىشمەنلىك

www.uyghurkitap.com

گۈلى ھەسەت ئىگىسىز بولمايدۇ. بۇ توغرىدا بۈزرۈكلاردىن بىرى:

ھەسەتخورلار بىزنى يامان دىسە نە ئەيىب،
ھەسەتخورلار كۆپ بولسىمۇ يوقتۇر ئەجەب.
ئۇلار چەككەن بىلەن قانچە ھەسرەت ـ ئەلەم،
بولماس بىزدە پەزىلەتتىن بىر زەررە كەم.

دىگەن ئىكەن. ھوكۇمالاردىن بىرى يەنە: "ئۇلىدىغان بولساڭ راسا كامالەتكە يېتىپ، خالايىقنى ئۆزەڭدىن ھەسەت يىدۈرۈپ ئۆلگىن" دىگەن ئىكەن.

— دۈشمەنلەرنىڭ ھەسەت قىلىشلىرىدىن ساڭا نىمە زىيان؟ يالغان سوز دىگەن بەرىبىر ئىز باسمايدۇ ـ دە! نادانلارنىڭ ھەدىلىسى دانالارنىڭ پەزىلىتى ئالدىدا خۇددى قۇياش نۇرى ئالدىدا يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقلۇغى يوقالغاندەكلا نابۇت بولىدۇ ۋە ھەمىشە خارزارلىق ئورۇنىدا تۇرىدۇ. ھەقىقەت ھەمىشە غالىپ بولىدۇ. ھەسەتخورلار شىكەست يەتكۈزگىنى بىلەن ئاقىللارنىڭ روناق تېپىشى توختاپ قالمايدۇ. بەتنىيەتلەر ئەيىپ قىلغان بىلەن ھۈنەرۋەنلەر ئەيىپلىك بولۇپ قالمايدۇ.

مەيلى دۈشمەن سىنى يامان دىسە، ئۇ ھىچ گەپ ئەمەس،
ھەددى يوق مىسنىڭ كىلىپ قىلماققا زەرنىڭ غەيۋىتىن.
شەپەرەڭنىڭ تەنىسىدىن يەتمىگەي كۈنگە زەرەر،
سۇندۇرالماس قارا تاش ئەلۋەتتە گوھەر قىممىتىن.

— بۇندىن كېيىن سەن ھەسەتخورلارنىڭ پىتنىلىرىدىن خاتىرجەم بولغىن. مەن ئۇلارنىڭ غەرەزلىك سوزلىرىنىڭ ھەقىقەتكە يېتەلەيمەن ۋە ئۇنى قوبۇل قىلمايمەن، — دەپتۇ كامجۇي.

— دۈشمەنلەر يەنە باشقا بىر خىل يول بىلەن سىلىنىڭ مىجەزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەرمىكىن دەپ قورقىمەن، — دەپتۇ پۈرەيسە.

— ئۇ قانداق يول ئىكەن؟

— ئەگەر ئۇلار: "پالانىنىڭ كوڭلىگە بىر ۋەھشەت چۈشۈپ-تۇ. ئەسلىدە ئۇنى سىلە ئوقۇبەتكە بۇيرۇغان بولسىلىمۇ هازىرقى كۈنىدە ئۇنىڭ دىمىغىدا تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنلىك پەيدا بو-لۇپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تەربىيىسىنى هەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتىلە. بۈگۈن ئەمدى هەزرەتلىرىدىنمۇ ئاغرىنىپ هەم بەدگۇمان بولۇپ يۈرىدۇ. ئەمدى يا بىر ئىشەنچكە، ياكى خىزمەتكە يارىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كىشىدىن هەرگىز غاپىل بولمىسىلا، بۈرۈن بىر قېتىم ئۇنى ئاغرىتىپ قويغان ئىدىلە، ئۇ بىر ئىش چىقارمىسۇن يەنە" دىگىلى تۇرسا، ماڭا يەنە بەدگۇمان بولۇپ قېلىشلىرىمۇ ئېهتىمال، — دەپتۇ پۈرەيسە.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىلاجىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ كامجۇي.

— ئاۋال ئۇلارنىڭ سوزلىرىگە قۇلاق سېلىش كېرەك، — دەپتۇ پۈرەيسە، — ئەگەر ئۇلارنىڭ سوزىدىن چېقىمچىلىق قىلى-ۋاتقانلىقى پەملەنسە، ئۇنىڭغا شۇنداق قاتتىق پەندى-نەسىهەت بېرىشلىرى كېرەككى، باشقىلار ئۇنى كورۇپ ئىبرەت ئالىدىغان بولسۇن. مۇشۇ يوسۇندا ئىش قىلسىلا هەم ئۇلارنىڭ تىلى باغ-لىنىدۇ، هەم سىلىنىڭ قۇلاقلىرى تىنىدۇ. مۇشۇ قائىدىنى بەرپا قىلىدىغان بولسىلا هەم سىلە مۇلازىملاردىن بەدگۇمان بولىدىغان، هەم مۇلازىملار سىلىدىن رەنجىيدىغان ئىش بولمايدۇ.

قەهرى ئوقى بىرلە تىككىن پىتنە-ئىغۋا ئاغزىنى،
قونمىسۇن دىل ئەيىنىگە ئۇ نەپەسنىن قارا كىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— قانچە خىل چاكارلار پادىشادىن بەدگۇمان بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ كامجۇي.

— ئۈچ قىسىم چاكارلار بار، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ پۇرەيسە، — بىرىنچىسى، مەنسۇۋى بار بولۇپ، پادىشانىڭ بېپەرۋالىقىدىن مەنسۇۋى زايا بولغانلار؛ ئىككىنچىسى، پادىشانىڭ ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن دۈشمىنى ئۇنىڭغا غالىپ كەلگەنلەر؛ ئۈچىنچىسى، كۆپ مال-دۇنيا جۇغلىغان بولسىمۇ پادىشانىڭ ئىلتىپاتسىزلىقى تۈپەيلىدىن دۇنياسى قولىدىن كەتكەنلەر.

— ئۇنداقتا بۇنىڭ چارىسىنى قانداق قىلماق كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ كامجۇي.

— ھەممىسىنىڭ چارىسى بىرلا، — دەپتۇ پۇرەيسە، — ئۇ شۇكى، پادىشا ئۇلاردىن رازى بولۇپ، ئۇلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى يېڭىلىسىلا، ھەم كەتكەن مەنسەپلىرى قولىغا قايتىپ كېلىدۇ، ھەم غالىپ بولغان دۈشمەنلىرى مەغلۇپ بولىدۇ، ھەم يوقالغان مال-دۇنياسى قولىغا كېلىدۇ. ئەگەر سىلە بىر كىمدىن رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا يېڭىدىن ئىشەنچ بىلدۈرسىلە، ئۇنىڭغا باشقا كىشى قانداقچە ئازار يەتكۈزەلىسۇن؟ دۈشمەنلەر ئۇنى يامان دېيىشكە قانداق جۈرئەت قىلالىسۇن؟ شۇنچە كۆپ مەرھەمەتلىرىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئەمدى: "مېنى يەنە ئاپەت دامىغا سالماي قويۇپ بەرسىلە، باياۋانلار ۋە جاڭگاللىقلاردا ئۆز ئارامىم ۋە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن يۈرسەم ئىدى" دېگەن ئۈمىتتىمەن. مەن ھەرقانداق جايدا بولسام سادىقلىق ۋە ئەقىدە بىلەن دۇئاگۆيلۇق قىلغايمەن.

ھەر كۈنى ماختاپ يۈرۈپ دائىم سېنى،
ھەر كېچە تەكرار ئېيتەرمەن مەدھىيە.

— كۆڭلۈڭنى تىندۇرغىن پۇرەيسە، — دەپتۇ كامجۇي، — سەن

ئۆزىنىڭ يامان گېپىنى ئاڭلىسا ۋە تۆھمەتلەرنى تىڭشىسا راستىمـ
كىن دەپ ئىشىنىپ قالىدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدا ئەمەسسەن،
مەن سېنى ياخشى سىناپ كۆرگەنمەن. سەن مېھنەتكە سەۋرە
قىلغۇچى ۋە نېمەتكە شۈكرى ئەيلىگۈچى كىشىسەن. مۇرۇۋۋەتسىز،
دىيانەتسىز كىشىلەردىن قاچىسەن. مەرتلىكنى ۋە ئامانەتكە رايە
قىلىشنى ئۆزەڭگە پەرز دەپ بىلىسەن. بولدى ئەمدى، مېنىڭ مەر-
ھەمەتلىرىم ۋە يۈز خاتىرە قىلىشىمدىن ئۈمىتۋار بولغىن. سېنىڭ
راستلىقىڭ ۋە پەرھىزكارلىقىڭ بابىدا مېنىڭ ساڭا ئەقىدەم زىيادە
بولدى. ئەمدى ھېچقانداق سەۋەپ بىلەنمۇ دۈشمىنىڭنىڭ سۆزىنى
ئاڭلىمايمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق پىتنىخورنىڭ سۆزىگە
ھەرگىز قۇلاق سالمايمەن.

— جاناپلىرىدىن مۇنچىۋالا ئىلتىپاتنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ماڭا
ئەمدى دۈشمەنلەرنىڭ يامانلىقلىرىدىن غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى
قالمىدى، — دەپتۇ پۈرەيسە، — مەندىن سىلە رازى بولسىلا، باشقا
دەۋاگەرلەر خۇشال بولمىسىمۇ ئۇنىڭدىن نىمە غېمىم.

ھەسەتخورلار ئەگرى ئوقىن بىزگە ئاتسا نىمە غەم،
ئەمدى نىگار قاشلىرىنى ئەيلىدۈق يا بىزمۇ ھەم.

شۇندىن كېيىن پۈرەيسە تولۇق قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنىڭ
بۇرۇنقى ئىشىغا مەشغۇل بولۇپ، كامچۈبىنىڭ ئالدىدا كۈندىن-
كۈنگە مەرتىۋىسى ئېشىۋېرىپتۇ. پادىشامۇ ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭغا
تولۇق ئىشەنچ قىلىدىغان بولۇپ، مەملىكەت ۋە خەزىنىنىڭ بار-
لىق ئىشلىرىغا ئۇنى مەھرەم قىلىپتۇ.

ياخشىلىق ئاسمانىدا تاپتى راۋاج،
كۆككە يەتكەن بېشىغا ئۇ كىيدى تاج.

مانا بۇ پادىشانىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئارىسىدا ئۆتكەن ھادىسىلەرنىڭ داستانى. پادىشانىڭ تەۋەلىرىدىن ھەرقانداق سەھۋەنلىك ياكى غەپلەت سادىر بولسا، ياكى ئۇنىڭغا كەمچىلىك يا توھمەت چاپلانسا، پادىشا ئۇنى ئەپۇ قىلىشى ۋە ئۇلار توغرىسىدا رازىلىق ھەم مۇلايىملىق مۇقامىغا كېلىشى كېرەك. ئاقىل كىشىلەر بولسا ھەم تەربىيەت شىپاخانىسىنىڭ تىۋىپلىرىدىن كۆڭۈلدىكى غەملەرنى كەتكۈزۈپ، دىلىنى خوشال قىلىدىغان ھەقىقەت مەجۇنىنى تەلەپ قىلىپ، روھ ھوكۇمالىرىنىڭ داۋالىشىنىڭ بەركىتى بىلەن جاھالەت ۋە نادانلىق ئىللىتىدىن ساقىيىشى كېرەك.

ئال ئىلىمنىڭ دورىسىنى دانىشمەنلىك تىبىبىدىن،
بولغۇسىدۇر ساڭا بىر چوڭ رەنج نادانلىق ئىللىتى.
بولسا ئەينەك قارا ئۇندا كورۇنمىگەي ھىچقاچان،
گەرچە كۆندەك بولسىمۇ نۇرانە، ئىنسان سۇرىتى.
سوپى-زاھىت ياكى تەقۋا ھەممىسى بولغاي گودەك،
بولمىسا ئالەمدە بىر يولباشچى مەرتىنىڭ ھىكمىتى.

## ئونىنچى باپ

# ھەركىمنىڭ ئۆز قىلمىشىغا يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى ۋە جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا

دابشلىم تازىم ئاداسىدىن كېيىن بىدپاي ھەكىمگە شۇنداق دەپتۇ:

— سەن ئېيتقان پۇرەيسە ۋە كاەجۇي داستانلىرىنى ئاڭلىدىم. بۇلار مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ياخشى ھىكايىلەر ئىكەن. پادىشا ئۆز قول ئاستىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلگەن زىددىيەت ۋە خىيانەتلەرنى ئەپۇ قىلىش ۋە جازالاشنى، كەڭچىلىك قىلىش ۋە ئازاپلاشنى ھەق-ناھەقنى ئايرىغان ھالدا ئۆز يولى بىلەن ئېلىپ بېرىپ، تولۇق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك ئىكەن. ئەمدى ئۆز نەپسى ئۈچۈن باشقىلارنى ئىزاغا قويۇشتىن ۋە زىيانغا ئۇچرىتىشتىن يانماي، ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىماي، ئاقىۋەت ئۆزى قازغان ئىشقا ئوخشاش جازاغا مۇپتىلا بولغان كىشىلەرنىڭ ھىكايىلىرىدىن بايان قىلغىن.

— پەقەت جاھىل كىشىلەرلا باشقىلارنى ئىزاغا قويىدۇ ۋە زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. چۈنكى بۇ كىشىلەر ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى،

www.uyghurkitap.com

پايدا ۋە زىيانىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئۇلار ئازغۇنلۇق باياۋانىدا سەرگەردان بولۇپ، ئۆز ئىشىنىڭ ئاخىرىدىن غاپىل قالىدۇ-دە، ھەر ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىگە كۆزى يەتمەيدۇ، ھەقىقىي مۇكاپات ۋە جازاغا ئەقلى يەتمەيدۇ. ئەمما ئەقلىنىڭ كۆزىگە تەۋپىق سۈرمىسى تارتىلىپ روشەن قىلىنغان، كۆڭۈل چىمەنىدە ئىنايەت گۈللىرىدىن گۈلشەن بەرپا قىلىنىپ خۇشپۇراق بولغان كىشىلەر بولسا، ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن ھەرقانداق نەرسىنى باشقىلارغا راۋا كۆرمەيدۇ، ئۆزى خالىمىغاننى باشقىلارغا تاڭمايدۇ، شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، بىرەر يامانلىق قىلغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ ھازىرچە جازاغا ئۇچرىمىغانلىقى بىلەن مەغرۇر بولمىسۇن، ئۇ ئاقىۋەت جازاغا ئۇچرايدۇ. خۇدا ئۇنداقلارغا بىر مەھەل زامان بەرسىمۇ، ئاقىۋەت ئامان بەرمەيدۇ. كىشى ھەرقانداق ئۇرۇقنى ئەمەل يېرىدە تېرىيدۇ ۋە ئاقىۋەت ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يىغىدۇ. شۇڭا ياخشىلىق تىلىگەنلەر ياخشىلىق ئۇرۇقىدىن باشقىنى تېرىماسلىقى كېرەك.

ياخشى مۇكاپات تاپماق بولسا ئەگەر خاھىشىڭ،
بارچە كىشىگە ھامان ياخشىلىق بولسۇن ئىشىڭ.
قىلغان ھەر ئىش ئەلۋەتتە قىلغۇچىسىغا يانغاي،
يەنە زۇلۇم قىلسەن، شۇ بولدىمۇ بىلىشىڭ.

ئەگەر كىشى يامان ئىش قىلمىغان بولسا، لېكىن كۆرۈنۈشتە ياخشى ئىش قىلغان بولۇپ يۈرسە، خالايىقلار ئۇنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن بىخەۋەر بولۇپ، ئۇنى ياخشى سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەپ، پۈتۈن جاھانغا مەشھۇر قىلغان ھالەتتىمۇ، ئاشۇ مەخپىي قىلغان يامان ئىشلىرىنىڭ يامانلىقى ئۇنىڭغا يانماي قالمايدۇ. ئۇنداق ئادەملەر خۇددى دىخاندەك يەرگە ھەنزەل (ئاچچىق تاۋۇز) تېرىسا ۋە ئۇرۇقىنى توپا بىلەن كۆمۈۋېتىپلا خالايىقلارغا "بۇ

يەرگە ناشكەر تېرىسدىم" دىسە، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم "ناشكەر ئۇندۇ" دەپ ئىشىنىدۇ. ئەمما ۋاقتى كەلگەندە، ئۇ يەردىن ناشىكەر ئەمەس، بەلكى ھەندزەل ئۇندۇ - دەە.

كىم يامان قىلسا ياماقلىق كورگۇسى،
ئۇ ئۇرۇغدۇر ھەق ئۇنى ئۇندۇرگىسى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىشى ھەرقانداق ئىشقا ئۆزىگە يارىشا مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان بولسا، يامان ئىشلاردىن يېنىپ، ياخشى ئەمەل بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك. زۇلۇم ۋە دىل ئازارلىقتىن تۇۋا قىلىپ، شەپقەت ۋە مەرھەمەت يولىنى تۇتۇشى لازىم. بۇ توغرىدىكى مىساللاردىن بىرى كۆچىتىنگىر شىر بىلەن مەرگەن ئەر توغرىسىدىكى ھىكايىدۇر، — دەپتۇ ھەكىم.

— ئۇ قانداق ھىكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ راي.

— ھەلەپ دىيارىدا بىر ئورمان بار ئىكەن، — دەپ سوزلەشكە باشلاپتۇ بەرەھمەن.

## زالىم شىر بىلەن قارا قۇلاق ھىكايىسى

ھەلەپ دىيارىدا بىر ئورمان بار بولۇپ، دەرەخلىرى ۋە گۈل - چېچەكلىرى تولا؛ تاغدىكى بۇلاقلاردىن ھەر تەرەپكە ئېرىقلار ئېقىپ تۇرغان، سەرۋى ۋە شەمشاد دەرەخلىرى بىلەن سوگەت ۋە گۈللەرنىڭ شاخلىرى بىر بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن گۈزەل جاي ئىكەن. ئۇ جايدا بىر چىشى شىر بار بولۇپ، داۋاملىق جەڭ بىلەن ئومرى ئوتىدىغان، ئەگەر خالىسا پىللارنىمۇ ئوۋلايدىغان شىر ئىكەن. يەلەك شىرى بۇ شىرنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ شەۋكىتىدىن قېچىپ، خۇددى يەرنى كوتىرىپ تۇرغان ئوكۈزدەك تەھتى سەرادا تۇرىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غەزەپلەنگەندەك چىقارسا چىشىن،
تومۇر ئېرىدىيتتى كۆرۈپ ھەيۋىتىن.
كۆزىدىن شولۇق ئوتى چاقنار ئىدى،
چىشلىرى خەنجەر، ئاغزى غار ئىدى.

ئۇ، ھەممىشە قان توكۇپ جان يۇتىدىكەن، ئاغزى ۋە پەنجىسى داۋاملىق قانغا مىلىنىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ مۇلازىملىرىنىڭ ئارىسىدا بىر قارا قۇلاق بار ئىكەن، قارا قۇلاق شىرنىڭ بۇ زالىملىغىدىن ئەندىشە قىلىپ قورقۇپتۇ ۋە ئۇزىچە: "بۇنىڭ زۇلمىنىڭ شوملۇغى ئاخىرى ماڭىمۇ تەسىر قىلىشى ئېھتىمال. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بۇ زالىمنىڭ خىزمىتىدىن قېچىشىم كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ.

نەسىھەت شۇكى، زالىملارغا ھەرگىز بولما ئۇلپەت ـ يار،
كىشى ئوتقا يېقىنلاشسا كويۇشىنىڭ ئېھتىمالى بار.

قارا قۇلاق مۇشۇ خىيالىنى قىلغاچ مېڭىپ، بىر تاغنىڭ ياقىسىغا بېرىپ قاپتۇ. قارىسا بىر چاشقان چىشى بىلەن بىر دەرەخنىڭ يىلتىزىنى قىرقىۋاتقان ئىكەن، دەرەخ بولسا ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپ: "ھەي زالىم دىل ئازار، نىمىشقا جاپا پالتىسى بىلەن جېنىمنىڭ رىشتىلىرىنى كېسىسەن ۋە ۋۇجۇدۇمنى قۇرۇتۇپ خالايىقنى سايەم ۋە مېۋەمنىڭ مەنپەئەتىدىن مەھرۇم قىلىسەن؟" دەۋاتقان ئىكەن.

يامانلىق قىلما ئۇ ئىشنىڭ جازاسى ھەم يامانلىقتۇر،
يامانلىق قىلغۇچىنىڭ كورمىشى ھەر دەم يامانلىقتۇر.

چاشقان بۇ نالىگە ئىلتىپات قىلماي، دەرەخكە جاپا سېلىشنى

داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىكەن، تويۇقسىز بىر يىلان پەيدا بولۇپ، ئۇنى دەم تارتىپ يۇتۇپتۇ. قارا قۇلاق بۇ ئەھۋالدىن ساۋاق ئاپتۇ ۋە ئازار بەرگۈچى ئازاردىن باشقىنى كورمەيدىغانلىقىنى، تىكەن تېرىغان كىشى ھەرگىز گۈل ئۈندۈرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

كورمىگەي نەپ ھەر كىشى سالسا زىيان،
تاپمىغاي ھېچ ياخشىلىق ھەر بىر يامان.

ئىلان چاشقاننى يۇتقاندىن كېيىن، دەرەخ سايىسىدە تۈگۈلۈپ ياتقان ئىكەن، بىر كىرپە كېلىپ ئىلاننىڭ قۇيرۇغىنى چىڭ چىشلەپ، بېشىنى قوسىغىغا تىقىپ تۇرۇۋاپتۇ، ئىلان تېپىرلاپ ئۆزىنى كىرپىگە ئۇرۇشقا باشلاپتۇ ۋە بىر دەمدىلا كىرپىنىڭ تىكىنىدىن ئىلاننىڭ بەدىنى يارىلىنىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. قارا قۇلاق بۇ ۋەقەدىن يەنە بولەكچە ئىبرەت ئاپتۇ. كىرپە بېشىنى چىقىرىپ ئىلاننىڭ ئۆلگىنىنى كورۇپتۇ-دە، دەرھال قوسىغىنى يېرىپ، قوسىغى تويغىچىلىك ياخشى يەرلىرىدىن يەپ يەنە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئاشۇ يەردە يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، شۇ پەيتتە بىر تۈلكە شۇ جايغا كېلىپ، كىرپىنى كورۇپ قاپتۇ-دە، ئۆزىچە: "بۇ ماڭا لايىق لوقما ئىكەن. ئەمما ئارزۇ ئىشىكى مەھكەم تاقىلىپتۇ، ئۇنىڭغا ھىلە ئاچقۇچىنى سالماي تۇرۇپ ھەرگىز ئېچىلمايدىغاندەك تۇرىدۇ. مۇرات گۈلى جاپا تىكەنزارلىقىدا پىنھان بولۇپتۇ. مىكىر شامىلى بىر تەرەپتىن يەلپۈمىسە، ئۇ غۇنچە ئۆز خۇش پۇرىقىنى پۇراتمايدىغان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپتۇ-دە، يېقىن كېلىپ، كىرپىنى ئوڭدىسىغا ئورۇپ، ئۈستىگە ئاستا-ئاستا سىيىپتۇ، كىرپە "يامغۇر يېغىۋاتقان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپ بېشىنى چىقىرىپتۇ، شۇ پەيتتە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان تۈلكە كاپ قىلىپ كىرپىنىڭ تومشۇغىدىن چىشلەپلا ئۈزۈۋاپتۇ ۋە قالغان ئەزاسىنى شۇنداق يەپتۇكى، تېرە ۋە تىكەنلىرىدىن باشقا ھېچنەرسە

قالماپتۇ، دەل شۇ چاغدا، بىر ئاچ ئىت كېلىپ قېلىپ، تۈلكىنى قېچىشقا پۇرسەت بەرمەي تۇتۇۋاپتۇ ۋە قوسىقىنى يېرىپ زوق-شوقى بىلەن يەپتۇ ۋە بىر بۇلۇڭغا كىرىپ يېتىۋاپتۇ. قارا قۇلاق بۇ مۇكاپاتلارنى تاماشا قىلىپ تۇرۇشىغا، بىر يولۋاس چىقىپ كەپتۇ-دە، ئىتنى كۆرۈپ قېلىپ، ئورنىدىن قوپقىچە پارە-پارە قىلىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. تاساددىپەن بىر ئۈۋۈچى قولىغا ئوق ۋە يا ئېلىپ، يولۋاس ئاتقىلى چىققان ئىكەن، شۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ-دە، بىر دالدىدا تۇرۇپ يولۋاسنىڭ ھېچنېمىسىدىن بىخەۋەر گۆش يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوقنى ياغا قويۇپ كۈچەپ تارتىپ چەنلەپ بىر ئاتقان ئىكەن، ئوق بېرىپ يولۋاسنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن كىرىپ سول تەرىپىدىن چىقىپتۇ.

بۇ ئېتىشقا چەرخ ئەيلەپ ئاپىرىن،
بۇ تېگىشكە قىلدى تەھسىنلەر زېمىن.

ئۈۋۈچى ئۆلۈك يولۋاسنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇۋاپتۇ ۋە تېرىسىنى ئېلىپ قايناي دەپ تۇرۇشىغا، بىر ئاتلىق كىشى ئۇنىڭ قېشىغا كەپتۇ، يولۋاسنىڭ نەقىشلىك قىممەتباھا تېرىسىنى كۆرگەن ئاتلىق كىشى ئۇنى تارتىۋېلىش كويىغا چۈشۈپتۇ ۋە ئۈۋۈچى بىلەن تېرە تالىشىپ جېدەل چىقىرىپتۇ. بارغانسېرى جېدەل ئۇلغىيىپ، ھېلىقى ئاتلىق كىشى تىغ تارتىپتۇ-دە، شەمشەر بىلەن ئۈۋۈچىنىڭ بېشىنى كېسىۋېتىپ، تېرىنى ئېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئادەم تېخى يۈز قەدەم نېرى بارمىغان ئىكەن، ئېتى مۈدۈرۈپ كېتىپ ئاتتىن يىقىلىپ بوينى قايرىلىپ ئۆلۈپتۇ.

بۇ مۇكاپاتنى كۆرۈڭ دەۋرى زامان،
ئىككى سائەت بەرمىدى ئاڭا ئامان.

قارا قولاق بۇ تەجرىبىلەرنى كۆرۈپ يامانلىق ئۈچۈن ئاخىرى جازا بېرىلىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىپتۇ. ئۇ شىرنىڭ قېشىغا كېلىپ تاغدىن كېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن رۇخسەت سوراپتۇ.

— دۆلىتىمنىڭ سايىسىدە راھەتلىنىپ ياشاۋاتىسەن، سېخىلىقىمنىڭ داستىخىنىدىن قانچىلىك بەھرە ئالغىڭ كەلسە شۇنچىلىك بەھرىلىنىۋاتىسەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ خىزمىتىمنى تەرك ئېتىپ، بۇ مەنزىلدىن بىر تەرەپكە كېتىشىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— ماڭا بىر خىيال پەيدا بولدى، — دەپتۇ قارا قولاق، — ئەگەر ئۇنى پىنھان تۇتسام تاقەت قىلالمايمەن، بايان ئەيلەي دېسەم بېشىمنىڭ كېتىشىدىن قورقىمەن.

ماڭا مۈشكۈل كۆڭلۈمنىڭ ھالىنى سەندىن نىھان قىلماق،
رەقىبلەر خەۋپىدىن تەستۇر ئۇنى ئېيتىپ ئايان قىلماق.

ئەگەر سەن يېنىۋالمايدىغان ۋەدە بەرسەڭ، ئەھۋالىمنىڭ جەريانىنى ساڭا راستى بىلەن ئېيتاي!

شىر ۋەدە بېرىپتۇ.

— قارىشىمچە، سەن خەلققە ئازار بېرىشكە نىيەت باغلاپسەن، — دەپتۇ قارا قولاق، — سېنىڭ ھەيۋىتىڭ گۇناسىزلارغا زۇلۇم سېلىشلا بولۇپ قاپتۇ. ھەممىنىڭ كۆكسى سېنىڭ زۇلمىڭ نەشتىرى بىلەن يارا، پارچە كۆڭۈللەر جەۋرى-جاپايىڭنىڭ تىغى بىلەن پارە-پارە بولۇۋاتىدۇ.

جەۋرۇ جاپالار قىلدىڭ ھەمىشە،
روزى مەھشەردىن قىلماي ئەندىشە.

شىرغا بۇ سۆز ئېغىر كەپتۇ. لېكىن ئۆزى ۋەدە بەرگەنلىكى

ئۇچۇنلا ئىلاجسىز ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرۇپ، شۇنداق دەپتۇ:
— مەندىن ساڭا ھېچقانداق يامانلىق كەلمىگەن ئىدىغۇ؟ كېتىشنى ئىختىيار قىلىشىڭدىكى سەۋەپ نىمە؟
— سەندىن ئۆزەمنى چەتكە ئېلىشىمدا، ئىككى سەۋەپ بار: بىرىنچىسى، مېنىڭ زۇلۇمنى كورۇشكە تاقىتىم ۋە مەزلۇملارنىڭ نالىسىنى ئاڭلاشقا سەۋرىم يوق.

كوڭۇللەر بارچىسى سەندىن پەرىشان،
زىمىن ئەھلى قىلار زۇلمىڭدىن ئەپغان.
ئۆز ھالىمدىن ھېچ ئەيلىمەسمەن غەم،
بولماقتىمەن ئەل غېمىگە ھەمدەم.

يەنە بىرى شۇكى، مۇبادا بۇ خۇي - پەيلىڭنىڭ شۇملۇغى يەتسە، مەنمۇ ساڭا قوشۇلۇپ ئازاپ - ئوقۇبەت ئوتىدا كويىدىغان ئوخشايمەن. چۈنكى بىر جايغا ئوت كەتسە ھول - قۇرۇق ئوخشاش كويىدۇ - دە، — دەپتۇ قارا قۇلاق.
— سەن يامان ئىشنىڭ شۇماۇغىنى نەدىن بىلدىڭ ۋە ياخشى ئىشنىڭ بەركىتىنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.
— ھەر كىشى ئەگەر ئەقىل گۆلزارىدىن بۇي ئالغان بولسا، ئازار ئۇرۇغىنى تېرىغان كىشىنىڭ زەرەردىن باشقا ھوسۇل ئالمايدىغانلىغىنى بىلىدۇ؛ مەنپەئەت دەرىخىنى تىككەن كىشى راھەت مېۋىسىنى يەيدۇ. بۇ جاھان بىر مۇكاپات يېرىدۇر، ئۇ بىر تاققا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ياخشى ياكى يامان سوز قىلساڭ ئۇنىڭ ئەكس ساداسىدا يەنە شۇنى ئاڭلايسەن.

بۇ جاھان تاغدۇر، پەيلىمىز نەدا،
قانداق تووۇلساق كېلۇر شۇ سادا.
تام سايە سالار زىمىن ئۇستىگە،
سايە ئاخىرى قايتار ئۆزىگە.

— مەن بۈگۈن جازا سۈرەتلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ۋە نۇكاپايات قائىدە-يوسۇنىنى ئۆز بويىچە چۈشەندىم، — دەپتۇ قارا قۇلاق شىرغا جاۋابەن ۋە چاشقان، ئىلان، كىرپە، تۈلكە، ئىت، يولۋاس، ئۈۋچى ۋە ئاتلىق كىشىلەرنىڭ قىسسىسىنى شىرغا بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا نەسىھەت قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پادىشا! چاشقان دەرەخ يىلتىزىنى قىرقىدى، ئىلانغا لوقما بولدى، ئىلان ئۇنى يەدى، كىرپىنىڭ ئازارىغا ئۇچرىدى، كىرپە ئىلاننى ئۆلتۈردى، تۈلكە ھىلىسىنىڭ دامىغا چۈشتى، تۈلكە ئۇنى يېگەن ئىدى، ئىت ئۇنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقاردى. ئىتمۇ شۇ زۇلۇم تۈپەيلىدىن يولۋاسنىڭ ئالقىنىدا ھالاك بولدى. يولۋاس زالىملىقى ئۈچۈن ئەجەل ئوقىغا نىشانە بولدى. ئۈۋچى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۆز بېشىدىنمۇ ئايرىلدى، ئاتلىق ئادەممۇ ناھەق قان تۆككەنلىكى ئۈچۈن بوينى سۇندى ۋە تىرىكلىكتىن كۆڭلى تىندى. مانا بۇلارنىڭ ھەر بىرى باشقىلارغا زەرەر يەتكۈزۈپ ئۆزىمۇ زەرەر تاپتى، شۇڭا ئاقىل كىشىلەر "يامان ئىشلاردىن پەرھىز قىلىشى، يامان ھەمسوھبەتلەردىن قېچىشى، ياخشى ئىش-ئەمەللەرنى قىلىشى ۋە ياخشى خۇي-پېئىللىق بولۇشقا نىيەت باغلىشى كېرەك ئىكەن.

شۇ كىشىنى دىسە بولار: دىلى ئاق،
بولسا ئۇ دائىم يامان ئىشتىن يىراق.

شىر ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە شان-شوھرىتىگە مەغرۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، قاراقۇلاقنىڭ بۇ ۋەز-نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماپتۇ، بەلكى قاراقۇلاق ئۇنى باشقىلارغا ئازار بەرمەسلىككە قانچە دالالەت قىلغانسېرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھېرس ئوتى شۇنچە زىيادە بولۇشقا باشلاپتۇ.

مېنى جۇنۇن ئىشىدىن مەنئى قىلما ئەي ۋائىز،
سەن سوزلىسەڭ ئىشق ئوتى مەندە بەتتەر بولۇر تېز.

قارا قۇلاق خۇددى پولات تاختايغا چۈمۈلىنىڭ پۇتى زەربە يەتكۈزەلمىگەندەك ياكى بىر كىم تىككەننى تاشقا قارشى نەيزە قىلىپ ئاتسا تىككەن تاشقا ئۆتمىگەندەك بىر ئىش بولۇپ، ئۆزىنىڭ نەسىھىتى شىرنىڭ كۆڭلىگە قىلچە تەسىر قىلمىغانلىغىنى سېزىپ، شىرنىڭ قېشىدىن قېچىپ، ناھايىتى چوڭ بىر تىككەنزارلىققا كىرىپ دوكۇپتۇ. شىر غەزەپلىنىپ ئارقىسىدىن قوغلاپ كىرىپ، ئىزلەپ تاپالماي، ئۇنىڭ چىلىك يەرگە موككەنلىگىنى پەملەپتۇ ۋە نېرىراق كىرىپ قارىسا ئىككى كېيىك بالىسى ئوتلاپ يۈرگەن، ئانىسى ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ يۈرگەنلىگىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەملە قىلىپتۇ، كېيىكنىڭ ئانىسى دات-پەرياد قىلىشقا باشلاپتۇ:

— ھەي پادىشا! بۇ ئىككى نارسىدىنى يېمەك بىلەن ساڭا قانچىلىك قۇۋۋەت ھاسىل بولۇپ كېتەر؟ پەريادىمغا يەتكىن، ئۇلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكىن! مېنى پەرزەنتلىرىمنىڭ يىراق ئوتىغا تاشلىما ۋە ئۆزەڭنىمۇ بۇنىڭغا كېلىدىغان مۇكاپاتىنىڭ ھىدلەكچىلىگىگە باشلىما، سېنىڭمۇ پەرزەنتلىرىڭ باردۇر، بۇلارغا زىيان يەتكۈزسەڭ سېنىڭ باللىرىڭغىمۇ زىيان-زەخمەت يېتىپ قېلىشىنى بىر ئويلىساڭچۇ! سەن ئۆز باللىرىڭدىن ئايرىلىشنى خالىمىساڭ، مېنىمۇ باللىرىمدىن ئايرىۋەتمىسەڭچۇ؟

شىر بۇ نالە-زارغا قىلچە ئىلتىپات قىلماي، كېيىكنىڭ باللىرىنى تۇتۇپ يەپتۇ. شىرنىڭمۇ ئىككى بالىسى بار ئىكەن. شىر باللىرىنى بىردەم كۆرمىسە ئالەم كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنىدىكەن، ئۇ دائىم باللىرىنىڭ دىدارىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۆز كۆزىنىڭ روشەن بولۇشىنى تىلەيدىكەن. دەل شىر كېيىكنىڭ باللىرىغا قەست قىلغان ۋاقىتىدا، بىر ئوۋچى شىرنىڭ باللىرىنىڭ پېيىغا چۈشكەن ئىكەن. شىر كېيىك باللىرىنىڭ گۆشى بىلەن تويغاندا

ئۇۋچىمۇ شىر بالىلىرىنىڭ تېرىسىنى سويغان ئىكەن.

ياخشىراق قۇلاق سالغىن بۇ سوزگە،
كىشىگە قىلغان قىلۇر ئۆزىگە.

كىيىك شىردىن قېچىپ بالىلىرىنىڭ پىراقىدا نالە-پىغان قىلىپ، سەراسىمە بىلەن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، قارا قۇلاقنىڭ قېشىغا بېرىپ قاپتۇ. قارا قۇلاق ئۇنىڭدىن ھال سوراپتۇ. كىيىك ئۆز بالىلىرىغا شىرنىڭ زۇلۇم يەتكۈزگىنىنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپتۇ. قارا قۇلاقمۇ ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ زار-زار يىغلاپتۇ.

يار يادىدا يىغلىسام زار-زار،
يىغامغا قوشۇلۇپ تاملارمۇ يىغلار.

— ھەي بۇرادەر، يىغلىما، غەم يىمىگىن، ئۇزاققا قالماي ئۇمۇ ئۆز زۇلمىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، — دەپتۇ قارا قۇلاق كىيىككە.

پەرۋانىلارنى كويدۇرسىمۇ شام،
كويەر ئاخىرى ئۆز يېنىغى بىلەن.

شىر كىيىك بالىلىرىنى يەپ بولۇپ، ئۆز مەنزىلىگە قايتىپ كېلىپ، كوز نۇرى بولغان بالىلىرىنىڭ تەنلىرى جانسىز، گوشى تېرىسىز ھالدا ياتقىنىنى كورۇپ، پەريات ۋە نالىسىنى ئاسمانغا يەتكۈزۈپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

بىھىساپ دەرت يەتتى-بۇ كوڭلۈمدە راھەت قالمىدى،
ئىزتىرابىم ئاشتى ھەم جانىمدا تاقەت قالمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ شۇنداق پىغان چېكىشكە باشلاپتۇكى، ئۇنىڭ تەسىرىدىن شۇ تاغدىكى ھەممە جانۋارلارمۇ يىغا-زارە قىلىشىپتۇ. ئۇ شۇنداق ئۇتلۇق ئاھ ئۇرۇپتىكى ئۇنىڭ ئاھىنىڭ شولىسىدىن ھاۋادىكى ئۇچۇۋاتقان قۇشلارنىڭمۇ تېنى كويۇپتۇ.

دوستلىرىم كورسە بۇ ھالىمنى پاراۋان يەغلىغاي،
دوست تۇگۇل دۇشمەنلىرىم ھەم كورسە قان-قان يىغلىغاي.

شىرغا بىر چىلبورە خوشنا بولۇپ، ئۇ ئىشتىگىنى دۇنيا تەئەللۇقاتىنىڭ توپىسىدىن قاققان ۋە ئوزىنى تەۋەككۇلغا تاشلىغان، قانائەتلىك، تەۋەككۇل ئىززىتىنىڭ ئېتىنى مىنگەن، قانائەت دۇنياسىنىڭ تاجىسىنى كىيگەن بىر جانۋار ئىكەن. ئۇ تەزىيەت ئۇچۇن شىرنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەي پادىشا، بۇنچىۋالا پىغان چېكىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟

شىر ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ بېرىپتۇ.

— سەۋرە قىلغىن، — دەپتۇ چىلبورە، — ھېچقانداق پادىشا ئەلەم گۇلشەندىن ۋاپا ھىدىنى پۇرىغىنى يوق ۋە ھېچقانداق ئېغىز دەۋران ساقىيسىنىڭ قولىدىن جاپاسىز شاراپ ئىچكىنى يوق.

بۇ دەۋر مەككارىسىدە ھېچقاچان يوقتۇر ۋاپا،
روزىگار ئايىنەسىدە ھېچقاچان يوقتۇر ۋاپا.

باغرى قان بولغان كوڭۇللەر زەخمى ئۇچۇن، سەۋرىدىن ياخشىراق مەلھەم يوق. بىر پەس ئوزەڭنى بېسىۋال، ھۇشۇڭنى يىغ ۋە قۇلىغىڭنى ئاچ. مەن ساڭا ھىكمەت دەپتىرىدىن ئىككى-ئۈچ ئېغىز ھىكمەتلىك سوزلەرنى ئېيتاي. بۇ ئىككى يۇزلىمە دۇنيانىڭ ئىش-كۇشلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى كوڭلۇڭنىڭ كوزىگە كورسىتەي.

شىرنىڭ قەلب دەرياسى دولقۇنلاشتىن سەل بېسىلىپ، نەسىھەت ئاڭلاشقا مايىل بوپتۇ ۋە چىلبۇرە ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پادىشا! ھەر باشلىنىشنىڭ بىر ئاياقلىشىشى بولىدۇ ۋە ھەر ئاۋالنىڭ بىر ئاخىرى بولىدۇ. ئەگەر ئۆمۈرنىڭ مۇددىتى توشۇپ، ئەجەل ۋاقتى يەتسە، كوز ئاچقىچە مۇھلەت بەرمەيدۇ. ھەر گۇرۇھقا ئۆلۈم ۋە ئازاپ ۋاقتى تەيىن قىلىنغان. ئەگەر شۇ ۋاقىت كېلىدىغان بولسا، ئۇندىن كىچىككىنە ۋاقىتنىمۇ تىلەپ ئالالمايدۇ. شۇڭا ھەر غەمنىڭ ئارقىسىدىن شاتلىقنى تىلەش كېرەك ۋە ھەر تويىدىن كېيىن كېلىدىغان ماتەمنىمۇ كورۇش كېرەك.

بۇ جاھان باغىدا كوڭلۇم شوخ ساباداك سەير ئېتىپ،
تاپتى كوپ گۇللەرنى يۇ، لېكىن تىكەنسىز تاپمىدى.

ھەرقانداق ھالدا، خۇدادىن كەلگەن قازاغا رىزا بولۇش ۋە بۇنداق نالە - پەرياتلارنى قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.

ئېتىلسا گەر قازادىن ئوق جېنىڭنى ئەيلىگىن قالقان،
قازا ئوقى خاتا تەگمەس، ۋەھىمە ئەيلىمە زىنھار.

— بالىلىرىمغا بۇ بالا نەدىن كەلگەندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— ئوزەڭدىن كەلگەن، — دەپتۇ چىلبۇرە، — چۈنكى سەن ئوۋچى سېنىڭ بالىلىرىڭغا قىلغاندەك ئىككى ھەسسە قىلغۇلۇقنى باشقىلارغا قىلغان بولغىيتتىڭ. ئوز ئەمىلىڭنىڭ مۇكاپاتى ئاخىرى يەنە ئوزەڭگە يېتىپتۇ. سەن باشقىلارنى جازالىغاندەك جازا ئوزەڭگىمۇ كەپتۇ. سەن بىلەن بولغان بۇ ۋەقە ئوتۇنچىنىڭ ۋەقەسىگە

www.uyghurkitap.com

ئوخشايدىكەن. ئۇمۇ "ئوتۇنۇمغا بۇ ئوت نەدىن چۈشتى" دېگەن ئىكەن.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— ئۆتكەن زاماندا بىر زالىم بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ چىلبۆرە.

## زالىم ئوتۇنچىنىڭ ھېكايىسى

ئۆتكەن زاماندا بىر زالىم بار ئىكەن. ئۇ كەمبەغەللەرنىڭ ئوتۇنلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ، يېرىم باھادا پۇلنى بېرىدىكەن ۋە شۇ يوسۇندا جۇغلىغان ئوتۇننى قىشتىچە بايلارغا توشۇپ بېرىپ، ئۇلاردىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق پۇل ئالىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ جەۋرىدىن كەمبەغەللەر نالە-زار قىلىدىكەن ھەم بايلارغا قاخشايدىكەن.

جەۋرىدىن ھەر بىر جىگەر بولغان كاۋاپ،
زۇلمىدىن بارچە كۆڭۈل بولغان خاراپ.

بىر كۈنى ئۇ بىر دەرۋىشنىڭ ئوتۇنىنى كۈچ بىلەن تارتىۋاپتۇ ۋە ھەتتا ئوتۇننىڭ يېرىم باھاسىغىمۇ توغرا كەلمەيدىغان ئازغىنا پۇل تاشلاپ بېرىپتۇ. دەرۋىش دۇئا قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، يېلىنىش يۈزىنى تەلەپ قىبلىسىگە كەلتۈرۈپتۇ.

قالما ئەي زالىم دۇئالار ئوقىدىن غەپلەتتە سەن،
قىلسا زار يىغلاپ دۇئا، شۇنداق دۇئادىن قان تامار.

شۇ چاغدا، بىر شەپقەتلىك كىشى ئۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ ۋە ئۇ زالىمغا مالامەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

زەئىپ ئەلنىڭ ساڭا ئاتقان ئوقىدىن كوپ ھەزەر قىلغىن،
كى زەئىپى قانچە ئارتۇق بولسا، ئوق زەخمى بولۇر قاتتىق.

— بۇ بىچارىلەرنىڭ خۇدادىن باشقا پاناھى يوق. بۇلارغا ئۇنداق زۇلۇم قىلما! بۇ كىشىلەر ھەر كېچىسى خۇددى شامدەك كوڭۇل كوزىدىن ياش ئاققۇزىدۇ. بۇلارغا بۇنچىۋالا جاپا سالما، بۇ غېرىپلارنىڭ كوكرەك ئويىنى زۇلۇم بالاسى بىلەن ۋەيران قىلما. گەرچە سېنى قاتتىق مەي خۇمارى تۇتقان بولسىمۇ، يېتىملارنىڭ يۈرەك قېنىنى شاراپ ئورنىدا ئىنتىقام جامىغا قۇيما!

بۇ ئەزىزنىڭ سوزى ئۇ تەكەببۇر زالىمغا خوش ياقماپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەخمەقلىق ۋە جاھالىتى چېكىدىن ئاشقان ئىكەن. شۇڭا نەسىھەتنى قوبۇل قىلماپتۇ:

ماڭ يولۇڭغا ئەي ۋەزىچى ساڭا قۇلاق سالماسمەن،
بىر خامان نەسىھەتنى بىر ئارپىغا ئالماسمەن.

دەرۋىش ئۇنىڭدىن يۈز ئورۇپ، بىر خىلۋەت جايغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئاسادىپەن شۇ كۈنى كېچىسى ئوتتۇن جۇغلانغان ئويگە ئوت كېتىپ، پۈتۈن ئوتتۇننى كويدۇرۇپ، ئوتتۇنچىنىڭ ئولتۇرغان ھويلىسىمۇ ئوت تۇتىشىپتۇ-دە، ئۇنىڭ بارلىق بايلىقىنى كويدۇرۇپ كۈل قىلىۋېتىپتۇ، ئۇ ئوز جېنىنى ئاران قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. ئوتتۇنچى ئەتىسى خوشنىلىرىغا "بۇ ئوت ئويۈمگە نەدىن تۇتاشقاندۇر؟" دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى نەسىھەت قىلغان ئەزىز ئۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئۇ ئوت دەرۋىشلەرنىڭ ئاھلىرىنىڭ شولىسىدىن ۋە دىلى ئاغرىغانلارنىڭ كوڭلىنىڭ كويۈشىدىن چۈشتى، — دەپتۇ.

قىلما دەرتمەنلەرنىڭ ئوتلۇق كوكسىنى ھەرگىزمۇ چاك،
ئىنتىك ئوتنى يارسا ئۇ ئوت تېخىمۇ ئۇلغايغۇسى.

زالىم بېشىنى تولغاپ ساپتۇ ۋە:
— بۇ جاپا ئۇرۇغىنى ئۆزەم تېرىغان. ھوسۇلى بۇنىڭدىن ئۆزگە نىمە بولسۇن؟ — دەپتۇ.

نالە قىلما، غەيرىدىن سەن ئۆز ئىشىڭدىن بول مالال.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، سەنمۇ باشقىلار- نىڭ باللىرىغا قىلغان ئىشلىرىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا كەلگەن جازا ۋە ئىزتىراپلارنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە بۇ كەلگۈلۈك سېنىڭ پەر- زەنتلىرىڭگىمۇ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك. باشقىلار سەندىن كەلگەن رەنج - ئەلەملەرگە سەۋرە قىلغان ئىدى. سەنمۇ شۇلارغا ئوخشاش باشقىلاردىن كەلگەن كەلگۈلۈككە سەۋرە قىلغىن ئەمدى.
— بۇ سوزلىرىڭنى دەلىل - ئىسپات بىلەن سوزلىگىنە قېنى؟ — دەپتۇ شىر.
— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ چىلبۆرە.
— قىرىق ياشقا كىردىم.
— شۇنچە ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە نىمە بىلەن ئوزۇقلاندىڭ؟
— ئادەم ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى شىكار قىلىپ ئوزۇقلاندىم.
— ئۇلارنىڭمۇ ئاتا - ئانىسى بار بولغىيتتى، سەن ئۇز بالى- لىرىڭغا قانچىلىك ئىچچىنىپ پەريات قىلغان بولساڭ، ئۇلارمۇ پەر- زەنتلىرى ئۈچۈن شۇنداق نالە چەككەندۇر. ئەگەر شۇ ۋاقىتلاردا بۈگۈنكى كۈننى كوز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ، قان توكۇشتىن پەرھىز قىلغان بولساڭ، بۇ ۋەقە يۈز بەرمەس ۋە بۇ مۇسىبەت بېشىڭغا كەلمەس ئىدى.

ئەلگە قىلمىساڭ ياخشىلىق ھەردەم،
قانداقمۇ راھەت كورسەن بىردەم.
سەن ئۇرساڭ ئەلنىڭ جېنىغا نەشتەر،
كىم قويار سېنىڭ زەخمىڭگە مەلھەم.

ئەگەر قانخورلۇق ۋە جاپاكارلىغىڭنى داۋام قىلدۇرساڭ، بۇنىڭدىنمۇ يامان بالالارنى كورۇشۇڭ چوقۇم، بەس! بۇ يامان پەيلىڭنى تاشلا، كوڭلۇڭنى بىئازارلىق يولىغا باشلا، چۈنكى ئازار بەرگۈچى ھىچقاچان راھەت يۈزىنى كورمەيدۇ، زالىم ھەرگىز مۇرات-مەقسىدىگە يېتەلمەيدۇ، زالىمنىڭ تەدبىر ياسىدىن ئېتىلغان ئوق ھىچقاچان مەقسەت نىشانىغا تەگمەيدۇ.

شىر بۇ سوزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەقىقى ھال ئۇنىڭغا بىر ئاز روشەن بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوزىنىڭ ئىش-ھەركەت بىناسىنى زار ۋە ئازار ئۈستىگە قۇرغانلىغىنى، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئاپەت ۋە ئازاپ-ئوقۇبەت بولىدىغانلىغىنى چۈشىنىپتۇ. شىر ئويلاپ-ئويلاپ ئاخىرى "ياشلىغىمنىڭ باھارى قېرىلىقىنىڭ خازانىغا ئالمىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئەمدى قەدەممۇ-قەدەم پانا يولىغا مېڭىشىم كېرەك. ئولۇم سەپىرىم يېقىنلىشىۋاتىدۇ. ئەمدى ئاخىرەت بازىرىنىڭ سەرمايە ۋە جابدۇغىنى قىلىپ، ئازار ۋە زۇلۇم سېلىشنى تەرك ئېتىپ، ئازراق غىزاغا قانائەت قىلىپ ئوتكىنىم ھەممىدىن ياخشى" دىگەن قارارغا كەپتۇ.

بارۇ يوقۇ، ئازۇ-كوپتىن قاچىلىكمۇ غەم يىمە،
ئاخىرەت سەرمايىسىن تاپ، ھەممە پايدا شۇندىدۇر.
بۇ پايانسىز مەنزىل ئىچرە سەن تاپالماسسەن نىجات،
ئاخىرەت مەنزىلىگە يۈز، بارچە ۋاپا شۇندىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن، شىر گوش يېيىشنى تاشلاپتۇ ۋە مىۋە بىلەن ئوزۇقلىنىشقا قانائەت قىلىپتۇ. شىر مىۋىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىشقا باشلىغان ئىكەن، چىلبورە غەمگە قاپتۇ، "بۇ تاغنىڭ مىۋىلىرى چىلبورىلەرگە تەئەللۇق ئىدى. ئەگەر شىر ئۇنى يىگىلى تۇرسا، بىزنىڭ بىر يىللىغىمىزنى ئۇن كۈندە يەپ تۈگىتىدۇ-دە، مىۋە تۈگىگەندىن كېيىن بىز نىمە يەيمىز ۋە نەگە بارىمىز؟" دەپتۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆز-ئۆزىگە ۋە مۇشۇ خىيال بىلەن مېڭىپ شىرنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

— ئەي پادىشا، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ چىلبۆرە.

— دۇنيادىن ئىتتىگىمنى سىلكىدىم ۋە رىيازەتكە بەل باغلىدىم، — دەپتۇ شىر.

بۇ بىمەزە بەھرىنى ئۇنۇتتۇم،
يوقلۇق سۈيىدىن كوڭۈل سۇيىۋتتۇم.

— ئۇنداقتا تېخىمۇ بولماپتۇ. خەققە بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك زىيان سالغىلى تۇرۇپسەن، — دەپتۇ چىلبۆرە.

— ئاغزىمنى قانغا بۇلغىمىسام، يا چاڭگىلىم بىلەن كىشىگە ئازار بەرمىسەم، باشقىلار مەندىن قانداق زەرەر كۆرىدىكەن؟ — دەپتۇ ھەيران بولغان شىر.

مىڭ كىشى تالاش قىلسا جېنىمنى،
ئەمدى بەرمەسمەن ھېچكىمگە ئازار.

— سەن ئۆز قوسىقىڭنى تويغۇزۇش ئۈچۈن، باشقا جانىۋارلارنىڭ رىزقىغا كۆز ئالايتىپسەن، بۇ تاغنىڭ مېۋىسى ساڭا ئۇن كۈنلۈكمۇ ئوزۇق بولالمايدۇ. باشقا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تىرىكچىلىكى مۇشۇ مېۋىلەر بىلەن ئىدى، ئەمدى ئۇلار قەھەتچىلىكتىن ئۆلسە، ئۇلارنىڭ ئۇۋالى سېنىڭ گەدىنىڭگە چۈشىدۇ-دە، مۇشۇ جاھاندا بۇ ئىشىڭنىڭ مۇكاپاتى تەرىقىسىدە ساڭا بىر ئوق تېگىشىمۇ ئېھتىمال، ئۇ چاغدا سېنىڭ ھالىڭ خۇددى مايمۇننىڭ مېۋىسىنى غەزەپ قىلىپ تارتىۋېلىپ، ئاخىرى ئۆزى ھالاك بولغان توڭگۇزنىڭ ھالىغا ئوخشاپ قالىدۇ، — دەپتۇ چىلبۆرە.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— بىر مايمۇن بار ئىكەن، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ چىبايورە.

## مايمۇن بىلەن توڭگۇزنىڭ ھىكايىسى

بىر مايمۇن تەۋپىق تېپىپ، ئۆزى ئايرىم ياشاشنى ئىختىيار قىپتۇ ۋە مايمۇنلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ، بىر تاغنىڭ بۆرجىكىدە ماكان تۇتۇپتۇ، ئۇ يەردە بىرنەچچە تۈپ ئەنجۈر دەرىخى بار بولغانلىقتىن، مايمۇن ئەنجۈر يەپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر كۈنى مايمۇن ئۆزىچىلا "ھېچ جانۋار غىزاسىز كۈن كەچۈرەلمەيدۇ، بۇ يەردە مۇشۇ ئۈچ - تۆت تۈپلا ئەنجۈردىن باشقا يىگۈلۈك يوق ئىكەن. ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يازدا يەسەم زىمىستان قىشتا نېمە يەيمەن؟ شۇڭا بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ھازىر يەي، يەنە بىر قىسمىنى قىشلىقىم ئۈچۈن قۇرۇتۇۋالاي" دەپ ئويلاپتۇ.

كەلدى گۈل ياز ياتما غەپلەت ئۇيقۇدا،
قىش غېمىنى راسلىغىن ياز ۋاقتىدا.

ئۇ، ھەر كۈنى ئەنجۈرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئىرغىتىپ يەرگە چۈشكەن مىۋىلەرنىڭ بەزىسىنى يەپ، بەزىسىنى قىشتا يېيىشكە ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ قويۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئىشلەپ، بىر كۈنى ئۇ ئەنجۈر ئۈستىدە ئىشقا مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، ئوۋچىدىن ئۈركۈپ قېچىپ كەلگەن بىر توڭگۇز مايمۇن چىققان دەرەخنىڭ تۈۋىگە تويۇقسىز كېلىپ قاپتۇ ۋە قۇرۇتۇپ قويغان ئەنجۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپتۇ. مايمۇننىڭ كۆزى توڭگۇزغا چۈشۈشى بىلەن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ شۇنداق دەپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايسى جايدىن بولدى پەيدا بۇ بالايى ناگاھان،
بەر جىنىمغا ئەي خۇدايا بۇ بالايىڭدىن ئامان.

توڭگۇزمۇ دەرەخ ئۈستىدىكى مايمۇننى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تازىم بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ ۋە:
— ھەي بۇرادەر، مېھماننى قارشى ئالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
مايمۇن ئامالسىز ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

ئۈمىت باغىمغا كەلگەندەك بولۇپ گويا گۈزەل سەرۋى،
ھەقىر كۈلبەمگە غايىپتىن يېتىپ كەلدى ئېسىل مېھمان.

— يولدىن ئاچ ۋە ئۇسساپ كەلدىم، زىياپەتخانىڭدا نىمە بولسا شۇنى تەكەللۇپ قىلماي ئەپكەل. كۆڭلۈم مەززىنى بەكمۇ تارتىۋاتىدۇ، — دەپتۇ توڭگۇز.

بىچارە مايمۇن توڭگۇزنىڭ زورلۇقىغا تەڭ كېلەلمەي، شاخلارنى قېقىپ بېرىپتۇ. چۈشكەن ئەنجۈرلەرنى بولسا توڭگۇز ناھايىتى زور ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلاپتۇ. شاخلاردا مېۋە ۋە يەردە ھېچنەرسە قالمىغاندا توڭگۇز يەنە مايمۇنغا قاراپ:

— ھەي ساھىبخان، توختاپ قالدىڭمۇ! تېخى ئىشتىھايىمنىڭ ئوتى يالقۇنجاشتىن توختىمىدى. سېنىڭ مەززىلىرىڭ نەپسىمنىڭ ئارزۇسىغا كۇپايە قىلمىدى. ئەگەر بۇ دەرەختە قالمىغان بولسا يەنە بىرىگە قەدەم قوي. مېنىڭ قوسىقىمنى تويغۇزۇپ، بويۇنۇمنى مىننەت كەمىرى بىلەن باغلا، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

مايمۇن يۈزىنى كۆلدۈرۈپ، كۆزىنى يېشىلىتىپ، يەنە بىر دەرەخكە چىقىپ، ئۇنى ئىرغىتىشقا باشلاپتۇ. بىردەمدىلا ئۇنىڭدىمۇ ھېچنەرسە قالماپتۇ. ئۇنى كۆرگەن توڭگۇز مايمۇننى يەنە بىر دەرەخكە چىقىشقا ئىشارەت قىپتۇ.

— ھەي ئەزىز مېھمان! — دەپتۇ مايمۇن، — بىر ئاز ئىناپ

قىلغىن. مۇرۇۋۋەتىڭنى تاشلىما. ساڭا بەرگەنلىرىم مېنىڭ بىر ئايلىق ئوزۇقۇم ئىدى. مەندە يەنە ساڭا بىر نەرسە بەرگۇدەك تاقەت يوق. ئەمدى بۇندىن ئارتۇق سېخىلىق قىلالمايمەن.

توڭگۇز ئاچچىقلىنىپتۇ:

— بۇ جاي ھازىرغىچە سېنىڭ قولۇڭدا ئىكەن، ئەمدى بۇ جاينى ئوز قولۇمغا كىرگۇزمىگىنىمنى كور! — دەپ خىقىراپتۇ.

— كىشىنىڭ ماكانىنى تارتىۋېلىشىڭ مۇكاپاتى بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ، — دەپتۇ مايمۇن، — زۇلۇم بىلەن ئېلىپ يېگەن نەرسە، گەرچە تاتلىق بولسىمۇ، ئاخىرى غايەت ئاچچىققا ئايلىنىدۇ. ماڭا جاپا سېلىشتىن ۋاز كەچكىن. بىچارىلەرگە جاپا سېلىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ، ئاجىزلارغا ئازار بېرىش ياخشى ئىش ئەمەس.

مېنىڭغۇ چىشلىسەڭ رەنجۇر ئېتەرسەن،
چىشىڭنىڭ ئاغرىقى تۇتسا نېتەرسەن.

بۇ سوزنى ئاڭلىغان توڭگۇزنىڭ تېخىمۇ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ:

— ئاۋال دەرەخ ئۇستىگە چىقىپ، سېنى يەرگە چۇشۇرەي، ئاندىن كېيىن قارشىلىق قىلىشىڭنىڭ پايدىسىنى ساڭا بىر كورسىتىپ قوياي. توختاپتۇر! — دەپ دەرەخ ئۇستىگە چىقىپتۇ. توڭگۇز تو-ۋەندىكى شاخقا چىقىشىغىلا شاخ ئۇشتۇلۇپتۇ ۋە توڭگۇزنىڭ بېشى توۋەن، پۇتى ئاسمانغا بولۇپ يەرگە يىقىلىپ، سوڭەكلىرى چۇل-چۇل چېقىلىپ، نەپسىنىڭ غېمىدىن بىر يولى كوڭلى تىنىپتۇ. بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۇچۇن كەلتۇردۇمكى، سەن كىشىلەرنىڭ مۇلكلىرى-نىمۇ تارتىۋېلىۋاتىسەن ۋە ئۇلارنىڭ رىزقلىرىنى ئوزەڭگە ئوزۇق قىلىۋاتىسەن. ئەگەر بۇ جامائە ئاچلىقتىن ئولسە، ئۇلارنىڭ پەر-زەنتلىرى سېنى دۇشمەن تۇتۇپ قالىدۇ-دە، تا قىيامەتكىچە ھەممەيلەن سېنىڭ يامان سۇپىتىڭنى قىلىشىدۇ. بۇرۇن زالىملىق

بىلەن مەشھۇر ئىدىڭ. ئەمدى زاھىتلىق بىلەن تونۇلدۇڭ. لېكىن ئىككىلا ھالدا جانۋارلار سېنىڭ جەۋرىڭدىن قۇتۇلالمىدى. ھەممىشە بەدىنىڭگە قۇۋۋەت بېرىدىغان ئوزۇقلارنى يەۋەرسەڭ قانداقمۇ دەرۋىش بولالايسەن؟ بىلگىنكى، جىسمانى ھالاۋەت بىلەن روھى ھەقىقەتنىڭ لەززىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

قۇل بولۇپسەن بۇ جاھاندا ئۆز تېنىڭنىڭ لەززىتىگە،
ئۇ دۇنيادا ئۆز جېنىڭنىڭ يېتەلمەيسەن راھىتىگە.

شىر چىلبۆرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مىۋە يېيىشتىنمۇ ئۆزىنى تارتىپتۇ. ئۇ شۇندىن ئېتىۋارەن سۇ ۋە گىيالارغىلا قانائەت قىلىپ، تائەت-ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ. ئۇ گاھى-گاھىدا بۇ بېيىتلار مەزمۇنىنى تەكرار قىلىدىكەن:

كەل ئەي كۆڭلۈم، بۇ دۇنيانىڭ كۆڭۈل ئازارىدىن ئۆتكىن،
پاراغەت كۆزلە ئۇشبۇ زالىمى مەككارىدىن ئۆتكىن.
ئەمەس لايىق جاھاننىڭ ئىشلىرى كۆزلۈك كىشىلەرگە،
قىلىپ مەردانىلىك بۇ مەنپەئەتسىز كارىدىن ئۆتكىن.
ساڭا گەر بولسا مۇمكىن گۈلشەنى روھانىغا يەتمەك،
تىرىشقىن، بۇ تىكەنلىك يول بۇ ۋەھشەت غارىدىن ئۆتكىن.

جاھان خەلقىغە زۇلۇم سىلىپ، زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ شۇمەلۇغىدىن ئەندىشە قىلماي، ئاخىرى خەققە سالغان زۇلمىغا ئوخشاش بالاغا ئۆزىمۇ ئۇچرىغاندىن كېيىن، توغرا يولنى تۇتۇپ، ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىشقا تۇتۇنغان زالىملارنىڭ داستانى مانا شۇ. ئۇنداقلار خۇددى شىرنىڭ ئىككى يۈرەك پارچىسىنىڭ مۇكاپات ئوتىدا كاۋاپ بولغىنىنى كۆرگىنىدەك تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلمىغىچە، قانخورلۇق ۋە زۇلۇم سېلىشتىن توختىمايدۇ؛ بۇ ئىككى

يۈزلىمە ئالەمدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتسىز مۇئامىلىلىرىگە ئىلتىپات قىلىشتىن توختاشمايدۇ. پەقەت شىردەك ساۋاقتا ئىگە بولغاندىلا، ھېچقانداق بانا بىلەن بۇ بىۋاپا جادۇگەرنىڭ ناز-لىرىغا خېرىدارلىق قىلمايدىغان بولىدۇ.

جەننەت ئايۋانىغا زەر بىرلە يېزىلغانمىش بۇ سۆز،
كىم سېتىپ ئالسا بۇ دۇنيا نەزىنى ھالىغا ۋاي.

ئەقىللىق كىشىلەر بۇ ئىشارەتنى پەھم ئېتىشى، بۇ تەجرى-بىلەرنى ئەستايىدىل ئېسىدە ساقلىشى، دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ بىناسىنى مۇشۇ نەسىھەت ئۈستىگە قۇرۇشى كېرەك. ھەر كىشى ئۆز ئىشىنىڭ باشتىن-ئاخىر ياخشى سۈپەتلەر بىلەن زىننەت تېپىشىنى خالىسا، ئۆز پەرزەنتلىرىگە ۋە ئۆز يېقىنلىرىغا راۋا كۆرمىگەن ئىشنى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمەسلىكى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يامانلىق ھەم زالىم-لىقنىڭ شۇملۇقىغا ئۇچرىمايدۇ.

جاھاننى دەپ كىشىگە رەنجى يەتكۈزمەك ئەرۇر باتىل،
يامانلىق قىلمىغىنكى قىلمىغاي بۇ ئىشنى ھېچ ئاقىل.
بۇ دۇنيا بىر دېڭىز گويا، لەھەڭلەر ئۇندا بەك كوپتۇر،
بۇنى بىلمەك ئوتەرسەن تېچ، سېنىڭدىن رەنجىمەس ھېچ دىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئون بىرىنچى باپ

# ھەركىشى ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلسا زىيان تارتىدىغانلىقى ۋە بۇرۇنقى ئىشىدىنمۇ قۇرۇق قالىدىغانلىقى توغرىسىدا

پادىشاھى ئالەم دىلغا نەسىھەت قىلغۇچى بۇ داستاننى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەي ئەقىللىق بوۋاي، بۇ ھېكايىلەرنى ماڭا ناھايىتى ياخشى دەلىللەر بىلەن بايان قىلىپ بەردىڭ. بۇ مەسىلەردىن مەلۇم بولدىكى، ھەر كىشى باشقىلارغا ئازار بېرىدىغان بولسا، ئۇزىمۇ خۇددى ئۆزى قىلغانىدەك جازاغا ئۇچرىغاندىن كېيىن تۇۋىنىڭ پاناھىغا قاچىدىكەن. ئەمدى ئون بىرىنچى ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنىغا مىسال بولىدىغان داستانلاردىن بايان قىلىشىڭنى، ئۆز ھالىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئىشقا قەدەم قويۇپ، ھەيرانلىق ۋە سەرگەردانلىقتا قېلىپ، بۇرۇنقى ئىشلىرىدىنمۇ قۇرۇق قالغان كىشىلەرنىڭ ھەققىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرىشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن، — دەپتۇ.

سوزنىڭ پاكلىغى گوھەردىن ئارتۇق،
يەنە شىرىنلىغى شېكەردىن ئارتۇق.
ئاڭلىسا بىر ئېغىز ئۇنىڭ سوزىدىن،
كېتەر ئىدى پىلاتون① ھەم ئوزىدىن.

دىگەندەك، ساپلىغى ۋە لاتاپىتى ئابىھاياتتەك، يېڭىلىغى ۋە شىرىنلىغى شەرۋەت-ناۋاتتەك، مۇكەممەل ئىبارىلەر بىلەن ھەكىم شۇنداق دەيتۇ:

پەلەك قىلسۇن دەرگاھىڭغا بەندىلىك-قۇللۇق،
روناق تاپسۇن ئومرۇڭ ھەم سەلتەنەت قۇتلۇق.

قەدىمقى زاماندا ئوتكەن دانىشمەنلەر: "ھەر ئىشقا لايىق ئادەم، ھەر جايغا مۇناسىپ سوز بار" دىيىشكەن، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ بەزى ئىشنى بەزى ئادەملەردىن باشقىسى قىلالمايدۇ؛ بەزى چاغدا بولەك سوزنى قىلسا ياراشمايدۇ.

تاۋۇس پەيلىنى چىۋىن قىلالماس،
چىكەتكە سۇمرۇغ ئىشىن بىلەلمەس.
تىكەندە نەشتەر خاسىيىتى يوق،
ھەم ئۇندا گۇلنىڭ خۇش ھىدى يوق.

تەقدىرى ئەزەل ساقىيسى ئوز نەسىۋە مەيخانىسىدىن ھەر كىشىگە ئوز قۇۋۋىتىگە ۋە ئېھتىياجىغا لايىق مەي بېرىپ شادىمان قىلىدۇ. ئۇ ھىچكىمنى ئوز ئىنايىتىنىڭ شەرۋىتىدىن بەھرىسىز ۋە مەھرۇم قويغىنى يوق.

① پىلاتون — ئەپلاتون. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 427-يىلى تۇغۇلۇپ، 348-يىلى ئولگەن يۇنان پەيلاسوپى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ جۇغىغا پادىشا يا بىر يۇتۇم يا جام بىلەن،
بارچە ئىنسان بۇ شاراپتىن بەھرە تاپماي قالمىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئىنسان ئالىلاتائالا ئاتا قىلغان ئۆز ھۈنىرىگە مەشغۇل بولۇشى ۋە ئۇنى دەرىجمۇ-دەرىجە تەرەققى قىلدۇرۇپ كامالەتكە يەتكۈزۈشى كېرەك.

بورىچى گەر ھۈنەرگە ئۇستا بولسا ھەرقاچان،
ھۈنىرىگە نا ئۇستا چەكمەنچىدىن ياخشىراق.

ئەگەر ھەر كىشى ئۆز ھۈنىرىنى تاشلاپ، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولمىغان ئىشنى باشلىسا، ئەلۋەتتە ھەيرانلىقتا قالىدۇ، ئۇ يولدىن مەنزىلىگە يېتەلمەيدۇ؛ بۇرۇنقى يۈرگەن يولىغىمۇ يېنىپ كېلەلمەيدۇ. يەنى ئالدىغىمۇ باسالمايدۇ، كەينىگىمۇ يانالمايدۇ. شۇڭا ئاقىللار ئۆز يولىدا مەزمۇت قەدەم بىلەن مېڭىشى، ئارزۇ-ھەۋەس بىلەن باشقا شاخقا قول ئۇزاتماسلىقى، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن زىيان كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە كوپ نەپ ۋە ياخشى نەتىجە بېرىدىغان ئىشلارنى ئاسانلىق بىلەن قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. ھەر كىشى قايسى ھۈنەردىن رىزقى تاپقان بولسا، ئۇنى تاشلىماسلىقى كېرەك. چۈنكى بۇ پەرىشانلىق ۋە سەرگەردانلىقتىن نىجات تېپىشنىڭ يولىدۇر. مەۋلىۋى ھەزرەتلىرىنىڭ مەنىلەر گوھەرلىرى بولغان سوزلىرى ئىچىدىن مۇنۇ بېيت مۇشۇ ھالەتكە دالالەت قىلىدۇ.

ئەنجۇر سېتىشنى كەسىپ ئەتكەن كىشى،
ئۆز ئەنجۇرىنى ساتقىنى ياخشى.

بۇ مۇقەددىمىگە لايىق كېلىدىغان مىساللارنىڭ بىرى — زاھىتنىڭ مېھمىنى توغرىسىدىكى ھىكايە، ئۇ زاھىتنىڭ ئەجرى تىلىنى ئۇگىنىمەن دەپ ئاۋار بولغان.

— ئۇ قانداق ھىكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ راي.

— قۇنۇھ دىيارىدا بىر زاھىت بار ئىكەن، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ بەرەھمەن.

## زاھىت بىلەن مۇساپىرنىڭ ھىكايىسى

قۇنۇھ دىيارىدا، ناھايىتى مۇلايىم، پەرھىزكار، پاكىزە ۋە خۇش نەبىئەتلىك، ئىبادەت ۋەزىپىلىرىنى ھەممە شەرتلىرى بىلەن مۇكەممەل بىجا كەلتۇرىدىغان، تائەت رەسىم-رۇسۇملىرىنى ئىخلاس قائىدىسى بىلەن ئىجرا قىلىدىغان دىندار بىر زاھىت بار ئىكەن. ئۇ قەلبى جاھان قايغۇسىنىڭ كىرلىرى بىلەن كىرلاشمىغان، كوز ئالدىنى ھاۋايى ھەۋەس پەردىسى توسالمىغان، جاينامازنىڭ قىرغاقلىرى غايىپ پەيزى فۇتۇھاتىنىڭ مەنزىلى بولغان، ئىبتىكاپخانىسىنىڭ بوسۇغىسى ئۇنىڭ غەيرەت ۋە ئىرادىسىنىڭ تۇگۇنى بولغان:

بىشىغا كىيگەنى شەرىئەتنىڭ تاج،
بولغان كوڭلى ئەرش، سەجدىسى مىراج.
ئىدى شەيتانكەش پەرىشتە مۇقام،
يۇرەتتى قويۇپ ھاۋاغا قەدەم.

دۇنيا جاپاسىنىڭ قۇشلىرى ئۇنىڭ كوڭلىگە ئۇۋا سالالمىغان، قەلبىنىڭ ئاپتۇۋى ئىلتىپات نۇرى بىلەن كوكرەك قەپىزىنى نۇرلاندۇرغان، يەنى، ئۇنىڭ قەلب ئاپتىۋى جاھاننىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە قىلچىلىكمۇ يورۇق چۇشۇرمىگەن بىر كىشى ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇندىلا تەقۋالىق بىلەن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھەركىم قانداق نەسىۋە كەلتۈرگەن بولسا، ئۇنى ئېلىپ قويۇپ، ئەتىسىگەندە ۋە كەچتە دەرۋىشلەر ۋە ئۆزىگە مۇناسىپ كىشىلەرنى مېھمان قىلىدىكەن.

ساخاۋەت قولىدا يۇلتۇزنى پەلەك سەھنىگە كوپ چاچقان،
ساخاۋەت ھەققىدە بۇزرۇكلار تەرىپلەپ ئەسەر يازغان.

بىر كۈنى، بىر مۇساپىر ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان بوپتۇ، زاھىت بارلىق مېھماندارچىلىق رەسىم-رۇسۇملىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ئۇنى مېھمان قىلىپتۇ ۋە مېھماننىڭ ئۆز ئۆيىگە چۈشكەنلىكىگە كوپ خۇرسەنىدىچىلىكلىرىنى بىلدۈرۈپتۇ. تائامدىن كېيىن سوز باشلىنىپ، زاھىت ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— مېھمان قەيەردىن كەلدىڭ؟ قەيەرگە بارماقچىسەن؟

— مېنىڭ قىسسەم ئۇزۇن، ئەگەر مۇبارەك كوڭۇللىرى ئاڭلاشنى خالىغان بولسا مەن ئۆز قىسسەمدىن كىچىككىنە سوزلەپ بېرەي، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مېھمان.

— ئەگەر كىشى ھۇش قۇلىقىنى ئاچسا ھەر بىر سوزدىن بىر پايدىلىق ھىكمەت تاپالايدۇ. ھەر بىر چاقماقتىمۇ بىر ئىشارەت بار، ھەر بىر ئەپسانىدىنمۇ بىر پەيزى ئېلىشقا بولىدۇ. سەن ئۆز سەرگۈزەشتىڭنى تارتىنماي بايان قىلىۋەرگىن، — دەپتۇ زاھىت.

مېھمان ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ.

## مۇساپىر مېھماننىڭ ھىكايىسى

— ئەي زامانىسىدا تەڭدىشى بولمىغان زاھىت، مەن ئەسلى پەرەڭ دىيارىدىن بولىمەن. مەن ئۇ جايدا ناۋايلىق قىلاتتىم. ھەر كۈنى ھېرىس ئوتى بىلەن تونۇر قىزىتىپ، نان يېقىپ، مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن دەسمايىدىن ئاشۇرۇپ بىر نان تاپاتتىم.

يۈرىگىمنى كويدۈرۈپ بىر گىردىنى،
مەن ئالاتتىم رىزقىمنىڭ تونۇرىدىن.

مېنىڭ بىر دېھقان دوستۇم بار ئىدى. ئۇ دائىم ماڭا بۇغ-
داي بېرىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى دەسمايە قىلاتتىم، پۇلىنى تاپ-
قاندا بېرەتتىم. بىر كۈنى ئۇ مېنى ئۆز بېغىغا باشلاپ باردى ۋە
زىياپەت بېرىپ مېھمان قىلدى. تائام يېيىلىپ بولغاندا، ئۇ مەن-
دىن: "سېنىڭ كەسپىڭدىن ساڭا قانچىلىك مەنپەئەت بولىدۇ؟"
دەپ سورىدى. مەن "دۇكىنىمنىڭ دەسمايىسىدىن ئاشقان پاي-
دىسى ئون ناندىن بىر نان، بۇ بالا-چاقىلىرىمنىڭ يېمەك-ئىچ-
مىكىگە ئۇتتۇرلۇق يېتىدۇ.

بىزگە ھەقتىن بۇندىن ئارتۇق رىزقى يوق،
شۇ رىزقى بىرلە ئۆمۈر ئۆتمەكتە توق"

— دەپ جاۋاپ بەردىم مەن. "سۇبھانالللا! — دېدى دېھقان
دوستۇم، — سېنىڭ كەسپىڭ نەپ تېگىدىغان كەسىپ ئەمەسكەن
ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭدا پايدا دېگۈدەك ھېچنېمە يوقكەن. مەن تېخى ساڭا
كەسپىڭدىن ناھايىتى كۆپ پايدا-مەنپەئەت يېتىدۇ دەپ ئويلاپ
يۈرۈپتىمەن. دېمەك مەن خاتا چۈشەنگەن ئىكەنمەن-دە!".
"سىز كەسپىڭىزدىن قانچىلىك ھوسۇل ئالىسىز؟" دەپ سورىدىم
مەن. "مېنىڭ ئىشىمنىڭ دەسمايىسى ئاز، پايدىسى كۆپ، — دەپ
جاۋاپ بەردى دېھقان دوستۇم، — مەن ئون دانە دان چاچسام يۈز
دانە ھوسۇلغا قانائەت قىلمايمەن."

مەن ھەيران قېلىپ سورىدىم: "بۇ قانداق گەپ؟" "ئەجەپ-
لەنمە، — دېدى دېھقان دوستۇم، — بۇنىڭدىنمۇ جىق پايدا ئالىدى-
غان ئىشلار بولىدۇ. مەسىلەن، كوكنارنىڭ ئۇرۇغى ھەممە ئۇرۇق-
لاردىن كىچىك بىر نەرسە، ئەگەر ئۇنى ياخشى يەرگە تېرىسا بىر

www.uyghurkitap.com

تال ئۆرۈقتىن يىگىرمىگە يېقىن شاخ ئايرىلىپ چىقىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭدىن ئارتۇق شاخ بولۇشىمۇ مۇمكىن، ھەر بىر شاخ ئۇچىدا بىردىن غوزا تۈگۈلىدۇ، ھەر بىر غوزا ئىچىدىكى ئۇرۇقنىڭ ھې-ساۋىنى ئالغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ئىشىمنىڭ پايدىسى ھەددى ھېساپسىز ئىكەنلىكىنى مۇشۇنىڭدىن قىياس قىلساڭ بولىدۇ. ھېك-مەت دېخانلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، دېخانچىلىق دېگەن سۆزنى ئەرەپچە زەرە (زَ رَ عْ) دېيىلىدۇ. بۇ جەمى ئۈچ ھەرپ. بۇنىڭ ئالدىنقى ئىككىسى (ز بىلەن ر) قوشۇلسا زەر دەپ ئوقۇلىدۇ، بۇ ئالتۇن دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئۈچىنچى ھەرپ ئەين (ع) ئەلا دېگەننى بىلدۈرىدۇ. دېمەك زەرەع دېگەن خەت زەر ئۈستىگە زەر دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئىككى خەت مەنىسى زەردۇر، ئەين خېتى زەر ئۈزۈر،
بەس بىلىڭ، دېخان كىشى زەر ئۈستىگە زەرلەر تاپۇر.

دېخانچىلىق كارخانىسىنىڭ كىمىياگەرلىرى مۇشۇنداق دېگەن ئىكەن:

كىمىيا ئىستەپ جاھاندا قىلما ئۆمرۈڭنى خاراپ،
بەس، قارا تۇپراقتا تەر تۆكسەڭ ئاشۇدۇر كىمىيا!①

دېخاندىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈمگە دېخانچىلىق قىلىشنىڭ ھەۋىسى چۈشتى-دە، شۇ زامان ناۋايلىقنى تاشلىدىم. قولۇمدا بار پۇللار بىلەن دېخانچىلىق ئەسۋاپلىرىنى تەييارلاپ، شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەييارلاندىم. بىزنىڭ مەھەللىمىزدە كامالەتكە يەتكەن، مۇقام تاپقان پاك بىر دەرۋىش بار ئىدى.

① كىمىيا — بۇرۇنقى زاماندا كىشىلەرنىڭ تونۇشىچە ئالتۇن پەيدا قىلىدىغان ئىلمىي ھۈنەر.

خەلق ئاراسىدىن چىقىپ خىلۋەتتە ئۇ تۇتقان ماكان،
ئەيلىگەن سەۋرى-قانائەت تاپسا ئازراق ئاشۇ نان.

ئۇ مېنىڭ ئۆز كەسپىمنى تاشلاپ، باشقا ئىشقا تۇتۇش قىلغانلىغىمنى ئاڭلاپ، مېنى چاقىرتىپ شۇنداق دېدى:

— ھەي ئۇستا، ھەزرىتى ھەق سۇبھان ۋە تائالا ساڭا رىزقى بېرىپ تۇرغان كەسپىڭنى تاشلىما ۋە ئۆزەڭگە ئېھتىياجلىقتىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلىپ ئۆزەڭنى ھېرىس يولىغا باشلىما، چۈنكى ھېرىسنىڭ ئاقىۋىتى شۇملۇقتۇر، ھەرقانداق كىشى قانائەتلىك بولسا، ئۇنى دەۋران پادىشاھى دەپ بىلمەك كېرەك، ھېرىسمەن بولغان ئادەملەرنى بولسا زاماندىكى قارا يۈزلەر دەپ چۈشەنمەك كېرەك.

ئارپا نانغا قانائەت ئەيلە بولغىن سەۋرچان،
يەمە بۇغداي، ئالدىغان ئادەمنى ئۇ ئۆتكەن زامان.

— ئەي شەيخ! — دېدىم مەن، — مەن ئۆزەمنىڭ ئاجىزلىقىمدىن قىلىۋاتقان كەسپىمدىن تۈزۈكرەك كۈن كەچۈرگۈدەك پايدا تاپالمىدىم. ئەمدى دىخانچىلىقنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. دىخانچىلىق قىلسام كەڭ كۈشادىرەك كۈن كەچۈرەرمەنمىكىن دەپ ئۈمىت تۇتقان ئىدىم.

— خېلى ئۇزۇندىن بۇيان سەن ناۋايلىق بىلەن ئوڭاي كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن ئىدىڭ. ئەمدى دىخانچىلىققا قول قويۇپسەن، بىلگىنكى، بۇنىڭ لازىمەتلىكلىرى بەكمۇ كۆپ ئىش. سەن ھەممە لازىمەتلىكلەرنى تېپىش ئۈچۈن ئاجىز كېلىپ قالارسەنمىكىن. ئۇندىن قالسا، بۇ ئىش بىلەن سەن ئۆزەڭنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭغا يېتەلەمسەن ۋە مۇرادىڭنى ھاسىل قىلالامسەن، بۇنى كىم بىلسۇن؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەمەننا كويىدىن مەقسەت بازارغا يەتمەككە،
بولۇپ ئاگاھ قولاق سالغىن، بۇ بەكمۇ ئۇزۇن يولدۇر.

ئۇز كەسپىگىنى تاشلىما، بۇ ئىش سىنىڭ ھالىڭغا لايىق ئىش ئەمەس، بۇ ئىشنى قىلساڭ ئۆۋقاغا يەتكەن ھادىسىدەك ساڭىمۇ بىرەر ھادىسە كېلىپ قالمىسۇن يەنە،— دىدى ئۇ مەرت دەرۋىش.
— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سورىدىم مەن.
دەرۋىش ئۆۋقانىڭ ھېكايىسىنى سوزلەپ بېرىشكە باشلىدى.

## ئەخمەق ئۆۋقانىڭ ھېكايىسى

بىر شۇستىگەر ئېرىق لېۋىدە ئولتۇرۇپ، ئوز ئىشىغا مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ ھەر كۇنى شۇ يەردە ئىشلەپ ئولتۇرۇپ، بىر ئۆۋقانىڭ سۇدىن قۇرۇت-قومۇسقىلارنى تېرىپ يىگەنلىكىنى كورىدىكەن، ئۆۋقا ئوزىنىڭ تاپقان ئاشۇ ئوزۇقىغا قانائەت قىلىدىكەن، ئۆۋقا بىر كۇنى ئادىتى بويىچە دانلاۋېتىپ، بىر لاچىنىنىڭ بىر ئودەكنى پارە-پارە قىلىپ يەپ، ئېشىپ قالغىنىنى تاشلىۋېتىپ كەتكەنلىكىنى كورۇپتۇ. ئۆۋقا ئوزىچە ئويلاپ: "بۇ كىچىككىنە جانۋار ئوزىدىن چوڭ نەرسىنى ئالدى ۋە يىدى. مەن ئۇنىڭدىن چوڭ تۇرسام، نىمىشقا ئوزەمگە مۇناسىپ شىكار قىلماي، ئاشۇ سېسىق قۇرۇتلارغا قانائەت قىلىپ، ئومۇر ئوتكۇزىمەن؟ بەس، ئەمدى، ئالى ھىممەتلىكنى باشلىشىم ۋە قەستىم كەمىنىنى ئاسمان بېشىغا تاشلىشىم كېرەك" دەپتۇ.

قايسى قۇشنىڭ ھىممىتى گەر بولسا يار،
قۇۋۋىتىنىڭ بارىچە ئۇستۇن ئۇچار.
ئىبرەت ئالغىن موردىن چىققان تۇتۇن،
ئورلىگەي ئاسمان تەرەپكە كۇنۇ كۇن.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قۇرۇت تېرىپ يېيىشتىن كوڭلى سوۋۇپ كېتىپتۇ-دە، شىكار قىلىش ئۈچۈن ھاۋاغا پەرۋاز قىلىپتۇ. قارىسا بىر كەپتەر ئۇچۇپ يۈرگەن ئىكەن، ئۇنى ئوۋلىماقچى بولۇپ، مولجاللاپ ئۇچۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە، تۆۋەنگە قاراپ بىر ئېتىلغان ئىكەن، ئۇنى كورگەن كەپتەر سەللا ئوزىدىن قاچۇرۇشى بىلەن، ئۇقا ئوزىنى توختىتالماي پەسكە شۇڭغۇپ كېتىپ، شۇ ئۈستىگەرنىڭ ئالدىدىكى پالچىق لايغا موللاقلاپ چۈشۈپتۇ-دە، پۇتى ۋە قانىتى لايغا پېتىپ قاپتۇ، شۇ ئۈستىگەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇقانى ئېلىپ ئويىگە قايتىپتۇ، يولدا ئۇنىڭ بىر دوستى ئۇچراپ: "بۇ نىمە؟" دەپ سوراپتۇ. "بۇ ئۇقا پوقاق، لاچىننى دوراپ كەپتەرنى ئوۋلىماقچى بولدى. لېكىن ئوزى مېنىڭ قولۇمغا چۈشتى" دەپتۇ شۇ ئۈستىگەر.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، سەن ھەر كىشىنىڭ ئوزىنىڭ ھۈنىرىنى قىلىشى ۋە ئوزىگە لايىق بولمىغان ھۈنەرنى قىلماسلىقى لازىملىقىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك.

دەرۋىش بۇ مىسالنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، مېنىڭ دېھقانچىلىق قىلىشقا بولغان ھەۋىسىم تېخىمۇ زىيادە بولدى. ئۇ ھەقىقەتەن شەپقەت يۈزىسىدىن ماڭا بۇ نەسىھەتنى قىلغان بولسىمۇ، قىلچىلىك قۇلاق سالمىدىم ۋە ئوز دېگىنىمنى قىلىپ ئازراق سەرمايە بىلەن دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنى قەدەر ئەھۋال تەييارلاپ، بىر پارچە يەرگە ئۇرۇق چاچتىم ۋە ئىنتىزارلىق بىلەن "خامان ۋاقتىدا ھوسۇلنى كورىمەن" دەپ كۈتتۈم، ئەمما بۇ ئەھۋالدا بالا-چاقىلىرىم قىيىنچىلىقتا قالدى. چۈنكى ناۋايلىق كەسپىدىن ئۈتتۈرلۈق، كۈندىلىك يىگىلى تاماق تېپىلىپ تۇراتتى. بۇ دېھقانچىلىقتا بىر يىل ئىنتىزار بولۇپ تۇرغاندا، ئاندىن نەتىجە قولغا كېلىدىغان ئىش ئىكەن. شۇڭا مەن: "بىراۋدىن پۇل قەرز ئېلىپ، يەنە ناۋايلىق دۇكىنىنى تەۋرىتىپ، بەردىن ھوسۇل چىققىچە كۈن كەچۈرگەچ تۇرسام بولغىدەك" دەپ ئويلىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشىمنى قويۇپ بىشىم ئاغرىلاندى،
ئىشىمنى تېپىپ بېشىم ئوڭلاندى.

شۇنىڭ بىلەن شەھەردىكى خوجايىنلاردىن بىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن پۇل قەرز ئېلىپ ناۋايلىق دۇكىنىنى مادۇردۇم، تېرىغان زىرائەتلەرگە پەرۋىش قىلىش ۋاقتى كەلگەندە بىر كىشىنى ئىشكارلىققا ئېلىپ دۇكاندا قويۇپ قويۇپ، ئۆزەم زىرائەت بېشىغا باردىم. گاھى ئېتىز بېشىغا بېرىپ، گاھى دۇكانغا كېلىپ يۈرۈپ، ئىككى-ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتتى. قارىسام دۇكانغا قويغان ئادەم خىيانەت قىلىپ، دەسمايىنىمۇ چوكۇرۇۋېتىپتۇ. زىرائەتكە ئاپەت چۈشۈپ، قىلغان چىقىمنىڭ ئوندىن بىرىمۇ قولغا كەلمىدى. ھەيرانلىقتا بېشىم ئايلىنىپ، ھېلىقى ئوقانىڭ ھېكايىسىنى سوزلەپ بەرگەن دەرۋىشنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئىككى ئىشىمدىن بولغان زىيانلارنى بايان قىلىپ بەرگەن ئىدىم. ئۇ كۈلۈپ كېتىپ: "سەن ھازىر ئىككى خوتۇنى ساقىلىنى يۇلۇپ تۈگەتكەن ئادەمگە ناھايىتىمۇ ئوخشاپ قاپسەن" دېدى.

— "ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟— دەپ سورىدىم مەن.

دەرۋىش سوزلەپ بېرىشكە باشلىدى:

## چا ساقال ئادەمنىڭ ھېكايىسى

بىر ئادەمنىڭ ساقىلىنىڭ يېرىمىسىغا ئاق كىرگەن، يېرىمى تېخى قارا بولۇپ چا ساقال ئىكەن، ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بار ئىكەن، ئۇ خوتۇنلارنىڭ بىرى قېرى، بىرى ياش ئىكەن، ئۇ ئادەم ئەگەر ئۆيىدۈسى كەلسە خوتۇندىن بىرىنىڭ ئىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاشقا ئادەتلەنگەن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ قېرى خوتۇننىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ، قېرى خوتۇن ئۇنىڭ ساقىلىنىڭ بەزىسى ئاق، بەزىسى قارا

ئېكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆز-ئۆزىگە "بۇنىڭ ساقىلىنىڭ قارىلىرىنى بىر يۇلۇۋېتەي، ئاقلىرى قالسۇن، ساقىلىنىڭ قارىسى بولمىغاندىن كېيىن، ئەمدى ئاق ساقال بولۇپتىمەن، ماڭا مۇشۇ قېرى خوتۇنۇم لايىق ئىكەن دەپ ئويلاپ، مېنى ياخشى كۆرۈپ ياش خوتۇندىن كەچسۇن" دەپتۇ-دە، قۇدرىتىنىڭ يەتكىنىچە ئېرىنىڭ ساقىلىنىڭ قارىلىرىنى ئاستا-ئاستا يۇلۇپتۇ.

خوتۇنلار قولىغا چۈشكەندە ساقال،
يۇلۇنماقتىن ئۆزگە نە بولغۇسى ھال.

يەنە بىر كۈنى ئۇ ئادەم ياش خوتۇنىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغان ئىكەن، ئۇمۇ "بۇنىڭ ئاقلىرىنى يۇلۇۋېتەي، ھەممىسى قارا كۆرۈنسە، مەن تېخى ياش ئىكەنمەن، ماڭا ياش خوتۇن مۇناسىپ ئىكەن دەپ قېرى خوتۇنىنى تاشلاپ، مەن بىلەنلا بولىدۇ" دەپ ئويلاپ، ئىمكان قەدەر ئاق مويىنى يۇلۇشقا باشلاپتۇ. مۇشۇ تەرىقىدە بىرنەچچە كۈن ئۆتكەن ئىكەن، بىچارىنىڭ ساقىلى يۇلۇنۇپ تۈگەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ساقىلىنى سىلىغان ئىكەن، ئېڭەكتىن باشقا ھېچنېمە قولىغا ئۇرۇنماپتۇ، ئۇ ھەرقانداق نالە-پەريات قىلغان بولسىمۇ ھېچقانداق پايدا بەرمەپتۇ. سېنىڭ ھالىڭمۇ ئاشۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش بولۇپتۇ، سەرمايىڭنىڭ بەزىسىنى دېھقانچىلىققا سەرپ قىپسەن، بەزىسىنى ناۋايلىققا ئىشلىتىپسەن، مانا ئەمدى يا مەئىشىتىڭ تونۇرىدا نان، يا ئوزۇق-ئوقەت خامىنىڭدا دان تاپالمىدىڭ.

بىر كۈنى تۈنتۈك ئۈنى كۈن ساڭا يۈز ئاچتى بۇ،
ئەمدى بىلدىڭكى قولۇڭ ئىچرە نە بۇ قالدى، نە ئۇ.

دەرۋىشتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىسى ھەقىقەت ۋە راست ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەكلا ماڭا بۇ ئىشلىرىمدىن ھەسرەت ۋە نادامەتتىن باشقا ھېچقانداق مەنپەئەت يەتمىدى. قورالۇمىدىكى مال-پاللىرىمنى ھەساپلىسام قەرزگە يېتىشمىگۈدەك. شۇڭا "تاقەت قىلالمىغۇدەك ئەرسىدىن قېچىش ۋاجىپتۇر" دىگەن سوز بويىچە قېچىشنى مۇۋاپىق كوردۇم-دە، بىر كۇنى كېچىسى شەھەردىن چىقىپ قاچتىم. يۇرتمۇ-يۇرت ئارىلاپ قېچىپ كېلىۋاتسام، يولدا ماڭا بىر كىشى ئۇچرىشىپ قېلىپ: "ھەي پالانى، بارۇ يوقۇڭنى قەرزدارلىرىڭ ئالدى. بالا-چاقىلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئۆلدى" دىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۇرتۇمدىن ئۇمىت ئۈزۈپ، نەدە بىر دانىشمەن ئادەمنى تاپسام، ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ كوڭلۇمگە تەسەللى بېرىپ يۇرۇۋەردىم. ھالا بۇگۇن ئۇزلىرىنىڭ سوھبەتلىرىگە مۇيەسسەر بولدۇم.

مېڭىپ بۇ يولدا ھاردىم ھەددىدىن ئارتۇق،
سېنى كوردۇمكى ئەمدى چىقتى ھاردۇق.

بۇ مېنىڭ سەرگۇزەشتىلىرىمنىڭ بىر قىسمى، ئۇزلىرىگە ئەرز قىلدىم، — دەپ ھىكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ مۇساپىر مېھمان.

— سوزۇڭنىڭ راستلىقىنى بىلدىم. بۇ جەرياندا گەرچە كوپ مۇشەققەت تارتقان بولساڭمۇ ياخشى تەجرىبىلەرنىمۇ ھاسىل قىلىپسەن. ئەمدى خاتىرەڭنى جەم قىل. جاپا-مۇشەققەتنىڭ دەۋرى ئوتۇپ، راھەت-پاراغەتكە يېتىشىپسەن. غەم شامى كېتىپ شاتلىق سەھىرى يېتىپ كەلدى، — دەپتۇ زاھىت.

مېھمان بىلەن ساھىپخان ئۇزئارا سوھبەتلىرىدىن خۇشۇاخ بولۇشۇپتۇ. زاھىت بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن بولۇپ، ئىبرى تىلى ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسىنىڭ تىلى بولغاچقا، زاھىتمۇ بۇ تىلنى ياخشى سوزلەيدىكەن، زاھىتنىڭ ئوي ئىچى، بالا-چاقىلىرىغا بۇ تىل بىلەن سوزلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان پەرەڭ مېھماننىڭ قۇلىقىغا بۇ تىل

ناھايىتى چىرايلىق ئاڭلىنىپ، كېتىپتۇ-دە، زاھىتتىن بۇ تىلنى ئۆگىنىشنى تاما قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. زاھىتمۇ مېھماننىڭ بۇ تىلغا قىزىقىپ قالغانلىغىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ پاساھەت بىلەن سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ.

گويا قەندەك سۆزلەيتتى شىرىن سۆزلەر،
كۆلكە بىلەن لىۋىنى ئەيلەپ شېكەر.
شېكەرنى يېيىشلىك كۆرگەچكە مېھمان،
تۇتى كەبى خېرىدار بولدى شۇئان.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تارتىنىش پەردىسى كۆتىرىلىپ، ئۇلارنىڭ ياتلىقلىرى دوستلۇققا ئايلىنىپتۇ.

قالمىغان بولسا تەكەللۇپتىن غۇبار،
شادىمانلىق تاپقۇسى ھەر ئىككى يار.

شۇنىڭ ئۈچۈن مېھمان تارتىنمايلا زاھىتقا مۇراجەت قىلىپتۇ:

لەۋزىڭىز ئاچقۇ كامالەت ئويىگە،
مەنىسى ئىسپات تەگرى ھوكمىگە.

— بۇ نېمە دېگەن يارىشىملىق ۋە چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان تىل-ھە، تىلشۇناسلارنىڭ ئەقىل قولىغى تا ھازىرغىچە بۇنداق گۈزەل سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان بولغىيدى، ھەممىنى كۆرگەن بىلىملىك زاتلارنىڭ ئەقىل كۆزىمۇ ئۆزلىرىدەك بۇنىداق پاساھەتلىك سۆز-لەيدىغان كىشىنى كۆرمىگەن بولغىيدى.

بىلمىدىم مەن قايسى جىنىس، قايسى تۇردىنكىن بۇ سۆز،
سېھىرگەرلەر سۆزى دەيمۇ ياكى پەيغەمبەر سۆزى.

www.uyghurkitap.com

ئەمدى مەن بۇ تىلنى ماڭا ئۆگىتىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن ۋە بۇ پاساھەتلىك تىلنىڭ تەلىمىنى مەندىن ئايىماس دەپ ئىشىنىمەن. ئەگەر ئىلتىماسىمنى قوبۇل كۆرسىلە ئۆلگىچە بۇ ئېھسانلىرىنى ئۇنۇتۇماي بۇ ئىنئاملىرىنى زىكرى قىلىپ ئۆتكەيمەن.

كوپ كۆردۈممەن مەرھەمەتۇ ئېھسانىڭنى،
ئېيتمىغايمەن ئەمدى شۈكرىڭدىن بولەك سوز.

— مەن بۇ تىلنى ئۆگىتىشنى سەندىن ئايىمايمەن، — دەپتۇ زاھىت، — ئەمما ئىبرى تىلى بىلەن پەرەڭ تىلى بىر بىرىدىن ناھايىتى كوپ پەرقلىنىدۇ. سەن ئۆگىنىمەن دەپ ناھايىتى كوپ ئەقىل ئىشلىتىپ، كوپ جاپا چېكىپ قېلىشىڭ ئېھتىمال، شۇڭا ئۆگىنەلمەي سېنىڭ ئومرۈڭ زايا بولۇپ، مېنىڭمۇ ۋاقتىم ئىسراپ بولۇرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— ھەركىم بىر ئىشنى كوزلەپ قەدەم قويغان بولسا، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقۇش ئۇنىڭغا ياراشمايدۇ.

كەئبىگە بارماق ئۈچۈن قويدۇم باياۋانغا قەدەم،
تاش پېتىپ پۇتقا تىكەن سانجىلسىمۇ يوق مەندە غەم.

مەن بۇ نىيىتىمدە شۇنداق قەتئىي تۇرىمەنكى، ئەگەر بېشىمدىكى ھەر بىر مويۇم ماڭا قارشى بىردىن تىغ بولسىمۇ، بۇ ئىشىمدىن يانمايمەن. چۈنكى، بىر كىم بىر خەزىنىنى قولغا كەلتۈرمەكنى ئارزۇ قىلىدىغان بولسا، جاپا-مۇشەققەت چېكىشتىن قورقماسلىقى كېرەك. مەن ئىلىم تەلەپ قىلىۋاتىمەن. خۇددى بىر ئوۋچى ئىلىم تەلەپ قىلىپ، ئازغىنا جاپا تارتىپ ناھايىتى كوپ دولەتكە ئېرىشكىنىگە ئوخشاش، ئىلىم ئۈچۈن چەككەن ھەر بىر جاپا ئاخىرىدا راھەتنىڭ خەزىنىدارلىرىغا ئايلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ پەرەڭ مېھمان.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ زاھىت.
— بىر كەمبەغەل ئوۋچى بار ئىكەن، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ مېھمان.

## ئوۋچى بىلەن تالىپلار ھىكايىسى

بىر كەمبەغەل ئوۋچى بار بولۇپ، ئۇ ئوۋ ئولاش بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن. ئۇ ئۆز كەسپىگە شۇنداق كامىل ئىكەنكى، تۇزاق قۇرۇپ ۋە تور تاشلاپ، ھاۋادىكى قۇشلارغا تېخى ئامانلىق ياكى دەريادىكى بېلىقلارغا كۈن بەرمەيدىكەن. ئۇ بىر كۈنى تۇزاق قۇرۇپ قويۇپ، مىڭبىر ھىيلىلەر بىلەن ئۈچ قۇشنى ئالداپ، تۇزاق تەرەپكە ئۈچۈرۈپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، قۇشلارنىڭ تۇزاققا چۈشۈشىگە تەقەززا بولۇپ ئولتۇرسا، بىر تەرەپتىن قاتتىق ۋاقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ. "ئابلا! بۇ ئاۋازدىن قۇشلار ئۈركۈپ كېتىپ، قېچىپ كەتمىگىدى ئەمدى" دەپ ئەنسىرىگەن ئوۋچى ئولتۇرغان يېرىدىن قوپۇپ قارىسا، ئىككى نەپەر مەدرىسە تالىپى مۇللىلىق توغرىسىدا سۆز تالىشىپ، بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتقان بولۇپ، ئاڭلانغان ئاۋازلار شۇلارنىڭ ئاۋازى ئىكەن. ئوۋچى ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ يالۋۇرۇپتۇ:

— ئاۋازلىرىڭنى پەسرەك قىلىشساڭلا مۇللىلىرىم. بىكار، قۇشلار ئۈركۈپ كېتىپ، ئەجرىم زايا بولۇپ كەتمىسۇن.

— ئەگەر قۇشنى تۇتقان ۋاقتىڭدا، بىرىمىزگە بىرىدىن بەرسەڭ غوغا قىلمايمىز، — دېيىشىپتۇ تالىپلار.

— ھەي ئەزىزلەر، — دەپتۇ ئوۋچى، — مەن كەمبەغەل ۋە بالا - چاقىلىق ئادەم. خوتۇن، بالا - چاقامنىڭ يېمەك - ئىچمىكى مۇشۇ مەن قىلىۋاتقان ئوۋغا قاراشلىق. ئەگەر سىلەر ئىككىڭلار ئېلىۋالساڭلار قالغان بىرى بىلەن بالا - چاقامنى قانداق رازى قىلىمەن.

— سەن دېگەن ئوۋچى، — دەپتۇ ئۇلار، — ھەر كۈنى شىكار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ تۇرىسەن. ھەر خىل قۇشلارنى قولۇڭغا چۈشۈرىسەن. بىز بولساق ئومرىمىز ئىچىدە شىكار دىگەننى كورۈپ باققىنىمىز مۇشۇ. شۇڭا ھەرگىز بۇ غەنىمەتنى قولدىن بەرمەيمىز. ئەگەر بىرىشكە ۋەدە قىلمىساڭ غوغا باشلايمىز، قۇشلىرىڭمۇ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

ئوۋچى چارە تاپالماي، ئۇلارنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىپتۇ. لېكىن قۇشلار تۇزاققا چۈشكەندىن كېيىن، بەرگۈسى كەلمەي، تەر-خەشلىك قىلىشقا باشلاپتۇ:

— قۇشنى مەندىن ئېلىپ نىمە قىلىسىلەر؟

— مەدرىسىگە ئېلىپ بېرىپ، مۇدەررىسنىڭ ئالدىغا قويىمىز، دوستلىرىمىزنى مېھمان قىلىمىز.

— مېنىڭ تۇزىغىمنى سىلەرنىڭ مەدرىسەڭلەردىكىلەر توقۇمىغان، يىپلىرىنى موللىلار ئەشمىگەن، تۇزاقنى مەن ۋەخپە يەرگە قۇرمىغان، ۋەخپە غەللىدىن دان چاچمىغان؛ يا مەن كۈچۈمنى مەدرىسىگە ۋەخپە قىلمىغان، مېنى قورقۇتۇپ قۇشنى ئېلىۋالساڭلار شەرىئەتكە راۋا كېلەمدۇ؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ ئوۋچى.

— بىز سېنى قورقاتمىدۇق. پەقەت ئۆزەڭ ۋەدە قىلغان ھەققى-مىزنى تەلەپ قىلدۇق. قۇشنى بەرمىسەڭ شەرتىڭ بۇزۇلىدۇ. ۋەدى-گە ۋاپا قىلىشىڭ كېرەك-تە، — دىيىشىپتۇ تالىپلار.

ئوۋچى تەڭلىكتە قاپتۇ. بىرىگە بىردىن قۇش بېرىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— زىيانىنى مەن تارتتىم، سىلەرگە توھپىمۇ بەردىم. ئەمدى ھىلقى بىر بىرىڭلار بىلەن بەسلىشىۋاتقان گېپىڭلارنى ماڭىمۇ ئۇگى-تىپ قويۇڭلارچۇ، كۇنلەرنىڭ بىردە پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

— بىر خۇنسە توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشقان ئىدۇق.

— خۇنسە دىگەن نىمە ئۇ؟

— نەركەكمۇ ئەمەس، چىشىمۇ ئەمەس نەرسىنى خۇنسە دەيدۇ، — دەپتۇ تالىپلار.

ئوۋچى بۇ گەپنى ئىسىدە مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ ۋە بىر دانە
قۇشنى ئېلىپ بالا ـ چاقىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ناھايىتى تەڭلىك بىلەن
بىر كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى خۇددى زەررىن توخۇ ئۇز پەرلە-
رىنى تۇزاق ئىچىگە تاشلىغاندەك، قۇياش پۈتۈن ئالەمگە نۇر ياغ-
دۇرغاندا، ئۇ، ئوۋچى تورنى كوتىرىپ دەريا لېۋىگە كەپتۇ ـ دە،
تەۋەككۇل قىلىپ دەرياغا تور تاشلاپتۇ. تاسادىپەن تورغا بىر بېلىق
ئىلىنىپتۇ. ھەيھات، ئۇ شۇنداق چىرايلىق بىر بېلىق ئىكەنكى، ھېچ-
قانداق سۆز ئۇنداق رەڭمۇ ـ رەڭ تاۋلىنىدىغان بېلىقنى تەرىپىەت
قىلمىغان ۋە ھېچبىر سۇ خەلقىنىڭ كوزى بۇنداق ئاجايىپ شەكىل-
لىك بېلىقنى كورمىگەن ئىكەن.

قوسىقى كۈمۈشتەك ئاق ھەم پارقىراق،
كوزلىرى ئاپتاپتەك روشەن ۋە ئويناق.
دۇمبىسى رەڭمۇ ـ رەڭ گۈزەل تاۋلانغان،
گوياكى ئالەمنى پۈتۈن يېپىنغان.

ئوۋچى ئۇنى كورۇپ، ھەيران ھەس قاپتۇ ۋە: "مەن بۇ
يېشىمغا كەلگىچە بۇنداق چىرايلىق بېلىقنى كورمەپتىكەنمەن. ياخ-
شىسى، بۇنى پادىشاغا سوغا قىلاي. ئەگەر پادىشانىڭ نەزىرىگە
يېقىپ قالسا، مېنى ئېھتىياجدىن چىقارسا ئەجەپ ئەمەس" دەپ ئويى-
لاپ، بېلىقنى كوتىرىپ پادىشانىڭ دەرگاھىغا كەپتۇ. دەل شۇ كۈنى
پادىشا ئوزىنىڭ خاس مەنزىلىدە ئولتۇرغان ئىكەن. پادىشا ئۇ جايغا
مەرمەردىن بىر كول ياساتقان ۋە ئۇ كولگە خىلمۇ ـ خىل بېلىقلار-
نى سالدۇرغان ئىكەن.

بارىدى كۈمۈش تەنلىك بېلىقلار،
قۇلاقلىرىدا مەرۋايىت ـ ھېقىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پادىشا يەنە يېڭى چىققان ئويدەك بىر قېيىق ياسىتىپ سۇغا چۈشۈرگەن ئىكەن.

يەنە بىر كىچىك قېيىق بار ئىدى ئۇندا،
ئاي ئاسماندا ئۈزگەندەك ئۈزەتتى سۇدا.

دەل شۇ چاغدا، پادىشا ئۇ كولگە نەزىرىنى تاشلاپ، بېلىقلار رەڭگىنى تاماشا ئەيلەپ تۇرغان ئىكەن. ئوۋچى بېلىقنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىپتۇ. پادىشا ئۇنى كورۇپ، خۇرسەن بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ئوۋچىغا مىڭ دىنار ئىنئام بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىرلەردىن بىرى پادىشاغا ئاستاغىنا ئىلتىجا قىلىپتۇ:
— پادىشاھى ئالەم!

نۇر چۈشۈرسۇن تاجى تەختىڭگە بولۇپ بەختىڭ چىراق،
دولىتىڭ بولسۇن ھەمىشە پارچە ئاپەتتىن يىراق.

بۇ جاھاندا ئوۋچى دېگەن تولا گەپ. بېلىق دېگەننىڭ ھەددى ھېساۋى يوق. ئەگەر ھەر بىر بېلىققا مىڭ دىناردىن پۇل بېرىۋېرىدىغان بولساڭلا، ئۇنىڭغا خەزىنە توشامدۇ؟ خەرج - خىراجەت يېتىشەمدۇ؟ بېلىق دېگەننىڭ باھاسى تايىنلىق نەرسە، ئوۋچىنى بېلىقنىڭ باھاسىغا چۈشلۈق ئىنئام بەرسىلە كۇپايە. ھەر كىشىگە ئوز ھالىغا چۈشلۇق مەرھەمەت قىلىش كېرەك!

يۈز پاتمان سۇ سىغىدىغان كولگە ئەگەر،
ئۈچ يۈز پاتمان سۇ باشلىسا ۋەيران بولۇر.

— مەن ئۇنىڭغا مىڭ دىنار بېرىشكە ۋەدە قىلدىم. ئەمدى سوزۇمدىن يېنىۋالسام توغرا كەلمەيدۇ، — دەپتۇ پادىشا.
— مەن بىر ھىلە ئويلىدىم، — دەپتۇ ۋەزىر، — شۇنداق قىلا-

ساق پادىشاھىمنىڭ ۋەدىسىگىمۇ خىلاپ كەلمەيدۇ ھەم خەزىنىگە زىيان يەتمەيدۇ.

— قانداق ھىلە ئويلىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— ئوۋچىدىن، "بۇ بىلىقنىڭ ئەركەكمۇ، چىشىمۇ؟" دەپ سوراپىمىز، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئەگەر ئەركەك دىسە، "چىشىنى تېپىپ ئەكىلىپ بەرسەڭ، مىڭ دىنارنى ئالىسەن" دەيمىز، ئەگەر چىشى دىسە، "ئەركىكىنى تېپىپ ئەكىلىپ بەرسەڭ ئالتۇننى ئال" دەيمىز. شۇنداق قىلساق ئۇ تېپىپ ئەكىلىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ - دە، ئاندىن كېيىن ئازراق بىر نەرسە بەرسەك رازى بولۇپ كېتىدۇ.

— ھەي ئوۋچى، — دەپ سوراپتۇ ۋەزىرنىڭ مەسلىھىتىنى ماقۇل كۆرگەن پادىشا، — بىلىقىڭ ئەركەكمۇ - چىشىمۇ؟

ئوۋچى تەجرىبىلىك ۋە زېرەك كىشى ئىكەن. ئۇ پادىشا ۋە ۋەزىرنىڭ بۇنداق سوئالىنى سوراشتىكى غەرىزىنى چۈشىنىپتۇ - دە، پىكىر غەۋۋاسىنى تەدبىر دەرياسىغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭدىن جاۋاپ گوھىرىنى ئاختۇرۇپ، تونۇلغان ئۆلىمالاردىن ئۆگىنىۋالغان سۆزنى تېپىپ چىقىپتۇ:

— بىلىقىم خۇنسە، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇ.

پادىشاغا ئۇنىڭ جاۋاۋى ماقۇل كېلىپ، دەرھال خەزىنىدىن مىڭ دىنار ئەپچىقتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ خاس خادىملىرىدىن قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، ئوۋچى ئۆلىمالارغا ئىككى قوش بىلەن خىزمەت قىلىپ، بىر ئېغىز ئىلىم ئۆگەنگەنلىكىنىڭ بەركىتىدىن مىڭ دىنار پۇل تاپتى ۋە پادىشالىقنىڭ مەرھەمىتى بىلەن غېمى تۈگەپ بېشى ئۈستۈن بولدى. دېمەك ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەت چېكىش ۋە ئالىملارغا خىزمەت قىلىشتىن كىشىگە ناھايىتى كۆپ پايدا - مەنپەئەت ۋە بەركەت ھاسىل بولغۇسىدۇر.

www.uyghurkitap.com

ئىلىم تاپساڭ بولۇرسەن ئەلگە پىسەنت،
دانىشىڭ بىرلە بولۇر قەدرىڭ بەلەنت.
ئىلىم ئىستەپ كۆپ جاپا چەكسەڭ ئەگەر،
ئەيلىگەيسەن قارا تۇپراقلارنى زەر.

زاھىت مېھماننىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئىبرى تىلىنى ئۆگىنىشكە ھەقىقەتەنمۇ چىڭ بەل باغلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەلىم بېرىشكە باشلاپتۇ. لېكىن بىر نەچچە ۋاقىت ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىخلاس بىلەن ئۆگەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچ تىلى كەلمەپتۇ. زاھىت ئۇنىڭغا ھەر قانچە كۆپ ئۆگەتكىنى بىلەن پايدىسى بولماپتۇ. زاھىت ئۇنىڭ كۆڭۈل باغچىسىغا سۆز دەرىخىنى تىككەن بولسىمۇ، مەھرۇملۇقتىن باشقا ھېچقانداق مېۋە بەرمەپتۇ.

كىشىگە تەۋپىق مەدەتكار بولمىسا،
پايدا بەرمەس تىرىشىش ھەم ئىلتىجا.

بىر كۈنى زاھىت مېھمانغا شۇنداق دەپتۇ:
— ھەي قىسمەتسىز مېھمان! بۇ قىيىن ئىشنى ئۆزەڭ پەيدا قىلدىڭ ۋە كۆڭلۈڭنى رەنجىتىپ بىر مۇنچە جاپاغىمۇ قالدىڭ. شۇنداقتىمۇ بۇ تىلغا ھېچ ئاغزىڭ كەلمەيۋاتىدۇ، ئەمدى ھەپسىلەڭ كەلمىگەن ئىشنى قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولماي، بۇ تىلنى ئۆگىنىشتىن ۋاز كەچسەڭ بولۇرمىكىن:

بىلسەڭ ئەگەر مۇرادىڭ كەلمەس بولسا قولۇڭدىن،
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇقچە چەكمىگەيسەن رەنج ئەلەم.
يۈرگەن يولۇڭ ئەگەردە يەتكۈزمىسە مەنزىلگە،
يۈرمىگەيسەن ئۇ يولغا قويۇپ بىھۇدە قەدەم.

ھالىڭغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان تىلنى ئۆگىنىمەن دەپ، ئانا تىلىڭنى تاشلاپ قويۇشۇڭمۇ ياخشى ئىش ئەمەس.

— ئاتا - بوۋا، ئەجدادلىرىنىڭ جاھىللىق ۋە بىلىمسىزلىك-لىرىنىمۇ ئەتىۋارلاش ئەخمەقلىقتۇر، — دەپتۇ مېھمان، — بۇ توغرىدا مەن ھەرگىز دورامچىلىق قىلمايمەن، بەلكى ھەقىقەت يولىغا ماڭى-مەن. ئەجدادىنىڭ نادانلىقلىرىغا تەقلىت قىلغۇچىلار ھېچقاچان گۇمان باياۋانىدىن چىقىپ، ھەقىقەت مەنزىلىگە يېتىپ بارالمايدۇ.

ئەي دورامچى، تاشلىۋەتسەڭ پەردىنى،
كورگەيسەن ھەق نۇرى بىرلە بارچىنى.
ھەقنى قىلغىن ھەممە تەقلىتتىن جۇدا،
ھەقنى داۋۇت بىل، ئۇ تەقلىتنى سادا.

— مەن ساڭا نەسىھەت قىلىش بىلەن ئوز بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم، — دەپتۇ زاھىت، — لېكىن ساڭا ماقۇل كەلمىدى. سەن ھازىر پەرەڭ تىلى بىلەن ئوزەڭنىڭ خالىغان سوزۇڭنى ئېيتالايسەن، ئەمما ئىبرى تىلىنى تولا تەكرارلاش نەتىجىسىدە پەرەڭ تىلىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپ، ئۇنىمۇ بىلەلمەي، بۇنىڭدىنمۇ قۇرۇق قالۇرسەنمى-كىن دەپ ئەنسىرەيمەن. سېنىڭ ئەھۋالىڭ خۇددى كەكلىكنىڭ مېڭىشىنى ئۆگىنىمەن دەپ ئوزىنىڭ مېڭىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان قاغىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ قالمىسۇن يەنە!

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ مېھمان.

— بىر كۇنى بىر قاغا، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ زاھىت.

## دورامچى قاغىنىڭ ھېكايىسى

بىر كۇنى بىر قاغا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، يەر ئۇستىدە نەزەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سالغان كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە ناھايىتى چىرايـ
لىق يورغىلاپ يۈرگەن بىر كەكلىكنى كورۇپ قاپتۇ.

ئەجەپ خۇشخۇي قەدەم تاشلاپ دىلىمنى بىقارار قىلدىڭ،
يەنە بىر جىلۋە قىلغىن بۇ جىنىمنى ھەم قىلاي قۇربان.

كەكلىكنىڭ شۇنداق چىرايلىق قەدەم تاشلاشلىرى قاغىغا ياراپ
قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ مېڭىشلىرىنى ئۆگەنمەكچى بولۇپ، ئۇمىت قىلىپ
داۋاملىق ئۇنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، مۇلازىمەت قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە
ئۇنىڭ يورغىلاشلىرىنى تاماشا قىلىپتۇ.

خىرامان يورغىلاپ گۈلشەندە جەۋلان ئەيلىسەڭ كەكلىك،
بۇ ئاقساق پۇتۇم بىرلە سىپنى قانداق قىلاي تەقلىت.

بىر كۈنى كەكلىك قاغىغا شۇنداق دەپتۇ:
ــ ھەي دىۋە تەلەت قارا يۈز، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ماڭا
ئەگىشىۋېلىشىڭدىكى غەرىزىڭ نىمە؟
ــ ئەي گۈزەل كۆلگۈنچەك كەكلىك:

مېڭىشىڭ كوڭلۇمنى ئالدى، مەن كوڭۈلنىڭ كەينىدىن،
نالەيۇ پەريات قىلىپ تىنماي يۈرەرمەن بىقارار.

ماڭا سىنىڭ مېڭىشىڭنى ئۆگىنىش ھەۋىسى پەيدا بولدى. شۇڭا
نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئارقاڭدىن قالماي يۈرۈۋاتىمەن. سىنىڭ
مېڭىشىڭنى ئۆگىنىپ ئۆزەمگە پەخىر پەيدا قىلاي دەيمەن.
ــ ھەيھات، ــ دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ كەكلىك، ــ سەن نەدە،
مەن نەدە؟ سىنىڭ مېڭىشىڭ ۋە مىنىڭ يورغىلىشىم
ئۆزىمىزگە خاس ئىككى خىل تۇغما خۇسۇسىيەت تۇرسا، خالىقنىڭ

قىلغان ئىشنى مەخلۇق ھەركەت قىلىپ ئۆزگەرتكىلى بولامدىكەن؟ بۇ خىيالدىن ۋاز كەچكىن، بۇ ئىش سىنىڭ قابىلىيىتىڭگە لايىق ئىش ئەمەس.

— بۇ ئىشقا قەدەم قويغان ئىكەنمەن، نەسىھەت ۋە تەنبىھ بىلەن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيمەن.

مەن تەۋەككۇل كىمىسىن سالدىم بۇ غەم دەرياسىغا،
يا ئۆلۈمگە ئۇچرىغايمەن ياكى تاپقايمەن مۇرات. —

دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ قاغا.

شۇنداق قىلىپ بىچارە قاغا بىرنەچچە ۋاقىت كەكلىكنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ مېڭىشىنى ئۆگىنەلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ مېڭىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ ۋە ھەرقانچە تىرىشىپ باقسىمۇ بۇرۇنقى ئادىتىنى تاپالماپتۇ.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، سەن ئۆزەڭنى بىھۇدە جاپاغا سالغانلىقىڭنى ۋە نامۇۋاپىق ئىشنى باشلاپ قويغانلىقىڭنى چۈشىنىشىڭ كېرەك. خۇددى دىخانچىلىق قىلىمەن دەپ ناۋايلىقىڭنىمۇ زايا قىلىۋەتكىنىڭدەك، ئاخىرى ئىبرى تىلىنى ئۆگەنمەن دەپ پەرەك تىلىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىسەن ئەمدى.

بىرىپ جاننى ۋىسالىغا يېتەرمەن دەپ ئۈمىد تۇتتۇم،
جېنىمنى بەردىمۇ ئەمما ۋىسالىدىن قۇرۇق قالدىم.

مېھمان زاھىتنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلماي، ئىبرى تىلىنى تەكرارلاشقا باشلاپتۇ. ئاقىۋەت ئۇ تىلنى ئۆگىنەلمەپتۇ ۋە پەرەك تىلىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ.

مانا بۇ ئۆز ئىشىنى تاشلاپ، ئۆزىگە لايىق بولمىغان ئىشنى باشلاپ، زىيان تارتقان كىشىلەرنىڭ داستانى. بۇ باپ پادىشالار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ دىققەت قىلىشى ۋە ئەھمىيەت بېرىشىگە تەئەللۇقتۇر. ئەگەر پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ ئەبەدىي بولۇشىنى، پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشى پاراۋان، دۈشمەنلىرى يەر بىلەن يەكسان، دوستلىرى شاد - خەن- دان بولۇشىنى خالايدىغان بولسا، بۇ باپتىكى سۆزلەرنى چوڭقۇر ئويلاپ بېقىشى كېرەك ۋە بۇنىڭدىن بەھرە ئالغانلىقىنىڭ نەتى- جىسى سۈپىتىدە، بىلىمسىز نادان كىشىلەرنى بىلىملىك ئالىملار بىلەن باراۋەر كۆرمەسلىكى كېرەك. چۈنكى نادان كىشىلەر ھەمىشە ئۆزىنى چوڭلار ۋە بىلىملىك كىشىلەر بىلەن باراۋەر كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى خۇددى ئارغىماقنىڭ قېشىغا كېلىپ قالسا ئۇنىڭ بىلەن چېپىشقىلى كېلىدىغان توكۇر ئېشەككە ئوخشايدۇ. ۋاھالەن- كى ئۇلار چېپىشىپ قالىدىغان بولسا، ئېشەك ئارغىماقنىڭ ئايىغى ئاستىدىن چىققان چاڭغىمۇ يېتىشەلمەيدۇ.

كوزىغا قويسا ئەگەر كوز لەئلە ۋە گوھەر بىلەن،
ئوخشىماس ھېچ ۋەجە بىرلە ئەسلى جەمشىت جامىغا.

ئەگەر ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق - تاپاۋەت يوقالسا، نادانلار ساۋاتلىقلارنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇشسا، ساۋاتلىقلار ئۆزىنى ئالىملار بىلەن سېلىشتۇرۇپ لاپ ئۇرۇشسا، نەتىجىدە پادىشانىڭ شان - شەۋكىتى سۇنىدۇ، مەملىكەتكە خەۋپ يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن- مۇ، بۇرۇنقى ئۆتكەن پادىشالار بەدئەسل ۋە نادانلارغا ئىلىم ۋە خەت قىلدۇرمىغان، ئەگەر كاسىپلار پەزىلەت تېپىپ ئەھلى دۆلەتكە ئايلانسا، مۇللا ئالىملار كاسىپلارنىڭ ئورنىغا چۈشسە مۇللا ئالىملار - قانداقمۇ كاسىپ- لارنىڭ ھۈنىرىنى قىلالىسۇن؟ كاسىپلاردىن قانداقسىگە ئالىملارنىڭ بىلى- مى چىقسۇن؟ ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇنداق ئەھۋالنىڭ پۈتۈن مەم- لىكەتكە زىيىنى تەسىر قىلىپ، بارلىق ئامۇخاسىنىڭ مەئىشىتى بۇزۇلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بارلىق ئەقىللىق كىشىلەر ئۆلىمالارنىڭ ۋەز- نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ئۇنى كۆڭلىگە ئورنىتىشى، ئۇنىڭدىن

ئالغان بەھرە بىلەن تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، ئەدەپ - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇننى ئەيىپ نۇقسانلاردىن تازىلىشى كېرەك.

ئۇنى دىگىن جاھاندا مەرد - ئاقىل،
نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ بولسا كامىل.
گويا سوز گوھەردۇر، ئېيتقۇچى غەۋۋاس،
سەن ئالغايسەن ئۇنىڭدىن گوھەرى خاس.

## ئون ئىككىنچى باپ

# يۇۋاش بولۇش، ئېغىرلىق قىلىش ۋە ئويلاپ ئىش كۆرۈشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

دۆلەتمەن شاھەنشاھ داڭدار ھەكىمگە قاراپ، ئۇنى ماختاپ شۇنداق دەپتۇ:

ئەي ئالەم ئىچرە بىر يەگانە ھەكىم،
كۆرمىدى زاماندا سەندەكنى ھېچكىم.

— ئۆز كەسپىنى قويۇپ باشقا بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، ئۇنىمۇ قولغا كەلتۈرەلمەي، بۇنىمۇ قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان كىشىنىڭ داستانىنى بايان قىلدىڭ. ئەمدى پادىشالارنىڭ قايسى سۈپەتلىرى ياخشىراق ۋە قايسى خىسلەتلىرى يېقىملىقراق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭ ئىكەن. مەن ئون ئىككىنچى ۋەسىيەتتە: "پادىشالار يۇۋاشلىق ۋە ئېغىرلىقنى ئۆزلىرىگە لازىم تۇتۇشى كېرەك" دېگەننى كۆرگەن ئىدىم. شۇندىن كېيىن مەندە: "پادىشالار ئۈچۈن يۇۋاشلىق ياخشىمىدۇ ياكى ساخاۋەت، ياكى شىجائەت ياخشىمىدۇ؟"

دىگەن شۈبھە پەيدا بولدى. مۇشۇ شۈبھىنىڭ تۈگۈنىنى كۆڭلۈمدىن يېشىپ، بۇ ئۈچ سۈپەتنىڭ قايسىسى ياخشى ئىكەنلىكىنى تاللاپ بەرسەڭ.

شېرىن سۆزلۈك بەرھەمەن گۆھەردەك ئىبارىلەر بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

ئەي شاھىم ھەممىگە سەنسەن ھۆكۈمران،
تۇتار ھەر ھۆكمىڭنى زېمىن ۋە ئاسمان.

— بىلگىنكى، پادىشانى ئۇلۇغ ۋە ھەيۋەتلىك كۆرسەتىدىغان، پۇقرالارنىمۇ پادىشادىن خۇشال بولىدىغان سۈپەت يۈۋاشلىق ۋە خۇشخۇيلۇقتۇر. سەن قايسىسى ياخشى ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمايۋاتقان ھېلىقى ئۈچ سۈپەتنىڭ ھەممىسى پادىشالارغا كېرەك بولىدىغان خىسلەتلەردۇر. ئەمما شىجائەت ئاندا-ساندا كارغا ياراپ قالىدۇ، ساخاۋەت بىلەن يۈۋاشلىق بولسا ھەممە ۋاقىت زۆرۈردۇر. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، سېخىلىق ۋە يۈۋاشلىق شىجائەتتىن ياخشىراق بولىدۇ-دە! ئىككىنچىدىن ساخاۋەتنىڭ پايدىسى پادىشانىڭ ئىنئامىدىن بەھرە تېپىشقا سالاھىيىتى بار بولغان كىشىلەرگىلا يېتىدۇ. لېكىن يۈۋاشلىقنىڭ مەنپەئەتى بارلىق ئامۇخاسقا، لەشكەر ھەم پۇقرالارنىڭ ھەممىسىگە يېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن يۈۋاشلىقنىڭ ئۇ ئىككىسىدىنمۇ ئەۋزەل ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

بولسا كىمنىڭ قەلبى ياخشى ھەم مىجەزى خۇشپېئىل،
سەن ئۇنى شەكسىز دېگىنكى كىشىلەرنىڭ ياخشىسى.

بۇزرۇكلاردىن بىرى: "ئەگەر بىر تال قىلنىڭ بىر ئۇچىنى مەن تۇتسام، يەنە بىر ئۇچىنى ھەممە خالايىق تۇتۇپ تارتىپ ئۈزمەكچى بولسا، ھەرگىزمۇ ئۈزەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار كۈچ بىلەن تارتسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن ئۇلار تەرەپكە بارىمەن. ئەگەر ئۇلار كۆچمىسە، مەن ئاستا ئارتىپ، ئۇلارنى ئۆز تەرىپىمگە ئەپكېلىمەن. يەنى مېنىڭ يۇۋاشلىقىم ۋە خۇشخۇيلۇغۇم شۇ دەرىجىدىكى ئالەم ئەھلىنىڭ ھەممىسى بىلەن ياخشى چىقىشىمەن" دېگەن ئىكەن.

مەن ئۇنى ئىستەرمەنۇ ئۇ ئۆزگىنى كوزلەر ھامان،
كەلمىسە ئۇ مەن تەرەپكە مەن بارۇرمەن ئۇ تامان.

بىلمەك كېرەككى، ئېغىرلىق ۋە يۇۋاشلىق پادىشالار ئۈچۈن زىبۇ-زىننەت بولىدىغان ياخشى خىسلەت. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھوكۇملىرى جاھان ئەھلىنىڭ جانلىرى ۋە ماللىرى ئۈستىدە يۈرگۈزۈلىدۇ. بەس، ئۇلار ئەگەر خۇيلىرىنى يۇۋاشلىق ۋە دىيانەت بىلەن زىننەتلىمىسە، بىر قوپاللىق بىلەن خالايىقنىڭ ھاياتلىغىنى بەربات قىلىۋېتىدۇ-دە، مەملىكەتتىن نىزام ۋە كوڭۇل ئارامى يوقىلىدۇ.

ھوكۇم سۈرمەك كېرەكتۇر شاھى دەۋران،
قىلىپ چوڭقۇر پىكىرلەرنى پاراۋان.
پىكىر قىلماي راۋان قىلسا سىياسەت،
دەخلىگە ئۇچرىغاي پۇقرا ۋە دولەت.

ئەگەر پادىشا ساخاۋەت سۆيى بىلەن جاھان يۈزىدىن ئېھتىياج غۇبارىنى يۇيسا ياكى شىجائەت ئوتى بىلەن دۈشمەنلەر ئومرىنىڭ خامىنىنى كويدۇرسە، شۇ سۈپەتلەر بولۇپ تۇرۇپ، ئەگەر خۇيى قوپال بولسا، بىر جاپا بىلەن ساخاۋىتىنىڭ بۇلىغىنى تىندۇرۇۋېتىدۇ؛ بىر غەزەپ بىلەن مىڭلاپ كىشىنىڭ جانلىرىنى قىرىۋېتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ساخاۋىتىدە نۇقسان ۋە شىجائىتىدە كەمچىلىك بولمىسۇ، دوستلۇق، كوڭۇل ئىزلەش، يۇۋاشلىق ۋە خۇشخۇيلۇق بىلەن پۇقرالار ۋە لەشكەرلەرنى ئۆزىدىن خوش قىلالايدۇ-دە،

پۈتۈن جاھان ئەھلىنى تەرەپتارلىق ۋە خىزمەتكارلىق رىشتىسىگە باغلىيالايدۇ.

گۈل يۈزۈڭ ئەلگە ياخشى ئېچىلسا،
جان دىماغىنى بۇيى خۇش قىلسا.
بەرسە جاھانغا خۇلقۇڭ ئارايىش،
بولغۇسى ئاندىن ئەلگە ئاسايىش.

ئاندىن، پادىشا يۇۋاش بولۇشنىڭ ئۈستىگە، ئېغىر بېسىق بولۇشى كېرەك. چۈنكى چىدامسىز يۇۋاشلىق ئەيىپتىن خالى ئەمەس. ئەگەر كىشى يۇۋاشلىق قىلسا، نۇرغۇن كۆلپەتلەرنى كۆتەرگەن ھالەتتىمۇ، ئاقىۋەتتە يەڭگىللىك قىلىپ قويسا، بارلىق بەرداشلىق-لىرىنىڭ ھەممىسى زايا بولىدۇ!

بەرداشلىق يېرىگە قويساڭ گەر ئاياق،
شەۋكىتىڭ يېنىڭدا تۇرغاي مىسلى تاغ.

پادىشالار غەزەپتىن يىراق بولۇشى لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمانلىق كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ: "يۇۋاشلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇيى، ئاچچىقلانماق ئىتنىڭ ئىشى" دېگەن گەپ بار. ھەقىقەت ئەھلىنىڭ ئالدىدا شۇ ئىش ئېنىق ۋە مۇقەررەركى، ھەر-كىشى ئۆزىنىڭ غەزىۋى ئۈستىدىن غالىپ كېلەلمىسە، ساداقەتلىك دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ. «ناۋادىرۇل كەلىمات» ① دېگەن كىتابتا شۇنداق يېزىلغان ئىكەن:

بىر كىشى بىر بۇزرۇكۋاردىن: "بارلىق ياخشى خۇلۇقنى كىشىنىڭ يادىدا تۇتۇشى ئاسان بولغان بىر سۈپەتكە يىغىنچاقلاپ بەرسەڭ؟" دەپ ئىلتىماس قىلغان ئىكەن. ئۇ بۇزرۇك كىشى:

① ناۋادىرۇل كەلىمات — "نادىر سۆزلەر".

www.uyghurkitap.com

"غەزەپنى تەرك ئەتمەك ھەممە ياخشى خۇيلارنىڭ ئاتىسى، ئاچچىقلانماق بارلىق يامان خۇيلارنىڭ ئانىسى" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

گىنە-ئاداۋەت ئەمەس ئىنساننىڭ ئىشى،
بەلكى ئۇ شۇمنىڭ، ياماننىڭ ئىشى.
ئالەم ئىچرە شۇم ئاداۋەتچى بولۇر،
كى بۇلارنىڭ ئەسلى دوزاختىن ئىرۇر.
گىنەخور دوزاخ ئارا تاپقاي قارار،
چۈنكى كۆل ئازگال ئىچىگە تاشلىنار.

پادىشالارغا ۋەزىر شۇنىڭ ئۈچۈن لازىمكى، ئەگەر پادىشالار سەلتەنەت غۇرۇرى بىلەن يۇۋاشلىق يولىدىن چىقسا، ۋەزىرنىڭ نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى توختىتىۋېلىشى ھەم چىدام مۇقامىغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر، مۇشۇ تەۋپىقنىڭ بەركىتىدىن ئۇلار ھەممە ئىشتا غالىپ بولالايدۇ. شان-شەرەپ ۋە غەلىبە ئۇلارغا ھەمىشە يار-مەدەتكار بولىدۇ. ئەگەر تاسادىپەن پادىشا نەپس ھاۋانىڭ كەينىگە كىرىپ، غەزەپ يۈزىسىدىن بىر ئىشقا ھۆكۈم سۈرىدىغان بولسىمۇ، ئۇنى ۋەزىرگە بۇيرۇيدۇ، ۋەزىر بولسا توغرا تەدبىرى بىلەن ئۇنىڭغا ياخشى چۈشەنچە بېرىدۇ. تاقەتسىزلىكى ۋە يەڭگىللىكىنىڭ زەھىرىنى چۈشىنىپ بولۇشتىن بۇرۇن، پۇشايماننىڭ ساقايماس كېسەللىكىگە گىرىپتار بولماسلىقى ئۈچۈن چارە-تەدبىر قىلىدۇ. بۇ ئىش ھىندىستان پادىشاسى بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ يۈز بەرگەن ئىدى.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ راي.

— ھىندىستان شەھەرلىرىنىڭ بىرىدە، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ بەرەھمەن.

# ھىندىستان شاھى بىلەن مەلىكە ۋە ۋەزىرنىڭ ھېكايىسى

ھىندىستان شەھەرلىرىنىڭ بىرىدە ھىلال ئىسىملىك بىر پادىشا بار بولۇپ، ئۇ خەزىنىسى ھەددى-ھېساپسىز، لەشكەرلىرى سان-ساناقسىز پادىشا ئىكەن.

سايە سالغان نەيزىسى ئەل-ئاھالە بېشىغا،
دىن ۋە دۇنيانى ئېلىپ تېخى ئۆز پاناھىغا.

ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار بولۇپ، نۇرلۇق قۇياش ئۇلارنىڭ يۈزىدىن نۇر تەلەپ قىلىدىكەن؛ تولۇن ئاي ئۇلارنىڭ رۇخسارىنىڭ گۈزەللىكىدىن ھەيران ئىكەن. بىرىنىڭ كېلىشكەن قامىتىنى كۆرۈپ، سەرۋىنىڭ پۇتى ھەسرەت لېيىغا پېتىپ قالىدىكەن؛ يەنە بىرىنىڭ يارىشىملىق مېڭىشىنى كۆرۈپ، كەكلىك ئۆز مېڭىشىنى ئۇنتۇيدىكەن.

بىرىنىڭ لالىدەك چىرايلىق يۈزى،
بىرى جۇپ ئېچىلغان گۈزەل گۈل ئۆزى.

ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى قانداق ياخشى بولسا، ئىچكى دۇنياسىمۇ شۇنداق بىزەلگەن، چىرايى قانداق چىرايلىق بولسا، قەلبىمۇ شۇنداق گۈزەل ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى سەھلى يەمەن ئىكەن، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى ماھى خوتەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ئىران دۇخت ① ئىكەن. ئۇمۇ شۇنداق ساھىپجامال ئىكەنكى، ئاپتاپ كېلىنى ئۇنىڭ نازىنىن يۈزىدىن رەشك ئېتىپ، ئۆزىنى پىنھانلىق پەردىسىگە ئورايدىكەن، جىڭگىلەك زۇلپىنى كۆرۈپ، سۇمبۇل خىجىللىقتا ئىزتىراپقا چۈشىدىكەن.

① ئىران دۇخت — ئىران قىزى دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھوسنى ئەقلىمدا ئۇ تاپقان كامال،
نازىنىن يۈزلۈك گۈزەل ساھىپجامال.
ئىككى قارا زۇلپى ھەم باشقا ـ باشقا،
كەمەندىنى سالغان ئىدى قۇياشقا.
بارمۇ ھېچ جاھاندا شۇنداق لاتاپەت،
گۈلگە سۇمبۇل چىرماشقان كەبى ھالەت.

بۇ گۈزەل سەدەپ بىلەن ئىككى ئىسىل گوھەرگە پادىشا ناھا ـ يىتى ئامراق ئىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ جامالىرىنى بىردەم كورەل ـ مىسە ئارام ئالالمايدىكەن. ئۇنىڭ بىر ۋەزىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى پىلار ئىكەن. ھىندى تىلىدا پىلار دېگەن سوزنىڭ مەنىسى "يۈزى مۇبارەك" دېگەن بولىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ توغرا پىكىرلىرى بىلەن خالايىق ئارىسىدا مەشھۇر بولغان، تۈزۈك تەدبىرلىك، ئەل تىلىدا داڭقى ئاتالغان دانىشمەن ھەم ئەقىل ـ پاراسەتتە يەككە ـ يىگانە، ھاۋادارلىق ھەم ئەقىداتتا تەڭدىشى يوق بىر بۈزرۈكۋار كىشى بولۇپ، زامان تىلى ئۇنىڭ كامالىتىنى ماختاپ مۇنۇ بېيىتنى ھەمىشە تەكرار قىلىدىكەن.

قويالماس سەن تۆرۈپ دەۋراندا ھېچكىم،
ۋەزىرلىك تەختى ئۈستىگە قەدەمنى.
سېنىڭ كاتىپلىرىڭدىن ھەر كىمەرسە،
ئاتارۇت ئىلكىدىن ئالۇر قەلەمنى.

بۇ ۋەزىرنىڭ كامال ئىسمىلىك بىر مىرزىسى بار ئىكەن، ئۇنىڭ لاتاپەتلىك قەلىمىنىڭ تىلى پاساھەت سىرلىرىنىڭ خەزىنىسى ئىكەن. ئۇنىڭ مۇكەممەل ئەسەرخانىسىنىڭ ئەۋجى بالاغەت نۇرىنىڭ پار ـ قىرىغى ئىكەن. ۋەزىر زېمىنىنىڭ ئالماسى ھەرقانداق بىر مەنا جەۋھىرىنى تېشىدىغان بولسا، ئۇنىڭ كامىل زېھنى شۇ ھامان ئۇنى

ياخشى ئىبارىلەر يىپىغا تىزىدىكەن. ھەرقانىداق بىر ھەقىقەت مىلىنى ۋەزىرنىڭ ئەقلى - تەدبىر تارازىسىدا تارتىدىغان بولسا، ئۇ - نىڭ ئىدراك دالالەتچىسى يارامىلىق تەرىپلىرى بىلەن دىققەت قىلغۇچىلار بازىرىنىڭ خېرىدارلىرىغا ئۇنى ماختاپ بېرىدىكەن.

جانغا راھەت ئىدى تەقرىرى،
دىلنى شات قىلاتتى تەھرىرى.
ئىشقا سالسا گەر قەلەم تىلىنى،
بىلدۈرەر ئىدى ۋاقىئە سىرىنى.

ئۇ پادىشانىڭ بىر ئاق پىلى بار بولۇپ، ئۇ پىل جەڭ مەيدانىغا خۇددى بوراندەك ئېتىلىپ، تاشلارنى تېشىۋېتىدىغان چىشى بىلەن باغرى تاشلارنىڭ كوكسىدىن توشۇك ئېچىۋېتىدىكەن. تومۇر تاغنىڭ ئىچىدە بولىدىغان بولسىمۇ بۇ پىل گويا تومۇر ئىچىدىكى تاغدەك، گەرچە تۆت پۇتى بىلەن ماڭسىمۇ خۇددى پۇتى يوق تاغدەك ھەيۋەتلىك كورۇنىدىكەن.

چوڭلۇغى بىلەن تاغدىنمۇ ئاشقان،
ئىدى بەلەككە بېشى تاقاشقان؛
يوغان خارتۇمى بىر ئەجدىھادەك،
دۈشمەن بېشىغا كاتتا بالادەك.

پادىشانىڭ ئۇنىڭدىن باشقىمۇ يەنە ناھايىتى زور ھەم يامان ئىككى پىلى بار ئىكەن، ئۇلار يوغان خارتۇملىرىنىڭ مۇشتۇمى بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ باشلىرىنى مەيداندىن توپتەك دومىلىتىدىكەن؛ ئۇ - مۇتقا ئوخشاش پۇتلىرى بىلەن بويۇنتاۋلىق قىلغۇچىلارنىڭ بويۇن - لىرىنى ئۇشتۇپ - ئۇشتۇپ تۇپراققا چەيلىۋېتىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

قورقۇپ تۇرار ئىدى پەلەك گەردىشى،
ئۇلار جەڭ قىلغاندا ئېگىپ بېشىنى.
بىرى مىررىخ ئۇززە خارتۇم ئۇزاتسا،
سانچىپتى زۆھەلگە بىرى چىشىنى.

ئۇندىن باشقا، ئۇ پادىشانىڭ يەنە ئىككى دەشتكە لىق تولغان توگىلىرى بار بولۇپ، چاڭ-توزاڭلارنى توزۇتۇپ بىر ماڭىدىغان بولسا، بىر كېچىدە ئىقلىمنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىر قەدەمدە ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىدىكەن. ئۇ توگىلەر بويۇن بىلەن قوللىرىنى يا ۋە ئوق قىلىپ، كوكرەكلىرى بىلەن پۇتلىرىنى قالقان ۋە گۇرزا قىلىپ، يەر يۈزىنى ئوزىگە قارىتىپ بولغان ۋە سەپەر يوللىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ئىكەن.

قەلبى كەڭ دەرۋىش كەبى ئەيلەپ گويا تاغدەك چىدام،
ئورۇن تۇتقان باياۋاندا، قىلغان تىكەننى ئۇ تائام.

ئۇ پادىشانىڭ يەنە شۇنداق تېز چاپىدىغان بىر ئېتى بار ئىكەنكى، ئەگەر ئۇنىڭ تېزگىنىنى قويۇۋېتىدىغان بولسا، تېزلىكتە سابادىن يۈز ھەسسە ئېشىپ كېتىدىكەن، ئۇنداق چاغدا، ئىتتىك شامال ئۇنىڭ ئايىغىدىن چىققان چاڭلىرىنىڭ چېكىگىمۇ يېتىشەلمەيدىغانلىقىغا ھېچكىممۇ گۇمان قىلمايدىكەن. پەلەكنىڭ كوك ئارغىمىغى جاھان سەھنىسى ئۈستىدە ئەزەلدىن تائەبەتكىچە ئايلانسىمۇ، ئۇنداق چاپقۇر ئارغىماقنى كورەلمەيدىكەن؛ روزىگار دەۋران مەيدانىنى ئاۋالدىن تا ئاخىرغىچە كەزسىمۇ، ئۇنداق تېز يۈرىدىغان ئاساۋ ئاتقا يېتەلمەيدىكەن.

بىردەمدە كېزەر ئىدى جاھاننى،
يەرنىڭ يۈزىدە بەلكى ئاسماننى.

دائىم بولاتتى ئۇنىڭ سۇلىغى.
پەلەك يايلىغى قۇياش بۇلىغى.
غەرق بولغان چاغدا ئۇ تەر ئىچىگە،
دەيتتىڭىز "چاقماق يامغۇر ئىچىدە".

پادىشانىڭ يەنە جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلەپ، گوھەرلەر بىلەن كوز قويغان بىر قىلىچى بولۇپ، قارىغان كىشىگە خۇددى يىپيۇرماقلار يۈزىنى شەبنەم تامچىلىرى بىلەن بېزىگەندەك ياكى ئاسمان سەھنىسىنى يۇلتۇز گوھەرلىرى بىلەن زىننەتلىگەندەك چىرايلىق كورۈنىدىكەن. زاتىدىكى جوھىرى ساپ بولغانلىغى ئۈچۈن، قارىغاندا، خۇددى ئالماس يۈزىدىكى چۈمۈلىنىڭ ئىزىدەك، ياكى پولات تاختايغا قونغان چىۋىننىڭ قانىتىدەك مەۋجلىنىپ، كوزنى چاقنىتىپ تۇرىدىكەن. ئۇنى شەمشەر دىمەك مۇۋاپىق ئەمەس، بەلكى ئۇ يامغۇر ئورنىغا قانلارنى چاچىدىغان بۇلۇت. ياكى شولە مەيدانىدا چوغلارنى ئاچىدىغان چاقماق ئىكەن.

ئۇ گوياكى بەرگسىز بىر شاخ بولۇپ،
قىزىرىپ تۇراتتى جەڭ سورۇنىدا.
خۇددى نىلۇپەر بولۇپ ئۇچلۇق ئۇچى،
قاننى يوشۇرغان ئىدى ئوز قارنىدا.

پادىشا بۇ نەرسىلەردىن ناھايىتى بەك پەخىرلىنىدىكەن ۋە ئۇ نەرسىلەرى بىلەن ھىندىستاننىڭ باشقا پادىشالىرىنىڭ ئالدىدا ماختىنىدىكەن. ئۇنىڭ دىيارىدا بىر توپ مۇشرىكلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر چوڭ بەرەھمىنى بار ئىكەن، ئۇلار شۇ بەرەھمەنگە بويسۇنىدىكەن ۋە ئۇنى پەيغەمبەر ئورنىدا كورۇپ، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ گۇنا ۋە جاھالەت باياۋانىدا يۈرۈشىدىكەن. پادىشا ھىيلار ھەر دائىم ئۇلارنى ئۇ خاتا يولدىن مەنئى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار قايتىقىلى ئۇنىمىغاچقا، ئاخىرى پادىشا ئىسلام دىنىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئون ئىككى مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، مال-دۇنيالىرىنى تالان-تاراج قىلدۇرۇپ، ئاياللىرى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئەسىر قىلىۋاپتۇ. ئۇ جامائەتنىڭ ئالىملىرىدىن توت يۈز كىشى كورۈنۈشتە ئىسلام كەلتۈرگەن بولۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئوز دەرگاھىدا ساقلاپتۇ. ئەمما ئۇ مۇناپىقلار ئۇنىڭغا نائىلاجلىقتىن بىچارىلەرچە خىزمەت قىلىدىكەن. لېكىن پۇرسەت تېپىپ پادىشادىن ئىنتىقام ئېلىشنىڭ قەستىدە يۈرۈشىدىكەن. بىر كېچىسى پادىشا چۈشىدە بەتتە قېتىم قاتتىق ۋاقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، سەسكىنىپ ئويغىنىپتۇ ۋە ئۇ ئاۋازنىڭ ھەيۋىتىدىن بىر پەس تەپەككۇرغا چۈشۈپتۇ. ئەمما ئۇيقۇسى غەلىبە قىلىپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ ۋە چۈش كورۈپتۇ: قارىسا ئىككى قىزىل بېلىق پەيدا بولغانمىش، ئۇ بېلىقلار شۇنداق نۇرلۇق ئىكەنكى، ئۇنىڭدىن چاچرىغان نۇرلار كوزنى چاقارمىش، پادىشا يەنە ئويغىنىپتۇ ۋە ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ئەندىشىگە چۈشۈپ تۇرۇپ، كوزى يەنە ئۇيقۇغا كېتىپ، يەنە چۈش كورۈپتۇ: قارىسا ئىككى ئودەك بىلەن بىر غاز بىر بىرىنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۇچۇپ كېلىپ، پادىشانىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىۋاتقانمىش. پادىشا يەنە ئويغىنىپ ھەيران بولۇپتۇ، لېكىن ئۇيقۇنىڭ مەسلىكىدىن بېشىنى ياستۇققا قويۇپلا يەنە چۈش كورۈپتۇ: قارىسا سېرىق ۋە ئاق خاللىرى بار بىر يېشىل ئىلان كېلىپ، پادىشانىڭ ئايىغىغا چىرماشقانمىش. بۇنى كورۈپ يەنە ئويغىنىپتۇ ۋە بۇ ھالاكەتلىك چۈشتىن غەمگە چومۇپ بىردەم تۇرۇپتۇ. بۇ نوۋەتمۇ ئۇيقۇ ئۇنىڭ بېشىنى ئېگىپتۇ، يەنە قارىسا باشتىن-ئاياق پۈتۈن بەدىنى قانغا بۇلغانغانمىش؛ پۈتۈن بەدىنى خۇددى مارجاندەك قىزىل كورۈنەرمىش. پادىشا قاتتىق قورقۇپ ئويغىنىپتۇ ۋە مۇلازىملارنى چاقىرماقچى بولۇپتۇ، ئەمما ئۇيقۇنىڭ زورى ئۇنىڭغا يول قويماي، بېشىنى

بېسىپتۇ. قارىسا ئۇ ئۇچقاندەك تېز يۈرىدىغان ئاق خېچىرغا مىنىپ، چاقماقتەك تېز چېپىپ كېتىپ بارارمىش، ئەمما ئۇنىڭ خەۋپىدىن يەنە سەسكىنىپ ئويغىنىپتۇ ھەم كۆز يۇمۇپ يەنە چۈش كۆرۈپتۇ: قارىسا بېشىغا ئوت تۇتاشقانمىش، ئوتنىڭ يالقۇنى پۈتۈن ئەتراپنى چۇلغىۋالغانمىش، پادىشا قاتتىق تىترەپ ئويغىنىپتۇ. لېكىن ئۇيقۇ ئۇنىڭغا يەنە غالىب كېلىپ يېتىپتۇ. بۇ نۆۋەت چۈش كۆرسە، بىر قۇش كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا قونۇپ ئولتۇرۇپ، مېڭىسىنى چوقۇۋاتقانمىش. بۇ نۆۋەت پادىشا شۇنداق نەئرە تارتىپ ئويغىنىپتۇكى، ئۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ بارگاھنىڭ ئەتراپىدىكى مۇلازىملارنىڭ ھەممىسى ئويغىنىپ سەراسىمىگە چۈشۈپ، يۈگۈرۈپ تەختنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشىپتۇ. پادىشا ئۇلارغا ئەنسىرىمەسلىك توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا ياندۇرۇپتۇ-يۇ، ئۆزى يالغۇز قالغاندىن كېيىن، كۆرگەن ھەيۋەتلىك چۈشلىرىنىڭ ئىزتىرابىدىن خۇددى ئىلان چاققان كىشىدەك تولغىنىپ، ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويۇپتۇ: "ئارقىمۇ-ئارقا نەزىرىمدىن ئۆتكەن نېمە دېگەن خەۋپلىك سۈرەتلەر بۇ؟"، "پەيدىن-پەي قولۇمغا بېرىلگەن نېمە دېگەن ئاچچىق شەرۋەتلەر بۇ؟"

پىتنە پەسەيمەي تۇرۇپ يەتتى ئاپەت،
قورقۇنچ كەتمەي تۇرۇپ كەلدى كۈلپەت.

"بۇ ۋەقەلەرنى كىمگە ئېيتقىلى بولار؟ بۇ مۈشكۈللۈكنى كىم ھەل قىلالار؟ بۇ دەردىمنى كىمگە ئېيتىپ دورىسىنى كىمدىن ئىزلەي ئەمدى؟" دەپ كېچىنىڭ قالغان يېرىمىنى مىڭ غەم-غۇسسە بىلەن ئويغاق ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە تۈنۈنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن يۈز تىل بىلەن شىكايەت قىلىپتۇ.

"ماڭا ئەي كېچە-رەھىم ئەتسەڭ نە بولغاي،
بىشىمدىن بىردەم كەتسەڭ نە بولغاي.
تەلەتىڭنى قارايتىپ ھىچ ئۇياتماي،
تۇرارمۇسەن قىيامەتتەك تاڭ ئاتماي.
دەم ئۇرغىن بولسا سەل جىنىڭ ئەي سۇبھى،
خۇداغا بولسا ئىمانىڭ ئەي سۇبھى."

سۇبھىنىڭ روشەن يۈزى كېچىنىڭ قارا زۇلپى ئىچىدىن ئېچىلىپ، نۇرىنىڭ ئەنبىرى ئورنىغا جاھان ئەتراپىغا كۈتىنىڭ كاپۇرى چېچىلىپ:

ئاپتاپنىڭ چەشمىسى سۈيىن چاچقاندا،
ئۈيقۇدىن بارچىنىڭ كوزىن ئاچقاندا.

پادىشا ھىلقى توت يۈز مۇناپىق بەرەھمەننى قېشىغا چاقىرتىپتۇ. چۈنكى ئۇلار تەبىر ئىلمىدە كامىل ئىكەن. پادىشا كورگەن چۈشلىرىنى ئۇلارغا بىرمۇ-بىر بايان قىلىپتۇ. بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، ئۇلار پادىشانىڭ چىرايىغا قاراپتۇ ۋە پادىشانىڭ بەكمۇ خەۋپسىرەپ تۇرغانلىقىنى كورۇپ، پادىشانىڭ غەمكىنلىكىدىن ئۇلارنىڭ كوڭلىگە شاتلىق پەيدا بولۇپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم! — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — بۇ چاققىچە ھېچكىم بۇنداق چۈش كورگەن ئەمەس ۋە ھېچبىر تەبىرچى بۇنداق گەپنى ئاڭلاپ باققان ئەمەس. ئەگەر ئىجازەت بەرسىلە تەبىرنامىلەرنى مۇتالىئە قىلىپ، جاۋاپ ئېيتايلى ۋە ياخشىسى پىكىر يۈرگۈزۈپ تەبىر بېرەيلى.

پادىشا ئىجازەت بېرىپتۇ. ئۇلار بارگاھتىن چىقىپ، خىلۋەتكە كىرىپ مەسلىھەتلىشىپتۇ:

"بۇ زالىم جاپاكار بىزنىڭ قەۋمىمىزگە نىمە زۇلۇملارنى قىلـ-

مىدى ۋە كۆڭلىمىزگە نىمە ئەلەملەرنى يەتكۈزمىدى ــ ھە؟ بۈگۈن ئەمدى ئۇنىڭ ئىزگىنى بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ چۈشى توغرىسىدا بىزنىڭ ئېيتىدىغان تەبىرىمىزگە ئىشىنىپ ۋە ئىتتىقات باغلاپ تۇرىدۇ. ئەمدى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، قولىمىزدىن نىمە كېلىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ رىشتىلىرىنى باشتىن ــ ئاخىرغىچە ئۈزۈۋېتەيلى!

دۈشمەنىنىڭ كۆكرىكىگە كۆيۈكتۇر بۈگۈن،<br>
ۋاقىت شۇ، چىقارغىن ئۇنىڭدىن تۈتۈن.

مەسلىھەتىمىز شۇكى، بۇ توغرىدىكى سوزنى ئۇنىڭغا تارتىنمايلا ئېيتىپ، ناھايىتى كۆپ تەھدىتلەر بىلەن ئۇنى قورقۇتايلى. بۇ يەتتە چۈش ھەربىرىدە جان ئاپىتى بولغان يەتتە خەتەرگە ئىشارەتتۇر، بۇ زەرەرلەرنىڭ مۇداپىئەسىنى كۆرۈش ئۈچۈن دۆلەت ئەركانلىرىدىن بەزىسىنى، ھەم ھىلقى مەخسۇس پىللارنى، تۈگىلەرنى ۋە ئاتنى بايىقى گۆھەرلەر بىلەن بېزەتىلگەن شەمشەر بىلەن ئۆلتۈرمەك كېرەك. ئاندىن ئۇلارنىڭ قانلىرىنى بىر قاچىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا سۇ قوشۇپ، پادىشانى ئۇ قاچىنىڭ ئىچىدە ئولتۇر-غۇزماق كېرەك. شۇ چاغدا بىز پادىشاغا ئەپسۇن ئوقۇپ دەم سالىمىز، قاچىدىكى قالغان قاندىن ئازراق ئېلىپ پادىشانىڭ ئەزاسىغا سۈرتىمىز. بىر پەس تۇرغۇزغاندىن كېيىن يەنە خالىس سۇ بىلەن يۇيىمىز" دەيلى. بۇ ھىلە بىلەن ئۇنىڭ يېقىن كىشى-لىرىنى ھالاك قىلدۇەتسەك ئۆزى تەنھا قالىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ئاسان بولىدۇ. گەرچە ھازىر بىزنىڭ كۆڭلىمىزنىڭ پۈتى ئۇنىڭ ئازارىنىڭ تىكىنى بىلەن جاراھەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۈمىت باركى، ئارزۇ قولى بىلەن مۇرات گۈلىنى ئۈزەلەيمىز ۋە كۈچلۈك دۈشمىنىمىزنى ئاخىر زەئىپ ھالدا كۆرەلەيمىز."

قورقمسا كىم جەبرۇ جاپا تىكىندىن،
مەقسەت گۈلىنى ئۈزگەي مۇزات گۈلشىندىن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئەنە شۇ مەككارلىق ھىلىلىرىنى تۈزۈپ، كۆپرانى نىمەتلىككە ئىتتىپاق تۈزۈشۈپ، پادىشانىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە دەپتۇ:

ئەبدى بولسۇن شاھىم سىنىڭ بەختىڭ،
خوشاللىقتا ئۆتسۇن ھەممە ۋاقتىڭ.

— نۇرانە كوكۈلدىرىگە بۇ مەنا شۇنداق ئاشكارا بولسۇنكى، بىز سىلىنىڭ چۈشلىرىنىڭ تەبىسرى توغرىسىدا باشتىن-ئاخىر بالا ۋە مېھنەتلەرنى مەلۇم قىلدۇق. ئەمما ئۇلارنىڭ دەپئىنى ياخشى ئۇسۇل بىلەن ئويلاپ كوردۇق، ئەگەر سىلە ھەقىقى دولەتخاھلىق يۈزىسىدىن ئېيتىلىۋاتقان بىزنىڭ سوزلىرىمىزنى قوبۇل قىلسىغى بىلەن ئاڭلىسىلا، بۇ چۈشلەرگە تەئەللۇق تاپقان ھەرقانداق بالا-قازا بولسا ھەممىسى تېز پۇرسەتتە بەربات بولغۇسىدۇر. ئەگەر بىزنىڭ بۇيرۇغىنىمىزغا ئۇنىمىسىلا، چوڭ بىر ئاپەتكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇشلىرى كېرەككى، پادىشالىقلىرىنىڭ زاۋال تاپمىغى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھالاك بولماقلىرىنى يېقىن بىلگەيلا!

— بۇ سوزنى تەپسىلى بايان قىلغىلارچۇ؟ ھەقىقەتكە ئاگا بولۇپ، ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە چارىسىنى قىلىشقا مەشغۇل بولايلى، — دەپتۇ پادىشا قورقۇپ ۋە ھەيرانلىقتا قېلىپ.

ئۇلار ھىلىسىنىڭ تونۇرى قىزىغانلىغىنى كورۇپ، مىكرىنىڭ پېتىر نانلىرىنى ئۇنىڭغا يېقىشقا باشلاپتۇ:

— قۇيرۇغى بىلەن تۇرغان ئۇ ئىككى ئېلىق ئىككى پەرزەنتلىرى، — دېيىشىپتۇ ئۇلار ۋە سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — پۇتلىرىغا چىرماشقان ئىلان بولسا خوتۇنلىرى ئىران دۇخت، ھىلقى غاز

ئات پىللىرى، ئىككى ئۇدەك بولسا يەنە قالغان ئىككى پىللىرىگە خىنجىر ئاتلىرى، ئىككى پىيادە پەرراش بولسا توگىلىرىدۇر. باشلىرىدا كويگەن ئوت ۋەزىرلىرى پىيلار، باشلىرىنى چوقۇغان قۇش بولسا ۋەزىرىنىڭ مىرزىسى كامالدۇر، پۈتۈن بەدەنلىرى بۇلغانغان ھىلىقى قان بولسا گوھەركوز قويۇلغان شەمشەرنىڭ ئەسىرى بولۇپ، باشلىرىغا ئەنە شۇنىڭ بىلەن چاپسا قانلىرى بىلەن تەنلىرى بويىلىدىكەن. بىر بۇ زەرەرنى دەپئى قىلىش ئۇچۇن مۇنداق بىر چارە كوزلىدۇق، يەنى ئىككى پەرزەنتلىرىنى، ئانىسىنى، ۋەزىرىنى، كاتىۋىنى، پىل، ئات ۋە توگىلەرنى ئاشۇ شەمشەر بىلەن ئولتۇرۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ قېنىدىن ئالغاندىن كېيىن، شەمشەرنى ئۇشتۇپ، ھىلىقى ئولۇكلەر بىلەن دەپنە قىلماق كېرەك. بىز ئۇ قاننىڭ يېرىمىنى بىر چوڭ قاچىغا ئېلىپ، ئۇستىگە دەريا سۇيىدىن قۇيۇپ، سىلىنى ئۇ سۇدا ئولتۇرغۇزغايمىز ۋە باشلىرىدىن ئاياقلىرىغىچە دۇئا ۋە ئەپسۇن ئوقۇپ دەم سالغايمىز. قاننىڭ قالغىنى بىلەن پىشانىلىرىگە تىلسىمات پۈتكەيمىز ھەم ئىككى دولىلىرىغا ھەم كوكسىلىرىگە سۈرتكەيمىز. تاكى ئۇچ سائەت تۇرغاندىن كېيىن بۇلاق سۇيى بىلەن بەدەنلىرىنى يۇيۇپ قۇرۇتقاندىن كېيىن ھەممە ئەزالىرىنى زەيتۇن يېغى بىلەن ياغلاش كېرەك. يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلارنى قىلدۇرسىلا كەلگەن بالا پۈتۈنلەپ دەپئى بولغۇسىدۇر. بۇ توغرىدا بۇندىن باشقا چارە كارغا يارىمايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشانىڭ ئىزتىراپ ئوتى جېنىغا تۇتۇشۇپتۇ ۋە سەۋرى-تاقىتىنىڭ رەختى ئورتۇنۇپ تۇتۇنى دىمىغىدىن چىقىپتۇ.

— ھەي دوست يۈزلۈك دۈشمەنلەر! — دەپتۇ ئۇ، — ماڭا بۇ تەدبىرىڭلاردىن ئولۇم ياخشىراقتۇ؟ چۈنكى بۇلارنىڭ بەزىسى جېنىم بىلەن باراۋەر، بەزىلىرى مەملىكەت ۋە مال-دۇنيايىمنىڭ مادارى تۇرسا، ئۇلارنى ئولتۇرسەم تىرىكلىكتىن ماڭا نىمە راھەت قالىدۇ. ئومۇردىن ماڭا نىمە پايدا بولىدۇ؟

يارىمنىڭ ۋەسلىنى تاپماقدۇر تىرىكلىكتىن غەرەز،
گەر بۇ دولەت بولمىسا ھەر بىر نەپەستۇر بىر مەرەز.

ــلەر سۇلايمان بىلەن بۇتىمارنىڭ ھىكايىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ سوئال - جاۋاپلىرىنى ئاڭلىمىغان ئوخشايسىلەر؟

ــ ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ ــ دەپ بەرەھمەنلەر ئىلتىماس قىلىشىپتۇ.

ــ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، ــ دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ پادىشا ھىيلار.

## سۇلايمان بىلەن بۇتىمارنىڭ ھىكايىسى

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى ئاللاتائالا بارلىق ئىنسان ۋە جىن ھەم بارلىق ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە ھوكۇمرانلىق قىلىشقا بۇيرۇغان بولۇپ، جاھان مەيدانىدىكى جىنى بارلىكى بولغان بارلىق تەن ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش كەمىرىنى بېلىگە باغلىغان، قازا كاتىۋى ئۇنىڭ سەلتەنەت ئەسىرىنى تەۋپىق بىلەن ئوقۇغان، قەدەر مىرزىسى ئۇنىڭ تەمكىنلىك ئىگىرىنى شامال ئېتىنىڭ ئۇچىسىغا توقۇغان ئىكەن. يەنى جاھاندا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا نېسىپ بولغان پادىشالىق ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق كىشىگە مۇيەسسەر بولمىغان ئىكەن. ئۇ شامال ئېتىغا مىنسە ئەتىگەنىدىن چۈشكىچە بىر ئايلىق يول باسىدىكەن، چۈشتىن كەچكىچە بىر ئايلىق يول باسىدىكەن. دېمەك بىر كۈن ئىچىدە ئىككى ئايلىق سەپەر باراۋىرىدە يول باسىدىكەن.

پەلەك ئاڭا بەندە ئىدى، كۈن ئىدى قۇل،
پۈتكۈل جاھان ئاڭا تەۋە ئىدى تۈگۈل.

ئىنسۇ جىنلار دەرگاھى ئۇزرە تۇرۇپ،
قۇشلار بىلەن ياۋايىلار بىر سەپ قۇرۇپ.

بىر كۈنى ئۇنىڭ قېشىغا بىر پەرىشتە كەپتۇ. ئۇ بىر قەدەھتە ھاياتلىق شەرۋىتى كەلتۈرگەن ئىكەن. پەرىشتە سۇلايمان ئەلايـ ھىسسالامغا: "پۈتۈن جاھاننىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئۇلۇغ ئاللاتائالا ساڭا: ئىختىيارنى سۇلايمانىڭ ئۆزىگە بەردىم، خالىسا بۇ قەدەھتىكى شەرۋەتنى ئىچىپ، بارلىق جانىدارلار ئىچىدىغان ئۆلۈم شەرۋىتىنى تېتىشتىن ئەمىن بولسۇن، ئەگەر خالىسا بۇ ئالەمنىڭ زىندانىدىن پاتراق چىقىپ، ئۇ ئالەمنىڭ بوستانىغا ئۇلاشسۇن، دەپ ۋەھى ئەۋەتتى" دەپتۇ.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ: "ئۆمۈر دىگەن ئۇنىڭ بىلەن قىيامەت بازىرىدا پايدا تېپىشقىلا بولىدىغان سەرمايىدىن ئىبارەت، تىرىكلىك دىگەن ئۇنىڭدا ئاخىرەت دۆلىتىـ نىڭ ئۇرۇغىنى تېرىشقىلا بولىدىغان زىرائەتگاھدۇر.

ئۇشبۇ قىسقا كۈن قولىكىم ئاقىۋەت،
ئۇ ئۇزۇن دولەت ئاياغىغا يېتەر.

بەس، شۇنداق بولغاندىن كېيىن، ھەرقانداق ھالدا تىرىكلىكنى ئۇلۇغىگە ئالماشتۇرغىنىم ئەۋزەل. ئىككى-ئۈچ كۈن بولسىمۇ دولەت تىرىكنى ئىقتىدارىمنىڭ قولىدا ئىكەن، مەن پەرۋەردىگارنىڭ رىزاسىغا بويۇن سۇنمىغىم لازىمدۇر. چۈنكى پەقەت يار كويىدا كەچكەن ئۆمۈرنىلا ئۆمۈر دىگىلى بولىدۇ" دەپ ئويلاپتۇ ئۇ. ۋە "دەرگاھىمدا ئادەملەر، جىنلار، ۋەھشى ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ھەممىسى بار بولغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن كېڭەش قىلىپ كورۇپ، ھەممىسىنىڭ رايىغا ياقىقان ۋە پىكىرى بىرلىككە كەلگەن ئىشنى ئىختىيار قىلاي" دىگەن پىكىرگە كېلىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىن-پەرى، ئادەم ۋە قۇش ھەم باشقا جانىۋارلار بىلەن بۇ مەسىلەتنى ئوتتۇرىغا سېلىپ، مەسلىھەتلەشكەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى "ئۇنىڭ ھايات تۇرۇشى بىلەن پۈتۈن جاھان ئەھلىنىڭ تۇغرىلىق ۋە ياخشىلىغى ئەبىدى تۇرىدۇ" دىگەن مەسلىھەتنى بېرىپ، ھاياتلىق شەربىتىنى ئىچىشكە ئىشارەت قىلىپتۇ.

تىرىك يۈرگىن جاھان ئىچرە دائىما،
بۇدۇر جىمى ياش-قېرىغا مۇددىئا.

— مەملىكىتىمىنىڭ ئەھلىدىن بۇ يىغىندا ھازىر بولمىغان كىشىلەردىنمۇ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام.

— بار، بۇتىمار بۇ يەرگە كەلمىدى. ئۇنىڭ بۇ كېڭەشتىن خەۋىرى يوق، — دەپ جاۋاپ بېرىشىپتۇ باشقىلىرى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئاتقا بۇيرۇپتۇ:

— بارغىن، ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرگىن. ئات بېرىپ پەيغەمبەرنىڭ يارلىغىنى يەتكۈزگەن ئىكەن، بۇتىمار قوبۇل قىلماپتۇ. ئات قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئىتتىنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ بارغان ئىكەن، بۇتىمار ئۇنىڭ سوزى بىلەن دەرھال كەپتۇ.

— ئەي بۇتىمار، سەن بىلەن كېڭەش قىلىدىغان ئىشىم بار. ياخشى جاۋاپ بەرگىن، — دەپتۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام.

— گەرچە ئۇلۇغ زاتلارنىڭ كىچىكلەرگە ئىلتىپات قىلىشى ھېچقانداق ئاجايىپ كورۇنمىسىمۇ ۋە گەرچە مېنىڭ ئۆزلىرىگە يارىغۇدەك خىزمەت قىلىش نىيىتىم بار بولسىمۇ، مەندەك ئاجىز بەندىدە ئۆزلىرىدەك ئۇلۇغ شان-شەۋكەتلىك پادىشا بىلەن كېڭەش قىلغۇدەك ۋە مۇشكۇللىرىنى ھەل قىلالىغۇدەك سالاھىيەت يوقتۇر.

سەن گويا نۇرلۇق قۇياشسەن مەن گويا بىر زەررىچە،
نەئەجەپ قىلسا قۇياش ئۆز زەررىسىگە پەرۋەرىش.

ئەگەر ئىنايەت قىلىپ ماڭا مەسلىھەتلىرىنى ئىزھار قىلسىلا، شىكەستە خاتىرەمگە ئۇ توغرىدىن نىمە يەتكەن بولسا ئۇنى ھەرگىز ئايىمىغايمەن، — دەپتۇ بۇتىمار.

— ئاۋال سەندىن بىر سوئال سورايمەن، — دەپتۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، — ئەگەر ئۇنىڭغا مۇۋاپىق جاۋاپ بىرەلىسەڭ ساڭا سىرىمنى ئېيتىمەن.

— ئۇ سوئاللىرى قايىسكىن؟ — دەپ سوراپتۇ بۇتىمار.

— ئادەمدىن قالسا ھايۋاناتىنىڭ مۇتىۋەرراغى ئات، جانىۋارلارنىڭ پەس مەرتىۋىسىدىكىسى ئىت تۇرسا، — دەپتۇ سۇلايمان ئەلايھىسسالام، — بەس، موتىۋەر مەرتىۋىدىكىنىڭ سوزىنى قوبۇل قىلماي، پەس مەرتىۋىدىكىنىڭ چىللىشى بىلەن كېلىشىڭدىكى ھىكمەت نىمە؟

— گەرچە ئاتنىڭ موتىۋەرلىگى ۋە كامالىتى ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ۋاپا يايلىغىدا ئوتلاپ، ھەقشۇناسلىق بۇلىغىدىن سۇ ئىچكىنى يوق.

دانىش ئەھلى بۇ سوزنى ئېيتتى ماڭا،
ئات، خوتۇن ھەم قىلىچتا يوقتۇر ۋاپا.

ئىت گەرچە پەس دەرىجىلىكلەر سۈپىتى بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەلۋەتتە ۋاپادارلىق لوقمىسىنى تاناۋەل قىلىپ، ھەق سوزلۇك سۆڭگىنى چاينايدۇ.

ئىت مېھرۇ ۋاپا ئىشىغا تۇردى،
ۋاپا ھالقىسىن بويىنغا ئۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ ھەرگىز جايا يولىنى تۇتماس،
بىر لوقما بەرسەڭ ھەرگىز ئۇنتۇماس.

مەن ھەزرەتلىرىنىڭ ۋاپانىڭ مەنىسى ۋە ساپانىڭ مەجمۇئەسى بولغان دەرگاھلىرىغا بىۋاپانىڭ سوزى بىلەن كېلىشىنى راۋا كورمىدىم ۋە ۋاپادارنىڭ ئىشارىتى بىلەن كەلدىم،— دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ بۇتىمار.

بۇ جاۋاپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ياراپ قاپتۇ ۋە ئۇز سىرىنى ئاشكارا قىپتۇ.

— ئۇ سۇنى ئۇزلىرى يالغۇز ئىچەمدىلا ياكى دوستلارنىمۇ شىرىك قىلامدىلا؟— دەپ سوراپتۇ بۇتىمار.

— ماڭا خاس قىلىپ ئەۋەتىپتۇ، باشقىلارنىڭ ئىچىشىنى مەنئى قىلىپتۇ،— دەپتۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام.

— يانەبىيۇللا،— دەپتۇ بۇتىمار،— ئۇزلىرى ھايات تۇرۇۋەرسىلەيۇ، ھەممە ھەمدەملەر ۋە ئۇرۇق-تۇققان، پەرزەنت، خىزمەتكار ۋە ھاۋادارلىرى سىلىدىن ئىلگىرى ئولۇپ كەتسە بۇ قانداق بولغىنى؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ھاياتتىن سىلىگە لەززەت بولمايدۇ-دە! ئەگەر ئومۇرلىرى باشتىن-ئاياق پىراق بىلەن ئوتسە، ئۇنىڭدىن قانداق راھەت تاپالايدىلا؟

تىرىكلىك ھاسىلى بۇدۇركى تۇتقىن،
نەچچە كۇن ئاشنالار بىرلە سوھبەت.
ئۇزۇن بولسا ئومۇر خۇشتۇر، لېكىن بىل،
ئۇنى ئەم دوستلىرىڭ بىرلە غەنىمەت.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، پىراق شەرۋىتى بولغان ئابى ھاياتنى ئىچمەپتۇ.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۇچۇن كەلتۇردۇمكى، مەن ئۇلارسىز

ئۆتكەن ئۆمرۈمنى قاتتىق ئۆلۈم ھەساۋىدا بىلىمەن. ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئاخىرىدا زاۋالى بولىدىغانلىغىدا گۇمان يوق. ئاقىۋەت ئۆلۈم يولىغا كەتمەك ۋە لەھەتنىڭ ۋەھشەتخانىسىدا ياتماق لازىم بولىدۇ. شۇنداقلىغىنى بىلىپ تۇرۇپ، مۇشۇ ئىككى كۈنلۈك پانى ئۆمۈر ئۈچۈن بۇنداق قەبىھ ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايمەن ۋە ئۆز قولۇم بىلەن سەلتەنىتىمنىڭ بىناسىنى ۋەيران قىلمايمەن. ئەگەر قىلالىساڭلار بۇنىڭدىن بولەك چارىنى ئويلاپ كۆرۈڭلار ۋە باشقا تەدبىر تۈزۈڭلار. ئۇنداق گەپنى ئاغزىڭلارغا ئالماڭلاركى مەن ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلالمايمەن.

— پادىشاھى ئالەمگە يەنە مەلۇم بولسۇنكى، ھەق سوز ئاچچىق ئاڭلىنىدۇ. غەرەزسىز نەسىھەت قوپال تۇيۇلىدۇ. ئەجەپ سىلە، باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆزلىرىنىڭ زاتىدىن ئەلا بىلىۋاتىدىلا ۋە ئۆزلىرى ئۆلۈپ باشقىلارنىڭ تىرىك قېلىشىنى ماقۇل كۆرۈۋاتىدىلا! — دېيىشىپتۇ بەرەھمەنلەر، — بىز دەك شەپقەتلىك كىشىلەرنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ، شەرەپلىك ۋۇجۇتلىرى ۋە كەگرى مەملىكەتكە ئۆلارنى پىدا قىلسىلا. بىر كىشىنىڭ قولىغا پادىشالىق دىگەن ناھايىتى كوپ رەنج - مۇشەققەت بىلەن مۇيەسسەر بولىدىغانلىغى ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇم. ھازىرلىقتا سىلىدە ئۇلۇغ سەلتەنەت ۋە ئېغىر مال ۋە مەملىكەت بار، ئۇنى زايا قىلىۋەتمىسىلە، جاھاننىڭ ئىنتىزامى سىلىگە باغلىقتۇر. گەرچە ئۆز غەملىرىنى يىمىسىلىمۇ خالايىقنىڭ غېمىنى يىسىلە ۋە بىزنىڭ ماقۇل كورگىنىمىزگە ئۇندسىلا، باشلىرى ئامان بولسىلا، خۇنۇن، پەرزەنت، خىزمەتكار ۋە باشقا كىبرەكلىك ئەسۋاپلار كېيىن قالماس. سىلىلا بولسىلا باشقا يوقنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

پادىشا بەرەھمەنلەردىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، سوز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ناھايىتى ھالى پەرىشان بولۇپ، بارگاھتىن چىقىپ خىلۋەتگاھقا كىرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگەر مەھرەم تاپالمسام ئوزەمگە،
خىلۋەت ئارا سىرىم ئېيتاي ئوزەمگە.

ئۇ خىلۋەتخانىسىدا يۈزىنى تۇپراققا قويۇپ زار-زار يىغلاپتۇ ۋە كۆڭلىنى نائۇمىتلىك ئوتىدا كۆيدۈرۈپ، سەۋرى تاقىتىنى بورانغا ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ: "بۇ بالا يامغۇرىنى ياغدۇرۇۋاتقان پىتنە بۇلۇتى نەدىن پەيدا بولدى زادى؟ باشتىن-ئاخىر تىرىكلىك ماتالىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋاتقان بۇ غەم لەشكىرى نەدىن كەلدى؟

يار بىلەن خىلۋەتتە خوپمۇ ياخشى ئەيشىم بار ئىدى،
غەمنى كىم چىللاپ كېلىپ ئاپەتكە كىم بەردى خەۋەر.

ئاخىر، ھەمدەملىرىمنىڭ ئولۇملىرىگە قانداق تاقەت قىلالايمەن؟ ئۆلۈپتىم ۋە پەرزەنتلىرىمنىڭ جامالىدىن ئايرىلىپ بۇ ھاياتتىن قانداق لەززەت تاپالايمەن؟ ھاياتىمدا كوزۇمنىڭ روشەنلىكىگە ۋە ۋاپاتىمدا نام-نىشانىمنىڭ ئەبىدىلىكىگە مادار بولىدىغان ئوغۇللىرىمسىز بۇ پادىشالىقنى نىمە قىلاي؟

ئاتا ئۈچۈن مالۇ دۇنيا بەختۇ دولەت خوپ ئىرۇر،
شۇندىمۇ بىر ياخشى پەرزەنت ئۈزگىچە مەھبۇپ ئىرۇر.

قۇياش نۇرىنىڭ بولىغى ئىران دۆختىنىڭ مەگزىدىكى زىناقتىن بىر تامچىگە ياكى نۇرلۇق قۇياش ئۇنىڭ نۇرلۇق يۈزىنىڭ سايىسىگە ئوخشايدۇ.

يۈزى كۈنىنىڭ يۈزىدىن خوپراق ئۇنىڭ،
ئەگمە قاشى يېڭى ئايدىن تاق ئۇنىڭ.
ھوسنىدىن ئاي قۇياش بولغاي خىجىل،
لېۋىدىن ياقۇت بولۇر خۇنابە دىل.

ئۇنڭسز مەن قانداق ھايات كەچۈرەلەيمەن؟ پىلارنڭ تەدبرلرى بولسا، ھادسە كېچسدە چېچلغان ئاپتاپ نۇرىغا ئوخشاش، ئۇنڭ قەلبى خۇددى ۋاقئە قاراڭغۇلۇغدكى زۇلمەتنى يورۇتقان شامغا ئوخشاش ئدى.

تاپمغاندا ئۇنڭ ئەقلدن مەدەت،
بەختم پۈتى بولماس ئدى بەر قارار.

شۇنداق بر ئادەم دائىم نەزرمدە تۇرمسا، مەملكەتنڭ شاتلغى ۋە خەزنەمنڭ ئاۋاتلغى نەدە بولسۇن؟

كامالنڭ تەھەررلگى ئالدىدا پەلەك كاتپلرى گويا شاگرتقا ئوخشايدۇ. ئۇنڭ سوزلرنڭ يوسۇننى پەلەك كاتپ-لرى مەشق ئورندا ئۆگەنسە ئەرزيدۇ.

برلەشتۇرۇپ لەۋزى، ئوتنى سۇ بلەن،
جەم قلغان خېتى زۇلمەتنى نۇر بلەن.

ئۇنڭ تەدبر سەھپلرنى نەزرمدن يوقاتسام، مەملكتمـنڭ ئەھۋالنڭ قانداقلغى، دىيارمنڭ ئەتراپدكى ھادساتلارنى قانداق بلەلەيمەن، رەقپلەرنڭ پتنسى ۋە دۈشمەنلەرنڭ قەستلردن قانداق ۋاقپ بولالايمەن؟

بەدننى تولغان ئايدەك، ھەر بر يۇرۇشى پەلەكنڭ بر ئايلانغنندەك،

شەھەر كم ئۇ تومۇرلەر ئچرە پنھان،
جەڭگە كرسە شەھەرنى قلۇر ۋەيران،

سۈپەتلك ئاق پاىم بولمسا، قانداقمۇ دۈشمەنگە قارشى ئاتالنالايمەن؟ جەڭ ۋاقتدا دۈشمەن سېپگە سەلدەك ئتتك

www.uyghurkitap.com

ھەملە سالىدىغان، يىغىننىڭ پەلۋانلىرىنى خۇددى قۇيۇن خەسنى كوتەرگەندەك مەيداندىن كوتىرىۋېتىدىغان،

قىلىپ خارتۇمارىنى خۇددى كەمەن،
سالار رەقىپ گەردىنى ئۈستىگە بەند،

ئۇ ئىككى پىلىم بولمىسا، ئۇرۇش بولۇپ قالغان چاغدا، قانداقمۇ دۈشمەنلەرنىڭ قاتارىدىن چاك تۇزۇتۇپ، سەپلىرىنى سۇندۇرالايمەن؟ سەيىر قىلغان چېغىدا تاڭ سابامۇ يىراقتىن تۇغلىرىنى كورەلـمەيدىغان، شامالمۇ يولدا قالغان چاغلىرى بىلەن ھەمرا بولۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان،

تىكەن يەپ ئوت كەبى سەرگەش يۈرەر،
سەپەر چاغدا يۈرەر خۇددى سەرسەر،

توگىلىرىم يوقالسا، مەملىكەت ئەتراپىدىن قانداق ۋاستە بىلەن ۋاقىپ بولالايمەن؟ دەۋەتنامە ۋە بۇيرۇقنامەلىرىمنى جاھان ئەتراپىغا نىمە بىلەن يەتكۈزىمەن؟ تېز چېپىشتا رۇستەمنىڭ ئارغىمىقىنىڭ يۈرىكىگە رەشك ئوتىنى ياقىدىغان، چىرايلىق يورغىلىشىنى كورسە خىسراۋ تۇلپارىنىڭ رەشك كوزىدىن گۈلگۈن ياشلار ئاقىدىغان ئۇ ئۈرككەك ئېتىمنى مىنمەي تۇرۇپ، قانداقـ ـگە شاتلىق مۇقامىغا يۈرۈش قىلىپ، خۇشدىللىق مەيدانىدىن ئەيش-ئىشرەت مۇرادىنى تاپالايمەن؟

سۇ شەكلىنى كورسىتىپ پىتنە ئوتىنى ئوچۇرىدىغان، ئادالەت خۇيىنى ئىزھار قىلىپ مەملىكەتنىڭ ئابروينى ساقلايدىغان،

گۇل بەرگىدىكى قەترە شەبنەمدەك،
سەھىپىسىدە گوھەر نامايان،

بولـغان ئوتـكـۈر شـەمشىرىم قولۇمدا بولمىسا، جەڭلەردە نىمە ئىش قىلالايمەن؟ ئەنە شۇ كىشىلىرىم ۋە ئەسۋاپلىرىمدىن ئايرىلسام، ئەنـە شۇ تەئەللۇقاتلىرىمنى ئۆز قولۇم بىلەن زايا قىلىۋەتسەم پادىشالىقتىن نىمە بەھرە تاپارمەن ۋە ئۆمۈردىن نىمە لەززەت ئالارمەن؟ ئەگەر ئۆمۈر ئاشۇنداق ئۆتىدىغان بولسا، بۇنداق ھاياتتىن كورە يۈز قېتىم ئۆلگەن ياخشى ئەمەسمۇ؟"

ئەنە شۇلارنى ئويلاپ، پادىشا ئۇ كۈندۈزى ۋە شۇكېچىسى ھەيرانلىق دەرياسىدا ئەنە شۇنداق غەۋۋاسلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ياخشىلىقنىڭ باش رىشتىسى قولغا كەلگۈدەك بىر تەدبىر گوھىرىنى ئەسلا تاپالماپتۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ مۇنداق تەپەككۇرگە چۈشۈپ قالغانلىقى سەلتەنەت ھەرىمىنىڭ باشقا مەھرەملىرىگە ۋە بەلكى دولەت ئەركانلىرىنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم بولۇپ قاپتۇ.

"پادىشا تەرىپىدىن ئىشارەت بولماي تۇرۇپ بۇ سىرنى سورىشىم ئەدەپتىن ئەمەس، لېكىن تەخىر قىلىپ تۇرىدۇېرىپ، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ھەركىتىنى قىلمىسام، ئىخلاس ۋە ئىختىساس يولىدىن يىراق ئىش قىلغان بولىمەن"، — دەپ ئويلاپتۇ ۋەزىر پىيلار. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىران دۇخت قېشىغا كىرىپتۇ ۋە دەپتۇ:

پاكلىق ئاسمانىدا سەن ھوسنى لەتاپەت ئاپتىۋى،
چەبرەئىل ھورمەت بىلەن خانەڭدە بولسۇن پەردەدار.

— كوڭۈللىرىڭگە مەخپى ئەمەسكى، بۇ بارگاھنىڭ مۇلازىمىتىدە بولغان كۈندىن تارتىپ تا مۇشۇ زامانغىچە پادىشانىڭ سىرلىرىدىن ماڭا ھېچ نەرسە مەخپى ئەمەس ئىدى. ھېچقانداق مۇھىم ئىشقا ئۇ مېنىڭ مەسلىھەتىمسىز تۇتۇش قىلمايتتى. تۈنۈگۈن مەن ئۇنىڭ بىر - ئىككى نوۋەت بەرھەمەنلەرنى قېشىغا چاقىرغان

لىغىنى كوردۇم. بىلمىدىم ئۇلار بىلەن نىمە كېڭەش تۈزدىكىن؟ شۇندىن بىرى خىلۋەتكە كىرىپ ئولتۇرىدۇ ۋە ئۇ يەردە ناھايىتى خاپا ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، ئۆزلىرى ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ ۋەقەنىڭ ئوتمۇشىنى ئاڭلاپ، ئۇ سىردىن كەمىنىنىمۇ خەۋەردار قىلغايلا. بىز تېزرەك ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىشقا مەشغۇل بولايلى. چۈنكى بەرھەمەنلەر مەككار ۋە بەتنىيەت. مۇبادا ھىلە ۋە غەرەز يۈزىسىدىن ئۇنى زەرەرلىك ئىشقا تەرغىپ قىلغان بولسا، ئۇ ئىشنىڭ ئاخىرى ھەسرەت - نادامەتكە تارتىلىپ قېلىپ، ئۇندىن كېيىن پۇشايمان قىلىش پايدا بەرمەي قالمىسۇن يەنە!

— پادىشا بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا كىچىككىنە دىل غۇبار بولىدىغان ئىش ئوتكەن ئىدى، — دەپتۇ ئىران دۇخت، — بۇ ھالەتتە پادىشانىڭ قېشىغا بارماققا شەرم قىلىمەن ۋە ئۇنىڭدىن سوز سوراشقا خىجالەت بولىمەن.

— ئەي جاھاننى يورۇتقان قۇياشقا ئوخشىتىپ مەدھىيىلەشكە مۇناسىپ كېلىدىغان مەلىكەم! — دەپتۇ ۋەزىر، — نېزىسقاش — دوستلارنىڭ توھپىلىرىدۇر. ئانچە - مۇنچە كايىپ قويۇش مۇھەببەت بىناسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە سەۋەپ بولىدۇ.

سەندە بولسا ناز - نېزىقاش، ئۇندا بار كايىش خۇيى،
نازلىماي ھەم كايىماي بولماس ئىكەن دوستلۇق بۇيى.

لېكىن، ئۇزۇن بىر ئەندىشە ھازىر پادىشانىڭ خاتىرىسىنى پەرىشان قىلىپ قويۇپتۇ. بۇ مۇشكۇلنى سىلە بېرىپ ھەل قىلمىسىلا، باشقا كىشىنىڭ ئۇنىڭ كوڭۇل سىرلىرىنىڭ تەپسىلاتىنى سوراشقا ھەددى يوق. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە پادىشا ھەمىشە: "ھەر قاچاندا ئىران دۇخت مېنىڭ قېشىمغا كەلسە، ھەر قانچە غەملىك بولساممۇ خوشال بولىمەن ھەم ئۇنىڭ بەختۇ دولەتتەك جامالىنى كورسەم غەم - ئەندىشىنىڭ بەنتىدىن ئاجرايمەن" دەيدىكەن.

١

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىران دۆخت پادىشانىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ھەم دۇئا تىلىنى ئېچىپ پادىشاغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

خاتىرىڭدىن رەنجۇغەم كەتسۇن تامام،
كەلسۇن ئۇنىڭ ئورنىغا راھەت - ئارام.

— ھەيرانلىق ئىلكىدە قېلىپ، تەپەككۇرغا چوكۇپ كېتىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئەگەر بەرەھمەنلەردىن بىرەر گەپ - سوز ئاڭلاپ پەرىشان بولۇپ قالغان بولسىڭىز بىزگە ئېيتىڭ. غەم بولسا تەڭ بولۇشۇۋېلىپ، چارىسىنى قىلىشنىڭ پىكرىگە چۈشەيلى.

— جاۋاۋىنى ئاڭلىسا كوڭۈلگە غەم چۈشىدىغان نەرسىدىن سوئال قىلغۇلۇق ئەمەس، — دەپتۇ پادىشا.

— ئەگەر باشقىلارغا كەلگەن رەنج تۆپەيلىدىن غەم قىلىپ قالغان بولسىڭىز، سىزنىڭ مۇبارەك زاتىڭىزنىڭ سالامەتلىگى مۇلازىملارغا كەلگەن ئاپەتلەرنىڭ چارىسىنى قىلىدىغانلىغىدا، شەك يوق، — دەپتۇ ئىران دۆخت، — شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىزنىڭ بىر جېنىڭىزغا مىڭ جاننى پىدا قىلىۋەتسە ئەرزىيدۇكى، ئەگەر بۇ غېمىڭىز ئوزىڭىزگە تەئەللۇق بولسا، ئىزتىراپ ۋە غەم - ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بەلكى مەردانىلىق بىلەن سەۋرە قىلماق ۋە چىدامىلىق بولماق كېرەك. چۈنكى ئىزتىراپ ۋە بىتاقەتلىك رەنجنى زىيادە، غەمنى ئارتۇق، دوستلارنى ھالى خاراپ، دۈشمەننى خوشال قىلىدۇ. ئەگەر كىشى ھەر بىر ھادىسىدە سەۋرى ئەينىگىگە قارىسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدا مۇرات يۈزىنى كورەلەيدۇ.

يەتسە ئاپەت سەۋرى قىلغىن ئەي كوڭۈل،
سەۋرى بىرلە ئىش سەرەنجام تاپقۇسى.

شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە ھەرقانداق ئىش دۈچ كەلگەن بولسا،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىشقا تۇتۇش قىلماق مۇناسىپ كېلىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق قىلاي دېسىڭىز كۈچ قۇدرىتىڭىز بار ھەم ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا كېرەكلىك نەرسىلەر سىزدە تەييار.

سەندە تۇرسا مالۇ دۇنيا، كۈچ ھەممىشەمە
ئۇنچىلىك بىر ئىشقا يەمسەن شۇنچە غەم؛
چىق بۇ خىلۋەتتىن تىرىشچانلىق بىلەن،
مۇشكىلاتنى ھەل قىلىشقا قوي قەدەم.

— بەرەھمەنلەر ئېيتقان سوزدىن ئەگەر بىر ھەرپىنى تاغنىڭ قۇلىغىغا ئېيتسا، خۇددى تۇر تېغىغا نۇر چۈشكەندە پارە - پارە بولۇپ كەتكەندەك كوكسىدە يورۇقلار پەيدا بولۇپ، تاغنىڭ ۋۇجۇدى ھاۋاغا توزۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن بىر جۈملىنى روشەن كۈندۈز ئاڭلاپ قالسا، شۇ ھامان ئۇنىڭ رەڭگى زۇلماتنىڭ قارا رەڭگىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئاي بۇ غەمدىن قارا كىيمەس، بولغۇسى يۈزى قارا،
گەر بۇلۇت بۇغۇسىدىن قان يىغلىماس، ئۇ بىھايا.

— سەنمۇ ئۇنى ئاڭلىمايلا قوي ھەم ئۇنى تەھقىقلەشنى ئىستىمە، چۈنكى مەنمۇ ئۇنى ئېيتالمايمەن، سەنمۇ ئۇنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمايسەن، — دەپتۇ پادىشا.

ئىران دۇخت ئۇنىماي ئۇ سىرنى يەنە سوراۋەرگەنلىكتىن پادىشا ئۇنىڭ كوڭلىنىڭ رىزاسى ئۈچۈن ئۇ سىردىن كېچىككىنە ئىزھار قىلماقچى بولۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئوتكەن كېچە مەن ئاجايىپ ۋەقەلەرنى كورگەن ئىدىم. ئۇنىڭ تەئبىرىنى بەرەھمەنلەردىن سورىسام ئۇلار: "ئوغۇللىرىڭنى، ۋەزىرىڭنى، خوتۇنۇڭنى، پىل، توگە ۋە ئاتلىرىڭنى، گوھەر كوز

قويۇلغان شەھەر بىلەن ئۇلتۇرسەڭ چۈشۈڭنىڭ زەررى سەندىن دەپئى بولىدۇ" دېيىشتى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەندىشە تۇتۇنى ئىران دۆختىنىڭ دىمىغىدىن ئۆرلەپتۇ-دە، كۆز بولاقلىرىدىن ھەيرانلىق ياشلىرىنى تۆكۈۋەتكىلى تاس-تاسلا قاپتۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىنى زور تەمكىن بىلەن تۇتۇپ، ئۇ جاننى كۆيدۈرگۈچى غەم-غۇسسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، كۆڭلىنى توختىتىپ شۇنداق دەپتۇ:

مەن يوقالسامۇ غېمىم يوق، سىز سالامەت بولسىڭىز،
چىنىڭىزغا مەن كەبى مىڭ جان پىدا بولسۇن پىدا.

— بۇ ئىش ئۈچۈن غەم يېمەك لازىم ئەمەس. چۈنكى بەندىلەرنىڭ جانلىرى سىزنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىڭىز ئۈچۈن پىدا بولمىسا، ئۇنداق جاننىڭ نېمە كېرىكى بار؟ ئەگەر مۇبارەك زاتىڭىز ئامانلا بولسا ئەھلى ئەۋلات، خىزمەتكار ۋە زىبۇ-زىننەت ئەسۋاپلىرى يەنە تېپىلىدۇ. ئەمما قۇلىغىڭىزدا تۇتۇڭكى، چۈشىڭىزنىڭ يامانلىقى دەپئى بولغاندىن كېيىن ئۇ ئالدامچىلارغا ھەرگىز ئىشەنمەڭ. يەنە ئەگەر سىزنى باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشكە تەرغىپ قىلسا ئويلاپ باقماي تۇرۇپ ئىش باشلىماڭ. چۈنكى قان تۆكۈش دېگەن ناھايىتى قىيىن ئىش، خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر ناھەق قان تۆكۈلۈپ قالسا، ئاخىرى رەسۋالىق ۋە شەرمىسارلىق كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ چاغدا ھەسرەت-نادامەت پايدا بەرمەيدۇ. ئۆتكەن زامانى كەينىگە ياندۇرۇش ۋە ئۆلگەننى تىرىلدۈرۈش مەخلۇقنىڭ قۇدرىتى يېتىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا سىز بىلەن بىز ئۇنداق ئىشنى قىلالمايمىز. بەرھەمەنلەر سىزنى ھەرگىزمۇ دوست تۇتمايدۇ. سىز ئۇلارنى ئالىم دەپ، ئۇلارنىڭ دانىشمەنلىكىگە ئىشەنچ باغلاپسىز. ئەمما ئىسلام ھۆكۈمالىرى بولسا: "بەدئىسىل ۋە پەس تەبىئەتلىك ياخشىلىق كىشىلەر ھېچقانداق ۋەج بىلەنمۇ ئىسىللىق ۋە

ياخشىلىق ھالىغا كەلمەيدۇ" دېگەن ھوكۇمدە بىر پىكىرگە كېلىشكەن. ئۇنداقلارنى ئىلىم ۋە مال - دۇنيامۇ ھەرگىز ۋاپا ھەم ياخشىلىق سۈپىتى بىلەن زىننەتلىيەلمەيدۇ. چۈنكى ئىتنىڭ بويىنىغا ئۈنچە - گوھەرلەرنى ئاسقان بىلەنمۇ ئۇنىڭ نىجىسلىقى كەتمەيدۇ. توڭگۇزنىڭ چىشلىرىنى ئالتۇندا قاپلىسىمۇ ئۇنىڭ ئىپلاسلىقى پاكلىققا ئالماشمايدۇ. جوھۇتلارنىڭ تەۋراتنى كۆتەرگەن بولسىمۇ يەنە ئۇنى تاشلىۋەتكەنلىكىنىڭ مىسالى ئەنە شۇ مەنىنى قۇۋۋەتلەيدىغان دەلىلدۇر. ئۇلارنىڭ مىسالى خۇددى ئېشەككە ئوخشايدۇ. يەنى ئېشەك سەپەر يۈكلىرىنى كۆتەرسىمۇ، ئۇ يۈك ئۇنىڭغا جاپا - مۇشەققەتتىن بولەك تەسىر يەتكۈزمەيدۇ ۋە پايدا بەرمەيدۇ.

تەڭگە ئەلەم ئۇرسا يۈك بولغاي ئېشەر،
گەر كوڭۈلگە ئۇرسا بولغاي دەستىگىر.

دانىشمەن دېگەن ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق نەرسىنى ئولتۇرغىلى بولىدىغان ئوتكۇر قىلىچتۇر. گەرچە ئۇلارنىڭ كورۈنۈشى گۈزەل ۋە ئەيىپتىن پاكىتەك كورۈنگىنى بىلەن، قىلىچ دېگەن ئادەم ئۈچۈن ئەڭ يامان دۈشمەن بولغان نەپسى ھاۋاسىمۇ ئولتۈرىدۇ: كورۈنۈشى كورۈمسىز ۋە پاكلىقىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، ئىنسانىنىڭ پۈتۈن شان - شەرىپىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان ئەقىل بىلەن روھىمۇ ھالاك قىلىدۇ. قىلىچ دېگەن ئەسلىدە دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىدىغان قورال بولغان بولسىمۇ، بۇ يەردە ئۇ دوستلارنىڭ ئازارىغا ئىشلىتىلىدۇ. پازىل ۋە ھەقىقى كامىل كىشىلەر بۇ مەنىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىكەن:

بەد ئىسلگە ئىلىم - پەن بىلدۈرمە ھېچ،
كىم قاراقچى ئىلكىگە بەرمە قىلىچ.

مەيلى مەس زەڭگىگە تىغ بەرگىن، لېكىن،
ئەسكى ئادەمگە ئىلىم ئۆگەتمىگىن.

ئۇلارنىڭ بۇنداق تەبىر بېرىشتىكى غەرىزى ئۇزلىرىنىڭ قەۋمىگە سىزدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. ئۇلار ئالدى بىلەن سىزنىڭ مۇبارەك زاتىڭىزنىڭ ئورنىنى باسىدىغان پەرزەنتلىرىڭىزنى كوز ئالدىڭىزدىن يۇتتۇرۇپ تاشلاپ، ئىككىنچى قېتىمدا دولەتنىڭ ئاۋاتلىغى ۋە خەزىنىنىڭ مەمۇرلىغىنى بارلىققا كەلتۇرىدىغان شەپقەتلىك بۇزرۇك كىشلەرنى زايا قىلىپ، ئۇچىنچى قېتىمدا جاھاندارچىلىق ئەسۋاپلىرى بولغان پىللار، توگىلەر ۋە ئاتنى نابۇت قىلىشنى ئويلاپتۇ. تاكى سىز ئىگە-چاقىسىز ۋە تەنها قالغان چېغىڭىزدىلا سەلتەنىتىڭىزنىڭ نىزامىغا نۇقسان يېتىدۇ-دە، ئۇلار سىزنى يالغۇز تېپىپ، ئاستا-ئاستا سىزنىڭ قەستىڭىزگە چۈشىدۇ. شۇندىلا ئۇلار نەچچە يىلدىن بېرى كوڭلىدە قىلغان تەسەۋۋۇرلىرىنى ئاشكارا ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. هازىرغىچە ئۇلارنىڭ سىزگە زەرەر يەتكۈزەلمەسلىگى ئۇلارنىڭ ئاجىزلىغىدىن بولغان. بۇگۇنكى كۇنلۇكتە سىز ئاشۇ چۇش تۇپەيلىدىن ئىختىيارىڭىزنى ئۇلارغا بېرىپ قويۇپسىز. ئۇلار پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، قۇدرىتىنىڭ يەتكىنىچە پادىشالىققا ۋە مەملىكەتكە غەۋغا سېلىپ، پىتنە ئىشىگىنى ئېچىشقا باشلاپتۇ. سىز ئەمدى هۇشىڭىز بىلەن تۇرۇڭ، ئۇلارنىڭ هىلە-مىكرىگە ئالدىنىپ قالماڭ.

زامان دۈشمەنلىرىدىن بولما غاپىل،
ئۇلارنىڭ هەربىرى مىكرىگە كامىل.
كورۇنمەككە قىلۇر ئۇ ئاشنالىق،
لېكىن كوڭلىدە باردۇر بىۋاپالىق.

شۇ تۇرقىدا، ئەگەر بەرەهمەنلەرنىڭ سوزى سىزگە ساۋاپ

ۋە ماقۇل كۆرۈنسىمۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلماڭ. ئەگەر ئاڭلاي دىسىڭىز مەن قۇلىڭىزنىڭ كۆڭلىگىمۇ بىر مەسلىھەت كېلىۋاتىدۇ.

— سۆزۈڭنىڭ ھەقلىگىگە مەندە شۈبھە يوق. كۆڭلۈڭگە كەلگەننى ئېيتقىن، — دەپتۇ پادىشا.

— كارىدۇن ھەكىمنىڭ تەبىئىتى سىر-ئەسرار نەپەسلىرىنىڭ خەزىنىسى، — دەپتۇ ئىران دۇخت، — ئۇنىڭ زېھنى نۇرلۇق جاۋاھىرلارنىڭ كانى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۇ بىر غارنىڭ بۇلۇڭىنى ئۆزىگە ماكان قىلغان. گەرچە ئۇنىڭ ئەسلى نەسىبىدە بەرەھمەنلەرگە يېقىنچىلىقى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ راستچىللىقتا ۋە دىيانەتتە ئۇلاردىن ئەلا ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز ئۇنىڭدىن چۈشلىرىڭىزنىڭ تەبىرىسىنى سوراڭ. ئۇ ئەلۋەتتە راستى بىلەن تەبىر بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ سۆزى، بەرەھمەنلەرنىڭ ئېيتقىنى بىلەن بىر كەلسە شۈبھە كۆتۈرۈلىدۇ-دە، ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئۇنىڭ ئېيتقىنىغا ئەمەل قىلماق كېرەك. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدىن باشقىچىرەك تەبىر ئېيتسا، روشەن ئەقلىڭىز ئۇ ئىككى سۆزنىڭ بىرىنى تاللىۋالار ۋە توغرىنى خاتادىن ئايرىۋالار.

بۇ سۆز پادىشاغا ماقۇل كېلىپتۇ ۋە دەرھال ئاتلىنىپ كارىدۇن ھەكىمنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئۇ ھەكىمگە ئىززەت-ئىكراملىرىنى بىجا كەلتۈرۈپتۇ، ھەكىممۇ پادىشاغا تازىم بىلەن ھۆرمەت كۆرسىتىپ شۇنداق دەپتۇ:

كۈلبەمىز بولدى بېھىشت ئاڭا ھۆر رىزۋان كېلىپ،
بولدى روشەن كۆزىمىز يۇسۇپى كەنئان كېلىپ.

— بۇ ياقىتا كەلمەكلىرىگە نىمە سەۋەپ بولدىكىن؟ ئەگەر پەرمان ئەۋەتكەن بولسىلا مەن خىزمەتكارلىرى دەرگاھلىرىغا ھازىر بولغان بولاتتىم.

بەندىلىك، خىزمەت ۋە ياكى ساڭا قۇللۇق ئەيلىمەك،
بارچىسىنى ماڭا قويغىن، چۈنكى سەن سۇلتان ماڭا.

مۇبارەك پېشانىلىرىدە غەم-ئەندىشە نىشانىسى تۇرىدۇ.
ئەھۋال قانداق ئىدىكىن؟ بايان قىلغان بولسىلا!

پادىشا* كۆرگەن چۈشلىرىنى ۋە ئۇلارغا بەرەھمەنلەرنىڭ بەرگەن تەبىرلىرىنى ھەم چارە ئۈچۈن بۇيرۇغان ئىشلىرىنى تەپسىلى بايان قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كارىدۇن ھەيرانلىق بىلەن بېشىنى چايقاپ تەئەججۇپ قولىنى چىشلەپتۇ.

— ھەي پادىشا! — دەپتۇ كارىدۇن، — سىلە بۇ ئىشتا خاتا قىلىپسىلا. چۈنكى بۇنداق سىرنى ئۇنداق تائىپەگە ئېيتىش ھېكمەتتىن ئەمەس. ھەممە قۇلاق ئەسرار ئاڭلاشقا مەھرەم بولالمايدۇ ئەمەسمۇ؟ يەنە شۇمۇ مەخپى قالمىسۇنكى، ئۇ تەبىرچىلەر بۇ ۋەقەگە تەبىر ئېيتىشقا سالاھىيىتى يوق. چۈنكى ئۇلاردا يا سۈزۈك ئەقىل ياكى تۈزۈك دىيانەت يوق. مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ چۈشلىرىدىن سىلىگە شاتلىق كېلىدۇ، دەممۇ-دەم ئىشلىرى مەقسەتلىرىگە مۇۋاپىق كېلىپ، سائەتمۇ-سائەت دولەتلىرى ئۇلغايغۇسىدۇر.

پەلەك بولۇپ ئىتائەتمەن، دەۋرانمۇ قۇل بولغاي ساڭا،
دۇئا گوي بولسا پۈتكۈل ئەل، زامان باققاي مۇرادىڭغا.

ئەمدى مەن سىلىنىڭ ئۇ چۈشلىرىگە باشتىن-ئاخىر ياخشى تەبىرلەرنى بېرەي ۋە ئۇ ئالدامچىلارنىڭ مىكرى ئۇقىنى ھېكمەت قالقىنى بىلەن رەت قىلاي، ئۇ چۈشلىرىنىڭ تەبىرى مۇنداق: ھىلىقى قويرۇقلىرى بىلەن ئۆرە تۇرغان ئىككى قىزىل* بېلىق، ئىككى پىل ۋە بىر دانە ياقۇت بولۇپ، ئۇلارنى سەرەندىپ پادىشاسىنىڭ ئەلچىسى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ ياقۇت شۇنداق چوڭكى، ئۇنىڭ ۋەزنى توت يۈز رىتلە چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنداق خۇشرەڭكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئانارنىڭ كوڭلى ئۇنىڭ قىزىللىقىدىن رەشك ئېتىپ ھىساپسىز قانغا تولغۇدەك، ئۈتىنىڭ شولىسى ئۇنىڭ قىزىللىقىدىن كۆنلۈكى كېلىپ تاش ئارىسىغا يوشۇرۇنغۇدەك گۈزەل. ھىلىقى ئىككى ئو-دەك بىلەن بىر غاز — ئىككى ئات ۋە بىر خېچىر بولۇپ، ئۇنى دېھلى پادىشاسى ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئىككى ئات شۇنداق يارامىلىق چاپقۇر ئاتلاركى، خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك كىشنەيدۇ، چاق-ماقتەك تېز چاپىدۇ. ئوزى ھۇشيار ۋە قۇلىقى ئوتكۇر.

پۇتلىرى گويا ئىرۇر زىبا كوچەت،
قۇلىقى تۇرغاي ھاۋادا نەيزىدەك.
تۇتسا قامچا، لازىم ئېتىلمەس پەقەت،
مىنسە ئۇ يۈرگەي كوڭۈلنىڭ رايىدەك.

خېچىر شۇنداق شوخ ۋە ئوت مىجەزلىككى، ئوي-دوڭ، چوڭقۇردىن خۇددى چاقماقتەك تېز چىپىپ ئوتۇپ، تۇۋاقلىرىنىڭ زەربى بىلەن تاشتىن ئوت چىقىرىۋېتىدۇ.

كۆمۈش ئىگەر، زەر يۇگەن سېلىنغان ئۇ چاپقۇرغا،
چەرخ بېغىدۇر ئوتلىغى، كۆن بۇلغى سۇلغى.

ھىلىقى پۇتلىرىغا چىرماشقان ئىلان بولسا بىر ئوتكۇر ۋە ئوتلۇق شەمشەر بولۇپ، جەڭ كۈنىدە ئۇنى شۇنداق ئۇزدىتىدىغان بولسىلا، پەلەك دەرياسىدىن قان ئاققۇزىدۇ. ئاسماننىڭ ئالماس رەڭلىك سەھىپىسىگە ھېقىق ۋە مارجان پارچىلىرىنى چاچىدۇ.

يېڭىش-زەپەر تاپارسىز شۇ تىغ بىلەن،
ياق، شۇ قىلىچ ئوزى زەپەر تاپقۇچى.

چۈشلىرىدە كورگەن ھىلىقى پۈتۈن بەدەنلىرىنى قاپلىغان قان بولسا، بىر قىزىل تون بولۇپ، ئۇنىڭغا جاۋاھىرلاردىن تۈگمىلەر قادالغان؛ ئۇنى ھىلىقى شەمشەر بىلەن بىللە ھەزنە پادىشاسىنىڭ ئەلچىسى ئېلىپ كېلىدۇ.

چۈشلىرىدە مىنگەن ھىلىقى ئاق خېچىر بولسا، بىر ئاق پىل بولۇپ، لەشكەر سېپىدە زەبەرجەت خارتۇمىنى باھادىرلارنىڭ قېنى بىلەن خۇددى قىزىل ياقۇتتەك بويايدۇ. خۇددى تومۇر تاغدىن چىققان مىخقا ئوخشاش ئەجدىھا سۈپەتلىك چىشلىرى بىلەن بىر-دەمدە ئالەمنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ. ئۇ پىل ئەمەس گوياكى بىر توت تۇۋرۇك بىلەن ماكىسدىغان تاغ. ئۇنى ھىجارەگەر سۇلتانى ئەۋەتىدۇ. ھىلىقى باشلىرىدا كويگەن ئوت سىلىگە سەيلان شاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلىدىغان بىر تاج بولۇپ، ئۇ تاجنىڭ يۇقۇرقى قىسمىدىكى كۈنگۈرىسى ئاسمان قەسرىنىڭ باش يىپى بىلەن با-راۋەر تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا كوز قويۇلغان گوھەرلەرنىڭ نۇرى ئۇنى كىيگەن كىشىنىڭ بېشىدىكى ھەر بىر تال موينى ئۇنچىلەردىن ياسالغان رىشتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

بېزەلگەن تاج ئىرۇر ئۇ باشتىن-ئاياق نۇر،
ئۇنىڭ نۇرى يەردىن تا ئايغا ئۇلىنۇر.

ھىلىقى باشلىرىنى چوقۇغان قۇشنىڭ ئەھۋالى ئازراق بىر ئىچ پۇشۇغىنىڭ يۈز بېرىشىنى كورسىتىدۇ. بىرنەچچە كۈن سىلە بىلەن مېھرىۋان يارلىرىنىڭ ئارىسىغا دىل غۇبارى پەيدا بولىدىكەن، ئەمما يەنە تېز ئارىدا ياخشىلىنىپ قالىدىكەنسىلەر. كورگەن چۈش-لىرىنىڭ راست تەبىرى يۇقۇرىدا مەن ئېيتقاندەك. يەنە ئۇ چۈش-نى بولۇپ كورگەنلىرى بولسا، ئۇ ئەلچىلەرنىڭ يۇقۇرىدا مەزكۇر بولغان توھپىلەرنى يەتتە نۆۋەتتە ئەكېلىپ تامام قىلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى. سىلە ئۇ ھەدىيىلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شاد-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىقلىرىنى ئىزھار قىلدىلا. دۆلەتلىرى ۋە ئۆمۈرلىرى داۋاملىق بەرقارار تۇردى. ئەمما مۇندىن كېيىن ھەر قانداق يامان، نائەھلىنى سىرلىرىغا مەھرەم قىلماسلىقلىرى ۋە سىنالغان ئەقىللىق، كىشىنى تاپمىسىلا ھېچ كىشىگە سىر ئاغزىنى* ئاچماسلىقلىرى كېرەك.

يۈز قېتىم سىنىماي كىشىنى، زىنھار،
قىلماسلىق كېرەكتۇر ساھىبى ئەسرار.

بۇندىن كېيىن قەلبى ئەگرى كىشىلەرنىڭ سوھبىتىدىن مۇتلەق پەرھىز قىلىشنى ئۆزلىرىگە پەرز قىلغايلا.

سۇنى كورگىنكى نالەلەر ئەيلەر،
ئاقار يېرى گەر بولسا نالايىق.

پادىشا ئۇ بۇزرۇكۋار پىردىن بۇنداق ياخشى تەبىرلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى شات ۋە غەم كىشەنلىرىدىن ئازات بولۇپ، دەرھال شۈكرانە ئۈچۈن سەجدە بىجا كەلتۈرۈپتۇ ۋە ھەكىمگە ئۇزرە بىلەن مىننەتدارلىق تىلىنى ئېچىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ھەقتائالا ئىنايەت قىلىپ، مېنى ھېكمەتلەرنىڭ كانى بولغان سىزنىڭ شەرەپلىك زاتىڭىزنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپتۇ. نەتىجىدە، مانا سىزنىڭ نەپسىڭىزنىڭ بەرىكىتىدىن مېھنىتىم راھەتكە ئايلاندى.

شۈكرىكىم ساقايدى كۆڭلۈم دەردۇ ئەلەم رەنجىدىن،
ئەيسا نەپەس شۇ ھەكىمنىڭ دېمىدىن يەتكەچ شىپا.

شۇنىڭ بىلەن، پادىشا كۆڭلى شادىمان بولغان ھالدا ئوردىسىغا قايتىپتۇ. ئەتىسىدىن تارتىپ يەتتە كۈنگىچە پەيدىن - پەي

ئاشۇ ھەكىم بىشارەت بەرگەن پادىشالاردىن ئەلچىلەر كېلىپ، ھەكىم ئېيتقان توھپىلەرنى ھېچبىرىنى كەم قىلماي پادىشانىڭ نەزىرىگە يەتكۈزۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى پادىشا ئىران دۆختىنى، پەرزەنتلىرىنى ۋە پىيلار بىلەن كامالنى بىر خىلۋەت جايغا چاقىرىپ شۇنداق دەپتۇ:

— چۈشۈمنى ئۇ دۆشمەنلەرگە ئېيتىپ ئاجايىپ بىر چوڭ خاتا قىلغان ئىكەنمەن. ئەگەر تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى ۋە ئىران دۆختىنىڭ نەسىھىتى بولمىغان بولسا ئۇ مەلئۇنلارنىڭ ھىلە - مىكرى ھەممىمىزنى ھالاك قىلىدىكەن. ھەر قانداق كىشىگە ئاللا بەرگەن سائادەت مەدەتكارلىق قىلسا، شەپقەتلىك كىشىلەرنىڭ ۋەزىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تەپەككۇر قىلىپ، خىيال سۈرۈپ بېقىپ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كوزلەپ، ئېھتىيات شەرتلىرىنى بىجا كەلتۈرىدىغان گەپ ئىكەن. ئەگەر ئىش تەدبىرسىزلىك بىلەن قىلىنغان بولسا ئاخىرى ۋەيرانلىق بولغان بولاتتى. ئەمدى، ماڭا كەلگەن ئاشۇ توھپىلەردىن ھەر قايسىڭلار ئۆزەڭلار خالىغاننى ئېلىڭلار. ئەگەر ئۇلار كەلمىگەن بولسا، جېنىڭلارغا خەتەر يېتىش ئېھتىمالى بولۇپ قالغان ئىدى.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ پىيلار، — بىز قۇللىرى ھادىسات ئوقى يەتكەندە سىلىنىڭ ئەزىز جانلىرىغا سىپەر بولۇشىمىز كېرەك. مەن بۇ بېشىمنى پەقەت سىلىنىڭ چوگەنلىرىگە توپ بولۇپ بېرىش ئۈچۈنلا ساقلايمەن. بۈگۈن ئەمدى ئۇ تەۋەررۈكلەر بىلەن بىزنىڭ بېشىمىزنى كوككە يەتكۈزىدىغان بولدىلا. ئۇنداقتا بۇ زامانىمىزنىڭ مەلىكىسىنى بىزدىن بۇرۇنراق خۇشال قىلغايلا. چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كوپىرەك شۇ سەۋەب بولدى. ھەدىيىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى بېزەكلىك تاج ۋە چىرايلىق تون ئىكەن، مەلىكە ئۇلاردىن قايسىسىنى خالىسا شۇنى بەرگەيلا.

پادىشا ئۇنىڭ سوزىنى قوبۇل قىلىپ، خىلۋەتخانىسىدىن

چىقىپ ھەرەم سارىيىغا كىرىپتۇ. ھەرەمدە پادىشانىڭ بەزم ئەپروز ئىسىملىك بىر كېنىزىكى بار ئىكەن. ئۇ شۇنداق ساھىبجامال ئىكەنكى، قۇياش ئۇنىڭ چىرايىدىن شەرم-ھايا قىلىپ، مەغرىب پەردىسىگە يوشۇرۇنىدىكەن؛ گۈل ۋاراقلىرى ئۇنىڭ يۈزىدىن خىجالەت بولۇپ، زۇمرەت نىقابى ئىچىگە پىنھان بولىدىكەن.

ئاغزى زەررە، يۈزى كۈن، قاشى ھىلال،
ھۆسنى ئىدى خۇددى گۈلزارى جامال.
كۆلكىسى قەنت ئىدى ھەم سوزى شېكەر،
قامىتى شېكەرقومۇشتىن مۇتىۋەر،
نازى بىرلە خۇشخۇيلۇغى شۇنچە ئۇز،
قوياتتى ئۇ كوڭۇل يارىشىغا تۈز.

ئۇنىڭغىمۇ پادىشانىڭ ناھايىتى كوپ مەيلى بار ئىكەن. ئەگەر ئىران دۇخت ھۆسنى-لاتاپەتتە جاھانغا پىتنە سالغان دېيىلسە، بۇ كېنىزەكمۇ ياخشىلىق ۋە خۇش پېئىللىقتا زامانغا توپىلاڭ سالغان ئىكەن. شۇڭا پادىشا بىر كېچە ئىران دۇختنىڭ يېنىدا قونسا، يانا بىر كېچىسى بەزم ئەپروزنىڭ قېشىدا قونىدىكەن. ھىلقى ھەدىيىلەرنى بېرىدىغان ۋاقىتتا پادىشا:

— تاج بىلەن تونىدىن بىرىنى ئىران دۇخت، بىرىسىنى بەزم ئەپروز ئالسۇن، — دەپتۇ.

ئىران دۇخت پادىشادىن بۇ ئىجازەتنى ئالغاندىن كېيىن: "ۋەزىر قايسىسىغا ئىشارەت قىلسا شۇنى ئالاي" دېگەن نىيەتتە ۋەزىرگە قاراپتۇ. پىيلار كوز ئۇچى بىلەن تون تەرەپكە ئىما قىپتۇ. ئىران دۇخت تونىنى ئالماقچى بولۇپ، پادىشاغا قاراپتۇ ۋە ۋەزىرنىڭ ئىشارەت قىلغىنىغا پادىشانىڭ كوزى چۈشۈپ قالغانلىقىنى پەملەپ، پادىشانى "بەدگۇمان بولۇپ قالمىسۇن" دەپ ئويلاپ دەرھال تونىدىن رايىنى ياندۇرۇپ تاجنى ئاپتۇ. پىيلارمۇ

تون تەرەپكە كوزىنى ئالغاي قىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭمۇ غەرىزى: "ئىران دۆختقا قىلغان ئىشارەتنى پادىشا كورمىسۇن" دىگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن ئىتتىۋارەن پىيلار قىرىق يىل ھىيلار- نىڭ مولازىمىتىنى توتقان بولسىمۇ ھەر قېتىم ئۇنىڭ خىزمىتىگە كەلسە، پادىشا ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئىشتىن گۇمان قىلىپ قالمىغىدى دەپ، ئالغاي قاراپ ئولتۇرىدىكەن. ئەگەر مەلىكە بىلەن ۋەزىر شۇ قېتىمدا ئاقىللىق ۋە زىرەكلىك ئىشلەتمىگەن بولسا ئىككىلى- نىڭ جېنى بەربات بولۇپ كەتكەن بولاتتىكەن. ئىران دۆخت تا- جىنى كىيىپ بېشى ئۈستۈن بولۇپتۇ. بەزم ئەپرۇز قىزىل تون بىلەن يۈزىنى گۈلرەڭ قىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىككىلىسى ئوز كوڭلى خالىغاننى ئاپتۇ.

بىر ئاخشىمى ئىران دۆختنىڭ نوۋىتى ئىكەن، پادىشا ئۇنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپتۇ. دىلنى ئوزىگە باغلىغۇچى زۇلپىنى چۇۋۇپ:

چىچىدىن چىچىپ ئىپارنىڭ بۇيىنى،
تامغۇزۇپ يۈزىدىن ھايات سۇيىنى،

ئولتۇرغان ئىران دۆخت بېزەكلىك تاجنى بېشىغا قويۇپ، ئالتۇن تاۋاقتا ئاش ئەپكىلىپ پادىشانىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ. پادىشا ئۇ تاۋاقتىن بىرەر لوقما يەپ تۇرۇشىغا، بەزم ئەپرۇز قىزىل تونىنى كىيىپ، ھوسنىنى گۈلدەك ئېچىلدۇرۇپ، چىرايىنى ئىككى ھەپتىلىك ئايدەك نامايەن قىلىپ كىرىپ كەپتۇ.

قىزىل رەڭلىك لىباسنى كىيدى دىلبەر،
دىگىنكى لالىدىن تون كىيدى ئەر ئەر①،
كوزلىرى گەر كامان ئاتسا كوڭۈلگە،
ئىككى قاشى ئوق ئاتاتتى جىگەرگە.

① ئارچا دەرىخى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پادىشا ئۇنى ئەنە شۇنداق كېلىشكەن هوسن - چىراي بىلەن كورۇپ ئىختىيارسىز تىزگىنىنى قويۇپ بېرىپتۇ - دە، تەھسىن تىلى بىلەن ئۇنىڭغا:

ئەي يۈزۈڭ خۇددى قىزىل گۈل، قەددىڭ گويا سەرۋى بەس،
سەرۋى بىرلە گۈل تاپالماس كوزلىرىڭ كەبى نەرگەس.

— بۇ كېلىشىڭ بىلەن شاتلىق ئىشىگىنى كوڭلۇمگە ئېچىپ، سەۋرىم خامىنىنى يەلگە سورۇدۇڭ، سېنىڭ كەلگەنلىگىڭگە بەختىمۇ "مەرھابا" دەۋاتىدۇ، — دەپتۇ. شۇئان ئىران دۇختقا قاراپ يەنە: — سەن كىيگەن بۇ تاج ئەسلىدە بەزم ئەپرۇزغا لايىق ئىكەن، ئۇنى ئوز دەرىجەڭگە قارىماي ئاپسەن، — دەپتۇ.

ئىران دۇخت بۇ سوزنى ئاڭلاپ، رەشك ئوتى ئۇنىڭ كوڭ-لىگە تۇتۇشۇپتۇ ۋە تاقىتىنىڭ خامىنىغا ئوت تۇتۇشۇپ، دىمىغىدىن تۇتۇن چىقىپتۇ. ئۇ خۇددى بىلمەي قولىدىكى ئاشنى پادىشانىڭ بېشىغا توكۇۋېتىپتۇ. پادىشانىڭ يۈزى ۋە ساقاللىرى بۇلغىنىپ كېتىپتۇ. پادىشا كورگەن يەتتىنچى چۈشىنىڭ ھەكىمنىڭ تەبىر بېرىشىچە "ئازراق ئىچىڭ پۇشىدۇ" دىگىنى ئەنە شۇ بولۇپتۇ. بۇ ھالنى كورۇپ پادىشانىڭ غەزىۋى ئورلەپ سەۋرى - تاقىتى قال-ماپتۇ. ئۇ دەرھال پىيلارنى چاقىرىپ:

— بۇ بىئەدەپ نادانىنى ئەپچىقىپ ئولتۇرۇۋەت. بۇ بىر يەندى - نەسەبەت بولۇپ خوتۇنلار بۇنداق ئىشنى ئىككىنچى قىلمايدىغان بولسۇن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

پىيلار مەلىكىنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ئەندىشە قىلىپ تۇ-رۇپ قاپتۇ: "بۇ ئىشتا ئالدىرىشىم ياخشى ئەمەس. چۈنكى بۇ خوتۇننىڭ دانىشمەنلىك ۋە ئەقىل - پاراسەتتە تەڭدىشى يوق. بىز بىرنەچچە كىشى بۇنىڭ تەدبىرىنىڭ بەركىتى بىلەن بالادىن

نىجات تاپتۇق. پادىشانىڭ يات ئارىدا بۇ ھوكمىدىن پۇشايمان
قىلىپ، ئۆز بۇيرۇغىدىن تېنىۋېلىشىمۇ ئېنىق گەپ، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ
ئەمرىنى ئىجرا قىلىشنى تەخىر قىلىپ، ئوبدان ئويلاپ بىر تەرەپ
قىلىشتىن ياخشى ئىش يوق.

تەپەككۇر بىرلە ئىش قىلغايسەن ئۇدا،
كېيىنكى مەنپەئەت كەلمەس ئالدىدا.

ئەمدى مەن بىرنەچچە كۈن توختىۋالاي. ئەگەر پادىشا نادامەت-
كە قالسا ئەينى مۇددىئانىڭ ئۆزى شۇ. ئەگەر ئۆز پەرمانىدا مەھ-
كەم تۇرسا ئۇنى ھەرقاچان ئۆلتۈرسە بولىۋېرىدۇ. بۇ تەخىر قى-
لىشتا ماڭا ئۈچ مەنپەئەت بار. بىرى، كىمدە-كىم بولمىسۇن بىر
كىشىنىڭ تىرىك قېلىشىغا سەۋەپ بولسام ساۋاپ تاپىمەن. ئىككىن-
چىسى، ئەگەر پادىشا پۇشايمان قىلىپ قالسا ئۇنىڭ رازىلىقىنى
ئالغان بولىمەن. ئۈچىنچىدىن، شۇنداق ئەقىللىق مەلىكىنى سالامەت
ساقلىيالىسام پۈتۈن مەملىكەت ئەھلىنىڭ ھەممىسىنى مىننەتدار قى-
لىمەن. چۈنكى ئۇنىڭ دانا تەدبىرلىرىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ياخشى
ئەخلاقىنىڭ ئېھسانى ھەممە خالايىققا يېتىدۇ" — دەپ ئويلاپتۇ
ۋەزىر.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مەلىكىنى ئۆزىگە مەھرەم بولغان خىزمەت-
كارلىرى بىلەن بىللە ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ھويلىسىدىكى
بىر مەخپى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ ۋە خىزمەتكارلىرىغا:
"بۇ زامانىمىزنىڭ مەلىكىسىنى ياخشى ئېھتىيات بىلەن ساقلاپ، ئوب-
دان ئىززەت-ئىكرام قىلىڭلار" دەپ تاپىلاپتۇ. ئۆزى بولسا بىر
قىلىچنى قانغا بوياپ پادىشانىڭ قېشىغا بېرىپ:
— ئۇ بەتتەدەپنى مۇشۇ شەمشەر بىلەن ئۆلتۈردۈم. پەرمانى-
رىنى ئورۇنلاپ كەلتۈردۈم، — دەپتۇ.
ۋەزىر بېرىپ كەلگۈچىلىكنىڭ ئارىلىقىدا پادىشانىڭ كۆڭلى

سەل تەسكىن تاپقان ئىكەن. ئۇ ۋەزىردىن مەلىكىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ۋە قانلىق قىلىچنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرگىنىگە پۇشايمان قىلىپتۇ ھەم ناھايىتى بەك ئىچى ئاغرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: "جاھاننىڭ ئىشى شۇ ئىكەن-دە! ئۇ ھۆسنى جامالدا بىمىسال، ئەقىل ئىدرەكتە بەر كامال ئىدى. ھەي بەتخۇي نەپس، سېنىڭ ئىشىڭ مۇشۇ! يۇۋاشلىق ۋە يۇمشاقلىقنى ئۇنۇتۇپ، كىچىككىنە بىر گۇنا بىلەن مەھبۇبىمنى زايا قىلدۇرۇۋەتتىڭ، ۋاي دەرىخ، ئۇنىڭ بۇنچىلىك بىر جۈرئىتى ئۈچۈن، ئۇلۇمگە بۇيرۇماي، يۇۋاشلىق سۈيى بىلەن غەزەپ ئوتىنى ئۆچۈرگەن بولسامۇ بوپتىكەن!"

غەزەپ ئوتتۇركى شۇلە ئۇرسا گەر،
ئەقىل-دانىشنى بىگۇمان ئۆرتەر.
قايسى بىر ئوتكى ئوتۇننى پۈتۈن،
چىقىرار ياكى چىقارماس تۈتۈن.

دەپ نادامەت چېكىپتۇ. لېكىن كۆڭلىدىكىنى سىرتقا بىلدۈرمەپتۇ. ئاخىرى ۋەزىر ئۇنىڭ چېھرىسىدىن نادامەت ئالامىتىنى ئاشكارا كۆرۈپ، شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي شاھىم، نېمە ئۈچۈن غەم يەۋاتىدىلا؟ ئاتقان ئوقنى ياندۇرغىلى ۋە زەر-زىۋەر① سەرپ قىلىپمۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگىلى بولمايدۇغۇ؟ بىھۇدە غەم جاننى كاۋاپ، تەننى خاراپ قىلىۋېتىدۇ. جاھاندا: "پادىشا ئۆزى قىلغان ھۆكمىدىن پۇشايمان قىلىپتۇ" دېگەننى ئاڭلىغان ئادەم بارمۇ؟ بۇ زەرەر كۆرۈلمەستە سەۋرە-تاقەت ۋە چىدام بىلەن بولغان بولسىلىمۇ كاشكى ۋە ياكى يەمەن پادىشاسىغا ئوخشاش غەزەپنى پەس قىلىشقا قۇدرەتلىرى يەتكەن بولسىمۇ كاشكى. ئەگەر ئاڭلىغىلىرى كەلسە مەن

① زىۋەر — بېزەك، يارىشىق.

سلىگە ئۇنىڭ قىسسىسىنى ئېيتىپ بېرەي.
— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا
ھېسيلار.
— يەمەن پادىشالىغىدا، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ ۋە-
زىر پىيلار.

## يەمەن پادىشاسىنىڭ ھېكايىسى

يەمەن پادىشالىغىدا ئوزى قېرى، لېكىن بەختى ياش، ئەق-
لى روشەن، تېنى ساق بىر پادىشا بار ئىكەنكى، پۈتۈن دۇنيانى
ئوراپ تۇرغان ئاسمان شۇنچە كوپ كوزى بولۇپ تۇرۇقلۇق ۋە
شۇنچە ئۇزۇن ئومۇر كورگەن تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان
جاھان ئاپىتىۋىنى كورمىگەن ئىكەن. بۇ كونا روزىگارمۇ شۇنداق قېرى
قولاق بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ زامان سەھنىسىدە ئۇنىڭدەك يەنە بىر
جاھاندار بارلىغىنى ئاڭلىمىغان ئىكەن.

بەزمە ۋاقتىدا قۇياشتەك گويا،
ئۇرۇش ۋاقتىدا خۇددى ئەجدىھا.
جاھانىنى قىلغان ئەدلى بىرلە رام،
چەرخ ئاڭا بەندە، زامانە غۇلام.

ئۇ پادىشا شىكارغا ناھايىتى ئامراق ئىكەن. شۇڭا تولا
ئومرىنى شىكار بىلەن ئوتكۇزىدىكەن. بىر كۇنى ئۇ شىكارغا چىق-
قان ئىكەن، ئوۋ جانۋارلىرىنى ئىزلەپ ھەر تەرەپكە چېپىپ باق-
قان بولسىمۇ ھېچبىر جانۋار نەزىرىگە يولۇقماپتۇ. شۇڭا ئۇ ئا-
شۇ ھەيرانلىق بىلەن كېزىپ يۇرۇپتۇ. تاساديپەن شۇ كۇنى ناھا-
يىتى نامرات” ۋە يوقسۇللۇغىدىن كىيىكنىڭ تېرىسىنى ئوچىسىغا يېپى-
نىۋالغان بىركىشى، سېتىپ ئوزۇق ئېلىپ يېيىش ئۇچۇن، تىكەن ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىشىكە جاڭگالغا چىققان ئىكەن، ئۇ كىشى ئۇ دەشت تە تىكەننى يۇلۇپ كەلگۈچە ھېرىپ قېلىپ، ئۇچىسىدىكى يۈكنى يېنىدا قويۇپ يەردە ياتقان ئىكەن. يىراقتىن پادىشانىڭ ئۇنىڭغا كوزى چۈشۈپ "كىيىك ياتقان ئوخشايدۇ" دەپ گۇمان قىلىپ، دەرھال ساغداقتىن كوكرەكنى بوسكۈچى ئوقنى ئېلىپ ئۇنىڭ تەرىپىگە راۋان قىلىپتۇ.

قىلدى خاتا، ئوقى خاتا قىلمىدى،
باردى بالا كەبى، ھايا قىلمىدى.
بېرىپ گويا كوكتىن چۈشكەن چاقماقتەك،
بولدى شەپەق دېڭىز ئىچىگە غەرق.

پادىشا چېپىپ بېرىپ، بىر بىچارىنىڭ ئوق بىلەن جاراھەتلىنىپ ياتقانلىقىنى كورۇپ، ناھايىتى كوپ غەم قىلىپ كوزلىرىنى نەملەپتۇ ۋە مالامەت تىرنىقى بىلەن نادامەت يۈزىنى تاتىلاپتۇ. ئۇندىن كېيىن ئۇ تىكەنچىگە ناھايىتى كوپ ئۇزرە ئېيتىپ، داۋالىنىش خەجى قىلىشى ئۈچۈن مىڭ دىنار پۇل بېرىپ، خىجىل بولغان ۋە ئۇيالغان ھالدا شەھەرگە قايتىپ كېتىپتۇ. يول ئۈستىدە، ئۇزىنىڭ تەقۋالىقى ۋە تائەت ـ ئىبادىتى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئۇزىنىڭ تەۋپىقى ۋە كارامىتى بىلەن تونۇلغان بىر زاھىتنىڭ ئىبادەتخانىسىغا چۈشۈپ، زاھىتتىن بۇ دۇنيانىڭ سائادىتى ۋە ئاخىرەتنىڭ نىجاتىغا سەۋەپ بولغۇدەك بىر نەسىھەت بېرىشنى تىلەپتۇ.

— ئەي پادىشا، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ دولەت ـ سائادىتىگە سەۋەپ بولىدىغان سۈپەت ئاچچىقنى يۇتماق ۋە سەۋرە قىلماقتۇر،

غەزەپتۇرگە كىم گەر بېسىق بەرمەس،
ئىنسان رەسمىدە ئۇ ئادەم ئەمەس.

ئاچچىغىڭنىڭ ئاساۋ ئېتى بولسا شاش،
تىزگىنىنى تارت، ئۇنى قىلغىن يۇۋاش.—

دەپتۇ زاھىت خۇددى كەشپى كارامەت قىلغاندەكلا.

— سەۋرە قىلىش ۋە ئېغىرلىق قىلىشنىڭ ياخشى سۈپەت ئىكەنلىگىنى بىلدىم، — دەپتۇ پادىشا، — ئەمما غەزىۋىم كەلگەن چاغدا ئەقلىمنىڭ يۈزى يېپىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بار. شۇنداق چاغدا يۇۋاشلىقنى غەزەپنىڭ ئۈستىدە غالىپ قىلالماسمەنمىكىن؟

— ئۇنداق بولسا مەن ساڭا ئۈچ پۈتۈك پۈتۈپ بېرەي، — دەپتۇ زاھىت، — ئۇلارنى بىر ئىشەنچلىك خاس كىشىڭگە بەرگىن. ئۇ كىشى ئۇنى ساقلىسۇن. قاچانىكى سېنىڭ بىر ئىشقا غەزىۋىڭ كەلسە، ئۇلاردىن بىرىنى كوز ئالدىڭغا كەلتۈرسۇن. ئەگەر ئۇنى كورۇپ ئاچچىغىڭ بېسىلمىسا، يەنە بىرىنى كورسەتسۇن. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئىنساپقا كەلمىسەڭ ئۈچىنچى پۈتۈكنى كوزۈڭنىڭ ئۇدۇلىدا تۇتسۇن. مۇشۇ ۋاستە بىلەن ئاچچىق ۋە غەزىۋىڭ شەپقەتكە ۋە مۇلايىملىققا ئالمىشىپ، غەزىۋىڭنىڭ قاراڭغۇلۇغى كېتىپ، يۇۋاشلىغىڭنىڭ روشەنلىگى كەلسە ئەجەپ ئەمەس. چۈنكى دىۋە كەتسە پەرىشتە كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟

بۇ سوزدىن پادىشانىڭ كوڭلى بەك خۇش بولۇپتۇ. شۇ ئەسنادا زاھىتمۇ ئۈچ پارچە پۈتۈكنى يېزىپ بېرىپتۇ. پادىشا ئۇلارنى مۇلازىملىرىدىن بىرىگە بېرىپتۇ. بىرىنچى پۈتۈكنىڭ مەزمۇنى: "قۇدرىتىڭنىڭ بارىدا ئىختىيارىڭنىڭ تىزگىنىنى نەپسى ھاۋانىڭ ئىلكىگە بەرمە، چۈنكى ئۇ سېنى ئەبىدى ھالاكەتكە تاشلايدۇ" دىگەن ئىكەن. ئىككىنچى پۈتۈك: "ئاچچىق ۋاقتىدا ئالدىڭدا ئاجىز بولۇپ تۇرغانلارغا رەھىم قىلغىن، شۇنداق قىلساڭ ئاخىر بىر كۈنى ساڭىمۇ رەھىم قىلىنىدۇ" دىگەن مەزمۇندا ئىكەن. ئۈچىنچى پۈتۈك: "ھوكۇم يۈرگۈزۈشتە شەرىئەتنىڭ سىرتىغا چىقما ۋە ھېچقاچان ئىنساپنى تاشلىما" دىگەن مەزمۇندا ئىكەن.

نەچچە كۈن ياشساڭ جاھاندا، زىنھار،
يۇۋاشلىق قىلغىنىكى بولما دىل ئازار.
كىشىنى يىغلىتىپ بولمىغىن خەندان،
سېنىڭمۇ كۆزلىرىڭ بولغۇسى گىريان.
قەسرىڭگە كۆڭلۈڭنى مەغرۇر ئىتەرسەن،
نە پايدا، ئاخىرى تاشلاپ كېتەرسەن.

پادىشا زاھىت بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز ئوردىسىغا قايتىپ كېتىپتۇ. شۇندىن تارتىپ ئۇ ھەر قېتىم بىر كىمگە غەزىپى كېلىدىغان بولسا، مۇلازىملار ئاشۇ پۈتۈكنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىدىكەن، ئۇ ئاچچىغىدىن يانىدىكەن. شۇ سەۋەپتىن يەنى ئاشۇ پۈتۈكلەر بولغانلىقى سەۋەۋىدىن ئۇ پادىشانى كىشىلەر "پادىشايى زىلىرىقاع" ① دەپ ئاتىشىدىغان بولۇپتۇ.

ئۇ پادىشانىڭ ناھايىتى چىرايلىق، خۇيى يېقىملىق، سەرۋى قەدلىك، ياقۇت لەۋلىك، كۈمۈش تەنلىك، تۇتى تىللىق ۋە كەكلىكتەك چىرايلىق ماڭىدىغان بىر كېنىزىكى بار ئىكەن.

جاننى ئالغان دىلرەبا ـ مەھۋەش ئىدى،
خۇش چىرايلىق مۇشكبۇي دىلكەش ئىدى.

چىن دىلبەرلىرى ئۇنىڭ زۇلپىنىڭ بەندىگە گىرىپتار ئىكەن، كەشمىر سەتەڭلىرى ئۇنىڭ غەمزە ئوقى بىلەن دىلى جاراھەت ئىكەن.

---

① زىلىرىقاع — پۈتۈك ئىگىسى، مەكتۇپ ئىگىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كىم كۆرۈپتۇ ئۇ مالاھەتنى، يۈزۈڭدە بولمىسا،
قايدا باردۇر ئۇ لاتاپەتكىم سۆزۈڭدە بولمىسا،

ئۇنىڭ ھۆسنىنىڭ ئەھۋالى ئىپپەت بېزىگى بىلەن زىننەتلەنگەن، ئەخلاقىنىڭ جامالى پاكىزلىك زىننىتى بىلەن جابدۇلغان بولغاچقا، پادىشانىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا شۇ قەدەر مايىل بولغان ئىكەنكى، بىردەملىك ئىشرەتكىمۇ ئۇنىڭسىز كىرىشمەيدىكەن. كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ بىلەن بولغانلىقىنى كۆرگەن پادىشانىڭ خوتۇنى رەشكتىن تاقىتى تاق بولۇپ، ئىزتىرابى ھەددىدىن ئېشىپ، ھەسەتىنىڭ يامانلىقىدىن، تولا ۋاقىتلاردا، بىر ھىيلە ئىشلىتىپ يا پادىشانى، ياكى ئاشۇ كېنىزەكنى ئۆلتۈرۈش خىيالىنى قىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ ئاخىرى، بۇ سىرنى پەدەزچىگە بايان قىلىپتۇ.

— بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى مەن قىلىمەن، — دەپتۇ پەدەزچى، — مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، پادىشانى ئۆلتۈرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى كېنىزەكنى ئۆلتۈرسەك پادىشا تەپتىش قىلىپ، ئۇنىڭ قاتىلىنى تېپىپ قىساس ئالىدۇ. ئېيتقىنا، پادىشا كېنىزەكنىڭ قايسى ئەزايىغا كۆپرەك مەيىل قىلىدۇ؟

— مەن كۆپرەك ئۇنىڭ ئىڭىگىگە سۆيىدىغانلىقىنى كۆردۈم ۋە

نە قىلاي جەننەتنىڭ ئالمىلىرىنى،
ماڭا يەس، بولسا بۇ ئالمىدەك ئىڭەك.

دەپ بېيىت ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ پادىشانىڭ خوتۇنى.

— ئۇنداق بولسا ئىش ئاسان ئىكەن، — دەپتۇ پەدەزچى، — ماڭا بىر پارچە زەھەر بېرىڭ ۋە يەنە كىچىككىنە نىل بېرىڭ. مەن زەھەرنى نىل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئېزىپ، بىر قۇتىچىغا سېلىۋالاي. كېنىزەكنىڭ قېشىغا بارغاندا ئۇ زەھەر ئارىلاشقان نىلدىن ئۇنىڭ ئىڭىگىگە بەش - ئالتە خال چېكەي، پادىشا مەس كېلىپ ئاشۇ زەھەرگە ئاغزىنى تەككۈزىدۇ - دە، جان بېرىدۇ. سەن غۇسسىدىن خالاس بولىسەن.

www.uyghurkitap.com

بۇ تەدبىردىن خوتۇننىڭ كۆڭلى شات بولۇپ پەدەزچى كەمپىرنىڭ لازىم دىگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ئۇ مەككار قېرى ئۆزى ئېيتقاندەك قىلىپ كېنىزەكنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا پەدەز قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېڭەك سەھىپىسىگە ھىلىقى قۇتىچىدىن ئالغان نىل بىلەن بىرنەچچە خال چېكىپتۇ.

ئالمىدەك خۇشرەڭ ئېڭەككە بولدى پەيدا نەچچە خال،
شۇ ئېڭەكنى ھەر بالادىن ئاسرىغايسەن يا خۇدا.

پادىشانىڭ ھەرەمگە قارايدىغان بىر قۇلى بار ئىكەن، ئۇ تاسادىپى ھالدا خوتۇن بىلەن پەدەزچى ئوتتۇرىسىدا بولغان گەپ - سوزلەرنى بىر دالدىدا تۇرۇپ ئاڭلاپ قالغان ئىكەن. كېيىن يەنە پەدەزچىنىڭ كېنىزەككە خال چەككەنلىگىنىمۇ كورگەن ئىكەن. ئۇ بۇ ئەھۋالنى پادىشاغا ئېيتاي دەپ قەستلەنگەن بولسىمۇ پادىشا مەس بولغاچقا ئېيتالماپتۇ. ئەمما ئۇ پادىشانىڭ كېنىزەكنىڭ ئېڭىگىگە سويمەكچى بولۇۋاتقانلىغىنى كورۇپ دەرھال بېرىپ، كېنىزەكنىڭ ئېڭىگىنى ئېرتىشقا باشلاپتۇ. ئۇنى كورگەن پادىشا "قۇل كېنىزەك بىلەن ئوينىشىپ ئۇنىڭ ئېڭىگىنى تۇتۇ-ۋاتىدۇ" دەپ گۇمان قىلىپ رەشك ئوتى جېنىغا تۇتۇشۇپتۇ - دە، شەمشەرنى ئېلىپ قۇلغا تەگلەپ بولغىچە قۇل قېچىپ ئىشىككە چىقىپتۇ. پادىشا قولىدا شەمشەرنى كوتەرگەن ھالدا كەينىدىن قوغلاپ چىقىپتۇ. خاس ئىشەنچلىك كىشىلىرى قولىدا پۇتۇكلەرنى تۇتقان ھالدا تۇرغان ئىكەن، ئۇلار پادىشانىڭ غەزەپلىك ھالىنى كورۇپ بىر پۇتۇكنى ئۇنىڭغا كورسىتىپتۇ. پادىشانىڭ ئاچچىغى بېسىلمىغان ئىكەن. ئىككىنچى پۇتۇكنى تۇتۇپتۇ. ئۇنىڭ بىلەنمۇ تېخى غەزەپ ئوتى پەس بولمىغان ئىكەن، ئۇچىنچى پۇتۇكنى كورسىتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پادىشانىڭ غەزىۋى پەسىيىپتۇ ۋە يۇمشاق ئاۋاز بىلەن قۇلنى ئالدىغا چاقىرىپ سوراپتۇ:

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق جۈرئەتنى قىلدىڭ؟

قۇل ۋەقەنى راستى بىلەن بايان قىلغان ئىكەن، پادىشا خوتۇنىدىن ئۇنداق زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ ئەھۋالىنى تەپتىش قىلىپتۇ. خوتۇن ئۆز قىلمىشىدىن تېنىۋاپتۇ ۋە پادىشاغا:

— ئۇ ئەبلەخ يالغان ئېيتىپتۇ. مەن سېنى ئۆلتۈرسەم دەپ ئۆز دۆلىتىمنىڭ بىناسىنى ئۆزەمدىن يىراقلاشتۇرسەمنمۇ؟ مەنمۇ ئۇ ئىپلاس قۇلنىڭ شۇ كېنىزەك بىلەن ئويناشقانلىقىنى كۆپ قېتىم كۆرگەن ئىدىم. ئەمما باشقىلارنىڭ: "بۇ ئىشنى ئۆز قوسىقىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭغا بوھتان قىلدى" دېيىشىدىن قورقۇپ، ساڭا ئېيتالمىغان ئىدىم. خۇداغا شۈكرى، ئەمدى ئۇ ئىشنى كۆرۈپسەن. بەس ئەمدى قۇل بىلەن كېنىزەكنى ئۆلتۈرۈشۈڭ لازىم بولدى: ئەمدى ھەرگىز تەخىر قىلماسلىقىڭ لازىم. چۈنكى سىياسەتنى تەخىر قىلىش پادىشالارنىڭ ھەيۋىتىگە زىيانلىق.

تىكەننىڭ بار ئىرۇر ئازارى چەندان،
ئۇنى سەن قىلمىغىن قوينۇڭدا پىنھان، —

دەپتۇ.

— پادىشاھىم، ھىلىقى زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان نىل ھىلىمۇ بار. ئەگەر ئۇنى تاپتۇرسىلا كىمنىڭ سۆزى توغرىلىقى ئايرىلىدۇ، — دەپتۇ قۇل.

پادىشا پەدەزچى كەمپىرنى قۇتىچە بىلەن بىللە تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. كەمپىر كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن قۇتىدىكى نىلدىن ئازراق يىدۈرگەن ئىكەن، پەدەزچى ئۇنى يېيىش بىلەنلا ئۆلۈپتۇ. ئىش ھەقىقەتتى ئايان بولغاندىن كېيىن پادىشا مەلىكىنى زىندانغا ساپتۇ،* قۇلنى ئازات قىلىپ ئۇنىڭغا بىر شەھەرنى بېرىپتۇ. ئەنە شۇ ئالەمگە پانا بولغان پادىشا يۇۋاشلىق ۋە بېسىقلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەتنىيەتلەرنىڭ ئەنە شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھىلە - مىكىرلىرىدىن ئاگاھلىق تېپىپ، خەتەردىن ئەمىن بولۇپتۇ.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، پادىشا بولغان كىشى ھېچقانداق ئىشتا ئالدىرىماسلىقى ۋە ئويلاپ كورمەي، تەپەككۇر قىلماي تۇرۇپ ھوكۇم سۇرمەسلىگى كېرەك.

شاھ يارلىغى سۇ ۋە ئوتتەك جاھاننى،
قىلغۇسىدۇر بىر دەم ئىچىدە خاراپ.
ھوكۇم ئەگەر شۇنداق بولسا، سۇلتانىغا،
جايىز ئەمەس ئىش قىلىشتا ئىزتىراپ.

— مەن تازا ئاچچىغىم كەلگەن ۋاقتىدا ئۇنى ئولۇمگە بۇيرۇپ خاتا قىلدىم، — دەپتۇ پادىشا، — شۇنى بىلگەندىن كېيىن سەن بولساڭمۇ ئالدىرىمىغان بولساڭ، ئۇنى ئولتۇرۇشتە تەخىر قىلغان بولساڭ بوپتىكەن.

— بىر خوتۇننى دەپ مۇنچىلا خاپا بولۇپ كېتىشلىرىنىڭ نىمە ھاجىتى، ئەمدى كېنىزەكلىرى بىلەن كوڭۈل ئېچىپ ئوتسە ۋەرمەملا.

سەرۋى قەد يوقالسا نازىنىن يار يار،
گەرلالە توزۇسا ياسمەن ھەم بار، —

دەپتۇ ۋەزىر.

پادىشا ۋەزىرنىڭ بۇ سوزىدىن ئىران دۆخت ھەقىقەتەن ئولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ پەملەپ، سوغۇق بىر ئاھ چېكىپتۇ ۋە بىر چوڭ ئەندىشە گىرداۋىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۇز - ئۇزىگە:

"پىراق ئوتىدا كوپ كويمەك ماڭا پەرز بولدى ئەي كوڭلۇم.
بۇ ئىش ئۇزرە يۇرەك ھەم يەتتە يەردىن باغلىدى بەلنى.

ۋاي ئۇ روناق تاپقان ياشلىق گۈلزارىغا ئىسىت، ئۇنىڭ ئۆمرى خۇددى گۈل پەسلىدەك قىسقا ئىكەن. ئەپسۇس ئۇ شاتلىق بېغىنىڭ كوچىتىگە، ھىجران كوزىنىڭ ئاپىتى بىلەن **باھار** ياپراقلىرى توكۈلۈپ كەتتى.

ياتتى تۇپراق ئاستىدا سەرۋى راۋانىم، دەرىخ،
كىردى يەرنىڭ ئاستىغا ماھى تابانىم، دەرىخ،" —

دەپتۇ ۋە ئۇندىن كېيىن ۋەزىرگە قاراپ:

— مەن ئىران دۆختنىڭ ئۆلگىنىدىن ناھايىتى بەك غەملىك بولدۇم پىيلار، — دەپتۇ.

— ئۈچ كىشى ھەمىشە غەم-ئەندىشىنىڭ ئىلكىدە ئەسىر بولۇپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر، — بىرىنچىسى، ھەمىشە يامان ئىشنىڭ قەستىدە يۈرگەن كىشى؛ ئىككىنچىسى، قۇدرىتىنىڭ بارىدا ياخشى ئىش قىلمىغان كىشى؛ ئۈچىنچىسى، نادانلىق بىلەن ئويلىماي ئىش قىلىپ، ئاخىرىدا ھەسرەت-نادامەتكە قالغان كىشى.

— ئىران دۆخت سىنىڭ خاتا ھەركىتىڭ نەتىجىسىدە ئۆلدى، گەرچە مەن ھوكۈم قىلغان بولسامۇ سەن توختىۋالساڭ بولماسمىدى، — دەپتۇ پادىشا.

— ئۈچ خىل كىشىنىڭ مۇنداق ئۈچ ئىشنى قىلىشى خاتا، — دەپتۇ ۋەزىر، — بىرىنچىسى، تومۇرچىنىڭ ئاق تون كىيىپ دۇكىنىدا ئىش قىلىشى؛ ئىككىنچىسى، شۇستىگەرنىڭ قىممەت باھالىق لىباس كىيىپ سۇ ئىچىدە بوز يۇيۇشى؛ ئۈچىنچىسى، سودىگەرنىڭ ساھىپجامال خوتۇن ئېلىپ، ئۇنى ئۆيىدە تاشلاپ ئۆزى سەپەرگە كېتىشى خاتادۇر. مەن خاتا ئىش قىلىدىغان بۇ ئۈچ تائىپەدىن ئەمەسمەن. بەلكى مەن شۇنداق ياخشى ئىش قىلدىمكى، سىلىنىڭ يارلىقلىرىنى بىجا كەلتۈردۈم. بۇ توغرىدا سىلە ئۆزلىرىنى مالامەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلساڭلا، چۈنكى ئاخىرىنى كۆزلەپ ئىش قىلغان بولساڭلا، سىلەرگە بۇنداق نادامەت كەلمىگەن بولاتتى.

ئويلاپ ئىش قىلسا ئوڭۇشلۇق بولىدۇ ئىش،
كەلمىگەن بولاتتى بۇنچە غەم-ئەندىش.

— بولدى، مالامەت قىلىۋەرمىگىن، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئەمدى كۆڭۈل غەشلىكىدىن مېنى خالاس قىلالىغۇدەك بىر ئىش قىلساڭچۇ!

— بۇ چارىسىنى قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، بۇ داۋاسىنى قىلغىلى بولىدىغان كېسەللىك ئەمەس. سىلىنىڭ بۇ ئەھۋاللىرى خۇددى ئۆز جۇپتىنى ئالدىراپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، نادامەتنىڭ ساقايغۇسىز رەنجىگە مۇپتىلا بولغان كەپتەرنىڭ ھالىغا ئوخشاپ قالدى.

— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بىر جۈپ كەپتەر، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ ۋەزىر.

## ئالدىراڭغۇ كەپتەرنىڭ ھېكايىسى

بىر جۈپ كەپتەر ياز كۈنى قىشلىق ئوزۇقى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا دان جۇغلاپ، ئۇۋىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا زاپاس قىلىپ ساقلاپ قويغان ئىكەن. بىر كۈنى كەپتەرلەرنىڭ ئەركىكى ئاشۇ داننى ياخشى ساقلاشنى تاپىلاپ قويۇپ سەپەرگە كېتىپتۇ. دانلار جۇغلانغان ۋاقىتتا نەم ئىكەن، شۇڭا كۆپۈشۈپ تۇرغاچقا كۆپ بولۇپ كۆرۈنگەن ئىكەن. ئەركەك كەپتەر سەپەردىن قايتىپ كەلگىچە ھاۋانىڭ ھارارىتى بىلەن ئۇ دانلار قۇرۇپ كەتكەچكە، جىمىقىپ ئاز كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەركەك كەپتەر سەپەردىن كېلىپلا داننىڭ ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ چىشىسىغا شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ داندىن نىمىشقا يىدىڭ؟ بۇنى قىشلىغىسىز ئۈچۈن زاپاس قىلىپ قويماپسىدۇق؟ ھوكۇمالارنىڭ مۇنۇ سوزىنى ئاڭلىمىغانمۇسەن؟

بۇگۇن بولسا سەندە بىھەد بەرگۇناۋا،
زەخىرە① قوي تاڭلا بولارسەن بىناۋا.

— ئالا بىللا، — دەپتۇ چىشى كەپتەر، — مەن ئۇ داندىن يېيىش تۇگۇل، يېيىش دىگەن خىيالنى خاتىرەمگىمۇ كەلتۇرمىدىم.

ئەركەك كەپتەر ئۇنىڭ سوزىگە ئىشەنمەپتۇ ۋە غەزىۋى ئېشىپ ئۇنى تومشۇغى بىلەن بىرنەچچىنى چوقۇپ قانىتى بىلەن بىرنەچچىنى سوققان ئىكەن ئولۇپ قاپتۇ. كېيىن ئىككى-ئۈچ كۇن يامغۇر ياققان ئىكەن، دان نەم تارتىپ يەنە كوپۇشۇپ بۇرۇنقى ھالىغا كېلىپ كوپىيىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئەركەك كەپتەر دانلارنى ئۇنىڭ جۇپتى يىگەن بولماي، بەلكى قۇرۇغانلىغى ئۈچۈن ئاز كورۇنگەنلىگىنى چۈشىنىپ، ئوز جۇپتىگە ئىچى ئاغرىپ، ئىزتىراپ بىلەن ئوزىنى يەرگە ئۇرۇپ نالە قىلىپ:

— مېھرىۋان يارنىڭ پىراقى قاتتىق رەنج ئىكەن، نادامەتنىڭ پايدا بەرمەسلىگى ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق ئىكەن، — دەپتۇ.

ئالدىراپ ئىش قىلساڭ زىيان يەتكۇسى،
زىيانىڭىم ھەرگىزمۇ چىقماس پايدىسى.

بۇ مىسالنىڭ پادىسى شۇكى، ئەقىللىق كىشىلەر كىشىگە ئۇقۇبەت قىلىشتا ئالدىرىماسلىغى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ھەلىقى كەپتەردەك ھىجران بالاسىغا مۇپتىلا بولمايدۇ.

— مەن سوزدە ئالدىرىغان بولسام سەن ئىشتا ئالدىرىدىڭ

① زەخىرە — زاپاس، ئېھتىيات قىلىپ ساقلاپ قويۇش.

www.uyghurkitap.com

ۋە مېنى مۇشۇنداق رەنجىگە سالدىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئۈچ خىل كىشىلەر ئۆزىنى رەنجىگە سالىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئۇنىڭ بىرى، جەڭ ۋاقتىدا ئۆزىدىن غاپىل بولغانلار، بۇلار زەخمە يەيدۇ. يەنە بىرى، ھارامدىن مال جۇغلىغانلار، بۇلارنىڭ مېلى تالان-تاراجغا كېتىپ، ئۆزىدە ئۇۋالدىن باشقا نەرسە قالمايدۇ. يەنە بىرى، ئۆزى قېرى تۇرۇپ ياش خوتۇن ئالغانلار، ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئاچالمايدۇ.

— بۇ ئىشتا ئەقىلسىزلىق قىلدىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئىككى خىل كىشى ئاقىل يوسۇنى بىلەن ئىش قىلمىغان ھېساپلىنىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئۇنىڭ بىرى، ئۆزىنىڭ پۇل ۋە مېلىنى يات كىشىنىڭ قېشىدا ئامانەت قويغانلار؛ ئىككىنچىسى، كىشى بىلەن خۇسۇمىتى بار بولغان بولسا، نادان كىشىنى ئۆز دەۋاسىنى ئايرىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىلا سۆزلىشىۋەرگەنلەر. مەن ئەقىل قائىدىسىدىن تاشقىرى ئىش قىلامىدىم، بەلكى پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلدىم.

— ئىران دۆختىنىڭ دەردىدە ناھايىتى كۆپ غەمگە چۆمدۈم، — دەپتۇ پادىشاھ.

— بەش خىل خوتۇن ئۈچۈن غەم يېمەك راۋا، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئۇنىڭ بىرىنچىسى، نەسەبى ئۇلۇغ، ئۆزى ساھىپجامال ۋە پاك بولغان خوتۇنلار؛ ئىككىنچىسى، ئۆزى دانا، ئېغىر بېسىق، ئەقىللىك ۋە بىر كۆڭۈللۈك بولغان خوتۇنلار؛ ئۈچىنچىسى، ھەمىشە تەرەپدارلىق ھاۋادارلىق قىلىدىغان، نەسىھەتكۆي ھەم شەپقەتلىك خوتۇنلار؛ تۆتىنچىسى، يۈزى قۇتلۇق، سۆزى مۇبارەك ۋە ئايىغى يارىشىدىغان خوتۇنلار؛ بەشىنچىسى، ئۆزىگە خاھى زىيان يەتسۇن، خاھى پايدا كەلسۇن، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، قانداق يول بىلەن بولمىسۇن ئېرىگە پايدا يېتىشىنى كۆزلەيدىغان خوتۇنلار. مانا مۇشۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىران دۆختتا بار ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن قانچە غەمگە چۆشكەن بولسىلا تېخى ئاز. چۈنكى ئۇنىڭسىز ئەمدى نە دولەتلىرىدىن راھەت تاپالايلا ۋە نە ئۆمۈر-

لىرىدىن لەززەت؟

— ھەي پىيالا، سوزدە ھېيىقماي، تولا بىمەدەپلىك قىلغىلى تۇردۇڭغۇ؟ بولدى ئەمدى، مەندىن يىراقراق تۇرغىن.

— ئىككى خىل كىشىدىن يىراقلاشماق زورۇر. ئۇنىڭ بىرى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئوخشاش ھىساپلايدىغان، ئاخىرەتنىڭ ساۋابىغا ۋە ئازاپ-ئوقۇبىتىگە ئىشەنمەيدىغانلار. ئىككىنچىسى، تۇرقىنى يامان خۇي-پەيلىدىن، قەلبىنى ئۇۋاللىق پەيدا قىلىدىغان نىيەتتىن پاك تۇتمىغانلار، — دەپتۇ ۋەزىر.

— مەن كوزۇڭگە ھەقىر كورۇنۇۋاتقان ئوخشىمايمەنمۇ؟ نەزىرىمدە، بارغانسېرى كوپرەك يامان سوز ئېيتىشقا جۇرئەت قىلىۋاتىسىنا؟ — دەپتۇ پادىشا.

— ئۇلۇغ كىشىلەر ئۇچ تائىپەنىڭ كوزىگە ھەقىر كورۇنىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئۇنىڭ بىرى، ئەتە-ئاخشام ئولتۇرۇش-قوپۇشتا خوجايىنىغا باراۋەرلىك قىلىدىغان قۇل بولۇپ، خوجايىنى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەگمىسە، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن ئويۇن-چاقچاق قىلسا، ئۇنىڭ كوزىگە خوجايىنى ھەقىر كورۇنىدۇ. ئىككىنچىسى، خوجايىنىدىن ئېلىپ، ئوز مېلىنى كوپەيتكەن خىزمەتكار بولۇپ، ئۇنىڭ مېلى خوجايىنىڭكى بىلەن تەڭلەشكەندە ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ۋاقىتتا، ئوز خوجايىنىنى سەل چاغلايدىغان ۋە خار كورىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇچىنچىسى، خوجايىن ئۇبدان سىناپ باقماي تۇرۇپ، ئوز سىرلىرىغا مەھرەم قىلغان مۇلازىم بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئاسانلىق بىلەن بۇ مەرتىۋىنى تاپقانلىقىغا مەغرۇرلىنىپ، ئۇنىڭغىمۇ خوجايىنى كىچىك ۋە ھەقىر كورۇنىدۇ.

— مەن سېنىڭ بۇنچىلىك ئىكەنلىكىڭنى بىلمىگەن ئىكەنمەن. سېنى ئەمدى چۇشەندىم، — دەپتۇ پادىشا.

— سەككىز خىل كىشىنى سەككىز ۋاقىتتا سىناش كېرەك، — دەپتۇ ۋەزىر، — يەنى شىجائەتلىك كىشىلەرنى جەڭدە، دىخانلارنى

www.uyghurkitap.com

تېرىقچىلىقنى، ئۇلۇغلارنى غەزىۋى كەلگەندە، سودىگەرلەرنى ھە-ساپ - كىتاپنى، دوستلارنى ھاجەت چۈشكەندە، ئەسىل ياخشىلارنى مېھنەت يەتكەندە، زاھىتلارنى ئاخىرەت ئىشلىرىنى مەھكەم تۇتۇشنى، ئالىملارنى بايان ۋە ئەمىر مەرۇپلاردا سىناش كېرەك.

ئىشقىلىپ، پادىشا ۋەزىرگە ھەرقانداق سوز قىلسا ۋەزىر ئۇنىڭ سوزلىرىگە خەنجەردىن ئىتتىك ۋە زەھەردىن ئاچچىق سوزلەر بىلەن جاۋاپ بېرىۋېرىپتۇ. پادىشا يۇۋاشلىق بىلەن چىداپ تۇرىۋېرىپتۇ.

بولسا ھەركىشى سەل - پەل ئەقلى بار،
غەزەپ چېغىدا ئاچچىقنى باسار.
ئاچچىق بولسىمۇ چىداش، دەرمەھەل،
لېكىن ئاقىۋەت بولغۇسى ھەسەل.

ئاخىرى ۋەزىر دۇئا ۋە سانا تىلىنى ئېچىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھىم، تەڭرىنىڭ سايىسى بولغان دۆلەتلىرىنىڭ سايىسى ئالەم ئەھلىنىڭ بېشى ئۈستىگە ئەبەدى چۈشۈپ تۇرسۇن ۋە ئۇلۇغۋارلىقلىرىنىڭ ئاپتىۋى شەرەپ ئەۋجىدە ھەمىشە پارلاپ تۇرسۇن. مەن قۇللىرىنىڭ بۇنداق بىئەدەپلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىم ھەزرەتلىرىنىڭ ماختىشقا لايىق زاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى. خۇداغا شۈكرى، ماڭا شۇنداق مەلۇم بول-دىكى، خۇشخۇيلۇقتا سىلىگە ئوخشاش كىشىدىن يەنە بىرى يوق ئىكەن. ھەرقانداق كىشى سىلىدەك سەۋرىلىك كىشىنىڭ ئۇلۇغۋا-غىغا تەسلىم بولىدۇ. ھۆكۈمرانلىق سىلىگە ئوخشاش يۇۋاش كىشىگە ياخشى يارىشىدۇ.

سوزدىكى لاپ بىلەن بولماس ئۇلۇغۋارلىق،
ھەم ئازار يەتكۈزۈش ئەمەستۇر شاھلىق.

دېگىلى بولغۇسى "خۇيى ياراملىق"،
چىرايىنى تۈرمىسەڭ كەلگەندە ئاچچىق.

— سەنمۇ بىلىسەن پىيلار، — دەپتۇ پادىشا، — مەن پادىشالىق ئىشىنىڭ بىناسىنى شەپقەت ۋە بىئازارلىق ئاساسىغا قۇرغانمەن. ئەگەر مەندىن كىشىگە سىياسەت ۋە جاپا سادىر بولسا، ئۇ باشقا ئىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەملىكەتنى چىڭ ئىدارە قىلىش، جاھاننىڭ ئىنتىزامىنى ساقلاش ئۈچۈندۇر. مېنىڭ ھىممىتىمنىڭ دەرياسى سېنىڭ ئۇ سۆزلىرىڭنىڭ سوغۇق شامىلى بىلەن غەزەپ مەۋجىنى پەيدا قىلىدىغان دەرىجىدە ئەمەس.

مەن ئەمەسمەن ھەر شامالدا شېخى تەۋرەنگەن تېرەك،
خەس ئەمەسمەن ياكى كويدۇرگەي مېنى بىر پارچە ئوت.
تاغ ئەمەسمەن ۋاقىراشقا بەرگىلى ئەكسى سادا،
ھەر ھاۋادىن تۆككىلى ياش مەن ئەمەسمەن يا بۇلۇت.

مەن ئىران دۆختنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇشتا بىئىختىيار بولۇپ قېلىپ خاتا قىلدىم. مەن خۇددى "ياخشى ئاتمۇ گايىدا مۇدۇرۇپ كېتىدۇ" دېگەندەك ئىش قىلىپ قويدۇم.

— ئۇ ئىش شۇنداقلا بىر يۈز بېرىپ قالدى، — دەپتۇ ۋەزىر، — شۇڭا گايىدا يۈز بېرىپ قالغان ئىشنى يوق ھېساۋىدا باسىمۇ بولىدۇ. ھېچقانداق يۇۋاشلىق ۋە سەۋرىنىڭ قىممىتى قۇدرەتلىك ۋە ئىقتىدار ئىگىسى بولغان پادىشانىڭ ئۆز ئالدىدا ھەددىدىن ئېشىپ بىئەدەپلىك قىلغان ئاجىز ۋە قابىلىيەتسىز خىزمەتكارنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى تەمكىن قۇۋۋىتى بىلەن كۆتۈرۈپ، چىرايىنى تۈرۈپ قويمىغانلىقىغا يەتمەيدۇ. چۈنكى تارىخلاردا ھېچقانداق پادىشا بۇنداق ئۇلۇغ ئەپۇ ۋە بۇنداق ئۇلۇغ ئېغىر-بېسىقلىق ھەم يۇۋاشلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن زىكىر قىلىنغان

ئەمەس.

— ئەگەر بەندە گۇنايىغا ئىقرار بولۇپ، ئۆزرە قويىدىغان بولسا، مەرھەمەتلىك كىشىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلماسلىقىغا چارىسى يوق. مەرت كىشىلەر ئالدىدا ئەلۋەتتە ئۆزرە قوبۇل بولىدۇ، — دەپتۇ پادىشا.

— ئۇنداق بولسا مەن گۇنايىمغا ئىقرار قىلىمەن، — دەپتۇ ۋەزىر، — مېنىڭ گۇنايىم شۇكى، سىلىنىڭ پەرمانلىرىنى تەخىر قىلدىم. تا ھازىرقى ۋاقىتقىچە ئىران دۇختىنى ئۆلتۈرمىدىم. ئەمدى ھەر نىمە قىلسىلا ئىختىيار ئۆزلىرىدە.

خاھى لۇتپى كورسىتىڭ، خاھ قەھرىلىك خەنجەر ئۇرۇڭ،
ئالدىڭىزدا باش قويۇپدۇرمىزكى قۇدرەت سىزدىدۇر.

پادىشا بۇ سوزنى ئاڭلاپ شاتلىق ئەسىرى چېھرىسىدە زاھىر بولۇپتۇ، شۇكرى سەجدىلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، شاتلىق نەغمىسىنى پەلەكتىن ئاشۇرۇپ:

خۇشخەۋەر كەلدى كوڭۇل سۇلتانلىغىغا ناگاھان،
خەستە بولغان تەن ئىچىگە كىردى گويا يېڭى جان.
غۇنچە ئىچرە ئۇ ئۇمىدىمنىڭ گۇلى پىنھان ئىدى،
ئېچىلىپ ئەمدى مېنى — غەمكىننى قىلدى شادىمان.

— سوزلىرىڭدىن ئىران دۇختىنىڭ ئولگەنلىگىنى پەملەتكىنىڭدە گەرچە مەن ئەجەپلەنگەن بولسامۇ، يەنە مېنىڭ كوڭلۇمنى ئىز-لەپ ئۇنى تىرىك ساقلىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئەقدە قىل-غانىتىم، — دەپتۇ پادىشا.

— مېنىڭ سىلە بىلەن بۇنداق ئۇزۇن سوزلىششىمدىكى غەرەز سىلىنىڭ ئاشۇ ھوكۇملىرىدە مەھكەم تۇرغان - تۇرمىغانلىق

لىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر ئاشۇ يارلىقلىرىدا چىك تۇر-غانلىرى مەلۇم بولسا، شۇ زامان بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولاتـتىم. ئۇ يارلىقتىن پۇشايمان قىلغانلىرى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، گۇنايىمنى ئىزهار قىلىپ، تەخىر قىلغانلىغىمغا ئۆزرە ئېيتتىم، — دەپتۇ ۋەزىر.

— سېنىڭ دانىشمەنلىگىڭ، هوشيارلىغىڭ، ئەقىل - پاراسەتـلىگىڭ ۋە ئىشنىڭ ئاخىرىنى كورۇش قابىلىيىتىڭ ماڭا ئەمدى بۇرۇنقىدىن ئارتۇقراق مەلۇم بولدى، — دەپتۇ پادىشا، — سەن ماڭا بۇ خىزمەتنى قىلدىڭ، پات پۇرسەتتە ئۇنىڭ ئەجرىنى كورىسەن، ئەمدى تېز بېرىپ ئىران دۆختقا يېتەرلىك دەرىجىدە ئۆزرە قويۇپ، ئۇنى بۇ يەرگە قايتىپ كېلىشكە ئۈندىگىن.

كەلگىن جېنىم ئەمدى ماڭا ئەيلە يارلىق،
بولدى قۇلاق خەۋەردە، كوز ئىنتىزارلىق.

پىيلار هىيلارىنىڭ قېشىدىن چىقىپ ئىران دۆخت تەرەپكە بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەپۇ قىلىنغانلىغىنى ئېيتىپ ۋىسال دولىتىدىن بىشارەت بېرىپتۇ.

غۇنچىدەك باغلانغان ئىشتىن نالە قىلما ئەي كوڭۇل،
كىم، سەھەرنىڭ سالقىنى كەلدى گىرە ئاچماق ئۈچۈن.

ئىران دۆخت شۇ زامان پادىشانىڭ خىزمىتىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە قۇللۇق شەرتىنى بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئەپۇ تاپقىنىغا مىننەتدارلىغىنى ئىزهار قىلىپتۇ.

— بۇ سۇيۇنچىنى پىيلاردىن كەلدى دەپ بىلىش كېرەك، — دەپتۇ پادىشا، — چۈنكى ئۇ بىزنىڭ بەختىمىزنى كوزلەپ، سېنى ئۆلتۈرۈشنى تەخىر قىلغانلىقتىن نىجات تاپتىڭ.

— مەن سىلىنىڭ ئۇلۇغ، سېخىلىقلىرىنى باغچىكە ۋە تۈگىمەس مەرھەمەتلىرىگە ئىشەنگەچكە، ئىشنى كەينىگە تارتتىم. بولمىسا مەن قۇللىرىدا سىلىدەك ئالى شان-شەۋكەتلىك سۇلتاننىڭ پەرمانىنى توختىتىپ تۇرغۇدەك ھەد نىمە قىلسۇن؟ — دەپتۇ ۋەزىر.

— خۇشال بولغىن پىلار، — دەپتۇ پادىشا، — ھازىردىن تارتىپ ساڭا مەملىكەتتە مېنىڭ پەرمانىم بىلەن ئوخشاش پەرمان يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنى بەردىم. ئەمدى مەملىكەتنى باشقۇرۇشتا قانداق ئىشنى قىلىشنى خالىساڭ ئۆز ئىختىيارىڭ.

— مەن بۇ قىلغان خىزمىتىم بىلەنمۇ تېخى ئىلگىرىكى مەرھەمەتلىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ بولالمىغان ئىدىم، — دەپتۇ پىلار، — ئەمدى يەنە مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈپ مىڭ تىل بىلەن ئېيتساممۇ بۇ قىلغان شەپقەتلىرىنىڭ شۈكرىنى ئادا قىلالمايدىغان بولدۇم.

گەر سۈسەن ھىساپسىز تىل چىقارسىمۇ،
ھېچ ئېيتىپ بولالماس باھار شۈكرىنى.

پېقىر قۇللىرىنىڭ سىلىدىن تىلەيدىغان ھاجىتى شۇكى، بۇندىن كېيىن ئىشلاردا يېڭىلىك قىلمىغايلا. ھەر بىر مۇھىم ئىشنىڭ ئاخىرىنى تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆرمىگىچە ھۆكۈم سۈرمىگەيلا.

— بۇ نەسىھەتىڭنى قوبۇل قىلغىنىم بىلەن ئاڭلايمەن. ئەمدى ئېيتقىنىڭدەك ھەر بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلسام سەندىن كېڭەش سوراپ، ئىجازەت ئالماي تۇرۇپ قىلماي، — دەپتۇ پادىشا.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋەزىرگە ھەم ئىران دۆلەتكە ئۆز دەرىجىسىگە لايىق سەرۇپايلارنى كىيدۈرۈپتۇ. شۇندىن كېيىن پادىشا پىراق كۆلبىسىدىن چىقىپ ۋىسال سارىيىغا ئۆلشىپتۇ ۋە ئۇ يەردە ئىشرەت مەجلىسىگە زىننەت بېرىپتۇ.

پادىشا ھازىرلاپ كاتتا زىياپەت،
ئىشرەت گۈلزارىغا بەردى زىننەت.

گۈل بەدەنلىك ساقىيلار كۈمۈش قەدەھلەردىكى سۈزۈك مەيلەرنى ئۇلاپەتلەرنىڭ ئاغزىغا قويۇشقا باشلاپتۇ. ئېسىل شاراپلار كوكرەك ئېقىنلىرىدا ئېقىپ بېرىپ، شاتلىق كوچەتلىرىنى سۇغۇرۇپ كوكەرتىپتۇ.

خۇشاللىق بېغىشلاپ ئېسىل مەي - شاراپ،
قىزىتتى ئويۇندا بازارنى قاپلاپ.

خۇش ئاۋاز سازەندىلەر ھەر خىل سازلار ناۋاسىنىڭ نالىسى بىلەن كوڭۈل قۇشلىرىنى سايرىتىپتۇ. ھەر تۈرلۈك نەغمىلەرنىڭ سادالىرى مىڭ تىل بىلەن جەننەت ئەيش - ئىشرەتلىرىدىن بىشارەت بېرىپتۇ: ئۇد يۈز داستانلىق لاتاپىتى بىلەن مىڭ داستان نەغمىسىدىن نىشان بېرىپتۇ. قالۇن دىلكەش ئاھاڭلىرى بىلەن مەسلەرنىڭ كوڭۈل ئەينىگىدىن كۇدۇرەت كىرلىرىنى ئەرتىپتۇ.

سازچىلار زوھرەدەك ئىدى خۇشناۋا،
ئاھڭى مۇشتەرى كەبى ئەجەپ ساز.
چىقاتتى قالۇندىن شاتلىق مۇقامى،
ھەر تارى بېرەتتى يېقىملىق ئاۋاز.

ئۇ كېچىسى ئۇلار ئەنە شۇنداق ئەيش - ئىشرەت بىلەن كۈن ئوتكۇزۇپتۇ.

پادىشا بارلىق ئامۇخاسىنى يىغدۇرۇپ، ئوزى ئادالەت تەختىدە بەرقارار بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر پىيلار ئوزىگە، ئىران دۇختقا ۋە پەرزەنتلىرىگە ھەم كامالغا ۋاكالىتەن، پادىشا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، بەرەھسەنلەرنىڭ ئۈستىدىن داتلاپتۇ. ئۇنى ئاڭلىغان پادىشا: "دەرھال كاردۇن ھەكىمنى ھازىر قىلىڭلار، ئۇ نىمە قىلىشنى لايىق كورسە شۇنى قىلايلى!" دەپ پەرمان بېرىپتۇ. مۇلازىملار بېرىپ كاردۇن ھەكىمنى ئېلىپ كېلىشىپتۇ.

— بۇلارنىڭ بەزىسىنى دارغا ئاسماق كېرەك، بەزىسىنى پىلىنىڭ ئاستىغا تاشلاپ يەنچىپ ئولتۈرمەك كېرەك، — دەپتۇ كاردۇن ھەكىم.

پادىشا كاردۇن ھەكىمنىڭ ھوكمىگە ئەمەل قىلىپتۇ.

كىمكى زۇلۇم شەمشىرىنى چىقاردى،
ئاشۇ شەمشەر ئۇنىڭ كوكسىنى ياردى.
سەندەلنى كور قاتتىق قىلغاچ يۈزىنى،
يىدى سانسىز بولقىلارنىڭ زەربىنى.

دۈشمەننى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، پادىشا مەملىكەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئىران دۆخت بىلەن ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇپ، بەخت-دولەتنىڭ كەيپىنى سۈرۈپتۇ.

تۈت غەنىمەت بۇ كېچە ئىشرەتىنىكىم،
تاڭلىنىڭ ئەھۋالىنى كىم بىلگۇسى.

مانا بۇ يۇۋاشلىق ۋە ئېغىرلىقنىڭ پەزىلىتىنىڭ داستانى ۋە ئۇنىڭ باشقا خۇلۇق-مىجەزلەردىن ئەۋزەللىگىنىڭ بايانى. ئەقىللىق كىشىلەرگە مەخپى ئەمەسكى، بۇ ھىكايەتلەرنىڭ پايدىسى ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىبرەت ئېلىپ، ھوشىنى تېپىشى ئۈچۈندۇر. ئەقىللىق كىشىلەر بۇرۇن ئوتكەن كىشىلەرنىڭ يۇقۇرىدىكى تەجرى-

بىلىرمىنى ۋە ھوكۇمالارنىڭ ئىشارەتلىرىنى ئۆز ئىشلىرىغا پىشۋا قىلىشى، **ئەل** ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى ياخشىلاش بىناسىنى ھېكمەت ۋە ئىلىم-بىلىم ئاساسىغا قويۇشى، غەزەپ ۋە يەڭگىللىكتىن يېنىپ، سەۋرە ۋە چىدامغا توختىشى كېرەك. ئەگەر ھەر كىم تەڭرىنىڭ ئەنە شۇنداق مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن بولسا، ئۇنىڭ ھىممىتىنىڭ بېشى تەۋەززۇ تاجى بىلەن زىننەت تېپىپ، سۇپىتىنىڭ قامىتى يۇۋاشلىق لىباسى بىلەن جابدۇنىدۇ. بىلمەك كېرەككى، تەۋەززۇ ۋە يۇۋاشلىق دۇشمەننى دوست، دوستنى تۇققاندىمۇ يېقىن قىلىدىغان سۈپەتتۇر.

گەر تەۋەززۇ كورسىتىپ بولساڭ يۇۋاش،
دۇشمىنىڭمۇ بولغۇسىدۇر ساڭا يار.
ھېچ كىشىگە قىلمىساڭ قەھرۇ غەزەپ،
مەقسىدىڭ بويىچە يۈرگەي روزىگار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئون ئۈچىنچى باپ

# ئىككى يۈزلىمىچىلەر ۋە خىيانەتكارلارنىڭ سۆزلىرىدىن پەرھىز قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا

بۇ داستان تامام بولغاندىن كېيىن، بىدپاي ھەكىمگە راي دابشىلىم سانا تىلىنى ئېچىپ شۇنداق دەپتۇ:

قىلدى روشەن بۇ ئەقلىمگە بارچە مەسەل زىكرىڭىز،
ھەممە قېيىن - مۇشكۇلۇمنى يەشتى ئۆتكۈر زېھنىڭىز.

— يۇۋاشلىق ھەم چىدامىلىقنىڭ پايدىلىرى ۋە ئاچچىقى تېزلىك بىلەن يەڭگىللىكنىڭ زەرەرلىرى توغرىسىدىكى، شۇنىڭدەك ئېغىر - بېسىقلىق قىلىشنىڭ پادىشالار ئۈچۈن ھەممە سۈپەتلەردىن ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلارنى ئاڭلىدىم. ئەمدى ئىلتىماسىم شۇكى، پادىشالارنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچلىك مۇلازىملارنى ساقلىشىغا ئائىت سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈپ بەرسەڭ ئىدى. قايسى تائىپە تەربىيەتنىڭ قەدرىنى ياخشى بىلىدۇ ۋە نېمەتلەرنىڭ شۈكرىنى ئوبدان بىجا كەلتۈرىدۇ؟

بەرەھمەن ئۇنىڭ سانىسىغا جاۋابەن دۇئا باشلاپتۇ:
— ھەقتائالانىڭ مەدىتى بىلەن نۇسرەت سارىيىدىن يۈز ئورۇسىتىدىغان بارلىق دولەت توھپىسى ۋە خۇدانىڭ يار - مەدەتكارلىقى بىلەن ئىقبال مەنزەرىدە جىلۋە قىلىدىغان ھەر بىر سائادەت ھەدىيىسى پەقەت جانابىڭىزنىڭ سەلتەنەت تەختىڭىزگىلا خاس بولسۇن.

ئەرتقۇسى چاڭنى سابانىڭ ۋاستىسى بىرلە چىمەن،
ھەم قىزىل گۈل يۈزىدىن ھەم لالىنىڭ رۇخسارىدىن.
بۇيى جەننەت ئۇندا بولغان دولىتىڭ رۇخسارىنى،
ئاسرىسۇن تەڭرىم خازاننىڭ ئاپىتى - ئاسارىدىن.

پادىشالار ئوز مۇلازىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى سىناق بوتىسىغا سېلىپ، ھەر بىرىنىڭ ئىخلاس ۋە ئەقىدە، چارە - تەدبىر ۋە نەسىھەتلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئولچەپ بېقىشى كېرەك. قايسىسى پەرھىزكار ۋە ئامانەتدار بولسا، ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلىشى كېرەك. چۈنكى پادىشانىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ سەرمايىسى راستچىللىقتۇر. لېكىن دىيانەت بولمىسا راستچىللىق ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ. ئۇنىدىن باشقا دانىشمەنلىكنىڭ ھەقىقىتى تەڭرىدىن قورقماقتۇر - تەڭرىدىن قورقمىغان كىشى ھەرقانچە ئەقلى بولسىمۇ ئالىم ئەمەس. ھەرقانداق مۇلازىم تەڭرىدىن قورقىدىغان بولسا ئۇنىڭغا ھەم پادىشانىڭ ئىشەنچى زىيادە بولىدۇ، ھەم پۇقرالارنىڭ ئۈمىتۋارلىقلىرى ئاشىدۇ.

پۇقرالار ياشىسا تەڭرىدىن قورقۇپ
مەملىكىتىڭ كەتكۈسى ئاۋات بولۇپ.
ۋەزىر بولسا تەڭرىدىن ئەندىشە ناك،
رەنجىمەس ئەل، بولمىغاي سۇلتان ھالاك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لېكىن ھەرگىزمۇ قەلبى ئەگرى ۋە يالغانچى كىشىلەرنى پادىشالىقنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرىغا مەھرەم قىلغۇلۇق ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭدىن دەخلى يېتىدۇ؛ مەدەت قىلىدىم دەپ قىلغان ئىش-لىرىدىن زەرەر كېلىدۇ.

— بۇ توغرىدىكى سوزلەرنى تەپسىلى سوزلەشكە تېگىشلىك، — دەپتۇ پادىشا، — چۈنكى بەد ئىسىل كىشىلەر كوپىنچە ھاللاردا دەسلەپتە ياخشى سۈپەتلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. لېكىن ئاخىرىدا ئۇ ياخشى خۇيلىرىدىن يېنىۋىلىپ، يامان خىسلەتكە تۇتۇش قىلىش بىلەن كىشىنىڭ تەربىيىتىنى بەربات قىلىۋېتىدۇغۇ؟

بەد ئىسىللار گەرچە باشتا قىلسىمۇ مېھرۇ ۋاپا،
ئاخىر يېنىپ ئۇ پەيلىدىن قەست قىلىپ ئەيلەر جاپا.

— بۇ گەپنىڭ تەپسىلاتى شۇكى، — دەپتۇ بەرەھمەن، — پا-دىشاغا خىزمەت قىلىدىغان كىشىدە ئۇچ سۈپەت بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئامانەتكارلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان كىشى خۇدانىڭمۇ ۋە بەندىنىڭمۇ نەزىرىدىن ئوتەلەيدۇ. ئۇنداق كىشىلەر سەل-تەنەت ئەسرارلىرىغا مەھرەم بولۇشقا ۋە مەملىكەت ئىشلىرىغا ئور-تاقلىشىشقا يارايدۇ. ئىككىنچىسى، راستكۇيلۇق، چۈنكى يالغانچىلىق كاتتا ئەيىپتۇر. پادىشا بولغان كىشى يالغان ئېيتقۇچىلاردىن پەرھىز قىلىشى كېرەك. ئەگەر كىشى ھەممە ياخشى سۈپەتلەرنى ئوزىگە جەم قىلغان بولسىمۇ، يالغان سوزلەشنى تاشلىمايدىغان بولسا ئىشەنچكە يارىمايدۇ. ئۇچىنچىسى، ئىسىللىق، پاكلىق ۋە ئالى ھىممەتلىك. چۈنكى خەسىس ۋە ھىممەتسىز كىشى ئىنئام ۋە ئىز-زەت ـ ئىكرامنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. شامال قايسى[1] تەرەپكە چىقسا شۇ يانغا بۇرىلىدۇ، كوڭلى قاياققا باشلىسا شۇ تەرەپكە كې-تىۋېرىدۇ. بۇنداق بىۋاپالار توغرىسىدا ئېيتىلغان بېيت بار:

دوستلۇقنىڭ يولىدا باسقىل توپىدەك مەزمۇت قەدەم،
يەل كەبى تاكى يۈرەرسەن ھەردەم ئۆزگە كويى بىلەن.

پادىشالارمۇ مۇلازىملارغا مۇئامىلە قىلىشتا دانا تېۋىپتەك بولۇشى، يەنى تېۋىپ بىمارنىڭ ھەقىقى كېسىلىنى كۆرۈپ، ئالامەتلىرىنى سوراپ بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىشقا مەشغۇل بولمىغىنىدەك، ھەر بىر مۇلازىمنى ياخشى سىناپ كۆرمىگىچە ئۇنىڭغا تەربىيەت قىلماسلىقى كېرەك، ياخشى سىناپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ياخشى خۇيلۇق ۋە دىيانەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئىخلاسىنى ھەم چىن كۆڭۈللۈكلۈكىنى بىلگەن زامان ئۇنى تەربىيەت قىلىشقا مەشغۇل بولۇپ، كۈندىن-كۈنگە ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتىرىشى، ئاستا-ئاستا ئۇنى سىر-ئەسرارلىرىغا مەھرەم قىلىپ، يېقىنلىق دەرىجىسىگە كەلتۈرۈشى كېرەك. لېكىن كىشىگە ناھايىتى تېزلا ئىشىنىپ كەتسە ئۇ ئاقىۋەت ھەسرەت-نادامەت كەلتۈرىدۇ. شۇڭا پادىشانىڭ مۇلازىملىرى ھەم مال-دۇنيا ۋە مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ ئەسرارىدىن غەيرى كىشىلەر ۋاقىپ بولالمىغۇدەك، ھەم لەشكەر ۋە پۇقرالار ئۇنىڭدىن زەرەر ۋە ئازار كۆرمىگۈدەك دەرىجىدە ئىشەنچلىك، ئامانەتدار ۋە دىيانەتكار بولۇشى كېرەك. خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر يېقىن كىشىلەردىن بىرەرسى دىيانەتسىز ۋە بىۋاپا بولۇپ قالسا، ئەگەر پادىشا ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدىغان بولسا، ئۇ يالغان سۆز بىلەن بىگۇنا كىشىلەرنى ھالاكەتكە يەتكۈزىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىشنىڭ شۇملۇقى پادىشانىمۇ بەتنام قىلىدۇ. ھەم ئۆزىنىڭ ناپاك زاتىغىمۇ ئەسەر يەتكۈزىدۇ. بۇ سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلاردىن بىرى زەرگەر ۋە سەييياھنىڭ ھېكايىسىدۇر.

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ راي.

— ھەلەپ شەھىرىدە بىر پادىشا بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ بەرەھمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھەلەپ پادىشاسى ۋە زەرگەر بىلەن سەييارنىڭ ھېكايىسى

ھەلەپ شەھىرىنىڭ بىر پادىشاسى بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى نامدار ۋە سائادەتلىك پادىشا ئىكەن. زامان سۇلتانلىرىنىڭ كۆپلىرى ئۇنىڭ خىزمەت ھالقىسىنى جان قۇلىقىغا سېلىشقان، دەۋران خاقانلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۇنىڭ مۇلازىمەت تونىنى ئۇچىسىغا كىيىشكەن ئىكەن.

زېمىن يۈزى ئەدلىدىن زىننەت تاپقان بىر سەرۋەر،
زامان ھۆسنى رايىدىن بىرەك ئالغان بىر قەيسەر.
ئۇ زەڭگىگە پۇت قويۇپ قىلسا يۈرۈش ھەر تامان،
ھەر قەدەمدە بىر يېڭىش — زەپەر بولاتتى ئايان.

بۇ پادىشانىڭ ناھايىتى گۈزەل بىر قىزى بار بولۇپ، ئۇنىڭ رۇخسارىنىڭ نۇرى كۈننىڭ چېھرىسىنى نۇرلۇق قىلىۋەتكەن ۋە زۇلپىنىڭ خۇشبۇيى روزىگارنىڭ دىمىغىنى خۇشپۇراق قىلىۋەتكەن ئىكەن.

يۈزىنىڭ كۆنلۈكى ئايغا داغ سالغان،
چېچىنىڭ رەشكىدىن ئىپار ئىچى قان.
ئاغزى گويا بىر كىچىك ئۈزۈككە تەڭ،
لېۋى ئۇنىڭغا ياراشقان لەئلى خۇشرەڭ.
يۈزى ئوت ئىدى ئۆزگە، تېنى كۈمۈش،
لېكىن يوق ئىدى ئوتتىن ھېچ قورقۇنچ.

پادىشا بۇ يالغۇز گوھىرىنى غەيرىنىڭ كۆزىدىن ئاسراپ

پىنھاندا ساقلايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ قىزىغا ياسىداق ئەتتۇرمەك-
چى بولۇپ: "ئۆز ھۈنىرىدە كامىل بولغان بىر ئۇستا زەرگەر
تېپىڭلار. بۇ كۆزۈمنىڭ نۇرى ھەم كۆڭلۈمنىڭ سەرۋىرى ئۈچۈن
زىننەتلىك تاج، كىيىم-كېچەككە قادايدىغان بېزەكلەر، سىرغا
ھۆققە، ئۈزۈك، بىلەيزۈك ھەم پۇت بىلەيزۈكلىرىنى، ئىشقىلىپ
ئۇنىڭغا كېرەكلىك بولغان جابدۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەتسۇن"
دەپ بۇيرۇپتۇ.

ئۇ شەھەردە بىر زەرگەر بار بولۇپ، ئالەمنى يورۇتقان
ئاپتاپ ئۇنىڭ ئالتۇن ئېرىتىدىغان ئوچىقى ئىكەن، نۇر چاچقان
ئاي ئۇنىڭ كۈمۈش ئېرىتىدىغان بوتىسى ئىكەن. جوھەرشۇناسلىقتا
شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى، سەدەپنىڭ ئاغزىنى ئاچماي تۇرۇپ ئىچى-
دىكى گوھەرنىڭ قىممىتىنى تونۇپ بولالايدىكەن؛ ئالتۇن-كۈمۈش-
نىڭ سۈپىتىنى بوتىغا سالماي تۇرۇپلا بىلىپ ئالالايدىكەن.

زېھنى-ئىدراكى ئىدى ئەينى ھۈنەر،
ئېتىۋارلىق ھۈنىرىدە كېتەتتى زەر.
كىشى بىلمەس كۆپ ئىشلارنى ئۇ بىلەتتى،
ئەقىل يەتمەس كۆپ ئىشلارنى ئۇ قىلاتتى.

مۇلازىملار ئەنە شۇ زەرگەرنى تېپىپ كەلتۈرۈشۈپتۇ. پادىشا
ئۇنى ھەرەم سارىيىغا چاقىرتىپ، ياسىداق جابدۇقلىرىنى ياساش
توغرىسىدا ئۇنىڭدىن بەزى سوئاللارنى سوراپتۇ. ئۇ بولسا ئۆز
جاۋابىدا ناھايىتى لاتاپەتلىك ۋە دىلنى مەھلىيا قىلىدىغان سۆز-
لەرنى سۆزلەپتۇ. ئۇ مەرت زەرگەرمۇ ناھايىتى خۇشچىراي ۋە
شىرىن سۆزلۈك كىشى ئىكەن، شۇڭا پادىشا ئۇنى دوست تۇتۇپتۇ
ۋە داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرىدى-
غان بولۇپ قاپتۇ. ئۇمۇ پادىشانىڭ بۇ رىغبىتىنى چۈشىنىپ، كۈن-
دىن-كۈنگە ئاجايىپ ھۈنەر ۋە غارايىپ ئەپسانىلەر بىلەن ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆڭلىنى ئازدۇرۇپ ئۆزىگە قارىتىۋاپتۇ. پادىشا ئۇنىڭ ياخشى سۆزلىرى ۋە قىزىق ماقاللىرىنى تولا ئاڭلىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا جاۋابەن، ھەر سائەتسېرى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئىلتىپاتىنى ئارتتۇرۇۋېرىپتۇ. نەتىجىدە، بېرىپ-بېرىپ، ئۇ سەلتەنەت ھەرەمگە ئىچكى مەھرەم بولۇپتۇ-دە، ئاپتاپ ۋە ئاي بېشىغا تېخى سايە سالمىغان پادىشانىڭ قىزى ئۇنىڭغا پەردە ئىچىدىن جاي بېرىپتۇ.

گەر بولسا كىمەرسە مەھرەمى دىل،
دىلبەر ھەرىمىدە تۇتقاي مەنزىل.

بۇ پادىشانىڭ بىر ۋەزىرى بار بولۇپ، سۇزۇك ئەقىل ۋە تۈزۈك تەدبىرگە ئىگە بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، پۈتۈن دۆلەت ئەھلى ئۇنىڭ روشەن رايىغا پۈتۈنلەي ئىشەنچ باغلىغان ئىكەن. ئۇنىڭ قەلىمىنىڭ ئۇچىدىكى سىياسىنىڭ بىر تامچىسى مىڭلاپ ھايات بۇلىقىنى پەيدا قىلىدىكەن. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۇنىڭ ھايات بېغىشلىغۇچى خاسىيەتكە ئىگە بولغان قەلىمىنى تىرىكلىكنىڭ مەدىتى دەپ بىلىدىكەن. بۇ ۋەزىر پادىشانىڭ زەرگەرگە قىلىۋاتقان تەربىيەتلىرىنى تېگىشلىك دەرىجىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، پادىشاغا ھاۋادارلىق ۋە دۆلەتخاھلىق يۈزىسىدىن نەسىھەت باشلاپتۇ:

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ ئۇ، — بۇرۇن ئۆتكەن پادىشالار ھۈنەرۋەنلەرنى خادىملىرى ۋە يېقىن كىشىلەرنىڭ قاتارىغا ئالمىغان ھەم ئۆزىگە، ھەم سوھبەت قىلىپ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىغان. ۋاھالەنكى سىلە بۇ كىشىنى ھەرەملىرىگە مەھرەم قىلىپتىلا ھەم ئۇنى ھېچبىر سىناپ باقمايلا ئۆز سىرلىرىغا شېرىك قىلىپتىلا. مېنىڭ بايقىشىمچە، بۇ ئادەم خەسىس ھەم قەلبى ناپاك ئادەمدەك قىلىدۇ. چۈنكى مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ سۆز بىلەن كىشىنىڭ زەرىرد-

گە ۋە ئازارىغا ئىشارەت قىلغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ خۇدايىتائالانىڭ ئەمرى ۋە نەھىيلىرىنى مۇلاھىزە قىلمايدىكەن. بۇنداق كىشىلەردىن ۋاپادارلىق ۋە ھەق ساقلاشنى ئۈمىت قىلغىلى بولمايدۇ.

تاما قىلسا كىم ۋاپا خەسىستىن،
ئىستىگەن بولار مىۋە سۆگەتتىن.

مەن يەنە، ئۇنىڭ سىلە بىر كىمگە ئىنئام ۋە ئىھسان قىلغان ۋاقىتلىرىدا، ھەسەت قىلىپ ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىگۈدەك بولغانلىقىنىمۇ كۆپ كۆردۈم. ھوكۇمالار: "تەبىئىتى پەس، بېخىللارنىڭ ئالامىتى شۇكى كىشىنىڭ كىشىگە سېخىلىق قىلغىنىنى كۆرەلمەيدۇ" دىگەن ئىكەن.

ئىنئامنى كۆرسە ئەگەر ھەسەتخور،
جېنى كۆيۈپ دۇت ئۆرلىگۈسىدۇر.
ئاشقا چىللىساڭ يامان نىيەتنى،
ئاشتىن تولاراق يىگەي ھەسەتنى.

پادىشالار ئۆز سۆھبەتلىرىدە، ئۆز ئىززىتىنى بىلىپ، ئىسىللىقنى پەزىلەت قىلغان كىشىلەرنى سۆھبەتداش قىلىشى، بەد ئىسىل ۋە جاھىل كىشىلەردىن پەرھىز قىلىشى كېرەك. چۈنكى بۇ تائىپە دىيانەتسىز بولىدۇ. ھەرقانداق كىشىدە دىيانەت ۋە ئامانەت سۈپىتى بولمىسا، ئۇنىڭدىن ھەرقانداق ئەيىپ ۋە ھەرقانداق يامان قىلىق سادىر بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەك كېرەك.

كىشىدە يوقتۇر دىيانەتتىن نېسىپ،
گەر يامان ئىش قىلسا ئۇ بولماس ئەيىپ.
ئالەم ئىچرە يا نىھان يا ئاشكار،
ھەر يامان ئىش بىددىيانەتتىن چىقار.

www.uyghurkitap.com

— بۇ يىگىت چىرايلىقكەن، — دەپتۇ پادىشا، — سۈرىتىنىڭ زىبالىقى قەلبىنىڭ پاكىزلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ھەر نەرسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئىچكى دۇنياسىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. بۇزرۇكلار: "ماۋزۇنىڭ ياخشىلىقى قىسسىنىڭ قىزىقلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ" دېيىشكەنغۇ؟

نامەنىڭ ئىنشاسىدىن مەلۇم ھامان،
كى ئۇنىڭدا ياخشى سۆزمۇ يا يامان.

— ھېكمەت مەكتەپخانىسىدا سۈرەتنىڭ خۇيپىلۇغىنىڭ سىرىنى ئوقۇمايدۇ ۋە ياخشى سەنئەتتىن① باشقىنى كامالەت ئايىتى دەپ بىلمەيدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر، — چۈنكى جاھاندا نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۆزىنىڭ زىبا سۈرىتى بىلەن خالايىقنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئۇتۇۋالىدۇ، ئەمما قەلبىنى ئىمتىھان قىلىدىغان بولسا ھېچ نەرسىگە ئالغۇسىزدۇر. بىر ھوكۇمانىڭ كەلتۈرگەن بىر مىسالىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: "بىر ھەكىم ناھايىتى چىرايلىق بىر جۇۋاننى كۆرۈپتۇ ۋە كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ قېشىغا بېرىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن بىر زەررىچە ئەرزىگۈدەك مەنا تاپماپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ: "ئەجەپ ياخشى ئۆي ئىكەن. ھەي ئىست، ئىچىدە كىشى يوق ئىكەن دەپتۇ." بەس، بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، سۈرەتكە پەرىشتە بولغۇلۇق ئەمەس ۋە كىشىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئۇنىڭدىكى مەنىنى ئۆلچەپ باققاندىن كېيىن بىلمەك كېرەك.

سۈرىتى ئوخشاش لېكىن مەنىسى بولغاچ ئۆزگىچە،
بىر قومۇشتىن بورىيا ھاسىل بولۇر بىردىن شېكەر.

① بۇ يەردىكى سەنئەت ھۈنەر قابىلىيەت، ئەخلاقىدىكى ياخشىلىقى، ئىلىم - بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

— سۈرەتنىڭ خۇپلۇغى مىزاجىنىڭ موتىدىل ئىكەنلىكىگە گۇۋا بولالايدۇ، — دەپتۇ پادىشا، — مىزاجى موتىدىل كىشىگە قىلغان تەربىيەت زايا كەتمەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا تەربىيەت قىلسام ئۇ ياخشى سۈپەتلەرنى ئۆگىنىدۇ. سەن تەربىيەت قىلىشنىڭ نەتىجىسى قارا تاشنى لەئلى ياقۇت، قارا قاننى ئىپار ۋە يامغۇر قەترىسىنى گوھەر قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

گەر تەربىيەت تاپسا قەترە گوھەر بولغاي،
قانىمۇ كىندىك ئىچرە تۇرۇپ ئىپار بولغاي.
تومۇرگىمۇ گەر ئەيلىسە كوپ تەربىيەت،
قارىلىقى كېتىپ ئومۇ ئاق زەر بولغاي.

— ئەي پادىشاھىم! — دەپتۇ ۋەزىر، — تەربىيەت دىگەنمۇ ئۆز زاتىدا ئىسىللىق بار بولغان كىشىگە لايىق كېلىدۇ. چۈنكى ھەممىلا تاش گوھەرگە ئايلىنىۋەرمەيدۇ. ھەممە قان ئىپارغا ئۆزگەرمەيدۇ. ئەسكىلەرنى مىڭ يىل تەربىيىلىگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىلىق تاما قىلىش راۋا ئەمەس.

سوگەتكە قىلساڭمۇ ئۇددەك پەرۋىش،
ئۇدىنىڭ بۇيىنى بەرمىگەي ئۇ ھىچ.

بېخىلنى مىڭ قېتىم ئۆزگەرتسىمۇ ئۇنىڭ زاتىدىكى جوھەر ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ توغرىدا بىر ئەزىز كىشى:

بىلىڭكى جاھان ئىچرە ھىچ ھايۋان،
نەسىھەت بىلەن ئادەم بولمىغاي.
ئىت چىۋىنى گەر ئۆگەنسىمۇ سوز،
قەلبى ئۆزىدىن غەيرى بولمىغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— دەپ توغرا ئېيتتقان. ئەگەر بۇ ئوزلىرى ئۇچۇنمۇ ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، مۇنداق ناجىنس بىلەن مۇئامىلە قىلمىغايلا، چۈنكى شاھزادىگە يەتكەن ھادىسە سىلىگىمۇ يېتىپ قالمىسۇن يەنە.

— ئۇ قانداق ھادىسە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— پارس شەھەرلىرىدىن بىرىدە، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ ۋەزىر.

## پارس شاھزادىسىنىڭ ھېكايىسى

پارس شەھەرلىرىدىن بىرىدە، قەلبى ياخشى، مىجەزى ئوبدان بولغان بىر پادىشا بار ئىكەن، ئۇ جاھاندارچىلىق بىناسىنىڭ ئۇلىنى خەلقپەرۋەرلىك ئاساسىغا قۇرغان ۋە پەرمان يۈرگۈزۈش تەختىدە ئادالەت ۋە مەرھەمەت يولىنى تۇتقان پادىشا ئىكەن.

ئاچقان ئىدى ھەشەمەتلىك ئەدلى قولىن ئالەم ئۇزرە،
جەبرۇ زۇلۇم پۇتلىرىنى باغلاپ ھەيۋەت زەنجىرىدە.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ پادىشانىڭ خوتۇنى شاھىنشاھلىق ئەسرى پېشانىسىدا، جاھانپانالىق ئالامىتى چېھرىسىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ.

مۇشتىرى بۇ پەرى يۈز يۇلتۇز تۇغۇلغانىنى كورۇپ،
قىلدى ئىناپ، دىدى شۇدەم:" ياخشى سائەت شۇ ئىكەن".

بۇ گودەكنىڭ دولىسىدا ئالقانچىلىك چوكلۇقتا قارا خال بار ئىكەن. پادىشا ئۇنى كورۇپ ھوكۇمالاردىن:

— بۇ ئالامەتنىڭ خاسىيىتى نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كىتاپتا كۆرۈشىمىزچە، ھەر كىشىدە بۇنداق ئالامەت بولسا خەتەرلەرگە ئۇچرار، ئەمما پۈتۈن ئالەمنى ئۆزىگە قارىتىدىغان جاھانگىر پادىشا بولۇر، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھوكۇمالار.

پادىشا ئۇ بىشارەتتىن خوشال بولۇپ، ئۇنىڭغا ياخشى تەربىيەتلەرنى قىلىپتۇ. ئۇ پادىشانىڭ باغلىرىدىن بىرىنىڭ تۈۋىدە بىر موزدۇز بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى دىيانەتسىز، كۆڭلى ئەگرى ئادەم ئىكەن. پادىشا ھەقەمسايىلىق ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىكەن. شاھزادە توت ياشقا كىرگەندە ئۆيدىن چىقىپ ھەر تەرەپلەرگە بېرىپ ئوينىشقا باشلاپتۇ. ئۇ كۆپىنچە موزدۇزنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ ئوينايدىكەن. پادىشانىڭ ۋەزىرى بۇ ھالدىن خەۋەردار بولۇپ پادىشاغا ئەرز قىلىپتۇ:

— ئەي پادىشاھىم! شاھزادىنى موزدۇز بىلەن سوھبەتلىشىشتىن مەنئى قىلماق كېرەك، شاھزادە موزدۇزنىڭ يامان خۇيلىرىنى ئۆگىنىپ قالمىسۇن. چۈنكى گودەكلەر قايسى تائىپەگە قوشۇلسا شۇنىڭ رەسمىنى ئۆگىنىپ قالىدۇ. سۇمۇ نىمىگە قوشۇلسا شۇنىڭ رەڭگىگە كىرىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟

— بۇ بالا تېخى كىچىك. ئۇ ھازىر موزدۇزغا ئىچىكىپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىۋەتسەم كۆڭلى پەرىشان بولىدۇ. ھازىرچە سەۋرە قىلايلى. چوڭ بولۇپ ئەقلىگە كەلگەندە، نەسىھەت قىلىپ ئۇنىڭ مەيلىنى ياندۇرايلى! — دەپتۇ پادىشا.

ۋەزىر خامۇش بولۇپ قاپتۇ. پادىشا موزدۇزنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئىلتىپات كۆرسىتىپتۇ، جىق ۋەدىلەرنى بېرىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ پەرزەنتىم سەن بىلەن ئۈلپەتلىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ساڭا تاپىلاپ قوياي. سەن بۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغىن. مەن ساڭا كاتتا ئىنئاملارنى بېرىمەن.

موزدۇز توققۇز پۈكۈلۈپ تازىم قىلىپتۇ ۋە دەپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھەممە تۈنلەر ئىچرە بولغۇن كۈن چىرىغلىق،
يەر - جاھاننى يورۇتقۇچى گۈلزار بېغلىق.

بېقىر قۇللىرى گەرچە بۇ ئىشتا ئۆزەمنى قابىل دەپ بىلمەسەممۇ، ئەمما سىلىنىڭ نەزەرلىرى قارا تۇپراقنى زەر، قارا تاشنى گوھەر قىلىدىغان كىمىيادۇر.

جان كىرەر تۇپراققا سەن دەسسەپ ئاڭا ئۆتسەڭ ئەگەر،
تاشلار ئالتۇن بولغۇسىدۇر گەر ئاڭا قىلساڭ نەزەر.

مەن بارلىق ھىممىتىمنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا سەرپ قىلىمەن. ھەممە ھاياتىمنى ئۇنىڭ تەربىيىتىگە ئىشلىتىمەن.

شۇنداق قىلىپ، موزدۇز شاھزادىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ۋەدە بېرىپتۇ ۋە ئەتىسىگەن - كەچتە ئۇنى پەرۋىش قىلىشقا مەشغۇل بولۇپتۇ ھەم بۇ خىزمىتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئوردىغا كىرىپ چىقىدىغان بولۇپتۇ. بىرىپ - بىرىپ، پادىشاغا يېقىنلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپتۇ.

ئەگەر قىلسا ھەر كىشى ياخشى خىزمەت،
تاپار تەكتۈشلىرىدىن ئارتۇق ئىززەت.

موزدۇز شاھزادىنى كۈندۈزى باغلارنى تاماشا قىلغىلى ئاپىرىدىكەن. كەچتە ئەپكىلىپ ئۆز ئۆيىدە قوندۇرىدىكەن. گاھىدا باغلاردىمۇ قونۇپ قالىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ موزدۇزنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئوغلىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەنە بىرمۇنچە سۆزلەرنى تەكىتلەپ ۋەسىيەت قىلىپتۇ. شۇندىن كېيىن بارلىق خاس مۇلازىملىرى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

پادىشانىڭ شەھەر ئەتراپىدا بىر چارباغى بار بولۇپ، تاڭ شامىلى ئۇ باغنىڭ بىنەپشىسىنىڭ زۇلپىدىن ئالەم خېرىدارلىرىغا مۇشكى زەپەر ئاچىدىكەن؛ شامال ئەتىتارى نەسرىن گۈللەرنىڭ خۇشبۇيىدىن يۇراق تىلەيدىكەن. تۇبى ۋە سەدرە دەرەخلىرىنىڭ گۈلى ئېچىلغان ۋاقىتىدا بۇ باغدىكى بېشى ئاسمانغا تاقاشقان دەرەخلەرنىڭ چىچەكلىرىدىن لەتاپەت قەرز ئالىدىكەن.

رەشك ئېتەر ئۇ باغدىن جەننەت بوستىنى،
خۇددى ھور ئىدى ئۇنىڭ ھەر رەيھىنى.
نەرگىس زەرجام، ياسەمەن ساقىي بولۇپ،
گۈل سۇرۇق مەي ئىچىپ تۇرغان مەس بولۇپ.
بار ئىدى يەنە چىرايلىق غۇنچىلەر،
قۇيۇلغان ئىچىگە لالىرەڭ مەيلەر.
قۇيضلى جاملارغا شاراپ سۇيىنى،
ھەممە تۇتۇشقان تۇۋەن بېشىنى.
بۇلبۇللار چېلىشقان ئۇندا نەغمە ساز،
چىقىرىپ خۇش ناۋا بىرلە شات ئاۋاز.

پادىشا سەپەرگە كەتكەندىن كېيىن شاھزادە مىزدۇز ۋە يەنە بىرنەچچە مەخسۇس قۇللىرى بىلەن بىللە باغ سەيلىسىگە بېرىپتۇ. مىزدۇز شاھزادىنىڭ بېشىغا بىزەكلىك قىممەت باھا تاج، ئۇستىگە قىممەت باھالىق مەخسۇس تىكىلگەن لىباسلارنى كىيگەنلىكىنى كورۇپ، خەسىلىق جوھىرى ۋە پەسىلىك تەبىتى ھەركەتكە كېلىپ ئوزى بىلەن ئوزى ئويغا چۇشۇپتۇ: "بۇ تاج بىلەن تون، يۇز سودىگەرگە دەسمايە بولىدىكەن. ھازىر ئاتىسى سەپەرگە كەتتى. ئانىسى شەھەردە كوڭلى خاتىرجەم ئولتۇرۇپتۇ. مەسلىھەت شۇكى، بۇنى يىراق بىر يۇرتقا ئېلىپ قېچىپ ئۇ يەردە كىيىم - كېچەك ۋە تاجىنى ئېلىۋېلىپ، ئوزىنى قۇل قىلىۋالسام ياخشى" — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىل غەنىمەت،
قولدىن كەتسە ھەرگىز كەلمەس بۇ دولەت.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇ سىرنى قۇللارنىڭ ئىچىدىكى ئۇزىگە سىرداش بولغان بىرىگە ئېيتىپتۇ-دە، ئىككىسى ئىتتىپاق تۈزۈ-شۈپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، ئۇلار شاھزادىگە ۋە قۇللارغا بىھۇش قىلىدىغان دورا بېرىپ، ھەممىسىنى ھۇشىدىن كەتكۈزۈپتۇ. شۇندىن كېيىن، شاھزادىنى ساندۇققا سېلىپ توگىگە تېڭىپتۇ. ئۇلار شۇن-داق تېز مېڭىپتۇكى، پەلەكتە ئايلانغان ئاي ئۇنىڭ يۈرۈشىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. جاھاننى ئوراپ تۇرغان ئاسمان ئۇنىڭ ئايغى تېزلىگىگە تەھسىن ئېيتىپتۇ.

پەلەكنىمۇ يوق ئىدى ئۇنداق چورگۈلۈش،
قىلالماس ئىدى ئايمۇ ئۇنداق تېز يۈرۈش.
چىقار ئىدى ئۇ ئىگىز تاققا بۇلۇتتەك،
چۈشەر ئىدى ئۇ توۋەنگە خۇددى سەلدەك.

موزدۇز ئومۇردەك تېز كېتىدىغان، ئەجەلدەك پات يېتىدى-غان، ئىتتىك ئوق ئۇنىڭ تېزلىگىنىڭ رەشكىدىن ئوق يەيدىغان، كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئوتۇپ كېتىدىغان چاقماقمۇ ئۇنىڭ چاپ-سانلىغىدىن رەشك ئېتىپ ئورتىنىپ كېتىدىغان دەرىجىدىكى بىر چاپقۇر ئاتقا مىنىپتۇكى، بۇ ئات ئەگەر تىزگىنىنى بوشىتىدىغان بولسا خىيال خەۋەرچىسىدىن مىڭ ھەسسە تېز ئوتۇپ كېتىدىكەن؛ ئەگەر قامچا بىلەن بىرنى سالىدىغان بولسا توققۇز پەلەكتىن بىر سەكرەشتە ئوتۇپ كېتىدىكەن.

ئاي يۈزىگە زەخمە ئۇرۇپ قۇلىغى،
يەر ئويىگە زەربە ئۇرۇپ تۇۋىغى.

يۈرۈشكە يېتەلمەيتتى پەلەك ھەم،
غۇبارىنى كورەلمەيتتى سابا ھەم.

قۇلىمۇ شۇنداق بىر ئاتقا مىندۈرۈپتۇكى، ئۇ چېقىنداق سۈپەت، شامال يورغىلىق، چاقماق يۈرۈشلۈك، گۈلدۈرمامىدەك كىشنەيدىغان بىر ئات ئىكەن.

ھۇشى خۇددى يەرشارىدەك ئۇن ھەسسە تېز - تېز قەدەم،
بىر نەپەستە ئەيلەر ئىدى يەر يۈزى سەيرىن تامام.

ئۇلار يەنە ئاشۇنداق ئىسكىي ئاتنى يانداپ ئېلىپ يولغا چىققان بولۇپ، ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇ پادىشانىڭ مەملىكىتى تەۋەسىدىن چىقىپ باشقا مەملىكەتكە يېتىپ بېرىپتۇ. باغدا بىھۇش بولۇپ يېتىپ قالغان قۇللار تاكى ئەتىسى ئاش ۋاقتىغىچە ئاشۇنداق يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپقان باغۋەن ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ھەرقايسىسىنىڭ دىمىغىغا كونا سىركە بىلەن بادام يېغى پۈركۈپ، ئۇلارنى ھۇشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن شاھزادە ۋە موزدۇزنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كورۇپ، شۇ زامان مەلىكىگە خەۋەر بېرىپتۇ. مەلىكە دەرھال ئاتلىنىپ باققا بېرىپ ھەرقانچە ئىزلىگەن بىلەنمۇ ئۇ رەنا گۈلدىن دىمىغىغا بۇي كەلمەيتۇ.

ئاپىمىدىم سەرۋى خىرامانىمنى باغ ئىچرە كىرىپ،
كورمىدىم ئۇ غۇنچە خەنداننى چىمەنگە كوز سېلىپ.
ھەر تامانغا بۇلۇتتەك ياش قەترىسى توكتى كوزۇم،
نۇر قۇياشىمنى كورەلمەستىن ھامان كوككە بېقىپ.

مەلىكە ئۇ كۈنى پۈتۈن باغنىڭ ئەتراپىنى ۋە باغ ئۇپچو-

www.uyghurkitap.com

رىسىدىكى سەھرالارنى ھەم شەھەرنى ئەتكەن بولسىمۇ، ئۇزلە
بارغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كەچتە نائۇمىت بولۇپ قايتىشىپتۇ
شۇندىن كېيىن مەلىكە پەرزەنت پىراقىدا بىتاقەت بولۇپ، ھىج
ران ئوتىدا شامدەك كويۇپ، ياشلىرىنى ئاققۇزۇشقا باشلاپتۇ
سۇبھى يورۇغاندىن كېيىن مەلىكىنىڭ رەنجى چېكىدىن ئېشىپتۇ
ئۇ دەرتلىك كوكسىدىن ئاھ تارتىپتۇ:

بىر نەپەس قالدى ئۇنى ھەم شۇبھىدەك بەربات ئېتەي،
كۈن يۈزلۈگۈمنىڭ دەردىدە شام كەبى كويۇپ كېتەي.

شۇ يوسۇندا، يىغلاپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ شولىسى
يوقىلىش بورىنىغا ئۇچۇپتۇ. مۇلازىملار دەرھال پادىشاغا چاپار
مەن ئەۋەتىپتۇ. پادىشا بۇ ۋەھشەتلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ قايتى
كېلىپ، ئوز تەختىدە قارار تېپىپتۇ ۋە خوتۇنى بىلەن پەرزەنتى
نىڭ پىراقىدا نالە-پەريات قىلىپتۇ، لېكىن ئاخىرى سەۋرە خى
تىگە باش قويۇپ رىزانىڭ پېشىنى تۇتۇپتۇ.

مەن ئەقىلگە بۇ مۇسىبەت شىددىتىن ئېيتسام، دىدى:
"سەۋرە قىلغىل ھەم دىگىل-ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن".①

بۇ چاغدا، موزدۇز شام ۋىلايىتىگە بارغان ئىكەن. ئۇ يەرد
موزدۇز شاھزادىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ ئوزىنى
بىر سودىگەرگە سېتىپتۇ. قۇلنىمۇ يەنە بىر كىشىگە سېتىۋېتىپتۇ
شاھزادە ئۇ سودىگەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئون يىل تۇرۇپتۇ
شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھوسنى كامالەتكە يېتىپتۇ. ئۇ شۇنداق گۈزەل
ئىكەنكى، مىسىردىكى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوسنى بازىرىنىمۇ

① بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: بىز خۇدانىڭ بەندىسى. ئۇنىڭ تەرىپە-
گە قايتقۇچىدۇرمىز.

كاسات قىلىۋېتىپتۇ. قاچانكى، ئۇ نازلىق سەرۋى ئۆيدىن چى-
قىدىغان بولسا مىڭلاپ كىشى ئەقلى-ھۇشىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ
يولىغا جېنىنى سەدىقە قىلىۋېتىدىكەن ۋە خالايىقلار تەرەپ-تە-
رەپتىن ئۇنىڭ سالامەتلىگىنى تىلەپ دۇئاغا قول ئاچىدىكەن.

ناز بىلەن چىقساڭ تالاغا ،
قول كۆتىرەر ھەركىم دۇئاغا.
ھىچبىر يامان كۆز تەگمىگەي،
ھەم يامان تىل تەككۈزمىگەي.

سودىگەر ئەقىللىق ۋە ھۇشيار كىشى ئىكەن. ئۇ ئۆزىچە:
"بۇ قۇلنى ئەمدى ساقلاۋېرىشىم ياخشى ئەمەس. چۈنكى ئۇنى
ئۆيدە مەخپى ساقلىسام ماڭا پايدا يوق. ئەگەر تاشقىرى چىقىۋەر-
سە، ئۇنى كۆرۈپ خالايىقلار ئارىسىدا پىتنە پەيدا بولىدۇ.

دىلبىرىم يەتتى، كۆزۈڭنى باغلا، ئەي كۆز سالغۇچى،
ساڭا لازىم بولسا شېرىن جان، يەنە بىرنەچچە كۈن.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ئاپىرىپ پارس شەھىرىنىڭ پادىشا-
سىغا تۆھپە قىلىشتىن ياخشى ئىش يوق. چۈنكى ئۇ ھىممەتلىك
پادىشا، ماڭا بۇ قۇلنىڭ باھاسىغا ئىككى باراۋەر ئىنئام قىلىۋەت-
سىمۇ ئەجەپ ئەمەس" دەپ ئويلاپ، شاھزادىنى ئاپىرىپ پارس
شاھىغا تۆھپە قىلىپتۇ. پادىشامۇ سودىگەرنى خىسراۋغا خاس تۆھ-
پىلەر بىلەن خۇشال قىلىپ بېشىنى كۆككە يەتكۈزۈپتۇ. شۇ چاغ-
دا شاھزادە ئون توت ياشقا كىرگەن ئىكەن.

كىردى ئون توت ياشقا دىلبەر ھىچ ئەجەپ يوقكى شۇ چاغ،
قىلسا ئون توت كۈنلۈك ئاي ئۆزىنى شۇ دىدارىغا قۇل.

ئاتىسى ئۇنى تونۇماي ئۆزىنىڭ خاس قۇللىرىنىڭ قاتارىغا قوشۇۋېتىۇ. بارا - بارا ئۇنىڭ بىلىملىك ئىكەنلىكى ۋە ئەقلى جا-يىدا ئىكەنلىكى مەلۇم بولغانىدىن كېيىن، پادىشا ئۇنى ياخشى تەربىيەت قىلىپتۇ ۋە باشقا قۇللارغا قارىغاندا ئۇنى ئۆزىگە يېقىن-راق تۇتۇپتۇ. ئۇ بىر نەچچە ۋاقىت ئەنە شۇنداق يۈرگەن ئىكەن، پادشانىڭ خەزىنىچىسىنىڭ مۇلازىمى بولغان ۋە ھەمىشە خەزىنە ئىشىگىدە خىزمەت قىلىدىغان بىر جاۋاھىرشۇناس شاھزادە بىلەن دوست بولۇپ قاپتۇ. جاۋاھىرشۇناس بۇ قۇلنىڭ پادىشاغا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى كورۇپ، ناپاك ۋە خەسىسلىك تەبىئتى خاھىش قىلىپ: "بۇ قۇلنى ئالداپ، پادىشانىڭ قولىدىكى بارلىق خەزىنە ئىشىكلىرىنىڭ موھىرى نەقشلەنگەن ئۈزۈكنى قولغا چۈشۈرسەم، خەزىنە ئىشىكلىرىنى ئېچىپ قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك مال - دۇنيانى ئالسام، ئاندىن كېيىن يەنە ئاشۇ ئۈزۈك بىلەن ئىشىكلەرگە موھۇر باسسام بۇ خىيانەتنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ" دەپ ئويلاپتۇ - دە، شاھزادىگە: "ئەي يىگىت، مۇشۇ مەم-لىكەتكە پادىشا بولۇشنى ۋە پۈتۈن خالايىققا مۇتلەق ھوكۇم يۈر-گۈزۈشنى خالامسەن؟ ئەگەر مەقسىدىڭ ئەنە شۇنداق بولسا ھىلە بىلەن پادىشانىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى ئالغىن. ئۇ ئۈزۈكنىڭ خاسىيىتى شۇكى، كىم ئۇنى قولغا كىرگۈزسە پۈتۈن جاھان ئۇنىڭغا قارايدىغان بولىدۇ.

بەختلىك ئىنسان ئاشۇكى كىرسە ئىلكىگە موھۇر،
بىگۇمان بىلگىنكى پەرمانىغا بار ئالەم كىرۇر.

ئۇنى ئېلىشتىكى ھىلە شۇكى، پادىشا ئىستىراھەت ئۈيىقۇسىغا بارغاندا ئاستا كېلىپ، يۇمشاق دەسسەپ بېرىپ ئۈزۈكنى قولىدىن تۇيدۇرماي ئېلىپ، ماڭا بەرسەڭ، سەن ئۈچۈن مەن ئۇنى ياخشى ساقلاپ بېرىمەن. لېكىن شۇ شەرت بىلەنكى، سەن پادىشا بولغىد-

نىڭدا مېنى ۋەزىر قىلىسەن. چۈنكى ئاپتاپ بولىغىنىڭدا بىزدەك زەررىلەرنىمۇ ئۇنتۇماي ئىسسىتىپ قويۇش كېرەك" دەپتۇ.

شاھزادە ئۇنىڭ سوزىگە ئالدىنىپ قاپتۇ ۋە پادىشا ئۇخلاپ قالغان چاغدا، بېرىپ ئۇزۇكنى ئاستاغىنا تارتىشى بىلەنلا پادىشا ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

— نىمشقا بۇنداق جۇرئەت قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا قۇلدىن.

پادىشانىڭ ھەيۋىتىدىن شاھزادىنى سۈر بېسىپتۇ- دە، ئۇ ھىچقانداق سوزلىيەلمەي قاپتۇ. پادىشانىڭ غەزىۋى ئورلەپ جاللاتنى چاقىرىپ، ئۇنى ئوزىنىڭ ئالدىدا چېپىپ تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ. جاللات ئۇنى يالىڭاچلاپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ تونى ۋە كوينىگىنى سالدۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ دولىسىدىكى قارا خالغا پادىشانىڭ كوزى چۈشۈپتۇ- دە، شۇ زامان ھوشىدىن كېتىپتۇ. جاللات پادىشانىڭ بۇ ھالىنى كورۇپ بىردەم توختاپ تۇرۇپتۇ. ئانىچە پادىشا ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغلىنىڭ باش كوزىگە سويۈشكە باشلاپتۇ.

— ئەي كوزۇمنىڭ نۇرى، — دەپتۇ پادىشا، — ئۇ مەككار موزدوزنىڭ يېقىنچىلىغى بىزنى مانا شۇنداق پىراق ئوتىغا تاشلىدى ئەمەسمۇ؟

— مەنمۇ جاۋاھىرشۇناسنىڭ دالالىتى بىلەن بۇ جۇرئەتنى قىلىپ سالدىم، — دەپتۇ شاھزادە ئوزرە ئېيتىپ.

پادىشانىڭ بۇيرۇغى بىلەن جاللات ئاشۇ قىلىچتا جاۋاھىرشۇناسنى ئولتۇرۇپتۇ.

شۇندا پادىشا شاھزادىگە:

— ئەي ئوغلۇم، ئەسكى ئادەملەرنىڭ سوھبىتى مانا شۇنداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۇرىدىغانلىغىنى سەنمۇ بىلدىڭ. ئەمدى ھەرگىز بەدئەسىللار بىلەن مۇئامىلە قىلمىغىن ۋە پەسلەرنى ئوز سوھبىتىڭدە تۇتمىغىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىززەت تەختى ئۇزرە ئولتۇرغانتى تاشلار ئاقۋەت،
خار - زارلىق تۇپرىقىغا، ئەسلى يامانىڭ سوھبىتى.

شەيتاننىڭ سوھبىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جەننەتتىن يەر يۈزىگە چىقارغانلىقىنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟ — دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ.

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، بەدئىسلالارنىڭ سوھبىتى شاھنى قۇل، قۇلنى جاندىن جۇدا قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەيلا- زەرگەرمۇ ئەنە شۇ توپقا كىرىدىغانلاردىن. شۇڭا ئۇنىڭ سوھبىتىدىن پەرھىز قىلغايلا، ئۇنىڭدىن چارە قىلىش تەس بولغان پىتنە - پاساتتىن بىرەرسى ۋۇجۇتقا كەپ قالمىسۇن يەنە.

پادىشا ۋەزىرنىڭ بۇ سوزىگە ئىلتىپات قىلماپتۇ.

— ئادەمنىڭ ياخشى سۈپەتلىك بولۇشىغا ئالى نەپەسلىك بولۇشىنىڭ نىمە ئالاقىسى بار؟ كىشىنىڭ ئەدەپلىك ۋە پەزىلەتلىك بولۇشى تەربىيە ۋە ئىززەت - ئىكرام تېپىشتىن بولىدۇ، ھەرگىز ئىسىللىق ۋە نەسەپلىك بولۇشىدىن ئەمەس.

سوزلە ھىساپتىن، نەسەپتىن دىمە،
يېگىنى تۇت، كونىنى ئىزلىمە.
گوھەر شولىسى بىلەن كوز يورۇر،
ئۇمۇ كونىرىسا يۈزى سارغىرۇر.

قاچانلا بولمىسۇن پادىشانىڭ ئۇلۇغلىشىغا ئېرىشەلىگەن كىشى شەرەپلىك بۈزرۈكۋار كىشىدۇر ئالى دەرىجىلىك شاھىنشالاردىن بىرى: "بىز خۇددى زامانغا ئوخشايمىز. كىمنى تاشلىۋەتسەك ئۇ پەس بولىدۇ. كىمنى كوتەرسەك شۇنىڭ بېشى پەلەكتىن ئاشىدۇ" دىگەن ئىكەن.

ئەگەر سۇلتان بىراۋغا قەھرى قىلۇر،
ئۇ پەلەكتە بولسا يەرگە يىقىلۇر.
ئەگەر چاچسا كىشىگە سۇبھىدەك نۇر،
كېچىدەك بەختى كۈندۈزدەك ئاقىرۇر.

مەن بۇ يىگىتنى دولەت دەرىجىسىگە كوتەردىم ۋە ئۇنىڭغا ھورمەت ئەۋجىدە ئورۇن بەردىم. مەن ئۇنىڭ تۇزۇكلۇگىگە قىلـغان گۇمانىم خاتا چىقمايدۇ دەپ ئۇمىت قىلىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا تەربىيەت قىلىشقا مەزمۇت قەدەم قويغانلىقىنى كورۇپ، دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قايتا ئۇ توغرىدا سوز قىلماپتۇ. ئارىدىن يەنە بىر نەچچە كۈن ئوتۇپتۇ. زەرگەر ئىختىيار قولىنىڭ بوش ئىكەنلىگىنى كورۇپ، پۈتىنى ئىنساپ دا- ئىرىسىنىڭ سىرتىغا قويۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ بەزىدە ۋەدە بېرىپ، بەزى ئالداپ يۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ مال - دۇنيالىرىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ زىنـنەت بۇيۇملىرىنى ياساپ ئولتۇرۇپ، بىر نەچچە دانە جاۋاھىرغا ھاجىتى چۈشۈپتۇ. ئەمما ئۇ خىل جاۋاھىردىن يا پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدە ياكى جاۋاھىرپۇرۇشلارنىڭ بازىرىدا تېپىلماپتۇ. ئۇ شەھەردە كاتتا بىر سودىگەر بار ئىكەن. زەرگەر ئۇنداق جا- ۋاھىر ھەرقاچان ئاشۇ سودىگەرنىڭ قىزىنىڭ بېزەكلىرى ئارى- سىدا بار دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا كىشى ئەۋەتىپ سوراتقان ئىكەن، ئۇ قىز "مەندە ئۇنداق جاۋاھىرلار يوق" دەپ جاۋاپ ئەۋەتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان زەرگەر ئۇ قىزنى پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ قېشىغا چاقىرتىپ كەپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي مەلىكەم، بۇ سودىگەرنىڭ قىزىدا شۇنداق شاھانە گوھەرلەر باركى، پەلەك جوھەردارى يۇلتۇز جاۋاھىرلىرىنى زەبەر- جەت رەڭلىك ئاۋىنىغا تىزىسىمۇ ساپلىق ۋە روشەنلىكتە ئۇنىڭدەك ئىسىل مەرۋايىتنى تاپالمىغان. دەريا ئىنىگىئانىسى ئالەمدە يەككە

گوھەرلەرنى سەدەپ بوشۇقىدە پەرۋىش قىلىسىۇ، بۇنىڭدا با
بولغان گوھەرلەردەك يىگانە دۇرلار غەۋۋاسنىڭ نەزىرىگە چۈشمىگەن

زوھرەدەك ھەممىسى پارقىراق نۇرلۇق،
ئاي كەبى بارچىسى چاچار يورۇقلۇق.

ئۇنىڭ يەنە شۇنداق ياقۇتلىرى باركى، ئاپتاپ ئانىسى كان
قوسىغىدا جىگەر خۇنى بىلەن تەربىيىلىگەن، تاغ بولسا ئۆزىنىڭ
تاش يۈرەكلىكى بىلەن ئۇلارنى ئۆز كۆكسىدە ساقلىغان.

خۇددى گۈلرەڭ مەيگە ئوخشاشتۇركى، ئۇ قىش ۋاقتىدا،
لەئلى قەدەھ ئىچرە سوغۇق شىددىتىدىن مۇزلىغان.

يەنە نۇرغۇن يېشىل زۇمرەتلىرى بار. كۆزى خىرە بولۇپ
قالغانلار ئۇنى كۆرۈش بىلەن كۆزىنىڭ نۇرى ئاشىدۇ.

زۇمرەت رەڭ خالىڭدىن قاراقىم ئالدى بىھەد نۇر،
شۇنداق سەبزە كۆرمەك بىرلە كۆزنىڭ نۇرى كۆپ بولغاي.

ئۇنىڭ جاۋاھىرلارنى سالىدىغان قۇتىسىدا ئۆز شولىسى
بىلەن ئاتەشپەرەسلەرنىڭ كۆزلىرىدە ئوت ياندۇرۇۋېتىدىغان رۇم
لەئلىلىرى بار. يەنە ئۇنىڭغا شىشە رەڭلىك ئاسماننىڭ ئەتراپلىرى
ئۇلاردىن ساپلىق ۋە لەتاپەت ئۆگىنىدىغان دەرىجىدىكى پىروزى-
لەر سېلىنغلىق.

لەئلىسىدىن ئالدى سۇھەيلى ھەقىقەتەك خۇش چىراي،
ئالدى يېشىل رەڭنى پىروزىسىدىن چەرخ ئاسمىنى.

ئەمدى مەلىكەم ئەمرى قىلسىلا، ئاشۇ جاۋاھىرلىرىنى مۇشۇ يەرگە ھازىر قىلسۇن.

مەلىكە ئۇ قىزدىن سۈرۈشتۈرگەن ئىكەن، ئۇ قىز:

— ئەي زامانىمىزنىڭ زۇلەيخاسى ۋە دەۋرانىمىزنىڭ بىلقىسى، مەندە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يوق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— ئەي مەلىكەم، بۇ ئىختىيارى بىلەن ئىقرار قىلمايدۇ. بۇنىڭغا سىياسەت قىلماق كېرەك، — دەپتۇ زەرگەر.

شۇنىڭ بىلەن "خوتۇنلار كەم ئەقىلدۇر" دېگەن شاراپ بىلەن مەس بولغان پادىشانىڭ قىزى ئۆزىنىڭ غۇرۇرى ۋە زەرگەرنىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىنىڭ مەدىتى بىلەن: "ئۇنى قىيناڭلار" دەپ بۇيرۇپتۇ. ئۇنى بىرەر سائەت قىيىنىغان بولسىمۇ قىز ھېچنىمىنى ئېيتماپتۇ. ئۇنى كورگەن زەرگەر: "قاتتىقراق ئازاپلاڭلار" دەپ ئىشارەت قىلىپتۇ. ئۇ يەردىكى زالىملار غەزەپ ئىسكەنجىسىنى راسا چىڭىتقان ئىكەن، بىچارە قىزنىڭ تېنى تاتلىق جاندىن بوشاپتۇ. ئۇنى كورگەن سودىگەرنىڭ قىزىنى ئەگىشىپ كەلگەن ئۈرۈق - تۇققانلىرى پەريات - پىغان كوتىرىپتۇ. زەرگەر شۇ ھامان قېچىپتۇ. پادىشا بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ناھايىتى پەرىشان بولۇپتۇ ۋە سودىگەرنىڭ قىزىنىڭ ئولگەنلىگى ئۇچۇن ناھايىتى كوپ ئوزرە ئېيتىپ، جىق مال - دۇنيا بېرىپتۇ. ئوزىنىڭ قىزىنى بولسا ئاشۇ ئىشى تۇپەيلىدىن يامان كورۇپ قېلىپ، نەزەردىن تاشلاپتۇ. پادىشانىڭ خوتۇنى ئويلاپ كورۇپ: قىزىنى بىر نەچچە ۋاقىت ئوزىنىڭ چار بېغىغا ئاپىرىپ قويماقچى، دادىسىنىڭ غەزىۋى بېسىلغاندا ئاندىن قايتۇرۇپ كېلىپ، بۇزرۇك كىشىلەردىن بىر نەچچىنى ۋاستە قىلىپ، قىزىنىڭ گۇناھىنى تىلىمەكچى بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قىز ئانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چارباققا بېرىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان زەرگەرمۇ چارباققا بارغان ئىكەن، ئۇنى كورگەن پادىشانىڭ قىزىنىڭ بىغايەت ئاچچىغى كەپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھوي ئىپلاس، بەتقىلىق، شۇم تەلەت، بەتبەخت! يەنە يىتىنە - پاسات تېرىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ يەنە ھىلە ئىشلىتىشنى كوزلىدىڭمۇ؟ يوقال! ئەمدى ھەرگىز سەن بىلەن بىللە ئولتۇرمايمەن! — دەپ ۋاقىراپتۇ ئۇ.

زەرگەر چارباغدىن چىقىپ باياۋانغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ كېتىۋاتقاندا كەچ كىرىپتۇ ۋە ھاۋا بۇزۇلۇپ ئاسمان يۈزىنى بۇلۇت بېسىپ، يۇلتۇزلارنىڭ روشەنلىكلىرى يوقىلىپ، جاھاننىڭ چېھرىسى قارىيىپتۇ.

ھاۋا سەيناسىغا ئىپار چېچىلدى،
ئىپار ئەمەس دۇت ئىشىگى ئېچىلدى.

ئۇ دەشتىدە بىر چوڭقۇر قۇدۇق بار بولۇپ، ئۇ قۇدۇققا بىر يىلپىز، بىر مايمۇن ۋە بىر ئىلان چۈشۈپ كېتىپ، تىقىلىپ قالغان ئىكەن. ئۇلار ئۆز دەردى بىلەن قالغاچقا، باشقىلارغا ئازار بەرگۈچىلىك ھالى قالمىغان ئىكەن. نەق ھىلىقى باشقىلارنىڭ يولىغا بالا قۇدۇغنى قازىدىغان زەرگەر قاراڭغۇ كېچىدە كورمەي قېلىپ، ئاشۇ بالا قۇدۇغىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

يار بولۇپ دولەت ساڭا بولساڭ ئۇلۇق،
زۇلۇم بىلەن كىشىگە قازما قۇدۇق.
گەر بىر كىم قەستىدە قازساڭ سەن چۇقۇر،
ئاقىۋەت بولغاي سىنىڭ ئۆزەڭگە گور.

زەرگەرنىڭ يىقىلىشى بىلەن قۇدۇق ئىچىدىكى ئۈچ جان توت بولۇپتۇ. شۇ كۈنلەردە بىر سەيياھ ئۇ شەھەردىن چىقىپ، باشقا يۇرتقا بېرىش يولىدا ئاشۇ قۇدۇقنىڭ قېشىغا كېلىپ قاپتۇ ۋە قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى كورۇپ، زەرگەر

ئۇچۇن ناھايىتى كوپ غەم يەپتۇ ۋە: "بۇ كىشى ئادەم پەرزەنتىدىن تۇرۇپ، قانداق ھادىسە بىلەن بۇ قۇدۇققا چۈشۈپ، بۇنداق زەھەرلىك ھايۋاناتلار بىلەن قوشۇلۇپ قالغاندۇ؟ بۇ بىچارىنى قۇدۇقتىن چىقىرىپ قويۇپ، بىر ياخشىلىق قىلىپ قويسام، بۇ ئەمىلىمنىڭ ساۋابى ئاخىرەت ئۈچۈن زەخىرە بولۇپ قالار" دەپ ئويلاپ، قۇدۇققا ئاغامچا سالغان ئىكەن، ئۇنىڭغا مايمۇن ئېسىلىپتۇ. سەيياھ ئاغامچىنى تارتىپتۇ. مايمۇن چىققانلىقىنى كورگەن سەيياھ "بۇنى چىقارغىنىممۇ ياخشى بولدى، چۈنكى بۇمۇ خۇدانىڭ بەندىسى" دەپ، ئاغامچىنى يەنە تاشلاپتۇ. بۇ قېتىم يىلپىز چىقىپتۇ. ئۈچىنچى نوۋەت سالغان ئىكەن ئىلان چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۈچ جانۋار تار ئالەمدىن كەڭ جاھانغا كەپتۇ ۋە ئۈچىلىسى سەيياھقا دۇئا قىلىپ: سەن بىزگە ناھايىتى كوپ ياخشىلىق قىلىپ گەدىنىمىزگە چوڭ ھەق ئارتىپ قويدۇڭ. بۇنىڭ ئەجرىنى ئاخىر بىر كۈنى يەتكۈزەلىسەكمۇ ئەجەپ ئەمەس، — دېيىشىپتۇ.

— مەن بۇ شەھەرگە تۇتاش بولغان تاغنىڭ ئېتىكىدە ئولتۇرۇشلۇق، ئەگەر ئىلتىپات قىلىپ بارساڭ قولۇمدىن كېلىشىچە ساڭا خىزمەت قىلىمەن، — دەپتۇ مايمۇن.

— مەن بۇ شەھەرگە يېقىن جايدىكى پالانى جاڭگالدا ۋەتەن تۇتقانىمەن. ئەگەر مەرھەمەت قىلساڭ ۋە ئۇ يەرگە بارساڭ قولۇمدىن كېلىشىچە مېھمان قىلاتتىم، — دەپتۇ يىلپىز.

— مەن بۇ شەھەرنىڭ سېپىلىدا ماكان قىلغان ئىدىم. ئەگەر ئىختىيارىڭ ئىجازەت بېرىپ، ئۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلساڭ، ئالدىڭدا ئىمكانىمنىڭ يار بېرىشىچە ھەققىڭنى ئادا قىلىشقا تىرىشىمەن، — دەپتۇ ئىلان ۋە يەنە شۇنداق دەپتۇ، — بىز ساڭا بىر نەسىھەت قىلايلى. ئۇنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلغىن. بىزنىڭ نەسىھىتىمىز شۇكى، قۇدۇقتا قېپقالغان بۇ كىشىنى چىقارمىغىن. چۈنكى ئادىمىزات دىگەن ۋەدىسىگە تۇرمايدۇ. ياخشىلىق قىلغانلارغا يامانلىق قىلىش ئۇلارنىڭ رەسمى - قائىدىسى. ئۇلارنىڭ كورۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇشتىكى جامالىغا ئالدىنىپ، قەلبىنىڭ قەبىھلىگىدىن ئېمىن بول-
غۇلۇق ئەمەس.

ئادەم ئەۋلادىدا ھەر شۇمدىن يامانلار بار ئىرۇر،
سۇرىتى زىبا، ئىچى دودىن يامانلار بار ئىرۇر.

روزىگار ئەھلىنىڭ كوپچىلىگى سىرتقى كورۇنۇشكىلا ئېتىۋار بېرىدۇ، ئەمما ئىچكى دۇنياسىدىن بىخەۋەر قالىدۇ. بەزىلەر كوزگە كورۇنۇشتە خۇددى يۇسۇپتەك كورۇنسىمۇ، كوڭلى بورىگە ئوخشايدۇ. بولۇپمۇ بۇ كىشى بىز بىلەن بىر نەچچە كۇن بىللە بولدى. بىز ئۇنىڭ تەلەتىدىن مۇرۇۋۋەت ئالامىتىنى كورمىدۇق ۋە ئەھۋالى گۇلشىنىدىن ۋاپا پۇرىغىنى پۇرىمىدۇق.

ۋاپانى كوزلىمە، ھۇسن ئەھلىدىنكى كەلمىگەن ھەرگىز،
زامانە گۇلشىنىدىن ھېچ بۇرۇنغا شۇ ۋاپادىن بۇي.

ئەگەر بۇ سوزىمىزگە ئۇنىمساڭ ئاقىۋەت پۇشايمان قىلىپ قالىسەن.

ئۇلار شۇ سوزنى ئېيتقاندىن كېيىن سەيياھ بىلەن ۋىدالىشىپ ھەرقايسىسى ئوز ماكانىغا قايتىپ كېتىپتۇ. لېكىن سەيياھقا ئۇلارنىڭ سوزى تازا ياقمىغانلىقتىن قۇدۇققا يەنە ئاغامچا تاشلاپ زەرگەرنى تارتىپ چىقىرىپتۇ. زەرگەرمۇ سەيياھقا ناھايىتى كوپ رەھمەتلەرنى ئىزھار قىلىپ، پادىشادىن قورقۇپ بۇ يەرگە كەلگەنلىگىنى تەپسىلى بايان قىلىپتۇ ۋە:

— بۇ ياخشىلىغىڭىزنىڭ مۇكاپاتىنى چوقۇم كورسىتىمەن بۇرادەر، — دەپتۇ.

— مەن يەنە سەپەرگە چىقماقچىمەن. ئەگەر تىرىك قايتىپ كەلسەم سىز بىلەن مۇلاقات بولىمەن. ئولمىسەك ئاخىر بىر كۇن كورۇشۇپ قالىمىز، — دەپتۇ سەيياھ.

ئۇلار ئەنە شۇ سوزلەر بىلەن ۋىدالىشىپتۇ. سەيياھ ئوز يولىغا راۋان بوپتۇ. زەرگەر شەھەرگە مەخپى ھالدا كىرىپ، بىر

بۇلۇڭدا يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ.

پادىشا زەرگەرگە ئىشىنىپ ئۇنىڭغا تەربىيەت قىلغانلىقىغا ۋە ۋەزىرنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمىغانلىقىغا كوپ پۇشايمان قىلىپ نادامەت يەپتۇ. مەملىكەت كاتتىلىرى قانچە قېتىم كېلىپ، قىزنىڭ گۇنايىنى تىلىگەن بولسىمۇ پادىشا ماقۇل كورمىگەنلىكتىن قىز چارباغدا بىر يىل تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ ۋاقىت ئىچىدە سەييياھ ناھايىتى كوپ شەھەرلەرنى كېزىپ ئۈچ يۈز دىنار پۇل تېپىپتۇ. ئاقىۋەت، "ۋەتەن سويمەك ئىمان جۈملىسىدىندۇر" دىگەن سوز ئۇنىڭ كوڭلىگە كېلىپ، ئوزى بىلەن ئوزى مەسلىھەتلىشىپ: بۇ غېرىپلىقتا يۈرگەن چاغلىرىمدا ھەرقانچە ئىشلىرىم مۇرادىمغا مۇۋاپىق بولۇپ، ھەر سائەتتە ماڭا بۇ دۇنيا دولىتى ۋە ئاخىرەت سائادىتىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلغان ھالەتتىمۇ، ئانا ۋەتەنىنىڭ ھاۋاسى بەدەنىگە باشقىچىلا ياقىدۇ ۋە سۈيى مىجەزگە بولەكچىلا خۇش كېلىدۇ، دىگەن يەرگە كەپتۇ.

گۈلنى ئالتۇن جام ئىچىگە كوچۈرۈپ قويغاندىمۇ،
تەبىتى خالىغاي ئۈنگەن يېرىنىڭ تۇپرىغىنى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوز يۇرتى — ھەلەپكە قاراپ يولغا چىقىپ، ھىلىقى مايمۇن ۋەتەن قىلغان تاغ ئېتىگىگە كەلگەندە كەچ كىرىپ قېلىپ، ئاشۇ جايدا قونۇپتۇ. تۈننىڭ يېرىمى ئوتكەندە ئۇ جايغا ئىككى ئوغرى يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئوغرىلار شۇنداق قانخور ۋە شۇنداق يامان ئىكەنكى، خەنجەرۋاز مىررىخمۇ ئۇلارنىڭ كوكرەك بوسەر ئوقلىرىدىن ھەزەر قىلىپ، بەشىنچى پەردىگە موكۇۋالغان ئىكەن؛ نەيزىۋاز زۇھەلمۇ ئۇلارنىڭ جاننى ئوۋلىغۇچى تىغلىرىنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، يۈزىگە يەتتە قات سىپەر تۇتقان ئىكەن.

نىگارىم كوزىدەك ھەر بىرى خۇنرىز،
خالايىق جانلىرىغا تىغ ئۇرار تېز.

www.uyghurkitap.com

ئوغرىلار سەيياھنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ تاشلىۋېتىپ، مال - دۇنياسىنى پۈتۈنلەي ئېلىپ، يولغا چۈشۈپتۇ. سەيياھ بىچارە ئۇ كېچىسى ئۇ يەردە باغلاقلىق ھالدا، ھەسرەت ياشلىرىنى كۆزلىرىدىن ئاققۇزۇپ، قازا ھۆكمىگە رىزا بولۇپ، ھايات قالغىنىغا شۈكرى قىلىپ يېتىۋېرىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا بولسا قول - پۇتلىرىنىڭ ئاغرىپ كەتكىنىگە چىدىماي پەريات ۋە پىغان باشلاپ:

ئۇشبۇ جايدا قانچە پەريات ئەيلىسەممۇ، نە قىلاي،
بۇ ماكان دادىمنى ئاڭلار دادخاھ جايى ئەمەس.

— ۋادەرىغ، ئەجەپ بۇ جاننى كۆيدۈرىدىغان دەرتكە گىرىپتار بولۇپ قالدىم، لېكىن ئۆمىدىمنىڭ دىنىغا داۋا پۈرىغى كەلمىدى، ئەجەپ بۇ قانخور باياۋاندا ئۇلۇۋاتساممۇ ھېچ كىشى ھالىمدىن خەۋەردار بولمىدى.

كۆيدى بالا ئوتىدا جانىم، لېكىن،
كۆيگۈچى يوق بولەك ئاڭا كۆڭلۈمدىن.

دەپ نالە قىلىشقا باشلاپتۇ.

دەل شۇ پەيتتە مايمۇن ئوزۇق ئىزلەپ ئۇۋۇسىدىن چىقىپ، ئۇياق - بۇياقنى ئىزلەپ يۈرگەن ئىكەن. ئۇنىڭ قۇلىقىغا سەيياھنىڭ پەريادى ئاڭلىنىپ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ، ئۇ بىچارىنىڭ قېشىغا بېرىپ نەزەر ساپتۇ ۋە ئۆز دوستى ئىكەنلىكىنى تونۇپ دەرھال يېنىغا كېلىپ، كۆز بۇلىقىدىن قىزىل سەللەرنى راۋان قىلىپتۇ ۋە:

— ھەي ئەزىز دوستۇم! قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ، بالا بەندىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي مېھرىۋان دوستۇم، — دەپتۇ سەييياھ، — بۇ جاپاكەش دۇنيادا كىشىگە ھېچقانداق راھەت ھاجەتسىز كەلمەيدىكەن. بۇ روزىگار ۋەيرانىسىدىكى ھېچقانداق خەزىنە رەنج - مېھنەتسىز يۈز كۆرسەتمەيدىكەن.

يىمىدى ھېچكىم ھەسەل، تەگمەي تۇرۇپ ئاغزىغا نىش،
ئۈزمىدى ھېچكىمسە گۈل، قىلماي تىكەن ئىلكىنى رىش.

ھەر كىمكى بۇ ھېكمەتنى چۈشەنمىدىغان بولسا، زامانىنىڭ ئازارى تەككىنىگە خاپا بولۇپ، كۆز بۇلۇتىدەك مالاللىق قەترىسىنى چېچىپمۇ كەتمەيدۇ. دەۋراننىڭ راھەت گۈلى ئېچىلغىنىغا ۋە جىلۋە كۆرسەتكىنىگە خوشال بولۇپ، باھار مەۋسۇمىدەك شاتلىق چېھرىسىنى ئېچىپمۇ كەتمەيدۇ.

سوزلىگىدەك ھېچ يېرى يوق، ئۇشبۇ جاھان،
ساڭا قىلار گاھى قەھرى، گاھ ئېھسان.
گاھى سېنى يەرگە ئۇرۇپ، گاھ كوتەرگەي،
گاھى سەندىن ئالغاي، گاھى ساڭا بەرگەي.
"كۆلدۈرۈرمەن" دەپ تۇرۇپ ئۇ، قىلار گىريان،
ساڭا بەزى كورسىتىپ مەي، ئىچۈرەر قان.
مانا شۇدۇر بۇ ھىلىگەر جاھان ئىشى،
ئادەم ئوغلانىغا ئۇنىڭ ئىش قىلىشى.

شۇندىن كېيىن سەييياھ ئوغرىلارنىڭ كەلگىنىدىن تارتىپ، ئۇزىنى باغلاپ ئالتۇنلىرىنى ئېلىپ كەتكەنلىرىگىچە ھەممىنى باشتىن - ئاياق بايان قىلىپتۇ.
— غەم يېمىگىن، مەن ئەمدى سېنىڭ ئىشىڭنى ئوڭشاش ئۈچۈن ھەركەت قىلىمەن، — دەپتۇ مايمۇن.

قارايغان بولسا بەختىڭ تېز ئاقىرۇر،
چۈنكى تۈن ئارقىسىدىن سۈبھى يورۇر.

ئۇ شۇ سوزلەر بىلەن سەيياھنىڭ كوڭلىنى ياساپ قويغاندىن كېيىن، سەيياھنىڭ باغلاقلىرىنى يېشىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ خەس-خەشەكلەر بىلەن ياسالغان ئۇيىگە باشلاپ بېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ زەخىرە قىلىپ ساقلاپ قويغان هول ۋە قۇرۇق مېۋىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا توكۇپ:

— بۇ مېۋىلەردىن خالىغىنىڭچە يەپ، بۇ يەردە ئىستىراھەت كورپىسى ئۈستىدە يېتىپ ئارام ئالغىن، — دەپ ئىلتىماس قىلىپ، سەيياھنى ئۆز ماكانىدا قويۇپ، ئۆزى ھېلىقى ئوغرىلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئوغرىلار تاڭ ئاتقىچە يول مېڭىپ ھارغانلىقتىن ئۇيقۇسى كېلىپ، بىر بۇلاق بويىدا يېتىپ قاتتىق ئۇخلاپ قالغان ئىكەن. مايمۇن ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ پۇرسىتىنىڭ غەنىمەت ئىكەنلىكىنى كورۇپ، دەرھال ئۇلارنىڭ يۈدۈپ ماڭغان يۈكلىرىنى ئېچىپ، دىنارلارنى ئېلىپ، بىر بۇلۇڭغا بېرىپ توپىغا كومۈپ يوشۇرۇپ قويۇپتۇ ۋە يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ تېخى ئويغانمىغانلىقىنى كورۇپ سەيياھتىن ئالغان سەرۇپا ۋە باشقا جابدۇقلارنى ئېلىپ بېرىپ، يەنە بىر يەرگە كومۈپتۇ، يەنە كېلىپ ئوغرىلارنىڭ ئۆز ماللىرىنى ئېلىپ يەنە بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپ، دەرەخ بېشىغا چىقىپ شاخ دالدىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئوغرىلارغا قاراپ ئولتۇرسا، ئوغرىلار ئويغىنىپتۇ ۋە ئۆزىدە ھېچقانداق مال قالمىغانلىقىنى كورۇشۇپ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپتۇ، لېكىن ھېچنېمىنى تاپالماي بىر بىرىگە: "بۇ يەردە ئادىمىزات ئەسىرى يوق تۇرسا، تايىنلىق بۇ ئىش پەرىلەرنىڭ قىلغان ئىشى، بۇ بۇلاق ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئىكەن-دە، بىز بۇ يەردە بىئەدەپلەرچە پۇت-قولىمىزنى سۇنۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمىز، ئۇلار بىزگە ئاچچىقلاپ مېلىمىزنى ئالغان ئوخشايدۇ. ھېلىھەم ئەزالىرىمىزغا ئاپەت يەتكۈزمەي جېنىمىزنى سالامەت قويۇپتۇ. شۇنىڭغىمۇ مىننەتدار بولمىقىمىز كېرەك.

ئەمدى بۇ يەردىن تېز قېچىپ، ھايات ۋاقتىمىزدا جېنىمىزنى ياقىغا ئالغىنىمىز ياخشى.

ئۇشبۇ ماكان مەنزىلى ئازارىدۇر،
ئەھتىرازۇ مېھنەتى بىسيارىدۇر.
كىمكى قىلسا بۇ ماكاننى سەيلىگاھ،
قالمىغاي جىسمىدا باش، باشتا كۆلا.“

— دېيىشىپ قورقۇپ قېچىشقا باشلاپتۇ. مايمۇننىڭ ئۇلاردىن كۆڭلى خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن دەرەختىن چۈشۈپ ئىككى-ئۈچ سەكرەپلا سەيياھنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ ھەم ئۇ كۈنى كېچىسى ئۇنى ئۆز ئۇۋىسىدە قوندۇرۇپ ئۇنىڭغا خىزمەتكارلىق قىلىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە تۈن ئوغرىسى قارا لىباسى بىلەن كۈن چەشمىسىنىڭ قېشىدىن قېچىپ كېتىپتۇ، سۈبھى مايمۇنى ئاپتاپ سەيياھنى مەشرىق زىندانىدىن ئازات قىلىپتۇ.

قۇياش ئالتۇنى بولغان ئىدى پىنھان،
يەر ئاستىدىن چىقىپ بولدى نامايان.

مايمۇن سەيياھنى ھېلىقى بۇلاق بېشىغا باشلاپ بېرىپتۇ ۋە ئوغرىلاردىن ئالغان مالنىڭ ھەممىسىنى ئېچىپ ئەپكىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. سەيياھ پەرھىزكار كىشى بولغاچقا ئۆز ھەققىنىلا ئېلىپ، شۇنىڭغا قانائەت قىلىپتۇ ۋە ئوغرىلارنىڭ ئەشيالىرىدىن ھېچنېمىنى ئالغىلى ئۇنىماي، مايمۇن بىلەن ۋىدالىشىپ شەھەر تەرەپكە قاراپ يۈرۈپتۇ. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ ئۆزى قۇتۇلدۇرۇپ قويغان ھېلىقى يىلپىز ماكان تۇتقان جاڭگالدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇ قارىسا بىر يىلپىز شىردەك غارقىراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەيياھ قورقۇپ تىترەشكە باشلاپتۇ ۋە قېچىش ئۈچۈن جاي ئىزلەپ ئۇياق-بۇياققا قاراپ تۇرسا، ئۇ يىلپىز كېلىپ، سەيياھنى تونۇپ قېلىپ ۋاقىراپتۇ:

— قورقمىغىن، ھەي مۇھتەرەم دوستۇم! خاتىرجەم بولغىن. مەن سەن قۇدۇقتىن چىقىرىپ قويغان مۇخلىسىڭ بولىمەن. سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم تېخى!

شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەيياھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۈزىنى سەيياھنىڭ پۇتىغا سۈرتۈپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت شەرتلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپتۇ.

— ئەي ئەزىز، بۇ يەردە بىر سائەت توختاپ تۇرغىن. ياخشىلىقىڭنىڭ مۇكاپاتىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ھال-قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە يۈگۈرۈپ باقاي، — دەپتۇ ئۇ.

يىلپىز ئۇنىڭغا مۇناسىپ توھپە ئىزلەپ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، پادىشانىڭ چار بېغىدا، زەرگەر ئېيتىپ بەرگەن بېزەكلەرنى باش ۋە بويۇن-قۇلاقلىرىغا ئاسقان ھالدا كول بويىدا ئولتۇرغان پادىشانىڭ قىزىنى كورۇپ قاپتۇ-دە، ئۈچقاندەك بېرىپ ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ، ياسىداق بېزەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىپ، ئۇ نەرسىلەرنى سەيياھقا بەرگەننىڭ ئۈستىگە، يەنە بىر مۇنچە ئۆزرە ئېيتىپتۇ. سەيياھمۇ بىرمۇنچە رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ كوڭلىنى ياساپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىپتۇ ۋە شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ شەھەرگە كىرگىچە يولدا كېتىۋېتىپ ئويلىنىپ: "مەن بۇ ياۋايى ھايۋانلاردىن مۇنچىلىك ئەجرى كوردۇم، ئۇلار ئۆز ۋەدىلىرىگە تۇرۇپ ماڭا شۇنچىلا ۋاپادارلىق قىلدى. ئەمدى شەھەرگە كىرىپ ئاشۇ زەرگەر دوستۇم بىلەن تېپىشسام، ماڭا ئۇلاردىن ئوبدانراق ياخشىلىق يەتكۈزۈشى چوقۇم. چۈنكى ئۇ ۋەھشىلەردىن نەچچە ھەسسە ئەۋزەل بولغان ئادىمىزات ئەمەسمۇ؟" دىگەنلەرنى كوڭلىدىن كەچۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئۇ شۇ ئۈمىت بىلەن شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرگىنىچە: "دوستۇم

قايسى تەرەپتىن ئالدىمغا چىقاركىن" دەپ ھەممە تەرەپكە تەڭ نەزەر سېلىپ ماڭغان بولسىمۇ زەرگەر ئۇچرىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئۆيىگە چۈشۈپ يېتىپ ئارام ئاپتۇ.

دەل ئاشۇ ۋاقىت پادىشانىڭ قىزىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى پۈتۈن شەھەرگە ئاڭلىنىپ، خالايىقلار ئۇنىڭ ئۆلتۈرگۈچىسىنى تاپماق ئۈچۈن غوغا سېلىشىپ يۈرگەن پەيت ئىكەن. ئەتىسى سەھەردە سەيياھ كوچىغا چىقىپ كېتىپ بارسا، ھېلىقى غوغىنىڭ ھەقىقىتىنى ئاڭلاش ئۈچۈن يوشۇرۇنغان جايدىن چىققان زەرگەر ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئىككىسى بىر بىرىنى تونۇپ سالاملىشىپتۇ. زەرگەر سەيياھنى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنغان جايىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويىدىغان مەزەر ئورنىدا كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ شۇنداق دەپتۇ:

ـــ ھەي ھۆرمەتلىك دوستۇم، سەن مېنى قۇدۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغاندا، مەن ساڭا پادىشانىڭ ئەزىرىدىن مەھرۇم بولغانلىقىمنى ۋە قولۇمدىكى بارلىق مال ـ دۇنيالىرىمنىڭ تالان ـ تاراجقا كەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن ئىدىمغۇ، ئەنە شۇ ۋاقىتتىن بېرى تا ھازىرغىچە مۇشۇ بۇلۇڭدا مەخپى يېتىۋاتىمەن. ئەمدىلىكتە مەئىشىتىم ناھايىتى تەڭلىكتە قالدى. يا كىشىگە قوشۇلۇشقا ھالىم، ياكى ئوزۇق ـ تۈلۈككە سەرپ ئېتىشكە مىلىم قالمىدى.

ـــ غەم يېمىگىن بۇرادەر، ـــ دەپتۇ سەيياھ، ـــ مەن سەپەردىن بىر ئاز ئالتۇن ۋە ناھايىتى كۆپ جاۋاھىرلىق زىننەت ئەسۋاپلىرىنى تاپتىم. سەن جاۋاھىرلارنى ياخشى تونۇيسەن ۋە ھەر بىرىنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى بىلىسەن. ئۇلارنى ساڭا ھاۋالە قىلاي. سەن ئۇلارنى باھاسىغا چىقىرىپ ساتقىن. ئۇنىڭدىن تۇرمۇشۇڭغا قانچىلىك كېتىدىغان بولسا سەن ئۇنى ئېلىپ قېلىپ ئىشلەتسەڭ، مەن ئۇنىڭغا رازى بولىمەن.

ـــ ئەكەلگىن ئەمىسە، مەن كۆرۈپ باقاي، ـــ دەپتۇ زەرگەر.

سەيياھ سەپەردىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى

www.uyghurkitap.com

چىقىرىپتۇ. زەرگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پادىشانىڭ قىزىنىڭ زىننەت جابدۇقلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزى ياسىغان بىزەكلەر ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ، ئۇ خوشاللىق بىلەن سەيياھقا شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ بىزەك ئەسۋاپلىرىنىڭ قىممىتى شۇ دەرىجىدىكى، ھازىر بىرىپلا ئۇنى خەجلەپ تۈگىتىپ بولالمىغۇدەك باھاغا سېتىپ كېلىمەن.

زەرگەر زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، سەيياھنىڭ قېشىدىن چىقىپتۇ ۋە ناپاك كۆڭلىدە: "ئەجەپمۇ ئوبدان نەرسىنى قولغا چۈشۈردۈم، ھازىر پادىشا قىزىنىڭ قاتىلىنى تاپالماي تۇرغان ۋاقىت، پادىشانىڭ ئالدىغا ھازىرلا بېرىشتىن ياخشى ئىش يوق. مەن ئۇنىڭغا: "قىزىڭىزنىڭ كۇشەندىسىنى تاپتىم" دەپ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئالدىدا قويسام، بۇ خىزمىتىم بىلەن مېنىڭ گۇنايىمدىن ئۆتۈپ، يەنە بۇرۇنقى مەرتىۋەمنى ئەسلىگە كەلتۈرسە ئەجەپ ئەمەس" دەپ ئويلاپ، دەرھال ئوردا ئىشىكىگە بېرىپتۇ ۋە پادىشانىڭ قېشىغا: "مەلىكىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى بارلىق ياسىداقلار بىلەن قولغا چۈشۈردۈم" دەپ خەۋەر كىرگۈزۈپتۇ. پادىشا ئۇنى قېشىغا چاقىرتىپ، زىننەت ئەسۋاپلىرىنى كۆرۈپتۇ ۋە سەيياھنى ھازىر قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. بىچارە سەيياھ پادىشا ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ئىشنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەر تېپىپ، زەرگەرگە قاراپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

دوستقا ئوخشاش جان بېرەتتىڭ سەن ماڭا،
بۈگۈن لېكىن جانىنى ئالدىڭ دۈشمەندەك.

— مېنىڭ ساڭا قىلغان ياخشىلىقىمنىڭ جازاسى مۇشۇ بولدىمۇ؟ ئەسكىگە دوستلۇق قىلغانىنىڭ مۇكاپاتى مانا شۇنداق بولىدىكەن - دە!

— بۇ گۇناكار بولغاچقا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق

گەپ ياساۋاتىدۇ. بۇنى ئەپچىقىپ شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ زىندانغا
سېلىڭلار، ھازا ئىشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن قىساس ئالد-
ىمىز،— دەپ بۇيرۇپتۇ پادىشا.
سەيياھ بىچارىنى شەھەر ئايلاندۇرغان ئىكەن، سېپىل
بېشىغا چىققان ئىلان قوللىرى باغلانغان، باش ئاق، پۇت يالاڭ
ھالدا خالايىقلار ئالدىغا سېلىپ يۈرگەن دوستىنى ئاشۇ ھالدا
كۆرۈپ تونۇپ، تاقىتى قالماپتۇ. ئۇ ئىگىز يەرگە چىقىپ قاراپ
تۇرسا سەيياھنى شەھەر ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ ئاپىرىپ زىندانغا
سالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلان سېپىلدىن چۈ-
شۈپ، زىندانغا بېرىپتۇ ۋە سەيياھقا سالام بېرىپ:
— ئەي ياخشى دوستۇم! نېمە بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ
قالدىڭ؟— دەپ سوراپتۇ.
سەيياھ زەرگەرنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن بۇ بالاغا گىرىپتار
بولۇپ قالغانلىقىنى تەپسىلى بايان قىلىپتۇ.
— مەن ساڭا! "بەد ئىسىل ئادەمزات ياخشىلىققا يامانلىق
يەتكۈزىدۇ" دەپ ئېيتمىغانمىدىم. ئاشۇ كۈن بىز ساڭا نەسىھەت
قىلدۇق، ئەمما بىزنىڭ نەسىھىتىمىز ساڭا ياقمىدى،— دەپتۇ ئى-
لان،— شۇ چاغدا بىز سېنىڭ ئاخىرى نادامەتكە قالىدىغانلىقىڭنى
بىلگەن ئىدۇق.

ئاشۇ چاغ ئۆزگەن ئىدىم پەرھات ئىشىدىن مەن ئۈمىت،
ئۇ كۆڭۈل مالىنى بەرگەن ئىدى شىرىن لىۋىگە.

— مېھرىۋان دوستۇم! ئۇنىڭسىزمۇ جاراھەت كۆڭلۈمگە مالامەت
تۇزىنى قۇيمىساڭچۇ؟ بۇ پەقەت جانىنى كۆيدۈرۈش ۋە كۆڭۈلگە
ئىزتىراپ سېلىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدىغۇ؟ مېنىڭ زەخمەمنىڭ
ئۈستىگە مەلھەم قويماي، نەشتەر ئۇرغىنىڭ نېمىسى؟ ئەگەر ماڭا
دوستلۇق قىلىدىغان بولساڭ بىرەر چارە ئويلاپ، مېنى بۇ مېھنەت

www.uyghurkitap.com

زىنداندىن خالاس قىلالامچۇ؟ ــ دەپتۇ سەييياھ.

ــ تۈنۈگۈن پادىشانىڭ ئانىسىغا زەخمە ئۇرغان مەن، ــ دەپتۇ ئۇلان، ــ ھازىر ھەممە تېۋىپلار ئۇنىڭغا ئىلاج قىلىشتا ئاجىز كېلىۋاتىدۇ. بۇ گېپىنى سىنىڭ چارەڭ ئۈچۈن ئېيتىپ كەلدىم. بۇنى ساقلىغىن، سېنى ئاخىرى ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار ئىلتىماس قىلىشسا، بۇ گېپىنى ئۇنىڭغا يەدۈرگىن. ئەلۋەتتە شىپا تاپىدۇ. مۇشۇ ۋاستە بىلەن بۇ بوھتاندىن ئېرىپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس.

شۇ سۆزنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇلان سەييياھ بىلەن ۋىدالىشىپ، توشۇككە كىرىپ يېتىپتۇ، سۈبھى ۋاقتىدا پادىشانىڭ سارىيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تۈگۈلۈكتىن: ئۇلان چاققاننىڭ ئىلاجىنى زىنداندا ياتقان بىگۇنا سەييياھ قىلىدۇ. تېز بېرىپ ئۇنى كەلتۈرمەك كېرەك. بولمىسا ئىلاج قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ، ــ دەپ ۋاقىراپتۇ. پادىشا ئانىسىنىڭ بېشىدا ھەم ئۇنى ئۇلان چاققاننىڭ، ھەم قىزى ئۆلگەننىڭ غېمىدە سەراسىمە بولۇپ ئولتۇرغان ئىكەن، ھېلىقى ئاۋازنى ئاڭلاپ قېشىدىكى داۋالاشقا ئاجىز كېلىپ تۇرغان تېۋىپلاردىن:

ــ نېمە ئاۋاز بۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بۇ غايىپ ئالەمنىڭ ئىلھامى بولۇشى مۇمكىن، بولمىسا سەھەر ۋاقتىدا پادىشانىڭ قەسرىگە چىقىپ بۇنداق قىلالايدىغان قانداق كىشىكەن ئۇ؟ ــ دېيىشىپتۇ ئۇلار.

كىشىلەر ئۆگزىگە چىقىپ قارىغان بولسىمۇ ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن «تېۋىپلارنىڭ جاۋاۋى توغرا ئوخشايدۇ» دېيىشىپتۇ، پادىشا دەرھال بۇيرۇق بېرىپتۇ. سەييياھنى زىنداندىن ئېلىپ كېلىشىپتۇ. ئۇنىڭدىن ئىلاج سورىغان ئىكەن، ئۇ:

ــ پادىشاھىم، ئۇلان چاققاننىڭ داۋاسى مەندە بار. ئەگەر خانىكەمگە يەدۈرسەم بىر سائەتتە تولۇق سەھەت تېپىپ كېتىدۇ. ئەمما پەرىشان ھالىمدىن كىچىككىنە ئەرز قىلسام ئاڭلارمىكىن

دىگەن ئۈمىتتىمەن. چۈنكى پادىشالارنىڭ ئادالىتىگە ئاجىزلار ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇش بەكمۇ يارىشىدۇ، — دەپتۇ.

ئەگەر ئۇخلاپ تۇرغاندىمۇ پادىشاھ،
ئاڭلاش كېرەك قايسى دەرتمەن چەكسە ئاھ.
بۇ تەخت ئوزرە بولمىسا كىمكى بىدار،
پادىشالىق بولماس ئاڭا سازاۋەر.

— قانداق گېپىڭ بولسا قورقماي ئېيتىۋەرگىن، — دەپتۇ پادىشا.

سەيياھ ئۆز قىسسىسىنى باشتىن-ئاخىرغىچە تولۇق بايان قىلىپتۇ ۋە ھىلىقى گىيانى سۈت بىلەن ئىزىپ پادىشانىڭ ئاغزىغا ئىچۈرگەن ئىكەن، دەرھال ساقىيىپ كېتىپتۇ. پادىشا سەيياھنىڭ قىلغان چارىسى شىپا بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ: "بۇ ئىش غايىپ ئىلھامغا مۇۋاپىق كەلدى" دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بارلىق سۆزلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپتۇ ۋە شۇ ھامان ئۇنىڭغا شاھانە كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ: "سەيياھنىڭ ئورنىغا زەرگەرنى ئۆلتۈرۈڭلار" دەپ بۇيرۇپتۇ. زەرگەر: "پادىشا سەيياھنى ئۆلتۈرسە ئۇنىڭ دىنارلىرى ماڭا قالىدۇ" دەپ تاما قىلىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ زاماندا، ئەگەر بىر كىشى بوھتان بىلەن بىراۋنى بالاغا قويسا، كېيىن ئۇنىڭ توھمىتى مەلۇم بولۇپ غەرىزى ئاشكارىلىنىپ قالسا، توھمەتكە ئۇچرىغۇچىغا لايىق بولغان جازا توھمەت قىلغۇچىغا بېرىلىدىغان قائىدە بار ئىكەن. شۇڭا جاللاتلار كېلىپلا ئۇ بەتقىلىق مەككارنى دارغا ئېسىپتۇ ۋە مەملىكەت يۈزىنى ئۇنىڭ ناپاك ۋۇجۇدىدىن پاك قىلىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزى تېرىغان پىتنە-پاسات ۋە شۇملۇق ئۇرۇغىنىڭ ھوسۇلىنى ئۆزى ئورۇپتۇ.

دەۋرى پەلەك مۇكاپاتىغا سازاۋار،
قىلغىنىڭنى ئۆزەڭگە تېز ياندۇرار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاپارسەن ياخشىلىق قىلساڭ ياخشى كار،
خەتەرگە ئۇچرارسەن بولساڭ دىل ئازار.

مانا بۇ پادىشانىڭ ئۆز مۇلازىملىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ئاگاھ بولۇشى لازىملىغىنىڭ داستانى ۋە بەد ئىسىل، قەلبى ئەگرى كىشىلەردىن پەرھىز قىلىشى كېرەكلىگىنىڭ مىسالى. ئەگەر ھەلەپ پادىشاسى ئۇ بەد ئىسىل بىئەدەپ زەرگەرگە تەربىيەت قىلمىغان بولسا، بىگۇنا قىزىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولۇپ، قىزنى يىلپىزنىڭ پەنجىسىگە دۇچار قىلدۇرمىغان بولاتتى. ئەگەر پادىشا ئۇ راست سوزلۇك، روشەن كوزلۇك سەيياھنىڭ سوزىگە ئىناپ قۇلىغنى ئاچمىغان بولسا، توغرىنى خاتادىن ئايرىپ، ئاخىرەت ساۋابىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن پادىشالار بىر كىشىنى ياخشى سىناپ كورمىگىچە ئۇنىڭغا تەربىيەت قىلماسلىغى، ئوبدان چۈشىنىپ يەتمىگىچە كىشىنى يۇقۇرى كوتەرمەسلىگى كېرەك. بىلمەك كېرەككى، ياخشىلىقنىڭ ئەجرى ھەرگىز زايا كەتمەيدۇ. يامانلىقنىڭ جازاسىمۇ يەتمەي قالمايدۇ. بۇگۈنكى كۈنلۈكتە قازا ئەلچىسى ئۇلارنىڭ دولەتلىرىنىڭ بارگاھىنى ئىگىز كوتىرىپ، قەدەر تەقسىماتچىسى سائادەتمەنلىك نوۋىتىنى ئۇلارغا بەرگەن ئىكەن، ئۇلار بۇ دۇنيادا ياخشى ئاتىنىشقا، ئاخىرەتتە نىجات تېپىشقا سەۋەپ بولغۇدەك ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۇچۇن ھەركەت قىلىشى كېرەك.

ھەر مۇددەتتە بىركىمگە نەزەر قىلۇر بۇ پەلەك،
ھەر نوۋەتنى بىراۋغا بىرۇر زىمىن ۋە زامان.
بىرنەچچە كۈن بولسا گەر قولۇڭدا شۇ دولىتىڭ،
جەننەت نېسىپ بولغۇدەك ئىش قىلغايسەن سەن ھامان.

# ئون تۆتىنچى باپ

## زامان ھادىسىلىرىگە ئىلتىپات قىلماسلىق ۋە بارلىق ئىشلارنى قازايى قەدەرگە قويۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا

پادىشاھى ئالەم راي ئۇ كامىل ھەكىمدىن ھىكمەت جاۋاھىرلىرى تولغان خەزىنە ۋە نەسىھەت گوھەرلىرى تولدۇرۇلغان ساندۇق بولغان بۇ داستاننى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بىجانىدىل مىننەتدار بولۇپ شۇنداق دەپتۇ:

ئەي، بايانىڭ نەھرىسىنىڭ ساپ سۈيىدىن چىقسا مەۋج،
قەترىسى يۈز تەشنا لەپ بولغان كىشىنى قاندۇرار.
ۋاي، زۆۋانىڭدىن كورۇنگەن گەپ ئىبارەتلەردىكى،
ھەر ھەرپ مىڭ سوز جامالىنىڭ نىقابىنى ئاچار.

— پىقىر جانابىڭىزنىڭ بىشىنى كوپ ئاغرىتىپ، تۈرغۇن ھىكمەتلەرنى سوزلىتىپ، سانسىز بىئەدەپلىكلەرنى قىلغان بولسامۇ، ئىلتىپات قىلىپ ئون ئۈچ ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇننى بايان قىلدىڭ. ئەمدى سوزنىڭ قىسقىرىدىغان ۋاقتى يىقىنلاشتى. مەرھەمەت قىلىپ،

www.uyghurkitap.com

تۈگەنچى ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنىنى تەپسىلى بايان قىلىپ بەرسەڭ، بۇ ھېچقاچان سېنىڭ سېخىلىقىڭ ئالدىدا ھېچقانچە ئاجايىپ كۆرۈنمەيدۇ. زادى بۇ جاھاندا ئاقىل ۋە كامىل كىشىلەرنىڭ تەڭلىكتە قېلىپ مېھنەتكە گىرىپتار بولۇپ يۈرۈشى، لېكىن جاھىل ۋە غاپىل كىشىلەرنىڭ راھەت-پاراغەتتە ھايات كەچۈرۈشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئاقىل كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە ئىلىم-بىلىملىرى يار-يۆلەك بولالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن غاپىل كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ جاھىللىق ۋە ھاماقەتلىكلىرى پۇتىدىن يېقىتمايدۇ؟ ئىككىنچىدىن، قانداق چارە بىلەن زەرەردىن ۋە نەسلىكتىن ساقلانغىلى بولىدۇ ۋە قانداق ئىش بىلەن پايدا ۋە سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ مانا مۇشۇ مەسىلىلەرنى روشەن بايان قىلىپ بەرسەڭ.

—ئەي، پادىشا!— دەپتۇ بەرەھمەن،— ھەرقانداق كىشى ئەسلىدە دۆلەت ۋە سائادەتكە سەۋەپ بولىدىغان ئەسۋاپلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالايدۇ. ئەمما تەقدىر ئۇنىڭغا مەدەتكار بولمىسا، ئۇنىڭ ئىستىداتىدىن ھېچقانداق پايدا ۋە نەتىجە چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەندىنىڭ ھەركەت ۋە سەۋەپلىرى ھەممە ئىشنىڭ ئاساسى بولغان تەڭرىنىڭ قازاسى ۋە ئىرادىسىگە مۇۋاپىق چۈشمىسە، ھەممىسى باتىل ۋە زايا بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى نۇرغۇن دانالار دۆلەت كۆرۈشكە لايىق تۇرۇپمۇ بىر كۈنلۈك ئوزۇق تاپالماي يۈرسە، كۆپىنچە نادانلار قىلچە قابىلىيىتى يوق تۇرۇپمۇ يولباشچىلىق تۆردە ئولتۇرىدۇ.

ئەزۇ نېمەتلەرنى كۆپ تاپتى نادان،
يوق، لېكىن دانا قولىدا پارچە نان.
تۆرنى ئالدى پەس خۇلۇق ئاخماق كىشى،
تەگدى ئالىمغا شۇ ئۆي بوسۇغىسى.

بۇ ئىشلاردا ھەممىسى ھەقتائالانىڭ تەقدىرىگە باغلىق. ئەگەر كىشىنىڭ ھەرقانچە ئەقلى كامىل بولسا ۋە شۇ ئارقىلىق تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىنى ئوبدان ئىگەللىگەن بولسا، ياكى چوڭ بىر ھۈنىرى بار بولۇپ، ئۇنى ئىشلىتىپ، دۇنيالىق ئەسۋاپلىرىنى كەڭ كۇشادە جەم قىلالىغان بولسا ۋە ياكى شۇنداق چىرايلىق بولغان بولۇپ، ئەنە شۇ جامالىنىڭ كەمەنى بىلەن كوڭۇللەرنى باغلاپ مەنپەئەتلەرنى ئوۋلىيالايدىغان بولسىمۇ، ئەمما تەڭرىنىڭ تەقدىرى ئۇلارغا يار بولمىسا، ھېچقانداق نەپ كورەلمەيدۇ. بۇ مەزمۇننى رۇم شاھزادىسى نەستۇر شەھرىنىڭ دەرۋازىسىغا يېزىپ قالدۇرغان ئىكەن. ئۇ خەت ئەنە شۇنىڭدىن يادىكار قالغان. ئۇنىڭ قىسسىسى ناھايىتى شېرىن ۋە كوڭۇلگە ياقىدىغان قىسسىدۇر.

— ئۇ قانداق قىسسە ئىكەن؟— دەپ سوراپتۇ راي.

— رۇم شەھەرلىرىنىڭ بىرىدە،— دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ بەرەھمەن.

## رۇم شاھزادىسىنىڭ ھېكايىسى

رۇم شەھەرلىرىنىڭ بىرىدە، ناھايىتى سائادەتمەن ۋە داڭلىق بىر پادىشا تەختكە ئولتۇرغان ئىكەن.

ھىممىتى چوڭ، دانىشى بىسيار ئىدى،
كۇچى زور ھەم كوڭلى بەك ھۇشيار ئىدى.

ئۇنىڭ ياخشى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ۋە تۈزۈك بەزىلەتلىك ئىككى ئوغلى بار ئىكەن.

بىرى لۇتپى بىلەن ئەل كوڭلىن قىلىپ شات،
بىرى ئەدلى بىرلە قىلغان ئەلنى ئاۋات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ پادىشا تەڭرى يارلىغىنى قوبۇل قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چوڭ ئوغۇل كۈچ بىلەن ئاتىسىنىڭ ئەرلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ ۋە ھەممە دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇرۇپتۇ.

بولۇپ يارۇ - مەدەتكار دۆلەت - بەخت،
ئاڭا بولدى مۇقەررەر تاج بىلەن تەخت.

كىچىك ئوغلى سەلتەنەتنىڭ دۆلەت قۇشى ئاكىسىنىڭ بېشىغا قونغانلىقىنى كۆرۈپ: "بۇنىڭ غالىپلىقىدىن ماڭا ئاپەت يەتمىسىگەي" دەپ قورقۇپ، كۆڭۈل غېمىنى ئۇزۇق، كۆز يېشىنى سۇ قىلىپ، يۇرتىنى تاشلاپ سەپەرگە چىقىپتۇ.

چۈنكى بولدۇم ئىشقىڭىز ئىچرە رەقىبلەردىن مالال،
غەمنى مەن ئۇزۇق قىلىپ، قىلدىم سەپەرنى ئىختىيار.

ئۇ يولدا يالغۇز كېتىۋاتقىنىدا كەچ كىرىپتۇ. ئۇ بىر مەنزىلدە قونۇپتۇ ۋە تاڭ ئاتقىچە يالغۇزلۇقىدىن غەمناك بولۇپ يىغلاپتۇ:

ئىككى كۆن ماڭماق بىلەن يىغلاپ كۆزۈمدىن ئاقتى قان،
نەقىلارمەن، مەن كېيىن ئاۋالقى مەنزىل بۇ تېخى.

شۇ يوسۇندا ئۇ كېچىنى يالغۇز ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى كۈننىڭ زىبا يۈزلۈك دىلبىرى تۈننىڭ نىلۇپەر پەردىسىدىن يۈز كۆرسىتىپتۇ ۋە نىگار قۇياشى مەشرىق مەنزەرىدە جىلۋە قىلىپتۇ.

قۇياش ئىشكىن ئېچىپ، پەلەك گەردىشى،
چاچتى پۈتۈن ئالەمگە ئۆز نۇرىنى.

شاھزادە مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا، بۇرۇتلىرى ئەمدى خەت تارتقان چىرايلىق بىر يىگىت كېلىپ، ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپتۇ. ئۇلار ئىككى كىشى بولۇپ يولغا چۈشۈپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ تولىمۇ كېلىشكەن ۋە ناھايىتىمۇ لاتاپەتلىك يىگىت ئىكەنلىگىنى، مىيىغىدىكى بۇرۇتلىرى، خۇددى گۈلشەن قىرغىغىدا ئۆنگەن بىنەپشىلەر گۈلشەنگە ياراشقاندەك، ياكى لالە ۋاراقلىرىنىڭ بەتلىرىگە چېكىلگەن خاللار لالىگە ياراشقاندەك، ئۆز ھوسنىگە شۇنداق ياراشقانلىغىنى كۆرۈپتۇ.

يۈزى تازا ئېچىلغان قىپ-قىزىل گۈل،
چېچى گۈلگە چىرماشقان گويا سۇمبۇل.
ئىككى زۇلپى ئارىسىدا ئايدەك يۈزى،
تۇرمىلەنگەن قارا زۇلپىنىڭ ئۇچى.
قېشى ئىرۇر ھوسنى ئايۋانىدا تاق،
تاماشاسىغا جانلار كۆزى مۇشتاق.
بېلى ھەم ئاغزىنى ئېيتارغا تىل لال،
كەلتۈرەلمەي ئۇنىڭغا ھېچبىر مىسال.

شاھزادە بۇ كېلىشكەن قەددى-قامەت ۋە ئاتەشتەك يۈزنى كۆرۈپ ئۆز-ئۆزىگە:

ئۇ جامال مەھبۇبىنىڭ يۈزىدىكى قارا خال،
خۇددى خېلىل ئوتى ئىچرە كۆيمىگەن نازۇك نىھال.

ئۇ ئۆز-ئۆزىگە "بۇ زىبا يۈزلۈك دوست بىلەن ھەمرا بولغان كىشى ھەرقانچە سەپەر مېھنىتىنى تارتسىمۇ، بۇ گۈلئۇزار سەرۋىنىڭ سايىسىدە، باياۋانىڭ ھارارىتىدىن قۇتۇلۇپ، جېنىغا راھەت يەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ-دە! شۇنداقلا بولسا، ھەرقانچە ئاۋارە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ ئەرزىيدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى ياسىمەن بىر بىرىنىڭ سوھبىتى خوپ كېلىپ، ياخشى چىقىشىپ كېتىۋاتقاچقا، مۇشەققەت تىكەنلىكىنى جەننەت گۈلشەنلىكى دەپ خىيال قىلىشىپتۇ.

بولالىسام دوزاخ ئىچرە زۇلپىڭغا يار،
جەننەت ئەھلىدىن ئەلاۋەتتە قىلارمەن ئار.
ئەگەر كەڭرى بىھىشت ئىچرە سەنسىز يۈرسەم،
شۇ كەڭلىگى بىلەن كېلەر كۆڭلۈمگە تار.

ئىككىنچى مەنزىلدە، ئۇلارغا بىر سودىگەرزادە ھەمرا بولۇپتۇ. ئۇ شۇنداق ئىش بىلەرمەن، ھوشيار ۋە پىكرى چوڭقۇر ھەم تەدبىرلىك ئىكەنكى، پەيتى كەلسە كامىل ئەقلى بىلەن تۈن رىشتىسىنى كۈننىڭ بويىنىغا باغلىيالايدىكەن؛ مۇئامىلە ۋاقتىدا چاپسانلىق بىلەن ئاسمان بازىرىدىن قۇياشنىڭ خىش ئالتۇنىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىكەن.

ئۆزى چاققان، سۆزى شىرىن، سەرۋى قامەت،
خۇيى ئوبدان، ئىش بىلەرمەن ياخشى ئۈلپەت.

ئۈچىنچى قونۇشتا، ئۇلارغا بىر دېخان ئوغلى قوشۇلۇپتۇ. ئۇمۇ باي، كۈچلۈك بىر يىگىت بولۇپ، دېخانچىلىق ئىشلىرىدا ھەممىگە-ماھىر، زىرائەت بابىدا بارلىق ئىشقا كامىل، باغۋەنلىك ساھەسىدە شۇنداق سەلىقىلىق ئىكەنكى، ھەرقانداق بىر كونا ياغاچنى تۇپ-راققا تىكسە، ياشىرىپ يېڭى مېۋە بېرىدىكەن. دېخانچىلىقتا سەن-ئىتى شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى، ھەر بىر ئۇچۇم داننى شور يەرگە چاچسا ياخشى يەردىكىدەك ئوبدان ھوسۇل بېرىدىكەن.

باغلىرىدا ئۈنگەن ئىدى تۆبى سەدرە كەبى نىھال،
تېرىقچىلىق ئىشلىرىدا كەتمەن كۈن، ئوغاق ھىلال.

بۇ توتەيلەننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھەمرالىق ئۆيى تامامەن پۈتۈپتۇ ۋە بۇ مېھرىۋان يارانلار بىر بىرىنىڭ سوھبىتىنىڭ شاتلىقى بىلەن ئۆز شەھەرلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە يار-دوستلىرىنىڭ يادىنى ئۇنتۇپ، مەنزىللەردىن ئۆتۈپ، يوللارنى بېسىپ، بىر بىرلىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ ماڭغىنىغا كۆڭلى خوشال بولۇپ كېتىۋېرىپتۇ.

ياخشى دوستقا ئۈلپەت بولساڭ ئەگەر سەن،
چۆلدە بولساڭ ئۇنى گۈلشەن دېگەيسەن.
تىل دېيەلمەس، قول قىلالماس ئىش بولۇر،
شۇ مۇرادىڭ سوھبەت ئىچرە تېپىلۇر.
ھەر سوھبەتداشتىن كۆڭۈل يەسە غىزا،
ھەر بىراۋدىن جان ئالۇر ئىلىم ساپا.
ئىككى يۇلتۇز بىر بىرىگە ياندىشۇر،
ئىككىنىڭ نۇرى بىلەن ئالەم يورۇر.

ئۇلار بىر نەچچە كۈندىن كېيىن نەستۇر ۋىلايىتىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار بىردەم ئارام ئېلىش ئۈچۈن، شەھەرگە يېقىن بىر جايدىكى پاكىز بىر يەرنى تېپىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىرى تۈگىگەن ئىكەن.

— ياخشى شۈكى، — دەپتۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى، — ھەرقايسىمىز ئۆز ھۈنىرىمىزنى ئىشلىتىپ، شۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئوزۇق تېپىپ، بۇ جايدا بىرنەچچە زامان كۈن ئۆتكۈزەيلى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— دۇنيا دىگەن مۇراتتۇر، — دەپتۇ شاھزادە، — ئۇنى تەلەپ قىلغۇچىغا دۈشمەن ناھايىتى كوپ، ھىچقانداق ئاقىل كىشى ئۇنىداق نەرسىنى تىلەپ ئەزىز ئومرىنى ئۇنىڭ ھەركىتى بىلەن خار قىلمايدۇ.

ئوخشىغاي بىر ئەسكى تاپقا بۇ دۇنيا،
قاغىلار ئۇنىڭ قېشىدا بەكمۇ كوپ.
تالىشىپ بىر بىرىگە چاڭگال سالار،
يۇرۇشەر بىر بىرىنى دائىم چوقۇپ.
ئاخىرى ئۇ تاپ قالۇر ئوز ئورنىدا،
قاغىلارنىڭ ھەممىسى كەتكەي ئۇچۇپ.

خۇدا تەرىپىدىن تەقسىم بولغان رىزىق ھىرىس ۋە ھەركەت سەۋەۋى بىلەن ئارتۇق بولۇپ قالمايدۇ.

تولا يىغماق بولسىمۇ نەپسىنىڭ ئىشى،
تەقسىماتتىن ئوزگىنى بىلمەس كىشى.
ھەممە تاپقاننى كىشى ئوزى يىمەس،
بەس، ئۇنى كوپ ئىستىمەكلىك خوپ ئەمەس.
تەگرى بۇيرۇقلىرىدىن بولۇپ خۇرسەن،
سەۋرە رىزا يولىدىن بول بەھرىمەن.

— نەز-نىمەت تىپىشقا سەۋەپ بولىدىغان ھەر قانداق سەۋەپ ھوسنىنىڭ ئالدىغا ئوتمەيدۇ، — دەپتۇ چىرايلىق يىگىت، — مال جۇغلاشقا بولىدىغان ھىچقانداق شەرت جامالغا يەتمەيدۇ. ھەر قانداق كىشىدە جامال چىمەنى جىلۋە قىلغان بولسا، مال-دۇنيا ئۇنىڭغا ئوز-ئوزىدىن تەۋە بولىدۇ. ھەر قانداق ۋاقىتتا ھوسن ۋە لاتاپەت جىلۋە قىلىپ، مەرھەمەت ۋە مېھرىۋانچىلىق

ئۇنىڭغا قوشۇلسا، مۇھەببەت تۇغۇلىدۇ - دە، تاقالغان ئىشىكلەر ئېچىلىدۇ، باغلانغان تۈگۈنلەر يېشىلىدۇ.

چېھرىسىن كورسەتسە گەر ساھىپ جامال،
تاپقۇسى ئالتۇن، كۈمۈش، گوھەر ۋە مال.

— ھوسىن سەرمايىسى مۇئامىلە بازىرىدا كەم باھا مالدۇر، — دەپتۇ سودىگەر زادە، — ئازغىنا ۋاقىت ئۆتسە ئۇ دەسمايىمۇ، ئۇنىڭ پايدىسىمۇ قولدا قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنىڭ پايدىلىقراغى ئىش يولىنى بىلىش ۋە مۇئامىلىشۇناسلىقتۇر. ھەرقانداق كىشىنىڭ مەئىشىتىنىڭ پۇتى پەقىرلىق تېشىغا مۇدۇرۇلسە، ئۇنىڭغا ئەقىلدىن باشقا قولداش تېپىلمايدۇ. ھەر قانداق كىشىنىڭ قولىدا تىرىكچىلىك سەرمايىسى قالمىسا، تەدبىردىن بولەك نەرسە ئۇنىڭ چارىسىنى قىلالمايدۇ.

دانىشمەنلىك ئۈستىگە قويساڭ ئىشىڭ بىناسىنى،
بىلكى ئاسان قىلغىنىڭدۇر ئۆزەڭگە ھەر قىيىن ئىشنى.

— ئەقىل ۋە تەدبىر ھەممە يەردە كارغا ياراۋەرمەيدۇ ۋە ھەممە ۋاقىتتا پايدا بېرىۋەرمەيدۇ، — دەپتۇ دېھقان ئوغلى، — ئەگەر بىر كىشىگە ئۇنىڭ دانىشمەنلىكى دولەت ۋە نېمەت بېرەلەيدىغان بولسا، ھەر بىر دانا كىشى پادىشالىق تەختىدە سولەت بىلەن ئولتۇرالىغان بولاتتى. ۋاھالەنكى، بىز كوپلىگەن دانىشمەنلەرنىڭ پەم ۋە ئىدراك گۈلزارىدىن بۇي ئالمىغان كوپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئېھتىياج زىندانىدا مەھبۇس بولۇپ ياتقانلىقىنى، مالدارلىق ۋە ھوزۇر - ھالاۋەت بوستانىدا تاماشا قىلىۋاتقانلىقىنى كوردۇق. شۇ سەۋەپتىن:

ھەممە نادان كىشىگە بەرگەي پەلەك دولەت ۋە بەخت،
سەن ئەقىل ئەھلى ئىرۇرسەن شۇ گۇناھىڭ ساڭا بەس.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ساغلا كەسپكارلىق ھەم تىرىشچانلىق ياخشىدۇر، چۈنكى ئادىمىزاتقا سائادەت ۋە كەڭ ـ كۈشادە پاراۋانچىلىق ئەنە شۇنىڭ بەركىتى بىلەن كېلىدۇ.

بولما بىكار، ئۈگەنگىن كەسپ ھۈنەر،
كەسپ قىلساڭ كىرگۈسى قولۇڭغا زەر.
پادىشادا بولسىمۇ تەخت بىرلە تاج،
لېكىن بولار ھۈنەرۋەنگە ئۇ مۇھتاج.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە يەنە شۇنداق دەپتۇ:
— مەن ئاشۇ تەۋەككۇل مەزھىپىدە چىڭ تۇرىمەن. مەن شۇنى تەكىتلەيمەنكى، ئەگەر قازا جامالى پەردە ئارقىسىدا جىلۋىگە كەلمىسە، ھوسن مۇۋىسى سائادەت بولۇغىدىن چىقالمايدۇ. تەقدىر سودىگىرى مەئىشەت دۇكىنىنىڭ ئىشىگىنى ئاچمىسا، دانىشمەنلىك مېلى قوبۇل بازىرىدا راۋاج تاپالمايدۇ. كەسپنىڭ پايدىسى كاسىپلارنىڭ قولىغا تەقدىرى ئەزەلنىڭ ھاۋالىسى بىلەن كېلىدىغان مانىدە. شۇنداق ئىكەن، خۇدانىڭ خاھىشى يار بولماي تۇرۇپ، كىشىنىڭ كوڭلى ھەر قانداق رەقەمنى خىيال لەۋھەسىگە يازسا، ئۇ بۇزۇلىدۇ. تەڭرى ئىرادىسى مەدەت قىلماي تۇرۇپ، تەدبىر دۇئاگويى ھەرقانداق ئەپسۇننى ئوقۇسا، ئۇ ئاقىۋەت بىھۇدە ئەپسانىگە ئايلىنىدۇ.

شۇنچە قىلدىم تەسەۋۋۇرلەر، بولمىدى مەۋجۇت بىرى،
بۇ كوڭۇل ئەپسۇنلىرىم بولدى ئەپسانە بىرى.

شۇنىسى ھەقىقەتكى، ئەگەر ھەقتائالا خاھىش قىلسا، ھەر كىشىنىڭ مەقسىدى رەنج ۋە مۇشەققەتسىز قولغا كېلىدۇ. ئەگەر تەڭرى خاھىشى ئۇنىڭ ھاسىل بولۇشىغا تەئەللۇق بولمىسا،

تىرىشچانلىق ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ. شۇڭا قازايى ئىلاھىغا بويۇن ئەگمەك كېرەك ۋە تەڭرىنىڭ تەقدىر خېتىگە باش قويۇماق لازىمدۇر. چۈنكى پۈتۈن جاھاندىكى ئىشلارنىڭ چارىسى قازاغا رىزا بولماقتۇر. ھېلىقى دېخانمۇ ئۆز ئىشنى تەڭرىنىڭ تەقدىرىگە ھاۋالە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئازغىناﷺ ۋاقىتتا تەلەپ قىلغان نەرسىلىرىنى تېپىپ، جاپا زىنداندىن ئازات بولغان ئىكەن.

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟— دەپ سورىشىپتۇ دوستلار.

— ئەندەلىس شەھرىدە بىر دېخان بار ئىكەن،— دەپ ھېكايىسنى باشلاپتۇ شاھزادە.

## ئەندەلىسلىق دېخاننىڭ ھېكايىسى

ئەندەلىس شەھرىدە بىر دېخان بار بولۇپ، ئۇ تىرىقچىلىق ئىشلىرىدا كامالەتكە يەتكەن، قولى ئۈچۈق، كۆڭلى-كۆكسى كەڭرى ئادەم ئىكەن. بېرىپ-بېرىپ ئۇنىڭ تاپاۋىتى خىراجىتىدىن ئېشىپ قالىدىغان بولۇپتۇ ۋە قولىغا ئۈچ يۈز دىنار پۇل جۇغلىنىپتۇ. ئەمما روزىغارى ئۈچۈن ئۇ پۇلدىن سەرپ قىلمايدىكەن ۋە ھەر كۈنى ئۇلارنى ھەميانىدىن چىقىرىپ سانايدىكەن، پۇلى بارلىقىغا خوشال بولىدىكەن.

سېرىق ئالتۇن قىلىپ ئۇنى شادىمان،
خۇددى خۇرسەن قىلغىنىدەك زەپىران①.

بىر كۈنى ئۇ ئادىتى بويىچە پۇلىنى يەنە بىر قېتىم ساناپتۇ ۋە ھەميانغا سېلىپ، ئاغزىنى بوغۇپ تۇرۇپ، مەزمۇت بىر يەردە قويۇپ قويۇشنى ئويلاپ تۇرۇشىغا بىر ئەزىز دوستى ئۆي ئىشىد-

① بۇ يەردە زەپەرنىڭ ئىچىملىگەندە كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدىغان خۇسۇسىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گىگە كىلىپ قاپتۇ ۋە ئۇنى چاقىرىپتۇ. دىخان: "ئۇ ئۇيگە كىرىپ بۇ ئالتۇنلارنى كورۇپ قالمىغىيدى" دەپ تىپىرلاپ كىتىپتۇ-دە، دەرھال ئۇرنىدىن تۇرۇپ "ئالتۇنۇڭنى، بارىدىغان يىرىڭنى ۋە مەزھىبىڭنى كىشىلەردىن يوشۇرغىن" دىگەن سوزنىڭ ھوكمىگە ئەمەل قىلىپ، ئالتۇننى ھەمىيان بىلەنلا بىر كوزىغا ساپتۇ ۋە دوستىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. دىخاننىڭ دوستى بىلەن بىللە سەھرادا قىلىدىغان ئىشى بار ئىكەن، شۇ ئىشىغا كىتىۋىرىپتۇ. دىخاننىڭ خوتۇنى ئىرى كەلگۈچە ئاش ئىتىپ قويماقچى بولۇپ، كوزىنى ئىلىپ، سۇ ئەكەلگىلى چىقىپتۇ. خوتۇن كوچىغا چىقىپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭغا بىر قاساپ ئۇچراپتۇ. قاساپ دىخانغا يىقىن دوست ئىكەن. ئۇزى سەھرادا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، شەھەرگە كالا سىتىۋالغىلى كىرگەن ئىكەن. ئۇنى كورگەن خوتۇن: "مەن بىر ئايال كىشى تۇرسام، كوچىدا نامەھرەملەرنىڭ ئارىسىدا يۇرۇشۇم ياخشى ئەمەس. كوزىنى بۇ تونۇشقا بىرەي، سۇنى مۇشۇ ئادەم ئەكىلىپ بەرسۇن" دەپ ئويلاپ كوزىنى ئۇنىڭغا بىرىپتۇ. قاساپ ئۇنى ئۇچىسىدا يۇدۇپ كىتىۋاتقاندا ھەركىتىنىڭ تەسىرى بىلەن كوزا ئىچىدىن بىر نەرسىنىڭ شەپىسى قۇلىغىغا ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ شۇ زامان كوزىنىڭ ئاغزىنى توۋەن قىلغان ئىكەن، ئىچىدىن ئالتۇن بىلەن توشقان بىر ھەميان يەرگە چۈشۈپتۇ. قاساپ ناھايىتى خوشاللىق بىلەن ئۇنى قولىغا ئاپتۇ:

> قولغا مۇت دولەت مۇشۇنداق كەلگىنىدىن شۇ ئىنىق،
> سەئى سەۋەپ بىرلە جەننەتكە كىرىش ھىچگەپ ئەمەس.

"خۇدايىتائالاغا شۇكرى، شۇنداق كوپ نىمەتنى ماڭا رەنجمۇشەققەتسىز بەردى. بۇنىڭغا يەنىمۇ كوپ شۇكرى قىلىشىم كىرەك. ئەمدى مەن بۇ زەرنى كورۇپلا ئوز كەسپىمنى ئۇنتۇپ قالماسلىغىم لازىم. بەلكى بۇنى ياخشى ساقلاپ، بۇرۇنقى ئىشىمنى

قىلىشىۋېرىشىم كېرەك" دەپ ئويلاپ، خوشاللىقتا سۇ ئەكىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، دەرھال بازارغا بېرىپتۇ ۋە قولىدىكى ئىلگىرىكى پۇلغا بىر سېمىز كالا ئاپتۇ ۋە ئۆيىگە راۋان بولۇپتۇ. لېكىن ئۇ شەھەردىن چىقىپلا ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ: "بۇ ئالتۇننى ئۆيگە بېرىپ بولغىچە قاراقچىغا تارتقۇزۇپ قويۇشۇم مۇمكىن. ئەگەر بىر يەرگە كۆمۈپ قوياي دېسەم، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمايمەن. بىر كىمنىڭ قېشىدا ئامانەت قوياي دېسەم بىرەر دوستۇمغا ئىشەنچىم يوق. چۈنكى بۇ زاماننىڭ دوستلىرىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى شۇكى، بۇ ئالتۇننى ھەميان بىلەنلا مۇشۇ كالىنىڭ گېلىغا تىقىۋەتسەم، بۇ يۇتقاندىن كېيىن، ئۆيگە بارغاندا ئۆلتۈرسەم ئىچىدىن ئالالايمەنغۇ؟" دەپ ئويلاپتۇ ئۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەمياننى ئالتۇن بىلەنلا ئۇ بىچارە كالىنىڭ گېلىغا تىقىپ يۇتقۇزۇپتۇ. شۇندىن كېيىن كېتىۋاتقىنىدا ئوغلى ئۇچراپ قاپتۇ. قاساپنىڭ شەھەردە يەنە بىر زورۇر ئىشى بار ئىكەن. شۇڭا كالىنى ئوغلىغا تاپشۇرۇپ بېرىپلا، ئۆزى ھېلىقى ئىشىغا يېنىپتۇ. ئوغۇل كالىنى ھەيدەپ ئۆز سەھراسىغا ئەكىتىۋاتقىنىدا، ئىشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىۋاتقان دېخان بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. دېخاننىڭ بىر كالا ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىش نىيىتى بار ئىكەن. شۇڭا ئۇ سېمىز كالىنى كۆرۈپلا: "بۇ كالا سويۇشقا يارايدىكەن، ھەم دوستۇمنىڭ مېلى ئىكەن، بۇنى ئېلىپ ئاشۇ نەزىرىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋالاي" دەپ ئويلاپ ياخشى باھا بېرىپ قاساپنىڭ ئوغلىنىڭ قولىدىن سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ ۋە پۇت قولىنى بوغۇپ بوغۇزلاپتۇ. تېخى تېرىسىنى سويماي تۇرۇپلا، كوزىغا سېلىپ قويغان ھەميان يادىغا يېتىپ، دەرھال قارىغان ئىكەن، كوزىنىڭ ئۆز ئورنىدا يوقلۇغىنى كۆرۈپتۇ. خوتۇنىدىن سورىغان ئىكەن، ئەھۋالنى بايان قىلىپتۇ. شۇندا دېھان دىنارلىرىنى قاساپ ئېلىپ قاچقانلىقىنى بىلىپ كۆڭلىدىن ھەسرەت ئوتى ئۆرلەپتۇ. ئۇنىڭ شوم ھەۋەسى نادامەت بىلەن يىغلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاقىۋەتنى كورەر، ئەقلى ئۇنىڭ رەسۋالىقىغا كۆلۈپتۇ.

مال ـ دۇنيا ھەسرىتىدە يىغلىسا ھەر بىر كىشى،
يىغا دېمەڭ، كۈلگىنىدۇر رەسۋالىقىغا ئۇزى.

دېخان بىرەر سائەت ھەيرانلىق قىرغىقىغا بېرىپ پۇشايمان كەلكۈنلىرىدە ئېقىپتۇ ۋە ئاقىۋەت قازاغا رازى بولۇپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ كالىنىڭ تېرىسىنى سويۇپتۇ ۋە قارنىنى يېرىپ ئۇچەي-قېرىنلىرىنى توككەن ئىكەن، قېرىنىنىڭ ئىچىدىن ھىلقى ھەميان چىقىپتۇ. ئۇنى كورگەن دېخان شاتلىقتىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ھەميانىنى مەيىنەتتىن تازىلاپ ئالتۇننى ساناپ باققان ئىكەن، ئۇچ يۇز دىنار ئىلگىرىكى پېتىچە ساق چىقىپتۇ. ئۇ ساناپ بولغىچە ھەر بىر دىنارنى كوزىگە بىر سۇرتۇپ، لەۋلىرى بىلەن سويۇپ تۇرۇپ: "خۇدايا، ئەمدى مېنى بۇنىڭدىن مەھرۇم قىلمىغىن!" دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ ۋە "بۇندىن كېيىن بۇ ئالتۇنلارنى بېلىمگە تېڭىپ ساقلايمەن ۋە ھەرگىز يېنىمدىن ئايرىمايمەن" دەپ ئەھدى قىلىپتۇ.

قېشىڭدىن ھېچ يىراقلىق ئەيلىمەسمەن ئەي گوزەل دىلبەر،
كىشى ئوز ئىختىيارىدە جېنىدىن ھېچ جۇدا بولماس.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن دېخان ھەميانىنى ئوز يېنىدىن ئاجرات-مايدىغان بولۇپتۇ. خوتۇنى بولسا ئۇنى ھەمىشە مالامەت قىلىپ: "ھەي نادان سېنىڭ بۇ ئىشىڭ تەۋەككۇل يولىدىن يىراق. چۇنكى زەخىرە يىغىش خۇدانىڭ رىزق بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، ھەرقانداق كىشى ئوزىنىڭ رىزقىنى خۇدانىڭ سېخىلىق خەزىنىسىدىن ئىزلەش كېرەك. كامىل ئاقىل بولغان كىشى مال جۇغلاشقا ھېرىس بولمايدۇ، بەلكى خۇداغا تەۋەككۇل قىلىدۇ.

چۈنكى ئەزەلدە تەقدىر بىلەن پېشانىگە پۈتۈلگەن رىزىق ھېچقاندـ
داق سەۋەپ بىلەن ئارتۇق ياكى كەم بولۇپ قالمايدۇ، تەقدىر پىيالىسىگە قۇيۇلغىنى ئازلىقمۇ ياكى كوپلۇكمۇ قىلمايدۇ" دەيدىكەن.

— ھەي خوتۇن، — دەپتۇ ئۇنىڭ گېپىنى تولا ئاڭلىغان دىـ
خان، — بۇ سەۋەپنىڭ ئالىمىدە ئاز-تولا سەۋەپ قىلماي بولمايدۇ. سىرتقى جەھەتتىن سەۋەپ قىلىش كېرەك، ئىچكى جەھەتتىن تەـ
ۋەككۇل قىلىش كېرەك.

بولما غاپىلكى بۇ ئالەم بىل سەۋەپنىڭ ئالىمى،
شۇڭا قولدا قىل سەۋەپ، دىلدا لېكىن تەڭرىگە باق.

خوتۇن جىم بولۇپ قاپتۇ ۋە مالامەت تىلىنى يىغىپتۇ.

بىر كۈنى دىخان غۇسلا قىلماقچى بولۇپ، بىر بۇلاقنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ۋە كىيىم-كېچەكلىرىنى يېشىپ يالىڭاچلىنىپ، غۇسلا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كىيىملىرىنى كىيىپتۇ-دە، يولغا راۋان بولۇپتۇ. ھەميان بولسا بۇلاق بېشىدا ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ. بىرەر سائەت ئۆتمەي، بىر قويچى قويلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن بۇلاق بېشىغا كەپتۇ ۋە ئالتۇن بىلەن تولغان ھەميانىنى تېپىۋاپتۇ. ئۇ ھەددى-ھېساپسىز خوشال بولۇپ، ئوز مەنزىلىگە قايتىپ كەپتۇ. ئالتۇننى سانىغان ئىكەن، ئۈچ يۈز دىنار چىقىپتۇ. قويچى: "بۇ جىق پۇل ئىكەن، ئەگەر بۇنىڭدىن خەجـ
لىسەم كېمىيىپ كېتىدۇ، مېنىڭ ئۇنى ئاۋالقى سانىغا يەتكۈزۇشۇم قىيىن. شۇڭا بۇنىڭغا نۇقسان يەتكۈزمەي ساقلىغىنىم ياخشى. ئەڭ زورۇر بولغان ۋاقىتدا ئېھتىياجىمغا لايىق سەرپ ئېتەرمەن" دەپ ئويلاپ، قويىنىغا مەھكەم تىقىپتۇ ھەم قوي بېقىش ئىشىغا مەشغۇل بولۇۋېرىپتۇ. ئەمما دىخان بىر ئاز يول ماڭغاندىن كېيىن ھەميان يادىغا كېلىپ ئىككى سەكرەپلا بۇلاق بېشىغا كەلگەن بولسىمۇ، ھەميانىدىن قىلچە ئەسەر كورۇنمەپتۇ. شۇ زامان ئۇنىڭ كوز بۇلۇتلىرى قارىيىپ،

ھەسرەت ھاۋاسىدىن يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. ئۇ خۇددى گۈل-
دۈرمامىدەك پەريات چېكىپ، چاقماقتەك ئوتلۇق ئاھ ئۇرۇپ ئىز-
لىگەن بولسىمۇ، مەھرۇملۇقتىن باشقا ھېچنىمىنى تاپالماپتۇ. ئۇ
ئاخىرى تىلى گەپكە كەلمىگەن پەرىشان ئەھۋالدا ئۆيىگە قايتىپ
كېلىپ، مىڭلىغان غەم-غۇسسە بىلەن خوتۇنىغا ئەھۋالنى سۆزلەپ
بېرىپتۇ. ئۇ گەپنى ئاڭلىغان خوتۇن يەنە مالامەت قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

— ھوي، ئاقىۋەتنى بىلمىگەن، سەن ئاشۇ ئالتۇننى شۇنداق
بېخىللىق بىلەن ساقلىدىڭ. بىرگە خەجلەپ بەرگىلى ئۇنىماي
مەئىشىتىمىزنى تەڭلىكتە قويدۇڭ، خوپ بوپتۇ. ئاشۇ ئالتۇننىڭ
ھەسرىتىدە ئۆلگىچە غەم قىلىپ يىغلاپ يۈرگىن ئەمدى.

— راست ئېيتىسەن، — دەپتۇ دىخان، —

ھىجر دەردى بىرلە ئۆلمەككە سازاۋەرمەن شۇدەم،
چۈنكى ۋىسال ئىچرە نېمەت قەدرىنى بىلمەپتىمەن.

زەھىرە يىغىمەن دەپ كوپ خاتا قىلغان ئىكەنمەن. ھېچقانداق
ئەقىللىق كىشى مەندەك كېچە-كۈندۈز ئالتۇننى ھىرىس كەمىرىدە
ساقلاپ، ئۇنىڭدىن يا ئۆزىگە، ياخوتۇن، بالا-چاقىسىغا نەپ يەت-
كۈزۈشنى راۋا كورمەي، ئاخىرى، تەقدىر ئىلاھىدىن كەلگەن
ئاپەت بىلەن نابۇت بولمىغاي. زادى ساقلىغۇچى دىگەنلىك نىسى
راھەتنى دەپ نەخ ئاپەتكە ئۇچرىغانلىق ئىكەن!

ھەر بېخىل ئەگەر زەخىرە قىلسا زەر،
ئاشۇ زەرنى ئاقىۋەت بىگانە يەر.
لالە رەڭلىك مەي شاراپ سەندە تۇرۇپ،
يۈرمە ئىمساك جامى بىرلە خۇن يۇتۇپ،
زەر تېپىشنىڭ كويىدا چەكمە زەرەر،
تۇت قانائەتنى ئاشۇدۇر ياخشى زەر.

شۇنداق قىلىپ دېخان توۋا قىلىپتۇ ۋە ئەمدى مال يىغماي ئىلاھى خەزىنىدىن قولىغا نىمە كەلسە، شۇنى توختاتماي سەرپ قىلىشقا ئەھدى قىلىپ، شۇ نىيەتكە تەۋەككۈل قىلىپ، ئۆز ئىشىنى ئاللاغا ھاۋالە قىلىپ، قازاغا رازى بولۇپ، تەقدىرگە بويۇن ئېگىپتۇ.

قويچى ھەميانىنى كېچە-كۈندۈز قويىنىدىن ئالمايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ قويلىرىنى بىر قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا ئوتلىتىپ يۈرسە، يىراقتىن كېلىۋاتقان بىرنەچچە ئاتلىق كىشىلەر كورۇنۇپتۇ. ئۇ: "ئەگەر ئاتلىقلار يېقىن كېلىپ قالسا ئالتۇنۇمنى ئېلىۋالىدۇ" دەپ ئەندىشە قىلىپ، ھەميانىنى قويىنىدىن ئېلىپ قۇدۇققا تاشلاپتۇ ۋە ئاتلىقلار نېرىراق كەتكەندە ئالتۇننى قۇدۇقتىن ئېلىۋالماقچى بولۇپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇ ئاتلىقلار تۇرغان يېرىدىن تېز قايتماپتۇ. ئۇ ئارىلىقتا كەچ كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ئاخىرى "ھازىرچە قويىنى ھەيدەپ ماكانىمغا قايتىۋالاي، ئەتە كېلىپ ئېلىۋالارمەن" دەپ ئويلاپ ئۆز مەنزىلىگە قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قارىسى يوقىلىشى بىلەن، ھېلىقى دېخان تۇيۇقسىزدىن بىر تەرەپكە بارماقچى بولۇپ قېلىپ ئاشۇ قۇدۇق بېشىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە بىر قاتتىق شامال چىقىپ ئۇنىڭ سەللىسىنى ئۇچۇرۇپ قۇدۇققا تاشلاپتۇ. دېخان سەللىسىنى ئالماقچى بولۇپ قۇدۇققا چۈشۈپتۇ. ئۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىنى سىپاشتۇرۇپ سەللىسىنى ئىزلىگەن ئىكەن، قولىغا ھېلىقى ئالتۇن بىلەن توشقان ھەميان ئۇرۇنۇپتۇ. ئۇ ھەميانىنى ئاپتۇ ھەم سەللىسىمۇ تېپىپتۇ. ئۇ قۇدۇقتىن چىقىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئەمما ئۇ ئالتۇن ئۇزىنىڭ ئىكەنلىگىنى بۇ نوۋەت بىلمەپتۇ. ئۇ ئالتۇن تېپىۋالغانلىغىنىڭ جەريانىنى بالا-چاقىلىرىغا سوزلەپ بېرىپتۇ. ھەممەيلەن خۇداغا شۈكرى قىلىشىپتۇ. دېخان ھەميانىدىكى ئالتۇننى ساناپ باققان ئىكەن، ئۈچ يۈز دىنار چىقىپتۇ. ئۇ: "قولۇمدىن كەتكەن ئالتۇننىڭ باراۋىرىدە، بۇنى خۇدايتائالا ئۆزىنىڭ سېخىلىق خەزىنىسىدىن ماڭا يەتكۈزۈپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئاشۇ نىيەت قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلمىغىم لازىم" دەپتۇ ۋە ئاشۇ پۇلدىن بىر قىسمىنى بالا - چاقىلىرىنىڭ خەرجىگە ئىشلىتىپتۇ. بەزىسىنى خۇدا يولىدا نەزرە قىلىپتۇ. نەتىجىدە ئىككى يۈز دىنار قولىدىن كېتىپ يۈز دىنار قاپتۇ. قويچى بولسا ئەتىسى ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپتۇ ۋە قويلىرىنى ھەيدەپ قۇدۇق بېشىغا بېرىپتۇ. لېكىن ئۇ روشەن يۈزلۈك يۈسۈپنى قۇدۇقتىن تاپالماي، خۇددى ياقۇپتەك پەريات ۋە پىغان چېكىپتۇ: "بۇ زىياندىن كېيىن ماڭا ئومۇر سەرمايىسىدىن نىمە پايدا؟ ئۇ مەھبۇبىنىڭ چېھنى ھەسرىتىدە ماڭا تىرىكلىكتىن نىمە لەززەت يەتسۇن؟

بۇ كوزنىڭ نۇرىنى دوستلار تىلەپ ئەمدى نەقىلغايمەن،
كى دىلبەرنىڭ ئاشۇ روشەن يۈزىدىن ئايرىلىپ قالدى."

ئۇ بىرمۇنچە ۋاقىت ئەنە شۇنداق نالە - پەريات بىلەن ھەيرانلىقتا يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ دىخاننىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. مېھماندوست دىخان ئۇنى ئادىتى بويىچە زىياپەت قىلىپتۇ. تائامدىن كېيىن ساھىپخان مېھماننىڭ كوڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن سوزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. گەپ ئارىسىدا دىخان قويچىنىڭ چىرايىدا مالاللىق ئەسىرى بار ئىكەنلىگىنى، گايى گەپ قىلىۋېتىپ كوزىگە ياش كەلتۈرۈۋاتقانلىغىنى كورۈپ، ئۇنىڭدىن كوڭلىنىڭ بىئارام، غەملىك كوزىنىڭ نەملىك بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— قانداقمۇ دىلىم شىكەستە بولمىسۇن؟ قانداقمۇ خاتىرىم پەرىشان بولمىسۇن؟

كەتتى مەندىن شۇنچە، گەر كەتسە سۇلايمان ئىلكىدىن،
يىغلار ئىدى ھالىغا ھەم ئادەمۇ، ھەم دو - پېرى.

ئۈچ يۈز دىنار پۇلۇم بار ئىدى. كوڭلۈمنىڭ قۇۋۋىتى، جېنىمنىڭ

راھەتى، كوزۇمنىڭ نۇرى، خاتىرىمنىڭ سەرۋىرى ئەنە شۇ پۇل ئىدى. بىر كۈنى بىرنەچچە زالىملاردىن قورقۇپ ئۇنى ھەميان بىلەنلا پالانى يەردىكى قۇدۇققا تاشلىغان ئىدىم، ئەتىسى كېلىپ ئىزلەپ ئۇنىڭدىن ھېچ ئەسەر تاپالمىدىم، — دەپتۇ قويچى.

دىخان بۇ سوزنى ئاڭلاپ، كوڭلى بۇزۇلۇپتۇ ۋە خوتۇنى قېشىغا كىرىپ:

— مېھرىۋان يارىم، مەن قۇدۇقتىن تاپقان ھىلىقى ئالتۇن مۇشۇ مېھمانىنىڭ ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بىز تېخى ئۇنى ھالال مال دەپ سەرىپ قىلىپتىمىز. ئەمدى قالغىنىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە تەرىقە-سىدە بېرىۋېتىشىمىز كېرەك. خەجلەپ قويغانلىرىمىزنى ئاشكارا قىلمايلى. بولمىسا تولەپ بەرگىن دىسە ئاجىزلىق قىلىمىز، — دەپتۇ.

— شۇنداق قىلايلى. قولىمىزدا بارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، قىيامەت قەرزىنىڭ بىر قىسمىدىن بولسىمۇ قۇتۇلۇشىمىز كېرەك. خۇدايىتائالا بىزگە ئەجرى ئەزىم بەرسە ئەجەپ ئەمەس، — دەپ خوتۇنىمۇ بۇ ئىشقا قوشۇلۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دىخان ئۇ يۈز دىنارنى ئەپچىقىپ قويچىنىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ.

ھەر كىشى تۇتسا تەۋەككۇل رىشتىسىن،
كورگۇسى تېزدىن مۇرادى چېھرىسىن.

— بۇرادەر! — دەپتۇ دىخان، — بۇ سىزگە مېنىڭ تۇھپەم، ئاپىرىپ كوڭلىڭىزنىڭ جاراھىتىگە مەلھەم قىلىڭ.

قويچى مەمنۇن بولۇپتۇ. ئۇ ئالتۇننى ئېلىپ ئۇيىگە بېرىپ سانىغان ئىكەن، يۈز دىنار چىقىپتۇ. "بۇ تېخى ئىشنىڭ مۇقەددىمىسى، — دەپتۇ ئۇز ئۇزىگە، — خۇدايىم يەنە قالغىنىنىمۇ بېرەر، ئەمدى بۇ ۋەجنى ياخشى ساقلىشىم كېرەك. بۇنىمۇ يوق ئېتىپ قويۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ ئۈچۈن غەم-غۇسسە چېكىپ يۈرمەي يەنە". قويچىنىڭ قوي ھەيدەيدىغان بىر يوغان تايىقى بار ئىكەن. ئۇ تاياقنىڭ ئىچىنى كاۋاك قىلىپ ئويۇپ، دىنارلارنى ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىپتۇ ۋە توشۇكىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى قويلىرىنى سۇغارماقچى بولۇپ بىر چوڭ ئېقىننىڭ بويىغا كەپتۇ ۋە قويلىرىنى سۇغا ھەيدەپ قويۇپ ئۆزى سۇنىڭ ئۇرۇنۇشىدا ئولتۇرغان ئىكەن، تاياق قولىدىن چىقىپ كېتىپ سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ-دە، ئېقىپ كېتىپتۇ. قويچى ھەرقانچە ھەرىكەت قىلىپ باققان بولسىمۇ ئۇنى تۇتالماي كۆزدىن يوقىتىپ قويۇپتۇ ۋە پەريات-پىغان چېكىپ ساراسىمىگە چۈشكەن پېتىچە قالۋېرىپتۇ. ئۇ سۇ شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدى بىلەن ئاقىدىكەن. تاسادىپەن دىخانمۇ شۇ چاغدا ئاشۇ سۇنىڭ بويىدا يۇيۇنۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ يۇقۇرى تەرەپتىن بىر تاياقنىڭ ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئاپتۇ ۋە يۇيۇنۇپ بولۇپ، ھېلىقى تاياقنى تايىنىپ ئۆيگە بېرىپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى ئاش پىشۇرۇۋاتقان ئىكەن. ئوتۇن تۈگەپ قالغاچقا خوتۇن ئېرىنىڭ قولىدىن ھېلىقى تاياقنى ئېلىپ، ئوچاققا سالماقچى بولۇپ كەكە بىلەن يېرىپتۇ. دىخاننىڭ نەزىرى ئاشۇ تاياقتا ئىكەن. ئۇ تۇيۇقسىزدىن تاياقنى ئوتقا سالماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن شولىلىق چوغلار چېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالتۇننى دەرھال يىغىۋاپتۇ ۋە سانىغان ئىكەن، يۈز دىنار چىقىپتۇ. دىخان شۇ زامان شۈكرانە ئۈچۈن سەجدە قىلىپ، پۇلنى يەنە خەجلەشكە باشلاپتۇ. ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قويچى يەنە دىخاننىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئىلگىرىكىدىن ئارتۇغراق پەرىشانلىق بىلەن، ھاسىسىنى ئالتۇن بىلەن بىللە سۇغا ئاققۇزۇپ قويغانلىقىنى بايان قىلىپتۇ.

— ئېيتقىنا، ئاشۇ قۇدۇقتىن يوقاتقان ئالتۇننى نەدىن تاپقان ئىدىڭ؟ قانداق كەسىپ بىلەن جۇغلىغان ئىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ دىخان.

— ئۇنى پالانى ۋاقىتدا پالانى بۇلاقنىڭ بويىدىن تاپقان ئىدىم، — دەپ ئىنساپ بىلەن جاۋاپ بېرىپتۇ قويچى.

— بارلىق ماختاش ۋە مەدھىيەلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ خۇ- داۋەندە كېرىمگە بولسۇنكى، ھەقىقەتنى ئۆز مەركىزىدە توختاتتى، — دەپتۇ دىخان كۆلۈپ تۇرۇپ، — بىلگىنكى، ئاشۇ بۇلاق بويىدا ئالتۇننى ھەميان بىلەن مەن قويۇپ ئۇنتۇپ قالغان ئىدىم، ئۇنى ئاشۇ قۇدۇقتىن يەنە مەن تېپىۋالغان ئىدىم، ئۇنىڭدىن قالغان يۈز دىنارنى ساڭا بەرگەن ئىدىم. سۇ ئىچىدىن ھاسا بىلەن يەنە ئۆز قولۇمغا كەلدى. مانا ھازىر ئۇنى خەجلەۋاتىمەن.

— بۇ ھىكايىنىڭ بۇنداق ئاجايىپلىقىدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، كىشىنىڭ رىزقىنى كىشى ھەرگىز يېيەلمەيدىكەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھەيران قالغان قويچى.

بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشۈمدىن غەرەز شۇكى، سىلەرمۇ قانائەت مەنزىلىدە تۇرۇشۇڭلار ۋە تەۋەككۇلنىڭ پايدىسىدىن تاشقىرى قەدەم قويماسلىقىڭلار كېرەك. قازا ۋە قەدەرنىڭ نەتىجىسى بولغان بۇ زامان ئاجايىباتلىرىدىن غاپىل قالماڭلار. بۇ تىرىكلىك ئىچىدە خۇدايىتائالاغىلا ئىشىنىڭلار. ھەرگىز ھوسنى جامال، ئەقىل ۋە كەسىپكە ئىشەنمەڭلار. چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ ھەقىقىتى قازا پەر- دىسى ئىچىدە يوشۇرۇنىدۇ. ئۇ ئىشنىڭ قانداق سەرەنجام تاپىدى- غانلىقىدىن ھېچكىم ۋاقىپ بولالمايدۇ.

ئۇ كۈنى شۇ گەپلەر بىلەن كەچ كىرىپتۇ. ئۇلار كېچىسى ئوبدان ئارام ئېلىشىپتۇ. ئەتىسى قۇدرەت دىخىنى ئاپتاپ گۈل دەستىسىنى مەشرىق چىمەنىدە يۈز خىل رەڭ بىلەن جىلۋە قىلـ- دۇرۇپتۇ. كېچىنىڭ سۇمبۇلى ئاسمان بىنەپشەزارىدا يۈزىنى يوشۇرۇپتۇ.

كۈن لالىسى ئېچىلدىيۇ يۈز كورسەتتى،
يۇلتۇزلارنىڭ گۈلدەستىسى توزۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەھەردە دىخان بالىسى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ:
— سىلەر بۇگۈن خاتىرجەم ئولتۇرىۋېرىڭلار. مەن شەھەرگە كىرىپ بىر سەۋەپ قىلىپ باقاي ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرەر نەسىۋە تېپىپ نەزىرىڭلارغا كەلتۈرەي. تاڭلا ۋە ئۈگۈنلۈككىمۇ ھەرقايسىڭلار نوۋەت بىلەن تىرىكچىلىك ئۈچۈن كۆچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق قىلىپ باقارسىلەر، — دەپتۇ ئۇ.
دوستلار بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلۇشۇپتۇ. دىخان ئوغلى شەھەر دەرۋازىسىغا بېرىپ بىر كىشىدىن:
— بۇ شەھەردە نىمىنى كۆپرەك پۇلغا ئالىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۇ شەھەردە ئوتۇن ئەتىۋا، شۇڭا ئوتۇننى جىقراق پۇلغا ئالىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىشىپتۇ كىشىلەر.
دىخان ئوغلى دەرھال جاڭگالغا بېرىپتۇ ۋە قۇۋۋىتىگە تۇشلۇق قۇرۇق ئوتۇن يۇدۇپ، شەھەرگە ئەپكىرىپ ئۇنى ئون تەڭگىگە سېتىپتۇ. ئۇ پۇلغا لەززەتلىك تائاملاردىن ئېلىپ دوستلىرى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. شەھەر دەرۋازىسىغا كەلگەندە، دۇۋەت قەلەم چىقىرىپ دەرۋازا قوۋۇغىغا: "بىر كۈنلۈك كەسىپنىڭ نەتىجىسى ئون تەڭگە" دەپ يېزىپ قويۇپ تائامنى ئېلىپ بېرىپ، دوستلىرىنىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ. دوستلار ئۇ كۈننى شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى قۇياشنىڭ جاھان ئارا ھوسنى قاراڭغۇ ئالەمنى كامالەتكە يەتكەن جامالىنىڭ نۇرى بىلەن روشەن قىلىپتۇ.

ئاجايىپ كوركەم يۈز بىلەن قۇياش،
ئاسمان دەرىزىسىدىن چىقاردى باش.

— ئەمدى بۈگۈنلۈك مەئىشەتنىڭ ھوددىسىدىن سەن چىققىن، جامالىڭنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىزگە بىر نەرسە تېپىپ كەلگىن، — دېيىشىپتۇ دوستلار چىرايلىق يىگىتكە.

چىرايلىق يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە يولغا راۋان بولۇپلا ئەندىشىگە چۈشۈپ خىيال سۈرۈپتۇ: "مېنىڭ قولۇمدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ. مەقسەتنى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ تېخى يانغىلى بولمايدۇ. بېشىمغا ئەجەپ مۈشكۈل بىر ئىش چۈشتى-دە! ئۇنى قانداقمۇ ئاسان قىلالارمەن؟ چارىسىنى قانداقمۇ كىشىلەردىن سورىيالايمەن ئەمدى؟

زۇلپىدىن چۈشتى ئىشىمغا بىرگىرە، مەن نەيلەيىن،
ئۇشبۇ مۈشكۈل ئىشنى ئەل ئالدىدا ئاچماق بەك قىيىن."

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن شەھەرگە كىرىپتۇ ۋە ئەندىشە بىلەن بىر كوچىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپتۇ. دەل شۇ پەيتتە، چاچلىرى جىڭگىلەك، چىرايلىق بىر خوتۇن شۇ كوچىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ ۋە تۇيۇقسىزدىن ئۇ يىگىتنىڭ زىبا يۈزىنى ۋە دىلنى ئېرىتكۈچى رۇخسارىنى كۆرۈپ، سەۋرە خامىنىنى ئىشق بورىنىغا ئۇچۇرۇپتۇ.

ئۇرۇپ كوڭلىدە جۇش شىرىن مۇھەببەت،
چىقتى ھەر موپىدىن قايناق ھارارەت.
يۈزىدىن شۇ ھامان چۈشتى نىقابى،
چېكىدىن ئاشتى شۇ دەم ئىزتىرابى.

— قارىغىنا، — دەپتۇ ئۇ خوتۇن كەينىدىن كېلىۋاتقان كېنىزىگىگە، — بۇ خۇشرەڭ رۇخسارغا قارىغىنا! قىزىلگۈل ئۇنىڭ رۇخسارىنىڭ قىزىللىقىدىن خىجالەت بولۇپ، خۇددى سېرىق سۈمەندەك سارغىيىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ رەئنا قەددىنى تاماشا قىلى-غىنا، سەرۋى ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددىنى كۆرسە، پۇتى ھەسرەت لېيىغا پېتىپ قالىدۇ. بوستان سەرۋىسىمۇ بۇنداق كېلىشكەن بولماس. لېۋىگە قارىغىنا، لېۋىگە! خۇددى شېكەر تېمىپ تۇرغان

ياقۇت، يۈزىنىڭ قىزىللىقى كۆكۈلگە پىتتە سالىدىغان بىر بالا ئىكەن.

خۇدا ئۇچۇن قاراڭ ئۇنىڭ يۈزىگە ھەم قەددىگە،
ئۇ خۇدانىڭ لۇتپىدىن پۈتكەن ئىسىل بىر گۈل ئىكەن.

بۇ يىگىت ئادىمزات ئەمەس، بەلكى بىر پەرىشتە ئىكەن. چۈنكى ئادەمنىڭ جىسمىغا بۇنچىلىك ھوسنى جامال سىغمىغان بولاتتى، ھەي كېنىزەك، بۇ ھۇمايۇن قۇشنى دامغا چۈشۈرگۈدەك بىر تەدبىر تاپ ۋە بۇ نازىنىن نىگار قولغا كەلگۈدەك بىر ھىلە قىلغىنا!

كېنىزەك يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

ئەي كوزۇمنىڭ نۇرىمۇسەن، ئارزۇيى جانمۇ سەن؟
شىرىن شېكەر لىۋىڭ بىلەن يا شېكەرىستانمۇ سەن؟
تۇردۇڭ ھوسنى بازىرىدا شۇنچە لاتاپەت بىلەن،
نەزۇ ـ نېمەت ئىزلىگەنگە ياكى دەستۇرخانمۇ سەن؟

ــ نازىنىن يىگىت، بىزنىڭ خېنىم ساڭا يۈز ئىشتىياق ۋە مىڭ ئارزۇمەنلىك بىلەن سالام ئەۋەتتى. بىزنىڭ خېنىم: "بۇ يىگىت مۇساپىر ئوخشايدۇ. مۇساپىرنىڭ كوڭلى سۇنۇق بولىدۇ. ياخشى مەنزىلىمىز ۋە پاكىز ئوي ـ جايىمىز بار. ئۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلسىپ، بىرەر سائەت بىزگە ھەمدەم بولغان بولسا" دەيدۇ. ئەگەر بارساڭ بىز ئۇنىڭدىن تۆگەتكۇسىز ئومۇر تاپىمىز، ساڭىمۇ ھېچقانداق زىيان بولمايدۇ.

يىگىت ئۇنىڭ سوزىنى قوبۇل قىلىپتۇ ۋە خوتۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاكى ناماز دىگەرگىچە ئۇنىڭ بىلەن سوھبەت تۇتۇپتۇ.

بىناگاھ كوردى بىر پاكىزە مەھبۇب،
ئۇنىڭ كوڭلىگە ھەم بۇ كەلدى مەرغۇب.
قىزىق كوردى تونۇرىن تاكى باقتى،
ئۇڭا بىر نەچچە پارچە ناننى ياقتى.

كەچ كىرگەندە ئۇ يارانلىرىنىڭ قېشىغا بارماقچى بولغان ئىكەن، خوتۇن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈز تەڭگە پۇل قويۇپتۇ ھەم بىرمۇنچە ئوزرە ئېيتىپتۇ. يىگىت تەڭگىلەرنى ئېلىپ بەزىسىگە بازاردىن ئوزۇق-تۈلۈك سېتىۋاپتۇ ھەم شەھەر دەرۋازىسىغا بېرىپ قوۋۇققا: "بىر كۈنلۈك جامالىنىڭ باھاسى يۈز تەڭگە" دەپ يېزىپ قويۇپ، ئالغان نەرسىلىرىنى ھەمرالىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

ئەتىسى ھىكمەت دۇكانچىسى ئاسمان ئەتلىسى ئۇستىگە ئاپتاپ زەرباپلىرىنى ئېچىپ، دۇنيا بازىرىنىڭ خېرىدارلىرىغا كور-سىتىپتۇ.

خېرىدار ئىستەپ پەلەك دۇكانچىسى،
ئۇپۇق دۇكىنى ئوزرە قويدى ئالتۇن.

— بۈگۈن بىز سىزنىڭ ئەقىل ۋە دانىشمەنلىكىڭىزگە مېھمان بولىمىز، — دەپتۇ دوستلار سودىگەرزادىگە.

— ياخشى بولىدۇ، — دەپتۇ ئۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ شەھەر ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇ يەرگە دەريا يولى ئارقىلىق ھەر تەرەپتىن سودىگەرلەر كېمىلەردە تۈرلۈك نەپىس ماتالارنى كەلتۈرگەن ئىكەن. شەھەر ئەھلى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ماتالارغا خېرىدارلىق قىلىۋاتقان ئىكەن. لېكىن تېخى ھېچقايسىسى بەيئى قىلىشمىغان ئىكەن. سودىگەرزادە ئۇ ماللارنى كورۈپ، كوڭلىدە باھالىرىنى مۇقەررەر قىلىپتۇ-دە، بىر كىمدىكى مالنى نېسىگە ئاپتۇ. شۇ كۈنلا نامازدىگەرگە قويماي ھەممە مالنى سېتىپ بولۇپتۇ. ئۇنىڭ-

www.uyghurkitap.com

دىن قولغا كىرگەن پۇللاردىن قەرزىنى چىقىرىۋەتكەندە، مىڭ تەڭگە پايدا چىقىپتۇ. ئۇ پۇلدىن بىر قىسمىنى خەجلەپ دوستلىرى ئۈچۈن كېرەكلىك ئوزۇقلارنى بازاردىن ئاپتۇ ۋە شەھەر دەرۋازىسىغا: "بىر كۈنلۈك ئەقلىنىڭ ھوسۇلى مىڭ تەڭگە" — دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. ئاندىن تاپقانلىرىنى دوستلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئەتىسى تۇتىنچى قەلئەنى تەختگاھ قىلغان يۇلتۇز سىپالدىرىنىڭ شاھى قۇياش مەشرىق مەيدانىدا سەلتەنىتىنىڭ زەررىن ئەلىمىنى كۆتىرىپتۇ.

كۈندۈز كۈنىنىڭ بەختى تېپىپ ئاندىن رىۋاج،
تەييارلىدى ئالتۇن تاج ۋە تەخت بىلەن تاج.

— سەن ھەمىشە تەۋەككۇل قىلىش توغرىسىدا لاپ ئۇراتتىڭ، قازا-قەدەرگە بېقىپ تۇراتتىڭ، ئەگەر مۇشۇ سۇپىتىڭ بىلەن بىرەر مىۋە تاپالساڭ، بىزنى مەمنۇن قىلمىغىڭ كېرەك، — دەپتۇ دوستلار شاھزادىگە.

شاھزادە ئۇلارنىڭ سۆزىنى قىزغىن ۋە رىغبەت بىلەن قوبۇل قىلىپتۇ ھەم ئالىي ھىممەت، يۇقۇرى غەيرەت بىلەن شەھەرگە راۋان بولۇپتۇ. تاسادىپەن ئۇ كۈنى شەھەرنىڭ پادىشاسى ئۆلگەن بولۇپ، ھەممە خەلق تەزىيەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىكەن. شاھزادە ئوردىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىر بۇلۇڭدا تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىشىك باقارلار ھەممە كىشىنىڭ يىغا-زارە بىلەن بولۇۋاتقانلىغىنى، لېكىن بىرلا كىشى تەزىيەت تۇتماي خامۇش ئولتۇرغانلىغىنى كۆرۈپ، ئۇ جاسۇس ئوخشايدۇ، — دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا كۆپ جاپا ۋە ئەلەم يەتكۈزۈپتۇ. لېكىن ئۇ بىچارە ئۇنىڭغا سەۋرە قۇۋۋىتى بىلەن چىداپتۇ.

ئومۇسسىزلىق قىلسا ساڭا يامان كىشى،
سەن ئېغىرلىق قىلساڭ ياخشى ياراشقۇسى.
بەدنىيەتلىك بىرلە قايناپ قىلسا ئۇرۇش،
ئاغزىڭنى يىغ، سەۋرە قىلغىن بولۇپ خامۇش.

بىردەمدىن كېيىن جىنازىنى ئەپچىقىپ كېتىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوردا خالى قاپتۇ. شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ قەسىرنىڭ ئەتراپىنى تاماشا قىلىۋاتسا ساقچىلار يەنە كورۇپ قېلىپ، بېرىپ تۇتۇۋېلىپ، ئىلگىركىدىن كوپرەك زۇلۇم قىلىپتۇ ھەم باغلاپ زىندانغا تاشلاپتۇ. شاھزادە زىندانغا چۈشكەندىن كېيىن كەچ كىرىپتۇ.

— ھىلىقى پېقىر تەۋەككۇل يولىنى تۇتۇپ كەتكەن ئىدى. قايياقتا بارغاندۇ؟ ئۇ تەۋەككۇلدىن پايدا تاپالماي بىرەر بالاغا ئۇچراپ قالغانمىدۇر يا؟ بىز ئۇنى ئىشقا تەكلىپ قىلىپ كوڭلىنى ئۇنداق پاراكەندە قىلمىغان بولساقمۇ بوپتىكەن، — دېيىشىپتۇ دوستلار. بۇ چاغدا شاھزادە كوڭۇل تىلى بىلەن خىيال خەۋەرچىسىدىن دوستلىرىغا:

شۇ چىمەننىڭ قۇشلىرىغا ئەي شامال ئېيتقىن بېرىپ:
"قالدى بالا ئىچرە گىرىپتار بولۇپ بىر ھەمدەمىڭ".

ئەتىسى شەھەر كاتتىلىرى كېڭەش ئوتكۇزۇپ بىر كىشىنى ئۇ شەھەرگە پادىشا قىلماقچى بولۇشۇپ بىر يەرگە يىغىلىشىپتۇ. ئولگەن پادىشانىڭ ۋارىسى يوق ئىكەن. شۇڭا ھەممەيلەن ھەر تەرەپتىن سوزلەشكىلى تۇرغان ئىكەن، ساقچى بېشى كىرىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي خالايىق، بۇنداق گېپىڭلارنى قويۇپ تۇرۇڭلار، بىر جاسۇسنى تۇتۇۋېلىپ زىندانغا سالدىم. بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ شەھەرگە دۈشمەن كەلگەن بولۇشى ئېھتىمال. ئەگەر ئۇ دۈشمەن

سىلەرنىڭ بۇنداق جىدەل بىلەن پاراكەندە بولۇۋاتقانلىقىڭلاردىن خەۋەر تاپسا، ئۇ چاغدا بۇ يۇرتقا نۇرغۇن خەۋپ-خەتەر پەيدا بولىدۇ.

— ئۇ كىشىنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈش كېرەك، بىز ئۇنىڭدىن گەپ سورايمىز، — دېيىشىپتۇ يۇرت كاتتىلىرى.

شۇ زامان كىشى بۇيرۇلۇپ شاھزادىنى ئېلىپ كېلىشىپتۇ. ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭ جامالىغا چۈشۈشى بىلەن ئۇنىڭ جاسۇس ئەمەسلىكىنى بىلىپتۇ ۋە بۇنداق مۇبارەك يۈزلۈك ۋە شىرىن سۆزلۈك كىشى جاسۇس بولمايدۇ دېيىشىپتۇ. شۇڭا ئۇلار ھۆرمەت بىلەن سوراپتۇ:

— قايسى دىياردىن بولسىز يىگىت، نېمە بولۇپ بۇ شەھەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟

ئېيتىڭىز قايدىن كېلۇرسىز كىم، خىرامان ئېيتىڭىز؟
بۇ خاراپ بولغان كوڭۇللەر شەھرىن ئاۋات ئېتىڭىز؟

شاھزادە ئۇلارغا شەھەر ۋە يۇرتىنى ھەم ئەسلى-تېگىنى بايان قىلىپتۇ. ئاتىسى ئۆلگەنلىكىنى، ئاكىسى ئۇنىڭغا غالىپ كەلگەنلىكىنى تەپسىلى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ مەجلىستە ئولتۇرغان يۇرت كاتتىلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ خىزمىتىدە بولغان ۋە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەختىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ئاتىسىغا يانداشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەنلەرمۇ خېلى كۆپ ئىكەن. شۇڭا ئۇ سۆزلەپ بېرىشى بىلەنلا دەرھال ئۇنى تونۇشۇپتۇ ۋە باشقا مەملىكەت ئەركانلىرىغا ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ كاتتىلىقىنى، ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ پۈشتىنىڭ ھەممىسى پادىشا بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشىپتۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ "بەختىيار دىدارى مەملىكەت كاتتىلىرىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپتۇ ۋە ھەممەيلەن: "بۇ يىگىت بىزنىڭ مەملىكىتىمىزگە پادىشا بولۇشقا تازا لايىق ئىكەن. چۈنكى ئۇ ئادالەت

ۋە پۇقراپەرۋەرلىك جەھەتتە ئاتا-بوۋا ئەجدادلىرىنىڭ قائىدە-
يوسۇنىنى تۇتتى. مەملىكەت ئەھلىنى شەپقىتى ۋە مەرھەمىتىنىڭ
سايىسىگە ئالدى. پېشانىسىدىن ئۇچقۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان شاھلىق
ئالامىتى ۋە ئالەمپانالىق بېشارىتىدىن ھەممە كىشى ئۇنىڭ جا-
ھانپانالىغى ۋە مەملىكەتنى سوراش تەختىگە سازاۋەر بولالايدىغان-
لىغىنى بىلىۋالالايدۇ، دىگەن يەرگە كېلىشىپتۇ.

گەر سۇلايمان شاھلىغىغا ھەر كىشى كەلتۈرسە شەك،
كۈلگۈسىدۇركى ئۇنىڭ ئەقلىگە بارچە ئىنسۇ جىن.

يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بويۇن سۇنىدىغانلىغىنى
دەرھال بىلدۈرۈشۈپتۇ. تەۋەككۈل قىلغانلىغىنىڭ بەرىكىتىدىن ئەنە
شۇنداق كاتتا پادىشالىق ئۇنىڭ قولىغا شۇنداق ئاسانلىق بىلەن
كىرىپتۇ. ھەرقانداق كىشى تەۋەككۈل يولىغا مەزمۇت قەدەم
تاشلىسا ۋە ئۇنىڭ نىيىتى قازا ۋە قەدەرنىڭ پەرمانىغا ئۇيغۇن
كېلىپ قالسا، بۇ ئىشىدىن نەتىجە ھاسىل بولۇپ، ھەر ئىككى
جاھاندا مۇرادىنى تاپقۇسىدۇر.

كىشى تۇتسا تەۋەككۈلنىڭ كىلىتىنى،
ئاچقۇسىدۇر سائادەتنىڭ ئىشىگىنى.

ھەر كىشى مەيداندىن مۇرات كاللىگىنى راستلىق چوگىنى بى-
لەنلا ئالالايدۇ. ئۇ شەھەردە پادىشا بولغان كىشى تەختكە ئولتۇرغان
كۈنى ئۇنى ئاق پىلغا مىندۈرۈپ، شەھەرنى چوگىلىتىدىغان قائىدە
بار ئىكەن، شاھزادىنىمۇ ئاق پىلغا مىندۈرۈپ شەھەرنى ئايلان-
دۇرۇۋاتقان چاغدا، دوستلىرى خەت يېزىپ قويغان دەرۋازىغا
يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ دەرۋازا قۇۋۇغىغا يېزىلغان رەقەملەرگە
كۆزى چۈشۈشى بىلەنلا شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ ۋە ئۇ خەت-

لەرگە يانداش قىلىپ: "كەسىپ ۋە جامال، ئەقىل ۋە كامال پەقەت قازايى ئىلاھى ئۇلارغا مۇۋاپىق كەلگەن شەرت ئاستىدىلا نەتىجە بېرىدۇ. بۇ سۆزگە، بىر كۈنى ئەتىگەندە زىنداندا ياتقان، ئاخشامدا سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئەھۋالى روشەن دەلىلدۇر" دەپ يېزىپ قويۇپ، قايتىپ بېرىپ تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. پۈتۈن مەملىكەت ئەھلى ئۇنىڭغا بويۇن سۇنۇپتۇ.

ئۇنى تەخت ئۈستىدە كۆرۈپ دېدى بەخت:
"مانا شاھلىق ساڭا بولدى سازاۋار،
بېلىڭنى باغلىغىن، ئالەمنى ئالغىن،
ئىشىڭ قەستىدە بول ئولتۇرما بىكار."

ئۇ كىشى ئەۋەتىپ دوستلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، سودىگەر زادىنى ئۇزىگە ۋەزىر قىلىپتۇ. دېخان بالىسىنى بارلىق مال - مۈلۈك ۋە خەزىنىگە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ساھىپ جامال يىگىتكە شاھانە سەرۇپا ۋە مال - دۇنيا بېرىپ ئۇنىڭغا: "سەندەك ئەزىز دوستتىن ئايرىلىش ھەرقانچە قىيىن بولسىمۇ، سېنىڭ بۇ دىياردا تۇرۇشۇڭ ياخشى ئەمەس. چۈنكى خوتۇنلار سېنىڭ كامالەتكە يەتـكەن جامالىڭنىڭ رىشتىسىگە باغلىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن گۇنا ۋە پىسقى پاسات پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بار" دەپ ئۇنى ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇندىن كېيىن شۇ مەجلىستە ئولتۇرغان مەملىكەت ئەركانلىرىغا قاراپ:

— سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا نۇرغۇن كىشىلەر ئەقىل ۋە شىجائەتتە، ھۈنەر ۋە قابىلىيەتتە مەندىن ئارتۇق، ئەمما بىر كىشىگە كېلىدىغان پادىشالىق تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى ۋە ئىرادىسى بويىچە كېلىدۇ. يەنى ئاللاتائالا پادىشالىقنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇ پادىشالىقنى كىمنى خالىسا، شۇنىڭغا بېرىدۇ. كىمدىن خالىسا شۇنىڭدىن ئالىدۇ.

خۇداۋەندە يوقتۇر سېنىڭ تەڭدىشىڭ،
خۇداسى سەن جاھاندىكى شاھلىقنىڭ.
بىراۋنى شاھ قىلساڭ يا قىلساڭ گادا،
دېيەلمىگەي ھېچ كىشى چىنۇ چارا.
كىشىگە بولمىسا سەندىن ئىنايەت،
نەتىجە بەرمىگەي ئەقىل كىپايەت.

مانا مۇنۇ ھەمرالىرىم كەسپىگە تۇتۇش قىلىشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىنىڭ بىردىن ۋەسىلىسى بار ئىدى. ئۇلار شۇنىڭغا ئىشىنىشەتتى. ئەمما مەن يا ئەقلى قۇۋۋىتىمگە ئىشەنمەيتتىم، ياكى كىشىنىڭ مەددىتىگە تايانمايتتىم. بەلكى ئىشىمنىڭ بىناسىنى تەۋەككۇلگە قويغان ئىدىم. قازايى ئىلاھىغا ۋە تەڭرىنىڭ تەقدىرىگە رىزا بولۇپ تۇرغان ئىدىم. مەن ھەمىشە:

شادىمانلىق بىرلە قىلغايسەن تەۋەككۇل، ئەي كوڭۇل،
چۇنكى ھەقتىن بىزگە يەتكەن ھەر نىمەرسە ئەدلىدۇر.

دېگەن سوزنى ئېيتاتتىم، — دەپتۇ.

— ئەي پادىشاھىم! — دەپتۇ ئولتۇرغانلاردىن بىرى، — ئېيتقانلىرى شۇنداق مۇبارەك سوزكى، ئۇ گويا ئەقىل ئالمىسى بىلەن تېشىلگەن گوھەر ۋە ياكى ھىكمەت بوتىسىدا سىنالغان ئالتۇندۇر. جاھاندارلىق ئۈچۈن ھەرقانداق لاياقەت تەۋەككۇلدىن لايىقراق ئەمەس. بۇ سوزلىرىدىن بۇ يەردە ئولتۇرغانلارغا شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، پادىشالىققا سىلىدىن مۇناسىپراق كىشى يوق ئىكەن. دېمىسىمۇ كىمنىڭ قانداق ئىشقا قابىلىيىتى بارلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

تەڭرى مەرھەمەتىدۇر ھىساۋى يوق بىغايەت،
ھەر كىمنىڭ ئۆز جۇغىغا بېقىپ كەلگۈسى نېمەت.

www.uyghurkitap.com

سىلدەك قەدىمى مۇبارەك پادىشانىڭ سەلتەنىتى بۇ دىيارنى ئۇز تەسەررۇپىغا ئالغانلىغى بۇ مەملىكەتنىڭ بەخت - سائادىتىدۇر. سىلىگە ئوخشاش شاراپەت ئاسمىنىنىڭ بەخت قۇشىنىڭ بۇ دىيارنىڭ بېشىغا سايە سالغانلىغى بۇ يۇرتنىڭ بەختى - تەلىيىدۇر.

هەر زىمىنغا سەن كەبى رەنا گۇلى بولسا بەهەم،
ياشنىغاي ئۇ جاي خوشاللىقتىن بولۇپ باغى ئىرەم.

ئولتۇرغانلاردىن يەنە بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇز تىلىنى ئۇ بەختلىك ياش پادىشانىڭ ساناسى بىلەن زىننەتلەپ شۇنداق دەپتۇ:

پۈتۈن جاهان هوكمىڭنى تۇتتى شاهىم،
پەلەكنىمۇ كەمەن بىلەن باغلىۋالدىڭ.
خالايىققا هادىسلەر ئاپىتىدىن،
ئامان بەردى سىنىڭ چېدىر بارگاهىڭ.

شۇ يوسۇندا يۇرت كاتتىلىرى بىر - بىرلەپ، ئەنە شۇ تەختى ئاسمانغا تاقاشقان پادىشانى مەدھىيىلەپ، هالى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە سوزلەرنى ئېيتىپتۇ. ئاخىرىدا روشەن كوڭۇلۇك، ياخشى سوزلۇك بىر مويسىپىت بىر كىشى پادىشانىڭ ئالدىدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:
— ئەي سائادەتلىك پادىشاهىم! گوهەر چېچىلغان ئېغىزلىرىدىن قازايۇ قەدەر توغرىسىدا سوزلەر چىقتى. مەندە شۇنىڭغا مۇۋاپىق سەرگۇزەشتىلەر بار. ئەگەر پەرمان بەرسىلە ئۇنى بايان قىلغان بولسام.
— ئېيتقىن قېنى ئاڭلايلى! — دەپتۇ پادىشا.

# مۇسىپىتنىڭ ھېكايىسى

مەن بىر دۇنيادار كىشىنىڭ خىزمىتىدە ئىدىم. بارا-بارا دۇنيانىڭ بىۋاپا ئىكەنلىگىنى كوردۇم ۋە بۇ ئەر بېدىگى خوتۇنىنىڭ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە باغلانغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇرادىنى بەرمەي نائۇمىت قىلغانلىغىنى، بۇ قولنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزمايدىغان مەككار مەشۇقنىڭ قانچىلىغان ئاشىقلىرىنى يوتىدىن يىقىتقانلىغىنى چۈشىنىپ، ئوز-ئوزەمگە شۇنداق دىدىم: ھەي ئەبلەخ! سەن يۈز مىڭلىغان پادىشالارنىڭ كوكرىگىگە ئوق ئاتقان ۋە كوپلىگەن شاھىنشاھلارنىڭ جەمىيەتلىرىنىڭ خامىنىنى يوقلۇق بورىنىغا ئۇچۇرغان بىر مەككارنىڭ دوستلۇغىغا كوڭۈل بەردىڭ. بۇ ئىشىڭدىن ئەمدى ۋاز كەچكىن، بۇ ئوتەڭگە ئوي سالمىغىن،

بۇ جاھاننىڭ تېگىگە كىم ياخشى يەتتى،
دەرھال ئۇنىڭ مۇھەببىتىن تەرك ئەتتى.
ئۇشبۇ كونا ئوتەڭ ئىچرە ماكان تۇتماڭ،
ھەر كىم ماكان قىلغان بولسا تاشلاپ كەتتى.

ئەمدى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغان، چۈنكى ۋاقىت قىسقا ۋە ئەمەل ئارغىمىغىڭ ئاقساقتۇر. قىسقا ئومرۇڭدىن ئوزۇق ئالغىن، چۈنكى يولۇڭ ئۇزۇن. كوز يېشىڭدىن سۇ كوتەرگىن، چۈنكى باياۋان ھارارىتى ناھايىتى قاتتىق.

ئەي مۇساپىر نىمىشقا سەن بولدۇڭ غاپىل،
تۇرماي، سەپەر جابدۇغىنى ئەيلە ھاسىل.
ھەركەت قىلىپ ئوزۇق راسلاش پىكرىدە بول،
چۈنكى بىھەد مۇشەققەت ھەم ئۇزۇن بۇ يول."

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاقىۋەت بۇ پىكرىم بىلەن نەپسىم يۇۋاشلىدى. شۇندىن كېيىن پۈتۈنلەي خوشاللىق ۋە رىغبەت بىلەن ئاخىرەت ئىشىغا تۇتۇش قىلدىم. بۇ دۇنيانىڭ خىزمىتى ۋە دۇنيا ئەھلىنىڭ سوھبىتىدىن يۈز ئۆرۈدۈم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بازاردا كېتىۋېتىپ، سېتىش ئۈچۈن ئىككى ھۆپۈپنى تۇتۇپ تۇرغان بىر ئوۋچىنى كۆردۈم. ئۇ ئىككى ھۆپۈپ ھال تىلى بىلەن بىر بىرىگە ئۆز غەملىرىنى ئېيتىشىۋاتاتتى ۋە خۇدايىتائالاغا مۇناجات قىلىپ تۇتقۇنلۇقتىن ئازات بولۇشنى تىلەۋاتاتتى. مېنىڭ ئۇلارغا رەھىم كەلدى. مەن ئاخىرەتلىكىمنىڭ نىجاتى ئۈچۈن، ئۇلارنى سېتىۋېلىپ تۇتقۇنلۇقتىن خالاس قىلماقچى بولدۇم. ئوۋچىنىڭ قېشىغا بېرىپ ھۆپۈپكە خېرىدار بولغان ئىدىم، ئوۋچى ئۇلارغا ئىككى تەڭگە باھا قويدى. مەن ئىككى تەڭگىنى بېرىپ ھۆپۈپلەرنى ئالدىم ۋە شەھەرنىڭ تېشىغا ئېلىپ چىقىپ قويۇپ بەردىم. ئۇلار ئۇچۇپ بېرىپ، بىر تامنىڭ بېشىغا قوندى ۋە ماڭا: "سەن بىزگە چوڭ ياخشىلىق قىلدىڭ، ئۇنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ساڭا نەپ يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. كەل مۇنۇ تامنىڭ تۈۋىگە بىر ساندۇقتا جاۋاھىر تولدۇرۇپ كۆمۈپ قويۇلغان. ئۇنى ئېچىپ ئالغىن-دە، ئۆز يولۇڭغا ماڭ" دېدى.

مەن ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىدىن ئەجەبلەندىم:

— يەر ئاستىدا چوڭقۇر كۆمۈلگەن ساندۇقنى جاۋاھىرى بىلەن كۆرەلىگەن يەردە ئوۋچىنىڭ تۇپراقتا سەل-پەللا يوشۇرۇپ قويغان تۇزىغىدىن غاپىل قىلىپ، تۇزاقتا چۈشۈپ قالغىنىڭلار ئەجەبلىنەرلىكقۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— قازايى ئىلاھى يەتسە ئەقىلنىڭ كۆزى خىرە ۋە تەدبىر ئەينىكى قارا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا ئاقىلنىڭ كۆزىمۇ كورمەي قالىدۇ، دانانىڭ ئەقلىمۇ ئىشلىمەي قالىدۇ. قازا ئوقىنى ھېچقانداق قالقان توسالمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار. سىلىنىڭ قازايۇ قەدەر بابىدا ئېيتقان سۆزلىرىڭىزنىڭ راستلىقىغا ئادىل گۇۋا بولسۇن ۋە خالايىقلار ئالەم ئىشلىرىنىڭ باشتىن-ئاياق تەگرى

تەقدىرىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالسۇن دەپ، بۇ سەرگۈزەشتەمنى سۆزلەپ بەردىم. ھۆكۈمالار شۇنداق دەپتىكەن:

كەلمىگۈسى ساڭا دۆلەت ھېچقاچان تەدبىر بىلەن،
يەنە كەلمەس جەبرۇ مېھنەت سەندىكى تەقسىر بىلەن.
سەن ئەگەر كۆرسەڭ جاھاندا قانچىلىك پايدا - زىيان،
بولغۇسى ھەق ئەمرى بىلەن — ھەممىسى تەقدىر بىلەن.

مۇسىبىت بۇ ھېكايىنى تامام قىلغاندىن كېيىن يەنە شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي جاھانپانا پادىشاھىم! مەن ئۇ جاۋاھىرنى ئېچىپ ئالغان ئىدىم. مەن ئۇنى دەرھال ساندۇغى بىلەنلا كەلتۈرەي، خەزىنىگە ئېلىشقا بۇيرۇق بەرگەيلا!

— سەن ئۇنى ئۆز سەئيى سەۋىيەڭ بىلەن تېپىپسەن. ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ شېرىكچىلىكى يوق. بىزگە مۇشۇ مەجلىستە بايان رىشتىسىگە تىزغان ئەنە شۇ ھېكمەت جاۋاھىرىنىڭ ئۆزى بەس. چۈنكى ھېچقانداق گوھەر ياخشى سۆز خەزىنىسىگە يەتمەيدۇ. ئادەم مىسنى سۆز كىمياسىدىن باشقا نەرسە ئالتۇن قىلالمايدۇ، — دەپتۇ پادىشا ۋە مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەيا سۆز گوھەرمۇسەن، زەرمۇدۇرسەن،
ۋە ياكى بىر كىمياگەرمۇ دۇرسەن.
كىمەرسىكى ساڭا قىلسا جىگەر خۇن،
ئەگەر ئۇ مىس بولسىمۇ بولدى ئالتۇن،
بىلەلمەسمەنكى سەن پەلەكمۇ سەن يا،
يوقىلىش دەشتىدە تۇپراقمۇ سەن يا.
ھەرنە بولساڭ ماڭا بىر دوست ئىكەنسەن،
دىلىمغا باپ تىلىمغا رۇست ئىكەنسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاياتىم ئىچرە بولدۇڭ غەمگۇزارىم،
ئۆلۈپ كەتسەم يەنە بول يادىگارىم.

ئۇ يەردە ھازىر بولغانلارنىڭ ھەممىسى پادىشانىڭ سوزىگە ئاپىرىن ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا تېخىمۇ بەكرەك ئىرادە باغلاپتۇ. تا ئۇلگىچە ھېچقايسىسى ئۇنىڭ پەرمانىدىن باش قايتۇرماپتۇ. مانا بۇ تەۋەككۇل قىلىشنىڭ مەنپەئەتى ۋە قازايى قەدەرگە ئىشىنىش كېرەكلىكىنىڭ داستانى، ئەگەر كىشىنىڭ سەل-پەل ئەقلى بولىدىغان بولسا، جاھاندىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەگرىنىڭ تەقدىرىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئەگەر ئىختىيار تىزگىنى بەندىنىڭ ئۆز قولىدا بولغان بولسىدى، كىشىنىڭ ھەرقانداق ئىشى ئۆز مۇرادىنىڭ ئەكسىچە بولمىغان بولاتتى. ۋاھالەنكى:

پەيدا قىلغۇسى زامانە ئىشنى كوپ،
لېكىن كەلمىگەي بىرى كوڭلۇمگە خوپ.

شۇنىڭ ئۇچۇن:

جاھان ئىشلىرى كوپتۇر ئۇڭا بىھۇدە بەرمەڭ سوئال:
"كوڭۇل مۇرادىغا نى چۈن مۇۋاپىق بولمىدى" دەپ ھال.

دىگەن سوز ناھايىتى ياخشى ئېيتىلغاندۇر.

بەرەھمەن ئەنە شۇ تەرىقىدە سوزلەپ، ھۇشەڭ شاھنىڭ ۋەسىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنىنى مۇشۇ داستان بىلەن تامام قىلىپتۇ. دابشىلىم شاھ ئۇنىڭغا ھورمەت بىلەن تازىم قىلغاندىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي دانىشمەن ھەكىم! سىنىڭ ھېممىتىڭنىڭ ئۇستۇنلۇگى نەتىجىسىدە مەقسەت چېھرىسى ئۆز يۈزىنى كورسەتتى. سوھبىتىڭنىڭ بەركىتىدىن تەلىۋىم ھاسىل بولدى، خۇداغا شۇكرى، ئەمىس

گىم زايە بولۇپ كەتمىدى، ئەمدى ئىلتىماسىم شۇكى، ئالدىڭغا كەلـ
تۈرگەن توھپىلىرىمنى قوبۇل قىلغايسەن، مەن ساڭا مەنزۇر بولۇشـ
نى ئارزۇ قىلىۋاتقان ھەدىيىلىرىمنى رەت قىلمىغايسەن.
— ئەي پادىشاھ! — دەپتۇ بەرەھمەن، — مەن دۇنيادا مۇشۇ
كىچىككىنە جايغا ۋە ئازغىنە ئوزۇققا قانائەت قىلىپ ئوتتۇۋاتىمەن،
كۆڭلۈمنىڭ ئىچىگىنى تەئەللۇقاتنىڭ مەينىتىدىن پاك قىلغانمەن.
مېنىڭ ئەمدى يەنە دۇنيا مېلىدەك ناپاك نەرسىلەر بىلەن ئۇنى
بۇلغىشىم مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ماڭا خىزمەت قىلىپ مىننەتدار
قىلماقچى بولغان بولساڭ، بۇ ھېكمەتلىك سوزلەرنى كوچۈرگۈزۈپ
ساقلىغىن ۋە ئۇنى بارلىق ئىشلىرىڭغا پىشىۋا قىلغىن. شۇ ۋاستە
بىلەن مېنىمۇ خاتىرىڭگە يەتكۈزۈپ، نىجات تېپىشىم ئۈچۈن دۇئا قىلىپ
قويغىن. چۈنكى ئادىل پادىشالارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ.
راي دابىشلىم ئۇنىڭ سوزلىرىنى قوبۇل قىلىپتۇ ۋە بەرەھمەن
بىلەن ۋىدالىشىپ ئوز پادىشالىغىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ قايتىپ
كېلىپلا بەرەھمەندىن ئاڭلىغان سوزلىرىنى تولۇق يازدۇرۇپ، كىتاپ
قىلىپ قالدۇرۇپتۇ ۋە ھايات تەختىدە ئولتۇرغان پۈتۈن ئومرىدە
مەملىكەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئەنە شۇ ھېكمەتلەرنى قىبلىنامە
قىلىپ يۇرت سوراپتۇ.

كىمكى ئاقىلالار سوزىنى ئوزىگە رەھبەر ئەيلىسە،
يەتكۇسى ئاخىر مۇرات مەنزىلىگە ئۇ بىگۇمان.
توغرا سوزنىڭ ئارقىسىدىن ماڭمىسا ھەر بىر نادان،
يولدىن ئازغاي، تاپمىغاي مەتلۇبىدىن ھەرگىز نىشان.

خۇجەستە راي بۇ چوڭقۇر مەنىلىك ھېكايىلىرىنى باشتىن
ئاخىرىغىچە بايان قىلغاندىن كېيىن، ھۇما يۇپىنال شاتلىق بىساتىدا
خۇددى بىر گۈلدەستىدەك ئېچىلىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ھالىنىڭ نىھالى
ئىقبال چىمەنىدە بېشىنى ئېگىز كوتىرىپتۇ. ئۇ ۋەزىرىگە شاھانە

ئىنئاملارنى بېرىشكە ۋەدە بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ كۆزىگە مەقسەتلىرىنىڭ ھاسىل بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

بۇ بايانىڭ بىرلە روھ تاپتى قۇۋۋەت،
يەتتى كۆڭلۈمگە راسا پەيز مۇشۇ پەيت.

— بۇ شېرىن قىسسىنى ئېيتىپ بېرىپ، جىنىسمىنىڭ تامىغىغا ھالاۋەت بەردىڭ ۋە بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى بايان قىلىش بىلەن كۆڭلۈم يېرىگە سائادەت ئۇرۇغىنى تېرىدىڭ. بۇنىدىن كېيىن بۇ نەسىھەتلەرنى ھۆكۈمرانلىق دەستۇرى قىلىپ، خۇي پەيلىمنىڭ قائىدىسىنى بۇ ۋەزلەردىن ئايرىمايمەن. بۇ سۆزلەر كۆڭلۈمگە ناھايىتىمۇ تەسىر قىلدى. بۇ ھالەت سېنىڭ ماڭا ئىخلاسىڭنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە نىيىتىڭنىڭ دۇرۇسلۇقىدىن بولدى. چۈنكى سۆز ھەرقانچە ياخشى ۋە نەپىس بولسىمۇ ئېيتقۇچى ئۇنى ياخشى ئېيتالمىسا، ئۇ ھېچقانداق پەيزى بەرمەيدۇ. ۋەز-نەسىھەت گەرچە ھەق بولسىمۇ، ئېيتقۇچىنىڭ كۆڭلى ناپاك بولسا ئاڭلىغۇچىغا تەسىر قىلمايدۇ.

كىشىگە ھەرگىز قىلالماس تەسىر،
قەلبى قارىلار سۆزلىسە ھېكمەت.
پاك دىلدىن ئالۇر خالايىقلار پەيز،
قىلالمىسىمۇ ئەپلىك نەسىھەت.

ۋەزىر پادىشاغا دۇئا قىلىپتۇ ۋە دەپتۇ:
— سىلىنىڭ ھېكمەتتىن نىشان بېرىپ تۇرىدىغان تىللىرىدىن ئىپادىلەنگەن بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى راست ۋە توغرىدۇر. ئۇ ھىلىگەر ۋە خوجا كوردىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاش، خۇددى خەس-خەشەكلەرنىڭ ئوتى بىردەمدىلا ئۆچۈپ كۈلى توزۇپ كەتكەندەك

ئۇچۇپ كېتىدىغان يالغان-ياۋىداق سۆزلەر بولماستىن، بەلكى تۇ-
زىنىڭ ھەقىقەتلىكى بىلەن خۇددى سۇبھىدەك ھەردەمسېرى رو-
شەنلىكى ئېشىپ بارىدىغان ۋە ياكى قۇياش شولىسىدەك ھەر سا-
ئەتسېرى نۇرى كۈچىيىپ بارىدىغان سۆزلەردۇر.

غەرەزلىك سۆز كىشىگە ھېچ قوبۇل بولماي تۇرۇپ قالغاي،
خالىس سۆزنى جان دەرھال ئۆز قوينى ئارا ئالغاي.

ھۇمايۇنپال خۇجەستە رايغا يەنە ئىلتىپات كۆرسىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ تۇغىنى ئاسمان پېشىغا كۆتۈرۈپتۇ. خۇجەستە رايمۇ يەنە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپتۇ:

شاھىم! ھاسىل قىلىپ كۆپ ياخشى ئەخلاق،
ئەيلىدىڭ ئۆزەڭنى شاھلار ئارا تاق.
بۇ ئەقىل، دىيانەت، شاھلىق، ئادالەت،
ساڭا پايەندە بولسۇن تا قىيامەت.

مۇشۇ گەپ بىلەن بۇ يەردىكى ئولتۇرۇشمۇ تامام بولۇپتۇ. شۇندىن كېيىن ھۇمايۇنپال، خۇددى دابىشلىم قىلغاندەكلا، بۇ ھېكايىلەرنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئۆزىنىڭ ئىش-ئەمەلىنىڭ ۋاراقلىرىغا كۆچۈرۈپ يېزىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ روزىگار سەھىپىلىرىدە ئۆزىنىڭ ياخشى نامى ۋە ئوبدان تەرىپلىرىنى يادىكار قىلىپ قالدۇرۇپتۇ.

كىشىگە بەرمىگىن ئازار، ھەمىشە ياخشىلىق قىل،
تاپاي دېسەڭ ئىككى ئالەم سائادىتىنى ئاسان.
بۇ يوسۇنلارنى ھاياتىڭدا ھامان غەنىمەت بىل،
ئىشەنمە زادى ئۆمرۈڭگە كۈللۈن مەن ئەلەيھاپان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*     *

زامانىنىڭ تەقەززاسى بىلەن قەلەم تىلىدىن جارى بولغان بىر نەچچە ئېغىز سۆز مانا شۇلار. كەمىنە موللا مۇھەممەت تۆمۈر ئېھتىرام بىلدۈرۈش ۋاجىپ بولغان پازىل زاتلارنىڭ يارامىلىق ئەخلاقلىرىدىن ۋە ئالىي مۇقاملىق ئەمىر (مۇھەممەت ئىمام بەگ) نىڭ ياخشى خۇي - پەيلىدىن شۇنى ئۈمىت قىلىمەنكى، كەمىنىنىڭ نالايىق سۆز ۋە يارامسىز ئىبارىلىرىگە ئەپۇ ئېتەكىنى يېپىپ، كىچىكلەرگە پەرۋەردارچىلىق ۋە ھەقىرلەرنىڭ بېشىنى سىلاش يۈزىسىدىن، باشتىن - ئاياق ئەيىپلىك بولغان بۇ سۆزلەرگە شەپقەت نەزىرىنى سالغاي.

كوكسۇمدە بار ئىدى نەچچە سىر پىنھان،
ئۇلارنى مەن ساڭا ئەيلىدىم ئايان.
ئېيتايكى دىلدىكى سوزدىن بىرىنى،
ياپقايسەن پېقىرنىڭ بارچە ئەيۋىنى.
غەرىزىم ئېيتىلىپ بولغاچقا تامام،
تۈگەتتىم سوزۇمنى ئەمدى ۋەسسالام.